# دەۋر ۋە بىز

«ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە - 2023» ماقالىلەر توپلىمى



ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى

# دەۋر ۋە بىز

**«ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە ــ 2023» ماقالىلەر توپلىمى**

**ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى**

# دەۋر ۋە بىز

## «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە ــ 2023» ماقالىلەر توپلىمى

**چاقىرغۇچى ئورۇن:**
ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى (UPF)

**ماقالىلەرنى تەكشۈرۈپ باھالىغۇچى ۋە بېكىتكۈچىلەر:**
ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى بىلەن مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىدىن يەتتە نەپەر زىيالىي

**ئىقتىسادتا ياردەملەشكۈچى ئورۇنلار:**
سان فرانسىسكو ئۇيغۇر جامائىتى، ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە)

**تەھرىرلەر:**
گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت، جۈرئەت نىزامىدىن، ئۆمەر ئىمىن، پىداكار، روشەن خەمىت ۋە تەلئەت قادىر

**مەسئۇل مۇھەررىر:**
مۇھەممەد ئىبراھىم

**مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:**
شەبنەم ھاشىم

**مەسئۇل كوررېكتور ۋە بەتلىگۈچى:**
پىداكار، بەكتۇر، ئەركىن سىدىق

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2023 - يىلى 9 - ئاي تۇنجى نەشرى

ISBN: 978-1-959397-37-3

ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى تارقاتتى
ئېلخەت ئادرېسى: Contact@UyghursFoundation.Org
تور ئادرېسى: UyghursFoundation.Org, www.UyghurInfo.Org

# The Uyghurs and Today

"Twenty Lectures in Istanbul–2023" Article Collection

**Published by**

Uyghur Projects Foundation

**Members of Review/Selection Group**:

Seven People from UPF and Torchlight Uyghur Group

**Financially Helped By**:

San Francisco Uyghur Community and Abdujelil Turan (Türkiye)

**Editors**:

Gulzire Nurmuhemmet, Juret Nizamidin, Omer Imin, Pidakar, Roshan Hemit, and Tel'et Qadir

**Chief Editor**:

Mohammed Ibrahim

**Cover Designer**:

Shebnem Hashim

**Book Designers**:

Pidakar, Bektur, and Erkin Sidick

**Publisher**:

Taklimakan Uyghur Publishing Company (Türkiye)

**ISBN: 978-1-959397-37-3**

This edition first published in 2023

Copyright © 2023 Uyghur Projects Foundation

Website: https://uyghursfoundation.org, https://www.uyghurinfo.org

# بېغىشلىما

بۇ كىتابنى، 1949 - يىلىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكە قىلىۋالغان خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىگە باش ئەگمەي ياشاپ ئالەمدىن ئۆتكەن، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىپ قۇربان بولغان، خىتاي زۇلمى سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان، ھەمدە ھازىر ۋەتەننى ۋە مىللەتنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە كىملىكىنى دىياسپورادا ساقلاپ قېلىش يولىدا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق ۋەتەنداشلارغا بېغىشلايمىز.

**ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ۋە مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى**

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............................................................................................. 1

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىق كۈرىشى توغرۇلۇق ئويلىنىش ........................... مەھمەتئىمىن ھەزرەت 5

ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان قانداق يوللار بار؟..........................ئەركىن سىدىق 31

روھىي ساغلاملىق ۋە ئۇنىڭ دەۋاغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى.................................. مەمەت ئېمىن 55

ئۇيغۇر ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى .........................ھېيتاخۇن مەمتىمىن63

ختاي چوڭ مىللەتچىلىكى – ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى.......... مۇھەممەد ئىبراھىم 67

نېلسون ماندېلانىڭ كۈرەش يوللىرى ۋە سىياسىي ئىدىيەسى.................................. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت81

ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى» – شەرقىي تۈركىستان (1)......................................گۈلمىرە بەرداش 89

ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى» – شەرقىي تۈركىستان (2)......................................گۈلمىرە بەرداش 109

ئوقۇش، ئۆگىنىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىزدۇر.......................................................مۇھەممەد يۈسۈپ 127

زوراۋانسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇستەبىت تۈزۈمنى يىقىتىش ........................................ساۋۇت مۇھەممەد 137

ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈستىدە ئىزدىنىش..................................................ئېرپان ئىدرىس 147

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى.............گۈلشەن ئابدۇقادىر159

مائارىپى يوق مىللەتنىڭ كېلەچىكى يوق!....................................................سەلىمە ئا. كامال 181

غايىنى يۈرەكلىك تاللىغان ساۋاقداشلىرىم.................................................. سەلىمە ئا. كامال 189

ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىكى بىر قانچە مۇھىم ئېلېمېنتلار.......................ئەركىن سىدىق 205

ختاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى....................ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 211

ختاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ روھىيتى (پسىخولوگىيەسى)
........................................................................................................... چوڭ بۇغرا 231

«1984»تىن تەسراتلار...........................................................................گۈلشەن ئابدۇقادىر 237

ئەدەبىيات بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ مىللىي
كۈرەشتىكى فۇنكسىيەسى توغرىسىدا ......................................................ئالىمجان ئىنايەت 249

خەلقئارا قانۇننىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى رولى..................مۇئەتتەر ئىلىقۇد 259

غەربنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پاجىئەسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە تەكلىپ - پىكىرلىرى......ئەركىن سىدىق 299

ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى كۆچۈشلەر ھەققىدە ...................................... مەغپىرەت كامال يۇنۇسئوغلى 311

ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت قىممەتلىرىگە نەزە ........................
دىميان رەھمەت ماخمۇدى ............................................................................ 327

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر تىزىملىكى ۋە بىر قىسىم ھەل قىلىش چارە - تەدبىرلىرى
........ ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز 345

تەشكىلاتلىرىمىزغا توغرا كېلىدىغىنى بىرلىششمۇ ياكى ھەمكارلىششمۇ؟.........ئالماس ھاجى 361

مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى كۈچلەندۈرۈش – بىزنىڭ چىقىش يولىمىز.........ئالماس ھاجى 365

«دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى...... نۇرىيە راھمان 371

بىز چارىسىزمۇ ياكى تاللاش يولىمىز بارمۇ؟......... تەبىسە 387

ئۇيغۇرلار، گېئوپولىتىكا ۋە كېلەچەك......... ئەخمەتجان قاسىم 397

بىز كىملەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج؟ .........ئىمىن ئامان 407

تىلىمىزنى قانداق قوغداپ قالىمىز؟.........ئىمىن ئامان 411

ئاتا - ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم......... خەدىچە ئۇيغۇر 421

بىزدىكى نۇقسان ۋە كېلەچىكىمىز .........ئۆمەر شەنبە 431

ئۈچۈر بىخەتەرلىكى ۋە تەۋسىيەلەر.........ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت 437

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «كېڭەش» ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىدىكى ئەھمىيتى توغرىسىدا .........
......... ۋارىس چاقان 447

سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا .........
.........ئوت 455

1990 – 2020 - يىللىرى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچ ئاساسلىق ئېتنىك گۇرۇپپا ئاھالىسى نوپۇسىنىڭ
ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى.........دىلشات بارىشچى 463

ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق چوڭ نوپۇس قىرغىنچىلىقى......... سەمەت ئابلا 481

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىلى .........
......... رائىلە ئابدۇۋاھىت قەشقەرىي 491

ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسكلوپېدىيەسى تۈزۈش ھەققىدە.........ئابدۇجېلىل تۇران 507

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دوكلات قىلىشتا ئوينىغان رولى.........
.........شەھرىزاد غەيرەت 519

توردا ئوقۇتۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا پايدىلىرى ۋە بىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز......... مەمەتجان ياسىن ئائىلىسى 527

ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشتا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتسۆيەرلىك،تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي روھ كېرەك .........
.........جۈرئەت نىزامىدىن537

قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمىھالى.........گۈلشەن ئابدۇقادىر 547

1

# مۇقەددىمە

## — زىيالىيلىق، دەۋرىمىزدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي بۇرچى

ھازىر خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى باشلىغىنىغا يەتتە يىل بولاي دەپ قالدى. مۇشۇنداق بىر كۈندە ئۇيغۇرلار چەت ئەلدە ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئازادلىق دەۋاسى بۇرۇنقى ھەر قانداق دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ، بىر ناھايىتى كۈچلۈك بىرلىك سەپ ھاسىل قىلدى. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چەت ئەلدە ساقلاپ قېلىش جەھەتتىكى ئىشلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدىن تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەندى، پائالىيەتلەر سىستېمىلاشتۇرۇلدى، كېڭەيتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى. ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى قىلىۋاتقان ئىشلار ئەنە شۇ ساھەدىكى ئىشلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا كۆرسەتكەن ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىمۇ كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى. ئەمما ۋەتەندىكى زۇلۇم، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ يوقىلىش يۈزلىنىشى ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ئاستىلىمىدى ياكى ئاجىزلىمىدى. ئەكسىچە، بۇرۇنقىدەكلا ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ ۋەھشىي ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال يېقىنقى كۈنلەردە چەت ئەلدە ياشاۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىنى، ھەتتا چۈشكۈنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشلىدى. دەۋرىمىزدە دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىككى خىل كىشىلەر توپى گەۋدىلىنىشكە باشلىدى: ئۇنىڭ بىرسى، خىتاينىڭ چىشىغا تەگمەي، ئۆز ئىشىنى قىلىپ ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار؛ يەنە بىرسى، ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلگەننى قىلىپ، بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار. ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ۋە «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى»دىكى قېرىنداشلار مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش يوللىرى ئۈستىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ئاشۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىدىن تەركىب تاپقان. بىزنىڭ چاقىرىقىمىز ۋە تەشكىللىشىمىز بىلەن «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە – 2023» پائالىيىتىنىڭ تەييارلىقى باشلاندى. بۇ پائالىيەتنىڭ مەقسىتى، ھازىر چەت

ئەلـدە ياشـاۋاتقان ئۇيغـۇر زىيالىيلـىرى ۋە باشـقا ئۇيغـۇر بىلـىم ئىگىلىرىنىـڭ مىللەتنـى تەربىيەلـەش ۋە يېتەكلـەش جەھەتتىكـى ئەقلـي كۈچىنىـڭ نامايەندىسـىنى ۋۇجۇدقـا كەلتـۈرۈش. دىياسـپورادىكى مەزكـۇر چاقىرىققـا ئـاۋاز قوشـقان 43 نەپـەر يازغۇچـى مەزكـۇر توپـلام ئۈچـۈن 50 پارچـە ماقالـە تەييارلـىدى. ئـۇ ماقالىلـەر ئۇيغـۇرلار نۆۋەتتـە دۈچ كەلگـەن مەسىلە ۋە تەھدىتلـەر، ئۇلارنىـڭ كېلىـپ چىقىش سـەۋەبلىرى ۋە ئۇلارنـى ھـەل قىلىشنىڭ چـارە - تەدبىرلىرىنـى ئاساسـي مەزمـۇن قىلـدى. قولىڭىزدىكـى كىتابقـا ئەنـە شـۇ 50 پارچـە ماقالـە كىرگۈزۈلـدى.

ئۇيغـۇرلار ئۆزىنىـڭ بۈرۈنقـى تارىخـدا ئـۆز زىيالىيلىرىغـا بۈگۈنكىـدەك كۈچلـۈك دەرىجىـدە ئېھتىياجلىق بولـۇپ باققـان ئەمـەس. زىيالىيـلار يېڭـى ئىدىيـە يارىتىـدۇ. ژۇرنالىسـت، ئوقۇتقۇچـى ۋە شـۇنىڭغا ئوخشـاش باشـقا بىلـىم ئەھلىلـىرى بولسـا ئاشـۇ يېڭـى ئىدىيەلەرنـى خەلققـە يېشـىپ چۈشـەندۈرىدۇ. شـۇ ئارقىلـىق بـۇ يېڭـى ئىدىيەلـەر ئاممـىۋى پوزىتسـىيەگە ۋە ئومۇمـي خەلـق ئەقىدىسـىگە تەسـىر كۆرسـىتىدۇ ياكـى ئۇلارنـى بىـر يېڭـى تۈسـكە كىرگۈزىـدۇ. زىيالىيـلار مانـا مۇشـۇنداق بىـر جەريـان ئارقىلـىق بىـر مىللـەت ۋە بىـر جەمئىيەتنىـڭ تەرەققىياتىغـا تەسـىر كۆرسـىتىدۇ ۋە تۆھپـە قوشـىدۇ. ئەممـا زىيالىيلارنىـڭ رولـى دىكتاتورلـۇق تـۈزۈم ئاسـتىدىكى جەمئىيـەت بىلـەن ئەركىـن دۆلەتلەردىكـى جەمئىيەتتـە تۈپتـىن ئوخشـمايدىغان بولـۇپ، بىـز بـۇ يـەردە دىياسـپورادا ياشـاۋاتقان ئۇيغـۇرلار ھەققـىدە سـۆزلەۋاتقان بولغاچقـا، پەقـەت ئەركىـن دۆلەتلەردىكـى ئۇيغۇرلارنـىلا كـۆزدە تۇتـۇۋاتىمىز.

بىـر ئادەمنىـڭ نامىنىـڭ مەشـھۇر بولۇشـى ئۇنىـڭ ئىدىيەسـىنىڭ يامـان ئاقىۋەتلەرنـى كەلتـۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقىدىـن دېـرەك بەرمەيـدۇ. مەسـىلەن، ماركسـىنىڭ «ئىشـلەپچىقىرىش ماتېرىياللـىرى ۋە قورالـلىرى بىلـەن ھەپىلىشـىدىغان ‹ئەمگـەك› بايلىقنىـڭ ھەقىقـي مەنبەسـى» دېگـەن نەزەرىيەسـى بۇنىـڭ تىپىـك مىسـالى. ئەگـەر بـۇ نەزەرىيـە توغـرا بولغـان بولسـا، ئەمگـەك كۈچـى كـۆپ، ئەممـا تېخنولوگىيەسـى ئـاز دۆلەتلـەر تېخنولوگىيەسـى كۈچلـۈك ئەممـا ئەمگـەك كۈچـى ئـاز دۆلەتلەردىـن بەكـرەك گۈللەنگـەن بولاتتـى. ماركـس نامـدار شـەخس، ھەمـدە ئۇنىـڭ يۇقىرىقـى نەزەرىيەسـىمۇ ناھايىتـى داڭلـىق. ئەممـا ئـۇ نەزەرىيـە كوممۇنىسـت ھاكىمىيـەت تۈزۈمىنـى تاللىغـان ئەللەرنىـڭ ھەممىسـىگە ئېغىـر بالايىئاپەتلەرنـى ئېلىـپ كەلـدى، ھەمـدە نەچچـە ئـون مىليـون ئىنسـاننىڭ ئۆلـۈپ كېتىشـىگە سـەۋەب بولـدى. يېقىنقـى يىلـلاردا بـەزى نوپۇزلـۇق ئۇيغۇرلارنىـڭ داڭلـىق نەزەرىيەلىرىنىـڭ دىياسـپورادىكى ئۇيغـۇرلار ئارىسـىدىمۇ بـەزى ئېغىـر زىيانلارنـى ئېلىـپ كەلگىنىگـە كۆپلىرىمىـز شـاھىت بولـدۇق.

«زىيالـيي» دېگـەن تەنقىدىـي پىكىـر قىلغۇچـى كەسـىپلەر ساھەسـىدىكى بىـر ئالاھىـدە كەسـىپ كاتېگورىيەسـىگە قارىتىلغـان بولـۇپ، ئـۇ، شـۇغۇللىنىدىغان كەسـپى ئاساسـي جەھەتتىـن ئىدىيـە ۋە ئىدىيەنـى ئـۆز ئىچىگـە ئالغـان ساھە بولغـان، ئىشـلەپ چىقىرىدىغـان ئـەڭ دەسـلەپكى ۋە ئـەڭ ئاخىرقـى مەھسۇلاتى پەقـەت ئىدىيەلـەرلا بولغـان كىشـلەرگە ئىشـلىتىلىدۇ. مەسـىلەن، يازغۇچـىلار ۋە ئاكادېمىكـلار. مېڭـە دوختۇرلـىرى ۋە ئىنژېنېـرلار ناھايىتـى كـۆپ ۋە ناھايىتـى ئـۇزۇن مەنىـۋى تەربىيەلىنىشـتىن كېيىـن ئاندىـن ئاشـۇ كەسـپىنىڭ ئەھلىلىرىگـە ئايلىنىـدۇ. ئەممـا ئـۇلار ئىجتىمائىـي پـەن ئىلـىم ساھەسـىدە زىيالىيغـا كىرمەيـدۇ. چۈنكـى، زىيالىيـلار ئىشـلەپ چىقىرىدىغـان ئاساسـي ۋە ئـەڭ ئاخىرقـى مەھسـۇلات چوقـۇم ئىدىيـە بولۇشـى كېـرەك. دېمـەك، ئىجتىمائىـي پـەن ساھەسـىدە ماقالـە يازىدىغـان كىشـلەرنىڭ ھەممىسـى زىيالـيي ئەمـەس، ھەمـدە مەزكـۇر كىتابقـا ماقالىسـى كىرگۈزۈلگـەن يازغۇچـىلارنىـڭ بىـر قىسـمىمۇ زىيالـيي ئەمـەس. ئـۇلار بـۇ ئىشـتا بىـر زىيالىيلـىق رولىنـى ئالمىـدى، بەلكـى ئۆزلىرىدىكـى زىيالىيلـىق قابىلىيـەت ۋە ئىقتىدارلارنـى ئىشـقا سـالدى.

ئىدىيەلـەر يالغـۇز زىيالىيلارغـىلا تـەۋە بولغـان مۈلـۈك ئەمـەس. ئىدىيەلەرنىـڭ سـۈپىتىنى باھالاشـتا قوللىنىدىغـان ئۆلچەملەرمـۇ پەقـەت زىيالىيلارنىـڭ ئىدىيەلـىرى بىلەنـىلا چەكلىنىدىغـان نەرسـىلەر ئەمـەس. ئىنژېنېـر، دوختـۇر ۋە ئىقتىسادشۇناسـلار ھەپىلىشـىدىغان ئىدىيەلەرنىـڭ مۇرەككەپلىكـى جەمئىيەتشـۇناس ياكـى تىلشۇناسـلار ھەپىلىشـىدىغان ئىدىيەلەرنىڭكىدىـن ئاددىـي ئەمـەس. ئەممـا ئۇلارنىـڭ ئىدىيەلـىرى تاشقى ئۆلچـەم ئاساسـىدا باھالىنىـدۇ ۋە جەزملەشتۈرۈلىدۇ. زىيالىيلارنىـڭ ئىدىيەلـىرى بولسـا قىزىقارلىقى،

ئارگىناللىقى، قايىل قىلارلىقى، گۈزەللىكى ۋە ئەپچىللىكى ئاساسىدا باھالىنىدىغان بولۇپ، باشقا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش تاشقى ئۆلچەملەر ئارقىلىق باھالانمايدۇ. شۇڭلاشقا بىر ئىدىيە زىيالىينىڭمۇ ياكى باشقىلارنىڭمۇ، دېگەننى ئۇنى باھالايدىغان ئۆلچەم ئىچكى ئۆلچەممۇ ياكى تاشقى ئۆلچەممۇ، دېگەنگە قاراپ ئايرىشقىمۇ بولىدۇ.

بىلىم بىلەن چۈشەنچە ئوخشاش نەرسە ئەمەس. ئىلمىي تەجرىبىلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن چۈشەنچىلەر بىلىم ھېسابلىنىدۇ. ھوقۇق ئىگىلەش بىلىم ئىگىلەشتىن كۆپ ئاسان. شۇڭلاشقا بىلىم ئېلىشقا ناھايىتى ھۇرۇن كېلىدىغان كىشىلەر ئىچىدە بىلىم ئىگىلەشنىڭ ئورنىغا ھوقۇق ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغانلار ئاز ئەمەس. ئەمما، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش بارلىق مىللەت ئەزالىرىنىڭ بىلىم ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرى ساپالىق كىشىلەردىن بولۇپ تەربىيەلىنىپ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزكۇر توپلام ئۈچۈن ماقالە تەييارلىغان يازغۇچىلار ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى بىلىم توپلاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ.

ئىدىيەلەرنى پەقەت ئىچكى ئۆلچەم بىلەنلا باھالاشنىڭ بىرقانچە زىيانلىق تەرىپى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى، شەخسىي نام، شۆھرەت، ئابرۇي، نوپۇز ۋە مەنپەئەت قوغلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىشىلىشى ئۈچۈن خاتا ئىدىيەلەرنى مەقسەتلىك ھالدا تارقىتىپ، تاشقى دۇنيادا ئىسپاتلانغان ياخشى ۋە توغرا ئىدىيەلەرنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئالدىدا رەت قىلىشى ياكى بۇرمىلىشىدۇر. يېقىنقى يىللاردا دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئاشۇنداق ئەھۋاللارمۇ خېلى كۆپ يۈز بەردى.

قىسقىسى، زىيالىيلارنىڭ ۋە زىيالىيلىقنىڭ سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان مەسئۇلىيىتى بولماسلىقى، ياكى زىيالىيلار چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا جاۋابكارلىققا تارتىلماسلىقى ئىجتىمائىي ساھەدىكى بىر ناھايىتى پايدىسىز ئەھۋال بولۇپ، ئاشۇنداق ئەھۋالنىڭ زىيىنىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئازايتىشتا بارلىق بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بىر ئورتاق ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى بار. بارلىق بىلىم ئىگىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان يەنە بىر مۇھىم تارىخىي ۋەزىپە، دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا يېڭىدىن تاشلانغان ئىدىيەلەرگە نىسبەتەن «ئىسپاتلانغان ھەقىقەت» دېگەن پوزىتسىيەدە بولماي، «بۇنىڭدىن كېيىن سىنىلىدىغان پەرەز» دەپ مۇئامىلە قىلىش، ۋە ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش ئېڭىمىزنى ئۆستۈرۈش، ھەمدە مىللىي مەنپەئەتنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان ھەقىقىي مىللەتپەرۋەر كىشىلەر قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش. بىز «ئىستانبۇلدىكى 20 لېكسىيە ــ 2023» پائالىيىتى ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ ئاشۇ ساھەدىكى ئۇلۇغۋار ئىشلاردا ناھايىتى مۇھىم روللارنى ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ ئۆزلىرىگىلا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ياكى «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى»غا ۋەكىللىك قىلمايدۇ.

«ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە ــ 2023» ۋە مەزكۇر كىتابنىڭ روياپقا چىقىشىدا ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ۋە «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» دىكى 7 نەپەر سەپدىشىمىز بىزگە كەلگەن ماقالىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى، 50 پارچىدەك ماقالىلەر، ۋە 20 پارچىدەك سىيرىلما ھۆججەتلەرنى تەكشۈرۈپ، بەزىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، باھالاپ تەستىقلاشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. گۈلزىرە، جۈرئەت نىزامىدىن، ئۆمەر ئىمىن، پىداكار، روشەن خەمىت ۋە تەلئەت قادىردىن ئىبارەت 6 نەپەر قېرىندىشىمىز ماقالىلەرنىڭ تەھرىرلىك ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. پىداكار بىلەن بەكتۇر قېرىندىشىمىز قاتتىق تىرىشچانلىق بىلەن كىتاب بەتلىرىنىڭ لايىھەسى ۋە بەتچىلىكىنى قىلدى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشايدىغان 43 نەپەر قېرىندىشىمىز 50 پارچە ماقالە يېزىپ تەييارلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 37 نەپەر يازغۇچىنىڭ 44 پارچە ماقالىسى باھالاشتىن ئۆتۈپ، مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلدى. 20 نەپەر قېرىندىشىمىز ئۆز چىقىمى بىلەن ئىستانبۇلدىكى لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىگە قاتناشماقچى. ئىستانبۇلدىكى ئابدۇجېلىل تۇران، ئامېرىكىدىكى سان فرانسىسكو ئۇيغۇر جامائىتى مەزكۇر كىتاب ۋە

لېكسىيە ئۇچۇن ئىقتىسادىي خىراجەتنىڭ بىر قىسمىنى چىقىرىپ بەردى. ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى، مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى، ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزىدىكى قېرىنداشلار، ھەمدە ئىستانبۇلدىكى باشقا بىر قىسىم دوستلار مەزكۇر كىتاب ۋە لېكسىيە ئىشلىرىدا بىزگە ناھايىتى قىممەتلىك ياردەم قوللىرىنى سۇندى. بىز مۇشۇ يەردە يۇقىرىدىكى بارلىق قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

**ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ۋە مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى**

**2023 ـ يىلى 9 ـ ئاي**

2

# شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازادلىق كۈرىشى توغرۇلۇق ئويلىنىش

مەھمەتئىمىن ھەزرەت

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ بۆگۈنكى ۋەزىيىتى

ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئەھۋالى، تۆمۈر قەپەس ئىچىگە سولاپ قويۇلغان قۇشلارغا ئوخشايدۇ. بۆگۈنكى ۋەزىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم تاللانغان يىگىت - قىزلارنىڭ قوزغىلىپ چىقىپ، بىر ياكى بىرقانچە رايوننى ئازاد قىلىپ بىر مەزگىل تۇتۇپ تۇرۇشىنى كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

## 2. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياستى ئۆزگىرەمدۇ؟

خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان مىللىي قىرغىنچىلىق سىياستى ئۆزگەرمەيدۇ. بەلكى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى بەزىدە شىددەتلىك، بەزىدە يۇمشاق ھالدا دولقۇنسىمان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما خىتايلار، ئۇيغۇر مىللىتىنى تۈپتىن قىرىپ تۈگىتىۋېتىش سىياستىدىن ھەر قانداق دەۋردە ۋاز كەچمەيدۇ. چۈنكى، خىتايلار ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريان ئىچىدە، ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەت جەھەتتە ئېرىتىپ تۈگىتىۋېتىشنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭلاشقا ئاشكارا ھالدا كۆچ ۋە قورالغا تايىنىپ قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشتا ئىككىلىنىپ قالمىدى. شۇڭا خىتايغا ھەرقانداق شارائىتتا ئۈمىدلىك خام خىيالدا بولۇش، مىللىي يوقىلىشىمىزغا ھەسسە قوشۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

## 3. خەلقئارا ۋەزىيەت ئۇيغۇرلارغا قانچىلىك پايدىلىق؟

2023 - يىلى ئۇيغۇر مىللىي قىرغىنچىلىقىنىڭ ئاشكارا، كەڭ كۆلەملىك ۋە شىددەتلىك داۋام قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ يەتتىنچى يىلى. ۋەتەن ئىچىدىن مىللىي قىرغىنچىلىققا دائىر نۇرغۇن دەلىللەر ۋە ئۆلۈم لاگېرلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان جانلىق پاكىتلارنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرى «خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن مىللىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ» دەپ كەسكىن دىياگنوز قويغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى كاتېگورىيەسى ئىچىدىكى مەسىلە دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇ پوزىتسىيە، غەرب دۆلەتلىرى ئۈچۈن خىتاينى ئەيىبلەش، سىياسىي بېسىم ۋە ئىقتىسادىي ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە پايدىلىق بولسىمۇ، خىتاينىڭ ئۆلۈم لاگېرلىرىدا كوللېكتىپ ھالدا ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان ۋە ئازاب چېكىۋاتقان ھېچبىر ئۇيغۇرنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشى ئۈچۈن پايدا ئېلىپ كەلمىدى. خىتاي يەنىلا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرىدىن پەرۋايى پەلەك ھالدا قىرغىنچىلىقنى تېز سۈرئەت بىلەن داۋام قىلىۋاتىدۇ.

پايدىسى شۇ بولدىكى، ۋەتەندە مىللىتىمىز تۆلىگەن بەدەللەرنىڭ قارشىلىقىدا، ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادا تونۇلدى. خىتاي تەرىپىدىن مىللىي زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان بىر خەلق بولغانلىقى دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا باشلىدى. نۆۋەتتە، ئۇيغۇر مەسىلىسى «كىشىلىك ھوقۇق» مەسىلىسى كاتېگورىيەسىدىن چىقىرىلىپ، مىللىي قىرغىنچىلىققا قارشى تەدبىر ئېلىش كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. يەنى، ئۇيغۇر مەسىلىسى NATO (شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى) نىڭ كۈنتەرتىپىگە كېلىشى لازىم ئىدى. ئەمما، كەلمىدى. يېقىندا كېلىش ئېھتىمالىمۇ ئۇپۇقتا كۆرۈنمەيۋاتىدۇ.

ئازاب ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە جېنىدىن جاق تويغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار، خىتايغا قارشى بىر قوراللىق كۈرەشنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۈمىدى ئامېرىكىغا مەركەزلەشكەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىبارەت بۇ كوزىر ئامېرىكىنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئامېرىكا بۇ كوزىرنى خىتايغا قارشى قاچان، قايسى نۇقتىدا، قانداق قوللىنىدۇ؟ ياكى قوللىنامدۇ - قوللانمامدۇ؟ بۇنى بىلمەيمىز. شۇنى بىلىمىزكى، بۇ كوزىر، ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكى شاھمات تاختىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

## 4. ئۇيغۇرلار، شەرقىي تۈركىستان بىلەن چېگراداش قوشنا دۆلەتلەرنىڭ بىرسىدە قوراللىق ئەترەت بازىسى تەشكىللىيەلىشى مۇمكىنمۇ؟

بۈگۈنكى رايون خاراكتېرلىك ۋەزىيەتتە بۇنداق بىر ئىمكان يوق. چۈنكى، بۇنىڭغا ئۇيغۇن شەرت - شارائىت شەكىللەنگىنى يوق. مۇشۇنداق بىر ئىمكانىنىڭ بارلىقىغا بىر قىسىم ئوت يۈرەك ئۇيغۇر ياشلىرىنى ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان چەت ئەللىك «تۈركىستان ئاشىقى» كىشى ياكى كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا خىتاي بار. بۇ ئېنىق. نۆۋەتتە چېگرا بويلىرىدا نەتىجە بەرمەيدىغان كىچىك قوراللىق ھەرىكەت، ۋەتەن ئىچىدە خىتاينىڭ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك، تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە ئۇيغۇر قەتلىئامىنى قانات يايدۇرۇشىغا پايدىلىق، خالاس.

ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلار قاچان ۋە قانداق شارائىتتا ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن قوراللىق كۈرەشكە ئاتلىنالايدۇ؟ جاۋاب، خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلغاندا. تېخىمۇ مۇھىمى، خىتاي ئامېرىكا بىلەن رەسمىي ئۇرۇشقا كىرگەندە، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا جىددىي ئېھتىياجى چۈشىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بەلگىلىك رايونلىرىغا قورال - ياراغ يامغۇرى يېغىشقا باشلايدۇ. چۈنكى، خىتاينىڭ 2018 - يىلقى سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ئېھتىياجىنىڭ

55% نى شەرقىي تۈركىستان تەمىنلەيدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىن شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق خىتايغا ئاقىدىغان تەبىئىي گاز، نېفىت ۋە باشقا ئېنېرگىيە خام ئەشيالىرىنى قوشقاندا بۇ مىقدار 70%. شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا تۇتىشىدىغان بارلىق تۇرۇبا يوللىرى، قاتناش لىنىيەلىرى ۋە ئايروپورتلارنىڭ ۋەيران قىلىنىش ۋەزىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلىنىدۇ. (ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا قوراللىق كۆرەشكە ئاتلىنىش يولى ئېچىلىدۇ.) ئېنېرگىيە ۋە باشقا خام ئەشيالىرى كېسىلگەن خىتاينىڭ ئامېرىكا ۋە ياپونىيەنىڭ قارشىسىدا ئۇزۇن مۇددەت پۇت تىرەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئامېرىكىغا ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېھتىياجى بولغاندا ئۇيغۇرلارغا ياردەم كېلىدۇ. بۇ كۆز قارىشىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسال كۇپايە. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى گېرمانىيەنىڭ 1939 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پولشاغا ھۇجۇم قىلغان كۈنى، ئەنگلىيەنىڭ گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بىلەن باشلاندى. پۈتۈن ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى. گىتلېر ئارمىيەسى ئەنگلىيەدىن باشقا ياۋروپا قىتئەسىنى تامامەن ئىشغال قىلىپلا قالماي، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنا، كاپكاسىيا رايونلىرىنى ئىشغال قىلىپ موسكۋاغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى. ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ساخارىن ئارىلىدىن باشلاپ ئاسىيا - تىنچ ئوكيان رايونىدا 36 دۆلەت ۋە رايوننى ئىشغال ئاستىدا تۇتتۇۋاتاتتى. بارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ يالۋۇرۇپ، داد - پەرياد قىلىشلىرىغا قارىماي، ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشماي بىر چەتتە ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ تۇردى. تاكى ياپونىيە 1941 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئامېرىكىنىڭ ھاۋاي ئارىلىدىكى پېئارل خاربور (Pearl Harbor) غا ھۇجۇم قىلىپ، 16 ئۇرۇش پاراخوتى، 343 ئۇرۇش ئايروپىلانى پاچاقلىنىپ، 3581 ئەسكەر ۋە پۇقرا ئۆلۈپ، يارىدار بولغانغا قەدەر، يەنى دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلىتى ئامېرىكا، ئوت ئۆزىگە تۇتاشمىغۇچە باشقىلار ئۈچۈن ئۇرۇشقا كىرىشتىن باش تارتىپ تۇرغان ئىدى. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا 16 مىليون ئەسكەر بولۇپ، جەمئىي 45 مىليون كىشى ئۇرۇشتا ئۆلدى. باشقا بىر دۆلەت ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشقا كىرىشى ناتايىن. ئەمما، باشقا دۆلەتلەر ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە قالغاندا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئازادلىق كۆرىشىنى قوللىشى، ياردەم قىلىشى مۇمكىن. مەسىلىنى تەھلىل قىلغاندا چوقۇم رېئالىست بولۇشىمىز، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ياكى مەنپەئەت تالىشىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

## 5. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىدىكى ئەڭ بۈيۈك تەھدىت – تۈيۇقسىز يۈز بەرگۈسى بۈيۈك قەتلىئام

خىتاي ھاكىمىيىتى ئەگەر تەيۋەننى قوراللىق ئىشغال قىلىش قارارىغا كەلسە، ئوخشاش بىر زاماندا، بۈگۈنكى خىتاي چېگراسى ئىچىدە ئۆزىگە تەھدىت دەپ قارىغان يوق قىلىش نۇقتىلىرىنى ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە پىلانغا كىرگۈزىدۇ. تاشقىرىدىكى يوقىتىش نىشانى تەيۋەن بولسا، ئىچكىرىدىكى بىرىنچى يوقىتىش نىشانى ئۇيغۇرلار بولىدۇ. ئۇرۇش باھانىسىدە ھەربىي ھالەت ئېلان قىلغان خىتاي، شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ - چىقىشلارنى ۋە مېدىيالارنى تامامەن قامال قىلىدۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقە ۋاسىتىلىرىنى پۈتۈنلەي ئىشلىمەس ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇپ، بۈگۈن ئۇيغۇر مىللىتى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى قورشاۋ ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان خىتاي ئارمىيەسى ۋە بىڭتۈەنگە ئۇيغۇرلارنى بىر باشتىن قىرىپ تۈگىتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۈگۈن، ھېچبىر خەلقئارا تەشكىلات ياكى دۆلەت تەرىپىدىن جىسمانىي جەھەتتىن قوغدىلىنىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگىنى يوق. دېموكراتىيەنىڭ ئەڭ زەئىپ تەرىپى، قارار قىلىش مېخانىزمىنىڭ بەك ئاستا ئىشلىشىدۇر. ئەگەر بۇ ئۇرۇش ئامېرىكا - خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئايلانمىسا، شىمالدىكى ئۇيغۇر، قازاقلار تامامەن تازىلىنىپ تۈگىشى، جەنۇبتىكى مۇنبەت زېمىنلار

ۋە ئىستراتېگىيەلىك مۇھىم رايونلاردىكى ئۇيغۇرلار يوقىتىلىپ، ئۇ يەرلەر خىتاي كۆچمەنلىرى بىلەن تولدۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن كېيىن قېپقالغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى، دىن ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى 50 يىل چەكلەنسە، شەرقىي تۈركىستان دېگەن بۇ كەڭ زېمىندا ئۇيغۇر دېگەن بىر مىللەت قالمايدۇ. يۈز بەرگۈسى بۇ تەھدىتنى ئويلىسام كېچىلىرى ئۇيقۇم قاچىدۇ. چۈنكى، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇسۇلمان بوسنىيەلىكلەرگە قارشى يۈرگۈزۈلگەن سېرب قەتلىئامى بۈيۈك ئىنسانىي پاجىئەلەر بىلەن ئاخىرلاشتى. 3 مىليون نوپۇسلۇق بوسنىيە - هېرسېگوۋنادا 312 مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، 2 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم يۇرتلىرىدىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، يەنى ئېتنىك قەتلىئام باشلىنىپ 3 يىلدىن ئارتۇق زامان ئۆتكەندىن كېيىن، NATO ئاستا - ئاستا ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە باشلىغان ئىدى. 1992 – 1995 - يىللىرى ئارىسىدا بوسنىيە - هېرسېگوۋنادا يۈز بەرگەن قەتلىئام 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ياۋروپادا يۈز بەرگەن ئەڭ بۈيۈك قەتلىئام دەپ ئەنگە ئېلىندى. بوسنىيەدە ھازىرغا قەدەر 42 كوللېكتىپ مازار تېپىلدى. 22 كوللېكتىپ مازارنىڭ ئورنى ئېنىقلىنىۋاتىدۇ.

بوسنىيە - هېرسېگوۋىنا 1992 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلغان بولۇپ، بىر كۈندىن كېيىن، يەنى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئامېرىكا ۋە ياۋروپا دۆلەتلىرى بوسنىيە - هېرسېگوۋىنانىڭ مۇستەقىللىقنى ئېتىراپ قىلغان ۋە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. بۇ، ياۋروپانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇستەقىل بىر مۇسۇلمان خەلقنىڭ ئۇچرىغان پاجىئەلىرى. شەرقىي تۈركىستانلىقلار ياۋروپادىنمۇ، ئامېرىكىدىنمۇ ناھايىتى يىراقتا ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلق، يەنە كېلىپ خىتايدەك ۋەھشىيانە ئېپتىدائىي سىياسىي تۈزۈمى بولغان، ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان بىر دۆلەتنىڭ تۆمۈر قەپىسى ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلق.

بىز ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىگە قەتئىي ھالدا شۇنداق چاقىرىقتا بولۇشىمىز لازىمكى، مەدەنىي دۇنيا، تارىختىكى بارلىق ئېتنىك قەتلىئاملاردىن ساۋاق ئېلىپ، 21 - ئەسىردە تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك ئۇيغۇر قەتلىئامىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھېچ كېچىكمەستىن ئەسكىرىي تەدبىر ئېلىش توغرۇلۇق قەدەم ئېلىشى زۆرۈر.

## 6. سۈرگۈندە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى

چەت ئەلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى – شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق، ئۇيغۇر مىللىتىگە ئازادلىق غايىسىنى جانلىق تۇتۇش. بۇ مەقسەتتە ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە، بىرىنچىدىن، ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان مىللىي قىرغىنچىلىق، مىللىي زۇلۇملىرىنى پاش قىلىش، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى ئۇيغۇرلارغا جەلپ قىلىش، ئۇ دۆلەتلەردە ئۇيغۇر دوستلىرىنىڭ كۆپىيىشىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۇ دۆلەتلەردىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە پارلامېنتلارغا قەدەر تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇ دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، خىتايغا بولغان دىپلوماتىك بېسىمنى كۈچەيتىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى قوغداش يولىدىكى بارلىق پائالىيەتلەرنى جانلاندۇرۇش، بىر كۈنى ۋەتەننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ۋەتەنگە يۈزلىنىش ئىدىيەسىنى جانلىق تۇتۇش.

مەن چەت ئەلدە ۋەتىنىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغان بىر مۇنچە مىللەتلەرنىڭ دىياسپورا پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلدىم. كەلگەن خۇلاسەم شۇ بولدىكى، چەت ئەلدىكى تەشكىلاتلار قانچىلىك كۈچلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنىڭ ئاستىدا ئېزىلگەن. بۇ توغرۇلۇق قولۇمدا ئونلىغان شانلىق، ئەمما نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان تارىخىي مىساللار بار. بۇ مىساللاردىن پەقەت بىرسىنىلا سىلەر بىلەن ئورتاقلىشىمەن.

رەسمىي ئارخىپ مەنبەلىرىگە قارىغاندا، 1917 - يىلى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ۋەتىنىنى تەرك ئېتىپ ياۋروپا دۆلەتلىرىگە كۆچۈپ كەلگەن مۇلتىجى رۇسلارنىڭ سانى 2 مىليون ئەتراپىدا. بۇلارنىڭ ھەممىسى زىيالىي، ھەربىي، باي - كاپىتالىستلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، قىسقا زاماندا قىزىل كوممۇنىستلارنى يېڭىپ ۋەتەنگە قايتىش ئىرادىسىدىكى ئىنسانلار ئىدى.

فىرانسىيەنىڭ 1920 - يىلى تىزىمغا ئالغان ھەربىي ئارخىپلىرىدا، ئىستانبۇلغا كەلگەن رۇس پاناھلانغۇچىلارنىڭ سانى 148 مىڭ 678 نەپەر بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىيلەرنىڭ سانى 104 مىڭ 942 نەپەردۇر. 1920 - يىلى 6 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قىرىم يېرىم ئارىلىدىن يولغا چىقىپ، قارا دېڭىز ئارقىلىق ئىستانبۇلغا كىرىپ كەلگەن ھەربىي پاراخوت سانى 126 بولۇپ، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەربىي پاراخوت ئىدى. ئۇ زاماندا 900 مىڭ نوپۇسلۇق ئىستانبۇل ئۈچۈن بۇ قەدەر كۆپ ساندىكى رۇس مۇلتىجى ھەقىقەتەن ئېغىر يۈك ئىدى. 100 يىللاپ تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ كۆپىنچە ئۇرۇشتا تۈركلەرنى يەڭگەن چار رۇس ئارمىيەسى، بۇ ۋاقىتتا تۈرك زېمىنىدا مۇلتىجىلارغا ئايلانغان ئىدى. بۇ چاغدا ئىستانبۇل ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيەنىڭ ئىشغالى ئاستىدا بولغاچقا، ئىستانبۇلدىكى رۇس ئارمىيەسىنىڭ راسخوتلىرىنى كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىنى فىرانسۇزلار ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

1921 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، گېنېرال مۇستاپا كامالنىڭ لىدېرلىقىدىكى ئەنقەرە ھۆكۈمىتى بىلەن لېنىن لىدېرلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئارىسىدا موسكۋادا سەككىز ماددىلىق دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاندى. كېلىشىمنىڭ 6 - ماددىسىدا: «رۇس ئىشغالى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان كارس، ئارداھان ۋە ئارتۋىن ۋىلايەتلىرى تۈركىيەگە قايتۇرۇلىدۇ» دەپ يېزىلغان. يېزىلمىغان ماددىسى بولسا، تۈركىيەدىكى چار رۇسىيە ئارمىيەسىنى دۆلەت چېگراسىدىن چىقىرىۋېتىش ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئالتۇن ۋە قورال - ياراغ ياردىمى ئېلىۋاتقان ۋە بۇ ماددىي ياردەملەر بىلەن ئاناتولىيەدىكى فىرانسۇز، ئىتالىيان، گىرېتسىيە ئىشغالچى ئارمىيەسىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىۋاتقان تۈرك ئارمىيەسىنىڭ ئىستانبۇلنىمۇ ئىشغال قىلىش ئېھتىمالىنى ھېسابقا ئالغان فىرانسۇزلار، ئىستانبۇلدىكى چار رۇسىيە ئارمىيەسىنى يۇگوسلاۋىيە، بۇلغارىستان... قاتارلىق سلاۋ دۆلەتلىرىگە يۆتكەشكە باشلىدى. 1923 - يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گېنېرال مۇستاپا كامالنىڭ ئارمىيەسى ئىستانبۇلغا كىرىپ كەلگەندە، ئىستانبۇلغا يېقىن گەلىبولۇ رۇس گازارمىسىدا بىرمۇ رۇس ئەسكىرى قالمىغان ئىدى.

ئۇرۇش پاراخوتلىرى، ئېغىر - يېنىك قورال - ياراغلىرى فىرانسۇزلار تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغان، قورالسىز ھالدا دۆلەتلەرگە تارقىتىۋېتىلگەن چار رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ روھى چۈشكۈن، كەيپىياتى بۇزۇق ئىدى. ياۋروپاغا قېچىپ كەلگەن 2 مىليون نوپۇسلۇق رۇسلارنىڭ پائالىيەتلىرى يەنىلا كۈچلۈك ئىدى. رۇسلار سىياسىي مەركەزنى پارىژ، ئەسكىرىي مەركەزنى بېلگىرات، مەدەنىيەت مەركىزىنى خاربىن قىلىپ بېكىتتى. رۇس تەشكىلاتلىرى ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا ئۇنلىغان رادىيو، گېزىت ۋە يۈزلىگەن ژۇرناللارنى تەسىس قىلىش ئارقىلىق رۇس مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن زور غەيرەت كۆرسەتتى. پارىژدا رۇس تىلى يەسلىسىدىن باشلاپ، رۇس تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگىچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش مائارىپ خىزمەتلىرى بەرپا قىلىندى. چەت ئەلدىكى مۇلجى رۇسلارنىڭ تۇنجى ئۇنىۋېرسىتېتى ياپونلارنىڭ ياردىمى بىلەن خاربىندا قۇرۇلدى. (خاربىندا رۇس باشلانغۇچ، گىمنازىيە مەكتەپلىرى كۆپلەپ قۇرۇلغان ئىدى) خاربىن رۇس ئۇنىۋېرسىتېتى 1940 - يىللىرى دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۇنىۋېرسىتېتلار تىزىملىكىدىن يەر ئالغان ئىدى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى داۋامىدا ياۋروپادىكى رۇسلار ئىككىگە بۆلۈندى، گىتلېر ئارمىيەسى فىرانسىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا، فىرانسۇز ئارمىيەسى بىلەن بىرلىكتە گېرمان ئارمىيەسىگە قارشى قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغان رۇسلار بولدى. گېرمانلار فىرانسىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، فىرانسىيەدىكى رۇسلارمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى. ھايات قالغانلىرى ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېتىشتى. گىتلېر سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، يۇگوسلاۋىيەنى مەركەز قىلغان شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ياۋروپادا ياشاۋاتقان رۇسلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋەتىنىنى قىزىل كوممۇنىستلاردىن قۇتقۇزۇش غايىسىدە

تەشكىللىنىپ، گېرمان ئارمىيەسىگە ئەگىشىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغۇچى ئۈچ چوڭ دۆلەتنىڭ لىدېرلىرى، يەنى ئەنگلىيە باش مىنىستىرى ۋىنستون چېرچىل، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرىنىڭ پرېزىدېنتى فرانكلىن د. روزۋېلت، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىست پارتىيە باش سېكرېتارى يوسېف ستالىن 1945 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 – 11 - كۈنلىرى ئارىسىدا يالتا شەھرىدە «يالتا يىغىنى» دەپ ئاتالغان، دۇنيانى بۆلۈشۈش كېلىشىمىدىن كېيىن، چەت ئەلدىكى مۇخالىپ رۇسلارغا ياردەم بېرىدىغان، قوللايدىغان دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ياردەملەرنى توختىتىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. مانجۇرىيە زېمىنىغا رۇس قىزىل ئارمىيەسى بېسىپ كىرىشتىن بۇرۇنلا خاربىندىن تيەنجىن، شاڭخەيگە قېچىپ كېلىۋالغان رۇسلار، كېيىن ئاۋستراليە، ئامېرىكا، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كەتتى. خاربىن شەھەر نوپۇسىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك رۇسلار ئىدى. قېپقالغان رۇسلارنىڭ كۆپ قىسمى ستالىننىڭ «كەڭچىلىك سىياستى»گە ئىشىنىپ رۇسىيەگە قايتتى ۋە بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەممىسى سىبىرىيە سۈرگۈن لاگېرلىرىغا سولاندى. ئاقىۋەتلىرى پاجىئەلەر بىلەن ئاخىرلاشتى.

مەركىزى پارىژدا بولغان ۋە ئاجىزلاپ كەتكەن ئاۋانگارت مۇخالىپ رۇس تەشكىلاتلىرى، ۋەتەن ئازادلىقىنى ئۇنتۇپ، مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىنى بىر - بىرىگە يۈكلەپ ئىچكى ماجىراغا چۈشكەن ئىدى. چەت ئەلدىكى رۇس مۇخالىپ ھەرىكەتلىرىدىكى ئىچكى جاڭجال ھەققىدە كۆپ يىل ئىلگىرى بىر رۇسچە كىتابنى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ كىتابتىكى شۇ جۈملىلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە: «ياۋروپادىكى مۇخالىپ رۇس تەشكىلاتلار ئۆزئارا شۇنچىلىك شەپقەتسىز كۈرەشكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدىكى، خۇددى ئەينەك شېشە ئىچىگە سولاپ ئاغزى ئېتىۋېتىلگەن شېشە ئىچىدىكى قوڭغۇزلارغا ئوخشايتتى. ئاچ قالغان قوڭغۇزلار بىر بىرىنى يەيتتى. تاشقىرىدىن بۇ شېشە ئىچىدىكى قوڭغۇزلارنىڭ ئۆزئارا قىرغىنچىلىقىنى كۆرۈپ تۇرغانلارلا رۇس پاجىئەسىنىڭ نەقەدەر تراگېدىيەلىك ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيتتى».

سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كەتكەن 1991 - يىلى، چەت ئەلدىكى رۇسلارنىڭ رۇسىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن موسكۋاغا بىر گۇرۇپپا ھەيئەت ئەۋەتكۈچىلىك مادارى قالمىغان ئىدى.

سۈرگۈندىكى رۇسلاردىن قالغان خاتىرە ئىزناسىدىن تىلغا ئالغۇچىلىك ئۈچ يەر بار: 1) ئىستانبۇلغا بەك يىراق بولمىغان گەلىبولۇ يېزىسىدا بولغان رۇس مازىرى ۋە چار رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى ئالېكساندىر كۇتېپوۋ تەرىپىدىن سۈرگۈندىكى رۇس ئارمىيەسى خاتىرىسى ئۈچۈن 1920 - يىلى بىنا قىلىنغان رۇس خاتىرە مۇنارى؛ 2) پارىژدىكى رۇس مازىرى ۋە كۇتېپوۋ خاتىرە مۇنارى (ئالېكساندىر كۇتېپوۋ 1930 - يىلى KGB جاسۇسلىرى ۋە KGB تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان فرانسۇز ساقچىلىرى تەرىپىدىن سۈيىقەست قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن)؛ 3) بىلگىرات شەھرىدىكى رۇس چېركاۋىنىڭ ھويلىسىدىكى بىر قانچە رۇس گېنېرالنىڭ قەبرىسى.

بۈگۈن، لېنىن، ستالىن ھەيكەللىرى چېقىلىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن رۇسىيەنىڭ رەھبەرلىرىدىن بۇ خاتىرە يەرلەرنى زىيارەت قىلغان رۇس رەھبەرلىرى يوق. گەلىبولۇ يېزىسىدىكى رۇسىيە ئۈچۈن قۇربان بولغان «رۇس ئارمىيە خاتىرە ئابىدىسى»نى تۈرك دۆلىتى پۇل ئاجرىتىپ ياساپ، 2008 - يىلى ساياھەتكە ئاچتى. ئەمما، تۈركىيەگە دائىم كېلىپ تۇرىدىغان رۇس دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ھېچبىرى بۇ يەرنى زىيارەت قىلمىدى. بۇلارغا قاراپ شۇ ئۇيغۇر خەلق ماقالى ئېسىمگە كېلىدۇ: «كوزا چاققانلار ئەزىزدۇر، سۇ كۆتۈرگەن خار.»

خۇلاسە كالام، سۈرگۈندە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رولى – ياشاۋاتقان دۆلەتلەردە مىللىي كىملىكنى قوغداش، مىللىي روھنى جانلىق تۇتۇش، ئۇ دۆلەتلەردە خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى پاش قىلىش، دۇنيا خەلقلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغاش، بۇ ئارقىلىق مەدەنىي دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، خىتايغا بولغان سىياسىي ۋە دىپلوماتىك بېسىمنى كۈچەيتىش. شۇ ئاندا، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاۋانگارتلىرىنىڭ قىلىۋاتقان

پائالىيەتلىرىمۇ بۇ دائىرە ئىچىدە كېتىۋاتىدۇ، خالاس.

## 7. ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن قوراللىق كۆرەش ئارقىلىق ۋەتەن ئازادلىقىغا ئاتلىنىش پۇرستى قاچان كېلىدۇ؟

ياپونىيەدىن ئەنگلىيەگىچە سوزۇلغان ئاسىيا - ياۋروپا قىتئەلىرى، ھەبەشىستاندىن جەنۇبىي ئافرىقىغىچە سوزۇلغان ئافرىقا قىتئەسى، ئالياسكىدىن ئارگېنتىنا، چىلىغا قەدەر ئۇزانغان ئامېرىكا قىتئەسى، يەنى يەر شارىنىڭ ئىنسان ياشاۋاتقان قۇرۇقلۇقلىرىدا نوپۇسى 10 مىليوندىن ئارتۇق بولغان مىللەتلەر ئارىسىدا يالغۇز ئۇيغۇر مىللىتىلا باشقا بىر ئىشغالىيەتچى مىللەتنىڭ بويۇنتۇرۇقى ئاستىدا ۋە بارلىق مىللىي ھەق - ھوقۇقلىرى تامامەن تارتىۋېلىنغان ھالدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم قىلىنىپ كوللېكتىپ ھالدا ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. خىتاي كۆچەيگەنسېرى، ئۇيغۇر مىللىتى بۇ كۈچلۈك دۆلەتنىڭ زەنجىر تاپىنى ئاستىدا ئېزىلىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، خىتايغا قارشى قورالىق كۆرەش قىلىش شارائىتىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلار كۆنسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. يۇقىرىدا، بۇنداق شارائىتنىڭ خىتاي - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندىلا ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ئازراق سۆزلەپ ئۆتتۇم. ئۇرۇش مەزگىلىدە ئامېرىكا ئۆز ئېھتىياجى تۈپەيلى بىزنى قورال - ياراغ بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەخمىن رېئاللىققا ئۇيغۇن. بىراق، ئامېرىكا شەرقىي تۈركىستاندىن بەك يىراقتا. شەرقىي تۈركىستان ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئارقا سەپ تەمىنات مەسىلىسى ھاۋا لىنىيەسى ئارقىلىقلا ھەل بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئارقا سەپ خىزمىتىدە ھىندىستاننىڭ رولى بولامدۇ - بولمامدۇ؟ بولسا قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى ئالدىن پەرەز قىلىش قىيىن.

ئەگەر خىتاي بىلەن بولغۇسى بىر ئۇرۇشتا ئامېرىكا، ياپونىيە، ھىندىستان، رۇسىيە ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى مەنپەئەت نۇقتىسىدىن بىر ھەربىي ئىتتىپاق ھاسىل قىلالىسا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىللىققا ئېرىشىش يولى داغدام ئېچىلغان بولىدۇ.

تارىختا دۇنيانىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرى بولغان ئامېرىكا بىلەن رۇسىيە ئۆزئارا تىغمۇتىغ ئۇرۇشقا كىرىپ باققىنى يوق. پۇتىن دەۋرىدىن كېيىنكى رۇسىيە يەنە ياۋروپا بىلەن پۈتۈنلىشىشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. چۈنكى، رۇسلار ئىرق تەرىپىدىن ئاق تەنلىك، دىن تەرىپىدىن خىرىستىيان، مەدەنىيەت تەرەپتىن ياۋروپا مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ مىللەت. رۇسىيەنىڭ ئەسلى مەنسۇپ بولغان ئورۇن ۋە سەپكە قايتىپ كېلىشى رۇسىيەنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈنمۇ پايدىلىق. چۈنكى، خىتاي بىلەن رۇسلار قويىنىدا بىر - بىرىگە پىچاق ساقلاۋاتقان يالغان دوستلار.

رۇسلار، شەرقىي تۈركىستاندىن ۋاز كەچمەيدۇ. ۋىلادىمىر پۇتىننىڭ باش مەسلىھەتچىسى ۋە رۇسىيەدە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئاكادېمىك ئالېكساندىر دۇگىن «رۇسىيەنىڭ جۇغراپىيەلىك سىياسىتى» دېگەن كىتابىدا شۇنداق يازىدۇ: «شىنجاڭ ۋە تىبەت بولماي تۇرۇپ، خىتاينىڭ قازاقىستان ۋە غەربىي سىبىرىيەگە ھۇجۇم قىلالىشى ئىمكانسىزدۇر. بۇ زېمىنلار خىتاينىڭ كونترولىدىن چىقىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بۇ رايونلاردا مۇقىمسىزلىقنىڭ باشلىنىشىنىڭ ئۆزىلا رۇسىيەنىڭ ئىستراتېگىيەلىك غەلىبىسى ھېسابلىنىدۇ... موڭغۇلىيە، شىنجاڭ ۋە تىبەت بىلەن مۇناسىۋەتلىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم... رۇسىيە، بۇ كۆۋرۈك بېشى يەرلەرنى خىتايدىن ئاجرىتىۋېتىشى لازىم» [1]. (دۇگىننىڭ بۇ سۆزلىرىنى پۇتىن ۋە رۇس گېنېراللار كۆڭلىدىكى دەپتەرلىرىگە خاتىرە قالدۇرمايدۇ دەپ ئويلامسىز؟!) خىتاي، تەيۋەن ۋە ھىندىستان چېگراسىدا جىۋۋا تاراقلىتىپ دىققەتنى ئۇ تەرەپلەرگە جەلپ قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، تۇيۇقسىز قازاقىستانغا ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالىنى دۇگىننىڭ تەھلىللىرىدىن ھېس قىلىش مۇمكىن.

قازاقىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1700 كىلومېتىرلىق چېگرا لىنىيەسى بويىچە خىتاينىڭ ئۇزۇن يىللىق ھەربىي تەييارلىقلىرى قازاقلارنىڭ ئۈيقۇسىنى ئاچالمىغان بولسىمۇ، رۇسلارنى جىددىي بىئارام قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق. بۇ توغرۇلۇق باشقا بىر ماقالىدە تەپسىلىي توختىلىمەن.

رۇسىيەگە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايدىسى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. شەرقىي تۈركىستان رۇسىيەنىڭ نېفىت، تەبىئىي گازلىرىنى تۇرۇبا يولى ئارقىلىق ھىندىستانغا تۇتاشتۇرۇشتا يېگانە ۋە ئەڭ قىسقا مەنزىلدۇر. رۇسىيە دۇنيانىڭ ئەڭ كۆپ تەبىئىي گاز ۋە نېفىت زاپىسىغا ئىگە دۆلەت. ھىندىستان، بېنگال، بىرما، پاكىستان قاتارلىق جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە 2 مىلياردقا يېقىن نوپۇس ياشايدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئېنېرگىيەگە جىددىي ئېھتىياجى بار. بۇ ئىقتىسادىي مەنپەئەت، پۇرسىتى كەلگەندە رۇسىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىدىن ئەڭ كۆپ پايدا ئالغۇچىلار رۇسىيە بىلەن ھىندىستان بولىدۇ.

شۇ نۇقتىنى دىققىتىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك: غەرب دۆلەتلىرى ئارىسىدا رۇسىيەنى بۇرۇن پارچىلاش كېرەكمۇ ياكى خىتاينى بۇرۇن پارچىلاش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە تېخى بىر قارارغا كەلگىنى يوق. بۇگۈنكى ۋەزىيەتتىن چىقىش قىلغاندا، ياۋروپا ئىتتىپاقى دۆلەتلىرى رۇسىيەنى بۇرۇن پارچىلاش تەرىپىدە. ئامېرىكىنىڭ كۆز قارىشى پەرقلىق. 2022 - يىللىق ئىقتىسادىي كۈچ سېلىشتۇرما سانلىق مەلۇماتىدا، ئامېرىكا 25 تىرىليون 350 مىليارد دوللارلىق ئىقتىسادىي ھەجمى بىلەن بىرىنچىلىكنى ئىگىلىسە، رۇسىيە 1 تىرىليون 829 مىليارد دوللار بىلەن 11 - قاتاردا يەر ئالىدۇ؛ خىتاي بولسا 19 تىرىليون 9 مىليارد دوللار بىلەن ئىككىنچى قاتاردا يەر ئالماقتا. يەنى ئامېرىكا ئۈچۈن رۇسىيە تەھدىت بولغۇچىلىق كۈچتىن ئاللىبۇرۇن ئۆزاقلىشىپ كەتكەن. ئامېرىكىغا ھەر جەھەتتىن جىددىي تەھدىت يارىتىۋاتقان كۈچ – خىتاي. خىتاي خاراكتېرى، پۇرسەتپەرەسلىكنى «تاكتىكا» دەپ پەردازلايدۇ. خىتايلار 1970 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاق تۈزگىنىگە ئوخشاش، بىر يۇمىلاپ، رۇسىيەگە قارشى ئامېرىكا بىلەن تەكرار ئىتتىپاقداش ھالىغا كەلسە، ئامېرىكا، خىتاينىڭ سىبىرىيەنى ئىشغال قىلىش ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن يېشىل چىراغ ياندۇرۇپ بېرىشى مۇمكىن. بۇنداق بىر شارائىت ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي تەقدىرىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلۇققا ئىتتىرىشى مۇمكىن. ئەگەر رۇسىيە بۈگۈنكى چىقماس خالتا كوچىدىن قايتىپ، دېموكراتىك ئەركىن دۇنيا تەرەپتە يەر ئالسا، خىتاي تەھدىتىدىن ئورتاق مۇداپىئەلىنىش چەمبىرى شەكىللىنىشى مۇمكىن ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن «مەردنى مەيداندا سىناش» پۇرسىتى تۇغۇلۇشى مۇمكىن. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە پۇتىننىڭ سىياسىي ئۆمرى تاماملانماي تۇرۇپ رۇسىيەنىڭ دېموكراتىك دۇنيا سېپىدە ئورۇن ئېلىشى ناتايىن.

## 8. خىتايلار بىلەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا ئۇرۇش باشلانسا جەريان قانداق تەرەققىي قىلىدۇ؟

خىتاينىڭ قارشىسىدىكى بۈيۈك دۆلەتلەر ۋە خىتاي شاھمات ئوينىغۇچىلار. ئۇيغۇرلار بولسا ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى شاھمات. ئۇيغۇرلار بۈگۈن شاھمات، ئەتىمۇ شاھمات. دەۋر ئايلىنىپ ئۇيغۇرلار قاچان شاھمات ئوينىغۇچى بولىدۇ؟ بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىگە باغلىق. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى، بىر مىللەتنىڭ مىللىي خاراكتېرى ئۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى شۇ: بارلىق جانلىقلار ئىچىدە كۈچلۈك ۋە چىدامىلىق بولغانلار ياشايدۇ ۋە نەسلىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ.

خىتاي ئارمىيەسىنىڭ قولىدا بولغان ۋە بولمىغان زامانىۋى قورال - ياراغ بىزدە بولۇش شەرتى ئاستىدا، ئەسكىرىي تەلىم - تەربىيە، ئىستىخبارات ۋە ئارقا سەپ تەمىناتىنىڭ داۋاملىشىشى كاپالەتكە ئىگە بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلب دۇنياسىدا كۆمۈلۈپ ياتقان قەھرىمانلىق روھى جۇش ئۇرۇپ

ئوتتۇرىغا چىقىشىدا شۈبھە يوق. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قانداق قەھرىمان مىللەت بولغانلىقى توغرۇلۇق «سەددىچىن سېپىلى» دېگەن كىتابتا تەپسىلىي مەلۇمات بار. 10 مىليون كىشىنىڭ جەستى ئۈستىدە يۈكسەلگەن سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۇيغۇر ۋە تۈركلەرنىڭ قارشىسىدا ھېچ ئىشقا يارىمىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ كېلىپ: «مىلادى 553 - يىلىدىن 572 - يىلىغىچە پەقەتلا جۇ دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا ھەر يىلى 100 مىڭ توپ يىپەك (ھەدىيە) بېرەتتى. ئۇيغۇرلار، خىتايلارنىڭ مەردلىكلىرىنى كۆزگە ئىلمايدىغان دەرىجىدە باي ئىدى» [2].

تارىختا سەددىچىن سېپىلىنى بۆسۈپ ئۆتكەن قەھرىمانلىق مىللىي روھنى تەكرار ئويغىنامدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

ئۇرۇش خىتاينى ھالسىرىتىدۇ. ئۇيغۇر مىللىتىنى تېخىمۇ ئېغىر چىقىمغا ئۇچرىتىدۇ. چۈنكى، ئۇرۇشنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي تۈركىستان زېمىنىدا داۋام قىلىدۇ. بەزى شەھەرلەر تامامەن يوق بولۇشى، بەزى شەھەرلەر ئېغىر ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن. خىتايلار مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەندە، ئۇيغۇرلارغا قارشى خىمىيەلىك ۋە يادرولۇق قورال‌لارنى ئىشلىتىشتىن چېكىنمەيدۇ. خىتاينىڭ بۇ قارا نىيىتىنى توسۇپ قېلىش مۇمكىنمۇ؟ ئۇيغۇرلارمۇ بۇ خىل قورال‌لارغا ئىگە بولغان ھالدا ھازىر تۇرسا ياكى ئۇيغۇرلارنى ھىمايە قىلغۇچى كۈچلەر بۇ خىل قورال‌لارنى شەرقىي تۈركىستانغا يېقىن نۇقتىلاردا ھازىر ھالدا تۇتۇپ تۇرغاندىلا، خىتايلارنىڭ بۇ قارا نىيىتىنى توسۇپ قېلىش تامامەن مۇمكىن.

دۇنيا ئۇرۇش تارىخىغا قارايدىغان بولساق، بولۇپمۇ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنى ئاساس قىلغان ئېتنىك ئۇرۇشلار ئۇزۇن داۋام قىلغان ۋە ھەر ئىككى تەرەپنى خاراب قىلىش تەسىرى زور بولغان. مەسىلەن، 1948 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئىسرائىلىيە مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىپ بىر قانچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئەرەب بىرلىكى ئىسرائىلىيەگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى ۋە ئۇرۇش باشلاندى. ئارىدىن 78 يىل ئۆتتى، ئۇرۇش توختىغىنى يوق. ئىككى تەرەپ قايىل بولغۇدەك بىر تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل بولغىنى يوق. ئافغانىستانغا رۇس ئارمىيەسى 1979 - يىلى بېسىپ كىرگەن، بۇ يىل ئۇرۇشنىڭ 44 - يىلى. ئەزەربەيجان - ئەرمېنىيە ئارىسىدىكى قاراباغ ئۇرۇشى 1988 - يىلى باشلانغان، بۇ يىل 35 - يىلى بولدى. ئىسرائىلىيەدىمۇ، ئافغانىستاندىمۇ، ئەزەربەيجاندىمۇ بومبىلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى پەسەيگىنى يوق.

خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش قانچىلىك ۋاقىت داۋام قىلىدۇ؟ بۇ ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ھەم خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۈچىگە ۋە ئىرادىسىگە باغلىق. ئەگەر ئامېرىكا، ياپونىيە، رۇسىيە، ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە ۋە كانادا قاتارلىق خىتايدىن بىۋاستە تەھدىت كۆرۈۋاتقان دۆلەتلەر بىرلىكتە خىتاينى تەكرار سەددىچىن سېپىلى ئىچىدىن چىقماي ياشايدىغان ئەھۋالغا كەلتۈرەلىسە، ئۇرۇش ئۇزۇن يىللارغا سوزۇلماسلىقى مۇمكىن. ئەگەر غەرب دۆلەتلىرى بۈگۈن ئۇكرائىنا ئارقىلىق رۇسىيەنى ئاجىزلىتىش تاكتىكىسىنى قوللانغىنىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلار ئارقىلىق خىتاينى ئاجىزلىتىش تاكتىكىسىنى تاللىسا، خىتاي بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئۇرۇش 30 يىل، ھەتتا 50 يىلغىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن. بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىنمۇ، شەرقىي ۋە شىمالىي رايونلىرىمىزدىكى كۆچمەنلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە ئەڭ ئاز دېگەندە 50 يىل ۋاقىت سەرپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

خىتاي، ياۋروپا مىللەتلىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بىر ياۋروپا دۆلىتىنىڭ ئىشغالى ئاستىدا بولغان بولسا ئىدى، 21 - ئەسىردە دۇنيادىن نومۇس قىلىپ بولسىمۇ بۇ زېمىننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن بولاتتى. خىتاي ئۇرۇشتا يېڭىلمەي تۇرۇپ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىن چېكىنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قېتىملىق ھايات - ماماتلىق قانلىق ئۇرۇشتىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ماۋ زېدوڭنىڭ «ياخشى ئىشتىن يامان نەتىجە، يامان ئىشتىن ياخشى نەتىجە چىقىشى مۇمكىن» دەيدىغان بىر سۆزى بار. خىتاينىڭ مىللىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى گەرچە ئىنتايىن قەبىھ بىر يامان

ئىش بولسىمۇ، ئۇ، بارلىق ئۇيغۇرلاردا ياكى ۋەتەن ئازادلىقى ۋە ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئەركىن ياشاش يولىدا كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ تۆگەپ كېتىش، ياكى ۋەتەننى ئازاد قىلىپ، ئازاد ۋەتەندە ئەركىن ياشاش ئىرادىسىدىن ئىبارەت ياخشى نەتىجىنى بارلىققا كەلتۈردى. گەرچە ئۇيغۇر مىللىتى، تارىختا ئاز كۆرۈلىدىغان ئېغىر بەدەللەرنى ئۆتەشكە مەجبۇر قالغان بولسىمۇ، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى، 100 يىل ۋاقىت كېتىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان ئۇيغۇر مىللىي ئويغىنىش جەريانىنى خىتايلار بەش يىلغا سىغدۇرۇپ تاماملىدى. يەنى، ئاللاھ خىتاينىڭ غايەت زور تۆمۈر مۇشتى ئارقىلىق يوقىلىش گىردابىدىمۇ ئۇخلاپ ياتقان ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ چۆچۈپ ئويغىنىشىغا ۋەسىلە بولدى. تاڭ ئاتمايدىغان كېچە، ئويغانمايدىغان روھ يوقتۇر. بىر مىللەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك زەپىرى، ھەقىقىي مىللىي ئويغىنىشتىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ. قورقۇپ ياشاشنىڭ ئازابى ئۆلۈمدىن يامان. خىتايدىن قورقۇپ ياشىغان مىليونلىغان ئۇيغۇر قىز - يىگىتلەر، خىتايدىن قورقمايدىغان ئاز ساندىكى قەھرىمان ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاشلا سوغۇق تۇپراق ئاستىغا كۆمۈۋېتىلدى. روھى خىتايلىشىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ھايات قالغان قورقۇنچاقلارنىڭمۇ يۈرىكى پىشتى. پۈتۈن مىللەتتە «ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى ئورتاق ئىكەن» دېگەن پىكىرنىڭ شەكىللىنىشى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن بۈيۈك قىممەتكە ئىگە. ئۇيغۇر مىللىتى روھىنى چىرمىۋالغان ئاسارەت زەنجىرىدىن ئاساسەن قۇتۇلدى. ئەمدى نۆۋەت جىسمانىيىتىمىزنى چىرمىغان زەنجىرنى پاچاقلاپ تاشلاشقا كەلدى. زۇلۇم، پەقەتلا خىتاي مىللىتى ئۈچۈنلا تەربىيە ۋاستىسى بولۇشى مۇمكىن. باشقا مىللەتلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، زۇلۇم – ئىنسان روھىنى تاۋلايدىغان بىر پىچتۇر. بىز ئۇيغۇرلار ھەممىمىز مۇسۇلمان. ئىسلام دىنى – زۇلۇمغا قارشى تولغاقتىن تۇغۇلغان بىر دىن. زۇلۇمنى قوبۇل قىلىش – ئىماندىن ئاجراپ كېتىش دېمەكتۇر.

تۈرك شائىرى مىتھات جەمال كۈنتاي (1885 – 1956) نىڭ شېئىرىدا مەشھۇر بىر مىسرا بار: «تۇپراق، ئەگەر ئۇنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ئۆلگۈچى بولغاندىلا ۋەتەندۇر.» ۋەتەن سۆيگۈسى ئىماندىن كېلىدۇ، دېگۈچىلەر ئۈچۈن ۋەتەنگە ئېرىشىشنىڭ بەدىلى شېھىتلىكتۇر. بىز ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى ۋەتىنىمىزدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋەتىنىمىزدە، دىن ۋە ئۆرپ - ئادىتىمىز ۋەتىنىمىزدە، ھۆزۈر ۋە بەخت - سائادىتىمىز ۋەتىنىمىزدە، كېلەچىكىمىز ۋەتىنىمىزدە... ۋەتەننى يوقاتتۇق، ھەممىسىنى ئىلكىمىزدىن قاچۇردۇق. ۋەتەنگە ئېرىشمەي تۇرۇپ ھېچبىرسىگە ئېرىشەلمەيمىز. بۈگۈن ۋەتەن بىزدىن قان، جان تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانلىق دېگۈچىلەر ئۈچۈن فورمۇلا شۇ: **ۋەتەن + قان = ئازادلىق.**

ئافغانىستاننىڭ 1979 - يىلدىكى نوپۇسى 24 مىليون ئىدى. 2022 - يىلدىكى نوپۇسى 38 مىليون 346 مىڭ. ئەگەر بىر خەلق ئۇرۇشتا ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىدىغان بولسا ئىدى، ئافغانىستانلىقلار تۈگەپ كەتكەن بولاتتى. 40 يىللىق ئۇرۇش جەريانىدا مىليونلىغان ئادەم ئۆلۈپ، مىليونلىغان ئافغان ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، 40 يىل جەريانىدا ئافغانىستان چېگراسى ئىچىدە 14 مىليون نوپۇس كۆپەيگەن. بىر مىللەت ئۇرۇشتا تۈگەپ كەتمەيدۇ، سۈكۈتتە تۈگەپ كېتىدۇ.

غەلىبە، كۈچى بولغانغا ئەمەس، ئېتىقادى بولغانغا مەنسۇپتۇر. ئەگەر ئۇيغۇر مىللىتى مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنى خالىسا، غەربكە قاراپ ئەمەس، شەرققە قاراپ ئىلگىرىلىشى شەرت.

بۇ كۈرەش قاچان، قەيەردە، قانداق باشلىنىدۇ؟ ئىشتىياق بىلەن ياشاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈشى، قاراڭغۇ خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىپ كۈچىمىزنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىشتىن قەتئىي تۈردە ساقلىنىشى لازىم.

## 9. ئەگەر ئۇرۇش باشلىنىپ بىر نۇقتىغا كەلگەندە، ئۇيغۇرلارغا دوست، خىتايغا دۈشمەن بولغان كۈچلەرنىڭ مەيدانى ئۆزگىرىپ ياردەمنى توختىتىپ قويسا بىز قانداق قىلىمىز؟

ئۇيغۇر مىللىتى شۇنى بىلىشى لازىمكى، ھېچبىر دۆلەت ئۇيغۇرلارغا قارشىلىقسىز ياردەم قىلمايدۇ. بىزمۇ، چەت ئەلدىن ياردەم كۈتۈپلا تىلەمچىلىككە قول ئېچىپ تۇرىدىغان بىر مىللەت ئەمەس. تەييارلىق باسقۇچىغا كىرگەندىلا، چەت ئەللىكلەردىن ياردەم ئەمەس، قەرز ئالىمىز. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىنى ئازاد قىلىش بىلەنلا ئۇرۇش چىقىمىنى تۆلىيەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشىمىز. شەرقىي تۈركىستاندىن خىتايغا سوزۇلغان 4 تۇرۇبا لىنىيەسىدىن خىتايغا نېفىت، تەبىئىي گاز ئېقىۋاتىدۇ. پاكىستاننىڭ گۋادار - قەشقەر تۇرۇبا يولىمۇ تەييارلىنىۋاتىدۇ. بۇ تۇرۇبا يوللىرىنى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خىتايغا ئەمەس، چەت ئەلگە ئاقىدىغان ھالغا كەلتۈرىمىز. يەنى بۆگۈنكى پومپىلاش تەسىسلىرىنى ئېقىش يۆنىلىشىنى تەتۈر تەرەپكە ئاقىدىغان قىلىپ تۈزىتىمىز. (ئەلۋەتتە چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنولوگىيەسىگە ئېھتىياجىمىز بولىدۇ) ئۇنىڭدىن باشقا، يۇرتىمىزنىڭ ھەر يېرى يەر ئاستى بايلىقلار بىلەن تولۇپ تاشقان. ئۇلارنىمۇ نەق پۇلغا ئايلاندۇرىدىغان مېخانىزمنى قۇرىمىز. بۇ توغرۇلۇق ھازىرچە تەپسىلىي توختالمايمەن. خەلقىمىز شۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلىشى لازىمكى، بىز ياردەمگە تايىنىپ ئەمەس، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ۋەتەننىڭ ئازادلىق كۈرىشىنى داۋاملاشتۇرۇش يولىنى تاللايمىز. ئەنە شۇ چاغدا، شاھامات بولۇشتىن چىقىپ، شاھامات ئوينىغۇچى نامزاتقا ئايلىنالايمىز. تەقدىرىمىزنىڭ كېلەچىكى توغرۇلۇق ئۆزىمىز قارار قىلىپ، ئۆز قارارىمىز بويىچە ھەرىكەت قىلالىشىمىز ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەنبەنى ئۆزىمىز ھەل قىلالايدىغان ئىمكان ۋە قابىلىيىتىمىزنىڭ بولۇشى شەرت.

شۇ مۇھىم نۇقتىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىمكى، خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانى قىسمەن ئەمەلىيلەشتى. خىتاينىڭ پەقەتلا گۋادار - قەشقەر «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانى ئۈچۈن 2018 - يىلىغىچە خەجلىگەن پۇلى 63 مىليارد دوللار، 2030 - يىلىغىچە خەجلەش پىلانلانغان مىقدار 100 مىليارد دوللار. خىتاينىڭ تۈپ مەقسىتى – ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران ۋە ئەرەب قولتۇقى ئېنېرگىيەسىنى قۇرۇقلۇق ئارقىلىق خىتايغا توشۇش. شەرقىي تۈركىستانسىز خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس. خىتاينىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل پىلانىدىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاشكارا، رۇسلارنىڭ مەخپىي شەكىلدە قىزغانچۇقلۇقى تۇتماقتا. ئامېرىكا، «بىر بەلباغ، بىر يول» نىڭ ئەڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان ئىرانغا ئېمبارگو قويۇش ئارقىلىق، تۈركىيەنى سۈرىيەلىك كۇردلار بىلەن مەشغۇل قىلىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئالغان بەزى تەدبىرلىرى خىتايغا بەك كۆپ تەسىر كۆرسەتكىنى يوق. بۇلتۇر باشلانغان رۇسىيە - ئۇكرائىنا ئۇرۇشى خىتاينىڭ شىمالىي لىنىيە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى رەسمىي كېسىپ تاشلىدى. ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بىر فرونت ئېچىشى ئۈچۈن ئامېرىكا يېشىل چىراغ ياقسا، خىتايىنى تارىخنىڭ 100 يىل ئارقىسىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپلا قالماي، «بىر بەلباغ، بىر يول» پىلانى ئەبەدىي ئەخلەتكە تاشلانغان پېتى قالىدۇ.

ئەگەر ئامېرىكا خىتاينىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىپ، ماۋ زېدوڭنىڭ رەسمى بولغان يۈەننىڭ، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ بېشىغا يانجىپ چۆكۈرۈۋېتىشكە چىداپ تۇرالمايدىغان بولسا (مېنىڭچە چىداپ تۇرالمايدۇ)، ئامېرىكا ئۈچۈن ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ئۈنۈملۈك چارە يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن دېمەنكى، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئېنېرگىيەسىنى تۇرۇبا يولى ئارقىلىق غەرب ۋە جەنۇبقا توشۇشتىن ئىبارەت ئۇيغۇر پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش، ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب دۆلەتلىرى ئۈچۈنمۇ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

## 10. ئەگەر خىتاي دېموكراتىيەگە ئۆتۈپ، ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى بەرسىچۇ؟

كېلەچەك، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇمىغانلارنىڭ كونترولىدا بولىدۇ. «ئىككى يىلىم ئۈرۈمچى تۈرمىلىرىدە ئۆتتى. (1915 - 1916 - يىلى)... مۇسۇلمان (ئۇيغۇرلار) نىڭ كىچىككىنە بىر سەۋەنلىكى كۆرۈلسە، (خىتايلار) ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدلىرىغا قىزىتىلغان تۆمۈر تامغىلارنى باساتتى، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇپ تىكەنلىك سىم قامچىلار بىلەن چارچىغۇچە ئۇراتتى. بويۇنلىرىنى قېلىن، ئۇزۇن زەنجىرلەر بىلەن باغلاپ ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىدا، مەھەللىلەردە، ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئىتتى سۆرىگەندەك سۆرەپ سازايى قىلاتتى... ئىرقىي ۋە ئەخلاقىي زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بۇ قىرىنداشلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئازراق ھېسداشلىق قىلىشمۇ كەچۈرۈلمەس جىنايەت ھېسابلىناتتى» [3].

*مېھرىگۈل تۇرسۇن: «2015 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈچكېزەك بوۋاق بالام بىلەن ئۈرۈمچى ئايرودۇرۇمغا چۈشتۈم. تېخى 2 ئايلىق بولغان، ئانا سۈتى ئېمىۋاتقان بوۋاق باللىرىمنى تارتىۋالدى. مېنىڭ بېشىمغا خالتا كىيدۇرۇپ، قولۇمغا كويزا سېلىپ خېيجياسەن تۈرمىسىگە سولاپ قويدى. تۈرمىدە بېشىمغا تۆمۈر چەمبەر كىيدۇرۇپ توك ئۆتكۈزگەندە پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. ئاغرىق ئازابى سۆڭەكلىرىمدىن ئۆتۈپ كەتتى... تەستەكلەر بىلەن ئۇردى. شۇڭا بىر قۇلىقىم بەك ئاڭلىماس بولۇپ قالدى... 60 - 70 دەك ئايال بىلەن بىللە قالدىم. مەن تۇرۇۋاتقان كامېردا 3 ئايدا 9 ئۇيغۇر ئايال ئۆلدى... بىر بالامنىڭ ئۆلۈكىنى بەردى. قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلمەيمەن... ئېرىم مىسىرلىق بولغانلىقى ئۈچۈن مىسىر ئەلچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن 2018 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ھاياتتا قالغان 2 بالام بىلەن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدىم. مىسىرغا كەلگەندە، مەن ۋە باللىرىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ ۋەتەنگە كەلگەن يولدىشىمنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن 16 يىللىق كېسىۋېتىلگەنلىكىنى بىلدىم... » (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى)*

ئۇيغۇرلارغا زۇلۇم قىلىشتا 1915 - يىلدىكى خىتاي ھاكىمىيتى بىلەن 2015 - يىلدىكى خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بىر پەرقى بارمۇ؟ يىلان پوستىنى تاشلىسىمۇ خۇيىنى تاشلىمايدۇ.

ئەنگلىيەلىك تارىخچى جون كېئا (John Keay): «1759 - يىلى ئاخىرىدا ئىمپېراتور چيەنلوڭ، جۇڭغارىيەدە 600 مىڭ موڭغۇلنى قىرىپ تۈگەتتى» دەپ يازىدۇ ۋە بۇنىڭ بىر مىللىي قىرغىنچىلىق بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ موڭغۇللارنىڭ چارۋا - مال، يايلاق ۋە ئورمانلىرىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەندىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئىنتىزاملىق ئارمىيەسى بولمىغان ئۇيغۇرلارنى قىرغىن ۋە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقىنى يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنى باشقۇرۇش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تىل، دىن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە قىلچىمۇ ئېتىبار قىلمىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ [4]. بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ 1759 - يىللىرىدىكى خىتايلاردىن بىر پەرقى بارمۇ؟

بەزىلەر، خىتايلار دېموكراتىيەگە ئۆتسە سىياسەت بىرئاز يۇمشايدۇ، دىن، تىل، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە گۈللەندۈرۈش پۇرستى تۇغۇلىدۇ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرالايمىز، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ گۈللىنىش بولىدۇ... دېيىشىدۇ. بەلكى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بىراق بۇ بىر ئۆتكۈنچى دەۋر. خىتايلار يېڭى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر باھانىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ئۇيغۇرلارنى قىرىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇنداق پاكىتلار گومىنداڭ، كومپارتىيەنىڭ يېڭى دەۋرلىرىدە بولمىدىمۇ؟!

شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي زۇلۇم سىياسىتىنى ئەڭ قاتتىق يۈرگۈزۈۋاتقان «شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەر سانى 20 مىڭ ئىدى... شېڭ شىسەينىڭ 10 يىللىق دىكتاتۇرلىق ھاكىمىيىتى جەريانىدا 100

مىڭدىن ئارتۇق ئادەم تۈرمىلەرگە سولاندى، تەن جازاسىغا ئۇچرىدى، سۈرگۈنگە يوللاندى. مىڭلىغان ئىنسان ئۆلتۈرۈلدى» [5].

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ياپونىيە تەسلىم بولدى. گومىنداڭ ئارمىيەسىگە قورال تاپشۇرغان ياپون ئەسكىرىنىڭ سانى 1 مىليون 870 مىڭ نەپەر ئىدى. ياپونلار تەسلىم بولغاندا خىتاينىڭ پەقەتلا گومىنداڭغا ئائىت مۇنتىزىم ئەسكەر سانى 2 مىليون 200 مىڭ بولۇپ، ھەممىسى ئامېرىكىنىڭ ئەينى زاماندىكى زامانىۋى قوراللىرى بىلەن قوراللانغان. ئۇرۇشىدىغان دۈشمەنسىز قالغان خىتاي ئارمىيەسىنىڭ يۆنىلىش نىشانى شەرقىي تۈركىستان ئىدى. لەنجۇ ھەربىي قىسمىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان جاڭ جىجوڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، لەنجۇ ھەربىي قىسمىغا ئائىت 50 مىڭ خىتاي ئەسكىرى شەرقىي تۈركىستان چېگراسى ئىچىگە كىرىپ بولغان. 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى غۇلجىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى بىلەن خىتاي ۋەكىللىرى كېلىشىم ئۈستىلىگە ئولتۇردى. كېلىشىم داۋام قىلدى. كېلىشىم باشلىنىپ 1945 - يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە قەدەر، گەنسۇ ئارقىلىق يەنە 50 مىڭ خىتاي ئەسكىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ كەلدى. 1946 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى كېلىشىم ئىمزالانغۇچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستانغا يەنە 100 مىڭ خىتاي ئەسكىرى كەلدى ۋە يەرلەشتى. گەرچە ئۇيغۇر، قازاقلار مۇستەملىكە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدە ھاكىمىيەتكە ئورتاق قىلىنغاندەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە قۇمۇل - تۇرپان، تارىم ۋادىسى ۋە ئۈرۈمچى ئەتراپىغا خىتاي ئەسكەرلىرى توشۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان، ئامېرىكا ۋە ياپونلارنىڭ ئىلغار قوراللىرى بىلەن قوراللانغان ئەسكەرلەر ئىدى. كېلىشىم پەقەت ۋاقىت قازىنىش ئۈچۈنلا ئىدى. خىتايلارنىڭ ھەربىي پىلانلىرى تولۇق ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن كېلىشىمنى بۇزدى. 1947 - يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان ئارمىيەسى بىلەن ئوسمان باتۇر قوشۇنلىرىنى ئۆزئارا قىردۇرۇش تاكتىكىسى باشلاندى... ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستان دۆلەت رەھبەرلىرىدىن پاجىئەلىك بىر شەكىلدە ئايرىلىپ قالغان بىز، مىللەت سۈپىتىدە باشسىز يېتىم قالدۇرۇلدۇق.

خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى 5 - 6 يىل كەڭچىلىك قىلغاندەك كۆرۈندىيۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر مىللىتىنى قانداق قان قۇستۇرغانلىقىنى ھەممىمىز ئازاب ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق.

ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن بىرى مىللەتچىلىكنى رەت قىلىشتۇر. ماركسىزم ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستىدىن مىللىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان تۇرسا، ئۆزلىرىنى دېموكرات دەپ كېلىدىغان خىتاي ھاكىمىيەت بېشىغا كەلسە، ئۇ خىتاي ھاكىمىيىتىدىن بىزگە شاپائەت كېلىشى مۇمكىنمۇ؟ خىتايلار بىزگە جەننەت ۋەدە قىلسىمۇ، بىز ئۇ «جەننەت»كە كىرمەيمىز. خىتاينىڭ جەننىتى بىز ئۈچۈن دوزاخ.

خىتاينىڭ دېموكراتىيەگە ئۆتۈشى دېمەك، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ سېپىدە يەر ئېلىشى دېمەكتۇر. ئامېرىكا بىلەن بىر سەپتە يەر ئالغان خىتايدىن ئۇرۇش ۋەھىمىسى ئۆزاقلىشىپ كېتىدۇ. ئۇرۇش ۋەھىمىسى خىتايدىن ئۆزاقلىشىپ كەتتى دېمەك، ئۇيغۇر مىللىتىگە ئۆلۈم ۋەھىمىسىنىڭ تەكرار قايتىپ كېلىشى دېمەكتۇر. چۈنكى، غەرب، بىر يېرىم مىليارد نوپۇسقا ئىگە خىتاي بازىرىنىڭ ئىشتىياقىدا، ئۇيغۇردىن ئىبارەت كىچىككىنە كوزىرنى قولدىن تاشلىۋېتىپ قالىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارغا يېقىنلاپ كەلگەن ئازادلىق ۋە مۇستەقىللىق قۇياشىنى قارا بۇلۇت توسۇۋالىدۇ ۋە ئەبەدىي قاراڭغۇلۇققا ئىتتىرىلىمىز. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن، خىتاينىڭ بۈگۈنكىدەك ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىگە قارشى دۈشمەنلىك مەيدانىدا تەلۋىلەرچە تۇرۇشى پايدىلىقمۇ ياكى بىر دومىلاپ دېموكراتىيەگە ئۆتۈۋېلىشى پايدىلىقمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ زىيالىي قاتلىمى تەپەككۇر قىلىشى ۋە كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى پايدىلىق. غايىمىز – ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق دەيدىكەنمىز، بۇ مەنزىلگە ئۇلىشىش ئۈچۈن قايسى يول، قانداق ۋاستە ۋە ئىمكانلاردىن

قانداق پايدىلىنىش ياكى پايدىلانماسلىق مەسىلىسى، ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئەركىنلىكنى ياكى قۇللۇقنى تاللاش پوزىتسىيەيىمىزنى ئۆلچەشنىڭ تارازىسىدۇر.

ئاخىردا مۇستاپا كامال ئاتاتۈركنىڭ شۇ مەشھۇر سۆزلىرىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى ئۇيغۇن كۆردۈم: «بىر مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنىڭ، غۇرۇر - ئىپتىخارىنىڭ، ئىپپەت - نومۇسىنىڭ، ئىنسانلىق خىسلىتىنىڭ قوغدىلىپ قېلىنىشى، ئۇ مىللەت ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە بولغاندىلا كاپالەتكە ئىگە بولغان بولىدۇ».

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] Aleksandr Dugin. Rus Jeopolitiği Avrasyacı Yaklaşım, 2010, pp.190-191, Türkçe

[2] Julia Lowell. Çin Seddi Dünyaya Karşı 3000 Yıl, 2008, P.126

[3] Habibzade Ahmed Kemal. Çin-Türkistan Hatıraları, 1996, pp.191-192

[4] John Keay. Çin Tarihi, 2011, P431-432

[5] Andrew D.W. Forbes. Doğu Türkistan'daki Harp Beyleri, 1991, pp.279-295

3

# ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان قانداق يوللار بار؟

ئەركىن سىدىق

2023 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

## كىرىش سۆز

يەنە بىر يىلنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى، يەنى 2022 - يىلنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن خىتاينىڭ كەڭ كۆلەملىك ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى باشلىغىنىغا 6 يىل توشتى. بۇ 6 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار چەت ئەلدە ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي ئازادلىق دەۋاسى بۇرۇنقى ھەر قانداق دەۋرلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئۆزئارا ئۇيۇشۇپ، بىر ناھايىتى كۈچلۈك بىرلىك سەپ ھاسىل قىلدى. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چەت ئەلدە ساقلاپ قېلىش جەھەتتىكى ئىشلار بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدىن تېخىمۇ ياخشى تەشكىللەندى، ۋە پائالىيەتلەر سىستېمىلاشتۇرۇلدى، كېڭەيتىلدى ۋە كۈچەيتىلدى. ئۇيغۇر پروجېكت فوندى قىلىۋاتقان ئىشلار ئەنە شۇ ساھەدىكى ئىشلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھېسداشلىقى ۋە ياردىمىمۇ كېڭەيدى ۋە كۈچەيدى. ئەمما ۋەتەندىكى زۇلۇم، ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلۇقنىڭ يوقىلىشى ۋە ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى ئاستىلىمىدى ياكى ئاجىزلىمىدى. ئەكسىچە، بۇرۇنقىدەكلا ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ ۋەھشىي ھالدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇنداق بولۇشىدا بىز ئۇيغۇرلار سادىر قىلىۋاتقان خاتالىقلار بارمۇ، ياكى بۇ خىل ئاقىۋەت دۇنيا تەبىئىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا يۈز بەرگەنمۇ؟ مەزكۇر ماقالە بۇ ھەقتە ئەمەس. ئۇ تېمىغا مۇۋاپىق جاۋاب تېپىش كۆپلىگەن زىيالىيلارنىڭ زور بەدەللەر بىلەن قاتتىق تىرىششىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن مەزكۇر ماقالىدە باشقا بىر مەسىلە ئۈستىدە توختىلىمەن.

خىتاي ھاكىمىيىتى 2009 - يىلى 5 - ئىيۇلدا ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقتىن كېيىن، مەنمۇ باشقا نۇرغۇن قېرىنداشلارغا ئوخشاش بىرقانچە ئايغىچە نورمال ياشىيالمىدىم. كۆزۈم ياشقا تولغان، قەلبىم چوڭقۇر ئازاب - ئوقۇبەتكە تولغان ھالدا توختىماي ئويلاندىم. شۇ ۋاقىتتا مەن بىر يەھۇدىي دوستۇمدىن: «ھازىرقىدەك بىر ئەھۋالدا بىز ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟»

دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بەك كۆپ قايغۇرماي مۇنداق ئىككى ئىشنى قىلىپ ياشىغىن: بىرىنچىدىن، ئەگەر ۋەتىنىڭدىكى ۋە چەت ئەلدىكى 10 ئۇيغۇرغا ياردەم قىلالىساڭ، شۇلارغا ياردەم قىلغىن؛ ئىككىنچىدىن، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇن - پەرمانلىرىغا ۋە خەلقئارالىق قانۇن - قائىدىلەرگە خىلاپ ئىشلارنى قىلىپ سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىن. سىلەر پەقەت ئۆز كۈچۈڭلارغىلا تايىنىپ، ئۆزۈڭلارنى قوغدىيالمايسىلەر. ئۆزۈڭلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم چەت ئەلنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشۈڭلار كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن 2 - ئىشقا كاپالەتلىك قىلىش چوقۇم ئورۇندىمىسا بولمايدىغان ئالدىنقى شەرت. »

قولۇمدىن كەلسە باشقىلارغا ياردەم قىلىش – مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئادەتكە ئايلاندۇرغان بىر ئىش. مەن ئۇنى 5 - ئىيۇل قانلىق قىرغىنچىلىقىدىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم. تەلىيىمىزگە يارىشا ھازىرغىچە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار 2 - نۇقتىدا 2009 - يىلىدىن كېيىن بىرەر قېتىم ئېغىر مەسىلە سادىر قىلمىدى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى باشلىنىپ، 6 يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر ئادالەتسىزلىكنى توختىتىپ قالالمىغىنى، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى توسۇپ قالالمىغىنى، ئۇيغۇرنىڭ داۋاملىق تۈردە ۋەھشىيلەرچە ۋەيران قىلىنىۋاتقانلىقى يېقىنقى كۈنلەردە چەت ئەلدە ياشاۋاتقان خېلى كۆپ قېرىنداشلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىنى، ھەتتا چۈشكۈنلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا باشلىدى. تەكلىماكان ۋادىسىدا نەچچە مىڭ يىل ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇرلۇقنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا شاھىت بولۇپ تۇرۇپ ياشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىش گىردابىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ياشاش خۇددى باشقا كۆپلىگەن قېرىنداشلارغا ئوخشاش ماڭىمۇ ناھايىتى ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن بەزىدە ئۆزۈمنى قاچۇرۇۋاتىمەن. بىز ئۇيغۇرلار ئۇنداق تەقدىرگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدۇق. بىز قانداقلارچە بۇگۈنكىدەك بىر كۈنگە قالدۇق؟

ھازىر ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئىككى يول بار: (1) ئېقىمغا ئەگىشىپ ۋاقتىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتكۈزۈپ ياشاپ، ئۆمۈرنى ئاخىرلاشتۇرۇش؛ (2) ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى ئاتاپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۆزىمىزنى قۇتقۇزۇش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش. مەن ھازىرغىچە بولغان ئۆمرۈمنى پىرىنسىپ بىلەن ياشاپ كەلدىم. ئۇنىڭ قالغان قىسمىنىمۇ شۇنداق قىلىمەن. شۇڭلاشقا مېنىڭ تەبىئىي تاللىشىم ئەلۋەتتە 2 - تاللاش بولىدۇ. يېقىندا ئۇيغۇر پىروجېكت فوندىدىكىلەر ۋە «مەشئەل ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى» دىكىلەر 2 - يولنى تاللىدى. كېلەر يىل «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە–2023»نى ئۆتكۈزۈش ئەنە شۇنداق تاللاشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

مەن يېقىندا ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىزدىنىش تېمىسى ئۈچۈن مۇنداق بىر سوئالنى تاللىدىم: «ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان قانداق يوللار بار؟» مەن بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن يېقىندا ئىنگلىزچە داڭلىق كىتابلاردىن بىرقانچىنى سېتىۋالدىم ھەمدە ئۇلارنى ئوقۇشنى باشلىدىم. ئۇلارنىڭ بىرسىدە ئامېرىكىدىكى بىر داڭلىق ئالىي مەكتەپتە بىر ئۆمۈر پىروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەن، 40 يىلدىن كۆپرەك ۋاقتىنى بىر دىكتاتور ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، دېموكراتىيەگە ئېرىشىشتە پايدىلانسا بولىدىغان ئۇسۇللار ئۈستىدە ئىزدىنىشكە سەرپ قىلغان ئاپتور ئۆز بايقاشلىرىنى بايان قىلغان. مەن مەزكۇر ماقالىدە ئاشۇ كىتابتا بايان قىلىنغان مەزمۇنلاردىن ئۆزۈم ئۇيغۇرلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، دەپ قاراپ تاللىغان بىرقانچە مەزمۇننى بايان قىلىمەن. كۆپىنچە ئەھۋالدا مېنىڭ يازىدىغىنىم مەزكۇر كىتابتىكى مەزمۇنلارنىڭ سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى ئەمەس. مەن كىتابتىكى ئاساسىي ئىدىيەنى ئۆز سۆزۈمگە ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن، مەن مەزكۇر كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدىكى مەلۇماتنى ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا بايان قىلىمەن.

## 1. زوراۋانسىز ھەرىكەتلەرنىڭ ئۇسۇل - تەدبىرلىرى

1980 - يىلدىن بۇيان خەلقلەرنىڭ ئاساسەن زوراۋانسىز كۈرەش قىلىشى نەتىجىسىدە ئېستونىيە، لاتۋىيە، لىتۋا، پولشا، شەرقىي گېرمانىيە، چېخوسلوۋاكىيە، سىلوۋېنىيە (Slovenia)، ماداغاسقار (Madagascar)، مالى، بولىۋىيە، فىلىپپىن قاتارلىق ئەللەردە دىكتاتۇرلىق ئاغدۇرۇلۇپ تاشلاندى. نېپال، زامبىيە، جەنۇبىي كورېيە، چىلى، ئارگېنتىنا، ھايتى (Haiti)، بىرازىلىيە، ئۇرۇگۋاي، مالاۋى، تايلاند، بۇلغارىيە، ۋېنگىرىيە، ئىگېرىيە ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىدە زوراۋانسىز كۈرەشلەر دۆلەت تۈزۈمىنى دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئۇنىڭدىن باشقا، يېقىنقى يىللاردا خىتاي دۆلىتى، بېرما ۋە تىبەتلەردە كەڭ كۆلەملىك سىياسىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى يۈز بەردى (ئەسكەرتىش: مەزكۇر كىتاب 2002 - يىلدىن 2012 - يىلغىچە كۆپ قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور كىتابىدا ئۇيغۇر سىياسىي كۈرەشلىرىنى تىلغا ئالماپتۇ. ئەمما ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ھەممىسىگە بىرىپ كۆرۈپ كېلىپتۇ). گەرچە خىتاي قاتارلىق 2 - گۇرۇپپىغا تەۋە ئەللەردىكى سىياسىي كۈرەشلەر دىكتاتورلارنى ۋە مۇستەملىكىچىلەرنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىن يىقىتالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاشۇ دۆلەتلەرنىڭ قەبىھ ھاكىمىيەتلىرىنىڭ شەپقەتسىز ماھىيىتىنى دۇنيا جامائىتىگە ئاشكارىلاپ بېرىپ، ئاشۇ دۆلەتلەردىكى خەلق ئاممىسىنى مۇشۇ خىلدىكى كۈرەشلەرنىڭ قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلىرى بىلەن تەمىنلىدى (ئىلاۋە: مەن يېقىنقى يىللاردا بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلار ئوينىغان رول باشقا ھەر قانداق مىللەتنى بېسىپ چۈشتى، دەپ ئويلايمەن).

خىتاي كوممۇنىست مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغان 70 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىتنىڭ مابەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان تۈپ ۋەزىپە – خىتاي دىكتاتور مۇستەملىكىچىلىرىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننى ئۇلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىش بولۇپ كەلدى. بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا خىتاي دىكتاتور ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىسىمۇ بولىۋېرەتتى ياكى پەقەت خىتاي دىكتاتور مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرسىمۇ بولىۋېرەتتى. يەنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەزىپىسى دىكتاتۇرلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خىتايدا دېموكراتىك دۆلەت تۈزۈمىنى تىكلەش ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، مەزكۇر كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، دۆلەتنىڭ بېشىغا چىقىۋالغان دىكتاتورچىنى يىقىتىپ، دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا بىر دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇش يولىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان زوراۋانسىز ئۇسۇل - تەدبىرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي كۈرىشىگىمۇ ماس كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

1941 - يىلى، پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا دېموكراتىيەنى قوغداش ئۈچۈن ئامېرىكىدا قۇرۇلغان «ئەركىنلىك سارىيى» (Freedom House) ھەر يىلى ئەركىن ۋە ئەركىن ئەمەس دۆلەتلەرنىڭ سانىنى ئېلان قىلىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 2009 - يىللىق دوكلاتىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا دۇنيادا ئەركىن دۆلەتتىن 89، قىسمەن ئەركىن دۆلەتتىن 62 ۋە ئەركىن ئەمەس دۆلەتتىن 42 دۆلەت بار ئىكەن، ھەمدە 1983 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، دۇنيادىكى ئەركىن دۆلەتنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ مېڭىۋېتىپتۇ.

ئاپتور كىتابىدا ھازىرغىچە دۇنيا خەلقى دىكتاتور ھاكىمىيەتكە قارشى قوللىنىپ باققان زوراۋانسىز ھەرىكەتلەرنىڭ 198 ئۇسۇل - تەدبىرلىرىنى خۇلاسىلەپ چىققان بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچىسى ئاساسىدا ئاشۇ 198 ئۇسۇل - تەدبىرلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار يېقىنقى 70 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت ئىچىدە قوللىنىپ باققان، ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن قوللانسا بولىدىغان ئۇسۇل - تەدبىرلەرنى تاللاپ تىزىپ باقتىم. ئۇلار تۆۋەندىكى جەدۋەلدە بېرىلدى. بۇ بىر مۇتلەق ياكى مۇكەممەل تىزىملىك ئەمەس. بۇ پەقەت ئۆز چۈشەنچەم ۋە ئۆز ھۆكۈمۈم ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بىر تىزىملىك بولۇپ، مەن ئۇنىڭدىكى كەم قالغان جايلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تولۇقلاپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ جەدۋەلدىكى

ئوخشىمىغان ئۇسۇل - تەدبىرلەرنىڭ تەرتىپ سانىنى مەن كىتابتىكى تەرتىپ سانى بويىچە ئالغان بولۇپ، مەن مەزمۇننى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەر بىر ئۇسۇل - تەدبىرنىڭ ئىنگلىزچە ئاتىلىشىنىمۇ قوشۇپ قويدۇم.

تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن ئېنىق بولغىنىدەك، مەن تاللىغان ئۇسۇل - تەدبىرلەرنىڭ سانى ئەسلىدىكى 198 ئۇسۇل - تەدبىرنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدىن تەشكىل تاپتى. ئۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، ئەسلىدىكى 198 ئۇسۇل دىكتاتور تۈزۈمى ئاستىدىكى دۆلەت خەلقلىرى ھازىرغىچە ئۆز دۆلىتى ئىچىدە ئېلىپ بارغان دىكتاتۇرىلىققا قارشى كۈرەشلەردە قوللىنىپ باققان ئۇسۇللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىزدەك چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىپ، ئاشۇ چەت ئەللەردە قوللىنىپ باققان ۋە قوللانسا بولىدىغانلىرىنى تاللىغاندا، سانى ئاشۇنداق ئازلاپ كېتىدىكەن. شۇڭا مەن ئوقۇرمەنلەردىن بۇ نۇقتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقنى ئۈمىد قىلىمەن. مەزكۇر كىتاب 28 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، قىزىقىدىغان قېرىنداشلار چوقۇم كىتابنىڭ ئۆزلىرى بىلىدىغان چەت ئەل تىلىدىكى نۇسخىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىكى تولۇق تىزىملىكنى كۆرەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىمەن.

## زوراۋانسىز ھەرىكەتنىڭ ئۇسۇل - تەدبىرلىرى

| | | |
|---|---|---|
| **زوراۋانسىز نامايىش ۋە قايىل قىلىش ئۇسۇللىرى** | | |
| 1 | ئاممىۋى نۇتۇقلار | Public speeches |
| 2 | قارشى تۇرۇش ياكى قوللاش خەتلىرى | Letters of opposition or support |
| 3 | تەشكىلاتلارنىڭ جاكارنامىسى | Declarations by organizations and institutions |
| 4 | ئىمزا قويۇلغان ئاممىۋى بايانات | Signed public statements |
| 6 | گۇرۇپپىلارنىڭ ياكى ئاممىنىڭ مۇراجىئەتنامىلىرى | Group or mass petitions |
| **كەڭ دائىرىلىك ئاڭلىغۇچىلار بىلەن بولغان ئالاقە - مۇناسىۋەتلەر** | | |
| 7 | شوئار، ھەجۋىي رەسىم ۋە سىمۋوللۇق بەلگىلەر | Slogans, caricatures and symbols |
| 8 | پىلاكات ۋە تەشۋىقات رەسىملىرى | Banners, posters and displayed communications |
| 9 | تەشۋىقات قەغىزى، كىتابچە ۋە كىتابلار | Leaflets, pamphlets and books |
| 10 | گېزىت ۋە ژۇرناللار | Newspapers and journals |
| 11 | ئاۋاز ھۆججەتلىرى، رادىيو ۋە تېلېۋىزورلار | Records, radio and television |
| **گۇرۇپپا ۋەكىللىكى** | | |
| 15 | گۇرۇپپا بويىچە لوببىيلىق قىلىش | Group lobbying |
| **سىمۋوللۇق ئاممىۋى ھەرىكەتلەر** | | |
| 18 | بايراق ۋە سىمۋوللۇق رەڭلەرنى كۆرگەزمە قىلىش | Display of flags and symbolic colors |
| 19 | سىمۋوللۇق نەرسىلەرنى كىيىش | Wearing of symbols |
| 20 | دۇئا ئوقۇش ۋە ئىبادەت قىلىش | Prayer and worship |
| 24 | سىمۋوللۇق چىراغلارنى يېقىش | Symbolic lights |
| 25 | رەسىملەرنى كۆرگەزمە قىلىش | Displays of portraits |
| 26 | ئىسيان سۈرەتلىرىنى سىزىش | Paint as protest |

| | | |
|---|---|---|
| New signs ad names | يېڭى بەلگە ۋە ئىسىملارنى كۆرسىتىش | 27 |
| دراما ۋە مۇزىكا | | |
| Performance of plays and music | ئويۇن ۋە مۇزىكا ئورۇنلاش | 36 |
| Singing | ناخشا ئېيتىش | 37 |
| تىزىلىش | | |
| Marches | رەت تۇزۇپ مېڭىش | 38 |
| ئۆلگەنلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈش | | |
| Political mourning | سىياسىي ماتەم تۇتۇش | 43 |
| Mock funerals | تەقلىدىي دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش | 44 |
| Homage at burial places | يەرلىكلەردە ھۆرمەت بىلدۈرۈش | 46 |
| ئاممۋى يىغىلىش | | |
| Assemblies of protest or support | قارشىلىق كۆرسىتىش ياكى قوللاش يىغىلىشلىرى | 47 |
| Protest meetings | قارشىلىق كۆرسىتىش يىغىنلىرى | 48 |
| Camouglaged meetings of protest | نىقابلىق قارشىلىق كۆرسىتىش يىغىنلىرى | 49 |
| ئىجتىمائىي ھەمكارلاشماسلىق ئۇسۇللىرى | | |
| Protest emigration | قارشىلىق كۆرسىتىش مەقسىتىدە ھىجرەت قىلىش | 70 |
| ئىجتىمائىي ھەمكارلاشماسلىق ئۇسۇللىرى | | |
| Consumers' boycott | ماللارنى بايقوت قىلىش | 71 |
| Blacklisting of traders | سودىگەرلەرنى قارا تىزىملىككە كىرگۈزۈۋېتىش | 93 |
| International sellers' embargo | خەلقئارالىق ساتقۇچىلارنى ئېمبارگو قىلىش | 94 |
| International buyers embargo | خەلقئارالىق سېتىۋالغۇچىلارنى ئېمبارگو قىلىش | 95 |
| International trade embargo | خەلقئارا سودىنى ئېمبارگو قىلىش | 96 |
| Protest strike | ئىش تاشلاش ھەرىكىتى | 97 |
| سىياسىي ھەمكارلاشماسلىق ئۇسۇللىرى | | |
| Literature and speeches advocating resistance | قارشىلىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە نۇتۇقلار | 122 |
| زوراۋانسىز ئارىلىشىش ئۇسۇللىرى | | |
| Hunger strike | ئاچلىق ئېلان قىلىش | 159 |
| Nonviolent osbtrucrtion | زوراۋانسىز توسقۇنلۇق قىلىش (مەسىلەن، كونسۇلخانا ئىشىكىدە) | 172 |
| Nonviolent occupation | زوراۋانسىز ئىگىلىۋېلىش (مەسىلەن، كونسۇلخانا ئىشىكىنى) | 173 |
| Seizure of assets | مۈلۈكلەرنى ئىگىلىۋېلىش | 187 |
| Disclosing identities of secret agents | مەخپىي خادىمنىڭ كىملىكلىرىنى ئاشكارىلىۋېتىش | 194 |

| | | |
|---|---|---|
| Seeking imrisonment | تۈرمىگە سولاشنى تەلەپ قىلىش | 195 |
| Dual sovereignty and parallel government | قوش ئىگىلىك هوقۇقى ۋە پاراللېل ھۆكۈمەت | 198 |

## 2. زوراۋانلىق ۋاستىلىرى بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولامدۇ؟

دىكتاتورلارنىڭ ھەممىسى قانۇنىي توسالغۇلارغا، سوت قارارلىرىغا ۋە ئاممىۋى پىكىرلەرگە پەرۋا قىلمايدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا رەھىمسىزلىك، قىيناش، غايىب قىلىۋېتىش ۋە ئۆلتۈرۈشكە تاقابىل تۇرۇش جەريانلىرى ئارقىلىق پەقەت زوراۋانلىق ۋاستىلەرلا بىر دىكتاتورنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاخىرلاشتۇرالايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. ئۆزلىرىگە قانچىلىك پايدىسىز بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، غەزەپلەنگەن ئېزىلگۈچىلەر بەزىدە قولغا كەلتۈرەلىگەن زوراۋانلىق ۋە ھەربىي ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، رەھىمسىز دىكتاتورلار بىلەن ئېلىشتى. ئۇلار كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قانچىلىك ئازاب - ئوقۇبەت تارتىشقا ۋە جانلىرىنىڭ قانچىلىك زىيان تارتىشىغا قارىماي، دىكتاتورلارغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلدى. ئۇلار بەزىدە ئاجايىپ زور غەلىبىلەرگە ئېرىشتى، ئەمما، ئاشۇنداق يول بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ئەھۋال ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس. زوراۋانلىققا تايانغان ئىسيانلار ئاساسەن رەھىمسىز باستۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىسيانچىلارنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

زوراۋان تاللاشلارنىڭ قانداق پايدىسى بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، مۇنداق بىر نۇقتىنى ھەر ۋاقىت جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ: زوراۋانلىق ۋاستىلەردە زالىملار ھەر ۋاقىت دىكتاتورغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان ئىسيانچىلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. پۇقرالار بىلەن سېلىشتۇرغاندا زالىملار زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىش جەھەتتە كۆپ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ئىسيانچىلار بەزىدە ۋاقىتلىق پايدا ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا زالىملارنىڭ قولىدىكى ھەربىي ئىمكانىيەتلەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھەربىي قورال - ياراغ، ئوق - دورا، قاتناش ۋە ھەربىي كۈچنىڭ كۆلىمى جەھەتتە زالىملار ھەر ۋاقىت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. ئىسيانچىلار قانچىلىك باتۇر بولۇشىدىن قەتئىيىنەزەر، قورال كۈچى جەھەتتە زالىملارغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

بەزىدە ئىسيانچىلار ئەنئەنىۋى ھەربىي قوزغىلاڭلارنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، پارتىزانلىق ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىش يولىنى تاللايدۇ. ئەمما، پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېزىلگەن خەلققە پايدىلىق بولۇپ چىقىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگەن ئىشلار ئاساسەن يۈز بېرىپ باقمىغان. پارتىزانلىق ئۇرۇشى مەسىلىنى ھەل قىلماي، خەلقنى ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارغا ئۇچرىتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ يۈز بېرىدۇ. مەيلى خەلقئارالىق تايانچىلار بار بولسۇن ياكى تاللىغان يولىنى توغرا يولغا چىقىرىدىغان نەزەرىيەلەر ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئانالىزلار مەۋجۇت بولسۇن، پارتىزانلىق ئۇرۇش مەغلۇبىيەتتىن ساقلىنىشنى بىرەر كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. پارتىزانلىق ئۇرۇش كۆپىنچە ئەھۋالدا ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى بىلەن ھۆكۈمرانلار پۇقرالارنى ئۆز يۇرتىدىن ياقا جايلارغا سۈرگۈن قىلىپ، غايەت زور ئىنسان ئازابى ۋە كۆچۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار قۇرۇلما جەھەتتە ئۇزۇن مۇددەتلىك سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قارشىلىققا ئۇچرىغان ھاكىمىيەت ئىسيانچىلارنى باستۇرۇشتا بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك دىكتاتورلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بەزى پارتىزانلىق ئۇرۇشلار غەلىبە قىلغان بولسا، يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بۇرۇنقى ھۆكۈمدارلىرىدىنمۇ بەكرەك دىكتاتورلىشىپ كېتىدۇ. سەۋەبى، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ بېشىغا چىقىدىغانلار دىكتاتورغا قارشى كۈرەش جەريانىدا كېڭەيتىلگەن ھەربىي كۈچلەرنى ئۆز قولىغا تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى بۇرۇن مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن مۇستەقىل گۇرۇھ ۋە ئىنستىتۇتلارنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ياكى ۋەيران قىلىدۇ. مۇستەقىل

گۇرۇھ ۋە ئىنستىتۇتلار مەۋجۇت بولمىغان جەمئىيەتتە دېموكراتىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭلاشقا دىكتاتورغا قارشى يولغا چىققان كىشىلەر چوقۇم پارتىزانلىق كۈرەشلەردىن باشقا تاللاشقا يۈزلىنىشى كېرەك.

يۇقىرىقىلار كىتابتىن ئېلىنغان مەزمۇنلار. 2001 - يىلىدىكى «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن خىتاي دىكتاتور مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتى «تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش» بايرىقى ئاستىدا ئۇيغۇرلارغا قارىتا «قاتتىق زەربە بېرىش» تەدبىر - سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقىمىز خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى ھەر خىل شەكىلدىكى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت، بىرەر تەشكىلات ياكى بىرەر جامائەت شەكلىدە ئەمەس، بىرقانچە ئايرىم شەخسلەر شەكلىدە قوللانغان ۋاستىلەر ۋە قىلغان ئىشلار ئىچىدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارغا تەۋە، دەپ قارىلىۋاتقان ئىشلارمۇ بار. مەسىلەن، بېيجىڭ، كۇنمىڭ ۋە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار. مەن ئوقۇرمەنلەردىن ماقالىنىڭ مەزكۇر بۆلۈمىدىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ۋەتىنىمىزدە يېقىنقى 30 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خىتاي ھۆكۈمدارلىرى دۇنيادىكى تەڭرى بىلەنمۇ كۈرەش قىلدىغان، تەبىئەت بىلەنمۇ كۈرەش قىلدىغان، ئادەملەر بىلەنمۇ كۈرەش قىلدىغان، كۆپ سانلىق ئىنسانلارغا ئوخشىمايدىغان بىر گۇرۇپپا مەخلۇقلار بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلق تىنچ شەكىلدە ئېلىپ بارغان نارازىلىق نامايىشلىرىغا مەقسەتلىك ھالدا زوراۋانلىق ئېلېمېنتلىرىنى قوشۇپ، ئاندىن ئۇ ئېلېمېنتلارنى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنىڭ باھانىسى قىلىپ ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئارتىلغان «تېررورلۇق» ۋە زوراۋانلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى پىلانلاپ ۋە ئويناپ چىقىپ، خىتاي دۆلتى ئىچىدە ۋە خەلقئارادا ئۇيغۇر نامىنى سېسىتىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى تارىختا يۈز بېرىپ باقمىغان دەرىجىدىكى ئېغىر زىيانلارغا ئۇچراتتى. بۇ ئىشلار مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىنغان يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

## 3. چەت ئەل ياردىمى قانچىلىك رول ئوينايدۇ؟

رەھىمسىز دىكتاتورلۇقنىڭ زېمىنىنى تارتىۋاتقان ياكى دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە قېچىپ چىققان نۇرغۇن كىشىلەر ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئازاد قىلالىشىغا ئانچە ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار پەقەت «باشقىلارنىڭ ياردىمىلا ئۆز خەلقىنى قوغداپ قالالايدۇ» دېگەنگە ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئۆز ئۈمىدىنى تاشقى كۈچلەرگە باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پەقەت خەلقئارالىق ياردەملا دىكتاتورنى ئۆرۈپ تاشلاشقا يېتىدىغان دەرىجىدە كۈچلۈك بولىدۇ.

«ئېزىلگەن خەلق ئۈنۈملۈك ئىش ئېلىپ بارالمايدۇ» دېگەن قاراش بەزىدە مەلۇم مەزگىل توغرا چىقىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ رەھىمسىز دىكتاتورغا يۈزلىنەلەيدىغان قابىلىيىتىگە ئىشەنمەسلىكى ھەمدە ئۆزلىرىنى قوغداشتا ئىسپاتلانغان ئۇسۇلنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئېزىلگەن خەلق دىكتاتورغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشنى خالىمايدۇ ھەمدە كۈرەشكە ئاتلىنالمايدۇ. شۇڭلاشقا كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئازاد قىلىش ئۈمىدىنى باشقىلارغا باغلاپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. بۇ يەردىكى سىرتقى كۈچ «ئاممىۋى پىكىر» بولۇشى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) بولۇشى، بىرەر ئالاھىدە دۆلەت بولۇشى ياكى خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جازا بولۇشى مۇمكىن.

بۇنداق سېنارىيە كىشىنى راھەتلەندۈرىدىغاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۈمىدنى سىرتقى قۇتقۇزغۇچىغا ئارتىپ قويۇشتا ئېغىر مەسىلە مەۋجۇت. ئۇنداق ئۈمىد ئۆز ئورنىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويۇشقا ئاپىرىشى مۇمكىن. كۆپىنچە ئەھۋالدا سىزنى قۇتقۇزغىلى بىرەر تاشقى پاناھ ئىگىسى كەلمەيدۇ. بىرەر چەت ئەل ھەقىقەتەن سىز بىلەن سىزنى ئەزگەن دىكتاتورنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگەن تەقدىردىمۇ،

سىز ئۇنىڭغا بەك ئىشىنىپ كەتسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق سەۋەبلىرى بار:

- ◇ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي مەنپەئەتىگە پايدا يارىتىش ئۈچۈن، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بەزى ئەللەر دىكتاتورنى قوبۇل قىلىدۇ ياكى بولمىسا ھەتتا ئۇنىڭغا ئىجابىي ياردەم قىلىدۇ.
- ◇ بەزى ئەللەر باشقا بىر مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلماسلىق ئۈچۈن، ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئازادلىقىغا ياردەم قىلىش ۋەدىسىدە تۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئېزىلگەن خەلقنى دىكتاتورغا سېتىۋېتىشى مۇمكىن.
- ◇ بەزى ئەللەر پەقەت ئېزىلگەن خەلقنىڭ ۋەتىنىگە بولغان كونتروللۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا دىكتاتورغا قارشى ئىش كۆرىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى دىكتاتورغا قارشى كۈچلەر ئالدىقاچان ئىش باشلاپ، دىكتاتورنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىشكە باشلىغان، شۇ ئارقىلىق خەلقئارالىق دىققەتنى دىكتاتورچى ھاكىمىيەتنىڭ رەھىمسىز تەبىئىتىگە تارتقان ۋاقىتتىلا بەزى ئەللەر ئىجابىي مەقسەتلەر ئۈچۈن ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىدۇ.

دىكتاتورلۇقنى ئۆز دۆلىتىدىكى ئىچكى ھوقۇق تەقسىماتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولىدۇ. يۇقىرىلار بىلەن جەمئىيەت بەك ئاجىز بولغانلىقتىن، دىكتاتورلۇققا قارىتا ئېغىر مەسىلە پەيدا قىلالمايدۇ. بايلىق بىلەن ھوقۇق بىرقانچە ئادەمنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. گەرچە خەلقئارالىق ئىش - ھەرىكەتلەر دىكتاتورلۇققا بەزى پايدىلارنى ئېلىپ كېلىدىغان ياكى دىكتاتورلۇقنى ئازراق ئاجىزلىتىدىغان بولسىمۇ، دىكتاتورلۇقنىڭ داۋاملىششى ئاساسەن ئىچكى ئامىللارغا باغلانغان بولىدۇ.

پەقەت ناھايىتى كۈچلۈك ئىچكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرى بىلەن بىرلەشكەندىلا، خەلقئارالىق بېسىمنىڭ ياردىمى زور بولىدۇ. پەقەت ئاشۇنداق شەرت ئاستىدىلا خەلقئارالىق ئىقتىسادىي بايقۇت قىلىش، ئېمبارگو يۈرگۈزۈش، دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، خەلقئارالىق تەشكىلاتلاردىن قوغلىۋېتىش، ب د ت نىڭ قولى بىلەن ئەيىبلەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلەرنىڭ ياردىمى زور بولىدۇ. ئەمما، كۈچلۈك ئىچكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشى ۋۇجۇدقا كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، باشقا ئەللەرنىڭ ئېزىلگۈچى خەلقلەرگە ياردەم قىلىش ئىش - ھەرىكەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىدىكىسى كىتابتىكى مەزمۇنلار. ئۇلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ھېس قىلالىشى مۇمكىن:

(1) تۈرك ئەللىرى بىلەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى خىتاي ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە ئۇيغۇر تەرەپتە تۇرمىدى. خىتاي دىكتاتور مۇستەملىكىچىلىرىگە نىسبەتەن سۈكۈت قىلىش يولىنىمۇ تاللىمىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە، خىتاينى بارلىق پۇرسەتلەردە ئاشكارا ھىمايە قىلدى ۋە قوللىدى. ئۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ تالىلىشى يۇقىرىقى مەزمۇندا تىلغا ئېلىنغان، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن يالغۇز ئېزىلگەن خەلقنىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ مىللىي قېرىندىشى بىلەن دىنىي قېرىندىشىنىمۇ سېتىۋېتىدىغان چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

(2) دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشتا چەت ئەللەرنىڭ ياردىمىگە قارىغاندا ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ قوزغىلىشى تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئۆزى قوزغالمىغۇچە چەت ئەلنىڭ ياردىمىمۇ ۋۇجۇدقا كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ھازىر ۋەتەندىكى خەلقىمىزنى جاللات خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتقۇزۇش، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خەلقىمىزنى ھايات ساقلاپ قېلىش ھەممىدىن مۇھىم.

(3) خىتاي دۇنيادىكى ئىنسانلارنى ئىدارە قىلىش تاكتىكىسىنى ئەڭ ئۇزۇن ۋە ئەڭ كۆپ تەتقىق ۋە تەجرىبە قىلغان بىر مىللەت. شۇنداقلا خىتاي غەربلىكلەر تەرەققىي قىلدۇرغان ئىلىم - پەن مېۋىلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە ئەمەلىيەتكە ئەڭ مۇكەممەل تەتبىقلىغان مىللەتلەرنىڭ بىرى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلمىي يەكۇنلەردىن خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭمۇ تولۇق خەۋىرى بار. جاللات شى جىنپىڭ ۋە خىتاي مۇستەملىكچى ھاكىمىيىتىنىڭ نەزىرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى شەرقىي تۈركىستاننى قولدىن بېرىپ قويۇشنىڭ ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ ھالقىلىق تەھدىتى. شۇڭلاشقا، 2014 - يىلىدىن كېيىن، خىتاي ئەسلىدىكى نوپۇسىنىڭ 95 پىرسەنتى ئۇيغۇر بولغان خوتەن، قەشقەر ۋە ئاقسۇنىڭ نوپۇسىنى ئۆلتۈرۈپ، تۈرمە - لاگېرلارغا سولاپ، ھەممىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ باشقا جايلىرىغا ۋە خىتاي ئۆلكىلىرىگە يۆتكەپ، شۇ ئارقىلىق بۇرۇنقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر يېڭى نوپۇس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بۇ جەھەتتە ئۇيغۇرلارغا بولغان زىيان ئىنتايىن ئېغىر بولدى.

تۆۋەندىكىسى كىتابتىكى مەزمۇننىڭ داۋامى:

بىر دىكتاتورنى ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئەڭ ئاز چىقىم بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت ۋەزىپىنى ئورۇنلاش شەرت:

(1) ئېزىلگەن خەلقنى ئىرادە، ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش ماھارەتلىرى جەھەتتە كۈچلەندۈرۈش؛

(2) ئېزىلگەن خەلقنىڭ مۇستەقىل ئىجتىمائىي گۇرۇھلىرىنى ۋە ئىنستىتۇتلىرىنى كۈچلەندۈرۈش؛

(3) بىر كۈچلۈك ئىچكى قارشىلىق كۆرسىتىش قوشۇنىنى بەرپا قىلىش؛

(4) ئازادلىقنىڭ بىر ئاقىلانە ئومۇمىي ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ھەمدە ئۇنى ئۇستىلىق بىلەن ئىجرا قىلىش؛

ئازادلىق كۈرىشى – ئۆز - ئۆزىگە تايىنىش ۋە كۈرەشكە ئاتلانغان گۇرۇپپىنىڭ ئىچكى جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش جەريانى. ئاقىلانە ئىستراتېگىيەسى بار، تۈزۈم ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھەقىقىي كۈچلۈكلۈككە ئىگە، بىر ناھايىتى كۈچلۈك ئۆز - ئۆزىگە تايىنىدىغان قوشۇن ئالدىدا، دىكتاتور ھاكىمىيەت چوقۇم ئۆرۈلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن شەرتى يۇقىرىدىكى تۆت ئىشتىن ئىبارەت.

دىكتاتورلۇقتىن قۇتۇلۇش ئەڭ ئاخىرىدا ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئازاد قىلىش قابىلىيىتىگە باغلىق. ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ۋاستىلىرى مەۋجۇت، ئەمما ئۇنداق ۋاستىلەر ھازىرغىچە يېتەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى.

يۇقىرىدىكىسى كىتابتىكى مەزمۇنلار.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ۋەتەننىڭ سىرتىدا 60 تىن كۆپ ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بار. ئۇ تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدە سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەت، خەلقئارا قانۇن، تەشكىلاتچىلىق، لىدېرلىق، داھىيلىق نەزەرىيەسى، ئاتتىلائىزم، باشقۇرۇش ئىلمى، پىروجېكت باشقۇرۇش يۇمشاق دېتالى، ھۆكۈمەتچىلىك ۋە ئاخباراتچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە ئۇنىۋېرسىتېت باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانى ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلەرنىڭ نىسبىتى قانچىلىك؟ يەنى كەسپىي تەربىيە كۆرگەنلەرنىڭ نىسبىتى قانچىلىك؟ يۇقىرىدىكى تۆت شەرتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغانلارنىڭ نىسبىتى قانچىلىك؟

## 4. كېڭىشىش (Negotiation) ئۈنۈم بېرەمدۇ؟

رەھىمسىز دىكتاتورنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغاندا، بەزىلەر «بىزنىڭ باشقا ئامالىمىز يوق» دەپ، بويسۇنۇش يولىنى تاللايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا دىكتاتورنى نورمال ئىنسانلاردەك رەھىملىك ھېسابلاپ، ئەپلىشىپ قېلىش (conciliation)، مۇرەسسە قىلىش ياكى كېلىشىش (compromise) ۋە كېڭىشىش (negotiation) يوللىرى بىلەن بىر قىسىم ئىجابىي ئېلېمېنتلارنى قوغداپ قېلىپ، دىكتاتورنىڭ رەھىمسىزلىكىنى توختاتقىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. باشقا ئۈنۈملۈك تاللاش مەۋجۇت

بولمىغان ئەھۋالدا، يۇقىرىدىكى 2 - تاللاش ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ.

كىشىلەر بەزىدە «ھەقىقەتنىڭ ھەممىسى بىرلا تەرەپتە ئەمەس»، دەپ قارايدۇ. دىكتاتورنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئېزىقتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى قوزغاپ، ئۇنى ئاز - ئازدىن يول بېرىشكە قىستاپ، شۇ ئارقىلىق دىكتاتورلۇقنى ئاخىرلاشتۇرۇش مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ. دىكتاتورغا «قوش غەلىبە» يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ھەر ئىككى تەرەپ مەلۇم پايدىغا ئېرىشىدىغان تاللاش ئارقىلىق دىكتاتورنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ئېزىلگۈچى خەلق تىنچلىق ئاساسىدىكى مۇرەسسە قىلىش يولىنى تاللىسا، داۋاملىق كۈرەش قىلغاندىكى زۆرۈرسىز خېيىم - خەتەر ۋە ئۇقۇشمىسىزلىقلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مۇشۇنداق تەپەككۇر قىلىش، مەسىلىنى مۇشۇنداق يول بىلەن ھەل قىلىش ھەربىي ئۇرۇش ياكى زوراۋانسىز كۈرەشلەرنى ئېلىپ بارغانغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئەمەسمۇ؟

ئىشچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بېرىلغان ئىش تاشلاش ھەرىكىتىگە ئوخشاش ئىشلاردا كېڭىشىش ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئوينىيالايدىغان بولۇپ، ئاشۇنداق ئىشلاردا كېڭىشىشكە سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئەمما، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دىنىي پىرىنسىپ، ئىنسان ئەركىنلىكى ياكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىغا ئوخشاش تۈپ مەسىلىلەر ئۈستىدە بولغاندا، كېڭىشىش كىشىلەر قانائەتلەنگۈدەك ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بەزى تۈپ مەسىلىلەردە كېلىشىشكە بولمايدۇ. پەقەت ھوقۇق تەقسىماتى ئېزىلگۈچى خەلققە پايدىلىق بولۇپ ئۆزگەرگەندىلا، ئاندىن ئېزىلگۈچى خەلق كېڭىشىش ئارقىلىق ئۆز مەنپەئەتىنى قوغدىيالايدۇ. ھوقۇق تەقسىماتىدىكى ئۇنداق ئۆزگىرىشلەر بولسا كېڭىشىش ئارقىلىق ئەمەس، كۈرەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. يەنى، دىكتاتورغا قارشى بىر كۈچلۈك كۈرەش ۋۇجۇدقا كەلمەي تۇرۇپ، پەقەت كېڭىشىش ئارقىلىق دىكتاتورنىڭ قولىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

ئېزىلگۈچى خەلق ئۈچۈن بەزىدە كېڭىشىش ھەرگىزمۇ بىر تاللاش بولالمايدۇ. يەنى، ئۆز ئورنىنى ناھايىتى پۇختا مۇستەھكەملىۋالغان دىكتاتور ئۆزىگە قارشىلىق كۆرسەتۋاتقان خەلق بىلەن كېڭىشىش ئۈستىلىگە كەلمەيدۇ، ياكى بولمىسا ۋاقتى كەلگەندە دىكتاتورلار كېڭىشىش يىغىنىغا كەلمەي، مەڭگۈ غايىب بولىدۇ.

كېڭىشىشنى دىكتاتور تەرەپ ئوتتۇرىغا چىقارغاندا، ئۇلارنىڭ سەمىمي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سەۋەبى، دىكتاتورلار قارشى تەرەپنى ئارىلاشتۇرماي تۇرۇپلا ئۆز خەلقىگە قاراتقان ئۇرۇشنى توختىتالايدۇ، ئىنسان غۇرۇرىغا بولغان ھۆرمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ، سىياسىي مەھبۇسلارنى ئەركىنلىككە چىقىرالايدۇ، قىيناشنى ئاخىرلاشتۇرالايدۇ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران ئورنىدىن چېكىنەلەيدۇ، ھەمدە خەلقتىن كەچۈرۈم سورىيالايدۇ.

دىكتاتورنىڭ ئورنى مۇستەھكەم بولۇپ، ئېزىلگەن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىدىن ئەنچە پۇشقان ۋاقىتتا، دىكتاتور تەرەپ خەلقنى كېڭىشىش ھاسىل قىلىشقا چاقىرىپ، «تىنچلىق»نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش باھانىسىدە خەلقنى تەسلىم قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا كېڭىشىش ناھايىتى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ، خەلققە نىسبەتەن بىر چوڭ خەتەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتكۈچى تەرەپ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، دىكتاتورنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنى تەھدىتكە دۇچ كەلگەندە، دىكتاتور تەرەپ ئۆز ھوقۇقىنى ۋە ئۆز بايلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قارشى تەرەپنى كېڭىشىش ھاسىل قىلىشقا تەكلىپ قىلىشى مۇمكىن. ئېزىلگەن خەلق بۇنداق ئەھۋالدىمۇ دىكتاتورنىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك.

كېڭىشىش قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك ئاساسىدا بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرىدا زىددىيەت پەيدا قىلغان مەسىلىلەرنى سۆزلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش، دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ.

بۇ يەردە مۇنداق ئىككى نەرسىنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەك: بىرىنچى، كېڭىشىشتە ئۇتتۇپ چىقىدىغىنى قارىمۇقارشى پىكىرلەردىكى ۋە ئوخشىمىغان مەقسەتلەردىكى بەكرەك ئادىل بولغان تەرەپ بولمايدۇ؛ ئىككىنچى، كېڭىشىشنىڭ نەتىجىسىنى بەلگىلەيدىغىنى ئاساسەن ھوقۇقنىڭ ئىككى تەرەپتىكى تەقسىمات ئەھۋالى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن تۆۋەندىكىدەك سوئاللارغا جاۋاب تېپىپ قويۇش تولىمۇ زۆرۈر:

- ◇ كېيىنچە كېڭىشىشتە قارشى تەرەپ بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولماي قالسا، بىز قانداق قىلىمىز؟
- ◇ ئەگەر كېلىشىم ھاسىل قىلىپ بولغاندىن كېيىن قارشى تەرەپ ۋەدىسىنى بۇزۇپ، ئۆز كۈچىدىن پايدىلىنىپ پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا قوغلاشسا، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرىمىز؟

كېڭىشىشتە دۈچ كەلگەن مەسىلىدىكى توغرا ۋە خاتا تەرەپكە ئاساسەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بەلكى كېلىشىمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئىككى تەرەپنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا سىز بىر كېلىشىمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىڭىزنى قانچىلىك قۇربان قىلىشقا رازى، دېگەن سوئالغا ئالدىن جاۋاب تېپىپ قويۇشىڭىز كېرەك. ئېزىلگەن خەلق ئۈچۈن كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش بەكرەك پايدىلىقمۇ، ياكى مەلۇم مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، بىر كېلىشىم ھاسىل قىلىش بەكرەك پايدىلىقمۇ؟ دىكتاتورلار ئەھۋالنى ئۆزى كونترول قىلالايدىغان ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇلار باشقا ھوقۇق، ئورۇن، بايلىق، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار كېڭىشىشتە ئۆزىدە بار ئىمتىيازنى ساقلاپ قېلىشقا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىدۇ. ئۇلار ئالدىدا ۋەدە بېرىپ قويۇپ، ئاندىن ئۇ ۋەدىسىدىن تېنىۋېلىشتىن ھەرگىزمۇ باش تارتمايدۇ.

قىسقىسى، ئېزىلگەن خەلقنىڭ دىكتاتورغا قارشى كۆرىشىنى توختىتىشى، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېزىلىش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىپ قالمايدۇ. زىددىيەتلىك مەسىلە تۈپ (fundamental) مەسىلە بولغاندا، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى كېڭىشىش ئەمەس، بەلكى قارشىلىق كۆرسىتىش كۆرىشىدىن ئىبارەتتۇر. ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ئۈچۈن سىياسىي قارشىلىق كۆرىشى ياكى زوراۋانسىز كۈرەش، ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكىسى كىتابتىكى مەزمۇنلار.

تىبەتلەرنىڭ داھىيسى دالاي لاما تىبەتلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، 1988 - يىلى فىرانسىيەنىڭ ستراسبورگ (Strasbourg) شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا پارلامېنتى يىغىنىدا ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا يول سىياسىتى»نى ئېلان قىلدى. بۇ سىياسەتنىڭ مەقسىتى، تىبەتلىكلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش غايىسىدىن ۋاز كېچىپ، خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى بىلەن دىيالوگ قۇرۇش ئارقىلىق تىبەت ئۈچۈن ھەقىقىي ئاپتونومىيە سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش بولدى. ئەمما، ھەممىمىزگە ئايان بولغىنىدەك، ئۇ سىياسەت مەغلۇپ بولدى. تىبەتلىكلەر بىلەن خىتاي ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي مەنىدىكى كېڭىشىش ئۇچرىشىشى ھازىرغىچە يۈز بەرمىدى. بەزى سابىق ئۇيغۇر تەشكىلات رەھبەرلىرىمۇ بۇ يولدىكى مەلۇم ئۇرۇنۇشلارنى سىناپ باقتى، ئەمما ئۇمۇ ئەمەلگە ئاشماي، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى تىبەتلىكلەرنىڭكىدىنمۇ كۆپ ناچار بولدى. ئىشلار نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى، دېگەن سوئالغا يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردىن يېتەرلىك جاۋاب تېپىش مۇمكىن.

## 5. ئىستراتېگىيە تۈزۈش

دىكتاتورغا قارشى سىياسىي قارشىلىق كۆرىشى ھەر خىل شەكىلدە باشلىنىدىغان بولۇپ، ھازىرغىچە بولغان كۆرەشلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئالدىن پىلانلانمىغان ياكى تاسادىپىي ھالەتتە باشلانغان.

ئۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللارمۇ ھەرخىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىساللىرى سۈپىتىدە دىكتاتورنىڭ رەھىمسىزلىكىنىڭ بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، بىر تونۇلغان ئەربابنىڭ قولغا ئېلىنىشى ياكى ئۆلتۈرۈلۈشى، بىر يېڭى باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، يېمەكلىكنىڭ كەمچىل بولۇپ كېتىشى، دىنىي ئېتىقادقا قارىتىلغان ھۆرمەتسىزلىك ياكى بىر مۇھىم ۋەقەنىڭ يىللىق خاتىرە كۈنى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

تاسادىپىي باشلانغان قارشىلىق كۈرىشىنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقى بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىمۇ ئاز ئەمەس. پىلانسىز ئىش ئېلىپ بارغاندا دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى ئالدىن مۆلچەرلەنمىگەن بولغاچقا، ئېزىلگەن خەلق ئېغىر بەدەللەرنى تۆلەپ، ئۇلارنىڭ باشلىغان كۈرىشىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان ئەھۋاللار كۆپ بولىدى. كۆپلىگەن كۈرەش يېتەكچىلىرى ئىش باشلاشتىن بۇرۇن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈۋېلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىدى. ئاشۇنداق بىر ئېھتىياجنى ھېس قىلالمىدى ياكى ئۇنىڭغا ئادەتلەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قولىدا بىر ئىستراتېگىيەلىك پىلان ۋۇجۇدقا كەلمىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىدە، دىكتاتورغا قارشى كۈرەشكە ئاتلانغان يېتەكچىلەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش جەھەتتە مەخسۇس تەربىيەلەنمىگىنىمۇ بىر مۇھىم سەۋەب بولۇپ كەلدى.

ھازىر دىكتاتورغا قارشى كۈرەشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئالدىن پىلانلاپ، سىياسىي ۋەزىيەت ۋە ئاممىنىڭ رايى قاچان تەييار بولىدىغانلىقنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، شۇ ئاساستا سىياسىي كۈرەشنى باشلاشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق پەيتىنى ئالدىن تاللاش پۈتۈنلەي مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ۋە ئېزىلگەن خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىمكانىيەتلىرىنى توغرا چۈشىنىش – كۈرەشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق چارە - تەدبىرلىرىنى تاللاپ، غەلىبە قازىنىشتا كەم بولسا بولمايدىغان قەدەم - باسقۇچلارنىڭ بىرىدۇر.

ھازىرغىچە دىكتاتورغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرگە يېتەكچىلىك قىلغان كىشىلەر ئىچىدە قايسى ئىشلارنى قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىغا تايىنىپ قارار قىلغان كىشىلەر كۆپ چىقتى. ئىشنى ئۇنداق قىلىش يالغۇز شەخسىيەتچىلىك بولۇپلا قالماي، ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ بىر ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىمۇ ئىمكانىيەتسىز قالدۇرىدۇ.

دىكتاتورغا قارشى كۈرەشنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈشتە تۆۋەندىكى تۆت نەرسە چوقۇم بولمىسا بولمايدۇ:

## (1) ئومۇمىي ئىستراتېگىيە

ئومۇمىي ئىستراتېگىيە بىر توقۇنۇشتا ئەركىنلىككە ئېرىشمەكچى بولغان گۇرۇپپىنىڭ بارلىق مۇۋاپىق ھەمدە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مەبلەغلىرىنى ماسلاشتۇرۇش ۋە بىۋاسىتە ئىشقا سېلىشنى كونترول قىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەبلەغلەر ئىقتىسادىي، ئىنسانىي، مەنىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلات قاتارلىق مەبلەغلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئومۇمىي ئىستراتېگىيەنىڭ دىققەت مەركىزى گۇرۇپپىنىڭ توقۇنۇشتىكى مەقسەتلىرى (objectives) ۋە مەبلەغلىرى بولىدۇ. ئۇ، توقۇنۇشتا قوللىنىلىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق ھەرىكەت تېخنىكىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئومۇمىي ئىستراتېگىيەنى پىلانلىغاندا، يېتەكچىلەر دىكتاتورغا قايسى بېسىم ۋە تەسىرلەرنى پەيدا قىلىش زۆرۈر ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. شۇنداقلا ئازادلىق كۈرىشىنىڭ دەسلەپكى ۋە كېيىنكى باسقۇچلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ شەرتلىرى ۋە ۋاقتىنى بەلگىلىشى كېرەك. ئومۇمىي ئىستراتېگىيە ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلارغا ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى ۋە ئوخشىمىغان مەبلەغلەرنى تەقسىم قىلىشنىمۇ

بەلگىلەيدۇ.

### (2) ئىستراتېگىيە

ئىستراتېگىيە دېگىنىمىز، بىر توقۇنۇشتا ھەر خىل ئالاھىدە مەقسەتلەرگە ئەڭ ئۈنۈملۈك يېتىش ئۈچۈن قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئومۇمىي ئىستراتېگىيەنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىستراتېگىيە كۈرەش قىلىش كېرەكمۇ - يوق، قاچان قىلىش كېرەك، قانداق قىلىش كېرەك ۋە ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە قانداق ئېرىشىش كېرەك، دېگەنلەرنى كونترول قىلىدۇ. ئۇ، مەلۇم بىر غەلىبىگە ئېرىشكەندە ئۇ غەلىبە مېۋىسىدىن قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىمۇ بەلگىلەيدۇ.

ئىستراتېگىيە تۈزگۈچىلەر ئىستراتېگىيەنىڭ مەقسەتلىرى ۋە كۈرەش نەتىجىسىنى ئۆلچەش ئۇسۇللىرىنىمۇ ئېنىق بېكىتىپ چىقىشى كېرەك.

### (3) تاكتىكا

تاكتىكا چەكلىك شەرت - شارائىت ئاستىدا بىر خەلقنىڭ كۈچىدىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ياخشى پايدىلىنىشقا ئىشلىتىلىدۇ. تاكتىكا بىر چەكلىك ئىش - ھەرىكەت بولۇپ، مەلۇم ئالاھىدە مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. قانداق تاكتىكىلارنى تاللاشنى بىر ئىستراتېگىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بار بولغان كۈرەش ئۇسۇللىرىدىن قانداق قىلىپ ئەڭ ياخشى پايدىلىنىش ئېھتىياجى بەلگىلەيدۇ. ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتلەرنى ئۈنۈملۈك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنىڭغا ئەڭ ماس كېلىدىغان تاكتىكىلارنى تاللاش كېرەك. مەلۇم تاكتىكىنى ئىشلىتىپ قولغا كەلتۈرگەن نەرسە ئىستراتېگىيەلىك مەقسەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدىكەن، ئۇنداق نەتىجە ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئىسراپچىلىق بولىدۇ.

دېمەك، خۇددى بىر ئىستراتېگىيە ئومۇمىي ئىستراتېگىيەنىڭ بىر قىسمى بولغىنىدەك، تاكتىكا بىر كەڭ دائىرىلىك ئىستراتېگىيە ئىچىدىكى چەكلىك ئىش - ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى ۋاستىدىن ئىبارەت بولىدۇ. تاكتىكا ھەر ۋاقىت كۈرەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئىستراتېگىيە ئۇنىڭدىن كەڭ دائىرىدىكى نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تاكتىكا ئىستراتېگىيەدىن قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە، كىچىكرەك دائىرە ئىچىدە، ئازراق ئادەملەر ئارقىلىق، ۋە كىچىكرەك مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. زوراۋانسىز ئىش - ھەرىكەتلەردە ئاشۇ ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسىتىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، كۆزلىگەن نەرسە تاكتىكىلىق مەقسەتمۇ ياكى ئىستراتېگىيەلىك مەقسەتمۇ، دېگەننى بەلگىلەيدۇ.

### (4) ئۇسۇل

ئۇسۇل ئالاھىدە قورال ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋاستىسىغا قارىتىلىدۇ. زوراۋانسىز كۈرەشلەردە ئۇسۇل دېگىنىمىز ئىش تاشلاش، بايقۇت قىلىش، سىياسىي جەھەتتىن ھەمكارلاشماسلىق، ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش - ھەرىكەت شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەزكۇر ماقالىنىڭ 2 - قىسمىدا بايان قىلىنغان ھەرىكەت تۈرلىرى ئەنە شۇنداق ئۇسۇللارنىڭ بىر قىسمىدۇر.

مەسئۇلىيەتچان ۋە ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش ئومۇمىي ئىستراتېگىيە، ئىستراتېگىيە، تاكتىكا ۋە ئۇسۇللارنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇلارغا توغرا ئېنىقلىما بېرىش ۋە ئۇلارنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللاشقا باغلىق. بىر دىكتاتوردىن ئازاد بولۇش ئۈچۈن، ئېزىلگەن خەلق ئەقلىنى ھېسابلاپ تۇرۇپ ئىشلىتىپ، شۇ ئاساستا بىر ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈپ چىقىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ئېزىلگەن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشى ناھايىتى ئېغىر زىيانلارنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئىمكانىيەتلىرىنى ئۈنۈملۈك ئىشقا سېلىپ، بىر ئىستراتېگىيەلىك يول خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش ئارقىلىق، ئېزىلگەن خەلق ئۆزىدە بار بولغان مەبلەغلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتچىلار ۋە پائالىيەتچىلەر ئىچىدە ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزۈش جەھەتتە مەخسۇس تەربىيەلەنگەن، ئىستراتېگىيە تۈزەلەيدىغان ياكى باشقىلار تۈزگەن ئىستراتېگىيەنى ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان قېرىنداشلىرىمىزدىن قانچىسى بار؟

## 6. ئۇيغۇر - يەھۇدىي ھەمكارلىقىنى كەڭ دائىرىدە قۇرۇپ چىقىش

بۇ قىسمدا يازىدىغىنىم كىتابتىن ئېلىنغان مەزمۇن ئەمەس.

«ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىق كۈنى» مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋام قىلىۋاتقاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»نىڭ بىرىنچى سۆھبىتى 2022 - يىلى 9 - دېكابىر كۈنى جورج ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى ئېلىيوت خەلقئارا ئىشلار مەركىزى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ پائالىيەتنى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ئۇيۇشتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان تەشكىلاتلارنىڭ بىرى ئۇيغۇر پروجېكت فوندى. بۇ پائالىيەتتە نۇتۇق سۆزلىگەن ئامېرىكىلىق زاتلارنىڭ بىرى ئامېرىكا دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش فوندى جەمئىيىتى (National Endowment for Democracy, NED) نىڭ سابىق رەئىسى كارل گەرشمەن (Carl Gershman) ئەپەندى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇتقى مېنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى. ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى، كارل ئەپەندى نۇتقىدا يەھۇدىيلارنىڭ قانداق قىلىپ نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىققانلىقى ھەققىدىكى بىرقانچە مۇھىم ئىشلارنى بايان قىلغاندىن باشقا، ئۇ يەنە ھازىرقىدەك ۋەزىيەتتە ئۇيغۇرلار قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدە بىرقانچە مۇھىم تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئىدى. مەن كارل ئەپەندى بىلەن بۇرۇن ئۇ NED نىڭ رەئىسى ۋاقتىدىمۇ ئامېرىكا پايتەختىدە كۆرۈشۈپ باققان ئىدىم. ئەمما ئۇنىڭ يەھۇدىي مىللىتىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم. مەن بۇ قېتىمقى پائالىيەت جەريانىدا كارل ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن سۆزلىگەن مەزمۇنىنىڭ تېكىستىنى سورىۋالمىغانلىقىمغا بەك پۇشايمان قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ۋاشىنگتوندىن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كارل ئەپەندىگە ئېلخەت يېزىپ، ئۇنىڭدىن نۇتۇق تېكىستىنى تەلەپ قىلدىم. كارل ئەپەندى ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن ئۇ ھۆججەتنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. بىز شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئېلخەتتە بىرقانچە قېتىم پىكىر ئالماشتۇردۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ يەھۇدىيلار ھەققىدە بۇرۇن ئېلىپ بارغان ئىزدىنىشلىرىم ۋە يازغان ئۇيغۇرچە ماقالىلىرىم ھەققىدە ئازراق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى، ھەمدە ئۆزىنىڭ بەزى ئۇيغۇر تەشكىلات رەھبەرلىرى بىلەن بىر ئۇيغۇر - يەھۇدىي دىيالوگ پروگراممىسىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە تىرىشىۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى.

مەن تۆۋەندە كارل ئەپەندىنىڭ «ئۇيغۇرلار بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشى كېرەك؟» دېگەندەك سوئالغا جاۋابەن بەرگەن تەكلىپلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن. مېنىڭ يازىدىغىنىم كارل ئەپەندىنىڭ نۇتقىنىڭ سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

يەھۇدىيلار تارىخىدا ئۆتكەن «ئاكىۋا» (Akiva) ئىسىملىك بىر رابىي (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ موللىسى) بار بولۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ ئەسىر ساقلىنىپ قېلىشىدا ئۇنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ. يەنى، يەھۇدىيلارنى يوق قىلىۋەتمەكچى بولغان كۆپلىگەن ئىمپېرىيەلەر يەر شارى يۈزىدىن غايىب بولۇپ، سۈرگۈندە بولۇپ ياشىغان يەھۇدىيلارنىڭ كۆپ ئەسىر ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشىدا رابىي ئاكىۋا (Rabbi Akiva) نىڭ ئۈمىدى ۋە ئېتىقادى (faith) ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. بۈگۈن بولسا ئۇنىڭ يىراقنى كۆرۈش ئەقلى (vision) ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قايتىدىن تۇغۇلۇشى بىلەن بىر رېئاللىققا ئايلاندى. ئۈمىد بىلەن ئېتىقاد خۇددى ئىنسانلارنىڭ جېنىدەك كەم بولسا بولمايدىغان ئىككى نەرسە، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئىنسان ئاپپاراتى (human agency) مۇ ئىنتايىن مۇھىم. «نىيەت قىلغان ئىش كۆرگەن چۈش بولۇپ تۇرىۋەرمەيدۇ.» ئايرىم - ئايرىم ئىندىۋىدۇئاللار

ۋە كوللېكتىپ، مەقسەتلىك ھالدا بۇرۇنقى ئىشلاردىن تەجرىبە - ساۋاق ئالغان ھالدا ۋە ئىجادكارلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان ئىنسان ئاپپاراتىغا تايىنىپ، ناھايىتى ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

رابىي يوخانان (Yohanan) رابىي ئاكىۋادىن نەچچە ئون يىل بۇرۇن ياشىغان بولۇپ، ئۇ رىم ئىمپېرىيەسى زېمىنىدا پاناھ تىلەپ تۇرۇپ، باشقا بىرقانچە كىشىلەر بىلەن بىللە يەھۇدىيلارنىڭ تەپەككۇرى، تىلىكى ۋە كۆڭلۈك تۇرمۇشىنىڭ يېتەكچىسى بولغان «مىشناھ»نى يېزىشنى باشلىغان. مەزكۇر كىتابنىڭ تاماملىنىشى يەھۇدىيلارنىڭ گۈللىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە تارىخى، كىملىكى، ئەنئەنىسى ۋە مەدەنىيىتىگە ئاساسەن ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يولىنى ئۆزلىرى تېپىپ چىقىشى كېرەك. ئەمما يەھۇدىيلارنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئۈگەنسە بولىدىغان بىر قىسىم پايدىلىق نەرسىلەر بار بولۇپ، مەن ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن:

(1) ئۈمىدنىڭ مۇھىملىقىنى قانچىلىك تەكىتلىسەكمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. ۋاكلاۋ خاۋەل (Vaclav Havel) ئۈمىدنى «ئىنسان روھىنىڭ بىر پارچىسى، ئۇنىڭسىز ئىنسانلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى بولمايدۇ» دېگەن.

(2) بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنىڭ بىردىنبىر يولى بولۇپ، بالا تەربىيەسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

(3) ئورتاق ئۇيغۇر كىملىكىگە ئاساسلانغان، مەدەنىيەت ۋە مىللىي تەۋەلىك تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن بىرلىكىش كۈچى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ، سىياسىي جەھەتتە، پەلسەپىلىك چۈشەنچە جەھەتتە ۋە تەشكىلاتچىلىق جەھەتتە قانداق ساقلانغىلى بولمايدىغان پەرقلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئامىلنى چوقۇم ساقلاپ مېڭىش كېرەك. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پەرقلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق قىممەتلىك يېڭىلىقلارنى ياراتقىلى بولىدۇ.

(4) ئىنسان ئاپپاراتى كەم بولسا بولمايدىغان دەرىجىدە مۇھىم بولۇپ، ئۇ، ئۈمىد بىلەن ئېتىقادنى تولۇقلىشى كېرەك. ئۆزىنى ھايات ساقلاش ۋە ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش – بۈگۈنكى يەر شارىلىشىش ۋە تېخنولوگىيەدە تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش دەۋرىدىكى بىر خىل كۈرەش. گەرچە بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تەھدىت باشقىلار دۇچ كەلگەن تەھدىتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، يۇقىرىقى كۈرەش يالغۇز ئۇيغۇرلارنىڭلا كۈرىشى ئەمەس.

(5) لىدېرلىق ياكى باشقىلارنى ئۈنۈملۈك يېتەكلەش قابىلىيىتى كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە بولۇپ، ئۇ چوقۇم يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئەقىل ۋە تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.

(6) ئۇيغۇرلار ھازىر ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇم، كۆڭۈل ئاغرىقى ۋە دەرد - ئەلەملەر ئۇيغۇرلارغا تېخىمۇ چىدامliق، تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىدىغان مىللەت خاراكتېرىنى، مىللەت تەۋەلىكىنى ۋە مىللىي كىملىكىنى ئادا قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۈمىد ۋە ئىمكانىيەتلەر بار.

ئالدىمىزدا قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىز ئويلىشىپ بېقىشقا تېگىشلىك بىر ئىش – ئۇيغۇرلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا بىر دىيالوگ قۇرۇش. ئۇيغۇرلارغا چوڭقۇر كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن قىيىن ئەھۋالغا «ئۇ بىزنىڭ ئۆز ئەھۋالىمىز» دەپ مۇئامىلە قىلىدىغان يەھۇدىيلار ناھايىتى كۆپ. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياردەم قىلىدىغان، تەپەككۇرغا ۋە بىلىمگە باي يەھۇدىيلارنى بايقىشىغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمەن. ئاشۇنداق ھەمكارلىقنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشتا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىغا ياردىمى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق سەپەرگە ئاتلانغان يەھۇدىيلار، ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. ئەگەر ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك يوللارنى تاپالايدىكەن، ئۇ يوللار

يالغۇز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا پايدىلىق بولۇپ قالماي، ھازىر ناھايىتى قىيىن ئەھۋال ئىچىدە ئۆزىنىڭ پارلاق ئىستىقبالى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان باشقا خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئۈمىد ئاتا قىلىدۇ.

مەن بۇرۇن يەھۇدىيلار ھەققىدە ئىككى پارچە ماقالە يازغان بولۇپ، ئۇ ماقالىلەر «غالىبلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ساۋاقلىرى» دېگەن باسما كىتابىمنىڭ 39 - ۋە 62 - بەتلىرىدە بار. ئۇلارنى مېنىڭ تۆۋەندىكى تور بېتىمدىن چۈشۈرۈپ ئوقۇغىلىمۇ بولىدۇ:

[1] «غالىبلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ساۋاقلىرى» ناملىق كىتاب
http://www.meripet.com/Kitab/Erkin_Sidiqning_5-Kitabi.pdf

[2] يەھۇدىيلارنى 3000 يىل ساقلاپ قالغان ئامىللار
http://www.meripet.com/Sohbet1/20130205_Yehudi.htm

[3] يەھۇدىيلارنىڭ كۈچلۈك بولالىشىدىكى مۇھىم ئامىللار
http://www.meripet.com/Sohbet1/20131123_Yehudi.htm

[4] «ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋام قىلىۋاتقاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ھەققىدىكى تەپسىلىي ئۇچۇر:
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/uyghur-medeniyiti-12092022164232.html

## 7. خەلقئارا سەھنىلەردىكى خاتا تەشۋىقاتلارنى پاش قىلىش ۋە تۈزىتىش

بۇ قىسىمدا يازىدىغىنىم كىتابتىن ئېلىنغان مەزمۇن ئەمەس.

ھازىر خەلقئارا سەھنىلەرگە چىقىۋاتقان، ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەشۋىقاتلارنى چوڭ جەھەتتىن مۇنداق ئىككى كاتېگورىيەگە ئايرىش مۇمكىن: (1) ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرمايدىغان، خىتايدىن پۇل ئېلىپ رەزىل خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان شەخس ۋە كوللېكتىپ ئاپپاراتلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى؛ (2) ھەققانىيەت ۋە ئادالەت تەرەپتە تۇرىدىغان، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان شەخس ۋە كوللېكتىپ ئاپپاراتلارنىڭ تەشۋىقاتلىرى. 1 - كاتېگورىيەدىكى زىيانلىق تەشۋىقات قايسى دەرىجىدە ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىگە قاراپ باقساق كۇپايە: 2015 - يىلى نەشر قىلىنغان «يۈز يىللىق مارافون» دېگەن كىتابنىڭ ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغان نۇسخىسىنىڭ 115 - بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن:

> *«لى خانىم بىزگە يەنە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز سىياسىتىگە قارشى تەنقىدلەرنى قانداق كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقى، ۋە ئۇ تەنقىدلەرنى قانداق باستۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، قاتتىق قوللار بىلەن مۆتىدىللەر دائىملا ئالاھىدە ئۇچۇرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش توغرۇلۇق بىر - بىرى بىلەن جاڭجاللىشىپ تۇرىدىكەن. بۇ ھال ئاق ئەپەندى (ئاق ئەپەندى توغرىسىدىكى بايانلار 4 - بابتا مەۋجۇت — ت) بىزگە تەمىنلىگەن ئۇچۇر بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقتى. ئاق ئەپەندى خىتاي قاتتىق قوللىرىنىڭ 1980 - يىللاردا خىتاي كومپارتىيەسى تەشۋىقات ئىشخانىسىنى كونتروللۇقىدا تۇتقانلىقىنى، ئامېرىكىنى خىتاي خەلقىگە قايسى دەرىجىدە سەت كۆرسىتىش توغرۇلۇق مۆتىدىللەر بىلەن جاڭجاللاشقانلىقىنى؛ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىدىن، ھەتتا خىتاينىڭ ئىستىخبارات ئورگانلىرىدىن تەنقىدىي پىكىر تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ ئۇچۇرلارنى تەنقىدىي پىكىرگە قارىتا ئۆزگەرتكەنلىكىنى بىزگە*

> ئاشكارىلىغان ئىدى.
>
> لى خانىم بۇ خىزمەتكە يىلىغا *12* مىليارد دوللار خىراجەت ئاجرىتىلغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ خىزمەت خىتاي سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشچىلىقى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بېيجىڭدىكى مەخپىي ئىشخانىدا ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى، خىزمەتنىڭ كۆپ قىسمى خىتايدىكى گېزىتلەرنى، تېلېۋىزور پروگراممىلىرىنى، شۇنداقلا چەت ئەلدە نەشر قىلىنىدىغان ژۇرناللارنى، ھەمدە دۆلەت ئىچى ئىنتېرنېت ساھەسىنى كونترول قىلىدىغان تەشۋىقات سىستېمىسى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلىدىغان ئۇچۇرلارنى يارىتىشقا قارىتىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ خىزمەتنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى ئىچىدە پارتىيە مەركىزى بىناسى بار كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە جايلاشقان بىر مەخپىي ئىدارە بار بولۇپ، ئۇ ئىدارىنىڭ باش ئىشتابىدا *1000* خىزمەتچى ئىشلەيدىكەن. ئالدىنقى سەپ بىرلەشمە خىزمەت باشقارمىسى، دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئورگان ئۆز ئالدىغا ئاخبارات توپلاش ۋە ئۇنى ئانالىز قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن.»

دېمەك، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارالىق جامائەت پىكىرلىرىنى كونترول قىلىش، يالغان ئۇچۇر تارقىتىپ دۇنيانى ئالداش ۋە دۇنيانى ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش جەھەتتە 2010 - يىللىرىلا ھەر يىلدا 12 مىليارد دوللار پۇل خەجلەشنى باشلىغانىكەن. شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە خاتا ئۇچۇر تارقىتىش ۋە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى پارچىلاش ئۈچۈن خەجلەيدىغان پۇللار ئەنە شۇ پۇلنىڭ بىر قىسمى، دېسەك، مېنىڭچە خاتالاشمايمىز. خىتاي ھۆكۈمىتى يۇقىرىقىدەك بىر چوڭ قوشۇن ۋە ناھايىتى كۆپ پۇلغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇرغا قارشى يالغان تەشۋىقاتقا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇق تاقابىل تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەمما ئىمكانىيىتى بار قېرىنداشلار ئۇ جەھەتتە ئىش ئېلىپ بارسا، ئۇ بىز ئۈچۈن ناھايىتىمۇ پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

ئەمما، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2 - كاتېگورىيەدىكى خاتا تەشۋىقاتلارنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارنى تۈزىتىش ئىمكانىيىتى پۈتۈنلەي بار. ئۇنىڭغا ئانچە كۆپ پۇلمۇ كەتمەيدۇ. پەقەت مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش نىيىتى، ئىرادىسى ۋە ئۆزىنى ئاتاش روھى بار، ئىنگلىز تىلىنى پۇختا بىلىدىغان، سىياسەتتىن يېتەرلىك دەرىجىدە خەۋىرى بار بىر ئۇيغۇر كۇرەش قوشۇنى بولسىلا يېتىدۇ. مەن ئالدى بىلەن 2 - كاتېگورىيەدىكى بىزگە زىيانلىق بىر ئىشنى بىر مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىپ ئۆتەي.

ئۆتكەن يىل، يەنى 2022 - يىلى ئاۋستىرالىيە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى (Australian National University) «شىنجاڭنىڭ 0 - يىلى» (Xinjiang Year Zero) ناملىق بىر كىتابنى نەشر قىلدى. بۇ كىتابنىڭ باش مۇھەررىرلىرىنىڭ بەزىلىرىنى مەن ياخشى بىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن كۆرۈشۈپ ۋە سۆھبەتلىشىپ باققان. ئۇ كىشى ئۇيغۇرغا چىن يۈرىكىدىن كۆيىدىغان بىر زات بولۇپ، كىتابتىكى بىرقانچە ماقالىنى ئۇ ئۆزى يېزىپتۇ. مەن ئۇ كىتابنىڭ «مۇقەددىمە» (Preface) ۋە «كىرىش سۆز» (An Introduction) قىسىملىرىنى تولۇق ئوقۇپ چىقتىم. «مۇقەددىمە» قىسمى ناھايىتى ئىلمىي، ئادىل ۋە ئۇنىۋېرسال يېزىلىپتۇ. «كىرىش سۆز» قىسمىنى باش مۇھەررىرلەر يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى كۆپىنچە مەزمۇنلارمۇ ياخشى يېزىلىپتۇ. ئەمما بىر يەردە ئېغىر خاتالىق بار ئىكەن. ئۇ خاتالىق بار يېرىدە مۇنداق دېيىلگەن (سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى ئەمەس، ئاساسىي مەزمۇنى. مەن ماقالىنىڭ مۇشۇ قىسمىنىڭ ئاخىرىغا مەزكۇر ئىنگلىزچە مەزمۇننى ئەينەن قوشۇپ قويدۇم):

> «ئۇيغۇر ۋەتىنىگە قايتىدىن ئىسىم قويۇشتا ئاۋازىنى ئەڭ كۈچلۈك چىقىرىۋاتقانلار شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇر لوبىيچى تەشكىلاتلار بولۇپ، ئۇلار ۋەتىنى ئۈچۈن *1930* - ۋە *1940* - يىللىرى قۇرۇلغان دۆلىتىنىڭ ‹شەرقىي تۈركىستان› دېگەن ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىستەيدۇ. ئەمما، ‹شەرقىي تۈركىستان› دېگەن ئىسىم ئۈچۈن لوبىيلىق قىلىۋاتقان

*پائالىيەتچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى پەقەت ئۇيغۇرلاردىنلا تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلار بىر خىل ئۇلۇغ قانات ئېتنو - مىللەتچىلەرگىلا مۇراجىئەت قىلىپ، دېموكراتىيەنى ۋە مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيدىغان باشقا مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايۋاتقانلىقىدەك بىلىنىدى. شۇڭلاشقا بىز ‹شەرقىي تۈركىستان› دېگەن ئىسىمنى ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، ‹شەرقىي تۈركىستان› دېگەن ئىسىم خىتاي مېدىيەلىرىدە سۇرىيە ۋە پاكىستاندا ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان زوراۋان كۈچلەرگە باغلاپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەمەس مىللەت كىشىلىرى ۋە خىتاي پۇقرالىرىنىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلقلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلىرىنى قوللىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا بىز بۇ زېمىننىڭ مۇستەملىكە ئىسمى ‹شىنجاڭ›نى ئىشلەتتۇق.»*

مەن يەنە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمىساممۇ، بىر نورمال ئەقىل ئىگىسى يۇقىرىقى بايانلارنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، دۇنياغا قانداق خاتا مەلۇمات بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. تارىختىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىسى بولغان بارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالسۇن، دەپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمىنى «ئۇيغۇرىستان» ، «ئۇيغۇرىيە» ياكى باشقا بىر نەرسە، دەپ ئالماي، «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىغان ئىدى. مەزكۇر كىتابنىڭ باش مۇھەررىرلىرى بولسا بۇ تارىخىي پاكىتنى پۈتۈنلەي بۇرمىلاپ، دۇنياغا خاتا ئۇچۇر يەتكۈزگەن. شۇڭلاشقا 2022 - يىلى 9 - دېكابىر كۈنى ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋام قىلىۋاتقاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا سۆزگە چىققان دوكتور ئادرىئان زېنز (Adrian Zenz) يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى تىلغا ئېلىپ، يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا قاتتىق نارازى بولۇپ: «ئۇيغۇرلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي ۋەقەلەرنى دۇنياغا چۈشەندۈرۈش ئىشىنى باشقا مىللەت كىشىلىرى ئەمەس، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قىلىشى كېرەك. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى زىيالىيلار بىتەرەپ مەيدان تۇتقان ۋە ئىلمىي ئۇسۇل قوللانغان ئاساستا، ئۆزىنىڭ تارىخىنى ۋە ھازىرقى ھالىتىنى دۇنياغا ئۆزلىرى سۆزلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا ئۇيغۇرلار تارتىدىغان زىيانلار ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ» دېدى. مەن «شىنجاڭنىڭ 0 - يىلى» دېگەن كىتابتىن بۇرۇن خەۋەر تاپمىغان بولۇپ، ئاشۇنداق بىر كىتابنىڭ بارلىقى ۋە ئۇنىڭدا يۇقىرىقىدەك ئېغىر مەسىلە سادىر بولغانلىقىنى دوكتور ئادرىئان زېنزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن دوكتور ئادرىئان زېنزدىن مەزكۇر كىتابنىڭ تور ئادرېسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ باش قىسمىنى ئوقۇپ چىقتىم. ھازىر دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار خېلى كۆپ ساندا يۈز بېرىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىپ، مىللەت ئۈچۈن پىدائىي بولۇپ خىزمەت قىلىپ، شۇ يولدا ھەر خىل ئىجابىي ۋە ھەل قىلغۇچ تۆھپىلەرنى يارىتىش پۇرسەتلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇنداق پۇرسەتلەرنى ئۇيغۇر ئۆز ئىچىدە تالىشىپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. ئۇنداق پۇرسەتلەر چەت ئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارغا يېتىپ، ئېشىپمۇ قالىدۇ. يۇقىرىقىدەك خەلقئارا سەھنىلەردىكى 2 - كاتېگورىيەدىكى ياخشى كىشىلەر سادىر قىلغان خاتا تەشۋىقاتلارنى دۇنيا خەلقىگە كۆرسىتىپ بېرىش، ۋە مۇمكىن بولسا ئۇلارنى تۈزىتىپ بېرىش، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىمىزنى خىتاي زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشتا قىلمىساق بولمايدىغان مۇھىم ئىشلارنىڭمۇ بىرى.

«شىنجاڭنىڭ 0 - يىلى» دېگەن كىتابنىڭ مۇھەررىرلىرىدىن بىرى 2019 - يىلى لوس ئانژېلېستىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا كېلىپ، ئۇيغۇر پاجىئەسى ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر لېكسىيە يىغىنىدا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغان بولۇپ، ئۇ يىغىنغا مەنمۇ بارغان. ئۇ كىشى ئۆز نۇتقىدا: «خىتاي بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى لاگېرلارغا سولىدى» دېدى. مەن يىغىندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلاشقاندا، مەن ئۇنىڭدىن: «يېقىندا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ بىر ئەمەلدارىمۇ

لاگېرلارغا سولانغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى 3 مىليونغا يېقىن، دېدى. ھەقىقىي سان ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. سىز نېمىشقا ھېچ بولمىغاندا 3 مىليون، دەپ ئالمايسىز؟ » دەپ سورىدىم. ئۇ ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «ئەركىن، ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن پاجىئە ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر. ئەمما مۇخبىرلىق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مىليونمۇ ئىنتايىن چوڭ سان بولۇپ، ئۇ سانىنىڭ ئوينايدىغان رولى 3 مىليون بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر مەن 3 مىليون دېسەم، خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى ئاسانلا يالغانچىغا چىقىرىپ، مېنىڭ نوپۇزۇمغا تەسىر يېتىدۇ» . مەن بۇ سۆزدىن مۇنداق بىر ھەقىقەتنى چۈشەندىم: ئۇيغۇرلارغا باشقىلار ئىگە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقمايدىكەن؛ ئۇلار ئۆچۈن نوپۇزنى ساقلاش ھەقىقەتنى سۆزلەشتىن ئۈستۈن تۇرىدىكەن. مەن «2014 - يىلىدىن بۇيان 9 مىليوندەك ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىدىن غايىب بولدى، ئۇلاردىن بىر مىليوندىن كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ياكى ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن گەپنى ئىنگلىزچە تۋىتتېرىمدا، ئىنگلىزچە سۆھبەت ۋە لېكسىيەلەردە، ئىنگلىزچە چوڭ مېدىيەلەردە سۆزلىگەندە دەپ كېلىۋاتقىنىمغا بىرقانچە يىل بولدى. مېنىڭ يېقىن دوستلىرىم ئىچىدىمۇ «ئەركىن ئاكا، خەلقئارا قوبۇل قىلالمايدىغان ئۇنداق سانلارنى دەۋەرسىڭىز، سىزنىڭ ئىناۋىتىڭىز ۋە نوپۇزىڭىزغا يامان تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەنلەر بولدى. مەن ئۇنداق دوستلىرىمغا: «مىللەتكە پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدىغان، مىللەتكە ئەسقاتمايدىغان ئىناۋەت، نوپۇز ۋە شەرەپلەرنىڭ ماڭا كېرىكى يوق. مەن ئىشلەتكەن سانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بار – ئۇلار ۋەتەندىن كەلگەن، مەن توقۇپ چىققان سانلار ئەمەس. ئۇلار ۋەتەندىكىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ئامانىتى. ئۇنى خەلقئارا سەھنىلەردە ئوتتۇرىغا چىقىرىش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم» دەپ جاۋاب بەردىم. قىسقىسى، مىللىتىمىزگە بىز ئۇيغۇرلار ئۆزىمىز ئىگە چىقىشىمىز كېرەك. باشقىلار ھەرگىزمۇ ئۇيغۇر مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويمايدۇ.

«شىنجاڭنىڭ 0 - يىلى» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابنىڭ 12 - بېتىگە يېزىلغان، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇننىڭ ئەينەن تېكىستى مۇنداق:

«The most strident voices when it comes to renaming these homelands are from Uyghur advocacy organisations based in North America and Europe who wish to reclaim the term ‘East Turkestan’—the historical name claimed first by a short-lived Islamic republic in the 1930s and then by a Soviet-backed republic in the 1940s. However, since many of the advocates of East Turkestan appear to be exclusively Uyghur and appeal to a type of right-wing ethnonationalism rather than an inclusive democratic and decolonial ethos, we have decided not to use this name. Furthermore, because the term East Turkestan is associated in Chinese media discourse with small Uyghur militant groups in Syria and Pakistan, the name carries with it associations that act as obstacles to solidarity for many non-Uyghurs and Chinese citizens who otherwise may stand in solidarity with oppressed peoples in northwestern China. In the absence of a name that addresses the concerns of hundreds of thousands of native peoples who would be excluded through the adoption of the name East Turkestan, we have used the colonial name Xinjiang as a reminder of the prohibition of formal decolonial political formations inside China.»

مەزكۇر كىتاب ھەقسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن چۈشۈرگىلى

بولىدۇ:

https://press.anu.edu.au/publications/xinjiang-year-zero

## 8. كىتاب ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى ھەققىدە

مەن مەزكۇر ماقالە ئۈچۈن ئامازوندىن سېتىۋېلىپ پايدىلانغان ئىنگلىزچە كىتابنىڭ ئىسمى «دىكتاتورلۇقتىن دېموكراتىيەگىچە» (From Dictatorship to Democracy) بولۇپ، ئۇنى 1928 – 2018 - يىللىرى ياشىغان گىنى شارپ (Gene Sharp) ئەپەندى يازغان. گىنى ئەپەندى ئامېرىكىدىكى ئوخايو ئىشتات ئۇنىۋېرسىتېتى (Ohio State University) نىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ۋە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئېلىپ، ئەنگلىيەدىكى ئوكسفورد (Oxford) ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسەت ئىلمى كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ يەھۇدىي مىللىتىدىن بولۇپ، پۈتۈن ئۆمرىنى زوراۋانسىز كۈرەش تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇ گەندىنى كۆپ تەتقىق قىلغان، ھەمدە دۇنياغا داڭلىق فىزىكا ئالىمى ئالبېرت ئېينىشتېين بىلەن يېقىن ئۆتكەن. ئۇ ئامېرىكىدا «ئالبېرت ئېينىشتېين ئىنستىتۇتى» نى قۇرۇپ، زوراۋانسىز ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ تەتقىقاتى ۋە تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بىر مەزگىل خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىمۇ پىروفېسسور بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 4 قېتىم نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا نامزات بولغان، ھەمدە 2012 - يىلى ئاشۇ مۇكاپاتقا ئېرىشىشكە ئاز قالغان. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ئامېرىكا ۋە خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. مەزكۇر كىتاب گىنى ئەپەندىنىڭ 40 يىلدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، 2002 - يىلدىن 2012 - يىلغىچە 8 قېتىم قايتا نەشر قىلىنغان، ھەمدە 28 خىل تىلغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇ 28 خىل تىلنىڭ ئىچىدە قىرغىزچە، ئۆزبېكچە ۋە تىبەتچىمۇ بار. ئۇنىڭ خىتايچىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇنى توردىن ھەقسىز چۈشۈرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ تور ئادرېسىنى مۇشۇ قىسمىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويىدۇم.

مېنىڭ قولۇمدا يۇقىرىقى كىتابقا ئوخشاش ناھايىتى داڭلىق ئىنگلىزچە كىتابلاردىن بەشتەك كىتاب بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى 160 بەتتىن ئاشمايدۇ. مەزكۇر كىتاب 138 بەت ئىكەن.

## ئاخىرقى سۆز

چوڭ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلىلەردىن مۇنداقلىرى بار:

(1) خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىي دەۋا ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى پارچىلاپ يوقىتىش ئىش - ھەرىكەتلىرى؛

(2) بەزى نادان ئۇيغۇرلارنىڭ كۈرەش نىشانىنى زالىم خىتاي ھاكىمىيىتىگە ئەمەس، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى (د ئۇ ق) غا ئوخشاش ئەمەلىي ئىش قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا قارىتىپ، پائالىيەتچىلەرنىڭ ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر سىياسىي دەۋاسىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇشى ۋە چوڭ زىيانلارنى سېلىشى؛

(3) قالپىقى چوڭ ئەمما ئىچى قۇرۇق، ئىسمى چوڭ ئەمما ئەمەلىي قابىلىيىتى يوق، ھەمدە ئۇيغۇر سىياسىي دەۋاسى ئۈچۈن ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى ۋە قىممىتى يوق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ توختىماي قۇرۇلۇشى؛

(4) نامى چوڭ ئەمما ئەمەلىي قىممىتى يوق، ياكى ئەمەلىي قىممىتى تۆۋەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز

ئىچىگە قارىتىلغان يىغىنلارنىڭ كۆپلەپ ئېچىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ماددىي مەبلىغى، ۋاقتى ۋە زېھنىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ قىلىنىشى ۋە ئۇيغۇرلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈشى؛

(5) خېلى كۆپ كىشىلەر ئۆچۈن «مىللىتىم» دېگەن ئۇقۇم «مېنىڭ كېڭەيتىلگەن ئائىلەم» بىلەن باراۋەر بولۇپ قالدى. ئۇلار ۋەتەندىكى ئاتا - ئانىسى ياكى قېرىنداشلىرى ياكى يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن پات - پات ئالاقىلىشىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ يوقاپ كەتمىگەنلىكىنى «مىللىتىم ساقكەن» دەپ ھېسابلاپ، شۇنىڭ بىلەن چەت ئەلدىكى سىياسىي دەۋادىن ئۆزلىرىنى يىراق تۇتۇپ ياشاۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن غايىب قىلىنغان 9 مىليونده‌ك ئۇيغۇر ئۇلارنىڭ كاللىسىغا زادىلا خاتىرىلەنمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن سىياسىي دەۋاغا كىرگەن كىشىلەرنىڭ سانى چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يىرىمىدىنمۇ كۆپ ئاز بولۇۋاتىدۇ. ئەكسىچە، توي، كۆڭۈل ئېچىش ۋە مېھماندارچىلىق سورۇنلىرى ھەمدە دالا ئولتۇرۇشى (picnic) غا ئوخشاش ئىشلارغا كېلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى ناھايىتىمۇ كۆپ. ئۇ يەردە كەيپىيات ئۇستۇن ۋە قىزغىنلىق يۇقىرى بولۇپ، ئۇنداق سورۇنلاردىكى كىشىلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئادەملىرى» دېسە، باشقىلار ئاسانلىقچە ئىشەنمەيدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى ئۇلاردا قوزغاتقۇچى كۈچ ياكى مەقسەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. مەقسەت بولسا ئىش - ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئېھتىياج ياكى زۆرۈرىيەت ئىندىۋىدۇئاللارنىڭ (شەخسلەرنىڭ) ۋە تەشكىلاتلارنىڭ قانداق قارار ئېلىشىنى، قولىدا بار مەبلەغلەرنى قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىشىنى ۋە قايسى ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىنى بەلگىلەيدۇ. بىزنىڭ بىر قىسىم نادان قېرىنداشلىرىمىز مۇشۇنداق ئىش - ھەرىكەت ئىلمىنىڭ ئاددىي قانۇنىيەتلىرىدىن بىخەۋەر ھالدا، بۇ ساھەدىكى كەسپىي بىلىملەرنى بىلمىگەن ئاساستا، ئۆزلىرىنى يېتەرلىك دەرىجىدە تەربىيەلىمەي، ئالدى بىلەن تەشكىلات قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى باشلىق دەپ ئېلان قىلىپ، ئاندىن قۇرغان تەشكىلاتى ئۈچۈن ئىش ئىزدەۋاتىدۇ، ھەمدە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزلىرى ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە قىممىتى بار ئىش تاپالماي، قۇرغان نەرسىلىرىنى «نامى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق» تەشكىلات سۈپىتىدە ساقلاپ مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنداق تەشكىلاتلارنى قۇرغانىنىڭ ئورنىغا د ئۇ ق غا ياردەملىشىپ ئىش ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى ۋە قىممىتى جىق ياخشى بولار ئىدى. ئەمما بىز ئۇنداق قىلالمايۋاتىمىز.

بىزدە ھازىر ھەر يىلى ئوخشىمىغان تەشكىلاتلار تەرىپىدىن 30 – 50 كىشىلىك يىپىق يىغىنلار ئېچىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي قىممىتى كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشلىرىنىڭكىدىن ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بەزىدە يىغىنىنىڭ تېمىسى ناھايىتى چوڭ، ئەمەلىيەتتە بولسا چۈشكەن ئىدىيەلەر، كۆزقاراشلار ۋە پىكىر - تەكلىپلەرنىڭ ئانچە تايىنى يوق، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھېچ قانداق خاتىرىسى يوق. يەنى ماقالىمۇ يوق، چوڭ ئېكراندا كۆرسىتىدىغان مەزمۇنمۇ يوق. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىنلا ئۇ يىغىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىلەر غايىب بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى يىغىنلاردا بۇرۇنقى خىزمەتتىن دوكلات يوق، كېيىنكى خىزمەتلەر ھەققىدە پىلان تۈزۈش يوق، ھەمدە ھېچ كىمگە مەسئۇلىيەت بېرىش يوق، شۇنداقلا ھېچ كىمنى مەسئۇلىيەتكە تارتىشمۇ يوق. بۇنداق يىغىنلار ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئەڭ راھەت ئىشلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ.

قەبىھ خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ سابىق رەھبىرى ماۋ زېدوڭنىڭ مۇنداق بىر گېپى بار: «ئىنقىلاب قىلىش مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس.» ئەگەر ئۇيغۇرلار قىلىۋاتقان بەزى ئىشلارغا ئاشۇنىڭغا ئوخشاش كۆرسەتمە بېرىشكە توغرا كەلسە، ئۇنى مۇنداق بايان قىلىش مۇمكىن:

ئىنقىلاب قىلىش، تەشكىلات قۇرۇپ، قۇرۇلۇش مۇراسىمىنى رەسىم - ۋىدىيولارغا ئېلىپ، ئاشۇ رەسىم - ۋىدىيولارنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلارغا چىقىرىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىش ئەمەس؛

ئىنقىلاب قىلىش، چوڭ قالپاقلار كىيدۈرۈلگەن يىغىنلارنى ئېچىپ، يىغىن كۆرۈنۈشلىرىنى رەسىملەرگە ئېلىپ، ئاندىن ناھايىتى تەسىرلىك خەۋەردىن بىرنى يېزىپ، ئۇ خەۋەرگە رەسىملەرنى قوشۇپ تورلارغا چىقىرىپ قويۇپ، شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىش ئەمەس.

مەزكۇر ماقالىدە چۈشەندۈرۈلگىنىدەك، بىر مىللەتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرۇشىدا ناھايىتى كۈچلۈك «ئىنسان ئاپپاراتى» نى بەرپا قىلىش ناھايىتىمۇ مۇھىم، ئەمما بىر قىسىم ئۇيغۇرلار قىلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئىشلار ئۇنداق «ئىنسان ئاپپاراتى» قۇرۇش ئىشلىرى ئەمەس.

مەن ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن باشلاپ ياشىغان ئۆمرۈمدىكى ئىشلار ئۈستىدە كۆپ ئويلىنىپ، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى يىرىم ئەسىرنىڭ مابەينىدىكى ئەھۋالى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئۆزىمىزنىڭ چىقىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، بىزدە ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئەڭ چوڭ مەسىلە – مىللەت ساپاسى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاشۇ جەھەتتىكى ئەھۋالىمىزنى ياخشىلاش يولىدا ئىككى قېتىم بەزى ئىشلارنى پىلانلاپ باققان بولسامۇ، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ئىشنى قىلالمىدىم. مۇۋاپىق بىر پەيتتە بۇ ھەقتە مەن ئايرىم توختىلىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن، ھازىر ياشاۋاتقان 40 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى ياشتىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولامدۇ - يوق، ئۇ ھەقتە بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىنى يۇقىرى ساپالىق، يۇقىرى ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈش بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك. مەزكۇر ماقالىدە بۇ مەسىلىمۇ قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، مەن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە تەييارلايدىغان ماقالىلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى يەنە مەخسۇس مۇشۇ مەسىلىگە قارىتىشىم مۇمكىن.

بىز «مىللەت ئۈچۈن جېنىم پىدا»، «ۋەتەن ئۈچۈن جېنىم پىدا» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەرنى پات - پات ئاڭلاپ تۇرىمىز. خۇدايىم بۇيرۇسا، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن جانىنى پىدا قىلىدىغان بىر كۆڭلەر كەلگۈسىدە چوقۇم كېلىدۇ. ئۇ كۈنلەر كېلىشتىن بۇرۇن، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن ۋەتەننى ئازاد قىلىش يولىدا چەت ئەلدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۈرەشلەرگە ۋاقتىمىزنى پىدا قىلىش، زېھنىمىزنى پىدا قىلىش ۋە پۇلىمىزنى پىدا قىلىش – نۆۋەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ تاللاشتۇر.

كىتابنىڭ خىتايچە تەرجىمىسى: 从独裁到民主
https://freedomcn.org/wp-content/uploads/2018/01/从独裁到民主.pdf

گىنى شارپ ئەپەندىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:
https://en.wikipedia.org/wiki/Gene_Sharp

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى:



دوكتور ئەركىن سىدىق

- 1958 - ئاقسۇدا تۇغۇلغان
- 1965 - ئاقسۇ شەھەرلىك 4 - باشلانغۇچقا كىرگەن
- 1970 - ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن
- 1976 - ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيەسىگە «قايتا تەربىيە» ئېلىشقا بارغان
- 1978 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىق كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1983 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە كىرگەن
- 1983 - شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان
- 1985 - ياپونىيە ئوساكا ئېلېكترونلۇق خەۋەرلىشىش ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىككى يېرىم يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا
- 1988 - ئامېرىكىنىڭ لوس ئانژېلىس رايونىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1990 - ئامېرىكا دەيۋىس (Davis) شەھرىدىكى كالىفورنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئېلېكتىر ئىنژېنېرلىق كەسپى دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن
- 1995 - ئامېرىكا سان فىرانسىسكو رايونىدىكى ساندىئا دۆلەت تەجرىبىخانىسىدا بىر يېرىم يىللىق دوكتور - ئاشتى خىزمىتىنى باشلىغان
- 1996 - كالىفورنىيە كىرېمنىي جىلغىسىدىكى ئۈچ يۇقىرى تېخنولوگىيە شىركىتىدىكى يەتتە يىللىق ئىنژېنېر ۋە «ئىنژېنېرلار باشلىقى» خىزمىتىنى باشلىغان
- 2004 - ئامېرىكا ئالەم قاتنىشىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى NASA دا ئالىي دەرىجىلىك ئوپتىكا ئىنژېنېرلىق خىزمىتىنى باشلىغان

4

# روھىي ساغلاملىق ۋە ئۇنىڭ دەۋاغا كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى

مەمەت ئىمىن دوختۇر

2023 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى

## 1. كىرىش سۆز

روھىي ساغلاملىق يالغۇز بىزنىڭ ئۇنىۋېرسال ساغلاملىقىمىزنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ بىزنىڭ ساغلام تەپەككۇر قىلىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر. ساغلام تەپەككۇر، توغرا قارار ۋە توغرا ھەرىكەتنىڭ ئاساسىدۇر. ئەگەر بىزنىڭ روھىمىز ساغلام بولمىسا، تەپەككۇرىمىز ساغلام بولمايدۇ. ئەگەر بىز ساغلام تەپەككۇر قىلالمىساق، ئۇ زامان بىز توغرا قارار چىقىرالمايمىز، نەتىجىدە دەۋا ساغلام تەرەققىي قىلمايدۇ.

نۆۋەتتە، دەۋاغا ئېغىر سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان پسىخىكىلىق مەسىلىلەر: چۈشكۈنلىشىش، گۇمانخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىنى مەركەز قىلىش ۋە روھىي قۇللۇق بولۇپ، چۈشكۈنلىشىش، خەلقىمىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش ئارقىلىق دەۋاغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتسە، گۇمانخورلۇق، خەلقىمىزنىڭ ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئارقىلىق، دەۋاغا سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدۇ. ھەسەتخورلۇق، دەۋادا ئاساسلىق رول ئويناۋاتقانلارغا قارشى ئورا كولاشقا سەۋەب بولسا، شەخسىيەتچىلىك ۋە ئۆزىنى مەركەز قىلىش، خەلقىمىزنىڭ دەۋا بېشىدىكىلەرگە بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىغا سەۋەب بولۇپ، ئۇلارنىڭ دەۋاغا بولغان قوللىشىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. روھىي قۇللۇق، ھەممىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، دەۋانىڭ مەڭگۈ ئالغا باسماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بىزنىڭ روھىي ساغلاملىققا بولغان تونۇشىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، يالغۇز بىزنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ساغلاملىقىمىز ئۈچۈن مۇھىم بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ بىزنىڭ ساغلام تەپەككۇر قىلىشىمىز ۋە دەۋانىڭ ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم.

روھىي ساغلاملىق دېگەندە، ئىنسانلارنىڭ تونۇشى، ھېس - تۇيغۇسى، ئوي - خىيالى، تەپەككۇرى ۋە سۆز - ھەرىكىتى جەھەتتىكى ساغلاملىقنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە «نورمال پسىخىكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىنساننىڭ روھىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشى، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئىنسان روھىي جەھەتتىن ساغلام بولمىغاندا، ھەر خىل جىسمانىي كېسەللىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، قانداق ئويلىشى، قانداق تەپەككۇر قىلىشى ۋە قانداق ھەرىكەت قىلىشى قاتارلىقلار روھىي ساغلاملىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىز روھىي ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنى، دەۋاغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىنى ياخشى تونۇپ يەتكەندە، ئاندىن ئۇلاردىن ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرىنىڭ ئالدىنى ئالالىشىمىز مۇمكىن.

## 2. ئىنساننىڭ روھى ساغلام بولغاندا:

1) كەيپىياتى تۇراقلىق، ئاكتىپ، ئۈمىدۋار بولىدۇ؛
2) شەيئىلەرگە ياخشى تەرەپتىن قارايدىغان بولىدۇ؛
3) تەپەككۇرى ئېنىق ۋە ساغلام بولىدۇ؛
4) ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا كۆپ تاپا - تەنە قىلمايدۇ؛
5) مەغلۇبىيەت، قىيىنچىلىق ئالدىدا ئاسانلىقچە ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ؛
6) مەغلۇبىيەت ۋە قايغۇ ھەسرەتتىن تېز ئەسلىگە كېلەلەيدۇ؛
7) كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولىدۇ، كۆرەلمەس، ئىچى تار ۋە ھەسەتخور بولمايدۇ.

## 3. روھىي ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار:

1) ئېغىر دەرىجىدىكى جىسمانىي زەربە ۋە زەخمە: ئۇرۇش، توقۇنۇش، تەبىئىي ئاپەت، قاتناش ۋەقەسى، قاتىللىق، جىنسىي تاجاۋۇزلۇق، جىسمانىي جازا؛
2) روھىي زەربە ۋە زەخمە: روھىي جازاغا ئۇچراش، خورلىنىش، خارلىنىش؛
3) ئىجتىمائىي ئامىللار: ئۇزۇن مۇددەت ئادالەتسىزلىككە ئۇچراش؛
4) ئائىلىدىكى ئۇرۇش - جېدەل، ئىناقسىزلىق ۋە زوراۋانلىق؛
5) بالىلىق ۋاقتىدىكى خارلىنىش، نەزەردىن ساقىت بولۇش؛
6) يالغۇزلۇق، يەكلىنىش ۋە كەمسىتىلىش؛
7) تۇرمۇش ۋە خىزمەتتىكى جىددىيچىلىك ۋە بېسىم.

## 4. كۆپ ئۇچرايدىغان روھىي ساغلاملىق مەسىلىلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى

نۆۋەتتە خەلقىمىز ئىچىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە سادىر بولۇۋاتقان ۋە دەۋاغا ئېغىر سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈش ئېھتىمالى بولغان پسىخىكىلىق مەسىلىلەر ئاساسلىقى چۈشكۈنلىشىش، گۇمانخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، ئۆزىنى مەركەز قىلىش ۋە روھىي قۇللۇق قاتارلىقلار بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇلارنى تونۇپ يېتىشى، ياكى ئۇلارغا بولغاندا چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن دەۋاغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

## 4.1 چۈشكۈنلىشىش

چۈشكۈنلىشىش، ئىزچىل داۋاملاشقان روھىي كەيپىياتنىڭ تۆۋەنلىشى ۋە قايغۇرۇش بولۇپ، ئۇ ئادەتتىكى چۈشكۈنلىشىش ۋە كىلىنىكىلىق چۈشكۈنلىشىش، يەنى «چۈشكۈنلۈك كېسىلى» ياكى «خامۇشلۇق كېسىلى» دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

ئىنسان چۈشكۈنلەشكەندە، ھېس - تۇيغۇ، ئەقىل ۋە تەپەككۇر تەسىرگە ئۇچراپ، توغرا ھۆكۈم چىقىرىش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ؛ ئۆگىنىش، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەيدۇ؛ نەتىجىدە، خاتا ھۆكۈم سەۋەبىدىن خاتا ھەرىكەت قىلىشى ۋە يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

### 4.1.1 چۈشكۈنلۈكنىڭ كونكرېت ئالامەتلىرى:

1) كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچى ۋە ئۈمىدىنى يوقىتىدۇ؛
2) نېمە قىلغان بىلەن بىكار، پايدىسى يوق دەپ قارايدۇ؛
3) كەيپىياتى تۇراقسىز ۋە ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان بولىدۇ؛
4) باشقىلار بىلەن ئارىلاشمايدۇ، جامائەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؛
5) تەپەككۇر قىلىش قالايمىقان ۋە ئاستا بولىدۇ؛
6) ئەستە تۇتۇش، زېھنىنى يىغىش ۋە توغرا قارار چىقىرىش تەس بولىدۇ؛
7) داۋاملىق ھارغىنلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلىدىغان بولىدۇ؛
8) ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۆزىنى يارىماس ۋە گۇناھكار ھېسابلايدۇ؛
9) ھەممە نەرسىگە سەلبىي جەھەتتىن قارايدۇ؛
10) ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلايدۇ.

چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولغان ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغىنى ئۈچۈن، كەلگۈسىگە كۆپ ئۈمىدى يوق بولۇپ، قانداق قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. ھەممە ئىشقا سەلبىي تەرەپتىن قارايدۇ؛ دەۋاغا ئارىلاشمايدۇ، ھەتتا دەۋانى ئىنكار قىلىپ، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

## 4.2 گۇمانخورلۇق

گۇمانخورلۇق كېسىلى ئادەتتە «پىرىنوئىد خاراكتېر بىنورماللىقى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل بىنورماللىققا گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ مىجەزى غەلىتە بولىدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېتەرلىك سەۋەب بولماي تۇرۇپ، داۋاملىق باشقىلاردىن گۇمان قىلىشتۇر.

**گۇمانخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىنسانلارنىڭ ئالامەتلىرى:**

1) داۋاملىق باشقىلاردىن گۇمان قىلىدۇ، ھەممە ئىشقا گۇمان بىلەن قارايدۇ؛
2) زىيادە سەزگۈر بولىدۇ، پەقەت تەنقىد قوبۇل قىلمايدۇ؛
3) باشقىلارنىڭ ئادەتتىكى سۆز - ھەرىكىتى ياكى تاسادىپىي ھالىتىدىن باشقىچە مەنە چىقىرىدۇ؛
4) داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئۆزىگە سۇيىقەست قىلىشى، زىيان يەتكۈزۈشىدىن ئەندىشە قىلىدۇ؛
5) ئاسان خۇدۇكلىنىدۇ، سەۋەبسىز باشقىلارغا ئاچچىقلىنىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ؛
6) باشقىلارغا دۈشمەن كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش كويىدا بولىدۇ؛
7) سەۋەنلىكنى باشقىلاردىن ئىزدەيدۇ، ھەممىشە ئۆزىنى توغرا دەپ قارايدۇ؛
8) باشقىلارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ۋە ئاجىزلىقىنى كۆپتۈرىدۇ، مۇبالىغە قىلىدۇ.

گۇمانخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار مەۋجۇت بولغىنى

ئۆچۈن، ھەممە نەرسىگە گۇمان بىلەن قارايدىغان بولۇپ، ھەممە ئادەمدىن گۇمان قىلىدۇ. بەزى خاتالىق ياكى تاسادىپىي ماس كېلىپ قالغان ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ، ئۇلارنىڭ كەينىدە بۆيۈك سۇيىقەستنىڭ بارلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق جامائەت ئىچىدە ئىشەنچسىزلىك ۋە گۇمان پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە، جامائەت ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە جامائەتنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## 4.3 ھەسەتخورلۇق

ھەسەتخورلۇق بىر خىل مۇرەككەپ ھېس - تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ، گۇمانلىنىش، قىزغىنىش، تەھدىت ھېس قىلىش، غەزەپلىنىش ۋە قورقۇش قاتارلىق ھېس - تۇيغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەسەتخورلۇق، ئوخشىمىغان ياش ۋە جىنستىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئۇ ئادەتتە ئۆچىنچى تەرەپتىن تەھدىت ھېس قىلغاندا قوزغىلىدۇ. ھەسەتخور كىشىلەر ھېس قىلغان تەھدىت ئادەتتە ھەقىقىي مەۋجۇت تەھدىت بولۇشى مۇمكىن، ھەم ھەسەت قىلغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تەھدىت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەسەتخورلۇق ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ياكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن پەيدا بولىدۇ.

**ھەسەتخورلۇق كېسىلىگە گىرپىتار بولغان ئىنسانلاردا بولىدىغان ئالامەتلەر:**

1) داۋاملىق قارشى تەرەپنى ئەيىبلەيدۇ، تەنقىد قىلىدۇ؛
2) داۋاملىق قارشى تەرەپتىن قۇسۇر ۋە خاتالىق ئىزدەيدۇ؛
3) داۋاملىق قارشى تەرەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛
4) داۋاملىق قارشى تەرەپنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ، ھەتتا ھاقارەتلەيدۇ؛
5) داۋاملىق قارشى تەرەپتىن گۇمان قىلىدۇ، ئىشەنچسىزلىك ھېس قىلىدۇ؛
6) ئۆزىنىڭ ناچار ئوي - خىيالىنى ۋە قىلمىشىنى كونترول قىلالمايدۇ؛
7) قارشى تەرەپنى ئۆزىگە رىقابەتچى ياكى تەھدىت ھېسابلايدۇ؛
8) قارشى تەرەپ بىلەن تولا گەپ تالىشىدۇ، قارشى تەرەپكە مەقسەتلىك خاتا مەسلىھەت ياكى خاتا ئۇچۇر بېرىدۇ؛
9) باشقىلارنىڭ خۇشاللىقىدىن راھەتسىز ھېس قىلىدۇ.

ھەسەتخورلۇق كېسىلىگە گىرپىتار بولغان ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك خاراكتېر مەۋجۇت بولغىنى ئۈچۈن، نەتىجە قازانغان، جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ياكى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىنسانلارغا ھەسەت قىلىپ، ئۇلارغا بوھتان چاپلاش، ئۇلارنى قارىلاش، ئۇلارنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى باشلامچىلىق رولىنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان بولىدۇ. نەتىجىدە كۆپچىلىك قايمۇقۇپ، كىمگە ئەگىشىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. ھەسەتخور كىشىلەرنىڭ شەخسىي ھەسەتلىرى تۈپەيلىدىن دەۋانىڭ ساغلام تەرەققىياتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

## 4.4 شەخسىيەتچىلىك

شەخسىيەتچىلىك ئىنساننىڭ ماھىيىتىدە تەبىئىي مەۋجۇت بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي قىلمىش بولۇپ، ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەگەر ئۇ مەلۇم چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئاندىن بىنورماللىق ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، بۇ يەردە دېيىلگەن شەخسىيەتچىلىك بىر خىل بىنورماللىق ھېسابلىنىدۇ.

**شەخسىيەتچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى:**

1) ھەر زامان پەقەت ئۆزى ياكى ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدۇ، ئاچ كۆز بولىدۇ؛
2) ھەرقانداق ئادەم بىلەن پەقەت پايدىلىنىش ياكى قوللىنىش ئۈچۈن ئارىلىشىدۇ؛
3) ھېچكىمگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى ئويلىمايدۇ؛
4) بىرەر نەرسىنى باشقىلار بىلەن ھەمبەھىرلەشنى ئانچە خالىمايدۇ؛
5) نورمالدا تەنقىد قوبۇل قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىمايدۇ؛
6) ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە خاتالىقىنىڭ سەۋەبىنى باشقىلاردىن كۆرىدۇ؛
7) ھەممە نەرسىگە ئۆزىنى لايىق كۆرىدۇ ياكى ھەممە نەرسىدە ئۆزىنىڭ ھەققى بار دەپ قارايدۇ؛
8) ھېسداشلىق تۇيغۇسى كەم بولىدۇ؛
9) داۋاملىق باشقىلارغا قارشى سۇيىقەست پىلانى تۈزىدۇ؛
10) باشقىلاردىن ئۈچ ئېلىش تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ.

شەخسىيەتچى ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك خاراكتېر مەۋجۇت بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىنى ئومۇملۇقنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈستىگە قويۇۋېلىپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئومۇملۇقنىڭ، مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى بەك ئويلاپ كەتمەسلىكى، ھەتتا ئۇنى زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

## 5. ئۆزىنى مەركەز قىلىش

ئۆزىنى مەركەز قىلىش «خاراكتېر بىنورماللىقى» دېگەن بىر خىل پىسخىكىلىق كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە يۇقىرى چاغلايدۇ؛ ئۇلار ھەر زامان ئۆزىنى ماختاش ئارقىلىق ياكى ھەر خىل چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا تىرىشىدۇ.

**ئۆزىنى مەركەز قىلىش خاراكتېر بىنورماللىقىنىڭ ئالامەتلىرى:**

1) ئۆزىنى بەك ئەقىللىق بەك مۇھىم دەپ قارايدۇ؛
2) ھەر زامان ئۆزىنى توغرا دەپ قارايدۇ ۋە ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدۇ؛
3) ئۆزىدىن كۈچلۈكلەردىن ھەسەت قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىنكار قىلىدۇ ياكى ئۇلاردىن يىراق تۇرىدۇ؛
4) ھەر زامان ئۆزىنى ئويلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەيدۇ؛
5) ھەر زامان ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ؛
6) ئۆزىنىڭ تالانتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇبالىغە قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى ماختايدۇ؛
7) ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، باشقىلارنى ئاڭلىمايدۇ؛
8) كەيپىياتى تۇراقسىز ۋە ئۆزگىرىشچان بولىدۇ، باشقىلاردىن ئاسان رەنجىيدۇ؛
9) داۋاملىق ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ؛
10) . ئۆزىنى چوڭ بىلگەنلەر ۋە ئۆزىنى ماختىغانلار بىلەنلا ئارىلىشىدۇ؛

ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن شەخسىيەتچىلەر ئارىسىدا بەزى ئورتاقلىقلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئارىسىدا يەنىلا بەزى پەرقلەر بار. ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى تونۇپ يېتىش، ئۇلارنىڭ دەۋاغا كەلتۈرىدىغان زىيىنىنى تۈۋەنلىتىشتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

1. شەخسىيەتچىلەر ئۆزىدىن باشقىلارنى ئويلىمىغىنى ئۈچۈن، ئۇلاردىن ھېچكىمگە مەنپەئەت كەلمەيدۇ؛ ئەمما ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغانلار باشقىلارنىڭ ماختىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىغا ئېرىشسە، ئۇلار باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنى چوڭ بىلگەن، ئۆزىگە ھۆرمەت قىلغانلارغا ياكى ئۆزىدىن ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ.

2. شەخسىيەتچىلەر، ئۆزىدىن كۈچلۈك ياكى ئۆزىدىن يۇقىرىلارغا چوقۇنىدۇ ۋە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا يېقىنلىشىدۇ، ئۇلاردىن پايدىلىنىشقا تىرىشىدۇ؛ ئەمما ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغانلار، ئۆزىگە چوقۇنىدىغان، ئۆزىدىن ئاجىزلار بىلەن ياخشى ئارىلىشىدۇ، ئۆزىدىن كۈچلۈك ياكى ئۆزىدىن يۇقىرىقىلارغا ھەسەت قىلىدۇ، ئۇلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلاشمايدۇ.

3. ئۆزىنى ماختايدىغانلارنى ماختاش، تەقدىرلەش، مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. ماختاش توختاپ قالسا، ئۇلار ئۆچ ئېلىشى مۇمكىن. ئەمما شەخسىيەتچىلەرنى ماختاش، تەقدىرلەش ياكى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئۇلارنى جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان قىلغىلى بولمايدۇ.

4. بەزىدە، ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغانلار بىلەن شەخسىيەتچىلەرنى ئېنىق ئايرىش قىيىن بولۇپ، مەلۇم شارائىت ئاستىدا ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغانلار شەخسىيەتچىگە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن، ئۆزىنى مەركەز قىلىدىغان ئىنسانلار يۇقىرىقىدەك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ئۆزى باشلامچى بولسا، دەۋاغا پايدا يەتكۈزۈشى مۇمكىن. بىراق ئۆزىدىن قابىلىيەتلىك ياكى ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىنسانلار بىلەن ھەمكارلىشالمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئۇسۇلدا بىر ئىشلارنى قىلىپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشى مۇمكىن. ئەمما باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمىغاندا، ئۆزىدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنى ئىنكار قىلىش، قارىلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە تىرىشىشى، نەتىجىدە دەۋانى زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن.

## 6. روھىي قۇللۇق

روھىي قۇللۇق دېگەندە، گەرچە ئىنسان جىسمانىي جەھەتتىن ئەركىن بولسىمۇ، بىراق روھىي دۇنياسى، يەنى ئوي - خىيالى، تەپەككۇرى، قىممەت قارىشى ۋە قىلمىشى مەلۇم ئىدىيە، مەلۇم كۈچ ۋە مەلۇم شەخسنىڭ كونتروللۇقى ياكى تەسىرى ئاستىدا بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى كونترول قىلغان ياكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن كۈچ ھەر دائىم ئۇ ئىنساننىڭ ئەتراپىدا بولۇشى ناتايىن، ئەمما ئۇ چوقۇم ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدە ياكى روھىي دۇنياسىدا ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

**روھىي قۇللۇقنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى:**

1) ئۆز قوۋمى، ئۆز قوۋمىدىن چىققان قەھرىمان، ئالىم ياكى مەشھۇر زاتلارنى ئىنكار قىلىدۇ ياكى ئۇلارنى چۈشۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ؛
2) ئۆزىنى ۋە ئۆز قوۋمىنى كەمسىتىدۇ، ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنىدۇ، داۋاملىق ئۇلارنى ماختايدۇ، مەدھىيەلەيدۇ ياكى ئۇلاردىن پەخىرلىنىدۇ، ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا بولغانلىقىنى كۆز - كۆز قىلىدۇ؛
3) دۈچ كەلگەن پاجىئەنىڭ سەۋەبىنى ئۆزى ياكى ئۆز قوۋمىنىڭ ناچارلىقىدىن دەپ بىلىدۇ.

روھىي قۇللۇققا گىرىپتار بولغان ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار داۋاملىق ئۆز ئىچىدىن چىققان رەھبەر، يولباشچىلارنى ئىنكار قىلىدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىگە ئىشەنمەيدۇ. ئۆز قوۋمىدىكىلەرنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن باشقا قوۋمىدىكىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا، ئۆزىنى ئۆز خەلقىگە كۆيۈنىدىغان قىلىپ

كۆرستىشكە تىرىشىدۇ. نەتىجىدە بەزى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە تەن بېرىدىغان، مىللەتنى باشقىلارغا قۇل قىلىپ بېرىدىغان تەتۈر ئېقىم پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

### خۇلاسە

يۇقىرىقىلار نۆۋەتتە خەلقىمىز ئىچىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋە بىر قەدەر كۆپ ئۇچرايدىغان پسىخىكىلىق مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى تونۇپ يېتىش، ئارىمىزدىكى ئۆزئارا خاتا ئەيىبلەش ۋە ئىنكار قىلىشلارنى ئازايتىپ، مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۆزئارا چۈشەنچىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشتا، ئەڭ مۇھىمى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دەۋانى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

5

# ئۇيغۇر ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرى

بِسْمِ ٱللَّٰهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە رەھىمدىل ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھېيتاخۇن مەتمىن

ئۆلىمالار ئۆز نۆۋىتىدە قوۋمىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا مەشئەل بولىدىغان چىراغلىرى ھېسابلىنىدۇ. زىيالىيلار، سەنئەتچىلەر، سودا - سانائەتچىلەر، كارخانىچىلار ۋە ھۈنەرۋەن - كاسىپلارمۇ ئۆز ساھەسىدە مىللەتنىڭ مۇھىم قاتلىمى ھېسابلانسىمۇ بۇ ماقالىدىكى نۇقتىلىق تېمىمىز ئۆلىمالار بولغاچقا مەن تۆۋەندە پەقەت مۇشۇ ساھەدىلا توختىلىمەن؛ سەرخىل بولۇش يۇقىرى ساپا ۋە ئېغىر مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا ھەقىقىي مەنىدە سەرخىللار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئېغىر بەدەل تۆلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئالىم - ئۆلىمالار زۇلمەت - قاراڭغۇلۇقلاردا، بولۇپمۇ قوۋمىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت چۈشكەندە، قوۋمى ئېغىر كرىزىسقا دۇچ كەلگەندە بىر چەتتە تۇرۇۋالماي، سۈكۈت قىلماي، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىسا، ئەنە شۇ چاغدا قوۋمىغا مەنىۋى يورۇقلۇق ئاتا قىلىدىغان نۇرلۇق چىراغقا ۋە سەرخىل كىشىلەر توپىغا ئايلىنىدۇ، چىراغ ئۆزىنىڭ كۆيۈشى بەدىلىگە ئاندىن باشقىلارغا يورۇقلۇق بېغىشلىغاندەك، ئالىم - ئۆلىمالارمۇ دىنىي بىلىمى ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكىتى، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان، يېڭىلىق يارىتىپ چىغىر ئاچىدىغان، چىقىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ۋە تەمتىرەپ قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىدىغان، ئۈمىد بېغىشلايدىغان سەركىلەردۇر. سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، سەمىمىيىتى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان چىراغ مەسىلىلىك ئالىم - ئۆلىمالارنى ئىلگىرىكى زاماندىكى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە يۈكسەك دەپ قارىغان ۋە ئالىم - ئۆلىمالارغا «پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى» دېگەن شان - شەرەپنى بېرىپ: «ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئىدى.

ئۇنداقتا چىراغ بولۇش، سەرخىل بولۇش ۋە بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئۇلۇغ بولۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا شەرتلىرى بار؛ پەيغەمبەرلەرگە ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇق - تەلىماتىنى يەتكۈزۈش ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە بولغىنىدەك، ئۆزىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى دەپ ھېسابلايدىغان ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزغىمۇ مىللەتنى توغرا يولغا يېتەكلەش ۋە ئالدى بىلەن ئۆزلىرى شۇ

توغرا يولدا يول باشلاپ مېڭىشىمۇ ئۆمۈرلۈك ۋەزىپىدۇر. ئاللاھ تائالا مەنەن مۇنداق دېدى: «**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر**» (سۈرە ئال ئىمران 104 - ئايەت).

بۇ ئايەتتە قوۋم ئىچىدىن ھەقنى ۋە ئادالەتنى ھىمايە قىلىپ ياخشى ئىشلارغا باشلامچىلىق قىلىدىغان، يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر تۈركۈم ئاكتىپ كىشىلەرنىڭ مەشئەل رولىنى ئوينىشى كېرەكلىكى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئالاھىدە جېكىلەنگەن، بۇنىڭغا ئەڭ يېقىن نامزات بىلىش باسقۇچىدىن ئۆتكەن، قورسىقىدا ئۇمىچى بار ئاۋانگارت كىشىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوق. بۇ ئايەتتىن، قوۋمنى ياخشى ئىشلارغا ئۈندەپ، يامان ئىشلاردىن توسالايدىغان ھەم شۇنداق ئىشلارغا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەر ئاندىن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرى بولالايدىغانلىقىنىمۇ ھەم كۆرۈۋالالايمىز. ھېچبىر پەيغەمبەر قوۋمغا يېتەكچىلىك قىلغاندا قورۇق نەزەرىيە سۆزلەپ، ئۆزى رېئال ھاياتنىڭ سىرتىغا چېقىۋالمىغان، دەل ئەكسىچە قوۋمنىڭ ئوتتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ ئۇلارنىڭ ئىككى دۇنيالىق بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلغان ۋە سەپنىڭ ئالدىدا ئۆزى مېڭىپ ئەڭ ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەن، ھەتتا نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا قوۋمنىڭ تىل - ئاھانىتى، بەتنامىلىرىغا دۇچ كەلگەن، بەزىلىرى قوۋمنىڭ دۈشمەنلىكىگە ئۇچراپ جېنىدىنمۇ ئايرىلغان.

دېمەك، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىزباسارلىرى بولۇش يولىدا كېتىۋاتقانلارنىمۇ يۇقىرىقى ئاقىۋەتلەر كۈتۈپ تۇرماقتا.

ئاللاھ تائالا ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزغا بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى نوقۇل مەسچىت - مەدرىسەلەردە نامازدا ئىمام بولۇش، بوۋاقلىقا ئىسىم قويۇش، ئۆلۈم - يېتىم مۇراسىملىرىدا لەرزان ئايەت تىلاۋەت قىلىپ، دۇئا - تەكبىرگە باشچىلىق قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالىدىغانلىغا ئوركېستىر بېشى قىلمىغان، بەلكى زېھنىنى، تەپەككۇرىنى، ۋاقتىنى، پۇل - مېلىنى يىغىپ ئېيتقاندا بارلىقىنى بۇ يولغا تىكىپ قويۇپ ئاللاھ تائالانىڭ ھەق دىنىنى ئۆز پېتى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشنى، ھەق يولدا جەسۇر بولۇشنى تەلەپ قىلغان. سۆيۈملۈك رەسۇلۇللاھىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىر كىشىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇ كىشىنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» دېگەن ئىپادىسى ئارقىلىق دىنىي ئىلىملەردە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشنى ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا قويغان. دىنىي بىلىم ئالغان كىشىنىڭ ھەممىسىلا ئالىم - ئۆلىمالىق سالاھىيەتكە ئېرىشىشى ناتايىن، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆلىمالىق ئۇنۋانىغا ئېرىشىشنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر ئۆلچىمىمۇ ھازىرچە يوق، ئۆلچەمنى قويۇپ تۇرساقمۇ ئۆزىنى ئالىم - ئۆلىما دەپ قارايدىغان ھەركىم دىنىي بىلىمنى بىرقەدەر پۇختا ئىگىلىگەندىن كېيىن مىللىتى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىسا ياكى قىلالمىسا، ئۇ ئۆلىما ھېسابلانمايدۇ، ئۆلىمالىق بۇرچىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ.

ناۋادا شۇ دەملەردە شەرقىي تۈركىستان ئىچىدە ھازىرقىغا نىسبەتەن بىرقەدەر ئەركىن، ھېچ بولمىسا نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى ئادا قىلغىلى بولىدىغان ۋەزىيەتتە ياشاۋاتقان بولساق، شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۆلىمالىرىمىز ئاساسەن ئۆلتۈرۈۋېتىلمىگەن ياكى لاگېر - تۈرمىلەرگە قامالمىغان ھالەتتە بولغان بولسا، بەلكىم بۇ ماقالىنىڭ تەشەببۇسى پەرقلىق مەسىلە ئۈستىدە بولغان بولاتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ماقالىنى شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ئۆلىمالىرىمىز ئوقۇيالمايدىغان بولغاچقا، قاراتمىلىقى ئەلۋەتتە مۇھاجىرەتتىكى ئۆلىمالىرىمىزدۇر.

ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولغىنىدەك، ئوقۇغان ئىلمىگە ئەمەل قىلمىغان، ئۇنى قوۋمغا توغرا ئۇسۇلدا يەتكۈزمىگەن، ئىگىلىگەن ئىلمىنى قوۋمنىڭ مەنپەئەتى، روناق تېپىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئىشلەتمەي، خاتا يولدا ماڭغان، شامال قايسى تەرەپكە چىقسا، شۇ تەرەپكە لىڭشىپ، بۇرۇنقى ئۆلىمالار قانداق پەتىۋا بەرگەن بولسا، ئەقىل ۋە مەنتىق سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزمەستىن قارىغۇلارچە شۇنىڭ پەتىۋاسىنى تەكرارلاپ ياكى سۈكۈت ئىچىدە ياشىغان، دەۋرنىڭ روھىنى ئىدراك

ئېتەلمەي ئوتتۇرا ئەسىردە مەلۇم ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا بېرىلگەن پەتىۋالارنى تەكرارلاشتىن ھالقىيالمىغان، ئوقۇمىغان ئاۋامدىن پەرقى يوق ھالدا ھايات ئۆتكۈزگەن ئۆلىمالارنىڭ ئالغان بىلىمى قىيامەت كۈنى ئۆزىگە ھەسرەت - نادامەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە كېلىپ ئاللاھ تائالانىڭ كالامىنى قايرىپ قويۇپ، جامائەتنى ئۇخلىتىدىغان، قالاقلىققا، خۇراپاتلىققا ئۈندەيدىغان نەزىر - چىراغ مولللىقىنىڭ ۋاباسى تېخىمۇ ئېغىر. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە مەنەن: «بىلىمنى يوشۇرۇپ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزمىگەن ئالىمغا قىيامەت كۈنى ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ» دېگەنىدى.

ئۆلىمالار ھەر ۋاقىت ھەق ۋە ھەقىقەتنى يەتكۈزۈشتىن باش تارتماسلىقى لازىم. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مەنەن مۇنداق دېگەن: «**ۋەز - نەسىھەت پايدىلىق بولىدىغان بولسا، (كىشىلەرگە قۇرئان بىلەن) ۋەز - نەسىھەت قىلغىن. ئاللاھتىن (قورققان) ئادەم ۋەز - نەسىھەتنى قوبۇل قىلىدۇ. ئەڭ شەقى ئادەم ۋەز - نەسىھەتتىن قاچىدۇ**» (سۈرە ئەئلا 9 - 11 - ئايەت). بۇ ئايەتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋەز - نەسىھەت قىلىش، كالامۇللانى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى خالايىققا يەتكۈزۈش، مىللەتنىڭ روھىنى ئويغىتىش، ياخشى ئىش - پائالىيەتلەرگە سەپەرۋەر قىلىش ئاللاھنىڭ ئەمر - پەرمانى بولۇپ، ئۇلار ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ: «مەن كىشىلەرگە مۇئەللىم بولۇپ ئەۋەتىلدىم» دېگەنىدى. مۇئەللىم دېگەن پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالىدىغان ئەمەس، ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ مەسىلىنى چۈشەندۈرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا ئۈلگە بولىدىغان كىشىغۇ؟!

تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جامائەتنىڭ ھەممىسى، كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا مىللەتنىڭ ھەممە ئەزالىرى بىلىملىك، دانا بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مائارىپ سەۋىيەسى تۆۋەن، ساپاسىز، ھەتتا بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ غاپىللىقتا، نادانلىقتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بەزىدە ھەتتا جەمئىيەتتىكى ئېقىملارغا، ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى ئېزىقتۇرۇشلارغا ئالدىنىپ كېتىشى، ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۆلىمالارنىڭ بۇرچى – ئۇلارنى دۈشمەن دەپ بىلمەي، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن توغرا تەرەپكە ئۈندەش ۋە تەرغىب قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مەنەن مۇنداق دېگەن: «**ئۇلار: ‹ئەگەر بىز (پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزاخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق› دەيدۇ**» (سۈرە مۇلك 10 - ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆلىمالارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى تەكىتلەپ مەنەن مۇنداق دېگەن: ئىنسانلار «ئىنسانلار ئىچىدە ئىككى تۈرلۈك ئادەم بولىدۇ. ئۇلار بۇزۇلسا، ئىنسانلار بۇزۇلىدۇ، ئۇلار تۈزەلسە ئىنسانلار تۈزىلىدۇ. ئۇلار – ئالىملار ۋە ئىش بېشىدىكىلەر».

يەنە بىر ھەدىس شەرىپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «زېمىندىكى ئۆلىمالارنىڭ مىسالى قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىزنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا يول كۆرسىتىدىغان يۇلتۇزلارنىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، قاچانكى يۇلتۇزلار ئۆچسە توغرا يۆنىلىشتىكىلەرنىڭمۇ ئېزىپ كېتىشىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ». دېمەككى ئۆلىمالار ئۆز رولىنى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك.

## مۇھاجىرەتتىكى ئۆلىمالىرىمىزغا سەممىي تەكلىپىم

ئالدى بىلەن ياراتقۇچىمىز ئاللاھ تائالاغا بولغان پوزىتسىيەمىزنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە دىنىمىزغا، مىللىتىمىزگە، ۋەتىنىمىزگە سەممىي بولۇشىمىز زۆرۈر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دېگەن ئىدىغۇ: «دىن سەممىيەتتۇر».

ئۇچۇر دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنى ئىدراك ئېتىپ، ئۇچۇر سۈپىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلىشىمىز كېرەك، ئۆگىنىشنىڭ يېشى بولمايدۇ، بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە ئۇيغۇر جامائىتىگە مەسچىت

مۇنبىرىدىلا ئەمەس كىتاب يېزىشتىن تارتىپ، سىن ھۆججەتلەرنى ئىشلەپ تارقىتىش، ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ مىللىتىمىزگە پايدىلىق ۋە زۆرۈر دەپ قارالغان تېمىلاردا يازما تەييارلاپ ئورتاقلىشىپ تۇرۇش، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى ۋەز - تەبلىغلەردە كۈنتەرتىپتىن چۈشۈرمەسلىك، ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىگە ئۈمىدۋار ياشاش ھەققىدە تەلقىندە بولۇش بىز باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپە.

مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىگە نۇقتىلىق ئاڭلىتىشقا كۈچەش؛ ئەرەبچىنى ياخشى بىلىدىغانلار ئاساسەن ئۆلىمالار بولغاچقا ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئەرەب دۇنياسىغا يازما ۋە سىنلىق شەكىلدە ئاڭلىتىش ئۆلىمالارنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى بولۇپ، بۇنى باشقا ساھەگە يۈكلەپ قويۇپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋالماسلىق، زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ بەجا كەلتۈرۈشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋالماسلىقىمىز كېرەك.

پەلسەپە ۋە بىلىمنى چەتكە قاقماسلىقىمىز، ئەقىل ۋە مەنتىقىدىن ئايرىلماسلىقىمىز، يېڭى مەسىلىلەرگە پەتىۋا بەرگەندە مەيلى قايسى زاماندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىسلام دۇنياسى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىدىكى بىرەر فەقىھ ياكى ئۆلىمانىڭ ياشاۋاتقان مۇھىت ۋە دەۋرىگە ئاساسەن چىقارغان، زامان ۋە ماكان چەكلىمىسى، مەلۇم قاراتمىلىقى بار پەتىۋالىرىنى نوقۇل ھالدا ئەينەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە تەشۋىقات قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر خىل سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان مەزھەپ ۋە ئېقىملارنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئالدىراپ سۆرەپ كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشىمىز، مىللىي قەدرىيەتلەر بىلەن دىنىي قەدرىيەتلەرنى زىتلاشتۇرماسلىقىمىز، ئەمما ئىسلاھ قىلىدىغان جايلىرىنى سىلىق - سىپايىلىك بىلەن تۈزىتىشتىن باش تارتماسلىقىمىز مۇھىم.

جامائەتكە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىگە ئىمان - ئىسلام بىلەن بىللە يەنە مىللىي ئېڭىنى ۋە ئۇيغۇرلۇق تۇيغۇسىنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، نېمىنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كەسكىن ئەمرى، نېمىنىڭ ئۆرپ - ئادەت ئىكەنلىكىنىڭ پەرقىنى ئېنىق ئايرىشتىن يالتايماسلىقىمىز، دېموكراتىك تۈزۈم، ئاياللار ھەق - ھوقۇقى، ئىنسانشۇناسلىق، ئادالەت، ئېكولوگىيە ئۇقۇملىرى ھەققىدە ئويلىنىپ سۆزلەش، بۇ ھەقتىكى بەزى ئەنئەنىۋى چۈشەنچىلەرنى قايتىدىن قۇرئان، سەھىھ، سۈننەت ۋە فىترەت سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈپ مۇزاكىرە ۋە مۇتالىئە قىلىش.

ئاددىي - سادىدا ياشاشنى ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈش، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىدىغان قىلمىش ۋە گەپ - سۆزلەردىن، ھەشەم - دەرەم تۇرمۇشتىن يىراق تۇرۇش، ئىمكانقەدەر مۇقىم بىرەر خىزمەت بىلەن تۇرمۇشىنى قامداشقا تىرىشىش.

ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ھەپىلەشمەي، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرنىڭ دۈشمىنى بولغان خىتاي بىلەن ھەپىلىشىشكە ئادەتلىنىش، بۇنى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دائىملىق كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كېلىش.

ھىزبۇتتەھرىر، دائىش، تالىبانغا ئوخشاش دۇنيا تاراتقۇلىرىدا يامان نامى پۇر كەتكەن بىر قىسىم تەشكىلات ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك شەخسلىرى بىلەن بىللە ئىش تۇتۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر مۇنبەردە تۇرۇپ قېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىش، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە كىيىم - كېچەكتە ئۇلارغا سىمۋول بولۇپ قالغان مودا پاسونغا ھەۋەس قىلماي، ئۇيغۇرنىڭ مىللىي خاسلىقى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىسلامىي كىيىم - كېچەكلەرگە جامائەتنى ئۈندەش ۋە ئۆزلىرىمۇ باشلامچىلىق رولىنى ئويناش.

*بۇ ماقالىنى گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت تەھرىرلىدى.*

6

# ختاي چوڭ مىللەتچىلىكى ــ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى


– لياك چىچاۋ ۋە سۇن جوڭسەندىن ئىككى خۇ ۋە شى جىنپىڭغىچە
مۇھەممەد ئىبراھىم (ئامېرىكا)

2023 - يىلى 28 - يانۋار

## مۇقەددىمە

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، جاللات چېن چۈەنگو 2016 - يىلى يازدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپلا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ قىرغىنچىلىق باشلاندى. ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتى بويىچە، 3 مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەت خەلقى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىندى دېيىلگەن بۇ قىرغىنچىلىق ئۇزۇنغا قالماي پۈتۈن خەلقئارا مېدىيالاردىن ئورۇن ئېلىپ، ختاي ھۆكۈمىتى بۇ سەۋەبتىن ئامېرىكا باشلىق كۆپ ساندىكى غەرب ئەللىرى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىلەن ئەيىبلەندى.

بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى خەۋەرلەر خەلقئارا مېدىيالاردىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا، خەلقئارا جەمئىيەت ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ 21 - ئەسىردە، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يەھۇدىيلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن بۇيان دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان، بىر مىللەتكە قارىتىلغان مۇنداق بىر كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن ۋە قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ دېگەن سوئالنى سوراشتى ۋە مۇتەخەسسىسلەر بۇ ھەقتە ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە، تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش، شەرقىي تۈركىستاننى تىنچلاندۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ «بىر يول، بىر بەلباغ» سىياسىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش... قاتارلىقلار ئاساسلىق سەۋەبلەر قاتارىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلدى. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىقىلار پەقەت كۆز ئالدىمىزدىكى، يۈزەكى سەۋەبلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئىدېئولوگىيە ئاساسى ئەمەلىيەتتە بۇندىن بىر ئەسىر ئىلگىرى، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن ختاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىدىن ئىبارەتتۇر.

بىز بۇ ماقالىدە يېقىنقى زامان ختاي چوڭ مىللەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ

قانداق قىلىپ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا ئىدېئولوگىيەلىك ئاساس يارىتىپ بەرگەنلىكىنى تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق شەرھلەپ ئۆتىمىز.

## 1. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

بىز ختاي چوڭ مىللەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئاتالغۇسىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان ئېنىقلىمىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

بىز ئۇيغۇرچە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتاۋاتقان Genocide دېگەن بۇ ئۇقۇم 1944 - يىلى پولشالىق ئادۋوكات رافائېل لېمكىن (Raphael Lemkin) تەرىپىدىن گرېكچە «genos» (ئىرق، خەلق) ۋە «cide» (ئۆلتۈرۈش) دېگەن ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى بۇ ئۇقۇم ئارقىلىق ناتسىستلار گېرمانىيەسىنىڭ يەھۇدىيلارنى سىستېمىلىق ھالدا قىرىپ يوقىتىش سىياسىتىنى بايان قىلىش ئىدى. رافائېل لېمكىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك تەبىر بەرگەن ئىدى:



*رافائېل لېمكىن*

*(https://lemkinprogram.gmu.edu/lemkin)*

«ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر مىللەتنىڭ تېز سۈرئەتتە يوقىتىلىشىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. پەقەت بۇنداق بىر تېز سۈرئەتتە ۋەيران قىلىنىش بىر مىللەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئەھۋالدىلا، ئاندىن ئۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ مىللىي گۇرۇھلارنىڭ ھاياتىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىنى يوقىتىشنى، شۇ ئارقىلىق گۇرۇھلارنى نابۇت قىلىشنى مەقسەت قىلغان تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تەپسىلىي باش قوشۇپ تۈزۈلگەن بىر پىلاننى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل پىلاننىڭ مەقسىتى مىللىي گۇرۇھلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئورگانلىرىنى، مەدەنىيىتىنى، تىل، مىللىي ھېسسىيات، دىن ۋە ئىقتىسادىي مەۋجۇتلۇقىنى پاچاقلاپ تاشلاش ھەمدە شۇ گۇرۇھلارنىڭ ئەزاسى بولغان شەخسلەرنىڭ شەخسىي بىخەتەرلىكىنى، ئەركىنلىكىنى، ساغلاملىقى، ئىززەت - ھۆرمەتلىرى ۋە ھەتتا ھاياتىنى نابۇت قىلىشتىن ئىبارەت.» دېمەك، رافائېل لېمكىن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت (كۇلتۇرەل) جەھەتتىن ۋەيران قىلىنىشى بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىنىشى ئوخشاشلا مۇھىم دەپ قارىغان ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر مىللەتنىڭ تېز سۈرئەتتە جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلىنىشىنىلا ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئۇ مىللەتنىڭ ھايات ئاساسىنى تەدرىجىي يوسۇندا ۋەيران قىلىش ئارقىلىق شۇ مىللەتنى تۈپتىن يوقىتىشنى مەقسەت قىلاتتى.

1948 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن پارىژدا ماقۇللانغان «ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى» نىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىدا، گەرچە رافائېل لېمكىننىڭ بايانلىرى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ بىر مىللەتنىڭ تىلى، دىنى ياكى مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشنى نىشان قىلغان ھەرقانداق مەقسەتلىك ھەرىكەتنى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئەھدىنامىنىڭ

ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئېنىقلىما بېرىدىغان 2 - ماددىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىسى تۆۋەندىكى ھالەتتە قىسقارتىلىپ، تىل، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يوق قىلىش ئامىللىرى قالدۇرۇۋېتىلدى:

«2 - ماددا: بۇ ئەھدىنامىگە ئاساسەن، ئىرقىي قىرغىنچىلىق بىر مىللىي، ئېتنىك، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇھنى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ خالىغان بىرىنى كۆرسىتىدۇ:

1) گۇرۇھ ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛
2) گۇرۇھ ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش؛
3) غەرەزلىك ھالدا گۇرۇھنى جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىشنى مەقسەت قىلغان تۇرمۇش شارائىتىغا دۇچار قىلىش؛
4) گۇرۇھ ئىچىدە تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛
5) گۇرۇھنىڭ بالىلىرىنى باشقا گۇرۇھلارغا مەجبۇرىي يۆتكەش.»

شۇنىسى ئېنىقكى، گەرچە رافائېل لېمكىن بىلەن ب د ت نىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى ئېنىقلىمىسىدا قىسمەن پەرقلەر بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان قەبىھ جىنايەتلىرى ھەر ئىككى ئېنىقلىمىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولۇپ، شەك - شۈبھىسىز بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر. بۇ نۇقتا ئامېرىكا باشلىق كۆپلىگەن غەرب ئەللىرى ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى ۋە بۇ ھەقتە مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تەدبىرلەر ماقۇللاندى.

ئەمدى بىز خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكى ئىدېئولوگىيەسىنىڭ بارلىققا كېلىش تارىخى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن نېگىزىدىن بىر ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئىدېئولوگىيەسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز.

## 2. خىتاي يېقىنقى زامان چوڭ مىللەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھارپىسىدىكى شەرقىي تۈركىستان: چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىستىلاسى ۋە دەسلەپكى ئاسسىمىلياتسىيە ئۇرۇنۇشى

شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەقىل ئىدارە قىلىپ كەلگەن سەئىدىيە خانلىقى ئاپاق خوجىنىڭ دالاي لامانىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ياردەم سورىشى نەتىجىسىدە، 1678 - يىلى غالدان سېرىن باشچىلىقىدىكى جۇڭغار (قالماق) لار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، نەتىجىدە ئانا ۋەتىنىمىز خوجىلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر بېقىندى ئەلگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. 1760 - يىلى مانجۇ چىڭ ئىمپېرىيەسى جۇڭغارلارنى يوقىتىپ، ئەسلى جۇڭغار كونتروللۇقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلدى. چىڭ ئىستېلاسى ئاستىدىكى تۇنجى ئەسىردە (1760 ــ 1864 - يىللار) بۇ زېمىن «مۇسۇلمانلار زېمىنى» (回部) دەپ ئاتالدى. چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەربىي ھاكىمىيىتى ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسى ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان بولۇپ، پەقەت مانجۇ ۋە موڭغۇللارلا ئەڭ ئالىي ھوقۇقتا ئىدى. بۇ زېمىن ئىچكى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا، موڭغۇلىيە ۋە تىبەتكە ئوخشاش يوسۇندا ۋاستىلىك باشقۇرۇش سىياسىتى ئارقىلىق ئىدارە قىلىندى. يەنى، قۇمۇل ۋە تۇرپاندا ۋاڭلىق سىستېمىسى ھەمدە ئىلى ۋە تارىم ۋادىلىرىدا بەگلىك سىستېمىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەرگە ھوقۇق بېرىلدى. چىڭ ھۆكۈمىتى يەرلىك خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقادى، مائارىپى، سىياسىي ۋە قانۇنىي تۈزۈلمىسىنى ئۆز مەيلىگە قويدى؛ يەنى، مەدەنىيەت جەھەتتىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ياكى خىتايلاشتۇرۇشتىن ساقلاندى. ئۇندىن باشقا، تاكى 1831 - يىلغىچە خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا كۆچمەن بولۇپ كىرىشى مەنئى قىلىنغان ئىدى.

ئەمما، چىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى بۇ خىل كەڭچىلىك سىياسىتى بارغانچە



زو زوڭتاڭ
1875 - يىلى (مەنبە ۋىكىپېدىيە)

ئۆزگىرىپ بارماقتا ئىدى: 1831 - يىلىدىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى خىتايلارنىڭ تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى، ۋە ھەتتا ئىلھاملاندۇردى. 1864 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان قەشقەرىيە دۆلىتى ۋە ئىلى سۇلتانلىقى زو زوڭتاڭ (1812-左宗棠, 1885) باشچىلىقىدىكى خىتايلاردىن تەشكىل تاپقان خۇنەن ئارمىيەسى (湘军) تەرىپىدىن 1877 - يىلى مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 1884 - يىلى شەرقىي تۈركىستان رەسمىي تۈردە «شىنجاڭ ئۆلكىسى» بولۇپ تەسىس قىلىنغاندىن باشلاپ، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ سىياسىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، بۇ زېمىن رەسمىي ھالدا مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىدە ئىدارە قىلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدىكى ئۇيغۇرلار ئاپتونومىيەسىنى ئاساس قىلغان بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي مىللىتىدىن بولغان، ئاساسلىقى خۇنەنلىك دوتەي ۋە ئامباللار كونتروللۇقىدىكى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى يولغا قويۇلدى. بولۇپمۇ، بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئۈستىدە تۇنجى بولۇپ پىلانلىق تۈردە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش (خىتايلاشتۇرۇش) سىياسىتى ئىلىپ بېرىلىشقا باشلاندى. بۇ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ باش پىلانلىغۇچىسى دەل زو زوڭتاڭ ئىدى. بۇ سىياسەت ھەققىدە زو زوڭتاڭ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىز ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ خىتايچە يولىمىزدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقچى بولساق، چوقۇم ھەقسىز مەكتەپلەرنى قۇرۇپ، مۇسۇلمان (يەنى ئۇيغۇر) باللارنى خىتايچە كىتابلارنى ئوقۇيدىغان، خىتايچە خەتلەرنى تونۇيدىغان ۋە خىتايچە گەپنى چۈشىنەلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك.» بۇ پىلان بويىچە، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە كوڭزىچە مەكتەپلەر ئېچىلىپ، خىتاي ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى ئوقۇتۇش پىروگراممىسى بويىچە خىتايچە تەربىيەلەش ئىلىپ بېرىلدى. بۇ خىل كوڭزىچە مەكتەپلەر ۋە چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئاتالمىش «يېڭى سىياسەت» ئاساسىدىكى خىتايچە (شۆتاڭ) مەكتەپلەر گەرچە ئۇيغۇرلار ئىچىدە بىر قىسىم خىتاي تىلىغا مۇكەممەل تۇڭچى (تەرجىمان) لارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا مۇۋەپپەق بولغان بولسىمۇ، ئەمما زو زوڭتاڭ پىلانلىغان ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگە تۈپتىن يات بولغان بۇنداق بىر مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئۈستىگە تېڭىلىشىغا بولغان قارشىلىقى سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان ئىدى.

بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان قايتا ئىستىلا قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەسلىدىكى كەڭچىلىك سىياسىتى ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى يۈرگۈزدى، دېگەن بىر سوئال تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئالنىڭ جاۋابى يەنىلا زو زوڭتاڭ ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي خۇنەن ئارمىيەسى گۇرۇھى (湘军集团) غا بېرىپ چېتىلىدۇ. خۇنەن ئارمىيەسى گۇرۇھى چىڭ ھاكىمىيىتىنى زور تالاپەتكە ئۇچراتقان تەيپىڭ تيەنگو توپىلىڭىنى تىنچىتىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ چىڭ ئوردىسىدىكى تەسىر دائىرىسى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، زو زوڭتاڭنىڭ شەرقىي تۈركىستان زېمىنىغا قايتىدىن تاجاۋۇز قىلىش تەشەببۇسى ۋە شەرقىي تۈركىستاننى «شىنجاڭ ئۆلكىسى» قىلىپ ئۆزگەرتىش پىلانى چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ماقۇللانغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆلكە قىلىپ قۇرۇش ۋە ئۇيغۇرلارنى خىتايچە مائارىپ ئارقىلىق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسەتلىرى بىر تۇتاش ئىلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇ سىياسەتلەرگە

تۈرككە بولغان تۈپ سەۋەب خۇنەن ئارمىيەسى گۇرۇھىنىڭ ئاتالمىش «ياۋايىلارنى مەدەنىيلەشتۈرۈش» (驯化蛮夷) يېتەكچى ئىدېئولوگىيەسى ئىدى. رافائېل لېمكىننىڭ ئېنىقلىمىسى بويىچە مەدەنىيەت (كۇلتۇرەل) جەھەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق تۈسىنى ئالغان بۇ ئىدېئولوگىيە مىڭ سۇلالىسى چىڭ ئىمپېرىيەسى تەرىپىدىن ھالاك بولۇنۇۋاتقان مەزگىلدە خۇنەندە ياشاپ ئۆتكەن، مانجۇلارغا قارشى ختاي مىللەتچى زىيالىيسى ۋاڭ فۇجى (王夫之, 1619-1692) (ئۇ يەنە ۋاڭ چۇەنشەن 王船山 دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ ختاي مەركەزلىك، ئىرقىي مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ خۇنەن ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنىپ، «كۇلتۇرەل مىللەتچىلىك» سۈپىتىدە يولغا قويۇلۇشى ئىدى.

ۋاڭ فۇجىنىڭ ختاي مەركەزلىك مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ختاي چوڭ مىللەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىمۇ مۇھىم رول ئوينىدى.

## 3. ختاي يېقىنقى زامان چوڭ مىللەتچىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى

مانجۇ چىڭ ئىمپېرىيەسى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە يېرىم جان ۋە پارالىچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؛ ئۇ ياۋروپا ئەللىرى ۋە ھەتتا تېخى يېقىندا مېيجى يېڭىلىقىغا كۆچۈش ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەمدىلا كۈچلەنگەن ياپونىيە بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولۇپ، «شەرقىي ئاسىيا كېسەلمەنى» دېگەن ئاتاققا قالغان ئىدى. مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، ختاي زىيالىيلىرى ئىچىدە، قانداق قىلىپ ختاي دۆلىتىنى كۈچلەندۈرۈپ، ئۇنى ياۋروپا ئەللىرى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان، قەددىنى كۆتۈرگەن ھالغا كەلتۈرۈش ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە ۋە مۇنازىرە بولغان بولۇپ، ئۇلار «ئىسلاھاتچىلار (يەنى، يېڭىلىقنى ياقلىغۇچىلار)» ۋە «ئىنقىلابچىلار»دىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھقا ئايرىلغان ئىدى.


لياڭ چىچاۋ (مەنبە: ۋىكىپېدىيە)

كاڭ يوۋۋېي (康有为, 1858-1927) ۋە لياڭ چىچاۋ (梁启超,1873-1929) لار ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ياپونىيە ۋە غەربنى ئۈلگە ئېلىپ، چىڭ ئىمپېرىيەسىنى سىياسىي جەھەتتىن ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ختاينى كۈچلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى. بولۇپمۇ، لياڭ چىچاۋ ئىسلاھاتچىلارنىڭ نەزەرىيەۋى ۋە ئىدىيەۋى رەھبىرى، شۇنداقلا ختاي يېقىنقى زامان مىللەتچىلىككە ئاساس سالغۇچى ئىنتايىن مۇھىم بىر شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لياڭ چىچاۋنىڭ ختاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدە بىز ئۈستىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ختاي مىللەتچىسى ۋاڭ فۇجى بىلەن، 19 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن، «كۈچلۈكلەر ياشايدۇ» (Survival of the fittest) قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسېر (Herbert Spencer, 1820 - 1903) نىڭ ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئىدىيەسى چوڭ رول ئوينىغان ئىدى. لياڭنىڭ قارىشىچە، غەرب بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان دۆلەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ختاينى ئاساس قىلغان يېڭى بىر مىللەت (نەيشېن Nation) بەرپا قىلىش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بىر تارىخىي ئاساس تىكلەش كېرەك ئىدى. بۇ مەقسەتتە ئۇ 1901 - يىلى «ختاي يېڭى تارىخشۇناسلىقى»غا ئاساس سالغان «ختاي تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى بايان» (中国史绪论) دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەر ختايلارنىڭ ئەنئەنىۋى سۇلالە تارىخىدىن تۈپتىن پەرقلىق ھالدا، غەرب تارىخشۇناسلىقى ئەندىزىسى بويىچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇنجى بولۇپ «جۇڭگو مىللىتى» (中国民族) دېگەن بىر مىللەت نامى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ بۇ نامنى 1903 -



ھېربېرت سپېنسېر
(مەنبە: ۋىكىپېدىيە)

يىللاردىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا «جۇڭخۇا مىللىتى» (中华民族) دەپ ئۆزگەرتتى. ئۇنىڭچە، بۇ ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى»نىڭ تارىخى خىتايلارنىڭ بۇنىڭدىن 2700 يىل بۇرۇنقى ئەپسانىۋى ئەجدادى بولغان سېرىق پادىشاھ (黄帝) دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە شۇ ۋاقىتتىكى چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەلىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق خەلقلەردىن تەركىب تاپقانمىش ۋە بۇ خەلقلەرنى ئورتاق بىر تارىخ ۋە ئورتاق بىر زېمىن باغلاپ تۇرغانمىش؛ بۇ مىللەتنىڭ ئومۇرتقىسىنى «يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە» بولغان خىتاي (汉 خەن) مىللىتى تەشكىل قىلغان بولۇپ، تارىختىن بېرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە سىرتتىن باستۇرۇپ كىرگەن «ياۋايى» مىللەتلەرنى خىتايلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك «ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش كۈچى» ئارقىلىق ئۆزىگە قوشۇپ، ئۆزلەشتۈرۈپ كەلگەنمىش. ئۇ، خىتايلارنىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە كۈچى ئۆز نۆۋىتىدە چىڭ ئىمپېرىيەسى تەۋەلىكىدىكى باشقا بارلىق مىللەتلەرنى خىتاي مەدەنىيىتى بويىچە يۇغۇرۇپ، سوتسىيال دارۋىنىزم قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايدىغان، ۋە غەرب ئەللىرى بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان قۇدرەتلىك بىر «جۇڭخۇا مىللىتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ، دەپ قارىغان.

سۇن جوڭشەن (孙中山، 1866-1925) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنقىلابچىلار بولسا ھاكىمىيەتنىڭ خارابلىششىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى ياتلار بولغان مانجۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن كۆرۈپ، مانجۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خىتايلارنىڭ ئۆز دۆلىتىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئىنقىلابچىلار گۇرۇھىنىڭ ئىچىدىكى زوۋ روڭ (邹容، 1885-1905) ۋە جاڭ تەييەن (章太炎، 1869-1936) قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەشەددىي خىتاي مىللەتچىلىرى بولسا مانجۇلارنى قىرىپ تاشلاشنى، تىبەت، موڭغۇلىيە ۋە شەرقىي تۈركىستانلارنى ئۇ زېمىنلارنىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان يەرلىك خەلقلەرگە تاشلاپ بېرىپ، خىتايلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىر «ساپ خىتاي» دۆلىتىنى قۇرۇشنى نىشان قىلغان ئىدى. سۇن جوڭسەننىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشىدىمۇ ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئىدىيەسى ئاساسىي رول ئوينىغان ئىدى. ئۇ يەنە لياڭ چىچاۋنىڭ خىتاي مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگىمۇ چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ، «جۇڭخۇا مىللىتى» بولۇپ يۇغۇرۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەمما، ئۇنىڭچە بۇ يېڭى «جۇڭخۇا مىللىتى»نى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال چىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش زۆرۈر ئىدى. زوۋ روڭلارنىڭ قارىشىنىڭ ئەكسىچە، ئۇ كەلگۈسىدىكى خىتاي دۆلىتى چوقۇم چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ پۈتكۈل زېمىنىغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ۋە چېگرا رايونلارغا خىتاي كۆچمەنلەرنى يۆتكەپ، ئۇ رايونلارنى ئېچىش لازىم دەپ قارايتتى. يەنى، ئۇ خىتاي كۆچمەن مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ (Settler Colonialism) كۈچلۈك تەرغىباتچىسى ئىدى.



سۇن جوڭشەن بىلەن جياڭ كەيشى
(مەنبە: ۋىكىپېدىيە)

دېمەك، لياڭ چىچاۋ باشچىلىقىدىكى ئىسلاھاتچىلار ۋە سۇن جوڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابچىلارنىڭ ئورتاقلىقى شۇ ئىدىكى، ئۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭ ئىمپېرىيەسى زېمىنى

تەۋەلىكىدىكى خىتايدىن باشقا بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى» بولۇپ يۇغۇرۇلۇشىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. يەنى ئۇلار كۆپ مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى پەقەت خىتايلارنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش كۈچى بىلەن يوقىتىلىدىغان ۋاقىتلىق بىر ھادىسە دەپ قارايتتى. ئۇلار يەنە ھەممىدىن مۇھىم ۋەزىپە، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش دەپ بىلەتتى. دېمەك، رافائېل لېمكىننىڭ ئېنىقلىمىسىغا كۆرە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى نىشان قىلغان بۇنداق «چوڭ بىرلىشىش» ئىدىيەسى بۇ ئىككى گۇرۇھ ۋەكىللىكىدىكى بارلىق خىتاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئورتاق بىر كۆز قارىشى بولۇپ، بۇ كېيىنكى گومىنداڭ ۋە خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەتلىرى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى باستۇرۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ شى جىنپىڭ باشلىق خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ تۈپ ئىدېئولوگىيە ئاساسى بولۇپ قالدى.

## 4. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكى

خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى 1911 - يىلى چىڭ ئىمپېرىيەسى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن قۇرۇلغان خىتاي جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى خىتاي گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇن چىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدا بولغان ھەر قايسى مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى ئىدى. گومىنداڭ پارتىيەسىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى داھىيسى بولمىش سۇن جوڭشەن، ئۆزىنىڭ «دۆلەت قۇرۇش ئىستراتېگىيەسى» (建国方略) ۋە «ئۈچ مەسىلەك» (三民主义) دېگەن كىتابلىرىدا، خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە يەر - ماكانسىز خىتاي دېھقانلىرىنى كەڭ كۆلەمدە چېگرا رايونلارغا كۆچۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ يەردىكى يەرلىك خەلقلەرنى «مەدەنىيلەشتۈرۈش»نى، شۇنداقلا، خىتايلارنىڭ مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمانلار (بۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلار (回人) ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق خەلقلەرنى كۆرسىتەتتى) ۋە تىبەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يېڭى بىر «جۇڭخۇا مىللىتى» قۇرۇپ چىقىشىنى تەشەببۇس قىلغان. سۇن جوڭشەن ئۆلۈپ كېتىشتىن بىر يىل بۇرۇن، يەنى 1924 - يىلى دۆلەتلىك گۇاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى (ھازىرقى جوڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتى 中山大学)نىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىدا قىلغان نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «خىتايدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى جەمئىي 400 مىليون بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، پەقەت بىر نەچچە مىليون موڭغۇل، بىر مىليوندىن ئارتۇقراق مانجۇ، بىر نەچچە مىليون تىبەتلىك ۋە نەچچە يۈز مىڭدىن مىليونغىچە مۇسۇلمان تۈركلەر (回教之突厥人) بار. سىرتتىن كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ كەلگەندە ئومۇمىي نوپۇسى 10 مىليوندىن ئاشمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئومۇمىي نوپۇس ساندىن ئېيتقاندا، بىز خىتايدىكى 400 مىليون خەلقنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي خىتاي (خەنزۇ) مىللىتىدىن ئىبارەت، دەپ ئېيتالايمىز. ئۇلار ئورتاق قان - جەمەت، تىل، دىن ۋە ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە بىر ساپ مىللەت».

سۇن جوڭشەن ئۆلگەندىن كېيىن، جياڭ كەيشى (蒋介石, 1887-1975) سۇن جوڭسەننىڭ خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ 1942 - يىلى 27 - ئاۋغۇست كۈنى چىڭخەينىڭ شىنىڭ شەھىرىدە خىتاي، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە تىبەتلەرنىڭ دىنىي ئەربابلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرىگە قىلغان نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ پىرقە دۆلىتىمىز پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتى تەرىپىدىن بەرپا قىلىندى؛ جۇڭخۇا مىللىتى بولسا خىتاي، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە تىبەتلەردىن ئىبارەت بەش ئۇرۇق - قەبىلە (宗族) لەرنىڭ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن بىر ئورتاق گەۋدىنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. مېنىڭ بۇ يەردە بەش مىللەت (民族) دېمەي، بەش ئۇرۇق - قەبىلە دېيىشىمدىن مەقسەت شۇكى، بىز ھەممىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەزالارمىز، بۇ خۇددى قېرىنداشلارنىڭ بىر ئائىلىنى تەشكىل قىلغىنىغا ئوخشايدۇ... بىز نۇرغۇن جەمەت (家族) لەرنىڭ بىرىكىشى بىلەن ئۇرۇق - قەبىلە بولۇپ شەكىللەندۇق؛ ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىرلىشىپ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللىتىنى بەرپا قىلدى». ئۇ بۇ كۆز قاراشلىرىنى 1943 - يىلى نەشر قىلىنغان «خىتاينىڭ تەقدىرى» (中国之命运)

دېگەن كىتابىدا، بولۇپمۇ كىتابنىڭ 1944 - يىلى نەشر قىلىنغان تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلەپ، ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى»نى تەشكىل قىلغۇچى خىتاي، مانجۇ، موڭغۇل، مۇسۇلمان ۋە تىبەتلەرنىڭ ئورتاق بىر ئەجدادتىن تۆرەلگەنلىكى ۋە بىرلا ئىرقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى (中华民族同源论) دىن ئىبارەت ئىدېئولوگىيەسىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جياڭ كەيشى بۇ خىل ئىدىيەنىڭ يېتەكچىلىكىدە، سۇن جوڭسەننىڭ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە كۆچمەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى بەجانىدىللىق بىلەن داۋاملاشتۇردى: مانجۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئاتا مىراس زېمىنى بولغان، تاكى 1860 - يىلىغىچە خىتايلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشى مەنئى قىلىنغان مانجۇرىيە (يەنى «شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە») گە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 40 يىلىدا 25 مىليون خىتاي كۆچمەنلىرى كۆچۈپ، بۇ يەر پۈتۈنلەي خىتايلاشتى. بۇ مەزگىلدە، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان دەسلەپىدە خىتاي مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن (杨增新, 1864-1928) نىڭ «يەككە قالدۇرۇپ ئىدارە قىلىش» سىياسىتى نەتىجىسىدە خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېقىپ كىرىشى مەنئى قىلىنىپ، مانجۇرىيەنىڭ تەقدىرىدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ياڭدىن كېيىنكى خىتاي مىلىتارىستلىرى جىن شۇرېن (金树仁, 1883-1941) ۋە شېڭ شىسەي (盛世才, 1895-1970) دەۋرلىرىدە، ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى گومىنداڭنىڭ قانلىق ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە كۆچمەنلىرىنى يۆتكەش سىياسىتى، مىللىي زۇلۇم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق چېكىگە يەتكەن بولۇپ، دەل مۇشۇ زۇلۇملار 1933 - ۋە 1944 - يىللىرىدىكى ئىككى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ پىلتىسىغا ئوت يېقىلىشىغا سەۋەب بولغان ئىدى.

## 5. خىتاي كومپارتىيەسى ھۆكۈمىتى دەۋرىدىكى خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكى

ئۆزلىرىنى سۇن جوڭسەننىڭ «ئىنقىلابىي ئىرادىسى»گە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغۇچىلار دەپ قارايدىغان خىتاي كومپارتىيەسىمۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا گومىنداڭچىلارغا ئوخشاشلا خىتاي مىللىتىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئاخىرقى نىشان قىلغان بىر خىتاي مىللەتچى پارتىيەسى بولۇپ، بۇ يولدا پەقەت كوممۇنىستىك ئىدېئولوگىيەدىنلا پايدىلانغان ئىدى، خالاس.



*1919 - يىلىدىكى ماۋ زېدوڭ*

*(مەنبە: ۋىكىپېدىيە)*

ماۋ زېدوڭ، ماقالىمىزنىڭ بېشىدا ئېيتىپ ئۆتكەن خىتاي ئىرقىي مىللەتچىسى ۋاڭ فۇجى بىلەن بىر خۇنەنلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئىدى؛ شۇنداقلا ئۇ لياڭ چىچاۋنىڭ يېقىنقى زامان خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىگىمۇ ئىنتايىن قايىل بولغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان، ھەمدە ئۇنىڭ «جۇڭخۇا مىللىتى» ئىدىيەسىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇ 1919 - يىلى يازغان «ئاممىنىڭ چوڭ بىرلىشىشى» (民众的大联合) دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭخۇا مىللىتىمىز ئۇلۇغۋار ئىقتىدارغا ئىگە!... جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىسلاھاتى بارلىق مىللەتلەرنىڭكىدىن ئۈزۈل - كېسىل بولىدۇ؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى جەمئىيىتى بارلىق مىللەتلەرنىڭكىدىن پارلاق بولىدۇ؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى چوڭ بىرلىشىشى باشقا بارلىق زېمىنلار ۋە مىللەتلەرنىڭكىدىن ئاۋۋال ئەمەلگە ئاشىدۇ». ئۇ يەنە 1939 - يىلى يەنئەندە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يازغان «خىتاي ئىنقىلابى ۋە خىتاي كومپارتىيەسى» (中国革命和中国共产党) دېگەن ئوقۇشلۇقتا «جۇڭخۇا مىللىتى» ھەققىدە مەخسۇس ئىزاھات بېرىپ، ئۇنىڭ خىتايدىن باشقا

موڭغۇل، تۇڭگان، تىبەت، ئۇيغۇر، مىياۋ، ياۋ، جۇاڭ، ۋە جوڭ (بۇيى) لاردىن ئىبارەت نەچچە ئونلىغان «ئاز سانلىق» مىللەتلەردىن تەركىب تاپقانلىقى، خىتاينىڭ كۆپ مىللەتلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ستالىن بىلەن ماۋ زېدوڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەخپىي كېلىشىم بويىچە، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا ۋاڭ جېن (王震, 1908-1993) باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. ماۋ زېدوڭنىڭ خۇنەنلىك يۇرتدىشى ۋە چاپارمىنى بولغان ۋاڭ جېن، 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «شىنجاڭ» تارمىقىنىڭ سېكرېتارى، «شىنجاڭ» ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، «شىنجاڭ» ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى ۋە سىياسىي كومىسسارى قاتارلىق ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆز قولىغا ئالغان بولۇپ، بۇ جەرياندا چوڭ خىتايچىلىق ئىدېئولوگىيەسى بويىچە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان تەۋەسىدە ئۇيغۇرلار باشچىلىقىدىكى يەرلىك تۈركىي مىللەتلەر ئۈستىدە قانلىق باستۇرۇش ئېلىپ بارغان، ۋە نەتىجىدە «ۋاڭ جاللات» دېگەن نامنى ئالغان ئىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ باش يېتەكچىسى بولغان شى جىنپىڭنىڭ دادىسى شى جوڭشۈن (习仲勋, 1913-2002) ۋاڭ جېنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ خىل ئەشەددىي سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى خىتاي مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىپ، ئۇنىڭ 1952 - يىلى ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلۇپ، بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان مۇھىم شەخس ئىدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بۇ خىل چوڭ خىتايچىلىق ئىدېئولوگىيەسى 1955 - يىلدىكى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» نىڭ قۇرۇلۇشى جەريانىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئەكسىچە، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈپتىن قارشى تۇرغان. خىتاي ھۆكۈمىتى باش مىنىستىرى جوۋ ئېنلەي (周恩来, 1898-1976) بۇنىڭ سەۋەبىنى، چار رۇسىيەدىكى مۇستەملىكە قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ ئەكسىچە، خىتايدىكى ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر ھېچقاچان خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئۇچراپ باقمىغان، شۇڭا بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇش خىتاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. جوۋ ئېنلەينىڭ بۇ بايانلىرىدىن سۈن جوڭشەننىڭ خىتاي چوڭ مىللەتچىلىك ئىدىيەسى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىتاي كوممۇنىستلىرى سۈن جوڭشەن ھايات مەزگىلىدە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان كۆچمەن مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە بەجانىدىللىق بىلەن ۋارىسلىق قىلىپ، ئىچكىرى خىتايدىن ۋەتىنىمىزگە زور كۆلەمدە خىتايلارنى يۆتكەپ، 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران 5% نى ئىگىلەيدىغان خىتايلارنىڭ نوپۇسى ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلىنىشتىن بۇرۇنقى نوپۇسىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدىغان ھالغا كەلگەن ئىدى.

خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ بۇ خىل ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى پەقەت شەرقىي تۈركىستاندىكى نوپۇس تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى، ئەلۋەتتە. 1980 -، 1990 - يىللاردىكى قىسمەن كەڭچىلىك ۋاقىتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 70 يىل مابەينىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىگە بولغان ھۇجۇم ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى ھەرگىز توختىتىپ قويمىدى. رافائېل لېمكىننىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى تەبىرىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تىل، دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى يوق قىلىش ھەرىكىتى ئىزچىل داۋاملاشتى: مائارىپ ۋە تىل - يېزىق جەھەتتە، خىتاي كوممۇنىستلىرى 1960 - يىللاردىن 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنى خىتاي پىنيىن سىستېمىسىدىكى يېزىققا ئۆزگەرتىپ، ئۇيغۇر تىلىدا بولمىغان بەزى ھەرپلەر زورمۇزور يېڭى ئېلىپبەگە كىرگۈزۈلدى ۋە كۆپلىگەن ئاتالغۇلار خىتايچىلاشتۇرۇلدى. 1990 - يىللاردىن باشلاپ، دەسلەپتە ئالىي مەكتەپلەردە مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا پۈتۈنلەي خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتۈشنى يولغا قويۇشقا باشلاپ، بۇ سىياسەتنى بارا - بارا

ئۇيغۇر ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىگىچە كېڭەيتىپ، دەسلەپتە ئاتالمىش «قوش تىللىق مائارىپ» دېگەن چىرايلىق نام بىلەن ئېلىپ بېرىپ، كېيىنچە ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ ياكى خىتاي مەكتەپلىرىگە قوشۇۋېتىپ، ئۇيغۇر مائارىپى پۈتۈنلەي يوق قىلىندى. مەكتەپلەردە ھەتتا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۆزئارا ئۇيغۇرچە سۆزلىشىشمۇ مەنئى قىلىندى. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ۋە مائارىپچىلىرى تۈرمىلەرگە قامالدى. دېمەك، بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇن زو زوڭتاڭنىڭ خۇنەن ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان خىتايچە مائارىپ ئارقىلىق ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ئاخىرى پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشتى. ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئىسلام دىنىغا قارشى ئۇرۇش توختىماي داۋاملاشتى: دىنىي ئۆلىمالار ئېتىلدى، تۈرمىگە سولاندى؛ مەسچىتلەر چېقىلدى؛ خەلق نورمال دىنىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن چەكلەندى؛ ئەرلەرنىڭ ساقال قويۇشى، ئاياللارنىڭ ھىجابلىنىشى مەنئى قىلىندى؛ بۇگۈنگە كەلگەندە ھەتتا «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېيىشمۇ جىنايەت بولۇپ قالدى. مەدەنىيەت جەھەتتە، ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى، ھېيت - بايراملىرى بارا - بارا مەنئى قىلىنىپ، خىتايلارنىڭ چاغان ۋە باشقا بايراملىرى مەجبۇرىي يوسۇندا ئۇيغۇرلارغا تېڭىلدى. ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەتلەر چېقىۋېتىلىپ، خىتاي ئۇسلۇبىدا ئۆي سېلىش ۋە ئۆي بېزەشكە مەجبۇرلاندى...

## 6. ئىككى خۇ، شى جىنپىڭ ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق

2016 - يىلىغا كەلگەندە، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش (ياكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى) سىياسىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا يول ئېلىپ، مىڭلىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز جازا لاگېرلىرىغا ۋە تۈرمىلەرگە سولاندى؛ يۈز مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىز خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلىرىدا قۇل ئورنىدا ئىشلەشكە ئەۋەتىلدى؛ يۈز مىڭلىغان سەبىي باللار ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىپ ئېلىنىپ، ياتاقلىق مەكتەپلەردە مەجبۇرىي ھالدا خىتاي تىلى ۋە ئۆرپ - ئادىتى بىلەن تەربىيەلىنىشكە ئېلىپ كېتىلدى؛ يۈز مىڭلىغان گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىز تۈرمىلەردە شېھىت قىلىندى. مىليونلىغان ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرى تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىشقا ياكى تۇغماسلىق دورىسى ئىچىشكە مەجبۇرلاندى. «ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىدىكى تۈرلەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىدىغان بۇ خىل ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىرقىي قىرغىنچىلىق نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ئۆسۈش نىسبىتى 2017 - يىلىنىڭ ئالدىدىكى 11% تىن 2021 - يىلىدىكى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن 0.5% كە چۈشۈپ قالدى.

شى جىنپىڭ باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆز ئەپتى - بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، ئەسلىدىكى كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسىنى نىقاب قىلغان «تەدرىجىي» ھالدا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا جىددىي تۈردە يۈرۈش قىلىشىنى خىتاينىڭ ئاتالمىش «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»نىڭ بەرپاچىلىرى بولغان ئىككى خۇنىڭ تەسىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىككى خۇ بولسا، ماۋ زېدوڭ دەۋرىدە يولغا قويۇلغان «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە» ئاساسىدىكى خىتاي «بىرىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»نىڭ كۈچلۈك تەنقىدچىلىرىدىن بولغان، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى خۇ ئەنگاڭ (胡鞍钢) بىلەن خىتاي خەلقئارا ئىستراتېگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى قارمىقىدىكى تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى، خىتاي مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە دوكتورلۇقنى پۈتتۈرگەن خۇ ليەنخې (胡联合) دىن ئىبارەت ئىككى خۇ بولۇپ، ئۇلار 2000 - يىللاردا بىرلىكتە ئون نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ، ئاتالمىش «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»گە ئاساس سالغان ئىدى. بۇ سىياسەت ئەمەلىيەتتە لياڭ چىچاۋ ۋە سۇن جوڭشەن تەرىپىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇلغان «جۇڭخۇا



خۇ ئەنگاڭ (ئوڭدا) ۋە خۇ لىيەنخې (سولدا)
(مەنبە: Financial Times)

مىللەتلىرى چوڭ بىرلىشىشى» ئىدىيەسىنىڭ يېڭى تون بىلەن مەيدانغا چىقىشى بولۇپ، بۇ قېتىمقى سىياسەتنىڭ ئاساسلىق تىغ ئۇچى تىبەت ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قارىتىلغان ئىدى. ئىككى خۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئېرىتىش قازىنى» سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، 56 مىللەتنى يۇغۇرۇپ بىر «جۇڭخۇا مىللىتى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەرغىب قىلىدۇ. ئۇلار 2011 - يىلى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرگە خاس بولغان ئالاھىدە ھوقۇق ۋە ئىمتىيازلىرىنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىشنى، «ئاز سانلىق» مىللەتلەر بىلەن خىتايلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىشنى، خىتايلارنىڭ كۆچۈشىنى ئاسان قىلىشنى ۋە ئاتالمىش «دۆلەت تىلى (يەنى خىتاي تىلى)»نى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. بۇ ئاتالمىش «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»نىڭ رەزىل مەقسىتىنى ئەينى ۋاقىتتىلا ئوبدان چۈشىنىپ يەتكەن ئۇيغۇر زىيالىيسى، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئىلھام توختى 2011 - يىلى «当前新疆民族问题的现状及建议» (نۆۋەتتىكى شىنجاڭدىكى مىللىي مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ۋە تەۋسىيەلەر، 2013 - يىلى قايتا تۈزىتىلگەن) دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاننى 19 خىتاي ئۆلكىسىگە بۆلۈپ بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش قەدىمىنى ئاللىبۇرۇن باشلاپ بولغان شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بۇ ماقالە، گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشى ۋە ھەل قىلىش يوللىرى ھەققىدە يېزىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىلھام توختىنىڭ ھەققىي مەقسىتى بۇ ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلاش بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار بولۇپ بولغان ئىدى.

ئىككى خۇنىڭ «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى» شى جىنپىڭ خىتاي دۆلەت رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى قولغا ئېلىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 2014 - يىلى 28 - سېنتەبىر ئۆتكۈزۈلگەن «مەركەز مىللەتلەر خىزمەت يىغىنى»دا، شى جىنپىڭنىڭ رەسمىي تۈردە قوللىشىغا ئېرىشتى. يىغىن ئىككى خۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىپ، مىللەتلەر سىياسىتىدە «يۇغۇرۇلۇش (交融)» دىن ئىبارەت يېڭى سىياسەتنى يولغا قويۇشنى ماقۇللىدى. دەل مۇشۇ 2014 - يىلى 9 - ئايدا، ئىلھام توختى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «بۆلگۈنچىلىك» جىنايىتى بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ تۇنجى قۇربانى بولۇپ قالدى. بۇ يېڭى سىياسەت 2017 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 19 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا «جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ كۈچلۈك ئورتاق ئېڭىنى بەرپا قىلىش» (铸牢中华民族共同体意识) دېگەن نام بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە رەسمىي يوسۇندا كىرگۈزۈلدى. بۇ ۋاقىت دەل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ چېن چۈەنگو باشچىلىقىدىكى چوماقچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنى ئاساس قىلىپ، كەڭ كۆلەملىك ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى رەسمىي باشلىۋەتكەن ۋاقتى ئىدى، يەنى بىر ئەسىر ئىلگىرىكى خىتاي ئەشەددىي مىللەتچىلىك ئىدېئولوگىيەسىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى داۋامى بولغان «ئىككىنچى ئەۋلاد مىللەتلەر سىياسىتى»نىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە قانلىق يوسۇندا ئىجرا قىلىنىشقا باشلىنىشى ئىدى.

## 7. خۇلاسە ۋە نېمە قىلىش كېرەك؟

يۇقىرىقى تارىخىي ئانالىزدىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن تاكى ھازىرغىچە بولغان ختاي مىللەتچىلىرىنىڭ ئورتاق بىر «ئەڭگۈشتەرى» ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ تۈپ ئىدىيەۋى ئاساسى بولغان «جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ بىرلىشىشى» ئىدېئولوگىيەسىنىڭ بارلىققا كەلگىنىگە گەرچە بىر ئەسىردىن سەللا ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىدىيە ختاي مىللىتى ئىچىدە ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ختاي كوممۇنىستلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ختاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى مىللەتچى ۋە دېموكراتچى ختايلار ئارىسىدىمۇ ناھايىتى كەڭ بازارغا ئىگە. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر بۇ ئىدېئولوگىيە تۈپتىن بەربات بولمىسا، ختايلارنىڭ مەيلى قانداق تۈزۈمدىكى ھاكىمىيىتى بارلىققا كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان زېمىن دەۋاسى، ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ۋە قىرىپ يوقىتىش پىلانى ھەرگىز توختاپ قالمايدۇ. ئەڭ قورقۇنچلۇقى شۇكى، بۇ پىلان بىز ۋە بىزنىڭ زېمىنىمىز بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بۇرۇن چىڭ ئىمپېرىيەسى ئىشغالىيىتىدە بولغان قوشنا چېگرا دۆلەتلەر ۋە ئۇ يەردىكى خەلقلەرگىمۇ بېرىپ چېتىلىدۇ. بۇنى يېقىنقى مەزگىللەردە ختاي تورلىرىدا ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ختاي زىيالىيلىرىنىڭ ئەشەددىي چوڭ مىللەتچىلىك يازمىلىرى ۋە نۇتۇقلىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىز بۇنداق بىر قورقۇنچلۇق پىلانىنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى ۋە كەلگۈسى ئاقىۋىتىنى ئۆزىمىز ئوبدان چۈشىنىش بىلەنلا قالماي، خەلقئارا جەمئىيەتكىمۇ كەڭ بىلدۈرۈشىمىز لازىم. بۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك تارىخىي ئاساسىنى تونۇپ يېتىشى، ۋە شۇ ئارقىلىق مۇستەقىللىقىمىزنىڭ بىزنىڭ مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت قېلىشىمىزدىكى بىردىنبىر چىقىش يولىمىز ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇ جەھەتتىكى كۈرەشلىرىمىزگە ھېسداشلىق قىلىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] China putting minority Muslims in 'concentration camps, ' U.S. says (Reuters)
ئامېرىكا ھۆكۈمىتى «خىتاي ئاز سانلىق مۇسۇلمانلارنى يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا سولىماقتا» دېدى (رويتېرس ئاگېنتلىقى)
https://www.reuters.com/article/us-usa-china-concentrationcamps/china-putting-minority-muslims-in-concentration-camps-u-s-says-idUSKCN1S925K

[2] Bill Hayton, «The Invention of China», Yale University Press (2020)
بىل ھەيتون: «خىتاينىڭ بارلىققا كەلتۈرۈلۈشى»، يالى ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2020 - يىلى نەشرى

[3] Justin Jacobs, «Xinjiang and the Modern Chinese State», University of Washington Press (2016)
جاستىن جەيكوبز: «شىنجاڭ ۋە زامانىمىزدىكى خىتاي دۆلىتى» ، ۋاشىنگتون ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2016 - يىلى نەشرى

[4] John M. Friend and Bradley A. Thayer, «How China Sees the World: Han Centrism and the Balance of Power in International Politics», Potomac Book (2018)
جون م. فرەند ۋە برەدلېي ئا. تايېر: «خىتاي دۇنيانى قانداق كۆرىدۇ؟ - خىتاينىڭ خەن مەركەزلىك ئىدىيەسى ۋە خەلقئارا سىياسەتتىكى كۈچلەر تەڭپۇڭلۇقى»، پوتوماك كىتابلىرى نەشرىياتى، 2018 - يىلى نەشرى

[5] Eric Schluessel, «Land of Strangers: The Civilizing Project in Qing Central Asia», Columbia University Press (2020)
ئېرىك شۇلېسسېل: «ناتونۇشلارنىڭ زېمىنى: چىڭ ئوتتۇرا ئاسىياسىدىكى مەدەنىيلەشتۈرۈش پىروجېكتى»، كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2020 - يىلى نەشرى

[6] James A. Millward, «Eurasian Crossroads: A History of Xinjiang» (New and Revised Edition), Hurst & Company, London (2021)
جەيمس مىلۋارد: «ياۋرو - ئاسىيا ئۆتۈشمە يوللىرى: شىنجاڭنىڭ تارىخى» (يېڭىدىن تەھرىرلەنگەن نۇسخىسى)، خېرست ۋە شىركىتى، لوندون، 2021 - يىلى نەشرى

[7] Sean R. Roberts, «The War on the Uyghurs: China's Internal Campaign Against a Muslim Minority», Princeton University Press (2020)
شان ر. روبېرتس: «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش: خىتاينىڭ بىر مۇسۇلمان مىللەتكە قارشى ئىچكى ھەرىكىتى»، ئۇيغۇر پىروجېكتى فوندى تەرجىمىسى ۋە نەشرى، 2021 - يىلى

[8] Michael Clarke edited, «The Xinjiang Emergency: Exploring the Causes and Consequences of China's Mass Detention of Uyghurs», Manchester University Press (2022)
مايكېل كلارك تەھرىرلىگەن: «شىنجاڭنىڭ جىددىي ھالىتى: خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە ئاقىۋەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، مانچېستېر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2022 - يىلى نەشرى.

7

# نېلسون ماندېلانىڭ كۈرەش يوللىرى ۋە سىياسىي ئىدىيەسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

2023 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

## كىرىش سۆز

نېلسون ماندېلا ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ناتونۇش نام ئەمەس. كۆپىنچىلىرىمىز نېلسون ماندېلانىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ۋە نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلىمىز، ھېچ بولمىغاندا ئىسمىنى بولسىمۇ ئاڭلىغان بولۇشىمىز ئېنىق. شۇڭا نېلسون ماندېلا ھەققىدە سۆزلەش سىلەر ئۈچۈن يېڭى ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلماسلىقى مۇمكىن، ئەمما مەن ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك ئىرقىي خورلىنىشقا، دەپسەندە قىلىنىشقا، مەدەنىيەت جەھەتتە بەربات بولۇشقا ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بىر مەزگىلدە، ئۆتمۈشتە خۇددى بىزگە ئوخشاش تەقدىرگە دۇچار بولغان بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى داھىيسى ۋە كۈرەش قەھرىمانىنىڭ كۈرەش يوللىرى ۋە سىياسىي ئىدىيەسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش بىزگە مەلۇم تەجرىبىلەرنى ئاتا قىلىشى مۇمكىن.

## نېلسون ماندېلانىڭ ھاياتى

ئەسلىدە جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى ئاق تەنلىكلەر كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆز پادىشاھىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئەركىن، تىنچ ۋە خاتىرجەم ياشايتتى. ئاق تەنلىكلەر بۇ زېمىنغا ئاياغ باسقاندىن باشلاپ ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. 1652 - يىلى گوللاندىيەگە قاراشلىق شەرقىي ھىندى شىركىتىنىڭ كېمىسى بۇ زېمىنغا كېلىپ توختىدى. بۇ، ياۋروپالىق مۇستەملىكىچىلەرنىڭ بۇ زېمىنغا تۇنجى قېتىم ئاياغ بېسىشى ئىدى. ئەمما ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بۇ زېمىننى مۇستەملىكە قىلىش نىيىتى يوق ئىدى. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەممە نەرسە ئۆزگەردى. بۇ زېمىن ۋە بۇ زېمىندا ياشىغۇچى يەرلىك خەلقلەر

بارا - بارا گوللاندىيەلىكلەرنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. 1795 - يىلىغا كەلگەندە بۇ زېمىننى بۈيۈك بىرىتانىيە ئىمپېرىيەسى گوللاندىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1994 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتىدە دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، هوقۇق ئافرىقىلىق يەرلىك خەلقنىڭ قولىغا ئۆتكۈچە، يەرلىك ئافرىقىلىقلار مۇستەملىكىچى ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن ئىرقىي جەھەتتە يەكلىنىشكە، كەمسىتىلىشكە، خورلىنىشقا ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچراپ كەلدى.

نېلسون ماندېلا مانا مۇشۇنداق ئىرقىي ئايرىمچىلىق هۆكۈم سۈرگەن بىر دۆلەتتە 1918 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى دۇنياغا كېلىدۇ. ئۇ تۇغۇلغان مۋېزو جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ شەرقىدىكى كاپ ئۆلكىسىگە تەۋە بىر يېزا بولۇپ، ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر تەرىپىدىن ئىگىلەنمىگەن تېمبۇ قەبىلىسىگە تەۋە يەر ئىدى. ئاق تەنلىكلەر بۇ زېمىنغا كەلگەن ئىككى يېرىم ئەسىردىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەتتىكى مول كان بايلىقلىرىغا، بۈك - باراقسان ئورمانلارغا، ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريالارغا تولغان باي، مۇنبەت زېمىنلارنىڭ توقسان پىرسەنتىنى ئىگىلىۋالغان بولۇپ، يەرلىك خەلقلەرنى چەت، ياقا، سۇ يوق، قاقاس يەرلەرگە قوغلىۋەتكەن ئىدى.

نېلسون ماندېلا ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، دىنىي جەمئىيەت ئاچقان مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىلىدۇ. مەكتەپتە ئۆگىتىلىدىغان غەرب مەدەنىيىتىگە: «ئاق تەنلىكلەر ئەزىز» دەيدىغان ئىرقچىلىق ئىدىيەسى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، دەرسلىك كىتابلاردا ئاق تەنلىكلەر مەدەنىيەتلىك ۋە قەھرىمان، يەرلىك خەلقلەر ياۋايى ۋە مەدەنىيەتسىز قىلىپ تەسۋىرلىنىشى نېلسون ماندېلانى هەيران قالدۇرىدۇ. 1930 - يىلى، نېلسون ماندېلا 12 ياشقا كىرگەن يىلى دادىسى ۋاپات بولىدۇ. ئەسلىدە دادىسى بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئوغلى نېلسوننىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىغا قەبىلە باشلىقى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما نېلسون كېيىنكى ئوقۇش هاياتىدا ئادۋوكات بولۇش يولىنى تاللايدۇ. ئۇ 19 ياشقا كىرگەندە، فورتبوفورت شەھرىگە بېرىپ، ۋېسالىيانسكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيدۇ. ئوقۇش جەريانىدا يۈگۈرۈش، بوكس مەشقىنىمۇ بىرگە ئېلىپ بارىدۇ. نېلسون بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، فورتخار ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ پەلسەپە ئوقۇيدۇ. بۇ مەكتەپ 1916 - يىلى كاپ ئۆلكىسىدە قۇرۇلغان ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ، ئەينى چاغدىكى يەرلىك ئافرىقىلىقلار ئوقۇيدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسىتېت ئىدى. جەنۇبىي، شەرقىي ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق هەرىكىتىنىڭ داهىيلىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىدى. بۇ مەكتەپنى قاپلىغان كۈچلۈك مىللەتپەرۋەرلىك كەيپىياتى نېلسون ماندېلانىڭمۇ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىدۇ. مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىغا قارشى بايقۇت هەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن مەكتەپتىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## نېلسون ماندېلانىڭ كۈرەش يوللىرى ۋە سىياسىي ئىدىيەسى

شۇنداق قىلىپ، نېلسون ماندېلا 1941 - يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر ۋە سانائەت مەركىزى هېسابلانغان يوھانسبۇرگقا كېلىدۇ. گەرچە يوھانسبۇرگ بىنالار قەد كۆتۈرگەن، كوچىلار مىغ - مىغ ئادەملەرگە تولغان چوڭ شەھەر بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن بايلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ قولىدا ئىدى. يەرلىكلەر شەھەرنىڭ سىرت يەرلىرىگە قوغلىۋېتىلگەن بولۇپ، ناھايىتى نامرات، جاپا - مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. گەرچە نېلسون ماندېلا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزىگە مۇۋاپىق ئىش تاپالمايدۇ. 1944 - يىلى باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن «ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى»گە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ. ئافرىقىلار مەجلىسى 1912 - يىلى قۇرۇلغان يەرلىكلەرنىڭ بىر تەشكىلاتى بولۇپ، بۇ تەشكىلات هەرقايسى يەرلىك قەبىلىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ زېمىننى، قانۇنىي ۋە سىياسىي هوقۇقنى تارتىۋېلىشقا قارشى تۇراتتى. ئەمما هەرىكەت دائىرىسى چەكلىك بولۇپ، هۆكۈمەتكە تەلەپ سۇنۇش، ئىش تاشلاش ۋە ئاممىۋى يىغىلىش ئۆتكۈزۈش قاتارلىق

پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى. ماندېلا بۇ تەشكىلاتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ تەركىبىدە مەملىكەتلىك ياشلار بىرلەشمىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئۆزى بۇ تەشكىلاتنىڭ سېكرېتارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. دەل شۇ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدا ئۇچىغا چىققان ئىرقچى پارتىيە – خەلق پارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىدۇ ۋە بىر قاتار ئىرقىي ئايرىمىچىلىق قانۇنلىرىنى يولغا قويىدۇ. بۇ قانۇنلار يەرلىك خەلقلەرگە بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. يەرلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، كىشىلىك ۋە ھەرىكەت ھوقۇقلىرى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىدا يەرلىك قارىلاردىن باشقا يەنە ھىندىلار ۋە بىر قىسىم ئاسىيالىقلارمۇ بولۇپ، ئۇلارمۇ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسەتلىرىنىڭ مەلۇم نىسبەتتە تەسىرىگە ئۇچراۋاتتى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە، نىلسون ماندېلا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىدە ئىرقىي ئايرىمىچىلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان باشقا ئىرقلار بىلەن بىرلىك سەپ قۇرۇش، شۇنىڭدەك ئاق تەنلىك دېموكراتىك كۈچلەر بىلەنمۇ ھەمكارلىشىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما بۇ پىكىرگە قارشى تۇرغۇچىلار: «ئاق تەنلىكلەر، ھىندىلار بىلەن ھەمكارلىشىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك، ئۇلار ئافرىقىلىقلارنىڭ كۈرىشىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشى، ھەتتا ئۇلار ئافرىقىلىقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئەندىشىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئەمما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاخىرقى ھېسابتا نىلسون ماندېلا ئوتتۇرىغا قويغان كۆپ ئىرقتىكىلەر بىلەن ھەمكارلىشىش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى 1955 - يىلى 7 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 26 - كۈنگىچە ئىككى كۈن كۆپ ئىرق ۋەكىللىرى قاتناشقان «خەلق قۇرۇلتىيى» چاقىردى. قۇرۇلتايغا يەرلىك ئافرىقىلىقلاردىن 2220 ۋەكىل، ھىندىلاردىن 230 ۋەكىل، باشقا ئىرقتىكىلەردىن 230، ئاق تەنلىكلەردىن 112 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئەركىنلىك نىزامنامىسى ماقۇللاندى. نىزامنامىدە: «بىز جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى مەملىكىتىمىزگە ۋە دۇنياغا شۇنى جاكارلايمىزكى، جەنۇبىي ئافرىقا مەيلى قارا تەنلىك، ياكى ئاق تەنلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مۇشۇ زېمىندا ياشاۋاتقان بارلىق خەلققە مەنسۇپ...» دەپ بەلگىلىدى.

1960 - يىلى، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئاق تەنلىك ئىرقچى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي چەكلەندى. يېرىم ئەسىر قانۇنلۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ تەشكىلات بۇ يېرىم ئەسىر جەريانىدا ئىزچىل تۈردە ئاشكارا ھالدا ئاممىۋى ھەرىكەتلەر ئارقىلىق جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىرقىي ئايرىمىچىلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشتى. ئۇلار بۇ 50 يىل جەريانىدا غەيرىي زوراۋانلىق يولىنى تاللىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتتى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ غەيرىي زوراۋانلىق يولىنى تاللىشى ئەينى چاغدىكى يەرلىكلەرنىڭ رېئال ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان ئىدى. جەنۇبىي ئافرىقىدا ئاق تەنلىكلەر تولۇق قوراللانغان، ئەمما يەرلىك خەلق بولغان قارىلارنىڭ ئۆيىدە قورال ساقلىشى مەنئى قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ سىرتقا چىققاندا نەيزە، پالتا، پىچاق، قەلەمتىراش، قوغۇشۇن، ئۈچلۈق بىسى بار ھاسا ئېلىپ يۈرۈشىگە يول قويۇلمايتتى. شۇڭا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى خەلقنىڭ بىھۇدە قۇربان بېرىشىنىڭ، قىرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىزچىل تۈردە زوراۋانسىز ئاممىۋى ھەرىكەت ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ كەلگەنىدى. نىلسون ماندېلا 1950 - يىللارنىڭ بېشىدىلا قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نىلسون ماندېلانىڭ پىكرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنىدى. 1961 - يىلىغا كەلگەندە ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى مەخپىي يىغىن چاقىرىپ، نىلسون ماندېلانىڭ پىكرىنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرە بويىچە، ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ سىرتىدا «مىللەت نەيزىسى» نامىدا قوراللىق كۈچ تەشكىللەشنى، بۇ قوراللىق كۈچكە نىلسون ماندېلا مەسئۇل بولۇشنى قارار قىلدى. «مىللەت نەيزىسى» تەشكىلاتىنىڭ قوماندانلىقىدىن تارتىپ ھەممە ئىشىغا نىلسون ماندېلا مەسئۇل بولىدىغان بولدى. بۇ تەشكىلات قۇرۇلغاندىن كېيىن، قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش، پارتىزانلىق ئۇرۇشى، تېررورلۇق پائالىيىتى ۋە ئاشكارا قارشىلىشىش قاتارلىق تۆت خىل زوراۋانلىق ھەرىكىتى ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. مۇزاكىرىدىن كېيىن

نېلسون ماندېلا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش ھەرىكىتىنى تاللىدى. بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىگە، يەنى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى، تۆمۈر يول، تېلېفون خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى، پىرىستان ۋە باشقا دۆلەتكە ئەجەللىك زەربە بەرگىلى بولىدىغان مۇھىم قۇرۇلۇشلارغا زەربە بېرىش ئىدى. نېلسون ماندېلا بۇ يولنى تاللىغاندا، تۆۋەندىكى ئىككى مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارىدى: بىرىنچىسى، بىھۇدە ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە قۇربان بېرىشتىن، شۇنداقلا ئافرىقىلىقلار بىلەن ئاق تەنلىكلەر ئارىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا ئىچكى ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. بۇ، ئافرىقىلىقلارنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە پايدىلىق؛ ئىككىنچىسى، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنى كونترول قىلىۋاتقان ئىرقچى ئاقلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىقتىسادى چەت ئەل مەبلىغىگە تايانغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، دۆلەتنىڭ سودا ۋە سانائەت بازىلىرىنى پالەچ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، چەت ئەل كارخانىلىرى ۋە سودىگەرلىرىنى بۇ دۆلەتتىن يىراقلاشتۇرۇشقا ۋە ئۇلارنى بۇ دۆلەتتىن ئىقتىسادلىرىنى ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلالايمىز، دەپ قارىدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەخپىي قوراللىق گۇرۇپپىلارنى قۇرۇپ چىقتى.

نېلسون ماندېلا 1962 - يىلى 1 - ئايدا نۇرغۇن مەخپىي يوللار بىلەن تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقتى ۋە نۇرغۇن ئافرىقا دۆلەتلىرىنى ئايلىنىپ، ئەنگلىيەگە كەلدى. ئۇ بارغان دۆلەتلىرىدە مۇھىم سىياسىي ئەربابلار بىلەن كۆرۈشۈپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭ تۇنجى بارغان دۆلىتى ئېفىيوپىيە بولدى. ئۇ ئۇ يەردە پانئافرىقىچىلار ئەركىنلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە: «قوراللىق كۈچ ۋە زوراۋانلىق جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشكارا ئىشقا سالىدىغان قورالى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق ئافرىقا خەلقىنىڭ كۈرىشىنى باستۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بوغىدۇ» دەيدۇ. ئۇ سۆزىدە خەلقئارانىڭ جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتكەنلىكىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ سۆزىدە يەنە، كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ يەنىلا جەنۇبىي ئافرىقا دۆلىتى ئىچىدە ئىكەنلىكىنى، چەت ئەلدە پەقەت بىر قىسىم مۇھىم شەخسلەر قالغاندىن سىرت ھەممە ئادەمنىڭ دۆلەت ئىچىگە قايتىپ كۈرەش سېپىگە قېتىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

نېسلون ماندېلا چەت ئەل زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەنۇبىي ئافرىقىغا قايتقاندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ. 1962 - يىلى 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۇ قولغا ئېلىنىدۇ. نېلسون ماندېلا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان «مىللەت نەيزىسى» تەشكىلاتىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بېرىش ھەرىكەتلىرى نېلسون ماندېلا قولغا ئېلىنىش بىلەن توختاپ قالمايدۇ. 1963 - يىلىنىڭ ئۆزىدىلا جەنۇبىي ئافرىقىدا 200 قېتىمدىن كۆپرەك قوراللىق ۋەقە يۈز بېرىدۇ. ئەمما «مىللەت نەيزىسى» تەشكىلاتى ئۆزلىرىنىڭ قان تۆكمەسلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆلۈم ھادىسىلىرىنى پەيدا قىلمايدۇ. بۇ چاغدا پانئافرىقا مەجلىسىگە تەۋە «بوكو» تەشكىلاتىمۇ قوراللىق ھەرىكەتكە ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق نىشانى ساقچى پونكىتى، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ساقچىلار ۋە يەرلىك قورچاق ئەمەلدارلار ئىدى. 1964 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ، نېلسون ماندېلا باشلىق قولغا ئېلىنغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوت مۇنازىرىسى باشلىنىدۇ. نېلسون ماندېلا سوتتا مۇنداق دەيدۇ: «ئافرىقا مىللەتپەرۋەرلىكى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسىنىڭ ئېتىقادى بولۇپ كەلدى. ئۇ ‹ئاق تەنلىكلەرنى دېڭىزغا ھەيدىۋېتەيلى› دەپ تۇۋلايدىغان ئۇنداق ئافرىقا مىللەتچىلىكى ئەمەس... مەن پۈتۈن ھاياتىمنى ئافرىقا خەلقىنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە بېغىشلىغانمەن. مەن ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىقى بىلەن كۈرەش قىلىمەن ھەم يەرلىك ئافرىقىلىقلارنىڭ مۇستەبىتچىلىكىگە قارشى تۇرىمەن» دەيدۇ. گەرچە جەنۇبىي ئافرىقا ئىرقچى ھۆكۈمىتى نېلسون ماندېلا قاتارلىق كىشىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، ئەمما سوت ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بەرمەي، ئۆمۈرلۈك قاماقتا ھۆكۈم قىلىدۇ.

نېلسون ماندېلا قاتارلىق كىشىلەر ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سىياسىي تەشەببۇسى ئافرىقا خەلقىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقا

تۈپرىقىدا ئافرىقا خەلقىنىڭ ئىرقچى ھۆكۈمەتكە بولغان قارشىلىقى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمايدۇ. تارىخ چاقى ئايلىنىپ 1980 - يىللارغا كەلگەندە، ئافرىقا خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نىلسون ماندېلانى قويۇپ بېرىش سادالىرى جەنۇبىي ئافرىقا تۇپراقلىرىدىن ھالقىپ، پۈتۈن دۇنياغا يېيىلىدۇ. نىلسون ماندېلانىڭ ئۆمۈرلۈك قاماققا ھۆكۈم قىلىنىشى ئافرىقىلىقلارنىڭ ھۆكۈمەتكە بولغان ئۆچمەنلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. گەرچە 20 يىلدىن بۇيان جەنۇبىي ئافرىقا دائىرىلىرى نىلسون ماندېلانى ئافرىقا خەلقىنىڭ قەلبىدىن ئۆچۈرۈشكە ۋە ئافرىقا خەلقىنىڭ ئازادلىق كۈرەشلىرىدىن ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما نىلسون ماندېلا ئافرىقا خەلقى ئارىسىدىكى رادىكال مىللەتچىلەردىن تارتىپ، مۆتىدىل سىياسىي گۇرۇھلارغىچە ھەممە كىشىنىڭ قەلبىدىكى قەھرىمانغا ئايلانغان ئىدى. 1980 - يىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەۋپسىزلىك كېڭىشى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە ماندېلانى ۋە باشقا سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. 1981 - يىلى، پارىژدا 17 مىڭ ئادەم ئىمزا قويۇپ، ماندېلانى قويۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. 1982 - يىلى، ياۋروپادىكى 1400 شەھەرنىڭ شەھەر باشلىقلىرى بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ، نىلسون ماندېلانى قويۇپ بېرىشنى مۇراجىئەت قىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايغا كەلگەندە 53 دۆلەتتىكى 2000 دىن ئارتۇق شەھەرنىڭ باشلىقلىرى ئىمزا قويۇشقا قېتىلدى.

ئافرىقىلىقلارنىڭ ئىرقچى ھۆكۈمەتكە قارشى كۈرەشلىرى ۋە خەلقئارانىڭ نىلسون ماندېلانى قويۇپ بېرىش سادالىرى جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە قاتتىق بېسىم ئەكەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىرقچى سىياسىتىدىن ۋاز كەچمىگەن ئىدى. نىلسون ماندېلا تۈرمىدىكى ۋاقتىدا ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئۆز ئەركىنلىكىمنى ئىنتايىن قەدىرلەيمەن، ئەمما سىلەرنىڭ ئەركىنلىكىڭلارغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىمەن. مەن تۈرمىگە قامالغاندىن بۇيان ئۆلۈپ كەتكەنلەر بەك كۆپ، ئەركىنلىكنى سۆيگەچكە بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلار تېخىمۇ كۆپ». ئۇ ئاق تەنلىكلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «جەنۇبىي ئافرىقىدىكى ئاق تەنلىكلەر مۇشۇ دۆلەتكە تەۋە، بۇ يەر ئۇلارنىڭ ئائىلىسى. بىز ئۇلارنىڭ بىز بىلەن ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى، بىز بىلەن سىياسىي ھوقۇقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز».

1986 - يىلى 10 - ئايدا، ئامېرىكا پارلامېنتى «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئومۇميۈزلۈك قارشى تۇرۇش قانۇنى»نى ماقۇللايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئامېرىكا ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى، كوكاكولا شىركىتى ھەمدە ئېكسون نېفىت شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەر جەنۇبىي ئافرىقىدىن ئارقا - ئارقىدىن چېكىنىپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئارقىدىن ئەنگلىيەدىكى بىر قىسىم شىركەتلەرمۇ ئامېرىكا شىركەتلىرىگە ئەگىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي ئافرىقىدا ئىشسىزلىق نىسبىتى شىددەت بىلەن ئۆرلەپ، جەنۇبىي ئافرىقا ئىقتىسادى مىسلى كۆرۈلمىگەن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئىرقچى ھۆكۈمەتنىڭ دۇچ كەلگەن بۇ قىيىنچىلىقلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭمۇ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قالغان ھۆكۈمەت ۋەزىيەتنى بىرئاز يۇمشىتىپ ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن، نىلسون ماندېلا بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. سۆھبەتتە ھۆكۈمەت تەرەپ نىلسون ماندېلادىن قوراللىق كۈرەشتىن، «بىر ئادەم بىر ئاۋاز» بولۇش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىشىنى ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنى خەلقئارادا يېتىم قالدۇرۇش تەشۋىقاتىنى توختىتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. نىلسون ماندېلا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق سىياسىي جىنايەتچىلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ. نىلسون ماندېلانىڭ مەقسىتى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەسىلىنى سىياسىي يول ھەل قىلىشقا يول ئېچىش، بارلىق سىياسىي جىنايەتچى نامى ئاستىدا تۈرمىلەردە يېتىۋاتقان كىشىلەرنى شەرتسىز قويۇپ بېرىشكە بېسىم قىلىش ۋە ھۆكۈمەتنى ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ئىدى.

1988 - يىلى، نېلسون ماندېلا تۈرمىدە 70 ياشلىق تۇغۇلغان كۈننى كۈتۈۋالدى. ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى نېلسون ماندېلانىڭ 70 ياشلىق كۈنىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇردى ۋە نېلسون ماندېلا قاتارلىق كۈرەش قەھرىمانىغا مېدال تەقدىم قىلدى. جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتى ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى بېسىم ئالدىدا نېسلون ماندېلا ۋە باشقا سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. ئەمما نېلسون ماندېلا ۋە باشقا سىياسىي مەھبۇسلارنى قويۇپ بېرىش سەۋەبلىك كېلىپ چىقىدىغان داۋالغۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى ئازايتىش ئۈچۈن مەھبۇسلارنى باسقۇچلارغا بۆلۈپ قويۇپ بېرىش خىيالىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىيەت ئالللىقاچان ئۇلار كونترول قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. بۇ چاغدا ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ئالللىقاچان تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالغان بولۇپ، ئۇلار «ئاساسىي قانۇن تۈزۈش پروگراممىسى»نى تۈزۈپ، دېموكراتىك ئاق تەنلىكلەر تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش سۆھبەتلىرىگە تەييارلىق كۆرۈپ بولغانىدى. 1989 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، جەنۇبىي ئافرىقا پرېزىدېنتى نېلسون ماندېلانى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزىدۇ. 12 - چېسلا نېلسون ماندېلا پۈتۈن ئافرىقىلىقلارغا چاقىرىق ئېلان قىلىپ، مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ چاقىرىقىدا: «مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش مېنىڭ 29 يىلدىن بېرى چىڭ تۇرۇپ كەلگەن پرىنسىپىمغا خىلاپ ئەمەس، ھۆكۈمەتنىڭ ئافرىقىلىقلار مىللىي مەجلىسى ۋە باشقا دېموكراتىك تەشكىلاتلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى ئېلىمىزدە زوراۋانلىق توقۇنۇشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى» دەيدۇ.

1989 - يىلى، جەنۇبىي ئافرىقا ئاق تەنلىكلەر سايلىمىدا يەنىلا خەلق پارتىيەسى نامىدىكى ئىرقچى پارتىيە ئۇتۇپ، پرېزىدېنتلىق ئورنىغا فرېدېرىك ۋىللېم دې كلېرك (Frederik Willem de Klerk) چىقىدۇ. ئەمما ۋەزىيەت ئاق تەنلىكلەر ھۆكۈمىتىگە تولىمۇ پايدىسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت 1990 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى نېلسون ماندېلانى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. نېلسون ماندېلا ئاخىرى 27 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆز خەلقىنىڭ ئارىسىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا سىياسىي نام بىلەن قامالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قويۇپ بېرىلىپ بولۇنغانىدى. نېلسون ماندېلا شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن 150 مىڭ كىشى قاتناشقان كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا سۆز قىلىپ، غايىسىدەك يېڭى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىق ۋە ئىنتىزامنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. 1993 - يىلى نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىدۇ. 1994 - يىلى سايلامدا غەلىبە قىلىپ، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئافرىقىلىق پرېزىدېنتى بولىدۇ.

نېلسون ماندېلانىڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىلەر:

1) دۇنيا بىزنىڭ باللارچە ئويۇنىمىزغا ياردەم قىلمايدۇ.
2) بىز ئۆزىمىزنى قورقۇنچتىن قۇتۇلدۇرغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز تەبىئىيلا باشقىلارنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ.
3) نام چىقىرىشنى قارىغۇلارچە قوغلىشىشنىڭ دەۋا بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ.
4) باشقا بىرىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغقان كىشى ئۆچمەنلىكنىڭ مەھبۇسىدۇر، ئۇ بىر تەرەپلىمە قاراش ۋە بېكىنمىچىلىكنىڭ ئارقىسىغا سولانغان بولىدۇ.
5) باتۇر كىشىلەر تىنچلىق ئۈچۈن كەچۈرۈم قىلىشتىن قورقمايدۇ.
6) مەن بارلىق كىشىلەر ئىناق ياشايدىغان، باراۋەر پۇرسەتكە ئىگە بولغان دېموكراتىك ۋە ئەركىن بىر جەمئىيەتنى بەرپا قىلىش غايىسىگە سادىقلىق بىلەن ئەمەل قىلدىم. بۇ، مەن ياشاش ۋە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىغان بىر غايىدۇر. ئەگەر زۆرۈر تېپىلسا، مەن بۇ غايە ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييارمەن.

## خۇلاسە

خۇلاسىلىگەندە، نېلسون ماندېلا 20 - ئەسىر دۇنيا تارىخىدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇ 20 - ئەسىردە پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بۈيۈك شەخس، كۈرەش قەھرىمانى، ئىنسان ھەقلىرى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان ئۇلۇغ داھىي، تىنچلىق جەڭچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئىزچىل ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، ئەقىل جۇغلانمىلىرى كېيىنكىلەر ئۈچۈن مول تەجرىبە مەنبەسى بولغانىدى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن كۈرەش تەجرىبىلىرى بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. چۈنكى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى ئەينى چاغدا ئىرقچى ئاق تەنلىكلەر ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانداق ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان بولسا، بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئىرقچى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئوخشاش ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچار بولماقتا. شۇڭا جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ داھىيسى بولغان نېلسون ماندېلانىڭ كۈرەش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تەتبىقلاش يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەلۋەتتە ئەينى چاغدىكى خەلقئارا ۋەزىيەت، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈلمىسى، نوپۇس نىسبىتى، ئىقتىسادىي تەسىرى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى بىز بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەن ئۇيغۇر سىياسىي ئاكتىپلىرىغا ئىنقىلابىي يول خەرىتىسى سىزىپ بەرمەكچىمۇ ئەمەس. مەن پەقەت ئۆزىمىزدىن ئىلگىرى ياشىغانلارنىڭ كۈرەش تەجرىبىلىرىدىن بىزنىڭمۇ تەتبىق قىلىپ بېقىشىمىزغا ئەرزىيدۇ دەپ قارىغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

1. ئىتتىپاقلىق روھى. بۇنى ئىككى نۇقتىدىن شەرھلەشكە بولىدۇ: بىرى، ئەينى چاغدا جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىگە ۋەكىللىك قىلغان «جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي مەجلىسى» بولۇپ، ئافرىقا خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ تەشكىلاتقا مۇتلەق ئىشەنگەن ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن؛ يەنە بىرى، «جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي مەجلىسى» ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق. گەرچە «جەنۇبىي ئافرىقا مىللىي مەجلىسى» ئىچىدە كۆز قاراش جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى چوڭ گۇرۇھ بولسىمۇ، ئەمما كۈرەش نىشانى ئېنىق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن زىددىيەتلەشمىگەن ياكى دۈشمەنلەشمىگەن. بىز بۇ خىل كۈرەش روھىنى 1946 - يىلى قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە كۆرگەن ئىدۇق. گەرچە ئۇ چاغدا بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل گۇرۇھ كىشىلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆز غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقانىدى.

2. نېلسون ماندېلانىڭ قايتماس جاسارىتى ۋە داھىيلىق روھى. گەرچە نېلسون ماندېلا پەقەت بىر شەخس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قايتماس روھى، ئىنقىلاب يولىدىكى جاسارىتى جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى. شۇڭا جەنۇبىي ئافرىقا خەلقى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن. نېلسون ماندېلا تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى كۈرەشلىرى پۈتۈنلەي توختىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشلىغان كۈرەش ئىزچىل داۋاملاشقان. ھەتتا ئۇ تۈرمىگە كىرگەندىن كېيىن تۇغۇلغان باللارمۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا نېلسون ماندېلانى داھىي سۈپىتىدە تونۇپ، ئۇنىڭ يولىنى داۋاملاشتۇرغان.

3. نېلسون ماندېلانىڭ شارائىتقا ماس ئېلىپ بارغان سىياسىي تاكتىكىلىرى. نېلسون ماندېلا دەسلەپكى مەزگىللەردە مەسىلىنى سىياسىي يول بىلەن ھەل قىلىش، جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى قانۇنىي يول بىلەن قوغداش تەرەپدارى بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ قوراللىق كۈرەش قىلىش يولىنى تاللىغان. ئەمما ئۇنىڭ قوراللىق كۈرەش يولى ھەرگىز ئادەم ئۆلتۈرۈش بولماستىن، بەلكى ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە ئىستراتېگىيەلىك بازىلىرىنى ۋەيران قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق چەت ئەل كارخانىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقىغا مەبلەغ سېلىشىنى توختىتىش ۋە ھۆكۈمەتنى پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى سۆھبەتكە قىستاش ئىدى.

4. خەلقئارا سەھنىدىكى تەسىرى بار سىياسەتچى، كارخانىچى، تەنتەربىيەچى ۋە سەنئەتكارلاردىن

پايدىلىنىپ، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىش ۋە چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلارنى جەنۇبىي ئافرىقىدىن چىقىپ كېتىشكە كۆندۈرۈپ، جەنۇبىي ئافرىقا ھۆكۈمىتىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە پالەچ ھالغا كەلتۈرۈش. بۇ نىلسون ماندېلانىڭ ئەينى چاغدا قوللانغان يەنە بىر ئىستراتېگىيەسى ئىدى.

يۇقىرىدىكى تۆت ئامىل ئاخىرقى ھېسابتا نىلسون ماندېلا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن جەنۇبىي ئافرىقا خەلقىنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈردى. ئەگەر ئۇيغۇرلارمۇ خەلقئارانىڭ قوللىشى ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىغا زەربە بېرەلىسە ۋە ئاساسىي ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى پالەچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويالىسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرىدە زور ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقى ئېنىق.

*بۇ ماقالىنى روشەن خەمىت تەھرىرلىدى.*

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



- 1974 - يىلىدىن 1982 - يىلىغىچە كۇنەس ناھىيە ئارالتۆپە يېزا قارابۇلاق كەنتتە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغىچە ئوقۇغان.
- 1982 - يىلى 9 - ئايدىن 1984 - يىلى 7 - ئايغىچە كۇچا ناھىيەلىك 4 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان.
- 1984 - يىلى 9 - ئايدىن 1988 - يىلى 7 - ئايغىچە قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان.
- 1988 - يىلى 8 - ئايدىن 2001 - يىلى 7 - ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى كادىرلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1998 - يىلى كۇنمىڭ سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان.
- 2003 - يىلىدىن بېرى شۋېتسىيەدە ياشاۋاتىدۇ.
- ھازىرغىچە ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەر بولۇپ، ھەر خىل ژانىردىكى توققۇز پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان.

8

# ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى» ـــ شەرقىي تۈركىستان (1)

خىتاي نوپۇسىدىكى ئەرلىشىش ۋە ئۇنىڭ تەھدىتلىرى
دوكتور گۈلمىرە بەرداش
(ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى)
gulmireberdas@gmail.com

**قىسقىچە مەزمۇنى:**

*بىر كىيسەلنىڭ سەۋەبىنى ھەر خىل تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ توغرا دىياگنوز قويغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭغا شىپا بولىدىغان داۋالاش تەدبىرىنى تېپىپ چىقالايمىز. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بىر «قانىغان يارىسى» دېيىشكە بولىدۇ. كۆنىمىزدە بۇ «يارا» شىپا تېپىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كۈندىن ـ كۈنگە يامانلىشىپ ئەتراپقا يېيىلىشقا ۋە دۇنياغا خەۋپ ئېلىپ كېلىش دەرىجىسىگە يەتتى. بىر قىسىم تەتقىقاتچى، سىياسىيون، شۇنداقلا داۋا ئادەملىرى بۇ «قانىغان يارا»نىڭ تەھدىتىنى بىلىپ يەتتۇق ۋە ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇشقا، ئۇنۇملۇك شىپا چارىلىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدۇق. بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئاستىنغا يوشۇرۇنغان خىتاي مىللىتىدىكى ئەرلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، بۇنىڭ بىزگە ۋە دۇنياغا ئېلىپ كېلىدىغان تەھدىتى ھەققىدە مەلۇمات، چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلىشىمەن ۋە «رېتسېپ» يېزىشقا تىرىشىمەن.*

***ئاچقۇچ سۆزلەر:*** *شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇر، خىتاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، جىنس قىرغىنچىلىقى، ئەرلىشىش.*

## كىرىش سۆز

نورمال ھاياتتا ۋۇجۇدىمىزغا بىر جاراھەت چىقىپ قالسا دەرھال دوختۇرخانىغا بارىمىز. دوختۇرغا يارىمىزنى كۆرسىتىپ دەيمىزكى:

– دوختۇر، بۇ بىر ئاددىي جاراھەت، دەرھال بىر دورا بەرسىڭىز بولىدۇ.

– ياق، سىزگە دەرھال دورا بېرەلمەيمەن، – دەيدۇ دوختۇر.

– نېمىشقا؟ بۇ بىر ئاددىي جاراھەتقۇ.

– كۆرۈنۈشتە يارىڭىز (جاراھىتىڭىز) ئاددىي بىر ھادىسىدەك قىلىدۇ، ئەمما يارىنىڭ بولۇش سەۋەبىنى، خاراكتېرىنى ۋە ئورنىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ ئۇنۇملۇك داۋالىغىلى بولمايدۇ. بولمىسا خاتا دىياگنوز قويۇلۇپ قېلىشى، خاتا دورا بېرىشىم مۇمكىن. بۇ ئەھۋالدا يارىڭىزنىڭ ساقىيىشى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خاتا دورىلارنىڭ سەۋەبىدىن يارىڭىز يوغىناپ كېتىشى، ياللۇغ قېنىڭىزغا ئۆتۈپ ھاياتىڭىز خەتەرگە ئۇچرىشى ئېنىق. شۇڭا بىز دوختۇرلار ئۈنۈملۈك داۋالاش توغرا دىياگنوزدىن، توغرا دىياگنوز ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشتىن كېلىدۇ دەيمىز.

سىز غىڭ قىلماي دوختۇرنىڭ تەلىپى بويىچە بىر قانچە خىل تەكشۈرتۈشلەرنى قىلىسىز ۋە نەتىجىسىنى دوختۇرغا بېرىسىز. دوختۇر سىزنىڭ تەكشۈرۈشتىن چىققان قىممەتلەرنى ئوقۇيدۇ، تۇرمۇش، تازىلىق ئادەتلىرىڭىزنى ۋە باشقا سوئاللارنى سورايدۇ، ئاخىرىدا دورا بېرىپ، سىزگە سالامەتلىك تىلەپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

كۈنىمىزدە ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ دىياگنوز قويۇشتا قىينىلىۋاتقان، خاراكتېرىنى ئېنىق بىلەلمەيۋاتقان، بۇ سەۋەبتىن داۋالاشتا بەكمۇ كېچىكىپ كەتكەن بىر «قانىغان يارىسى (جاراھىتى)» بار، ئۇ بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستان!

ئىشغالچى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا مىللەتلەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئاسسىمىلياتسىيە، تالان - تاراج قىلىش جىنايىتىنى پۈتۈن دۇنيا ھەيرانلىق بىلەن تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە، ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆرمەكتە، ئاڭلىماقتا. بەزى سىياسىيون، تەتقىقاتچىلار بۇ ھادىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى خەۋپىنى، خىتاينىڭ شۇم نىيىتىنى بىلىپ يەتكەن، باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، قارشى تەدبىر ئېلىش، جىنايەتچىنى جازالاش ئۈچۈن جىق غەيرەت قىلسىمۇ، ئىنسانلار كېلەچەكتە دۇنياغا بالايىئاپەت بولىدىغان خىتايغا ۋە ئۇنىڭ سۈيىقەستلىك نىيىتىگە قارشى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن تېخى ئويغانغىنى يوق.

مەكتەپتە، كۈندىلىك ھاياتتا يات مىللەتتىن بولغان كىشىلەرنىڭ مەندىن ئەڭ جىق سورىغان سوئاللىرىنىڭ بىرى شۇ: «خىتاي نېمىشقا سىلەرنى يوق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ؟». مەن بىرقانچە يىللىق ئىنچىكە كۆزىتىش، ئىزدىنىش ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ «قانىغان يارىسى»نىڭ ساقىيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئەسلىي سەۋەبىنى تېپىشقا ئۇرۇندۇم. قىسقىسى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ ئاستىدا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. تارىخىي، مىللىي ۋە جۇغراپىيەلىك سەۋەبلەر ھەققىدە جىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەن بۇ ھەقتە توختالمايمەن. بۇ ماقالىدە مەن كۆزىتىش ۋە تەتقىقات نەتىجىسىدە بايقىغان ۋە توپلىغان خىتاي مىللىتى نوپۇسىنىڭ ئەرلىشىپ كېتىشى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدىكى بىر قىسىم مەلۇمات ۋە چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلىشىمەن.

ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ تاش دەۋرىگە كىرگەندىن باشلاپ، ئوۋچىلىق، دېھقانچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە جىسمانىي كۈچ پەرقى ۋە باشقا فىزىكىلىق پەرقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن، ئىش تەقسىماتى تەدرىجىي پەرقلىنىپ، ئەر ۋە ئايالنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا بارا - بارا باراۋەرسىزلىك پەيدا بولۇشقا باشلىدى. خىتاي جەمئىيىتىدە كوڭزىدىن باشلانغان «ئوغۇللار ئەزىز،

قىزلار خار» چۈشەنچىسى، بولۇپمۇ خىتايدىكى ئەرنىڭ فامىلىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، نەسەبىنى داۋام قىلدۇرۇش ئادىتى ئەر ۋە ئايالدىكى باراۋەرسىزلىكنى باشقا بىر سەۋىيەگە – ئىنسانىيەتكە بالا بولۇش سەۋىيەسىگە ئېلىپ كەلدى. تۆۋەندە بۇ مەزمۇندا تەپسىلىي توختىلىمەن.

## بىرىنچى، «قىزلار خار، ئۆلۈمگە لايىق» ئىدىيەسىنىڭ جىنايەتلىرى

*خەۋەر 1: جىلىن ئۆلكىسىدە 2020 - يىلى27 - نويابىر 38 ياشلىق بىر ئايال يېڭى تۇغقان قىز بوۋىقىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى پلاستىر بىلەن باغلاپ بوغۇپ ئۆلتۈردى (新浪，2021).*

*خەۋەر 2: خېبېي شەھىرىدە، دوختۇرلۇق قىلىش سالاھىيىتى يوق ليۇ ۋە ۋۇ قاتارلىق ئالتە كىشىلىك شايكا، تۆرەلمىنىڭ جىنسىغا قاراپ 29 قىز بالىنى ئوپېراتسىيەسى قىلىپ ۋە چۈشۈرۈپ تاشلىۋەتكەن (万家，2012).*

*خەۋەر 3: جياڭسۇ ئۆلكىسى نەنتوڭ شەھىرىدە، 2015 - يىلى 20 - نويابىر كۈنى، كېلىنىنىڭ قىز تۇغقانلىقىدىن غەزەپلەنگەن موماي پۈتى بىلەن 4 كۈنلۈك قىز نەۋرىسىنىڭ بېشىنى دەسسەپ ئېزىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە جەسەتنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلىۋەتتى (搜狐，2016).*

*خەۋەر 4: نەنچاڭ شەھىرى شىنجيەن ناھىيەسىدە 2013 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 4 ۋە 2 ياشلىق ئاچا - سىڭىل كىرئالغۇ ماشىنىسىدا بوغۇلۇپ ئۆلدى (百科，2022).*

بۇلار ئىككى مىڭ يىللىق «قىزلار خار، ئۆلۈمگە لايىق» ئىدىيەسى بىلەن يۇغۇرۇلغان خىتاي چۈشەنچىسىنىڭ زامانىۋى دەۋردىكى ئەڭ ئاددىي نامايەندىسى. يېقىن تارىختا قارايدىغان بولساق ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر. 1 - رەسىمدىكىسى خىتاينىڭ شاڭخەي شەھىرىدە 115 يىل بۇرۇن تارتىلغان «قىز كۆيدۈرۈش مۇنارى» (婴儿塔).




*1 - رەسىم: «قىز كۆيدۈرۈش مۇنارى» (婴儿塔)*

بۇ مۇنار (تېخىمۇ توغرىسى خۇمدان دەپ ئاتاش مۇۋاپىق) خىتايلار ياشىغان رايونلاردا ھازىرمۇ خارابىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان يۇزلەرچە خۇمدانىنىڭ بىر مىسالى. خۇمداننىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا «قىز جەسىتى» (女孩尸) دەپ يېزىلغان بولۇپ، سول تەرەپتىكى كۆزنەكتەك كۆرۈنگەن تۆشۈك قىز

بوۋاقلارنى تىرىك ياكى ئۆلۈك ھالدا خۇمدانىنىڭ ئىچىگە تاشلايدىغان ئىكەن. ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى، كۆيدۈرگۈچە بولغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە بۇ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقلارنى ھاشاراتلار يەيدۇ (网易,2020).

ختاي تارىخىدا «خار قىز»نى يوق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى «سۇدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈش»، «ئورمانلىققا تاشلاش» ۋە «ۋەھشىي ھايۋانغا يېدۈرۈش» ئىدى. 21 - ئەسىردە قىزلارنى غايىب قىلىۋېتىش ئەڭ مەشھۇر ھەم ئۈنۈملۈك چارە بولماقتا.

نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس ۋە تەرەققىيات ئىنستىتۇتىنىڭ دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: 2000 - يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ختايدا 0~17 ياشقىچە بولغان «غايىب بولغان قىزلار» (消失女孩 Missing Girls) نىڭ سانى 11 مىليون 945 مىڭ، يوقاپ كېتىش نىسبىتى 6.8% گە يېتىپ، يوقاپ كەتكەن قىزلار مەسلىسى ئىنتايىن ئېغىر بولغان. ھەر ياش گۇرۇپپىسىنىڭ يوقاپ كېتىش نىسبىتىدىن قارىغاندا، 0 ~ 6 ياشقىچە غايىب بولغانلارنىڭ نىسبىتى ئادەتتە 10% تىن يۇقىرى، بىر ياشقىچە بولغان قىزلارنىڭ غايىب بولۇش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، 14.4% كە يېتىدۇ (胡耀岭, 2010). يەنى بىر يىلدا بىر مىليون 720 مىڭ يېشىغا توشمىغان قىز بوۋاق «غايىب بولغان».

ختاينىڭ نوپۇس ۋەزىيىتىدىن قارىغاندا، قىزلارنىڭ «غايىب بولۇشى»نىڭ ئۈچ ئاساسلىق جەريانى بار:

بىرىنچىسى، تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا قىز ھامىلىنىڭ غايىب قىلىۋېتىلىشى: تېببىي ئىلمىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىنسانلارغا نۇرغۇن پايدىلىق تەرەپلەرنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جىنايەت ئىشلەشنى ئاسانلاشتۇردى. B تىپلىق ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى، خورون داچىسىنى تەكشۈرۈش، ئامىياك خالتىسىنى تەكشۈرۈش ياكى باشقا تېخنىكىلار ھامىلىنىڭ جىنسىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇ، ۋىجدانسىز ئاتا - ئانىنىڭ «كېرەكسىز قىز»نىغا ئۆلۈم پەرمانى بېرىشىگە ھەسسە قوشىدۇ. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1971 - يىلدىن 2012 - يىلغىچە، ختايدىكى بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى ئومۇمىي سانى 270 مىليون بولغان. دۆلەتلىك سەھىيە كومىتېتى تۈزگەن ۋە ئېلان قىلغان «ختاي ساغلاملىق ئىستاتىستىكا يىلنامىسى» (2020) غا ئاساسلانغاندا، 2019 - يىلى بىر يىل ئىچىدە ختايدىكى بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى 9 مىليون 762 مىڭغا يەتكەن (国健委, 2021). دۆلەت تەرىپىدىن تىزىملانمىغان قانۇنسىز ئوپېراتسىيە، دورا بىلەن ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن چۈشۈرۈلگەن قىز ھامىلىنىڭ ئومۇمىي سانى ئادەمنى چۆچۈتىدۇ.

ئىككىنچى، تۇغۇلۇشتىن كېيىنكى غايىب بولۇش: قىز بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن سۇدا بوغۇش، نامەلۇم جايغا تاشلىۋېتىش ۋە تۇغۇلۇشتىن كېيىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈش، قىز ئەتكەسچىلىرىگە سېتىۋېتىش ياكى بېرىۋېتىش، شۇنداقلا قىز بوۋاققا قارىتا ئېمىتىش، ئوزۇقلىنىش ۋە داۋالاشنى يېتەرلىك قىلماي كېسەل بىلەن ئۆلتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۈچىنچىسى، «يالغان» غايىب بولۇش: ختايغا خاس بۇ سەۋەبتە، ختاينىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم ئائىللەر تېخىمۇ كۆپ بالا ياكى ئوغۇل تۇغۇش ئۈچۈن يېڭى تۇغۇلغان قىزلىرىنى يوشۇرىدۇ ياكى نوپۇسقا تىزىملاتمايدۇ. بۇ قىزلار ئەمەلىيەتتە رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت، ئەمما ئىستاتىستىكىدا «يوقىلىدۇ».

## ئىككىنچى، ختايدىكى «ئوغۇل ئەزىز» ئىدىيەسىنىڭ ئاقىۋىتى

نوپۇسشۇناسلىق ئىلمى بويىچە جىنس نىسبىتى دېگەنلىك، بىر جەمئىيەت ياكى دۆلەتتىكى ھەر 100 ئايالنىڭ سانىغا توغرا كەلگەن ئەرلەرنىڭ سانىنى كۆرسىتىدۇ. بىيولوگىيەلىك نۇقتىدىن ئېيتقاندا،

نورمال شارائىتتا، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى 100:100 گە يېقىنلىششى كېرەك. ئىستاتىستىكا ۋە نوپۇس تەتقىقاتچىلىرى قارىغاندا، تۇغۇلۇشتىكى جىنس نىسبىتى ئارىسىدىكى پەرق 100:107 دىن ئېشىپ كەتمىسە نورمال ھېسابلىنىدۇ. بۇ نىسبەت بۇزۇلغان ئەھۋالدىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى ئاتالمىش «تەبىئىي» سەۋەب بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (The World Factbook) نىڭ 2020 - يىللىق دوكلاتىغا ئاساسەن تۆۋەندە بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئەڭ يېڭى جىنس نىسبىتىگە قاراپ چىقايلى (CIA, 2020).

**بەزى دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ياش گۇرۇپپىسى بويىچە جىنس نىسبىتى (ھەر 100 ئايالغا توغرا كېلىدىغان ئەر)**

| دۆلەت / رايون | تۇغۇلغاندا | 0−14 ياش | 15−24 ياش | 25−54 ياش | 55−64 ياش | 65 تىن ئۈستى | توپلام |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۇنيا | 107 | 107 | 107 | 103 | 96 | 81 | 102 |
| ياۋروپا بىرلىكى | 106 | 105 | 105 | 101 | 95 | 75 | 95 |
| ئامېرىكا | 105 | 104 | 104 | 101 | 94 | 81 | 97 |
| خىتاي | 111 | 116 | 117 | 105 | 102 | 90 | 106 |

جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 0 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان گۇرۇپپىلاردا خىتاي نوپۇسى دۇنيانىڭ جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭلۇقىنى پۈتۈنلەي بۇزۇۋەتكەن. دۇنيا بانكىسىنىڭ 2021 - يىلى 8 - سېنتەبىر ئېلان قىلغان «2019 - يىللىق دۇنيا نوپۇسىغا نەزەر» ناملىق دوكلاتىدا ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتىنى مۇنداق خەرىتىلەشتۈرۈلگەن :(WorldBank, 2021)




*2 - رەسىم: ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى*

*World Bank / World Population Prospects 2019 / 08 Sep 2021*

دۇنيا بانكىسى دوكلاتىنىڭ تەپسىلاتىدا خىتايدىكى يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ جىنس نىسبىتى 111:100 ۋە 0 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان گۇرۇپپىنىڭ 114:100 ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ، ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى (CIA) دوكلاتىدىكى مەلۇماتنى توغرىلايدۇ.

«دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» (The World Factbook) نىڭ 2022 - يىللىق خىتاي بۆلۈمىدىكى دوكلاتىدا ھەر قايسى ياش گۇرۇپپىلىرىدىكى ئايال ۋە ئەر نوپۇس سانىدىكى پەرقنى مۇنداق كۆرسەتكەن (CIA, 2022).

**خىتاينىڭ ياش قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن جىنس پەرقى**

| پەرق (ئوشۇقلۇق) | ئومۇمىي نوپۇستىكى پىرسەنتى % | ئەر | ئايال | پەرق (ئوشۇقلۇق) |
|---|---|---|---|---|
| 0 - 14 ياش | 17,29 | 129.296.339 | 111.782.427 | 17.513.912 |
| 15 - 24 ياش | 11,48 | 86.129.841 | 73.876.148 | 12.253.693 |
| 25 - 54 ياش | 46,81 | 333.789.731 | 318.711.557 | 15.078.174 |
| 55 - 64 ياش | 12,08 | 84.827.645 | 83.557.507 | 1.270.138 |
| 65 ياش ۋە ئۈستى | 12,34 | 81.586.490 | 90.458.292 | - 8.871.802 |
| توپلام | 100 | 715.630.046 | 678.385.931 | 37.244.115 |

بۇ مەلۇماتتىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، 2021 - يىلى خىتايدا پۈتۈن ياش گۇرۇپپىلىرى بويىچە 37 مىليون 244 مىڭ 115 ئەر ئوشۇق بولۇپ، **0 ياشتىن 64 ياش ئارىسىدىكى ئەرلەر نوپۇسى ئاياللارنىڭكىدىن 46 مىليون 115 مىڭ 917 كىشى ئارتۇق**. بۇ مەلۇماتنى تېخىمۇ ئىچكىرلەپ تەكشۈرگىنىمىزدە، خىتايدىكى جىنس نىسبىتى پەرقىنىڭ قايسى يىللارغا ۋە قايسى رايونلارغا قانچىلىك يېيىلغانلىقىنى «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى» خىتاي سىياسىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش يۈرۈشلۈك دوكلاتىدىن كۆرەلەيمىز. نوپۇس فوندىنىڭ 2018 - يىل 1 - ئايدا ئېنگلىزچە ئېلان قىلغان «خىتايدىكى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتىنىڭ نورماللىششقا قاراپ يۈزلىنىشى» (Towards a normal sex ratio at birth in China) (UNFPA, 2018) ناملىق دوكلاتىدا خىتاينىڭ 1970 - يىلدىن بۇيانقى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتى 3 - رەسىمدىكىدەك ئىستاتىستىكا قىلىنغان:




*3 - رەسىم: خىتاينىڭ 1970 - يىلدىن بۇيانقى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتى*

تۇغۇلۇشتىكى جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭلۇقىنىڭ بۇزۇلۇشى خىتايدا 1990 - يىلىلا باشلانغان بولۇپ، 2004 - يىلى 121.18 بولۇش بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققان. خىتاينىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى رايونلاردىكى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتىنى تۆۋەندىكى 4 - رەسىمدىكى خەرىتىدىن كۆرەلەيمىز:




*4 - رەسىم: خىتاينىڭ 30 يىلدىن بۇيانقى رايونلاردىكى تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتى*

جۇغراپىيەلىك تارقىلىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىنىڭ بېشىدا ئەنخۇي، خېنەن، گۇاڭدۇڭ ۋە گۇاڭشى قاتارلىق ئۆلكىلەردە تۇنجى قېتىم جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى كۆرۈلگەن بولسا، 2010 - يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، بۇ تەڭپۇڭسىزلىق پۈتۈن خىتاي رايونىغا يېيىلغان. بولۇپمۇ خىتاينىڭ خېبېي، خېنەن، شەندۇڭ، شەنشى قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرى ئەڭ خەتەرلىك سەۋىيەگە يەتكەن. شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت رايونىدا تۇغۇلۇش جىنس نىسبىتىنىڭ ئىزچىل نورمال سەۋىيەدە بولۇشى ئايرىم بىر تەتقىقات تېمىسىدۇر.

ئەنگلىيە تېببىي ژۇرنىلى 2009 - يىلى ئېلان قىلغان تەتقىقات سانلىق مەلۇماتلىرىدا، خىتايدىكى 0 ياشتىن 4 ياشقىچە بولغان نوپۇسنىڭ جىنس نىسبەت تەڭپۇڭسىزلىقى كۆرسىتىلگەن. 100 قىز نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان ئوغۇل نوپۇس سانى جياڭشىدا 143، خېنەندە 142، ئەنخۇيدا 138، خەينەندە 134، خۇنەندە 133 بويىچە تىزىلغان بولسا، شەرقىي تۈركىستان 106 ۋە تىبەت 105 دەپ ئىپادىلەنگەن (维基百科,2011). بۇ تەرەپتە ئەڭ كونترولدىن چىققان ئورۇن شۈجۇ (徐州) شەھىرى بولۇپ، 2005 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شۈجۇ جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى تەمىنلىگەن ئائىلە تىزىملاش ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا 0 ياشلىق گۇرۇپپىنىڭ جىنس نىسبىتى 172.44 گە يەتكەن (网易,2022).

«بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نوپۇس فوندى» نىڭ 2018 - يىللىق «جىنس تەڭپۇڭسىزلىقى تەسىرىدىكى خىتاي - ۋيېتنام چېگرا ھالقىغان نىكاھ تەتقىقاتى: خىتاي تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا خىتاينىڭ بەزى رايونلىرىدىكى جىنس نىسبىتىنىڭ پەرقى مۇنداق كۆرسىتىلگەن: خېبېيدا، 20 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان توي قىلىش گۇرۇپپىسىدا نىسبەت 147.6 كە يەتكەن بولۇپ، ياش گۇرۇپپىسىنىڭ

چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ، 25 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغانلار 171.25 كە، 30 ياشتىن 34 ياشقىچە 248.16 كە يەتكەن. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىدا، جىنس نىسبىتى 20 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغان ئارىلىقدىكى 158.73 دىن 30 ياشتىن 34 ياشتىكىلەر 414.15 كە ئۆرلىگەن (UNFPA, 2018).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار چەت ئەلدىكى نوپۇزلۇق ئورگانلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار بولۇپ، خىتاي ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 2021 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېلان قىلغان «يەتتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك نوپۇس تەكشۈرۈش» ئاساسلىق سانلىق مەلۇماتلىرىدا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ جىنس نىسبىتى مۇنداق كۆرسىتىلگەن : ئەرلەرنىڭ نوپۇسى 723 مىليون 340 مىڭ بولۇپ، 51.24% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئاياللار نوپۇسى 688 مىليون 440 مىڭ بولۇپ، 48.76% نى ئىگىلىگەن. يەنى 2020 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باشلانغان بۇ تەكشۈرۈشتە خىتاي ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا 34 مىليون 900 مىڭ كىشى ئوشۇق بولغان (国统局, 2021). 2010 - يىلدىكى «ئالتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇميۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش»تە ئەرلەرنىڭ نوپۇسى 31 مىليون 847 مىڭ ئارتۇق ئىدى. يەنى بۇ ئون يىل ئىچىدە ئەرلەرنىڭ نوپۇسى يەنە 3 مىليون 53 مىڭ كىشى كۆپەيگەن. دېمەك، خىتاي نوپۇسىدىكى ئوشۇق ئەرلەرنىڭ سانى پۈتۈن كانادانىڭ 2022 - يىللىق نوپۇسىغا تەڭ كېلىدۇ.

خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى 40 يىلدىن بۇيان بۇ تەڭپۇڭسىزلىققا قارشى نېمە ئۈچۈن جىددىي تەدبىر ئالمىدى؟ كېلەچەكتىكى خەتىرىنى بىلىپ تۇرۇپ كۆز يۇمدىمۇ؟ مەنچە، ھەر خىل يوللار بىلەن قىزلارنى «غايىب» قىلىپ ئەرلەشكەن نوپۇس قۇرۇلمىسىنى پەيدا قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزگەن جىنس قىرغىنچىلىقى (Gendercide) جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارادىكى مۇناسىۋەتلىك قانۇن ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىشى كېرەك.

## ئۈچىنچى، خىتايدىكى ئوشۇق ئەر بويتاقلار ۋە ئۆيلىنىش

جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، توي قىلىش يېشى 49 - 20 ياش ئارىلىقى بولۇپ، بۇ ياش ئارىلىقدىكى كىشى قانۇن بويىچە بويتاق ھېسابلىنىدۇ ۋە بىر يات جىنس بىلەن توي قىلىشى كېرەك. قانۇن بويىچە ئەڭ كىچىك توي قىلىش يېشى دۆلەتلەردە ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، نېپالدا قىز ۋە ئوغۇلنىڭ ئەڭ كىچىك توي قىلىش يېشى 15 ياش دەپ بېكىتىلگەن بولسا، خىتايدا قىز 20 ياشنى، ئوغۇل 22 ياشنى تولدۇرۇشى كېرەك دەپ بېكىتىلگەن. ئەمما، نوپۇستىكى جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى سەۋەبىدىن خىتايدا بىرىنچى تويىنى قىلىش يېشى ئوتتۇرىچە 27.8 ياش بولغان. ئۆمۈر بويى توي قىلالمايدىغان بويتاقلار بۇنىڭ سىرتىدا.

خىتايدىكى ئوشۇق بويتاق ئەرلەرنىڭ ياش گۇرۇپپىسى ۋە نوپۇس سانى ھەققىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نوپۇس تەتقىقات ئورنىنىڭ پروفېسسورى مۇ گۇاڭزوڭ (穆光宗) تۆۋەندىكىچە ئىستاتىستىكا قىلىپ چىققان (穆光宗,2021).

**خىتايدىكى ئوشۇق بويتاق ئەرلەرنىڭ ياش گۇرۇپپىسى ۋە نوپۇس سانى**

| بويتاق تۈرى | تۇغۇلغان يىل دەۋرى | تەخمىنەن سانى |
|---|---|---|
| زاپاس بويتاق | 2010 - يىلدىن كېيىن | 11 مىليون 912 مىڭ |
| ياش بويتاق | 2000 - يىلدىن كېيىن | 13 مىليون 16 مىڭ |
| بويتاق | 1990 - يىلدىن كېيىن | 10 مىليون 124 مىڭ |
| چوڭ بويتاق | 1980 - يىلدىن كېيىن | 1 مىليون 386 مىڭ |

«يەتتىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش» سانلىق مەلۇماتلىرىغا ئاساسەن ھېسابلانغان بۇ ئىستاتىستىكا بويىچە، 2020 - يىلى خىتايدىكى ئوشۇق ئەر نوپۇسىنىڭ سانى جەمئىي 36 مىليون 438 مىڭ. دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ باياناتچىسى فۇ لىڭخۈي (付凌晖) 2021 - يىلى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېگەن: بۇ 30 مىليوندىن ئارتۇق بويتاق ئەرلەر ئوخشىمىغان ياش گۇرۇپپىسىغا تارقىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان بويتاق ئەرلەرنىڭ سانى ئاياللاردىن 17 مىليون 520 مىڭ ئوشۇق (人民网, 2021). بۇ جۈملە سۆزنى ئۇنتۇماڭ: بۈگۈن خىتاي ھۆكۈمىتى جىددىي ھالدا خوتۇن تېپىپ بېرىشى كېرەك بولغان 17 مىليوندىن ئارتۇق ئوشۇق بويتاق خىتاي ئەرلىرى بار. كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (Human Rights Watch) 2019 - يىللىق دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق دوكلاتىدا خىتاي ۋە ھىندىستان نوپۇسىنىڭ ئەرلىشىپ كېتىشىنى مۇنۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىپادىلەيدۇ: «ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇ خىل ھادىسە كۆرۈلۈپ باقمىغان» (Nothing like this has happened in human history) (HRW, 2019). بۇ ساننىڭ ھەر يىلى تەخمىنەن بىر مىليون 150 مىڭدىن ئېشىپ بارىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئالساق ئالدىمىزدىكى يىللاردا ۋەزىيەت تېخىمۇ خەتەرلىك ھالەتكە كېلىدۇ. يەنى جىددىي خوتۇن ئېلىش ئېھتىياجى بولغان ئوشۇق بويتاق خىتاي ئەرنىڭ سانى 2030 - يىلدا 27 مىليون 870 مىڭ بولسا، 2040 - يىلغا بارغاندا 39 مىليون 370 مىڭغا يېتىدۇ. ئالدىمىزدىكى 20 يىلدا دۇنيايىمىزدا ئوشۇق بويتاق ئەر ئەڭ كۆپ جۈغلىنىپ قالغان قورقۇنچلۇق يىللار بولىدۇ. فىرانسىيەلىك نوپۇسشۇناس كىرىستوف گىلموتو (Christophe Guilmoto) نىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2050 - يىلغا بارغاندا، خىتاينىڭ نىكاھ بازىرىدىكى ھەر 100 ئايال ئۈچۈن توغرا كېلىدىغان ئەرلەرنىڭ سانى 150 دىن 190 گىچە بولۇشى مۇمكىن (Denyer & Gowen, 2018). (بۇنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن يېقىن كەلگۈسىدە ئەڭ خەتەرلىك تەھدىت ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش بەكمۇ مۇھىم).

## خىتاي رايوندىن خوتۇن ئېلىش ئايغا چىقىشتىن قىيىن

ھېچكىمنىڭ بېسىمى بولمىغان ئەھۋالدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن توي قىلىپ جورىلىق بولۇش قۇرامىغا يەتكەن ھەر بىر ئەر ۋە ئايالنىڭ تەبىئىي ھەققى. بۇ ھەقنىڭ قوغدىلىشى مەدەنىيەتلەشكەن جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر نامايەندىسى. لېكىن جىنس نىسبىتى تەڭپۇڭسىزلىقى سەۋەبىدىن خىتايدا ئەھۋال باشقىچە.




*5 - رەسىم: ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردىكى ھەجۋىي رەسىم*

جىاڭسۇ ئۆلكىسى شۈجۇ شەھىرى پىچىڭ بازىرىدا 2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى لايىق تونۇشتۇرۇش ئۈچرىششى بولغان. ئۈچرىششقا لايىق تېپىش ئارزۇسى بىلەن 100 دىن ئارتۇق ئوغۇل كەلسە، قىزلاردىن پەقەت 5 كىشىلا كەلگەن (网易,2022). كۆرۈنۈشنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرەلەيسىز:

https://youtu.be/hjQB97MwGbY

بۇ كۆرۈنۈش ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقالغاندىن كېيىن بۇ ھادىسە خىتايدا ئۇزۇن ۋاقىت غۇلغۇلا قوزغىغان.

خىتاي رايونىدا بويتاق ئەرنىڭ لايىق تېپىشى، لايىق تاپقاندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ ئەر تەرەپكە ئۆيى، ماشىنىسى بولۇش دېگەندەك ئېغىر شەرتلەرنى قويۇشى تۈپەيلىدىن، توي قىلىش ئايغا چىقىشتىنمۇ قىيىن بولماقتا. نورمال بىلگىنىمىزنىڭ ئەتۈرىچە، قىزلار ئەرلەرنى تاللاپ - شاللايدىغان، يەنى «قىزلار ئەر ئالىدىغان، ئوغۇللار ياتلىق بولىدىغان» (女娶男嫁) يېڭى سۆز ۋە ئىبقىم ئوتتۇرىغا چىقتى. خىتاي يېزىلىرىدىكى قىزلارنىڭ ئوقۇش ۋە ئىش پۇرسىتىنى قوغلىشىپ شەھەرلەرگە كۆچۈشى، توي قىلىشتا كۆزىنى سەل ئوقۇغان، ئىقتىسادىي ياكى ئىجتىمائىي ئورنى بار ئەرلەرگە تىكىشى يېزىلاردىكى بويتاق ئەرلەرنىڭ توي قىلىش ئارزۇسىنى بىتچىت قىلىدۇ. ئوشۇق ئەرلەرنى ئۆيلۈك قىلىش خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ھەل قىلمىسا بولمايدىغان جىددىي مەسىلە بولماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى ماكان ۋە يېڭى خوتۇن مەنبەسىگە ئېھتىياج تۇغۇلماقتا. «تىبەت تاغلىق رايون، ئەرلەر تۇرماس؛ ئىچكى موڭغۇل بولسا يايلاق، ئەرلەر ياشىماس» مەنتىقى بىلەن، بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى شۇم كۆزىنى شەرقىي تۈركىستانغا تىكتى. مەقسىتىگە تېزرەك يېتىش، قىلمىشىنى ھەقلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن يېڭى سىياسەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقاردى ۋە ئەمەلىيلەشتۈردى.

## تۆتىنچى، شەرقىي تۈركىستاندا سىياسىي ئۆيلىنىش

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان بىپايان، مۇنبەت ۋە تېغى - تېشى ئالتۇن بولغان گۆھەر زېمىن بولۇپلا قالماي، مىجەزى ۋە ئەخلاقى ئېسىل، ئەقىللىق ۋە ئىشچان بىر خەلق ياشايدىغان مۇقەددەس ماكان. 3000 يىللىق تارىخىدا نۇرغۇن شانلىق خانلىق - دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە ساناقسىز قانلىق ئۇرۇشلارغا سەھنە بولغان بۇ تۇپراق، چىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، 1884 - يىلى 18 - نويابىر كۈنى خىتاي ئىمپېراتورىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ نامى شىنجاڭ (يېڭى زېمىن) دېگەن ئىسىمغا ئۆزگەرتىلدى ۋە شۇ زاماندىكى خىتاينىڭ 19 - ئۆلكىسى سۈپىتىدە بىۋاسىتە خىتاي ئىمپېراتورلۇقىغا باغلاندى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايدىن ئىبارەت بۇ يات مىللەتنى كۆرۈش، تونۇش، بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش بىلەن ئۆتكەن بۇ 138 يىللىق تارىختا، خەلقىمىز خىتاينىڭ ھەم سىياسىي، ھەم مىللىي ۋە دىنىي دۈشمىنىمىز ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ تارىخىي تاجاۋۇزچى دۈشمىنىمىزگە قارشى، ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى ۋە ھۆررىيىتى ئۈچۈن تىنىمسىز ئىنقىلاب قىلغان، مىليونلىغان شېھىت بەرگەن خەلقىمىز، ھېلىھەم كۈرىشىنى داۋام قىلماقتا ۋە ئاخىرقى نىشانىغا يەتمىگۈچە توختاتمايدۇ.

1988 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئاتالمىش «شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان) ئۇنىۋېرسىتېتى» فىزىكا فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئەر ئوقۇغۇچىلار ھاجەتخانىسى ئىشىكىگە نامەلۇم خىتايلار تەرىپىدىن خىتاي تىلىدا چوڭ خەتلىك قىلىپ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرلىرىنى قۇل، ئاياللىرىنى پاھىشە قىلىمىز! چوشقىلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھاجەتخانىغا كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ» (把维族男人当奴，女人当妓! 禁止猪和维吾尔人进入厕所) دېگەن ھاقارەتلىك شوئار يېزىلغان (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، 2013). بۇ، خىتاي بىلەن بولغان مىللىي كۈرىشىمىزنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرىدىغانلىقىنىڭ

بېشارىتى ئىدى. گەرچە دولقۇن ئەيسا، ۋارىس ئابابەكرى، ئەركىن روزى باشچىلىقىدىكى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تارىخىمىزدىكى «15 - ئىيۇن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى»نى قوزغاپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە «دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك» شوئارى بىلەن ۋاقتىدا ۋە كەسكىن جاۋاب بەرگەن، سۇنماس مىللىي روھىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئوچۇق نامايەندە قىلغان بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنى «قۇل ۋە دېدەك» قىلىش قارا نىيىتىدىن يانمىدى.

ئەسكەر، ئاققۇن، قاچقۇن، پالاندى، تىجارەتچى ياكى جىنايەتچى قاتارلىق سەۋەب بىلەن 1870 - يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە مىليونلارچە خىتاي كۆچمەن كەلدى ۋە يەرلەشتى. بۇ كەلگۈندىلەرنىڭ 80% ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسى (دېموگرافىيەسى) نى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغان ئىدى. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق ۋە كۆلەملىك ھالدا ۋەتىنىمىزگە كۆچۈرگەن خىتاي سانى بۇ شەكىلدە: 1958 - يىلى 2 مىليون؛ 1966 - يىلى 129 مىڭ؛ 1995 - دىن 2000 - يىلغىچە 950 مىڭ (李晓霞,2017). يېقىن تارىختا قارىساق بۇ بۇزۇلۇش تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتكەن. ئاۋستىرالىيەدىكى تەتقىقاتچىمىز بىلال نىزام «شەرقىي تۈركىستان نوپۇس جۇغراپىيەسى» ناملىق كىتابىدا ۋەتىنىمىزدىكى جىنس نىسبىتىنىڭ تەڭپۇڭسىزلىقىنى مۇنداق ئىستاتىستىكا قىلىپ چىققان (نىزام، 2021):

**شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق مىللەتلەر ئەر - ئايال قۇرۇلمىسى (ئايال : 100)**

| | 1990 | | 2010 | |
|---|---|---|---|---|
| | تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئەر - ئايال نىسبىتى | ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئەر - ئايال نىسبىتى | تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئەر - ئايال نىسبىتى | ئومۇمىي نوپۇسنىڭ ئەر - ئايال نىسبىتى |
| شەرقىي تۈركىستان | 104.63 | 106.67 | 106.54 | 106.88 |
| ئۇيغۇر | 103.43 | 104.43 | 105.29 | 102.57 |
| **خىتاي** | **107.60** | **110.31** | **110.76** | **112.48** |
| قازاق | 106.02 | 104.91 | 105.12 | 104.73 |
| تۇڭگان | 106.61 | 105.18 | 98.79 | 106.11 |

1990 - ۋە 2010 - يىللىق (ئاتالمىش) «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىيالى»نى مەنبە قىلغان تەتقىقاتقا قارىغاندا، ۋەتىنىمىزدىكى خىتاي مىللىتىنىڭ جىنس نىسبىتى خىتاينىڭ ئوتتۇرىچە جىنس نىسبەتتىن يۇقىرى بولغان. بۇ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ ئاشكارىلىغان مەلۇماتى بولۇپ، بۇنىڭغا ۋەتىنىمىزگە كېلىپ يەرلەشكەن، ئەمما نوپۇسى تىزىملانمىغان قاچقۇن، ئارتۇق تۇغۇش ئۈچۈن قاچقان، پىلانسىز كۆچمەن ۋە ئىچكىرىدىن پالانغان مەھبۇسلارنى قوشساق تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. 2016 - يىلدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى «مىللىي قىرغىنچىلىق»نىڭ باشلىنىش مەزگىلىگە كىرگەن بولۇپ، خىتاي مەنبەلىرى تارقاتقان بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلارنى ئىشەنچلىك كۆرمىدىم.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى كۆپ تەرەپتىن ئۇزۇن يىل جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ 2013 - يىلدىكى نوپۇسى 18,838,470 (ئون سەككىز مىليون سەككىز يۈز ئوتتۇز سەككىز مىڭ تۆت يۈز يەتمىش) بولۇپ، 2018 - يىلدىكى شەرقىي تۈركىستاندىكى «ئۇيغۇر نوپۇسىنى تەخمىنەن 20 مىليون» دەپ بېكىتىشنى قارار قىلدى. (ئاكادېمىيە, 2022). يېڭى ئېلان قىلىنغان «خىتاينىڭ 2021 - يىللىق ئىستاتىستىكا يىلنامىسى» (年统计年鉴2021) دا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ توپلام ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى نىسبىتى 49.65% دەپ كۆرسىتىلگەن (国家统计局,2022). بۇ

نىسبەت بويىچە ۋەتىنىمىزدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ سانى تەخمىنەن 9 مىليون 930 مىڭ. مەركىزى گېرمانىيەدە بولغان «City Population» (شەھەر ئاھالىسى) تەتقىقات قۇرۇلۇشىنىڭ سانلىق مەلۇماتى بويىچە، ۋەتىنىمىزدىكى 20 ياشتىن 39 ياشقىچە بولغان ياش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى 33.01% (CityPopulation, 2022). دېمەك، ۋەتىنىمىزدىكى توي قىلىشقا ئۇيغۇن 20~39 ياشتىكى ئاياللارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 3 مىليون 277 مىڭ. بۇنىڭغا قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت توي قىلىشقا مۇۋاپىق ئاياللارنى قوشقاندا تەخمىنەن 4 مىليوندىن ئاشىدۇ. دېمەك، بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئوشۇق 17 مىليون خىتاي بويتاق ئەرلىرى ئۈچۈن مۇشۇ 4 مىليوندىن ئاشىدىغان خانىم - قىزلىرىمىزغا كۆز تىكىشى ئىنسانىيەتكە «قانىغان يارا» بولۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىپ ئۆيلۈك بولۇش سىياسىي دۈشمەنلىك (چۈنكى ئۇ ئىشغالچى)، مىللىي ئۆچمەنلىك (چۈنكى ئۇ ئەجداد قاتىلى)، ئېتىقاد زىتلىقى (چۈنكى ئۇ كاپىر)، مەدەنىيەت ماسلاشماسلىق (چۈنكى ئۇ ئىت، چوشقا يەيدۇ) ۋە ئۆرپ - ئادەتكە سىغماسلىق (چۈنكى ئۇ مەينەت) نۇقتىسىدىن، خەلقىمىز تارىختىن بېرى قوبۇل قىلمىغان ۋە چىش - تىرنىقىدىن قارشى تۇرۇپ كەلگەن بىر رېئاللىق. خانىم - قىزلىرىمىز شۇنچىلىك ئىپپەتلىك ۋە غۇرۇرلۇقكى، خىتايغا قارشى مىللەتچە كۈرەش قىلىش جەريانىدا ئىپارخاندىن نۇزۇگۇمغىچە نۇرغۇن قەھرىمانلىرىمىز شانلىق داستان ياراتقانىدى. 1931 - يىلدىكى قۇمۇل ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغان ۋەقەمۇ ئەسلىدە جاڭ گوخۇ ئىسىملىك بىر خىتاينىڭ ئاراتۈركلۈك ئابدۇنىياز مىرابنىڭ «گۈلخان» ئىسىملىك قىزىنى زورلاپ نىكاھىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى ئىدى. غۇرۇرلۇق دادا يېقىن دوستلىرىنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن جاڭ گوخۇنى ۋە ئەتراپىدىكى 32 خىتاينى نەق مەيداندا يەر چىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاب پارتلايدۇ. كۈنىمىزدىمۇ ئىپارخان مىسالى خانىم - قىزلىرىمىز، ئابدۇنىياز مىرابتەك ئەرلىرىمىز مۆلچەرلىگۈسىز بەدەل بەرمەكتە.

2000 - يىلى 5 - قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر بىلەن خىتايلارنىڭ نىكاھلىنىش نىسبىتى 0.62%، قازاق بىلەن خىتايلارنىڭ نىكاھلىنىش نىسبىتى 0.21% بولغان. قازاقلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى 2.21%، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت بىلەن نىكاھلىنىش نىسبىتى 1.05% بولغان. بۇ، خىتايدىكى 56 مىللەت ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن نىسبەت ھېسابلىنىدۇ (百科,2015). خىتاي بىلەن توي قىلىشقا قارشى بۇ قاتتىق تارىخىي پوزىتسىيەنى يۇمشىتىش، ھەتتا تىركىششىنى يوق قىلىش ئۈچۈن، بېيجىڭ دائىرىلىرى كۆپ قاتلاملىق، مۇرەككەپ ۋە ھىيلە - مىكىرگە تولغان زوراۋانچە سۈيقەستلىك پىلاننى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

## شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەرلەرنى يوقىتىش قارا نىيىتى

بىر مىللەتنىڭ خانىم - قىزلىرىغا باشپانا بولىدىغان، ئىگە چىقىدىغان، ئۇلارنى ياۋدىن قوغدايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قىممىتىنى، ئىززىتىنى قىلىدىغان شۇ مىللەتنىڭ ئەركەكلىرى. ئەر دېمەك بىر ئائىلە، بىر مىللەتنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نەزىرىدە ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش يولىدىكى ئەڭ چوڭ توساق – ئۇيغۇر ئەرلىرى. بۇ توساقنى يوقاتماي تۇرۇپ مەقسەتكە يېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان خىتاي دائىرىلىرى، 2016 - يىلدىن باشلاپ ھەر خىل «جىنايەت» بىلەن ئەرلىرىمىزنى تۇتقۇن قىلىشقا، يوقىتىشقا، ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى.

گېرمانىيەلىك مۇتەخەسسىس ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 2017 - يىلدىن باشلاپ، خىتاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى 1 مىليون 800 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈرك ئاز سانلىق مىللەتلەر خولوكوست قىرغىنچىلىقىدىن بۇيانقى ئەڭ چوڭ تۇتقۇن قىلىشقا دۇچ كەلدى (Zenz, 2020). تەتقىقاتچىمىز دوكتور ئەركىن سىدىقنىڭ

كۆپ خىل ۋاستىلەر بىلەن ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، 2014 - يىلدىن 2021 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ۋەتىنىمىزدە تۇرمە - جازا لاگېرى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك زاۋۇتلىرىدا تۇتقۇن قىلىنىپ سولانغانلارنىڭ سانى 9 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، تۇرمىگە يۆتكەلگەنلەر 1.8 مىليون، خىتاي رايونىغا يۆتكەپ كېتىلگەنلەرنىڭ سانى 2.1 مىليوندىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرلەر بولۇپ، 18 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغانلارنىڭ سانى 90% نى ئىگىلەيدىكەن. بۇنىڭدىن مىليونلىغان ئائىلىلىرىمىز، خانىم - قىزلىرىمىز مۇھاپىزەتچىسىز، باشپاناھسىز قالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ، خىتاي ئەرلىرىنىڭ ئائىلىلىرىمىزگىچە سىڭىپ كىرىشىنى قولايلاشتۇردى. ۋەتىنىمىزدىن چىققان رەسىم، ۋىدىيولاردىنمۇ ئىجتىمائىي ھاياتتا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا پائالىيەتلەردە جەمئىيەت مۇھىتىنىڭ ئەرسىز قالغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. ھاشاردا، زاۋۇت - ئېتىزلىقتا، قۇرۇلۇشلاردا تارتىلغان بۇ كۆرۈنۈشتە ئاساسەن ئاياللار بار، ئەرلەر يوق دېگۈدەك. مىليونلىغان ئەرلەر نەگە كەتتى؟ ئاقىۋىتى قانداق؟ جىددىي جاۋابلىنىشى كېرەك بولغان يۈزلىگەن سوئال، قۇتۇلدۇرۇش كېرەك بولغان مىليونلىغان گۇناھسىز قېرىنداشلىرىمىز بىزنى ساقلاۋاتىدۇ. تېخىمۇ كۆپ غەيرەت كۆرسىتىشىمىزنى ۋە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك چارە تېپىشىمىزنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە.

## خانىم - قىزلىرىمىزنى خىتاي بىلەن ئۆيلىنىشكە رازى قىلىش ھىيلىسى

چىن چۈەنگو تىبەتتە تىبەت قىزلىرى بىلەن خىتاي ئەرلىرىنىڭ توي قىلىش نىسبىتىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇپ خىزمەت كۆرسەتكەن خىتاي ئەمەلدارى. ئۇنى ۋەتىنىمىزگە ھۆكۈمدار قىلىپ تىكلىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، تىبەتتىكى تەجرىبىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، خانىم - قىزلىرىمىزنى «رازىمەنلىك» بىلەن خىتاي ئەرلىرىگە تۇتۇپ بېرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش. 2014 - يىلى 25 - ئاۋغۇست چەرچەن ناھىيەلىك پارتكوم «مىللىيلار بىلەن خەنزۇلار توي قىلىشقان ئائىلىلەرنى مۇكاپاتلاش تەدبىرلىرى» ئېلان قىلدى ۋە ئىجرا قىلىشقا باشلىدى (百科, 2014). «خىتاي بىلەن توي قىلغانلارغا سىياسەت، تۇرالغۇ ۋە بالىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە ئېتىبار قىلىنىدۇ؛ توي قىلغاندىن كېيىن، 5 يىلغىچە ھەر يىلى 10 مىڭ يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ؛ بالىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ھەقسىز ئوقۇيدۇ...» دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ بەلگىلىمە، ۋەتىنىمىزدە يېڭى بىر سىياسىي شۇملۇقنىڭ پەردىسىنى ئاچمىش بولدى. خەلقىمىزنىڭ ئېتىقاد قەلئەسىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن ياللانما موللا - ئىماملارنى ئىشقا سېلىپ، خىتاي بىلەن توي قىلىشنىڭ نورمال ھادىسە ئىكەنلىكىگە پەتىۋا بەرگۈزۈش، ئاتالمىش «قوشماق تۇغقان بولۇش» سىياسىتى بىلەن ئەرسىز قالغان ئائىلىلەرگە خىتاي ئەرلىرىنى بىرلىكتە ياشاشقا زورلاش ھۆكۈمەتنىڭ شۇم پىلانىنىڭ بىر پارچىسى ئىدى.

مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان بىر ئەھۋال مۇنداق: جەمئىيىتىمىزدىكى مەشھۇر، ئابرۇيلۇق ئائىلىلەرنىڭ قىزلىرىنى، سەنئەت ياكى باشقا ساھەدە داڭ چىقارغان قىزلارنى بىر يولىنى قىلىپ خىتاي بىلەن توي قىلدۇرىدۇ ۋە بۇنى كەڭ تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ، نورمال ئائىلىنىڭ قىزلىرىنى خىتايغا تېگىشكە جاسارەتلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. «غورا غورىنى كۆرۈپ ئالا بولىدۇ» ئەمەسمۇ!؟

كۈنىمىزدىكى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قىز - ئاياللىرىمىزنى خىتاي ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشقا «رازى قىلىش» ھىيلىلىرى:

- ئاچ - يالىڭاچ قويماسلىق، جاپا تارتقۇزماسلىق ۋەدىسى بىلەن؛
- ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەدىسى بىلەن (UHRP, 2022)؛
- باياشات ياشىتىش ۋەدىسى بىلەن؛
- ئۆي - ماكان بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
- مۇكاپات پۇل بېرىش ۋەدىسى بىلەن (FT, 2014)؛
- تۇرمىگە، كامپىلارغا سولىۋالغان ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا يېقىنىنى قويۇپ بېرىش، تۇتقۇن ۋاقتىنى

قىسقارتىش، كەڭچىلىك قىلىش ۋە باشقا ۋەدە بىلەن (Nazeer, 2022)؛

- ئەمىلنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت شارائىتىنى ياخشىلاش ۋەدىسى بىلەن؛
- پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش، داۋالىنىش، خىزمەت تېپىشىدا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش ۋەدىسى بىلەن (百科, 2014)؛
- قورقۇتۇش، تەھدىت سېلىش ياكى باشقا زورلاش ۋاستىسى بىلەن؛
- ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن.

## خىتاي ئەرلىرىنى ماقۇل قىلىش ھىيلىسى

بوستاق ئەر خىتايلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش، يۇرتىنى تاشلاپ «چۆل باياۋان» (戈壁滩) غا يۆرەكلىك كېلىشى ئۈچۈن مەركىزىي ھۆكۈمەت جىق تەشۋىقاتلارنى قىلدى، ۋاستىچى ئاپپاراتلارنى قۇردى ۋە پۈتۈن ئىمكانلىرىنى سەپەرۋەر قىلدى. بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلارنى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا جىق ئۇچرىتىمىز. ھازىرغىچە قانچىلىك خىتاي بوستاقنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئائىلە قۇرغانلىقىنى ئىستاتىستىكا قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، سانىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى ئېنىق. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەت ۋە پارتىيەگە ساداقەتمەنلىكىنى نازارەت قىلىش ۋە دوكلات قىلىش ئۈچۈن، 1 مىليون 100 مىڭدىن ئارتۇق خىتاي ئەمەلدارىنى «قوشماق تۇغقان» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىگە يەرلەشتۈردى (Hartman, 2019).

خىتاي ئەرلىرىنى ۋەتىنىمىزگە كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىشكە ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەت قىز - ئاياللار بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل قىلىش ھىيلىلىرى:

- نامرات، چەت يېزا - قىشلاقلاردىكى يېشى چوڭ بوستاقلارغا جورا تېپىپ بېرىش كاپالىتى بىلەن (哔哩,2020)؛
- ئۆي - زېمىن بېرىش، دۆلەت پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇش سىياستىدىن بەھرىمەن قىلىش، مەبلەغ سېلىپ بېرىش، ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش ۋەدىسى بىلەن (林涵,2023)؛
- ئايلىق مائاش، مۇكاپات پۇلى بېرىش ۋەدىسى بىلەن (UHRP, 2022)؛
- مۇنبەت تۇپراق، ھوسۇللۇق باغچە بېرىش ۋەدىسى بىلەن؛
- ئىش تېپىپ بېرىش، كادىر - ئەمەلدار قىلىش، ئەمىلىنى ئۆستۈرۈش ۋەدىسى بىلەن؛
- «باشقا مىللەت ئانىدىن تۇغۇلغان بالا ئەقىللىق بولىدۇ» سەپسەتىسگە ئىشەندۈرۈش بىلەن (头条, 2022)؛
- پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش، داۋالىنىش، خىزمەت تېپىشىدا ئالاھىدە ئىمتىياز بېرىش ۋەدىسى بىلەن (百科,2014)؛
- يۇرتىدا قالدىغان موھتاج يېقىنلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش، ياردەم قىلىش ۋەدىسى بىلەن؛
- قورقۇتۇش، بېسىم قىلىش ياكى باشقا ۋاستىلەر بىلەن زورلاش؛
- ئۆز ئىختىيارى بىلەن.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، شى جىنپىڭنىڭ ھاكىمىيىتى قولىدىكى كۈچ ۋە كوزىرلىرىنى ئەڭ ئۈستۈن سەۋىيەدە ئىشقا سېلىپ، بىرىنچى، ئۆزلىرىدىكى ئوشۇق بوستاق ئەرلەر مەسىلىسىنى؛ ئىككىنچى، مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشىنى تېزلىتىپ ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستانىنى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى بىراقلا ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئائىلە قۇرۇلمىسى بۇزۇلغان، ئەنئەنىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەن بىر مىللەت ياكى توپلۇم 20 - 25 يىلدا پۈتۈنلەي يېڭىلىنىپ (ئۆزگىرىپ) كېتىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ھاياتتا بولغانلىرىنى غايىب قىلىپ ياكى خىتايلاشتۇرۇپ يوقىتىش بىلەن، كېيىنكى نەسلىنى شالغۇتلاشتۇرۇپ يوقىتىش قەدىمىنى تېزلىتىۋاتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ساغلام ئائىلە قۇرۇلمىسى ۋە ساغلام مىللىي كىملىكى قالمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق. خىتايدا ئىككى مىللەتتىن تۇغۇلغان شالغۇت بالىلارنىڭ مىللەت تەۋەلىكىنى ئايرىغاندا، ئادەتتە قانۇن بويىچە ئاتا تەرەپكە تەۋە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت قىزلىرى خىتايلار بىلەن توي قىلىپ تۇغقاندا، ئەمەلىيەتتە بىر خىتاي پۇشتىنى تۇغقان، باققان، يېتىشتۈرگەن بولىدۇ. بۇ، ئۇيغۇر - قازاقنىڭ يېڭى نەسلى تۈگەپ، ۋەتىنىمىزدە خىتايلاشقان شالغۇت بىر نەسىل بارلىققا كېلىدۇ، دېگەنلىك.

ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئىشخانىسى 2022 - يىلى 31 - ئاۋغۇست ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەندىشىسىنى باھالاش» ناملىق ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: خىتاي ھۆكۈمىتى 1949 - يىلدىن باشلاپ رايوننىڭ نوپۇس مىللىي تەركىبىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ كەلگەن. 1953 - يىلى بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈشتە، بۇ رايوندىكى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 75% ىدىن كۆپرەكىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلغان بولسا، خىتاي مىللىتى 7% نى تەشكىل قىلغان. 2020 - يىلغا كەلگەندە، ئۇيغۇر نوپۇسى بۇ رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 45% نى، خىتايلار تەخمىنەن 42% نى تەشكىل قىلغان (OHCHR, 2022). دېمەك، بېيجىڭ دائىرىلىرى ۋەتىنىمىزدە ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ، غايىب قىلىپ ۋە قىسىرلاشتۇرۇپ يوقىتىش بىلەن كېلىپ چىققان بوشلۇقنى ئۇيغۇرچە كىيىنگەن، ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل ئوينايدىغان، ھەتتا قولىدا ئۇيغۇر كىملىكى بولغان كۆچمەن خىتايلار بىلەن توشقۇزماقتا.

خۇلاسىلىسەك، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ 1) ۋەتىنىمىزدىكى ئەرلەرنى تۇتقۇن قىلىپ يوقىتىش؛ 2) 14 ياشتىن كىچىكلەرنى خىتايلىشىش تەربىيەسىگە بوغۇش؛ 3) بويتاق خىتاي ئەرلىرىنى ۋەتىنىمىزگە يەرلەشتۈرۈش؛ 4) خانىم - قىزلىرىمىزنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش؛ 5) ۋەتىنىمىزدە شالغۇت، يەنى خىتايلاشقان يېڭى نەسىلنى بەرپا قىلىش سۈيىقەستى – ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نىيىتى ئوچۇق: يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ 418 كىۋادرات كىلومېتىر بولغان ۋەتىنىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۇستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى «قۇل ۋە دېدەك» قىلىپ يوقىتىش، شەرقىي تۈركىستاننى خەرىتىدىن، تارىخ بېتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاپ، پۈتۈنلەي خىتايلاشقان يېڭى «شىنجاڭ»نى دۇنياغا بازارغا سېلىشتىن ئىبارەت. شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتايغا قۇل ۋە دېدەك بولۇشنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىغان ۋە قىلمايدۇ. بىز ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى بۇ شۇم نىيەتكە قارشى جىددىي تەدبىر ئالماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نى ساقايتالمايمىز.

## خۇلاسە

ۋەتىنىمىزنىڭ خىتايغا قوشنا بولۇپ قېلىشى جۇغراپىيەلىك قىسمىتىمىز، مۇشۇنداق ئادالەتسىز بىر مۇھىتتا تۇغۇلۇپ ياشىشىمىز تەقدىرىمىز. كېلەچەكتە يەر شارىغا زومىگەر بولۇشقا نىيەتلەنگەن خىتاينىڭ زۇلمىنى ئەڭ جىق تارتقان، ئۇنى ئاڭقىرالايدىغان ۋە چۈشىنەلەيدىغان، ئەڭ سىرلىق غەرىزىنىمۇ بىلەلەيدىغان بىزدىن باشقا بىر خەلق يوقتۇر. خىتاي گەرچە ئىقتىسادتا كۈچلەنسىمۇ، خەلقئارا سەھنىدە باش رولچى بولۇپ بەزى «ئويۇن»لارنى ئوينىيالىغان بولسىمۇ، ھەرگىز دۇنياغا خوجا بولۇش نىيىتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى، خىتاينىڭ دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە باشلامچى بولالىغۇدەك سۈپىتى، دېموكراتىيە، ئىنسان ھەقلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان نىيىتى ۋە ئىلغار مەدەنىيەت ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى ھەر بىر ھەرىكىتىدە بەكمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستاندىكى «قىيامەت»نىڭ ئۆزىمىغان كۈنلەردە دۇنيانىڭ بېشىغا كەلمەسلىكى، ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نىڭ تېخىمۇ

ناچارلىشىپ كەتمەسلىكى ۋە بۇ يارىنىڭ شىپا تېپىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

ھەر قايسى مىللەتلەرنى، رەھبەرلەرنى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورگان - قۇرۇلۇشلارنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن ئويغىتىشىمىز زۆرۈردۇر:

1) خىتايدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنياغا يامرايدىغان، ئەتىدىلا دۇنياغا تەھدىت بولىدىغان «ئوشۇق ئەر» كىرىزىسىنى ۋە خىتاينىڭ يېڭى باشلىغان «ئۈچ باللىق بولۇش» سىياسىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاگاھلاندۇرۇش لازىمدۇر.

2) ئىقتىساد، تېخنىكا، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلەردە خىتاي بىلەن ھەمكارلىششىنىڭ ئەمەلىيەتتە كېلەچەكتىكى دۈشمەننى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم.

3) مىللىي مەنپەئەتى، سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن مودېرن دەۋردىمۇ باشقا بىر مىللەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشنىمۇ ئىككىلەنمەيدىغان خىتاي ھۆكۈمىتىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە ئاسسىمىلياتسىيە جىنايىتى، «جىنس قىرغىنچىلىقى» جىنايىتى، ئىنسانىي ۋە مەنىۋى قىممەتلەرنى دەپسەندە قىلىش جىنايىتى، يەرلىكلەرنىڭ بايلىق ھەققىنى تالان - تاراج قىلىش جىنايىتى ۋە باشقا جىنايەتلىرىنى «يەر شارى ماگنىتسكىي كىشىلىك ھوقۇق جاۋابكارلىق قانۇنى» (The Global Magnitsky Human Rights Accountability Act) ۋە باشقا خەلقئارالىق قانۇن - تۈزۈم مېخانىزمى بويىچە ئەڭ ئېغىر شەكىلدە جازالاشنىڭ «قانغان يارا»نىڭ ساقىيىشىنىڭ كاپالىتى، گۈزەل بىر دۇنيا بەرپا قىلىشنىڭ جىددىي تەقەززاسى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىمدۇر.

4) خىتاينىڭ چىرىكلىك، خىيانەت ۋە پارىخورلۇققا ئىلھام بېرىدىغان، زىيانلىق سودا ۋە تەڭسىز ئورتاقلىققا قىستايدىغان، ساندان (سانلىق مەلۇماتلار) ۋە بىلىم - مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا سەل قارايدىغان، كىشىلىك ھوقۇق، تور بىخەتەرلىكى، خەلقئارا قانۇن ۋە باشقا نىزاملارنى دەپسەندە قىلىدىغان ۋە كېلەچەكتە تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغان قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشىمىز لازىم.

5) خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ مەنىۋىي قىممەت قاراشلىرى خىتاي خەلقى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھەق - ھوقۇق قىممەت قاراشلىرى ئۈچۈنمۇ جىددىي بىر تەھدىت. بىز بۇنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بۇ بالايىئاپەتكە قارشى ئورتاق تەدبىر ئېلىشقا چاقىرىشىمىز لازىم.

6) دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ۋە سىستېمىنى ئۆز ئىرادىسىگە ماسلاشقان شەكىلدە يېڭىدىن تۈزۈپ چىقىشقا ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا نىيەتلەنگەن خىتاي، سىياسىي سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزۈندىن بۇيان ئوخشىمىغان دۆلەتلەردە سىناق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بۇ تەجرىبىسىنى يەر شارىلاشتۇرۇش باسقۇچىغا ئۆتكەن بېيجىڭنىڭ يامان غەرىزىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ دۇنيانى ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم.

7) شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا قارشى ئەڭ ئاۋانگارت رول ئېلىشى كېرەك بولغان تۈرك - ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرىنى خىتاي بىلەن تۈزگەن كېلىشىم - ئورتاقلىقنى يېڭىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈشكە تەشەببۇس قىلىش؛ شەرقىي تۈركىستاننىڭ كېڭەيمىچى خىتايغا قارشى ئەڭ ئاخىرقى قەلئە ئىكەنلىكىنى، بۇ قەلئە يىقىلسا ئوتتۇرا ئاسىيادىن باشلىنىدىغان ئىشغالنىڭ تېزلىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇشىمىز لازىم.

8) خىتاينى ھۆكۈمىتىنى بىردىنبىر دۈشمەن، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقىنى ئەڭ ئاخىرقى نىشانى قىلغان تەشكىلات ۋە پائالىيەتچىلەرگە قارىتا:

9) ئامېرىكا ۋە شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى (NATO) قاتارلىق خىتايغا قارشى تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان كۈچلەرنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىستراتېگىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈشىمىز

زۆرۈردۇر.

10) بىز دەۋايىمىزدىكى ئوتتۇرا ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ھەرىكەت پىلانىمىزنى كېلەچەكتە شەكىللىنىدىغان دۇنيا سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇن شەكىلدە بېكىتىشىمىز زۆرۈر؛

11) دۆلەت ھالقىغان يەر شارى خاراكتېرلىك كۈچلەر (Global Powers) نى ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچەكنى شەكىللەندۈرۈش مۇددىئاسىنى چۈشىنەلىشىمىز؛ دۇنيانى باشقۇرۇۋاتقان سىياسىيونلار بىلەن كاپىتالنى باشقۇرۇۋاتقانلار ئوتتۇرىسىدىكى كېلەچەكتە ساقلانغىلى بولمايدىغان كۈچ سىنىشىش، تىركىشىشكە تەييارلىق قىلىشىمىز زۆرۈردۇر.

12) خىتاينىڭ مەقسىتى – ئۇچۇقتىن - ئوچۇق بىزنى مىللەت سۈپىتىدە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ، بۇنىڭغا كۆنمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش. ئۆزىمىزنى تونۇش ۋە تونۇتۇش، ئەتىمىزنىڭ ئۈمىدى بولغان ئەۋلادلىرىمىزنى يارامىلىق ئىزباسار قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى ھەر بىرىمىز ۋە ھەر بىر ئائىلە مىللىي مەسئۇلىيىتىم دەپ بىلىشىمىز لازىم.

ھەممىمىزنىڭ بىرلا نىشانى بار: ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى»نى شىپا تاپقۇزۇپ، ۋەتىنىمىزنى، ئەزىز خەلقىمىزنى خىتاينىڭ چاڭگىلىدىن تېززەك قۇتۇلدۇرۇش. شەرقىي تۈركىستان – كېلەچەككە بالا - قازا بولىدىغان خىتاينىڭ دۇنياغا يېيىلىشىنى ۋە ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ تۇرۇۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى قەلئە. بىز بولساق بۇ «ئىس - تۈتەكسىز ئۇرۇش» بولۇۋاتقان قەلئەدىكى ئەسكەر - جەڭچىمىز. زوراۋانلىققا، يولسىزلىققا قارشى قىلغان بۇ ھەققانىي كۈرىشىمىز چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ! ھەق ئويغانسا، رەزىل يوقىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يوقىلىشقا مەھكۇمدۇر!

ياشىسۇن ھەققانىيەت!

ياشىسۇن ئازاد شەرقىي تۈركىستان!

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] CIA. (2020). List of countries by sex ratio. Langley: The World Factbook.

[2] CIA. (2022). China. Langley: The World Factbook. doi: https://www.cia.gov/the - world - factbook/countries/china/

[3] CityPopulation. (2022, 05 29). 中國: 新疆维吾尔自治区. Oldenburg, Hansa - Ring, Germany. Retrieved from https://www.citypopulation.de/zh/china/xinjiang/admin/

[4] Denyer, S., & Gowen, A. (2018, 04 18). TOO MANY MEN. Retrieved from The Washington Post: https://www.washingtonpost.com/graphics/2018/world/too - many - men/

[5] FT. (2014年09月01日). 新疆且末县为民汉通婚提供现金奖励. 检索来源: Financial Times: http://www.ftchinese.com/story/001058015?full=y&archive

[6] Hartman, L. (2019, 09 24). China coerces Uyghur women into unwanted marriages. Retrieved from ShareAmerica: https://share.america.gov/china-coerces-uyghur-women-into-unwanted-marriages/

[7] HRW. (2019). World Report 2019_ You Should Be Worrying about the Woman Shortage. Retrieved from Human Rights Watch: https://www.hrw.org/world - report/2019/country - chapters/global - 0

[8] Nazeer, T. (2022, 12 10). Uyghur Women and Forced Marriages in China. Retrieved from The Diplomat: https://thediplomat.com/2022/12/uyghur - women - and - forced - marriages - in - china/

[9] OHCHR. (2022). OHCHR Assessment of human rights concerns in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, People's Republic of China. Geneva: OHCHR. Retrieved from https://www.ohchr.org/sites/default/files/documents/countries/2022 - 08 - 31/22 - 08 - 31 - final - assesment.pdf

[10] UHRP. (2022). Forced Marriage of Uyghur Women: State Policies for Interethnic Marriages in East Turkistan. Washington: Uyghur Human Rights Project. Retrieved from https://uhrp.org/report/forced - marriage - of - uyghur - women/

[11] UHRP. (2022). Forced Marriage of Uyghur Women: State Policies for Interethnic Marriages in East Turkistan. Washington: Uyghur Human Rights Project. Retrieved from https://uhrp.org/report/forced - marriage - of - uyghur - women/

[12] UNFPA. (2018). Towards a normal sex ratio at birth in China. Beijing: UNFPA. Retrieved from https://china.unfpa.org/sites/default/files/pub-pdf/English-UNFPA China policy brief on GBSS 推动中国出生性别比正常化英文.pdf

[13] UNFPA. (2018). 性别失衡背景下中越跨境婚姻研究：中国调查报. 北京:联合国人口基金.

[14] WorldBank. (2021). List of Countries by Sex ratio. Washington: World Bank. Retrieved from https://statisticstimes.com/demographics/countries - by - sex - ratio.php

[15] Zenz, A. (2020, 07 01). China's Own Documents Show Potentially Genocidal Sterilization Plans in Xinjiang. Retrieved from Foreign Policy: https://foreignpolicy.com/2020/07/01/china-documents-uighur-genocidal-sterilization-xinjiang/

[16] بىلال نىزام. (2021). شەرقىي تۈركىستان نوپۇس جۇغراپىيەسى. ئەنقەرە: ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنىستىتۇتى.

[17] [13] ئاكادېمىيە. (2022). شەرقىي تۈركىستان. ئىستانبۇل: ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى
[14] https://www.akademiye.org/ug/?page_id=12832

[18] [15] ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى. (2013 - كۈنى 4 - ئاينىڭ 20 - يىلى). كۈرەش قاينىمىدا ئۆتكەن يىللار - 3. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى:
[16] https://www.rfa.org/uyghur/yoruq - sahillar/kuresh - qayniminda - 04212013002901.html

[19] 万家. (2012年05月11日). 25位"女婴杀手"今日集体受审 合肥中山医院等涉案. 检索来源: 万家热线: http://365jia.cn/news/2012 - 05 - 11/0496794F91B10CB2.html

[20] 人民网. (2021年05月17日). 国家统计局回应"性别比"话题：20 - 40岁性别比为108.9. 检索来源: 中新网: http://m.people.cn/n4/2021/0517/c125 - 14996855.html

[21] 哔哩. (2020年08月07日). 新疆人有通婚吗？维吾尔美女举身边实例，政府还有奖金支持！. 检索来源: 哔哩哔哩: https://www.bilibili.com/video/BV1C5411877z/?spm_id_from=333.788.recommend_more_video.4

[22] 国健委. (2021). 2020中国卫生健康统计年鉴. 北京: 国家卫健委. 检索来源: http://www.nhc.gov.cn/mohwsbwstjxxzx/tjtjnj/202112/dcd39654d66c4e6abf4d7b1389becd01/files/7325fee02bf84676a15ebcfa827c9cd5.pdf

[23] 国家统计局. (2022). 中国统计年鉴–2021. 北京: 中国统计出版社. 检索来源: http://www.stats.gov.cn/tjsj/ndsj/2021/indexch.htm

[24] 国统局. (2021年05月11日). 第七次全国人口普查主要数据情况. 检索来源: 国家统计局: http://www.stats.gov.cn/tjsj/zxfb/202105/t20210510_1817176.html

[25] 头条. (2022年11月11日). 我是祖慕热蒂，维汉混血女孩. 检索来源: 头条: https://www.toutiao.com/article/7164229910557524495/?wid=1679527553922

[26] 搜狐. (2016年12月02日). 江苏：奶奶重男轻女杀死出生仅4天孙女 被判10年. 检索来源: http://news.sohu.com/20161202/n474762199.shtml

[27] 新浪. (2021年12月26日). 38岁女子产下女婴后用胶带缠其口鼻致死. https://news.sina.com.cn/o/2021 - 12 - 26/doc - ikyakumx6500016.shtml

[28] 李晓霞. (2017). 新疆的人 口 问题及人 口 政策分析. 北京: 中 央 社会主 义学院 学报.

[29] 林涵. (2023年02月09日). 移民入疆政策 法律问题 . https://lvlin.baidu.com/question/1452791001706356455.html

[30] 百科. (2014年8月26日). 关于鼓励民汉通婚家庭奖励办法. https://baike.so.com/doc/24588008-25462521.html

[31] 百科. (2015年05月28日). 中国各民族通婚率. https://www.wed114.cn/wiki/article_3006.html

[32] 百科. (2022年05月12日). 9.21南昌两幼女被洗衣机绞死事件. https://baike.baidu.com/item/9.21南昌两幼女被洗衣机绞死事件/14097551

[33] 穆光宗. (2021年08月18日). “七普”数据与“3000万光棍人口”. https://finance.sina.com.cn/jjxw/2021-08-18/doc-ikqcfncc3528192.shtml

[34] 维基百科. (2011年03月30日). 中华人民共和国各省级行政区人口性别比例列表. https://zh.wikipedia.org/wiki/中华人民共和国各省级行政区人口性别比例列表

[35] 网易. (2020年10月18日). 113年前，一位摄影师在上海拍下的老照片，竟是无数女孩的噩梦. https://www.163.com/dy/article/FP8FQMIU0512856T.html

[36] 网易. (2022年02月15日). 从“婚姻挤压”看徐州性别失衡治理. https://www.163.com/dy/article/H09A22AP0512B07B.html

[37] 网易. (2022年02月07日). 相亲大会“五女相百男”，江苏徐州回应. https://www.163.com/dy/article/GVKI650505504DLJ.html

[38] 胡耀岭. (2010). 中国和印度“失踪女孩 ”比较研究. 北京: 人口研究. http://ww2.usc.cuhk.edu.hk/PaperCollection/webmanager/wkfiles/7819_1_paper.pdf

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



دوكتور گۈلمىرە بەرداش

- 1983 - يىلى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن.
- 1988 - يىلى شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) ئۇنىۋېرسىتېتى تەبىئىي جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن.
- 1996 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1999 - يىلى ياپونىيە رىسشو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتلار تەتقىقات ئورنىنىڭ جۇغراپىيە كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
- 2003 - يىلى ياپونىيە رىسشو ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدىن جۇغراپىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
- 2006 - يىلغىچە رىسشو ئۇنىۋېرسىتېتا لېكتور ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.

- 2006 - يىلغىچە رىسشو ئۇنىۋېرسىتېتا لېكتور ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- بىر قانچە قېتىم تەكلىماكان چۆللۈكىدە قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان.
- ياپونىيە جۇغراپىيەچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى ۋە تۈركىيە جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئەزاسى بولغان دوكتور گۈلمىرە بەرداشنىڭ بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرى خەلقئارا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.
- 2017 - يىلدىن بېرى ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياردەمچى دوتسېنت بولۇپ ئىشلىمەكتە ۋە تەتقىقاتلىرىنى داۋام قىلماقتا.

**9**

# ئىنسانىيەتنىڭ «قانىغان يارىسى» ــ شەرقىي تۈركىستان (2)

ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى تالان - تاراج قىلىشى ۋە مۇھىتنى بۇلغىشى


دوكتور گۈلمىرە بەرداش
(ئىستانبۇل ئايدىن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى)
gulmireberdas@gmail.com



## قىسقىچە مەزمۇنى:

*ختاي ھۆكۈمىتى قۇدرەت تېپىپ، دۇنياغا خوجا بولۇش چۈشىنى رويابقا چىقىرىش ئېھتىياجى ئۈچۈن تۈگىمەس تەبىئىي بايلىق ۋە مول ئېنېرگىيەگە ئىگە بولغان شەرقىي تۈركىستاندا تالان - تاراج قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا. ۋەتىنىمىزدىكى بۇ پاجىئە: «ئىنسانىيەت ئالەمىدىكى بىر قانىغان يارا» ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ: «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە بىلەن بىر مىللەتنى يوقىتىش» قارا نىيىتى دۇنياغا ئاشكارىلانغان يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ «يارا» شىپا تېپىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ، ئەتراپقا يېيىلىشقا ۋە دۇنياغا خەۋپ ئېلىپ كېلىش دەرىجىسىگە يەتتى. بۇ ماقالىدە، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى»نىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان ختاينىڭ تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە ئاچ كۆزلۈكى، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇھىت بۇزغۇنچىلىقى ھەققىدىكى مەلۇمات ۋە چۈشەنچىلىرىمنى ئورتاقلىشىمەن ۋە بۇنىڭغا «رىتسېپ» يېزىشقا تىرىشىمەن.*

***بۇ ماقالىدىكى يادرولۇق سۆزلەر:*** *«شەرقىي تۈركىستان، ئۇيغۇر، ختاي، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تالان - تاراج قىلىش ۋە مۇھىت بۇزغۇنچىلىقى»*

## 1. خىتاينىڭ بايلىق ۋە ئېنېرگىيە ئاچ كۆزلۈكى

تەبىئىي بايلىق - تەبىئەتتىكى مەلۇم شارائىتتا ئاساسەن ئىنسانلارنىڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغان ھالدا شەكىللەنگەن، ئىشلىتىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، ئېھتىياجى ۋە تەرەققىياتىنى ۋاستىلىك ياكى بىۋاسىتە قاندۇرىدىغان تەبىئىي بارلىق، يەنى تەڭرىنىڭ شۇ خەلققە قىلغان ئىنئامىدۇر.پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ كۆپ تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىش پۇرسىتىنى ياراتسا، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشى تېخىمۇ كۆپ تەبىئىي بايلىقلارنى ئىستېمال قىلىشنى تەلەپ قىلماقتا. ئىنسانلارنىڭ يېقىنقى 40 يىلدا ئىستېمال قىلغان (ئىشلەتكەن) تەبىئىي بايلىقلىرىنىڭ مىقدارى بەش مىڭ يىللىق ئىنسانىيەت تارىخىدا ئىستېمال قىلغان مىقدارىنىڭ جەمئىيسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز.

تەبىئىي بايلىق - بىر دۆلەت ياكى جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى تەبىئىي كاپىتال (دەسمايە) دۇر. بۇ تەبىئىي كاپىتال ئاساسلىقى يەر بايلىقى، سۇ بايلىقى، قېزىلما بايلىق، بىيولوگىيەلىك بايلىق، كىلىمات بايلىقى (يورۇقلۇق، تېمپېراتۇرا، يامغۇر، ئاتموسفېرا) ۋە دېڭىز بايلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېكونومېترىكا (ئىقتىساد ئۆلچەمشۇناسلىقى، Econometrics) بويىچە قارىغاندا تەبىئىي كاپىتال (دەسمايە) بىر دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىڭ ئۇل تېشى ھېسابلىنىدۇ. كېلەچەكتە ئېنېرگىيە ئىگە بولۇش - تەرەققىيات يەنى كۈچ - قۇدرەت دېمەكتۇر.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دۇنياغا خوجا بولۇش غايىسى ئۈچۈن ھەر ساھەدە يۈكسىلىشكە، يۈكسىلىش ئۈچۈن مول تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيەگە ئېھتىياجى بارلىقىنى ياخشى بىلىدۇ.دۇنيا نوپۇسىنىڭ 20% نى تەشكىل قىلىدىغان خىتاي دۆلىتى، دۇنيا مىقياسىدا ئىشلەپچىقىرىلغان كۆمۈرنىڭ 49%، ئاليۇمىنىنىڭ 54%، مىسنىڭ 48%، نىكېلنىڭ 50%، پولات - تۆمۈرنىڭ 45% ۋە بېتوننىڭ 60% نى ئىستېمال قىلىدۇ (Conca, 2017). بۇنىڭغا بىر مىسال كەلتۈرسەك: خىتاينىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدا ئىشلەتكەن بېتوننىڭ مىقدارى ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل 20 - ئەسىردە ئىستېمال قىلغىنىدىنمۇ تېخىمۇ كۆپ بولغان (Desjardins, 2015). بۇنداق ئاچ كۆز نەپسى ۋە قارا نىيىتى ئۈچۈن خىتاي دائىرىلىرى ئىچكى - تاشقى سىياسىتىدە تەبىئىي بايلىق قىدىرىپ تېپىش ۋە ئىگە بولۇشنى ھەر ۋاقىت بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ كەلمەكتە.

يېقىنقى يىللاردا خىتاينىڭ ئەسكىرىي ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا - گورۇھلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئافرىقىغىچە، نورۋېگىيەدىن ئاۋسترالىيەگىچە، يەنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە تەبىئىي بايلىق ۋە ئېنېرگىيە تېپىش، توشۇپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

ئافرىقىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، خىتاينىڭ «قەرز پۇل بېرىش» ۋە «مەبلەغ سېلىش» دېگەندەك ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى تۇزاق - ھىيلىسى ئارقىلىق «ئىقتىسادىي مۇستەملىكچىلىك» نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئافرىقىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئېچىلمىغان تەبىئىي بايلىقلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا ۋە قىلىشقا تىرىشماقتا. خەلقئارا مۇھىت ۋە تەرەققىيات تەتقىقات ئورنى (International Institute for Environment and Development) نىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، ھەر يىلى 75% كە يېقىن ئافرىقا ياغاچ ماتېرىياللىرى خىتايغا يۆتكەپ كېتىلىدىكەن (IIED, 2017). ئافرىقىدا ئورمانلارنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن قانۇنسىز كېسىلىشى سەۋەبىدىن «قوغدىلىدىغان ئورمان»لارمۇ يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا دۆلەتلىرىدە قېزىپ چىقىرىلغان يېقىلغۇ، مېتال ۋە مىنېرال مەھسۇلاتلىرىنىڭ % 70 ى خىتايغا ئېلىپ كېتىلمەكتە (IMF, 2015). ئەڭ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى ۋە پۈتۈن دۇنيادا غۇلغۇلا پەيدا قىلغىنى: خىتاينىڭ جىبۇتى (Djibouti) دا 10 مىڭ ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرغۇدەك ئىقتىدارغا ئىگە ھەربىي بازا قۇرۇشى (AlJazeera, 2017). بۇ، خىتاينىڭ «مەبلەغ سېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش ۋە قەرز بېرىش»دەك يۇمشاق كۈچ (تۇزاق - ھىيلىسى) بىلەن

قازانغان ئەڭ چوڭ «مۇۋەپپەقىيىتى»نىڭ بىرسىدۇر.
ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بېيجىڭنىڭ قەرز بېرىش، ياردەم قىلىش ۋە مەبلەغ سېلىشتەك دىپلوماتىك ئىستراتېگىيە قارىشىنىڭ ئەمەلىيەتتە: «باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى تالان - تاراج قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاچ كۆز نەپسىنى قاندۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىكەنلىكى سۇ ئۈستىگە چىقماقتا. بۇلارنى تەتقىقاتچى ئەنۋەر ئەخمەتنىڭ: «خىتاي ‹بىر بەلباغ بىر يول› پىلانى بويىچە كەمبەغەل دۆلەتلەرنى قەرزگە بوغۇپ قويۇش دىپلوماتىيەسى ئارقىلىق خەلقئارادىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلارنى ئىگىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي دۆلىتىنىڭ كېڭەيمىچىلىك نىيىتى بارغانچە روشەنلەشتى» (Ahmad, 2022) دېگەن سۆزى بىلەن خۇلاسىلەيمەن.
تۆۋەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىق - ئېنېرگىيەلەر ۋە خىتاينىڭ ئۇلارنى تالان - تاراج قىلىشى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمەن.

## 2. شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىقلارنىڭ زاپىسى

ياۋرو - ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەر مەيدانى 1 مىليون 828 مىڭ 418 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ (Tasagil, 2011)، تېررىتورىيەسىنىڭ چوڭلۇقى دۇنيادا 16 - ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈركىيە (783 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر)، فىرانسىيە (551 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر)، گېرمانىيە (357 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) ۋە ئەنگلىيە (243 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر) قاتارلىق 4 دۆلەت يەر مەيدانىنىڭ ھەجمىگە تەڭ كېلىدۇ.
شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى خىتاينىڭ سىياسىي، ئەسكىرىي ۋە سودا جەھەتتە غەربكە، دۇنياغا يېيىلىشىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك تۈگۈن ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ، ياۋرو - ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان ئۈرۈمچى ۋە «ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق پورتى» – خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ يۈرىكىدۇر.
بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مىللىي ئېنېرگىيە ئىستراتېگىيەسى بازىسى» قىلىپ بېكىتىلگەن شەرقىي تۈركىستاندا قېزىلما بايلىقنىڭ تۈرى تولۇق، زاپىسى مول، قېزىش - ئېچىش كۆلىمى بەكمۇ كەڭ بولۇپ، كۆنىمىزدە بايقالغان قېزىلما بايلىق 152 خىلدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە 99 خىلنىڭ زاپىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان بولۇپ، نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر قاتارلىق 13 خىلنىڭ زاپىسى خىتاي بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 76 خىل بايلىقنىڭ زاپىسى ئالدىنقى 10 - ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، خىروم، نىكېل، ئاز ئۇچرايدىغان رەڭلىك مېتال، قۇياش ئېنېرگىيەسى، ئورمان ۋە سۇ بايلىقلىرىمۇ ئىنتايىن مول.
پەن - تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي بايلىقلارنى قىدىرىپ تەكشۈرۈشتە ئاكتىپ ئىشلىتىلىشى بىلەن، ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى نېفىت - تەبىئىي گازنىڭ مىقدارى ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بارماقتا. بۇ توغرىسىدىكى خەۋەرلەردە تۆۋەندىكىدەك سانلىق مەلۇماتلار خىتاي مەتبۇئاتلىرى ئارقىلىق ئاشكارا بولدى:
«خەلق گېزىتى» 2022 - يىلى 26 - يانۋاردىكى «خۇش خەۋەر: تارىم ئويمانلىقىدا 100 مىليون توننا نېفىت ۋە تەبىئىي گاز رايونى يېڭىدىن بايقالدى» ناملىق خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: ھازىرغا قەدەر خىتاي نېفىت - خىمىيە سانائىتى گۇرۇھى تارىم ئويمانلىقىنىڭ شايار ناھىيەسى تەۋەسىدە ئېنىقلانغان نېفىت گېئولوگىيەلىك زاپىسى بىر مىليارد 665 مىليون توننا، تەبىئىي گاز گېئولوگىيەلىك زاپىسى 94 مىليارد 583 مىليون كۇب مېتىر، جۇغلانما مەھسۇلات مىقدارى 140 مىليون تونندىن ئېشىپ كەتتى (人民网, 2022).
«خەلق گېزىتى» 2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى: «تارىم نېفىتلىكىدە يېڭىدىن بىر مىليارد

تونىنا دەرىجىلىك ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ نېفىت - گاز زاپىسى بايقالدى» (خەلق تورى، 2021).

«خەلق گېزىتى» 2018 - يىلى 18 - دېكابىر خەۋىرى: «تارىم نېفىتلىكىدە 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گاز زاپىسى بايقالدى» (خەلق تورى, 2018) .

«خەلق گېزىتى» 2014 - يىل7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خەۋىرى: «ئۇلۇغچات ناھىيەسىدە دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ بىر ئالتۇن كېنى بايقالدى». بۇ يىل 6 - ئايغىچە جەمئىي 127 تونىنا ئالتۇن مېتال قېزىلدى. ئىقتىسادىي قىممىتى 40 مىليارد يۈەندىن ئاشىدۇ (人民网, 2014).

بۇنىڭغا ئوخشاش، خىتاينى خۇش قىلىدىغان خەۋەرلەر كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن بولۇپ، بۇلار تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتنىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان باسقۇنچىلىق ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە.

تۆۋەندە شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆمۈر ۋە باشقا ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلار، ئۇلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپاس مىقدارى ۋە خەلقئارا ئەركىن بازاردىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى ئۈستىدە توختىلىمەن.

**شەرقىي تۈركىستان كۆمۈر بايلىق زاپىسى جەدۋىلى (بىرلىكى: يۈز مىليون تونىنا)**

| ئىسپاتلانغان زاپىسى | كۆمۈر ساھەسى | مۆلچەرلەنگەن زاپىسى | ئىسپاتلانغان زاپىسى |
|---|---|---|---|
| جۇڭغار رايونى | شەرقىي جۇڭغار | 3359 | 1646.07 |
| | جەنۇبىي جۇڭغار | 2110 | 279.06 |
| | قوبۇقسار | 1082 | 63.05 |
| | غەربىي جۇڭغار | 777 | |
| | جەمئىي | 7328 | |
| قۇمۇل - تۇرپان - باركۆل رايونى | قۇمۇل - تۇرپان | 5748 | 442.67 |
| | باركۆل (تاتلىق بۇلاق) | 1359 | |
| | جەمئىي | 7107 | |
| غەربىي تەڭرىتاغلىرى ۋە ئىلى ئويمانلىقى | ئىلى ئويمانلىقى | 4798 | 25.74 |
| | يۇلتۇز كۆمۈر كېنى | 967 | 0.13 |
| | قاراشەھەر | 138 | 8.46 |
| | كۇمۇش | 264 | 0.06 |
| | جەمئىي | 6167 | |
| جەنۇبىي تارىم | كۇچار - باي | 335 | 20.09 |
| | كۇنچە كۆمۈر كېنى | 1037 | |
| | جەمئىي | 1372 | |
| ئومۇمىي مىقدارى | 2 تىرىليون 197 مىليارد 400 مىليون تونىنا | | |

*مەنبە: سانائەت ئۇچۇر تورى كان بازىرى (矿业汇,2017)*

تۆۋەندىكى جەدۋەلدە نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىق ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۆلچەرلەنگەن زاپىسى ۋە بۇ زاپاس مىقدارىنىڭ ئامېرىكا دوللىرى باھاسى بويىچە خەلقئارا بازاردىكى ئوتتۇرىچە ئىقتىسادىي قىممىتى ھېسابلاپ چىقىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا خەلقئارا بازاردىكى ساپ ئالتۇننىڭ قىممىتى بويىچە ھېسابلاندى. باشقا تەبىئىي بايلىقلار (قۇياش ئېنېرگىيەسى، سۇ - تۇپراق - ئورمان بايلىقى ۋە باشقىلار) بۇ يەردە ھېسابلانمىدى.

**شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاساسلىق تەبىئىي بايلىقلارنىڭ مۆلچەرلەنگەن زاپىسى ۋە خەلقئارا بازاردىكى ئوتتۇرىچە قىممىتى (بىرلىك: ئامېرىكا دوللىرىUSD )**

| تەبىئىي بايلىق تۈرى | مۆلچەرلەنگەن بايلىق زاپىسى | | خەلقئارا بازاردىكى قىممىتى | |
|---|---|---|---|---|
| | **مىقدارى** | **بىرلىك** | **باھاسى** | **توپلام قىممىتى** |
| كۆمۈر | 2 تىرىليون 197 مىليارد [1] | توننا | 134.00 [9] | 294 تىرىليون 451 مىليارد 600 مىليون |
| نېفىت | 23 مىليارد 400 مىليون [1] | توننا | 799.00 [10] | 18 تىرىليون 696 مىليارد 600 مىليون |
| تەبىئىي گاز | 13 تىرىليون [1] | كۇب مېتىر | 0.28 [11] | 3 تىرىليون 640 مىليارد |
| كۆمۈر گازى | 9 تىرىليون 500 مىليارد [1] | كۇب مېتىر | 0.18 [12] | 1 تىرىليون 662 مىليارد 500 مىليون |
| تۆمۈر رۇدىسى | 2 مىليارد 970 مىليون [2] | توننا | 150.30 [13] | 446 مىليارد 391 مىليون |
| خروملۇق تۆمۈر | 25 مىليون [3] | توننا | 1262.84 [14] | 31 مىليارد 571 مىليون |
| مانگان | 142 مىليون 106 مىڭ [4] | توننا | 212.20 [15] | 2 مىليارد 993 مىليون 293 مىڭ |
| مىس | 9 مىليون 70 مىڭ [5] | توننا | 2380.46 [16] | 21 مىليارد 590 مىليون 772 مىڭ |
| كۈمۈش | 4 مىليون923 مىڭ 720 [6] | كىلوگرام | 718.89 [17] | 3 مىليارد 539 مىليون 613 مىڭ |
| ئالتۇن | 3 مىليون 200 مىڭ [7] | كىلوگرام | 60567.5 [18] | 193 مىليارد 816 مىليون 32 مىڭ |
| قوغۇشۇن - سىنك | 28 مىليون 674 مىڭ 300 [8] | توننا | 2108.00 [19] | 60 مىليارد 445 مىليون 424 مىڭ |

**مەنبەلەر:**

[1] 新疆维吾尔自治区 (国家民委, 2022)
[2] 新疆铁矿资源调查报告 (国土资源部, 2016)
[3] 中国铬铁矿资源调查报告 (中国地质调查局, 2000)
[4] 新疆锰矿资源调查报告 (国土资源部, 2016)
[5] 新疆铜矿资源调查报告 (国土资源部, 2016)
[6] 新疆银矿 (新疆地质矿产信息网, 2012)
[7] 新疆金矿资源调查报告 (国土资源部, 2016)
[8] 新疆铅锌矿资源调查报告 (国土资源部, 2016)
[9] China Thermal Coal Spot Price (SunSirs, 2022)
[10] (Trading Economics, 2022) Trading Economics
[11] Trading Economics (Trading Economics, 2022)
[12] (YIHE, 2021) Upstream is part of NHST
[13] (CEIC, 2022) CEIC Data
[14] 华宝证券 (华宝证券, 2021)
[15] 矿产保护与利用 (孙宏伟, 2020)
[16] 腾讯网 (腾讯, 2021)
[17] SILVERPRICE (Silverprice, 2022)
[18] GOLDPRICE (Goldprice, 2022)
[19] 中国矿业 (刘晓, 2015)

ۋەتىنىمىزدىكى باشقا تۈردىكى قېزىلما بايلىقلار، يەر - سۇ بايلىقى، پاختا - ئورمان بايلىقى، بىيولوگىيەلىك بايلىق ۋە كىلىمات بايلىقىنى قوشماي تۇرۇپ ھېسابلىغاندىكى يەر ئاستى زاپاس بايلىقلىرىنىڭ مۆلچەرلەنگەن سوممىسى تەخمىنەن 319 تىرىللىيون 211 مىليارد 47 مىليون 134 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى.بۇ 2020 - يىلى دۇنيادىكى پۈتۈن دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي

قىممىتى (GDP) نىڭ تولىمى 84.75 تىرىللىيوندىن 3.8 ھەسسە، ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى (20.95 (GDP تىرىللىيوندىن 15.2 ھەسسە ئارتۇق (TheWorldBank, 2021).

قىسقىسى، ۋەتىنىمىزدىكى تەبىئىي بايلىقنىڭ تولام قىممىتى ئەڭ ئاز 5 مىليون 270 مىڭ 334 توننا ساپ ئالتۇنغا باراۋەر دېمەكتۇر! يەنى، شۇ گۈزەل يۇرتىمىز تېغى - تېشى ئالتۇن بولغان گۆھەر زېمىندۇر. بۇنى خىتاي «دۆلەت ئېنېرگىيەسى» گۇرۇھ شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جۇ يۇڭپىڭنىڭ بىر دوكلاتىدا قىلغان مۇنداق سۆزى بىلەن خۇلاسىلەيمەن: «ئېلېكتىر - ئېنېرگىيە كارخانىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئاز ئۇچرايدىغان گېئولوگىيەلىك ئەۋزەللىككە ئىگە گۆھەر زېمىن. شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ مۆلچەردىكى زاپاس مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ. بەزى دەريا - ئېقىنلاردا سۇ ئېلېكتىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يوشۇرۇن كۈچى زور. 9 چوڭ شامال رايونى شامال ئېنېرگىيەسى بايلىقى جەھەتتە ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە. شىنجاڭدا يەنە يورۇقلۇق شارائىتى ياخشى، قۇياش ئېنېرگىيەسىنى ئېچىش ئىستىقبالى پارلاق. شۇڭا، سۇ ئېلېكتىر، ئوت ئېلېكتىر، شامال ئېلېكتىر كەسپى ياكى قۇياش ئېنېرگىيەسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى ياخشى بايلىق ئەۋزەللىككە ئىگە. مانا بۇ، بەش چوڭ ئېلېكتىر گۇرۇھىنىڭ بەس - بەس بىلەن بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ سەۋەبى» (خەلق تورى، 2009).

## 3. شەرقىي تۈركىستاندىكى تەبىئىي بايلىقلارنى تالان - تاراج قىلىش

خىتاي يېقىنقى ئون يىلدىن بېرى ئەڭ ئېغىر توك يېتىشمەسلىك كرىزىسىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىيوسىنىڭ 2021 - يىلى 10 - ئاينىڭ 4 - كۈندىكى خەۋىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: بۇ يىل خىتايدىكى بەزى رايونلاردا، زاۋۇت - كارخانىلارنىڭ ئىشلىتىدىغان ئېنېرگىيە مىقدارىغا چەك قويۇلدى، ھەتتا ئالدىنقى ھەپتە دۆلەتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا توك توختاپ قالدى (VOA, 2021). بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن بىرسى، خەلقئارانىڭ بېسىمى بىلەن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ مۆھىت بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا قاتتىق تەلەپلەرنى قويغانلىقىدۇر. بۇنىڭ نەتىجىسىدە خىتايدا ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئېشىپ كېتىشى ۋە بىر قىسىم زاۋۇت - كارخانىلىرىنىڭ تاقىلىپ قېلىشتەك ئاقىۋەت كېلىپ چىققان.

ئېنېرگىيە – خىتاينىڭ ھاياتىي جان تومۇرى! ئېنېرگىيە كرىزىسىنى ھەل قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن خىتاي باش مىنىستىرى لى كېچياڭ بارلىق ئورۇنلارغا، بولۇپمۇ كۆمۈر كان، نېفىتلىككە بەدىلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بۇ دېگەنلىك، خىتاي كۆمۈر مەنبەسىنىڭ 40% نى، نېفىت - تەبىئىي گاز مەنبەسىنىڭ 22% نى ئىگىلىگەن شەرقىي تۈركىستاننى تېخىمۇ تېز ۋە كەڭ كۆلەمدە تالان - تاراج قىلىمىز، دېگەنلىكتۇر.

كوممۇنىست خىتاي ئارمىيەسى 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، دەرھال تەبىئىي بايلىقلارنى تېپىش ئالدىراشلىقىغا كىرىشكەن. نەتىجىدە، سۇ ئۇرۇپ ماي چىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن مايتاغ 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن كۈندە 3 - 5 توننا نېفىت چىقارغاندىن باشلاپ، 1951 - يىلى بىر يىلدا تولام 3500 توننا نېفىت ئىشلەپچىقارغان بولسا، 2021 - يىلى بىر يىلدا تولام 13مىليون 700 مىڭ توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقارغان. ئاچ كۆز مەركىزىي ھۆكۈمەت 2050 - يىلغا بارغاندا، ۋەتىنىمىزدىن چىقىرىدىغان نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى يەتتە قات ئاشۇرۇپ 100 مىليون توننىغا (亿吨新疆) يەتكۈزۈشكە ئورۇنماقتا.

ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىستاتىستىكا ئىدارىسى»نىڭ ئەڭ يېڭى سانلىق مەلۇماتلىرى بويىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى 2019 - ، 2020 - ۋە 2021 - يىللىق ئاساسلىق قېزىلما

ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنىڭ يىللىق مىقدارىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرەلەيمىز:

**شەرقىي تۈركىستان كۆمۈر بايلىق زاپىسى جەدۋىلى (بىرلىكى: يۈز مىليون تونىنا)**

| مەھسۇلات تۈرى | مىقدار بىرلىكى | 2019 - يىلى [1] | | 2020 - يىلى [2] | | 2021 - يىلى [3] | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | مەھسۇلات تۈرى | ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % | مىقدارى | ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % | مىقدارى | ئالدىنقى يىلغا سېلىشتۇرغاندا % |
| خام نېفت | مىليون تون | 27.52 | 4.0 | 29.14 | 4.5 | 29.90 | 2.6 |
| كۆمۈر | مىليون تون | 241.65 | 13.2 | 269.65 | 11.6 | 321.4 | 19.2 |
| تەبىئىي گاز | مىليارد كۇب مېتىر | 34.2 | 6.3 | 36.98 | 8.4 | 38.76 | 4.8 |
| ئىشلەنگەن نېفت | مىليون تون | 23.21 | - 1.2 | 24.27 | 4.5 | 24.89 | 2.6 |
| توك چىقىرىش | مىليارد كىلوۋات سائەت | 367 | 11.5 | 412.1 | 12.3 | 468.3 | 13.6 |
| ئوغۇت | مىليون تون | 3.06 | 3.6 | 3.18 | 3.9 | 3.60 | 14.6 |
| 10 خىل رەڭلىك مېتال | مىليون تون | 6.19 | - 5.2 | 6.13 | - 2.1 | 6.40 | 3.6 |
| ئېلېكترولىتلىق ئالىيۇمىن | مىليون تون | 5.98 | - 5.6 | 5.94 | - 2.1 | 6.05 | 1.9 |
| خام پولات | مىليون تون | 12.36 | 5.5 | 13.06 | 3.7 | 12.99 | - 0.5 |
| پولات | مىليون تون | 13.68 | 5.4 | 14.20 | 3.5 | 14.67 | 2.0 |
| چويۇن | مىليون تون | 11.70 | 4.4 | 11.58 | - 1.1 | 11.47 | - 0.9 |
| سېمونت | مىليون تون | 38.90 | 7.4 | 40.25 | 3.4 | 46.48 | 15.0 |

**مەنبە:**

[1] «شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى 2020» (新统局, 2021)

[2] «شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى 2021» (新统局, 2021)

[3] «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ 2021 - يىلدىكى مىللىي ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئىستاتىستىكا ئاخباراتى» (新统局, 2022)

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ۋەتىنىمىزدىن ئېلىپ كېتىلگەن پەقەت نېفت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر ۋە ئېلېكترنىڭ توپلام قىممىتى 258 مىليارد 927 مىليون 640 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇ تەخمىنەن 4 مىليون 275 مىڭ كىلوگرام ساپ ئالتۇن دېگەنلىكتۇر. خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى ۋەتىنىمىزدىن بۇلاپ كەتكەن بايلىقنىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى تەخمىنەن ئەڭ ئاز 86 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى، يەنى 1.5 مىليون كىلوگرام ساپ

ئالتۇندىن ئېشىپ كېتىدۇ. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلار خىتاي ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئاشكارىلىغان ئۇچۇرلىرى بولۇپ، رېئاللىق بۇنىڭدىن پەرقلىق، يەنى تالان - تاراج قىلىنغان بايلىقلارنىڭ مىقدارى بۇنىڭدىن تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى چوقۇم.

ۋەتىنىمىزنى تالان - تاراج قىلىش سۈرئىتىنى تېخىمۇ تېزلىتىش ئۈچۈن خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۈرلۈك - تۈمەن ئالدامچىلىق سىياسەتلىرىنى يۈرگۈزمەكتە. بۇلارنىڭ بىرسى، 2010 - يىلى 5 - مايدا خىتاي مەركىزىي ھۆكۈمىتى ئاچقان «شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى»دا، ۋەتىنىمىزدىكى ۋىلايەت - ناھىيەلەرنى: «نۇقتىلىق ياردەم» بېرىدىغان رايون دېگەن نام بىلەن خىتاينىڭ 19 ئۆلكە - شەھەرلىرىگە بۆلۈپ بەردى. شۇندىن باشلاپ، بۇ ئۆلكە - شەھەرلەردىن كەلگەن تەشكىللىك قاراقچى خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزلىرىنىڭ خالىغىنىچە كەڭ كۆلەملىك تالان - تاراجنى باشلىۋەتتى. دۆلەتنىڭ يەرلىك مىللەتلەر ئۈچۈن ئەمەس، كۆچمەن خىتايلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان نەيرەڭۋاز سىياسىتى بىلەن يەرلىك مىللىي كان - كارخانا ۋە شىركەتلەرگە تەۋە تەبىئىي بايلىق - تۇپراق - يايلاقلار بۇ كەلگۈندىلەرگە سېتىپ بېرىلدى ياكى مەجبۇرىي بېرىۋېتىلدى. مىللىي ئىگىلىكىمىزنى ھۆكۈمەت پىلانلىق ۋەيران قىلغاندىن كېيىن، خەلقىمىز يوقسۇل - تىلەمچى، ئەكسىنچە كۆچمەن خىتايلار باي بولدى؛ خەلقىمىز چەتكە قېقىلىپ «زامانىۋى قۇل» بولدى. كۆچمەن كەلگۈندىلەر بولسا، «قۇتقۇزغۇچى» خوجايىنلىق تۈرىدە ئولتۇردى. بۇنىڭ بىلەن خىتايلار ۋەتىنىمىزگە بولغان ئىگىدارچىلىق نوپۇزىنى، ھۆكۈمرانلىق سالاھىيىتىنى ۋە ئىمتىيازىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈردى.

بىز رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بىزنىڭ تۇپراقلىرىمىزنى خىتاي شىركەتلىرىگە پارچە - پارچە بۆلۈپ ساتقانلىقىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ ئىلگىرى، ۋەتىنىمىزدە قىدىرىش ۋە تالان - تاراج قىلىش پائالىيىتىنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ياكى قىزىل ئارمىيەگە قاراشلىق «خىتاي دۆلەتلىك نېفىت شىركىتى (China National Petroleum Corporation) » ياكى «خىتاي كۆمۈر ئېنېرگىيە گۇرۇھى (China Coal Energy) »دەك ئەسكىرىي، مۇلكىي گۇرۇھلار ئېلىپ باراتتى. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزگە قارىتا تېخىمۇ چوڭ تالان - تاراج قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن خىتاي مىللىتى سەپەرۋەر قىلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپراق - بايلىقلىرى شەخسىي خىتاي شىركەتلىرىگە «كىم ئاشتى؟» سودىسى ئارقىلىق سېتىلماقتا. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرسىتىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

«خەلقئارا ئېنېرگىيە تورى (国际能源网)»نىڭ خەۋىرى مۇنداق: 2021 - يىلى 6 - ئىيۇل، تەبىئىي بايلىق مىنىستىرلىقى 2021 - يىلى «شىنجاڭ دايىۋۋا» قاتارلىق 4 نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش شىركىتىنىڭ ھوقۇقىنى شەخسىي شىركەتلەرگە 699 مىليون خەلق پۇلىغا ساتتى. تەپسىلاتى:

| رەت | قازانغان ئورۇن | سوممىسى (مىليون خەلق پۇلى) | كېلىشىم ئەھۋالى | يەر مەيدانى (كۋادرات كىلومېتىر) | بۆلەك |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | شىنجاڭ خۇيىڭ كارخانا باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى | 179.91 | كېلىشىلدى | 172.29 | جۇڭغار ئويمانلىقى دايىۋ 1 - ۋە 2 - بۆلەكتىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش |
| 2 | بېيجىڭ شىڭكەي مەبلەغ سېلىش شىركىتى | 34.3 | كېلىشىلدى | 185.07 | جۇڭغار ئويمانلىقى يوڭفېڭ رايونىدىكى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش |
| 3 | شىنجاڭ خۇيىڭ كارخانا باشقۇرۇش چەكلىك شىركىتى | 485.32 | كېلىشىلدى | 2002.54 | تارىم ئويمانلىقى كەلپىننىڭ شىمالىدىكى 1 - بۆلەك نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش |
| | | 699.53 | | 2359.9 | توپلام |

*مەنبەسى: خەلقئارا ئېنېرگىيە تورى (国际能源网, 2021).*

«شىنخۇا تورى»نىڭ 2023 - يىل 10 - فېۋرال خەۋىرى: بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، شىنجاڭ خوتەن ناھىيەسىدىكى خوشاۋيۈن (火烧云) قوغۇشۇن، سىنك كېنىنىڭ كان تەكشۈرۈش ھوقۇقى شىنكۇاڭ گۇرۇھى (新矿集团) غا 25 مىليارد يۈەن خەلق پۇلىغا ھەقلىق ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قاراقۇرۇم تېغىدىكى بۇ «خەزىنە»نىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 292.19 كىۋادرات كىلومېتىر. ئومۇمىي رۇدا مىقدارى 80 مىليون توننىغا يېقىن، قوغۇشۇن، سىنك قاتارلىق قىممەتلىك مېتاللارنىڭ مىقدارى تەخمىنەن 18 مىليون 809 مىڭ توننا ئىكەنلىكى مۆلچەرلەنگەن بولۇپ، ئاسىيادىكى بىرىنچى، شۇنداقلا دۇنيادىكى يەتتىنچى چوڭ قوغۇشۇن، سىنك كان ياتمىسى ھېسابلىنىدۇ. (人民网, 2023)

ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپراق - بايلىقلىرىنىڭ بۇ خىل «كىم ئاشتى» ئۇسۇلى ياكى باشقا يوللار بىلەن بۆلۈپ - بۆلۈپ سېتىپ بېرىلىشى، ۋەتىنىمىزگە بولغان تالان - تاراجنى تېزلىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە كۆپلىگەن خىتاي شىركەت - كارخانا گۇرۇھى ياكى خىتاي پۇقرالىرىنى ۋەتىنىمىزگە كېلىشكە، يەرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن خەلقىمىزدىن تۇپراق ۋە بايلىق ئىگىلىك ھوقۇقى تارتىۋېلىنىدۇ ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ خىتايلىششى تېزلىتىلىدۇ.

## 4. خىتاينىڭ «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» سۈيىقەستى

بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ روناق تېپىشىنىڭ ئاساسى سانائەتتۇر. سانائەت گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى بولسا ئېنېرگىيەدۇر. ئېنېرگىيەگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مەنبەسى بولسا يېقىلغۇدۇر. خىتاي ھۆكۈمىتى تويماس يېقىلغۇ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ ۋەتىنىمىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە. قىدىرىپ تېپىش - قېزىپ چىقىرىش - يۆتكەپ كېتىپ مەنپەئەتلىنىش ئېغى 70 يىلدىن بۇيان ئۆزگەرگىنى يوق. بۇ جەرياندا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئۆزىنىڭ تالان - تاراج قىلىش قارا نىيىتىنى ھەقلىق كۆرسىتىش، ئۆز خەلقىنى روھلاندۇرۇپ، يەرلىك خەلقنى سۈكۈتتە تۇرۇشقا زورلاش مەقسىتىدە تۆۋەندىكى شوئارلارنى قوللىنىپ كەلدى:

| 中文 | English | ئۇيغۇرچە |
| --- | --- | --- |
| 开发新疆 | Develop Xinjiang | شىنجاڭنى① ئېچىش |
| 对口援疆 | Xinjiang Counterpart Support | شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش |
| 西气东输 | West - East Gas Pipeline | غەربنىڭ گازىنى شەرققە يۆتكەش |
| 疆电外送 | Power Transmission from Xinjiang | شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش |
| 走煤从空中 | Coal Transmission from the Sky | ھاۋادىن كۆمۈر يۆتكەش |
| 开疆四金 | Develop Four Gold in Xinjiang | شىنجاڭدىكى تۆت ئالتۇننى ئېچىش② |

چۈشەندۈرۈش: ①، ئىسىم : يازمىنىڭ ئەسلىي تېكىستى بويىچە «شىنجاڭ» دەپ ئېلىندى.

② تۆت ئالتۇن دېگەنلىك: «سېرىق ئالتۇن (黄金)؛ قارا ئالتۇن (黑金) كۆمۈر، نېفىت؛ ئاق ئالتۇن (白金) پاختا؛ گاز ئالتۇن (气金) تەبىئىي گاز ۋە كۆمۈر گازى» قاتارلىقلاردۇر.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك بولغان مۇھىم مەسىلىنىڭ بىرسى شۇكى، خىتاينىڭ «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» سۈيىقەستى بولۇپ، 1964 - يىلدىن بېرى ۋەتىنىمىزدە ئاتوم بومبىسىنى سىناق قىلىپ ۋە پىلانسىز بوز يەر ئېچىپ قىلغان ئېكولوگىيەلىك ۋەيرانچىلىقىغا بىر يېڭىسى قوشۇلدى. ئۇ بولسىمۇ،

شەرقىي تۈركىستاندا قېزىپ چىقارغان كۆمۈر قاتارلىق يېقىلغۇدىن ئېلېكترىك ئىشلەپچىقىرىپ، پاكىز ئېلېكترىكنى خىتاي رايونىغا ئېلىپ كېتىپ، كۆيدۈرۈلگەن كۆمۈردىن كېلىپ چىققان مىليونلارچە توننا زەھەرلىك ماددا ۋە كاربون تۆت ئوكسىدى ($CO_2$) قاتارلىقلارنى ۋەتىنىمىزدە تەبىئەتكە قويۇپ بېرىشتۇر. خىتاي رايونىدىكى يۇزدىن ئارتۇق كىچىك تىپتىكى ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغۇچى زاۋۇت - كارخانىلارنى تاقىۋېتىپ، خەلقئاراغا «بىز تەبىئەتكە زىيان سالىدىغان كاربون قويۇپ بېرىش مىقدارىنى ئازايتتۇق» دەپ جار سالغان بېيجىڭ دائىرىلىرى، ئەمەلىيەتتە ۋەتىنىمىزدە دەل بۇنىڭ تەتۈرىنى قىلىۋاتىدۇ.

كۈنىمىزدىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شوئارى – «ھاۋادىن كۆمۈر يۆتكەش»، «شىنجاڭنىڭ توكىنى سىرتقا يەتكۈزۈش». بۇ دېگەنلىك، باسقۇچلۇق ھالدا قۇمۇل، شەرقىي جۇڭغار (سانجى) ۋە ئىلىدا قۇرۇلغان ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا كۆمۈرنى يۇقىرى بېسىملىق توكقا ئايلاندۇرۇپ، سىم يولى بىلەن خىتاي رايونىغا ئېلىپ كېتىشتۇر.

1 - رەسىمدىكى خەرىتىدە ۋەتىنىمىزدىن خىتاي رايونىغا توك يەتكۈزۈش لىنىيەلىرى كۆرسىتىلگەن:




*1 - رەسىم: شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي رايونىغا توك يەتكۈزۈش لىنىيەلىرى*
*مەنبە: (POWER, 2016)*

بىرىنچى لىنىيە: 2010 - يىلى نويابىردا تاماملانغان ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن قۇمۇل - دۇنخۇاڭ 750 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛

ئىككىنچى لىنىيە: 2013 - يىلى 6 - ئايدا تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن قۇمۇل - چۇڭچىڭ 800 كىلوۋولتلۇق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛

ئۈچىنچى لىنىيە: 2014 - يىلى 1 - ئايدا تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، قۇمۇل - جېڭجۇ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى.

تۆتىنچى لىنىيە: 2019 - يىلى 9 - ئايدا تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن سانجى - (ئەنخۇي) گۇچۇەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛

يېقىندىن پىلانلانغان بەشىنچى لىنىيە بولسا: ئىلى - سىچۇەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛

يېڭىدىن پىلانلانغان ئالتىنچى لىنىيە: سانجى - جياڭشى ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛

يېڭىدىن پىلانلانغان يەتتىنچى لىنىيە: سانجى - جەنۇبىي ئەنخۇي ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى؛

**قۇمۇل - جېڭجۇ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى**

2012 - يىلى 13 - ماي ئۇل سېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، 2014 - يىلى 27 - يانۋار تاماملىنىپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن ۋە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2210 كىلومېتىر، سېلىنغان مەبلەغ 23 مىليارد 390 مىليون يۈەن بولغان قۇمۇل - جېڭجۇ ±800 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (哈密南-郑州800±千伏特高压直流工程) قۇمۇلدا كۆمۈر كۆيدۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقارغان توكنى جېڭجۇغىچە يەتكۈزىدۇ.نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن 100 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنماقتا.بۇ قۇرۇلۇش ختاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى يىلدا 50 مىليارد كىلوۋات سائەت توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ 23 مىليون توننا يېقىلغۇ كۆمۈر توشۇش ۋە تەبىئەتكە 40 مىليون توننا كاربون تۆت ئوكسىدى ۋە 330,000 توننا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىدى قويۇپ بېرىش بىلەن تەڭ كېلىدۇ (人民网,2014).

**سانجى - ئەنخۇي گۇچۈەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى**

ختاي مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ «شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش» پىلانىنىڭ «جان تومۇرى» ھېسابلىنىدىغان شەرقىي جۇڭغاردىن باشلىنىدىغان سانجى - ئەنخۇي گۇچۈەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى (昌吉-古泉1100±千伏特高压直流输电工程)، 2015 - يىلى 12 - ئايدا تەستىقلىنىپ، 2016 - يىلى 1 - ئايدا قۇرۇلۇش باشلانغان. گەنسۇ، نىڭشيا، شەنشى، خېنەن، ئەنخۇي قاتارلىق ئالتە ئۆلكىدىن ئۆتىدىغان بۇ لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3304.7 كىلومېتىر، توك بېسىمى ±1100 كىلوۋولت بولۇپ، دۇنيادىكى توك بېسىمى دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ. 2019 - يىلى 9 - ئايدا پۈتكەن بۇ قۇرۇلۇش - ھەر يىلى شەرقىي ختاي رايونىغا 66 مىليارد كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈپ، شەرقىي ختاي رايونىدىكى 50 مىليون ئائىلىنىڭ (30 ۋاتلىق لامپۇچكىدىن 400 مىليون ياندۇرغانغا تەڭ) توك ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ 30 مىليون 240 مىڭ توننا يېقىلغۇ كۆمۈر توشۇش ۋە تەبىئەتكە 59 مىليون 400 مىڭ توننا كاربون تۆت ئوكسىدى، 157 مىڭ توننا ئازوت ئوكسىدى ۋە 149 مىڭ توننا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىدى قويۇپ بېرىش بىلەن تەڭ كېلىدۇ (人民网,2018).

2 - رەسىمدىكى ئېكراندىن 2022 - يىل 1 - يانۋار سائەت 0:00 دىن 28 - فېۋرال سائەت 24:00 گىچە بولغان ئىككى ئايدا، سانجىدىن شەرقىي ختاي رايونىغا 8 مىليارد 375 مىليون كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز (新华网, 2022).




*2 - رەسىم: توك يەتكۈزۈش ئىدارىسىدىن بىر كۆرۈنۈش*

*مەنبە: (POWER, 2016)*

### ئىلى تېرموئېلېكترىك قۇرۇلۇشى

قۇمۇل، سانجىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى كۆمۈر زاپىسى مول بولغان ئىلى ۋادىسىدا يېڭىدىن 2 دانە توپلام 700 مېگاۋاتلىق توك ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە «ئىلى تېرموئېلېكترىك ئىستانسىسى» (伊犁热电厂) نى 2020 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئىشقا كىرىشتۈردى.



*3 - رەسىم: ئىلى تېرموئېلېكترىك ئىستانسىسى*

700 مېگاۋاتلىق توك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ھەر يىلى 3 مىليون 820 مىڭ توننا كۆمۈر ئىشلىتىلىشى مۆلچەرلەنمەكتە (国能集, 2020).

خەلق تورى 2023 - يىلى 23 - فېۋرال خەۋەردىكى ئەڭ يېڭى مەلۇماتتا كۆرسىتىشىچە، بۇ يىل 1 - ئايدا، شىنجاڭنىڭ سىرتقا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 10 مىليارد 840 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.8% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە سانجى گۇچۈەن ±1100 كىلوۋولتلۇق ئالاھىدە يۇقىرى بېسىملىق تۇراقلىق توك يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىدا يەتكۈزۈلگەن توك مىقدارى 5 مىليارد 502 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 30.11% ئاشتى (人民网,2023).

## 5. ئېنېرگىيە - كۆمۈر - زەھەرلىك ماددا ئۈچلىكى

خىتاي نېفىت شىركىتى 2019 (中国石油) - يىلىنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىغا قەدەر، تارىم نېفىتلىكىدىن چىقارغان 231 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى تۇرۇبا يولى ئارقىلىق شەرققە توشۇپ، 15 ئۆلكە ۋە 120 دىن ئارتۇق شەھەردىكى تەخمىنەن 400 مىليون ئاھالە ۋە 3000 دىن ئارتۇق كارخانىنى يېقىلغۇ بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ تەبىئىي گاز 300 مىليون توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر يېقىش بىلەن تەڭ بولۇپ، 200 مىليون توننىدىن كۆپرەك زىيانلىق ماددىلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى ئازايتقانغا باراۋەر (中国政府网,2019).

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن خىتاي رايونىغا توك يەتكۈزۈش ئىقتىدارى 2010 - يىلدىكى 3 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن 2021 - يىلى 122 مىليارد 364 مىليون كىلوۋات سائەتكە تېز سۈرئەتتە يۈكسىلىپ، توك يەتكۈزۈش كۆلىمى 40 ھەسسە ئاشقان. ئۆتكەن 11 يىلدا ۋەتىنىمىزدىن خىتايغا يەتكۈزۈلگەن توكنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 503 مىليارد 700 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇ خىتايدىكى 1 مىليارد 400 مىليون ئاھالىنىڭ 156 كۈن ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ (光明日报,2022). (بۇ يەنە گېرمانىيە ياكى تۈركىيەنىڭ 82 مىليون ئاھالىسىنىڭ 7.3 يىل ئىشلىتىشىگە يېتىدۇ). مۆلچەرلىنىشىچە، مەركىزىي ھۆكۈمەت 2025 - يىلغا بارغاندا، خىتايغا ئېلىپ كېتىدىغان توك قۇۋۋىتىنى ھازىرقى 18 مىليون 400 مىڭ كىلوۋاتتىن 33 مىليون كىلوۋاتقا يەتكۈزمەكچى. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدە قانچىلىك يېقىلغۇ كۆيدۈرۈلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن قانچىلىك زەھەرلىك ماددىنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن بىزنىڭ مۇھىتىمىزغا قويۇپ بېرىپ، ۋەيرانچىلىق قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئەمەس.

خىتاينىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى» نىقابى ئاستىدا «جاھانگىرلىك چۈشى»نى رويابقا چىقىرىشى ئۈچۈن تۈگىمەس ئېنېرگىيە مەنبەسىگە ئېھتىياجى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى قوللىنىپ شەرقىي تۈركىستاندا ۋە دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە بايلىق قىدىرىشنى تېزلەتمەكتە ۋە يېڭى - يېڭى مەنبەلەرنى ئاچماقتا. مەسىلەن، 2022 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى بىر خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: ئاپتونوم رايونلۇق تەبىئىي بايلىق نازارىتى بەش ئورۇننىڭ كان چارلاش ھوقۇقى ۋە 3 ئورۇننىڭ كان ئېچىش ھوقۇقىنى تەستىقلىدى (搜狐,2022).

ۋەتىنىمىزدە ئىشلەپچىقىرىلغان ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسىنىڭ 80% كۆمۈردىن كېلىدۇ. 2022 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، ئاتالمىش «شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى سودا مەركىزى چەكلىك شىركىتى» نىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، قۇمۇل، سانجى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدىن خىتاي رايونىغا ئەۋەتىلگەن توكنىڭ مىقدارى 10 مىليارد 424 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9% ئاشقان ۋە بىر ئايدا 10 مىليارد كىلوۋات سائەتتىن ئېشىشتەك تارىخىي رېكورت ياراتقان. بۇ 3 مىليون 150 مىڭ توننا يېقىلغۇ كۆمۈر كۆيدۈرۈش ۋە تەبىئەتكە 8 مىليون 510 مىڭ توننا كاربون تۆت ئوكسىدى، 26 مىڭ 800 توننا گۈڭگۈرت تۆت ئوكسىدى ۋە 23

مىڭ 300 تونىنا ئازوت ئوكسىدى قويۇپ بېرىش بىلەن تەڭ كېلىدۇ (国能局,2022).

دېمەك، بېيجىڭ، شاڭخەينىڭ كۆك ئاسمىنى، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئوچۇق ھاۋاسى ۋەتىنىمىزگە قويۇپ بېرىلگەن يۈز مىليونلارچە تونىنا زەھەرلىك ماددىنىڭ بەدىلىگە كېلىدۇ. ئېغىر مۇھىت بۇلغىنىشقا سەۋەب بولغانلىقىدىن خىتاي رايونىدىكى خىمىيەۋى مەھسۇلات، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئون مىڭلىغان زاۋۇت - كارخانىلار تاقىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئەمما، بۇ زاۋۇت - كارخانىلار «مەبلەغ سېلىش»، «شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» نىقابى بىلەن كېرىيەدىن جېمىنەيگىچە يەرلەشتى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنى داۋام قىلماقتا. بۇ زاۋۇتلارنىڭ تەبىئەتكە قويۇۋەتكەن زەھەرلىك ماددىلىرىنى ۋە كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش كىشىنى قورقۇتىدۇ. (بۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېما).

خىتايدا مۇھىت بۇلغىنىش سەۋەبىدىن 2010 - يىلى ئەڭ ئاز 1 مىليون 200 مىڭ كىشى ئۆپكە راك كېسىلىدىن ئالدۇر ئۆلۈپ كەتكەن. بۇ، كۈنىمىزدە «ھاۋا بۇلغىنىشىنىڭ قىيامىتى»نى كۆرۈۋاتقان بېيجىڭ شەھىرىدىكى راك كېسىلىنىڭ 1 - نومۇرلۇق ئۆلۈم سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ.

ۋەتىنىمىزدە ئەسلىدىنلا ئاتوم بومبىسى پارتلىتىشتىن كېلىپ چىققان رادىياتسىيە سەۋەبىدىن راك كېسىلى شىددەت بىلەن كۆپىيىۋاتقان ئىدى. ئەمدى خىتاي ھۆكۈمىتى: «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» سۈيىقەستى بىلەن ئۆز خەلقىنى پاكىز مۇھىتقا ئېرىشتۈرۈپ، ۋەتىنىمىز مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاپ، خەلقىمىزنى راك، سەكتە، ئۆپكە ۋە نەپەس يولى كېسەللىكلىرى بىلەن دەردلىنىدىغان ئۆلۈم يولىغا ھەيدىمەكتە. ۋەتىنىمىز 10 - 15 يىلغا قالماي راك، سەكتە، ئۆپكە كېسىلىنىڭ ماكانىغا ئايلىنىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىقتۇر. (بۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسى). ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق خەلقلەرنى بۇ قىسمەتكە، ئاچچىق تەقدىرگە قۇربان قىلماسلىقنىڭ بىردىنبىر يولى – دۇنيانىڭ دەرھال ئويغىنىشى.

خىتاينىڭ «ئورتاق مەنپەئەتلىنىش، ئورتاق گۈللىنىش» سەپسەتىسى بىلەن پاكىستاندا بالوچلار (Baloch) نىڭ تەبىئىي بايلىقلىرىنى تالان قىلىشى، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ھەتتا ئافرىقىدىكى قىلمىشىغا قارايدىغان بولساق، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇلار دۇچ كېلىدىغان خىرىس ۋە تەقدىرنىڭ بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستانغا ئوخشاپ قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

**خۇلاسىلەر:**

20) ۋەتىنىمىزنىڭ تەبىئىي بايلىق قىممىتىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە كۆنسېرى ئېشىپ بارغانلىقى؛

21) ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىكى قالدۇق زەھەرلىك ماددىلارنى تۆكىدىغان بىپايان زېمىننىڭ بولۇشى؛

22) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزلىرىنى روناق تاپقۇزۇپ، دېموكراتىيە، ئىنسانىي ھەق - ھوقۇق ۋە ئەركىن ياشاشتىن مەھرۇم، مىللىي كىملىكى، مىللىي ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى يىمىرىلىش، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باشقا ھەقلىرى تارتىۋېلىنغان «ئالتۇن تاۋاقلىق تىلەمچى» بىر جامائەتنى بەرپا قىلىۋالغانلىقى؛

23) بولۇپمۇ خىتاينىڭ بۇ بۇلاڭ - تالاڭ، خانىۋەيران قىلىش قىلمىشىغا قارشى، بايلىقنىڭ ئەسلىي ئىگىلىرىگە غىڭ قىلىش ئىمكانى بەرمەيدىغان بىر سىياسىي سىستېمىنى ئوخشۇلۇق قۇرۇۋالغانلىقى – شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىنسانىيەتتىكى «قانىغان يارا»غا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

## خۇلاسە

خىتاي كوممۇنىستلىرى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز مەنپەئەتى، قۇدرەت تېپىشى ۋە پاراغىتى ئۈچۈن باشقا بىر مىللەتنى بەدەل بەرگۈزۈشتىن تەپ تارتمايدىغان، ھەرقانداق جىنايەت ئىشلەشتىنمۇ چېكىنمەيدىغان تەشكىلاتلاشقان قاراقچى گۇرۇھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان دەلىل - ئىسپاتلار بار. بۇ سۈيىقەستچىگە قارشى بالدۇرراق كۈچلۈك تەدبىر ئېلىش بىزنىڭلا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ئىشغالچى، زوراۋان يوقالغان، ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تالان - تاراج قىلىنىش بولمىغان گۈزەل بىر دۇنيا ۋە تەرتىپ قالدۇرۇپ قويۇش ئىستىكىمىزنىڭ تەقەززاسى.

بىز تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان بولساق، ئىنسانىيەتتىكى «قانىغان يارا» – شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە تالان - تاراجنى توختىتالايمىز ۋە خىتاينىڭ كېڭەيمىچىلىكىنى توسۇپ قالالايمىز:

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە يىللاردۇر يۈرگۈزۈۋاتقان «بۇلاپ - تالاپ كېتىش جىنايىتى»، «مىللىي ئىگىلىكىمىزنى پىلانلىق ۋەيران قىلىش جىنايىتى»نى ئېچىپ تاشلاش ۋە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى خىتابنامىسى» ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك قانۇن - تۈزۈم بويىچە خىتاينى جازالاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىددىي ئىزدىنىشىمىز لازىم.

2.خىتاينىڭ ئېنېرگىيە ئاچ كۆزلۈكى ۋە ھەر يەردە تالان - تاراج قىلىش قارا نىيىتىنىڭ يوشۇرۇن ئىكەنلىكىنى، «بىر بەلباغ، بىر يول تەشەببۇسى»دىكى ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ «سەن ئۆل، مەن تىرىلەي» سۈيىقەستى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش، دوكلات تەييارلاش ۋە تەشۋىق قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، پاكىستاندىن باشلاپ دۇنيا ئەللىرىنى جىددىي ئاگاھلاندۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

3. خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتوم بومبىسى سىناق قىلىش، پىلانسىز بوز يەر ئېچىپ ۋە سانائەتتىن چىققان زەھەرلىك تاشلاندۇقلار ئارقىلىق ۋەتىنىمىزنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىدى ۋە خەلقىمىزنىڭ ساقلىقىنى، ياشىشىنى ۋە ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزدى. مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ دوكلات تەييارلاش ۋە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنسانلار مۇھىتى يىغىنىنىڭ خىتابنامىسى»، «رىئو مۇھىت ۋە تەرەققىيات خىتابنامىسى» ۋە باشقا خەلقئارالىق ھەق - ھوقۇق مېخانىزمى ئارقىلىق بېيجىڭنى جاۋابكارلىققا تارتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق، ۋەتىنىمىزنىڭ «سانائەت ئەخلەتخانىسى» بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خەلقىمىزنىڭ ياشاش مۇھىتىنى قوغداپ قېلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

4. 2015 - يىلى ئىمزالانغان «پارىژ كېلىشىمى» (The Paris Agreement) گە ئاساسەن، خىتاي ئۆزىنى كىلىمات ئۆزگىرىشىنى قوغداشنىڭ باشلامچىسى قىلىپ كۆرسەتتى. ئەمما، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەتىنىمىزدە قۇرغان كۆمۈر يېقىلغۇلۇق ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن زەھەرلىك ماددىلارنىڭ مىقدارى «پارىژ كېلىشىمى» نىڭ شەرتلىرىدىن بەكمۇ يۇقىرى. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى - خەلقئارانىڭ يەر شارى كىلىمات ئۆزگىرىشىنى تىزگىنلەش تىرىشچانلىقىغىمۇ تەھدىت سالماقتا. مۇناسىۋەتلىك مۇھىت ئاسراش ۋە ئېنېرگىيە ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ خىتاينىڭ بۇ جىنايىتىنى ئېچىپ تاشلاش ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۇچرىغان زىيانكەشلىكلىرى، ياشىغان پاجىئەلىرىنى ئىسپاتلاپ چىقىپ، خىتاينى جازالاش لازىم.

قىسقىسى، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ بۈگۈنكى نىيىتى بەكمۇ ئوچۇقتۇر. ئۇ بولسىمۇ، ۋەتىنىمىزگە قارىتا، خەلقىمىزنى مىللەت بويىچە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش، بۇنىڭغا كۆنمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش، ئاخىرىدا ۋەتىنىمىزنى پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇپ، ئىگىدارلىق - خوجايىنلىق ئىمتىيازىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش ۋە ئىستراتېگىيەلىك تۇپراق ھەم تۈگىمەس بايلىقلارنىڭ ئىگىسى بولۇش؛ باشقا دۆلەتلەرگە قارىتا، ھەر خىل ھىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن كۈچلۈكنى ئاجىزلاشتۇرۇش، ئاجىزنى مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇپ دۇنياغا خوجا بولۇش ئارقىلىق 2049 -

يىلغىچە جاھانگىرلىك چۈشىنى روياپقا چىقىرىشتۇر.

نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە ئورگانلار بۇنى (يېتەرلىك بولمىسىمۇ) تونۇپ يەتتى ۋە ئۇلارنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگىمۇ تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى. گۈزەل بىر كېلەچەك بەرپا قىلىش ئۈچۈن، بىز بارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشتەك بۇنداق قەبىھ قىلمىشلىرىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشىنى ھەمدە جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۇنى تېزدىن توختىتىپ، قانۇن بويىچە جازالىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


| | |
|---|---|
| [1] | Ahmad, A. (2022, 02 01). Gerp we sherqtiki urush uchqunliri. Retrieved from Tengritagh Bahari: https://www.tengritaghbahari.de/weziyet-toghrisida/gerp-we-sherqtiki-urush-uchqunliri/ |
| [2] | AlJazeera. (2017, 07 12). China to open first overseas military base in Djibouti. Retrieved from Al Jazeera: https://www.aljazeera.com/news/2017/7/12/china-to-open-first-overseas-military-base-in-djibouti |
| [3] | CEIC. (2022, 05 08). China Iron Ore Price: Daily. Retrieved from CEIC: https://www.ceicdata.com/en/china/iron-ore-price-daily |
| [4] | Conca, J. (2017, 11 16). China Will No Longer Take Our Junk For Recycling. Retrieved from Forbes: https://www.forbes.com/sites/jamesconca/2017/11/16/china-will-no-longer-take-our-recycled-junk/?sh=7c2298882122 |
| [5] | Desjardins, J. (2015, 10 09). China Consumes Mind-Boggling Amounts of Raw Materials. Retrieved from Visual Capitalist: https://www.visualcapitalist.com/china-consumes-mind-boggling-amounts-of-raw-materials-chart/ |
| [6] | Dettmer, J. (2021, 10 04). China's Energy Crisis Puts Global Economic Recovery at Risk. Retrieved from VOA: https://www.voanews.com/a/china-s-energy-crisis-puts-global-economic-recovery-at-risk/6256209.html |
| [7] | Goldprice. (2022, 05 08). Gold price. Retrieved from goldprice: https://goldprice.org/ |
| [8] | IIED. (2017, 02 125). International Institute for Environment and Development. Retrieved from Mist clears on China in African forests: https://www.iied.org/mist-clears-china-african-forests |
| [9] | IMF. (2015). China and Africa: Will the Honeymoon Continue? Washington: IMF. Retrieved from https://www.imf.org/en/Blogs/Articles/2015/12/21/china-and-africa-will-the-honeymoon-continue |
| [10] | POWER. (2016, 01 01). The Energy Industry in Xinjiang, China: Potential, Problems, and Solutions. Retrieved from POWER: https://www.powermag.com/energy-industry-xinjiang-china-potential-problems-solutions-web/ |
| [11] | Silverprice. (2022, 05 08). Silver Price. Retrieved from silverprice: https://silverprice.org/ |
| [12] | SunSirs. (2022, 05 24). China Thermal Coal Spot Price. Retrieved from SunSirs-- China Commodity Data Group: http://www.sunsirs.com/uk/prodetail-369.html |

| | |
|---|---|
| [13] | Tasagil, A. (2011). TÜRKİSTAN (Cilt 41). Ankara: Türkiye Diyanet Vakfı. 04 07, 2022 tarihinde TDV İslâm Ansiklopedisi: https://islamansiklopedisi.org.tr/turkistan adresinden alındı |
| [14] | TheWorldBank. (2021). All Countries and Economies. Retrieved from The World Bank: https://data.worldbank.org/indicator/NY.GDP.MKTP.CD?most_recent_value_desc=true |
| [15] | Trading Economics. (2022, 5 8). Crude oil. Retrieved from TRADING ECONOMICS: https://tradingeconomics.com/commodity/crude-oil |
| [16] | Trading Economics. (2022, 05 10). Natural gas. Retrieved from Trading Economics: https://tradingeconomics.com/commodity/natural-gas#forecast |
| [17] | YIHE, X. (2021, 01 21). Coalbed methane targets always out of reach for China. Retrieved from Upstream is part of NHST Media group: https://www.upstreamonline.com/production/coalbed-methane-targets-always-out-of-reach-for-china/2-1-941998 |
| [18] | خەلق تورى. (2009 - يىلى 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى). شىنجاڭ «دۆلەت ئېنېرگىيىسى» گۇرۇھىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك بازىسى بولۇپ قالدى. خەلق تورى: http://uyghur.people.com.cn/157681/9423230.html |
| [19] | خەلق تورى. (2018 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى). تارىم نېفىتلىكىدە 100 مىليارد كۇب مېتىر دەرىجىلىك چوڭ گاز زاپىسى بايقالدى. خەلق تورى: http://uyghur.people.com.cn/165019/15747065.html |
| [20] | خەلق تورى. (2021 - يىلى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى). تارىم نېفىتلىكىدە 1 مىليارد توننا دەرىجىلىك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭقۇر نېفىت - گاز رايونى بايقالدى. خەلق تورى http://uyghur.people.com.cn/156325/15849463.html |
| [21] | 中国地质调查局. (2000). 中国铬铁矿资源调查报告. 北京: 国地质调查局. https://www.cgs.gov.cn/ddztt/cgs100/bxcg/fwgj/201611/P020161128425770717420.pdf |
| [22] | 中国政府网. (2019年06月02日). 西气东输主气源地向下游供气超2300亿立方米. http://www.gov.cn/xinwen/2019-06/02/content_5396897.htm |
| [23] | 人民网. (2014年01月27日). 哈密南-郑州±800千伏特高压直流输电工程投运. http://energy.people.com.cn/n/2014/0127/c71890-24244565.html |
| [24] | 人民网. (2014年07月31日). 新疆发现价值400亿金矿影响几何 ? -- 能源-- . http://energy.people.com.cn/n/2014/0731/c71661-25375420.html |
| [25] | 人民网. (2018年10月26日). 新疆打造"电力丝绸之路""疆电外送"后劲十足. http://finance.people.com.cn/n1/2018/1026/c1004-30365071.html |
| [26] | 人民网. (2022年01月26日). 好消息, 塔里木盆地新发现亿吨级油气区. http://finance.people.com.cn/n1/2022/0126/c1004-32340331.html |
| [27] | 人民网. (2023年02月23日). 1月疆电外送电量破百亿 同比增长17.8%. http://xj.people.com.cn/n2/2023/0223/c186332-40312738.html |
| [28] | 人民网. (2023年2月12日). 我国最大铅锌矿探矿权花落新矿集团. http://xj.people.com.cn/n2/2023/0212/c186332-40298201.html |
| [29] | 光明日报. (2022年02月26日). 疆电外送电量11年累计突破5000亿千瓦时. https://news.gmw.cn/2022-02/26/content_35546824.htm |
| [30] | 刘晓. (2015年06月12日). 我国铅锌矿资源现状及其发展对策研究 2015. 中国矿业, 页 7. http://www.chinaminingmagazine.com/uploads/pdf/1632716722189.pdf |

| | |
|---|---|
| [31] | 华宝证券. (2021年02月22日). "铬"行其市—2021 年铬产业链投资展望. http://pdf.dfcfw.com/pdf/H3_AP202102231464506051_1.pdf?1614087037000.pdf |
| [32] | 国土资源部. (2016). 新疆金矿资源调查报告. 北京: 国土资源部. |
| [33] | 国土资源部. (2016). 新疆铁矿资源调查报告. 乌鲁木齐: 国土资源部中国地质调查局. https://www.cgs.gov.cn/ddztt/jqthd/xj358/cg/201611/P020161125331490591758.pdf |
| [34] | 国土资源部. (2016). 新疆铅锌矿资源调查报告. 北京: 国土资源部. |
| [35] | 国土资源部. (2016). 新疆铜矿资源调查报告. 北京: 国土资源部. |
| [36] | 国土资源部. (2016). 新疆锰矿资源调查报告. 北京: 国土资源部. |
| [37] | 国家民委. (2022年02月16日). 新疆维吾尔自治区. https://www.neac.gov.cn/seac/ztzl/201208/1067783.shtml |
| [38] | 国能局. (2022年04月22日). 3月疆电外送破百亿千瓦时. http://www.nea.gov.cn/2022-04/22/c_1310569202.htm |
| [39] | 国能集. (2020年04月23日). 国神集团伊犁电厂正式投产发电. https://www.ceic.com/gjnyjtww/chnjcxw/202004/8921aff38a37444393c633fda94ec8ef.shtml |
| [40] | 国际能源网. (2021年07月12日). 2021年新疆大有1等4个石油天然气探矿权挂牌出让结果公示. https://gas.in-en.com/html/gas-3593518.shtml |
| [41] | 孙宏伟. (2020年12月09日). "铬"行其市—2021 年铬产业链投资展望. 矿产保护与利用. Beijing, 中国: 矿产保护与利用. doi: 10.13779/j.cnki.issn1001-0076.2020.06.023 |
| [42] | 搜狐. (2022年05月10日). 矿业权发证｜新疆自然资源厅审查通过5个探矿权和3个采矿权. https://www.sohu.com/a/545614925_121130164 |
| [43] | 新华网. (2022年03月03日). 新疆：±1100千伏昌吉换流站前两月输送电量逾83亿千瓦时. http://xj.news.cn/2022-03/03/c_1128431100.htm |
| [44] | 新疆地质矿产信息网. (2012年4月15日). 新疆银矿. https://www.docin.com/p-383166789.html |
| [45] | 新统局. (2021). 新疆统计年鉴 2020. 北京: 中国统计出版社. https://www.shahit.biz/yearbooks/Xinjiang%20Statistical%20Yearbook%202020.pdf |
| [46] | 新统局. (2021). 新疆维吾尔自治区2020年国民经济和社会发展统计公报. 乌鲁木齐: 新疆维吾尔自治区统计局. http://xjzd.stats.gov.cn/jdhy/dcsj/tjgb/202104/t20210413_6541.html |
| [47] | 新统局. (2022). 新疆维吾尔自治区2021年国民经济和社会发展统计公报. 乌鲁木齐: 新疆日报. 检索日期: 2022年04月05日, wap.xjdaily.com/xjrb/20220323/app_190695.html |
| [48] | 矿业汇. (2017年02月21日). 新疆惊现世界级超级矿产，成中国投资新圣地. https://m.jiemian.com/article/1125341.html |
| [49] | 纽约时报. (2013年11月06日). 中国最小肺癌患者仅8岁，空气污染是病因. https://cn.nytimes.com/china/20131106/c06pollution/ |
| [50] | 腾讯. (2021年06月23日). 2021年5月中国铜矿石进口金额同比增长99.6%. https://new.qq.com/omn/20210623/20210623A01GAO00.html |

10

# ئوقۇش، ئۆگىنىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىزدۇر

مۇھەممەد يۈسۈپ

شەكسىزكى، ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئاللاھ تائالانى بىلىشتۇر. ئاللاھ تائالانى بىلىش ئۈچۈن ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش شەرت. چۈنكى ئوقۇماستىن بىلگىلى بولمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە:

﴿فَاعْلَمْ أَنَّهُ لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ﴾

«ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگىن»[1] دەپ كەلگەن. يارىتىلىشنىڭ غايىسىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىشتۇر.

﴿وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالأِنْسَ اِلاَّ لِيَعْبُدُونِ﴾

**«مەن جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم»[2] دېگەن ئايەت بۇنى ئىپادىلەيدۇ.**

ئىبادەت ــ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىپ، ئۇ كۆرسەتكەن بويىچە ھايات كەچۈرۈش دېگەنلىكتۇر. بۇ ۋەزىپىنى ۋە بۇ غايىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئوقۇش، ئۆگىنىش شەرتتۇر. چۈنكى، ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئاللاھ تائالانى تونۇغىلى بولمايدۇ؛ ئۆگەنمەي تۇرۇپ، ئۇنى رازى قىلىشنىڭ يوللىرىنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن يول بويىچە ياشىغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاچقۇچى ئىلىمدۇر. قىسقىسى، ئىلىم ــ ئاللاھ تائالاغا يېتىشنىڭ شوتىسى، جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى، بەختلىك ھاياتنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى مەشئەلدۇر.

دۇنيالىق ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، ئاخىرەتلىك ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك، دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىككىلىسى ئۈچۈنمۇ ئىلىم كېرەك. دېمەك، ئىككىلى ئالەمدە بەخت - سائادەتلىك ۋە ھۇزۇرلۇق ھاياتقا

[1] سۈرە مۇھەممەد، 19 - ئايەت.
[2] سۈرە زارىيات، 56 - ئايەت.

ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئىلىم كېرەك. مۇستەملىكىدىن، ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل، ھۆر، ئازادە ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈنمۇ ئەلۋەتتە ئىلىم كېرەك. ئىلىم - پەن بىلەن قوراللىنىش ئارقىلىق كۈچلۈك بولغىلى بولىدۇ، كۈچلۈك بولغاندا ئۆز - ئۆزىمىزگە خوجا بولغىلى بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن تاللاش ئەمەس، بەلكى پەرز ۋە قەرزدۇر.

شەكسىزكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقىدۇر. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەت، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن تۇنجى ۋەھيى «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇق بىلەن باشلانغان. ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىدا «پېئىلنىڭ مەفئۇلى (يەنى تولدۇرغۇچىسى) تىلغا ئېلىنمىسا، پېئىلنىڭ مەنىسى ئۆزىنىڭ ئومۇملۇقىدا قالىدۇ» دەيدىغان قائىدە بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئوقۇ!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئوقۇيدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن بۇيرۇقى دىنىڭ ۋە دۇنيالىقنىڭ ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان ھەر قانداق ئىلىمنى ئوقۇغىن، ئۆگەنگىن ۋە بىلگىن دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿**اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ**﴾ يەنى «**ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!** »[3] دېگەن بۇ بۇيرۇقى ئىماننى غايە قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، بىرلىكى، چەكسىز قۇدرىتى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى بىلىپ ئىمان ئېيتىش بىلەن تاكامۇللاشىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئىمان بىلەن قوراللانمىغان ھەرقانداق ئىلىم بالايىئاپەت بولۇپ، ئىنسانىنى زوراۋانلىققا، ئاجىزلارنى ئېزىشكە، باشقىلارنىڭ ھېسابىغا چوڭىيىشقا ۋە نۇرغۇنلىغان يولسىزلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئىلىم ئۆز يولىدا ئىشلىتىلمىگەن ۋە ئۆز غايىسىدىن چەتنىگەن ئىلىمدۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇساقمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنى ئوقۇساقمۇ، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئوقۇساقمۇ، شۇنداقلا دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ھەرقانداق ئىلىمنى ئوقۇساقمۇ ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان بولىمىز. لېكىن، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇش بىلەن باشقا ئىلىملەرنى ئوقۇش ئارىسىدا دەرىجە جەھەتتە پەرق بار. چۈنكى دىنىمىزنى بىلىش بارچە بىلىشلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بولۇپ، بىرى، «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى، كائىناتتۇر. شۇڭا، بەزى ئۆلىمالار «**كائىنات سۆزلىمەيدىغان قۇرئاندۇر، قۇرئان سۆزلەيدىغان كائىناتتۇر**»[4] دەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ «كالام» (سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ نامايەندىسى بولسا، كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ سانىئ (سەنئەتكار) سۈپىتىنىڭ ئەسىرىدۇر. دۇنيادىكى ھەر ساھە ئىلىم - پەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئىلىم - پەن ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئاللاھ تائالانىڭ «كائىنات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇماقتا ۋە ئۇنى تەپسىر قىلماقتا.

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان.

﴿**يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنْكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ**﴾

يەنى «**ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ**»[5].

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن:

﴿**هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ**﴾

يەنى «**بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟** »[6] دېگەن. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىلىم ئەھلى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

[3] سۈرە ئەلەق، 1 - ئايەت.
[4] دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلۇسي: «مۇقەۋۋىماتتۇتتەكلىف»، 34 - بەت.
[5] سۈرە مۇجادەلە، 11 - ئايەت.
[6] سۈرە زۇمەر، 9 - ئايەت.

## ئىلمنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى

ئىسلام نەزىرىدە ئوقۇش، ئۆگىنىش پەرزدۇر. ئىسلامدا پەرز بولغان ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى پەرز ئەين، يەنە بىرى پەرز كۇپايەدۇر. پەر ئەين – ھەربىر ئادەم ئۆزى قىلمىسا ئادا تاپمايدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: ئىمان ئېيتىش، ئوقۇش، ئۆگىنىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش دېگەنگە ئوخشاش. پەرز كۇپايە – مەلۇم كىشىلەر قىلسا قىلمىغانلارنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولىدىغان ئەمەل دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن: تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، تارىخ، مېدىتسىنا، ئىقتىساد، سىياسەت، فىزىكا، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، بىناكارلىق قاتارلىق ئىلىم تۈرلىرىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز بولۇپ، مۇسۇلمانلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇشى بىلەن قالغانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ساقىت بولىدۇ. ئۇلار ئاشۇ پەنلەردە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولمىغانلىقى سەۋەبلىك گۇناھكار بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق:

### 1. پەرز ئەين بولغان ئىلىم

پەرز ئەين بولغان ئىلىم – «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەق - ھوقۇقلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم – سۈپەتلىرىنى ۋە ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى بىلىش؛ ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ، تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، قوشنىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ، پۇل - مالنى ھالالدىن تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ ئۈستىگە پەرز ئەين. بۇلارنى بىلمىگەن ئادەم شەكسىز گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىلىملەر ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىلىملەردۇر. بۇنىڭدا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاق.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ ئىلىملەرنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەنگەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭدىكى دىنىي مەسىلىلەرنى بىلىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىدى. ئۇلار ھەربىر ئون ئايەتنىڭ مەنىسىنى، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان مەسىلىلەرنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ، باشقا ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە يۆتكەلمەيتتى.

### 2. پەرز كۇپايە بولغان ئىلىم

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، مىراس ئىلمى، تارىخ، ئىسلام تەربىيەسى قاتارلىق ئىسلامىي ئىلىم ساھەلىرىدە؛ شۇنداقلا مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، ئىقتىساد، سىياسەت، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەردە، شۇنداقلا دىن ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن كېرەك بولغان ھەرقانداق ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ ساھەلەردە ئوقۇسا، ئوقۇمىغانلىرىدىن بۇ پەرز ساقىت بولىدۇ. ئەگەر بىرەر رايوندىن، ھەتتا بىرەر رايون ۋە بىرەر مەھەللىدىن بۇ پەنلەرنى ئوقۇيدىغان ئادەملەر چىقمىسا، شۇ رايون ۋە شۇ مەھەللىدىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئىلىملەرنى ئوقۇشنىڭ پەرزلىكى ساقىت بولمايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا گۇناھكار بولىدۇ. ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي مۇنداق دېگەن: «پەرز كۇپايە بولغان ئىلىمنىڭ بايانى شۇكى، ھەرقانداق ئىلىمنىڭ دەرىجىسى ئۆگەنمەكچى بولغان ئىلىمنىڭ خاراكتېرىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى دىنىي ئىلىم، يەنە بىرى دىنىي بولمىغان ئىلىمدۇر. دىنىي ئىلىم دېگىنىمىز: پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى يولى بىلەن كەلگەن، ئەقىل يولى بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئىلاھىي ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي بولمىغان ئىلىملەر: تىبابەت ۋە ماتېماتىكىغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر تەن ساقلىقنى ساقلاش

ئۇچۇن تىبابەت ئىلمىگە، مۇئامىلە، مىراس تەقسىماتى دېگەندەك ئىشلار ئۇچۇن ماتېماتىكىغا موھتاج بولىدۇ. بۇنداق ئىلىملەرنى ھەربىر رايوندىن مەلۇم كىشىلەر ئۆگەنسە، باشقىلاردىن ئۆگىنىش پەرزى ساقىت بولىدۇ. بىزنىڭ ‹تىبابەت ۋە ماتېماتىكىدا ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايەدۇر› دېگەن سۆزىمىزگە ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ، بەلكى دېھقانچىلىق، ھىجامەت، سەيپۇڭلۇق قاتارلىق ئىلىم ۋە سانائەتلەرنى ئۆگىنىشمۇ پەرز كۇپايىدۇر»[7] . بۇ ئالىم 10 - ئەسىردە ياشىغانلىقتىن، شۇ دەۋرنىڭ سەۋىيەسى ۋە شۇ دەۋردىكى چەكلىك ئىلىم تۈرلىرى ئۈستىدىلا توختالغان.

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بارلىق دىنىي ئىلىملەر ۋە بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەر ﴿ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾[8] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. يەنى دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، دىنىي ئىلىملەردىن بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلار موھتاج بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مېدىتسىنا، يېزا ئىگىلىك، سانائەت قاتارلىق ئىلىملەرمۇ نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىن بۇ ئىلىملەرنى مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، مۇسۇلمانلارنى باشقىلارنىڭ پەن - تېخنىكىسىدىن بىھاجەت قىلىش ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆگىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىي ئەمەس ئىلىملەرنىڭ ساۋاب جەھەتتىكى دەرىجىسى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ»[9]. بۇ پەتىۋا شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، مەيلى دىنىي ئىلىملەر دەپ ئاتالغان تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى بولسۇن، مەيلى دۇنيالىق ئىلىملەر دەپ ئاتالغان ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، فىزىكا، بىيولوگىيە، بىناكارلىق، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق پەنلەرنى بولسۇن، ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە ئوقۇغان ئادەم ئاللاھ تائالا دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدىغان ئالىملار قاتارىغا كىرىدۇ، دىنىي ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر قاتارىدا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ، «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ»[10] دېگەن ھەدىستىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى، مەيلى قانداق ئىلىم بولسا بولسۇن، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئىلىملا بولىدىكەن، ئۇ دىنىي ئىلىمدۇر، ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر ۋە دىنىمىزدا پەرز بولغان ئىلىمدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى جىبرىن: «مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى، خۇسۇسەن ئەسكىرىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەممىدىن بەك زۆرۈردۇر ۋە مۇھىم پەرزدۇر»[11] دېگەن. خۇددى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار دىنىي ئىلىم بىلەن دۇنيالىق ئىلىمنى بىللە ئېلىپ بارغاندەك، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە دۇنيالىق ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشى تولىمۇ زۆرۈر. دۇنيالىق ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇش دىندا ئالىم بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ، دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش باھانىسى بىلەن دۇنيالىق ئىلىملەردىن يۈز ئۆرۈشكە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك دۇنيالىق ئىلىملەرگىلا بېرىلىپ كېتىپ دىنىي ئىلىملەرنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى ئاللاھ! ئىشىمنىڭ تۈگۈنى بولغان دىنىمنى مەن ئۈچۈن ياخشىلاپ بەرگىن، تۇرمۇشۇمنىڭ كاپالىتى بولغان دۇنيالىقىمنى ياخشىلاپ بەرگىن»[12] دېگەن دۇئاسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككىسىنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىدۇ.

[7] ئىمام ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىي: «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن»، 1 - توم، 16 - بەت.
[8] سۈرە مۇجادەلە: 11 - ئايەت.
[9] سەئۇدى ئەرەبىستان «پەتىۋا كومىتېتى»نىڭ 12/ 77 نومۇرلۇق پەتىۋاسى.
[10] ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى.
[11] ئەللامە ئىبنى جىبرىننىڭ ئىلىم توغرۇلۇق لېكسىيەسىدىن.
[12] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى

## ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىشنىڭ خاتالىقى

مەن ئويلايمەنكى، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئاللاھ تائالانى رازى قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھايات كەچۈرۈپ، ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشقا ياردەم قىلىشنى ۋە ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى كۆزلەپ ئوقۇغان ھەرقانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم ۋە جان بېقىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىش ياكى شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئوقۇغان ھەرقانداق ئىلىم دۇنيالىق ئىلىم سانىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى، بەزى كىشىلەر فىزىكا، بىيولوگىيە، ماتېماتىكا، مېدىتسىنا قاتارلىق دىن بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتتى بولمىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم - ھېكمىتىنى، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھەقىقەتلەرنى بىلىپ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ دىنغا دەۋەت قىلالايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئاخىرەتلىك ئىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلىمەستىن، باشقا مۇددىئالار بىلەن ئوقۇپ، ئوقۇغانلىرىنى شۇ مۇددىئالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، بەزى كوممۇنىست دۆلەتلەر ئۆزى دىنغا ئىشەنمەي تۇرۇقلۇق، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ ئوقۇتىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مۇنداق ئوقۇغانلار ئومۇمەن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزىدۇ. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي ماقامدىكى جانباقارلىرىنىڭ قالايمىقان پەتىۋا چىقىرىۋاتقانلىقى، ھاكىمىيەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىننى بۇرمىلاپ بېرىۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

ئىسلامنىڭ ئۈلگىلىك دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىلىملەر مۇھىم ئىدى، ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرگە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە تېبابەت، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە قاتارلىق ئىلىملەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى، ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە ئىجادىيەتكىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇلار ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى نەپلە (ئىختىيارى) ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى، كىشىلىك ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان كىشىگىلا بولسا، ئىلىم - پەننىڭ پايدىسى بارلىق ئىنسانلارغا بولىدۇ. ياۋروپانىڭ قاراڭغۇلۇق ئەسىرلىرىدە ئىلىم - پەن سايىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنلىرىنى ئېلان قىلغان بەزى ئالىملار چېركاۋ زوراۋانلىرى تەرىپىدىن تەھدىتلەرگە ئۇچرىغان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىبنى رۇشد، خارەزمىي، ئىبنى ھەيسەم، فارابىي، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەربىرى مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، بىيولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم - پەنلەرگە تۆھپە قوشۇپ، ئون سالغان كىشىلەر بولۇپ، تارىختا قەيت قىلىنغان ئىدى.

كۆپلىگەن پەيلاسوپلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى «ئىلىم ئاللاھقا باشلايدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى بىردەك سۆزلىمەكتە. چۈنكى ياراتقۇچىنى تونۇش ۋە كائىناتنى بىلىش پەقەت ئىلىم سايىسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيەلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسېر (Herbert Spencer) [13] «تەربىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان ئىكەن: «ئىلىم خۇراپات بىلەن زىتلىشىدۇ، ئەمما دىننىڭ ئەسلىسى بىلەن زىتلاشمايدۇ. كۆپلىگەن يۈزەكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدە دىنسىزلىق روھى باردۇر. ئەمما يۈزەكىلىكتىن يۈكسىلىپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئىلىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئىلىم مۇنداق دىنسىزلىق روھىدىن يىراقتۇر، ئەلۋەتتە. تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەردلىنىۋاتقان ۋە

[13] ھېربېرت سپېنسېر – 1820 - يىلى ئەنگلىيەدە تۇغۇلغان مەشھۇر پەيلاسوپ ئالىم. ئۇ پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىققا دائىر كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. 1903 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاستا ـ ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىلەرنىڭ ئىسسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ (ئاللاھنى مەدھىيەلەش) ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبداتلىق يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇ مۇمكىن ئەمەسلىكنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يولنى تۇتىدۇ ۋە ئىنسانىي ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقلىنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ـ ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!»[14] .

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: **«ئېيتقىنكى، ‹بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟›»**[15] دەيدۇ. ھېربېرت سپېنسېر خۇددى بۇ ئايەتنى شەرھلىگەندەك مۇنداق دېگەن: «بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھىدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزنىڭ شۇ نورماللىقىدىن ئۆزگىرىپلا كەتكەندە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يۇقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھەلەنگەن گۈزەللىكنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى ‹مۇزلىغان سۇ› دەپلا كۆرىدۇ، بەس»[16].

## بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز

ئەپسۇسكى، ئۇن ئالتىنچى ئەسىردىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتىن چىرىكلىشىشكە باشلىۋىدى، تۇرلۇك خۇراپاتلار، يوقسۇللۇق ۋە موھتاجلىق ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئۇلار مەسچىتتىن يۈز ئۆرۈپ خانىقاغا يۈزلىنىدىغان؛ ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا قىلماي، ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا قىلىدىغان؛ تەپسىر، ھەدىس، تارىخ ئىلىملىرىنى ئوقۇشنىڭ ئورنىغا تەرىقەتچىلىك، تەركىدۇنيالىق دېگەندەك ئاساسلىق مەقسەتتىن يىراقلاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئوقۇشنى ۋە شۇلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئەۋزەل كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارادىكى يۇكسەك ئورنىنى، ئىلىم ـ پەندىكى تەرەققىيات دەۋرىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ھەر تەرەپتىن يوقسۇل بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىنىڭ زەھىرى بىلەن ھوشسىزلانغاندىن كېيىن ئىلىم ـ پەندىكى تەرەققىيات دەۋرى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مەلۇمكى ئىسلام دىنىمىز زاھىدلىققا تەرغىب قىلىدۇ، ئەمما تەركىدۇنيالىقنى قەتئىي چەكلەيدۇ. چۈنكى تەركىدۇنيالىق دىنىمىزنىڭ پىرىنسىپىغا ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. زاھىدلىق بىلەن تەركىدۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا چوڭ پەرق بار. چۈنكى زاھىدلىق – دىندا چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلاشماي قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراق تۇرۇش دېگەنلىك بولسا، تەركىدۇنيالىق – دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش دېگەنلىكتۇر.

مۇسۇلمانلار شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ قۇرۇق جازىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تېشى پارلاق، ئىچى قۇرۇق ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. بۇرۇن ئىبنى سىنا، فارابىيلارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىسەلەر كېيىنچە، قارا

[14] «التربية » (تەربىيە) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى 145 ـ بەت.
[15] سۈرە زۇمەر: 9 ـ ئايەت
[16] «التربية » (تەربىيە) ناملىق ئەسەرنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى 148 ـ بەت.

قورساقلارنى، جانباقارلارنى يېتىشتۇرۇپ چىقىشقا باشلىدى. مەدرىسەلەردە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە دېگەندەك ئىلىملەرنى ئوقۇتۇش مەقسەتلىك ھالدا دەھرىيلىك دەپ تەشۋىق قىلىندى، ئىلىم - پەنگە يۈزلەنگەنلەر «جەدىدچى» دەپ قالپاق كىيگۈزۈلۈپ، ئەل - جامائەتنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسىتىلدى. ھەتتا، ئۇلۇغبەگدەك ئالىملارمۇ ئاسترونومىيە ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزىگە رەسەتخانا ياساتقانلىقى ئۈچۈن، «مۇرتەد» دەپ ھۆكۈم قىلىنىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئابدۇلقادىر داموللام بولسا، «جەدىدچى» دېگەن قالپاق كىيگۈزۈلۈپ بىر خائىنىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. دىن بىلەن پەن بىر - بىرىگە زىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، دىنىي ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دېگەن ئايرىمچىلىق رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقتى. دىنىدا ئوقۇغانلار «ئۆلىما» ئاتالدى. ئۇلارنى مەسخىرە قىلماقچى بولسا، «موللام» دەپ قويىدىغان بولدى، پەندە ئوقۇغانلار «زىيالىي» ئاتالدى. ئۆلىما بىلەن زىيالىي ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى قېلىن سېپىللار سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە بەكمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىلدى.

ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغانلار دۇنياغا ھۆكۈمران بولدى. ئىلىم - پەندىن يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋالغانلار دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ مەھكۇملۇقتا ياشايدىغان بولدى. دۇنيا رىقابەت دۇنياسى بولۇپ، دۇنيادا ئۆزىگە ئۆزى خوجايىن بولۇپ ياشاش ئۈچۈن رىقابەتتىن قاچماي، دۇنيا بىلەن يۇتۇنلىشىپ ياشاش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق ياشىسۇن دەپ زامانغا لايىق ھەربىي كۈچ تەييارلاشقا، زاماننىڭ رىقابىتىگە شۇنداق ھازىر بولۇشقا ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن:

﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ﴾

يەنى **«دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە كۈچ ۋە جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر»**[17]. بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىزنى بۇ دۇنيادا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ ئەركىن، ھۆر ياشاشقا؛ ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇزۇن يىللىق ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەمدىلا تونۇپ يەتكەن بولساق؛ باشقىلار خېلى بۇرۇنلا بۇ قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئىدى. ئايەتتىكى «كۈچ» ئىلىم كۈچى، قورال كۈچى، ئادەم كۈچى، پەن - تېخنىكا كۈچى، ئىقتىساد كۈچى، تەشۋىقات كۈچى قاتارلىق بارلىق كۈچلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش» دېگەننىڭ مەنىسى، سىلەرنى يوقاتماقچى، مۇستەملىكە قىلماقچى، بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك بولۇڭلار؛ ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولۇڭلار؛ زاماننىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا كۈچكە ئىگە بولۇپ، دۈشمىنىڭلارنى سىلەرگە خىرىس قىلىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈڭلار دېگەنلىكتۇر. بىز شۇنداق قىلالىدۇقمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلالمىدۇق. چۈنكى، ئاللاھ تائالا بىزنى «ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن»[18] دەپ تىلەڭلار دېيىش ئارقىلىق ھەم دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان تۇرسا، دۇنيالىقنى باشقىلارغا ئۆتكۈنۈپ بېرىپ، ئاخىرەتلىككىلا تۇرىدىغان بولدۇق. ئاندىن بۇ ئاخىرەتلىكنىمۇ ئۆز جايىدىن ئەمەس، خانىقالاردىن، مازارلاردىن ۋە تەركىدۇنيالىقتىن ئىزدىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق. بىز يەنىلا ئوقۇش، ئۆگىنىش ئارقىلىق كۈچلىنىش بىلەن چوقۇم تەقدىرىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز.

[17] سۈرە ئەنفال، 60 - ئايەت.
[18] سۈرە بەقەرە، 201 - ئايەت.

## بىزنىڭ ئۆلىما ۋە زىيالىيلىرىمىز

ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز بىزنىڭ نۇرلۇق چىراغلىرىمىز بولۇپ، ئۇلار بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتىدۇ ۋە بىزنى قۇتۇلۇش يولىغا يېتەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلالىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھەر تەرەپتىن يېتىشتۈرۈشى شەرت. چۈنكى ئىلىم كەسپىي ئىلىم ۋە ئۇنىۋېرسال ئىلىم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. كەسپىي ئىلىم ھەربىر ئۆلىما، ھەربىر زىيالىي مۇتەخەسسىس بولغان ساھەنى كۆرسىتىدۇ. ئۆلىمالىرىمىز بىلەن زىيالىيلىرىمىز ئۆز كەسپىدىن باشقا ئىلىم ساھەلىرىدىمۇ يېتىشىپ خەلقنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقىشى زۆرۈر. شۇڭا ئۆلىمالارنىڭ پەننىي ساھەلەردىمۇ خەۋەردار بولۇشى، زىيالىيلارنىڭمۇ دىنىمىزنى ئوبدان ئۆگىنىپ، دىنىي مەسىلىلەردىن خەۋەردار بولۇشى لازىم. چۈنكى ئاھالىسى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان بىر مىللەتنىڭ زىيالىيسى ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىنى، ئەخلاقىنى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنى پىششىق بىلىشى، خەلقىنى ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئېتىقادى، ئاشۇ ئەخلاقى ۋە ئاشۇ قائىدە - يوسۇنلىرى بىلەن قوشۇپ سۆيۈشى لازىم.

ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پىداكار ئۆلىمالىرى بىلەن پىداكار زىيالىيلىرى ئاللاھنىڭ بۇ مىللەتكە ئاتا قىلغان نېمىتىدۇر. چۈنكى ئۇلار ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتقان، ۋەتەننىڭ قىممىتىنى بىلگەن ۋە ئۇنى جېنىدىنمۇ بەك سۆيگەن كىشىلەردۇر. بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ۋەتەنپەرۋەر پەرزەنت يېتىشتۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ كىشىلەردەك بولالمايدىغانلىقى ئېنىق. شۇڭا بىز مەۋجۇت ئۆلىمالىرىمىز بىلەن مەۋجۇت زىيالىيلىرىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى قەدىرلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلقى ۋە ۋەتىنى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىشى زۆرۈر.

## بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز

پەرزەنتلىمىز بىزنىڭ ئەڭ كاتتا بايلىقىمىز، زور كۈچىمىز ۋە كېلەچىكىمىزنى قۇرۇپ چىقىشىمىز ئۈچۈن بىردىنبىر سەرمايىمىزدۇر. بىز ئاللاھنى سۆيىدىغان، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۇنىڭ دەۋاسىغا ئۆزىنى ئاتايدىغان، پىداكار ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە موھتاج. بۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى ئەڭ ئاساسلىق بۇرچى ۋە يۈكسەك جاۋابكارلىقىدۇر. شۇڭا پەرزەنتلىرىمىزگە دىنىمىزنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر تىلىنى، تارىخىمىزنى، مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى ئۆگىتىش، ۋەتەننى سۆيدۈرۈش، ۋەتەن دەۋاسىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈش زۆرۈر. يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچ مىڭ يىللىق چېچىلاڭغۇلۇق ۋە سەرسانلىقتىن كېيىن ئىلىم - پەنگە تايىنىپ كۈچلەنگەنلىكى ۋە ئاخىرى ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ غايىسىگە يەتكەنلىكى بىزگە مەلۇم جەھەتتىن ئۈلگە بولالايدۇ. ھازىرمۇ دۇنيانى ئىدارە قىلىۋاتقان چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئىلىم - پەندىن ئالغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس.

ئەگەر بىز قەد كۆتۈرمەكچى بولساق، باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ھۆر، ئازاد ياشىماقچى بولساق، چوقۇم دىنىمىزنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بىللە ئىلىم پەنگە يۈرۈش قىلىشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنى ھەم دىندا ھەم پەندە ئوقۇتۇپ، ئاللاھنى، ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئۆز - ئۆزىگە خوجايىن بولۇپ ياشايدىغان، ۋەتىنىگە، خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدىغان قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا موھتاجمىز. ئەگەر بىز بۇنى قىلالمىساق ۋەتىنىمىز ۋە كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا قارا يۈز بولۇشتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يۇقىرىقىلارنى ئورۇنداش بىلەن بىرگە، مەيلى قايسى دۆلەتتە بولايلى، پەرزەنتلىرىمىزنى ئاشۇ دۆلەتتىكى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆزلىرى تاللىغان ئىلىم ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يېتىشى ئۈچۈن، ۋاقتىمىزنى، ئىقتىسادىمىزنى ۋە قىممەتلىك ھەر نەرسىمىزنى ئاتىشىمىز بىزدىن تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئەڭ ئەقەللىي تەلەپتۇر.

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى



- 1968 - خوتەن كېرىيە ناھىيەسىدە تۇغۇلغان.
- 1975 - كېرىيە ناھىيەلىك باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن.
- 1980 - كېرىيە ناھىيەلىك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن.
- 1983 - مەدرىسەگە بېرىپ قارىيلىقنى باشلىغان.
- 1986 - مىسىرغا بېرىپ تولۇق ئوتتۇرىغا كىرگەن.
- 1989 - ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە قانۇن فاكۇلتېتىغا كىرگەن.
- 1993 - ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، تۈركىيەدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.
- 1995 - قازاقىستانغا بېرىپ مۇئەللىم بولغان.
- 2001 - سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى تۈركىستان بۆلۈمىدە دىكتور بولغان.
- 2003 - دىن ھازىرغىچە «مەرىپەت» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.
- 2005 - دىن ھازىرغىچە سەئۇدى ئەرەبىستان رادىيوسى تۈركىستان بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.
- 2018 - دىن بېرى «ئۆلىمالار» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.
- 2019 - قۇرئان كەرىمنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان.
- 2021 - دىن بېرى «شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى» ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.
- 1995 - دىن ھازىرغىچە 29 پارچە دىنىي ئەسەر يېزىپ، تۈركىيە ۋە قازاقىستاندا نەشر قىلغان.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

11

# زوراۋانسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق مۇستەبىت تۈزۈمنى يىقىتىش

– نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە ئۇيغۇرلار

ساۋۇت مۇھەممەد
sawutmamat@gmail.com

## 1. كىرىش سۆز

ئۆتكەن يىل (2022 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا شى جىنپىڭ قايتا سايلىنىپ، ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ھالدا ئۈچىنچى نۆۋەت خىتاينىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق دەۋرىنى باشلىدى. بۇ قۇرۇلتايدا شى جىنپىڭنىڭ ئۆتكەن ئون يىل ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇش جەريانىدىكى ئىش - ئىزلىرى مەدھىيەلىنىپ، شى جىنپىڭغا سادىقلىقنى بەلگىلەيدىغان «ئىككى مۇستەھكەملەش» (شى جىنپىڭنىڭ پارتىيەدىكى يادرولۇق ئورنى ۋە شى جىنپىڭ سىياسىي ئىدىيەسىنىڭ مۇستەھكەم رەھبەرلىك ئورنى) پارتىيە ئاساسىي نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېقىن شېرىكلىرى ۋەزىپىگە تەيىنلەندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، خىتاي سىياسىتى ماۋ زېدوڭ دەۋرىگە ئوخشاش شەخسىي مۇستەبىتلىك دەۋرىگە كىردى.

شى جىنپىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقتىتىن باشلاپلا، «جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى» ۋە «خىتاي ئارزۇسى» قاتارلىق خىتاي مىللەتچىلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى كەمسىتىش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى كۈچەيتتى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، شى جىنپىڭ دوكلاتىدا «جۇڭخۇا مىللىتى» دېگەن سۆزنى 27 قېتىم تەكرارلاپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەتنى قاتتىق قوللۇق بىلەن ئىدارە قىلىشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ خىل باستۇرۇشى ئاستىدا ئېزىلگەن مىللەتلەر شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ داۋاملىشىشىغا قانداق يۈزلىنىشى كېرەك؟

مەزكۇر ماقالە ئاپتورنىڭ ياپونىيەدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇرلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى: ھاكىممۇتلەق تۈزۈمدىكى مىللىي تازىلاش»[[1]] ناملىق كىتابىنىڭ خۇلاسە مەزمۇنىدىن ئىبارەت. ئاپتور مەزكۇر كىتابنى مىغىزلىق يىغىنچاقلاش ئارقىلىق، زوراۋانسىز قارشىلىق ۋاستىلىرىنى ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى مەقسەت قىلغان. بۇ كىتابتا ئاپتور ئۇيغۇر مەسىلىلىرىنى ئاساس قىلىپ، مۇستەبىت دۆلەت خىتايغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. بۇ كىتابتا ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش مەسىلىسى باش تېما قىلىنغان بولۇپ، ئاپتور خىتايدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى ۋە كەلگۈسى قاتارلىقلارنى تارىخ، خەلقئارا مۇناسىۋەت، سىياسەتشۇناسلىق ۋە خەلقئارا قانۇن ساھەلىرىدىن چىقىش قىلىپ، ئىلمىي ۋە كۆپ تەرەپتىن تەكشۈرۈپ چىققان. بۇ تەتقىقاتتا ئۇيغۇر رايونى (ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى») دىكى ھەر خىل مەسىلىلەر، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ خەلقئارا قانۇندىكى ئورنى ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ كەلگۈسى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلۈپ، خىتايدىكى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يىپ ئۇچىنى تېپىش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان.

## 2. مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى

### 2.1 شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ باستۇرۇشنى كۈچەيتىشى

خىتاينىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندا، تىبەت، ئۇيغۇر، جەنۇبىي موڭغۇلىيە، خوڭكوڭ ۋە تەيۋەن قاتارلىقلار كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۈنۈملۈك كونتروللۇقىدا بولمىغان تەيۋەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى بۇ رايونلاردىكى مىللەتلەرگە بەلگىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىدىغان باشقۇرۇش سىستېمىسىنى يولغا قويىدى. يەنى، ئۇ بولسىمۇ «ئاز سانلىق مىللەتلەر» توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ئاساسلىق مىللەتلەرگە بەلگىلىك دەرىجىدە ئاپتونومىيە ھوقۇقى بېرىدىغان «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى» ۋە خوڭكوڭ ۋە ماكاۋنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان «ئالاھىدە مەمۇرىي رايون تۈزۈمى»دۇر. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى تۆۋەنلىتىلىپ، ئاپتونومىيە پەقەت قۇرۇق نامىلا بار نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستان (خىتايچە ئىسمى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى») 1949 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسى تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن، يەنى 1955 - يىلى «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. ئاتالمىش «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى»دە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا سىياسىي ھوقۇقلار ئېتىراپ قىلىنمايلا قالماستىن، دەسلەپتە ۋەدە قىلىنغان مەدەنىيەت ھوقۇقىمۇ تۆۋەنلىتىلىپ، پەقەت قۇرۇق نامىلا بار ئاپتونومىيە تۈزۈمگە ئايلىنىپ قالدى.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ قاتتىق قول ھۆكۈمرانلىقى ۋە مىللىي ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ پەقەت شەكىلدىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىشى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقى ۋە دائىملىق توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. خىتاي كومپارتىيەسى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىدىغان مىللىي مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئورنىغا، خىتايلارنىڭ مىللەتچىلىكىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «ئاز سانلىق مىللەتلەر»نى خىتايلارغا مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلماقچى بولدى.

[[1]] بۇ كىتابنىڭ ياپونچە ئىسمى «ウイグル人と民族自決 – 全体主義体制下の民族浄化» بولۇپ، ياپونىيە شيۇكوشيا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان

قىيىن ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئەڭ ئېغىر بولدى.

2017 - يىلدىن باشلاپ، ئۇيغۇر رايونى (ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى») نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» دەپ ئاتىلىدىغان مەجبۇرىي تۇتقۇن قىلىش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، بۇ 2018 - يىلدىن باشلاپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە ھەر قايسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتلىرى، شۇنداقلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاشكارىلانغان مەخپىي ھۆججەتلىرىگە قارىغاندا، 1 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەت ئاھالىسى شى جىنپىڭ رەھبەرلىكىدە ھېچقانداق قانۇنىي رەسمىيەتلەر بولمىغان ھالدا جازا لاگېرىغا سولاندى. ئامېرىكا باشلىق غەرب دۆلەتلىرى ۋە تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان 11 دۆلەت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ خەلقئارا قانۇندىكى جىنايەت ھېسابلىنىدىغان «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»قا كىرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئەيىبلىدى.

## 2.2 باستۇرۇشتىن ئىلگىرىكى تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش

ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئويلىغاندا، ھازىرقى سىياسىي مەسىلە ئەلۋەتتە مۇھىم، ئەمما تارىخىي نۇقتىغىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ «جۇڭخۇا مىللىتى»نىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلار ياشايدىغان زېمىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ كەلدى. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي چۈشەنچىسى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

كىتابنىڭ 1 - بابىدا، قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» تونۇشتۇرۇلغان. ھازىر خىتاينىڭ بىر قىسمى بولغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن باشلاپ كۆچمەن مىللەتلەر ياشىغان بولۇپ، مىلادى 5 - ئەسىر ئەتراپىدا تۈركلىشىپ، بۇ رايون «تۈركىستان» دەپ ئاتالغان. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پامىر ئېگىزلىكىنى پاسىل قىلىپ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون» نىڭ ھەممىسى دېگۈدەك «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدۇ، ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت – تاجىكىستان، قىرغىزىستان، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان ۋە تۈركمەنىستان «غەربىي تۈركىستان» دەپ ئاتىلىدۇ.

خاتىرىلەنگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلار دەپ قارىلىدۇ. ھونلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 - ئەسىردىن 5 - ئەسىرگىچە پۈتكۈل موڭغۇل ئېگىزلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇ چاغدا، جەنۇبتا بولسا چىن ۋە بىرلىككە كەلگەن خەن خانىدانلىقى قۇرۇلۇپ، شىمالدىكى ھونلار بىلەن تىركىشىش ۋە ئۇرۇش داۋاملاشقان. 6 - ئەسىردە، ھونلارنىڭ ئورنىنى تۈركلەر ئېلىپ، جەنۇبتا سۈي ۋە تاڭ سۇلالىسى ئۆز زېمىنلىرىنى كېڭەيتكەن. ھونلار - تۈركلەر پارچىلىنىش، يەنە قايتا بىرلىشىش جەريانلىرىدا تۈركلەرنىڭ بىر تامىقى 744 - يىلى «ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى»نى قۇرغان. بۇ تۇنجى ئۇيغۇر دۆلىتى دەپ قارىلىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى تەخمىنەن بىر ئەسىر دەۋر سۈرۈپ، 840 - يىلى تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل ۋە ئىچكى توقۇنۇش سەۋەبىدىن داۋالغۇش ئىچىدە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ۋەيران بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئايرىم - ئايرىم ئۈچ خانلىق (ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى، قاراخانىيلار دۆلىتى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى) نى قۇرغان. 10 - ئەسىر ئەتراپىدا، ئەرەب كۈچلىرى غەربتىن ئاستا - ئاستا سىڭىپ كىرىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئەتراپتىكى رايون مۇسۇلمان دۇنياسىغا ئۆزگەرگەن.

13 - ئەسىردىن باشلاپ، موڭغۇللار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ، كەڭ ئىمپېرىيە قۇرغان. ئۇيغۇرلار موڭغۇللار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىمپېرىيەنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتناشقان. موڭغۇل ئىمپېرىيەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، تۈركىي ۋە مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن،

ئەمما 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇلار مانجۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، چىڭ سۇلالىسى ئەپيۇن ئۇرۇشى ۋە خىتاي - ياپون ئۇرۇشىنىڭ تەسىرىدە دۆلەت كۈچى ئاجىزلىشىپ، بۇ مالىمانچىلىق ئىچىدە 1911 - يىلى سۇن جوڭشەن ۋە باشقا ئىنقىلابىي كۈچلەر شىنخەي ئىنقىلابىدا غەلىبە قىلىپ، خىتايلار هۆكۈمرانلىق قىلغان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندا بىر قاتار قوزغىلاڭلار يۈز بېرىپ، 1933 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى، 1944 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلغان. خىتايدىكى كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا كومپارتىيە غەلىبە قازىنىپ، 1949 - يىلى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ هاكىمىيىتى بولغان خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتى قۇرۇلۇش ئالدىدا، شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ مۇهىم رەهبەرلىرىنى ئېلىپ ماڭغان ئايروپىلان تاغقا سوقۇلۇپ كەتكەن ئاتالمىش «ئايروپىلان ۋەقەسى» يۈز بەرگەن. بۇنىڭدىن كېيىن، كومپارتىيەنىڭ سىياسىي مەسلىهەت كېڭەش يىغىنىغا بارغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەهبەرلىكىگە بويسۇنىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ تا هازىرغىچە، شەرقىي تۈركىستان خىتاي خەلق جۇمهۇرىيىتىنىڭ هۆكۈمرانلىقىدىكى زېمىن بولۇپ تۇرماقتا.

## 2.3 مىللىي سىياسەتلەر

«خىتايدىكى مىللىي سىياسەت»نى چۈشىنىش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىن تارتىپ تاكى هازىرغىچە بولغان، يېڭى خىتاينىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى هۆكۈمرانلىق دەۋرىدە خىتايدا مىللىي مەسىلىلەرنىڭ قانداق بىر تەرەپ قىلىنغانلىقى ۋە قانداق سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىش زۆرۈر. ئىنقىلابنىڭ دەسلىپىدە سۇن جوڭشەن قاتارلىق ئىنقىلابچىلار خىتايلار ئەزەلدىن ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن 18 ئۆلكىدە يېڭى دۆلەت قۇرۇشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، ئۇلار سىياسەتنى ئۆزگەرتىپ پۈتۈن چىڭ سۇلالىسىنىڭ تېررىتورىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، خىتاي ئەمەس مىللەتلەردىن مانجۇلار، ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر، موڭغۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلغان «بەش مىللىي جۇمهۇرىيەت نەزەرىيەسى (五族共和)» (كېيىنچە بەش مىللەت ئىناقلىق نەزەرىيەسى (五組融合) گە ئۆزگەرتىلدى) نى تەشەببۇس قىلغان. شەكىل جەهەتتىن هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيەسى ۋە ئۆز ئالاهىدىلىكى هۆرمەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا خىتايلارنى مەركەز قىلغان «چوڭ خىتاي مىللەتچىلىك» ئىدىيەسىنى ئاساس قىلغان هاكىمىيەت سىستېمىسى كۈچەيتىلگەن.

خىتاي كومپارتىيەسى هاكىمىيىتى دەسلىپىدە ئايرىلىش هوقۇقىنى شەرت قىلغان فېدېراتىپ سىستېمىنى جاكارلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن. هاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشنىڭ ئالدى - كەينىدە فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىن يېنىپ، هەر بىر مىللەتكە مەلۇم دەرىجىدە ئاپتونومىيە بېرىدىغان «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى»نى قوللانغان. 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق خىتايلار بىلەن قالغان 55 مىللەتنى ئىدارە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، زىددىيەتلەر كۆنسېرى گەۋدىلىنىشكە باشلىغان.

«ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»دا هەر خىل مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن هازىرقى قىيىن ۋەزىيەت ۋە ئۇلار تارتىۋاتقان ئېغىر زىيان مەۋجۇت. بۇنىڭ بىرى، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك هوقۇققا ئېغىر دەرىجىدىكى دەخلى - تەرۇز قىلىشتۇر. گەرچە خىتاي دائىرىلىرى بۇنى ئىزچىل رەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ گۇۋاهلىقى ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە بۇ ئەهۋال مەلۇم دەرىجىدە ئاشكارىلاندى. شى جىنپىڭ هاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، هەر قايسى جايلاردا جازا لاگېرلىرى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ سانى 1000 غا يېتىدىغانلىقى ئېيتىلماقتا. ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەردىن بولغان

1 مىليوندىن ئارتۇق كىشى كەسپىي ماھارەت تەربىيەلەش نامىدا تۇتقۇن قىلىنىپ، مېڭە يۇيۇش، خورلاش قاتارلىق مۇئامىلىلەرگە ئۇچرىدى ھەمدە خىتايدىكى زاۋۇت، شىركەتلەردە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندى. ئاياللارغا قارىتىلغان تۇغۇت چەكلەش يولغا قويۇلدى. دىن ئىلگىرى بىر قەدەر ئەركىن قويۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر خىل چەكلىمىلەر كۆپەيدى، نۇرغۇن مەسچىتلەر چېقىۋېتىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ساقال قويۇش ۋە ياغلىق ئارتىش قاتارلىق دىنىي ئېتىقادىنى ئىپلىپ بېرىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇم ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىدىن باشقا، بۇ رايون يادرو سىناق مەيدانى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىپ، يادرو سىنىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان ئەندىشە قوزغىدى. ئىقتىسادىي پەرقمۇ بىر چوڭ مەسىلە بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كۆچمەن خىتايلار ئولتۇراقلاشقان نۇرغۇن شەھەر، سانائەت رايونلىرى بىلەن ئۇيغۇرلار كۆپ بولغان دېھقانچىلىق رايونلىرى ئارىسىدا ئىقتىسادىي پەرقلەر پەيدا بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن خىتايلارغا بېقىندىلىق ۋەزىيىتىمۇ كۆنسېرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

## 2.4 خەلقئارا قانۇن ئاساسلىرى

لېنىن رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش نەزەرىيەسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن ۋە مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ نەزەرىيەنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئازاد قىلىنغان خەلقلەر ئەركىن ھالدا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىپ، مىللەتتىن ھالقىغان سىنىپ ھەمكارلىقى ئارقىلىق ئىنقىلابنى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلغان. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغان بولۇپ، ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ستالىن مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنىڭ پەقەت نىسپىي ھوقۇق ئىكەنلىكىنى بەلگىلىدى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تەسىر دائىرىسىنى شىددەت بىلەن كېڭەيتىش سىياسىتىگە يۈزلەندى. ئاخىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە مىللىي ھوقۇقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتتى.

ئامېرىكىمۇ 1 - دۇنيا ئۇرۇشىنى پۈرسەت دەپ قاراپ، ۋىلسوننىڭ «ئون تۆت ماددىلىق تىنچلىق پرىنسىپى»دا مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تەشەببۇس قىلسىمۇ، ئەمما بۇ پەقەت ياۋروپا بىلەنلا چەكلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى مۇستەملىكە رايونلارغا ئىشلىمىدى. بۇ سەۋەبتىن، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ئۇقۇمى ناتسىست گېرمانىيەسى باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغاندا «گېرمان تىپلىق مىللەتلەرنى قوغدايمىز» دېگەن باھانىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پارتلىشىنى تېزلىتىدىغان ئامىلغا ئايلاندى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى خەلقئارا قانۇن سۈپىتىدە ئېنىق بەلگىلەندى. سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن، «ئاز سانلىق مىللەتلەر» ۋە يەرلىك خەلقلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىش خىتابنامىسىدە مىللىي ياكى ئىرقىي، دىنىي ۋە تىل جەھەتتىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر»گە تەۋە كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك خىتابنامىلەر (ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق خىتابنامىسى) ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا مۇناسىۋەتلىك خىتابنامىلىرىدە «ئاز سانلىق مىللەتلەر» ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ كاپالىتى ئېنىق بېكىتىلدى.

مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى خەلقئارا قانۇننىڭ پرىنسىپى سۈپىتىدە بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى، قورال كۈچ ئىشلەتمەسلىك پرىنسىپى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكى پرىنسىپى ئوتتۇرىسىدا لوگىكىلىق زىددىيەتلىك مۇناسىۋەت بولغاچقا، ھازىرقى ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتلەر ئىچىدىكى مىللىي زىددىيەت مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش

ئاسان ئەمەس. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «قوغداش مەسئۇلىيىتى» (R2P) ئۇقۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتنىڭ ئىگىلىك هوقۇق نىقابى ئاستىدا كىشىلىك هوقۇقنىڭ باستۇرۇلۇشىغا سەل قارىماسلىق يۈزلىنىشى پەيدا بولدى.

## 2.5 زۇلۇمنىڭ تۈپ يىلتىزى

ختاي هۆكۈمىتىنىڭ نىمە ئۈچۈن «ئاز سانلىق مىللەتلەر»گە زۇلۇم قىلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبىنى تەهلىل قىلغاندا، ختايلارنىڭ «جوڭخۇانىڭ بۈيۈك بىرلىككە كېلىشى» ئۇقۇمىنى چۈشىنىش ئىنتايىن مۇهىمدۇر. ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، ختاي دائىم ئەتراپتىكى «ياتلار»نىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان بولۇپ، هەتتا يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئۇ باشقا كۈچلۈك «ياتلار»نىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ، نەچچە قېتىم «دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ ۋەيران بولۇش»تەك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ باشتىن كەچۈرۈش ختايلار ئارىسىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، هازىرقى ختاي هۆكۈمىتىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەت»لەرنى باستۇرۇشىمۇ ختايلارنىڭ رەزىل تارىخىي پەلسەپىسىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارالماقتا. يەنە بىر نۇقتا، گېئوپولىتىكىلىق قاراشتۇر. ختايدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر» ختاينىڭ چېگرا سىزىقى ئۆتىدىغان چېگرا رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ رايونلارنىڭ بايلىقى مول. باشقىچە ئېيتقاندا، گېئوپولىتىكىلىق جەهەتتە «ئاز سانلىق مىللەتلەر» رايونى دۆلەت مۇداپىئەسىنىڭ مۇهىم تۈگۈنى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئاساسى بولغاچقا، شۇ رايوندىكى مىللەتلەرگە قارىتىلغان كونتروللۇقنى تېخىمۇ كۈچەيتتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ زۇلۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىن ۋەزىيەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇيغۇرلار نىمە ئىش قىلالايدۇ؟ نۆۋەتتىكى چارە - تەدبىرنىڭ بىرى، خەلقئارا جەمئىيەت ئارقىلىق بولىدىغان تاشقى تەدبىر بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى خەلقئارا جامائەتكە ئاڭلىتىپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن ختاي هۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىنى ئۆزگەرتىش؛ ئويلاپ يەتكىلى بولىدىغان يەنە بىرى ئىچكى تەدبىر بولۇپ، ختاينىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش. لېكىن، ختاينىڭ دۆلەت ئىچىگە (يەنى ختايلار جەمئىيىتىگە) ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىن ۋەزىيىتىنى ئاڭلىتىش دېسەكمۇ، ختاي نوپۇسىنىڭ %90 ىدىن ئارتۇق قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ختايلار جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى چۈشەنمەسلىك ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشلار ئېغىر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، هۆكۈمەتنىڭ مائارىپ ۋە تەشۋىقاتلىرى سەۋەبىدىن ختايلاردا «ئاز سانلىق مىللەتلەر»نىڭ تارىختىن بۇيان ختاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ چېگرا جايلاردىكى قالاق خەلق ئىكەنلىكىدەك خاتا تارىخىي چۈشەنچىسى ۋە كەمسىتىش قارىشى بولغاچقا، مەسىلىنى تونۇپ يېتىش ئېڭىمۇ شەكىللەنمىگەن. يەنە كېلىپ، كۆپىنچە ختايلارنىڭ ختاي كومپارتىيەسى هاكىمىيىتىدىكى يوشۇرۇن ماهىيەتلىك ۋەهشىيلىكنى بىلىشى ئىنتايىن تۆۋەن. ئۇچۇر، ئىدېئولوگىيە ۋە مائارىپ ئومۇمىيۈزلۈك كونترول قىلىنغان بۈگۈنكى ختايدا، ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بۇ خىل تەدبىردە ئۈمىد يوق.

خەلقئارا جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىچى جەمئىيىتى (ختايلار جەمئىيىتى) گە مۇراجىئەت قىلغاندىن باشقا، ختاي هۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىش ئۇسۇلىمۇ بار. نىمىنى ئاساس قىلىپ ختاي هۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلغاندا، هازىرقى شى جىنپىڭ هۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىدىكى سىياسىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ بىرىنچى نۇقتا، مىللىي ئاڭنىڭ ئۆلمەسلىكى. مىللىي ئاڭنىڭ بىر گۇرۇپپىنىڭ كىملىكى سۈپىتىدە ئۈزۈلمەي كېلىدىغان ۋە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئۆلمەس روهتىن ئىبارەت ماهىيەتچىلىك (ئەسلىزىم) پىرىنسىپىنى قوللانساق، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى هەر قانچە زورلاپ ئىجرا قىلسىمۇ، ئۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ، دەپ كەسكىن ئېيتالايمىز.

ئىككىنچى نۇقتا، دېموكراتىيەنىڭ ئومۇملىشىشى. بۈگۈنكى خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيەت دەپ ئايرىلغان بولۇپ، بۇ ھاكىمىيەتتە تۈزۈم جەھەتتىن نۇرغۇن ئاجىزلىقلار بار. ھۆكۈمرانلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى كىشىلەردىن كېلىپ چىققان ئۆزگىچە ئاسىيلىق قىلىش ۋە خەلقتىن كېلىپ چىققان ھۆكۈمەتكە قارشى ھەرىكەتلەرنى دائىم نازارەت قىلىپ تۇرۇش، باستۇرۇش بىلەن يۇمشاقلىق ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىش ئاسان ئەمەس.

خىتاي ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە، خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ يوشۇرۇن خەۋپى. خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيىتى دەسلەپتە سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە، ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش مەزگىلىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلاپ كەلدى، ئەمما يېقىندا جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ شان - شەرىپىنى قايتۇرۇپ كېلىشنى مەقسەت قىلىدىغان «خىتاي مىللەتچىلىكى»نى ئۆزىنى ئاقلاشنىڭ ئاساسى قىلدى.

دېمەك، يۇقىرىقى مۇراجىئەتلەرنى قىلغان تەقدىردىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دەرھال سىياسىتىنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. بۇنداق پايدىسىز ئەھۋالدا، ئۇيغۇرلار تاللىيالايدىغان ئىشلارنى پاسسىپ تەدبىر ۋە ئاكتىپ تەدبىرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ. پاسسىپ تەدبىرنىڭ بىرى، ئاسسىمىلياتسىيەنى قوبۇل قىلىش دېگەن تاللاشتۇر. لېكىن، خىتاي تىلى مائارىپىنى زورلاش ۋە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى چەكلەش ئارقىلىق «ئاز سانلىق مىللەتلەر»نى خىتايلارغا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىلگەن تەقدىردىمۇ، تارىخىي نۇقتىدىن «خۇا يى (華夷)»نى پەرقلەندۈرۈش ئېڭى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان خىتايدا ئۇيغۇرلارنى كەمسىتىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنىڭ يوقىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئىنتايىن تەس.

سەۋرچانلىق بىلەن ھازىرقى تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىنى ساقلاشتىن ئىبارەت يەنە بىر پاسسىپ تەدبىر بار بولسىمۇ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ سىرتتىن تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشى ياكى دۆلەت ئىچىدىكى سەرخىللارنىڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ۋە ياكى ھەربىيلەرنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشى قاتارلىق يۇقىرىدىن دېموكراتىيەلىشىش يۈز بېرىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھازىرچە ناھايىتى تۆۋەن. خەلق تەرىپىدىن تۆۋەندىن دېموكراتىيەلىشىش مۇمكىن بولسىمۇ، تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك تەقىبلەش جەمئىيىتى ۋە ساقچى دۆلىتى قۇرغان خىتايدا، خەلقنىڭ قوزغىلىپ تەشكىللىنىشى ۋە ئۇزاققىچە داۋاملىشىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتەك نەتىجە قازىنىشى ئاسان ئەمەس. باشقىچە ئېيتقاندا، پاسسىپ تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇش ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس.

ئۇنداقتا، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قانداق ئاكتىپ تەدبىرلەر بار؟ بۇنىڭ بىرى، قوراللىق كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش. مىللىي مەسىلىلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قوراللىق توقۇنۇشلار دائىم پاتقاققا پېتىپ قېلىپ، كېلىپ چىقىدىغان زىياننىمۇ ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ. مىللىي توقۇنۇشلارنىڭ كونتروللۇقتىن چىقىپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، توقۇنۇشنىڭ ئوبيېكتى تېررىتورىيە ياكى بايلىق مەسىلىسى بولسىمۇ، مىللىي كىملىكنى چۆرىدىگەن توقۇنۇش مۇرەسسە قىلىش تەس بولغان مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسىگە ئوخشاش، دۆلەت ئىچىدىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر» بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىشىش قۇرۇلمىسىدا، قوراللىق توقۇنۇش يۈز بەرگەندە، ھۆكۈمەت غايەت زور ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار نۆۋەتتىكى قاتتىق نازارەت قىلىش ۋە تەقىبلەش سىستېمىسىدا تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا قوراللىق كۈرەشكە تەييارلىق قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ھەمدە ئۇلاردا خەلقئارالىق قوللاشنى قولغا كەلتۈرۈش تورى كەمچىل. قوزغىلاڭ بولغان تەقدىردىمۇ، خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەتنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن باستۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئۇلار دائىملىق ئۇرۇش ئەمەس پارتىزانلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بارسا، ئۇلار ھۆكۈمەتكە «تېررورچىلارنى يوقىتىش»نىڭ قانۇنلۇق پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ. ئەزەلدىن قوراللىق كۈرەش لىنىيەسى ئەخلاقىي جەھەتتە خەلقئارا جامائەت پىكرىنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشىشى تەس بولۇپ، ھازىرقى خىتايغا مايىل دۆلەتلەر كۆپ بولغان خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۇنى ئەيىبلىشى مۇمكىن.

شۇڭلاشقا، مەيلى ئۇنۇم جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى ئەخلاقىي جەھەتتىن بولسۇن، مەسىلىگە توينۇغان قوراللىق كۈرەشنىڭ ئورنىغا، زوراۋانسىز ۋاستىلەر ئارقىلىق قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىماقتا. گەندى بىلەن مارتىن لۇتېر كىڭ زوراۋانسىز ۋاستىلەر بىلەن داڭ چىقارغان، ئەمما بۇنىڭدىكى مەقسەت قارشىلىشىش ئارقىلىق رەقىبنى يوقىتىش ئەمەس، بەلكى قارشى تەرەپنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىپ، بىرلىكتە تىرىشىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش. لېكىن، زوراۋانسىز قارشىلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى قارشى تەرەپنىڭ ھەق - ناھەققە ھۆكۈم قىلالايدىغان ئەقلىيلىككە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىگە باغلىق. دائىم دېيىلگىنىدەك، يەھۇدىيلارنىڭ گەندى قوللانغان ئۇسۇلدا گىتلېرغا قارشى تۇرۇشىنىڭ ئەھمىيىتى يوق بولۇشى مۇمكىن. خىتاي كومپارتىيەسى ھۆكۈمىتى ھازىرقى ئۇيغۇر سىياسىتىنىڭ زىددىيىتىنى چۈشىنەلەيدىغان ئەقلىيلىككە ئىگىمۇ - ئەمەسمۇ؟ «خىتاينىڭ بۈيۈك بىرلىشىشى» ئۇقۇمى ئاستىدا گېئوپولىتىكىلىق دۆلەت مەنپەئەتىنى قاتتىق قوغدايدىغان شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتى، مىللىي ئاڭنىڭ ئۆلمەسلىكى، دېموكراتىيە ۋە كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئومۇملۇقى ۋە خىتاي مىللەتچىلىكىنىڭ خەۋپىنى چۈشىنەلەيدىغان ئەقلىيلىككە ئىگە دېيەلمەيمىز.

گەرچە زوراۋانلىقنى ئەخلاقىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىدىغان «پرىنسىپلىق زوراۋانسىزلىق» بار بولسىمۇ، گىنى شارپ ئەمەلىي «ئىستراتېگىيەلىك زوراۋانسىزلىق»نى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ھەر قانچە ھاكىممۇتلەق ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەت بولسىمۇ ئۇنىڭمۇ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بار، ئەگەر بىز ئۇلارغا زوراۋانسىز قارشىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلساق، تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش تەس ئەمەس. بۈگۈنكى خىتايدا، ئەجەللىك ئاجىزلىق خىتايلار جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ئېڭىدىكى قاشاڭلىق بولسا كېرەك. ئالەمشۇمۇل ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ پايدىسى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ گۈللىنىشىگە بولغان غۇرۇرى بىلەن مەست بولۇپ قالغان خىتايلار جەمئىيىتى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قالغان ئادالەتسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئويغىنىش ۋە چاقىرىق قىلىش ئېلىپ بارسا، «ئەرەب باھارى» خەلق ئىنقىلابىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلارنىڭ زوراۋانسىز قارشىلىق ھەرىكەتلىرى زور رول ئوينىشى مۇمكىن. بۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان ئىكورىكونىڭ مايمۇن ئوينىتىش توغرىسىدىكى ھېكايىسى بۇ جەھەتتە مول قوزغىتىشقا توينۇغان.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىق بولسا ئاكتىپلىق بىلەن قارشى تۇرۇش، ئەمما زوراۋانلىق قىلماسلىق، پۇختا قەدەم بىلەن ھەرىكەتنى كېڭەيتىش ھەمدە «ئەجەللىك ئاجىزلىق»قا زەربە بېرىدىغان ياخشى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تەييارلىق قىلىش بولۇشى مۇمكىن.

## 4. ئاخىرقى سۆز

شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان، ئۇيغۇرلار ئۇستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلار ئىلگىرىكى تارىختىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىنمۇ دەھشەتلىك زىيانغا ئۇچرىدى. دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش قانۇنى يولغا قويۇلغان خوڭكوڭ، ئۆز - ئۆزىنى كۆيدۈرۈش نامايىشى دائىم يۈز بېرىدىغان تىبەت، موڭغۇل تىلى مائارىپى چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان جەنۇبىي موڭغۇلىيە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېچىنىشلىق باستۇرۇشلارغا دۇچ كەلدى.

بۇنىڭدىن باشقا، تەيۋەن، خىتاي - ھىندىستان چېگرا رايونى ۋە سېنكاكۇ ئارىلى ئەتراپىدىكى دېڭىز رايونلىرىدا ۋەزىيەت جىددىيلەشتى. دۆلەت ئىچىدە بولسا ھەر قايسى مىللەتلەرنى باستۇرۇش تۈزۈمىنى كۈچەيتىپ، چەت ئەلدە «بۆرە جەڭچى» دىپلوماتىيەسىنى يولغا قويۇپ، زومىگەرلىكنى كۈچەيتكەن شى جىنپىڭ، 20 - قۇرۇلتايدا خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولغان 2027 - يىلغىچە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيە قۇرۇپ چىقىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ دۇنيا زومىگەرلىكىنى تالىشىش قارا نىيىتى ھەممىگە مەلۇم بولدى.

دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، خىتاي كومپارتىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى مودېل قىلغان سوتسىيالىستىك كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنى نىشان قىلغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى «سەلبىي ئوقۇتقۇچى» بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى غەرب دۆلەتلىرى بىلەن يانمۇيان تۇرۇش مەيدانىنى كۆرسەتتى. خۇ جىنتاۋ ھاكىمىيەت دەۋرىگىچە، خىتاي كومپارتىيەسى «دېموكراتىيە»، «ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇق» ۋە «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش» قاتارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. لېكىن، شى جىنپىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى دېموكراتىيەنى رەت قىلىپ، خىتاينىڭ «خىتايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە» قىممەت قارىشىنىڭ بارلىقىدا چىڭ تۇرۇشقا باشلىدى. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ «سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى» دەپ ئاتىلىدىغان خىتاينىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىدۇر. بۇ قىممەت قارىشىدا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن «ھاياتلىق ھوقۇقى» ۋە «تەرەققىيات ھوقۇقى» ئۈستۈن تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ، ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى بىلەن زىت كېلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، 2015 - يىلى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشىنىڭ 70 - قېتىملىق يىغىنىدا، شى جىنپىڭ خىتاينىڭ قىممەت قارىشىنىڭ «پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت قارىشى» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، «ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىر ئورتاقلىقى» بەرپا قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. خىتاينىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىر ئورتاقلىقى»دىكى «تەقدىر» شۇكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زالىم رەھبەرلىكىدە ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان، ئىلغار رەقەملىك تېخنىكىلار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان ۋە بۇنىڭغا بويسۇنمىغانلار ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش جازا لاگېرىغا سولىنىپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشى مۇمكىن.

جۇغراپىيەلىك چوڭ بايقاش دەۋرىدە، دېڭىز كونتروللۇقىدا ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى مەيدانغا كەلدى. 18 - ئەسىردە، ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسى ئەينى ۋاقىتتا دېڭىزنى باشقۇرۇپ كەلگەن گوللاندىيەنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، زومىگەر (霸權) دۆلەتكە ئايلاندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئامېرىكا ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنى يېڭىپ، يېڭى زومىگەر دۆلەتكە ئايلاندى. ھازىر خىتاي ئامېرىكىدىن ئېشىپ، 21 - ئەسىرنىڭ زومىگەر كۈچىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىلگىرىكى زومىگەرلىكنىڭ ئالمىشىشى شۇ دۆلەتلەردىكى كىشىلەرگە بولغان تەسىرنى نەزەرگە ئالمىغاندا، باشقا دۆلەتلەردىكى كىشىلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەن. چۈنكى بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى دېموكراتىك دۆلەتلەر ئىدى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش ئىدېئولوگىيە ۋە قىممەت قارىشى بار دۆلەتلەر ئارىسىدا زومىگەرلىك ھوقۇقى ئۆزگەرگەن تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە دۇنيا تەرتىپىنىڭ ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولمىغان. ئەمما خىتاي بۇ دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ بىر پارتىيەلىك دىكتاتۇرا تۈزۈمى، يەككە شەخسنى ئاساس قىلغان قائىدە مۇھىم بولۇشى، خىتايلاردىن باشقا كۆپ خىل مەدەنىيەتنى ۋە كوممۇنىزمدىن باشقا قىممەت قارىشىنى رەت قىلىشى قاتارلىقلار، ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى بىلەن سىغىشالمايدىغان ئىدىيەگە ئىگە. ئەگەر ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىنى قويغا ئوخشاتساق، بۇنىڭ بىلەن ئوخشىمىغان ئىدېئولوگىيەدىكى خىتاي كومپارتىيەسىنى بۆرىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. كەلگۈسىدە، ئەگەر خىتاي دۇنيادىكى زومىگەر كۈچكە ئايلانسا، دۇنيا تەرتىپى قويدىن بۆرىگە ئۆزگىرىپ، ھازىرقى خەلقئارا تەرتىپ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان كۈچلەرگە قارشى تىنچلىق ۋە ئەركىنلىكنى قوغداش كۈرىشىدۇر. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرگەندەك پوزىتسىيە تۇتۇشقا بولمايدۇ.

ئاخىرىدا، بۇ كىتابنى باشقىلارنىڭمۇ ئوقۇشى ئارقىلىق ياپونىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئېھتىياجىنى چۈشىنىشىنى

ئۇمىد قىلىمەن.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى:

«ئۇيغۇرلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشى» ناملىق مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى ساۋۇت مۇھەممەد 1977 - يىلى شەرقىي تۈركىستان (ختايچە ئىسمى: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى») نىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ختايدىكى ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى دۆلەت تۆمۈر يول شىركىتىدە ئىشلىگەن، 2009 - يىلى «5 - ئىيۇل ۋەقەسى»نى باشتىن كەچۈرۈپ، چەت ئەلگە چىقىشنى قارار قىلغان. ئۇ 2016 - يىلى ياپونىيەگە كەلگەن، توكيو شىما ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىۋېرسال پەنلەر فاكۇلتېتىدا تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچى بولۇپ تۇرۇپ، 2021 - يىلى 3 - ئايدا توكيو شىما ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بۇ كىتاب ئۇنىڭ ماگىستىرلىق دىسسېرتاتسىيەسىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ «ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتى»نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا، 2023 - يىلى 6 - ئايدا مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلىنىپ، جەمئىيەتنىڭ ئىشخانىسىدا پۈتۈن كۈنلۈك خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ھازىر ياپونىيەنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مىللىي دەۋاسى ۋە مەدەنىيەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

12

# ئۇيغۇر مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش ئۈستىدە ئىزدىنىش

ئىرپان ئىدرىس

## ئومۇمىي بايان

دۇنيادا ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان ماكانلىرىدىن باشقا يات يەرلەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلىشىپ ماكانلىششىدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي ھادىسە ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن باشلانغان.

ئاھالىلەرنىڭ بۇ خىل جۇغراپىيەۋى دېموگرافىيەلىك كۆچۈشى بىر تەرەپتىن بەزى قوۋملارنىڭ (مىللەتلەرنىڭ) قوۋم (مىللەت) سۈپىتىدە بۇ دۇنيادىن نەسلى قۇرۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى قوۋملارنىڭ (مىللەتلەرنىڭ) ساقلىنىپ قېلىنىشىنىلا كەلتۈرۈپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئاھالە نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە سەۋەب بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىمۇ ئاھالىلەرنىڭ كۆچۈش ھادىسىسى بىر قانچە قېتىم يۈز بەرگەن. مەسىلەن، مىلادىيە 840 - يىللىرى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر قەبىلىلىرى سەددىچىننىڭ ئىچىگە كۆچكەنلىرىدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئون بەش قەبىلىسى چوڭ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ غەربكە – ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ تېررىتورىيەسى بولغان گەنجۇ رايونى (خىتاينىڭ ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسى) ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىي ئانا ۋەتىنى – شەرقىي تۈركىستانغا كۆچكەن.

1762 - يىلى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلاردىن جەمئىي بولۇپ سەككىز مىڭ تۈتۈن ئىلىغا كۆچكەن.

1831 - يىلى، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن چار رۇسىيە ھۆكۈمىتى «ئىلى شەرتنامىسى»نى تۈزگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى رايونىدىن يەتمىش بەش مىڭ ئۇيغۇر چار رۇسىيەنىڭ مۇستەملىكىسى غەربىي تۈركىستاننىڭ يەتتە سۇ ئەتراپىغا كۆچكەن.

1949 - يىلى، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە كۆچكەن.

1950 ـ 1962 - يىللىرى ئارىلىقىدا كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچكەن. (شۇ يىللىرى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئافغانىستانغا كۆچكەن.)

1962 - يىلى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى ۋە تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىدىن ھەر قايسى تۈركىي مىللەتلىرىدىن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ ئادەم سوۋېت قازاقىستانغا ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرى ختايىدا «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش» ۋە «دۆلەت كونتروللۇقىدىكى ئەركىن بازار ئىگىلىك تەدبىرى» قاتارلىق بىر قاتار يېڭى سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر ياشلىرى ئوقۇش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلار تىجارەت ئۈچۈن ۋە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىش ئۈچۈن ئاساسەن تۈركىيە ۋە غەرب دېموكراتىك دۆلەتلەرگە كۆچۈشكە باشلىغان. (بۇ مەزگىلدە پاكىستانغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارمۇ بار.) بۇ كۆچۈش 2017 - يىللارغىچە داۋاملاشقان. بۇ كۆچۈش مىلادى 840 - يىلدىن كېيىنكى ئۇيغۇر كۆچمەنچىلىك تارىخىدىكى چوڭ كۆچۈشلەرنىڭ يەتتىنچى قېتىملىق كۆچۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ كۆچۈشلەردە 840 - يىللىرىدىكى چوڭ كۆچۈش، 1762 - يىلدىكى كۆچۈش، 1831 - يىلدىكى كۆچۈشلەر چوڭ توپلام (كوللېكتىپ) ھالدىكى كۆچۈشلەر بولۇپ مەنزىللىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن بىر ئۇيغۇر تىل جەمئىيىتىنى (ئۇيغۇر جامائىتىنى) شەكىللەندۈرگەن. 1949 - يىلدىكى كۆچۈش، 1950 - 1962 - يىللىرىدىكى كۆچۈش، 1962 - يىلدىكى ئىلى - تارباغاتاي كۆچۈشلىرى توپلام (كوللېكتىپ) ۋە تارقاق كۆچۈشلەر بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرى كۆزلىگەن مەنزىللىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن تارقىلىپ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈرك ۋە ئەرەپ قاتارلىق يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا ياشىغان. بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئايرىم بىر ئۇيغۇر تىل جەمئىيىتىنى (ئۇيغۇر جامائىتىنى) شەكىللەندۈرمىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچمەنلىك تارىخى بولۇپمۇ 840 - يىللىرىدىكى چوڭ كۆچۈش، 1762 - يىلدىكى كۆچۈش ۋە 1831 - يىلدىكى كۆچۈش دۇنيا كۆچمەنلەر تارىخىدا ئۆز مىللەت مەۋجۇتلۇقىنى (كىملىكىنى) داۋاملاشتۇرۇشتا ئۈلگە ياراتقان كۆچۈشلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 840 - يىللىرىدىكى چوڭ كۆچۈشتە كۆچكەن ئۇيغۇرلار كۆزلىگەن مەنزىللىرىگە يەتكەندىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر (قوچۇ) خانىدانلىقى، قاراخانىيلار خانىدانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقى قاتارلىق خانىدانلىقلارنى قۇرۇپ ئۇيغۇر مىللەت مەۋجۇتلۇقىنى (كىملىكىنى) داۋاملاشتۇرغان. بولۇپمۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر (قوچۇ) خانىدانلىقى، قاراخانىيلار خانىدانلىقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىۋاسىتە ئاتا - بوۋىلىرىدۇر. 1762 - يىلدىكى كۆچۈشتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن شىمالىدىكى ئىلى رايونىغا كۆچۈپ بۇ يەردە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئۆزگىچە بولغان يېڭى بىر ۋارىيانتىنى ياراتقان ھەمدە مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ يەردىكى ھاكىمىيىتىنى بىر مەزگىل ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ئىلى سۇلتانلىقىنى قۇرغان ئىدى. 1831 - يىلدىكى كۆچۈشتە چار رۇسىيەنىڭ يەتتە سۇ رايونىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىملىكىنى داۋاملاشتۇرۇپ غەربىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى ياراتقان.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن تارتىپ، تا بۇ ئەسىرنىڭ 17 - يىللىرىغىچە داۋاملاشقان بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەللەرگە كۆچۈشى مۇتلەق ھالدا يالغۇز كىشىلىك ياكى ئائىلىۋى شەكىلدە ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقان بىر تارقاق كۆچۈش بولغانلىقتىن، بۇ كۆچۈش ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ پەقەت تارقاق تىل جەمئىيەت فورماتسىيەسىنى شەكىللەندۈرۈشىنىڭ ئاساسىنى سالغان. بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانى تەخمىنەن 100 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ يېرىمىدىن كۆپى تۈركىيەدە ماكانلاشقان. نۆۋەتتە بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار ئاساسەن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ئەۋلادلاردىن ئىبارەت. (ئاز ساندا ئۈچىنچى ئەۋلادمۇ بار). بۇ يېڭى ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ ئاز ساندىكى بىر قىسمى تۈركىيەدە يېڭى بىر يېزا قۇرۇپ توپلۇق تىل جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەندىن سىرت باشقا مۇتلەق كۆپ قىسمى ئون نەچچە مەملىكەتنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە تارقاق تىل جەمئىيەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ ياشىماقتا.

غەرب دېموكراتىك مەملىكەتلەردىكى كۆپچىلىك ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ چەت ئەللەردىكى ئىستىقامەت تارىخى ئاران نەچچە ئون يىل بولغاچقا ئاز ساندىكى بىر قىسىم ئۇيغۇر كۆچمەنلەر دۆلەت ئورگانلىرى، تەتقىقات مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەردە خىزمەت قىلغانلاردىن باشقا كۆپچىلىك ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئادەتتىكى خىزمەتلەردە ئىشلىمەكتە. ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ تۇرمۇشى ئاساسەن نورمال. كۈندىلىك تۇرمۇشىنى قامداپ ئۆتمەكتە. ئۇلارنىڭ بالىلىرى ياخشى مائارىپ تەربىيەسى ئالماقتا، ئۇلارنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. ئىقتىسادىي پائالىيەت جەھەتتە تۈركىيەدە ئۇيغۇر كۆچمەنلەرنىڭ بارماقتا سانىغۇدەك كارخانىچى ۋە تىجارەتچى شىركەتلىرى بار. غەرب مەملىكەتلىرىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بەزىلىرى ئون نەچچە يىللاردىن بىرى ئىگىلىك تىكلەشكە تىرىشىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئومۇميۈزلۈك نىسپىي ھالدا تۆۋەنرەك. (تۈركىيەدە ھازىرچە خېلى بىر سالماقتىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى تېخىچە كاپالەتلىككە ئىگە ئەمەس.) بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيەتلىرىنى قۇرغان. بىر قىسمى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تۈركىيە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى ۋە غەرب دېموكراتىك دۆلەتلەردە بۇ ئاكادېمىيەسىنىڭ شۆبە ئاكادېمىيەلىرىنى تەسىس قىلغان. بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار ھەر قايسى ئۇيغۇر تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىگە دائىر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە. شۇنداق بولسىمۇ، نۆۋەتتە بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلادلىرىدىن باشلاپ قىسمەن ھالدا شۇ مەملىكەتلەردىكى يەرلىك مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تېدېنسىيەسى مەۋجۇت. بۇ خىل تېدېنسىيە ئۈستىدە كۆزىتىش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ خىل ئېتنىك ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەملىكەتلەرنىڭ دېموگرافىيەلىك جەھەتتە ئاز سانلىق بولۇشى، شۇ مەملىكەتلەردىكى ئاساسلىق ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇش فورماتسىيەسى بولماسلىقى، مىللەت كىملىك ئۇقۇمىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاشقا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلۈنمىگەنلىكى، قىسمەن ئۇيغۇر كۆچمەنلەر ئائىلىسىدە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، بۇ جەھەتتىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئۇيغۇر كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر مەنبەلەرنىڭ كەمچىللىكى، مىللەت كىملىكىنى ساقلاشنىڭ كونكرېت چارە - تەدبىرلىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى قانات يايدۇرۇشتا ئىقتىسادنىڭ كەمچىللىكى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئازلىقى، بۇ مەملىكەتلەردە مەۋجۇت بولغان ئۇيغۇر تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن سىياسىي ئىشلار مەركەزلەشكەنلىكى، بەزى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىنىڭ مەزكۇر ئېتنىك گۇرۇپپىغا بولغان تونۇشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، ئۇيغۇر جەمئىيەتلىرىنىڭ بۇ دۆلەتلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرلىك مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تېدېنسىيەسىدىن ئىبارەت بۇ خىل ۋەزىيەت ئۈزلۈكسىز داۋاملاشسا، غەرپ دېموكراتىك ئەللەردىكى سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئۇيغۇرلار تارىختىكى كۆپچىلىك كۆچمەن خەلقلەر ئۇچرىغان يەرلىك مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. نۆۋەتتە غەرب دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ مىللەت كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش شۇ قەدەر مۇھىمكى، ئۇيغۇرلار ئۆز ئانا يۇرتىدا خىتايلار تەرىپىدىن يوقىتىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىش دەۋرىگە يۈتۈلەي كىرىپ بولدى. شۇڭلاشقا غەرب ئەللىرىدىكى بىرىنچى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىغا ئوخشاش ئۇيغۇر مىللەت كىملىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئاساسىنى سېلىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆچمەنلەرنىڭ قوۋم (مىللەت) كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ياكى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىش ئەھۋالىنى بىيولوگىيەلىك ئېتنىك ئالاھىدىلىك ۋە ئىجتىمائىي - جۇغراپىيەۋى دېموگرافىيەلىك ماكانلىشىش جەھەتتىن تەكشۈرگەندە تۆۋەندىكى بىر ئورتاق ھادىسىنى بايقاش مۇمكىن: بىيولوگىيەلىك

ئېتنىك جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئۆز قوۋمى (مىللىتى) ئىچىدە نىكاھلاشقان، ئىجتىمائىي - جۇغراپىيەۋى دېموگرافىيەلىك توپلۇق ياكى تارقاق تىل جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ماكانلاشقان كۆچمەنلەر ئۆز قوۋم (مىللەت) كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان. بۇنداق ھالەتنى شەكىللەندۈرمىگەن كۆچمەنلەر يەرلىك قوۋملار (مىللەتلەر) تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنغان. مەسىلەن، بىيولوگىيەلىك ئېتنىك جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئۆز قوۋمى (مىللىتى) ئىچىدە نىكاھلاشقان، ئىجتىمائىي - جۇغراپىيەۋى دېموگرافىيەلىك توپلۇق ياكى تارقاق تىل جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ماكانلىشىپ قوۋم (مىللەت) كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالغان كۆچمەنلەردىن جەنۇبىي شەرقىي تۈركىستاندىن شىمالىي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى رايونىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋە چار رۇسىيە تەرەپكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

بىيولوگىيەلىك ئېتنىك جەھەتتە ئومۇميۈزلۈك ئۆز قوۋمى (مىللىتى) ئىچىدە نىكاھلىنىشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەن، ئىجتىمائىي - جۇغراپىيەۋى دېموگرافىيەلىك توپلۇق ياكى تارقاق تىل جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ ماكانلاشماي ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كەتكەن كۆچمەنلەردىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلار (ئاتىللا دەۋرىگىچە توپلۇق ھالەتتە ماكانلاشقان بولسىمۇ، ئاتىللا ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ھونلار ئاستا - ئاستا يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كەتكەن.) ۋە ئالدى - كەينى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۆزبېكىستاندىكى ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە يەرلىك مىللەتلەر تەرىپىدىن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش باسقۇچىدا تۇرماقتا.

خۇلاسە قىلغاندا، كۆچمەنلەرنىڭ قوۋم (مىللەت) كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىشتىكى تۈپكى ئامىللار، بىيولوگىيەلىك ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش - ساقلىماسلىق ۋە ئىجتىمائىي - جۇغراپىيەۋى دېموگرافىيەلىك توپلۇق تىل جەمئىيىتى ياكى تارقاق تىل جەمئىيىتىدىن ئىبارەت تۇرمۇش فورماتسىيەسىنى شەكىللەندۈرۈش - شەكىللەندۈرمەسلىكىدىن ئىبارەت.

بىر قىسىم تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن بىر قىسىم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆچمەنلىك تارىخلىرىدا يات يۇرتلاردا ئۆز قوۋم (مىللىتى) نىڭ كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ئەسىرلەر بويى ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى ۋە ھازىرقى زاماندىمۇ بىر قىسىم كۆچمەن ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەت كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش جەھەتتە نەمۇنە قىلغۇدەك ئۆرنەك ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار بار. مەسىلەن، 1762 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ۋە 1851 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلى رايونىدىن غەربىي تۈركىستاننىڭ يەتتەسۇ ئەتراپىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ توپلۇق تىل جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى، يېقىنقى يىللاردا تۈركىيە كۆچكەن بىر قىسىم ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ تۈركىيەدە يېڭى بىر يېزا قۇرۇپ توپلۇق تىل جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى، ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايد شەھىرىدىكى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ تارقاق تىل جەمئىيەتلىرىنى تەشكىل قىلىشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى قاتارلىقلار بار. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ياراتقان تىل جەمئىيەتلىرىگە دائىر بۇ قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلار تەتقىق قىلىنسا، پايدىسى بولىدىكى، زىيىنى يوق. قىممەتلىك تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، ئۇلار ھەقسىز.

## مىللەت كىملىكىنىڭ ئېنىقلىمىسى

مىللەت كىملىك ئۇقۇمىغا (چۈشەنچىسىگە) ئىگە بولۇش، ئۆزىنىڭ ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنى نىيەت قىلغان ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىلىشكە تېگىشلىك ساۋات. بۇ ساۋاتقا ئىگە بولغان ئادەم ئاندىن مىللەت كىملىك مەسىلىسىدە ئاڭلىق ھالدا ھەرىكەت قىلالايدۇ.

مىللەت كىملىك ئۇقۇمى (ئېتنىك ئۇقۇمى) بولسا مۇئەييەن بىر تۈپ ئىنسانلار ئورتاق ئىگە

بولغان ئادەم بىيولوگىيەلىك ئىنسان ئۇقۇمى ۋە ئادەم ئىجتىمائىيلىق ئۇقۇمى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇرەككەپ ئۇقۇمدۇر. بۇ ئۇقۇمدىكى ئادەم بىيولوگىيەلىك ئىنسان ئۇقۇمى مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ بىيولوگىيەلىك ئىنسان كىملىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەقەت مەزكۇر مىللەتتىكى ئورتاق تاشقى قىياپەت ئىنسانى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، چۈنكى بىر مىللەت ئاھالىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسى ئۇرۇق - ئايماق قەبىلىلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ گېنىدىكى DNA دا ئىرسىيەت ئورتاقلىقى مەۋجۇت. شۇڭلاشقا بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولغان ئادەملەر بىيولوگىيەلىك جەھەتتىن بولۇپمۇ تاشقى كۆرۈنۈش قىياپىتىدە ئىنسانى ئوخشاشلىق ئالامەتلەرگە ئىگە.

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىق ئۇقۇمى بولسا، مۇئەييەن بىر ئادەمنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلىق كىملىكى – ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پسىخولوگىيەلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپىغا ئوخشاش ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا مىللەتنى پەقەت ساپ بىر تەبىئىي ھادىسە دەپ تونۇش بىر تەرەپلىمىلىك بولغان كۆز قاراش بولۇپ، مىللەتنى ئىبارەت بۇ ئابستراكت ئۇقۇمنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمەيدۇ.

بىر ئادەم تۇغۇلغاندا ئاتا - ئانىسى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ بىيولوگىيەلىك ئىنسانى كىملىككە ئىگە بولۇشى مۇقەررەر، لېكىن شۇ مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلىق كىملىككە ئىگە بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مىللەت ئىجتىمائىيلىق كىملىكىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ياشاش مۇھىتى بەلگىلەيدۇ. ئادەم قانداق مىللەت ئىجتىمائىيلىق كىملىكى شارائىتىدا ياشىسا، شۇنداق مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلىق كىملىككە ئىگە بولىدۇ. شۇڭلاشقا مىللەت ئىجتىمائىيلىق كىملىكى تۇغما ئەمەس، بەلكى تۇغۇلغاندىن كېيىن مۇئەييەن بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىيلىق كىملىكى مەۋجۇت ئائىلە ۋە جەمئىيەت مۇھىتلىرىدا ئىستىخىيەلىك، ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك ھالدا ئۆگىنىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىيلىققا ئىگە جەريان. مىللەت كىملىكى بىيولوگىيەلىك كىملىك ۋە ئىجتىمائىيلىق كىملىكتىن ئىبارەت ئىككى كىملىكنىڭ يىغىندىسى. بىر ئادەمدە مىللەت كىملىكىدە بۇ ئىككى كىملىك كاتېگورىيەسى تولۇق ھازىرلانغاندىلا ئاندىن بۇ ئادەمنىڭ مىللەت كىملىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، مىللەت كىملىك ئاساسى ئۆز ئىچىگە بىيولوگىيەلىك ئىنسانى كىملىك ۋە ئىجتىمائىي كىملىكنى ئالىدۇ. بۇ ئىككى كىملىكنىڭ ئاساسى ۋە مۇناسىۋەتلىك مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلسا، بۇ كۆچمەن ئۇيغۇرلار غەرب دېموكراتىك مەملىكەتلەردە يات مىللەتلەرنىڭ ھەر قانداق تەسىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئىنسانى قىياپىتى ۋە جەلپكارلىق ئىجتىمائىي ھاياتىنى ئەسىرلەر بويىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ.

مىللەت مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا ئەڭ مۇھىمى شۇكى، مۇئەييەن بىر مىللەتكە تەۋە بولغان ئادەمنىڭ مىللەت ئېڭىنىڭ بولۇشى، ۋىجدانى ۋە ئۆز مىللىتىگە بولغان ساداقەتلىكىگە باغلىق.

## ئۇيغۇر مىللەت كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشنى ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتىن ئويلىنىش

دۇنيا كۆچمەنلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللەت كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاشتا دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ تۈپكى مەسىلە شۇكى، بىيولوگىيەلىك ئىنسانى كىملىكى ۋە ئىجتىمائىي كىملىكى – تىل، مەدەنىيەت، سىياسەت ۋە ئىقتىساد جەھەتلەردە ئۆزلىرىدىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈك ئورۇندا تۇرىدىغان يات مىللەتنىڭ ئىچىدە كۆچمەنلەرنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ئىستېمالدا يوق بولغان شارائىتتا قانداق قىلىپ مىللەت كىملىك مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھاياتىلىقىنى ساقلاپ قېلىش مەسىلىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىمۇ بۇ مەسىلىدىن مۇستەسنا ئەمەس. مىللەت كىملىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش بىيولوگىيەلىك ئىنسانى

كىملىكى ۋە ئىجتىمائىيلىق كىملىكى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئىبارەت ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ چەت ئەللەردە مىللەت كىملىك مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشى ۋە داۋاملاشتۇرۇشى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي روھىنى ئۇرغۇتۇشى، مىللىي كىملىكىدىن پەخىرلىنىشى، مىللەت مەدەنىيىتىنى قەدىرلىشى، ئۆز مىللەت كىملىكىنىڭ بىيولوگىيەلىك ئېتنىك ئالاھىدىلىكىنى قەدىرلىشى ۋە ساقلىشى، تىل جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى، ئىقتىسادلىق بولۇشى، مىللىي مائارىپنى ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە «قاچانلا بولمىسۇن كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىمىز» دېگەندەك پاسسىپ ۋە ئۈمىدسىزلىك خاھىشلاردا بولماسلىق قاتارلىق ئامىللار ئارقىلىق ئەمەلىيلىشىدۇ. چەت ئەللەردە ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە يۈكسىلىشى ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ مىللەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن يەنە ئۇيغۇر مىللەت كىملىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ساخاۋەتچىلىك ئارقىلىق نامراتلىقنى مەڭگۈ تۈگەتكىلى ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. نامراتلىقنى تۈگىتىش ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك يولى – ئىشلەش!

ئەللىك يىلدىن كېيىنكى دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى مۆلچەرلەش ئىنتايىن مۈشكۈل بىر ئىش. شۇڭلاشقا چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى ھازىردىن باشلاپ ئىستراتېگىيەلىك جەھەتتىن ئويلاش ناھايىتى مۇھىم ۋە زۆرۈر.

ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرى بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك (بىيولوگىيەلىك) خۇسۇسىيەتلىرى (ئالاھىدىلىكلىرى) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىشنى كاپالەتلىككە ئىگە قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ تۈپكى ئامىلى ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆزئارا توي قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر ئېتنىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەسىرلەر بويىچە داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ. پەقەت ئۇيغۇر ئائىلىسى مەۋجۇت بولغاندىلا ئاندىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مىللىي كىملىكىنى يەنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى غەرب دۇنياسىدا ساقلاپ قېلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى يارىتىلغان بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەرەپتىن ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ ئازلاپ كەتمەي كۆپىيىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە (بولۇپمۇ قىزلىرىغا) ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرى بىلەن نىكاھلىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈلۈشى زۆرۈر. بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ جۈپ تېپىش ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان «كەلنۇر پىروجېكتى» قاتارلىق مەخسۇس پىروجېكتلەرنى قۇۋۋەتلەش ۋە ئۇيغۇر ياشلىرىنى بۇ خىل پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ھەر قايسى مەملىكەتلەردە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى قاتارلىق جامائەت پائالىيەت مەركەزلىرىنى تەسىس قىلىشقا يۈزلىنىش ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىلدىكى جامائەت تەشكىلىي قۇرۇلمىلىرى ھەر قايسى دېموكراتىك دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى تەرىپىدىنمۇ قىزغىن قارشى ئېلىنىدۇ. بەلكىم ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ مالىيە ياردىمىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. يەنە ھازىر مەۋجۇت بولغان مائارىپ، نەشرىيات ۋە مەتبۇئات مۇئەسسەسەلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى ياكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ ئاستىدا ئۇيغۇر تىلى مائارىپى، كىچىك تىپتىكى ئىخچام نەشرىيات، كىتابخانا، تور تېلېۋىزور - رادىيو ئىستانسىلىرى، سەنئەت ئۆمىكى ۋە ئىنتېرنېت تور بەتلىرىنى ئېچىش قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا ئەھمىيەت بېرىلىشى زۆرۈر. بۇنىڭدىن سىرت يەنە، دۇنياۋى ئۇيغۇر تىل - يېزىق ئىنتېرنېت تور تىل جەمئىيىتىنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇ جاھانغا تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلارنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تۇرۇشتا ھالقىلىق ۋاستە. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاش

ۋە داۋاملاشتۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى ۋە رولى ئىنتايىن زوردۇر. شۇڭلاشقا بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنى ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىر ماۋزۇ ئاجرىتىلدى.

## ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى

دىياسپورادىكى، بولۇپمۇ غەرب دۇنياسىدىكى (تۈركىيەمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنىڭ تۈپكى ۋەزىپىسى ياكى چىقىش نۇقتىسى، غەرب دۇنياسىدا ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. بۇ جەھەتتە نۇقتىلىق ئوبيېكت – ئۇيغۇر بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەردۇر.

غەرب دۇنياسىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپلا ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئىلغار پەن - تېخنىكا بىلەن تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇر ئۆسمۈر - ياشلىرى گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسىلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينىسىمۇ، ئاساسلىقى پەقەت شۇ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مەملىكەتلەرنىڭ كۈچلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ھەسسە قوشىدۇ، خالاس. شۇڭلاشقا، غەرب دۇنياسىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى، ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئائىلە تەربىيەسى، يەسلى تەربىيەسى، باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدىكى تەربىيەلىنىشلىرى ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى قاتارلىق ساھەلەرنى ئاساس قىلغان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشى جەھەتلەردىكى ئىشلار ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى مەمۇرىيەتچىلىرى، ئۇيغۇر پېداگوگلىرى ۋە ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلىرى ھەمدە ئۇيغۇر جامائەتچىلىكى باش قاتۇرىدىغان ئىشلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. غەرب دۇنياسىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۇيغۇر بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سىستېمىسى بويىچە تەلىم - تەربىيە ئېلىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرت. قىسقىسى، غەرب دۇنياسىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ سىستېمىسىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئېھتىيات قىلىش ۋە ساقلىنىش زۆرۈر.

كونكرېت قىلىپ سۆزلىگەندە، ئۇيغۇرلار ئاچقان يەسلى، ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئۇيغۇر تىل - يېزىقى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخى قاتارلىق مەزمۇنلارنى چۆرىدىگەن ھالدا دەرسلەرنى تەسىس قىلىش لازىم. تەبىئىي پەنگە ئائىت بىلىملەرنى ئۇيغۇر بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ دۆلەتلىك مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئىگىلەش ئىمكانىيىتى بار. شۇڭلاشقا بۇ جەھەتتە ئادەم كۈچى ۋە ئىقتىسادنى سەرپ قىلىشنىڭ ئانچە ھاجىتى يوق. ئەگەر ئۇيغۇر بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ تەبىئىي پەنلەر جەھەتتىكى يۈكسىلىشىنى مەقسەت قىلىپ تەسىس قىلىنغان ھەر قانداق بىلىم ئېلىش مۇئەسسەسەلەردە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەر ۋە بېرىلىدىغان لېكسىيە ۋە كونسۇلتاتسىيەلەر شۇ دۆلەتلەردىكى مائارىپ سىستېمىسىدا قوللىنىدىغان تىل - يېزىقتا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. بولمىسا، ئۇيغۇر بالىلار - ئۆسمۈرلەرنىڭ دۆلەتلىك مەكتەپلەردە ئىگىلىگەن بىلىملىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ.

## ئۇيغۇر ئائىلە تەلىم - تەربىيەسى

ئۇيغۇر مىللىي ئائىلە تەربىيەسى ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئاساسىنى سالىدىغان تەلىم - تەربىيە بولۇپ، بۇ مەزگىل بالىلارنىڭ تۇغۇلۇپ تا ئوي - چاقلىق بولغۇچە بولغان ئۇزۇن بىر دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ بۇ دەۋرنىڭ بالىلارنىڭ يەسلىگە كىرگىچە بولغان مەزگىلىدە بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيەسىدە بولىدۇ. بۇ دەۋر بالىلاردا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ئاساسىنى

سالىدىغان ئالتۇن مەزگىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە بالىلاردا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئاساسلىرى سېلىنىدۇ. بولۇپمۇ بالىلاردا ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ مىللەت روھى بولغان ئانا تىل ۋە ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ ئاساسى ئورنىتىلىدۇ.

بالىنىڭ تىلى چىقىشقا باشلىغاندىن باشلاپ بالىنىڭ تىلىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا چىقىشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ مەزگىلدە ئاتا - ئانا بالا بىلەن كۆپرەك تىل ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشكە دائىر پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. تىل ئۆگىنىشكە دائىر پائالىيەتلەردىن بالىغا سۆزلەش ئارقىلىق ئوينىلىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىتىش، چۆچەك - ھېكايە ۋە مەسەللەرنى ئېيتىپ بېرىش ۋە ئاڭلىغان چۆچەك - ھېكايە ۋە مەسەللەرنى قايتا سۆزلىتىش، كىشىلەر ۋە كىچىك بالىلار بىلەن سۆزلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندا، ئادەتتە بالىلار ئالتە ياشقا كىرگۈچە ئۆز ئانا تىلىنىڭ ئادەتتىكى لۇغەت فوندىدىكى ئاساسىي سۆزلەرنى ئىگىلەپ بولىدىكەن. ئون ئىككى ياشقىچە كىرىگىچە ئانا تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىلىرىنى ئىگىلەپ بولىدىكەن. تەتقىقاتلار يەنە شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، ئۆز ئانا تىلىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ ئۆز مىللىتىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى ئانا تىلىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە يەتمەيدىكەن.

ئۇيغۇر بالىلىرى ئۆسمۈرلۈك - ياشلىق دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

ئۇيغۇرلاردا: «نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن» دېگەن ماقال بار. بۇ دانا ئاتىلار سۆزى بىلەن ئىش قىلىنسا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

## ئۇيغۇر مىللىي يەسلى مائارىپى

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بالىلارنىڭ يەسلى تەربىيەسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بالىلارنىڭ ساق - سالامەت ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىش ئاساسىدا بالىلارنىڭ تىل تەرەققىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بالىلارنىڭ يەسلى دەۋرىدىكى ھاياتىدا بىلىم جەھەتتىكى تەلىم - تەربىيە مۇھىم نۇقتا قىلىنمايدۇ. يەسلىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى بالىلارنى تىل، جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە تەبىئىي ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش. بۇ دەۋردە بالىلارغا بىلىم بېرىش ئاساسلىق ئورۇندا ئەمەس. شۇڭلاشقا بۇ مەزگىلدە بەك كۆپ دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش بالىلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ قېلىشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ يەسلى دەۋرىدە بالىلارغا ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋات چىقىرىش، قۇرئان دەرسى، ئىسلامىي بىلىملەر ۋە ماتېماتىكا قاتارلىق دەرسلەردىن بىلىم بېرىش بالىلارنىڭ بۇ دەۋردىكى ئەقلىي، پسىخىكىلىق ۋە جىسمانىي جەھەتلىرىدىكى شارائىتىغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ. بۇ خىل دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈشى بالىلارغا قارىتا ئىجابىي تەسىرگە قارىغاندا سەلبىي تەسىرى كۆپرەك بولۇشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ يەسلى مەزگىلىدە بۇ دەرسلەرنىڭ ئۆتۈلۈشى بالىلارنىڭ يەسلى يېشىغا ئانچە مۇۋاپىق بولۇپلا قالماستىن يەنە ھېچقايسىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دەرسلەر يەسلىدىكى كۆپچىلىك بالىلاردا ئېغىر روھىي بېسىم پەيدا قىلىپلا قالماستىن يەنە بالىلاردا يادلاپ ئۆگىنىشتىن ئىبارەت ناچار ئۆگىنىش ئادىتى (ئىستىلىنى) شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ، خالاس. (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مائارىپقا دائىر قانۇنلىرىدا بالىلارنىڭ ئىسلامىي دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ياشلىرى 11 ياشتىن 14 ياشقىچە قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىكەن.) يەسلى دەۋرىدىكى مەزمۇنلار بالىلارغا ھەر خىل بالىلار ئويۇنلىرىنى ئوينىتىش، ھېكايە سۆزلەپ بېرىش ۋە بالىلارنى سۆزلىتىش، رەسىم سىزىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش، تېپىشماق تېپىش، مىللىي ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەردىن دەسلەپكى ئەمەلىي ساۋاتلار ھەمدە ئەڭ

ئاددىي ساناق سانلارنى ئۆگىنىش (يۇقىرى يىللىقلاردا) قاتارلىق مەزمۇنلاردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. باللارنىڭ يەسلى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىلىدا باللارغا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مەملىكەتتىكى مەكتەپلەردە قوللىنىدىغان يېزىقتىن دەسلەپكى قەدەمدە ساۋات چىقىرىش دەرسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولىدۇ. باللار ئۇيغۇر يېزىق ساۋاتىنى كېيىن ئىشتىن سىرتقى ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە چىقارسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

## ئۇيغۇر مىللىي باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مەكتەپ ھاياتى ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى تىكلىشىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر باللىرىنىڭ دۆلەت مائارىپ مەمۇرىيەتلىرى باشقۇرۇشىدىكى دۆلەتلىك باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان شەرت ئاستىدا نۆۋەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئانا تىلى مەكتەپلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش بىلەن بىرگە ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى مەركەز قىلغان ھالدا ئىشتىن سىرتقى ئۇيغۇر باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى ئېچىش كېرەك. ئۇيغۇر باللىرى بۇ مەكتەپتە پەقەت شەنبە ۋە يەكشەنبە كۈنلىرىدە ئەڭ كۆپ بولغاندا يېرىم كۈنلۈك ئوقۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانسا مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى بىر تەرەپتىن باللار پۈتۈن بىر ھەپتە دۆلەتلىك مەكتەپلەردە ئوقۇغان بولغاچقا، ئوقۇشقا نىسبەتەن تويۇنغان ھالەتتە بولۇپ ھەپتە ئاخىرىدا داۋاملىق ئوقۇشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن پىسخىكىلىق جەھەتتىن قارىغاندا باللار ئويۇنغا ئامراق كېلىدۇ، قاچانكى باللار ئويۇنغا تويغاندا ئاندىن ئوقۇشقا نىسبەتەن زېھنىنى يىغالايدۇ. شۇڭلاشقا، ئوقۇش ۋاقتىنىڭ قانچىلىك بولۇشىنى پېداگوگىكا مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تېخىمۇ ئىلمىي ئاساسىدا مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىدە شۇنى چۈشىنىپ يېتىش لازىمكى، ۋاقىت بىلەن بىلىم ئىگىلەشنىڭ مۇناسىۋىتى ھەر دائىم ئوڭ تاناسىپتا بولۇۋەرمەيدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئوڭ تاناسىپتا كېتىۋاتقان ئەھۋال تەتۈر تاناسىپقا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ يەردە يەنە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، باللار ئۈچۈن ئاران كەلگەن ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش ۋە ئويناش پۇرسىتىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىش باللار ئۈچۈن ئادىللىق ھېسابلانمايدۇ. يەنە تەتىل مەزگىللىرىدە بۇ مەكتەپلەردە باللارنىڭ دەم ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغان شەرت ئاستىدا قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مۇمكىن.

مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتە ھەر بىر مەكتەپتە ئىخچام بولغان ئاتا - ئانىلار كومىتېتىنى تەسىس قىلىش كېرەك. مەزكۇر كومىتېت مەكتەپنىڭ پۈتكۈل مەمۇرىيەت ۋە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشى لازىم. مەكتەپتە تەكلىپلىك - قەرەرلىك پىدائىي ياكى ئاز مىقداردا ھەق ئېلىشقا رازى بولغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق. مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ۋە مەلۇم مىقدار ئوقۇش پۇلى ئېلىش زۆرۈر. يەنە ئىمكانىيەت بولسا دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ۋە مائارىپ فوندى قاتارلىق مۇئەسسەسەلەردىن ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلىش لازىم.

دىياسپورادىكى ئۇيغۇر باللىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈن شەھەر ياكى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش رەھبەرلىك تەشكىللىنى تەسىس قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بۇنداق چوڭ دائىرىلىك باشقۇرۇش مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلىش ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھۆكۈمىتى بولمىغان دىياسپورادىكى تارقاق ئۇيغۇرلارنى ئەمەلىي ئەھۋالىغا تازا ماس كېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ئەمەلىيەتتىن يىراق بىر ئىش. ئەڭ ياخشى ئۇنۇملۇك تەدبىرى بولسا كىچىك رايونلار بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش.

ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنى قۇرۇشتىكى تۈپكى مەقسەت، غەربىي ياۋروپا، تۈركىيە ۋە ئاۋستىرالىيە

قاتارلىق مەملىكەتلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا بۇ مەكتەپلەردە تەسىس قىلىنىدىغان دەرسلەر بۇ تۈپكى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. ئۇيغۇر ئانا تىلى مەكتىپى ۋە ئىشتىن سىرتقى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئۇيغۇر يېزىقىدىن ساۋات چىقىرىش، ھۆسنخەت، تىل - ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى، ئۇيغۇر ئۇسسۇل - ناخشىلىرى، ئۇيغۇر مىللىي قول ھۈنەر ۋە ئۇيغۇر ئويۇنلىرى قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىش مۇمكىن. ئىشتىن سىرتقى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە (تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە) ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى، يېزىقچىلىق، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر سەنئىتى، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسى، شەرقىي تۈركىستان تارىخى، ئۇيغۇرلار تارىخى ۋە ئۇيغۇر خەتتاتچىلىقى قاتارلىق دەرسلەرنى تەسىس قىلىش مۇمكىن. قىسقىسى، بۇ مەكتەپلەردە ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئۇنىۋېرسال (ھەر تەرەپلىمىلىك) ۋە ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرلىك دەرسلەر ئۆتۈلۈشى مۇۋاپىق. بۇ مەكتەپلەردە ئۇيغۇرلارغا ئائىت كەسىپلەشكەن، سىستېمىلاشقان دەرسلىك بويىچە دەرس ئۆتۈش پېداگوگىكا ئىلمىي جەھەتتىن قارىغاندا ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ. دۆلەتلىك مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارغا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كونسۇلتاتسىيە قىلىش توغرا كېلىپ قالسا، ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان مەملىكەتتە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىۋاتقان تىلدا ئۆتۈلۈشى تۈزۈك.

بالىلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلى ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش - كىرەلمەسلىكىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق بىر مەزگىل بولغانلىقتىن بالىلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي كۈچلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ دۆلەتلىك ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۆتۈلىدىغان دەرسلەردىكى بىلىملەرنى ياخشى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئىشتىن سىرتقى مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تەشكىللىمەسلىك نىسبەتەن ئورۇنلۇق پىكىر بولۇشى مۇمكىن. پەقەت تەتىل ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۈچۈن قىسقا كۇرسلارنى ئېچىش مۇۋاپىق. دىياسپورادىكى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ نۇقتىلىق تەربىيەلىگەندە كۆرە ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇغۇچىلىرىدىن كۆپرەك ساندا ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپ مەزگىلىدە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا بىر تۇتاش كونسۇلتاتسىيە قىلىشنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىشنىڭ نەتىجىسى زور بولىدۇ. دىياسپورادىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشى ئۈچۈن دۆلەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى لاياقەتلىك تاماملىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى سودا - سانائەت كەسىپلىرىدە ئوقۇشقا رىغبەتلەندۈرۈش زۆرۈر.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قىلىنىدىغان ئىش ئۇيغۇر بالىلىرى ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى دۆلەت مائارىپ مەمۇرىيەتلىرى باشقۇرۇشىدىكى دۆلەتلىك مەكتەپلەردە ئوقۇشى زۆرۈر. بۇ ئىش رېئاللىققا ئايلانسا، ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە شۇ دۆلەتلەرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىدە داۋاملىق ئوقۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى چۈشىنىپ يېتىش كېرەككى، چەت ئەللەردە ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەرگىزمۇ يەرلىك مائارىپ سىستېمىسى بىلەن بەسلىشىش تۈسىنى ئېلىپ قالماسلىقى لازىم. ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق پائالىيەت ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ دۆلەتلىك مەكتەپلەردىكى ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك.

قىسقىسى، چەت ئەللەردە ئۇيغۇر مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مەقسەت بۇ مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرى، ئۆسمۈرلىرى ۋە ياشلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ جەھەتتە قىلىنىدىغان ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەت بۇ نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

## ئۇيغۇر مىللىي ئالىي مائارىپى

ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەلىرى ئۇيغۇر ئالىي زىيالىيلىرى توپلاشقان مۇئەسسەسە. ئۇلارنىڭ پوتېنسىيال كۈچى (يوشۇرۇن كۈچى) ناھايىتى زور. ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا ئۇلارنىڭ بۇ كۈچىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنى ئۇيغۇر كىملىكى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاكادېمىيەلىرى ئۆز قارمىقى ئاستا تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپ بۆلۈملىرىنى تەسىس قىلىپ قەرەللىك كۇرسلارنى ئاچسا بولىدۇ. بۇندىن سىرت يەنە ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتەپلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى ئۇيغۇر باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى قەرەللىك ئېچىپ تۇرۇش لازىم. ئۇيغۇر ئاكادېمىيەلىرى يەنە ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسلىرىنى قەرەللىك ئېچىپ تۇرۇشىمۇ بەك ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. بۇ خىل كەسپلەشكەن خادىملارنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ سىستېمىلىق ۋە سۈپەتلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مۇنداق كۇرسلارنى ئېچىشنىڭ ئەڭ ئىخچام ۋە ئۈنۈملۈك يولى تور ئارقىلىق ئوقۇتۇشتۇر. بۇ جەھەتتە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى شۇ مەملىكەتتىكى ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ھەر دائىم شەرقىي تۈركىستانغا دائىر ھەر خىل تېمىدا قەرەللىك كۇرسلارنى ئېچىپ كەلمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىلىرى ناھايىتى ياخشى بولماقتا. بۇ بىر قانات يايدۇرۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان بىر خىل مائارىپ پائالىيىتىدۇر.

## ئۇيغۇر مىللىي مەتبۇئاتچىلىقى ۋە ئوقۇش - ئوقۇتۇش دەرسلىكلىرى

دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەرنىڭ بىرى ھازىر چەت ئەللەردە مەشغۇلات قىلىۋاتقان مەتبۇئاتچىلىق مۇئەسسەسەلىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىرگە تور مەتبۇئاتچىلىقىنى شەكىللەندۈرۈش زۆرۈر. تور مەتبۇئاتچىلىقى ئەۋزەللىكى شۇكى جاھاننىڭ ھەر قايسى يەرلىرىگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بەك پايدىلىق ۋە قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. تور مەتبۇئاتچىلىقىنىڭ بەرپا بولۇشى ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ دىياسپورادا داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن يەنە دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنى كىتاب - ژۇرناللار بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر پىروجېكت فوندىنىڭ «ئۇيغۇرلار» نامىدىكى تور ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىشتا رولى خېلى چوڭ بولماقتا.

ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئىلمىي ئورۇنلارمۇ ئۇيغۇر يېزىقىدا ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋە سەنئىتىگە مۇناسىۋەتلىك تور ژۇرناللىرىنى نەشر قىلسا، بۇنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ۋە زور بولىدۇ. ئۇيغۇر يېزىقىدا ئالىي سەۋىيەلىك تەبئىي پەنگە دائىر ژۇرناللارنى چىقىرىشنىڭ ئانچە رېئال ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرىيىتى يوق. چۈنكى دىياسپورادىكى چوڭ ياشتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىكى نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ياشتىكى كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى تەبئىي پەنلەردە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئەمەس. ئۇيغۇر ئۆسمۈر - ياشلار ئۈچۈن ئىنگلىزچە ياكى ياشاۋاتقان مەملىكەتتىكى ئاساسلىق تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان كىتابلار يېتەرلىك. شۇڭلاشقا ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىرىلىدىغان تەبئىي پەنگە دائىر ژۇرناللارنىڭ ئورنىغا ئىنگلىزچە ژۇرناللارنى چىقىرىپ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ تەبئىي پەن ساھەسىدىكى زور كۈچىنى دۇنياغا نامايان قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن چوڭ ۋە زور بولىدۇ.

ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنىدىغان تىل - ئەدەبىيات، مەدەنىيەت - سەنئەت، تارىخ ۋە جۇغراپىيەگە

دائىر دەرسلىك كىتابلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈشتە كوللېكتىپ تۈزۈش ۋە شەخسلەرنىڭ تۈزۈشىنى تەڭ يولغا قويۇش كېرەك. شەخسلەرنىڭ دەرسلىك كىتاب تۈزۈشىگە خاتىمە بېرىش كېرەك دېگەندەك خاھىشلارنى تەشۋىق قىلىش دېموكراتىك تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ جەھەتتە ئابدۇۋەلى ئايۇپ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئۇيغۇر بالىلىرىغا ھەر خىل دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ ياخشى ئۈلگە ياراتتى.

غەرب مەملىكەتلىرىدىكى ئۇيغۇر بالىلىرى ئالدى بىلەن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ مەمۇرىيەتلىرى ئاچقان مەكتەپلەردە تەلىم - تەربىيە ئېلىشى ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداق بولغاندا ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ئىمكانىيىتى يۇقىرى بولىدۇ ۋە كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، خەس ئۇيغۇر بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر باشلانغۇچ ئورتا - مەكتەپلەرنى ئايرىم قۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. شۇڭلاشقا، باشلانغۇچ - ئورتا مەكتەپلەر ئۈچۈن ئون ئىككى يىللىق بىر يۈرۈش دەرسلىك كىتابلارنى تۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت ئىشتىن سىرتقى ئۇيغۇر باشلانغۇچ - تولۇقسىز ئورتا مەكتەپلىرىگە باب كېلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزۈلسە بولىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

چەت ئەللەردە ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاش ۋە بۇ كىملىكنى ئەۋلادمۇئەۋلاد قالدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە مەڭگۈلۈك چارىلىرىنىڭ بىرسى شۇندىن ئىبارەتكى، ھەر بىر ئاتا - ئانا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كىملىك قىممىتىنى قەدىرلەپ ئۇيغۇر ئائىلە تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ئۇيغۇر بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۇيغۇر كىملىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قەدىرىيىتىنى بىلىدىغان ھەمدە ھۆرمەتلەيدىغان روھتا تەربىيەلەش ھالقىلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار ئۆز ئۆيلىرىدە مۇتلەق ھالدا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشنى ئۆزگەرمەس قانۇن قىلىپ بەلگىلەش بىلەن بىرگە ئائىلىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى بويىچە ياشاشنى كۈندىلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ نىزامى قىلىش لازىم. بۇ نىزام تۇرغۇزۇلسا، ئاندىن ئۇيغۇرلارغا دائىر باشقا پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زېمىن تەييارلىنىدۇ ھەمدە ئاساس سېلىنىدۇ. دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىيلىقىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئاتا - ئانىلار ئۆزى باش بولۇپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەشكىللىگەن پائالىيەتلەرگە پائال قاتنىشىشى كېرەك. بالىلىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىدىغان ئىشتىن سىرتقى ئۇيغۇر باشلانغۇچ - تولۇقسىز ئورتا مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇشى لازىم ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تور بەتلىرىنى كۆرۈشكە رىغبەتلەندۈرۈش زۆرۈر. بولۇپمۇ بالىلىرىنى ئۆز مىللىتى ئىچىدە توي قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى لازىم. بۇ ئىشلار روياپقا چىقسا، ئۇيغۇر خەلقى جاھاندا مەڭگۈ ھايات!

گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، چەت ئەللەردە ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇش پەقەت شوئار توۋلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغان، ئۇزۇن مۇددەتلىك، جاپالىق ۋە كېيىنكى ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى مەدھىيەلەيدىغان ئۇلۇغۋار بىر ئىش!

2023 - يىلى يانۋار

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

13

# ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)
Abdukadir.g@gmail.com

## كىرىش سۆز

ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دېگەنچۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بۈندىن كېيىن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالامدۇ - يوق؟ ياكى خۇددى بۆركۈتنىڭ قايتا تۇغۇلغىنىغا ئوخشاش، قايتىدىن سىلكىنىپ، قايتىدىن قەددىنى كۆتۈرۈپ دۇنيا خەلقىگە ئەدەبىياتنىڭ تەبىرىنى قايتا يېزىش بىلەن بىرلىكتە، ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەرنى سۇنۇشى كېرەكمۇ؟ دۇنيا خەلقلىرى ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن جازا لاگېرى ئۇقۇمى بىلەن يېڭىدىن قارشىلىشىپ، شىددەتلىك دەرىجىدە قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقىنىغا قارىماي، دۇنيانىڭ «ئۆگەي بالا» كۆزى بىلەن قارىشىغا داخىل بولۇۋاتقان، چارىسىزلىك ئىچىدە ئىڭراۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچىكى، بۇ ئەدەبىياتنىڭ ئىگىسى بولغان ئۇيغۇر خەلقىدەكلا تەلەيسىز بولارمۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى دۇنيا ھەيران قالغۇدەك قىرغىنچىلىق تېمىلىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەكمۇ؟ ئۇيغۇر خەلقى تارىختا ئۆتكەن 100 يىللىق كەچمىشىنىڭ ئاساسلىق سالمىقىنى ئىگىلەيدىغان قىرغىنچىلىق تارىخىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قانچىلىك نامايەندە قىلىپ بېرەلىدى؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يوقىلىش بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ پۇلسىرات كۆۋرۈكىدە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ئۇيغۇر ئەدىب يازغۇچىلىرى تۈرمىلەرگە، خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرىغا تاشلانغان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ساقلاپ قالالامدۇ - يوق؟ ئۇنداقتا نېمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ تارىختا شانلىق ئىزنالار قالدۇرغان، ئىنسانىيەت تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئوخشىمايدىغان بىر مەرۋايىت بولۇش سالاھىيىتى بىلەن تۆھپە قوشقان، بۈگۈنكى كۈندە خىتاي تەرىپىدىن يوقىتىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان سەكراتتىكى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە بۇ مىللەت ئىچكى دۇنياسىنىڭ، كەچمىشلىرى، تەپەككۇرلىرى، ئوي - خىيال، پىكىر - چۈشەنچىلىرىنىڭ نامايەندىسى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى زادى قانداق بولىدۇ؟

ۋە بولۇشى كېرەك؟ بۇ ماقالە ئاساسەن يۇقىرىدىكىدەك سوئال ۋە ئويلىنىشلارغا جاۋاب ئىزدەيدۇ.

## ئەدەبىياتنىڭ يېڭى تەبىرى

ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ بۇ سوئالغا ئۇيغۇر يازغۇچىسى خالىدە ئىسرائىل بىلەن ئىنگلىز يازغۇچىسى ج. ك. روۋلىڭنىڭ بېرىدىغان جاۋابى ئوخشاش ئەمەس بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ قىرغىنچىلىق تارىخى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىردىنبىر رومانى «ئالتۇن كەش»نىڭ ئاپتورى خالىدە ئىسرائىلغا نىسبەتەن ئەدەبىيات دېمەك، چۈشەنچە، ئوي - پىكىر، تەپەككۇر، خىيال ۋە قەلەم كۈچىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە نامايەندە قىلىپ بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن تۈرمىگە ياكى جازا لاگېرىغا تاشلىنىش. يۇقىرىدىكى بۇ ئىپادىلەش كۈچى قانچە كۈچلۈك بولغانسېرى شۇنچە ئېغىر تۈرمىلەرگە تاشلىنىش. دۇنيانى لەرزىگە سالغان، سېتىلىش ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش جەھەتتە رېكورت بۇزغان دۇنياۋى داڭلىق ئەسەر «خاررىي پوتتېر»نىڭ ئاپتورى ج. ك. روۋلىڭنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئەدەبىيات مىلياردېرلىققا باشلاپ بارىدىغان يول. چۈنكى، بۇ ياش ئايال يازغۇچى ئەقلىنى، پىكرىنى، چۈشەنچە ۋە ئوي - خىياللىرىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلىگەنلىكى سەۋەبىدىن هازىر دۇنيادىكى ئەڭ داڭلىق مىلياردېرلار قاتارىغا كىردى.

ئەدەبىيات دېگەن؟ قارىماققا بۇ سوئال ئىنتايىن ئاددىي سوئال بولسىمۇ، ئەمما خىتاي تەرىپىدىن قىرغىنچىلىققا مۇپتىلا قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن غال - غال تىترەيدىغان سوئال بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئەدەبىيات دېمەك، ئۇيغۇرلار نەزىرىدە تۈرمىگە تاشلىنىش، جازا لاگېرلىرىغا تاشلىنىش دېمەك ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە قەلەم تەۋرەتكەنلىكى سەۋەبىدىن تۈرمە ياكى جازا لاگېرىنىڭ سىرتىدا قالغان يازغۇچى شائىر ۋە ئەدىبلەرنى ئۇچراتماق تەس ئىش بولۇپ قالغان ئىدى.

تارىخىي پاكىتلار «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن بۇ سوئالغا تاكى 18 - ئەسىرگە كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئېنىق بىر جاۋاب بېرىلمەي كەلگەنلىكىنى، 18 - ئەسىرگە كەلگەندە يازغۇچى گېيوتىنىڭ «دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ پارلايدىغان مەزگىلى يېتىپ كەلدى» دېگەن بىر جۈملە سۆزى بىلەن ئەدەبىياتقا تەبىر بېرىلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. ئۇنداقتا 18 - ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتى ئەدەبىياتقا نېمە دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى؟ «هېس - تۇيغۇ ۋە خىياللارنىڭ سۆز ۋە يېزىق ئارقىلىق گۈزەل هالەتتە ئاڭلىتىلىش شەكلى ئەدەبىيات دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى 18 - ئەسىر. مېنىڭچە، ئەدەبىياتقا بېرىلگەن بۇ تەبىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئانچە رازى بولغۇدەك تەبىر ئەمەس. بۇندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى دۇنيا خەلقىگە ناهايىتى ياخشى شەرھلەپ بېرىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

ئۇيغۇرلار نەزىرىدە ئەدەبىيات دېگەن، بىرى هېس - تۇيغۇ چۈشەنچىلىرىنى، تەپەككۇرلىرىنى ئىپادىلەش سەۋەبىدىن تۈرمىلەرگە تاشلانغاندا باشقىلار قاراپ تۇرۇش دېگەندىن ئىبارەت بولسا كېرەك.

ئۇيغۇرلار نەزىرىدىكى ئەدەبىيات، بىر قىزىل چىراغقا كېلىپ توختاپ قالغان كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇيغۇرلار هازىر بىر مىللەت سۈپىتىدە يېشىل چىرىغىنىڭ يېنىشىدىن ئانچە ئۈمىد بولمىغان بىر قىزىل چىراغقا كېلىپ مىللەت سۈپىتىدە توختاپ قالغان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، قىزىل چىراغقا مەڭگۈلۈك بەند قىلىنغان بىر مىللەتنىڭ ئىچكى هېسسىياتىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان دۇنيا خەلقىگە «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئېيتىپ بېرىشكە تامامەن هەقلىق.

«ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا پىلاتون هاياتىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ جاۋاب

بەرگەن. ئەمما، ئۇيغۇرلار «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ھاياتنىڭ ئىپادىلىنىلمەسلىكى دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەگەر پەيلاسوپ پىلاتون ھايات بولغان بولسا، «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا بىردىنبىر تەبىر بەرگۈچى مىللەت، ئۆزىنى، ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلىيەلمەسلىكنىڭ دەردىنى ئازابىنى چەككەن ئۇيغۇر مىللىتىدۇر، دېگەن بولاتتى دەپ ئويلايمەن.

يەنە بىر قېتىم «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىش توغرا كەلسە، ئەدەبىيات دېگەن ئىستانبۇلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن 10 مىڭ كىشى چاملىجا تۆپىلىكىگە چىققان بولسا، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنى ئىستانبۇلنىڭ كېچىلىك مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلانغان ۋە خۇشال بولغان بولسا، بىرقانچە تۈركنى ۋە ئۇيغۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت - بەش كىشى يازىدىغانغا ئىلھام ئالغان بولسا، تۈرك يازغۇچى ئىچىدىكىنى ئىپادىلەپ يازالىغان بولسا، ئەمما، ئۇيغۇر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە قەلبىدىكى ئىلھاملىرىنى يازالمىغان بولسا، دەل ئەنە شۇ ئۇيغۇرنىڭ قەلبىدىكى سىرتقا چىقالمىغان پىغان ئەدەبىياتتۇر.

يەنە بىر قېتىم ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ئۆزۈڭنىڭ چىمەن دوپپاڭنى ئۆزۈڭ كىيەلمەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئەتلەس كۆڭلىكىڭنىڭ ئېتەكلىرىنى ئۆزۈڭ لەرزان پىرقىرىتالمايسەن. ئۆزۈڭنىڭ سۇمبۇل چېچىڭنى ئۆزۈڭ قىرىق ئۆرۈيەلمەيسەن، ئۆزۈڭنىڭ سەنىمىگە ئۆزۈڭ ئۇسۇلغا چۈشەلمەيسەن، ئۆزۈڭگە خاس نەرسىلەر چەمبىرىكىدىن ھاسىل بولغان، ئىچكى ھېسسىياتىڭ بىلەن، تاشقى بەدەن ھەرىكىتىڭ ۋە ساڭا خاس بولغان كىيىم - كېچەكلىرىڭ سېنىڭ ئۈچۈن مەنئىي قىلىنغان .ئۆز كىيىم - كېچەكلىرىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، داۋاملىق ھالدا مىللىي بۆلگۈنچى بولۇپ قالارمەنمۇ؟ دېگەن ۋەھىمە ئىچىدە ياشايسەن. بۇنىڭ ئەكسىچە بۇ خاسلىقلىرىڭنى دۈشمىنىڭنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرىسەن . شۇنداقلا سېنىڭ نەرسىلىرىڭ بىلەن سېنىڭ ئۇسسۇلۇڭنى، سېنىڭ سەنئىتىڭنى، سېنىڭ دۈشمىنىڭ ساڭا ئويناپ بېرىدۇ. مانا بۇ روھ قىرغىنچىلىقى. مانا بۇ بىر مىللەتنىڭ روھ دۇنياسىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلانغان ۋىجدان ۋە غۇرۇرنىڭ قىرغىنچىلىقى. ئەدەبىيات دېگەن دەل سېنىڭ روھىيىتىڭنىڭ ئىچكى دېڭىز ئوكيانلىرىدا يۈز بېرىۋاتقان تسۇنامى، يەنى دېڭىز قوينىنىڭ دەل ئۆزى.

ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ ختاي تۈرمىسىدىكى نۇرمۇھەممەت ياسىنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات دېمەك، «ياۋا كەپتەر» بولۇش دېمەكتۇر. ھازىر ختاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان نۇرمۇھەممەت ياسىننىڭ قەلىمى ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى تولىمۇ ئېنىق ئىپادىلىگەن «ياۋا كەپتەر» مۇنداق نىدا قىلىدۇ:

*«يەنە ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن. ئوڭۇممۇ چۈشۈممۇ ياكى ھەر ئىككىسى ئەمەسمۇ بىلمەيمەن. قانىتىم ئاستىدىن غۇر - غۇر شاماللار ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. مەن ھازىر ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. زەڭگەر رەڭ ئاسمان، پارلاق قۇياش نۇرىغا چۈمۈلگەن بىپايان دۇنيا، بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە - ھە!...*

*ئەمدى ماڭا دۇنيا تېخىمۇ كەڭرى بىلىنىپ، كۆز ئالدىمدا بىر يېشىل داستىخاندەك ئوچۇق نامايان بولدى. بۇ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرە، مەن كۆرۈپ باقمىغان جايلار ئىدى. لېكىن مەن ئۇ يەرگە ئۆز ماكانىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. ھەممە يەر ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەتتى. تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر كۆرۈلدى. پەستە ئۇششاق نەرسىلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار ماڭا ئانچە خەتەرلىك ئەمەستەك بىلىندى. ئانامغا قېرىلىق يەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. يەردە بىچارىلەرچە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئاشۇ جانلىقنىڭ، كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بىزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشكە*

> *كاللام يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى ئانچە خەتەرلىك ھېس قىلمىدىم. ئانام: ‹ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ھۇنىرى جىق، پەخەس بولمىساڭ ئۇلار سېنى بىردەمدىلا مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ› دېگەن ئىدى. بىردىنلا مېنىڭ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى ھۇنىرىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى».*

يۇقىرىدىكى ئەدەبىياتقا تەۋە گۈزەل ئىپادىلەشنى پەقەت ئۇيغۇرلار «ياۋا كەپتەر»نىڭ ئاغزىدىن ئىپادىلىگەندىلا ئانچە - مۇنچە ئىپادىلىيەلەيتتى. ئەپسۇسكى، نۇرمۇھەممەت ياسىننىڭ بۇ ئۇسلۇبى زالىملار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالدى. «ئۇ ياۋا كەپتەر كىم؟ سەنمۇ؟ ياكى شېرىكىڭمۇ؟ جىنايىتىڭنى ئىقرار قىلساڭ كەڭچىلىك بېرىمىز» دەپ قامچىلىدى يازغۇچىنى. مانا مۇشۇنداق ئىچكى ھېسسىياتىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، دۈمبىلەردىن چىققان قان تەپچىلىرى، كېلەچەكتىكى بىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يانار تېغىنىڭ پارتلاش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

يەنە بىر قېتىم ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ بۇ قېتىم بۇ سوئالغا مۇنداق بىر ھېكايە بىلەن جاۋاب بەرمەكچىمەن.

ئامېرىكىنىڭ ئەڭ ئاۋات شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان نيۇ يورك شەھىرىدىكى بىروكلىن كۆۋرۈكىدە ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقىنىغا بىرقانچە يىل بولغان ياشانغان بىر ئەما كىشى بار ئىكەن. بۇ ئەما كىشى: «مەن ئەما، ياردەم قىلىڭ» دېگەن خەت يېزىلغان كىچىك بىر دوسكىنى، ۋە بىر تۆمۈر قۇتىنى يېنىغا قويۇپ تىلەمچىلىك قىلىدىكەن. قىش، باھار، ياز ۋە كۈز، يامغۇرلۇق ۋە جۇدۇنلۇق كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ ئەما كىشى بىروكلىن كۆۋرۈكىگە ھەمراھ بولۇپ، ھەر كۈنى ئاز بولغاندا 7 دوللار كۆپ بولغاندا 10 ۋە 15 دوللار ئەتراپىدا پۇل تېپىپ ھاياتىنى تەمىن ئېتىپ كېلىۋاتقان ئىكەن. بىر كۈنى سەھەردە بۇ ياشانغان كىشى، ئەمدىلا تەزگاسىنى ئېچىپ تۇرۇشىغا يىراقتىن، «تاق، تاق، تاق» قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ياشانغان كىشى ئاياق تىۋىشىنى زەن سېلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن، بۇ ئاۋازنىڭ ئېگىز پاشنىلىق بىر ئاياغنىڭ تىۋىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئاڭغىچە ئاياق تىۋىشى يېقىنلاش بىلەن بىرگە، يېقىملىق بىر ئەتىرنىڭ پۇرىقىمۇ كەپتۇ. ئايال ئەما كىشىنىڭ يېنىدا توختاپ شۇنداق دەپتۇ: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن، تەقدىرىڭنى ئۆزگەرتمەكچىمەن. كەمبەغەل تىلەمچى دېگەن تارىخىڭغا يېقىندا خاتىمە بېرىسەن» دەپتۇ. تىلەمچى كىشى ھەيران قاپتۇ. رەت قىلىشنى ئويلاشقان ۋە بۇ ئايالنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم قىلىشنى نىيەت قىلىپ قالغانلىقىنى سوراپ باققۇسى بار بولسىمۇ ئەمما پېتىنالماپتۇ. ۋە ئاخىرىدا ئايالنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. توغرىسى قوبۇل قىلىش ۋە قىلماسلىق تاللىشى بولماپتۇ. ئايال دوسكىدىكى خەتلەرنى ئۆچۈرۈپ، دوسكىغا يېڭىدىن بىرنەرسىلەر يېزىپتۇ. تىلەمچى كىشى، جىرت - جىرت قىلىنغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، دوسكىغا يېڭى خەتلەرنىڭ يېزىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىپتۇ. تىلەمچى كىشىنىڭ ئەتراپى بىر ئاز تىمتاسلىققا چۆمۈپتۇ. ئاندىن بىردىنلا تىلەمچىنىڭ تەلەڭگىسىدىن توختىماي جىرىڭ - جىرىڭ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ. چۈشتىن كېيىن بولا بولماي، پۇللارنىڭ تەلەڭگىدىن تاشقىنلاپ، يەرگە تۆكۈلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئاۋازنىڭ قۇلىقىغا كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ. ئاخىرىدا تىلەمچى، تەلەڭگىسىدىن تاشقىنلاپ يەرلەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن پۇللارنى ئاستا ئاۋايلاپ بىر قول ياغلىققا ئوراپ، تىلەمچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشقا تەمشەلگەن بىر كىشىدىن شۇنداق سوراپتۇ، شامالدا سەل تىترىگەن بەدىنىنى ئاران كونترول قىلىپ تۇرۇپ : «ئۆتۈنۈپ قالاي، يېنىمدىكى ئۇ دوسكىغا نېمە دەپ يېزىلغانلىقىنى بىر ئوقۇپ بەرگەن بولسىڭىز كاشكى...» يولۇچى تىلەمچىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە جاۋابەن دوسكىدىكى خەتنى ئوقۇشقا باشلاپتۇ: «باھار كېلىۋاتىدۇ. باھاردىن كېيىن ياز كېلىدۇ. ھەممە جاي گۈل - چېچەككە پۈركىنىدۇ. ئەمما مەن بۇ گۈزەللىكنى كۆرەلمەيمەن.» مانا بۇ ھەقىقىي ئەدەبىيات، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىدىن ئىبارەت بۇ دۇنياۋى سىياسىي تىلەمچى بىر مىللەت ئۈچۈن تىلەمچىلىكمۇ ماھارەت تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدىغان ئۆرنەك.

2017 - يىلدىن ئېتىبارەن خىتاي مۇستەبىت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان زور

تۇتقۇن تارىختىكى ھەرقانداق بىر ۋاقىتتىكىدىن ئېشىپ كەتتى. ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلار، ئاكادېمىك بىلىم ئەھلىلىرى، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى تۇتقۇن قىلىندى. ئۇيغۇرلار يەنە بىر قېتىم دۇنيا ئەمدى تەكرارلانماسلىقى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارىغان بۇ قاباھەتلىك جازا لاگېرلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز قارشىلاشتى.

1930 - ، 1940 - يىللاردا ناتسىستلار گېرمانىيەسى يەھۇدىي تۇتقۇنلىرىنى قامىغان «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى»غا ۋە يوسىپ ستالىننىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا يولغا قويغان «گۇلاگ»لىرىغا ئوخشايدىغان يىغىۋېلىش لاگېرلىرى مەخسۇس ئۇيغۇرلارنى قاماش ۋە نەزەربەند قىلىش ئۈچۈن ئېچىلدى. ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ئەدەبىيات تۈرمىگە تاشلاندى، ئەدەبىيات جازا لاگېرلىرىغا سولاندى. ئۇيغۇر ئەدىب ۋە يازغۇچىلىرى خۇددى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ھەر جايىنى قاپلاپ، ئىتلىرىنى يېتەكلىگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىشتىن بۇرۇن، ياكى دەھشەتلىك بىر دېڭىز قۇيۇنى كېلىپ يوغان پالما دەرەخلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز ئىشلىرىنى، سودا - سېتىقلىرىنى دەرھال پۈتتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن جىددىي ۋە ئالدىراش ھەرىكەت قىلىدىغان شەھەر ئاھالىلىرىدەك، ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق بىر قاباھەت يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، بىر نەرسىلەرنى يېزىۋېلىش، چاققان - چاققان نەشر قىلدۇرۇۋېلىش ھەلەكچىلىكىدە بولدى. چۈنكى، دىكتاتور دۆلەتلەردە ئەدەبىياتنىڭ ئەتىسىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. مانا مۇشۇنداق دۈشمەن تامامەن سېنىڭ روھىي دۇنيايىڭنى قامال قىلىۋېلىشتىن بۇرۇن، بىر نەرسىلەرنى رويابقا چىقىرىۋېلىش مەقسىتىدە يېزىلغان نادىر كىتابلارنىڭ بىرى خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئالتۇن كەش» ناملىق رومانى.

1920 - يىلدىن 2022 - يىلغا قەدەر بولغان بۇ يۈز يىل جەريانىدا ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تەقىب ئاستىغا ئېلىنغان يۈز يىل بولۇپ، گەرچە 1980 - يىللاردىن ئېتىبارەن خىتاي ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىگە ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر ئەركىن تىنىۋېلىش پۇرسىتى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ئۆتمۈشتە ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا ئائىت تېمىلار يەنىلا سەزگۈر تېمىلار ھېسابلىنىپ، نەشر قىلىنىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان سۆزگۈچلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن يۇقىرىقىدەك قىسمەتلەر سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بەك مول ھوسۇللۇق ئەدەبىيات بولالماي كەلدى. بىرەر كەلىمىنىڭ ياكى بىرەر جۈملىنىڭ يازغۇچىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ھاكىمىيەتنىڭ ياكى «ئاكاڭ قارىغاي»نىڭ كۆڭلىگە ياقمىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى قانچە ئونلىغان يىللىرىنى تۈرمىلەردە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇنداقتا خىتاي تارىختا مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ زور تۇتقۇن، بۇ زور قىرغىنچىلىق بىلەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نامايەندىلىرىنى تۈرمىلەرگە تاشلاش بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يوق قىلىۋېتەلەمدۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تەمسى نېمە بولۇش كېرەك؟ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ، خۇددى 1930 - ۋە 1940 - يىللاردا يۈز بەرگەن يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىنى يۈكسەك قەلەم كۈچى بىلەن دۇنياغا تونۇتقان دۇنيا يازغۇچىلىرىغا ئوخشاش مەشھۇر يازغۇچىلىرى، ل. تولستويلىرى بولۇشى كېرەكمۇ - يوق؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تەقدىرى زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟ تەكلىماكاننىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىدا، دۇنيادىن بەك ئۇزاقتا، «قۇتقۇزۇڭلار!» دېگەن ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتالمايۋاتقان، قىسقىسى، دۇنيانىڭ «ئۆگەي بالىسى» بولۇپ قېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى دۇنيا سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىپ، دۇنيا ئەدەبىياتى ئاسمىنىدا يۇلتۇزدەك چاقنىتىدىغان، ۋىلىيام شېكسپىرلىرى، فىيودىر دوستويېفسكىلىرى، ل. تولستويلىرى، چارلىس دىكېنسلىرى، مارك تۋېنلىرى، خومەرلىرى، ج. ر. ر. تولكىنلىرى، جورج ئورۋېللىرى، ئەدگار ئاللەن پولىرى، ۋىكتور خۇگولىرى بولۇشى كېرەكمۇ - يوق؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك ۋىجدانى زادى نېمە دەيدۇ؟ يوق بولۇپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ياكى ياشىشى ۋە ياشنىشى كېرەكمۇ؟ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى زادى نېمە بولۇشى كېرەك؟ بۇ سوئاللارغا ھازىر چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان، ئويلىنىش ئىچىدە تېڭىرقاۋاتقان، ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ۋىجدانى جاۋاب بېرىدۇ.

## مەڭگۈ تاشلاردىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

بىر مىللەتنىڭ دۇنيانى فەتىھ قىلىدىغان ئىككى نەرسىسى بولىدۇ: بىرى قورال، يەنە بىرى قەلەم. نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر گەرچە قورال كۈچى بىلەن دۇنيالارنى فەتىھ قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما قەلەملىرى كۈچلۈك يازغۇچى - شائىرلىرى بىلەن دۇنيا خەلقلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى، پىكىر - ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى رام قىلىشالىغان. رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي ئەنە شۇنداق قەلىمى بىلەن دۇنيانى فەتىھ قىلغان يازغۇچىدۇر. ئۇيغۇرلار تارىخ سەھنىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرلەردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ كەلگەن خەلق. ئۇيغۇرلار تارىختا ئىنتايىن پەخىرلەنگۈدەك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى، جۈملىدىن مىفلار، ئەپسانىلەر، رىۋايەت - چۆچەكلەر، قىسسە - داستانلارنى، لەتىپە - ئەلنەغمىلەرنى ياراتقان.

«ئوغۇزنامە»، «ئاپراسىياپ» داستانى، «دەدەقورقۇت» ئەپسانىسى ۋە مىفلىرى بۇ يىللاردىكى شانلىق تارىخقا ئۆرنەك بولالايدۇ. «پىرچەڭكى»، «شىراق»، «تۇمارىس»، «بۆكەخان»، «ئوغۇزنامە»، «دەدەقورقۇت» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئەپسانە - رىۋايەتلەر، ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ ۋاقىتلاردىكى رېئال ھاياتقا، تۇرمۇشقا، جەمئىيەتكە، ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىشاتقان دىنىغا مەھكەم باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزگىچە خاس ئەدەبىي ئەسەرلەر يارىتىپ، ئۆزى تەۋە تۇپراقلار شۇنداقلا ئەتراپىدىكى جۇغراپىيەدە ياشاۋاتقان قېرىنداش مىللەتلەرگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ئۆزىگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بۇ ئەدەبىيات مىراسلىرىدىن غورۇرلىنىپ ۋە پەخىرلىنىپ ياشاپ كەلدى. بىز بۇ ئەدەبىيات مىراسلىرى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىمى دەۋرلەردە قانداق ياشىغانلىقى، قانداق بىر چۈشەنچە ئېڭىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ياكى دىنىي ئېتىقادى سوتسىيال ۋە كۈلتۈرەل ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارغا ئىگە بولالايمىز. رىۋايەت، چۆچەك، ئەپسانە، مىفلار ئاشۇ دەۋرنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئىجتىمائىي تاراتقۇسىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى مىلادى 7 - ئەسىردىن ئېتىبارەن باشلانغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قەدىمدە ياشاپ ئۆتكەن موڭغۇلىيە يايلاقلىرى، ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەرياسى ۋادىلىرىدا، ئۆزلىرى ئىشلەتكەن ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ تاشلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ مەڭگۈ تاشلار، كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى، بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى، تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى، مويۇنچۇر مەڭگۈ تېشى، قارا بالا ساغۇن مەڭگۈ تېشى قاتارلىق مىڭلارچە مەڭگۈ تاشلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تۇنجى شەكىللەنگەن ۋاقتى مانا مۇشۇ مەڭگۈ تاشلاردۇر. مەڭگۈ تاشلارغا پۈتۈلگەن بۇ ئەدەبىيات گەرچە، بوگۈنكى بەدىئىي ئەدەبىياتتىن زور پەرقلەنسىمۇ، ئەمما يېزىق بىلەن قالدۇرۇلغانلىقى، ئاھاڭدارلىقىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، مەنىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۆرنەك نامايەندىلىرى بولالايدۇ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللەنگەن ۋاقتى دەل كۆك تۈرك ئۇيغۇر خانىدانلىقى قۇرۇلغان، مىلادى 740 - يىللاردىن مىلادى 840 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بولۇپ، بۇنى بىز مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتى دېسەك خاتالاشمايمىز.

مىلادى 840 - يىلى كۆك تۈرك ئۇيغۇر دۆلىتى يىقىلغاندىن كېيىن، يەنە مۇستەقىل بولغان ئۈچ ئۇيغۇر دۆلىتى مەيدانغا كەلدى. بۇلار ھازىرقى خىتاينىڭ گەنسۇ تۇپراقلىرىنى مەركەز قىلغان، گەنجۇ ئۇيغۇر دۆلىتى، قۇمۇل ۋە تۇرپاننى مەركەز قىلغان قوچۇ ئۇيغۇر دۆلىتى ۋە قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۆلەتلەرگە ئائىت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلار ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن دىنغا ئائىت بەدىئىي ئەسەرلەردۇر. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە ئەسەرلىرى بولغىنىغا قارىماي، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئەسەرلەردۇر. بۇ ئەسەرلەردىن بۇددا دەستۇرلىرى، ئاسترونومىيە، پالچىلىق، سېھىرگەرلىك، تېبابەت

ۋە بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئائىت ئىنتايىن نۇرغۇن قول يازمىلار بار. ئۇندىن باشقا، «ئالتۇن يارۇق»، «شۋەنزاڭنىڭ رەسمىي تەرجىمھالى»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «مايتىرى سىمىت» دىرامىسى، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى» قاتارلىق شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان، ئىنتايىن ئېسىل بەدىئىي يادىكارلىقلىرىمىز بار. بولۇپمۇ «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «ئوغۇزخان داستانى»، «تۇرپان ناخشا تېكىستلىرى» قاتارلىق بۇ يازما يادىكارلىقلىرىمىز، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىلگىرىلىگەنلىكىنى، يېزىقچىلىق ئەنئەنىسى ۋە يېزىقچىلىق تارىخىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى شۇنداقلا، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلىپ كەلگەن ئەدەبىيات مىللىتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. «مايتىرى سىمىت» دىرامىسىنى ئۇيغۇرلار سانسكرىت يېزىقىدىن تەرجىمە قىلغان 7 پەردىلىك بىر دىرامىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇيغۇرلار بۇ دىرامىغا ئۆزلىرىنىڭ ھايات پەلسەپىسى، ياشاش مۇھىتى قاتارلىقلارنى قوشۇپ 16 پەردىلىك بىر دىرامىغا ئايلاندۇرغان. بۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى تۇنجى دىراما، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قايتا يېزىلغان تەرجىمىدىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دۇنيا ئەدەبىياتى گۈلزارلىقىدا ئېچىلغان بىر گۈل بولۇش سۈپىتى بىلەن، دىرامىدىن ئىبارەت بۇ يېڭى بىر تۈرنى قەدىم دەۋرلەردىلا قوبۇل قىلغان، تەرجىمە قىلغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ياشاش ھايات نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ كېڭەيتىپ موللاشتۇرغان خەلق.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى شائىر قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئاپرىنچۇر تېكىندىن ئىبارەتتۇر. ئاپرىنچۇر تېكىننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. پەقەت بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە تۆتلۈك مۇرەببە شەكلىدە يېزىلغان ئۈچ كۇپلېت شېئىرى بار. ئۇندىن باشقا، ئاتساڭ كىكى، چىسىياتىتۇڭ، كالىمكەيشى، سىنلىق تېكىن قاتارلىق شائىرلارمۇ بار. ئۇلار يازغان شېئىر قاتارلىق يازما ئەسەرلەر «تۇرپان ۋەسىقىلىرى» نامى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بولۇپمۇ شىۋېتسىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە ۋە خىتاينىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسى قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىپ قالغان. بۇلار ئاشۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك يازغۇچىلىرى ۋە ئەدەبىياتىدۇر. يەنە شۇنداقلا بۇ ۋەسىقىلەر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ پاساھەتلىك بىر تارىخ ئىكەنلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان پاكىتلاردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا قۇرغان شانلىق خاندانلىق، ئىمپېراتورلۇق ۋە دۆلەتلىرى ئېلىپ كەلگەن غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئىپادىلىنىش مەھسۇلاتى بولغان ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە مۇھىم تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە، يەنى 11 - ئەسىرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن يېزىلغان شاھانە ئەسەرلەردىن، مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىق ئۇل تېشى ھېسابلانغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» ۋە ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇ ئەسەرلەر مىڭ يىللاردىن بۇيان، ئىپادىلەش سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقى، تىلىنىڭ كۈچلۈك ۋە پاساھەتلىكلىكى، بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقىنى ھازىرغىچە غۇرۇرلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان قىممەتلىك ئەدەبىي ۋە تارىخىي مىراسلاردۇر.

ئۇندىن باشقا، شۇ دەۋرلەردە تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ كۈچلۈكلىكىنىڭ يارقىن نامايەندىسى سۈپىتىدە تۇنجى تەرجىمە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «دىۋانى ھېكمەت» ناملىق ئەسىرى، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقىرى ۋە ئۇ تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، ئەبۇ قۇتلۇق ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۈسەيىن ۋە ئۇنىڭ «كاشغەر تارىخى»، شۇنداقلا «قىسەسۇل ئەنبىيا» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى يازما پىروزىچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى فونتامىنتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىدىن باشقا، نەۋائىينىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق كىتابىدا تەرىپلىگەن، ئۇيغۇر سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ كانى دەپ قارالغان ئەبەيدۇللا لۇتفى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات شېئىرىيەت تارىخىدىكى يەنە بىرىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك بىر كىلاسسىك شائىرىمىزدۇر. ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن «گۇل ۋە نەۋرۇز» ناملىق داستانى بار. ئەبەيدۇللا لۇتفى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ داستانچىلىق ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا سەككاكىمۇ ئۇيغۇر غەزەلچىلىك ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىللىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ.

## قەلەم بىلەن جاھانگىر بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

11 - ئەسىر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ پەخىرلىك گىگانت شەخس، يېتىشكەن ئەدەبىي تىل ئۇستىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پاسىبانى، مۇتەپەككۇر دۆلەت ئادىمى، ئەلىشىر نەۋائىيدۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي 1441 - يىلى 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھىراتتا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ نەسەبى ھەققىدە تارىخچى مىرزا ھەيدەر كوراگانى «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق مەلۇماتلارنى بايان قىلىدۇ: «ئەلىشىر نەۋائىي ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىدىندۇر. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ دادىسى غىياسىدىن بارات كىچىككىنە ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى».

مانا بۇلار ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بىر ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكىنىڭ ئالتۇندەك ئىسپاتىدۇر. ئەينى دەۋردىكى داڭلىق قەلەمكەشلەردىن نىزامىدىن گەنجىۋى، ئەمىر خىسرىۋ دىھلىۋى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، سەئىدى، شىرازى قاتارلىق ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يازىدىغان قەلەمكەشلەرنىڭ تەسىرىدە، ئۇيغۇر تىلى پەقەت ھۈنەر - كەسىپ تىلى، گۈزەللىكنى ئىپادىلەيدىغان ئەدەبىيات تىلى ئەمەس دەيدىغان قاراش شۇ دەۋر يېزىقچىلىق ساھەسىدە ئومۇملىشىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىمۇ ئۇيغۇر ئانا تىلىنى تاشلاپ، پارس تىلىدا ئەسەر يازىدىغان بولۇپ كەتكەن بىر دەۋر ئىدى. بۇ دەۋرلەردە تىللارنى دەرىجىگە ئايرىش، بىر تىلنى دەرىجىدىن تاشقىرى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر تىلنى يەرگە چۈشۈرۈش ئارقىلىق ھۇزۇرلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن دەۋر ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە «ئارابى ھەسەلىست، پارىسى شەكەرىست، تۈركى ھۈنەرىست»، يەنى ئەرەبچە ھەسەل تىلى، پارسچە شېكەر تىلى، تۈركچە ھۈنەر تىلى، شېئىر يېزىشقا يارىمايدۇ، دېگەن ئىدىيە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دەۋرلەر ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي ئەنە شۇنداق ھەممىلا شائىر پارس تىلىدا شېئىر يازىدىغان، ئۆز ئانا تىلىنى تاشلىۋەتكەن، ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىدىغان، خۇدۈكسىرەيدىغان بىر دەۋردە، يالغۇز ئۆزى ئانا تىلغا بولغان يۈكسەك مۇھەببىتى بىلەن ئەسەر يازغان ۋە پولاتتەك ئىرادە بىلەن مەيدانغا يالغۇز سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇيغۇر تۈرك تىلىدا ئەسەر يېزىش ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ قورۇقچى پاسىبانى بولغان كىشى شائىر ئەلىشىر نەۋائىيدىن ئىبارەت ئىدى. بۈگۈن تارىخ يەنە تەكرارلىنىپ خىتاي ئۇيغۇر مىللىتىنى تارىخ سەھنىسىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇيغۇر ئانا تىلىنى يوق قىلىش قەدىمىنى تېزلەتمەكتە. تارىخ يەنە بىر قېتىم ئۇيغۇر ئانا تىلىنىڭ قورۇقچى پاسىبانى ئەلىشىر نەۋائىيلارغا ئېھتىياجلىق بولماقتا. ئەلىشىر نەۋائىي شۇ دەۋردىكى تۈرك تىلى ھېسابلانغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئىجادىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچقانداق بىر شائىر چاغاتاي تىلىدا يېزىپ باقمىغان بەشلىك، يەنى خەمسىچىلىك شېئىر ئۇسلۇبىنى قوللىنىپ، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەددى ئىسكەندەر»، «سەددى سەييارە» ۋە «ھەيرەتۇل ئەبرار»دىن تۈزۈلگەن خەمسىسىنى تۈزۈپ، پارس تىلىنىڭ پاساھىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھىتىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتى. ئۇ يەنە «مۇھاكەمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق لۇغەتنى تۈزۈپ چىقىپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارس تىلىدىن قېلىشمايدىغان پاساھەتلىك، باي مەنىلەرگە ئىگە بىر تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى.

ئەلىشىر نەۋائىي شائىر بولۇش بىلەن بىرگە دۆلەت ئەربابى ۋە ۋەزىر بولۇپ، سۇلتان ھۈسەيىن

بايقارانىڭ ھەر خىل مەدەنىيەتلەرگە باي، سەلتەنەتلىك بىر دۆلەت قۇرۇپ چىقىشىغا ئەقىل كۆرسەتكەن ئەقىل ئادىمى ئىدى. ئەلىشىر نەۋائىي بەدىئىيلىك جەھەتتە ئىنتايىن ئۇستۇن بولغان تېما جەھەتتە كۆپ خىل بولغان، شەكىل جەھەتتە خىلمۇخىللاشقان ئۇيغۇر شېئىرىيتىنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل، يارقىن بولغان گۈل تاجىنى كىيىپ ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تېما جەھەتتىن كەڭلىكى بىلەن، بەدىئىيلىك جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى بىلەن، پىكرى جەھەتتىكى تېرەنلىكى بىلەن، ئىپادىلەش شەكلىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكى بىلەن، 11 - ئەسىر سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن ياشىغان بارلىق ئۇيغۇر شائىرلار، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئىجادىيەت پەللىسىنى، ئىجادىيەت شەكلىنى، ئىجادىيەت خاھىشىنى ۋە ئىجادىيەت پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كەلدى.

ئەلىشىر نەۋائىي، ماھىيەت جەھەتتە ئۆزى يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى پارس تىلىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرغان بولسا، ئۆزىدىن كېيىنكى بارلىق شائىرلارغا، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئەسەر يېزىش ئىشەنچىسى ۋە ئىمكانىيىتىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەلىشىر نەۋائىي يالغۇز ئۇيغۇر تىلىنىلا قۇتقۇزۇپ قالغان شائىر بولۇپلا قالماي يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭمۇ قوغدىغۇچىسى، قۇتقۇزغۇچى پاسىبانى بولغان ئىدى. بۇگۈن يەنە تارىخ تەكرارلانماقتا.

ئەلىشىر نەۋائىيدىن كېيىن، ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، چۈشىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىش، كىشىلەرنىڭ سەۋىيەسىنى، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. چۈنكى ئەينى چاغدا ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر چاغاتاي تىلى، ئەينى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشمە نۇقتىلىرى بولغان خوراسان رايونلىرىغا، قەشقەردىن تارتىپ ئوسمانلىلارنىڭ پايتەختى بولغان ئىستانبۇلغىچە، ئىراق، ئىران، ھىندىستان، ئافغانىستاندىن ئىبارەت بۇ رايونلارغا نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇيغۇر چاغاتاي تىلى خۇددى سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلاپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پاساھىتى بىلەن بۇ جۇغراپىيەنى مۇھاسىرە قىلىشقا باشلىغان ئىدى.

خۇددى ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزىنىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار» ناملىق كىتابىدا: «تۈرك چۇ نەزمىنى تارتىپ مەن ئەلەم، ئەي لىدىم ئول مەملىكەتنى بىر قەلەم» دەپ يازىدۇ. يەنى، «تۈرك تىلىدا نەزم يېزىپ پۈتۈن مەملىكەتنى قەلىمىم بىلەن ئالدىم، ئىشغال قىلدىم، فەتھ قىلدىم» دەيدۇ.

بۇ ھەقتە داڭلىق ئۆزبېكىستان شائىرى ئابدۇللا ئارىپوف ناۋايىغا يازغان شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ.

*كۆپ جاھانگىر كۆرگەن بۇ دۇنيا،*
*بارچىغا گۇۋاھ يەر ئاستى.*
*لېكىن دوستلار نەزم ئەھلى ئارا،*
*جاھانگىرلار كەم بولار راستىن.*

*بەش ئەسىردىكى نەزم سارايىنى،*
*تىترىتىدۇ زەنجىرىدىن بىر شېئىر*
*تىمۇر تېخى يەتمىگەن جايىنى،*
*قەلەم بىلەن ئالدى ئەلىشىر.*

ئەينى تارىختا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ قەلىمى يەتمىگەن، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ئەسەرلىرى يەتمىگەن تۇپراقلار ئاساسەن بولمىغان. خوراسان، ماۋارائۇننەھر، ئىراق، ئىران، باغدات، ھىندىستان قاتارلىق بۇ تۇپراقلاردا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تەسىرى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تىلى ئۇ دەۋرلەردە مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە يۈكسەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلىشىر ن نەۋائىيدىن كېيىنكى بارلىق ئۇيغۇر شائىرلار، بارلىق تۈركىي مىللەت شائىرلىرى پارس تىلى مەپتۇنلۇقىنى تاشلاپ، چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن ئەسەر يازىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى. شۇڭلاشقا يەنە

بىر قېتىم ئەلشىر نەۋائىي يالغۇز ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتەپەككۇر، گىگانت شائىرىمىز بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنى غۇرۇرى بىلەن قۇتقۇزغان تىلىمىزنىڭ پاسىبان قورۇقچىسىدۇر.

## نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ باشقا سەلتەنەتلىك دەۋرلىرى

نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر سەلتەنەتلىك تارىخى دېگەن ۋاقتىمىزدا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى نامايەندە بولىدۇ.

نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك كىشىلىرىدىن تۇنجى بولۇپ، 1512 - يىلى قۇرۇلغان سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننى تىلغا ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. سۇلتان سەئىدخاننىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس . پەقەت بىزگىچە يېتىپ كەلگەن:

*قايسى گۈلشەننىڭ سېنىڭدەك بىر گۈلى رەناسى بار؟*
*قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟*

دېگەن مىسرالار بىلەن باشلانغان پەقەت بىرلا غەزىلى بار. گەرچە ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇشۇ بىرلا غەزىلى بولسىمۇ، بىز بۇ غەزەلدىن ئۇنىڭدىكى يۇقىرى بەدىئىي تالانتنى كۆرەلەيمىز.

سۇلتان سەئىدخاندىن كېيىنكى يەنە بىر ئەدىب بولسا سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئابدۇررەشىدخاندۇر. سۇلتان ئابدۇررەشىدخانمۇ ئۆز دەۋرىدىكى ناھايىتى مەرىپەتپەرۋەر، ئىلغار، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدىنى مائارىپ، ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ناھايىتى ياخشى پادىشاھلىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئۇندىن باشقا يەكەن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئوردىنىڭ مائارىپ ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان كىشى يۈسۈپ قىدىرخاندۇر. يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ «قىدىرخان دىۋانى» ناملىق بىر ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. يەكەن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدىكى يەنە بىر ئايال شائىرە ۋە مۇقامشۇناس ئامانىسساخاندۇر. ئۇ ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. «ئون ئىككى مۇقام»نى قېلىپلاشتۇرۇپ رەتلەپ يېزىپ چىقىشقا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. ئامانىسساخاننىڭ يەنە «ئىشرەت ئەڭگىز» ناملىق بىر مۇقام ئىجاد قىلغانلىقىمۇ مەلۇم. ئۇنىڭ يەنە «ئەخلاقىي جەمىلە» ناملىق خانىم قىزلارغا ئاتاپ يازغان بىر پەند - نەسىھەت خاراكتېرلىك ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىياتقا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورى مىرزا ھەيدەر كوراگانى، شاھ مەھمۇت جوراس، 17 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مۇھەممەت ئىمىن ھىرقىتى ياكى مۇھەممەت ئىمىن گۇمنام، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، خەراباتى، مەخسۇم، نەۋبەتى، فۇتۇھى، ئىبراھىم مەشھۇرى، موللا مۆمىن يەركەندى، غېرىبى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىق كۆپلىگەن شائىرلىرىمىز بۇ دەۋر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىمىزدا چاقناپ تۇرىدۇ.

18 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدىبلەردىن موللا پازىل، مەشھۇرى، قەلەندەر، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. 18 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئەدىبلىرىمىزدىن بىرى ئابدۇرېھىم نىزارىدۇر. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن»، «مەخسۇم»، «گۈلنىسا» قاتارلىق ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرى بار. بۇ دەۋردىكى ئەڭ مول ھوسۇللۇق ئەدىبلىرىمىزدىن يەنە بىرى تۇردى نازىم غېرىبىدۇر.

ئۇندىن باشقا يەنە، نورۇز ئاخۇن زىيائى، «نۇزۇگۇم» داستانىنىڭ ئاپتورى موللا شاكىر، موللا

بىلال بىن موللا يۇسۇپ نازىمى قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىمىز. موللا بىلال بىن موللا يۇسۇپ نازىمنىڭ «تارىخىي غەزەلىيات» ناملىق بىر تارىخىي داستانى بولغاندىن باشقا، تارىخىي شەخسلەردىن نۇزۇگۇم، چاڭمۇزا يۇسۇپخان، غازات دەر مۇلۇك چىن قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتىنى داستان شەكلىدە ناھايىتى كۈچلۈك قەلەم بىلەن يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى بار.

19 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى تەزكىرىچىلىك ئەدەبىيات ئۇسلۇبىدا، مۇزىكانتلارنىڭ رىسالىسىنى يېزىپ قالدۇرغان، تارىخ، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت تەتقىقاتلىرىمىزدا ئالدىنقى قاتاردىكى ماتېرىياللىق قىممىتىنى يوقاتمىغان ئەسەر «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»نىڭ ئاپتورى موللا ئىسمەتۇللا بىن موللا نېمەتۇللادۇر. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى مۇقامشۇناسلىرىنى، سازەندە پىرلىرىنى، تارىخ سۈپىتىدە خاتىرىلەپ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكىچىلىق تارىخىدا، ناھايىتى پايدىلىنىش قىممىتى بولغان بۇ ئەسىرنى يېزىپ چىققان.

19 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن يېپيېڭى بىر بەدىئىي قىممەت ياراتقان ئۇيغۇر كىلاسسىك ساتىرىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولغىنى ئەھمەد شاھ قاراقاشتۇر. خوتەن قاراقاشلىق بولغان ئەھمەد شاھ قاراقاش بىر تۈركۈم ساتىرىك شېئىرلىرى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ «يامان ئات ھەققىدە قىسسە» ناملىق ساتىرىسى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ مەشھۇر ساتىرادۇر.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىلاسسىكلىرىمىزدىن بىرى، قاغىلىق ناھىيەسىدە ياشاپ ئۆتكەن تەجەللى ھەزرىتىمدۇر.

تەجەللى ھەزرىتىم تېبابەتچىلىك، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تارىخ، گىراممATIKA، قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلەردە يېتىشكەن نۇرغۇنلىغان شائىرلارنى تەربىيەلىگەن، 19 - ئەسىردىكى مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت، ئاسترونومىيە قاتارلىق كۆپلىگەن ساھەلىرىمىزنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرغان بىر ئالىمدۇر. ئالىمنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن بىرى «بەرقى تەجەللى» ۋە «سەبقى مۇجەللى» ناملىق ئىككى پارچە شېئىرلار توپلىمىدىن ئىبارەت.

19 - ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ يېتۈك نامايەندىلىرىدىن بىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باي ناھىيەسىدە تۇغۇلغان موللا مۇسا سايرامىدۇر.

موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق كىتابى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى يېزىپ قالدۇرغان ئۇستازدۇر.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى دېگەن ۋاقتىمىزدا ئۇيغۇر تۇپراقلىرىدا يېتىشىپ چىققان بىز پەخىرلىنىدىغان مىڭلارچە ئەدىب، يازغۇچى، تەرجىمان، شائىر ۋە شائىرەلىرىمىز بار. شۇنداق، ئۇيغۇر خەلقى بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتە تارىخنىڭ ھەرقانداق بىر دەۋرىدە ئۆزۈكچىلىك پەيدا قىلىپ

قويمىغان بىر مىللەتتۇر.

## 20 - ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى

ئېغىر تىنىقلار ئاستىدا ئىگىرىغان، بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر

20 - ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن دۇنيا غەرب ئەدەبىياتى تۆت باسقۇچ بويىچە، بىردە گەۋدىلىنىپ بىردە سۇسلىشىپ، بىردە ئۆز ئارا بىرلىشىپ، يېڭى ئەدەبىيات يول ۋە ئۇسلۇبلىرى بىلەن نادىر ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى ۋە نۇرغۇنلىغان بوران - چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈردى. ئەمما بۇ جەرياندا دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ چىنارنىڭ بىر شېخى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېخمۇ تەلەيسىز بىر ئەسىرگە قەدەم قويدى. شۇنداق، 20 - ئەسىر ئۇيغۇرلار ئۈچۈن

تەلەيسىز بىر ئەسىر، 100 يىللىق قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن بىر ئەسىر بولدى. ئۇيغۇر ئەدىب، يازغۇچى، شائىر ۋە زىيالىيلىرى يۇقىرىقىدەك شانلىق ئەدەبىيات تارىخىنى ياراتقان ئەجدادلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئاسمىنىدا يەنە نۇرغۇنلىغان ناۋايىلارنىڭ چاقنىشىغا يول ئېچىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشقان ۋە تېپىرلىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ پاجىئەلەر ئەلۋەتتە تارىختا يۇقىرىقىدەك سەلتەنەتلەرنى سۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىمۇ ئۇشۇشۇك تەككەن چېچەكتەك شۇمشەيتىپ قويغان ئىدى.

20 - ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 1 - باسقۇچى

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 1940 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىق 1 - باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا جەددىچىلىك ۋە دېموكراتىك ئەدەبىياتنىڭ قىسقىچە تارىخى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، بىزنىڭ بىر قىسىم دىنىي ئۆلىمالىرىمىز، يازغۇچى - شائىرلىرىمىز يېتىشىپ چىقىشقا باشلىدى.

نۇرغۇنلىغان زىيالىي، دىنىي ئۆلىمالىرىمىز يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن مىللەتنى يېتەكلەش، شۇ دەۋردىكى خارلىق ۋە ئاسارەتتىن ئۇيغۇر مىللىتىنى قۇتۇلدۇرۇش رولىنى ئوينىدى. ئۇلار جەددىچىلىك، يەنى مىللىي ئاقارتىش خىزمەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مەكتەپ ئاچسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ مىللەتنى يېتەكلەيدىغان ئەسەرلىرى ئارقىلىق، گېزىت چىقىرىش ئارقىلىق، مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ كەلدى ۋە مىللەتنىڭ غەپلەتتە قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق جانلىرى بىلەن بەدەل تۆلىدى.

1900 - يىلدىن 1940 - يىلغىچە بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 1 - باسقۇچلۇق ئاقارتىش ۋە شېھىتلىك ئەدەبىياتى باسقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئۇلار، خەلقنى ئويغىتىش بەدىلىگە يازغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى سەۋەبىدىن قەتل قىلىندى. ئۇلار يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى بىلەن، ئاچقان پەننى مەكتەپلىرى بىلەن، چىقارغان گېزىتلىرى بىلەن، بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزدىلا ئەمەس، بەلكى مىللىي ئويغىنىش ئېڭىمىزنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

20 - ئەسىر 1 - باسقۇچلۇق قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بېشىدا كېلىدىغان كىشى ئابدۇقادىر داموللامدۇر. ئابدۇقادىر داموللام 1862 - يىلى ئاتۇشنىڭ مەشئەت يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئەينى دەۋردە خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. كېيىن بۇخاراغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جايلاردىكى ئىلىم تەھسىل قىلىشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يېڭىچە مىللەت ئۇقۇمىنىڭ سىڭىشى، يېيىلىشى ۋە زامانىۋى مائارىپنىڭ كەڭرى تارقىلىشى ئۈچۈن مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن ۋە مۇھىم روللارنى ئوينىغان دىنىي ئۆلىما ئالىمىمىز ھەم 20 - ئەسىردىكى مۇتەپەككۇرىمىز. ئەڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىزدۇر. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەسەرلىرى شۇ دەۋرنىڭ ئالىي مەكتەپلىرى ھېسابلانغان قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇشلۇق ئورنىدا قوللىنىلغان. ئۇ يەنە بۇ مەدرىسىلەردە، يېڭىچە بىر يۈرۈش لوگىكا، گىراماتىكا، تارىخ قاتارلىق پەنلەرگە ئاساس سالغان يېڭىچە بىر تۈركۈم دەرسلەرنى تەسىس قىلغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مىللەت ئارىسىدا كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ئىناۋىتى ۋە مىللەتنى يېتەكلەشتىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن رولى ئەلۋەتتە ئاشۇ دەۋرلەردىكى خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئىنتايىن بىئارام قىلغان ئىدى. 1924 - يىلى خىتايلارنىڭ پىلانلىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەست قىلىشى بىلەن ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە شېھىت قىلىندى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ ئويغىنىشى، مائارىپ جەھەتتىكى يۈكسىلىشى ۋە بىر مىللەت سۈپىتىدە ئىسلاھ قىلىنىشى ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام ئىسلاھاتچى مىللەتپەرۋەر ئۇستازدۇر.

20 - ئەسىر 1 - باسقۇچ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى قۇتلۇق شەۋقىدۇر. قۇتلۇق شەۋقى 1876 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، بۇخارا ۋە مىسىردىكى ئەل ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىستانبۇلغا كېلىپ تەلىم ئالغان ۋە قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ،

1918 - يىلى قەشقەردە تۇنجى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئاڭ» دېگەن نام ئاستىدا گېزىت چىقارغان. 1933 - يىلىغا كەلگەندە بولسا، «يېڭى ھايات» ناملىق گېزىتنى چىقارغان. مەيلى «ئاڭ» گېزىتى بولسۇن، مەيلى «يېڭى ھايات» گېزىتى بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بىردىنبىر ئاخبارات ۋاستىسى ھېسابلىناتتى. قۇتلۇق شەۋقى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىپەتچىلىك، نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىغا باشلامچىلىق قىلغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنتايىن ئېسىل ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان ئىدى.

*گەر خۇدا بەرسە قىلىچ،*
*كەس دەپ ئاڭا بۇيرۇسام.*
*ئۇزسە خەلقىم بويىنىدىن،*
*قۇللۇق كىشەن زەنجىرىنى.*
*گەر خارابكەن ئەل ۋەتەن،*
*كاللامنى ئۇزسۇن ئۇ قىلىچ،*
*كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى،*
*قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.*

دېگەندەك ئوتلۇق شېئىرلىرى بىلەن خەلقنى ئويغىتىشقا تىرىشقان . ئەپسۇس، 1937 - يىلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن ئاتۇشنىڭ ياۋاغ تۈرمىسىدە شۇ دەۋرنىڭ داڭلىق زىيالىيلىرىدىن 300 چە كىشى بىلەن بىرلىكتە كوللېكتىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

1937 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئېلىپ بارغان زور تۇتقۇن ۋە قىرغىنچىلىق، ئۇيغۇر تارىخىدا ئېلىپ بېرىلغان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى، زىيالىيلار، ئىنقىلابچى رەھبەرلەر، مەدەنىيەت ئەربابلىرىغا قارىتىلغان زور كۆلەملىك تۇتقۇن، قىرغىنچىلىق ۋە سۈرگۈندىن ئىبارەت بولۇپ، «خەلق دۈشمىنى»، «جاھانگىرلارنىڭ قۇيرۇقى»، «پانتۈركىست»، «سوۋيېتسىتلىك توپىلاڭ پىلانلىغۇچى» دېگەندەك تۈرلۈك قالپاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى سۈرگۈن قىلىنغان كىشىلەر ھەددى - ھېسابسىز.

20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 1 - باسقۇچ قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن يەنە بىرى ئەھمەد زىيائى ۋە مەمەت خەلپەتلەردىن ئىبارەتتۇر. مەمەت خەلپەت شۇ چاغدا كۆتۈرۈلگەن تۇرپان قوزغىلىڭىغا ئاكتىپ قاتناشقان ۋە يالقۇنلۇق غەزەللىرى بىلەن ئىنقىلابنى كۈيلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتىدۇر. يۇقىرىدىكى بۇ ئىككى قەلەمكەشمۇ خىتاينىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 2 - باسقۇچى 1940 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولغان 40 يىللىق جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، بۇ باسقۇچ خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، تۈرلۈك قالپاقلار بىلەن ئۇيغۇر ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلىرىمىزنى تارىمغا سۈرگۈن قىلغان، نەزەربەند ئاستىغا ئالغان ۋە ئۆلتۈرگەن دەۋرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 20 - ئەسىر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىنىڭ 2 - باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلغۇچى قەلەمكەش شائىر ۋە ئەدىبلىرىمىزدىن، ئەھمەد زىيائى، نىمشېھىت ئەرمىيا سايرامى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زۇنۇن قادىرى، ھاجى مىرزاھىد كېرىمى، تۇرغۇن ئالماس، ئەرشىدىن تاتلىق، تېيىپجان ئېلىيوف، مۇھەممەت رېھىم، قادىر ئاسلان، مۇھەممەتجان راشىدىن، ئوسمانجان ساۋۇت، بوغدا ئابدۇللا، تاھىر تالىپ، قۇربان بارات، زوردۇن سابىر قاتارلىق مىڭلىغان ئۇيغۇر قەلەمكەش شائىر، يازغۇچى، تەتقىقاتچى ئالىملىرى خىتاي 1957 - يىلى ئېلىپ بارغان «ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى» ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى، تارىمغا سۈرگۈن قىلىندى، شۇنداقلا

ئەڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەر بىلەن جازالاندى ياكى ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇش ھوقۇقىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

بۇ دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاياتى بولۇپمۇ قىرغىنچىلىق ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رومان، ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ يۈلتۈزى سانىلىدىغان ئايال يازغۇچى خالىدە ئىسرائىلىنىڭ «ئالتۇن كەش» ناملىق رومانى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1980 - يىللاردا، خىتاي «ئىسلاھات، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى يولغا قويغاندىن تارتىپ، 2000 - يىللاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە بۆلگۈنچىلىككە قارشى ئىدىيەۋى سىياسىي كۆرەش باشلانغانغا قەدەر بولغان 30 يىل، گەرچە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتى سەل نەپەس ئالغان يىللار ھېسابلانسىمۇ، ئەمما ئەركىن دېموكراتىك ئاڭ ۋە چۈشەنچىلەر قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنىپ تۇردى. نەشرىياتچىلىق، گېزىت - ژۇرنال ئىشلىرىدا سەل يۈكسىلىش ۋە بوشاش كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسى قاتمۇقات توسۇقلاردىن قۇتۇلالمىدى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ «باھادىرنامە»، «مەھمۇد كاشغەرىي» قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئېسىل رومانلارنى نەشر قىلدۇرۇۋالدى.

بۇ قىرغىنچىلىق دەۋرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي سىياسىي ۋەقەلەردىن، 1991 - يىلى 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى قەشقەرنىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىنىڭ بارىن يېزىسىدا يۈز بەرگەن بارىن قىرغىنچىلىقى بىلەن، 1997 - يىلى 5 - فېۋرال كۈنى غۇلجىدا يۈز بەرگەن 5 - فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى، مۇشۇ 30 يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق بولۇپ، بۇ ۋەقەدىن كېيىن باشلانغان «مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۆرەش» قالپىقى ئاستىدىكى ئىككى قېتىملىق زور تازىلاشتا نۇرغۇنلىغان ياش شائىرلار تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

2000 - يىلدىن 2016 - يىلغىچە بولغان ئارىلىق 20 - ئەسىر ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق ئەدەبىياتىدا خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى، ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، بۆلگۈنچىلىككە قارشى سىياسىي - ئىدىيەۋى كۆرەشنى باشلىغان ۋە بىر تۈركۈم يازغۇچى، شائىر، ئەدىب، مۇزىكانت، ناخشىچىلارنى يەنە جازالىغان بىر مەزگىل بولدى.

1990 - يىلنىڭ كىرىشى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتى تارىخچى تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار»، «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابىنى ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى بۆلگۈنچى كىتاب دەپ قارىلاشنى باشلاپ، كېلەچەكتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بىر بوران - چاپقۇننى باشلايدىغانلىقىدىن شەپە بەرگەن بولسا، بۇ قارىلاش ئون يىل داۋاملاشقاندىن كېيىن، خىتاي يولغا قويغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى سىياسىي ئىدىيەۋى كۆرەش، 2001 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن «نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن تەمبۇر كېچىلىكى» بىلەن باشلاندى. تەمبۇر شاھى نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئېلىندى، تەمبۇر كېچىلىكى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ كېچىلىكتە «قانغا بويالغان ناخشۇن» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇغان تۇرسۇنجان ئەمەت ئەسەرلىرىنىڭ نەشر قىلىنىشى چەكلەندى. جازا لاگېرى قۇرۇلغان يىللاردا شائىر تۈرمىگە تاشلاندى.

سىياسىي - ئىدىيەۋى كۆرەش دېگەن نېمە؟ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، سىياسىي - ئىدىيەۋى كۆرەش دېگەن، ھېس - تۇيغۇ، خىيال ۋە ئويلىنىش جىنايىتىدىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىشىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. خىتايدا، ئوي - خىيال، ھېس - تۇيغۇ ساقچىسى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن ھېچكىم ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ.

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان تارىخىدىكى تاكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن تارتىپ، جىن شۇرېن - ياڭ زېڭشىن دەۋرى، تۇرپان قوزغىلىڭى، خوتەن ئىنقىلابى، شېڭ شىسەي دەۋرى، تۆگەن يېغىلىقى،

خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى دەۋر سۈرگەن 1957 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش ھەرىكىتى، بارىن ئىنقىلابى، غۇلجا ئىنقىلابى، 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ئىنقىلابى، يەكەن ئېلىشقۇ قىرغىنچىلىقى، شۇنداقلا بىز شۇ زېمىندا ياشاۋاتقانلىقىمىزغا باقماي، خەۋەرسىز قالغان يەنە نۇرغۇنلىغان قىرغىنچىلىقلار زەنجىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇيغۇر قىسمەتلىرى، 2017 - يىلى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 3 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى قايتا تەربىيەلەش نامى ئاستىدىكى جازا لاگېرلىرىغا سولىشى بىلەن ۋەتەن قىزىل چىرىغى ئەسلا يېشىل چىراغقا ئۆزگەرمەيدىغان بىر ئۇستى ئوچۇق تۈرمىگە ئايلاندى. خالىدە ئىسرائىل، پەرھات تۇرسۇن، يالقۇن روزى... قاتارلىق نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر قەلەمكەش يازغۇچى - شائىرلىرى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەرخىل نامايەندىلىرى تۈرمىلەرگە تاشلاندى. مۇستەملىكە ئاستىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ بىر ئەسىرلىك تارىخىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ قىرغىنچىلىق كەچمىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رومانلىرى ناھايىتى ئاز بولدى. بۇ بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، قاراڭغۇلۇق بىلەن سۈبھى تاڭغا يېتىشتىن ئىبارەت بىر ئۈمىد نۇرى پىلدىرلىغان، بەك كەمبەغەل ئەمما سەرخىل ئەدەبىيات بولدى. بۇ بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، دۇنيا ئەدەبىيات سەھنىلىرىدە چاقناش ئۈچۈن تىپىرلىغان ئەمما دۇنيادىن بەك ئۇزاقتا قالغان، خۇددى بۇ ئەدەبىياتنىڭ ھەقلىق ئىگىسى بولغان ئۇيغۇرلاردەكلا ھەر زامان بويىنىنى قىسقان ھالەتتە داۋام ئېتىپ كەلدى.

1922 - يىلدىن 2022 - يىلغا قەدەر، ئۇيغۇر قىسمەتلىرىدىكى قىرغىنچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك كىتابلار ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1) «مەمتىلى ئەپەندى» (يالقۇن روزى)
2) «ئالتۇن كەش» (خالىدە ئىسرائىل)
3) «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن» (سۆيۈنگۈل جانىشېف)
4) «بەشىنچى ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى ۋە شەرقىي تۈركىستان» (ئەركىن ئەمەت)
5) «بەشىنچى فېۋرال ئارخىپلىرى» ئىككى كىتاب (گۈلشەن ئابدۇقادىر)
6) «بارىننىڭ 15 يىلى» (ماقاللەر توپلىمى)
7) «خەير - خوش، قۇياش» (مۇيەسسەر خەندان)
8) «مەھبۇس روھلار» (ئابدۇۋەلى ئايۇپ)
9) «1937 1957 2017» ناملىق كىتاب (ئەسەت سۇلايمان)

يۇقىرىدىكى كىتابلار ۋەتەن ئىچى ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان، يۈز يىللىق ئۇيغۇر قىسمەتلىرىدىكى قىرغىنچىلىققا ئائىت يېزىلغان كىتابلار بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ يۈز يىللىق قىرغىنچىلىق ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن كەمبەغەل بىر ئەدەبىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم يەنە بىرقانچىلىرى بۇ تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ سان يەنىلا يېتەرلىك بولۇشتىن كۆپ ئارقىدا.

## چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنى قىرغىنچىلىق ۋە جازا لاگېرى ئەدەبىياتى مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشتىكى تۈرلەر

1. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمىي داستانلىرى، خەلق ناخشىلىرى ۋە قوشاقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى نامايەندە قىلىپ كەلگەن بۈرۈنقى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي تاراتقۇسىدىن ئىبارەت.

مەسىلەن ئىلى خەلق ناخشىلىرىدىكى «كۆچكۈچ ناخشىسى»، ئىلى خەلقىنىڭ ئىلدىن يەتتەسۇ دىيارىغا كۆچۈش تارىخىنى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بەرگەن.

ناخشىنىڭ تېكستى مۇنداق:

*بىز ئىلىدىن كۆچكەندە،*
*ئالتىنچى ئايدا روزا ئىدى.*
*دەھشەتلىك ئېغىر كۈنلەردە،*
*ئاتا ئانا بولسا ئىدى.*

*ئىلىدىن كۆچۈپ چىقىپ يەي...*
*يان بۇلاقتىن قايرىلدۇق.*
*تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن،*
*ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.*

ئۇيغۇرلار نۆۋەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى نامايەندە قىلىدىغان يېڭى ۋە ئۆزگىچە بىر ئەدەبىياتنى دۇنياغا نامايەندە قىلىش ئۈچۈن، تارىخقا مۇراجىئەت قىلىپ، ئىلى خەلق ناخشىلىرى، داستان، قوشاقلارنىڭ يېڭى ئەسىردىكى يېڭى ۋارىيانتىنى بەرپا قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن پارتلاپ چىققان، ناخشا، قوشاق، داستان ۋە شېئىرلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

2. «مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم»غا ئوخشاش دۇنياۋى سەۋىيەگە ئىگە ئېسىل ناخشىلار مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

«مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم» ناملىق بۇ ناخشا، 1944 - يىلى ستالىنىنىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان قىرىم تاتارلىرىنىڭ ھاياتىنى ئەينەن ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەر بىلەن ئوخشاش. بۇ ناخشا 2016 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ياۋروپا ناخشا كۆرىكىدە بىرىنچى بولدى. شۇنداقلا 72 يىلدىن كېيىن دۇنيانى يەنە بىر قېتىم لەرزىگە سالدى. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق دۇنيانىڭ قەلبىنى تىترەتكۈدەك ئېسىل ناخشىلىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك.

ستالىنىنىڭ قىرىم تاتارلىرىغا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقىغا قىلىنغان بۇ ئىسيان ناخشىسىنىڭ تېكستى مۇنداق:

*ناتونۇش كىشىلەر كەلمەكتە.*
*ئۆيىڭىزگە يېقىنلاپ كەلمەكتە.*
*ئۇلار ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرىدۇ*
*ۋە يەنە بىز جىنايەتچى ئەمەس دەيدۇ...*
*قايتۇرما: بىز جىنايەتچى ئەمەس دەيدۇ.*
*ئەقلىڭىز قەيەردە؟*
*ئىنسانلىق يىغلىماقتا.*
*...*
*...*
*ئەۋج : ياشلىقىمغا تويالمىدىم،*
*مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم.*
*مەن بۇ يەردە ياشىيالمىدىم.*
*ياشلىقىمغا قانالمىدىم.*

قرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئېچىنىشلىق تەقدىرنى ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق تېكىست، مۇزىكا ۋە ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ مۇكەممەل بىرلەشمىسىدىن ھاسىل بولغان ئېسىل ئەسەرلەرنى دۇنيا خەلقىگە سۇنۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

3. رەسىملەر: يېقىندا تۈركىيە ئىشلىگەن تارىخىي فىلىم «داستان»دىكى ئەكسىك تېكىن سىزغان رەسىملەردىكى تىلسىمىيكە ئوبرازىغا ئوخشايدىغان رەسىملەر

4. قىسقا فىلىملار: ئەزىز ئەيسا ئىشلىگەن «جاۋابسىز قالغان تېلېفون».

نەبىجان ئەلا ئىشلىگەن «خورلانغان ۋىجدان»غا ئوخشاش قىسقا فىلىملار.

5. رەپلەر

6. پوچتا كارتىسى: شاھىت بىز تور بېتى يولغا قويغان جازا لاگېرلىرىغا پوچتا كارتىسى ئەۋەتىش تۈرى ئىچىگە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئاڭلىتىلغان پوچتا كارتىلىرىنى ئەۋەتىشمۇ ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

7. كۈندىلىك خاتىرە يېزىش: بۇ تۈر چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇر قىلالايدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنى يېڭى بىر دەۋر ئەدەبىيات مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى.

8. كارتون كىتاب: يېقىندا ياپونىيەلىك بىر ئاپتور يېزىپ چىققان جازا لاگېرى شاھىتى گۈلباھار جېلىلوۋانىڭ لاگېر ھاياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتابى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئاڭلىتىشتا مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئۇسلۇب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

9. «بەشىنچى فېۋرال ئارخىپلىرى» 2 - كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئىمام ھەسەننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى: ئىمام ھەسەن 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابى مەزگىلىدە، غۇلجا شەھەرلىك يېڭى ھايات تۈرمىسىدە ياتقان بولۇپ، تۈرمىدە كۈندىلىك خاتىرە يازغان. بۇ خاتىرە 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلابىنى ئېنىق ئاڭلىتىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ قالغان.

10. «ئائىلەم قەيەردە؟» ئىسيانى ۋە خاتىرە يېزىش.

11. يەھۇدىي قىزى ئان فرانكنىڭ جازا لاگېرى خاتىرىسىدىن ئۇيغۇرلار ئالىدىغان دەرس. يەھۇدىي قىزى ئان فرانك 1930 - ، 1940 - يىللاردىكى يەھۇدىي جازا لاگېرلىرىدا يېزىپ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئۆلۈپ كېتىشتىن سەل بۇرۇن يەرگە كۆمۈپ قويغان. كېيىنكى يىللاردا خاتىرىنىڭ تېپىلىشى بىلەن، يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى دۇنيانى يەنە بىر قېتىم تىترەتكەن. ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئارقىلىق، كۈندىلىك خاتىرە ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

12. ماقالە يېزىش، ژۇرنال ۋە كىتاب نەشرىياتچىلىق

## چەت ئەللەردە بىخ سۈرۈۋاتقان جازا لاگېرى ئەدەبىياتى ئۆرنەكلىرى

شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن جازا لاگېرى ئىسيانى.

### 1. مېھرىگۈل (جازا لاگېرى شاھىتى)

*بىر كىم سورىسا چۈشىڭىزنى*
*دەپ بەرمەڭ ئۇلارغا،*
*چۈشىڭىزدە كۆك ئاسمان*
*ئاي يۇلتۇزنى كۆرگىنىڭىزنى.*

*بەلكىم بىلىسىز،*
*مومىڭىزدىن ئاڭلىغان چۇش ئۆرۈشنىڭ پەرزلىرىنى.*
*پەقەت بىرىنىڭ ئۇلارغا*
*چۇشىڭىزنىڭ سەدىقىسىنى.*

## 2. لاگېردىكى ئانىلارغا

*ئانام ئۆلۈپ كەتكەن شۇ كۈنى،*
*ئاسمان ئەينەكتەك چېقىلغانىدى.*
*ئالەمدىن بالدۇر كەتتى دەپ،*
*كۆزۈمگە زۇلمەت تىقىلغانىدى.*
*بىراق بۈگۈن،*
*گۈلدەك تىزىپ سەۋرىمنى،*
*ئاستىم ھىجران، سېغىنىشىنىڭ بوينىغا.*
*شۈكۈر ئېيتتىم يەنە تۆت يىل ساقلىماي،*
*سېنى بالدۇر ئېلىپ كەتكەن خۇداغا.*

## 3. شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت «ماتەم» ناملىق شېئىرى بىلەن دۇنياغا خىتاب قىلىدۇ:

*ماتەم تۇت ئەي تەڭرى تاغ،*
*ئاق باغلاپ بېلىڭگە.*
*ھازا ئاچ ئەي قاراقۇرۇم،*
*كېپەن يۆگەپ تېنىڭگە.*

*نالە قىل ئەي جۇڭغار،*
*ياش تۆك،*
*يىغىسى قۇرۇغان ئەي تەكلىماكان،*
*يىغلا ئەي تارىم،*
*يىغاڭ ئايلانسۇن دېڭىزغا.*

ھازىر ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر شائىرى مۇيەسسەر خەندان ئۆزىنىڭ قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان ۋەتىنىنى سېغىنىش ھېسسىياتلىرىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ.

### ۋەتەنلىكمەن

*قاغىلار بۇلبۇل كەبى سايرىغاندا،*
*تىڭگۈزلار گۈل بېغىدا يايرىغاندا،*
*شۇڭقارىم قاناتىدىن قايرىلغاندا،*
*ھازىدار ئۆزۈم بىلەن ۋەتەنلىكمەن.*

*بۇلاقلار ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ قانىغاندا،*
*تاغلىرىم خورلۇقلارنى سانىغاندا،*

*چىمەنلەر ئۆز - ئۆزىنى چانىغاندا،*
*قۇيۇلغان كۆزلۇم بىلەن ۋەتەنلىكمەن.*

زۇلـۇم ۋە قىرغىنچىلىقنـى دۇنياغـا ئاشكىلىتىشـتا ئـەڭ ئەقىللىقچـە يـول ئـىزدەپ، چارىسـىزلىك ئىچىدىـن چـارە ئىزدىگـەن، مۇۋەپپەقىيـەت قازانغـان ۋە دۇنيانـى ھەيـران قالدۇرغـان مىللـەت قارىـلار.

تۆۋەندىكـى چـاچ پاسـونلىرى باشـقا يېزىلغـان زۇلۇمنىـڭ داسـتانىدىن ئىبـارەت بولۇپ، 20 - ئەسـىرنىڭ باشـلىرىدا ئافرىقىلىـق قۇلـلار، قىچىـش يوللىرىنىـڭ خەرىتىسـىنى، چـاچ ئـۆرۈش شـەكىللىرى ئارقىلىـق ئىپادىلـەپ بىـر بىرىگـە ئۆتكـۈزۈپ بەرگـەن. شـۇنداقلا ئىنتايىـن مۇسـتەھكەم بولغـان، مەجبۇرىـي ئەمگـەك لاگېرلىرىدىــن مۇۋەپپەقىيەتلىـك قاچالىغـان.



*قارىلارنىڭ زۇلۇم ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى چارىسىزلىك ئىچىدىكى چارىلىرى*



*قارىلارنىڭ زۇلۇم ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى چارىسىزلىك ئىچىدىكى چارىلىرى*




چاچ ئۆرۈمىسىدىكى قېچىش خەرىتىسى

## خاتىمە

پۈتكۈل ھاياتىنى يېزىقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنيا ئەدەبىياتىدىن ئىبارەت بۇ دېڭىزغا تامچە قىلىپ قوشۇش جەھەتتە كۆپ تىپىرلىغانلىقى، كۆپ ئەجىر قىلغانلىقى سەۋەبلىك «ئالتۇن كەش»تىن ئىبارەت، خىتاينىڭ ئوغچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش قىرغىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاشۇ كىتابنى يازغانلىقى، ئۇيغۇر خەلقى ئەڭ سۆيگەن يازغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ھازىر جازا لاگېرىدا يېتىۋاتقان ئۇيغۇر يازغۇچىسى خالىدە ئىسرائىل بىلەن، ئىنگلىز يازغۇچىسى قەلىمى بىلەن دۇنيادىكى مىلياردېرلار تىزىملىكى ئىچىگە كىرگەن ج. ك. روۋلىڭنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ كەسكىن قىلىپ ئېيتالايمىزكى، ئەگەر ج. ك. روۋلىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تۇغۇلغان، ياشىغان ۋە يېزىقچىلىق قىلغان بولسا، ئاللىقاچان خالىدە ئىسرائىلنىڭ تەقدىرىگە دۇچ كېلىپ، جازا لاگېرلىرىغا تاشلانغان بولاتتى. ئەمما خالىدە ئىسرائىلمۇ ئوخشاشلا غەرب ئەللىرىدە، ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەدە ياشىغان بولسا، قەلىمىنى ئاللىقاچان بايلىققا ئايلاندۇرالىغان مىلياردېر يازغۇچىغا ئايلانغان بولاتتى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچىكىدىن ئىنتايىن ئۈمىدلىكمەن.

ئېغىر قىسمەتلەر ۋە ئېغىر ئىڭراش ۋە ئۇھسىنىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ ئانا ۋەتىنىدە ناھايىتىمۇ نۇرغۇنلىغان دۇنيا ھەيران قالىدىغان ئەدەبىيات تېمىلىرىنى قۇچاقلاپ ياتماقتا. دۇنيا ئەدەبىيات خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىغا كۆمۈلكۈلكتۇر. قاچانكى سىرلىق قىسمەتلەرگە تولغان قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بۇ زېمىنغا مەڭگۈلۈك يېقىلىش بۇيرۇقى بېرىلگەن قىزىل چىراغ پاچاقلاپ تاشلىنىپ، بۇ زېمىنغا يېشىل چىراغ يېقىلغاندا، 21 - ئەسىر دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ باھارى باشلانغان ۋاقىت بولىدۇ. دۇنيا قەلەمكەش يازغۇچىلىرى، ھەيرانلىقتا كۆزلىرىنى پۈلتايتىپ ئاچقانچە، بۇ مىللەت ئۆزى بىلەن بىرلىكتە ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك بىر «ئەدەبىيات دۆۋىسى»نى قۇچاقلاپ يېتىپتۇ دېيىشىدۇ. ئۇ چاغدا جازا لاگېرلىرىنىڭ زەنجىرلىرى چېقىپ تاشلىنىپ، ئەدەبىيات دېگەن ئەسلىدە نېمە؟ دېگەن سوئالغا، ئۇيغۇرلار يېڭىدىن تەبىر بېرىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۇ چاغدا دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ چاقنىغان مەرۋايىتى ۋە گۆھىرى بولىدۇ.

بۈگۈن مەن دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېلەچەك تېمىسى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋاتقان ۋاقىتىمدا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ 1944 - يىللىرى قىرىم تاتارلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىرغىنچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ناخشىسى «مەن بۇ يەردە

ياشىيالمىدىم»دەك دۇنياۋى سەۋىيەلىك ناخشىلىرى مەيدانغا كېلىشى كېرەك دەپ مۇلاھىزە قىلىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئامېرىكىلىق داڭلىق ناخشىچى دەللا مىلەس (Della Miles) نىڭ «شەرقىي تۈركىستان» ناملىق ناخشىسى دۇنياغا كەلدى. ناخشا شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنى دۇنياغا خىتاب قىلغان بولۇپ، تېكىست، مۇزىكا ۋە ئورۇنلاش سەنئىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يۇغۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

2022 - يىلى 11 - دېكابىر، تورونتو

*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] تۇرسۇن قۇربان تۈركەش: «شەرق رىۋايەتلىرىدە ئەلىشىر نەۋايى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2010 - يىلى نەشرى.

[2] شېرىپىدىن ئۆمەر: «ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (1 - ، 2 - كىتاب)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى.

[3] خالىدە ئىسرائىل: «ئالتۇن كەش»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى & قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2016 - يىلى نەشرى.

[4] Ann Frank. The Diary of a Young Girl by Anne Frank

[5] يالقۇن روزى: «مەمتىلى ئەپەندى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى.

[6] سۆيۈنگۈل جانىشېۋ: «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013 - يىلى نەشرى

[7] ئەسەت سۇلايمان: «1937 1957 2017»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2020 - يىلى نەشرى.

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى



گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

- 1974 - غۇلجا شەھەرلىك 21 - باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن. كېيىن بۇ مەكتەپ ئايخان ئانا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن.
- 1979 - غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن.
- 1984 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخباراتچىلىق كەسپىگە كىرگەن.
- 1989 - ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىغا خىزمەتكە كىرگەن.
- 1998 - ئىلى تېلېۋىزيە ئىستانسىسىغا يۆتكەلگەن.
- 2001 - ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزيە ئىستانسىسىغا يۆتكەلگەن.
- 2003 - تۈركىيەگە چىقىپ ئىستانبۇلدا ياشىغان.
- 2005 - كاناداغا كېلىپ، كانادانىڭ تورونتو شەھرىدە ياشاۋاتىدۇ.

14

# مائارىپى يوق مىللەتنىڭ كېلەچىكى يوق!

1985 – 2005 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىنقىلابى

سەلىمە ئا. كامال

ئۇيغۇر مائارىپىنى غەرب دۇنياسىدا تىرىلدۈرۈش – نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپىمىزدۇر. نېمە ئۈچۈن؟

18 - ئەسىردىن باشلانغان ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ (جەدىدىزىم) ھەرىكىتى نۇرغۇن ئالىم - ئەدىبلەر، مۇنەۋۋەر مائارىپچىلارنى تەربىيەلىدى، نۇرغۇن كىشىلەرنى دۇنياۋى ئالىملار قاتارىغا قوشتى. بۇ جەرياندا مائارىپچىلار ۋە مائارىپنى قوللىغان تەشكىلاتچىلار ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىدى. ئايخان ئانا، مەمتىلى تەۋپىق، يۇنۇسبەگ، ئابدۇرېھىم ئەبەيدۇللا... قاتارلىق پىداكارلار ئەزىز جېنىنى بەردى.

مەن بۇ ماقالەمدە 1985 – 2005 - يىلىغىچە ۋەتىنىمىزدە كۆتۈرۈلگەن ئۇيغۇر مائارىپىغا مەبلەغ سېلىش، ئەۋلادلارنى مائارىپسىزلىقتىن قۇتقۇزۇش ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشلىرىم نەتىجىسىدە توپلىغان، مائارىپچىلىرىمىزنىڭ ئىشەنگۈسىز پىداكارلىقلىرى توغرىسىدىكى پاكىتلارنى دۇنياغا ئاشكارىلىماقچىمەن. مەقسىتىم تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. تۆلەنگەن ئېغىر بەدەللەر، زور تىرىشچانلىقلار بىلەن ئەسىرلەر بويى داۋام ئەتكەن ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ مەشئىلىنى غەرب دۇنياسىدا تىكلەپ، كېلەچىكىمىزنىڭ مۇھىم قان تومۇرى بولغان ئۇيغۇر مائارىپىنى قۇتقۇزۇش؛

2. ئەجدادلارغا، دەۋرداشلارغا، پۈتكۈل مىللىتىمىزگە يۈز كېلىشىم كېرەك، دەيدىكەنمىز، بۇ قىيىن، جاپالىق، ئەمما ئەڭ شەرەپلىك يولغا تېزرەك قەدەم ئېلىشنى ئالىم، ئاكادېمىكلىرىمىزگە ھەمدە «مەن ئۇيغۇر» دەپ ياشاۋاتقان چوڭ - كىچىك بارچىگە چاقىرىق قىلىشتۇر.

ئۇيغۇر يېڭىچە مائارىپ ئىنقىلابىنى ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇب - شىمالىدىكى ئۇيغۇر زىيالىيلار، بايلاردىن مۇتائالى كامال، مۇسابايېۋ، كەنجە قۇم قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر ئەجدادلىرىمىز 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشلىغان. غۇلجىدا: ئۈمىد مەكتەپ، تائالىيە مەكتەپ، خەيرىيە مەكتەپ، پەنجىم مەكتەپ، تاختاي مەكتەپ... ؛ ئاتۇشتا: «ئىزچىلار مەكتەپ»، «ھۈسەينىيە مەكتەپ»، «ھەبىبزادە دارىلمۇئەللىمىن»... ؛ چۆچەكتە: ئۆمەرھاجى، مەخسۇتبايلار ئاچقان «مەھمۇدىيە»، «گۈلەندەمىيە» مەكتەپلەر... ؛ قۇمۇلدا: مۇھىتلار جەمەتى ئاچقان مەكتەپلەر؛ «لۈكچۈن مەكتەپ» (بۇ مەكتەپ فورمىسىنىڭ مەيدىسىگە ئۇيغۇر بالىسى دەپ يېزىلغان بەلگە چاپلانغان) [1]، «تاھىربەگ مەكتىپى»، «پىچان مەكتەپ»... قاتارلىق نۇرغۇن مەكتەپ ۋە مائارىپچىلارنى سانايمىز.

«ئەگەر 1930 - يىلغىچە ۋەتىنىمىزدە 100 مەكتەپ ئېچىلغان دېسەك، ئۇنىڭ 99 ىنى مائارىپ

مەشئىلىنى كۆتۈرگەن ئۇيغۇرلىرىمىز ئاچقان مەكتەپلەردۇر. تاكى 1950 - يىللارغىچە ئۇيغۇر مائارىپىمىزنىڭ سۈپىتى جۇڭگودا ئالدىنقى قاتاردا ئىدى» [2].

تۈنجى «مىللىي مائارىپ ئىنقىلابى»مىز كۈچلۈك مىللىي روھ، جان بىلەن قان بەدىلىگە غەلىبە قىلغان.

بۇ ماقالىدە 1985 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە داۋاملاشقان 2 - قېتىملىق «ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىنقىلابى» ئۈستىدە توختىلىمەن.

> *ئۇيغۇر تىلى – تۇرمۇش تىلى، سەنئەت تىلىلا ئەمەس، ئىلىم - پەن تىلى، پەلسەپە تىلىدۇر.*
>
> *– قاسىم سىدىق*

ئەجدادلار ئىزىنى بېسىپ، پۇلى بارلار پۇلىنى، بىلىملىكلەر بىلىمىنى تەقدىم قىلىپ، مائارىپچىلار يول كۆرسىتىپ باشلىغان 2 - قېتىملىق ئىنقىلابتا زىيالىيلار، تىجارەتچىلەرلا ئەمەس، «مىللىي ئارمىيە»مىزنىڭ كومىسسارى ۋەزىپىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن 16 يىل تۈرمىدە ياتقان پېشقەدەم زىيالىي مەمتىمىن ئۆمەرۇپ، ئاز پېنسىيە پۇلىدىن باشقا كىرىمى يوق ئاتا غوپۇر زاھىر، ئالما ساتقان پۇلىغا ئاچال تېغىدا ئۇيغۇر مەكتەپ ئېچىشقا جان بەرگەن ياش يىگىت ئابدۇرېھىم، مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ تەشكىلاتچىسى، «يۇرت ئوغلى» ئاتالغان ئابدۇۋەلى مۇقىيت، نۇرتاي ھاجىم ئىسكەندەر، ئابلىمىت خالىس ھاجىم، سادىقجان بىلەن ساقىھاجى، مەمتىمىن تەۋەككۇل ھاجىم، 200 دىن ئارتۇق يېتىم - نامرات بالىنى باققان، ئوقۇتقان دېھقان بالىسى ھەبىبۇللا (ھېبى)، پەيزىۋاتتا يەر تەۋرەپ ئۆرۈلگەن مەكتەپنى تىكلەشكە پۇل ئىئانە قىلغان سۈپۈرگە ساتقۇچى بوۋاي (غۇلجا)... قاتارلىقلارنى ساناپ تۈگىتەلمەيمىز.

شۇنىڭدەك، ئۈرۈمچى بەيگە مەيدانىدا «سۈزۈكسۇ مەكتەپ» ئاچقان پەيزىۋاتلىق ئوسمان زەرگەر، پىداكارلار...، مەنسۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە «مىللىي مائارىپ فوند» نامىدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان 6 مەكتەپ؛ غوپۇر نۇر ئاچقان «ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم»، «مېھرىبان ئانىلار»، «مېھرىبان ئاتىلار»، يېتىملەرنى ئوقۇتۇشقا ياش جېنىنى بەرگەن گۈلشەن قادىر (ئۈرۈمچى)؛ كېرەم ئىمىن (خوتەن)، ئەسقەر ئابدۇللا (قەشقەر)، ئاتۇش، قاراماي، قورغاس، غۇلجا قاتارلىق شەھەرلەردە قۇرۇلغان «مېھرىبان ئانىلار» قوشۇنلىرى ۋە باشقىلارنى تىلغا ئالىمىز.

خەلقىمىز نېمە ئۈچۈن 2 - قېتىملىق «ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىنقىلابى»نى قوزغىدى؟

تۈنجى قېتىملىق «ئۇيغۇر مائارىپ ئىنقىلابى»مىز 1952 - يىلى باشلانغان بولۇپ، كوممۇنىستلارنىڭ «ئىلغار زىيالىيلار ۋە باي - پومېشچىكلارنى يوقىتىش سىياسىتى» مەزگىلىدە زىيالىيلار، بايلار تۈرمىگە تاشلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن، كىتابلار كۆيدۈرۈلۈپ، مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ئىزباسار مائارىپچى سەركىلىرىمىز ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرگەن، تۈركۈملەپ ياشلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا مائارىپىمىزنىڭ ئەھۋالى ھەممىگە ئايان.

1978 - يىلدىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ ئاتالمىش «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى»نى باشلىدى. تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنى، خىتاي ئۆلكىلىرىدە تېز باشلانغان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كەلمىدى. ئىقتىسادنى ياخشىلاش شوئارى ۋەتىنىمىزدە ئۇنۇم ياراتماي تۇرۇپ، ئىستېمال سەۋىيە ئۆستى. بولۇپمۇ مەكتەپلەردە ئوقۇش بەدەل پۇلى، كىتاب پۇلى ھەسسىلەپ ئۆسۈپ، ئاساسىي گەۋدىسى دېھقانچىلىق بىلەن ياشاشقا مەھكۇم قىلىنغان خەلقىمىزنىڭ ئاتالاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئىقتىسادىي ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىدى. بىرنەچچە

مىسال ئالايلى:

ئىككى يىلدا ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ھەققى 600 - 900 يۈەنگە، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ 400 يۈەنگە ئۆستۈرۈلگەن. نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەر بۇ باھانى يەنە 50% ئۆستۈرسە بولىدۇ. پىلان سىرتىدا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىدىن 2500 يۈەن، رايون ئاتلاپ ئوقۇيدىغانلاردىن يەنە 50% ئاشۇرۇپ ھەق ئېلىنسا بولىدۇ، دەپ بېكىتىلگەن. نەتىجىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 20 ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمىگەن نامرات ئوقۇغۇچى 40 مىڭدىن ئاشقان. پەقەت شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىلا 4000 ئوقۇغۇچى ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئىلتىماس قىلغان. خوتەن ناھىيەسىدە ھەر يىلى 1800 - 2000 ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ، 450 - 500 ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغانلىق ئۇقتۇرۇشى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئەمما، ئوقۇيالىغىنى 50% ئەتراپىدا بولغان. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇش ۋە باشقا چىقىملارغا يېتەرلىك پۇل بولمىغانلىقتىن، دېھقان باللىرى ئوقۇشتىن سوۋۇپ كەتكەن [3].

كېرىيەنىڭ شىۋول يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ئاكا - سىڭىل 40 يۈەن كىتاب پۇلىنى تۆلىيەلمەيدۇ. ئاتىسى ئۈچ توخۇسىنى سېتىپ غەملىگەن 20 يۈەننى ئىككىسىگە بۆلۈپ بېرىدۇ. مەكتەپكە كېتىۋاتقان 13 ياشلىق ئاكا سىڭلىسىغا قولىدىكى پۇلنى بېرىپ:

– سەن بولساڭمۇ كىتاب پۇلىنى تاپشۇرۇپ، قەرزىڭنى تۆلىگىن، – دەيدۇ، ئۆزى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالىدۇ [4].

غۇلجا شەھرىدە بىر يىلدا ئوقۇشسىز قالغان باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1000 دىن ئېشىپ كەتكەن. (پاكىت ناھايىتى كۆپ. بۇ ماقالىدە قىسقارتىلدى.)

بىر مەۋسۇمدا 2.5 يۈەن پۇلنى ئاران تۆلەۋاتقان باللار ئامالسىز قالدى. ئېتىز - كانلاردا ساۋاتسىز ئىشلەمچىلەر كۆپەيدى. بەزىلىرى خاتا يوللارغا ماڭدى. يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى.

مىللەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئەۋلادقا ئىگە بولۇش كېرەك. بىرلا ئامال، مائارىپىمىزغا ئىقتىسادتىن تەھدىت سېلىۋاتقان قىيامەتنىڭ پىلتىسىنى ئۈزۈۋېتىش!

بازار دولقۇنىغا سەكرەپ ئاز - تولا پۇل تاپقان تەۋەككۈلچى تىجارەتچىلەر، مائارىپچىلار 2 - قېتىملىق «ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىنقىلابى» قوزغاپ، ئەۋلادلارغا ئىگە بولۇشنى نۆۋەتتىكى ئەڭ زۆرۈر ۋەزىپە دەپ چۈشەندى.

ئەڭ ئاۋۋال ئىش باشلىغان كىشى، پېشقەدەم زىيالىي غوپۇر زاھىر بىلەن «مىللىي ئارمىيە» قاراسۇ (شىخۇ) ئۇرۇشىنىڭ سىياسىي كومىسسارى مەمتىمىن ئۆمەرۇپ بولدى. غوپۇر زاھىر قەشقەردە 20 يىل ئوقۇتقۇچى بولغان. پېنسىيەگە چىقىپ يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن، ئالتە باللىق ئائىلىسىنى قومۇش ئورۇپ سېتىپ بېقىۋاتقان كىشى ئىدى. 1985 - يىلى، يېتىم، نامرات باللارنىڭ تۈركۈملەپ مەكتەپلەردىن چېكىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوقۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، يېرىم كەچۈرۈم قىلىش تۈزۈمىدە «ئىجتىمائىي ئالىي تېخنىكوم» ئاچتى. مەمتىمىن ئۆمەرۇپ مۇدىر بولدى.

ئىككىنچى يىلدا كەسپلەر 10 خىلدىن، ئوقۇغۇچى 1200 دىن ئېشىپ كەتتى. مەكتەپ بەش يىلدا 12 قېتىم كۆچتى. قىشتا كۆمۈرسىز، مۇئەللىملەر مائاشسىز قالدى، لېكىن مەكتەپ تاقالمىدى. بۇ جەرياندا تىجارەتچى ئابدۇرېشىت قادىر، تۇرسۇن خېلىل قاتارلىقلار 10 - 20 مىڭ يۈەن پۇل، كىيىم، ئوقۇش ماتېرىياللىرى بىلەن يۆلىدى. نەتىجىدە، 2002 - يىل 10 - ئايغىچە ئىلى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇلاردىن كەلگەن 3000 ئوقۇغۇچىنى چەت ئەل تىلى، خىتاي تىلى، سېستىرالىق، مال دوختۇرلۇق، فوتوگرافىيە... قاتارلىق كەسپلەردە تەربىيەلىدى [5].

«ئابلىمىت خالىس ھاجىم مائارىپ فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇلغان 1994 - يىلى، ئوقۇش پۇلىنى تۆلىيەلمەي مەكتەپسىز قالغان 1000 دىن ئارتۇق باشلانغۇچ - ئوتتۇرا مەكتەپ باللىرىدىن 800 نى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كەلدى. 2001 - يىلغىچە ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى تارقىتىش، قەرزنى خىزمەتكە

ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بۆلۈپ قايتۇرۇش شەرتى بىلەن 421 ئوقۇغۇچىنى ئالىي مەكتەپلەرگە، 10 - 35 مىڭ يۈەن پۇل بېرىپ ئالتە ئوقۇغۇچىنى ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئوقۇشقا ئۇزاتتى. ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئالدىنقى ئۈچ ئورۇننى ئالغان ئوقۇغۇچىنى ئوقۇشقا يېتەرلىك پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى.

ئالما سېتىپ پۇل جۇغلىغان، باشلانغۇچ سەۋىيەلىك ئابلىمىت خالىس ھاجىم مائارىپقا دۆلەت ھالقىپ مەبلەغ سېلىشنى ھۆكۈمەتتىن بەش يىل بۇرۇن باشلىدى، ئەجدادلار روھىنى، خەلقىمىزنى خاتىرجەم قىلدى [6].

يەنە، ئابدۇللا ئەبەيدۇللا – باشلانغۇچ سەۋىيەلىك ئالمىچى يىگىت. ئۇ تاغدىكى مائارىپسىز باللارغا مەكتەپ سېلىش يولىدا جېنىنى بەردى.

گۈلشەن قادىر – ئۇ قاغىلىقتا مائارىپسىز قالغان يېتىم باللاردىن بەشنى ئۆزىمچىگە ئەكېلىپ ئوقۇتۇۋاتقان ئىدى. ئۆيدە ئىككى ياتاق بار ئىدى، ئۆزى ئاشخانىدا ياتقان، گازدا زەھەرلىنىپ 46 يېشىدا ۋاپات بولدى.

ھەبىبۇللا (ھېبى) – دېھقان بالىسى، چاقچاقچى بولۇپ، 1991 - يىلى سورۇنلاردىن چۈشكەن ئۆزىمە پۇلدىن يىغقان 10 مىڭ يۈەننى مەمەيۈزى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلدى. شۇندىن كېيىن تاكى 2022 - يىلى ۋاپات بولغۇچە 211 بالىنى ئوقۇتتى، ھۈنەر - كەسىپ ئۆگىنىشكە ياردەم قىلدى. مائارىپقا ۋە ساخاۋەت ئىشلىرىغا جەمئىي 5 مىليون يۈەن تەقدىم قىلدى.

مەتمىن تەۋەككۇل ھاجىم 3 مىليون سەرپ قىلىپ ئاچقان «غۇلجا قەدىمىي ماكان - پەرىشتە يەسلىسى» باللارنى تەربىيەلەشتە ئالاھىدە ئۈنۈملۈك، كۆپ خىللىق تەربىيە پىروگراممىسىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ تونۇلدى.

2 - «ئۇيغۇر مىللىي مائارىپ ئىنقىلابى» ھۆكۈمەتنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ئۇچرىدى. «ئابلىمىت خالىس ھاجىم مائارىپ فوندى» تۆھمەت تاشلىرى ئاستىغا ئېلىندى. ئۆزىمچىدە «سۇزۇكسۇ مەكتەپ»نى ئاچقان پەيزىۋاتلىق زەرگەر – ئوسمانجان ۋە مەكتەپنىڭ پىداكار ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇچرىغان يەكلەشلەر، مەكتەپنىڭ مەجبۇرىي تاقىۋېتىلىشى، مەنسۇر «مىللىي مائارىپ فوندى» نامىدا ئۆزىمچىدە ئاچقان ئالتە مەكتەپنىڭ بىر كۈندە تاقىلىشى، قۇمۇل ئاراتۇرك رايونىدا 1937 - يىلى ئېچىلغان مەكتەپنىڭ توخۇ بېقىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلىشى...

ئالىي مەكتەپلەردە ئاساسىي پەنلەرنى خىتاي تىلىدا ئۆتۈش باشلانغان 2002 - يىلىدا بۇ مەسىلىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئۆيىگىچە بارغان مائارىپچىلار؛ يېزا ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتىكى نارازىلىقلىرى... قاتارلىقلار.

بۇ يەردە ئىلى مائارىپچىلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى سەركىلىرىدىن بىرى ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئاكىنىڭ بايانىدىن بىر مىسالنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتىمەن:

«1997 - يىلى پەيزىۋاتتا قاتتىق يەر تەۋرىدى. دېھقانلار ماكانسىز، يېتىملەر كوچىدا قالدى. مەكتەپ ئۆرۈلدى. شۇ كۈنلەردە ‹ئىلى مىللىي مائارىپ خالىس فوند جەمئىيىتى›مىز غۇلجا شەھىرىدىكى مەركىزىي كىتابخانا ئالدىغا: ‹پەيزىۋاتتا قاتتىق يەر تەۋرىدى، قېرىنداشلىرىمىز ماكانسىز، باللار يېتىم قالدى. مەكتەپ ئۆرۈلدى. بىز مەكتەپ سېلىپ، باللارنى مائارىپ قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىشىمىز، قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. پۇل، كىيىم ئىئانە قىلساڭلار...› دېگەن مەزمۇندا چوڭ خەتلىك ئۇقتۇرۇش ئېسىپ، ساندۇقچە قويغان ئىدۇق. ئاخىرقى كۈنى قولتۇقىغا بىر نەچچە تال سۇپۇرگە قىستۇرغان بىر بوۋاي كەلدى. ئۇ يانچۇقىنى كولاپ، ئازراق پارچە پۇل چىقاردى - دە، ساناپ بېقىپ، 50 تىيىننى ئايرىدى. قالغان پۇلنى ماڭا تەڭلەپ:

– ئۇكام، بۈگۈن بەش تال سۇپۇرگە ساتالىدىم. ھەممىسى ئىككى سوم 50 تىيىن بوپتۇ. مۇنۇ 50 تىيىنغا ئۆيگە تۇز ئالمىسام بولمايدۇ. ماۋۇ ئىككى سومنى پەيزىۋاتتا مەكتەپ سالىدىغان پۇلغا قوشۇپ

قويسىڭىز، – دېدى.

مەن ئۇنىمسام ئۇنىماي پۇلنى ئېلىپ ساندۇقىمىزغا سېلىۋېتىپ كەتتى. تۆت كۈندە 200 مىڭ يۈەن، ئىككى يۈك ماشىنىغا لىق كىيىم، ئەدىيال قاتارلىقلار يىغىلدى. بىز پەيزىۋاتقا بېرىپ، كىيىملەر ۋە باشقا لازىملىقلارنى كوچىلاردا ئولاشقان كىشىلەرگە تارقىتىۋەتتۇق. ئەتىسى پەيزىۋات ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىگە باردۇق ۋە:

– غۇلجا خەلقىنىڭ ئارزۇسى ئۆرۈلگەن مەكتەپنى تىكلەش ئىدى. پۇل ئېلىپ كەلدۇق... – دېدۇق.

مەسئۇل كىشى ئەتىگىچە مۇزاكىرە قىلىپ، جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەتىسى بارساق:

– مەكتەپنى ھۆكۈمەت مەسئۇللۇقىدا سالماقچى، سىلەر سالساڭلار بولمايدۇ، – دەپ جاۋاب بەردى.

– ئۇنداق بولسا، بىر كوچا ئالايلى، ئىككى قاسىنىقىغا قانچىلىك ئۆي پۈتسە، شۇنچىلىكنى ياسايلى، كۆچەتلەر تىكەيلى. ئۆيلەرنى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بۇ كوچىغا ‹ئىلى كوچىسى› دەپ نام بېرەيلى. جەنۇب - شىمال خەلقىمىزنىڭ دوستلۇق كوچىسى بولۇپ قالسۇن، دېگەن ئىككىنچى پىلانىمىزنى ئېيتتۇق.

– بولىدۇ. ئۇنداق بولسا سىلەر قايتىپ تۇرۇڭلار. رەسمىي قۇرۇلۇش باشلانغاندا كېلىپ، نازارەت قىلساڭلار بولىدۇ، – دېگەن جاۋابنى بېرىشتى. بىز بەك خۇش بولدۇق. پۇلنى تاپشۇرۇپ بېرىپ قايتتۇق.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس! مەن غۇلجىغا كېلىپ بولغۇچە پۇل پوچتىدىن قايتۇرۇلۇپ بوپتۇ. شۇ چاغدا ئاۋۋال ھېلىقى سوپۇرگىچى بوۋاي كۆزۈمگە سوئال بىلەن تىكىلگەندەك بولدى. مەن ئازابتا قالدىم. شۇ سوپۇرگىچى بوۋاينى تاپسام، پۇلغا ئون ھەسسە قوشۇپ قايتۇرسام. مەن بوۋايغا يۈز كېلەلمەيمەن. گەرچە قايتۇرۇلغان پۇلنى ‹مائارىپ فوند جەمئىيەت›نىڭ مەبلىغىگە قوشۇۋەتكەن بولساقمۇ، ئۆزۈمنى خۇددى خىيانەتچىدەك ھېس قىلىمەن.

شۇ مائارىپ سۆيەر سوپۇرگىچى بوۋاينى نەدىن تاپارمەن؟ »



*مائارىپچى ئابدۇۋەلى مۇقىيت ئاكا*



*يەر تەۋرەشتە مەكتەپ ئۆرۈلدى. دالادا ئوقۇۋاتقان بالىلار.*

ئېچىنىش بىلەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، مائارىپىمىز ھازىر ۋەتىنىمىزدە يىلتىزىدىن يوقىتىلدى. «ئۇيغۇر مائارىپ ئىنقىلابى»نى قوزغىغان قەھرىمانلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى تۈرمىدە.

مائارىپنىڭ قۇدرىتىنى چۈشەنگەن ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنسانلارغا، سۆيۈرگىچى بوۋايغا بىز يۈز كېلەلەمدۇق؟ ئېغىر بەدەللەر بىلەن تەرەققىي قىلغان مائارىپىمىزنىڭ يوقىتىلىشىغا قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرامدۇق؟ مىللىي مائارىپ مىراسلىرىمىز مۇزېيخانىلاردا ئەينەك قۇتىلاردىكى كۆرگەزمە بۇيۇمىغا، قىممەتلىك تەۋەررۈكلىرىمىز ئەخلەت ئارگىنالارغا ئايلىنىپ كەتسۇنمۇ؟

دىياسپورادا 3 - قېتىملىق «ئۇيغۇر مائارىپ ئىنقىلابى» قوزغاش كېرەك. ئۇيغۇر تىلى بىزگە تەۋەررۈك تىلدۇر. ئىنگلىز تىلى دۇنيا تىلى سۈپىتىدە دەۋر سۈرۈۋاتقان غەرب ئەللىرىدە ئانا تىلىمىزنى ساقلاشقا زىيالىيلىرىمىز پىداكارلىق كۆرسەتمەكتە. ئەمما، شۇ ئېنىق بولدىكى، تەۋەررۈك تىلىمىز ئاساسىدىكى مۇنتىزىم ئۇيغۇر مائارىپى – مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئەڭ كۈچلۈك كاپالىتى بولالايدۇ.

سىدنېيدا يەكشەنبىلىك «ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپى»نى ئاچقىنىمىزغا 17 يىل بولدى. باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئانا تىل مەكتەپلىرى كۆپەيدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، شەنبە - يەكشەنبىلىك ئانا تىل مەكتەپلىرى ساۋات چىقىرىش، ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتى، ئۆرپ - ئادەتلەر، تارىختىكى مەشھۇر شەخسلەر بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش جەھەتلەردە ئۈنۈم كۆرسەتتى. ئەمما، بالىنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى بېسىمى ئېغىرلىشىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تىرىشىپ ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانلىرىغا تەييارلىنىشى كېرەك. قىسمەنلىرى دەم ئېلىش كۈنىدە قەھۋەخانىدا، رېستورانلاردا ئىشلەپ، كىرىم قىلىشقا قىزىقىدۇ - دە، مەكتەپكە كەلمەيدۇ. بۇ چاغدا ئانا تىلنى ئۆگىنىشتە ئانا تىلنى نەچچە ئەۋلاد قوللىنىپ كەلگەن ئاتا - ئانىنىڭ ئىزچىللىقى بولۇشى كېرەك. ئاتا - ئانىنىڭ ئائىلىدە ئانا تىل قوللىنىشى، يەسلى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارغا نىسبەتەن ئاكتىپ تەسىر قىلىدۇ. لېكىن، ئون ياشتىن ئاشقان بالا تەۋەررۈك تىلنى بېسىم ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ، سۆزلىيەلەيدۇ، ئوقۇيالايدۇ، قىسمەن يېزىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، ئۇيغۇر تارىخى، ئەدەبىياتى، ۋەتەن جۇغراپىيەسى، ئالىمدارلىرى، باتۇرلىرىنى بىلىشكە قىزىقمايدۇ. ئاتا - ئانا يەرلىك تىللارغا پىششىق بولمىغاندا، بالا بىلەن چوڭقۇرراق پىكىرلىشىش پۇرسىتىمۇ قولدىن كېتىدۇ. ئۈچىنچى ئەۋلادقا كەلگەندە تۇرمۇش، خىزمەت قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە يەرلىك دۆلەت تىلى مەركەز بولىدۇ. ئانا تىلىمىز پەقەت بىر

ئىجتىمائىي توپنىڭ تارىخىي يالدامىسى، سىمۋولىلا بولۇپ قالىدۇ.

مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن ئەۋلادلار ئالدى بىلەن ئۇنى چۈشىنىشى كېرەك. ئاندىن ئۇنى قەدىرلەپ ساقلايدىغان، راۋاجلاندۇرىدىغان ئەۋلادىمىز بار بولىدۇ.

ئۇنداقتا ئەۋلادلىرىمىزنى ھەم ئانا تىلىنى ساقلىغان، ئۇيغۇرلۇق يىلتىزىدىن پەخىرلىنىدىغان، ھەم يەرلىك تىلغا پىشقان غەرب دۇنياسىنىڭ ئىلىم ئەھلىلىرىدىن قىلىپ چىقىشقا ئامال بارمۇ؟ بار! بۇنىڭ ئامالى، تىبەتلەر، ئەرەبلەر، تۈركلەرگە ئوخشاش، يەرلىك دۆلەتلەرنىڭ مائارىپ پروگراممىسى ئاساسىدا مۇنتىزىم ئۇيغۇر مەكتەپ ئېچىش! شۇندىلا، تارىخ، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت - سەنئەت قاتارلىق دەرسلەرنى ئانا تىلىمىزدا ئۆتۈپ، بالىلىرىمىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە بىزمۇ كۆزلىگەن نىشانغا ئاساسەن يېتىمىز.

ھەممىگە ئايان پاكىت شۇكى، مىللەتنىڭ قان تومۇرى ياش ئەۋلادلاردۇر. ھەرقانداق مىللەت ئەۋلادى ھېسابىدا ياشىرىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئەجدادىمىزنىڭ، بىزنىڭ چىرىغىمىزنى يورۇتقۇچىلاردۇر. دېمەك، ئەۋلادلىرىمىز ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ماس قەدەمدە ئىلگىرىلەش ھەم ئۆز كىملىكىنى ساقلاشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئۇلار دىياسپورادىكى ئالىملىرىمىز، تىجارەتچىلىرىمىز، ئاكادېمىكلىرىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ياردىمىسىز بۇنى ئورۇندىيالمايدۇ. بۇ ۋەزىپە قىيىن، ئەمما، ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ، يوق قىلىنىغان مائارىپىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا سېلىشتۇرغاندا قىيىن ئەمەس. تۆۋەندىكى پاكىتلارغا قارايلى:

- يەھۇدىيلار يوقىتىپ قويغان تىلىنى، مائارىپنى 2000 يىلدىن كېيىن تىرىلدۈردى.
- قازاقىستاندىكى قېرىنداشلار ئۇيغۇر مائارىپنى قوغداشتا بىزگە زامانىمىزدىكى ئەڭ نادىر ئۈلگە بولۇۋاتىدۇ.
- تىبەتلەر ھىندىستان قاتارلىق بىرنەچچە دۆلەتتە باشلانغۇچتىن ئالىي مەكتەپكىچە مۇنتىزىملاشقان مىللىي مائارىپنى ئاللىقاچان يولغا قويۇۋاتىدۇ. يەنى:

Tibetan public school,
Central school

يىلتىزداشلىرىمىزدىن تۈركلەر مىللىي مائارىپنى ساقلاشتا تېخىمۇ كۈچلۈك:

ئافغانىستاندا Amity college، Turkish maarif school قاتارلىق، ئاۋستىرالىيەدە Amity college قاتارلىق مەكتەپلىرى بار. تۈركىيەگە كېلىپ ماكانلاشقان ئەرەبلەرنىڭ Ihsan international school گە ئوخشاش مەكتەپلىرى بار.

بۇلار پەقەت ئازغىنە مىسالدۇر. ئاۋستىرالىيەدە مەن تۇرغان ئىشتاتتىلا ئالتە تۈرك مەكتەپ بار. تۈرك مەكتەپ مەسئۇلى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلەشتىم. ئۇ ماڭا:

– بۇ مەكتەپنى ئاچقىنىمىزدا 20 ئوقۇغۇچىمىز بار ئىدى. نۇرغۇن قېتىم يىقىلدۇق، قىيىنچىلىقلارمۇ ئاز بولمىدى. ئەمما، ئىزچىللىقتىن ۋاز كەچمىدۇق. ئاۋستىرالىيە مائارىپ تارماقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتۇق. مانا كۆرۈۋاتقىنىڭدەك مۇنتىزىملاشقان تۈرك مەكتەپلىرىمىز كۆپەيدى. مىڭلارچە بالىلىرىمىزنى ئىسمى جىسمىغا لايىق تۈرك ئەۋلادى، ئاۋستىرالىيەنىڭ يۇقىرى ئىلىم قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالغان مۇنەۋۋەرلەردىن قىلىپ تەربىيەلىدۇق، – دېدى.

ئۆزىمىزگە كەلسەك، ھازىر ئامېرىكا ۋىرجىنىيە ئىشتاتىدىكى «مېھرىبان ئانا» ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىدە 130، سىدنېي ئۈمىد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىدە 65، ئادېلەيد ئۇيغۇر ئانا تىل مەكتىپىدە 120 ئوقۇغۇچى بار. بۇ ئاز سان ئەمەس. پارىژ، لوندون، ستوكھولم، نورۋېگىيە، گېرمانىيە، كالىفورنىيە، كانادالاردىمۇ ئانا تىل مەكتەپلىرى داۋاملاشماقتا.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلگەن ئانا تىل مەكتەپلىرىنىڭ يىللىق تەبرىكلەش پائالىيىتىدە ئاۋستىرالىيە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى:

– دۆلىتىمىز ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ئانا تىلىنى ساقلىشى، راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەمگە تەييار. ئۆزۈڭلار تەييارمۇ؟ – دەپ سوئال قويىدى.

ئەمدى مەن ھۆرمەتلىك ئاكادېمىكلىرىمىزدىن، بارلىق ئاتا - ئانىلاردىن سوراپ باقاي: ئېغىر سىياسىي بېسىملار ئاستىدا «ئۇيغۇر مائارىپ ئىنقىلابى» قىلىپ، سانسىز بالىلىرىمىزنى مەكتەپلەرگە يېتەكلەپ كەلگەن، چەت ئەللەرگىچە ئۇزاتقانلىقى ئۈچۈن ئېغىر قىيىن - قىستاقلار بىلەن تۈرمىدە يېتىۋاتقان، ئۇيغۇر مائارىپ مەشئىلىنى ئەۋلادلارغا ئامان يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمىغان ئاشۇ ۋىجدانلىق ئەزىمەتلىرىمىزگە، خەلقىمىزگە، مائارىپچىلارغا يۈز كەلگۈدەك ئىشنى، يەنى، ئۆز ئانا تىلىمىز ئاساسىدىكى مائارىپنى ئەركىن دۆلەتلەردە تىبەتلەر، تۈركلەر، ئەرەبلەردەك پىلانلىدۇقمۇ؟ باشلىدۇقمۇ؟

شانلىق تارىخىمىز، مائارىپىمىز، ئەدەبىياتىمىز، مەدەنىيەت - سەنئىتىمىزنى بىزگە ئۇلاشتۇرغان زىيالىيلىرىمىزدۇر. ۋەتىنىمىزدە زىيالىيلار يوقىتىلدى. زىيالىيسىدىن ئايرىلغان مىللەتنىڭ بىر پادا قويغا ئايلىنىشى بەرھەق. مىللىي مائارىپنى تىرىلدۈرۈپ، مىللەتنى ساقلاش – دىياسپورادىكى زىيالىيلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. باشتا ئېيتتىمكى، بۇ بەك مۈشكۈل، جاپالىق، ئۇزاق مۇددەت ئىزچىللىق، پىداكارلىق تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت. ئەگەر كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ قىيىنچىلىقتىن بېشىمىزنى تارتساق، ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن پۇل - مېلىنى ئايىمىغان يىگىتلىرىمىزگە، ھەتتا جېنىنى بەرگەن ئابدۇرېھىملارغا، پەيزىۋاتتا مەكتەپ سېلىشقا پۇل بەرگەن سۈپۈرگە ساتقۇچى بوۋايغا، بىز بىلمەي قالغان يەنە نۇرغۇن مائارىپنى كۆچەيتىشنى مىللەتنى كۆچەيتىش دەپ بىلگەن مىللەتپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزغا يۈز كېلەلەمدۇق؟

ھېلىمۇ بەك كېچىكتۇق.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] ئۆمەرجان سىدىق: «ئىدىقۇت ئوغلانلىرى – مۇھىتلار جەمەتى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل نەشرى، 160 - 166 - بەتلەر.

[2] «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى» ئاچقان «ھېسام قۇربان لەتىپىلىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا سۆزلەنگەن سۆز. «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى – ھاكىم جاپپار»، 2004 - يىل.

[3] «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» 2002 - يىل 18 - يانۋار خەۋىرى.

[4] يالقۇن روزى: «ئۇيغىنىۋاتقان ئەجداد روھى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى، 2014 - يىل نەشرى، 248 - بەت.

[5] «ئىلى دەرياسى ژۇرنىلى» 2001 يىل 5 - سان. «مەشئەلنى خالىس كۆتۈرگەن ئادەم».


*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

15

# غايىنى يۈرەكلىك تاللىغان ساۋاقداشلىرىم

– قاسىم سىدىق بىلەن تۇرسۇن ئەرشىدىننىڭ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ھاياتىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەر

سەلىمە ئا. كامال







قاسىم سىدىق بىلەن تۇرسۇن ئەرشىدىن مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىم.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە قەدەم باسقان تۇنجى يىلىمىزدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، مەكتەپلەر تاقالدى. «زىيالىي» نامىدا بىزنى ئېتىزغا سۈرگۈن قىلدى. ئىقتىدارلىق نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم مۇدھىش زامانغا يەم بولۇپ كەتتى. ئەمما، ھەممىسى ئەمەس. يۈكسەكلىككە، مۇكەممەللىككە ئىنتىلگەن قاسىم بىلەن تۇرسۇن قەيسەر ئىرادە، تەۋەككۈلچىلىك روھىدا چىڭ تۇرغان، تىرىشىشنى، تىنىماي ئىزدىنىشنى مىزان قىلىپ، غايىنى يۈرەكلىك تاللىغان، غايىگە يېتىش يولىدا ئىزچىللىق، سىجىللىقتىن ۋاز كەچمىگەن ئىكەن. شۇڭا تەبىئىي ھەم ئىجتىمائىي پەنلەردە ھەيران قالغۇدەك نەتىجىلەرنى يارىتىپ، ئۇستازلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى، ساۋاقداشلارنى قايىل قىلدى، ئەلنى ئىپتىخارلاندۇردى.

قاسىم سىدىق بىلەن ئاخىرقى قېتىم 2002 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ (ئەسلىي نامى «ئۈمىد مەكتەپ») قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا كۆرۈشتۇم.

مەكتەپ گېرىبىنى كۆتۈرگەن تۆت ئوقۇغۇچىغا ئەگىشىپ پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان بالىلار مەكتەپ مارشى «ئۈمىد يۇلتۇزى»نى ياڭراتتى:

# ئۉمد یۇلتۇزی

ئەي ئانا مەكتپم، ئۉمد یۇلتۇزی،
سەن باسقان قەدەملەر نۇرانە، پارلاق.
یوقلۇقتن بار بولدۇڭ ئەشۇ یللاردا،
سەن بۉیۉك ئنسانلار كۆتۉرگەن بایراق.
ئبغر كۉنلەردە،
قارا تۉنلەردە،
یۇلتۇزدەك چاقندڭ، كۆرسەتتڭ نشان.
كەچمشڭ جاپالق، تاربخڭ ئۇلۇغ،
قاراڭغۇ یللاردا یاندۇردۇڭ گۉلخان،
یبڭی دەۋردە قلدڭ سەن جەۋلان.
كۆز بەردڭ، روه بەردڭ،
كۉچ بەردڭ بزگە،
ئۆستۉردۉڭ ساناقسز تۆهپكار ئوغلان.
ئانا مەكتپم،
ئۉمد یۇلتۇزی.
ئۆستۉردۉڭ ساناقسز تۆهپكار ئوغلان.
ئەي، ئانا مەكتپم،
ئەزز جانجان،
تۇزكورلۇق قلمایمز ساڭا هبچقاچان.
یاشایمز شر یۉرەك، مەردانە بولۇپ،
قورقۇتالماس بزلەرنی ئبغر ئمتهان!
ئانا مەكتپم،
ئۉمد یۇلتۇزی.
ساناقسز ئەجرڭنی ئاقلایمز هامان.
روهمز ئویغاق،
ناخشمز یاڭراق.
قەدەملەر مەزمۇت،
ئەتمز پارلاق.
كەلتۉرمز سەن ئۉچۉن مەڭگۉ شەرەپ - شان!
ئەي، ئانا مەكتپم،
ئۉمد یۇلتۇزی. [1]




*«ئۇمىد مەكتەپ»نىڭ 100 يىللىقى تەبرىكلەش مۇراسىم سەھنىسى*



*ئاستىدىكى سۈرەتتە: مەكتەپ مارشىغا تەڭكەش قەدەم بېسىپ مەيدانغا كىرىۋاتقان مۇئەللىملەر.*

مەكتەپ مارشى مۇراسىم قاتناشچىلىرىنى ئۆرە تۇرغۇزۇۋەتتى، تاكى مارش تۈگىگۈچە چاۋاكلار توختىمىدى. مەن قولۇمدىكى مەكتەپ تەزكىرىسىدىن «مارشنىڭ تېكىستى قاسىم سىدىق... » دېگەنلەرنى ئوقۇدۇم. مۇراسىم تۈگىگەندە مارشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ساۋاقدىشىمنى تەبرىكلىدىم. قاسىم بۇ مۇراسىمنى تەشكىللىگۈچى مائارىپچىلار قاتارىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىكەن. بىز قىسقىلا پاراڭلاشتۇق.

تۇرسۇن ئەرشىدىن بىلەن ئاخىرقى قېتىم 2007 - يىلى ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنېي شەھىرىدە كۆرۈشتۇم. تۇرسۇن شىياڭگاڭ خەلقئارا مائارىپ تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى سالاھىيىتىدە ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن زىيارەتكە كەلگەن ئىكەن. شۇ قېتىم ماڭا «ل. مۇتەللىپ» ناملىق كىتابىدىن بەش پارچىنى ھەدىيە قىلغان ئىدى.

## 1. ئىككى ئۆسمۈرنىڭ ئىجادىيەت يولىدىكى ئوخشاشلىقلار ۋە پەرقلەر

**تۇرسۇن ئەرشىدىن غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتە نام چىقارغان تۈنجى كۈن ھەققىدە قىسقا بايان:**

1966 - يىلى ماي ئېيى. مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۇزۇن تۆمۈر رېشاتكىنىڭ نەقىشلىرىدىن مارىلاپ ئېچىلغان سېرىنگۈللەر كوچىلارنى شېرىن پۇراقلارغا تولدۇرغان كۈنلەردىن بىرى ئىدى. ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىنكى يىگىرمە مىنۇتلۇق تەنەپپۇستا كەڭرى مەيداندا رادىيو گىمناستىكىسى ئويناپ بولۇشىمىزغا بىرى ۋارقىرىدى:

– باللار، باللار! مانى قاراڭلار، بۇ ياققا كېلىڭلار!

بىز چۇرقىرىشىپ ئۇ تەرەپكە يۈگۈردۇق. قارىساق، تۇرسۇن ئۇڭ قولىدا سېرىق رەڭلىك، ئالقانچىلىك سوپۇن قۇتىسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىز ھەيران بولۇپ قۇتىغا تىكىلدۇق. تۇرسۇن گەپ - سۆز قىلماي، قۇتىنىڭ بىر يەرلىرىنى بۇراپ، بىر يەرلىرىنى چىمداپ (بىزگە شۇنداق كۆرۈندى) قويۇۋىدى، ئىلى خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ نۆۋەتتىكى پروگراممىسى مەيداندا ياڭراپ كەتتى.

ئەينى ۋاقىتتا پەقەت كوچىلاردىكى رادىيو كاناييلىرىدىنلا ئاڭلىنىدىغان بۇ ئاۋازنىڭ كىچىككىنە سوپۇن قۇتىسىدىن ياڭرىشى بىزگە مۆجىزە بىلىندى. ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار تۇرسۇننى قورشىۋالدۇق.

ئۇ، رادىيونىڭ زاپچاسلىرىنى سوپۇن قۇتىسىغا رادىيو تېخنىكا قائىدىسى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ «قول رادىيوسى» ياسىغان ئىكەن. ئوقۇتقۇچىلار ھەيران بولۇشتى، فىزىكا مۇئەللىمىمىز تۇرسۇننى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيدى.

بىز، تولۇق ئوتتۇرا مائارىپىغا تۈنجى قەدەمنى باسقان 15 ياشلىق تۇرسۇننىڭ ئوقۇشلۇقتىكى قېلىپلاشقان مەزمۇنلاردىن ھالقىپ كەتكەن بىلىم تەشنالىقىنىڭ تۈنجى نەتىجىسىگە شۇ كۈنى گۇۋاھچى بولدۇق.

**قاسىم سىدىق غۇلجا شەھەرلىك 7 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تۈنجى قېتىم نام چىقارغان كۈن ھەققىدە قىسقا بايان:**

يەنە شۇ يىلى 3 - ئاي. «قاسىم سىدىقنى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلغۇدەك» دېگەندەك پىچىرلاشلار تارقالدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ، جىددىي ھالەتكە ئۆتكەن ئىدى. بولۇپمۇ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز ئا... خانىم بەك چاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى.

شۇ ھەپتە ئىچىدە مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلدى. بىلدۇقكى، قاسىم سىدىق «ماكانسىز قارا

قۇشقاچ» تېمىسىدا بىر شېئىر يازغان ۋە ئۇنى ئېلان قىلدۇرۇشقا گېزىتكە تاپشۇرغان. شېئىرنىڭ تېمىسىدىن مەنىسىنى ئازراق چۈشەندۇق. كېيىن بىلدۇقكى، ئۇ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن تۇركۇملەپ كۆچۈپ كېلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىنى «ماكانسىز قارا قۇشقاچ» قا ئوخشىتىپ، ھەجۋىيلەشتۈرگەن ئىكەن.

ئەمدىلا 15 ياشقا كىرگەن، ئاق سېرىق، دوغىلاققىنە، كەم سۆز بۇ بالا ۋەتەن تەقدىرىدىن ئەندىشە قىلىپلا بولدى قىلماي، قەلەم بىلەن خەلقىمىزنى ئويغاتماقچى بولغان. بۇ ئوقۇغۇچىنى ۋىجدانلىق، قەيسەر، تەۋەككۇلچى بالا دەپ ماختاشقا، ئۇنى قوغداشقا ئۇ كۈنلەردە ھېچكىم، ھېچقانداق ئامال قىلالمايتتى. پەقەت ئوقۇغۇچىسىغا ئىچ ئاغرىتىشلار بىلەن سۈكۈتتە قالغان مەكتەپتە قاسىم سىدىق قايتا كۆرۈنمىدى. كۆپ ئۆتمەي، مەكتەپ تاقالدى. مەكتەپتە بىزمۇ كۆرۈنمەس بولدۇق ( «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلاندى).

ۋەتەننىڭ كەلگۈسى، خەلقنىڭ ئەمىنلىكى ئۈچۈن يۈرىكىنى دانكودەك كۆيدۈرۈپ، يول باشلىماقچى بولغان ئۆسمۈر قاسىم سىدىقنى شۇ كۈنلەرنى تەڭ كۆرگەن گۇۋاھچىلار ئۇنتۇمىدۇق. ھەرگىز ئۇنتۇمايمىز!

تۇرسۇن: 15 ياشتا يېڭى تېخنىكا ئۆگىنىپ، خەلقنى كۈچلەندۈرۈش شەرتى – ئىلىم - پەن ئوتىدا كۆيگەن.

قاسىم: 15 ياشتا ۋەتەن، خەلقنىڭ كەلگۈسىدىن ئارامسىزلانغان، ۋىجدان ئوتىدا كۆيگەن.

مانا بۇ، ئىككىسىنىڭ خاراكتېرىدىكى باشقا ساۋاقداشلىرىمغا زادى ئوخشىمايدىغان ئوخشاشلىق.

## 2. ھەر ئىككىسى دەسلەپتە مۇئەللىم بولغان، كېيىنچۇ؟

يازغۇچى، ئەدەبىي تەرجىمان، تەتقىقاتچى تۇرسۇن ئەرشىدىن غۇلجا شەھەر تۆپىدەك (ئېغىز تىلدا توپادەك) مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ھاياتى خۇددى فانتازىيە فىلىمگە ئوخشايدۇ:

1970 - يىلى، قارا دۆڭ يېزىسىغا قايتا تەربىيەگە چۈشۈرۈلگەن. 19 يېشىدا شۇ يېزىدىكى 13 - باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. بۇ كۈنلەردە خىتاي تىل - يېزىقنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگەن. ئىلمىي، ئەدەبىي، تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، غۇلجا شەھەرلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەپ كېلىنگەن. تەرجىمان، باش تەربىيەچى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1980 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، خەلق نەشرىياتى، «تارىم غۇنچىلىرى»دا تەرجىمان، تەھرىر، پەن - مائارىپ باشقارما باشلىقى، زاھىر ساۋدانوپقا كاتىپ، «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولۇپ، تاكى شىياڭگاڭ خەلقئارا مائارىپ تەتقىقات ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغانغا قەدەر ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان. ئەمما، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىزدىنىشنى، يېڭىلىق يارىتىشنى، ئىجادىيەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان.

«تارىم غۇنچىلىرى»دا تەرجىمان، تەھرىر بولغان كۈنلىرىدە باللار ئۈچۈن «پەن - تېخنىكا»، «دانىشمەن نەسىرىدىن ئەپەندى» سەھىپىسىنى ئېچىپ، خىمىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە... قاتارلىق پەنلەر بويىچە باللارغا لايىق سوئاللارنى تەييارلىغان، باللارنىڭ چۈچۈك تىللىرىدا بەرگەن توغرا جاۋابلىرىنى ژۇرنالغا بېسىپ، قەلەم ھەققى بېرىپ رىغبەتلەندۈرگەن. باللار يېشەلمىگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە ئالىي مەكتەپلەردىكى تەبىئىي پەن ئوقۇتقۇچىلارنى تەكلىپ قىلغان. بۇ، ياش - ئۆسمۈرلەرنى تەبىئىي پەنلەرگە قىزىقتۇرۇش بويىچە تۇنجى ئۈنۈملۈك قوشۇمچە دەرس، ژۇرنال مەزمۇنىغا ئىسلاھات بولغان ئىدى.

ئۇ يەنە «تارىم غۇنچىلىرى»دا تۈرك باللار ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ سەھىپە ئاجراتقان. (ژۇرنالىزم كەسپىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. رەۋەيدۇللا مۇئەللىم بىزگە تۈرك تىلى دەرسى

بىرەتتى. مەن تۇرسۇننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئۈچ پارچە قىسقا ھېكايىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەن ئىدىم.)

تۇرسۇن ئەرشىدىن غايىنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن تاللىغان. ئاشۇ غايىسىگە يېتىش ئۈچۈن، ياشلىقىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە، توپلىغان بىلىمى بىلەن خەلقىمىزگە قۇۋۋەت بېرىشكە ئاتاش يولىدا تىرىمشىپ، ئىشەنگۈسىز نەتىجىلەر ياراتقان تۆھپىكار ئىنسان. ئۇنىڭ نەتىجىلىرىگە قاراڭ:

ئۇ 1970 - يىلدىن باشلاپ ئىلمىي، ئەدەبىي ئەسەر يېزىش، تەرجىمە قىلىشنى باشلىغان. «تېلېۋىزىيە»، «يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان نۇر – ئېلېكترون ئىلمى»، «پارس مەكتۇپلىرى»، «قىزىل ياقۇت» قاتارلىق 16 پارچە پەننىي، ئەدەبىي كىتابنى تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلدۇرغان. «يۇلتۇزلارغا خەت»، «كاماندىرنىڭ بۇيرۇقى» قاتارلىق 100 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي، ئەدەبىي ماقالىلەرنى يازغان، ئېلان قىلغان. 2001 - يىلدىن باشلاپ «تەبىئەتكە ساياھەت»، «شەپقەت ھەمشىرىسى رىزۋانگۈل»، «غىلاجىدىن بىلەن غىلامىدىن»، «مەرىپەتپەرۋەر ئانا – ئايخان»، «دادام ئېيتقان قىسسىلەر»، «قۇتادغۇبىلىكتىكى تەبىئىي پەنگە دائىر بىلىملەر» قاتارلىق سەككىز پارچە ئىلمىي ۋە ئەدەبىي، تارىخىي شەخسلەر مەزمۇنىدىكى كىتابى نەشر قىلىنغان. بىر قىسىم ئىلمىي ماقالە، ئەدەبىي ئەسەرلىرى خەنزۇ، رۇس، تۈرك، قازاق، ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان [2].

بۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ ساناپ باقسام، ئىلمىي، ئەدەبىي ماقالە، تەرجىمە ۋە كىتابلارنى قوشقاندا 124 كە يېتىپتۇ. ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ - ھە!

ئىشەنمەي ئامال يوق. مانا بۇ، ئاددىي كىيىنىپ، قەلەم - قەغەزگە تولغان، كونىراپ كەتكەن سومكىسىنى ئېسىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»گە ماقالە ئەكېلىدىغان ئىلىم ئاشناسى، تارىخىي مەشھۇرلىرىمىزنى قېدىرىپ ئۆگەنگۈچى، ئۆگەنگەنلىرىدىن ئاددىي ئۆيدە شام يورۇقىدا قەغەزگە پۈتۈك قالدۇرغۇچى – تۇرسۇن ئەرشىدىن.

ئەمدى ساۋاقدىشىمنىڭ قىممەتلىك ئىزدىنىش جەريانىدىن، يەنى، ياشلىقىنى، ئىقتىسادىنى، زېھنىنى سەرپ قىلىپ، تېخىمۇ ئۇلۇغ نەتىجىسى بىلەن «لۇتپۇللا مۇتەللىپشۇناس تۇرسۇن ئەرشىدىن» نامىدا تونۇلغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بېرەي:

– مېنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە تەتقىقاتنى تاللىشىمغا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»دىكى بىر يىغىن سەۋەب بولغان، – دەيدۇ تۇرسۇن ئەرشىدىن، – 1966 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. غۇلجىدىكى «خەلق كىنوخانىسى»دا «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشقا قەسەم قىلىش يىغىنىغا قاتناشتىم. كىنو ئېكرانى ئورنىغا ماۋ زېدوڭنىڭ تورۇسقا تاقاشقۇدەك چوڭ رامكىلىق ماي بوياق رەسىمى ئېسىلغان. «قىزىل قوغدىغۇچى»لاردىن بىرى يىغىن تەرتىپىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھەممىمىز سەھنىگە يۈزلىنىپ، مۇشتۇملىرىمىزنى تۈگۈپ، قەسەم تېكىستىنى بىر جۈملىدىن ۋارقىراپ ئوقۇۋاتقان «قىزىل قوغدىغۇچى»غا ئەگەشتۇق. كىنوخانا ئىچى سۈرلۈك ئاۋازلار بىلەن لەرزىگە كەلگەندە، كۈتۈلمىگەن ئىش بولدى: قەسەم بېرىۋاتقان ياشلاردىن بىرنەچچىسى بىر پارچە گېزىتنى تالىشىپ كەتتى.

– خۇددى گېزىت كۆرمىگەندەك قىلىشىپ كەتتىڭلارغۇ، – غودۇڭشىدىم مەن. باللاردىن بىرى گېزىتنى قاتلاپ ماڭا ئۇزاتتى، – ئوقۇساڭ بىلىسەن. ل. مۇتەللىپنى قارىلاپتۇ.

مەن دەرھال گېزىتنى ئاچتىم. «ل. مۇتەللىپ چىرىپ كەتكەن مۇردا... بۇرژۇئا يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ ۋەتەن بىرلىكىنى پارچىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتەك جىنايەتلىرىگە مەدەت بەرگۈچى...» دېگەن قۇرلارنى ئاۋازلىق ئوقۇدۇم. قەسەمياد يىغىنىنىڭ دەبدەبىسى توختىدى. ئوغۇل - قىزلار غەزەپلىنەتتى. بەزىلىرى ئەلەم بىلەن «ئۇھ! » تارتسا، بەزىلىرى كۆز ياشلىرىنى ئېقىشىغا قويۇپ بەرگەنىدى. شائىرىمىزنى بۇنىڭدىن 21 يىل ئىلگىرى زالىملار چانىۋەتكەننى ئاز دەپ، ئەمدى ئۇنىڭ روھىغىمۇ ئوق ئېتىشقان ئىدى...

– بۇ قانداقمۇ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» بولسۇن؟! «مەدەنىيەتنى يوقىتىش ئىنقىلابى» دېيىش كېرەك.

– «مەدەنىيەتنى كۆيدۈرۈش ئىنقىلابى» دېسەك توغرا بولغۇدەك. مەكتەپلەر تاقالدى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى كۈرەش قىلىۋاتىمىز، كىتابلارنى كۆيدۈرۈۋاتىمىز... ئەمدى لۇتپۇللانىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ كۆيدۈرىدىكەنمىز - دە!

شۇ كۈنى «ئاداققىچە ئىنقىلاب قىلىش» قەسەمياد يىغىنى ل. مۇتەللىپنى ئەسلەش، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مەدھىيەلەش، روھىنى قوغداش يىغىنىغا ئايلىنىپ كەتتى. كىمدۇر بىرى «يىللارغا جاۋاب»نى ئۈنلۈك دېكلاماتسىيە قىلىۋىدى، بىرنەچچەيلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

تەشۋىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئاشۇ كۈنى لۇتپۇللا ئۈچۈن كۆتۈرگەن ئىسيانى مېنى لۇتپۇللانى ئىزدەپ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇرلىدى.

هاياتقا ئەمدى ئاياغ باسقاندا، «قىزىل قوغدىغۇچى» تەلۋىلەر ئارىسىدا قالغان بىر بالا لۇتپۇللانى ياشلارغا تېخىمۇ يارقىن تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئىزدىنىشكە بەل باغلىدى دېسە، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئىزدىنىش دېگەن نېمە؟ قانداق ئىزدىنىش كېرەك؟ پاكىتلىق ماتېرىيالنى نەدىن تاپقىلى بولار؟ كىمدە باردۇ؟

تۇرسۇن، لۇتپۇللانىڭ دەۋرداشلىرىنى ئىزدىدى. بەزىلىرى لۇتپۇللانى تونۇماس بولۇۋالدى، بەزىلىرى ئېھتىيات بىلەن ئاز - تولا ئۇچۇر بەردى. توپلىغانلىرىنى رەتلىۋىدى، پالاكەت كەلتۈرىدىغانلىرىمۇ بار بولۇپ چىقتى...

كوچىلاردا دۆۋە - دۆۋە كىتابلار كۆيدۈرۈلگەن كۈنلىرى ئەتراپتا ئادەم قالمىغان پەيتتە تۇرسۇن پەيدا بولاتتى - دە، كۆيمەي قالغان كىتاب - گېزىتلەرنى قۇچاقلاپ قاچاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن لۇتپۇللانىڭ ئەسەرلىرىنى ئىزدەيتتى. تاپقانلىرىنى كونا چاپىنىغا ئوراپ، كالا قوتىنىغا يوشۇراتتى.

بۇ جەريان بەك ئۇزۇن. 1978 - يىلغىچە، تاكى لۇتپۇللانىڭ نامى ئاتالمىش «ئەسلىگە كەلتۈرۈلگۈچە» تۇرسۇننىڭ ئىزدىنىشى يوشۇرۇن بولدى. قورغاس ناھىيەسىدىكى لۇتپۇللانىڭ زاماندىشىنى زىيارەت قىلغىلى بارغىنىدا، چىرايلىق ئۇيغۇر قىزلىرىمىزدىن ساقچىغا تۇتۇپ بەرگەنلىرىمۇ بولدى - يۇ، بۇ يىللاردا ئۇنىڭ 12 خاتىرىسى لۇتپۇللا ھەققىدىكى ئىزدىنىش ئۇچۇرلىرى بىلەن تولدى [3].

40 يىل بۇرۇن لۇتپۇللانى ئىزدەپ، جاپالىق ھەم خەتەرلىك سەپەرگە چىققان ئۆسمۈر تۇرسۇن ئەرشىدىن چېچى ئاقارغان، ئائىلە ۋە ئۈچ بالىسىنىڭ مەسئۇلىيىتىدە پۈچىلانغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئايلانغاندا، ئۇنىڭ لۇتپۇللانى ئىزدەش سەپىرىدىنمۇ نەتىجە چىقتى:

«ل. مۇتەللىپ ھەققىدە ھېكايە»، «لۇتۇن»، «قاينام ئۆركىشى – لۇتپۇللا مۇتەللىپ»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ»، «تەڭرىتاغ دىيارىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇز»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى» قاتارلىق ئالتە پارچە كىتابى نەشر قىلىندى. 2007 - يىلى 7 - كىتابى – «ل. مۇتەللىپ» نەشردىن چىقتى.

ئالاھىدە ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، ئۇ تارىخىي ئۇلۇغ شەخسلەر ھەققىدە ئەڭ ئۇزاق، ئەڭ ئەستايىدىل ئىزدەنگەن، ئەڭ كۆپ ئەسەر يازغۇچى، «لۇتپۇللاشۇناس تۇرسۇن ئەرشىدىن» بولالىدى.

بۇ يىللاردا خىزمەت، ئائىلە جەھەتتىن سەل خاتىرجەم بولغان تىنچىماس تۇرسۇن بىيولوگىيە پېنىگە، يەنى ئۆسۈملۈكشۇناسلىققا قىزىقىپ قالدى. ئۇ بەرەڭگە بىلەن پەمىدۇرنى چاتلاشتۇرۇپ، يېڭى تۈر ئىجاد قىلىش تەتقىقاتىغا كىرىشتى. دەسلەپكى نەتىجىلەرنى يېزىپ، گېزىتتە ئېلان قىلدى. ئاخبارات ۋاسىتىلىرىدە قىزىق نۇقتا بولدى. تۇرسۇن كەسپىي خادىملاردىن ئىلمىي ياردەم، يەر باشقۇرغۇچىلاردىن ئېتىزلىق، مالىيە ئورگانلىرىدىن ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەپسۇس، بىرنەچچە ئۆسۈملۈكشۇناسنىڭ قوللىشىغا، يەنە بىرنەچچىسىنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. خۇددى «شەرت

- شارائىت يار بەرمىسە، زۇلقەرنەيىنىنىڭ قىلىچى چامغۇر ئاقلاشقىمۇ يارىمايدۇ» دېگەندەك ئىش بولدى.
خۇلاسە: ھېچ ئىش قىلمىغان كىشى ھېچقاچان مەغلۇپ بولمايدۇ! بۇ، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدىغان بىر ئىنساننىڭ شەرەپلىك مەغلۇبىيىتى بولۇپ تارىختا قالدى.

## 3. شائىر، فىزىك، مائارىپشۇناس قاسىم سىدىق

چوڭقۇر تەپەككۇر، ئىسيانكار روھتا يۇغۇرۇلغان شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان قاسىم سىدىق غۇلجا شەھىرىگە ئەڭ يېقىن، بۇلاق دادامتۇ يېزىسىدا تۇغۇلغان، ئۆسكەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە يازغان «ماكانسىز قارا قۇشقاچ» شېئىرى سەۋەبلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» داۋامىدا يوشۇرۇن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغان. شۇ يىللاردىن باشلاپ خىتايچە ئۆگەنگەن. كېيىن دادامتۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى، ئەدەبىيات كەسپى بويىچە مائارىپ ئىنستىتۇتىدا قىسقا مۇددەت بىلىم ئاشۇرۇپ، دادامتۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئوتتۇرا مەكتەپتە شېئىر يېزىپ، جازالانغان قاسىم سىدىق، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنى، 1978 - يىلدىن باشلاپ، نەزەرىيەۋى فىزىكا ۋە ئالەمشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىشنى باشلىغان. 1990 - يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە «بوشلۇق نەزەرىيەسى»نى شەرھلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرى بىلەن تونۇلغان ئىدى. ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، «بوشلۇق نەزەرىيەسى» تەتقىقاتىنى «فىزىكىلىق شەكىل نەزەرىيەسى»دىن ئىبارەت يېڭى تېمىغا ئۆزگەرتتى ۋە بۇ جەرياندا نەچچە يىقىلىپ، يەنە دەس تۇردى. قاسىم بۇ مەنىلىك كۆنلەرنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

*ئاسمان يېپيېنچامدۇر، زېمىن بۆشۈكۈم،*
*يۇلتۇزلار خەزىنەمنىڭ لەئلى - ياقۇتى.*
*دېڭىزلار پىيالەم، كەۋسىرىم پەۋەس،*
*قۇياشلا ئۆمرۈمنىڭ مەڭگۈلۈك ئوتى.*

※ ※ ※ ※

*كېلىپ مۇھەببەتنىڭ ئاستانىسىگە،*
*بولدۇم ئاشىق تەبىئەتنىڭ جەزبىسىگە.*
*مېنى ھالال ئاشىق دەپ ئويلاپ قالماڭلار،*
*ئوغرىلىققا چۈشمەن غەزىنىسىگە.*
*تەبىئەت سىرىڭغا ئاشىقمەن سۆزسىز،*
*ئالىمەن - يايىمەن مەن شۇنداق يۈزسىز.*
*ئوغرى بولماي ئاشىق بولغان قېنى كىم؟*
*ئەزەلدىن ئوغرىدۇر پەيلاسوپ - ھەكىم.*
*سىرىڭنى ئوغرىلاپ، ئاندىن قىلۇر پاش،*
*شۇلاردىن مىراستۇر بۇ خۇيۇم بەلكىم.*
*قانائەت مەن ئۈچۈن يار بولغان قاچان؟*
*روھۇمدا ئەبەدىي ئاچلىق ھۆكۈمران.*
*تۇنۇگۈن ئىزلىگەن ھىجران خوپ كەلدى،*
*ئەتىنى ئويلىسام سېزىمەن ھىجران!*

قاسىم سىدىق تەبىئەت سىرىنى ئېچىشقا بېغىشلىغان تەپەككۇرىنى ئەنە شۇنداق ئىپادىلىگەن. چۈنكى، ياشلىقنى، ھاياتىنى فىزىكا تەتقىقاتىغا بېغىشلاشتىن ۋاز كەچمىگەن بۇ پىداكار ئەزىمەتنى كەسپىي خادىملارنىڭ بەزىلىرى قوللىدى، بەزىلىرى «ئېلىپبە ئۆگىتىدىغان مۇئەللىم» دەپ كەمسىتتى. ھېچبىر ئورۇن ئۇنىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن مەبلەغ سېلىشنى، گورۇپپا قۇرۇشنى تەستىقلىمىدى. لېكىن، قاسىم ئۆز غايىسىنىڭ بەشگىنىنىڭ خىيالى، ئارمىنىنىڭ ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەيدىغان ئارمان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ، تەتقىقاتىنى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىدى. تەتقىقات جەريانىنى مۇنداق يىغىنچاقلىدى:

*ئىلاھا ساڭا مىڭلاپ تەشەككۇر،*
*جەننەتتىن قوغلاندۇق، گاداي لېكىن ھۆر.*
*جازا بولدى ئادىل، ھېساب ھەم ئادىل.*
*جەننەت ساڭا قالدى، بىزگە تەپەككۇر.*

*يا رەسەتخانام يوق، ياكى ئۇستىرلاپ،*
*مەن گويا دۇكانسىز گاداي بىر خالۋاپ.*
*ئىلكىمدە بارۇ - يوق قورالىم مەنتىق،*
*شىجائەت رىشتەمدۇر، توقۇيمەن زەرباب!*

*مەن ئەھلى زۇننارمەن مەغرىبى ئەمەس،*
*مەغرىبلا ئىلىمنىڭ چىرىغى ئەمەس،*
*غېرىب بولسام ئادالەتنىڭ غېرىبى،*
*پاراسەتنىڭ غېرىبى ئەمەس!*

مەن ئۇنىڭ شائىرلىق ھاياتىنى «ماكانسىز قارا قۇشقاچ»تىن باشلاشنى تولىمۇ خالايتتىم. ھەممە ئىنسان ئۆسمۈرلۈكىدىلا قاسىم سىدىقتەك ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بولمايدىكەن. مەن شېئىرنى كۆچۈرۈپ ساقلىمىغان نادانمەن. مۇئەللىملەر كېيىنكى بوران - چاپقۇنلاردىن ئېھتىيات قىلغاندۇ! شېئىرنى ئىزلىدىم، تاپالمىدىم. بالدۇر ئويغانغان يەنە بىر شائىرىمىز قاسىم سىدىق شۇ كۈنلەردىكى رېئاللىقنى يۈزلىنىپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۆزگىرىۋاتقان پەيتتە يامان ئاقىۋەتنى مۆلچەرلىگەن، خەتەرلىك مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرمىغان، شېئىرنى ۋاستە قىلىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ئىكەن.

شۇ يىللاردا بوران چىقارغان «ماكانسىز قارا قۇشقاچ» ئىجادكارىنىڭ خاراكتېرى دەل ئەلىشىر نەۋائىينىڭ:

*ئادىمى ئېرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،*
*يوق ئانىڭ خەلق غېمىدىن غېمى.*

«ئەگەر سەن ۋىجدانلىق ئادەم بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىدىن غېمى يوق كىشىنى، يەنى، خەلقنىڭ غېمى بىلەن كارى يوق كىشىنى ئادەم دېمە! » دېگەن مىسرالىرىنى ئەسلىتىدۇ.

قاسىم سىدىقنى ۋىجدانلىق شائىر دېدىم. ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا يازغان شېئىر، رۇبائىيلىرى كۆپ. ئەمما، بىرەرسىدىن بەزى زامان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىكىدەك ئەخلەت مىسرالارنى تاپالمايمىز. ھۆرلۈكنى ئاشىقنا، يارغا ئوخشىتىپ يوشۇرۇن مەناغا كۆچۈرۈپ، گەپنى ئەگىتكەن مىسرالارنىمۇ تاپالمايمىز. ئەكسىچە، شەرەپلىك تارىخىمىزنى ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندۇرغان: «قاراڭغۇ كېچە ئۆتىدۇ، تاڭ ئاتىدۇ. سادىر پالۋان، نازۇگۇملار يەنە چىقىدۇ، شېھىتلەر قېنى بىكارغا كەتمەيدۇ... » دېگەندەك مىسرالاردا ئۇدۇل ئېيتىپ، يۈرەكلەرنى تىترىتىدۇ.

## ئىلى بويلىرى

*ئەجەب گۈلگۈن ئىلى بويلىرى،*
*زوقى كۆچلۈك باھار ئايلىرى.*
*يۈرتىمىزنىڭ قىزىلگۈللىرى،*
*شىبھىتلەرنىڭ تۆككەن قانلىرى.*

*ھەجەپ ئوتلۇق ئىلى بويلىرى،*
*ھېكمەتكە باي ئۆتكۈر سايلىرى.*
*جاراڭلايدۇ سادىر ناخشىسى،*
*نازۇگۇمنىڭ ياڭراق كۈيلىرى.*

*ئەجەب سىرلىق ئىلى بويلىرى،*
*كۆز يۇممايدۇ ھەتتا تۈنلىرى.*
*ئويغىتىدۇ تاڭلارنى چىللاپ،*
*بۇلبۇللارنىڭ چاڭقاق ئۈنلىرى.*

يۇقىرىدىكىلەردىن بىلىمىزكى، قاسىم سىدىق – فىزىك، شائىر. يەنىچۇ؟ ئۇ – ئانا تىل ئاشىقى.

ئۇيغۇر تىلى نوقۇل ئەدەبىيات - سەنئەت تىلى، تۇرمۇش تىلى ئەمەس. ئۇ، ئىلىم - پەن تىلى، پەلسەپە تىلىدۇر. قاسىم دەل بۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىغان ئانا تىل ئاشىنالىرىمىزدىن بىرىدۇر. ئۇ شۇنداق دەيدۇ:

شۇنى بىلىش كېرەككى، ھەرقانداق تىلدىكى مىللىي خاسلىق ئۇنىڭ فونېتىكىسىدا بولىدۇ. لېكسىكىسى دۇنياغا مەنسۇپ. يەنى، ئۇقۇملار دۇنياۋىدۇر. مەن ئۇيغۇر تىلى مۇھىتىدا تۇرۇپ، گاللىيې، نيۇتون، ئېينىشتېينلارغا ئوخشاش تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيمەن، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشەلەيمەن. مەن بۇ بۈيۈك ئالىملارنى ۋە ئالەمنى ئانا تىلىم ئارقىلىق تونۇغان، چۈشەنگەن... نۇرغۇن تىل بىلگەن ياخشى. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا كەسپىي تەربىيە كۆرگەنمۇ ياخشى. لېكىن، بۇلار تەپەككۇر ۋە ئىختىرانىڭ بىردىنبىر شەرتى ئەمەس. تەپەككۇر ۋە ئىختىرانىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك شەرتى ئىجادىيەت روھىدۇر [4].

ۋىجدانلىق بىر ئىنسان مەيلى قانداق شارائىتتا قالسۇن، قايسى ئېقىنلاردا ئاقسۇن، ئۇنىڭ تېنىدىكى قان، ئۇ ئوزۇقلانغان ئېتىنىڭ تىندۇرمىلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى زادىلا قايدۇرۇۋېتەلمىگەن. ئەجدادلار قىسسىلىرى، ئۇلۇغ ۋەتەن قىسمەتلىرى ئۇنى ئانا تىل ئاشىقى قىلالىغان. ئانا تىل، ئۆزىنى باشقىلارغا راۋان چۈشەندۈرۈش ۋاسىتىسى بولغان ئۇيغۇر ئانا تىلىغا ئەقىدە باغلىغان قاسىم سىدىقنىڭ شېئىرىدا مۇنداق ئەتىۋارلىنىدۇ:

## ئانا تىلىم

*ئانا تىلىم جىلۋەم، جەزىرەم،*
*ئانا تىلىم گۆھەر خەزىنەم،*
*جەڭگاھلارغا ياراق قانىتىم.*
*ئانا تىلىم مەككە - مەدىنەم.*

*يورۇمايدۇ تارىخىم سەنسىز،*
*جاھالەتتە بۇ دىلىم سەنسىز.*
*بىر پارچە گۆش بۇ تىلىم سەنسىز،*
*كۆرۈنمەيدۇ مەنزىلىم سەنسىز.*

*ئانا تىلىم ئۆزى بىر ئالەم،*
*سەپەرلەردە بايراق قانىتىم.*
*قۇياش كەبى پارلاق ئامىتىم،*
*مەن ساڭا بەك ئامراق ئانا تىل!*

## قاسىم سىدىق يەنە مائارىپ تەتقىقاتچىسىدۇر.

«ئۈمىد مەكتەپ»نىڭ يۈز يىللىق مۇراسىمىدا ئۇنىڭ تەشكىللىگۈچىلەر قاتارىدا ئىكەنلىكىنى باشتا ئېيتقان ئىدىم. ئۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە مائاش بىلەنلا قانائەتلىنىپ ياشايدىغان مۇئەللىملەردىن ئەمەس. مائارىپنى ئىسلاھ قىلىش تەكلىپىنى تاكى بېيجىڭدىكى ئىلمىي يىغىنلارغىچە دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويالىغان يېزا مۇئەللىمى. بېيجىڭدا ئېچىلغان بىر قېتىملىق مائارىپ يىغىنىدا ئوقۇغان ماقالىسىدە: «مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتى ۋە ئەڭ ئالىي نىشانى – تەبىئىي ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇرى، گۇمانلىنىش ئىقتىدارى ۋە پىداكارلىق روھى قاتارلىقلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش بولۇشى كېرەك... مائارىپ ئومۇمەن بىرلىككە كەلگەن ئىدىيەلەرنى ئۆزىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇش نىشانى قىلغاچقا، ئۇ ئومۇمىي جەھەتتىن بىر كونسېرۋاتىپ سىستېما. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تېخىمۇ شۇنداق. بۇ خىل كونسېرۋاتىپلىق ئەلۋەتتە زۆرۈر. مائارىپ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىنى مۇئەييەن چەك ئىچىدە تەرك ئەتمەسلىكى كېرەك. لېكىن، بۇنداق دېگەنلىك، مائارىپ (مەكتەپ) ئۆز بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان ھەرقانداق ئادەمنى «ماشىنا»غا ئايلاندۇرۇۋەتسە بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس!» [5]

ئىنسان يۈكسەكلىككە تەلپۈنگەندە، مېنىڭ ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتىشىمچە، غايىنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن تاللىغاندا، تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدىكەن، «مۇمكىن ئەمەس»لەرنى يىراققا ئېتىپ تاشلىۋېتەلەيدىكەن.

قاسىم سىدىق دەل شۇنداق ئىنسانلار تىپىدىن بولغاچقا، ھېچبىر شائىرغا ئوخشىمايدىغان خاسلىق ياراتقان شائىر، فىزىك، مائارىپچى، تەتقىقاتچى بولالىدى. ئۇنىڭ تەبىئىي پەندىكى ئىزدىنىشلىرىگە شېئىر ۋە رۇبائىيلىرى قوشۇلۇپ، ئادەمنى قايىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىي پەنگە ھەم ئەدەبىياتنىڭ گۈلتاجى بولغان شېئىرىيەتكە بولغان ئاجايىپ قىزغىنلىقى ئۇنىڭ ھاياتىنى بىزلەر يېزىپ تۈگىتەلمەيدىغان مەنالارغا تولدۇرغان. شېئىرلىرىغا مۇڭلۇق، ئاجايىپ جەڭگىۋار ئاھاڭلار ئىشلىنىپ، ناخشىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. فىزىكا ئىلمى ساھەسىدىكى ئىزدىنىشلىرى باشلانغاندىن كېيىن، قاسىمنىڭ پىروزا، پوئېزىيە، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى دائىرىسىدىكى ئىجادىيەتلىرىگە ۋاقتى قىس بولغان. يازغۇچىمىز مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ قاسىمغا بېغىشلىغان ئەدەبىي ئاخباراتى «ئالىم بولماق ئاسان ئەمەس» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ياشلار ئارىسىدا: «ئالىم بولاي دېسەڭ، قاسىمدەك تەپەككۇر قىلىپ باق! ئادەم بولاي دېسەڭ، قاسىمدەك ھەسەت، قېيىداش، غەيۋەتتىن يىراق ياشاپ باق!» دېگەن چاقىرىقلار كۆتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەنئەنىۋى گۈزەللىك بىلەن پەلسەپىۋى گۈزەللىك ئالاھىدە ئۇسلۇبىمۇ ياش شائىرلار ئۆگىنىدىغان، قىزىقىدىغان ئۇسلۇب بولۇپ قالغان.

ئەدەبىياتنىڭ بازىرىغا ئەمەس، روھىغا ئەھمىيەت بەرگەن قاسىم سىدىقنىڭ كۆپ قىرلىق ئىجادىي ھاياتىنى يېزىپ تۈگىتەلمىدىم. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن يەنە بىر شىڭگىل سۇناي.

## قۇياشنى كۈتمەك

*كىچىكىمدىنلا ئۈيقۇم كەم ئىدى،*
*ھەيران بولاتتى بۇ ئىشتىن كىچە.*
*ھەتتا چولپاننى ئويغىتار ئىدىم،*
*دېمەك، ئويغاقمەن قۇياش چىققۇچە.*

*كىچىكلىكىمنىڭ ۋاقتى ئۆتتىغۇ،*
*لېكىن بىرلا ئىش كەتمىدى ئۆتۈپ.*
*نېمە ئىش ئۇ؟ دەپ سورىساڭ ئەگەر.*
*يەنە تۈن ئۆتەر قۇياشنى كۈتۈپ.*

## كۈندەشلىك

*خىيالىمدا بىرەيلەن سېنى،*
*سۆيۈۋاپتۇ پەقەت بىرلا رەت.*
*بۇغۇ خىيال، لېكىن شۇندىمۇ،*
*يۈرىكىمنى ئۆرتىدى ھەسرەت.*

*خىيالىمدا بىرەيلەن ساڭا،*
*قىلغۇدەك سۆز، ئويناتقۇدەك قاش.*
*بۇغۇ خىيال، لېكىن شۇندىمۇ،*
*چىقىپ كەتتى كۆزلىرىمدىن ياش.*

*خىيالىمدا بىرەيلەن ساڭا،*
*ھېيىقماستىن ئاچقۇدەك قۇچاق.*
*بۇغۇ خىيال، لېكىن شۇندىمۇ،*
*ئالدىم دەرھال قولۇمغا پىچاق!*

«تەمبۇر شاھى» نامىدا مەشھۇر نۇرمۇھەممەت تۇرسۇن ئىبغىر سىياسىي بېسىم ئاستىدا ئامالسىز قالغان، ۋاقىتسىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى «گۈلىستان» رېستورانىدا جامائەت ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى، كەسپداشلىرى ئۇنىڭغا ئاتاپ نەزىر قىلغان ئىدى. شۇ كۈنى قاسىم سىدىق كۆز يېشىنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، تامغا ئېسىلغان بۇ مەرسىيەنى ئوقۇدى:

## مەرسىيە

*قاسىم سىدىق*

*ئىزلىگەنلەر تاپقۇسى تەمبۇر ساداسىدىن سېنى،*
*ئىلى، تارىمنىڭ مۇقەددەس كۆي - ناۋاسىدىن سېنى.*
*مەرغۇلۇڭ كەتكەچ سىڭىپ، بۇ يۇرتقا گويا قان بولۇپ،*
*ئاختۇرارمىز تاغۇ - تاش كەھرىۋاسىدىن سېنى.*

*بۇ مۇسىبەت، بۇ ئەلەم كەلگەن ئىدى ئەجەب ئېغىر،*
*نۇرى ئۆلمەيتۇ دېدۇق، ئەلنىڭ باھاسىدىن سېنى.*
*نۇر بىلەن پەيۋەندىسەن، ئوتتۇڭنى باسماي نە ئامال؟*
*ھەر سېغىنغاندا كۆرۈپ، تاڭ جىلاسىدىن سېنى.*

*دىل كۈيۈڭ ئەلنىڭ كۆيى، ئەلگە باغلانغان ئۆزۈڭ،*
*تەڭرى، خەلق ئەتكەن ئىكەن ئەھدۇ - ۋاپاسىدىن سېنى.*
*ئاقىۋەت بىلدۇق، چۈشەندۇق، بۇ مۇسىبەت ئەھلىنىڭ،*
*ئاھ! ئۇرۇپ، پەرياد ئۇرۇپ قىلغان دۇئاسىدىن سېنى!*

10 نەچچە يىل ئىلگىرى خاترەمگە پۈتۈۋالغان قاسىمنىڭ دۇردانىلىرىدىن ئىككى كۇپلېتنى ئاشكارىلاي:

*يوللاردا كۆز باردۇر، تاملاردا قۇلاق،*
*خورازلار غەپلەتتە، ھوقۇشلار ئويغاق.*
*ئۆزۈڭنىڭ مۈلكىگە ئۆزۈڭ بول مەھكەم،*
*مەۋقەسىز دوستلاردىن دۈشمەن ياخشىراق.*

※ ※ ※ ※

*تەمشىلىمەن دېيەلمەيمەن سۆزۈمنى،*
*يا بىر يوللا كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن.*
*پۈتلىشىمەن، خۇدۈكىمەن نېمىشقا؟*
*تۈپتۈز يولدا ئۆتۈپ قالسام يېنىڭدىن.*

بۇندىن سەككىز يىل بۇرۇن، مەن «باغداش» تور بېتىنىڭ «سەدەف» نامدىكى ئەزاسى ئىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «توقماق» نامدىكى ئەزا – قاسىم بىلەن ئانا تىلىمىزنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا ئىنكاس بېتىدە ئەپسۇسلۇقتا پاراڭلاشتۇق. ئۇ ماڭا ئۆزى يازغان، ساتتار نۇرزات مۇزىكىسىنى ئىشلىگەندىن كېيىن سەھنىلەردە ياڭرىغان بۇ شېئىرى بىلەن تەسەللى ئېيتتى. مەن دەرھال خاتىرىلىۋالدىم.

## يۈرەكتىكى ئارمانلار

*بىزنى ئۈندەر ياشاشقا،*
*يۈرەكتىكى ئارمانلار.*
*ئارمانلارغا يەتكۈچە،*
*تەندە بارمۇ بۇ جانلار.*

*مەنزىل ئۇزاق، يول تايغاق،*
*ئاتلار ئورۇق، دىل چاڭقاق.*
*تىك بولسىمۇ داۋانلار،*
*ئۈزۈلمەيدۇ كارۋانلار.*

*غاپىل بولماي سەگەك تۇر،*
*ھالاكەتتۇر غاپىللىق.*
*ئازدۇرىدۇ غاپىلنى،*
*نىشانىدىن شەيتانلار.*

*قالساڭمۇ گەر تەمتىرەپ،*
*پايانى يوق زۇلمەتتە.*
*ھەرگىز ئۆچۈپ قالمىسۇن،*
*قەلبىڭدىكى گۇلخانلار.*

*غايە ئۇچۇن، ئەل ئۇچۇن،*
*جان بېرىشتى قانچىلەر.*
*ئۆرنەك بولسۇن ئۆمرۈڭگە.*
*ئەشۇ تالاي قۇربانلار.*

*ھاياتلىقتا يول تولا،*
*ئەگرىسى بار، تۈزى بار.*
*ھالال بولسا ماڭغان يول،*
*ئازابلانماس ۋىجدانلار،*
*ئۆرتەنمىسۇن ۋىجدانلار!*

ساۋاقدىشىم قاسىم ماڭا ئاتىغان مۇنۇ قۇرلارنى يوللاپ، مەن بىلەن خوشلاشقان ئىدى. بۇنىمۇ ئاشكارىلاي:

*كۈللى غەم تۇپراقىدىن بولغانمۇ ئەشيا بۇ سەدەف؟*
*خۇددى بىر ياش تامچىسى چاناقتا تۇرغان تەپچىرەپ!*

## 4. ئاخىرقى سۆز

ئىككى ساۋاقدىشىم توغرىسىدا دەيدىغان گەپلىرىم بەك جىق. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن ئۆزۈمنى زورلاپ توختىتاي. بىر ئارمىنىمنى ئېيتىپ قالاي:

غايىنى قاپ يۈرەكلىك بىلەن تالىلغان ۋە غايىسى ئۈچۈن تىرىشىش بەدىلىگە تارىخىمىزغا ئۆچمەس ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن نامى يېزىلغان بۇ ئىككى ساۋاقدىشىمنىڭ ھەر ئىككىسى تۈرمىدە. پۇت - قوللىرى قۇلۇپلۇق زەنجىرگە مەھكۇم. ئەمما، تۈرمە ئۇلارنىڭ تەپەككۇر ئەركىنلىكىگە قۇلۇپلۇق تۆمۈر زەنجىر ئاسالمايدۇ. ئۇلار بوگۈن قەلەم - قەغەزسىز قالدى. ئىشىنىمەنكى، ساۋاقداشلىرىم تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى قانىغان يۈرىكىگە يازماقتا!

ئارمىنىم شۇكى، ئۇلارنى ھايات كۆرسەم، بېشىمنى ئېگىپ ھال سورىسام، كۆز ياشلىرىمنى ھەرگىز كۆرسەتمىسەم، تەبەسسۇم بىلەن رەھمەت ئېيتسام، ھۆرمەت سالىمىمنى بەرسەم!

## پايدىلانغان مەنبەلەر::


[1] مەكتەپ مارشىنىڭ مۇزىكىسىنى نۇرمۇھەممەت روزى ئىشلىگەن.

[2] تۇرسۇن ئەرشىدىن: «ل. مۇتەللىپ»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2008 - يىل نەشرى، 2 - بەت.

[3] يۇقىرىقى كىتاب 16 - بەت.

[4] قاسىم سىدىق: «زاماندىشلىرىمغا ئوچۇق خەت»، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى 2009 - يىل 3 - سان، 92 - بەت.

[5] قاسىم سىدىق: «ئادەمنىڭ ماشىنىلىششى، ماشىنىنىڭ ئادەملىششى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 2000 - يىل 4 - 5 - قوشما سان، 102 - بەت.


*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

16

# ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىكى بىر قانچە مۇھىم ئېلېمېنتلار

ئەركىن سىدىق

2019 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

مەن ئالدىنقى ماقالەمدە «قىممەت قاراش»نىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە بەردىم [1]، ھەمدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ يادرولۇق قىممەت قاراشلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۈم. بىر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئاشۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر قارايدىغان بولساق، ئامېرىكا نۇرغۇن ساھەلەردىكى تەرەققىياتتا دۇنيا بويىچە 1 - ئورۇننى ئىگىلەپ، پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار بولساق بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىش خەۋپىگە، ياكى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوقىلىش تەقدىرىگە دۇچ كېلىپ قالدۇق. مۇشۇنداق بىر ۋاقىتتا ئۆزىمىزدە يوق، ياكى بولسىمۇ يېتەرلىك ئەمەس، ئەمما ئامېرىكىلىقلاردا بار بىر قىسىم قىممەت قاراشلىرىغا ئەستايىدىل قاراپ چىقىش ناھايىتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ مەسىلىدە ھازىر ئىنتايىن ئېچىنىشلىق بولغان بىر ئەھۋال شۇكى، بىزنى ھازىرقىدەك ئەھۋالغا ئەكېلىپ قويغان بىر قىسىم قىممەت قاراشلىرى چەت ئەلدىكى بىر قىسىم قېرىنداشلاردا ھازىرمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ھەمدە ئۇيغۇرلار ئۆزىنى بىر مىللەت سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋاغا ناھايىتى زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن مەزكۇر ماقالىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىدىكى بىر قانچە مۇھىم ئېلېمېنتلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەقسىتىم ھازىر خاتا قىممەت قاراشلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزىنىڭ ۋاقتى، ئۆزىنىڭ زېھنى ۋە ئۆزىنىڭ كۈچىنى ئىسراپ قىلىۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىللە باشقىلار خەلقئارالىق ئۆلچەملەرگە ماس كېلىدىغان ھالدا ئېلىپ بېرىۋاتقانلارغىمۇ پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ مېڭىۋاتقان يولىنى توغرىلىۋېلىشىغا ئازراق ياردەم قىلىش.

## 1. ئەركىنلىك

ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە ئۆز ۋەتىنىنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەركىن ۋە ئەڭ ياخشى دۆلەت، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك چۈشەنچىسى ئامېرىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار مۇنداق قارايدۇ: ھەممە ئادەم باراۋەر؛ ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى ھەر بىر ئادەمنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئاساسىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش؛ ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىدىكى كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ئىندىۋىدۇئاللارنىڭ ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ھوقۇق سۆزلەش ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى ۋە دىنىي ئەركىنلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامېرىكىدا بىرەر چېركاۋ ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرالمايدىغان بولۇپ، دىنىي جەھەتتىكى رەڭدارلىق يولغا قويۇلىدۇ.

## 2. ئىندىۋىدۇئاللىق ياكى كىشىلىك خاسلىق

ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەركىنلىك چۈشەنچىسى ئىندىۋىدۇئاللىقنى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئىندىۋىدۇئاللىقنىڭ ئامېرىكىدىكى پەلسەپىلىك يىلتىزى ئىنتايىن چوڭقۇر. توماس جېفېرسون كىشىلەرنىڭ ئەركىن ئىندىۋىدۇئاللىق كىملىكىگە بىر مۇقەددەس نەرسە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك، ھەمدە ھەر بىر ئادەمنىڭ غورۇرى بىلەن ئىنسانىي پوتونلۇكى ياكى ئىنتېگرىتى قاتتىق قوغدىلىشى كېرەك، دەپ قارىغان. ئامېرىكىنىڭ 19 - ئەسىردىكى بىر قىسىم داڭلىق پەيلاسوپلىرى ئىندىۋىدۇئاللارنىڭ ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى يەنىمۇ كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار كىشىلەرنى ئۆزگە ئىشىنىشكە، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىغا ئىشىنىشكە، ۋە كىشىلىك ئىش - ھەرىكەتلەرنى تۈزۈم ياكى ئادەت بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇشقا چاقىرغان. ئامېرىكىدا 20 - ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان بىر قىسىم داڭلىق ئەمەلىيەتچىلەر كىشىلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى كونترول قىلالايدىغان قابىلىيىتىگە ئىشىنىش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئامېرىكىلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئىندىۋىدۇئاللىق ھەم ئۆز كۈچىگە تايىنىشنى، ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆز - ئۆزىنى قامداش ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا تارىخىدا بىر خىل مەركىزىي ئامىل بولۇپ كەلگەن. بېنجامىن فرانكلىن ھەتتا «ئۆزىنى ئۆزى ياراتقان ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان.

## 3. ئەمەلىي نەرسىلەرنى ئىدېئاللاشتۇرۇش

كۆپلىگەن تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەقىدىلىرى ۋە قىممەت قاراشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلارنىڭ چۆل - جەزىرىلەردىكى سەرگۈزەشتىلىرىدىن كەلگەن. چۆل - جەزىرىلەردە ھايات قالالىغان كۈچلۈك كىشىلەر ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا كۆپ تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ ئەھۋال نېمە ئۈچۈن ئامېرىكىلىقلار پەقەت ئەمەلىيچانلىقتا ئىگە نەرسىلەرنىلا ئىدېئاللاشتۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئامېرىكىدا ئۈنۈم بېرىدىغان نەرسىلەر ھېساب، ئۈنۈم بەرمەيدىغان نەرسىلەر ھېساب ئەمەس. ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يېڭىلىق ياراتقۇچىلاردىن بولۇشقا مەجبۇرىي بولغان. ھازىر ئامېرىكىلىقلار ئەڭ پەخىرلىنىدىغان روھ «ھەر قانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ» دېگەن روھتىن ئىبارەت. ئۇلار ئۆزلىرىنى «بىز تەبىئىي ھالدا ھەممە ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلىشقا يارىتىلغان»، دەپ ئويلايدۇ.

## 4. پىدائىيلىق

پىدائىيلىق دېگىنىمىز ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئەمەس، شەخسلەرنىڭ چاقىرىقى بىلەن ئادەملەر بىر - بىرىگە قىلىدىغان ياردەمنى كۆرسىتىدۇ. پىدائىيلار ناھايىتى كۈچلۈك ھاياتىي مەقسەتكە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار باشقىلارغا قاراپ تۇرماي، ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ، ھەمدە باشقىلارنىمۇ تەشكىللەپ، جامائەت دۇچ كەلگەن بىر ئالاھىدە مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ، ياكى بىر جىددىي ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ پىدائىيلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئامېرىكا نوپۇسىنىڭ 60 پىرسەنتى كەم دېگەندە بىردىن پىدائىيلار تەشكىلاتىغا ئەزا. ئامېرىكىلىقلار ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھەل قىلالايدىغان بىر خىل ئۇمىدۋار ئىپتىخارلىقىغا ئىگە بولۇپ، پىدائىيلىق ئەنە شۇنداق روھنىڭ بىر خىل نامايەندىسىدۇر. ئامېرىكىلىقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھەر خىل تىپتىكى ئۇيۇشمىلارنى قۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماقالىنى ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئويلاپ بېقىڭ: ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانچە پىرسەنتى مىللەت ئۈچۈن خالىسانە خىزمەت قىلىدىغان پىدائىيلاردىن بولۇۋاتىدۇ؟ ئۆتكەندە بىر قېرىندىشىمىز ھېسابلاپ مۆلچەرلەش ئارقىلىق، بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر زىيالىيلار دۇنيا جامائىتى ۋە ب د ت غا قارىتىپ چىقارغان بىر مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويغان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى چەت ئەلدىكى كومپيۇتېر ۋە زېرەكفون (ئەقىللىق يانفون) ئىشلىتەلەيدىغان ئۇيغۇرلار سانىنىڭ 0.1 پىرسەنتىگىمۇ يەتمىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 5. كۆچۈپ يۈرۈشكە ئامراق بولۇش

ئامېرىكا بىر كۆچمەنلەر دۆلىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدا ياشىغان خەلق ئەڭ دەسلەپىدىن باشلاپلا بىر مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۇسۇلى باشقا يەرگە كۆچۈپ، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاش، دەپ قارىغان. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆچۈشكە ئامراق كېلىشى ياكى ھەرىكەتچانلىقى نىشانسىزلىقنىڭ نامايەندىسى بولماستىن، بەلكى ئۈمىدۋارلىقنىڭ نامايەندىسى. ئامېرىكىدا بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈش بىر ئادەتتىكى ئىش بولۇپ، كۆپىنچە كىشىلەر ئۆز ئۆمرىدە 4 ياكى 5 ئوخشىمىغان شەھەرلەردە ياشاپ باقىدۇ. مېنىڭ ئامېرىكىغا كەلگىنىمگە ھازىر 30 يىل بولغان بولۇپ، ئاشۇ 30 يىل جەريانىدا بىز ئوخشىمىغان 4 شەھەردە ياشاپ باقتۇق. يەنى 3 قېتىم ئۆي كۆچۈپ بولدۇق. بىز تۇرغان ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقلىرىنىڭ ئەڭ يېقىنلىرى 150 كىلومېتىر، ئەڭ يىراقلىرى 600 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئامېرىكىلىقلار «بىر ئۆي سېتىۋېلىش مەڭگۈ كۆچمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ»، دېگەن قاراشنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ.

## 6. ۋەتەنپەرۋەرلىك

ئامېرىكىلىقلاردا يۇرتۋازلىق خاراكتېرى ئاساسىي جەھەتتىن مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلاردا ئامېرىكىلىق بولۇش غورۇرى يۇرتداشلىق غورۇرىغا قارىغاندا كۆپ كۈچلۈك كېلىدۇ. بۇنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە ئامېرىكىلىقلارنىڭ ھەر خىل ئالاھىدە ۋاقىتلاردا قولىدا ئامېرىكا بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىشى، ماشىنىلىرىغا «مەن ئامېرىكىلىق بولغىنىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن» دېگەن خەتلەرنى چاپلىۋېلىشى، ۋە ھەر بىر ئىسپورت پائالىيىتىنىڭ بېشىدا دۆلەت ئىستىقلال مارشىنى ئوقۇشى قاتارلىقلارنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. تەشەككۈر بايرىمى ۋە مۇستەقىللىق بايرىمى ئامېرىكىلىقلارنىڭ دۆلەت كىملىكى تۇيغۇسىنى ناھايىتى كۈچلەندۈرۈۋېتىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئامېرىكىدەك بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭدا ھازىرقىدەك ئەركىنلىكنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى قاتارلىق تارىخىي دەۋر ۋە ئىلغار رېئاللىق بىلەن زىچ باغلانغان.

## 7. تەرەققىيات

ئەركىنلىك ئىدىيەسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغىنى ئامېرىكىلىقلارنىڭ تەرەققىيات ئىدېئالىدۇر. ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتى چۆل - جەزىرىلەرنى ئادەم ياشايدىغان ماكانلارغا ئايلاندۇرۇش ۋە سانائەتنى كېڭەيتىش ئەھۋالى بىلەن ئۆلچىنىپ كەلدى. ئامېرىكىلىقلار ئۇچۇن پۇرسەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تەرەققىي قىلىش ئىستىكى ئىنتايىن مۇھىم. بۇ كۆچمەنلەر جەمئىيىتىدە تەرەققىياتنى ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ نەچچە ئەۋلاد ئەجدادلىرىنىڭ ئائىلە تەرەققىياتى ئاساسىدا ئۆلچەيدۇ. كۆپلىگەن ئامېرىكىلىقلار «بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىمىزدىن باشلاپ بۇ زېمىندا بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئەۋلادمۇئەۋلاد ياخشىلىنىپ ماڭدى» دەپ قارايدۇ. كىلاسسىك ئامېرىكا ئائىلە ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى تەرەققىيات ھەققىدە يېزىلغان بولىدۇ. ئامېرىكا چۈشىنىڭ بىر قىسمى بوۋىسى ۋە مومىسىنىڭ دۇنيا قارىشىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىبارەت.

## 8. پەن ۋە ئەقلىيلىك (لوگىكىلىق تەپەككۇر) نى دىنىي ئېتىقادتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش

ئامېرىكىدا خىرىستىيان دىندارلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. مەن 1996 - يىلى دوكتور ئاشتىلىق خىزمىتىمنى تاماملاشقا ئاز قالغاندا ئامېرىكىنىڭ ئاركانساس ئىشتاتى كونۋاي شەھىرىدىكى بىر ئالىي مەكتەپكە پىروفېسسورلۇق خىزمىتى ئۈچۈن كۆرۈشۈشكە باردىم. ھەمدە مەكتەپتىكىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شەھەرنى بىر قېتىم تېز سۈرئەتتە زىيارەت قىلدىم. ئۇ شەھەردە 30 مىڭدىن كۆپرەك نوپۇس بار بولۇپ، ئۇلار ئۈچۈن 73 چېركاۋ بار ئىكەن. بىرەر چېركاۋغا تەۋە ئەمەس كىشىلەر ئاساسەن مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. ئامېرىكا مەكتەپ تەربىيەسىدىن قالسىلا دىنىي تەربىيەگە تايىنىپ، كىشىلىك ئەخلاق جەھەتتە دۇنيا بويىچە خېلى ئالدىنقى ئورۇننى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مائارىپ، ئىلىم - پەن، تېخنولوگىيە ۋە ئىنژېنېرلىق ساھەسىدىمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتىدۇ. ھازىرقى كالىفورنىيە نوپۇس سانى 39.5 مىليون بولۇپ، مۇشۇنچىلىك نوپۇس ئۈچۈن قۇرۇلغان 4 يىللىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانى 260 تىن ئاشىدۇ. ئىككى يىللىق ئالىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملارنىڭ سانىمۇ 220 دىن ئاشىدۇ. ئەگەر بىزنىڭمۇ ئوخشاش نىسبەتتىكى ئالىي مەكتىپىمىز بار بولغان بولسا، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنى 20 مىليون دېسەكمۇ، بىزدە 130 تىن كۆپرەك 4 يىللىق ئالىي مەكتەپ بار بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما بىزدە ئالىي مەكتەپنىڭ سانى 13 كىمۇ يېرىپ باقمىدى. بىز يۇقىرىقىدەك پاكىتلاردىن «پەن ۋە ئەقلىيلىكنى دىنىي ئېتىقادتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش» دېگەن قىممەت قاراشنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاسانلا چۈشىنىۋالالايمىز.

چەت ئەلدىكى كۆپلىگەن خىتاي زىيالىيلىرى خىتاي دۆلىتىدە دىنىي ئومۇملاشتۇرماي تۇرۇپ خىتاي دۆلىتىدىكى خەلقنىڭ ئىنسانلىق ساپاسىنى ۋە ئادىمىي ئەخلاقىنى ئۆستۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كەلدى. يېقىندا دونالد ترامپنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنى دىنىي ئەركىنلىكنى يولغا قويۇشقا قىستاۋاتقانلىقى ھەققىدە بەزى خەۋەرلەر تارقالدى. دىن ئادەملەرنىڭ ئىنسانلىق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئەمما ئىنسانلار دىنىي پەن ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالدىكەن، ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى تارتىدۇ. بۇنىڭ بىر ياخشى مىسالى بىز ئۇيغۇرلار. ئۇيغۇرلارنىڭ 14 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋردە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئارقىغا چېكىنىپ كېتىشى ئاساسىي جەھەتتىن دىنىي پەن ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇردىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋېلىشىدىن بولغان. ئۇنىڭ دەردىنى بىز بۈگۈنمۇ ناھايىتى ئېچىنىشلىق دەرىجىدە تارتىۋاتىمىز.

## 9. ئامېرىكىلىقلار غايىسى ياكى ئامېرىكىلىقلار چۈشى

ئامېرىكىلىق يازغۇچى جەيمس ئادامس ئۆزىنىڭ «ئامېرىكا داستانى» دېگەن دۇنياغا داڭلىق كىتابىدا ئامېرىكىلىقلار غايىسىنى مۇنداق دەپ تەسۋىرلىگەن: «ئۇ بىر زېمىننىڭ غايىسى بولۇپ، بۇ زېمىندا ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ياخشىراق بولۇشى، ھەر بىر ئادەم بايراق بولۇشى، ھەر بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى پۇتونرەك بولۇشى، ھەممىدە ھەر بىر ئادەمنىڭ قابىلىيەتلىرى ۋە نەتىجىلىرىگە تۇشلۇق پۇرسەتلەر يارىتىلغان بولۇشى كېرەك.» بۇ ئامېرىكىلىقلارغا ئىقتىسادچان بولۇش، قاتتىق ئىشلەش، ئائىلىسىگە سادىق بولۇش، ۋە ئەركىن ئىگىلىك سىستېمىسىغا ئىشىنىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى رازى قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى ئۆگىتىدۇ. ئامېرىكىلىقلار غايىسى كىشىلەرنىڭ قابىلىيىتىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ھەر قانداق بىر نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

ھەممەيلەننىڭ خەۋىرىدە بولغىنىدەك، ئامېرىكىنى قۇرۇپ، ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنى يېزىپ چىققانلار دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ داڭلىق مۇتەپەككۇرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان كىشىلەر. يۇقىرىدىكىدەك قىممەت قاراشلىرى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم ئېلېمېنت مائارىپ ۋە ئىلىم - پەننى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت. ئوقۇمىغان، ياكى ئانچە ياخشى ئوقۇيالمىغان، ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلالمايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن يۇقىرىدىكى قىممەت قاراشلىرىنىڭ بەزىلىرى سەلبىي نەرسىگە ئۆزگىرىپ قېلىشى ياكى سەلبىي رول ئوينىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىندىۋىدۇئاللىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئەمما ئۇ سەلبىي جەھەتتە رول ئويناۋاتقان ئەھۋال خېلى ئېغىر. ئەمەلىي نەرسىلەرنى ئەمەس، قۇرۇق شوئارلارنى ئىدېئاللاشتۇرۇۋالىدىغان ئەھۋالمۇ ئىنتايىن ئېغىر. كومپيۇتېر ئالدىدا ناھايىتى كۆپ يۈرىدىغان، ئەمما ئەمەلىي پىدائىيلارغا ھاجەت چۈشكەن يەرلەردە زادىلا تاپقىلى بولمايدىغان كىشىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز مەلۇم قىممەت قاراشلىرىنىڭ ئىجابىي نەرسە بولۇشى ياكى ئىجابىي ئۈنۈم بېرىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىلمىي ئاساستا ئىش قىلىشنى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىشنى بىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

مەن ئالدىنقى قېتىم تەييارلىغان «قىممەت قارىشى دېگەن نېمە؟» دېگەن ماقالىنى تورلارغا چىقارغاندىن كېيىن، مېنىڭ بىر قانچە دوستلىرىم سۆز بىرىكمىسىنىڭ بىر ئىگىسى يوق ئەھۋالدا ئۇ سۆزنى «قىممەت قارىشى» ئەمەس، «قىممەت قاراش» دەپ ئالسا ئۇيغۇر گىراماتىكىسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. يەنە بىر قانچە دوستلىرىم «قىممەت قاراش»نىڭ ئورنىغا «قىممەت» ياكى «قەدىر» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى تەكلىپ قىلدى. يەنە بىر دوستۇم ماڭا بۇرۇن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا بۇ سۆزنىڭ ئورنىغا «قەدىرىيەت» دېگەن ئاتالغۇ ئىشلىتىپ بېقىلغانلىقىنى دەپ بەردى. ئالدىنقى ماقالەم بىلەن ئوخشاش بولسۇن ئۈچۈن مەن مەزكۇر يازمامدا «قىممەت قاراش» سۆزىنى ئىشلىتىۋەردىم. ئەمما ئوقۇرمەنلەرنى يۇقىرىدىكى ئەھۋال ۋە تەكلىپلەردىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. مەن بۇ يەردە يۇقىرىدىكى تەكلىپلەرنى بەرگەن بارلىق دوستلىرىمغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

لوندوندىكى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئىنىمىز «قىممەت قاراش» مەسىلىسى ھەققىدە ماڭا تۆۋەندىكى تەكلىپنى بەردى:

«قىممەت قاراش - بۇ ھەقىقەتەنمۇ دائىرىسى ۋە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلىرى كەڭ بىر ئۇقۇم. ئۇ ھەر بىر مىللەت ۋە جەمئىيەتتە، ھەر بىر ئوخشىمىغان جەمئىيەت تۈزۈملىرىدە پەرقلىق

بولىدۇ. سىز دېگەندەك ئۇيغۇرلار 2017 - يىلىدىن كېيىنكى مىللىي مەۋجۇتلۇق كۈرىشى دەۋرىدىكى يېڭى بىر قىممەت قاراشقا ئىگە بولۇشى ياكى شۇنداق بىر قىممەت قاراشنى تۇرغۇزۇشى كېرەك. مەرھۇم مەدەنىيەتشۇناس ئالىمىمىز ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن بۇ ھەقتە بىر قانچە كىتاب يېزىپمۇ تۈگىتەلمىگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە دۇنيا قاراشلىرى (ئۇيغۇر پەلسەپىسى) ئۇيغۇرلارنىڭ 2017 - يىلىدىن كېيىنكى خىتاي قىرغىنچىلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى رېئاللىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۇيغۇر قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشتا مۇھىم مەنبەلىك رولىنى ئوينايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئوقۇشى ۋە قەلەم تەۋرىتىشى زۆرۈر.»

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئىنىمىز زىيالىيلارنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىشى ئۈچۈن ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئۇستازنىڭ تۆۋەندىكى كىتابى (بۇ يەردە بېرىلگىنى PDF نۇسخىسىنىڭ تور ئادرېسى) نى تەۋسىيە قىلدى:

https://elkitab.org/uyghur_pelsepe_tarixi-abdushukurmuhemmetmin

مەن ئىمكانىيىتى بار زىيالىي قېرىنداشلارنى ئالدىنقى يازمامدا تەۋسىيە قىلغان 4 دەۋردىكى ئۇيغۇر قىممەت قاراشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن توغرا ياشىشىغا ياردىمى بولىدىغان يېڭى «قىممەت قاراش»لارنى تەۋسىيە قىلىشقا چاقىرىمەن.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] «قىممەت قارىشى» دېگەن نېمە؟
http://www.meripet.com/2018/20181230_qimmet_qarishi.htm

[2] American Core Beliefs
https://www.hasdk12.org/cms/lib3/PA01001366/Centricity/Domain/854/American%20Core%20Beliefs.pdf

[3] James Truslow Adams
https://en.wikipedia.org/wiki/James_Truslow_Adams


*بۇ ماقالىنى «پېداكار» تەھرىرلىدى.*

18

# خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئېرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن
لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى، شەرقشۇناسلىق ۋە ئافرىقا تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى
SOAS University of London
aziz.isaa@gmail.com | www.azizisa.org/en


Ghulja
MASSACRE 1997
Urumchi
MASSACRE 2009
CHINA'S CONCENTRATION CAMPS 2017
Kazakhstan
Kyrgyzstan
UYGHURISTAN
[Uyghur Autonomous Region]
China
Pakistan
2 February 2021
CHINA'S UYGHUR GENOCIDE
AND ITS HISTORICAL PERSPECTIVE
Aziz Isa Elkun
STOP GENOCIDE FREE UYGHUR
BE AWARE OR BE THE NEXT
BBC NEWS

بۇ ماقالە ئەسلى ئىنگلىز تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، 2021 - يىلى 30 - مارت «گېرمانىيە ئىسلام گېزىتى» ۋە شۇ يىلى يەنە 14 - ئىيۇل ئەنگلىيەدىكى «مۇسۇلمانلار تۇيغۇسى» مېدىياسىدا نەشر قىلىنغان ۋە شۇ نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى.

گېرمانچە نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى تور بەتتىن ئوقۇيالايسىز:

- https://islamische-zeitung.de/die-heutige-repression-der-uiguren-hat-historische-vorlaeufer/

ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى تۆۋەندىكى تور بەتلەردىن ئوقۇيالايسىز:

- https://themuslimvibe.com/muslim-current-affairs-news/asia/chinas-uyghur-genocide-a-historical-perspective
- https://www.azizisa.org/china-uyghur-genocide-and-historical-perspective.pdf

2014 - يىلدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرىستاننىڭ، يەنى خىتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كەڭ كۆلەملىك جازا لاگېرلىرى ياكى «زامانىۋى يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت تورملىرى» تورى قۇرۇشقا باشلىدى. تاراتقۇلار بەزى لاگېرلارنىڭ 10 مىڭغا يېقىن مەھبۇسنى تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقنى خەۋەر قىلدى. ھەر خىل مەنبەلەرنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، ئۈچ مىليونغا يېقىن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر خىتاينىڭ لاگېرلىرىدا قانۇنسىز تۇتۇلغان، بۇ لاگېرلارنى خىتاي دائىرىلىرى خىتايچە ئالاھىدىلىكى بولغان «كەسپىي مائارىپ تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ خىل جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تۇنجى قېتىم غەرب ئاكادېمىكلىرى، تاراتقۇلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى 2017 - يىلى باھار ئايلىرىدا ئاشكارىلىغان ئىدى.

بۈگۈن خىتايدىكى «ئۇيغۇر كىرىزىسى»نىڭ تەخىرسىزلىكى توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشىنىڭ ئورنى يوق. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ، بىر دۆلەتنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئوچۇق - ئاشكارا سادىر قىلغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ بىرى: كەڭ كۆلەمدە مەلۇم بىر مىللەتكە قارىتىلغان ئاستا خاراكتېرلىك «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»دۇر.



لېكىن بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق خىتاي ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇداپىئە تېمى بولغان «سەددىچىن سېپىلى»نى ياسىغاندىن تارتىپ باشلانغانلىق ئۇزۇن تارىخى بار. بۇ رايوننىڭ رەھىمسىز تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇيغۇر كىرىزىسى يېقىنقى زامان كونتەرتىپىدە يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان كىرىزىس ئەمەس، بەلكى ھەل قىلىنمىغان كونا كىرىزىس بولۇپ، بۇ پەقەت رەقەملىك كۆزىتىش ئەسىرىنىڭ بېشىدا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

نۆۋەتتىكى پاجىئەلىك ۋەقەلەرنى ئۆتمۈشكە باغلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىدە ئۇزۇن يىللار داۋام قىلغان ئۇرۇش تارىخىنى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ ھەم بىز بۈگۈنكىچە داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تارىخى نۇقتىئىنەزەرلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشىمىز كېرەك. بىز 19 - ئەسىردە بۈيۈك برىتانىيە، رۇسىيە ۋە مانجۇ - چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئوينالغان «بۈيۈك ئويۇن»نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ۋەتىنىدە قالدۇرغان تارىخىي جاراھەت ئىزلىرىنى ئۇنتۇمايمىز.

بەختكە قارشى، تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى قوشنا ئىمپېرىيەلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، بۇ ئويۇن 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە، ستالىنىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىۋاسىتە ھەربىي جەھەتتىن قوللىشى تۈرتكىسىدە يېڭىدىن قۇرۇلغان كوممۇنىست خىتايلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قايتا بېسىۋېلىنىشى بىلەن تىراگېدىيەلىك ئاخىرلاشتى.

## ئاتالمىش خىتاينىڭ «چېگرا رايونى»، سېپىللار ۋە ئۇرۇشلار

ئىككى مىڭ يىللىق تارىختىن بۇيان، ئاتالمىش ھازىرقى زامان «شىمالىي ۋە غەربىي خىتاي» ۋە قوشنا رايونلاردا ھونلار، تۈركلەر، ئۇيغۇرلار، موڭغۇللار ۋە مانجۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆچمەن «شىمالىي خەلقلەر» كۆپ جەڭلەرنى قىلغان. بۇ رايوننىڭ تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، سىياسىي ۋە مىللىي يۆنىلىشلىرى سەۋەبىدىن، تارىختىن بۇيان، يايلاق خەلقلىرى بىلەن خىتاي ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىنىڭ پادىشاھلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا سانسىزلىغان ئۇرۇشلار بولغان. بۇ ئۇرۇشلار كونتروللۇقنى قولغا كەلتۈرۈش، زېمىن ئىگىلەش ۋە تەبىئىي بايلىقلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي جەھەتتىن مەدەنىيەت ئۈستۈنلۈكى تالىشىش ۋە مىللىيەتچىلىكنىڭ تۈرتكىسىدە بولۇپ، بىر ئىرق ياكى مەدەنىيەتنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىغا بولغان ئېتىقادى ئىدى.

ئۇيغۇر تارىخشۇناس جامىس مىلۋارد ئېيتقاندەك: «مىللەتچىلىك ئىنسانلار، زېمىن ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. مىللەتچىلىك قۇرۇلۇشى مەلۇم بىر خەلق بىلەن يەر زېمىنىنىڭ مەلۇم بىر قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى بەلگىلەشكە تىرىشىدۇ».

خىتاي ئادەتتە تاشقى دۇنياغا 21000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان تارىخى «سەددىچىن سېپىلى» بىلەن تونۇلغان. خىتاي ئىمپېراتورى چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلدىن باشلاپ بۇ سېپىلنى ياساشقا باشلىغان. خىتاينىڭ مەشھۇر تارىخچىسى سىما چيەننىڭ سۆزىگە قارىغاندا بۇنداق ئۇزۇن سېپىل سېلىشتىكى مەقسەت ھونلارنى (شيوڭنۇ - 匈奴 - خىتايچىدىن تەرجىمە قىلىنىشى: ۋەھشىي قۇللار) چېگرالىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش، ئۆز بىخەتەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئىدى.

2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى خىتاينىڭ تەشۋىقات ئاخباراتى بولغان شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، خىتاي بۈگۈنكى زامانىۋى ئىمپېراتورى شى جىنپىڭ شىنجاڭ

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئەتراپىدا دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن «تۆمۈر سېپىل» قۇرۇپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن.




## قەشقەرىيەدىن «شىنجاڭ»غىچە، خىتاي «يېڭى زېمىنى»نىڭ بارلىققا كېلىشى

1760 - يىللىرىدىكى مانجۇ - چىڭ ئىشغالىيىتىدىن بۇيان يېقىنقى ئىككى ئەسىرلىك تارىختا، بۇ رايوندا نۇرغۇنلىغان رەھىمسىز ۋەقەلەر يۈز بەردى. ھەمىشە قوزغىلاڭ ۋە ئۇرۇشلاردىن كېيىن كەڭ كۆلەملىك ئۆچ ئېلىپ ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرى يۈز بەرگەن ۋە بۇ قىرغىنچىلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىرقچىلىقنىڭ تۈرتكىسىدە بولدى. مەسىلەن، كۇروپاتكىننىڭ 1882 - يىلى نەشر قىلىنغان «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا مانجۇ گېنېرالى زو زۇڭتاڭنىڭ 1870 - يىللاردا «قەشقەرىيە» (شەرقىي تۈركىستان) نى قايتىدىن «بويسۇندۇرغانلىقى» تەسۋىرلەنگەن. ئۇ، ئەمىر ياقۇپ بەگ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر مىليونغا يېقىن كىشىنىڭ قانداق قىرغىن قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئېيتىدۇ [1].




*ياقۇپ بەگ دەۋرىدىكى قەشقەرىيە – شەرقىي تۈركىستان خەرىتىسى، 1876 - يىل. جون بارسولومېۋ (John Bartholomew شوتلاندىيە)*

## ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتىنىنى قايتىدىن بويسۇندۇرۇش ۋە قايتا لايىھەلەش: شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغىچە

1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، غۇلجىنىڭ شىمالىدىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەر ئىككىنچى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»نى قۇردى. بۇ جۇمھۇرىيەت دەسلەپتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي قوللىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ، خىتاي مىللەتچىلىرىنى موسكۋا بىلەن سۆھبەت ئۈستىلىگە ئەكېلىش ئۈچۈن پىلانلانغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنلا خىتايدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تېز ئۆزگىرىشى ۋە ئىچكى ئۇرۇش سەۋەبىدىن، ستالىن ماۋ زېدۇڭنى قوللاشقا باشلىدى ۋە ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ بىر پارچىسى بولۇشقا مەجبۇرلىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پرېزىدېنتى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە باشقا ئون نەچچە نەپەر رەھبەر، 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ماۋ زېدۇڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن بېيجىڭغا بارىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى ئايروپىلانىدا كېتىۋاتقاندا «ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش» ۋەقەسى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلدى.

Leader of the Republic of East Turkistan Ahmedjan Qasimi. He negotiated about the political future of the Uyghurs with Chiang Kai-shek, president of the Chinese Nationalist Party, on 22 November 1946 in Nanking.




«ئايروپىلان چۈشۈپ كېتىش» ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ مىللەتچى گېنېرالى ۋاڭ جېن، ماۋ زېدۇڭ تەرىپىدىن شەرقىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال قىلىشقا ئەۋەتىلدى. 1949 - يىلى ئۆكتەبىردە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنى بىۋاسىتە ھەربىي ياردەملەر بىلەن قوللىشى تۈرتكىسىدە، ئۇيغۇر سەرخىللىرى، زىيالىيلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك قارشىلىقلىرى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى. بۇ يىللاردا ۋاڭ جېننىڭ ئارمىيەسى يەر ئىسلاھاتى ۋە خىتاي مىللەتچى ئارمىيەسىنىڭ قالدۇقلىرىنى تازىلاش نامىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى يۈز مىڭلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقىنى ئۆلتۈردى.

بېيجىڭ، ئۇيغۇر سىياسىيونلىرى ۋە زىيالىيلىرىنىڭ سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيىتى ئەندىزىسىگە ئوخشاش، خىتاينىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەلىپىنى رەت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتەلىگەنلەردىن باشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاستا - ئاستا قولغا ئېلىندى ياكى ئۆلتۈرۈلدى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، بېيجىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى قايتا ئىشغال ۋە قايتىدىن مۇستەملىكە قىلغىنىغا 72 يىل بولدى. گەرچە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە دىنىي ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە باراۋەر يۇقىرالىق ھوقۇقى تەلەپ قىلىشى «پانتۈركچىلىك»، «پانئىسلامىزم» ۋە «مىللىي بۆلگۈنچىلىك» قالپاقلىرى كىيدۈرۈلۈش بىلەن جاۋاب بېرىلىپ رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇشلارغا ئۇچرىدى. خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىدا يېزىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي رايون ئاپتونومىيەسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئاتالمىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇن - نىزاملىرى ئەزەلدىن ھۆرمەت قىلىنمىدى ۋە يولغا قويۇلمىدى.




*سول تەرەپتىكى رەسىم: 1949 - يىل 1 - دېكابىر خىتاي ئازادلىق ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قۇمۇل رايونىغا كىرىشى. ئوڭ تەرەپتىكى رەسىم: خۇنەنلىك 8000 كېلىن «مۇلازىمەتچى» ئاياللارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا قاراپ يولغا چىقىشى.*

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇيغۇرلار يېڭىدىن تىكلەنگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ھەر خىل زۇلۇملارنى باشتىن كەچۈردى. خىتاي ئىلگىرىمۇ ھازىر بىز كۆرۈۋاتقانغا ئوخشاش مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللانغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە دىنى ئېغىر ھۇجۇملارغا ئۇچرىغان، مەسچىتلەر ۋەيران قىلىنغان، قۇرئانلار كۆيدۈرۈلگەن ۋە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر «ئەمگەك بىلەن قايتا تەربىيەلەش» تۈرمىلەرگە قامالغان ئىدى.

## سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى ۋە 1990 - يىللاردا مۇستەقىل ئۇيغۇر ۋەتىنىنى قايتا قۇرۇش ئۈمىدىنىڭ تۇغۇلۇشى

1990 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، مۇستەقىل ئۇيغۇر ۋەتىنىنى قايتا قۇرۇش ئۈمىدى تۇغۇلدى. ئۇيغۇرلار ئۆز ئىرقىي تۇغقانلىرىدىن بولغان ئۆزبېكلەر، قازاقىستانلار ۋە قىرغىزلارنىڭ

بىر كېچىدىلا مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە شاھىت بولدى. شۇڭلاشقا مۇستەقىللىققا بولغان ئىنتىلىشى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ختاينىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سىستېمىلىق قارشىلىق كۈچلىنىشكە باشلىدى.




## ئىدىيەۋى بۆرۈلۈش نۇقتىسى: ئۇيغۇر تارىخىنى قايتا يېزىش ۋە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنىڭ قەد كۆتۈرۈشى

1980 - يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرى، ختايدا ئىلمىي ساھەلەرنى ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىتىگە كەڭ قورساق بولۇش سىياسىتى يۈرگۈزۈلدى. مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچى ۋە شائىر تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە «ئۇيغۇرلار» (The Uyghurs) ناملىق كىتاب يازدى. بۇ كىتاب 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان. بۇ، ختاينىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا نەشر قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇر تارىخ كىتابى ئىدى. كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى ۋە قىسقا ۋاقىت ناھايىتى زور ئالقىشقا ئېرىشتى. بۇ كىتاب ختاي - سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۆلۈنۈشىدە بارلىققا كەلگەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارىخشۇناسلىقى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ختاي تەرىپىدىن «شىنجاڭ» دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ مۇستەملىكە قىلىنغان زېمىنىنىڭ تارىخىي ئىگىسى ئىكەنلىكى ۋە مۇستەقىل دۆلەت بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى نۇقتىلارنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ كىتاب يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى «غەربىي تۈركىستان» بىلەن تۇغقاندارچىلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان دېگەن ئاتالغۇنى تۇنجى بولۇپ تەشۋىق قىلغان كىتابلارنىڭ بىرىدۇر [2]. بۇ رايوننىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇيان ختاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان شىنجاڭ تارىخىنىڭ رەسمىي ختايچە نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا، كىتاب ئۇيغۇر مىللەتچىلىك قارىشىنى قوبۇل قىلغان ئاساستا، تارىختىكى نۇرغۇن «ئۇيغۇر» دۆلەتلىرىنىڭ ختايدىن مۇستەقىل ئىكەنلىكىنى ياكى ھەتتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تۇرغۇن ئالماس ختاي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەر خىل كۈچلۈك دەلىل - ئىسپاتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئوخشىمىغان نەزەرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، بۇلار تارىم مۇمىيالىرىنىڭ «ئۇيغۇر

مەدەنىيىتىنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىدىنمۇ ئۇزۇن» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلىقى ۋە شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ كومپاس، مىلتىق دورىسى، قەغەز ياساش ۋە مىخ مەتبەئە قاتارلىق كەشپىياتلارنى كەشىپ قىلغانلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ «ئەگەر يەھۇدىيلار 3000 يىلدىن كېيىن ۋەتىنىنى قايتۇرۇۋالالىغان بولسا، ئۇيغۇرلارمۇ 3000 يىلدىن 6000 يىلغىچە يۇرتىنى قايتۇرۇۋالالايدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ [3].

## خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا «يەرلىك تارىخ ئۆگىتىشى» ۋە بېسىۋېلىنغان يېڭى زېمىن «شىنجاڭ»نى خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ دەۋا قىلىشى

تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈنسايىن قىزىقىپ ئوقۇلۇۋاتقان كىتاب بولۇشىغا قارىتا، 1991 - يىلى 2 - ئايدا، خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى بىرلىكتە ئىلمىي يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىدىكى تارىخى قاراشلارنى ۋە ئالماسنىڭ باشقا ئىككى كىتابىنى مۇزاكىرە قىلدى، كېيىن بۇ كىتاب چەكلەندى. تۇرغۇن ئالماس ئۆرۈمچىدە «ئۆيدە نازارەتتە تۇتۇپ» تۇرۇلدى. تۇرغۇن ئالماسنىڭ كىتابىنى تەنقىد قىلىش پائالىيىتىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىنجاڭ ھۆكۈمىتى مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەنقىدىي ئۆگىنىش دەرسىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى» (新疆地方史) كىتابىنى ئالدىراپ ئېلان قىلدى. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇنىڭدىن بۇرۇن مەكتەپ دەرسلىكىدە، بارلىق خىتاي سۇلالىلىرىنى ئۆگەنگەندىن باشقا، ئۇيغۇر ياكى رايون تارىخى ھەققىدە تارىخ كىتابى يوق ئىدى.

## «قاتتىق زەربە بېرىش»تىن «بۆلگۈنچىلىك» ۋە «تېررورلۇق»قا قارشى كۈرەشلەرگىچە

1990 - يىللىرىدا، خىتاي ئۇيغۇر مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن لايىھەلەنگەن بىر يۈرۈش «قاتتىق زەربە بېرىش» پائالىيىتىنى يولغا قويدى، ئەمما ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ئىچىدىكى قانۇنىي ھەق - ھوقۇق تەلەپ قىلىشنى ئەزەلدىن توختاتمىدى. خىتاي ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇقىنى باستۇرۇشنى قانۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشتى. ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن «11 - سېنتەبىر» تېررورلۇق ۋەقەسىدىن كېيىن، خىتاي بۇ «تېررورلۇققا قارشى ئۇرۇش»نى ئۇيغۇرلارغا قاراتقان باستۇرۇشنىڭ سەۋەبى قىلىپ پايدىلاندى.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان توختاۋسىز يۈرگۈزۈۋاتقان پۈتمەس ۋە تۈگىمەس باستۇرۇش سىياسىتىنىڭ مىسالى سۈپىتىدە، يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ۋەتىنىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىككى چوڭ تىنچلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلغان نامايىشقا قايتۇرغان رەھىمسىزلەرچە قانلىق باستۇرۇشنى مىسال كۆرسىتىمىز.

## غۇلجا قىرغىنچىلىقى

1997 - يىلى «5 - فېۋرالدىكى غۇلجا قىرغىنچىلىقى» خىتاينىڭ رايوندىكى ئەڭ ۋەھشىيلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1990 - يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان ئۇيغۇر «مەشرەپ» مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى غۇلجىدىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلانغان ئىدى. 1997 - يىلىنىڭ بېشىدا،

مەشرەپكە قاتناشقان نۇرغۇن ئۇيغۇر ياشلىرى قولغا ئېلىندى، ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشىغا قارشى نامايىش قىلدى، خىتاي ئارمىيەسى تىنچ نامايىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقاردى؛ ئۆلتۈرۈلگەن ئىنسانلارنىڭ سانى نامەلۇم، غۇلجىنىڭ تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 15 سېلسىيە گىرادۇسقا يەتكەن قەھرىتان قىشتا، خىتاي ئارمىيەسى كىشىلەر توپىغا قارىتىپ سوغۇق سۇ چاچىدۇ ۋە ئاقىۋەتتە نۇرغۇنلىغان نامايىشچىلارنىڭ يۈز ۋە پۇت - قوللىرى ئۈششۈپ كېتىدۇ ۋە بىر قىسىم كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ [4].

سىن فىلىمى: 23 يىل بۇرۇن «5 - فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى» ئەنگلىيە 4 - قانىلىنىڭ رىياسەتچىسى جون سىنوۋ تەرىپىدىن 1997 - يىلى لوندوندا خەۋەر قىلىنغان.

http://www.azizisa.org/video/Ghulja_Channel_41997.mp4

## ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى

2009 - يىلى 5 - ئىيۇلدا، رايوننىڭ پايتەختى ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار، خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى شاۋگۇەن شەھىرىدە ئۇيغۇر كۆچمەن ئىشچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان يەنە بىر قېتىملىق تىنچ نامايىشتا خىتاي ساقچىلىرى نامايىشچىلارغا ئوق ئاتقاندىن كېيىن، پايتەخت ئۈرۈمچىدە بىر مەيدان قەبىھ مىللىي توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ شاۋگۇەندە يۈز بەرگەن قاتىللىق جىنايىتىنى ئېنىقلىشى ۋە ۋەقەدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئۈچۈن قىلغان ئادالەت تەلەپلىرىنى قاتتىق باستۇردى ھەم مىڭلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنى ئۆلتۈردى، قولغا ئالدى ياكى مەجبۇرىي غايىب قىلىۋەتتى [5].

«5 - ئىيۇل» قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن، مىڭلىغان خىتايلار ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا نامايىش ئۆتكۈزدى. ئۇلار كالتەك ۋە پىچاق بىلەن قوراللىنىپ يۈرۈش قىلدى ھەم «ۋاڭ جېننى سېغىندۇق! بىزگە يەنە بىر ۋاڭ جېننى شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىڭلار!» دەپ شوئار تولىدى [6].

سىن فىلىمى: 2009 - يىل 7 - ئىيۇل ئۈرۈمچى. 2009 - يىلى 7 - ئىيۇل كۈنى، ئەنگلىيە 4 - قانىلىدا لىندسېي ھىلسام تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدىن خەۋەر قىلىندى.

http://www.azizisa.org/video/Urumqi_7July2009.mp4

توم كلىف 2018 - يىلى مۇنداق يازغان:

> *ۋاڭ جېن 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنى «ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرىدىغان ئاز سانلىق» دەپ ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ، كەلگۈسىدىكى مەسىلىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى «ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىۋېتىشنى» تەشەببۇس قىلغان. ھەتتا دەپ ماۋ زېدۇڭمۇ بۇنىڭ سەل ھەددىدىن ئاشقانلىقىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى ھېس قىلغان، شۇڭا ئۇ ۋاڭ جېننى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە يۆتكەپ كەتكەن. قارىماققا بۇگۈنكى ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋارىسى شى جىنپىڭ يەنە بىر ۋاڭ جېننى قايتىدىن تاپقاندەك قىلىدۇ [7].*




2009 - يىلدىن كېيىن، رايوندىكى شەھەرلەردە ئۇيغۇر ۋە خىتايلار ئۆزئارا بۆلۈندى، ئۆزئارا ئۆچمەنلىك ۋە گۇمان كۈچەيدى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بۇ يېڭى كىرىزىسنى خىتاينىڭ دۇنيادىكى بىرىنچى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كۈچكە ئايلىنىش ئارزۇسىغا خىرىس دەپ قاراپ، «شىنجاڭ خىزمىتى» يىغىنىدا ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئايرىمچىلىق سىياسەتلىرىنى رەسمىي ئىلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

بىز ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارايدىغان بولساق ۋە ئۇنىڭ 200 يىلدىن ئاشقان تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە قارشى ئىلىپ بارغان ئۇرۇش تارىخى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۈگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ تىراگېدىيەلىك ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بۇ زېمىننىڭ سىياسىي تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ مانجۇ - چىڭ ئىستېلاسىدىن كېيىن، كونا - يېڭى خىتاي ئىشغالىيەتچى كۈچلىرى رايوندا زوراۋانلىق ۋە باستۇرۇش، ئاندىن يېڭى ئەۋلادلارنى ئاسسىملىياتسىيە قىلىش ۋە قايتا قۇرۇش ئۇسۇللىرى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى پەقەت خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇندىغان، خىتاينىڭ مەنپەئەتى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماسلاشتۇرۇلغان بىر خەلق تۈپىنى شەكىللەندۈرۈش ھەم سىستېمىلىق ئاسسىملىياتسىيە ئارقىلىق بۇ كەڭ ئۇيغۇر زېمىنىنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىشغال قىلغان تۇپرىقىغا ئايلاندۇرۇشنى تولۇق ئەمەلگە ئايلاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلغان.

## دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوچۇق تۈرمە: ساقچى پونكىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ۋە ئۇندىن كېيىن جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

«شىنجاڭ خىزمىتى» يىغىنىدىن كېيىنكى شى جىنپىڭ دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تېخىمۇ ناچارلاشتى. 2016 - يىلى، شى جىنپىڭ چېن چۈەنگونى تىبەتتىن ئۇيغۇرىستانغا ئىلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ھەم ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن ئاسسىملىياتسىيە

قىلىشى ئۈچۈن هوقۇق بەردى. بۇ سىياسەتلەر 2016 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىرقى، مەدەنىيىتى، دىنىي كىملىكى ۋە مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىش، ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەرنى چەكلەش ۋە مەسچىتلەرنى تاقاشنى مەقسەت قىلغان يېڭى بىر «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» سىياسىي ھەرىكىتى باشلاندى.

ھەر قانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ قارشىلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن، چېن چۈەنگو 2016 - يىلدىن بۇرۇن تىبەتتە ئېلىپ بارغىنىغا ئوخشاش، ھەر 100 مېتىردا بىر ساقچى پونكىتى تورى قۇردى. شۇنداقلا 2017 - يىلدىن باشلاپ، چېن چۈەنگو رايوندا كەڭ كۆلەمدە چوڭ تىپتىكى «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى»نى جىددىي قۇرۇشقا باشلىدى.

ABC خەۋەر ئاگېنتلىقى 2018 - يىلى 31 - ئۆكتەبىر خەۋىرى:

> *بۇ تورىدە تەكشۈرۈلگەن لاگېرلارنىڭ كۆلىمى چوڭ بولسىمۇ، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى تۇتۇپ تۇرۇش تورىنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىشى مۇمكىن. مۆلچەرلەنگەن لاگېرلارنىڭ سانى 181 دىن 1200 گىچە [8].*




لاگېرلاردىن نۇرغۇن ئۆلۈم - يېتىم چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەر بار. بىز ئۆمەر بېك ئەلگە [9] ئوخشاش سابىق لاگېر شاھىتلىرىنىڭ بەرگەن نۇرغۇن گۇۋاھلىق بايانلىرىنى ئاڭلىدۇق، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ لاگېر مەھبۇسلىرىغا ئېغىر ۋەھشىيلىكلەر قىلغانلىقى ئاشكارا بولدى.

هازىرقى مۆلچەر بويىچە، بۇ لاگېرلاردا يازغۇچىلار، ئاكادېمىكلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە دېھقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مىليوندىن ئۈچ مىليونغىچە بىگۇناھ ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈرك مۇسۇلمانلىرى تۇتۇقلۇق. 2018 - يىل يېڭى يىلدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلدىكى تۇغقانلىرىغا تېلېفون قىلىش ياكى تېلېفون ئېلىشى مەنئى قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ تاشلاندى [10].

خىتاي هاكىمىيىتى ئاكادېمىكلار، يازغۇچىلار، شائىرلار، سەنئەتكارلار، ئوقۇتقۇچىلار ۋە تېببىي دوختۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى قەستەن تۇتقۇن نىشان قىلدى. خىتاي بۇ جازا لاگېرلىرىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى قايتا تەربىيەلەش» ۋە «كەسپىي تەربىيەلەش» ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ زىيالىيلار قايتا تەربىيەلەش ياكى كەسپىي تەربىيەلەشكە موهتاج ئەمەس. ئۇلار ئىلگىرى خىتاي هۆكۈمىتىدە ئىشلەيدىغان كەسپىي خادىملار. خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئالىملىرىنى ئېنىق نىشان قىلىشىدىن بۇ ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى يوقىتىش ۋە

ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە بولۇشقا مەجبۇرلاشنى تولۇپ مەقسەت قىلىدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

**يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدىكى ئۆلۈم - يېتىم ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي خورلۇقلارغا ئۇچرىشى كىشىنى چۆچۈتىدۇ**

خىتاي لاگېرىدا ھايات قالغان ئۇيغۇر شاھىت مىھرىگۇل تۇرسۇن 2018 - يىلى 9 - ئايدا ئامېرىكىغا كەلدى. ئۇ شۇ يىلى نويابىردا ئامېرىكا پارلامېنت كومىتېتىدا گۇۋاھلىق بەردى:

> *بەختكە قارشى، مەن بۇ ئۈچ ئاي ئىچىدىلا 68 كىشىلىك كامېردا توققۇز كىشىنىڭ قازا قىلغانلىقىغا شاھىت بولدۇم. ئەگەر مېنىڭ كىچىك كامېرمدا، يەنى 210 - نومۇرلۇق كامېردا، بىر كىچىك ناھىيەدە 3 ئاي ئىچىدە 9 ئادەم قازا قىلغان بولسا، مەن پۈتۈن پۈتۈن ۋەتىنىمدە قانچىلىك ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن [11].*

بۇ، مىھرىگۇل قامالغان كامېرىدىكى مەھبۇسلاردىن 10% دىن كۆپرەكىنىڭ قىسقىغىنە 3 ئاي ئىچىدە قازا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بۇ خىلدىكى ئۆلۈش نىسبىتى لاگېرلارنىڭ ھەممىسىدە بىردەك بولغان ياكى تەخمىنەن شۇنداق نىسبەتتە بولغان دەپ قارىساق، ئۇنداقتا بىر مىليوندىن ئارتۇق مەھبۇسلار تۇتۇلغان لاگېرلاردا قازا قىلغانلارنىڭ ئومۇمىي سانى كىشىنى چۆچۈتىدۇ. بۇ ھەم بىز ھازىرغىچە خىتاينىڭ ئاشكارىلاشنى ساقلاۋاتقان مەخپىي لاگېرلىرىنىڭ دەھشىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

خۇددى ئۆزۈمگە ئوخشاش، ئۇيغۇر مۇھاجىرەت توپلۇقلىرى ئارىسىدا توختىماي تارقىلىپ تۇرۇۋاتقان نۇرغۇن قايغۇلۇق ۋە ئېچىنىشلىق ۋەقەلىكلەر بار. لوندوندا ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئاز، نەچچە يۈز ئۇيغۇر بار، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىمالىي لوندوندا ياشايدۇ. 2019 - يىلى، مەن بىر دوستۇمنىڭ ئۇچۇرىنى تاپشۇرۇۋالدىم، ئۇچۇردا: «بىز سېنى ئۆيىمىزگە دەپنە مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىمىز، يېقىندا ئۇرۇمچىدىن ئاكامنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇ لاگېردا كېسەل بولۇپ قېلىپ، قويۇپ بېرىلىپ كېيىن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قازا قىلىپتۇ، نەزىرگە داخىل بولغايسىز» [12].

> *سىن فىلمى: ئەنگلىيە Channel 4 قانىلىنىڭ مۇخبىرى جون سنوۋ (Jon Snow) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، داۋام قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ھەققىدە نامىلىق پروگراما. بىز لوندوندىكى ئۇيغۇر ئاكادېمىك ۋە پائالىيەتچى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن بىلەن سۆھبەت ئېلىپ باردۇق. ئۇ: «بىز بۇنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئاتايمىز» دېدى. 2020 - يىل 1 - ئۆكتەبىر، لوندون.*

*http://www.azizisa.org/video/UKChannel4_Elkun01102020.mp4*

جازا لاگېرلىرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك ئاياللىرىغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش توغرىسىدا ئىزچىل ئېغىر ئەيىبلەشلەر بار. 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، BBC ئۇيغۇر ۋەتىنىدە يۈز بېرىۋاتقان سىستېمىلىق جىنسىي پاراكەندىچىلىك ھەققىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغانلىقى تەپسىلاتلىرىنى خەۋەر قىلدى.

خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: «خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان لاگېرلىرىدىكى ئاياللار سىستېمىلىق باسقۇنچىلىققا ئۇچرىدى، جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىندى». BBC لاگېردا ھايات قالغان تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇننى زىيارەت قىلدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

> *«بۇ بەلكىم مەن ئۇچۇن مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەت بولۇشى مۇمكىن، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاغزىمدىن چىقىشىنىمۇ خالىمايمەن.» [13]*

BBC نىڭ دوكلاتىدىن كېيىن، ئەنگلىيەنىڭ بىر قىسىم سىياسىيونلىرى كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆكتىچى پارتىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ستىفېن كىننوكمۇ، بۇ يۈز

بېرىۋاتقان ئىشلار «دۇنيانىڭ ۋىجدانىدىكى جاراھەت» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى [14].

بۈيۈك بىرىتانىيە كونسېرۋاتىپ پارتىيە پارلامېنت ئەزاسى نۇس غەنى خانىم تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بايانات ئېلان قىلىشى ئۈچۈن بېسىم ئىشلەتتى. ئۇ 2021 - يىلى 4 - فېۋرال پارلامېنتتا سۆز قىلىپ، ھۆكۈمەتتىن دەرھال ھەرىكەت قوللىنىپ، ئۇيغۇرلارنى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش، خەلقئارا سودىغا ئائىت قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى [15].

## خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ئائىت ھۆججەتلەر ئاشكارىلاندى، غەرب قايىل بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟

غەربتىكى نۇرغۇن تاراتقۇلار «يىغىۋېلىش لاگېرلىرى» توغرىسىدا خەۋەر بەردى، ھۆكۈمەتلەر ۋە ب د ت ئەندىشىسىنىمۇ ئىپادىلىدى، ئەمما ب د ت يىغىنىدا، خىتاي ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر رايونىدا بۇ خىل لاگېرلارنىڭ بارلىقىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنى «قايتا تەربىيەلەش» ياكى «كەسپىي تەربىيەلەش» مەركەزلىرى دەپ تەسۋىرلىدى.

2019 - يىلى 16 - نويابىر، «نيۇ يورك ۋاقىت گېزىتى» 403 بەتلىك ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلدى [16]. ئۇلارنىڭ زەربە بېرىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەمىنلىگەن تەپسىلاتلار دۇنيا مىقياسىدا بېيجىڭنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. فىرانسىيە ب د ت نى خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا كىرىشىنى تەلەپ قىلدى. پەقەت ئامېرىكا دۆلەت دەرىجىلىك ھەرىكەت قوللىنىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى قىرغىن قىلىشىغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى.

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى 2019 - يىلى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللىدى، ترامپ ھۆكۈمىتى ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇشتىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى 2021 - يىلى 19 - يانۋار، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېيو تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ، خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت سادىر قىلغانلىقىنى بېكىتتى [17]. پرېزىدېنت جوۋ بايدېننىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئانتونىي بىلىنكېن ناھايىتى تېزلا بۇ قارارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى [18].

بۈيۈك بىرىتانىيەدە، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلار ۋە بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ھۆكۈمەتكە ئۇزۇن مۇددەت بېسىم قىلىش ئارقىلىق، 2021 - يىلى 12 - يانۋاردا، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك راب پارلامېنت ئەزالىرىغا ئېكسپورتنىڭ نازارەت قىلىنىدىغانلىقىنى، خىتايدىن ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇتۇلغان لاگېرلىرىدا ئىشلىتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى [19].

ئەنگلىيە سىياسىيونلىرى تەرىپىدىن بېسىلغان يەنە بىر ئىجابىي قەدەم بولسا، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تۈزىتىش كىرگۈزۈش سودا قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەنگلىيە سوتلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغان - قىلمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشىغا يول قويۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشى بولدى. ئۇزۇن مەزگىللىك سەپەرۋەرلىك ۋە نۇرغۇن مۇنازىرىلەردىن كېيىن، 2021 - يىلى 2 - فېۋرال، پارلامېنت ئىككىنچى قېتىم بىلەت تاشلاپ، سودا قانۇن لايىھەسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ۋە ئەنگلىيە سوتلىرىغا بىر دۆلەتنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغان قىلمىغانلىقىنى بەلگىلەشتە رول ئويناش كۈچى بېرىپ، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق خاتىرىسىگە تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈردى. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەر قانداق ئەدلىيە قارارى، بۈيۈك بىرىتانىيەنىڭ بېيجىڭ بىلەن بولغان سودا كېلىشىمىنى قايتا قاراپ چىقىشىنى تەلەپ قىلىدۇ [20].

## خۇلاسە


ئامېرىكا ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تارىخشۇناس گاردنېر بوۋىڭدون، ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئىزچىل داۋام قىلىۋاتقان ۋەقەلەر ۋە تىنچسىزلىقلار پەقەتلا زوراۋانلىق مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى نامايەندىسى ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار چەت ئەل سۈيقەستىنىڭ مەھسۇلىمۇ ئەمەس، دەل ئەكسىچە، بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان توقۇنۇشنىڭ بىر قانچە سەۋەبلىرى بار دەپ قارايدۇ. «خىتاي شىنجاڭدا يۈرگۈزۈۋاتقان سىستېمىسىنى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى دەپ قاراش كېرەك. مۇستەقىللىق تەشەببۇس قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزۈندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىياسىي تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئورنىغا، بۇ سىستېما ئۇيغۇرلارنىڭ نارازىلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، توقۇنۇشنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.» [21]

«خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) دا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 72 يىلدىن بۇيان، ئۈچۈن قەرەللىك تەشۋىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرىگە قارىتا رەھىمسىز ۋە باستۇرۇش سىياسەتلەرنى يولغا قويدى. يېقىنقى 30 نەچچە يىللاردىن بۇيان، بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان سىستېمىلىق ۋە مەدەنىيەت ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقلىرىغا شاھىت بولدۇق. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنسانىيەتكە قارشى ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا، دۇنيا چوقۇم خىتاينى جاۋابكارلىققا تارتىشى كېرەك.»

دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇر پاجىئەسىگە بولغان تونۇشنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرغىن قىلىشىنى توسۇش ھەرىكەتلىرى تەشەببۇس قىلىندى. ھۆكۈمەتكە توختىماي بېسىم قىلىۋاتقان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە غەربتىكى باشقا ئاممىۋى جەمئىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتايغا بولغان بېسىمى كۈنسېرى كۈچەيدى.

ھازىر، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈتۈق قازانغان خىتاي ئاللىقاچان ئامېرىكا ۋە غەربتىكى باشلامچى دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق رىقابەتچىسىگە ئايلاندى. نۇرغۇن كىشىلەر غەربنىڭ دېموكراتىك قىممەت قارىشى ئاساسىدا بەرپا قىلىنغان دۇنيا تەرتىپىنىڭ خىتاي ئىلگىرى سۈرگەن مۇستەبىت ئەندىزىسىنىڭ ئېغىر تەھدىتىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى، ۋە شۇنداقلا مۇستەبىتلىك ئەندىزىسىنى دۇنياغا ئاكتىپ تارقىتىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىش پۈتۈن دۇنيانىڭ ۋە ب د ت غا ئەزا بارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتلەرنىڭ پرىنسىپلىق ۋەزىپىسى ۋە ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتى دەپ قارايمەن. غەرب دېموكراتىك دۆلەتلىرى بۇنىڭدا باشلامچىلىق رول ئوينىشى كېرەك. دۇنيا ھېچقانداق بىر دۆلەتنىڭ ھېچبىر توسالغۇسىز ۋە ھەر قانداق بىر سەۋەبنى باھانە قىلىپ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈشىگە قەتئىي يول قويماسلىقى كېرەك.


*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] A. N. Kuropatkin-Calcutta: Thacker Spink, 1882. First in English. Hardcover. (Eastern or Chinese Turkestan). Historial and geographical sketch of the country, its military strength, industries and trade. 255 pp, ill. One of the earliest and rarest works on this still little known mystical region.
https://www.trophyroombooks.com/pages/books/1867/a-kuropatkin/kashgaria
Kashgaria, by A. N. Kuropatkin. Translated from English to Uyghur by Hekime. Published by Xinjiang People's publisher in 1996. Urumchi. Page 398.
"Zozungtang and Xinjiang"-"左宗棠与新疆" – "Zozungtang we Xinjiang" by Du Jingguo, translated from Chinese to Uyghur by Ibrahim Sulayman,published by Xinjiang People's Publisher in 1997.

[2] Bellér-Hann, Ildikó Situating the Uyghurs between China and Central Asia Ashgate 21 Dec 2007 ISBN 978-0-7546-7041-4 p.42

[3] Starr, S. Frederick (2004). "Part V. The Indigenous Response". Xinjiang: China's Muslim Borderland. M. E. Sharpe. p. 315.

[4] Down a Narrow Road: Identity and Masculinity in a Uyghur Community in Xinjiang China
https://www.jstor.org/stable/j.ctt1x07w8b

[5] China: Long-standing Uighur grievances behind repeated protests must be addressed.
https://www.amnesty.org.uk/blogs/countdown-china/china-long-standing-uighur-grievances-behind-repeated-protests-must-be

[6] 'Invitation to a Mourning Ceremony': Perspectives on the Uyghur Internet
RACHEL HARRIS and AZIZ ISA. Inner Asia Vol. 13, No. 1, SPECIAL ISSUE: XINJIANG AND SOUTHWEST CHINA (2011), pp. 27-49 Published by:
Brill
https://www.jstor.org/stable/24572134

[7] Xinjiang Today: Wang Zhen Rides Again? By Tom Cliff. Published on "Made in China" Journal's 6th issue of 2018. "One legend—with a number of variations, as all good legends must have—venerates disproportionate response. According to this story, in 1950, as Wang Zhen's forces were spreading down into Southern Xinjiang, a Han man had unthinkingly or insensitively prepared a meal of pork in an Uyghur village, and was killed or badly beaten for the transgression. Upon hearing about this, Wang Zhen had his troops surround the village so no one could escape. He then forced the villagers to hand over the perpetrators and publicly executed them in the village square. Next, he had his troops slaughter two or three pigs and boil them up in a large cauldron; at bayonet point, the troops then forced each and every remaining resident of the village to eat a bowl of boiled pork. Given the shortage of meat to feed his own soldiers, this was surely a high-cost exercise. "
https://www.chinoiresie.info/xinjiang-today-wang-zhen-rides-again
https://madeinchinajournal.com/wp-content/uploads/2018/06/Made-in-China-01-2018.pdf

[8] China’s frontier of fear-ABC News agency reported on 31 Oct 2018: “Despite the massive scale of the camps examined in this project, it’s likely they make up just a fraction of the detention network in Xinjiang. Estimates of camp numbers range anywhere between 181 to upwards of 1,200.”
https://www.abc.net.au/news/2018-11-01/satellite-images-expose-chinas-network-of-re-education-camps/10432924

In September 2019, expert estimates China Has more than 1,000 internment camps for Xinjiang Uyghurs.
https://www.rfa.org/english/news/uyghur/zenz-11122019161147.html
https://www.businessinsider.com/china-kept-building-uighur-internment-camps-despite-release-claims-report-2020-9?r=US&IR=T

[9] China’s mass indoctrination camps evoke Cultural Revolution
https://apnews.com/6e151296fb194f85ba69a8babd972e4b

Omer Bekali-China Tribunal-UN Human Rights Council:
https://youtu.be/18rbnZrekPo

China Sending Muslims to Internment Camps – Associated Press
https://www.youtube.com/watch?v=kMsE235VXGY

[10] Uighurs in China: 'I didn't even know if my mum was alive' Aziz Isa Elkun is one of many Uighur Muslims living in London who have been cut off from contacting their families based in Xinjiang.
https://www.bbc.co.uk/news/av/uk-england-london-51532812

[11] Video: In Full – Ex-Xinjiang detainee Mihrigul Tursun’s full testimony at the US congressional hearing
https://www.hongkongfp.com/2018/12/08/video-full-ex-xinjiang-detainee-mihrigul-tursuns-full-testimony-us-congressional-hearing/

Uyghur refugee tells of death and fear inside China's Xinjiang camps
https://edition.cnn.com/2019/01/18/asia/uyghur-china-detention-center-intl/index.html

[12] ‘Pure evil’: Satellites show destroyed Uyghur graves in China
https://edition.cnn.com/2020/01/02/asia/xinjiang-uyghur-graveyards-china-intl-hnk/index.html

[13] 'Their goal is to destroy everyone': Uighur camp detainees allege systematic rape
https://www.bbc.co.uk/news/world-asia-china-55794071

[14] UK under renewed pressure to impose sanctions in wake of ‘clearly evil acts’ against Uighur and Muslim women
https://www.theguardian.com/world/2021/feb/04/us-is-deeply-disturbed-by-reports-of-systematic-in-chinas-uighurxinjiang-camps?CMP=Share_iOSApp_Other

[15] Nus Ghani: China and genocide. Our new proposal answers Ministers' objections. So they should support it.

https://www.conservativehome.com/platform/2021/02/nus-ghani-china-and-genocide-our-new-proposal-answers-ministers-objections-so-they-should-support-it.html

https://twitter.com/Nus_Ghani/status/1357423134480162819?s=20

[16] 'Absolutely No Mercy': Leaked Files Expose How China Organized Mass Detentions of Muslims
More than 400 pages of internal Chinese documents provide an unprecedented inside look at the crackdown on ethnic minorities in the Xinjiang region.

https://www.nytimes.com/interactive/2019/11/16/world/asia/china-xinjiang-documents.html

[17] U.S. Says China Is Committing Genocide Against Uighur Muslims

https://www.wsj.com/articles/u-s-declares-chinas-treatment-of-uighur-muslims-to-be-genocide-11611081555

[18] China has committed genocide in its repression of the Uighurs and other mainly Muslim peoples, US Secretary of State Mike Pompeo said on Tuesday. President-elect Joe Biden's choice for secretary of state, Antony Blinken, has said he agrees with the finding.
https://www.bbc.co.uk/news/world-us-canada-55723522

[19] UK tightens rules on using Uighur-picked cotton.
https://www.bbc.co.uk/news/business-55638566

[20] Lords defeats government over UK courts' role in genocide rulings
Peers vote for second time to amend trade bill and take a tougher stance on China's human rights record
https://www.theguardian.com/law/2021/feb/02/lords-defeats-government-over-uk-courts-role-in-genocide-rulings

[21] Autonomy in Xinjiang: Han Nationalist Imperatives and Uyghur Discontent
Gardner Bovingdon. Uyghur discontent and ethnonational conflict in Xinjiang since the founding of the People's Republic of China in 1949. Copyright © 2004 by the East-West Center Washington. (Page 11)

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى



**شائىر، ئاكادېمىك ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن**

- 1970 - يىلى شايار ناھىيەسىنىڭ تويبولدى يېزىسى يېڭىچىمەن كەنتىدە دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان.
- 1988 - يىلى شايار ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋە شۇ يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچى ئۇنىۋېرسىتېتى رۇس تىلى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.
- 1991 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاقسۇ شەھىرىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان.
- 1991 - يىلى 9 - ئايدىن 1992 - يىلى 2 - ئايغىچە ھۆكۈمەتتە 6 ئاي سىناق خىزمىتى قىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئۇنىۋېرسىتېتتىكى سىياسىي پائالىيەتلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى سەۋەبىدىن «12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى» بىلەن ئەيىبلىنىپ خىزمەتتىن ھەيدىلىدۇ.
- 1992 - يىلدىن 1999 - يىلى 2 - ئايغىچە ئاقسۇ شەھىرىدە رۇس تىلى ئوقۇتقۇچىسى ۋە تەرجىمان بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

- 1999 - يىلى باھاردىن ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى دېكابىردا گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىگە كېلىدۇ.
- 2001 - يىلى ئاۋغۇستتا لوندونغا كېلىدۇ ۋە شۇ يىلدىن باشلاپ يىلدىن 2009 - يىلغىچە لوندون مورلېي ۋە لامبېت ئىنستىتۇتلىرىدا ئىنگلىز تىلى، قوش تىل مائارىپى ۋە كومپيۇتېر كەسپلىرىدە ئوقۇيدۇ.
- 2004 - يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ تەشكىللەيدۇ ۋە 2017 - يىلغىچە مەزكۇر ئانسامبىلنىڭ يېتەكچىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ.
- 2009 - 2011 - يىلغىچە لوندون بېرىكبەك ئىنستىتۇتىدا كومپيۇتېر ئىلمى ۋە مېدىيا كەسپىنى پۈتتۈرىدۇ ۋە 2011 - يىلى «دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىدۇ.
- 2011 - 2022 - يىلغىچە «ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى» ئىدارە ھەيئىتى، باش كاتىپ ۋە تۈر مەسئۇلى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ يىللاردا لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئافرىقا ۋە شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا بىرىتانىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن «خىتايدىكى ئىسلامىي ئاۋاز»، «مەشرەپ» قاتارلىق تەتقىقات تۈرلىرىدە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ.
- 2023 - يىلى 7 - نويابىردا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈننىڭ تەھرىرلىكى ۋە تەرجىمە قىلىشى بىلەن ئىشلىگەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئومۇمىي نامايەندىسى بولغان «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى» (Uyghur Poems) ناملىق پىنگۋىن كەم تېپىلىدىغان كىتابلار نەشرىياتى (Random House Penguin) تەرىپىدىن لوندون، نيۇيورك ۋە تورونتودا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلىنىدۇ.
- ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلاردىكى ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى «ئەلكۈن تورى» ئارقىلىق ئوقۇيالايسىز: www.azizisa.org

18

# خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ روھىيىتى (پسىخولوگىيەسى)

چوڭ بۇغرا

دۇنيانىڭ ئۆتمۈش تارىخىدا تاجاۋۇز ئىمپېرىيالىست دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىدە كىلاسسىك روھىيىتى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل ئەپسانە ۋە سەپسەتىلەرنى ئويلاپ تېپىپ، مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلگەن. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىمۇ ئۇشبۇ كىلاسسىك مۇستەملىكە روھىيىتىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل پىتنە - پاسات، ئەپسانە ۋە سەپسەتىلىرىنى توقۇپ چىقىپ، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە.

مۇستەملىكە خىتاي تاجاۋۇزلىرىنىڭ كىلاسسىك روھىيەت سىياسىتى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. خىتاي ئۆزىنى ئاسمان ئاستىدىكى دۇنيانىڭ مەركىزى، بۈيۈك دۆلەت، ئۇلۇغ مىللەت دەپ بىلىدۇ. بۇنداق ئەپسانىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلساق، خىتاي كەلگۈندىلىرىنىڭ نەزىرىدە باشقا دۆلەتلەر، مىللەتلەر بىلەن خەلقلەر ئىپتىدائىيلىق ئىسكەنجىسىدىن چىقالمىغان ياۋايى مىللەتلەردۇر. دېمەك، ئۇلار ئۇيغۇرلارنى ياۋايى، مەدەنىيەتسىز، قاششاق مىللەت دەپ بىلىدۇ.

2. ئۆزىنىڭ زېمىنىنى تىنچ ئوكياندىن قارا دېڭىزغىچە دېگەن ئەپسانىلەرنى خەنزۇ مىللىتىگە ۋە باشقا مىللەتلەر ئېڭىغا سىڭدۈرۈپ قويغان گېزەندىلەر بۇ غايىنى ئاستا - ئاستا مىللىتىمىزگىمۇ سىڭدۈرۈپ ئۈلگۈرگەن.

3. باشقا مىللەتلەر ئىگىلىۋالغان زېمىنىمىزنى قايتۇرۇپ ئالىمىز دېگەن رىجەلىرىنى دۆلەت سىياسىتى دەرىجىسىدە بەلگىلىگەن. بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە ھەربىيلەرنى، ئوفىتسېرلارنى، گېنېراللارنى، ئىچكى

ئىشلار، ساقچى، خەۋپسىزلىك ۋە دۆلەت باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەييارلاش مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇش پىلانى، پىروگراممىسى، دەرسلىك ۋە ئەدەبىيات كىتابلىرىغا يەن سىڭىپتىدە كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتۇپ كەلمەكتە ھەمدە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماقتا.

4. ئىشغال قىلغان يەرلەردە ھەربىي، سىياسىي باشقۇرۇش ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقلەرگە بېسىم، زوراۋانلىق، ئاسسىمىلياتسىيە، قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ بارماقتا.

5. مۇستەملىكە ئاستىدىكى ئۇيغۇرلار زېمىنىنىڭ مال - مۈلكى، يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقلىرىغا، ئادەم كۈچىگە ئىگە بولۇپ، شۇلارنىڭ ھېسابىغا دۆلىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھارامتاماقلىق بىلەن پاراۋان ياشاپ، بىز قۇدرەتلىك، بۈيۈك دۆلەت ۋە مىللەت دەپ تەشۋىقات ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھەر خىل ئىنسانىيەت كۆرمىگەن ئۇسۇلۇبلارنى قوللاپ، غەرەز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، زۇلۇم - قىرغىنچىلىقلارنى يوشۇرۇپ، «شىنجاڭ ياخشى يەر» دەپ، دۇنيانى ئىشەندۈرۈپ كەلمەكتە.

6. مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي چەكلەش، زوراۋانلىق سىياستى ئارقىلىق باشقۇرۇۋاتىدۇ.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى قوللىنىۋاتقان مۇستەملىكە كىلاسسىك روھىيەت سىياستىنى 3 تۈركۈمگە بۆلۈپ قاراشقا بولىدۇ:

1. ئۇيغۇرلار زېمىنىنى ئەبەدىي ئىشغال قىلىش؛

2. مال - مۈلۈك، بايلىقنى بۇلاپ - تالاش، ئىگىلەش؛

3. ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ خىتايلاشتۇرۇش، تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆزۈل - كېسىل ئۆچۈرۈۋېتىش.

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى پەقەت شۇ كىلاسسىك مۇستەملىكە روھىيەت سىياستىدىن پايدىلىنىپ قالماي، ھەر خىل يېڭى سەپسەتە ۋە ئەپسانىلەرنى توقۇپ چىقىپ، ھاراملىق، يالغانلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلمەكتە. بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. خىتايدا باشقا مىللەتلەر بولماسلىقى كېرەك، ئۇلار «ئورتاق جۇڭخۇا گەۋدە» مىللىتى بولىمىز دەيدۇ.

2. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىغا خىتاي مىللىتى بىلەن «ئاكا - ئۇكا»، «چوڭ ئاكا» بولىمىز دەپ، سىڭدۈرۈپ كەلمەكتە.

3. كوممۇنىستىك غايە، ئىدېئولوگىيە، ئەپسانىلەرنى قورال قىلىپ، يەنى «مىللەتلەر بىر - بىرىگە دوست، بۇرادەر»، «خەلقلەر دوستلۇقى»، «پارتىيە بىلەن خەلق بىر چۆشەنچە»، «ھەممە مىللەتلەر تەڭ ھوقۇقلۇق» قاتارلىق ساختا شېئىرلارنى توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلمەكتە.

4. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، تەرەققىياتىنى، كەشپىياتلىرىنى ئوغرىلاپ، مىللىتىمىزنى ئىپتىدائىي، ياۋايى، مەدەنىيەتسىز، ساۋاتسىز، ھۇرۇن خەلققە چىقىرىپ، كەمسىتمەكتە. ئۇيغۇر تىلىنى ياۋايى، راۋاجلانمىغان، تارىختىن ئۆچۈۋاتقان تىل دەپ چۈشەنچە بېرىپ، خىتاي دۆلىتىگە بۇ تىلنى ئۆگىنىش، تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەرزىمەيدىغان تىل دەپ تەرغىب قىلماقتا.

5. ئۇيغۇرلارنى نامراتلىقتىن، كەمبەغەلچىلىكتىن، ساۋاتسىزلىقتىن، ئىشسىزلىقتىن قۇتۇلدۇرىمىز، تەرەققىي قىلدۇرىمىز دەپ، تەرغىب قىلماقتا.

6. ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا مىللەتلەرنى، دۆلەتلەرنى بۇ ئەپسانىلەرگە ئىشەندۈرۈشكە تەشۋىقات قىلىپ كەلمەكتە.

تاشقى كۆرۈنۈشتە ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى راۋاجلانغان، تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيلەشتۈرۈلگەن، شەھەرلەر بىلەن كەنتلەر، يېڭى زامانىۋى ئىنشائاتلار، ئۆيلەر، مەسچىتلەر، يوللار، كۆرۈكلەر قەد كۆتۈرگەن. بۇ راۋاجلىنىش، يەن تېخىنىكا تەرەققىياتى نېمىلەرنىڭ ھېسابىغا، نېمىلەرنىڭ بەدىلىگە

كەلدى؟ ئۇنىڭ جاۋابى ئاددىي، يەنى:

1. ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ - تالاش، خەلقىمىزنى مەجبۇرىي ئەمگەك قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئېزىش، قۇلغا ئايلاندۇرۇش ھېسابىغا يۈز بېرىۋاتىدۇ.

2. مىللىتىمىزنىڭ ئۆزلۈكىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، تىلىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى، ۋىجدان ئەركىنلىكىنى، غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش بەدىلىگە بولۇۋاتىدۇ.

بۇنداق خىيالىي راۋاجلىنىشلار ئۇيغۇرلارغا قىممەتكە چۈشۈۋاتىدۇ. شۇنداقلا، بۇ راۋاجلىنىشلار مۇستەملىكە خىتاينىڭ دۆلەت سىياستى بولۇپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچرىتىپ، تارىختىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش. خىتاي مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، زوراۋانلار قەدىمدىن تارتىپ تۆرلۈك - تۈمەن تەشۋىقات ماشىنىسىنى ئىشقا سېلىپ، ھازىرقى دەۋردە كۈچەيتىپ، ھەددىدىن ئاشتى. بۇ زۇلۇم ۋە خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، باش كۆتۈرگەنلەرنى بولسا، قىرغىنغا ئۇچرىتىپ، يوق قىلماقتا.

خەلقىمىزنىڭ روھىيىتى، غۇرۇرى چۈشۈپ، جەڭگىۋارلىق خۇسۇسىيىتى سۇسلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلاپ قالغىنىنى بىلىپ، قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيۋاتقىنىغا ئەپسۇسلانغان ھالدا، خىتايغا بولغان نەپرىتى، كۆز قاراشلىرى ئۆزگىرىپ، «ئۆز جېنىنى ساقلاش»، «قورققاق بولۇپ قېلىش»، «ياشاش كېرەك»، «ئامان قېلىش» تۇيغۇسى ئويغىنىپ، بۇ زۇلۇملارغا باش ئەگكەن. خىتاينىڭ ئەپسانە، سەپسەتە تەشۋىقاتلىرىغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قالغان. مىللىتىمىزنىڭ ئايرىم ۋەكىللىرى «ماڭقۇرت»، ساتقۇن، خائىن، جاسۇس بولۇپ قالغان.

ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېڭىغا خىتاينىڭ مۇستەملىكە سىياستى سىڭىپ، قان ئىچەر تاجاۋۇزچىلارنى قوللايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان. خىتاينىڭ تەشۋىقات ماشىنىسى تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ پىكىر قىلىشى، مېڭىش - تۇرۇشى، مەدەنىيىتى ۋە تىلى خىتايلاشقان. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق، يۈرەكلەرنى زېدە قىلىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرگىنىمىزدە، ئېتىبارسىز رەۋىشتە: «دۈشمىنىمىز خىتايلارمۇ ياكى ئۇيغۇرلارمۇ» دەپ ئويلىنىپ قالىمىز.

يېقىنقى دەۋرلەردە خىتاي مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن «ئىشكەلەرنى ئېچىۋېتىش» سىياستى ئارقىلىق مىسىر، سەئۇدى ئەرەب دۆلىتى، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە باشقا ئىسلام دۆلەتلىرىدىن «مۇسۇلمان بۇرادەرلىرى»، «ھىزبۇ تەھرىر ئىسلامىي ھەرىكىتى»، «ۋاھابىيلار» ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان رادىكال دىنىي تەشكىلاتلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىغا كىرىپ كېلىشىگە يول ئېچىپ بېرىپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە بۇ رادىكال ئىسلام تەشكىلاتلىرى دىنىنى نىقاب قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئېڭىنى ئۆزگەرتكۈزۈپ، ئەسىرلەر داۋامىدا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئىسلام قىممەت قارىشىمىزنى ئىنكار قىلىدىغان بولۇپ قالغان.

خىتاي شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز مۇستەملىكە سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يالغان تۆھمەتلەرنى ئويلاپ تېپىپ، ئۇيغۇرلارغا «ئىسلام رادىكاللىرى»، «ئاشقۇنلار»، «بۆلگۈنچىلەر»، «تېررورچىلار»، «بۇزغۇنچىلار» دېگەن تامغىنى بېسىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىتىپ كەلمەكتە. بۇ بېسىلغان تامغىلارنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغىمۇ چوڭ تەسىرى بولدى. ئاللاھقا شۈكرى، مىللەتپەرۋەر ئىنسانلىرىمىزنىڭ توختاۋسىز كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە ھەم خەلقئارا تەشكىلاتلار ھەمدە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن، خىتاينىڭ بۇ ياۋۇز ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.

مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئەينى چاغلاردا چار رۇسىيەنىڭ، كېيىنكى ئىتتىپاقىنىڭ، رۇسىيە فېدېراتسىيەنىڭ ھەم مۇستەملىكە ئاستىدىكى مەركىزىي ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بېسىمىدا بولۇپ، ئاسسىمىلياتسىيەگە ئۇچرىغان.

ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلىپ، ئاددىي ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى چەكلەش، باستۇرۇش، قىرغىنچىلىققا

ئۇچرىتىپ، بۇزغۇنچى ئىسيانچى دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپ، ئۆز مىللىتىدىن، تىلىدىن ۋاز كېچىش سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلگەن. بۇنىڭغا مىسال تەرىقىسىدە، 1864 - يىللاردىكى ئەندىجان قوزغىلىڭى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇشى، قوزغىلاڭچىلارنى سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىشى، 1916 - يىل «ئاق تېررور» قىرغىنچىلىقى، 1918 - يىل «ئاتۇ» قىزىل تېررور قىرغىنچىلىقى، 1920 - يىللاردىكى تۈركىستان مۇختارىيەتچىلەر ھەرىكىتىنى «باسمىچىلار» دەپ ئەيىبلەرنى قويۇپ، قانلىق باستۇرۇشلار، 1930 - يىللاردىكى «پانتۈركىزم»، «پانئىسلامىزم»دا ئەيىبلەش، «ئاچارچىلىق ئارقىلىق قىرغىن»غا ئۇچرىتىش ۋە ئۇيغۇرلارغا بىگانە بولغان ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا مىڭلىغان خەلقىمىزنى جەڭ مەيدانىدا قۇربان قىلىش.

شۇلارغا ئوخشىغان تۈرلۈك تۈمەن زۇلۇم ۋە جەبىرلەر نەتىجىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مىللەتچىلىكى يوقاپ، مەدەنىيىتى ياۋروپالىشىپ، بىلىم سەۋىيەسى يۇكسەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ تەرەققىيات ۋە راۋاجلىنىشلار ئۇيغۇر مىللىتى ئۆز تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، تارىخىنى، مىللىيلىكىنى يوقىتىش بەدىلىگە ۋۇجۇدقا چىقتى. يەنى، مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇپ، يارىنىڭ قىرىغا بېرىپ قالغان.

مېنىڭ ئەۋلادلىرىمىمۇ، ئەجدادلىرىمىمۇ مۇشۇنداق ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان. توخنىياز باتۇر بوۋىمىزدىن ئەھۋال سورىسا: «ئېيىقنى ئاغا، تۈلكىنى تاغا» دەپ يۈرىمەن دەپ جاۋاب بېرەتتىكەن. ئاخىرى خورلۇق ۋە زۇلۇملارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شۇ ئېيىق ۋە تۈلكىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ، شاھىت بولۇپ، خەلق ئېچىدە «توخنىياز باتۇر» دېگەن نامنى ئالغان.

يېقىنقى دەۋرلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەملىكە سىياسىتىنى داۋام ئېتىپ، ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن مەخسۇس مەخپىي قارارلار بۇيرۇقلارنى قوبۇل قىلىپ، دائىمىي بېسىم، ھوقۇقلارنى چەكلەش ۋە نازارەت ئاستىغا ئېلىپ بارغان.

مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، رۇسلارنىڭ، خىتاينىڭ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»نىڭ تەسىرىدە بولۇپ، قورچاق ئەمەلدارلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن بېسىم ۋە قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ، ئۇيغۇر دېگەن نامنى ئاتىماسلىققا، تەلەپ ۋە ئېھتىياجلىرىنى، ئاۋازلىرىنى ئاڭلىماسلىققا، كۆرمەسلىككە سېلىپ، ھوقۇقلىرىنى ئەركىن ئىپادىلىيەلمەي كەلمەكتە. رۇسىيە مۇستەملىكە سىياسىتىدىن قالغان ئەنئەنىۋى باستۇرۇش ئۇسۇللارنى قوللاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى يوشۇرۇپ، ئېنىق ئىستاتىستىكا مەلۇماتلار ئېلىپ بارماي، سانىنى كەم كۆرسىتىپ، ئايرىم لاۋازىملارنى ئىگىلەشنى چەكلەپ، مىللىتىنى ئۆزگەرتكەنلەرنى، ئارىلاش نىكاھلارنى قوللاش ھەم ئۇلارغا تۈرلۈك ئىمتىيازلارنى يارىتىش. ئۇيغۇر تىلىدىكى مەكتەپلەرنى ئاستا - ئاستا كېمەيتكۈزۈپ، ئۇيغۇر تارىخىنى دەرسلىكلەردىن چىقىرىۋېتىش ئەمەللىرىنى قوللاپ كەلمەكتە.

ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە، دۆلەت سىياسىتىدىمۇ قەدىمىي تارىخىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، سەنئىتىمىزنى، تەرەققىياتىمىزنى، تىلىمىزنى، دۆلەتچىلىكىمىزنى، ئۇلۇغ نامايان شەخسلەرنى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپ تەن ئالماي، ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭكى دەپ، نېرى بارسا تۈركىيلەرنىڭكى دەپ، تارىخنى بۇرمىلاپ كەلمەكتە. نەتىجىدە، مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىقى، سىزلەر «خىتايلارمۇ، ياكى مۇسۇلمانلارمۇ؟» دەپ سوئال بېرىدۇ.

دۇنيانىڭ بارلىق جايىدىكى ئەزىز ئۇيغۇر قېرىنداشلار، تەشكىلات رەھبەرلىرى، سىياسەتچىلەر، ئالىم ۋە زىيالىيلار ئېتىبارىغا مۇراجىئەت ۋە تەۋسىيە يوللىماقچىمەن:

مەركىزىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدە قەدىمدىن، ئەسىرلەر داۋامىدا ياشاۋاتقان مىليونلىغان ئۇيغۇرلارمۇ ۋەتىنىمىزدىكى خەلقىمىزگە ئوخشاش رۇسلارنىڭ، تۈركىي ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ بېسىمىغا، چەكلەشلىرىگە ئۇچراپ، ئۇيغۇر دېگەن نامنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن دائىم كۆرۈشۈپ كەلمەكتە. تارىخىي ۋەتىنىمىزدە تۇغۇلمىغان بولسىمۇ، دائىم ۋەتەن قايغۇسىدا بولۇپ، «مەن ئۇيغۇر» دېگەن غۇرۇر بىلەن ياشاپ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھلىرىنى قەدىرلەپ، ئۇيغۇر دۆلىتىنى تىكلەيمىز دېگەن ئارزۇ - ئۈمىد بىلەن

كۆرۈشۈپ كەلمەكتە. ئۇشبۇ خىسلەتلەرنى ھۆرمەت قىلىپ، قوللاپ، ھەر بىر سۆز ۋە نۇتۇقلىرىمىزدا، لېكسىيە - دوكلات، رەسمىي ھۆججەتلەردە، «ئۇيغۇر خەلقى، ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇر دۆلىتى» دېگەن نامنى قوللاپ، ئاتاپ ئۆتەيلى.

ئۇيغۇر دېگەن قەدىمىي ئۇلۇغ نامنى ھەر دائىم ئەستە ساقلايلۇق (ساقلايلى).

مەركىزىي ئاسىيادىكى مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەلەپ ۋە تەكلىپلىرىنى، بىلىم ۋە كۈچ سالاھىيىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، قوللاپ، ھەم ھەر قايسى جايلاردىكى بارلىق ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، كۈرەشلىرىمىزنى داۋام ئەتتۈرۈشىمىز لازىم.

رۇسىيە فېدېراتسىيەسى ئۇكرائىنا دۆلىتىگە ۋە ئۇنىڭ خەلقىگە شۇ كىلاسسىك مۇستەملىكە روھىيەت سىياسىتىنى ئىشلىتىپ، ئۇلارنى يوق قىلماقچى. رۇسىيە تەشۋىقاتچىلىرى ئۇكرائىناغا نىسبەتەن ھەر خىل ئەيىپسانە، سەپسەتە، تارىخنى بۇرمىلاش سىياسىتىنى ئىشلىتىپ: - «ئۇكرائىنا دۆلىتى بولمىغان. ئۇكرائىنا يەرلىرى ئەسلىدە رۇسىيەنىڭ زېمىنى. ئۇكرائىنا مىللىتى يوق، ئۇلار ھەممىسى رۇسلار» دەپ، ئۇكرائىنالىقلارنى ھەم رۇسلارنى مىللەتچىلەردىن (ناتسىستلاردىن) قۇتۇلدۇرىمىز دەپ، ئۇرۇش باشلىغان. لېكىن شۇ «مىللەتچى» ئۇكرائىنالىقلار ئۆيغىنىپ، مىللىيلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جېنى ۋە تېنى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئۇكرائىنا خەلقى بىرلەشتى، ئۆزىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيىتىنى، ئىتتىپاقلىقىنى، جەڭگىۋارلىقىنى، ئادىللىقىنى دۇنياغا تونۇتتى ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

ئۇيغۇرلارغىمۇ، ئۇلۇغ ئاللاھ، شۇنداق ئويغىنىش، جەڭگىۋار روھ ئاتا قىلسۇن.

بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ، ئۇيغۇرلار نېمە قىلىشى كېرەك؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ كۆرەي:

1. مىللىتىمىز تولۇق ئويغىنىپ، كۈرەشلىرىمىزنى داۋام قىلىپ، ئازاد بولۇش ئۆزىمىزنىڭ قولىمىزدا دەپ بىلىش؛

2. مىللىتىمىزنىڭ كاللىسىغا ئورنىشىپ قالغان مۇستەملىكە ئېڭىدىن قۇتۇلۇش؛

3. خىتاينىڭ ۋە رۇسلارنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنى، ئەپسانىلىرىنى ئىنكار قىلىش؛ غەزەپ - نەپرەتلىرىمىزنى ئويغىتىش؛

4. مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تىكلەشكە دەۋەت قىلىش؛

5. ھېچبىر مىللەت، مەدەنىيەت باشقا مىللەتلەردىن، دۆلەتلەردىن بۈيۈك بولالمايدۇ دېگەن پىكىردە بولۇش؛

6. خىتايغا، رۇسلارغا بۇنىڭدىن كېيىن ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇلارنى دۈشمەن دەپ بىلىش؛

7. خىتايپەرەس، رۇسپەرەس ۋە باشقا مىللەتلەر سۆيىتىدە بولۇپ قالغان، ئۆز تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئۆتمۈش تارىخىنى ئۇنتۇغان مىللەتداشلىرىمىزغا يامان كۆز بىلەن قارىماس؛ ئۇلارنى خىتاينىڭ، رۇسلارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەشۋىقات ماشىنا گىردابىغا ئىلاجسىزلىقتىن چۈشۈپ قالغان دەپ بىلىش؛

8. تەشۋىقات ماشىنىسى گىردابىغا چۈشۈپ قالغان مىللەتداشلىرىمىزغا يامان كۆز بىلەن قارىساق، خۇددى مۇستەملىكە خىتاينىڭ ۋە رۇسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئوخشاپ قالىمىز؛

9. ۋەتىنىمىزدىن، دۆلىتىمىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ھەممىمىز ھەر خىل بولۇپ، ئۆزگىرىپ كەتتۇق. مانا شۇ نۇقسانلارنى دەررۇ تۈزىتىش.

شۇنىڭ ئۈچۈن، قانداق بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، بىر - بىرىمىزنى قوبۇل قىلىپ، ھۆرمەتتە بولۇپ، ئۇيغۇر دەپ بىلىش.

خىتاينىڭ، رۇسلارنىڭ سىياسىتىنى پەقەت تەشۋىقات ۋە تەرغىبات دەپ بىلىش.

مېنىڭ ئۇشبۇ لېكسىيەم مىللىي ئازادلىق كۈرىشىمىز ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىمىزغا مىللىي

غايە، مىللىي ئىدېئولوگىيە، مىللىي روھ شەكىللىنىشىگە ئاز بولسىمۇ دەۋەت بولسا، ئۆز مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم.

دىققىتىڭلارغا سۇنۇلغان لېكسىيە مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

رەھمەت. ساق بولۇڭلار، سالامەت بولۇڭلار!

*2023 - يىل، فېۋرال. تاشكەنت شەھىرى.*

*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

19

# «1984»تىن تەسىراتلار

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)
abdukadir.g@gmail.com

*ئەركىنلىك قۇللۇقتۇر!*
*ئۇرۇش تىنچلىقتۇر!*
*جاھىللىق كۈچتۇر!*
*– كىتابتىن ئارىيە*

جازا لاگېرى – قايتا تەربىيەلەشتۇر!

## كىرىش سۆز

يۇقىرىدىكى «1984» ناملىق كىتابتىن ئارىيەگە مەن يەنە بىر يېڭى بىر كەلىمە قوشتۇم. ئۇ بولسىمۇ: «جازا لاگېرى – قايتا تەربىيەلەشتۇر». جازا لاگېرى، يەنى «قايتا تەربىيەلەش» دېگەن بۇ كەلىمە قاراڭغۇ مۇستەبىت بىر دەۋرنى ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ. دۇنيانى قاراڭغۇلۇق، رەھىمسىزلىك، ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋاملىشىۋاتقان بىر جەھەننەمگە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان دىكتاتور تۈزۈملەرنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش بولۇپ، «1984» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى جورج ئورۋېل ياشىغان 1940 - يىللاردا بۇ دىكتاتور كۈچلەر: «ئەركىنلىكنى قۇللۇق، ئۇرۇشنى تىنچلىق، جاھىللىقنى كۈچ» دەپ پەردازلىغان. 2016 - يىلدىن ئېتىبارەن خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا قۇرغان جازا لاگېرلىرىنى ياكى ئۆلۈم لاگېرلىرىنى پەردازلاپ:

«قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ نام بەرمەكتە. بۇ دېگەنلىك، سىز بازاردىن بىر خالتا بالىلار سۈت پاراشوكى سېتىۋالسىز، خالتىنىڭ ئۈستىگە «سۈت پاراشوكى» دەپ يېزىپ قويىدۇ. ئەمما سىز خالتىنى ئاچقان ۋاقتىڭىزدا، ئۇنىڭ ئىچىدىن سۈت پاراشوكى ئەمەس، بەلكى باشقا بىر زەھەرلىك پاراشوك چىقىدۇ. نېمىدېگەن رەزىل، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق بىر دۇنيا - ھە! يازغۇچى جورج ئورۋېل مانا مۇشۇنداق رەزىل ۋە قورقۇنچلۇق بىر دۇنيانى بىزگە ئۆز قەلىمى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. گەرچە يازغۇچى بۇ خىل قورقۇنچلۇق دۇنيانى «1984 - يىلىغا بارغاندا پۈتۈنلەي ئاخىرلىشىدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما 2016 - يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قورقۇنچلۇق قىسمەتلەر، يازغۇچى قەلەمگە ئالغان ئۇشبۇ «1984» ناملىق كىتابتىكى ئەھۋاللاردىن، كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سمىسنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن نەچچە ئون ھەسسە ئېشىپ كەتتى دېسەك، ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ.

ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى «ئەركىنلىك قۇللۇقتۇر، ئۇرۇش تىنچلىقتۇر، جاھىللىق كۈچتۇر» دېگەن قۇرلارنى باشقا بىر يەردىن ئاڭلىساق، ياكى ھېچ بىر جىددىيەتكە ئالمايمىز ياكى بۇنى سۆزلىگەن كىشىنىڭ «كاللىسىدا مەسىلە بار» دەپ قارايمىز. ئەمما يەر شارىدىكى قاراڭغۇ بىر دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرگەن «1984» ناملىق كىتابتا يېزىلغان بۇ سۆزلەرنى تارىختا قاراڭغۇ بىر دۇنيا يارىتىشنى مەقسەت قىلغان مەلۇم گۇرۇھ ۋە كىشىلەر، شۇنداقلا ھازىرمۇ خىتايدىن ئىبارەت بىر دىكتاتور ھاكىمىيەت «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مىللەتنى دۇنيا يۈزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن، بىر ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە قوللىنىشقا تىرىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

«1984» ناملىق بۇ كىتاب ئەنگلىيەلىك يازغۇچى جورج ئورۋېلنىڭ «ھايۋاناتلار قوروقى» ناملىق كىتابىدىن كېيىن، دىستوفىيە (Dystopie) ئۇسلۇبىدا يازغان ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىستوفىيە ئۇسلۇبى تۈنجى بولۇپ يۇنانلىق جون ستۇئارد تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بىر ئۇسلۇب بولۇپ، ھېچقانداق كېلەچەك پىلانى يوق، ئۆز - ئۆزى بىلەن ئۆزئارا نەپرەت ياغدۇرۇپ ئوينايدىغان، سەلبىي، داۋاملىق ھۇزۇرسىز ياشايدىغان بىر مىللەتنى ياكى بىر دۇنيانى مەسخىرە قىلىش ئۇسلۇبىدىن ئىبارەتتۇر.

يازغۇچى ئورۋېل 1948 - يىللىرىدا كوممۇنىزم، سوتسىيالىزم ۋە فاشىزم قاتارلىقلارنى ئىنتايىن ياخشى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، ئۆلمەس بىر ئەسەر – «1984»نى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولۇپ، ئۇ خىيالىدا: «1984 - يىللىرىغا بارغاندا دۇنيادا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان قاراڭغۇ تەرەپلەر پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ» دەپ ئويلىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن كىتابىنىڭ ئىسمىنى دەسلەپتىكى «يالغۇز ئادەم»دىن «1984»گە ئۆزگەرتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يازغۇچى 1984 - يىلىدا ئەمەس، بەلكى ئارىدىن ئاز كەم 80 يىل ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئۆزى تەسۋىرلىگەن بۇ قاراڭغۇ دۇنيادىن نەچچە ھەسسە بىر قاراڭغۇ دۇنيانىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟!

«1984» ناملىق بۇ كىتاب بىر تارىخىي رېئاللىق، بىر كۈچلۈك تەپەككۇر ۋە ئۆتكۈر قەلەم كۈچى بىلەن نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ئۆلمەس ئەسەر بولۇپ، كۈنىمىزدىمۇ چاقناپ تۇرماقتا. ئاجايىپ چوڭقۇرلۇق ۋە كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەزمۇنغا ئىگە بولغان بۇ كىتابنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى رېئاللىقى بىلەن بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

يەنىمۇ چوڭقۇرلىساق، مۇستەبىت (totalitarian) بىر ھاكىمىيەت، يەنى كوممۇنىزم ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان بۇ كىتابتا بىر مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەر بىر مىنۇتىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىدىن ئىبارەت شەخسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر ھالقىنى قانداق نازارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى مەسخىرە قىلىنغان. كىتابتا يەنە كىشىلەرنىڭ كىملەر بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقى، نېمىلەرگە ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنسان ھاياتىنىڭ چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان ھەر بىر كۈنىنىڭ ئاكاڭ قارىغاي، يەنى «Big Brother» دەپ ئاتىلىدىغان بىر شەخس تەرىپىدىن كونترول قىلىنىپ تۇرۇلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكلەر ھەم پاش قىلىنغان.

كىتاب ئەسلىدە ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت كوممۇنىست ھاكىمىيىتى بىلەن گىتلېر گېرمانىيەسىنىڭ فاشىستىك رەزىللىكلىرىنى پاش قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئىدى. ئەمما بۇ كىتاب ھازىرغا قەدەر ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، بۈگۈنكى دۇنيانىڭمۇ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى مۇھىم ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

«1984» ناملىق بۇ كىتاب لوندوندا يېزىلغان ۋە لوندون تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور كىتابىدا، ئەگەر ئەنگلىيەدىن ئىبارەت بىر ئەركىن دېموكراتىك دۆلەتتە بۇ خىل دىكتاتور پارتىيە ھۆكۈم سۈرۈپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، ئەنگلىيەنىڭ قانداق بىر ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولىدۇ. كىتابتا، چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان كېلەچەكتىكى ئەنگلىيە «ئوكيانۇس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دىكتاتور ھاكىمىيەتنىڭ كونتروللۇقى ئاستىدا تەسۋىرلىنىدۇ.

كىتابتا «ئىڭسوس» ناملىق دىكتاتور تۈزۈم بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بىر مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان، مېڭىسى يۇيۇلغان، ئىرادىسىز، ھېچقانداق بىر نەرسىگە قارشىلىق بىلدۈرەلمەيدىغان بىر ھايات بىلەن ئۇچراشقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغان خەلقنىڭ كۆپ قىسمى ئىنتايىن تۆۋەن شەرتلەر ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن چەك - چېگرا ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولغىنىغا قارىماي، ناھايىتى ياخشى ۋە ئېسىل دۇنيادا ۋە تەڭدىشى بولمىغان بىر ھاياتتا ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈلگەن ھالەتتە ياشايدۇ.

بۇ خىل ھايات سىستېمىسىدىكى ساقچىلار، ئەسكەرلەر، ئايغاقچىلار ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ مەنسۇپلىرى خەلقنى ناھايىتى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالىدۇ. مىللەتنى پارتىيە ئەزالىرى، پرولېتارىياتلار ۋە بۇرژۇئازىيە قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىپ: «پارتىيە ئەزالىرى ۋە پرولېتارىيات» دەپ ئاتىلىدىغان كوممۇنىستلار، ئىنسانچە ياشاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بىر تەسلىمىيەتچىلىك ئىدىيەسى بىلەن ئاكاڭ قارىغاي، يەنى «Big Brother»گە بويسۇن ئېگىپ ياشاشتىن ئىبارەت ئىككى يول ئوتتۇرىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلگەنلەر دەرھال ئوي - پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر ساقچى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ خىيالى ۋە ئوي - پىكىرلىرىمۇ سوراققا تارتىلىدۇ.

جورج ئورۋېلنىڭ «1984» ناملىق بۇ كىتابىدا كىشىلەرنىڭ تىلى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەركىنلىكى ئوتتۇرىسىدا بىر باغ قۇرغان بولۇپ، دىكتاتور ھاكىمىيەتلەرنىڭ تىلنى توغرا ئىشلەتمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ھەتتا تىل خەزىنىسىنى قانداق تارلاشتۇرغانلىقى، بەزى كەلىمىلەرنى لۇغەت تەركىبىدىن قانداق چىقىرىۋەتكەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ناھايىتى ئۇستىلىق ۋە يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

## «1984»نىڭ پەلسەپىسى

«1984» ناملىق بۇ كىتابتا، ئىنسانلارنىڭ نېمە دېگەنلىكى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە نېمە ئويلىغانلىقى سوراققا تارتىلىدۇ. ئىنسانلار مېڭىسىنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلىكىمۇ ئۆزىگە تەۋە بولالمايدۇ. ئوي - پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر داۋاملىق ھالدا ئوي - پىكىر ۋە چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. سىياسىي ھاياتى پۈتۈنلەي پارتىيەگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئۆزى بىلەن ياكى پارتىيە بىلەن ئوخشاش ئوي - پىكىر ۋە چۈشەنچىدە بولمىغان كىشىلەر جازالىنىدۇ. بۇ، مەۋجۇت جىنايەت ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا بىر - بىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش پسىخىكىسى يارىتىپ، كىشىلەرنى داۋاملىق ھالدا خەلق دۈشمەنلىرىنى تاللاپ چىقىشقا كۈشكۈرتۈلىدۇ. مەۋجۇت دۈشمەنلەرگە نەپرەت ئوقۇش بىلەن بىرلىكتە، ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت ئوقۇش پروگراممىلىرى ئارقىلىق «ئىچىمىزدە دۈشمەن بار» ۋەھىمىسى پەيدا قىلىپ، نەپرەتلىنىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارىدۇ.

ئائىلە، جەمئىيەت ۋە مىللەت قاتارلىقلار ئۆچ - ئاداۋەت ۋە نەپرەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. خۇلاسىلىگەندە، «ئەركىنلىك قۇللۇقتۇر! ئۇرۇش تىنچلىقتۇر! جاھىللىق كۈچتۇر!» دېگەن بۇ پەلسەپىنى ئىنسانلارغا قوبۇل قىلغۇرىدۇ.

«1984» ناملىق بۇ كىتاب ئەنگلىيەدە يېزىلغان بولۇپ، كىتابتا ئىپادىلەنگەن لوندون ھەر جەھەتتىن ۋەيران بولغان بىر شەھەر ئىدى. شەھەردە يېمەك - ئىچمەك قىس، كىيىم - كېچەك يوق دېيەرلىك ئىدى. ئاشۇ پىرامىدا شەكىلدىكى ھەيۋەتلىك ھۆكۈمەت بىنالىرىدىن باشقا، شەھەر ئىنتايىن خارابلاشقان بىر ۋەزىيەتتە ئىدى. تۇيۇقسىز سەۋەبى ئېنىق بولمىغان پارتلاشلار يۈز بېرىپ، ئىنسانلار ئۆلۈپ تۇراتتى. شەھەر خۇددى بىر ئۇرۇش ھالىتىگە كىرىدىغاندەك ۋەھىملىك ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەڭ ئېچىنىشلىق بولۇۋاتقىنى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ شەھەر پۇقرالىرىنى 24 سائەت نازارەت ۋە كۆزىتىش ئاستىغا ئېلىشى ئىدى.

نازارەت كامېرالىرى، ئاۋاز تىڭشىغۇچلار، ئوي - پىكىر چۈشەنچە ساقچىلىرى ھەر يەر، ھەر بۇلۇڭ - پۇچقاقنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. بۇ جەمئىيەتتە سىز قىلماسلىقىڭىز كېرەك بولغان ئىشلار ھەر قەدەمدە سىزگە پۈتلىشىپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز بىلىپ - بىلمەي بۇ ئىشلارنىڭ بىرەرسىنى قىلىپ قويسىڭىز، دەرھال ساقچى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ، مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرىغا ئەۋەتىلىسىز. ئۇلار سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىزنىڭ ۋە ياكى سۆيگىنىڭىزنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ. سىز پەقەت پارتىيەنىلا سۆيۈشىڭىز، بارلىق ھېس - تۇيغۇ ۋە ئېنېرگىيەيىڭىزنى پارتىيە ئۈچۈن سەرپ قىلىشىڭىز كېرەك.

كىتابتا يەنە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونىنىڭ داۋاملىق ھالدا تىك ئۇچار ئايروپىلانلار بىلەن نازارەت قىلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، خاتا ياكى تاسادىپەن قىلىنغان بىرەر ھەرىكەت ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئەقلىڭىزدىن كەچكەن، چىرايىڭىزدا ئىپادىلىنىپ قالغان بىر نارازىلىق چۈشەنچىسى، تاسادىپەن خىيالغا چۆمۈپ قېلىش، بىر نەرسىگە بەش سېكۇنتتىن ئارتۇق تىكىلىپ قېلىش قاتارلىقلار چۈشەنچە ۋە ئوي - خىيال ساقچىسى تەرىپىدىن دەرھال قولغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك ئوبيېكتلاردۇر، دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

كىتابتا ئىپادىلىنىشىچە، «ئاكاڭ قارىغاي»، يەنى Big Brother خەلققە نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، چىراي ئىپادىڭىزنىڭ «ئاكاڭ قارىغاي» بىلەن ئوخشاش ئىپادىدە بولماسلىقى، يەنى نەپرەت تۇيغۇسىنىڭ ياخشى ئىپادىلىنىپ - ئىپادىلەنمىگەنلىكى قاتارلىقلارمۇ چۈشەنچە ۋە ئوي - پىكىر ساقچىسىنىڭ قولغا ئېلىشىغا يېتەرلىك دەرىجىدە پاكىت بولالايدىغانلىقى، قىسقىسى «ئىنكسوس» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دىكتاتور پارتىيەنىڭ ئۆگەتكەنلىرىنىڭ سىرتىدا بولغان ھەر تۈرلۈك ھەرىكەت ۋە زېھنىي چۈشەنچە، ئوي - پىكىر چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن ئوڭايلا سېزىلىپ قالاتتى.

ئاقىۋەتتە، بۇنداق «قارماق»قا ئېلىنىپ قالغان كىشىلەرنى ھېچكىممۇ قۇتۇلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى، قولغا ئېلىنغان كىشىلەر سۆيگۈ مىنىستىرلىقى بىناسىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى سوراقخانىلاردا ئاخىرى چىقماس سوئال - سوراق ۋە تەن جازالىرىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن «فار»غا ئايلىنىپ كېتەتتى. كىتابتىكى «فار»غا ئايلىنىش «يوق قىلىنماق، ئۆلتۈرۈلمەك، ئۇنتۇلدۇرۇلماق» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە. فارلاشتۇرۇلغان كىشىلەرگە ئائىت پۈتۈن ئارخىپلار، خاتىرىلەر، كىملىك بىلمىلىرى يۇيۇپ تاشلىنىدۇ. ھەتتا ئۇ كىشىنىڭ سورىقىنى قىلىشمۇ چۈشەنچە ۋە ئوي - پىكىر ساقچىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدىغانغا سەۋەب بولىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ.

كىتابتا تەسۋىرلىنىشىچە، بۇ رەزىل جەمئىيەتتە ئەقلىسىز بولۇش بىر مەسىلە ھېسابلانمايتتى. ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سمىس ئادالەت مىنىستىرلىقىدا ئىشلەيدۇ. ۋىنستون سمىس ئولتۇرىدىغان ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن تەخمىنەن 300 مېتىر ئۇزاقلىقتا، مۇستەھكەم بېتون بىلەن پىرامىدا شەكىلدىكى ئادالەت مىنىستىرلىقى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ بىنا شەھەر مەركىزىدىكى ئەڭ كۆركەم ۋە ئەڭ كۈچلۈك بىنا بولۇپ، بىنا پارتىيەنى مەدھىيەلەيدىغان تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ۋە ئېلانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى.

گەرچە شەھەر مەركىزىدىكى بۇ ھەيۋەتلىك بىنانىڭ ئىسمى «ئادالەت ۋە توغرىلىق مىنىستىرلىقى» دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمما ئادالەتسىزلىك ۋە ناتوغرىلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. «ئۇرۇش تىنچلىقتۇر! ئەركىنلىك قۇللۇقتۇر! بىلىمسىزلىك (جاھىللىق) كۈچ - قۇۋۋەتتۇر!» دېگەن ئەقلىيە سۆزلىرى بۇ بىنانىڭ ئەڭ ئۈستى تەرىپىگە چوڭايتىلىپ يېزىلىپ ئېسىلغان ئىدى.

## ۋىنستون سمىسنىڭ ئاقىۋىتى

كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سمىس 39 ياشتا بولۇپ، كىتابنىڭ باشلىنىشىدا ئۇنىڭ ئۆيى 7 - قەۋەتتە بولسىمۇ، ئەمما پارتىيە تەرىپىدىن يېقىندا ئېلىپ بېرىلىدىغان «نەپرەت ھەپتىسى» ھازىرلىقلىرى يۈزىسىدىن توك توختىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ 7 - قەۋەتكە مېڭىپ چىقىشقا مەجبۇر بولغانلىقى، بىنانىڭ ھەر بىر قەۋىتىدە، «ئاكاڭ قارىغاي»، يەنى «Big Brother» دەپ ئاتىلىدىغان پارتىيە باشلىقىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى بىلەن قارشىلاشقانلىقىنى، رەسىمنىڭ ئاستىغا «ئاكاڭ قارىغاينىڭ كۆزى داۋاملىق سەندە» دەپ يېزىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

كىتابتا يەنە ۋىنستون سمىسنىڭ ئۆيىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە نازارەت قىلىدىغان كامېرالارنىڭ ئورنىتىلغانلىقى، پىچىرلىغان ئاۋازلارنىمۇ ئۇنىڭغا ئېلىنىدىغانلىقى، تامغا ئېسىلغان چوڭ تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا 24 سائەت «ئاكاڭ قارىغاي»نىڭ چوڭايتىلغان رەسىمى كۆرۈلۈپ، پارتىيەنىڭ تەشۋىقاتى داۋاملىق سۆزلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، قارىغۇ بولمىغان چاغلاردىمۇ ۋىنستون سمىسنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنىڭ سىنىغا، ھەر بىر تىنىق ۋە نەپەسنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئېلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ۋىنستون سمىسنىڭ ئۆزىگە ئائىت ھېچقانداق بىر شەخسىي سىرىنىڭ يوقلۇقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سمىس، ھېچقانداق دوستى، ھېچقانداق يېقىن ئادىمى بولمىغان بىر پېرسوناژ بولۇپ، كېيىنچە ئۇ لوندوننىڭ شۋېيتسارىيە كوچىسىدىكى كونا ئاسارئەتىقە ساتىدىغان دۇكاندىن سېتىۋالغان بىر دەپتەر ۋە قەلەم بىلەن كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا باشلايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ جەمئىيەتتىن قانچىلىك دەرىجىدە نەپرەتلەنگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ باشقا بىر گۈزەل، غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلار كەلگۈسىدە ۋىنستوننى بالاغا تىقىدىغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازىدىغانلىرى قانۇنغا خىلاپ نەرسىلەر ئەمەس ئىدى. ئەسلىدە بۇ جەمئىيەتتە قانۇن دېگەن بىر نەرسە مەۋجۇت بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنسىز بىر ئىشنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ۋىنستوننىڭ كۈندىلىك خاتىرە يېزىۋاتقانلىقى سېزىلىپ قالغان تەقدىردە، ئۇ 25 دەررە ئۇرۇلاتتى ياكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ قەلىمىنى سىياھقا چىلىدى. بۇ چاغدا ئۇ خەتەرلىك بىر يولنىڭ بېشىدا ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئەندىكىپ كەتتى.

بىر كۈنى سەھەردە ۋىنستون سمىس قاتتىق يۆتەلگەنچە ئويغاندى. ئۇنىڭ ئۇخلاش كىيىمى بولمىغاچقا يالىڭاچ ئۇخلىغان ئىدى. پارتىيەنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەر توقلۇق مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن پەقەت 3 مىڭ رەخت بېلىتىگە ئېرىشەتتى. ئەمما بىر ئۇخلاش كىيىمى 600 رەخت بېلىتى ئىدى.

كىتابتىكى يەنە بىر پېرسوناژ بولسا «جۇلىيا»دۇر. جۇلىيا، ۋىنستون بىلەن بىر بىنادا ئىشلەيدىغان ئىنتايىن جەلپكار، گۈزەل بىر ئايال ئىدى. دەسلەپتە ۋىنستون بۇ ئايالنىمۇ پارتىيەنىڭ ئەزاسى دەپ قاراپ ئۇزاق تۇرىدۇ. ئەمما بىر كۈنى جۇلىيا، ۋىنستون سمىسقا ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە بىر باغاقچە بېرىدۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ۋىنستون بىلەن جۇلىيا شەھەر سىرتىغا چىقىپ، ئۆزئارا كۆرۈشۈشكە باشلايدۇ.

كىتابتىكى يەنە بىر پېرسوناژ بولسا پارتىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا خىزمەت قىلىدىغان ئوبرىئەن بولۇپ، ۋىنستون بۇ كىشىدىن ئىنتايىن قورقاتتى ۋە خەتەرلىك كىشى دەپ ئويلايتتى. ئوبرىئەن،

ۋىنستون ئويلىغانىدەك پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ چېقىمچى بىر پېرسوناژ ئىدى. ۋىنستون بىلەن جۇلىيانىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ۋىنستوننىڭ كۆندىلىك خاتىرە يېزىۋاتقانلىقى، ئوبرىئەن تەرىپىدىن سۆيگۈ مىنىستىرلىقىغا دوكلات قىلىنىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە ۋىنستون بىلەن جۇلىيا، ھېس - تۇيغۇ ۋە چۈشەنچە ساقچىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

سۆيگۈ مىنىستىرلىقى ۋىنستون سىمىسقا قورقۇنچلۇق شەكىلدە تەن جازاسى ئېلىپ بارىدۇ. ۋىنستون سىمىتنىڭ چىشلىرىنى سۇندۇرۇپ، سۆڭەكلىرىنى چېقىۋېتىدۇ. بەدىنىنى توكقا چاتىدۇ، ئاچ قويىدۇ. بۇ خىل ئېغىر جازالاردىن كېيىن، ۋىنستون سىمىت ئۆزىنىڭ جۇلىيا بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى، كۈندىلىك خاتىرە يازغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. سۆيگۈ مىنىستىرلىقى ئۇنى ئىككىگە ئىككىنى قوشسا تۆت ئەمەس، بەلكى بەش بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستايدۇ. ۋىنستون سىمىس بەش بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

ۋىنستون سىمىسقا بېرىلگەن جازالارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر جازا، 101 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى قەپەس ئىچىگە سولانغان چاشقانلارغا ئۇنىڭ يۈزىنى يېگۈزۈش جازاسى بولۇپ، بۇ جازاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ۋىنستون جۇلىيانى سېتىۋېتىدۇ. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلغان مەن ئەمەس، بەلكى جۇلىيا دەپ ئىقرار قىلىدۇ. دېمەككى، ئۇ جۇلىياغا خىيانەت قىلىدۇ. بۇ ئىشلاردىن كېيىن ۋىنستون بىلەن جۇلىيانىڭ سۆيگۈ مۇناسىۋىتى تامامەن ئاخىرلىشىدۇ. گەرچە ئۇلار كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالغان بولسىمۇ بىر - بىرىگە خۇددى تونۇمايدىغان ئادەمدەك مۇئامىلە قىلىدۇ.

## ئىسمى جىسمىغا تەتۈر تۆت مىنىستىرلىق

«1984» ناملىق بۇ كىتابتا تۆۋەندىكىدەك تۆت مىنىستىرلىق بار ئىدى. ئەمما، بۇ مىنىستىرلىقلار دەل ئۆز - ئۆزىگە قويىغان ئىسمىنىڭ تەتۈرى بويىچە خىزمەت قىلىدۇ. بۇ مىنىستىرلىقلار تۆۋەندىكىچە:

### 1. ئادالەت مىنىستىرلىقى

جورج ئورۋېلنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ مىنىستىرلىق پۈتۈنلەي يالغان ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن قىلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتلەرنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مەسىلەن، ئىككى قوشۇلغان ئىككى تۆت بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما پارتىيە: «ئىككى قوشۇلغان ئىككى بەش بولىدۇ» دېگەن ساختا ھەقىقەتنى كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشىدۇ. يەنە ئۇلار تارىختا بولۇپ ئۆتكەن پۈتۈن ۋەقەلەرنى ئۆزگەرتىپ، يالغاندىن يېزىپ سۆزلەپ چىقىشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار: «بۈگۈننى كونترول قىلىشنىڭ يولى تارىختىن باشلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ مىنىستىرلىق ئەمەلىيەتتە بىر ساختىپەزلىك مىنىستىرلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مىنىستىرلىقتىكى خىزمەتچىلەر ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە ھەقىقەتتىن تېنىۋالىدۇ. ھەتتا ئائىلە ئەزالىرى، ئۇرۇق - تۇغقان ۋە ئاتا - ئانىلىرىدىن تېنىۋالالايدۇ.

### 2. تىنچلىق مىنىستىرلىقى

بۇ مىنىستىرلىق توختىماي كىشىلەر ئارىسىدا، جامائەت ئارىسىدا ئۇرۇش - جېدەل، ئىختىلاپ ۋە غەلۋە - غوۋغا پەيدا قىلىدۇ. پارتىيەنىڭ مەنپەئەتىگە، يۈز - ئابرۇيىغا، خەلقنى كونترول قىلىشتىكى چارە - تەدبىرلىرىگە، سەل - پەل دەخلى - تەرۇز يېتىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، نۇرغۇنلىغان ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان تېمىلارنى تاشلاپ، كىشىلەرنى داۋاملىق ھالدا ئىختىلاپ ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى، جېدەل - ماجىرا، ئىختىلاپ پەيدا قىلىش، ئۆزگە ئۆكتىچى بولۇۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراشتىكى ياخشى ئۇسۇل ئىدى. دېمەك، نامدا تىنچلىق مىنىستىرلىقى دېيىلگەن بۇ ئورۇننىڭ

ۋەزىپىسى – جىبدەل چىقىرىشتۇر. چۈنكى، بۇ پارتىيە: «ئۇرۇش – تىنچلىقتۇر!» دەپ قارايدۇ.

نەپرەت ھەپتىسى، تىنچلىق مىنىستىرلىقى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ئېلىپ بارىدىغان ئۆگىنىشلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كۈن ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىگە توغرىلىنىدۇ. بۇ كۈندە مەۋجۇت دۈشمەنلەرگە نەپرەت ئوقۇش بىلەن بىرگە، يېڭى دۈشمەنلەر ياساپ چىقىلىدۇ. نەپرەت ئوقۇيدىغان دۈشمەنلەر توختىماي يېڭىلىنىپ، ياسىلىپ تۇرۇلىدۇ. نەپرەت ھەپتىسىدە: «ئارىمىزدا دۈشمەن بار، بىز بۇ دۈشمەنگە قارشى غۇژمەك بولۇشىمىز، بىرلىششىمىز كېرەك!» دېگەن ئىدىيە تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

نەپرەت ھەپتىسىدە، ئىدىيە، پىكىر ۋە چۈشەنچىلەر سوراققا تارتىلىدۇ. بۇنىڭدا پارتىيە بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىدە بولمىغانلار «جىنايەتچى» دەپ قارىلىدۇ. ئەڭ ئېغىر جىنايەت بولسا، چۈشەنچىلەرنىڭ پارتىيە بىلەن ئوخشاش بولماسلىق جىنايىتى بولۇپ، بۇ خىلدىكى كىشىلەر ھەتتا دۆلەتكە خىيانەت ۋە خائىنلىق بىلەن جازالىنىدۇ.

پارتىيە تىنچلىق مىنىستىرلىقىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىك بىر يەردىن باشقا، ھېچ بىر نەرسە سىزگە تەۋە بولمايدۇ. سىياسىي ھاياتىڭىز، ئۆتمۈشتىكى شەخسىيىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسە پارتىيەگە تاپشۇرۇلىدۇ. ئائىلە، جەمئىيەت، پۈتۈن بىر مىللەت بىر - بىرى بىلەن ئۆچ - ئاداۋەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئىنسانلارنى ئوي - پىكىر، چۈشەنچە ساقچىسى دەيدىغان بىر ساقچى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان بولۇپ، بۇ ساقچى ئەگەر سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىزدە پەرقلىق چۈشەنچىلەرنىڭ بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ قالسا دەرھال قولغا ئالىدۇ ياكى نەپرەت ھەپتىسى دەيدىغان ھەپتىدە سىزگە نەپرەت ياغدۇرۇپ، باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتىدۇ.

تىنچلىق مىنىستىرلىقى ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكلەش، ئەگەشتۈرۈش، يەنى يادا پىسخىكىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدىغان بولۇپ، «ئىچىمىزدە دۈشمەن بار ۋەھىمىسى» بىلەن قانداقتۇر بىرلىرىگە نەپرەت قىلىش ئېلىپ بارىدۇ. خەلق دۈشمىنى ياساپ چىقىپ، خەلق دۈشمىنىنى خەلق ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈجۈقتۇرۇش تاكتىكىسىنى قوللىنىدۇ.

### 3. سۆيگۈ مىنىستىرلىقى

بۇ مىنىستىرلىق تىنچلىق مىنىستىرلىقى بىلەن ماسلاشقان ھالدا خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، سۆيگۈ مىنىستىرلىقى پەقەت «ئاكاڭ قارىغاي» دەپ ئاتىلىدىغان بىر زاتنىلا سۆيدۇ. قارشى تەرەپ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى، يەنى باشقا كىشىلەرنى سۆيسەك بولمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن دائىم ياخشى تەرەپ بولىمىز؟ دېگەن سوئاللارنىڭ سورىلىشى ئېغىر تەن جازاسىغا باشلاپ بارىدۇ. سۆيگۈ مىنىستىرلىقىنىڭ تەلىماتى بىلەن ئەر - ئاياللار مۇھەببەتلىششكە يول قويۇلمايدۇ؛ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، باللىق بولۇش جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.

### 4. توقلۇق مىنىستىرلىقى

يەنى، باي - باياشاتلىق مىنىستىرلىقى. ئەمما بۇ مىنىستىرلىق ئاچلىق ۋە كەمبەغەللىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىنسانلارنى بىر بۇردا نانىنى يەپ، گەپ - سۆز قىلماي جىمجىت روبوتتەك ياشاشقا دالالەت قىلىدۇ.

## تۈنۈگۈننىڭ ۋىنستون سمىسى ۋە بۈگۈننىڭ جازا لاگېرى شاھىتلىرى

مەشھۇر يازغۇچى جورج ئورۋېلنىڭ قەلىمى ئاستىدا يارىتىلغان «1984» ناملىق كىتابنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنستون سمىس پەقەت كۆندىلىك خاتىرە يازغانلىقى، جۇليا ئىسىملىك بىر ئايال بىلەن

مۇھەببەتلەشكەنلىكى ئۈچۈنلا سۆيگۈ مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئېغىر تەن جازاسىغا ئۇچرايدۇ. ئەمما بۇ قاراڭغۇ ۋە رەزىل دۇنيا بۈگۈنكى كۈندىمۇ خىتاي ئىشغالىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ۋىنىستون سىمىسلىرى بولغان خىتاي جازا لاگېرلىرىدىن ئاران تەستە قېچىپ چىققان جازا لاگېرى شاھىتلىرى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جازا لاگېرلىرى ھەققىدە دۇنيا خەلقىگە ئامېرىكا پارلامېنتىدا ئېچىلغان گۇۋاھلىق يىغىنلىرى، ئەنگلىيەدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتى قاتارلىق خەلقئارا سورۇنلاردا گۇۋاھلىق بېرىپ، 2023 - يىلدىمۇ ئاخىرلاشمىغان بۇ رەزىل ۋە قاراڭغۇ دۇنيادا ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنلەرنى پاش قىلدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى قۇرغان جازا لاگېرىدا ئۈچ يىل ياتقاندىن كېيىن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە فىرانسىيەدىكى ئائىلىسى تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلۇپ فىرانسىيەگە كېلىشكە مۇۋەپپەق بولغان، خىتاي جازا لاگېرىدا ئىڭراۋاتقان نەچچە مىليون ئۇيغۇرنىڭ ئىچىدىكى يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بۇ تەلەيلىك لاگېر شاھىتى گۈلباھار خاتىۋاجى مۇنداق دەيدۇ:

> *«ھېچقانداق گۇناھىم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پۇتۇمغا كىشەن سېلىنىپ تۈرمىگە كىرگەن ۋاقتىمدا، كامېردىكى ئاياللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆردۈم. كامېردىكى ئاياللارنىڭ پۇتلىرى كىشەنلەنگەن، ئانا تىلىمىز بولغان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىمىز چەكلەنگەن ئىدى. ئۇلار بىزنى: ›نۆلدىن تۆۋەن 24 گىرادۇسلۇق سوغۇقتا شامالدىتىمىز‹ دېگەن باھانىدە، سوغۇقتا تۇرغۇزۇپ قويۇپ قىينايتتى. ھەر قېتىم سوراققا ئېلىپ چىققان ۋاقتىدا، قولىمىزغا كەينىچىلەپ كويزا سېلىپ، بېشىمىزغا قارا خالتا كىيگۈزۈپ، پۇت - قولىمىزنى تۆمۈر ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇپ سوراق قىلاتتى.*
>
> *2017 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىزنى يەنى بارلىق ئاياللارنى كارىۋاتقا زەنجىرلەپ قويدى. مەن مۇشۇنداق زەنجىرلەكلىك ھالەتتە 20 كۈن تۇردۇم. جازا لاگېرىنىڭ ئىچىدە ھەممە يەردە كامېرا بار ئىدى. ئۇلار بىزگە: ›زۇكامنىڭ ئالدىنى ئالىمىز‹ دېگەن باھانە بىلەن يىلدا ئىككى قېتىم ۋاكسىنا ئۇردى. ئۇ ۋاكسىنا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ئادىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ كەتتى. مەن ئىككى ئورۇندىكى جازا لاگېرىدا تۇردۇم. مەن دەسلەپتە تۇرغان جازا لاگېرىدا 17 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان 250 تەك ئاياللار بار ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ لاگېرغا تېخىمۇ كۆپ كىشىنى سىغدۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، 2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى بىزنى يېڭىدىن سېلىنغان چوڭ بىر جازا لاگېرىغا يۆتكىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ جازا لاگېرىغا سالغان مەبلىغىنىڭ پەۋقۇلئاددە كۆپلۈكىدىن، بۇ پىلاننىڭ قىسقا مۇددەتلىك پىلان ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. بىز ھەر كۈنى 11 سائەت سىنىپتا ئولتۇرۇپ، خىتاينىڭ مىڭ يىللىق دەرسى بولغان تارىخ، قانۇن، خىتاي تىلى دەرسلىرىنى ئۆگىنىمىز. ھەپتىدە بىر قىزىل ناخشا ئۆگىنىمىز. ھەپتە ئاخىرىدا ئىمتىھان بېرىمىز.*
>
> *2018 - يىلى ھېچبىر گۇناھىم يوق تۇرۇپ، 7 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندىم. ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلەشكىنىمىزنى بىلىپ قالسا، ئايرىم سولايدىغان بىر ئۆيگە 24 سائەت، 48 سائەت ھەتتا 72 سائەت سولاپ قوياتتى. تاماق ۋە سۇ بەرمەيتتى. ئۇ كىشى تاكى: ›مەن خاتا قىپتىمەن، ئىككىنچى ئۇيغۇرچە سۆزلەشمەيمەن!‹ دېگەنگە قەدەر سولاپ قويۇلاتتى. ناماز ئوقۇغانلىقى، ھىجابلانغانلىقى، قۇرئان ساقلىغانلىقى، پەرزەنتىنى چەت ئەلدە ئوقۇتقانلىقى، چەت ئەلگە ساياھەتكە چىققانلىقى ئۈچۈنلا قايتا تەربىيەلىنىش نامى ئاستىدا دوختۇر، مۇئەللىم، بانكا خادىملىرى، يەككە تىجارەتچىلەر، پېنسىيەگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىشقىلىپ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سەرخىللىرىنىڭ ھەممىسى بۇنداق لاگېرلارغا سولانغان ئىدى».*

شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زۇلمەتلىك تۇپراقتىكى يەنە بىر جازا لاگېرىدا ئالتە ئاي خىتاي تىلى ئوقۇتقۇچىلىقى قىلغان قەلبىنۇر سىدىق ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان بۇ جاينىڭ ئەسلىدە مەكتەپ ئەمەس، بەلكى بىر جازا لاگېرى ئىكەنلىكىنى بۇ مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن ھېس قىلىدۇ. ئۇ ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتىۋالغان ئورۇننىڭ جازا لاگېرى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە بولسا بەكمۇ ھەيران قالىدۇ. ئۇ ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە ئەنگلىيەدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتىدا گۇۋاھلىق بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:

*«مەن 2017 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - ئايغىچە ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى، سايباغ رايونىغا قاراشلىق تاڭفەنگۇدا قۇرۇلغان ئەرلەر جازا لاگېرىدا 6 ئاي خىتايچە دەرس ئۆتۈشكە مەجبۇرلاندىم. بۇ 4 قەۋەتلىك بىنادىكى تاملارنىڭ ئۈستى پۈتۈنلەي تۆك سىمى بىلەن قورشالغان ئىدى. ئاتالمىش بۇ ›قايتا تەربىيەلەش مەركىزى‹نىڭ ئىچى ۋە سىرتىنى ساقچى ۋە ئەسكەرلەر قوراللىق ھالدا خۇددى ھازىر جەڭگە چىقىدىغاندەك ھالەتتە قوغداپ تۇراتتى. تۇتقۇن قىلىنغان ئەرلەرنىڭ 90 پىرسەنتى 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولۇپ، پەقەت 10 پىرسەنتى 40 ياشتىن يۇقىرى ۋە 70 ياشلىقلار ئىدى. تۇتقۇن ئەرلەر كامېرلاردا 30 دىن 40 قىچە قىستىلىشىپ تۇرىدۇ ۋە داق سېمونت يەرنىڭ ئۈستىدە ياتىدۇ. ئۇلارغا ھەر كۈنلۈك تامىقىغا بىر تال خىتاي مومىسى بىلەن قۇرۇق شوۋىگۈرۈچ بېرىلىدۇ. ھەتتا ئۇلار 6 ئاي جەريانىدا بىرەر قېتىممۇ يۇيۇنۇپ باققىنى يوق. ئوبۇرنىغا چىقىش ئۈچۈنمۇ ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىلىدۇ. بۇ كامېردىكى ئەرلەرنىڭ پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەن. سىنىپنىڭ ئىشىكلىرى 30 گىرادۇسلۇق كەڭلىكتە قىيا ئېچىلغان بولۇپ، سىنىپتىن كامېرغا ئۆملەپ كىرىپ ئۆملەپ چىقىدۇ. تۇتقۇن ئەرلەرنىڭ ئىسملىرى چاقىرىلمايدۇ. ئۇلارغا نومۇرلار بېسىلغان بولۇپ، شۇ نومۇرلار ئارقىلىق چاقىرىلىدۇ. ئۇلارنى سوراق قىلىدىغان جاي سىنىپنىڭ يېنىدىكىلا يەر ئاستى سوراقخانا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەن جازاسى سەۋەبىدىن ۋارقىرىغان ۋە چىرقىرىغان ئاۋازلىرى سىنىپقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازلىرى بىنانى زىلزىلىگە سالاتتى. ئۇلارنى قىيناشنىڭ تۆت خىل ئۇسۇلى بار ئىدى. ئۇلار بولسا: ئېلېكترونلۇق كالتەك، ئېلېكترونلۇق دوپپا، ئېلېكترونلۇق پەلەي ۋە ئېلېكترونلۇق تۆمۈر ئورۇندۇق يەنى يولۋاس ئورۇندۇق قاتارلىقلار. سوراقتىن كېيىن تۇتقۇنلار ھەپتىلەپ، ھەتتا ئايلاپ دەرسلەرگە چىقالمايدۇ.»*

قەلبىنۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

*«2017 - يىلى سېنتەبىردىن نويابىرغىچە ئۈرۈمچى تۇگۇڭ رايونىغا جايلاشقان 6 قەۋەتلىك ئاياللار تۈرمىسىگە يۆتكەلدىم. بۇ 6 قەۋەتلىك بالكونسىز ئاياللار تۈرمىسى بولۇپ، بۇ يەرگە 10 مىڭغا يېقىن قىز - ئاياللار سولانغان ئىكەن. قىز - ئاياللارنىڭ چاچلىرى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئۇچىسىغا كۆلرەڭ مەھبۇس كىيىمى كىيدۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپېلسىن رەڭلىك جىلىتكە كىيگەن بولۇپ، جىلىتكىنىڭ ئۈستىگە نومۇر بېسىلغان ئىدى. ھەر دۈشەنبە كۈنى بۇ تۇتقۇن قىزلارغا نامەلۇم دورا ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇلارغا ئوكۇل ئۇرۇلىدۇ ۋە قان ئېلىنىدۇ. بۇ قىز - ئاياللارنىڭ يېشى 18 ياشتىن 40 ياشقىچە بولۇپ، ئۇ دورىلارنى ئىچكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئادەتلىرى پۈتۈنلەي توختاپ كېتىدىكەن. ھەتتا بالا ئېمىتىۋاتقانلارنىڭ سۈتلىرىمۇ توختاپ كەتكەن. بۇ قىز - ئاياللار سوراق جەريانىدا خىتاي ساقچىلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەتتا خىتاي ساقچىلىرى توك كالتەكلەرنى ئاياللارنىڭ مەقئەت يولىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەن جازاسى ۋە قىيناش ئېلىپ بارىدۇ. مەن بۇ خىل تەن جازاسىدىن كېيىن، ئۇدا ئىككى ئاي ئادىتى*

> *تۇختىماي قانسىراپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر قىزنىڭ جەسىتىنى ساقچىلارنىڭ زەمبىلدە كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.*
>
> *ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا مەيلى جازا لاگېرى (قايتا تەربىيەلەش) دىكى ياكى سىرتىدىكىلەر بولسۇن، ھەر بىر ئايال ئۇزۇك سالدۇرۇش ۋە تۇغماسلىق ئوپېراتسىيەسى قىلىنىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. بۇ خىتاينىڭ بىردىنبىر سىياسىتى. ئۇندىن باشقا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتى ›قوشماق تۇغقانچىلىق سىياسىتى‹ ئارقىلىقمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى دەپسەندىچىلىككە ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلارغا خىتاي قوشماق تۇغقىنى بىلەن بەشتە بىللە بولۇش تۈزۈمىنى بېكىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇلار: بىللە تاماق ئېتىش، بىللە تاماق يېيىش، بىللە ئۆگىنىش قىلىش، بىللە سەيلە قىلىش ۋە بىللە يېتىپ - قوپۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ دېگەنلىك، تۇغقان قىلىنغان بىر خىتاي ئەر ھەر ئايدا بىر ھەپتە ئۆيىمىزدە تۇرىدۇ. ئۇيغۇرلار تاماق ئېتىش، تاماق يېيىش جەريانلىرىدا خىتاي ئەرلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋەس ئېپادىلەشتەك ناشايان ئىشلىرىغا دۇچار بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا ئاتا - ئانىسى تۇتقۇن قىلىنغان باللار لاگېرلىرىمۇ تەسىس قىلىندى.»*

مانا بۇلار، بۇندىن 83 يىل بۇرۇنقى دەۋردە ياشىغان ۋىنستون سىمىس بىلەن ھازىرقى دەۋردە ياشاۋاتقان ۋىنستون سىمىسلەرنىڭ سۆكۈنات ئىچىدە تۇرۇۋاتقان دۇنيا ئادالىتىگە قىلغان نالىسى! ئەپسۇسكى، دۇنيا بوگۇنكى كۈندىمۇ بۇنداق رەزىللىكلەرنىڭ تاماشىبىنى بولۇپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئۈنۈملۈك تەدبىر ئالالمايۋاتىدۇ.

## خاتىمە

شۇنداق! يازغۇچى جورج ئورۋېل 1948 - يىلى قەلەمگە ئالغان، ئەمما دۇنيادىكى بۇنداق بىر قاراڭغۇ جەمئىيەتكە خاتىمە بېرىلىپ، ئىنسانلار 1984 - يىلىغا بارغاندا ناھايىتى بەختلىك، ئەركىن ياشايدۇ دېگەن يوكسەك دەرىجىدىكى ئۈمىد بىلەن «1984» دەپ نام قويۇلغان بۇ كىتاب گەرچە تارىختا ئايلانغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2016 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندا جازا لاگېرلىرىنى ئېچىشى بىلەن قانچە مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋىنستون سىمىسلار جازا لاگېرلىرىغا تاشلىنىپ، ۋىنستون سىمىس دۇچ كەلگەن تەن جازالىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر تەن جازالىرىغا دۇچار بولماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار، ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كەتكەن ئائىلە ئەزالىرى، دوستى، تۇغقىنى ۋە خىزمەتدىشىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كوچىلارغا تۆكۈلمەكتە. ئۇيغۇرلار مىللەت سۈپىتىدە تۈرمە ۋە جازا لاگېرلىرىغا تاشلانماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتى يۈز تونۇش تېخنىكىسى قاتارلىق يۇقىرى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان نازارەتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئۇيغۇر زىيالىي - ئالىملىرى، يازغۇچى - شائىرلىرى ۋە بىلىم ئادەملىرى بىر كېچىدە تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئويغا سالىدىغان «1984» ناملىق بۇ كىتاب، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان ئىنتايىن قىممەتلىك بىر كىتاب بولۇپ، دۇنيادىكى بارلىق تىللارغا ئون نەچچە قېتىملاپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن نادىر ئەسەردۇر. مەن ئوقۇغان تۈركچە «1984» ناملىق بۇ كىتاب بولسا 2014 - يىلى تۈركىيەدىكى 47 - قېتىملىق نەشرى بولۇپ، يېقىندا تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى تەرجىمە قىلىپ تارقاتتى.

شۇنداق! «1984» ناملىق بۇ كىتاب ۋەتەن ئىچىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىر بولغىنىغا قارىماي، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ بىر - بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان

ئۇيغۇر جەمئىيىتى بەرپا قىلىۋاتقان ئۇيغۇر توپلىمى ئۈچۈنمۇ ئوقۇپ چىقىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك بىر دەرسلىكتۇر!

كىتابتا تىلغا ئېلىنغان «نەپرەت ھەپتىسى» تەشكىللەش، ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت ياغدۇرۇش، توختىماي ئۆز ئىچىدىن دۈشمەن ئىزدەش قاتارلىقلار چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھېلىھەم ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەھۋال بولۇپ، چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «بىردە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، بىردە رابىيە قادىر، بىردە دولقۇن ئەيسا، بىردە ئاپتونومىيەچى، بىردە ئىندىجىنىس قىلىۋەتتى» دېگەندەك نەپرەت دۈشمەنلىرىنى توختىماي ياساپ چىققانغا ئوخشايدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كەلگۈسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جورج ئورۋېلدەك ئۆلمەس يازغۇچى ۋە «1984»تەك ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل، ئىنشائاللاھ!

*2023 - يىلى 3 - مارت، تورونتو*

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

# ئەدەبىيات بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ مىللىي كۆرەشتىكى فۇنكسىيەسى توغرىسىدا

پروفېسسور، دوكتور ئالىمجان ئىنايەت

ئەدەبىيات – تىل ئارقىلىق ئىجاد قىلىنىدىغان، كىشىلەردە ئېستېتىكىلىق تۇيغۇ، يەنى بەدىئىي زوق پەيدا قىلىدىغان ئاغزاكى ياكى يازما ئەسەرلەردۇر. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە قوللىنىلىدىغان ئاساسىي ۋاستە تىل بولۇپ، ۋەقە، پىكىر، ھېس - تۇيغۇ ۋە خىياللار ئىشلەنگەن، تاۋلانغان بەدىئىي تىل ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. تىل – بىر مىللەتنىڭ ئۇقۇم خەزىنىسى، مەدەنىيەت كودى، ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل مىللەتنىڭ ئۆزىدۇر. تىل تارىخىي كاتېگورىيەگە تەۋە بولۇپ، جەمئىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان بولىدۇ. ئەدەبىياتتا قوللىنىلىدىغان ئەدەبىي ژانىرلار، ئىپادە قېلىپلىرى، سىمۋوللار ۋە ئەدەبىي ئېقىملارمۇ جەمئىيەت تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىياتنىڭ تەسۋىرلەش ۋە بايان قىلىش ئوبيېكتىمۇ ئىنساندۇر. جەمئىيەتمۇ ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك ۋە دىيالېكتىكىلىق مۇناسىۋەت بولىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات بىلەن جەمئىيەت بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## 1. ئەدەبىياتنىڭ جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى

يازغۇچى ۋە شائىرلارمۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى، ئىجتىمائىي ئورنى، دۇنيا قارىشى ۋە ئىدېئولوگىيەسى بولىدۇ. ئۇلار ئەسەرلىرى ئارقىلىق جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنى، چۈشەنچىلىرىنى، نارازىلىقىنى، تەسەۋۋۇر ۋە غايىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە جەمئىيەتكە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. 16 - ئەسىردە مارتىن لۇتېر (Martin Luther) ۋە ۋىلىيام تايندېل (William Tyndale) جەمئىيەتتىكى پۈتۈن خەلق ئاممىسى ئوقۇپ چۈشەنسۇن دېگەن مەقسەتتە ئىنجىلنى لاتىنچىدىن نېمىسچىگە ۋە ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە قاتتىق داۋالغۇش پەيدا بولغان ئىدى (رۇس 2021 : 135). ئامېرىكىدىكى ئىچكى ئۇرۇشنىڭ خېررىيەت بېچېر ستوۋ (Harriet Beecher Stowe) نىڭ قۇلدارلىققا قارشى پىكىرلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن رومانلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەنلىكىنىمۇ بۇ يەردە زىكىر قىلىپ ئۆتۈش كېرەك.

شۇنىمۇ بىلىمىزكى، رومانتىزم ئىدېئولوگىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەدەبىي ھەرىكەت بولۇپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ۋە شائىرلار پەقەتلا ئەسەر يېزىش بىلەن كۇپايە قىلمىغان، ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن مەقسەت ۋە نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلغان كىشىلەردۇر. مەسىلەن شائىر فىلىپ سىدنېي (Philip Sidney) ئەركىنلىك ئۈچۈن 1586 - يىلى گوللاندىيەدە ئىسپانىيەگە قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ 32 يېشىدا ئۆلگەن (مودي 1906: 71؛ ئالېكساندىر 2000: 81) ، شائىر لورد بايرون (Lord Byron) گرېتسىيەدە گرېتسىيەلىكلەرنىڭ ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىگە قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ 36 يېشىدا ئۆلگەن (ئالېكساندىر 2000: 229؛ سادېرلېند 2018 :136) . 19 - ئەسىردىكى ۋېنگرىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر شائىرى ساندور پېتوفى شېئىرلىرى ئارقىلىق ۋېنگرىيە خەلقىنى ئويغىتىشقا ۋە ئىشغالچى ئاۋستىرىيەگە قارشى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق كۈرىشىگە چاقىرغان. ئۆزىمۇ بىۋاستە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ 1849 - يىلى 26 يېشىدا ئۆلگەن (گۈنگۆرمۈش 1990: 110 - 111). ئۇنىڭ تۆۋەندىكى شېئىرى ھەممىزگە تونۇشلۇقتۇر:

*ھايات دۇنيادا ھەممىدىن قىممەت،*
*ھاياتتىنمۇ قىممەت بىلسەڭ مۇھەببەت.*
*لېكىن كېچىمەن ھەر ئىككىسىدىن،*
*ئەركىنلىك ئازادلىق ئۈچۈنلا پەقەت.*

بۇ شېئىر ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ئاۋستىرىيەگە قارشى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ تۇرپاندا تەشكىلات قۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە تەييارلانغاندا پاش بولۇپ قېلىپ خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەدەبىيات جەمئىيەتنىڭ ئەينىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرنى، ناھەقچىلىكنى، نۇقسان ۋە ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «باردۇر» ناملىق شېئىرىدا ئۇيغۇر جەمئىيەتتىكى ئىللەتلەرنى مۇنداق ئېچىپ تاشلىغان:

※ ※ ※ ※ ※

*زاماننىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،*
*بىرىنى شاگىيو سايلاپ، ئارقىدىن داۋايىمىز باردۇر.*

※ ※ ※ ※ ※

*يەنە يۇرت پايدىسىغا جەمئىي بولماقلىق بەسىي مۇشكۇل،*
*ئەگەر بىر يەردە توي بولسا، بىرىپ ياتقانىمىز باردۇر.*
*خاتائەن دوستىمىزدا بىر ئەيىب زاھىر بولسا،*
*يوشۇرماي بىرگە ئوننى تېپىپ قاتقانىمىز باردۇر.*

※ ※ ※ ※ ※

*ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزەر سۇدا،*
*مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغانىمىز باردۇر.*
*مۇنەججىم ھەم ئىنژېنىر، ئالىملارنىڭ ئورنىغا،*
*تونۇ سەللە، نەپسى بالا موللىمىز - سۇلتانىمىز باردۇر.*
*قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،*
*قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۇرلۇك تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.*

*(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى1987: 10 - 12)*

مەمتىلى ئەپەندى «ئوقۇدى ئاشتى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

*ئوقۇدى، ئاشتى باشقىلار بىزدىن، ئەي قېرىنداشلار،*
*كۆرگەچكە ئۇلارنىڭ ئىجتىھاتىنى قايىنار ۋىجدانلار.*
*ھاۋادا لاچىندەك جەۋلان قىلار باشقا مىللەتلەر،*
*قالدۇق بىز ئۇلاردىن بەكمۇ ئارقىدا، ئويلا ئۇممەتلەر.*
*ئۆگەتمەس بىزلەرگە ھەق كالامنى بىلگەن ئالىملار،*
*ئەخلاقنى پۇچەك پۇلغا ساتقاي بىزنىڭ زالىملار.*
*رىشۋەت بار يەرگە ئاچ قاشقىر كەبى دەمىسىز چاپارلار،*
*بېشىدا سەللە، قولىدا تەسۋى، ھەقتىن قاچارلار.*

*(مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى 2000: 3)*

يازغۇچى زۇنۇن قادىر «ئىككى بارمىقىم بىلەن» ۋە «ماغدۇر كەتكەندە» ناملىق ھېكايىلىرى ئارقىلىق خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قانداق قاقتى - سوقتى قىلغانلىقنى، قانداق تالان - تاراج قىلغانلىقنى ۋە قانداق ئەزگەنلىكىنى ئۈستىلىق بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن. ئىجتىمائىي تەنقىدنىڭ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مىساللىرى ئەدەبىياتىمىزدا ناھايىتى كۆپ. 1901 - يىلى تۇغۇلۇپ 1982 - يىلى ۋاپات بولغان شازادىخان ئانىنىڭ قوشاقلىرىدا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

*توقاچ ياقتىم ماي بىلەن،*
*سىيادان سىپىلىپ.*
*يىدى قۇلاق - مېڭەمنى،*
*بىر نادان كېلىپ.*
*دۇتار دېگەن دوزاخنىڭ،*

*چۈمۈچى ئېمىش.*
*ناخشا دېگەن شەيتاننىڭ،*
*يېمىشى ئېمىش.*
*شاماللارمۇ شاخنى يەلپۈپ،*
*چالىدۇ نەغمە.*
*گۈل چېغىدا ئىرغاڭلىشىپ،*
*قىلىدۇ نەزمە.*
*ناخشا ئېيتىپ، دۇتار چالسام،*
*گۇناھ بۇ دېسە.*
*تۆت پۈتلۈقتىن زادى ئۇنىڭ،*
*پەرقى نېمە؟*

*(ئۆمەر 2009: 632 - 633)* .

ئەپسۇسكى، دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىشنى ۋە ئۇسسۇل ئويناشنى شەيتاننىڭ ئىشى ۋە بىدئەت دەپ قارايدىغان كىشىلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار.

*شائىر ھاجى ئەخمەتمۇ بىر شېئىرىدا:*
*نىچۈك قىسمەتكى بۇ دوستلار ئەجەب بەختى قارا بولدۇم*
*تۇغۇلغان ئۆز دىيارىمدا مۇساپىر، بىناۋا بولدۇم.*
*تامامەن ئايرىلىپ ئەركىم، بىساتىمدىن،*

*ئۆزۈمنىڭ مۈلكىگە ئاخىر ئۆزۈم زارۇ گادا بولدۇم.*

*(مۇكاپاتلانغان شېئىرلاردىن تاللانما 1993: 87)* .

دەپ يېزىش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ناھەقچىلىككە دىققەتنى تارتقان ئىدى. بىر شائىر بۇ خىل ھەقسىزلىكنى باشقا بىر شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرگەن:

*ئەمدىلا ئىككى يىل بولاي دېۋىدى،*
*ئا شۇجى گوڭشېغا بولغىلى رەھبەر.*
*تارالدى بىردىنلا «ناھىيە ئۇنى -*
*ئۆستۈرۈپ يۆتكەپتۇ» دېگەن بىر خەۋەر.*
*ئا شۇجى گوڭشېغا ۋېلىسىپىتتە،*
*كەلگەنتى يېنىكلا (بىر كۆرپە، يوتقان) ،*
*قايتىشتا بىر جىفاڭ، ئىككى تىراكتور،*
*يۆتكىدى ئۆيىنى ئۈچ كۈندە ئاران.*

*(ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى 4 2006: 60 - 61)* .

شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئەدەبىيات يارىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان ئىجادىي پائالىيەت بولغاچقا، يازغۇچى شائىرلار دائىم يېڭىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا، يېڭىنى يارىتىشقا تىرىشىدۇ، كونىلىقنى تەنقىد قىلىدۇ، مەۋجۇت تۈزۈم ۋە سىستېمىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مەسىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللەتنى قوراللىق كۈرەشكە چاقىرغان ئىدى:

*ئەي پېقىر، ئۇيغۇر ئويغان، ئۇيقۇڭ يېتەر،*
*سەندە مال يوق، ئەمدى كەتسە جان كېتەر.*
*بۇ ئۆلۈمدىن ئۆزۈڭنى قۇتقۇزمىساڭ،*
*ئاھ سېنىڭ ھالىڭ خەتەر، ھالىڭ خەتەر.*
*قوپ دېدىم، بېشىڭنى كۆتۈر، كۆزۈڭنى ئاچ،*
*رەقىبىڭ باشىنى كەس، قېنىنى چاچ.*
*كۆز ئېچىپ ئەتراپقا ئوبدان باقمىساڭ،*
*ئۆلىسەن ئارماندا بىر كۈن يوق ئىلاج.*

*(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى1987: 13).*

يازغۇچى، شائىرلار جەمئىيەتنى ئىشغالچىلارغا قارشى چىقىشقا چاقىرىدۇ. 2 - دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ژان پائۇل سارترې (Jean - Paul Sartre) «مەخپىي يىغىن / چىقىش يوق» ناملىق درامىنى، ئالبېرت كامۇس (Albert Camus) «يات» ناملىق رومانىنى يېزىپ، فرانسىيەنى ئىشغال قىلغان گېرمانىيەگە سىمۋوللۇق ھۇجۇم قىلغان ئىدى (سادىرلېند 2018: 227).

قىسقىسى، ئەدەبىيات كىشىلەرنى ئويلىنىشقا، سەزگۈر بولۇشقا، مەۋجۇت دۇنيانى، تۈزۈمنى، سىستېمىنى باھالاشقا، سوراقلاشقا يېتەكلەيدۇ. ئوقۇرمەنلەر ھېكايە ۋە رومانلاردىكى ئىجابىي قەھرىمانلارنى ئۈزىگە رول، مودېل قىلىپ تاللايدۇ، ئۇلارغا ئوخشاش ئويلاشقا، تەپەككۇر قىلىشقا ۋە ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشىدۇ، سەلبىي ئوبرازلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ. يەنى يازغۇچى، شائىرلار ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن يازغۇچى شائىرلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ.

## 2. جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسىرى

تارىخ بويىچە ھاكىمىيەتلەر، ھۆكۈمرانلار ۋە دىنىي گۇرۇھلار ئەدەبىياتنى ئۆزلىرى قۇرغان سىياسىي سىستېما ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمنى قوغداش، ئۆزلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى تەرغىب ۋە تەشۋىق قىلىش، جەمئىيەتنى كونترول ئاستىدا تۇتۇش ئۈچۈن ۋاستە قىلىپ ئىشلەتكەن. باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات جەمئىيەت ئەزالىرىنى سىياسىي تۈزۈمگە سادىق قىلىپ تەربىيەلەش، ھاكىمىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى خەلققە قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەشۋىقات ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. توتالىتەر، يەنى مۇستەبىت دۆلەت ۋە ھاكىمىيەتلەردە ئەدەبىيات ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىدا بولۇپ ئەدەبىياتنىڭ يۈزلىنىشى ۋە تەرەققىياتى يۆتۈنلەي سىياسىي ئىرادىگە باغلىق بولۇپ قالغان. ھۆكۈمرانلار، بىر تەرەپتىن، يازغۇچى شائىرلارنى سارايلىرىدا، يېنىدا تۇتۇشقا تىرىشسا، يەنە بىر

تەرەپتىن ئۆزلىرىگە سادىق بولمىغان ئەدىبلەرنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن. مەسىلەن، 17 - ئەسىردە ئەنگلىيەدە سارايدا باش شائىر تەيىنلەنگەن. تۇنجى رەسمىي ھالدا ساراي شائىرى دەپ تەيىنلەنگەن كىشى جون درايدەن (John Dryden) بولغان. كېيىن بۇ مەنسەپكە ھېنرى پاي (Henry Pye) تەيىنلەنگەن. ئالفرېد تېننىسون (Alfred Tennyson) مۇ ئىنگلىز پادىشاھلىق سارىيىنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئايال پادىشاھ ۋىكتورىيەنىڭ شائىرى بولغان (سادىرلېند 2018: 89 - 202). بۇ خىل ساراي شائىرلىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا كۆپ ئۇچرايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ھەر يەردە ۋە ھەر دەۋردە ھاكىمىيەت بېشىدىكى كىشىلەر ھۇزۇرنى، تىنچلىقنى بۇزىدىغان ئۇنسۇر دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن زىيالىيلاردىن، بولۇپمۇ يازغۇچى شائىرلاردىن ئەنسىرەپ كەلگەن. ختاي پەيلاسوپى لاۋزىنىڭ «ئىشىكنى ئېتىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» دەستۇرىدىمۇ بۇ خىل ئەندىشە يوشۇرۇنغان (چېن 1998: 101 - 103) . ھاكىم سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ ھالدا ئەسەر يازغان كىشىلەر دائىم زۇلۇمغا ئۇچراپ كەلگەن ۋە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىگەن. ۋىلىيام تايندېل ئىنجىلنى ئىنگلىزچىگە تەرجىمە قىلغانلىقى ئۈچۈن 1536 - يىلى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. «دونكىخوت» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى سارۋانتىسمۇ زىنداندا ياتقان. ئالېكساندىر سولجېنىتسىن لاگېرغا قامالغان. بەدفورد «كرىست سەپرى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى زىنداندا يېزىشقا مەجبۇر بولغان. دانىيەل دېفو ساتىرىك بىر شېئىرى يېزىدىن زىندانغا تاشلانغان. جون ملتون «1660 تامىراتى» ناملىق ئەسىرى يېزىدىن ئۆز يۇرتىدىن قېچىشقا مەجبۇر قالغان. فىرانسىيە 1789 ئىنقىلابىدىن بۇرۇن نەشرىياتنى قاتتىق كونترول ئاستىدا تۇتقان ئىدى. شۇڭا ۋولتېيرنىڭ «كاندىد» ناملىق رومانى قاچاق ئۇسۇلدا نەشر قىلىنغان. گېرمانىيەدە نازى دەۋرىدە نۇرغۇن كىتابلار داغدۇغا بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلانغان (ئالېكساندىر 2000: 85; سادېرلېند 2018: 224 - 230) . 1998 - يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن جوسې ساراماگو سۈرگۈندە ئۆلگەن. (سادېرلېند 2018: 333) . تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر شائىرى نازىم ھىكمەتمۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق كوممۇنىست ئىدېئولوگىيەسىنى تەرغىب قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار تۈرمىدە ياتقان. بۇ خىل قىسمەتلەردىن ئۇيغۇر شائىر يازغۇچىلارمۇ مۇستەسنا ئەمەس. مىسالغا جەدىدچى، مائارىپچى ۋە شائىر ئابدۇقادىر داموللام يېڭىلىقنى تەرغىب قىلغانلىقى سەۋەبلىك سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقنى ئويغىتىدىغان ئىسيانكار شېئىرلىرى تۈپەيلى جاللات شېڭ شىسەي تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان. مائارىپچى ۋە شائىر مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى ۋە شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ يېڭىلىقنى ياقلاپ يازغان شېئىرلىرى ۋەجىدىن ھاكىمىيەت تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان. ختاي كوممۇنىست ھاكىمىيتى يازغۇچى ۋە شائىرلارنى «كەسپىي يازغۇچى» نامى ئاستىدا ھۆكۈمەتكە باغلىۋالغان. ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالغان يازغۇچى شائىرلار كوممۇنىست پارتىيە بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىك دائىر ئىچىدە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىر مەزگىل سىياسىي تەشۋىقات قورالىغا ئايلىنىپ، ئۆز قانۇنىيتى بويىچە تەبىئىي ھالدا تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشىدىن چەتنەپ كەتكەن.

*قىبلىگاھىم پارتىيەم - يولچىم مېنىڭ، رولچىم مېنىڭ،*
*توي بىلىپ ئات سالىمەن ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن.*
*شۇ قىزىل دەۋرىم، زامانەم شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،*
*ئېيتىنخارىم: شۇ زامانغا كۈيچىمەن، سازەندىمەن.*
*شۇ مۇھەببەت، قىبلىگاھ، شۇ ئېيتىنخارسىز بىر مىنۇت،*
*ياشىسام «جەننەت» تىمۇ، دەيمەن «دوزاخقا بەندىمەن»*

*(مۇكاپاتلانغان شېئىرلاردىن تاللانما، 1993: 72)* .

يازغۇچى شائىرلىرىمىز ئەركىن ئىجادىيەت ئىمكانىدىن بەھرىمەن بولالمىغان. شائىر مىرزاھىد

كىرىمى «ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» ناملىق شېئىرى ئارقىلىق بىگۇناھ خەلقنى ئەزگەن ۋەھشىي كوممۇنىست رېجىمىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار تۈرمىدە ياتقان. ھازىرمۇ «ياۋا كەپتەر» ناملىق ھېكايىسىنىڭ ئاپتورى نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى، شائىر ئابدۇقادىر جالالىدىن، ۋاھىتجان ئوسمان ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى يالقۇن روزى تۈرمىدە ياتماقتا. بۇ مىساللار يازغۇچى، شائىرلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولى ۋە فۇنكسىيەسىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ھاكىمىيەتلەرنىڭ بۇ خىل كونترول ۋە بېسىمى، باشقا بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەبچى بولغان. چۈنكى يازغۇچى ۋە شائىرلار ئىجتىمائىي تەنقىدلىرىدە تېخىمۇ ئىنچىكە تىل ۋە ئىپادىلەرنى، ئىما ۋە سىمۋوللارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولغان. فيودور دوستوۋىسكىنىڭ «كارامازوۋ قېرىنداشلار» ناملىق رومانى ۋە سولژېنىتسىننىڭ «راك ھۇجەيرىسى» ناملىق رومانى مانا مۇشۇنداق ئېغىر سىياسىي بېسىم ئاستىدا يېزىلغان. «كارامازوۋ قېرىنداشلار» دا ئۈچ قېرىنداش كىچىك ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەمكارلىشىدۇ. بۇ يەردىكى «كىچىك ئاتا» چارپادىشاھتۇر. سولژېنىتسىننىڭ «راك ھۇجەيرىسى» ناملىق رومانىدا «راك» ستالىن ھاكىمىيىتىنىڭ سىمۋولى قىلىپ ئىشلىتىلگەن (سادىرلېند 2018: 228 ـ 229). روماندا ئەگەر بۇ راك كېسىپ تاشلانمىسا رۇسىيە ئۆلىدۇ دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭغا دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ. خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى ۋە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەھشىتى خىتايدا ۋە شەرقىي تۈركىستاندا گۇڭگا شېئىر ئېقىمىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى. شائىرلىرىمىز تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتلىرىنى، ھاكىمىيەتكە قارشى پىروتېستلىرىنى، ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى گۇڭگا شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

## 3. ئەدەبىياتنىڭ مىللىي كىملىك بەرپا قىلىشتىكى رولى

ئەدەبىيات كىملىك بەرپا قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋاسىتىدۇر. چۈنكى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەندەك، ئەدەبىياتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى ئاساسلىق ۋاسىتىسى تىلدۇر. بىرلەمچى (primordialist) پارادىگما بويىچە، تىل مىللەتنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل. يوھان گوتتفرىېت ۋون خېردېر (Johann Gottfriet von Herder) نىڭ كۆز قارىشى بويىچە، تىل بىر گۇرۇپپىنىڭ ئۆزىنى باشقا گۇرۇپپىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ مۇستەقىل، ئۆزگىچە خاس ۋە ئىجتىمائىي كىملىك بولۇپ مىللەتلىشىشىدە ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ماكس ۋېبېر (Max Weber) مۇ مىللەت تۇيغۇسىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئەڭ مۇھىم مەدەنىيەت ئامىللىرىنىڭ بېشىغا تىلنى قويىدۇ. ئۇنىڭ پىكرى بويىچە، تىل ۋە ئۇنىڭغا تايىنىدىغان ئەدەبىيات، مەدەنىيەت باسقۇچىغا قېتىلىشقا باشلىغان ئامما ئەڭ دەسلەپتە ئېرىشىدىغان بىردىن بىر مەدەنىيەت قىممىتىدۇر (ۋېبېر 2004: 264) . بىرلەمچى پارادىگماغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنىڭ غول تاشلىرىنىڭ بىرىدۇر. مەيلى يازما ئەدەبىيات بولسۇن، مەيلى ئاغزاكى ئەدەبىيات بولسۇن، ئوقۇرمەن ياكى ئاڭلىغۇچىلارغا كوللېكتىپ تۇيغۇ بېرىدۇ، گۇرۇپپا ۋە ئىجتىمائىي كىملىك ئېڭى بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ خەلق ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانىلەر، داستانلار، ناخشا - قوشاقلار، چۆچەك، لەتىپە ۋە ماقال - تەمسىللەر، شۇنداقلا بۇ ئەسەرلەردىكى مىللىي سىمۋوللار، ئېتىقاد ئامىللىرى، تارىخىي ۋەقەلەر، غايىۋى تىپلار ۋە ئىدېئولوگىيە ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىنى بەرپا قىلىشتا ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان (ئىنايەت 2019 : 135 ـ 141) . بۇ جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، ئاساس ۋاسىتىسى تىل بولغان يازغۇچى شائىرلارنىڭ مىللىي كىملىك ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋە مىللىي كىملىك بەرپا قىلىشتىكى رولى ۋە فۇنكسىيەسىمۇ ناھايىتى مۇھىم.

### يەكۈن

يازغۇچى ۋە شائىرلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۆزگىرىشى، تەرەققىياتى ۋە كېلەچىكىدە ئىنتايىن مۇھىم رولى، فۇنكسىيەسى، مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسى بار. مەيلى ۋەتەن ئىچىدىكى بولسۇن، مەيلى ۋەتەن سىرتىدىكى بولسۇن، يازغۇچى شائىرلىرىمىز بۇ رول، مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىدىن قاچالمايدۇ. نۆۋەتتە خەلقىمىز دۇچ كەلگەن پەۋقۇلئاددە چوڭقۇر كرىزىستا ۋەتەن سىرتىدىكى يازغۇچى شائىرلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە تېخىمۇ ئېغىر مەسئۇلىيەت ۋە ۋەزىپىلەر يۈكلەنگەن بولدى. يازغۇچى شائىرلىرىمىز ئالدى بىلەن داۋا ئەدەبىياتى شەكىللەندۈرۈشى، ئەسەرلىرى ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ مىللىي كىملىك ئېڭىنى جانلىق تۇتۇشقا تىرىششى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تارىخىي قەھرىمانلارنى مودېرن ئۇسلۇب بىلەن يېڭىدىن يارىتىشى، مىللىي كۆرەشتە شېھىت بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئوبرازىنى تىكلەپ چىقىشى، يېڭى تىپلارنى يارىتىشى، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئالدامچىلىقى، كۆز بويامچىلىقى، يامان نىيىتىنى پاش قىلىپ خەلقنىڭ كۆزىنى ئېچىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىتىمىز ئۈچۈن ئەركىن، مۇستەقىل ۋە بەختلىك بىر جەمئىيەت ۋە دۆلەت تەسەۋۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ خەلقىمىزگە ئۈمىد بېغىشلىشى كېرەك. ئابدۇۋەلى تۇيغۇن، ئابدۇۋەلى ئايۇپ، تاھىر ھامۇت ئىزگىل، مۇتەللىپ سەيدۇللا، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ۋەتەن سىرتىدا نەشر قىلدۇرغان ئىجادىي ۋە تەرجىمە كىتابلىرى، ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندى قۇرغان تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى ۋە دوكتور مۇرات ئورخۇن تەرىپىدىن نەشر قىلىنىۋاتقان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى بۇ جەھەتتە تاشلانغان مۇھىم قەدەملەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى ئۈرۈمچى.

[2] چېن خۇيشىڭ: (1988). «ياڭ زېڭشىننىڭ بىكىنمىچىلىك ۋە خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا» شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1988 - يىلى، پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن قىسمى، 3 - سان.

[3] «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى ئۈرۈمچى.

[4] «مۆكاپاتلانغان شېئىرلاردىن تاللانما» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1993 - يىلى ئۈرۈمچى.

[5] ئۆچقۇنجان ئۆمەر: «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2009 - يىلى ئۈرۈمچى.

[6] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى 4» مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى بېيجىڭ.

[7] ماكس ۋېبېر: «سوتسىيولوگىيە ھەققىدە ماقالىلەر» ، تەرجىمە قىلغۇچى: تاخا پارلا. 6 نەشرى. ئىستانبۇل: ئىلەتىشىم نەشرىياتى، 2004 - يىلى.

[8] ئالىمجان ئىنايەت: «خەلق ئەدەبىياتىنىڭ مىللىي كىملىك بەرپا قىلىشتىكى رولى ھەققىدە» خەلقئارالىق ئۇيغۇر تەتقىقات ژۇرنىلى، 2019 - يىلى 14 - سان 135 - 141 - بەتلەر.

[9] مايكېل ئالېكساندىر: «ئىنگلىز ئەدەبىيات تارىخى» مەكمىللىن باسما چەكلىك شىركىتى، 2000 - يىلى لوندون.
[Alexander, Michael (2000). A History of English Literature. London: MACMILLAN PRESS LTD]

[10] غىياسېتتىن ئايتاش: «ئەدەبىيات بىلىمى ۋە نەزەرىيەلىرى» 2 - نەشرى، ئىلدەم نەشرىياتى، 2018 - يىلى ئەنقەرە.
[Aytaş, Giyasettin vd. (2018). Edebiyat Bilgi ve Kuramları. 2. Baskı. Ankara: İldem Yayınevi]

[11] ئادنان بىنيازار: «جەمئىيەت ۋە ئەدەبىيات» جان نەشرىياتى، 2010 - يىلى ئىستانبۇل.
[Binyazar, Adnan (2010) . Toplum ve Edebiyat. İstanbul: Can yayınları].

[12] ئىسمائىل چېتىشلى: «ئەدەبىيات سەنئىتى ۋە بىلىمى» ئاقچاغ نەشرىياتى، 2008 - يىلى ئەنقەرە.
[Çetişli, İsmail (2008) . Edebiyat Sanatı ve Bilimi. Ankara: Akçağ Yayınları]

[13] «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىد» ئاقچاغ نەشرىياتى، مۇھەررىر: شاھىن، ۋەيسەل، 2022 - يىلى ئەنقەرە.
[Edebiyat Kuramı ve Eleştiri (2022) . Editör: Şahin, Veysel. Ankara: Akça Yayınları] .

[14] ناجىيە گۈنگۆرمۈش: «ۋاپاتىنىڭ 140 - يىلىدا ساندور پېتوفى 1823 - 1849» ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ۋە تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتى ژۇرنىلى، 1990 - يىلى، 34 - توم، 1 - ، 2 - سان. 109 - 115 - بەتلەر.
[Güngörmüş, Naciye (1990) . «Ölümünün 140. Yıldönümünde Sandor Petöfi 1823 - 1849.» Ankara Üniversitesi Dil ve Tarih - Coğrafya Fakültesi Dergisi, Cilt:34, Sayı: 1 - 2, s. 109 - 115.]

[15] ئېمىن ئۆزدېمىر: (1980) . «تۈرك ۋە دۇنيا ئەدەبىياتى» (ئۇقۇملار - دەۋرلەر - يۈزلىنىشلەر) . ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي بىلىملەر فاكۇلتېتى، نەشرىيات نومۇرى: 457، 1980 - يىلى.
[Özdemir, Emin (1980) . Türk Ve Dünya Edebiyatı (Kavramlar - Dönemler - Yönelimler) , Ankara Üniversitesi Siyasal Bilgiler Fakültesi Yayınları Ne. 457] .

[16] ۋىلىيام ۋان مۇدى، روبېرت مورس لوۋېت: «ئىنگلىز ئەدەبىيات تارىخى» چارلېس سكرىبنېر ئوغۇللىرى. 1906 - يىلى نيۇيورك.
[Moody, Wılliam Vaughn - Robert Morss Lovett (1906) . A History of English Literature. New York: Charles Scribner's Sons, 1906].

[17] بەرنا موران: «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ۋە تەنقىد» جەم نەشرىياتى، 1994 - يىلى ئىستانبۇل.
[Moran, Berna (1994) . Edebiyat Kuramları ve Eleştiri. İstanbul: Cem Yayınevi] .

[18] جاكۇلىن رۇس: «ياۋروپا تەپەككۇرىنىڭ ماجىراسى» تەرجىمە قىلغۇچى: ئۆزجان دوغان. 5 - نەشرى. شەرق - غەرب نەشرىياتى. 2021 - يىلى ئەنقەرە.
[Russ, Jacqueline (2021) . Avrupa Düşüncesinin Serüveni. Çeviren: Özcan Doğan. 5. Basım. Ankara: Doğu Batı Yayınları]

[19] ژان پائۇل سارترې: «ئەدەبىيات دېگەن نېمە؟ » تەرجىمە قىلغۇچى: بەرتان ئوناران. 2 - نەشرى، پايەل نەشرىياتى، 1982 - يىلى ئىستانبۇل.
[Sartre, Jean - Paul (1982) . Edebiyat Nedir? . Çeviren: Bertan Onaran. 2. Basım. İstanbul: Payel Yayınevi] .

[20] جون سادېرلېند: «ئەدەبىياتنىڭ قىسقىچە تارىخى» تەرجىمە قىلغۇچى: تۇفان گۆبەكچىن. ئالفا باسما نەشرىيات ۋە تارقىتىش سانائەت ۋە تىجارەت چەكلىك شىركىتى، 2018 - يىلى ئىستانبۇل.
[Sutherland, John (2018) . Edebiyatın Kısa Tarihi. Çeviren: Tufan Göbekçin. İstanbul: Alfa Basım Yayım Dağıtım San. Ve Tic. Ltd. Şti]


## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى



ئالىمجان ئىنايەت 1962 - يىلى 11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تۇرپان ناھىيەسى چاتقال يېزىسىدا تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى شۇ يېزىدا پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1980 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كافېدراسىغا ئوقۇشقا كىردى. 1984 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە تەرجىمان بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى. 1987 - يىلى نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋۇجۇڭ ئوقۇتقۇچى تەربىيەلەش مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. 1988 - يىلى بېيجىڭغا قايتقاندىن كېيىن 1989 - يىلغىچە مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە تەھرىر بولۇپ ئىشلىدى. 1989 - يىلى 9 - ئايدا تۈركىيە ئېگە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپى ۋە دەۋىتى بىلەن تۈركىيەگە كېلىپ مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا فولكلور پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇدى. 1994 - يىلى يەنە فولكلور پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇقتا ئوقۇدى. 1995 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى گىراژدانلىقىغا ئۆتتى. 1995 - يىلدىن باشلاپ تۈركىيە ئېگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ياردەمچى ئوقۇتقۇچى، 1996 - يىلى لېكتور، 2001 - يىلى دوتسېنت، 2007 - يىلى پىروفېسسور بولۇپ خىزمەت قىلدى. 2005 - يىلدىن 2006 - يىلغىچە تەيۋەن دۆلەتلىك سىياسەت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە مەدەنىيىتى فاكۇلتېتىدا زىيارەتچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. ھازىر تۈركىيە ئېگە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا پىروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

21

# خەلقئارا قانۇننىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى رولى

مۇئەتتەر ئىلىقۇد

## تەشەككۈرنامە

مەن نازارەتچىم، پروفېسسور ئېمىلىي خاسلام (Emily Haslam) نىڭ مەزكۇر تەتقىقات جەريانىدىكى بىباھا كۆرسەتمىلىرى، قوللىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشلىرى ئۈچۈن سەممىي مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇنىڭ ئەجايىپ ئىنكاسلىرى ۋە چوڭقۇر باھالىرى بۇ ماقالىنىڭ يۆنىلىشى ۋە دائىرىسىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن سىرت، مەن «ئۇيغۇر ئۆتكۈنچى ئەدلىيە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»دىكى خىزمەتداشلىرىمغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك كۆرسەتمىلىرى ۋە قوللىشى مېنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرگە قاراتقان مىللىي سىياسىتى جەھەتتە كەڭ بىلىم ۋە تەجرىبىگە ئىگە قىلدى. يېتەكچى ئۇستازىم ئادىلجان ئابدۇرېھىمدىنمۇ ئالاھىدە مىننەتدارمەن، ئۇنىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى مېنى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن دەۋا قىلىدىغان ئالاھىدە سوپا بىلەن تەمىنلىدى.

## قىسقىچە مەزمۇنى

بۇ ماقالىدە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارشى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى رولى تەتقىق قىلىنغان. 2017 - يىلىدىن باشلاپ، ئاتالمىش يېڭى «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى» نامىدا، مىليونلىغان ئۇيغۇرلار ئاتالمىش «كەسپىي تەربىيەلەش» ۋە «قايتا تەربىيەلەش» مەركەزلىرىگە بەند قىلىندى. خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ رايوندا خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، قىيىن - قىستاققا ئېلىش، خورلاش، جىنسىي زوراۋانلىق، دۆلەت يېتەكچىلىكىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك پىلانلىرى، تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە

بالىسىنى چۈشۈرۈۋېتىش قاتارلىق پۇقرالارنىڭ ئۇللۇق ھوقۇقلىرىغا دەخلى - تەرۇز قىلىدىغان بىر قاتار قىلمىشلارنى سادىر قىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، خەلقئارا قانۇن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا تەلتۆكۈس مەغلۇپ بولدى. نەتىجىدە، پۇقرالار جەمئىيىتى (Civil society) بىر جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلاردىن تاشقىرى «ئۈچىنچى ساھە»نى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئائىلە بىلەن خۇسۇسىي ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇنى «پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىنى قوللايدىغان ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئورگانلارنىڭ يىغىندىسى» ياكى «بىر جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل شەخس ۋە تەشكىلاتلارنى كۆرسىتىدۇ» دەپمۇ تەبىرلىشىدۇ، ت) داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى خۇسۇسىدا خىتاينى تەكشۈرۈش ۋە رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەش ئۈچۈن مۇستەقىل پۇقراۋى سوت (People's Tribunal) تەسىس قىلدى. مەزكۇر ماقالىدە خىتاي ھاكىمىيىتى سادىر قىلغان كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىي جىنايەتلەر مۇھاكىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭدا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق مېخانىزملىرىنىڭ تۈزۈم ۋە قۇرۇلما چەكلىملىرى تۈپەيلىدىن ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى. ئادالەت ياقىلانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر سوتى تەسىس قىلىندى. مەزكۇر ماقالىدە بۇ ئالاھىدە ئەھۋال ئاساس قىلىنغان ھالدا، پۇقراۋى سوتلارنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىش ئۇقۇمى مۇلاھىزە قىلىنغان. بۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر ماقالىدە يەنە دۆلەتنىڭ قوللىشىدىن خالىي بۇ خىل بىرەسمىي مېخانىزملارنىڭ دۆلەت ئادالەتنى بەرپا قىلالمىغان يەردە ئادالەتنى روياپقا چىقىرىش جەھەتتە قانۇنىيلىققا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىمۇ مۇھاكىمە قىلىنغان.

## تونۇشتۇرۇش

ئۆتكەن نەچچە ئون يىل مابەينىدە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتاي مىللىتىنى مەركەز قىلغان «خىتايلاشتۇرۇش» [1] سىياسىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە ئىنتايىن پايدىسىز تەسىر كۆرسەتتى. مەزكۇر سىياسىي تەدبىرلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، كۈلتۈرى ۋە دىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرك كىملىكىنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رايوندا (خىتايغا تەۋە) تولۇق نوپۇز ۋە (يەرلىك خەلقتىن ئىزھار قىلىنغۇسى) ئىتائەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى مەقسەت قىلدى. بۇ رايوندىكى مەۋجۇت كىرىزىس زور ئەيىبلەشلەرگە بولۇپمۇ غەرب دۇنياسىدا ئۇچرىدى. 2017 - يىلىدىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان خەۋەرلەر ۋە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان تەتقىقات ماقالىلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى سادىر قىلغان ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكنى خاتىرىلىدى ۋە ئاشكارىلىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، قانۇنغا خىلاپ مەزكۇر قىلمىشلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «قايتا تەربىيەلەش» ياكى «كەسپىي تەربىيەلەش مەركىزى» دەپ ئاتىۋېلىنغان سوتتىن ھالقىغان (extrajudicial) تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى بولدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى «ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى»نىڭ دوكلاتىغا كۆرە، 2018 - يىلىغا قەدەر، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش «كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركەزلىرى»گە سولىۋېلىنغان [2]. بۇ تۇتقۇنلار دائىم سىياسىي تەلقىنگە، قىيىن - قىستاقلارغا ۋە رەھىمسىز، ئىنسانىيلىققا زىت، خورلىغۇچى باشقا خىل مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدۇ. لاگېر سىرتىدىكى تۇرمۇش «ئۈستى ئوچۇق تۈرمە» دەپ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردىكى يەرلىك تۈركىي خەلقلەر ھەر ۋاقىت شەخسىيەتنى دەپسەندە قىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك نازارەت [3]، ئائىلىنىڭ مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىشى [4]، جىنسىي زوراۋانلىق [5]، مەجبۇرىي ئەمگەك [6]، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلىمىسى [7]، تۇغماس قىلىۋېتىلىش ۋە بالا چۈشۈرۈۋېتىش [8] قاتارلىق قىسمەتلەرگە دۇچار بولماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۇنيا مىقياسىدىكى بىر قىسىم پارلامېنتلار

ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىي جىنايەتلەرنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ جاكارلىدى. ھالبۇكى، بۇ قەدەر ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى يۈز بەرگىنىگە قارىماستىن، خەلقئارا قانۇننىڭ مەغلۇبىيىتى ۋە سىياسىي ئىرادىنىڭ كەمچىللىكى سەۋەبىدىن، خەلقئارا جەمئىيەت ئادالەتنى بەرپا قىلالمىدى ۋە جىنايەتچىلەرنى جاۋابكارلىققا تارتالمىدى.

2020 - يىلى 9 - ئايدا، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ئاممىۋى ئاپپاراتلارنىڭ ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر خۇسۇسىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تەكشۈرۈشتە مەغلۇپ بولغانلىقىغا قايتۇرۇلغان ئىنكاس سۈپىتىدە، لوندوندا مۇستەقىل پۇقراۋى سوت تەسىس قىلىندى. «ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى» پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ قورالى بولۇش سۈپىتى بىلەن، رەسمىي سوتلار قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلدى. گەرچە مەزكۇر سوتنىڭ ئۆز قارارىنى ئىجرا قىلغۇدەك كۈچى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ مەلۇم دەرىجىدە ئادالەت تۇيغۇسى بىلەن تەمىنلىدى. بۇ ماقالىدە خىتاينىڭ قىلمىشلىرى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئاساسەن تەھلىل قىلىنىدۇ. بۇ ماقالىدە، «›ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى‹غا بىنائەن، بولۇپمۇ ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ھۆكمىدە كۆرسىتىلگەندەك، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە قىيناش جىنايىتى ئۆتكۈزگەن» دەپ قارالغان. بۇ ماقالىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئىنتايىن ئۆزگىچە ئۇسۇلى بولغان پۇقراۋى سوتقا ئوخشاش بىرەسمىي مېخانىزملاردىن پايدىلىنىش ھەققىدىمۇ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ. تەھلىلدە دۆلەتلەر ياكى خەلقئارالىق ئورگانلار ئادالەتنى بەرپا قىلالمىغان ئەھۋاللاردا، بۇ خىل پۇقرالار جەمئىيىتى قورallىرىنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىكى قانۇنىي سالاھىيىتى (legitimacy) ۋە ئۈنۈمى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاب بېرىشتۇر:

خەلقئارا قانۇن ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى قانداق بىر تەرەپ قىلدى؟ ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى بىرەسمىي پۇقرالار جەمئىيىتى مېخانىزمى سۈپىتىدە، ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا قانچىلىك رول ئوينىدى؟

بۇ ماقالىنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى:

- شەرقىي تۈركىستاندىكى توقۇنۇشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە (خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن سادىر قىلىنىۋاتقان) ۋەھشىيانە قىلمىشلارنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالىنى تەنقىدىي يوسۇندا مۇھاكىمە قىلىش.
- خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى رولىنى تەھلىل قىلىش ۋە مەۋجۇت خەلقئارا مېخانىزملارنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرىنى تەنقىدىي مۇلاھىزە قىلىش.
- ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ خۇلاسىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە دەلىل - پاكىتلارنىڭ سوتقا سۇنۇلۇشى، سوتنىڭ دەلىل - پاكىتلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانى ۋە يەكۈن چىقىرىشىنىڭ قانۇنىيلىقىنى باھالاش.
- دۆلەتنىڭ قوللىشىدىن خالىي بىرەسمىي مېخانىزم بولغان پۇقراۋى سوتلارنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىكى ئورۇنباسار ۋاستە بولۇش سۈپىتىدە قانچىلىك قانۇنىي ئىكەنلىكىنى تەنقىدىي مۇلاھىزە قىلىش.

بۇ ماقالىنىڭ بىرىنچى بابىدا 1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىشغال قىلىنغاندىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇرەككەپ سىياسىي مۇناسىۋىتى ئومۇميۈزلۈك تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇ بۆلەكتە يەنە نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ تەتقىق قىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتى سادىر قىلغان تۈرلۈك ۋەھشىيانە جىنايەتلەر، جۈملىدىن كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش، كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى قاتارلىقلار قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. بۇ بۆلەكنىڭ مەقسىتى توقۇنۇشنىڭ ئارقا

كۆرۈنۈشى ۋە (خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن سادىر قىلىنىۋاتقان) ۋەھشىيانە جىنايەتلەرنىڭ مەۋجۇت ئەھۋالى ھەققىدە ئۇچۇرنى ئاساس قىلغان نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەمىنلەشتۇر. بۇ ئوقۇرمەنلەرنىڭ شۇنى چۈشەندىگەن قانۇنىي مۇرەككەپلىكلەرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ ئىككىنچى بابىدا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى رولى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ بابتا مەزكۇر مەسىلىگە تەتبىقلىنىلى بولىدىغان خەلقئارالىق ئەھدىنامە ۋە كېلىشىملەر ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۈنۈمى ۋە چەكلىمىلىكلىكى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ باھالىنىدۇ. ماقالىنىڭ بۇ بۆلىكىدە خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئىجرائات مېخانىزمى يوقلۇقى، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە ئائىت ئۇچۇرلارغا ئېرىشىش جەھەتتىكى كەسكىن خىرىسلار ۋە قانۇنىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئوخشاش مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ھوقۇقىنىڭ چەكلىك بولۇشى قاتارلىق ھەر خىل ھالقىلىق تەرەپلىرى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ.

ماقالىنىڭ ئاخىرقى بابىدا ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ فۇنكسىيەلىرى ۋە تۆھپىلىرى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ بابتا پۇقراۋى سوتلارنىڭ «غەيرىي ئەنئەنىۋى، ئەمما ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بىرەسمىي مېخانىزم» ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۇقۇم ئومۇمىيۈزلۈك، ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ بۆلەكتە يەنە ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىنىپ، پۇقراۋى سوتلارنىڭ قانۇنى تەنقىدلىشىنىڭ بەزى تەرەپلىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىكى ئىجادىي مېتودى باھالىنىدۇ. مۇلاھىزە يەنە دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزىغا تايانغان خەلقئارا قانۇن تەرتىپى ئادالەتنى يېتەرلىك دەرىجىدە ياكى پەقەتلا بەرپا قىلالمىغان ئەھۋالدا، بۇ خىل پۇقرالار جەمئىيىتى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئادالەتنى بەرپا قىلىشتىكى قانۇنىيلىقى ۋە ئۈنۈمىنى چۈشەندىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

تۆۋەندىكى ئۈچ سەۋەب تۈپەيلى، بۇ ماقالىدە «شىنجاڭ» ئەمەس، «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىم قوللىنىلىدۇ:

1. مۇھاجىرەتتىكىلەر «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئىسىمنى قوللىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇنداقلا «شىنجاڭ» دېگەن بۇ نام كىشىگە ئازابلىق مۇستەملىكىچىلىك تارىخىنى ئەسلىتىدۇ ۋە ھەر دائىم ھاقارەت سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ.

2. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ يەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» (1933~1934) ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى»دىن (1944~1949) ئىبارەت ئىككى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قىسقا مۇددەت ھۆكۈم سۈرگەن.

3. بۇ تېمىدا ئۆتمۈشتىكى ئىلمىي تارىخىي ژۇرناللاردا «شەرقىي تۈركىستان» ئاتالغۇسىنىڭ قوللىنىلغانلىقىمۇ نەزەردە تۇتۇلدى.

## بىرىنچى باب: ئارقا كۆرۈنۈش

خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېررىتورىيەسىگە قوشۇۋېلىنغان رايونلاردا ياشايدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا، ئۆزىنى ئاساسلىقى خىتاي مىللىتىدىن تەشكىل تاپقان «كۈلتۈرەل بىردەكلىككە ئىگە مىللىي دۆلەت» دەپ قارايدۇ [9]. ئۇيغۇرلار ھىندى - ياۋروپا ۋە تۈرك نەسلىدىن بولغان، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاپ كەلگەن (خىتاينىڭ تەبىرىدىكى) ئاشۇ «ئاز سانلىق» مىللەتلەردىن بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخىدا كۆپلىگەن مۇستەقىل دۆلەتلەرنى قۇرغان. ئۇيغۇرلار خىتايلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي خەلقلەر بىلەن تارىخ، كۈلتۈر، تىل

ۋە سالاھىيەت جەھەتتە كۆپ ئورتاقلىققا ئىگە.

1949 - يىلى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى يېڭى زۇلۇم دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك سەھىپە دەپ قارىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان قاباھەتلىك چۈشتۇر. نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەھدىتكە دۇچ كەلمەكتە. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەربىي قانتى بولمىش «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى» شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى كونترول قىلىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى»نى قۇردى ۋە بۇ 1984 - يىلى «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رايونلۇق مىللىي ئاپتونومىيە قانۇنى»دا ئېتىراپ قىلىندى. ھالبۇكى، رەسمىي ئىسمىدا نامايان قىلىنغان بۇ «ئاپتونومىيە ھوقۇقى» ئەڭ دەسلەپتىن تارتىپلا قۇرۇق گەپ بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي ئاپتونومىيە بېرىشنى ئويلاپ باقمىغانىدى. خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنى «سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچسىز» دەپ قارىغاچقا، ئۇلارغا ھەمىشە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ھوقۇق بېرىپ كەلدى [10].

كوممۇنىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى يۇتۇۋېلىشى ئۇيغۇرلارغا زىنھار تىنچلىق ئەكەلمىدى. بۇ جەريان ئىجتىمائىي داۋالغۇش، مىللىي/ مىللەتلەر ئارا زىددىيەت، ھوقۇق تەڭپۇڭسىزلىقى، خىتاي مىللىتىنىڭكىدىن باشقا كۈلتۈرلەرنى باستۇرۇش ھەمدە ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدىغان باشقا مەسىلىلەر بىلەن خاراكتېرلەندى [11]. 1980 - يىللاردا، ئوقۇغۇچىلار رەھبەرلىكىدىكى نامايىشلار يۈز بېرىپ، «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە» ۋە «مىللەتلەر باراۋەرلىكى» تەلەپ قىلىندى. ئۇلارنىڭ شوئارلىرىدا يەنە خىتاي كۆچمەنلەرنى يۆتكەپ كېلىش پىلانلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى تەڭسىز رەۋىشتە نىشان قىلغان تۇغۇت چەكلەش سىياسەتلىرى، مىللىي تىل، كۈلتۈر ۋە كىملىككە چەك قويۇش ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىنى خەسە ئورنىدا كۆرگەن لوپنور يادرو سىنىقى قاتارلىق مەسىلىلەرگىمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈلدى [12]. نەتىجىدە، كېيىنكى باستۇرۇشلار ئاتالمىش «دىنىي تېررورچى»لارنى ئەمەس، بەلكى «بۆلگۈنچىلەر»نى نىشان قىلغان 1998 - يىلىدىكى «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» نامىدا ئېلىپ بېرىلدى. بۆلگۈنچىلىك مىللەت ھالقىغان مەسىلە ئەمەس، بەلكى مىللىي مەسىلە دەپ قارالدى. بۇ مەزگىلدە خىتاينىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرىدە ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىگە بولغان كۈچلۈك ئەندىشە ئىزھار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما دىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى توقۇنۇشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كەمدىن كەم تىلغا ئېلىنىدى [13].

## «11 - سېنتەبىر»دىن كېيىنكى باستۇرۇش ۋە «تېررورلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش»

11 - سېنتەبىر خەلقئارالىق قانۇن ئۇل مۇئەسسەسەلىرىنى قايتىدىن شەكىللەندۈردى. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەجازىي ئۇرۇشلار (Metaphorical war) قوزغىلىپ، مەمۇرىي ھوقۇقنىڭ ئۆزگىرىشى، نازارەت قىلىش، ئارمىيەنى ئىشلىتىش ۋە بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىنىڭ دۆلەت ھالقىغان ھەمكارلىق سىستېمىسى قاتارلىق تەرەپلەردە دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئىجتىمائىي تەرتىپىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇشبۇ «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مۇجادىلىسى» دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي قانۇنلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى ھەمدە بىر قىسىم دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ خەلقئارالىق مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنداقلا، ئۇ يەنە بەزى ھۆكۈمەتلەرنىڭ تالاش - تارتىشقا سەۋەب بولغان يەرلىك پىروجېكتلەرنى خەلقئارانىڭ تەستىقى بىلەن تاماملىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى [14]. بەزى دۆلەتلەردە، نوقۇل يەرلىك توقۇنۇشلار خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. جۈملىدىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتى ئەنە شۇنداق بولدى.

«11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستان توغرىسىدىكى بايانى «تارقاق بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار بار مۇقىم رايون»دىن «ئۇسامە بىن لادىن ۋە تالىبان قوللىغان ئۇيغۇر تېرروررچىلىرىنىڭ جەڭگاھى»غا ئۆزگەردى. خىتاي دائىرىلىرى ئىلگىرىكى «بۆلگۈنچىلەر»نىڭ ئەمەلىيەتتە كەڭ كۆلەملىك «خەلقئارالىق ئىسلامىي تېرروررلۇق تورى»غا تەۋە ئىكەنلىكى، ئوتتۇرا شەرق، چېچېنىيە ۋە ئافغانىستاندىن مەبلەغ ئالىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خىتايغا ۋە دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىغا ئېغىر تەھدىت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە جار سالدى [15]. ئۇيغۇرلارغا تېرروررلۇق قالپىقىنى كىيدۈرۈش خىتاي كومپارتىيەسىنى (ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش جەھەتتە) يېتەرلىك ئەركىنلىككە ئىگە قىلدى. «تېرروررلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش» ئاتالغۇسى ئۇيغۇر مىللىتىنى «تېرروررلۇققا قارشى تۇرۇش» ۋە «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش» نامىدا جىنايەتچىلەشتۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلدى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىنلا، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر ئۆكتىچىلىرىگە قاراتقان رەسمىي بايانى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، ئۆكتىچىلەر بىلەن ئىسلام دىنى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل خىرەلەشتۈرۈلدى. ئىلگىرى «بۆلگۈنچىلەر» دەپ ئاتالغانلارغا ئەمدىلىكتە «تېرروررچى» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلدى. «11 - سېنتەبىر» ۋەقەسىدىن كېيىن تېرىلغان «شىنجاڭ بىخەتەرلىك دۆلىتى»نىڭ ئۇرۇقى خىتاينىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى بوگۈنكى زىيانكەشلىكلىرىگە ئاساس سالدى.

ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى 1373 - نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللىغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسىمۇ «تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئۇيغۇر تېرروررلۇق تەھدىتى»گە قارىتا، 2001 - يىلى 12 - ئايدا ئۆزىنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. گەرچە خىتاينىڭ يېڭى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ دائىرىسى ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ قارارنامىسىدىن بەكلا ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشى تېرروررلۇققا ئېنىق ئېنىقلىما بەرمەي ھەمدە تاكتىكا توغرىسىدا كۆرسەتمە بەرمەي تۇرۇپلا، تېرروررلۇققا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش جەھەتتىكى ئومۇمىي رامكىنى بەلگىلەپ قويغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ جەھەتتە قىسمەن جاۋابكارلىققا ئىگە [16]. (خىتاينىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن جىنايى ئىشلار قانۇنىغا) يېڭىدىن قوشۇلغان بۇ جىنايەتلەرگە ئېنىق تەبىر بېرىلمىگەن بولغاچقا، بۇ (ئاشۇ خىل ئاتالمىش جىنايەتلەرنى سادىر قىلغانلارنىڭ) ئادىل سوتلىنىش - سوتلىنالماسلىقى توغرىسىدا ئەندىشە قوزغىدى. خىتاينىڭ باشقا نۇرغۇن قانۇنلىرىغا ئوخشاشلا، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن مەزكۇر قانۇنمۇ «ئالدىن قول سېلىش»قا ئىمكانىيەت يارىتىش ئۈچۈن، قەستەن مۈجمەل قالدۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭ سايىسىدە ھۆكۈمەت ھەر قانداق جىنايەت يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلالايتتى. ئەنە شۇ تەرزدە، «تېرروررلۇققا قارشى يەرشارىۋى ئۇرۇش» ئەمەلىيەتتە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلىنىپ قالدى. خىتاي كومپارتىيەسى شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ لەۋزىي قورالدىن (rhetorical arsenal) پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلدى.

شەرقىي تۈركىستاندىكى نۆۋەتتىكى ۋەھشىي جىنايەتلەر «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىنكى باستۇرۇشنىڭ تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك داۋامىدۇر. 2015 - يىلى 7 - ئايدا، خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يېڭى «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»نى ماقۇللىدى. مەزكۇر قانۇن دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسمىنى «ئۇيغۇرلار پەيدا قىلغان» تەھدىتكە تاقابىل تۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. خىتاي كومپارتىيەسى شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قانۇننى ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىنى «ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش» باھانىسىدە يوللۇقلاشتۇرۇشتىكى قورال سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلدى [17]. ھالبۇكى، «دۆلەت بىخەتەرلىكى قانۇنى»نىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ھەمدە ئاتالغۇ ۋە ئېنىقلىمىلىرىنىڭ مۈجمەللىكى خېلى كۈچلۈك ئەندىشە قوزغىدى. مەزكۇر قانۇن خىتاي كومپارتىيەسىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ زور ھوقۇققا ۋە پۇقرالارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە تېخىمۇ قاتتىق چەكلىمە قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى [18]. خىتاي ھۆكۈمىتى «دۆلەت بىخەتەرلىكى» نامىدا،

شەرقىي تۈركىستاندا پۇقرالارنىڭ ئۆللۈك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىنىدىغان، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، دىنىي ۋە كۈلتۈرەل پائالىيەتلەرگە چەك قويۇش، «ئۇيغۇردىن ئاگاھلاندۇرغۇچ» [19] (Uyghur alarms) قاتارلىق چىراي تونۇش تېخنىكىلىرىنى ئىشلىتىش، مەجبۇرىي DNA ئەۋرىشكىسى توپلاش ۋە ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش سىنىقى [20] قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. بۇ قىلمىشلار مەزكۇر رايوندىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ شەخسىي مەخپىيەتلىكىگە ۋە پۇقرالارنىڭ ئەركىنلىكىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر يەتكۈزدى.

## (خىتاي ھاكىمىيىتى سادىر قىلىۋاتقان) ۋەھشىي جىنايەتلەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

2014 - يىلى 5 - ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان شۆبىسى ئاتالمىش «تېررورلۇق تەھدىتى»گە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن «قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى»نى قوزغىدى [21] ۋە بۇ ھەرىكەت تۈگىمەس زۇلۇم دولقۇنلىرىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى. 2014 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى «دىنىي ئاشقۇنلۇق پائالىيەتلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئاساسلىرى» [22] ناملىق كىتابچىنى نەشر قىلدى. مەزكۇر كىتابچىدا دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ 75 خىل ئالامىتى تۈرگە ئايرىلغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە كۈلتۈرەل كىملىكىنىڭ پۈتكۈل تەرەپلىرى دېگۈدەك «جىنايى قىلمىش»قا ئايلاندى. 2016 - يىلى، «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەدلىيە تارمىقى «تەربىيىلەش مەركەزلىرى ئارقىلىق مەركەزلىك ئۆزگەرتىش» دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇنلىغان تۇتۇپ تۇرۇش مۇئەسسەسەلىرىنى قۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، كەڭ كۆلەملىك يىغىۋېلىش لاگېرلىرى تورىنى قۇرۇش ۋە ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە رەسمىي ھوقۇق بەردى [23]. ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي ھۆججەتلىرى ۋە خىزمەت دوكلاتلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ «تۇتقۇن قىلىنىشى كېرەك بولغانلارنى ئەڭ زور چەكتە تۇتقۇن قىلىش» توغرىسىدا ئېنىق بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى كۆرسەتتى [24]. شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك دائىرىلەرگە ھەر بىر ئائىلىدە كەم دېگەندە بىر ئەزانىڭ، كەم دېگەندە بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە «كەسپىي تەربىيىلەش»نى قوبۇل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى [25]. 2018 - يىلىنىڭ بېشىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى دېھقانچىلىق تارمىقىنىڭ رەسمىي باياناتىدا «بەزى ئۆيلەردە پەقەت ياشانغانلار، ئاجىز ئاياللار ۋە بالىلارلا قالغان» دېيىلدى. خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا كۆرە، ھۆكۈمەتنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، «شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي خىتاي نوپۇسىنىڭ ئاران 1.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا قارىماستىن، 2017 - يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى ئىشلار سەۋەبلىك قولغا ئېلىش خىتايدىكى ئومۇمىي قولغا ئېلىش ۋەقەلىرىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى» [26].

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاراقاش ۋە ئاقسۇ تىزىملىكى، شۇنداقلا «شەرقىي تۈركىستان ساقچى ھۆججەتلىرى» قاتارلىق ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ «قايتا تەربىيىلەش لاگېرلىرى»غا سولىنىشىدىكى مەلۇم بىر يىلدىن (مەسىلەن 1990 - يىلدىن) كېيىن تۇغۇلغانلىق، ئىشسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى مۇرەككەپ بولۇش دېگەندەك مۇجمەل سەۋەبلەرنى ئاشكارىلىدى [27]. گەرچە بۇ مۇئەسسەسەلەر «كەسپىي تەربىيىلەش» ياكى «قايتا تەربىيىلەش» مەركەزلىرى دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، سۈنئىي ھەمراھتىن تارتىلغان سۈرەت، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى ۋە ئامان قالغان شاھىتلارنىڭ بىۋاسىتە گۇۋاھلىقى قاتارلىق ئىسپاتلار بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ تۈرمە سۈپىتىدە باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى؛ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ مەھرەمىيەتنى دەپسەندە قىلىدىغان بەدەن تەكشۈرۈشلىرىگە زورلانغانلىقىنى؛ يۆتكىلىش جەريانىدا بېشىغا خالتا كىيدۈرۈلۈپ، پۇت - قوللىرىغا زەنجىر - كىشەن سېلىنغانلىقىنى؛ ھەمىدە قاتتىق قائىدە - بەلگىلىمىلەرگە رىئايە قىلىدىغانلىقى، بولمىسا ئېغىر جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇرلانغانلىقىنى كۆرسەتتى [28]. بۇنىڭدىن سىرت،

خىتاي ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە مەجبۇرىي ئەمگەك تورى بەرپا قىلغان بولۇپ، ئىلگىرى تۇتقۇن قىلىنغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خەلقئارالىق داڭلىق شىركەتلەر ئۈچۈن ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل مەجبۇرىي ئەمگەكلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدى. «ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى»نىڭ «سېتىلىۋاتقان ئۇيغۇرلار» ناملىق دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئىشچىلار «ئادەتتە ئايرىۋېتىلگەن ياتاقلاردا تۇرىدۇ، خىزمەت ۋاقتىنىڭ سىرتىدا تەشكىللىك خىتاي تىلى ۋە ئىدىيەۋى ئۆگىنىشلەرگە قاتناشتۇرۇلىدۇ، ھەر ۋاقىت نازارەت قىلىنىدۇ ۋە خورلىنىدۇ، ھەمدە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى مەنئى قىلىنىدۇ. ئىشچىلارغا مەخسۇس نازارەتچىلەر تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، ھەرىكەت ئەركىنلىكى تولىمۇ چەكلىك» [29]. ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىدىن نەپ ئالىدىغان زاۋۇتلار كىيىم - كېچەك ساھەسىدىكى نايك، ئادىداس، H&M، لاكوستې، تومى ھىلفىگېر قاتارلىق كەم دېگەندە 82 داڭلىق خەلقئارالىق شىركەتنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدىن ئورۇن ئالغان [30].

زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر تۇتقۇنلار قاماقخانىدا ياكى لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە ئۆلۈپ كەتكەن، شۇنداقلا بۇ خىل ئۆلۈم ئەھۋاللىرىنى ئاشكارىلىغانلارغا ئۇزۇن مۇددەتلىك قاماق جازاسى بېرىلگەن. «ئۇيغۇر ئۆتكۈنچى ئەدلىيە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»غا كۆرە، يېقىندىن سېلىنغان 142 تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىنىڭ كەم دېگەندە 47 سىنىڭ ئەتراپىدىكى ئون كىلومېتىر دائىرە ئىچىدە جەسەت كۆيدۈرۈش ئورنى بارلىقى بايقالغان [31]. بۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ئومۇمىي سانىنى يوشۇرغان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، نۇرغۇنلىغان ئىشەنچلىك دوكلاتلاردا تۇتقۇنلارنىڭ تىرنىقى يۇلۇنۇش، كالتەكلىنىش، پۇت - قوللىرىنى مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان ھالەتتە «يولۋاس ئورۇندۇق»قا بىر نەچچە سائەت، ھەتتا بىر نەچچە كۈن بەند قىلىنىش؛ بوينىغىچە كېلىدىغان سوغۇق سۇغا چىلاپ قويۇلۇش؛ كېچىكلىكىدىن ئۆرە تۇرۇش ياكى يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان قەپەسكە سولاپ قويۇلۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن دائىم، سەۋەبسىزلا سىستېمىلىق قىيناشقا ئۇچرايدىغانلىقى كۆرسىتىلدى [32]. ئۇنىڭدىن باشقا، يېتەرلىك ئۇخلىغىلى قويۇلماسلىق، ئاچلىق، مەينەتچىلىك، خەتەر ۋە ئادەم تىقما - تىقما بولۇپ كېتىشتەك ئىنسانىيلىققا زىت ئەھۋاللار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شاھىتلار تەرىپىدىن ئاشكارىلاندى. بۇ قىلمىشلار «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىنىڭ (c) تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. كىرودىيە سېربىيەنىڭ ئۈستىدىن سۇنغان ئەرز ھەققىدە، خەلقئارا سوتنىڭ 2015 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى ھۆكمىدە مۇنداق خۇلاسە چىقىرىلغان: 2 - ماددىنىڭ (c) تارمىقىدىكى بوزغۇنچىلىق ئۇسۇللىرى «يېمەكلىك، داۋالاش، تۇرالغۇ ۋە كىيىم - كېچەكتىن مەھرۇم قىلىش، شۇنداقلا پاكىزلىق كەمچىل بولۇش، ئۆيلەردىن سىستېمىلىق قوغلاپ چىقىرىش ياكى ھەددىدىن زىيادە ئىشقا سېلىش ياكى جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلدۇرۇش نەتىجىسىدە ھاردۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.» [33] بۇنىڭدىن سىرت، كۆنسېرى كۆپىيىۋاتقان تاراتقۇ خەۋەرلىرى ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى يەنە جازا لاگېرلىرىدىكى سىستېمىلىق، كەڭ كۆلەملىك باسقۇنچىلىق ۋە باشقا جىنسىي پاراكەندىچىلىكلەرنى خاتىرىلىگەن بولۇپ، بۇلار كېيىنكى بۆلەكلەردە مۇلاھىزە قىلىنىدۇ [34]. بۇنىڭدىن باشقا، زور مىقداردىكى پاكىتلار تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئورگان ئېلىۋېلىشقا ئىشتىراك قىلغان بولۇشى مۇمكىنلىكىگە دالالەت قىلماقتا. «خىتاي سوت كوللېگىيەسى»نىڭ (China Tribunal) تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار يىللىق مىقدارى بىر مىليارد دوللارغا يېتىدىغان ئورگان كۆچۈرۈش سودىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلمەكتە. «قايتا تەربىيەلەش» مۇئەسسەسەلىرىدىكى زىيانكەشلىكتىن ئامان قالغان شاھىتلار تۇتقۇنلارنىڭ DNA تەكشۈرۈشى، قان تەكشۈرۈشى، ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى تەكشۈرۈشى، رېنتگېن تەكشۈرۈشى، قىيىن - قىستاق ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئاشكارىلىدى [35].

ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىلىرى ۋە قوللاش خاراكتېرلىك گۇۋاھلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشكارا ئىسپاتلار، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ئۇرۇنۇشى بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ تۇغۇلۇشىنى چەكلەش ئۈچۈن پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. 2017 - يىلى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر رايونىدا «تۇغۇت چەكلىمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تىزگىنلەش ئالاھىدە پائالىيىتى»نى يولغا قويدى [36]. «قاراقاش تىزىملىكى» ۋە «شىنجاڭ ساقچى ھۆججەتلىرى»گە ئوخشاش ئاشكارىلانغان ھۆججەتلەردە، تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشتىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى ئاشكارىلاندى. رەسمىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، 2019 - يىلى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يەرلىك مىللەتلەر كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان تۆت ۋىلايەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرگە قارىتا «ئۇزۇن ئۈنۈملۈك تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرى» قوللىنىلغان. 2018 - يىلىلا، شەرقىي تۈركىستاندا ھەر 100 مىڭ نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابىنىڭ (IUD) سانى خىتايدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن 45 ھەسسە يۇقىرى بولغان. 2015 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاندا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنغان ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابىنىڭ سانى خىتايدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيەنىڭ 7.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، 2019 - يىلى يەرلىك ھۆكۈمەت خوتەندىكى ئىككى ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كۆلەملىك تۇغۇت چەكلەش پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇشۇ ئىككى ناھىيەدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 14.1 پىرسەنتىنى ۋە 34.34 پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىش ئىدى [37]. دوكتور ئادرىيان زېنزنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىگە كۆرە، 2015 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئىي نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتى 73.5 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. بولۇپمۇ بىر قانچە ناھىيەدە نوپۇس پەقەتلا ئاشمىغان، ھەتتا ئازلاپ كەتكەن [38]. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، نۇرغۇن گۇۋاھچىلار بالا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلانغانلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەردى. دوختۇرخانا خىزمەتچىلىرى ئاياللارنىڭ ھامىلدارلىقىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىمۇ مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلىنغانلىقىغا شاھىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن سىرت، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى مەلۇم [39]. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشقا مەجبۇرلىنىش، تۇغماس قىلىۋېتىلىش ۋە بالا چۈشۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىلمىشلار ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2 - ماددىسىنىڭ (d) تارمىقىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىق دەپ قارىلىدۇ.

بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى ۋە خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى رولى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. بۇ قانۇن رامكىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تەكشۈرۈش تولىمۇ مۇھىم. مەزكۇر تەھلىل دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزىغا تايانغان خەلقئارا قانۇن تەرتىپى كەلتۈرۈپ چىقارغان خىرىسلارغا ئالاھىدە مەركەزلىشىدۇ. كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىنى قوغداشتىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت دۆلەتلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. بۇنىڭدىن سىرت، خەلقئارا ئورگانلارنىڭ دۆلەتلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش ۋە ئېغىر ۋەھشىيلىكلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنى قوغداش مەسئۇلىيىتى بار. ھالبۇكى، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرى دۆلەت مەنپەئەتىگە زىت كەلگەندە، ھەمىشە نەزەردىن ساقىت قىلىنماقتا. بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى قىسمىدا خەلقئارا ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى چەكلىمىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىلىدۇ.

# ئىككىنچى باب: ختاينىڭ خەلقئارا قانۇندىكى مەجبۇرىيىتى

1948 - يىلى ب د ت ئومۇمىي مەجلىسى تەرىپىدىن جاكارلانغان ۋە ماقۇللانغان «دۇنيا كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى» (UDHR) كىشىلىك هوقۇقنى قوغداشقا ئۇل سالغاندى. «دۇنيا كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى»غا بىنائەن، ھەممە ئادەم ئىرق، تەن رەڭگى، دىن، مىللەت ياكى جەمئىيەت مەنبەسى جەھەتتىكى ئايرىمىچىلىقتىن خالىي ھالدا، مەزكۇر خىتابنامىدە بايان قىلىنغان بارلىق ئەركىنلىك ۋە ھوقۇقلارغا ئىگە. ئىنتايىن مۇھىمى، «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ھەر بىر كىشىنىڭ قانۇن ئالدىدا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ۋە خىتابنامىگە خىلاپ ھەرقانداق كەمسىتىشكە ئۇچرىماسلىق جەھەتتە، ئوخشاش قانۇنىي قوغداشتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلىدى [40]. ب د ت «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىگە بىنائەن، نۇرغۇن شەرتنامە ۋە ئەھدىنامىلەرنى ماقۇللاپ، بارلىق خەلقلەر ۋە مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاق ئۆتكۈر ئۆلچىمى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال تولىمىنى بەرپا قىلدى. خەلقئارا قانۇنغا ئاساسەن، دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە بۇ ئەھدىنامىلەرنىڭ ئۆز باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، مەۋجۇت دۇنيا تەرتىپىدە، ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاش دۆلەتلەر «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى» ۋە باشقا ئەھدىنامىلەردە بەلگىلەنگەن پىرىنسىپلارغا خىلاپلىق قىلماقتا ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ بۇ قىلمىشلىرى جازاسىز قالماقتا.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەھدىنامە ئورگانلىرى (UN treaty bodies ب د ت ئەھدىنامە ئورگانلىرى مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىل تاپقان كومىتېتلار بولۇپ، ئەزا دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىدە بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدۇ، ت) خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى يولغا قويۇشتىكى ئاساسلىق ۋاسىتىلەردۇر. بۇ ئورگانلار كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، قانۇنلارغا رىئايە قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش ۋە ئەرزلەرگە ھۆكۈم قىلىش قاتارلىق كۆپ خىل فۇنكسىيەلەرنى جارى قىلدۇرىدۇ. ھالبۇكى، كونسېرى كۆپىيىۋاتقان ئەھدىنامە، ئورگان ۋە تەستىقلارنىڭ ئۈنۈملۈك ۋە ئۇيۇشۇشچان سىستېما ھاسىل قىلالىشى ناتايىن. ئەكسىچە، بۇ بېسىمنى ئاشۇرۇۋېتىشى، تەكرارلىققا ۋە سىستېمىنىڭ ھارغىنلىقىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ب د ت ئەھدىنامە ئورگانلىرىنىڭ ھەم تەرتىپ، ھەم ماھىيەت جەھەتتە، ئىزچىل ھالدا دۆلەتلەرنىڭ رىئايە قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈشى، ئىسلاھات چاقىرىقلىرىغا سەۋەب بولدى. بۇ خىرىسلار ئەھدىنامە ئورگانلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش ئىقتىدارىغا قارىتا ئەندىشىلەرنى قوزغىدى. تۈزۈلمە رامكىسىنىڭ ھوقۇق دىنامىكىسى، باشقۇرۇش ۋە قانۇنىيلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك. ھوقۇق بېرىش چەكلىمىسى، بيۇروكراتلىق ۋە تەرتىپلەرنىڭ ئاساسەن دۆلەتنى مەركەز قىلىش خاراكتېرى قاتارلىقلار ئەھدىنامە ئورگانلىرى ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىگە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالمايدىغان ياكى ئۈنۈملۈك چارە بىلەن تەمىنلىيەلمەيدىغان ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ [41]. ماقالىنىڭ بۇ بۆلىكىدە مەۋجۇت خەلقئارالىق مېخانىزملارنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرى تەنقىدىي باھالىنىدۇ ھەمدە قانۇننىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى قاتارلىق مۇرەككەپ ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى چەكلىمىلىكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. مۇشۇ خىل ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا، مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇنى ئۇيغۇر كىرىزىسى بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»، «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»، «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» ۋە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»دىن ئىبارەت بەش شەرتنامىگە مەركەزلىشىدۇ.

## A. «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى» (CERD)

«ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 - ماددىسىدا ئىرقىي كەمسىتىشكە مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن:

«سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل ساھەلەردە ياكى ئاممىۋى ھاياتنىڭ باشقا ھەرقانداق ساھەسىدە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئۇلۇغ ئەركىنلىكنىڭ باراۋەر تەرزدە ئېتىراپ قىلىنىشىنى، بەھرىمەن بولۇنۇشىنى ياكى يۈرگۈزۈلۈشىنى تەلتۆكۈس ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ياكى شۇلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان ياكى شۇ خىل ئاقىۋەتلەر بىلەن نەتىجىلەنگەن، ئىرق، تەن رەڭگى، نەسەب ياكى مىللىي/ئېتنىك مەنبەنى ئاساس قىلغان ھەر قانداق پەرقلەندۈرۈش، چەتكە قېقىش، چەكلەش ياكى مايىللىق.» [42]

پۇقرالار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ، شۇنداقلا ب د ت «ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى»نىڭ نۇرغۇن دوكلاتلىرىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ كەمسىتىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەسلەپكى پاكىتلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇ «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»غا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەھرۇم قىلىنىش ۋە شەخسىي خاراكتېرنى كەمسىتىش، كەمسىتىش خاراكتېرلىك ئەدلىيەۋى ۋە قانۇنىي قىلمىشلار، مۇئەييەن كەسىپلەردىن چەتكە قېقىلىش، كۇلتۇرەل ۋە دىنىي ئورۇنلارنىڭ چېقىلىشى، دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە چەك قويۇش، بالىلارنى ئاتا - ئانىلىرىدىن ۋە جەمەتىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىپ، دۆلەت قارمىقىدىكى يېتىمخانىلارغا بەند قىلىش ھەمدە پۇقرالارنى لاگېرلارغا مەجبۇرىي سولاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن پاكىتلارنى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىرىنى ئاڭلىدى [43]. مەزكۇر قىلمىشلار ئۇيغۇرلارنى ۋە باشقا تۈركىي قوۋملارنى سىياسىي، ئىرقىي، مىللىي ۋە دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشى سەۋەبلىك كەمسىتىشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بۇنىڭغا خەلقئارا قانۇندا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، بۇ زىيانكەشلىك قىلىش ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇلۇغ كىشىلىك ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىش قىلمىشىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

خىتاي 1981 - يىلى 12 - ئايدا «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىغان ۋە تەستىقلىغان. «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 2 - ماددىنىڭ 1 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە بىنائەن ئىرقىي كەمسىتىشنى ئەيىبلەش مەجبۇرىيىتى بار. بۇنىڭدىن باشقا، 3 - ماددىغا ئاساسەن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى بارلىق رايونلاردا ئايرىش سىياسەتلىرىنىڭ ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ۋە يوقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش مەجبۇرىيىتى بار. «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»غا ئەزا دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەنە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك سىياسىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش مەجبۇرىيىتى بار. ۋاھالەنكى، خىتاي «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلىغاندا، ئەھدىنامىنىڭ 22 - ماددىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقنى شەرت قىلغان. 22 - ماددىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئالاقىدار تەرەپلەر باشقىچە پۈتۈشمىگەنلا بولسا، ئەھدىنامىنىڭ تەرتىپى ئارقىلىق ھەل قىلىنمىغان تالاش - تارتىشلارنى خەلقئارا سوت مەھكىمىسى (ICJ) ھەل قىلسا بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، (ئەھدىنامىنىڭ 22 - ماددىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىقتىن ئىبارەت) بۇ شەرت خىتاينى خەلقئارا سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتلاش دائىرىسىدىن چىقىرىۋەتكەن [44].

«ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»دىكى مەجبۇرىيەتلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن، بۇ مەجبۇرىيەتلەرنىڭ قانداق نازارەت قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىجرائات مېخانىزملىرىنى بولۇپمۇ خىتاينىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئەمەل قىلىش ئەھۋالىغا قارىتا تەتقىق قىلىش زۆرۈر. «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى»نىڭ 8 - ماددىسىغا بىنائەن، ھەرقايسى تەرەپلەر ئۆز پۇقرالىرى ئارىسىدىن تاللىغان، ئۈستۈن ئەخلاقىي تۈتۈمغا ئىگە ۋە ئادىللىقى ئېتىراپ قىلىنغان 18 مۇتەخەسسىستىن تەركىب تاپقان «ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى» تەسىس قىلىنغان. مەزكۇر كومىتېت ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىنىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىدىغان مېخانىزمدۇر [45]. مەزكۇر ئەھدىنامە ھەرقايسى دۆلەتلەرنى ئۆز بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ 9 - ماددىغا بىنائەن قەرەللىك دوكلات تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار، ئاندىن كومىتېت بۇ دوكلاتلارنى تەكشۈرىدۇ ۋە شۇنىڭغا قارىتا تەۋسىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇڭا بۇ كومىتېتنىڭ ئاساسلىق رولى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھدىنامىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ھەرىكەتلىرىنى باھالاشتۇر.

خىتاينىڭ «ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش ئەھدىنامىسى» كومىتېتىغا تاپشۇرغان 2018 - يىللىق قەرەللىك دوكلاتىدا ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر رايوندىكى جازا لاگېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى تىلغا ئېلىنمىغان. ئەكسىچە، دوكلاتتا ئىقتىسادىي تەرەققىيات، ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە دىنىي ئەركىنلىك [46] مەركەز قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلات پۇقرالار جەمئىيىتى تەمىنلىگەن باشقا نۇرغۇن باھالار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان. شۇ ۋەجىدىن، بۇ خىل پەرقنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، دوكلاتتىكى يەكۈنلەرگە گۇمانىي نەزەردە قاراش كېرەك. تېخىمۇ مۇھىمى، 2018 - يىللىق دوكلاتتا خىتاي دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەمۇرىي قىلمىشلىرىدىكى نېگىزلىك مەسىلىلەر ئاشكارىلاندى. بۇ خىتاي دائىرىلىرىنىڭ سىياسەتلىرىنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىككە سەۋەب بولغانلىقىغا قارىماستىن، بىر مەھەل «تېررورلۇق يامراپ كەتكەن» بۇ «رايونغا مۇقىملىق ۋە گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەن»لىكى ئۈچۈن داۋاملىشىشى مۇمكىنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

2019 - يىلى، مەزكۇر كومىتېت خىتاي ھۆكۈمىتىگە، سوتلانماستىن تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارنى قويۇپ بېرىش ۋە ئۇلارغا ئەرز قىلىش پۇرسىتى بېرىش، «مىللىي - دىنىي سالاھىيەتكە كۆرە زەربە بېرىش» قىلمىشلىرى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى تەكشۈرۈش ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرى توغرىسىدىكى ئەتراپلىق ئۇچۇرلارنى جۈملىدىن بۇ يەردىكى ھەرقانداق سىياسىي دەرسلەرنىڭ مەزمۇنىنى ھەمبەھىرلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋسىيەنى سۇندى. بۇنىڭدىن سىرت، 2022 - يىلى 11 - ئايدا، ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى قىيىن - قىستاق، خورلاش، جىنسىي زوراۋانلىق، مەجبۇرىي ئەمگەك، مەجبۇرىي غايىب قىلىۋېتىش ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا ئۆلۈپ كېتىش قاتارلىق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى توغرىسىدىكى بارلىق ئەيىبلەشلەرنى دەرھال تەكشۈرۈشكە چاقىردى [47]. ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى خىتاينى ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىرغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ ب د ت نىڭ جەنۋەدىكى باشقارمىسىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى دەرھال باياناتى ئېلان قىلىپ، ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ قارارىنى «غەرب ئەللىرى ۋە خىتايغا قارشى بۆلگۈنچى كۈچلەر توقۇپ چىققان يالغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن، خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىنى قارىلىغانلىق ۋە ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغانلىق» دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل قارارلارغا قەتئىي قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى [48].

خىتاينىڭ بۇ ئىنكاسى ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ ئۆز قارارىنى ئىجرا قىلىشتا روشەن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق قىلمىشلىرىغا قارىتا كۆنسېرى كۈچىيىۋاتقان تەنقىدلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىۋىدىن بۇيان خەلقئارالىق مۇنبەرلەرگە مەبلەغ سېلىپ كەلدى. ئامېرىكا 2018 - يىلى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن چېكىنىپ

چىققاندىن كېيىن، خىتاي پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ، ئۆزىنى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىكى «ئىجابىي ئىشتىراكچى» قىلىپ كۆرسەتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقئارا مۇنبەرلەردە پەيدا بولغان ھەر قانداق تەنقىدكە ھەمىشە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، مەزكۇر مۇنبەرلەرنىڭ نوپۇزىغا، قانۇنىيلىقىغا ۋە مۇستەقىللىقىغا ئوچۇق - ئاشكارا سوئال قويىدى، ھەتتا بەزىدە مۇتەخەسسىسلەرگىمۇ ھۇجۇم قىلدى [49]. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى تۈزۈلمە رامكىسىنىڭ چەكلىملىرى، شۇنداقلا ھوقۇق دىنامىكىسى ۋە باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغانلىقتىن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلالماي كەلدى. نەتىجىدە، ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتىنىڭ تۈزۈلمە قۇرۇلمىسى دۆلەتنى مەركەز قىلغانلىقتىن، مەزكۇر كومىتېت ئۆز بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالمىدى ۋە ئىنكاس قايتۇرالمىدى.

## B. «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى» (ICCPR)

خىتاي «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نى 1998 - يىلى ئىمزالىغان بولسىمۇ، تېخىچە تەستىقلىمىدى. «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»غا ئىمزا قويغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاينىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ ئاساسىي نىشان - پىرىنسىپلىرىغا زىت ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ساقلىنىش مەجبۇرىيىتى بار. 2009 - يىلى 4 - ئايدا، خىتاي ھۆكۈمىتى «2009~2010 - يىللىق مەملىكەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ھەرىكەت پىلانى»نى ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ پىلان ئوچۇق رەۋىشتە «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندى [50]. لېكىن، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرى ئۇنىڭ «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»گە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ قانۇنسىز قىلمىشلار ئىچىدە، خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشنىڭ ۋە قىيناشنىڭ ئالدىنى ئالماسلىق ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئالاھىدە گەۋدىلىك بولدى. ھالبۇكى، بۇ (يەنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىشنىڭ ۋە قىيناشنىڭ ئالدىنى ئېلىش) ھەم ئەنئەنىۋى خەلقئارا قانۇننىڭ ئۆلچىمى، ھەم خەلقئارا قانۇننىڭ مەجبۇرىي ئۆلچىمىدۇر. گەرچە خىتاي «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»دىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىيۈزلۈك تەتبىقلىنىشچان ئۆلچەملەرگە بىنائەن، «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرىنى يەنىلا خىتايغا بولۇپمۇ مەھبۇسلار بۇ رايوندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك ئورۇنلىرىغا مەھكۇم قىلىنغان زامانىۋى قۇللۇق تۈزۈمىگە قارىتا تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ئەمەلىيەتتە مەجبۇرىي يولغا قويۇلىدىغان قانۇن (jus cogens) سۈپىتىدىكى خەلقئارا قانۇننىڭ مەجبۇرىي بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ بۆلەكتە خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش مەسىلىسى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ ۋە «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ بۇ خىل قىلمىشلارغا قارشى خەلقئارالىق قانۇن رامكىسى قۇرۇلمىسى بىلەن تەمىنلەشتىكى ئۈنۈمى باھالىنىدۇ.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 - يىلىدىكى «ئاق تاشلىق كىتابى»دا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ھۆكۈمىتى «مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مۇئەسسەسەلىرى»نىڭ «ماھىيەتتە مەكتەپ» ئىكەنلىكىنى، «شەخسىي ئەركىنلىكىنى قىسىدىغان ياكى چەكلەيدىغان تەدبىر ئەمەس»لىكىنى بىلدۈرگەن [51]. «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ 9 - ماددىسىدا كىشىلىك ئەركىنلىك ھوقۇقىغا ئېنىقلىما بېرىلگەن ھەمدە «خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش» ھېسابلىنىدىغان ئەھۋاللار كۆرسىتىلگەن. بولۇپمۇ تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردىكى تۇتقۇن قىلىش «خالىغانچە تۇتقۇن قىلغانلىق» ھېسابلىنىدۇ:

- قولغا ئېلىش قانۇنسىز سەۋەبلەرنى ئاساس قىلسا.
- قولغا ئېلىنىش سەۋەبى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىغا بىلدۈرۈلمىسە.

- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ۋە كاپالەتلەردىن بەھرىمەن بولالمىسا.
- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ۋاقتىدا سوتچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلمىسا.
- زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تۆلەم تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغاندا [52].

«خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ ئېنىقلىمىسىدا «خالىغانچە»نىڭ «قانۇنسىز» قىلمىشلارغا باراۋەر قىلىنماسلىقى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. قولغا ئېلىش ياكى تۇتقۇن قىلىشقا دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن تەرىپىدىن ھوقۇق بېرىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدا ئادىللىق، مۆلچەرلىگىلى بولۇش ۋە مۇۋاپىق قانۇن تەرتىپى، شۇنداقلا مۇۋاپىقلىق، زۆرۈرىيەت ۋە ماسلىق قاتارلىق ئامىللار كەمچىل بولسا، ئۇنى يەنىلا «خالىغانچە تۇتقۇن قىلغانلىق» دەپ قاراشقا بولىدۇ [53]. تېخىمۇ مۇھىمى، ئەگەر قولغا ئېلىش سۆز ئەركىنلىكى، دىنىي ئەركىنلىك، ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ھوقۇقى ياكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز كۇلتۇرىنى، دىنىنى ۋە تىلىنى نامايان قىلىش ھوقۇقى قاتارلىق ئۇللۇق ھوقۇقلاردىن قانۇنىي رەۋىشتە بەھرىمەن بولۇنغانلىقتىن [54] ئۈچ ئېلىش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولسا، ئۇنداقتا خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىدا بۇ يەنىلا «خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش» ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرقىي تۈركىستاندىكى تۈگىمەس تۇتقۇن قىلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئارقىسىدىكى رەسمىي سەۋەبلەردۇر.

شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇتۇپ تۇرۇش مۇئەسسەسەلىرى «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»غا ئوچۇق - ئاشكارا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. ئالدى بىلەن، بۇ مۇئەسسەسەلەر ئۆزىنىڭ بۇيان ھېچقانداق قانۇنىي، يوللۇق سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا، شەخسلەرنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ كەلدى. گەرچە 2018 - يىلى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنى» «كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركەزلىرى»نى قۇرۇشقا ھوقۇق بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئېنىقلىمىنىڭ دائىرىسى ئېنىق ئەمەس، ھەددىدىن زىيادە كەڭ دائىرىدە ئىزاھلاشقا بوشلۇق بار بولغاچقا، ئۇ ئۆز مەيلىچە ۋە ئىختىيارىلىق خاراكتېرگە ئىگە. ئىككىنچىدىن، شەخسلەرنىڭ نىشانلىنىش ۋە قاماق مۇئەسسەسەلىرىگە سولىنىش سەۋەبلىرى قانۇنلۇق قىلمىشلارنى، شۇنداقلا ئۇللۇق ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئىپادىسى بولغان قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاشكارىلانغان «قاراقاش تىزىملىكى»دە قولغا ئېلىنىشنىڭ «بەك كۆپ پەرزەنتلىك بولۇش، ھىجابلىنىش، ساقال قويۇش، پاسپورت ئىلتىماس قىلىش ۋە چەتئەلگە چىقىش» قاتارلىق ھەر خىل زىيانسىز سەۋەبلىرى ئاشكارىلاندى [55]. ئۈچىنچىدىن، تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا زۆرۈر تەرتىپلەر كەمچىل قىلىدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇش جەريانىدا خەلقئارا قانۇنغا بىنائەن بەھرىمەن بولىدىغان قانۇنىي قوغدىلىش ۋە كاپالەتتىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەكسىچە، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى تۇتقۇنلارغا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن قاملىدىغانلىقى ياكى قايسى شەرتلەرنى ھازىرلىسا قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلمايدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ (OHCHR) دوكلاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، شەخسلەرگە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا «جازا ھۆكۈم قىلىنغان» ۋە ئۇلار «سوت زالى»غا تۈركۈملەپ ئېلىپ كېلىنگەن، ئاندىن ئۇلاردىن 75 تۈرلۈك «جىنايەت» تىزىملىكىدىن ئۆزلىرىنىڭ جىنايىتىنى «تاللاش» تەلەپ قىلىنغان. تۆتىنچىدىن، «قايتا تەربىيەلەش» پىلانلىرى ماھىيەتتە سىياسىي مېڭە يۇيۇش بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت «ئاشقۇنلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلار»نى ئۆز - ئۆزىگە تەنقىدلىگۈزۈش ئاساسىدا «تەربىيەلەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش»تۇر. بۇ خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك مەمۇرىي تەدبىرلەر ئەسلىدىنلا ئادالەت ۋە مۇۋاپىقلىقتىن مەھرۇم بولغاچقا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خالىغانچە تۇتۇپ تۇرۇش مەسىلىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن «تېگى - تەكتىدىن خالىغانچە (تۇتۇپ تۇرۇش) خاراكتېرگە ئىگە» دەپ قارالدى. ئاخىرىدا، «كەسپىي مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركىزى»گە سولىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئاساسلىقى مىللىي، دىنىي ۋە كۇلتۇرەل كىملىك ۋە شۇلارنىڭ

ئىپادىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بۇ ئەركىنلىكنى چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ ئايرىمچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىنىپ، ئۇشبۇ مەركەزلەردىكى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ «خالىغانچە»لىك خاراكتېرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇشى توغرىسىدا زور ئەندىشە قوزغىدى [56].

ختاي «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلىمىغاچقا، كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىنىڭ «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ نازارەت قىلىش مېخانىزمى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشىگە ئۇچرىمايدۇ. ھالبۇكى، ختاي بۇ ئەھدىنامىگە ئىمزا قويغۇچى دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش تەرتىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ، بۇ تەرتىپتە ختاينىڭ پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار جەھەتتىكى ئىپادىسى باھالىنىدۇ. ختاينىڭ 2018 - يىللىق ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش دوكلاتى كىشىلەرنىڭ شى جىنپىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋەزىيىتىگە بولغان كۈچلۈك ئەندىشىسىنى قوزغىدى. دوكلاتتا قەيت قىلىنىشىچە، ختاي كىشىلىك ھوقۇقنى بىر تەرەپ قىلىشتا «ختايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مېتود»نى تېپىپ چىققان بولۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ھەممىباب شەرھىسىنى رەت قىلىپ، ئەكسىچە «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ختايچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى»نىڭ يېتەكچىلىكىدە كىشىلىك ھوقۇقنى «ختايچە ئالاھىدىلىك» بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىدىغانلىقنى جاكارلىدى. ختاي ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ھەمدە نامراتلىقنى ئازايتىش ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى «مۇۋەپپەقىيىتى»نى كۆز - كۆز قىلىپ، ياشاش ۋە گۈللىنىش ھوقۇقىنى ئۇللۇق ھوقۇق دەپ قاراشنى تەشەببۇس قىلدى [57]. بۇنىڭدىن سىرت، دوكلاتتا «دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق ختابنامىسى» تىلغا ئېلىنماستىن، «ھەممىباب» سۆزى پەقەت كىشىلىك ھوقۇقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەممىباب يولى يوقلۇقىغا ئىما قىلىنغان يەردە سەلبىي تەرزدە تىلغا ئېلىندى.

ختايدا خالىغانچە، كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىش ۋە باشقا شەكىلدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرى بارلىقىغا قارىماستىن، ختاينىڭ «تەرەققىيات ھەممىدىن ئەلا» كۆنتەرتىپى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بازار تاپتى. يېقىننىڭ ئۆزئارا سۆھبەتلىشىش قىسمىدا، ختاينىڭ «مۇۋەپپەقىيەت»لىرىنى ماختاپ ئۇچۇرغان ۋە «نادىر» تەجرىبىلىرىنى ئورتاقلىشىشىنى تەلەپ قىلغان دۆلەتلەر، شۇنداقلا ختاينىڭ ياردەملىرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن ۋە تېخىمۇ كۆپ ياردەم تەمە قىلىۋاتقان بەزى دۆلەتلەر ختاينىڭ ئۇنىۋېرسال قەرەللىك باھالاش دوكلاتىغا ئالقىش ياغدۇردى. پەقەت ئاز ساندىكى دۆلەتلەرلا ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشىغا بولغان ئەندىشىسىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ختاي ھۆكۈمىتى قارشى دەلىل - ئىسپاتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قارىماستىن، تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى ئاقلاپ، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تۇتۇمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇردى. ختاينىڭ ئىنكاسى ئۇنىڭ ھەقىقەتنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ھەمدە پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلارغا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى [58].

2021 - يىلى 3 - ئايدا، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق مۇتەخەسسىسلىرى بايانات ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىشى ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىشىدىن چوڭقۇر ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. باياناتتا يەنە پاكىت تېپىش ئۈچۈن رايوننى توسالغۇسىز زىيارەت قىلىش تەلەپ قىلىندى ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىنى باھالاشقا ئۈندەلدى [59]. ختاي بۇ تەلەپكە جاۋاب قايتۇرمىدى. ئەكسىچە، ئۇ كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدىن پايدىلىنىپ، خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچەملىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ «تەرەققىيات ھەممىدىن ئەلا» كۆنتەرتىپىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. شۇ تەرزدە، «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى» ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا قانۇندىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى قانداق ئادا قىلىشى كېرەكلىكى خۇسۇسىدا، ئۆزىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى بۇ دۆلەتلەرگە تاڭالمىدى. «خەلقئارا پۇقراۋى ۋە سىياسىي ھوقۇقلار ئەھدىنامىسى»نىڭ نازارەت ئاپپاراتى

ماھىيەتتە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ دۆلەت ئىچى قاتلىمىدا ئۆز نىشانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىجرائات مېخانىزمىنىڭ يوقلۇقىنى قايتا تەكىتلىدى.

## C. «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» (CAT)

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 - ماددىسى خەلقئارا شەرتنامىلەردىكى قىيىن - قىستاققا ئېنىقلىما بېرىلگەن تۇنجى ماددىدۇر. قىيىن - قىستاق ۋە خورلاشنىڭ چەكلىنىشى ئۇرۇش ۋە باشقا جىددىي ئاممىۋى ۋەقەلەردىمۇ ھەرقانداق چەكلىمىدىن ۋە چەتنەشتىن خالىي ھالدا ھۆرمەت قىلىنىشى كېرەك بولغان، ئاز ساندىكى مۇتلەق كىشىلىك ھوقۇقلارنىڭ بىرىدۇر. خىتاي «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نى 1988 - يىلى تەستىقلىغان بولغاچقا، مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ھالبۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشى مەزكۇر ئەھدىنامىگە ئوچۇق - ئاشكارا خىلاپلىق قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئىشخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ يېقىنقى دوكلاتلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلارنىڭ قىيىن - قىستاققا ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلدى. ھالبۇكى، خىتاي بۇ ھەقتىكى بارلىق ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 2019 - يىلىدىكى ئاق تاشلىق كىتابىدا «تەربىيەلەنگۈچىلەر»نىڭ ھوقۇقلىرىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلگەن. لېكىن، نۇرغۇن پاكىتلار «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»گە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ، قىيىن - قىستاق، شۇنداقلا رەھىمسىز، ئىنسانىيلىققا زىت، خورلىغۇچى باشقا مۇئامىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دالالەت قىلماقتا. مەسىلەن، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ شارائىتىنى تەسۋىرلەيدىغان نۇرغۇن پاكىتلارنى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىدى.

تۇتقۇنلار ئاشكارىلىغان خورلاش قىلمىشلىرى سوراق جەريانىدا ئاتالمىش ناباب قىلمىشلارغا بېرىلگەن جازا سۈپىتىدە يۈز بەرگەن. بۇ خورلاشلار كالتەكلىنىش، پۇت - قوللىرىنى مىدىرلاتقىلى بولمايدىغان ھالەتتە «يولۋاس ئورۇندۇق»قا بىر نەچچە سائەت، ھەتتا بىر نەچچە كۈن بەند قىلىنىش، پۇت - قوللىرىغا ئېغىر مېتال كىشەنلەر سېلىنىش شۇنداقلا توك كالتىكى ۋە قامچا قاتارلىق سوراق ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان [60]. ئېگىلىنىشىچە، تۇتقۇنلار سىجىل ئاچلىق سەۋەبىدىن بەكلا ئورۇقلاپ كەتكەن بولۇپ، تاماق يېيەلەش ئۈچۈن شى جىنپىڭنى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنى مەدھىيەلەيدىغان «قىزىل ناخشىلار»نى ئۆگىنىش ۋە ئېيتىشقا زورلىنىش بۇ خىل ئەھۋالنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. پاكىت گۇۋاھچىلىرى (Fact witness قانۇنىي ئاتالغۇ سۈپىتىدىكى «پاكىت گۇۋاھچىسى» ئۆزى بىۋاستە باشتىن كەچۈرگەن ياكى بىلىدىغان، دېلو بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدىغان گۇۋاھچىدۇر. پاكىت گۇۋاھچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كەچمىشى ياكى كۆزىتىشىگە ئاساسەن بىرىنچى قول مەلۇمات بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار مەلۇم ساھەدىكى كەسپىي بىلىمگە ئاساسەن مەخسۇس بىلىم ياكى پىكىر بىلەن تەمىنلەيدىغان «مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىلار»دىن (expert witnesses) پەرقلىنىدۇ، ت) ئۆز گۇۋاھلىقىدا، ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇئەسسەسەلەردە تۇرغانلىقىنى «پسىخىكىلىق قىيىن - قىستاق» دەپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردە ئۈزلۈكسىز ھاقارەتلەنگەن، نازارەت قىلىنغان، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ۋە قاملىش ۋاقتى ئېنىقسىز بولغان. بەزى مەھبۇسلار قىيىن - قىستاققا ئۇچراۋېرىپ، ئۈمىدىنى تەلتۆكۈس يوقاتقان [61]. ئۇنىڭدىن باشقا، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەخسنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ياكى ئاشكارىلانمىغان ئالللىقانداق پسىخىكىلىق زىيانلىرى بار ئوكۇل، دورا ۋە قان ئەۋرىشكىسى قاتارلىق تېببىي مۇداخىلە ۋە داۋالاشلارنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلانغان [62].

يۇقىرىقى دەلىللەر «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»دىكى قىيىن - قىستاقنى چەكلەش ۋە مەھبۇسلارنى ھۆرمەتلەش مەجبۇرىيىتىگە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىنغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ھۆكمىگە كۆرە، مەزكۇر سوت خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ «ئۇيغۇرلارنى قىيىن - قىستاققا ئېلىش» جىنايىتى سادىر قىلىنغانلىقىنىڭ شەكسىز رېئاللىق ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى [63]. گەرچە مەزكۇر سوت كوللېگىيەسى باسقۇنچىلىق ۋە قىيىن - قىستاققا ئېلىش قاتارلىق كونكرېت جىنايەتلەرنى سادىر قىلىشقا خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەرىپىدىن ئېنىق ئىجازەت بېرىلمىگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ، سوت كوللېگىيەسى يەنىلا بۇ قىلمىشلارنى شى جىنپىڭ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئىلگىرى سۈرگەن سىياسەت، ئىشلەتكەن تىل ۋە سۆزلىگەن نۇتۇقلارنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى. چۈنكى خىتايدەك بىر دۆلەتتە بۇ خىل سىياسەتلەر يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئېنىق ياكى دارىتمىلىق تەستىقىسىز ئىجرا قىلىنالمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ دوكلاتىدا يەنە ئادالەت تەلەپ قىلىش مېخانىزمىنىڭ كەمچىللىكى تىلغا ئېلىنغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئىشخانىسى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسەت رامكىسىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىنى نازارەت قىلالايدىغان، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارالايدىغان، شەخسلەرنىڭ ئەرز قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىدىغان ياكى قىيىن - قىستاق ۋەقەلىرىنى تەكشۈرەلەيدىغان مۇستەقىل نازارەت قىلىش ئورگىنىنىڭ تىلغا ئېلىنمىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى [64].

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ 1 - ماددىسىدا «قىيىن - قىستاق»قا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلگەن: «ھەرقانداق ئايرىمچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەرقانداق سەۋەب بىلەن، بىر كىشىنى جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتە شىددەتلىك ئازاب - ئوقۇبەتكە بۇ خىل ئازاب - ئوقۇبەت ھۆكۈمەت خادىملىرى ياكى ھۆكۈمەت سالاھىيىتى بىلەن ئىشلەيدىغان باشقا كىشىلەر تەرىپىدىن، ياكى شۇلارنىڭ كۈشكۈرتۈشى، ياكى قوشۇلۇشى ياكى سۈكۈت قىلىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا چىققاندا دۇچار قىلغان ھەر قانداق قىلمىشتۇر» [65]. «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ، 4 - ، 7 - ، 13 - ۋە 16 - ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خىتاينىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى ياكى ھۆكۈمەت نامىدا ئىش قىلىۋاتقان شەخسلەر سادىر قىلغان ھەرقانداق قىيىن - قىستاق قىلمىشلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش ۋە ئۈستىدىن ئەرز قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي كىشىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشقا ۋە قولغا ئېلىشقا ئىشتىراك قىلغان ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ قىيىن - قىستاقنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى خۇسۇسىدا تەربىيەلەنگەن بولۇشىغا ھەمدە قىيىن - قىستاق ۋە خورلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مەھبۇسلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇش ۋە مۇئامىلە قىلىنىش ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەرەللىك تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك (10 - ، 11 - ۋە 12 - ماددىلار) [66]. تېخىمۇ مۇھىمى، خىتاي يەنە دۆلەت ئىچىدىكى قانۇن - نىزاملىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى» بىلەن ئىزچىللىققا ئىگە بولۇشىغا ھەمدە «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك (2 - ، 4 - ۋە 16 - ماددىلار).

قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە سەۋەب بولغان قىلمىشنى قىيىن - قىستاق دەپ قاراش ئۈچۈن، 1 - ماددىدا كۆرسىتىلگەن قانۇنسىز مۇددىئالارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىسپاتلىنىشى كېرەك. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسىدە، تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرىدىكى شارائىتلار مەزكۇر ئەھدىنامىدە بېكىتىلگەن «ئۈچۈر ياكى ئىقرارغا ئېرىشىش»، ھەمدە «ئىرق ياكى دىنىنى ئاساسەن قىلغان كەمستىش»تىن ئىبارەت ئىككى قانۇنسىز مۇددىئاغا ماس كېلىدۇ. خىتاي مىليونلىغان ئۇيغۇرنى سوتسىز ھالدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشقۇن پائالىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك «ئىقرار»نىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنى قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەتكە دۇچار قىلدى. خىتاي «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»نىڭ «ئىسلامىي رادىكاللىشىش خەۋپى»نى

يوقىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ چىقىش نۇقتىسىدىنلا كەمسىتىشتۇر. تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى «كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان خىتايلار بىلەن ئوخشاش ئېتىقاد، تىل ياكى ئىرققا ئىگە بولمىغانلىق» قاتارلىق ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. خىتاي ئەمەلدارلار نۇرغۇن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىدا، تۇتقۇنلارنى جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن «خىتايدىكى جامائەت بىخەتەرلىكىگە تەھدىت» دەپ ئاتىدى [67].

6 - ئايدىكى ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، سابىق مەھبۇس ئۆمەر بېكئالى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلدى. ئۆمەر بېكئالى سوراق جەريانىدا «تېررورلۇققا كۆشكۈرتۈش، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەش ۋە تېررورچىلارغا قانات يېيىش»تىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك جىنايىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان [68]. ئۆمەر بېكئالى ئاشۇ دەھشەتلىك خورلاشلارنى مۇنداق تەسۋىرلىدى:

> *«ئۇلار مېنى تۆت كېچە - كۈندۈز قاتتىق قىيناپ سوراق قىلدى. ›يولۋاس ئورۇندۇق‹تا ئولتۇرغۇزدى. تورۇسقا ئېسىپ قويدى. تامغا زەنجىرلەپ قويۇپ، پلاستىك، ياغاچ ۋە توكلۇق كالتەكلەر بىلەن ۋە سىمدىن ئېشىلگەن مېتال قامچا بىلەن ئۇردى. تىرنىقىمنىڭ ئاستىغا يىڭنە سانجىدى. مەن ›يولۋاس ئورۇندۇق‹تا ئولتۇرغان چاغدا، ئاندىن 10~15 مىنۇت ئۇخلىيالايتتىم.» [69]*

«قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ يادرولۇق نىشانى (قىيىن - قىستاقلارنى) توسۇش بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر ئەھدىنامە ئۆز نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا مەغلۇپ بولمىدى. بۇ ئەھدىنامىنىڭ چەكلىمىلىكلىكى ئۇنىڭ ئىجرائاتىنىڭ دۆلەتنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىدە ئەكس ئېتىدۇ. «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش كومىتېتى» بۇ جەريانىنى نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئىجرا قىلىش ھوقۇقى يوق. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئەھدىنامە كۈچكە ئىگە بولغان بىر يىل ئىچىدە كومىتېتقا دوكلات سۇنۇش مەجبۇرىيىتى بار. بۇنىڭدىن سىرت، ھەر قايسى دۆلەتلەر يولغا قويۇلغان قوشۇمچە تەدبىرلەر، شۇنداقلا كومىتېت تەلەپ قىلىشى مۇمكىن بولغان باشقا دوكلاتلار توغرىسىدا ھەر تۆت يىلدا قوشۇمچە دوكلات تاپشۇرۇشى كېرەك. ب د ت كومىتېتى 2016 - يىلى خىتاينىڭ بەشىنچى قېتىملىق قەرەللىك دوكلاتى توغرىسىدىكى خۇلاسىسىدە، خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى قانۇن سىستېمىسىدىكى يوچۇقلارنى تىلغا ئېلىپ، خىتاينى قانۇنلارنى ئىسلاھ قىلىشقا ئۈندىدى. مەزكۇر كومىتېت خىتاينى «مۇستەقىل نازارەت قىلىش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، قىيىن - قىستاققا ۋە خورلاشقا ئۇچرىغانلىق توغرىسىدىكى بارلىق ئەيىبلەشلەرنى تېز، تەرەپسىز ۋە ئۈنۈملۈك تەكشۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىشقا» چاقىردى [70]. ھالبۇكى، خىتاينىڭ مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەۋسىيەلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئۈچۈن سەممىي تىرىشمىغانلىقىغا ئائىت نۇرغۇن پاكىتلار مەۋجۇت. خىتاينىڭ «قىيىن - قىستاق»قا بەرگەن ئېنىقلىمىسى خەلقئارا ئۆلچەمگە توشمايدۇ. قىيىن - قىستاقنى ئۈنۈملۈك چەكلەش ئۈچۈن تەرتىپلىك قوغداش يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭدىن سىرت، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئەيىبلەشلەرنى تەلتۆكۈس رەت قىلىشى ۋە ئۆز كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە (ئەركىن دۇنيادا) سۆز قىلغانلارغا جىنسىي ۋە ھاقارەتلىك تىل ئىشلىتىشى ئامان قالغان شاھىتلارنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. شۇ ۋەجىدىن، «قىيىن - قىستاققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسى»نىڭ تەۋسىيەلىرى مەلۇم تەسىرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئىجرائاتىغا كاپالەتلىك قىلالمىدى.

### D. «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» (CEDAW)

خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 1981 - يىلى «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلىغان ئەزا دۆلەت بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشقا ۋەدە

بەرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇ ۋەجىدىن، خىتاينىڭ «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»غا خىلاپ ھەر قانداق سىياسەت ياكى قىلمىشقا ئىشتىراك قىلىشتىن، ئۇلارنى قوللاشتىن ياكى مەبلەغ سېلىشتىن ساقلىنىش مەجبۇرىيىتى بار. ھالبۇكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاياللىرىنى نىشان قىلغان قىلمىشلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر جىنسىي كەمسىتىش ۋە «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»نىڭ نۇرغۇن بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشلار ھەققىدە ئېغىر ئەندىشە قوزغىدى. ئېگىلىنىشىچە، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»غا خىلاپ قىلمىشلار ئۇيغۇر قىزلىرىنى خىتايلار بىلەن تويى قىلىشقا مەجبۇرلاش؛ ئاياللاردىن ياغلىقنى ئېلىۋېتىشنى ۋە ئىسلام دىنىنى سۆكۈشنى تەلەپ قىلىش؛ ئىشقا ئورۇنلىشىشتىكى ۋە خىزمەت ئورنىدىكى كەمسىتىش؛ خىتاي ئەرلەرنى ئەرلىرى لاگېرغا سولانغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەۋەتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەجبۇرىي «قوشماق تۇغقان سىياستى»نى يولغا قويۇش؛ ھەممىدىن مۇھىمى، مەجبۇرىي تۇغۇت چەكلەش سىياستى ۋە جىنسىي زوراۋانلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2017 - يىلىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى كۆپ قېتىم رەسمىي ھۆججەتلەرنى ئېلان قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت نىسبىتىنى «ئاشقۇنلۇق»قا باغلىدى ھەمدە بۇ ئارقىلىق پىلانلىق تۇغۇت سىياستىگە خىلاپلىق قىلىشنى «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش» رامكىسىدىكى دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ 15 ئاساسلىق ئىپادىسىنىڭ بىرى قىلىپ كۆرسەتتى [71]. خىتاي ھۆكۈمىتى «بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش كېرەك» دەپ جار سالدى ۋە شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە، شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك مىللەت ئاياللىرىغا قارىتا ھەر خىل كەمسىتىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى، بۇلار بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنىدىغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابىنى (IUD) مەجبۇرىي ئورۇنلاشتۇرۇش، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈۋېتىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىككىدىن ئارتۇق بالىسى بار ئاياللار تۇتۇپ تۇرۇلۇش ياكى قاماق جازاسى قاتارلىق ئېغىر جازالارغا دۇچ كەلدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، شۇ سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى 2017 - يىلىدىن باشلاپ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىگەن. «خىتاي ئىستاتىستىكا يىلنامىسى»دىكى رەسمىي سانلىق مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، شەرقىي تۈركىستاندىكى تۇغۇلۇش نىسبىتى قىسقىغىنە ئىككى يىلدا 48.7 پىرسەنت تۆۋەنلىگەن. خىتاي دۆلەت تاراتقۇلىرى ۋە دۆلەت ئەمەلدارلىرى بۇ سىياسەتنى ئاشكارا ماختاپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى «ئەمدى كۆپىيىش ماشىنىسى بولۇشتىن قۇتۇلۇشتى» دېيىشتى [72].

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ «ئاق تاشلىق كىتابى»غا كۆرە، 2019 - يىلغا بارغاندا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۆت ۋىلايەتنىڭ سەكسەن پىرسەنتتىن كۆپرەك جايلىرىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانلىق تۇغۇت سىياستىنى يولغا قويۇش پىلانلانغان. 2018 - يىلى، شەرقىي تۈركىستاندا ھەر 100 مىڭ نوپۇسقا توغرا كېلىدىغان، بالىياتقۇ ئىچىگە سېلىنغان ھامىلىدارلىقتىن ساقلىنىش ئەسۋابىنىڭ (IUD) سانى خىتايدىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيەدىن 45 ھەسسە يۇقىرى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 2019 - يىلى دائىرىلەر جەنۇبتىكى ئىككى ناھىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ كۆلەملىك تۇغماس قىلىۋېتىش پىلانىنى تۈزگەن بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇشۇ ئىككى ناھىيەدىكى تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 14.1 پىرسەنتىنى ۋە 34.34 پىرسەنتىنى تۇغماس قىلىۋېتىش ئىدى [73]. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى مەجبۇرىي ھالدا تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە بالا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرغان بىر قانچە شاھىتنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىدى. «ئۇيغۇر ئۆتكۈنچى ئەدلىيە سانلىق مەلۇمات ئامبىرى»دىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىرىدا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە شاھىت بولغان تۇغۇت دوختۇرىنىڭ سۆزى نەقىل ئېلىنغان [74].

بۇ سىياسەتلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى تۇغۇلۇش نىسبىتىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىشىنى ۋە نوپۇسنىڭ ئېشىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. 2015 - يىلىدىن 2018 - يىلىغىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تەبىئىي ئېشىش سۈرئىتى 73.5 پىرسەنت تۆۋەنلىدى، بەزى ناھىيە ۋە رايونلاردا 2018 - ۋە 2019 - يىللىرى ئۇيغۇر نوپۇسى پەقەتلا ئاشمىدى، ھەتتا ئازايدى. دوكتور ئادرىيان زېنز سوتقا سۇنغان مۇتەخەسسىس ئىسپاتلىرىدا خىتاي دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن «نوپۇسنى ئەلالاشتۇرۇش» دەپ ئاتالغان سىياسەتنىڭ ھەر خىل بولغۇسى نەتىجىلىرى بايان قىلىندى. مەزكۇر دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشىچە، ئۇيغۇر نوپۇسى كەم دېگەندە كۆرە 2 مىليون 600 مىڭدىن 4 مىليون 600 مىڭغىچە ئازىيىدىغان بولۇپ، بۇ 2040 - يىلى ھايات قېلىشى مۆلچەرلەنگەن ئادەم سانىنىڭ 20~34 پىرسەنتىگىچە ئازىيىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ [75]. يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، بۇ سىياسەتلەر نوقۇل ھالدا «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»دىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلىشتىن بەكلا ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىنىڭ b تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگىمۇ ئېغىر دەرىجىدە خىلاپ، يەنى خىتاي «گۇرۇپپا ئىچىدىكى تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللانغان.»

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان خىلاپلىق قىلمىشلىرىدىن باشقا، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىتىلغان جىنسىي زورۋانلىق توغرىسىدا كىشىنى چۆچۈتىدىغان خەۋەرلەر مەۋجۇت. سوتتا گۇۋاھلىق بەرگەن ئايال شاھىتلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باسقۇنچىلىق، ئوپچە باسقۇنچىلىق، مەجبۇرىي يالىڭاچلاش ۋە ھەر خىل تەرزدە جىنسىي خورلاش قاتارلىق تۈرلۈك جىنسىي زورۋانلىقلارنى تىلغا ئالدى. قازاق لاگېر شاھىتى سايراگۇل ساۋۇتباينىڭ ئېيتىشىچە، «20 ياكى 21 ياشلىق بىر قىز بىرەر يۈزدەك كىشىنىڭ ئالدىدا ساقچىلارنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىدى، ھەممىمىز شۇ ئەھۋالنى كۆرۈشكە مەجبۇرلاندۇق. بېشىنى بۇرىۋالغان ياكى كۆزىنى يۇمۇۋالغانلار، غەزەپلەنگەندەك ياكى چۆچۈپ كەتكەندەك كۆرۈنگەنلەر ئېلىپ كېتىلدى، بىز ئۇلارنى قايتا كۆرۈپ باقمىدۇق.» [76] يەنە بىر سابىق مەھبۇس تۇرسۇنئاي زىياۋۇدۇنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئۇ 2018 - يىلى جازا لاگېرىدا توققۇز ئاي تۇرغان بولۇپ، شۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ئوپچە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان، جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچى - تېشىغا توك سوقتۇرۇپ قىينالغان. ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، لاگېر قاراۋۇللىرى ھەر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ كامېرىدىكى ئاياللارنى ئاچىقىپ باسقۇنچىلىق قىلغان [77]. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئەيىبلەشلەرنى ئىنچىل رەت قىلىپ، مۇشۇ ئەھۋاللارنى پاش قىلغان ئاياللارنىڭ شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلدى ياكى ئۇلارغا كەمسىتىش خاراكتېرلىك ھۇجۇملارنى قىلدى. » [78]

«ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» دۇنيا مىقياسىدىكى خانىم - قىزلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداشنى مەقسەت قىلغان نېگىزلىك شەرتنامىدۇر. ئۇنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھدىنامىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشقا ۋە جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىدىغان بىر قاتار مېخانىزملىرى بار. بۇ مېخانىزملار ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»نى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەشلىرى ھەققىدە قەرەللىك دوكلات قىلىشى، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» كومىتېتىنىڭ بۇ دوكلاتلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشى ۋە ئەزا دۆلەتلەرگە سۇنۇلىدىغان، كۆڭۈل بۆلۈنىدىغان ساھەلەردىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەۋسىيەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»نىڭ ئومۇمىي تەۋسىيەلىرى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە باشقا ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ تەدبىقلىنىشتىكى سىجىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەزكۇر كومىتېت يەنە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ماس ھالدا خۇلاسە خاراكتېرلىك پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ. مەزكۇر خۇلاسە خاراكتېرلىك پىكىرلەردە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەلىي تەدبىرلەر تەۋسىيە قىلىنىدۇ

[79]. مەزكۇر كومىتېت يەنە ئۆزىنىڭ ئىختىيارى كېلىشىمنامىلىرى ئارقىلىق شەخسلەرنىڭ ئالاقىسى ۋە سۈرۈشتۈرۈشىگە قولايلىق يارىتىپ، شەخس ياكى گۇرۇپپىلارنىڭ ئەرز - شىكايەتلىرى ئارقىلىق ئەيىبلەنگەن ئەھدىنامىگە خىلاپ قىلمىشلارنى ھەل قىلالايدۇ.

بۇ مېخانىزملارنىڭ شۇنچە مۇھىملىقىغا قارىماستىن، ئۇلارنىڭ خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ مەنبەسىلىك سالاھىيىتى ھېلھەم ئېنىق ئەمەس. ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان خەلقئارا قانۇندا، ئومۇمىي تەۋسىيەلەر، خۇلاسە خاراكتېرلىك پىكىرلەر، كۆز قاراشلار ۋە باياناتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ مېخانىزملار قانۇنىي چەكلەش كۈچىگە ئىگە ھۆججەت دەپ قارالمايدۇ. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مەسىلىسىدە، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» كومىتېتىنىڭ ئىنكاسى روشەن مەغلۇبىيەتنى ئاشكارىلاپ، مەزكۇر ئەھدىنامىنىڭ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى ۋە قۇرۇلما لايىھەسىدىكى ئېغىر نۇقسانلارنى گەۋدىلەندۈردى. ئۇ دۈچ كەلگەن ئەڭ چوڭ چەكلىمە ئىجرائات كۈچىنىڭ يوقلۇقىدۇر. بۇ كومىتېت ئەھدىنامىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشتا دۆلەتلەرنىڭ دوكلاتىغا تايىنىدىغان بولۇپ، ئۆز تەۋسىيەلىرىنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى يوق. بۇنىڭدىن سىرت، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» كومىتېتى دۆلەتلەرنىڭ دوكلاتلىرىغا بەكلا تايىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قۇرۇلما خاراكتېرلىك يېتەرسىزلىككە ئىگە. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ بۇ ئەھدىنامىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم دوكلات قىلىشى تەلەپ قىلىنسىمۇ، لېكىن بۇ جەريان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى توغرا دوكلات قىلىشنى خالىماسلىقى سەۋەبلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى مەسىلىسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى قارشى دەلىل - ئىسپاتلارغا قارىماستىن، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى توغرىسىدىكى بارچە ئەيىبلەشلەرنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ كەلدى.

بۇنىڭدىن سىرت، «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»نىڭ ئوچۇق - ئاشكارىلىق ۋە ئېرىشكىلى بولۇش جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكى ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمىنىڭ ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى. ئۇنىڭ يېپىق يىغىنلىرى ۋە پۈتۈن جەمئىيىتىنىڭ قاتنىشىش پۇرسىتىنىڭ چەكلىك بولۇشى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ۋە پائالىيەتچىلەرنىڭ دۆلەتلەرنى مەزكۇر ئەھدىنامىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىشنى قىيىنلاشتۇرۇۋەتتى. «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى»گە خىلاپ قىلمىشلاردىن زىيانلانغۇچىلارنى ئادالەت تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى يەنە بىر چوڭ خىرىس ئۈنۈملۈك ئەرز تەرتىپىنىڭ يوقلۇقىدۇر. گەرچە «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» شەخسلەرنىڭ كومىتېتقا ئەرز سۇنۇشىغا يول قويسىمۇ، لېكىن بۇ مېخانىزم پەقەت ئەھدىنامىنىڭ ئىختىيارى كېلىشىمنامىسىنى تەستىقلىغان دۆلەتلەردىكى بۇنىڭ ئىچىدە خىتاي يوق شەخسلەرگىلا تەدبىقلىنىدۇ. نەتىجىدە، مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، جىنسىي زوراۋانلىق قاتارلىق تۈرلۈك خورلاشلارغا ئۇچرىغان ئۇيغۇر ئاياللار «ئاياللارغا قارىتىلغان بارلىق كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى» كومىتېتىدىن بىۋاسىتە ئادالەت تەلەپ قىلالمايدۇ.

## E. «ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى جازالاش ئەھدىنامىسى»

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئادەتتە «ئەڭ ئېغىر جىنايەت» دەپ قارىلىدۇ. ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى چەكلەش ئېنىق بېكىتىلگەن مەجبۇرىي قائىدە بولۇپ، ئۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن چەكلەش كۈچىگە ئىگە، ھېچكىم بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس [80]. خىتاي 1949 - ۋە 1983 - يىللىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنى تەستىقلىغان بولۇپ، خەلقئارا قانۇن بويىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جازالاش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مەجبۇرىيىتى بار [81]. گەرچە

مەزكۇر ئەھدىنامە ھەممىگە تەتبىقلانسىمۇ، ئەمما دۆلەتلەر ئەھدىنامىنىڭ بەزى ماددىلىرىنىڭ ئۆزىگە تەتبىقلانماسلىقى ھەققىدە شەرت قويالايدۇ، يەنى مۇئەييەن ماددىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشنى قوبۇل قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا، خىتاي «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ ئۆزىگە تەتبىقلىنىشىغا ئېنىق شەرت قويۇپ، ئۆزىنى «ئەھدىنامىنىڭ 9 - ماددىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ دەپ قارىمايدىغانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويغان [82]. خىتاي بۇنداق شەرت قويۇش ئارقىلىق، خەلقئارا سوتنىڭ مەزكۇر ئەھدىنامىنى ئىزاھلاش، تەدبىقلاش ياكى ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

يەنە شۇنىڭدەك، خىتاي «رىم ئەھدىنامىسى»نى تەستىقلىمىغاچقا، بۇ ئەھدىنامىگە ئەزا دۆلەت ئەمەس ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگىمۇ ئۇچرىمايدۇ [83]. شۇ ۋەجىدىن، خىتاي خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ (ICC) ئۆز تېررىتورىيەسىدە ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان شەخسلەرنى سوتلاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەمكارلىقىغا ياكى ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىشىگە تايانماي تۇرۇپ، بۇ جىنايى قىلمىشلار سەۋەبلىك شەخسلەرنى تەكشۈرەلمەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز سۇنالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ۋە رەت قىلىش ھوقۇقى بارلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ خىتاينىڭ جىنايىتىگە ئالاقىدار دېلولارنى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمۇ رېئاللىقتىن يىراق.

ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2 - ماددىسىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېنىقلىمىسى ۋە بەش تۈرلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىنىڭ تىزىملىكى كۆرسىتىلگەن:

ئىرقىي قىرغىنچىلىق مىللىي، ئىرقىي ياكى دىنىي گۇرۇپپىنى تامامەن ياكى قىسمەن يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىنى كۆرسىتىدۇ [84]:

(a) گۇرۇپپا ئەزالىرىنى ئۆلتۈرۈش؛

(b) گۇرۇپپا ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش؛

(c) توپنى جىسمانىي جەھەتتىن تامامەن ياكى قىسمەن ۋەيران قىلىش مەقسىتىدە، ئۇنىڭ تۇرمۇش شارائىتىغا قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىش؛

(d) گۇرۇپپا ئىچىدىكى تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش؛

(e) گۇرۇپپىدىكى بالىلارنى باشقا گۇرۇپپىغا مەجبۇرىي يۆتكەش.

بۇ ماقالىگە كۆرە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىنىڭ 2 - ماددىسىنىڭ (b) (d) تارماقلىرىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، بەش خىل ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ ئىككىسىنى سادىر قىلىپ، «گۇرۇپپا ئەزالىرىغا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن» ۋە «گۇرۇپپا ئىچىدىكى تۇغۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان تەدبىرلەرنى قوللانغان». بۇنىڭدىن سىرت، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ سادىر قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، 2 - ماددىدا بايان قىلىنغان قىلمىشلاردىن سىرت، جىنايەت سۇبيېكتى كونكرېت ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلىش غەرىزىنىمۇ ئىپادىلىگەن بولۇشى كېرەك. مەلۇم بىر توپنى يوقىتىش غەرىزىنىڭ ئېنىق جاكارلانغان بولۇشى شەرت ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنى دۆلەتكە نىسبەتەن بېرىشكە بولىدىغان بىر قاتار ئوبيېكتىپ ئەھۋاللاردىن يەكۈنلەشكە بولىدۇ [85]. بۇلار رەسمىي باياناتلار، ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيە، دۆلەتنىڭ سىياسەت - قانۇنلىرى، لوگىكىلىق تەرتىپكە بويسۇنغان ۋە گۇرۇپپىنىڭ پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان تەكرار بۇزغۇنچىلىق قىلمىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ [86]. خىتاينىڭ

ئىرقىي قىرغىنچىلىق مۇددىئاسى «شەرقىي تۈركىستان ھۆججىتى» قاتارلىق بىر قاتار يۇقىرى قاتلاملىق مۇددىئا بايانلىرى ۋە ئومۇمىي پىلانلار ئارقىلىق نامايان بولدى. «شەرقىي تۈركىستان ھۆججىتى»دە كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي دۆلەت رەھبىرى «تۇتۇلۇشى كېرەك بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ سولاش»، «ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش ... يىلتىزىنى قۇرۇتۇپ، شاخلىرىنى قىرقىش»، «نەسەبىنى، يىلتىزىنى، رىشتىسىنى ۋە ئەسلى - ۋەسلىنى ۋەيران قىلىش» خۇسۇسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن [87]. خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقى بۇ ماقالىنىڭ كېيىنكى بۆلىكىدە تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنىدىغان بولۇپ، تەھلىللەر ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ھۆكمىنى ئاساس قىلغان.

## خەلقئارا قانۇننىڭ مەغلۇبىيىتى

ماقالىنىڭ بۇ بۆلىكىدە مەۋجۇت خەلقئارالىق مېخانىزملارنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۈنۈمدارلىقى تەنقىدىي مۇھاكىمە قىلىنغان. تەھلىلدىن مەلۇم بولۇشىچە، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، خەلقئارا قانۇن سىستېمىسى شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەھشىي جىنايەتلەرنى تەكشۈرۈشكە سەل قارىغان ياكى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ چىقارمىغان. بۇ بۆلەكتە مەۋجۇت خەلقئارا قانۇن رامكىسىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزىغا تايانغان مەۋجۇت خەلقئارا قانۇن تەرتىپىنى نەزەردە تۇتقاندا، دۆلەتلەر ماسلىشىپ بەرمىسە، جىنايەتلەرنىڭ جازاسىز قېلىشى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. گەرچە كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى ئەھۋالنى ياخشىلاشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلما چەكلىمىلىرى تۈپەيلىدىن، ئەھۋالنى ياخشىلاش جەھەتتە ھېچقانچە ئىش قىلالمىدى. ھۆكۈمەتلەر مەۋجۇت نازارەت قىلىش مېخانىزملىرىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنى رەت قىلالايدۇ ۋە/ياكى ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالايدۇ. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ئىقتىدارى ئىنتايىن چەكلىك. بۇ ئەھدىنامىلەرگە ئەزا ھۆكۈمەتلەر پەقەت دوكلات تاپشۇرۇش ۋە ئۆزلىرى دۆلەت ئىچىدە قوللانغان تەدبىرلەرنى باھالاش ھەققىدىلا ۋەدە بەرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، نازارەت قىلىش كومىتېتلىرى پەقەت ھۆكۈمەتلەر تاپشۇرغان بۇ دوكلاتلارنى تەتقىق قىلىش ۋە پىكىر بېرىش ھوقۇقىغىلا ئىگە. ھالبۇكى، ھۆكۈمەتلەر تاپشۇرغان بۇ دوكلاتلار كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئەمەلىي خورلاش ئەھۋاللىرىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ.

ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. خافنېر (Hafner) بىلەن سۇتسۇينىڭ (Tsutsui) ئىستاتىستىكىلىق تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، كىشىلىك ھوقۇق رامكىسى پەقەت دېموكراتىكلىشىۋاتقان ياكى دېموكراتىك دۆلەتلەردە، ياكى پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ئىشتىراك سالمىقى كۈچلۈك دۆلەتلەردە كارغا كېلىدىكەن. گەرچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قاتارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر خەلقئارا ئەھدىنامىلەرگە رىئايە قىلىشقا رەسمىي ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ زېمىنىدىكى ئۇللۇق ھوقۇقنى قوغداش ئەھۋالى ئەزەلدىن ئىسلاھ قىلىنىپ باقمىدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى پەقەت ئاز ساندىكى دۆلەتلەرگە ۋە دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئاز بىر قىسمىغىلا ياردەم بېرەلەيدۇ، ئەڭ ئېغىر خورلاشقا ئۇچرىغانلار بولسا بۇ سىستېمىنىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ [88]. گەرچە قارشى پىكىرلەر بار بولسىمۇ، ئەمما خەلقئارا قانۇننىڭ ھەممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ھەقىقەتتۇر.

# ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى

«ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرگىلى بولۇش» بىر قەدەر يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، خەلقئارا قانۇن ساھەسىدە ئەمدىلەتىن ئېتىراپ قىلىندى. خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى قۇرۇش ئۇرۇنۇشلىرى بالدۇرلا باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن 1990 - يىللارغا كەلگەندە، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ رامكىسى ئاندىن شەكىللىنىشكە باشلىدى. ب د ت بىخەتەرلىك كېڭىشىنىڭ رىۋاندا ۋە سابىق يۇگوسلاۋىيەدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىككى خەلقئارالىق جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيەسى قۇرۇشى ۋەزىيەتكە زور تەسىر كۆرسىتىپ، باشقا ھەر خىل ئالاھىدە سوت مەھكىمىسى ۋە كوللېگىيەلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1998 - يىلى «رىم ئەھدىنامىسى» ماقۇللانغاندىن كېيىن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى قۇرۇلدى. خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىنىڭ ۋەزىپىسى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر، ئۇرۇش جىنايىتى ۋە تاجاۋۇزچىلىق جىنايىتى قاتارلىق يادرولۇق خەلقئارالىق جىنايەتلەرنى تەكشۈرۈش ۋە ئۈستىدىن ئەرز قىلىشتۇر [89]. خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنى ئەھدىنامە، ئۆرپ - ئادەت قانۇنى (customary law)، ئومۇمىي قانۇن پىرىنسىپلىرى ۋە ئەدلىيە ھۆكۈملىرى قاتارلىق كۆپ خىل مەنبەگە ئىگە. لېكىن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزىغا تايانغان خەلقئارا قانۇن تەرتىپىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە گېئوپولىتىك قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان ۋەھشىي جىنايەتلەرگە ھەمىشە مۇداخىلە قىلىش ۋە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ماقالىنىڭ بۇ بۆلىكىدە ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۆزگىچە بىر تەرىپى مۇلاھىزە قىلىنغان بولۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ قوللىشىدىن خالىي بىرەسمىي مېخانىزملارنى ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ ئورۇنباسار ۋاستىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە ئالاقىداردۇر. بۇ بۆلەك دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزىغا تايانغان خەلقئارا قانۇن تەرتىپىدىكى خەلقئارا ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ چەكلىملىكلىكىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن باشلىنىپ، پۇقراۋى سوتلارنىڭ قانۇنىيلىق ئاساسىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ مۇلاھىزە قىلىدۇ.

## خەلقئارا ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ ۋە پۇقراۋى سوت كوللېگىيەلىرىنىڭ چەكلىملىكى

كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداشتىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت دۆلەتلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. دۆلەتلەرنىڭ جىنايەتلەرنىڭ جازاسىز قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئادالەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ تەدبىرلەر رەسمىي سۈرۈشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كومىتېتى ياكى ھەق تەلەپ ياكى جىنايى ئىشلار بويىچە سوتلاش بولۇشى مۇمكىن. دۆلەتنىڭ بۇ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ ئاساسى «ھەر بىر ۋەھشىي جىنايەتنىڭ بىر ياكى بىر قانچە دۆلەتنىڭ تېررىتورىيەسىدە يۈز بېرىدىغانلىقى، تېررىتورىيەنى كونترول قىلىشنىڭ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئىكەنلىكى»دۇر [90]. دۆلەتلەر ئۆز باشقۇرۇش دائىرىسىدىكى ۋەھشىي جىنايەتلەرگە يېتەرلىك ئىنكاس قايتۇرغىلى ئۇنىمسا ياكى ئىنكاس قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلسە، مەسئۇلىيەتنى تەقسىملەشتە چاتاق چىقىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر مەسىلىسىدە، دۆلەت مەسئۇلىيىتى ئۆز ئۈستىگە يۈكلەنگەن ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتى بۇ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ۋەھشىي جىنايەتلەرنى ئىزچىل ئىنكار قىلىپ ۋە نەزەردىن ساقىت قىلىپ كەلدى. بۇ خىل ئەھۋالدا، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى، خەلقئارا سوت مەھكىمىسى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ سوتلاش تەۋەلىكىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ھەمىشە مەسىلىگە ئارىلىشىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، خەلقئارا قانۇن سىستېمىسىنىڭ چەكلىملىكلىكى مەسئۇلىيەتنىڭ تېررىتورىيەگە كۆرە تەقسىملىنىشى ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنىڭ ئىجرائات كۈچىنىڭ

يوقلۇقىدىن مەنبەلەنگەن باشقۇرۇش تەۋەلىكى چەكلىمىسى سەۋەبلىك روشەن گەۋدىلىنىدۇ.

1966 - يىلى 11 - ئايدا، بېرتىران رۇسېل (Bertran Russell) ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى ئامېرىكانىڭ ۋيېتنامدىكى ئۇرۇش جىنايەتلىرىنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە پارىژدا تۇنجى رۇسسېل سوتىنى تەسىس قىلماقچى بولغان. مەزكۇر سوت كوللېگىيەسى نيۇرېمبېرگ ھەربىي سوتىغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، «رۇسېل فوندى»نىڭ رىياسەتچىلىكىدە ھەرىكەت قىلغان. شۇ ۋەجىدىن، مەزكۇر سوت كوللېگىيەسى سىياسىي كۈچتىن ۋە دۆلەتنىڭ نوپۇزىدىن مۇستەقىل ئىدى ۋە رەسمىي قانۇنىي ئاساسى يوق ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇ ھۆكۈمەتلەرنىڭ سىياسىي قوللىشىدىنمۇ مەھرۇم ئىدى [91]. فىرانسىيە پرېزىدېنتى بۇ ھەقتە: «شۇنى سىلەرگە ئېيتىپ ئۆلتۈرۈشۈمنىڭ ھاجىتى يوقكى، ھەر قانداق شەكىلدىكى ئادالەت مەيلى پرىنسىپ، ياكى ئىجرائات جەھەتتە بولسۇن، بىردەك دۆلەتتىن مەنبەلىنىدۇ ... دەل شۇ ۋەجىدىن، ھۆكۈمەت مەزكۇر سوت يىغىنىنىڭ دۆلىتىمىزدە ئېچىلىشىغا قارشى تۇرۇشنى قارار قىلدى، چۈنكى مەزكۇر سوت كوللېگىيەسى ئۆزىنىڭ مەۋجۇت شەكلى ئارقىلىق ئۆزى بەرپا قىلماقچى بولغان نەرسىگە (يەنى ئادالەتكە) قارشى چىققان بولىدۇ» دېگەن [92]. نەتىجىدە، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى مەزكۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ فىرانسىيەدە سوت ئېچىشىغا يول قويمىغان، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى شۋېتسىيە بىلەن دانىيەنىڭ پايتەختلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن. ئىسپات ئاڭلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سوت كوللېگىيەسى «ئامېرىكا ئۇرۇش جىنايىتى سادىر قىلغان ھەمدە توقۇنۇش ۋيېتنام خەلقىگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ» دەپ ھۆكۈم چىقارغان [93]. رۇسېل مەزكۇر ھۆكۈم ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كەتكەن، ئەمما ئۇنىڭ «پۇقراۋى سوت» چۈشەنچىسى ھېلىھەم داۋاملاشماقتا.

تۇنجى بولۇپ ۋيېتنام مەسىلىسىگە قارىتا «رۇسسېل سوتى» قۇرۇلغاندىن بۇيان، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى - تەرۇز قىلىش، مۇھىت مەسىلىلىرى، قورال كۈچى ئىشلىتىش ۋە كەڭ كۆلەملىك ۋەھشىي جىنايەتلەر قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەرگە قارىتا، سەكسەندىن ئارتۇق پۇقراۋى سوت قۇرۇلدى [94]. نامۇكەممەل زامانىۋى خەلقئارا ئەدلىيە سىستېمىسىدا بۇ خىل بىرەسمىي سوتلارنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئەۋج ئېلىشى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش ۋە ئادەتتە دۆلەتلەرگە ياكى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلارغا نىسبەتەن بېرىلىدىغان بىر قىسىم فۇنكسىيەلەرنى ئورۇنداش زۆرۈرىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بوردا (Borda) بىلەن ماندېلباۋمنىڭ (Mandelbaum) قارىشىچە، پەقەت تاق مەنبەلىك قانۇنىي تەرتىپ ئىدىيەسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىرەسمىي مەنبەلەردىن كەلگەن ئادالەتنى ياقلاش ئىنكاسلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كۆپ ئېلېمېنتلىق قانۇنىي مېتودنى قوللانغاندىلا، ئاندىن پۇقراۋى سوتلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى ئىزاھلىغىلى بولىدۇ [95]. قانۇنىي كۆپ خىللىق پۇقراۋى سوتلارنىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق تەبىرلەشتە ئۈنۈملۈك رامكا بىلەن تەمىنلەيدۇ. قانۇنىي كۆپ خىللىق كۆپ خىل قانۇن سىستېمىلىرى ياكى تارماق سىستېمىلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تۈرلۈك يوللارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ئوخشاش بىر يۈرۈش قانۇنلارنى ئوخشىمىغان تەرزدە ئىزاھلاش، سوت كوللېگىيەلىرىنىڭ سىستېمىلارنىڭ ئىچىدە ياكى ئارىسىدا تامامەن پەرقلىق ياكى ئوخشىمىغان قانۇن سىستېمىلىرىنى قوللىنىشى، كۆپ خىل قانۇن سىستېمىلىرىنىڭ دۆلەتلەر ئارا ۋە دۆلەت ھالقىغان ھالدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە باشقا ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما بۇلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ [96]. ماقالىنىڭ بۇ بۆلىكىدە (پۇقراۋى سوتلارغا ئوخشاش) ئاممىۋى گەۋدىلەرنىڭ ئادالەتنى تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتى ياراتقانلىقى ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، قانۇنىي كۆپ خىللىقنىڭ ئاددىي نۇسخىسى قوللىنىلغان.

يەھۇدىي چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ ئېچىنىشلىق ساۋاقلىرىنى ۋە سىربىرېنىكا قەتلىئامىنىڭ دەھشەتلىرىنى ئىچكىيلەشتۈرگەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغان خەلقئارا جەمئىيەت ۋەھشىيلىك يۈز بەرگەندىن كېيىن ئاندىن ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئارقىلىق پاراستىنى نامايان قىلىپ، «ھەرگىز تەكرارلانمايدۇ» دېگەن شوئارنى ئۆزگىچە قىبلىنەما قىلىپ كەلمەكتە. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئوخشاش جىنايەتلەر كىشىنى چۆچۈتىدىغان يۇقىرى چاستوتىدا داۋاملىق يۈز بېرىۋاتقان شارائىتتا، بۇ خىل مېغىزلىق جاكارلار ئەھمىيەتلىك

ھەرىكەتكە ئايلىنالمىدى. 2020 - يىلى 9 - ئايدا، دۆلەتلەر ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ھىلىھەم داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا خىتاينى تەكشۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، لوندوندا ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى تەسىس قىلىنىپ، ئادالەت تۇيغۇسى تاراتتى ۋە ھەقىقەتنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلىدى. سېر جېفرېي نايىس (Geoffrey Nice) بۇ مۇستەقىل پۇقراۋى سوتنى قۇرۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە قارشى ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ياكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلغان - قىلمىغانلىقى توغرىسىدا ئادىل ھۆكۈم چىقاردى. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا، يوقالماس ۋە ئەۋلادلارمۇ ئېرىشەلەيدىغان دەلىل - ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارغا تەسەللى ۋە ئادالەت تۇيغۇسى بېغىشلىدى. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋەھشىي جىنايەتلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرگىلى بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ھەقىقەتنى ئوبيېكتىپ خاتىرىلەشتىكى مۇھىم بىر قەدەمدۇر، بولۇپمۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىكى ۋەھشىيلىكلەردىن ساۋاق ئالالمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا تېخىمۇ شۇنداق.

## پۇقراۋى سوتلارنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرى

خەلقئارا قانۇننىڭ ئىجرائاتى ۋە تەرەققىياتى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش ئىستىكىگە باغلىق. خەلقئارا ئادالەت سىستېمىسىنىڭ دۆلەتلەرنىڭ نوپۇزىغا تايانغان خەلقئارا قانۇن تەرتىپىدىكى چەكلىمىلىكلىكى تۈپەيلىدىن، ئادالەتنى بەرپا قىلىش پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشىغا باغلىقتۇر. خەلقئارا قانۇندا ئەزەلدىن بار بولغان قۇرۇلما خاراكتېرلىك نۇقسانلارغا جەڭ ئېلان قىلىش قانۇنىي مېخانىزملاردىن ھالقىپ، كوللېكتىپ ھەرىكەتكە ۋە كۈندىلىك سىياسەتكە تايىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى بار. پۇقراۋى سوتلارنىڭ مۇھىملىقى دەل مۇشۇ ساھەدە ئىپادىلىنىدۇ. پۇقراۋى سوتلار دۆلەتنىڭ تىزگىنىدىن خالىي ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق، ئادالەتنى بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى يوللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە. ئۇ قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار ھەققىدىكى بايانلارغىلا ئەمەس، بەلكى قانۇنغا خىلاپ ئاشۇ خىل قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن، دۆلەتنى مەركەز قىلغان قانۇن سىستېمىسىغىمۇ جەڭ ئېلان قىلىدۇ. شۇڭا، خەلقئارالىق تەشكىلاتلار مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر سادىر قىلغان زۇلۇملارنى بىر تەرەپ قىلالمىغاندا، ئادەتتىكى شەخسلەر ۋە تەسىرگە ئۇچرىغان تەرەپلەرنىڭ ئادالەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مەجبۇرىيىتى بار [97].

پۇقراۋى سوتلار ئۆزگىچە مېخانىزم بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن رەسمىي خەلقئارالىق سوتلار بىلەن كۆپلىگەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن باشقا شەكىللەردىكى ئاكتىۋىزمدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەزى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. دۇئېر (Duerr) پۇقراۋى سوتلارنىڭ بەزى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنى تەكىتلەيدۇ. بىرىنچىدىن، پۇقراۋى سوت قانۇنىي ئىگە بولماستىن، ئادەتتە ئۆتكۈنچى ئەدلىيە ساھەسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. پۇقراۋى سوتلار دۆلەت تەرىپىدىن قۇرۇلمىغان ۋە نوپۇزلۇق ھوقۇق بېرىلمىگەچكە، باشقا رەسمىي خەلقئارا سوتلارغا ئوخشاش قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتىنى دەۋا قىلالمايدۇ. بۇ چەكلىمە ئۇنىڭ فۇنكسىيەسىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، بۇ ھەقتە كېيىنكى بۆلەكتە توختىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، پۇقراۋى سوتلار دىققىتىنى شەخسنىڭ ئەمەس، بەلكى دۆلەتنىڭ جاۋابكارلىقىغا قارىتىدۇ. پۇقراۋى سوت دۆلەتنىڭ جاۋابكارلىقىنى بېكىتىش ئۈچۈن، ھەر خىل قانۇنىي پرىنسىپلارنى چۆرىدىگەن ھالدا دېلو تۇرغۇزىدۇ. شەخسلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالماستىن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار قانۇنىنى قوللىنىپ، ئۇنى دۆلەت ۋە ئەمەلىي گەۋدىلەرگە تەدبىقلايدۇ. ئۈچىنچىسى، پۇقراۋى سوتلار تېخىمۇ كەڭ زوراۋانلىق ئەندىزىسىگە نەزەر سېلىپ، دىققىتىنى كەڭ كۆلەملىك ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك جىنايەتلەرگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇ بۇنداق قىلىش ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ ۋە ئامان قالغۇچىلارنىڭ باشلامچىلىقىدىكى تەشەببۇسلارنىڭ سىستېمىلىق قۇسۇرلارنى قانداق بايقىيالايدىغان ۋە

ئاشكارىلىيالايدىغانلىقىنى، ھۆكۈمەتنىڭ قىلمىشلىرىنى قانداق تەكشۈرەلەيدىغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بولغان دىققىتىنى قانداق قوزغىيالايدىغانلىقىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە نامايان قىلالايدۇ. تۆتىنچى، پۇقراۋى سوتلار ئومۇمىيۈزلۈك سوتلاش ھوقۇقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق رەسمىي سوتلارنىڭكىگە قارىغاندا زامان - ماكان جەھەتتە تېخىمۇ كەڭ باشقۇرۇش رامكىسىغا ئىگە بولالايدۇ. بۇ سوتلار ئادەتتە مەجبۇرىي يولغا قويۇلىدىغان قانۇنلاردا بېكىتىلگەن جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىكىدەك، جىنايەت سادىر قىلىنغان سىياسىي مۇھىت سەۋەبىدىن ياكى چەت ئەللەردە راۋرۇس كۆپ ساندىكى پائالىيەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇھاجىرەت جەمئىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، پۇقراۋى سوتلار ئاساسەن دۆلەت سىرتىدا تەسىس قىلىنىدۇ [98].

پۇقراۋى سوتلارنىڭ مەسئۇلىيەت سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزمى سۈپىتىدىكى ئۆزگىچە فۇنكسىيەسىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرىنى باھالاش تولىمۇ مۇھىم. پۇقراۋى سوتلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتى بولمىغاچقا، (جىنايەت گۇمانىدارى بولغان دۆلەت رەھبىرى قاتارلىق تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرنى سوتقا قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش ياكى ئۆز قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى يوق. ھالبۇكى، پۇقراۋى سوتلارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي مەنپەئەتىدىن ئايرىلىشىنى ئەۋزەللىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. رۇسېلنىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ چەكلىمىلەر ئەمەلىيەتتە ئەۋزەللىكتۇر. ئۇ پۇقراۋى سوتلارنى دۆلەت مەنپەئەتىدىن مۇستەقىل ھالدا، ئەستايىدىل تارىخىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ [99]. بۇ خىل بېقىندىلىقتىن خالىي بولۇش زور ئەۋزەللىكتۇر، چۈنكى خەلقئارا سوتلارنىڭ سوتلاش ھوقۇقى ياكى سىياسىي ئىرادىسى يوق ئەھۋاللاردا، پۇقراۋى سوتلارنى قۇرغىلى بولىدۇ. دەرۋەقە، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈمىدە قەيت قىلىنغىنىدەك، خەلقئارا جەمئىيەت دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن رەسمىي ئورگانلارنى قۇردى، مېخانىزملارنى بەرپا قىلدى ۋە ئەھدىنامىلەرنى تۈزۈشتى. لېكىن، بۇ ئورگانلار مۇستەقىل مۇتەخەسسىسلەردىن ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپتى - دە، بۇ ئەزا دۆلەتلەرنىڭ بولۇپمۇ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كۆپىنچە ھاللاردا ئادالەتنىڭ يادرولۇق پرىنسىپلىرى بەدىلىگە ئۆز مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئىمكانىيەت ياراتتى. مەسىلەن، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى خىتاينىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىنى توسۇشىغا كۆز يۇمغانلىقى، خىتاينىڭ بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسى جەريانىدىكى ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى جازالىيالمىغانلىقى ۋە سىياسىي ئۆكتىچىلەرنىڭ ئىسمىنى خىتاي دائىرىلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى قاتارلىق قىلمىشلىرى سەۋەبلىك تەنقىدلەندى [100].

بۇنىڭدىن سىرت، پۇقراۋى سوتلارنىڭ يەنە بىر كۆرۈنەرلىك ئەۋزەللىكى مۇقىم فورمات ۋە ئالدىن بېكىتىلگەن تەرتىپنىڭ يوقلۇقىدۇر. گەرچە پۇقراۋى سوتلار قۇرۇلما، تېما ياكى تەرتىپ جەھەتتە پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئەخلاقىي ئاڭنى ئۆستۈرۈپ، دۆلەتلىك ۋە خەلقئارالىق مېخانىزملار مەغلۇپ بولغاندا، ئىنكاس قايتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئىگىلىك سالاھىيىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ھوقۇقدارلارغا ھەقىقەتنى بايان قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇلار مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىغا ياكى «ۋىجدانىي زاسېداتېللار ئۆمىكى»گە بېرىلگەن ئاغزاكى گۇۋاھلىق ئارقىلىق خەلقئارا سەھنىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرىدۇ. پۇقراۋى سوتلار رەسمىي سوتلارنىڭ قاتتىق تەرتىپ چەكلىمىلىرى بويىچە ئىش قىلماستىن، قولىدىكى كونكرېت مەسىلىگە ئاسانلا ماسلىشالايدۇ. پۇقراۋى سوتلار رەسمىي ئاپپاراتلارنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشىغا جەڭ ئېلان قىلىش قىلمىشى بولۇپ، مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئاممىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىق دۇنيا مىقياسىدا جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى كۆپ خىل كىشىلەر ئارىسىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشتۇر. ئۇلار يەنە ئادالەت ۋە ئەخلاقىي قىممەت قاراش پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن تەۋسىيە بېرىش ۋە خەلقئارا قانۇننىڭ تەرەققىياتىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن

تىرىشىش ئارقىلىق، كېلەچەككە يۈزلەنگەن مېتودقا ئىگىدۇر [101].

## ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى

2020 - يىلى 6 - ئايدا، «دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى»نىڭ رەئىسى دولقۇن ئىيسا سېر جېفرېي نايىستىن پۇقراۋى سوت كوللېگىيەسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا تۈركىي قوۋملارغا قارىتىلغان «داۋاملىشىۋاتقان ۋەھشىي جىنايەتلەرنى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېھتىمالى»نى تەكشۈرۈشنى رەسمىي تەلەپ قىلدى. «ئىرقىي قىرغىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئەتتىپاقى»نىڭ قوللىشى بىلەن، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى 2020 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇرۇلدى [102]. لوندوندا تۇرۇشلۇق ئادۋوكات ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىسى هامىد سابى ئەپەندى «سوت مەسلىھەتچىسى» بولۇشقا تەكلىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇ باشقا بىر قانچە پۇقراۋى سوتلارغا قانۇن مەسلىھەتچىسى بولۇش جەريانىدا نۇرغۇن تەجرىبە ۋە كەسپىي بىلىم توپلىغانىدى. مەزكۇر سوت كوللېگىيەسى كېڭەش، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە دېلو باشلاش ئورگانلىرىنىڭ (initiating body) رولىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئېنىق كېلىشىم تۈزدى. دېلو باشلاش ئورگانلىرى پۈتكۈل سوت جەريانىدا ئارقا سەپ خىزمىتىنى باشقۇرۇشقىلا مەسئۇل بولۇپ، ھېچقانداق باسقۇچتا سوتنىڭ ئىچكى خىزمەتلىرىگە، دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈشكە ۋە نەتىجىنى بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلمىدى. مەزكۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ جازا يۈرگۈزۈش ياكى ئۆز قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش ھوقۇقى يوق بولۇپ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلقئارالىق جىنايەت سادىر قىلغان - قىلمىغانلىقى توغرىسىدا تەرەپسىز ھۆكۈم چىقىرىش مەقسىتىدە، دىققىتىنى دەلىل - ئىسپاتلارنى تەكشۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرگەن. مەزكۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ نوپۇزى دۇنيا مىقياسىدىكى ئەركىن جەمئىيەتلەرنىڭ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ، خەلقئارالىق ئورگانلارنىڭ، كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىدە مەزكۇر سوتنىڭ ھۆكمىنى قانداق ئىجرا قىلىشنى قارار قىلىشى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ [103].

سوتنىڭ زاسېداتېللىرى قانۇن، تىبابەت ۋە ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەسپىي بىلىم ھازىرلىغان شەخسلەردىن، شۇنداقلا خەير - ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان. مەزكۇر سوت كوللېگىيەسى يۈكسەك بىتەرەپلىكنى ساقلىغان بولۇپ، سوتنىڭ ھازىرقى ئەزالىرىنىڭ ھېچبىرى ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئىشتىراك قىلىپ باقمىغان، كەلگۈسىدىكى ئەزالىرىغىمۇ (ئۇيغۇر دەۋاسىغا ئىشتىراك قىلىپ باقمىغان بولۇشتىن ئىبارەت) ئاشۇنداق شەرت قويۇلىدۇ. مەزكۇر سوتنىڭ 2021 - يىلى 6 - ئاي، 9 - ئاي ۋە 11 - ئايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسپات ئاڭلاش يىغىنلىرىدا، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى 500 دىن ئارتۇق گۇۋاھچىنىڭ باياناتىنى تەكشۈردى ۋە ئوتتۇزدىن ئارتۇق پاكىت گۇۋاھچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرى سىستېمىسى ۋە باشقا زۇلۇم سىياسەتلىرى توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى خىتاينىڭ جىنايەتلىرى، سىياسەت قۇرۇلمىسى، تەدبىر بەلگىلەش جەريانى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق مۇددىئاسىنىڭ پاكىتلىرىنى بايقاشقا ياردەم بەرگەن تەپسىلىي تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلىگەن قىرىق نەپەر مۇتەخەسسىس گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئاڭلىدى [104]. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىدىكى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنلىرى گۇۋاھچىلارنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سادالىرى بېسىقتۇرۇلىدىغان قانۇنىي قائىدە ۋە قىلمىشلارنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئەنئەنىۋى سوتخانا مۇھىتى پۇقراۋى سوتقا ئۆزگىرىپ، كىشىلەرنىڭ قايغۇ - ھەسرەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ئورتاقلىشىشىغا شارائىت ھازىرلاش ئارقىلىق، كىشىلەرگە «ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلىشتا چىڭ تۇرسىلا، ئۇ روياپقا چىقماي قالمايدۇ» دېگەن سىگنالنى بېرىدىغان ئۈمىدبەخش مۇھىت يارىتىلدى.

2021 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ھۆكمىنى ئېلان قىلدى. ھۆكۈم ئېلان قىلىش پائالىيىتىگە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى تاراتقۇلار، ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، ھەرقايسى

ساھەدىكى كەسپىي خادىملار، زۇلۇمدىن ئامان قالغانلار ۋە تەكشۈرگۈچىلەر قاتناشتى. سىر جېفرېي نايس سوتنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەزالىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ھۆكۈمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى يەتكۈزدى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ تۇغۇت چەكلەش ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش تەدبىرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلغانلىقىغا، بۇنىڭ خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىمزالىغان ۋە تەستىقلىغان 1948 - يىلىدىكى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسى»نىڭ 2 - ماددىسىدا بەلگىلەنگەن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىغا قارار بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، قىيىن - قىستاق ۋە جىنسىي پاراكەندىچىلىككە ئائىت شەك - شۈبھىسىز ئىسپاتلارنى تاپتى.

ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ خىزمىتى ئۇيغۇر دەۋا تەشكىلاتلىرىنىڭ، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا شېرىك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىشىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئەزالىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ قاتنىشىش جەريانى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى تۈزۈلمىلىك سىياسەتلەر ۋە ئۇلارنى يولغا قويۇشنىڭ ئاساسى بولغان خىزمەتنى تاماملىدى. سوت كوللېگىيەسى ئامان قالغۇچىلار ئۈچۈن، سوت زالىنىڭ ئادىللىقىنى ھېس قىلىدىغان سەھنە بىلەن تەمىنلىدى. بۇ سۇپىدا ئۇلاردىن مۇشكۈل سوئاللار سورالدى، ئۇلار تەمىنلىگەن دەلىل - ئىسپاتلار تەكشۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىندى ۋە ئۇلارنىڭ كەچۈرمىشلىرى خاتىرىلەندى.

## قانۇنىيلىق

پۇقراۋى سوتلارغا قارىتىلىدىغان ئاساسلىق تەنقىدلەرنىڭ بىرى رەسمىي سالاھىيەت ئاساسىنىڭ يوقلۇقىدۇر. پۇقراۋى سوتلار دۆلەتنىڭ قوللىشىدىن خالىي ئورگان ئىكەنلىكى سەۋەبلىك، دۆلەتكە نوپۇز مەنبەسى سۈپىتىدە تايىنالمايدۇ. ھالبۇكى، بوردا بىلەن ماندېلباۋمنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بۇ خىل تەنقىد «قانۇنىيلىق توغرىسىدىكى سۆز ئويۇنى»دىن مەنبەلەنگەن بولۇپ [105]، بۇنىڭغا كۆرە، دۆلەتنىڭ قوللىشىدىن خالىي ئەدلىيە سىستېمىلىرىنىڭ ئەسلىدىنلا قانۇنىي نوپۇزى كەمچىل دەپ قارىلىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ قانۇنىيلىقىغا ئالاقىدار بەس - مۇنازىرىلەردە پاسسىپ ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئاچقۇچلۇق مەسىلە، پۇقراۋى سوتلارنىڭ قانۇنىي سالاھىيىتىنى بەلگىلەشتە كىمنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ئاساس قىلىنىدىغانلىقىدۇر. ماقالىنىڭ بۇ بۆلۈمىدە پۇقراۋى سوتلارنىڭ «بۇ سوتلار مۇۋاپىق تەرتىپتىن ۋاز كېچىش بەدىلىگە ئادالەتنى ياقلاشقا تىرىشىدۇ» دېگەن تەنقىدلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

ئاكادېمىك قانۇن ساھەسىدە «قانۇنىيلىق»قا جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە قېلىپلاشقان ئۆلچەملەر نۇقتىسىدىن قارىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر ئورگان ياكى ئىشتىراكچىنىڭ نىشانلانغان ئوبيېكتلىرى ئۇنىڭ نوپۇزىنى يوللۇق دەپ قوبۇل قىلغان ۋە ئېتىراپ قىلغاندا، ئۇ ئاندىن «قانۇنىي» دەپ قارىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، «قانۇنىيلىق» مەسىلىسى «نىشانلانغان ئوبيېكت»نىڭ قانداق ئىزاھلىنىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا، دۆلەت ئاپپاراتلىرى قېلىپلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇنىيلىقى نوپۇزلۇق قانۇنىي تەرتىپنى ئاساس قىلىدۇ. پۇقراۋى سوتلار بولسا ئۆزىنىڭ قانۇنىيلىقىنى بارغانسېرى ئېشىۋاتقان ئىجتىمائىي قوبۇلدىن ۋە ئۆز ھۆكۈملىرىگە بولغان ئېتىراپتىن ئالىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پۇقراۋى سوتلارنىڭ قانۇنىيلىقى ھېچقانداق مەۋجۇت ئۇلنى ئاساس قىلماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاساس قىلىدۇ [106].

چىنكىننىڭ (Chinkin) بۇ ھەقتىكى قارىشىغا كۆرە، پۇقراۋى سوتلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى

دۆلەتلەرنىڭ ياكى ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلارنىڭ جىنايەتلەرنىڭ جازاسىز قېلىشى مەسىلىسىدە ھەرىكەت قوللانمىغانلىقىغا قىلىنغان ئىسيان دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھازىرقى نامۇكەممەل خەلقئارا ئەدلىيە سىستېمىسىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە جەڭ ئېلان قىلىشمۇ ماختاشقا ئەرزىيدىغان تىرىشچانلىقتۇر [107]. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پۇقراۋى سوتلار ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىش چارىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇلار ئادالەتكە مۇراجىئەت قىلغىلى بولۇش پرىنسىپىنى ساقلاپ قېلىش جەھەتتىكى ئىشەنچلىك تىرىشچانلىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن، پۇقراۋى سوتلارنىڭ پاكىتلارنى توپلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىكى قانۇنىيلىقىنى، جاۋابكارلىققا تارتىش مېخانىزمى بولمىغان ئەھۋالدا، يېتەرلىك رەۋىشتە ئاشكارىلانمىغان ۋەھشىي جىنايەتلەر توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى تەكشۈرۈش ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇق، ئەمما پەۋقۇلئاددە زۆرۈر مەجبۇرىيەتكە نىسبەت بېرىشكە بولىدۇ. چىنكىنغا كۆرە، پۇقراۋى سوتلارنىڭ قانۇنىيلىقى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ مەزكۇر سوتلارغا ھوقۇق بېرىشىدىن، ئاشكارا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەخسىي گۇۋاھلىقنىڭ كۈچىدىن مەنبەلەنگەن بولۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىرى، ئوبيېكتىپ خاتىرىلەر ۋە ئەتراپلىق تارىخىي كونتېكىست بۇنى قۇۋۋەتلىگەن. بۇ خىل بىرىكىش قانۇنىيلىقنى ئەڭ كۈچلۈك ئاساس بىلەن تەمىنلەيدۇ [108]. پۇقراۋى سوتلار خەلقئارا قانۇننى ئېغىر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرىغا تەتبىقلاش ۋە ئادالەتسىزلىك توغرىسىدىكى بايانلارنى خاتىرىلەش ئارقىلىق، سۈكۈت قىلىش جىنايىتىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش جەھەتتىكى مۇھىم قەدەمدۇر.

لېكىن، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ جەريان بىلەن نەتىجىگە ئوخشاشلا قاتتىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، پۇقراۋى سوتلارنى تەرەپسىز ۋە ئوچۇق رەۋىشتە تەسىس قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. «تەرتىپ جەھەتتىكى قانۇنىيلىق»نىڭ مۇھىملىقى دەل مۇشۇ يەردە گەۋدىلىنىدۇ [109]. بۇ جەھەتتە، بوردا بىلەن ماندېلباۋم پۇقراۋى سوتلارنىڭ ئۆز تەرتىپلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قوللانغان رەسمىي قائىدىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قانۇنىيلىقىغا زور دەرىجىدە ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى، چۈنكى ئۇلار خەلقئارادا ياخشى ئادەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ ئۆلچەملىرىگە بولغان سادىقلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر. پۇقراۋى سوتلار كۆپلىگەن مەنبەلەردىن دەلىل - ئىسپات توپلاش ۋە باھالاش، ئوچۇق - ئاشكارا ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئېچىش ۋە مۇۋاپىق قارار چىقىرىش قاتارلىق ئادەتلەرنى سىجىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق، تەرتىپ جەھەتتىكى قانۇنىيلىققا ئېرىشىدۇ ھەمدە ئادىل تەرتىپ ئۇقۇمىنى قوبۇل قىلىپ، مۇۋاپىق تەرتىپنىڭ ۋە ئادالەت تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

تەرتىپنىڭ قانۇنىيلىقى جەھەتتە، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى بۇ مەسىلىنى بىر قانچە خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ھەل قىلىشقا ئۇرۇندى. بىرىنچىدىن، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ئۆزىنىڭ رەسمىي سوتلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدىغان، ئېتىراپ قىلىنغان تەرتىپ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغانلىقتىن، قانۇنىي ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بارلىق گۇۋاھچىلارنىڭ يازما ئىسپات بىلەن تولۇقلىنىدىغان ئاغزاكى گۇۋاھلىق بېرىشى تەلەپ قىلىندى، ئىسپات ئاڭلاش يىغىنلىرى ئاشكارا ئەيىبلەش بايانى بىلەن باشلىنىپ، قانۇنىي مۇنازىرىلەر كامىل رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلدى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ گۇۋاھلىقى سۇنۇلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ قوللىغۇچىلار، باشقۇرغۇچىلار ۋە سوت ئەزالىرىنىڭ رولىنى ئايرىش ئارقىلىق رەسمىي سوتقا ئوخشىدى. ئىككىنچىدىن، قانۇنىيلىق مۇشۇ خىزمەتكە قاتناشقان ئادۋوكاتلار، سوتچىلار ۋە مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئىناۋىتى ۋە ئىشەنچلىكلىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. سوتنىڭ ئەخلاقىي مەۋقەسىمۇ داڭلىق جامائەت ئەربابلىرىنىڭ تۆھپىسىنى ئاساس قىلدى. سوتنىڭ رەئىسى سېر جېفرېي نايس سابىق يۇگوسلاۋىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا قاتناشقان ۋە سلوبودان مىلوشېۋىچ (Slobodan Milošević) سوتىدا باش تەپتىش بولغان. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ قانۇن، تېبابەت ۋە ئىنسانشۇناسلىق قاتارلىق ساھەلەردە كەسپىي بىلىمگە ئىگە شەخسلەردىن تەركىب تاپقان. ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى تارىخىي

دەلىل - ئىسپات، پاكىتلىق گۇۋاھلىق ۋە قانۇنىي مۇھاكىمىنى بىرلەشتۈرگەن، ئومۇمىيۈزلۈك ۋە تولۇق قوللاشقا ئېرىشكەن، قانۇنىي ئۆرنەكلەر ئاساس ئېلىنغان قانۇنىي ھۆكۈم چىقاردى.

يۇقىراۋى سوتلارنىڭ قانۇنىيلىقى ھەققىدىكى تەنقىد كۆپىنچە ھاللاردا دۆلەت جاۋابكارلىرىنىڭ سوتقا چىقمىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان «بىر تەرەپلىمىلىك شىكايىتى»دىن مەنبەلىنىدۇ. گەرچە يۇقىراۋى سوتلار ئادەتتە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنى قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئاساسەن ئىنكاس قايتۇرمايدۇ ياكى قاتناشمايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىدە، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىغا ۋەكىل ئەۋەتىشنىڭ ئورنىغا، مەزكۇر سوتقا رەسمىي ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرى ۋە ساختا ئۇچۇر تارقىتىش ئارقىلىق ئىنكاس قايتۇردى. مەزكۇر ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنلىرىدا لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆز تۇغقانلىرىنى (يەنى چەت ئەلدە گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان لاگېر شاھىتلىرىنى) يالغانچىلىق بىلەن ئەيىبلەشكە مەجبۇرلاندى، بۇنىڭدىكى مەقسەت شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئىناۋەتسىزلەشتۈرۈش ئىدى [110]. دۆلەت جاۋابكارلىرىنىڭ سوتقا قاتناشماسلىقى ياكى بۇ خىل (يەنى خىتاي دائىرىلىرىنىڭ لاگېر شاھىتلىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قوللانغانلىقىدەك) ئورۇنباسار ئىنكاس قايتۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى يۇقىراۋى سوتلارنى بىر تەرەپلىمىلىك ۋە سىياسىيلىشىش بىلەن ئەيىبلەشكە بوشلۇق ياراتتى. يۇقىراۋى سوتلار بۇ خىل خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ئادىل سوتلاش ۋە تەرەپسىزلىك پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، تەرتىپنىڭ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇنىي مېتودقا سادىقلىقىنى نامايان قىلىشى كېرەك. بۇ خىل سادىقلىق تەرتىپنىڭ قانۇنىيلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم.

يۇقىراۋى سوتلارنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش جەريانىنىڭ قانۇنىيلىقى ئۇنىڭ نىشانىغا باغلىق بولۇپ، بۇ نىشانلار سوت ۋە قاتناشقۇچىلارغا كۆرە پەرقلىق بولىدۇ. بەزى سوتلار پاكىتلىق دەلىللەرنى تۇرغۇزۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويسا، يەنە بەزىلىرى ئىجتىمائىي ئاكتىۋىزمنى، يارىشىشنى ياكى ئەخلاقىي ئادالەتنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشنى تەكىتلەيدۇ [111]. مەسىلەن، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ئۆز رولىنى «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئادالەت تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تولۇقلىما مۇنبەر بىلەن تەمىنلەش»كە چەكلىدى. مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۆتمۈشتە ھەر قانداق شەكىلدىكى ئۇيغۇر دەۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىپ باقمىدى، كەلگۈسى ئەزالارغىمۇ يەنە ئوخشاش شەرت قويۇلىدۇ. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ئېتىراپ قىلىنغان قانۇنلارغا ۋە تەرتىپ ئۆلچەملىرىگە بىنائەن، يۈز بەرگەن ئىشلارنى دەلىل - ئىسپاتقا ئاساسەن خاتىرىلەشكە ئەھمىيەت بەردى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ ئىنتايىن قىسمەن دەرىجىدە ئىجتىمائىي ئاكتىۋىزم ۋاستىسىدۇر. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ (رەسمىي قانۇنىي ئاپپارات بولمىسىمۇ) «يۈكسەك قانۇنىيلاشقان ئورگان»لىقىنى (quasi-legal institution) ئىبارەت قانۇنىي سالاھىيىتىنى ساقلاپ، خەلقئارا ئەدلىيە ئەمەلىيىتىگە رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلەر ئارقىلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ۋە ئامان قالغانلارنى ئۆز ساداسىنى ئاڭلىتىدىغان سۇپا بىلەن تەمىنلىدى.

بۇنىڭدىن سىرت، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ خىزمىتى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى چۆرىدىگەن بايانلارنى شەكىللەندۈرۈشكە بولۇپمۇ خىتاي بارلىق ئەيىبلەشلەرنى رەت قىلغان ئەھۋالدا كۆچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ خەلقئارا سەھنىدە تارالغۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك دىققىتىنى قوزغىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ ئەيىبلەشلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىش خىتاي ئۈچۈن ئەمدى ئاقىدىغان چارە بولماي قالدى. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى خىتاينىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا موھتاج ئەمەس، ئەمما ئۇ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق، نۆۋەتتىكى ۋەقەلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى شەكىللەندۈرۈشكە ئىشتىراك قىلدى ۋە ئۇلارنى بايان قىلىشنىڭ پارامېتىرلىرىنى بەلگىلىدى. شۇ ۋەجىدىن، سوت مەھكىمىسى بايان قىلىش شارائىتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى ھەمدە بۇ خىل قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش ۋەقەلىرىنى چۆرىدىگەن بايانلارغا تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتىكى ئورۇنباسار مېخانىزملىق رولىنى

ئويىندى.

خۇلاسە كالام، بۇ بۆلەكتە دۆلەتلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر ئارا تەشكىلاتلار ۋەھشىي جىنايى قىلمىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشتىن ئاجىز كەلگەندە، پۇقرالارنىڭ ۋە پۇقرالار جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئادالەتنى ياقىلاش مەجبۇرىيىتى بارلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. گەرچە پۇقراۋى سوتلارنى چۆرىدىگەن تالاش - تارتىشلار مەۋجۇت بولسىمۇ، بۇ خىل بىرەسمىي مېخانىزملارنىڭ پايدىسى (دۆلەتلەرنىڭ ۋە رەسمىي خەلقئارالىق ئاپپاراتلارنىڭ قىلغىنىدەك) قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشنىڭكىنى بېسىپ كېتىدىغان بولغاچقا، پۇقراۋى سوتلار چوقۇم قانۇنىي دەپ قارىلىشى كېرەك. گەرچە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەت دۆلەتلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ساداسىنى ئاڭلىتىش ھوقۇقى ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا، دۆلەتنىڭ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ (ئۆز ھەقلىرىنى قوغداش جەھەتتىكى) ھوقۇقىنى پۇقراۋى سوتلارغا بەرگەنلىكى، پۇقراۋى سوتلارنى مەسىلىلەرگە قول تىقىشتا يېتەرلىك قانۇنىيلىققا ئىگە قىلدى. ھالبۇكى، پۇقراۋى سوتلار چوقۇم قانۇنىي مېتودلارغا قەتئىي سادىقلىقنى نامايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوقۇم بۇ تەرتىپنىڭ قانۇنىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى ۋە بېكىتىلگەن قانۇنىي ئۆلچەملەرگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. پۇقراۋى سوتلار «تەرتىپنىڭ قانۇنىيلىقى» ئۇقۇمىنى ساقلاپ قېلىشتا، تەرتىپنىڭ ئادىللىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئادىل سوت قىلىش ۋە تەرەپسىزلىك پرىنسىپىنى ساقلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ نامايان قىلغىنىدەك، پۇقراۋى سوتلار ئىجتىمائىي ئاكتىۋىزم ۋاستىسى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئېتىراپ قىلىنغان قانۇنلارغا ۋە تەرتىپ ئۆلچەملىرىگە بىنائەن، ۋەھشىي جىنايەتلەرنى دەلىل - ئىسپات ئاساسىدا خاتىرىلەشكە كۈچىسە بولىدۇ.

گەرچە ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى ۋەھشىي جىنايەتلەرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلارنى ئادالەت تەلەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتا بەزى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭمۇ خېلى زور چەكلىمىلىكلىرى بار بولۇپ، ئادالەتنى ئومۇمىيۈزلۈك روياپقا چىقىرىشقا قۇربى يەتمەسلىكى مۇمكىن. مەزكۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ تىرىشچانلىقىغا قارىماستىن، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار يەنىلا تېخىمۇ رەسمىيرەك (مەسىلەن، خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتىغا ئوخشاش) جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش مېخانىزملىرىغا مايىل. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ھۆكمى رەسمىي ئەدلىيە تەرتىپىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ۋېستمىنىستېردىكى پارلامېنت ئەزالىرى سوتنىڭ نەتىجىسىدىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارغا ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ رەسمىي ئادالەت تەلەپ قىلىش مېخانىزمى بىلەن تەمىنلەش خۇسۇسىدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن سىرت، ياۋروپا كومىتېتى قانۇن لايىھەسى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى بىلەن ياسالغان تاۋارلارنىڭ سېتىلىشىنى چەكلىدى [112]. نورۋېگىيەدە، ئۇيغۇر دەۋا تەشكىلاتلىرى ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ھۆكمىدىن پايدىلىنىپ، نورۋېگىيە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى نورۋېگىيە پارلامېنتىدا رەسمىي ئېتىراپ قىلدۇرۇش ھەرىكىتىنى قوزغىدى [113]. مەزكۇر سوتنىڭ نەتىجىسى يەنە دۇنيادىكى پۇقرالار جەمئىيىتىنى ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا ۋە ئادالەت كۈرىشىنى قوللاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولدى.

## خۇلاسە

ئۇيغۇرلارغا قارشى ھېلىھەم داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ بىيولوگىيەلىك سانلىق مەلۇماتلىرىنى توپلاش، پارتىيە كادىرلىرىنىڭ «قوشماق تۇغقان» پىروگراممىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە يەرلەشتۈرۈلۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنىڭ جىنايەتلەشتۈرۈلۈشى، ئۇيغۇر

كۇلتۇرى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ بارلىق ئۇللىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، پۈتكۈل رايون مىقياسىدا جازا لاگېرلىرى ۋە تۇتۇپ تۇرۇش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇشى، خەلقئارالىق تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئارقىلىق بۇلغىنىشى، كۆلەملەشكەن باسقۇنچىلىق، قىيىن - قىستاققا ئېلىش ۋە جىنسىي خورلاش، ئاتا - ئانىسى غايىب قىلىۋېتىلگەن بالىلارنىڭ ئۆز ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىپ، دۆلەت قارمىقىدىكى يېتىمخانىلارغا بەند قىلىنىشى، تۇغۇت يېشىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ قورسىقىدىكى بالىلىرىنىڭ چۈشۈرۈۋېتىلىشى ۋە مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىلىشى قاتارلىق بىر قاتار جۇغلانما جىنايەتلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك ئۇشبۇ جۇغلانما قىلمىشلار بىردەك ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىۋېتىشتىن ئىبارەت ئېنىق مۇددىئاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ [114].

بۇ ماقالىدە خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يېتەرلىك ھەل قىلالمىغانلىقى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئۈچۈن ئادالەتنى بەرپا قىلالمىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەھدىنامە ئورگانلىرى خەلقئارادا كىشىلىك ھوقۇقنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاساسلىق ۋاستىدۇر. ھالبۇكى، ئەھدىنامە ۋە تەستىقلارنىڭ كۆنسېرى كۆپىيىشىگە قارىماستىن، بۇ مېخانىزملار ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۈنۈملۈك ۋە ئۇيۇشۇشچان سىستېما ھاسىل قىلالمىدى. دۆلەتنىڭ نوپۇزىغا تايانغان مەۋجۇت خەلقئارا قانۇن تەرتىپىنى نەزەردە تۇتقاندا، دۆلەتلەر ماسلىشىپ بەرمىسە، جىنايەتلەرنىڭ جازاسىز قېلىشى مەسىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇق پىرىنسىپلىرىنى ئىجرا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ئەھدىنامىلىرى ئىقتىدار يېتەرسىزلىكى، قۇرۇلما چەكلىمىلىرى ۋە ئىجرائات ھوقۇقىنىڭ يوقلۇقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزۈم رامكىسىنىڭ ھوقۇق دىنامىكىسى، باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە قانۇنىيلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك. ھۆكۈمەتلەر مەۋجۇت نازارەت قىلىش مېخانىزملىرىنىڭ سوتلاش ھوقۇقىنى رەت قىلالايدۇ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ تەۋسىيەلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالايدۇ. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى خەلقئارا قانۇنىنىڭ ئەمەلىيەتتە ھەممىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ئادالەت تەلەپ قىلىدىغان باشقا بارلىق يوللار قامال قىلىنغانلىقتىن، مەۋجۇت خەلقئارا قانۇن تەرتىپىدىن ھالقىغان ھالدا ئىش بېجىرىدىغان پۇقراۋى سوت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى ئۆزلىرىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىنىدىغان ۋە قەدىرلىنىدىغان سۇپا بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورۇنباسار ۋاستە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسى كەلگۈسىدىكى ئېھتىمالىي ئەدلىيە شارائىتى ۋە رامكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئۈچۈن ۋاستە بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەتنى مەركەز قىلغان قانۇنىي ئېتىراپ ۋە ھوقۇق تەمىنلىگەن چەكلىك ئەدلىيە فورماتىدىن ھالقىدى ۋە يېڭى سىياسىي ئىمكانىيەتلەرنى قازدى. ھالبۇكى، ئۇ ھۆكۈم چىقىرىشتىن ھالقىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھۆكۈمگە سوڭداشقان پىلانىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر سوت كوللېگىيەسىنىڭ ھۆكمى مۇئەييەن دەرىجىدە ھوقۇق قوغداش خىزمىتىگە ئاساس سېلىپ، خەلقئارا سەھنىدىكى سىياسەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولدى. ئەڭ قەبىھ جىنايەتلەر ئالدىدا، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ رەسمىي قانۇنلار سورىقىنى قىلمايۋاتقان سىستېمىلىق ئادالەتسىزلىكىنىڭ سورىقىنى قىلىشتىن ئىبارەت ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. پۇقراۋى سوتلار مەۋجۇت قانۇن تۈزۈمى تەمىنلىيەلەيدىغاندىن يۈكسەك سەۋىيەدىكى ئەدلىيە ئۆلچىمىگە يېتىش ئۈچۈن قانۇن ئىسلاھاتىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. ھەر بىرىمىزنىڭ بۇ ئادالەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۆھپە قوشۇش مەجبۇرىيىتىمىز بار.

*ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] خىتايدا ۋە ئۇنىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدىكى زېمىنلاردا، خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغان 56 مىللەت بار بولۇپ، خىتاي مىللىتى مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 92 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

[2] United Nations, 'Committee on the Elimination of Racial Discrimination Reviews the Report of China' (2018).

[3] Amnesty International, 'China: "Like We Were Enemies in a War": China's Mass Internment, Torture, and Persecution of Muslims in Xinjiang' (Amnesty International 2021).

[4] Darren Byler, Terror Capitalism (Duke University Press 2022) <http://www.jstor.org/stable/j.ctv21zp29g> accessed 22 February 2023.

[5] Amnesty International, 'Hearts and Lives Broken: The Nightmare of Uyghur Families Separated by Repression' (Amnesty International 2021).

[6] Amnesty International, 'China: "Like We Were Enemies in a War": China's Mass Internment, Torture, and Persecution of Muslims in Xinjiang' (n 3).

[7] Vicky Xu and others, 'Uyghur for Sale: "Re-Education", Forced Labour and Surveillance beyond Xinjiang'' (Australian Strategy Policy Institue 2020) <https://www.aspi.org.au/report/uyghurs-sale>.

[8] Adrian Zenz, Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP's Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang (The Jamestown Foundation 2020).

[9] Michael Clarke, 'Ethnic Separatism in the People's Republic of China History, Causes and Contemporary Challenges' (2013) 12 European Journal of East Asian Studies 109. P.109

[10] Erkin Kâinat, Adiljan Abdurehim and Adrian Zenz, 'The Persecution of Uyghurs in East Turkistan, Extrajudicial/Extralegel Mass Internment Camps' (Uyghur Transitional Justice Database 2019). P.12

[11] ibid. p.15

[12] Brian Spivey, 'The December 12th Student Movement: Uyghur Student Protest in Reform-Era China' (2022) 81 Cambridge University Press, The Journal of Asian Studies 724. P.734

[13] Arienne M Dwyer, 'The Xinjiang Conflict: Uyghur Identity, Language Policy, and Political Discourse' (East-West Center 2005). P.54

[14] Kim Lane Scheppele, 'The International State of Emergency: Challenges to Constitutionalism after September 11' [2006] Princeton University.

[15] Permanent Mission of the People's Republic of China to the UN, 'Terrorist Activities Perpetrated by "Eastern Turkistan" Organizations and Their Links with Osama Bin Laden and the Taliban' <http://un.china-mission.gov.cn/eng/zt/fk/200111/t20011129_8413907.htm>.

[16] Scheppele (n 14). P.9

[17] Katja Drinhausen and Helena Legarda, '"Comprehensive National Security" Unleashed: How Xi's Approach Shapes China's Policies at Home and Abroad' (Mercator Institute for China Studies 2022).

[18] UN News, 'UN Human Rights Chief Says China's New Security Law Is Too Broad, Too Vague' United Nations (Geneva, 7 July 2015).

[19] IPVM, ‘Huawei / Megvii Uyghur Alarms’ IPVM (Washington DC, 8 December 2020) <https://ipvm.com/reports/huawei-megvii-uygur>.

[20] Human Rights Watch, ‘China: Minority Region Collects DNA from Millions’ (Human Rights Watch 2017).

[21] Human Rights Watch and Mills Legal Clinic Stanford Law School, ‘“Break Their Lineage, Break Their Roots” China’s Crimes against Humanity Targeting Uyghurs and Other Turkic Muslims’ (Human Rights Watch 2021).

[22] Guancha, ‘The Basics to Identifying Religious Extremist Activities (识别宗教极端活动-75种具体表现基础知识)’ <https://archive.fo/TlazC#selection-689.0-689.4>.

[23] Adrian Zenz, ‘“Thoroughly Reforming Them towards a Healthy Heart Attitude”: China’s Political Re-Education Campaign in Xinjiang’ (2019) 38 Central Asian Survey 102 <https://doi.org/10.1080/02634937.2018.1507997>.

[24] Yonah Diamond and Rayhan Asat, ‘The Uyghur Genocide: An Examination of China’s Breaches of the 1948 Genocide Convention’ (Newlines Institute for Strategy and Policy, Raoul Wallenberg Centre for Human Rights 2021). P.23

[25] ibid. p.23

[26] Renee Xia, Victor Clemens and Frances Eve, ‘Criminal Arrests in Xinjiang Account for 21% of China’s Total in 2017’ <https://www.nchrd.org/2018/07/criminal-arrests-in-xinjiang-account-for-21-of-chinas-total-in-2017/>.

[27] Diamond and Asat (n 24). P.24

[28] ibid. P.24-25

[29] Xu and others (n 7). P.3

[30] ibid.

[31] Muetter Iliqud, ‘The Persecution of Uyghurs in East Turkistan’ (Uyghur Transitional Justice Database 2021) <https://uyghurtribunal.com/wp-content/uploads/2022/07/UT-210912-Muetter-Iliqud.pdf>.

[32] Uyghur Tribunal, ‘UYGHUR TRIBUNAL JUDGMENT’ <https://uyghurtribunal.com/wp-content/uploads/2021/12/Uyghur-Tribunal-Summary-Judgment-9th-Dec-21.pdf>.

[33] ICJ, ‘Application of the Convention on the Prevention and Punishment of the Crime of Genocide (Croatia v. Serbia), Icj Judgment of 3 February 2015’.

[34] Matthew Hill, ‘“Their Goal Is to Destroy Everyone”: Uighur Camp Detainees Allege Systematic Rape’ <https://www.bbc.co.uk/news/world-asia-china-55794071>.

[35] David Matas and Susie Hughes, People’s Tirbunals, Human Rights and the Law. Chapter 10. The China Tribunal (Routledge 2021). P.151

[36] Zenz, Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP’s Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang (n 8).

[37] (n 32). P.32-34

[38] Zenz, Sterilizations, IUDs, and Mandatory Birth Control: The CCP’s Campaign to Suppress Uyghur Birthrates in Xinjiang (n 8).

[39] (n 32). P.33

[40] United Nations, 'Universal Decleration of Human Rights'.

[41] Ilias Bantekas and Lutz Oette, International Human Rights Law and Practice (2nd edn, Cambridge University Press 2016) <https://www.cambridge.org/core/books/international-human-rights-law-and-practice/339F6FFAD746380EC915A76E7A018A4C>. p.192-194

[42] United Nations, 'International Convention on the Elimination of All Forms of Racial Discrimination'.

[43] (n 32). p.51

[44] Connor W Dooley, 'Silencing Xinjiang: The Chinese Government's Campaign Against the Uyghurs' (2019) 48 University of Georgia School of Law 233.

[45] ibid. p.254

[46] UN, 'Consideration of Reports Submitted by States Parties under Article 9 of the Convention, Fourteenth to Seventeenth Periodic Reports of States Parties Due in 2015, China' (Committee on the Elimination of Racial Discrimination 2017).

[47] CERD United Nations, 'China: UN Committee on the Elimination of Racial Discrimination Calls for Probe into Xinjiang Rights Violations'.

[48] 'Remarks of the Chinese Mission Spokesperson Liu Yuyin on the So-Called Decision of the Committee on the Elimination of Racial Discrimination'.

[49] Raphael Viana David, 'China's Growing Influence at the UN Human Rights Council' [2022] International Journal on Human Rights.

[50] Human Rights Watch, 'Promises Unfulfilled An Assessment of China's National Human Rights Action Plan' (Human Rights Watch 2011).

[51] OHCHR, 'OHCHR Assessment of Human Rights Concerns in the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, People's Republic of China' (United Nations Human Rights Office of the High Commissioner 2022). P.12

[52] Manfred Nowak, UN Covenant on Civil and Political Rights (2. revised edition, Norbert Paul Engel Verlag 2005). P.210

[53] OHCHR (n 51). p.14

[54] Bantekas and Oette (n 41). P.369-372

[55] Peter Irwin and Elise Anderson, '"Ideological Transformation": Records of Mass Detention From Qaraqash, Hotan' (Uyghur Human Rights Project 2020).

[56] OHCHR (n 51). p.14 – 16

[57] Margaret K Lewis, 'Why China Should Unsign the International Covenant on Civil and Political Rights' (2020) 53 Vanderbilt Journal of Transnational Law. p.149-151

[58] Andrea Worden, 'China Deals Another Blow to the International Human Rights Framework at Its UN Universal Periodic Review' <https://chinachange.org/2018/11/25/china-deals-another-blow-to-the-international-human-rights-framework-at-its-un-universal-periodic-review/>.

[59] UN News, 'China: UN Experts Deeply Concerned by Alleged Detention, Forced Labour of Uyghurs'.

[60] (n 32). P.6, p.26

[61] ibid. p.26

[62] ibid. p.10

[63] ibid. P.56

[64] OHCHR (n 51).

[65] Manfred Nowak and Elizabeth McArthur, Oxford Commentary on International Law: The United Nations Convention Against Torture (Oxford University Press 2008). P.27

[66] ibid.

[67] Max LeValley, ‘Xinjiang: The “New Frontier” of State-Sanctioned Torture’ (2019) 41 Michigan Journal of International Law.

[68] Uyghur Tribunal, ‘Witness Statement, Omir Bekali’. P.4

[69] ibid. p.4

[70] CAT, ‘Concluding Observations on the Fifth Periodic Report of China’ (Convention against Torture and Other Cruel, Inhuman or Degrading Treatment or Punishment 2016).

[71] OHCHR (n 51). P. 34-35

[72] Helen Davidson, ‘Twitter Removes China US Embassy Post Saying Uighur Women No Longer “Baby-Making Machines”’ The Guardian (Taipei, 10 January 2021).

[73] (n 32). P.33

[74] ibid. p.33

[75] ibid. p.36

[76] ibid.

[77] Human Rights Watch and Stanford Law School (n 21). P.36

[78] OHCHR (n 51). P.23

[79] Marsha A Freeman, Christine Chinkin and Beate Rudolf, The UN Convention on the Elimination of All Forms of Discrimination Against Women: A Commentary (Oxford University Press 2012). P.21

[80] Jan Wouters and Sten Verhoeven, ‘The Prohibition of Genocide as a Norm of Ius Cogens and Its Implications for the Enforcement of the Law of Genocide’ (2005) 5 International Criminal Law Review 401.

[81] Diamond and Asat (n 24). P.11-12

[82] United Nations, ‘Convention on the Prevention and Punishment of the Crime of Genocide’ <https://treaties.un.org/pages/ViewDetails.aspx?src=IND&mtdsg_no=IV-1&chapter=4&clang=_en>.

[83] Amnesty International, ‘Fact Sheet: China and the International Criminal Court’ <https://www.amnesty.org/ar/wp-content/uploads/2021/07/asa170232007en.pdf>.

[84] United Nations, ‘Convention on the Prevention and Punishment of the Crime of Genocide’.

[85] Diamond and Asat (n 24). P.35

[86] ibid. p.37-39

[87] Adrian Zenz, 'The Xinjiang Papers: An Introduction' <https://uyghurtribunal.com/wp-content/uploads/2021/11/The-Xinjiang-Papers-An-Introduction-1.pdf>.

[88] Emilie M Hafner-Burton and Kiyoteru Tsutsui, 'Justice Lost! The Failure of International Human Rights Law To Matter Where Needed Most' (2007) 44 Journal of Peace Research 407.

[89] Regina Menachery Paulose and Benjamin Duerr, People's Tirbunals, Human Rights and the Law, Searching for Justice: Political Will and the People's Will (Routledge 2020). P.22

[90] Aldo Zammit Borda and Stefan Mandelbaum, '"If I Would Stay Alive, I Would Be Their Voice": On the Legitimacy of International People's Tribunals' (2023) 86 The Modern Law Review 67 <https://doi.org/10.1111/1468-2230.12747> accessed 13 March 2023.

[91] Paulose and Duerr (n 89). P.23

[92] Zammit Borda and Mandelbaum (n 90). P.68

[93] Paulose and Duerr (n 89). P.23

[94] ibid. p.23

[95] Zammit Borda and Mandelbaum (n 90). P.69

[96] ibid.

[97] ibid. p.71

[98] Paulose and Duerr (n 89). P.24-25

[99] ibid

[100] UN Watch, 'Whistleblower Rejects UN Denial It Handed Names of Dissidents to China'.

[101] Christine Chinkin, 'People's Tribunals: Legitimate or Rough Justice Special Issue: Problems Concerning Human Rights' (2006) 24 Windsor Yearbook of Access to Justice 201 <https://heinonline.org/HOL/P?h=hein.journals/windyrbaj24&i=211>.

[102] Uyghur Tribunal, 'Uyghur Tribunal, About' <https://uyghurtribunal.com/abouttribunal/>.

[103] John Curtis and Tim Robinson, 'The Uyghur Tribunal' <https://researchbriefings.files.parliament.uk/documents/CDP-2022-0009/CDP-2022-0009.pdf>. p.10

[104] ibid. p.10

[105] Zammit Borda and Mandelbaum (n 90). P.72

[106] ibid. p.73

[107] Chinkin (n 101). P.212

[108] ibid. p.216

[109] Zammit Borda and Mandelbaum (n 90). P.76

[110] CGTN, 'UK "Uygur Tribunal" Aims to Smear China, Has No Legal Basis: Xinjiang Officials' <https://www.youtube.com/watch?v=E58G5BqKlcQ>.

[111] Zammit Borda and Mandelbaum (n 90). p.79

[112] European Parliament, 'Proposal for a Ban on Goods Made Using Forced Labour'.

[113] Rasmus Hansson, ‘Representantforslag Om Norsk Oppfølging Av Kinesiske Myndigheters Overgrep Mot Uigurene Og Brudd På Internasjonal Rett’ <https://www.stortinget.no/no/Saker-og-publikasjoner/Publikasjoner/Representantforslag/2022-2023/dok8-202223-150s/?utm_medium=rss&utm_source=www.stortinget.no&utm_campaign=Representantforslag>.

[114] Diamond and Asat (n 24). P. 10

# غەربنىڭ نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر پاجىئەسى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە تەكلىپ - پىكىرلىرى

ئەركىن سىدىق

2023 - يىلى 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

مەن 2022 - يىلى ئۇيغۇرلار ۋە غەربلىك مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان، نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئۈستىدە مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلغان 3 چوڭ پائالىيەتكە قاتناشتىم. ئۇلار: دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى (د ئۇ ق) ئېلىپ بارغان، 2022 - يىلى 5 - ئايدا گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي كېڭەش يىغىنى؛ د ئۇ ق قاتارلىق بىر قانچە ئورۇن تەشكىللىگەن، 11 - ئايدا بېلگىيەنىڭ برىيۇسسېل شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى؛ ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق ئورۇنلار تەشكىللىگەن، 12 - ئايدا ئامېرىكا پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق داۋام قىلىۋاتقاندا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداش ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» قاتارلىقلاردۇر. بۇ يىغىلىشلاردا بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، خەلقئارادا تونۇلغان تەتقىقاتچى ۋە مۇتەخەسسىسلەر، خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار، ھەمدە تەشكىلات رەھبەرلىرى خەلقئارا جامائەتنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا قارىتا ھازىرغىچە تۇتقان پوزىتسىيەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ئۈستىدە ناھايىتى قىممەتلىك كۆز قاراش ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار تەمىنلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن، خەلقئارا مۇناسىۋەت قانۇنىيەتلىرى دائىرىسىدە خەلقئارا جامائەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قايسى ۋە قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ، ھەمدە قايسى ۋە قانداق ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمەيدۇ، دېگەندەك

سوئاللارغا مەلۇم دەرىجىدە جاۋاب تېپىش مۇمكىن. مەن بۇ ماقالىدە ئۆتكەن يىلى 11 - ئايدا بېلگىيەنىڭ برىيۇسسېل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن مۇھىم كۆز قاراشلار، پىكىر - تەلەپلەر ۋە تەكلىپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. مەن پايدىلىنىدىغان مەنبە يۇقىرىقى پائالىيەتنىڭ ۋىدىيوسىدۇر.

ئەسلىدىكى نۇتۇقلارنىڭ تېمىسى يوق بولۇپ، تۆۋەندىكى تېمىلارنى مەن ئۆزۈم قويدۇم.

## 1. ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش سالاھىيىتىگە ئىگە

2022 - يىلى 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى برىيۇسسېلدىكى «خەلقئارا ئۇيغۇر مۇنبىرى» يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىگەن ئەربابلارنىڭ بىرى خەلقئارالىق ئادۋوكات دوكتور پراگ (Dr. Michael van Walt van Praag). مەن ئالدى بىلەن دوكتور پراگ ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نۇتقىنى بايان قىلىمەن. مېنىڭ يازىدىغىنىم ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى.

دوكتور پراگ – دۆلەتلەر ئارا تىنچلىق خىزمەتلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئادۋوكاتى، كېلىشتۈرگۈچىسى ۋە مەسلىھەتچىسى، ھەمدە خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت پروفېسسورى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) غا قانۇنىي مەسلىھەتچى بولغان، 1985 - 2011 - يىللىرى دالاي لاما ئىشخانىسىغا مەسلىھەتچى بولغان، ھەمدە ئامېرىكىدىكى داڭلىق مەكتەپ – پرىنسىتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا زامانىۋى خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە خەلقئارالىق قانۇن كەسپىنىڭ پروفېسسورى بولغان. دوكتور پراگ بىر گۇرۇپپا تەتقىقاتچىلارنى تەشكىللەپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش تېمىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شۇ ئاساستا بىر پارچە ئىنگلىزچە كىتاب تەييارلاۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ دېيىشىچە مەزكۇر كىتاب 2023 - يىلى ئىچىدە نەشر قىلىنىشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇ كىتاب نەشردىن چىققاندا، ئۇيغۇر پروجېكت فوندى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ كىتابنىڭ نەشرىيات ھوقۇقىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشىمىز.

تۆۋەندىكىسى دوكتور پراگنىڭ دېگەنلىرى:

ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن زۇلۇمغا ھازىر 70 يىلدىن ئاشتى. ئەگەر بىز بۇ زۇلۇمنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقمىساق، ئۇنى ئاخىرلاشتۇرالمايمىز. ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگىنى بىر زالىم تاشقى كۈچنىڭ يەرلىك خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ھالدا يۈرگۈزگەن زۇلۇم بولۇپ، ئۇ پەقەت كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، ئۇ يەنە سىياسىي مەسىلە. بۇ توقۇنۇشنىڭ تۈپ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك. خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى «قەدىمدىن تارتىپ خىتاي زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» ، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1 - ئەسىردىن تارتىپلا خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىدى، دەيدۇ. بۇ توغرىمۇ؟ ياق، ئۇ خاتا. شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ خىتاينىڭ بىر قىسمى بولۇپ باققان ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن خىتاي زېمىنىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ باققان ئەمەس. «شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ خىتاي زېمىنىنىڭ بىر قىسمى ئىدى» دېگەن بايان خاتا.

موڭغۇل ۋە مانجۇ ئىمپېرىيەلىرى شەرقىي تۈركىستانغا بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلىپ باققان، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ باققانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قوشۇۋېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. تاڭ ۋە خەن سۇلالىسى شەرقىي تۈركىستانغا ئازراق ھۆكۈمرانلىق قىلىپ باققان. ئەمما ئاشۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلغان بارلىق ۋاقىتنى قوشقاندا، 18 ئەسىر ياكى 1800 يىللىق تارىخىي دەۋر ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى 250 يىلدىن ئاشمايدۇ، ھەمدە 250 يىلمۇ ئۈزلۈكسىز ئەمەس،

ئۆزۈلۈپ - ئۇلىنىپ داۋام ئەتكەن؛ ھەمدە، مۇھىمى خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ باققان ئەمەس. يۇقىرىقى خىتاي سۇلالىلىرىمۇ ئاخىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ئاشۇنداق ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى 763 - يىلى يۈز بەرگەن. شەرقىي تۈركىستاننى ئاشۇنداق قىسقا مۇددەت بېسىۋالغان خىتايلارنىڭ ئالدىدىكىسى بىلەن كەيىندىكىسى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مەمۇرىي ياكى ھەربىي باغلىنىش مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان. تاڭ ۋە خەن سۇلالىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشى بۇنىڭدىن 1200 يىل بۇرۇن يۈز بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنكى خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋېلىشى بىلەن ھېچ قانداق مۇناسىۋىتى يوق. بۇ جەزملەشتۈرۈلگەن بايقاشتۇر.

763 - يىلدىن كېيىن، خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستان ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ باققان ئەمەس. ئەمما شەرقىي تۈركىستانغا ئاسىيادىكى باشقا كۈچلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىپ باققان. ئۇ كۈچلەردىن ئىككىسى مانجۇ ۋە موڭغۇل ئىمپېرىيەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار خىتاينىمۇ باش ئەگدۈرۈپ، خىتاينىمۇ ئىگىلىۋالغان. مىڭ سۇلالىسى – خىتاي سۇلالىسى، ئەمما ئۇ شەرقىي تۈركىستانغا قەدەم بېسىپ باققان ئەمەس. يېقىنقى تارىخىي دەۋردە، ئۇيغۇرلار مانجۇلارنىڭ چىڭ ئىمپېرىيەسىگە ئىككى قېتىم بېقىندى بولۇپ باققان، ئۇ دەۋرنىڭ بىرى 1762 – 1865، يەنە بىرى 1881 – 1911 - يىللىرى. ئۇ ئىككى دەۋرنىڭ ئارىلىقىدا ياقۇپبەگ قەشقەرنى بىر مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە سورىغان. ئۇ چاغدىكى ھاكىمىيەت چىڭ سۇلالىسىدىن مۇستەقىل ھالدا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، خىتاي بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى بولمىغان.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى «قەدىمدىن تارتىپ خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىدى» سەپسەتىسى بىر قانچە جەھەتلەردىن پۇتۇنلەي خاتا. بىرىنچىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى 1949 - يىلدىن كېيىنكى خىتاي دۆلىتىنىڭ چېگراسى بىلەن بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇنقى خىتاي مەدەنىيىتى ئىچىدە ياشىغان زېمىنىنىڭ چېگراسىنى ئوخشاش قىلىپ بايان قىلىدۇ. ئاندىن ئاشۇ زېمىن ئىچىدە ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، دەپ ھېسابلايدۇ. ئاشۇ مىللەتلەرنىڭ پادىشاھلىقى ۋە ھۆكۈمىتىنى خىتاي دۆلىتى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى، دەپ قارايدۇ. بۇ تارىخنىڭ بۇرمىلىنىشىدۇر.

ئىككىنچىدىن، خىتاي يۇقىرىقىدەك يالغان - ياۋىداقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئاسىيادا ھۆكۈمران ئورۇن ئېلىپ خىتاينى بېسىۋالغان ئىمپېرىيەلەرنى خىتايغا تەۋە كۈچلەر قىلىپ ھېسابلاپ، تارىخنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. ئاندىن ئاشۇ ئاسىيادىكى سىرتقى كۈچلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان تەسىرى ۋە شەرقىي تۈركىستان بىلەن قىلغان مۇناسىۋەتلىرىنى خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدىكى تەسىر ۋە مۇناسىۋەت قىلىپ ھېسابلىۋالىدۇ، ھەمدە ئۇنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان تېررىتورىيەسىنىڭ ئىگىسى بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى قىلىپ كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. خىتاي بۈگۈنكى دەۋردە خەلقئارادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، ئەمما تارىختا قەتئىيلا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان قانۇنىي ئۆلچەملەرنى بۇرۇنقى شەرقىي تۈركىستان ئەھۋالىغا قوللىنىپ، شۇ ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان قەدىمدىن تارتىپ بىزنىڭ زېمىنىمىزنىڭ بىر پارچىسى ئىدى» دېگەن سەپسەتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ھىيلە - مىكىر بولۇپ، ئۇ، تارىخ ھەققىدە خاتا يەكۈنگە ئېلىپ بارىدۇ. تارىختىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىگىسى زادى كىم بولغانلىقىنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئالدىمىزدا خىتاينىڭ سەپسەتىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان مەنزىرە پەيدا بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىر تەتقىق قىلىۋاتقىنىمىز ئەنە شۇنداق تېمىلار. بىز ئۆزىمىزنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، خەن ۋە تاڭ سۇلالىسىدىن باشقا دەۋرلەردە خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ باققان ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان خىتاي زېمىنىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ باققان ئەمەس. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەھۋاللارمۇ ھەم شۇنداق. بىز خىتاي بىلەن مانجۇلارنىڭ چىڭ سۇلالىسىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك – چىڭ سۇلالىسى مانجۇلارنىڭ، خىتاينىڭ ئەمەس.

1911 - يىلى خىتايلار مانجۇلارنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ خىتاي دۆلىتىنى قۇردى. ئەمما ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىي دەۋرنىڭ بىر قىسمىدا شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي مىلىتارىستلىرى خىتاي دۆلىتىدىن مۇستەقىل ھالدا كونترول قىلدى، قالغان ۋاقىتلاردا بولسا شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇردى، ھەمدە شۇ دەۋردە ئىككى قېتىم ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇردى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى ھالىتى قانداق؟ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھازىرقى ھوقۇقلىرى نېمە؟ 1949 - يىلىدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خىتاي بەرگەن ئىسمىدىكىدەك ئاپتونومىيە رايونى بولۇپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۇ مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمى ئاستىدا باشقۇرۇلۇپ كەلدى. بۇ ئەھۋال خىتاي ۋە خەلقئارا جامائەتتىن مەلۇم قانۇنىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. خىتاي ئادا قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىي جاۋابكارلىق ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە ھۆكۈمدارلىقىنى ئاخىرلاشتۇرۇش. خەلقئارا قانۇندا مۇنداق بىر مۇستەھكەم ماددا بار، ئۇ بولسىمۇ مۇستەملىكىچىلىكنى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇش، مۇستەملىكىلىكنى زېمىن ئىگىلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىگە يول قويۇش ئاساسىدا ئاخىرلاشتۇرۇش، ياكى مۇستەملىكىچىلىكنى يەرلىك خەلقنىڭ مۇستەملىكىسىزلىنىش ھوقۇقى ئاساسىدا ئاخىرلاشتۇرۇش. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى مۇستەملىكىچىلىكنى مۇتلەق ھالدا، دەرھال ئاخىرلاشتۇرۇش. خەلقئارا جامائەت ۋە چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بولسا خەلقئارا قانۇندا مۇنداق ئۈچ مەجبۇرىيىتى بار:

(1) خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇنسىز مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ داۋاملىشىشىنى دەرھال توختىتىش؛ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قانۇنسىز ھۆكۈمرانلىقىغا ھېچ قانداق ياردەم قىلماسلىق؛ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تۇپرىقىدىكى تەبىئىي بايلىقلاردىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەركىن پايدىلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر قانداق ئىش - ھەرىكەتلەرگە يول قويماسلىق؛ باشقا ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننى مۇستەملىكىسىزلاشتۇرۇش ئىشىدا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش؛ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم قىلىش؛

(2) شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىش كۈرىشىگە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلىش؛

(3) شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى دەپسەندە قىلىپ، خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئورگان ۋە ئادەملەرگە قارشى تەدبىر قوللىنىش.

مانا بۇلار، خىتاي ۋە خەلقئارا جامائەتكە قويۇلغان ماددىي، مەنىۋى، سىياسىي ۋە قانۇنىي تەلەپلەر.

## 2. ئىگىلىك ھوقۇقنى باھانە قىلىپ كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش پۈتۈنلەي خاتا

نۆۋەتتىكى تەيۋەندىكى سىياسىي ئەرباب ئۆركەش دۆلەت سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

ئۇيغۇر مەسىلىسى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بىرى. 21 - ئەسىردىمۇ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم مىللىتى ۋە دىنى سەۋەبىدىن جازا لاگېرلىرىدا سولاقلىق تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ، بۈگۈنكى دەۋرگە كەلتۈرۈلگەن ئەڭ چوڭ داغدىن ئىبارەت. بىز كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سەۋەبى بىلەن خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنى ئەيىبلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، غەرب دېموكراتىك ھاكىمىيەتلىرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن يولغا قويۇپ كەلگەن، ئىگىلىك ھوقۇقنى كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان سىياسەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەك. بىز بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە تاجاۋۇز قىلمىسىلا، ئۆز چېگراسى ئىچىدە قىلغان بارلىق ئىشلىرىغا كۆز يۇمساق بولىۋېرىدۇ، دېگەن يولنى تۇتۇپ كەلدۇق. بۇ خىل سىياسەت 3 - دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىدى، ئەمما بۇ يول خىتايغا ئوخشاش كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ

ئۆز خەلقى ئۈستىدىن ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمىدى. بۇنىڭ بىر تىپىك مىسالى 1989 - يىلىدىكى تيەنئەنمېن قىرغىنچىلىقىدۇر. دۇنيا ئاشۇ ۋەقەلەرگىمۇ يۇمشاقلىق قىلدى، نەتىجىدە خىتاي ھاكىمىيىتى خۇشال بولدى، ھەمدە دۇنيانىڭ يۇمشاق قوللۇقى ۋە پاسسىپلىقىدىن ئۇلار تېخىمۇ ئىلھاملاندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقىدەك بىر تەقدىرگە دۇچ كېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى ئەنە شۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش دۇنيانىڭ، بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى – ئۇلار خىتاينى رازى قىلىپ تۇرۇپ ياشاش سىياسىتىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى تېررورىزمغا باغلىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە ھەرىكەتلىرىگە «بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈردى. دۇنيا بولسا خىتاينىڭ ئاشۇنداق سەپسەتىسىنى ئەينەن قوبۇل قىلدى. مانا بۇ ئىگىلىك ھوقۇق كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن ئىدىيەنىڭ بىر نامايەندىسى. ئۇيغۇرلار بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ۋە بىر مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشقا تولۇق ھوقۇقلۇق. خىتاي ھاكىمىيىتى بۈگۈن ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارغا ئەنە شۇنداق بىر ھوقۇقنى ئاتا قىلدى. شوتلاندىيە خەلقى مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. كانادادىكى كۇبېك خەلقىمۇ ھەم شۇنداق. دېموكراتىك تۈزۈم ئاستىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى يوللۇق بولسا، دىكتاتورلۇق تۈزۈمى ئاستىدا ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغان خەلقلەر شۇنداق قىلىشقا تېخىمۇ ھوقۇقلۇق بولۇشى كېرەك. ئىگىلىك ھوقۇقنى كىشىلىك ھوقۇقتىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدىغان سىياسەت خاتا. ئۇيغۇر خەلقى تۆلىگەن بەدەل، دۇنيانىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرۈۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. مەن سىلەرنىڭ ئۆز ئەركىنلىكىڭلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىگە ياردەم قىلىشىڭلارنى سورايمەن – سىلەرنىڭ ئاشۇنداق قىلىش مەجبۇرىيىتىڭلار بار.

## 3. ئۇيغۇرلارنى ئادالەتكە ئېرىشتۈرۈشتە خەلقئارا ئادالەت سوتىدىن پايدىلىنىش كېرەك

تۆۋەندىكىسى لوندوندا تۇرۇشلۇق خەلقئارالىق ئادۋوكات مايكۇل پولاك (Michael Polak) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

خىتاي ھاكىمىيىتىنى ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزۈش مۇناسىۋىتى بىلەن جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن د ئۇ ق ئارگېنتىنا ئالىي سوتىغا ئەرز سۇندى. مەن ئۇ ئىشقا ياردەملەشتىم. ئۇنىڭدىن باشقا، خىتاي ھاكىمىيىتىنى جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئۇيغۇرلارغا ئادالەت يەتكۈزۈشتە بىز خەلقئارا ئادالەت سوتىدىنمۇ ياخشى پايدىلىنىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىشنى ب د ت نىڭ بىر كومىتېتىدىن ياكى ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىدىن باشلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇر مەسىلىسىدە ئالدىنقى قېتىم ب د ت غا يوللانغان بىر دوكلاتنى 39 دۆلەت قوللاپ، 45 دۆلەت خىتاي تەرەپتە تۇرۇۋالغاندى. ئالدىنقى ھەپتە يوللانغان يېڭى بىر دوكلاتنى 50 دۆلەت قوللىدى. يەنى، ب د ت دا ئۇيغۇرلار تەرەپتە تۇرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ سانى تېز كۆپىيىۋاتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سىياسىي ۋە قانۇنىي تىرىشچانلىقلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىشى كېرەك. ب د ت دا ئىرقىي كەمسىتىشنى يوقىتىش كومىتېتىمۇ بار. ئۇيغۇر مەسىلىسىنى مۇشۇ كومىتېت ئىچىدىمۇ مۇزاكىرىگە قويۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز گېرمانىيەنىڭ ۋولكسۋاگون ماشىنا شىركىتىگە ئوخشاش چوڭ خۇسۇسىي شىركەتلەرنىمۇ قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىشىمىز كېرەك.

## 4. سۈكۈنات زالىمغا ياردەم قىلغانلىق بىلەن باراۋەر

تۆۋەندىكىسى ئەنگلىيە پارلامېنت ئەزاسى ئافزال خان (Afzal Khan) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ

قىسقىچە مەزمۇنى:

مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىنى بۇرۇن ياۋروپا پارلامېنتىدا بىخەتەرلىك كومىتېتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا بىلگەنىدىم. ئەنگلىيە پارلامېنتى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خىتاي ھاكىمىيىتىنى جاۋابكارلىققا تارتىش ئىشلىرىنى APPG (ھەممە پارتىيەنىڭ پارلامېنت گۇرۇپپىلىرى، All - Party Parliamentary Group) ۋەIPAC (خىتايغا قارىتىلغان پارلامېنتلار ئىتتىپاقى، Inter - Parliamentary Alliance on China) دىن ئىبارەت ئىككى خەلقئارالىق تەشكىلات بىلەن ھەمكارلاشقان ئاساستا ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم مەسىلە – چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرىنىڭ قانداق يول تۇتۇش مەسىلىسى. ھازىر كىشىلەر ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىدى دەۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىسپاتلىرىمۇ كۆندىن - كۆنگە كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ. نۇپۇزلۇق تەشكىلاتلارمۇ «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى يۈز بېرىۋاتىدۇ» دەۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرىنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىشى بىر خىل ئەخلاقسىزلىق بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ. ھازىرقىدەك ئەھۋالدا ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغان كىشىلىك ھوقۇق مەۋجۇت ئەمەس. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تەلەپ قىلىۋاتقىنىمۇ مۇشۇ شۇ: ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئېرىشىش. ھازىر 190 دىن كۆپرەك ئەللەر مۇشۇنداق ھوقۇققا ئىگە. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلە ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ مەسىلىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ دۇنيا ئورتاق قوبۇل قىلغان بىر ئاساسىي مەسىلە. ھازىرقى مەسىلە، سودىنى ئىنسان ھەقلىرىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇۋېلىشتىن ئىبارەت. ھازىر ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمان ئەللىرى ئۇيغۇر مەسىلىسىدە سۈكۈتتە تۇرۇۋاتىدۇ. مەن بىر مۇسۇلمان، بىر ساداقەتمەن مۇسۇلمان. كىشىلىك ھوقۇق، ھەققانىيەتتە تۇرۇش ھوقۇقى مۇسۇلمانلارنىڭ يادرولۇق قىممەت قارىشىدۇر. بۇ جەھەتتە مۇرەسسە قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. بىزنىڭ تارىخىمىز بۇ جەھەتتىكى پاكىتلار بىلەن لىق تولغان. مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەش بەدىلىگە توغرا تەرەپتە مەھكەم تۇرغان. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھازىرقى ئەھۋالى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، كىشىنى نومۇس ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنچە كۆپ مۇسۇلمان ئەللىرى توغرا تەرەپتە تۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇۋاتىدۇ. خىتاي بىر چوڭ دۆلەت، ئۇ بىر كۈچلۈك دۆلەت. لېكىن ئۇ پۈتۈن دۇنيادىن كۈچلۈك ئەمەس. ئاڭلىق ئەللەر بىرلىشىپ، خىتايغا قارشى ئاۋاز چىقىرىشى كېرەك. سۈكۈتتە تۇرۇش زالىمغا ياردەم قىلغانلىق بىلەن باراۋەر. ئىرقىي قىرغىنچىلىق كىچىك ئىش ئەمەس. ئۇ ئادەتتە ئىرقىي ئۆچمەنلىككە ئوخشاش كىچىك ئىشلاردىن باشلىنىدۇ. ئەگەر ئاشۇنداق ئىرقىي ئۆچمەنلىك توسۇلمايدىكەن، ئۇ چوقۇم ئىرقىي قىرغىنچىلىقتەك چوڭ ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ. بىز بۇنداق ئەھۋاللارنى تارىختا قايتا - قايتىلاپ كۆردۇق. بىز ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بەرگۈچە قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ يۈز بەرگەندە «بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەننىڭ ھېچ بىر پايدىسى يوق. ئەڭ ياخشى چارە، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويماسلىقتۇر.

## 5. كاناداغا 10 مىڭ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىۋاتىمىز

تۆۋەندىكىسى كانادا پارلامېنت ئەزاسى سامىر زۇبەرى (Sameer Zuberi) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

مەن ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى 3 يىلنىڭ ئالدىدا ئاڭلىدىم. بىر قىسىم تەييارلىق خىزمەتلىرىدىن كېيىن، كانادا پارلامېنتى (House of Commons) خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان زۇلمىغا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ قاراش قارارىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن پارلامېنتقا كاناداغا 10 مىڭ ئۇيغۇر پاناھلانغۇچى يۆتكەپ كېلىش ھەققىدە بىر قارار لايىھەسى سۇندۇم. ھازىر بۇ قارار لايىھەسى ئۈستىدە قارار ئېلىنىشقا ئاز قالدى. كانادانىڭ ناھايىتى كۆپ پاناھلانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بىر ئېسىل ئەنئەنىسى بار بولۇپ، ھەر يىلى 60 مىڭدىن كۆپ كىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. مېنىڭ 10 مىڭ ئۇيغۇرنى كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇش چاقىرىقىممۇ ئاشۇ ئېسىل ئەنئەنىنى جارى

قىلدۇرۇپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان بىر خەلققە ياردەم قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەسكەرتىش: يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان كاناداغا 10 مىڭ ئۇيغۇر كۆچمەن قوبۇل قىلىش قارار لايىھەسى 2023 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماقۇللىنىپ، بۇ جەھەتتىكى ئەمەلىي خىزمەتلەر باشلىنىپ بولدى.

## 6. مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان مۇئامىلىسى ئېغىر نومۇسسىزلىق

تۆۋەندىكىسى ئەنگلىيەدە ئېچىلغان «ئۇيغۇر سوتى» سوتچىلىرىنىڭ بىرى خامىد سابى (Hamid Sabi) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

ئەنگلىيەدە ئېچىلغان ئۇيغۇر سوتى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان زۇلمى ئۈستىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەت ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن جىنايەت» دەپ ھۆكۈم چىقاردى. نورمال ئەھۋالدا پۈتۈن دۇنيا جىنايەتچى دۆلەت خىتايغا غەزەپلىنىپ، ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈۋەتكەن بولاتتى. ئەمما بۇ قېتىم ئۇنداق ئىشلار زادىلا يۈز بەرمىدى. مەن غەرب ئەللىرىگە ئانچە نارازى ئەمەس. ئۇلار ھېچ بولمىغاندا خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى مەيدانغا چىقىپ، بىر قىسىم ئىشلارنى قىلدى. ئەمما مۇسۇلمان ئەللىرى يالغۇز خىتايغا قارشى ئىش قىلمايلا قالماي، ب د ت دا قارار ئالغاندا خىتاي بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەردى. بۇ بىر ئېغىر نومۇسسىزلىق. بۇ نومۇسسىزلىقنى يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئەيىبلىشى كېرەك.

## 7. خەلقئارا قانۇنلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا يول قويىدۇ

تۆۋەندىكىسى خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى دوكتور دەيۋىد ماتاس (David Matas) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

بىر خەلقنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكى چوقۇم ئۇلارنىڭ بىر ئايرىم دۆلەتتە بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەمما بەزىدە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى بىر ئايرىم دۆلەتتە بولۇشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا ماس كېلىدۇ. يەنى، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش دېگىنىمىز ئۇلارنىڭ بىر مۇستەقىل دۆلەتتە بار بولۇشقا لاياقەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەن خەلقئارالىق قانۇنلار ئاساسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككى جەھەتتىن بىر قىسىم تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردىم. ئۇلارنىڭ بىرسى كىشىلىك ھوقۇق سىستېمىسى. مېنىڭ بايقىغىنىم، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇستەقىل دۆلەتتە بولۇش ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۆلەتتە بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى رەت قىلغانلىق بولىدۇ. مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان يەنە بىر ساھە بولسا، مەن ھازىرغىچە مۇستەقىل بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان خەلقلەرنىڭ 6 خىل ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئۇلاردىن بەشى مەغلۇپ بولۇپ، پەقەت كوسوۋولا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپتۇ. كوسوۋو ئۈچۈن قوللانغان ئۆلچەملەرگە قاراپ باقىدىغان بولساق، شەرقىي تۈركىستان ئۇ ئۆلچەملەرنىڭ ھەممىسىگە چۈشىدىغانلىقىنى بايقايمىز.

مەن تەكشۈرگەن 6 مىسال تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فىنلاندىيە بىلەن شۋېتسىيە ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن بىر قىسىم ئاراللارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھەققىدىكى توقۇنۇش؛

(2) كانتېنگانىڭ زايىردىن مۇستەقىل بولۇش ئەھۋالى (Kantenga, Zaire)؛

(3) تۈركىيە سىپرۇسنى بېسىۋالغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئەھۋال؛

(4) كانادانىڭ كۇبەك ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن ئەھۋال؛

(5) جەنۇبىي كامېرون (South Cameroon)؛

(6) كوسوۋو. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئەھۋالى ئالدىنقى 5 ئەھۋالغا تەۋە بولغان ئەھۋاللار بىلەن ئوخشاش ئەمەس.

## 8. دۆلەت ھاكىمىيىتى يولغا قويغان مەجبۇرىي ئەمگەكنى توسۇش كېرەك

تۆۋەندىكىسى ئامېرىكىدىكى كوممۇنىزم قۇربانلىرى فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىسى دوكتور ئادرىيان زېنز (Adrian Zenz) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

ئۇيغۇر مەسىلىسىدە خەلقئارا جامائەت، غەرب ئەللىرى ۋە ئامېرىكا ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشتا ئېغىر دەرىجىدە مەسىلە سادىر قىلدى. ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھەققىدىكى جەنۋە كېلىشىمى خەلقئارا جامائەتتىن بىر يەردە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈز بېرىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە ئۇنىڭغا قارىتا دەرھال تەدبىر ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەجبۇرىي ئەمگەك كۆپلىگەن ئەللەردە قانۇنسىز بولۇپ، ب د ت دىمۇ ھەم شۇنداق. ب د ت بۇ يىل چىقارغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى دوكلاتنىڭ ئەڭ ئاجىز يېرىمۇ دەل مۇنداق ئىككى ساھە: تۇغۇتنى چەكلەش ئارقىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك. چىن چۈەنگو شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك سىستېمىلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. ما شىڭرۈي بولسا ھازىر ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ھالەتكە ئەكېلىش ئۈچۈن ئىش باشلىدى. مەن ئىگىلىگەن مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 500 مىڭدىن كۆپ كىشى جازا لاگېرىدىن مەجبۇرىي ئەمگەك شىركەتلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ سىرتىدا يەنە 1.5 - 2 مىليونغا ئادەم ھازىر مەجبۇرىي ئەمگەك شىركەتلىرىدە ئىشلەۋاتىدۇ. دېمەك، شەرقىي تۈركىستاندا ھازىر 2 - 2.5 مىليون ئادەم مەجبۇرىي ئەمگەك ئىشچىلىرى سۈپىتىدە ئىشلەۋاتقان بولۇپ، بۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى 28 مىليون مەجبۇرىي ئەمگەك ئىشچىلىرىنىڭ 10 پىرسەنتىگە توغرا كېلىدۇ. ياۋروپا بىرلىكى خۇسۇسىي شىركەتلەر يولغا قويغان مەجبۇرىي ئەمگەك تۈرلىرىنى توسۇش ھەققىدە قانۇن چىقاردى، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقىنى بىر دۆلەت ھاكىمىيىتى يولغا قويغان ئىش بولۇپ، بۇ ئىككىسى ماھىيەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەجبۇرىي ئەمگەك سىياسىتىنى مەقسەت قىلغان، ئىقتىسادىنى ئەمەس. شۇڭلاشقا ياۋروپا بىرلىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى يولغا قويغان مەجبۇرىي ئەمگەكنى توسۇش جەھەتتە يېڭى قانۇن چىقىرىشى كېرەك.

## 9. ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توسۇش مەجبۇرىيىتى بار

تۆۋەندىكىسى بېلگىيە پارلامېنت ئەزاسى سامۇئېل كوگولاتى (Samuel Cogolati) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

بېلگىيە پارلامېنتى بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇر پائالىيەتچىلەر بىلەن بىللە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلغان زۇلمى ئۈستىدە «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. 1948 - يىلدىكى جەنۋە كېلىشىمى ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەردىن يالغۇز ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان ھۆكۈمەتلەرنى جازالاشلا ئەمەس، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا بۇ كېلىشىم ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىر ناھايىتى ياخشى قورال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى، ب د ت غا ئەزا دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم ۋە مەجبۇرىي ئەمگەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇلارنى توسۇش مەجبۇرىيىتى بار. بۇ جەھەتتىكى كۈرەش تېخى ئاخىرلاشمىدى. بىزنىڭ پارلامېنتتا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئالغان قارار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كەڭ كۆلەملىك زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارىدىغان كۈرىشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. بىز بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق تىرىشچانلىقلارنى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشنى توختىتىشقا قارىتىشىمىز كېرەك. بۇ ئىشتا يالغۇز ياۋروپا بىرلىكىنىڭلا مەسئۇلىيىتى بولۇپ قالماستىن، بېلگىيەگە ئوخشاش ھەر بىر ئەزا دۆلەتلەرنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار. مەن يېقىندا بىر قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. ئۇنىڭدا شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ بېلگىيەگە ئىمپورت قىلىشنى جىنايى ئىشلارنىڭ بىر تۈرى، دەپ خاراكتېرلىدىم. بۇ جەھەتتە بىز ھەممىمىز ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بىز بىر تەرەپتىن قۇللۇقنى چەكلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەردىكى مەجبۇرىي ئەمگەكتىن ئىقتىسادىي پايدا كۆرسەك بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى بار. مېنىڭچە يۇقىرىدىكى قانۇن لايىھەسى چوقۇم تەستىقتىن ئۆتىدۇ. شۇ ئارقىلىق بىز بېلگىيەلىكلەر ئۆز بۇرچىمىزنى ئادا قىلىپ، 21 - ئەسىرنى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئىنسانلارنىڭ غۇرۇرىنى قوغدايدىغان بىر ئەسىر قىلىشقا تىرىشىمىز.

## 10. ئادالەتلىككە كاپالەتلىك قىلىشتا مېدىيالارنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم

تۆۋەندىكىسى «قەھرىتان» ژۇرنىلىنىڭ دىرېكتورى ماركو رەسپىنتى (Marco Respinti) سۆزلىگەن نۇتۇقنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى:

مېدىيا دېگىنىمىز، خەۋەر ۋە ئۇچۇر مەنبەسى بىلەن خەلقنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرىدىغان كۆۋرۈككە قارىتىلغان. مېدىيا ناھايىتى قىممەتلىك. ئۇ خەلققە بىلىم بېرىدۇ، ئاندىن ئۇ بىلىملەر ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇچۇرلارنى توغرا يەتكۈزۈش مېدىيالارنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەسئۇلىيىتى بولۇشى كېرەك. بۇ ئامىل ئۇيغۇر پاجىئەسىدە ئۆزىنى تولىمۇ تولۇق نامايان قىلدى. خىتاي ھاكىمىيىتى بۇ پرىنسىپنى پۈتۈنلەي دەپسەندە قىلىۋەتتى. تارىختىن خاتا چۈشىنىۋالغان كىشىلەر چوقۇم خاتا سىياسەتلەرنى يولغا قويىدۇ. يامان ياكى خاتا ئۇچۇرلارغا ئىشەنگەن كىشىلەر كاللىسىدا تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى ئىشلار ھەققىدە بۇزۇلغان ئىدىيەلەرنى شەكىللەندۈرىدۇ. نەتىجىدە ئاممىۋى سورۇنلاردا يامان ياكى خاتا روللارنى ئالىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر پاجىئەسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆپلىگەن ئۇچۇر مەنبەلىرى بار. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىلىرىنىڭ سۈپىتى ناھايىتى يۇقىرى. كۆپلىگەن ژۇرنالىستلار ئۆز مەجبۇرىيىتىنى كەسپىي ئۆلچەم بىلەن، ئاڭلىق ھالدا، ۋە يۇقىرى سۈپەتتە ئادا قىلىۋاتىدۇ. ئەمما، ئادەتتىكى خەلق ئاممىسى ئۇيغۇر كرىزىسى ھەققىدە ئانچە كۆپ ئىشلارنى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىمۇ ئانچە ياخشى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇيغۇر كرىزىسىدىن ئىبارەت بۇ جىددىي مەسىلىدە كۆپلىگەن ئەللەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى توغرا يول تۇتمايۋاتىدۇ. كۆپلىگەن مېدىيالار ھەقىقىي ئەھۋالنى توغرا چۈشەنمەيۋاتىدۇ. بۇ، ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ چىرايلىقچە بايان قىلىنىشى. ئەگەر ھازىر ساقلىنىۋاتقان مەسىلىنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويساق، كۆپلىگەن ژۇرنالىستلار خىتاي كومپارتىيە تەشۋىقاتلىرىنى ئەينەن تەكرارلايدۇ. بۇ، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرسى. ئۇلارنىڭ يەنە بىرسى بولسا، بىر قىسىم ژۇرنالىستلار ئۆز كەسپىگە ماس كېلىدىغان توغرا پوزىتسىيەگە ئىگە ئەمەس. ھۆررىيەتلىك ۋە بىپەرۋالىق سەۋەبىدىن ئۇلار ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دېگەنلىرىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلمايدۇ. بۇ، ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مېدىيالار ھەققىدە دېيىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نۇقتا. خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر كرىزىسى

ھەققىدىكى سۆزلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ھەقىقىي ژۇرنالىستلار چوقۇم سوئال سوراشتىن ھېرىپ قالماسلىقى، كۆپلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈشكە، كۆپلەپ ۋاقىت سەرپ قىلىشقا ۋە كۆپلەپ ئىزدىنىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن توغرا ۋە تەپسىلىي جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. مېدىيالار ھۆكۈمەتلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرى ئۈستىدىن ھەر كۈنى سوئال سوراپ تۇرۇشى كېرەك. ھەقىقىي ژۇرنالىزم ئۆلچەمنى ھەر كۈنى ئۆستۈرۈپ تۇرۇشى، خىتاي ھۆكۈمىتىنى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دىنىي ئەركىنلىك ساھەسىدىكى مەسىلىلەر ھەققىدە ئېنىق جاۋاب بېرىشكە، دەرھال جاۋاب بېرىشكە قىستىشى كېرەك. 1991 - يىلىدىكى ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش نۇتقىدا، ئامېرىكا پرېزىدېنتى رىگان: «ھۆكۈمەت مەسىلىلەرنىڭ يېشىمى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت مەسىلىلەرنىڭ دەل ئۆزىدۇر» دېگەن ئىدى. ھازىرقى ئۇيغۇر كىرىزىسىدا مېدىيا مەسىلىلەرنىڭ يېشىمى ئەمەس، مەسىلىلەرنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ تۇرماقتا. بۈگۈن، يەنى 9 - نويابىر كۈنى بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلگىنىگە 33 يىل تولغان كۈن. بۇ كۈندە بارلىق مېدىيا خادىملىرى «تۆمۈر پەردە يوق قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا بامبۇك پەردە ياسالدى. ئۇنىڭدا بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بارمۇ؟» دەپ سوراپ بېقىشى كېرەك.

## ئاخىرقى سۆز

مەن يېقىنقى 5 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن، ئۇيغۇر پاجىئەسى، ئۇيغۇر كىرىزىسى ۋە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تېما قىلغان ھەر خىل ئىلمىي يىغىنلارنىڭ ھەممىسىگە قاتنىششقا تىرىشىپ كەلدىم. بۇلارنىڭ ئىچىدە 2022 - يىلىدىكى يىغىنلاردا نامايان بولغان بىر ئالاھىدىلىك، چەت ئەل ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، خەلقئارالىق تەتقىقاتچىلار ۋە خەلقئارالىق ئادۋوكاتلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي سالاھىيىتى ھەققىدە دېگەن مۇنۇ سۆزلىرى: شەرقىي تۈركىستان ئەزەلدىن خىتاي دۆلىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ باققان ئەمەس؛ شەرقىي تۈركىستان ھازىر مۇستەملىكە قىلىۋېلىنغان زېمىن ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ خەلقئارا قانۇن بويىچە قارىغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشكە ۋە بىر مۇستەقىل دۆلىتىنى بەرپا قىلىشقا ھەقدار مىللەت. بۇ ئالاھىدىلىك يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلاردا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

شۇنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ھەقىقىي ئادالەتپەرۋەر، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بىرقەدەر توغرا ۋە تولۇق چۈشەنگەن غەربلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، تەتقىقاتچىلار ۋە خەلقئارالىق ئادۋوكاتلار ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىپ، خىتاي ھازىر ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دەرھال توختىتىشنى ئىستەيدىكەن. ئەمما خەلقئارا مۇناسىۋەت ئىلمىدىكى ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئۇلار قىلالايدىغان ئىشلار ھازىرقى دائىرىدىن بەك كۆپ ئېشىپ كېتەلمەيدىكەن. ئاشۇنداق ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى مەن 2017 - يىلى تەييارلىغان «جۇڭگو نېمىشقا تىنچ يول بىلەن تەرەققىي قىلالمايدۇ؟» دېگەن ماقالىدە بايان قىلىنغان. قىزىقىدىغان ئوقۇرمەنلەر ئاشۇ ماقالىنى بىر قېتىم ئوقۇپ باقسا بولىدۇ. ئۇ ماقالە مېنىڭ www.meripet.com تور بېتىم (http://www.meripet.com/Junggo/20170428_china_not_peaceful.htm) دە، ۋە مېنىڭ 15 - ئېلكىتابىم ياكى PDF كىتابىم (http://www.meripet.com/Kitab/Erkin_Sidiqning_Tor_8-Kitabi.pdf) دا بار.

مەن مەزكۇر يازمىنى تەييارلاشقا خېلى كۆپ ۋاقىت ۋە ئەجىر سىڭدۈردۈم. مەقسىتىم – چەت ئەلدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلارنى 2022 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق خەلقئارالىق يىغىندا ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئىدىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەردىن خەۋەردار قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىتىمىزنى قۇتۇلدۇرۇش ۋە ۋەتىنىمىزنى قايتۇرۇپ كېلىش يولىدىكى ئۈمىدىنى ئاشۇرۇش ۋە ئەقىدىسىنى كۈچەيتىش.

مەن نۇتۇق سۆزلىگەن كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ نۇتۇقلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم. ئەمما ھەممىسىنىڭكىنى ئەمەس، ھەمدە ھەممە مەزمۇنلارنى ئەمەس. شۇڭلاشقا، مەن ئىنگلىزچە بىلىدىغان ئوقۇرمەنلەرگە يەنىلا ئەسلىدىكى ۋىدىيودىكى نۇتۇقلارنى بىر قېتىم تولۇق ئاڭلاپ چىقىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئەگەر مېنىڭ مەزكۇر ماقالەم چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇمىدىنى ئاشۇرۇش ۋە ئەقىدىسىنى كۈچەيتىشتە بەلگىلىك رول ئوينىسا، مەن بۇ ماقالە ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىمدىن تولىمۇ رازى بولىمەن.

يىغىننىڭ تولۇق ۋىدىيوسىنىڭ تور ئۇلانمىسى:

https://www.youtube.com/watch?v=PduilTm-USM

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

# ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى كۆچۈشلەر ھەققىدە[1]

## (باشلانغۇچتىن 20 - ئەسىرگىچە)

مەغپىرەت كامال يۇنۇسئوغلى
(تۈركىيە، ئىستانبۇل)

**قىسقىچە مەزمۇنى**

*ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي ۋە مەدەنىيەتلىك بىر خەلق ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم. بۇ ھەرگىزمۇ ھېسسىياتقا تايىنىپ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ بولماستىن، ئۇلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولى ھەققىدە باشقىلار يېزىپ قالدۇرغان تارىخىي ماتېرىياللار ۋە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن كۆپلىگەن تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، ئاسارئەتىقە ۋە تارىخىي قول يازما يادىكارلىقلىرى ئىسپاتلاپ تۇرغان بىر ھەقىقەتتۇر.*

*تارىخىي رېئاللىق بىزگە ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى كۆپ يىللار ئىلگىرىلا ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان ئىسىملار بىلەن تارىخ سەھنىسىگە چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ياشىغان ئانا يۇرتى، ياراتقان مەدەنىيىتى ۋە تارىختا ئوينىغان رولى، قوشقان تۆھپىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇيغۇرلار تۈرك بويلىرى ئىچىدە، ئۆزلىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ تارىخىي مەلۇمات قالدۇرغان*

[1] ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىنىڭ 2016 - يىلىدىكى ئىلمىي تەتقىقات يىغىنىدا سۇنۇلغان «ئۇيغۇرلاردىكى كۆچۈشلەر ھەققىدە» دېگەن سۇنۇم ئاساسىدا قايتا كېڭەيتىلىپ، تولۇقلىنىپ ماقالە شەكلىدە تەييارلاندى.

*خەلقلەردىن بىرى بولۇپلا قالماي، يەنە تۈرك خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ يازما ۋە ماددىي مەدەنىيەت ياراتقان خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار بۈگۈنكى پۈتكۈل تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئومۇمىي تارىخىنىڭ، تۈرك تىلى تارىخىنىڭ ۋە تۈرك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەم نەزەرىيەۋى ھەم ئەمەلىي ئۇلىنى بەرپا قىلىش ۋە شەكىللەندۈرۈشتە ئاساس يارىتىپ بەرگەن غوللۇق تۈرك قوۋمىدۇر.*

*ئۇيغۇرلار تارىختا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنلا بىرنەچچە قېتىم يەر ئالماشتۇرغان ۋە كۆچكەن. ئۇلار كۆچۈپ بارغان يەرلەردە مەيلى يېڭى خانىدانلىقلار قۇرغان بولسۇن ياكى بارغان يەردىكى دۆلەت تەۋەلىكىدە ئاددىي پۇقرا بولۇپ ياشىسۇن، ھەر جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشقا قاتناشقان ۋە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. تارىخىي رېئاللىقتىن قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتە ھونلار ۋە تۈركلەر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھونلار ۋە تۈركلەر ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا قەدىمكى چاغلاردىكى دەسلەپكى كۆچۈشلەر تەبىئىي ھالدا ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ھازىرغىچە ھونلارنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخلىرى ھەمدە بۇ تارىختا ھونلار ۋە تۈركلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشلىرى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. تارىختىن ئازراق خەۋىرى بار كىشىلەر بۇ كۆچۈشلەرنىڭ قانداق شارائىتتا، قاچان مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئاساسەن بىلىدۇ. بىز بۇ يازمىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى تارىختىن باشلاپ، 840 - يىلىغىچە بولغان چوڭ كۆچۈشلەرنى بىر قۇر خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە ئاساسلىقى ئۇنىڭدىن كېيىنكى جەريانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن بەزى مۇھىم كۆچۈشلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.*

**يادرولۇق سۆزلەر:** *ئۇيغۇرلار، تارىخ، كۆچۈش، كۆچ تارىخى*

## سۆز بېشى (كىرىش)

بىز ئىشلىتىۋاتقان «تارىخ» سۆزى ئەرەبچىدىن تىلىمىزغا كىرگەن بولۇپ، ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى ئىبرانچە «ئاي» مەنىسىدىكى «يارەخ» سۆزىدىن كەلگەنىكەن (توغان، 1985:2). ھازىر «تارىخ» تەلەپپۇزى بىلەن تىلىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بۇ سۆزنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئەسىرلەر، يىللار، ئايلار ۋە كۈنلەر بىلەن شۇنداقلا ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەر ۋە ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. لېكىن، بۇ نوقۇل ھالدا پەقەت ئۆتكەن ۋاقىت، دەۋر ياكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىلا كۆرسىتىپ قالماي، بىر مىللەتنىڭ شۇ دەۋرلەر ۋە ئەسىرلەر ئىچىدە مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەتنى مىللەت قىلغان ئامىللار ئىچىدە ئۇلار ئىگە بولغان ئورتاق تىل بىلەن بىللە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشىلەر بىرلىكتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئورتاق ئۆتمۈشى يەنى، تارىخىمۇ يەر ئالغان بولىدۇ. تارىخ بىر مىللەتنىڭ ئەسىرلەر بويى قاچان، قەيەردە، قانداق ئەھۋالدا نېمىلەرنى قىلغانلىقىنى، قانداق ياشىغانلىقىنى، قىسقىسى بىر مىللەتنىڭ ئەسىرلەر جەريانىدىكى ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگۈچىدۇر.

ئۇيغۇرلار تارىخى ئۇزۇن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، تارىختىكى ئۇزۇن سەپەرلىرىدە ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر ئىلگىرىلا بىرنەچچە قېتىم كۆچكەن. بۇ كۆچۈشلەر جەريانىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان، مەدەنىيەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان، نەتىجە ۋە مېۋىسىنى توپلىغان. ئۇلار ئۇزاق ئۆتمۈشتە ھونلار ۋە كۆكتۈركلەر بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ ياشىغان ۋە تۈنجى

كۆچۈشلەر تەبىئىي هالدا هونلار ۋە تۈركلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. هازىرغىچە هونلارنىڭ ۋە تۈركلەرنىڭ تارىخ سەهنىسىگە چىقىشىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى چوڭ كۆچۈشلىرى ھەققىدە كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. تۆۋەندە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا مەيدانغا كەلگەن بەزى مۇھىم كۆچۈشلەر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. ئەڭ دەسلەپكى كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلەر

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك تارىخچىلار بىلەن غەربلىك ياكى خىتاي تارىخچىلارنىڭ تەتقىقات ئەسەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۈركلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا ۋەتىنى كەڭ موڭغۇل يايلاقلىرى، سىبىرىيە دالالىرى ۋە هونلار دەۋرىدە سېرىق دەريا (خۇاڭخې) نىڭ غەربى، ياكى غەربىي شىمالىغىچە بولغان كەڭرى يەرلەر ئىدى[2] . بولۇپمۇ 1950 - يىللاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىشلار نەتىجىسىدە، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ياشىغان ئەڭ قەدىمىي يۇرتنىڭ تەڭرى تاغلىرى، ئالتاي تاغلىرى ۋە سايان تاغلىرىنىڭ[3] غەربىي جەنۇبى ئارىسىدىكى كەڭرى زېمىنلار ئىكەنلىكى تېخىمۇ ئېنىق دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاندى.

تارىختا ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىلادىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇنلا يەر ئالماشتۇرۇپ كۆچۈشكە باشلىغان. تارىخىي كىتابلاردا بۇ كۆچۈشلەرنىڭ بىر نەچچە سەۋەبى كۆرسىتىلىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، تۆۋەندىكى سەۋەبلەر قوۋملارنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاساسلىق ئامىللار دەپ قارالماقتا:

1) قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن، يەر تەۋرەش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن بىللە ئىقلىمنىڭ ئۆزگىرىشى؛
2) نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تېرىلغۇ يەرلەر، سۇ مەنبەلىرى ۋە ئوتلاقلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى؛
3) هايۋانلاردىكى ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تۈپەيلى هايۋاناتلارنىڭ ئازىيىپ كېتىشى؛
4) قەبىلىلەرنىڭ بىر - بىرلىرى بىلەن بولغان ئىختىلاپلىرى، ئاخىرى چىقمايدىغان ئۇرۇشلار؛
5) سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ تەهدىت سېلىشى، بېسىۋېلىشى بىلەن مۇنقەرز بولۇشنى خالىمىغان تۈرك قوۋملىرىنىڭ ئۆز يۇرتلىرىنى تاشلاپ باشقا يەرلەرگە كۆچۈشى؛
6) يېڭى يۇرتلارغا بولغان ئىنتىلىش.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈشىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتنى قولغا كۆندۈرۈشى ۋە ئۇنى ئىشلىتىشتىكى ماھارىتى، ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ياساپ ئىشلىتىشكە باشلىشىمۇ خەلقنىڭ كۆچۈشىنى قولايلاشتۇرغان.

تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىشىچە، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز مىلادىدىن بۇرۇنقى 1700 - يىللىرى تۇنجى بولۇپ ئاندرونوۋو رايونىدىن[4] ئالتاي ۋە تەڭرى تاغلىرىغا كۆچكەندىن تارتىپ، ئۆتۈكەندىكى

[2] بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: بايتۇر، ئە.، خەيرىنسا سىدىق. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 بېيجىڭ؛ ئالماس، تۇرغۇن، «ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ئۈرۈمچى؛ ز. ۋ. توغان، «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، 1 - قىسىم، ئەندەرۇن نەشرىياتى، 1981 ئىستانبۇل؛ تاشئاغىل، ئا.، «كۆك تەڭرىنىڭ باللىرى»، 5 - باسمىسى، بىلگە كۈلتۈر - سەنئەت نەشرىياتى، 2015 ئىستانبۇل؛ تاشئاغىل، ئا.، «كۆكتۈركلەر»، 1 - ، 2 - ، 3 - قىسىملار، تۈرك تارىخ ئىدارىسى، 2014 ئەنقەرە؛ ر.، جىن - پائۇل، «تۈركلەرنىڭ تارىخى»، (تەرجىمە : ئايقۇت قازانجىگىل)، قابالجى نەشرىياتى، 2000 ئىستانبۇل؛ ليۇ زىشياۋ، «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى»، (تەرجىمە: ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار)، 1 - ، 2 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 بېيجىڭ؛ دۈەن ليەنچىن ، دىڭلىڭ، گاۋچە يۇ تېلىي، 2006 گۇاڭشى؛ قوشۇمچە: ئەبىرخارد، ۋ.، «چىنىنىڭ شىمال قوشنىلىرى»، (تەرجىمە: نېمەت ئۈلۈغتۈغ)، تۈرك تىلى ئىدارىسى نەشرىياتى، 1996 ئەنقەرە.

[3] هازىرقى تۇۋا جۇمهۇرىيىتى ئاپتونوم رايونى چېگراسى ئىچىدە

[4] ئاندورونوۋو رايونى – جەنۇبىي سىبىرىيە رايونى بولۇپ بۇ يەردە تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەدەنىيىتى مەيدانغا كەلگەن، بۇ كۈلتۈر «ئاندرونوۋو كۈلتۈرى» دەپ ئاتالماقتا. تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: ئىبراھىم قافەسئوغلۇ، «تۈرك مىللىي كۈلتۈرى»، 1983 ئىستانبۇل، بەت: 47 - 48؛ باھاددىن ئۆگەل، «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۈرك كۈلتۈر تارىخى»، 1984، ئەنقەرە، بەت: 24 - 28. بۇنىڭدىن باشقا يەنە يۇقىرىدىكى مەنبەلەردە تۈركلەر ياراتقان «سەرۋۇۋ، كىتوي، كەلتەرمىنار، قاراسۇق، تاغار، تاشتىق» كۈلتۈرلىرىمۇ

ئۇيغۇر قاغانلىقى يىمىرىلىپ، ئورخۇن دەرياسى بويىدىن ئەڭ قەدىمكى ئانا يۇرتى – مەركىزىي ئاسىياغا كۆچكىچە بولغان ئۇزۇن ئەسىرلەر بويىچە كۆپ قېتىم ماكان ئالماشتۇرغان بولۇپ، تارىختا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. تۈرك تارىخىدىكى مەشھۇر كۆچۈشلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى كۆچۈشلەر ۋە مىلادىدىن كېيىنكى كۆچۈشلەر دەپ ئىككى دەۋرگە ئايرىلىپ چۈشەندۈرۈلمەكتە (تاشئاغىل 2015 :45 - 46)[5] . ئەلۋەتتە ئۇيغۇرلار بۇ كۆچۈشتىن كېيىنمۇ پۈتۈن بىر مىللەت ھالىتىدە بىر باشقا يەرگە كۆچۈپ ئولتۇراقلاشمىغان بولسىمۇ، ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن تا ھازىرغىچە يەنە نۇرغۇن قېتىم كىچىك گۇرۇپپىلار ھالىتىدە كۆچۈشنى داۋاملاشتۇرغان ۋە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

كۆپىنچىمىز تۈركلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا پەقەت غەربكە كۆچكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلارنىڭ بارلىقىنى بىلىمىز. لېكىن، ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار يېڭىچە پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويماقتا. بۇلارنىڭ بىرى، تۈركلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا شەرققە، ھازىرقى خىتاينىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا سېرىق (خۇاڭخې) دەرياسىنىڭ غەربىدىكى كەڭسۇ (گەنسۇ) ۋە ئوردوس رايونىغا[6] كۆچكەنلىكى ھەققىدىكى كۆز قاراشتۇر (تاشاغىل 2015:41). يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ھەققەتەن خىتاينىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا ئۆزلىرىنى ئۇيغۇر دەپ قارايدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولماقتا. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە ئوردوستىنمۇ ھالقىپ، تېخىمۇ جەنۇبتىكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەرەپلەرگە، ھەتتا خۇنەن، خېبېي ئۆلكىلىرىگە قەدەر كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

## 1.1 ئۆتۈكەندىن كۆچۈش

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئانا ۋەتىنى ئورخۇن، ئۆتۈكەن رايونى 840 - يىلىدىكى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئىچكى - تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بىرلىشىپ زەربە بېرىشى بىلەن زور كۆلەملىك قالايمىقانچىلىق ۋە توپىلاڭ ئىچىدە قالىدۇ. ئاخىرقى ئۇيغۇر قاغانى قاسار خاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە باش بولىدىغان، يول كۆرسىتىدىغان يولباشچىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تەرەپ - تەرەپكە پىتراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئانا ۋەتىنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۆتۈكەننى مەڭگۈلۈك تاشلاپ، يىراق - يىراقلارغا كۆچۈشكە باشلايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، قىرغىزلارنىڭ قىلىچىدىن قاچقان 15 ئۇيغۇر قەبىلىسى غەربتىكى قېرىنداشلىرى قارلۇقلارغا سىغىنىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى ئەزەلدىن ھونلار ۋە كۆكتۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان تۇرپان - ئىدىقۇت - قاراشەھەر ۋادىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ. بىر قىسمى بولسا گەنسۇ رايونىغا كۆچىدۇ؛ 13 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان يەنە بىر چوڭ توپ خىتاينىڭ جەنۇبىي چېگراسىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىدۇ (گۆمەچ 2000: 61 - 60).

تۆت يۆنىلىشكە قاراپ كۆچكەن بۇ ئۇيغۇرلار كېيىنچە، بارغان يەرلەردىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ، گەنسۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلاردىن كېيىن قىرغىزلار ئۆتۈكەندە كۈچلۈك بىر خانلىق قۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈكەن رايونى تۈركلەرنىڭ قولىدىن قىتانلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ. تارىختىكى بۇ چوڭ كۆچۈش ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر «كۆچ داستانى»دىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دېگەن كۆز قاراشلار بار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلاردىن قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى مىلادىدىن بۇرۇن باشلىنىپ، مىلادىدىن كېيىنكى 9 - ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. ئاخىرقى قېتىملىق زور كۆلەملىك بۇ

تىلغا ئېلىنماقتا.

[5] بۇ كۆچۈشلەر ۋە ئۇلارنىڭ تەپسىلاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار ئۈچۈن قاراڭ: تاشاغىل، ئا.، «كۆك تەڭرىنىڭ باللىرى»، 5 - باسما، 2015 ئىستانبۇل.

[6] ئوردوس رايونى – ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. خۇاڭخې (سېرىق) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كەڭرى قولتۇق دېلتالارنى، شەنشى ئۆلكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سەددىچىن سېپىلى ۋە نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بىلەن چېگرىداش. خىتايچە «毛乌素沙漠» (ماۋ ۋۇ سۇ شا مو) دەپ ئاتالغان رايوننىمۇ كۆرسىتىدۇ.

كۆچۈش ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆتۈكەن ۋە ئورخۇن رايونىدىن ئەڭ قەدىمكى يۇرتى بولغان مەركىزىي ئاسىياغا كۆچۈشى بىلەن ئاخىرلاشقان. لېكىن، ئۇيغۇرلار بۇ قەدىمكى كۆچۈش بىلەن بولدى قىلغانمۇ؟ گەرچە ئۇيغۇرلار ئاخىرقى قېتىم كۆچكەن بۇ مۇقەددەس زېمىن ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ئانا ۋەتىنى بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەنە نۇرغۇن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئانا زېمىن ئىچىدە ۋە بۇ زېمىندىن بەكمۇ يىراق يەرلەرگە يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچكەنلىكىنى ۋە توختىماي كۆچۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2. موڭغۇللار دەۋرىدىكى كۆچۈشلەر

تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار بوشىتىپ باشقا يەرلەرگە كۆچۈپ كەتكەن كەڭرى موڭغۇل يايلاقلىرىدا 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ بىر باشقا ئالتاي قوۋمى – موڭغۇللار كۈچىيىشكە باشلىدى. 1206 - يىلى تۆمۈرچىن ئۆزىگە «چىڭگىزخان» دەپ نام بېرىپ بىرلىككە كەلگەن موڭغۇل دۆلىتىنى قۇردى. 1271 - يىلى قۇبىلاي خان دۆلەتنىڭ ئىسمىنى «يۈەن» سۇلالىسى دەپ ئۆزگەرتتى. موڭغۇل دۆلىتى قۇرۇلۇپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ناھايىتى تېز يۈكسەلدى. ئاسىيا ۋە ياۋروپادا ھېچكىم چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى. نۇرغۇن خەلق ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا يۇرتلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھاكىمىيىتى 1368 - يىلى مىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن يوق قىلىندى. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاقساق تۆمۈر 1370 - يىلى ئىسيان كۆتۈردى ۋە سەمەرقەنتنى پايتەخت قىلىپ «سەمەرقەنت دۆلىتى» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇرۇپ ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمرانلىق موڭغۇللارنىڭ قولىدىن يەنە تۈرك خەلقلىرىنىڭ قولىغا ئۆتتى[7] .

موڭغۇل دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇپ كۈچلۈك بىر دۆلەت بولۇپ ئىككى ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرۈشىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆھپىسى زور بولدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر ساھەدە يېتىشكەن ئالىملىرى، ئۆلىمالىرى موڭغۇل ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا، ھەربىي خىزمەتلىرىدە، سىياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىن باشقۇرۇلۇش ۋە مەدەنىي - مائارىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. تۆۋەندە چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا ياكى قوشۇنىدا ھەربىي ئەمەلدار بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان، شۇ سەۋەبتىن خىتاينىڭ ئىچكى قىسىملىرىغا ۋە باشقا جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىمىز.

### 2.1 جياڭسۇغا كۆچۈش

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ھەقىقەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىرنەچچە يۈز يىل بۇرۇن بىز تېخى بىلمەيدىغان بەزى يەرلەردىمۇ يېڭى يۇرتلار بەرپا قىلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. 2005 - يىلدىن باشلاپ خەۋەرلىرى مەتبۇئاتلاردا بېرىلىشكە باشلىغان جياڭشى، جياڭسۇ، خېنەن، خۇنەن قاتارلىق يەرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار خەلق ئارىسىدا قىزىقىش پەيدا قىلغانىدى[8]. ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن ئىچكىرىدىكى بۇ رايونلاردا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە بەزى مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇق.

جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ چاڭجۇ شەھىرى لىياڭ (溧阳) ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر

[7] تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: بايتۇر، ئە. ۋە خەيرىنسا س.، يۇقىرىدىكى كىتاب، 883 – 886 - بەتلەر.
[8] قادىر، رەيھان. «خۇنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قارا باشىت»، 2006 - يىل 5 - ئاي چاڭشادا ئۆتكۈزۈلگەن، 4 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۇنۇلغان ماقالە؛ «لىۋ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار كەنتى». رەيھان قادىر ۋە ئەسەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەھىم ئا.، «رەيھان قادىرنىڭ ئىزدىنىشى–مەدەنىيىتىمىزنىڭ يۈزلىنىشى» (زىيارەت خاتىرىسى: (http://www.uycnr.com/zt/xjdx/tsnbxjr/201509/t20150928_970786_1.htm) .

كېلىدىغان شاجاڭ كەنتىدە ياشاۋاتقان 600 دىن ئارتۇق شىي (偰) فامىلىلىك ئائىلە ئۆزلىرىنى قەدىمقي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادى دەپ قارىماقتا. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە بەزى مۇھىم ئۇچۇرلار خاتىرىلەنگەن [9]. بۇلار موڭغۇل دەۋرىدە، تەخمىنەن 1286 - يىللىرى لىي - ياڭ كەنتىگە كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خان نەسلىدىن قارا بۇقانىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمىغان. ئۇلار ھەر يىلى چوكانتال مەزگىلىدە قارا بۇقا ۋە باشقا چوڭلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ قەبرىگە باش ئۇرۇپ، نەزىر - چىراغ قىلىپ ئەجدادلىرىنىڭ روھىغا ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىگە ئاتاپ كۆجە كۆيدۈرۈپ ئىبادەت قىلىدۇ (ئابدۇرەھىم 2015). 700 يىلدىن ئاشقان ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيان بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنى ۋە ئانا يۇرتىنى ئۇنتۇماي، ھەر يىلى مۇشۇ ئادىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەۋلادلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇر نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرماقتا. گەرچە بۇ ئۇزۇن يىللارنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى ئۇلارنىڭ چىراي - تۇرقى، كىيىم - كېچەكلىرى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە تىل - يېزىق جەھەتتىكى مىللىي ئۆزگىچىلىكلىرىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىنى ھېچ بىر زامان ئۇنتۇپ قالمىغان. قارا بۇقانىڭ ئاتا - بوۋىسى تونيۇقۇق نەسلىدىن تېكىن بىلگەنىڭ ئوغلى سەۋىنچ توغرۇلنىڭ نەۋرىسى قاراغاسۇننىڭ ئوغلى بولۇپ، چىڭگىزخان ھۇزۇرىدا زور ئېتىبارغا ئىگە بولغان. سەۋىنچ توغرۇلنىڭ ئەۋلادلىرى نەسىللەر بويىچە تۇرپان ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقى چىڭگىزخانغا تەۋە بولغانغا قەدەر ئۆز دۆلىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خىزمەتلىرىدە بولغان [10]. ئۇلار 13 - ئەسىردە چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنى بىلەن بىرگە مۇشۇ يەرلەرگە يۈرۈش قىلىپ كەلگەن. تونيۇقۇق ۋە قارا بۇقانىڭ ئەۋلادلىرى بولغان جياڭسۇ ئۇيغۇرلىرى ئىشلىتىۋاتقان شىي فامىلىسىنىڭ ھېكايىسىگە كەلسەك، ئۇلار ئەڭ دەسلەپكى ئانا يۇرتى سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىدا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، سېلىنگا سۆزىنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنىڭ خىتاي تىلىدىكى تەلەپپۇزى «شىي»نى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ تاللىغان، شۇ بويىچە ئائىلە نەسەبنامىسى يېزىپ قالدۇرۇشنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. بۇ فامىلىنى قوللانغان نۇرغۇن داروغىلار، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە مەشھۇر شائىرلار يېتىشىپ چىققان [11]. ھازىر بۇ يەردە ياشاۋاتقان شىي فامىلىلىك ئۇيغۇرلار 33 - ئەۋلاد نەسىل بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. شاجاڭ كەنتىدىن باشقا ھازىر يەنە يۈننەننىڭ ياۋئەن، ئەنخۇيىنىڭ خېشەن، جىلىننىڭ يەنبىئەن ۋە كورېيەنىڭ چىڭجۇ قاتارلىق يەرلىرىدىمۇ بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەن شىي فامىلىلىك ئۇيغۇرلار بار بولۇپ، ئۇلارمۇ ھەر يىلى باھاردا شاجاڭدىكى ئەجدادلىرىنىڭ تۇپراق بېشىغا كېلىپ بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر - چىراغ ئىبادىتىگە قاتنىشىدىكەن (ئابدۇرۇسۇل 2015). يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن خەۋەر تېپىپ يوقلاپ كەلگەن خەۋەرچى، يازغۇچى، تارىخچى، زىيارەتچى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرى ئۇلارنى نەچچە ئەسىردىن كېيىن قايتا ئانا يۇرتىغا باغلىماقتا.

### 2.2 خۇنەن تاۋيۈەنگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار

مەشھۇر تارىخچى جيەن بوزەن بىلەن تونۇلغان خۇنەن تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ تاۋيۈەن ناھىيەسىنى مەركەز قىلىپ ياشاۋاتقان جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلاردۇر. بەزى تەتقىقاتچىلار گەنسۇ ئۆلكىسىدە ياشاۋاتقان سېرىق ئۇيغۇرلارنىمۇ بۇلار بىلەن بىللە تىلغا ئالىدۇ. لېكىن بىز تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرىنى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ كۆرسىتىشنى لايىق تاپتۇق.

تاۋيۈەندە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ئەسلىدە قومۇل ۋە تۇرپاندىن بۇ يەرگە كۆچكەن بولۇپ، قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسى ئىچىدە ياشىغان ئىدى. موڭغۇل

[9] 1344 - يىلى جاڭ شۈەن (张铉) يازغان جىنلىڭشىنجى (金陵新志) ناملىق كىتابتىمۇ ئۇلار ھەققىدە مۇھىم مەلۇماتلار بار

[10] شىي فامىلىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ تونيۇقۇق بىلەن بولغان نەسەب مۇناسىۋىتى ۋە بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار بىلەن مۇھىم مەنبەلەر ئۈچۈن قاراڭ: ئابدۇرەھىم، ئابدۇرۇسۇل، «جياڭسۇدىكى شىي فامىلىلىك ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلى، 2015 - يىللىق 4 - سان.

[11] قاراڭ: جىنلىڭخىنجى (金陵新志).

ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىدىكى ئەقىللىق، ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك كىشىلىرىدىن پايدىلانغان شۇڭداقلا ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بۇ كىشىلەرنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ياكى مەركەزگە قويۇپ مەنسەپ بەرگەن ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىدىن، ئۇرۇش تەجرىبىسىدىنمۇ پايدىلانغان. بۇ مەقسەتتە، موڭغۇللار 1280 - يىللاردىن ئېتىبارەن پىلانلىق ھالدا ئۇيغۇر خان جەمەتىنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچۈرۈشكە باشلىغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا موڭغۇللار ئىچكىرىگە كۆچۈرگەن ئۇيغۇر يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى، ئوقۇمۇشلۇق مۆتىۋەرلەر، گېنېراللار، ئەسكەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئۇلارغا باغلىق خىزمەتچىلىرى بولۇپ تەخمىنەن 75.000 غا يەتكەن. قۇبىلاي خان بۇ ئۇيغۇرلارنى خانبالىق (بېيجىڭ) ۋە باشقا مۇھىم شەھەرلەرگە يەرلەشتۈرگەن. بۇلار بىلەن بىللە سودا - تىجارەت ئۈچۈن ئۆزلۈكىدىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كۆچكەنلەرمۇ بولغان، ئەلۋەتتە.

تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇرلار ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئىدىقۇت خان جەمەتى بىلەن بىللە، ئالدى بىلەن يۈنچاڭغا، ئۇ يەردىن يەنە ھەربىي ۋەزىپە بىلەن خانبالىققا كۆچۈرۈلگەن. يۈەن ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن مىڭ سۇلالىسىمۇ ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىدىن پايدىلانغان ۋە ئۇلار خۇنەن، يۈننەن، گۇاڭشى تەرەپلەرگە توپىلاڭلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن. بۇ ئۇيغۇرلار ئاخىرى تاۋيۈەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. بۇ ئۈچۈرلار تاۋيۈەن ناھىيەسى تەزكىرىسىدە پۈتۈلگەن «قارا باش، نامى جويو - قومۇلدىن» دېگەن خاتىرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. خۇنەندىكى ئۇيغۇرلار، 1956 - يىلىغىچە خۇي - خۇي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1956 - يىلى نامىنى ئۇيغۇر دەپ ئۆزگەرتكەن. ئۇلار مىڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ قەھرىمانلىقلىرى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇلارنىڭ تا ھازىرغىچە ئۆز پۈشتىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىشى ئۇلارنىڭ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان قىممەتلىك بىر روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ [12].

تاۋيۈەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگىنىگە 630 يىل بولغان بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت بۇ يەردە ياشاش جەريانىدا ئۇلارنىڭ تىلى، دىنىي ئېتىقادى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى ئۆزگىرىپ يەرلىكلەر بىلەن ئوخشاپ قالغاندىن باشقا، ئۇلارنىڭ چىرايىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولغان. تاۋيۈەن فېڭشۇ ئۇيغۇر - تۇڭگان يېزىسىدا ئۇيغۇرلار بىلەن تۇڭگانلار بىللە ياشايدۇ. بۇ كەنتنىڭ 2006 - يىللىق ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 67.80% ى ئۇيغۇر، 29.20% ى تۇڭگان، 7% ى خىتايلار ئىكەن (چېن 2013 :8). بۇلارنىڭ باشچىسى قارا ئەسلىدە چىڭگىزخاننىڭ گېنېراللىرىدىن بىرى بولۇپ، مۇسۇلمان قوشۇنغا قوماندانلىق قىلغان. يۈەن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن مىڭ تەيزۇ (ھۆكۈمدار) قارانىڭ ئەۋلادلىرىدىن قارا باشنى ئۆزىنىڭ ھەربىي خىزمىتىگە ئالغان ۋە جيەن (翦) فامىلىسىنى ھەدىيە قىلغان. ئۆزىنىڭ قىزى مەلىكە تۆيەنى ئۇنىڭغا بېرىپ قۇدىلاشقان. خوڭۋۇنىڭ 21 - يىلى قارا باش جەڭدە قۇربان بولغان. خوڭۋۇنىڭ 22 - يىلى ئۇنىڭ ئوغلىغا دادىسىغا ئوخشاش ئەمەل بېرىلگەن. ئۇمۇ دۈشمەن قورشاۋىغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ جەستى دادىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن ئەسكەر ۋە پۇقرالىرى باشقا يەرگە كۆچۈپ كەتمەي ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇشۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ھەتتا چىراي شەكلىنىمۇ يوقىتىپ قويۇشتىكى سەۋەبلەر ئارىسىدا مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرگە قاراتقان سىياسىتى مۇھىم رول ئوينىغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مىڭ دەۋرىدە باشقا مىللەتلەرنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتى ناھايىتى قاتتىق ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتى بىلەن توي قىلىپ ئۆي تۇتۇشىغا يول قويماسلىق بىلەن بىللە، ھەتتا ئوخشاش دىنىي ئېتىقادىدىكى كىشىلەر بىلەن توي قىلىشىمۇ چەكلەنگەن. ئەينى ۋاقىتلاردا جيەن فامىلىلىكلەر ئارىسىدا مۇسۇلمان بولمىغانلار بىلەن توي قىلىش نىسبىتى 71.05% كە، ھەتتا 92.1 پىرسەنتلەرگە يەتكەن. يېقىنقى 50 يىلدا مۇسۇلمان بولمىغانلار

[12] تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى بىلەن تارىخى ھەققىدىكى مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئۈچۈن قاراڭ:
陈倚天：《湖南维吾尔宗教信仰变迁研究》，中南大，硕士论文，2013年，北京

بىلەن توي قىلىش نىسبىتى تېخىمۇ ئاشقان، لېكىن ئۇلار ئىسلام ئېتىقادىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويمىغان (توك 2009:8). تاۋيۈەن ئۇيغۇرلىرى ھازىر 26 - ئەۋلادقا ئۇلاشقان. 26 ئەۋلادتىن بۇيان ئۆز ئېتىقادىنى يوقىتىپ قويماي بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلەلىشىنى بىر مۆجىزە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

### 2.3 خېنەن لىۋ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار

1985 - يىللىرىدىن باشلاپ خېنەندىكى لىۋ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر ئىگىلەپ، خەۋەر بەرگەن بەزى تەتقىقاتلار بولغان بولسىمۇ، بۇ ئۇيغۇرلار يەنىلا سېرىق ئۇيغۇرلار ۋە جيەن فامىلىلىك ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش كۆپ تونۇلۇپ كېتەلمىگەنىدى.

ئۇنداق بولسا بۇ ئۇيغۇرلار كىملەر؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغان؟

1209 - يىلى قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى بارچۇق ئارت تېكىن غەربىي لياۋ (قىتان) دۆلىتىنىڭ قوچۇدا تۇرۇشلۇق نازارەتچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخانغا ئەلچى ئەۋەتىدۇ. كېيىن ئۆزىمۇ ئادەملىرى بىلەن بېرىپ چىڭگىزخان بىلەن كۆرۈشىدۇ. چىڭگىزخان بارچۇق ئارت تېكىننى 5 - ئوغلۇم دەپ ئېلان قىلىپ ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بارچۇق ئارت تېكىن 10.000 كىشىلىك ئۇيغۇر قوشۇنىنى باشلاپ چىڭگىزخاننىڭ غەربكە يۈرۈشىگە قاتنىشىدۇ. 1226 - يىلىغىچە بۇ قوشۇن چىڭگىزخاننىڭ يېنىدا نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، نۇرغۇن غەلىبىلىك تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. 1226 - يىلى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ سەركەردىسى سىتەن (؟) قايا چىڭگىزخان تەرىپىدىن غەربىي خېنەندىكى يوڭنىڭ، لىڭباۋ، شەنشيەن، مىيەنچى، يىياڭ قاتارلىق بەش ناھىيەنىڭ داروغالىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ۋە ئادەملىرى شارائىتى ئەۋزەل، تەبىئىي گۈزەل مىيەنچى ناھىيەسىدە ئولتۇراقلىشىپ قالىدۇ. كېيىنچە بۇ يەردىكى چوڭ جەمەت لىۋ ئائىلىسى بىلەن قۇدىلىشىدۇ. سىتەن قايا خېنەن ۋە گۈيجۇ قاتارلىق يەرلەردە ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەيدۇ [13]. ئارىدىن 100 يىل ئۆتۈپ، يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلغان چاغدا بۇ يەردىكى موڭغۇل ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلىشىشى، ئۆز مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىنى كىيىشى ۋە ئۆز ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن ياشىشى چەكلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاقساقىلى خودۇ قايا بولۇپ، مومىسىنىڭ فامىلىسى بولغان لىۋنى ئۆزلىرىگە فامىلە قىلىپ تاللايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن يىللاردا ئۇلار ئۆز نەسەبنامىسىنى ئىنچىكە تۈردە يېزىپ ماڭىدۇ. 1956 - يىلى ئۇلار «ئۇيغۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ ئىككى كەنتكە «ئۇيغۇر كەنتى» دەپ نام بېرىلىدۇ. 2008 - يىلى بۇ كەنتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 2380 نەپەر دەپ تىزىمغا ئېلىنىدۇ.

### 2.4 ئاناتولىيەگە كۆچۈش

ئەلۋەتتە ھونلار، كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىدىن باشلاپلا كىچىك ئاسىيا دەپ ئاتالغان ئاناتولىيەگە كۆچۈپ كەلگەنلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىمۇ بار دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. سەلجۇقلار دەۋرىدىن قالغان بەزى تارىخىي مەلۇماتلار ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىمۇ بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. فاتىھ سۇلتان مەھمەدنىڭ سارىيىدا ئىشلىگەن، قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازالايدىغان ئۇيغۇر باخشىلارنىڭ (مۇئەللىملەرنىڭ) بارلىقىدىنمۇ خەۋىرىمىز يوق ئەمەس [14]. لېكىن، ئاناتولىيەگە كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى تەتقىقاتلار يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك ئۇيغۇر قاچان، قانداق يوللار بىلەن كەلگەن دېگەن سوئاللارغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىش ھازىرچە قىيىن. موڭغۇللارنىڭ

[13] تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ، بەرقى، ئا.ئا.، «لىۋ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار»
http://www.bashlan.com/index.php?a=show&catid=50&id=1313 (15.09.2016)

[14] قاراڭ: سەرتكايا، ئوسمان ف.، «ئابدۇرراززاق باخشى، 15. ئەسىردە فاتىھ سۇلتان مەھمەد بىلەن ئوغلى II - بەيازىتنىڭ سارىيىدا ياشىغان كاتىپ (باخشى)»، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى 1، تۈركىيە دىيانەت ۋەقپى، ئىسلام تەتقىقاتى مەركىزى نەشرىياتى، 1988: 297 - 298 - بەتلەر؛ سەرتكايا، ئايشەگۈل، شەيخزادە ئابدۇرراززاقنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى، قەدىمكى تۈرك تىلى بۆلۈمى، دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى، 1997 ئىستانبۇل.

باش كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ، دۇنيا ۋە تۈرك خەلقلىرى تارىخىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغىنىدەك، موڭغۇللار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە ئۇيغۇر زېمىنىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى ئۆز يەرلىرىدىن ئايرىلىپ باشقا يەرلەرگە كۆچكەن. تۆۋەندە بىز موڭغۇل ئىمپېراتورلۇقى دەۋرىدە ئاناتولىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە بەگلىك قۇرغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئاناتولىيەدە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بىر خانلىق بار. بۇ خانلىق بىزنى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەپسىلىيرەك مەلۇماتقا ئىگە قىلماقتا. بۇ بەگلىكنىڭ ئىسمى ئەرەتنا ئوغۇللىرى بەگلىكى بولۇپ، 1327 – 1381 - يىللىرى ئارىسىدا ئوتتۇرا ئاناتولىيەدە، ئاساسلىقى قەيسەرى ۋە سىۋاستا ھۆكۈم سۈرگەن بىر بەگلىكتۇر. بەگلىكنىڭ قۇرغۇچىسى ئالاھىددىن ئەرەتنا بولسا، ئۇيغۇر بەگلىرىدىن بولۇپ، ئىلخانلى قوشۇنى بىلەن ئاناتولىيەگە كەلگەن نويان ئۇنۋانلىق بىر ئەمەلدار ئىدى. ئىلخانلى دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىدىن ئولجايتۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ئەبۇ سەئىد باھادىر خان تەختكە ئولتۇردى ۋە تۆمۈرتاش (تىمۇرتاش) نى ئاناتولىيە ۋالىسى قىلىپ تەيىنلىدى. 1327 - يىلى تۆمۈرتاشنىڭ دادىسى ئەمىر چوبان ئۆلتۈرۈلدى. ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالغان تۆمۈرتاش، مىسىرغا كېتىش قارارىغا كەلدى ۋە ئورنىغا قېيىن ئىنىسى ئالاھىددىن ئەراتنانى بەلگىلىدى. باشقا بەگلىكلەرگە ئوخشاش، ئەرەتنامۇ ئىلخانلى دۆلىتىنىڭ يىقىلىشىغا يۈز تۇتۇشى بىلەن ئۆز بەگلىكىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ باشتا چوبانئوغلۇ كىچىك ھەسەنگە، كېيىنچە مىسىر ھۆكۈمدارى مەلىك ناسىر مۇھەممەدكە باغلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، مىسىر ھۆكۈمدارى ئۆلگەندىن كېيىن دەرھال مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىپ دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى ۋە 1339 - 1340 - يىللاردا سۇلتان ئۇنۋانىنى ئالدى (گۆدە، 2000: 61 - 62).

ئەرەتنا بەگلىكى ئاناتولىيەدە - ئاقساراي، بايبۇرت، گۈمۈشخانە، چورۇم، قاراھىسار، جانىك، خارپۇت، نىكسار، سامسۇن، سىنوپ، ئەرزۇرۇم، كىرشەھىر، كونيا، نەۋشەھىر، يوزگات، تۇنجەلى، گىرەسۇن، مالاتيا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغان بولۇپ، يۈز ئۆلچىمى 214، 000 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن ئىدى (گۆدە 2000: 68 - 69). سۇلتان ئەرەتنا، ئەتراپىدىكى قوشنا بەگلىكلەر بىلەن ياخشى دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر قۇرۇش ئارقىلىق ئۆز دۆلىتىنىڭ ئۈلىنى چىڭىتىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ 1382 - يىلى سىۋاستا 60 ياش ئەتراپىدا ئۆلگەن بولۇپ، ھازىر كۆشك مەدرىسە دەپ ئاتالغان قەيسەرىدىكى بىر مەدرىسەگە دەپنە قىلىنغان.

ئالاۋىددىن ئەرەتنا ئىلخانلى دۆلىتىنىڭ ئەمەلدارى بولغان چاغدا خەلقنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلغان بولسا، سۇلتان بولغاندىن كېيىن ئۆز تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان خەلقنىڭ باي - باياشات، ھۇزۇر ۋە بەخت ئىچىدە ياشىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. بەزى مەنبەلەردە ئۇنىڭ ناھايىتى ئادىل، يوقسۇللارغا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، دىندار ۋە مېھرىبان بىر خان ئىكەنلىكى، لەقىمىنىڭ «كۆسە پەيغەمبەر» بولۇشىنىڭ سەۋەبىز ئەمەسلىكى، خەلقنىڭ دەردلىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە ئاڭلايدىغانلىقى يېزىلغان (ھۈسامەتتىن 3 :42). ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، چوڭ ئوغلى شەيخ ھەسەن ياش ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. ئەرەتنا بەگنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، كىچىك ئوغلى مەھمەد تەختكە چىقىرىلغان، ئىككىنچى ئوغلى جافەر بۇنىڭغا قارشى چىققان. ئىككى ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى تەخت كۈرەشلىرى بەگلىكنى ئاجىزلاشتۇرغان ۋە قولغا كەلتۈرگەن زېمىنلىرى بىر - بىرلەپ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە باشلىغان. مەھمەد 1365 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەن. ئورنىغا تەختكە چىقىرىلغان ئوغلى ئەلى ھەم يېشى كىچىك ھەم بەك ئىقتىدارسىز بولغاچقا دۆلەتنى باشقۇرالمىغان. 1380 - يىلى قادى بۇرھانەددىن دۆلەتنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئەرەتنا بەگلىكىگە خاتىمە بەرگەن [15].

موڭغۇللار بىلەن ئاناتولىيەگە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قابىلىيەتلىك ئوردا

[15] ئەرەتنا خانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: گۆدە، كامال، ئەرەتنالىقلار، تۈرك تارىخ ئىدارىسى، 2000 - يىلى ئەنقەرە؛ ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، ئەرەتنا ئوغۇللىرى، 295 - 297 - بەتلەر، دىيانەت ۋەقپى، ئىسلام تەتقىقاتى مەركىزى نەشرىياتى.

خادىملىرى ئىدى. ئەرەتنادىن باشقا يەنە مەمەت بەي قاتارلىق ئۇيغۇر بەگلىرىمۇ بار ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇلار ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتىمىز يوق. بۇنىڭدىن باشقا ھازىر تۈركىيەنىڭ ئاماسىيا دېگەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق بىر ئۇيغۇر يېزىسى بار بولۇپ، يېزىنىڭ 1300 - يىللاردا قۇرۇلغانلىقى ۋە قۇرغۇچىلارنىڭ شۇ يىللاردا ئۇيغۇر ئېلىدىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بار. ئەرەتنا دۆلىتى ئوتتۇرا ئاناتولىيەدە قۇرۇلغان. ئاماسىيا قارا دېڭىز قىيىسىدىكى بىر رايون. دېمەك، چىڭگىزخاندىن بۇرۇن ۋە كېيىن ئاناتولىيەگە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ كۆپ ساندا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ئېنىق. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاناتولىيەگە كۆچۈشلىرى ھەققىدە يەنىمۇ ئىزدىنىشكە ۋە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 3. مانجۇلار دەۋرىدىكى كۆچۈشلەر

مانجۇلار دەۋرىدىكى (1644 – 1911) زۇلۇم ۋە دەرد - ئەلەم تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ئېچىنىشلىق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. مىڭلاپ ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلدى، كۆچۈرۈلدى، سۈرگۈن قىلىندى. يەنە مىڭلاپ ئۇيغۇر ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ يىراق - يىراقلارغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. يوللاردا، چۆللەردە، تاغ - داۋانلاردا قەبرىسىز ئۆلۈكلىرى قالدى... تارىخىي ۋەقەلەردىن قارىغاندا مانجۇلار دەۋرىدىكى كۆچۈش ئاساسەن ئىككى يۆنىلىشتە بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى شەرقىي تۈركىستاندىن ئىچكىرىدىكى بەزى ئۆلكە، شەھەرلەرگە؛ يەنە بىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا كۆچۈش بولغان. تۆۋەندە بىز تارىختا بىر نەچچە كۆچۈش ياكى كۆچۈرۈلۈش ۋەقەسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

### 3.1 گەنسۇ - گۇاجۇغا كۆچۈش

مانجۇلار ھۆكۈم سۈرگەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ چىڭ چېگرالىرىغا يېقىن تۇرپان ۋە قۇمۇلدىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار بولغان ئىدى. بولۇپمۇ 1721 - ۋە 1726 - يىللىرى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلار ۋە جۇڭغارلار بىلەن چىڭ سۇلالىسى ئارىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇشلار تۈپەيلىدىن تۇرپان ۋە قومۇلدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى بەزىدە مەجبۇرىيەتتىن، بەزىدە ئۆچ ئېلىپ ئۆلتۈرۈلۈشتىن، كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىققا ئۇچراشتىن قورقۇپ ۋەتەندىن قاچقان ۋە گەنسۇنىڭ گۇاجۇ (بۇگۈنكى ئەنشى) شەھىرىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە توختى مامۇت ۋە ئەمىن خوجا باشچىلىقىدا لۈكچۈن ۋە تۇرپانلاردىن 1726 - 1729 - ۋە 1732 - يىللىرى ئايرىم ھالدا گۇاجۇغا كۆچكەن ياكى كۆچۈشكە مەجبۇر قالغان ئۇيغۇرلارمۇ بار. بۇ ئۇيغۇرلارنى مانجۇ ھۆكۈمىتى بەش قەلئەگە (باۋ) ياكى مەھەللىگە بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا بۇ كۆچۈشلەر نەتىجىسىدە جەمئىي 9164 كىشى قەلئەلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان (ئونۇما 2016: 13).

1755 - يىلى ئامۇر سانا ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈن چىڭ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئەمىن خوجىمۇ ئەسكەرلىرى بىلەن تۇرپانغا ئەۋەتىلگەنىدى. ئىسيان باستۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋەزىيەتنىڭ تىنچلانغانلىقىنى كۆرگەن ئەمىن خوجا چيەنلۇڭ خانغا خەت يېزىپ، گۇاجۇدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن ئىجازەت تەلەپ قىلىدۇ. كېيىنكى يىلى ئەمىن خوجا گۇاجۇدىكى خەلقنى يەتتە گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، ئۇلارنى 23 يىل ياشىغان گۇاجۇدىن ۋەتەنگە – تۇرپانغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ (نۇرى 2014:65 - 66). بۇ ۋەقەلەر يېقىنقى يىللارغىچە پەقەت خەن تارىخىي ماتېرىياللىرىدا يېزىلىپ قالدۇرۇلغان مەلۇماتلار ئاساسىدا تەتقىق قىلىنىپ كەلگەن ئىدى. لېكىن ئەخمەت تېمىر 1962 - يىلى ئەنقەرە ئېتنوگرافىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر ئۇيغۇرچە ھۆججەتنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن

تېخىمۇ ئېنىق دەلىلگە ئىگە بولغان بولىدۇق [16]. بۇ ھۆججەت 200 يىل بۇرۇن تۇرپان ۋە قومۇللاردىن گەنسۇ گۇاجۇغا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇيغۇرچە يېزىلغان بىر يازمىنىڭ پارچىسى بولۇپ، بۇ خەتتە ئەينى چاغدا تۇرپاندىن گۇاجۇغا كۆچۈش سەۋەبى ۋە ئەمىن خوجا بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئاڭلىتىلغان ئىدى[17].

## 3.2 «جىگدە يېغىلىقى» مەزگىلىدىكى سۈرگۈن ۋە كۆچۈش

مىلادى 1680 - يىلى ئاپاق خوجا جۇڭغار قالماقلىرىدىن غالداننى باشلاپ كېلىپ، 300 يىل ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقىنى يوقىتىدۇ ۋە غالدانغا باج - سېلىق تۆلەش شەرتى بىلەن قەشقەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋەتەننىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلىگەن پالاكەتلەرگە سەۋەب بولغان ئاق تاغلىق ۋە قارا تاغلىق يېغىلىقى باشلىنىپ كېتىدۇ. 1696 - يىلى ئاپاق خوجا ئۆلتۈرۈلىدۇ. توپىلاڭنى غەنىيمەت بىلگەن قالماقلار ۋە مانجۇلار ئالتە شەھەر رايونىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى 1758 - يىلى خوجا بۇرھانىددىن ۋە خوجا جاھان ئاكا - ئۇكىلار خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ باشلايدۇ . بۇنىڭدىن چۆچۈگەن چىڭ سۇلالىسى جاۋخۇي باشچىلىقىدا زور قوشۇننى قوزغىلاڭنى تىنچىتىش ئۈچۈن ئەۋەتىدۇ. دۈشمەننىڭ سان ۋە قورال جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئاكا - ئۇكا خوجىلار رەھبەرلىكىدىكى خەلق قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولىدۇ. خوجا جاھاننىڭ ئايالى ئىپارخان (نۇر ئەلانۇر خېنىم) ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشۈپ بېيجىڭغا ئەۋەتىلىدۇ. چيەنلۇڭ ئىپارخانغا مەپتۇن بولۇپ قالىدۇ. ئىپارخان ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. چيەنلۇڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزگە مايىل قىلىش ئۈچۈن ئىپارخان يۇرتىنى سېغىنغاندا چىقىپ قارىسۇن دەپ، ئېگىز بىر يەرگە بىر مۇنار سالدۇرىدۇ. بەزى كىتابلاردا بۇ ھەقتە مۇنداق مەلۇماتلار بار: بېيجىڭدىكى يۈەنمىڭيۈەن خان سارىيى باغچىسىغا مەسچىت سالدۇرۇپ، قەشقەردىن 108 ئائىلىنى (705 ئادەم) ئەكېلىپ ئۇلارنى ساراي ئەتراپىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئۇلارغا ساراي خەزىنىسىدىن ئۆي، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بېرىلەتتى. شۇڭا ئۇلار ئولتۇرغان يەر «قىزىل دوپپىلىق مۇسۇلمانلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان (ئىسلام 1989: 191) [18]. چيەنلۇڭ يەنە ئىپارخان سېغىنغان ۋە پەقەت ئۇنىڭ يۇرتىدىلا بار بولغان «گەۋدىسى تۆمۈر، ياپرىقى كۈمۈش، مېۋىسى ئالتۇن» دەپ تەرىپلەنگەن جىگدە دەرىخىنى بېيجىڭغا كۆچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن مىڭلارچە ئادەمنى جىگدە كۆچىتى يۆتكەشكە مەجبۇرلايدۇ. 1765 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۇچتۇرپاندا تارىختىكى مەشھۇر «جىگدە يېغىلىقى» قوزغىلىڭى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ۋەقەگە رەھمىتۇللاھ ۋە ئىسمەتۇللاھ ئاكا - ئۇكا باشچىلىق قىلىدۇ. چيەنلۇڭ گېنېرال ئاگۇي باشچىلىقىدا زور قوشۇن ئەۋەتىپ قوزغىلاڭنى باستۇرىدۇ. ئالتە ئاي داۋام قىلغان ئۇرۇش دېھقانلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئاكا - ئۇكا رەھمىتۇللاھ ۋە ئىسمەتۇللاھ ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خەلق قىرغىن قىلىنىدۇ، سۈرگۈن قىلىنىدۇ. شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن 10 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان بولۇپ، كۆپىنچىسى يولدا ئاچلىق ۋە ھەر خىل يول ئازابىدىن ئۆلۈپ كەتكەنىدى [19].

[16] Temir, Ahmet, “Ein osttürkisches Dokument von 1722-1741 aus Turfan”, Ural-Altaische Jahrbücher, 1962, XXXIII: 192-197, Wiecbaden.

[17] نۇرى، ئۆ.، «تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ 1732 - يىلى شەرققە كۆچۈشىگە ئالاقىدار بىر ھۆججەت»، خەلقئارا ئۇيغۇر تەتقىقات ژۇرنىلى، 4 - سان:، 2014:65 - 70.

Onuma, T. “The Migration to Gansu: A Turfani Community in Guazhou, 1733–1756,” The Origins of Qing Xinjiang: A Set of Historical Sources on Turfan, TIAS Central Eurasian Research Series No. 12 (Tüzgüchiler: .David Brophy ve Onuma Takahiro:), 2016, Tokyo.13-30

[18] ئىپارخان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار ئۈچۈن قاراڭ : ئا. كامال، سەلىمە، «چىن سارىيىدىكى تۇتقۇن ئايال ئىپارخانغا ئالاقىدار ئېنىقسىزلىقلار»، VIII. خەلقئارا تۈركولوگىيە يىغىنى ماقالىلەر توپلىمى، 2014 ئىستانبۇل ؛ ئىسلام، مەھمۇتجان (تۈزگەن)، «ئىپارخان» (ماقالىلەر توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 قەشقەر.

[19] بۇ ۋەقە ۋە بۇ ۋەقەدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتلىرى ئۈچۈن قاراڭ: تۇرسۇن، نەبىجان ۋە تۇرسۇن بارات، «يەتتە قىزلىرىم»، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى، 1988/110:2 - 118.

### 3.3 شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغا مەجبۇرىي كۆچۈش

يۇقىرىدا دەپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئۇچتۇرپاندا پارتلىغان خەلق ئىنقىلابىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن مىڭلاپ ئادەم ئىلىغا سۈرگۈن قىلىندۇ. بۇ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى قانلىق سۈرگۈن، شۇنداقلا چوڭ كۆچۈشلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ كۆچۈش نۇرغۇن ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىپ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ يوللاردا ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغانىدى.

بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر قېتىملىق زور كۆلەمدىكى كۆچۈرۈش ياكى سۈرگۈن قەشقەردە، 1826 - يىلى جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدىكى خەلق قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ مەيدانغا كەلگەن. بۇ ۋەقەدىن كېيىنمۇ چيەنلۇڭ ئون مىڭلاپ ئادەمنى جەنۇپتىن شىمالغا سۈرگۈن قىلدۇ. بۇ ۋەقەگە قاتناشقۇچىلاردىن بىرى قەھرىمان شائىر نۇزۇگۇم ئىدى. نۇزۇگۇم داستانى ۋە نۇزۇگۇم بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلاردا بۇ قېتىمقى سۈرگۈن ۋە كۆچۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن ئۇچۇرلار مەۋجۇت. بۇ يەردە تەپسىلىي توختالمايمىز.

### 3.4 غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈش

بۈگۈن ھەممىزگە مەلۇمكى، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان، تۈركمەنىستانلاردىمۇ ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. تارىخىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆزبېكلەرنى ئەسلىدە بىر خەلق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. لېكىن، تارىختىكى رايون خاراكتېرلىك بەزى ۋەقەلەر، سىياسىي جەھەتتىكى بەزى تەدبىرلەر ۋە يېقىنقى دەۋرلەردىكى سوۋېت - خىتاي ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مەقسەتلىك پەرقلەندۈرۈشلىرى ۋە ئايرىۋېتىشلىرى بىلەن بۈگۈنكىدەك بۆلۈنۈپ، ئىككى خەلق بولۇپ قالغان.

بۈگۈن تۈركىستان دەپ ئاتالغان جۇغراپىيەلىك زېمىن، كۆكتۈرك قاغانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار بىلەن چاغاتاي خانلىقى دەۋرلىرىدە بىر دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈن، ئورتاق زېمىنى ھېسابلىناتتى. بۇ يەرلەردە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرى بىللە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر بۇ يەردە ياشاۋاتقان خەلقلەرنى گويا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، پەرقلىق مىللەت قىلىپ شەكىللەندۈردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بولۇپمۇ ئورتاق تىل جەھەتتىكى پەرق خېلىلا زورىيىپ كەتتى. 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يېڭى چېگرالار بەلگىلىنىپ، سىياسىي خەرىتىلەر قايتا سىزىلدى ۋە بۇ بۈيۈك جۇغراپىيە كىچىك كىچىك رايونلارغا ئايرىۋېتىلدى. شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ چار رۇسىيە ۋە چىڭ سۇلالىسى ئارىسىدا بۆلۈشۈلدى. تۈركىستاننىڭ شەرقىدە قالغان خەلقلەر چىڭ ئىمپېرىيەسىنىڭ قاتتىق زۇلمىغا ئۇچرىدى ۋە زۇلۇمغا چىدىمىغان خەلق توختىماي كۈرەش قىلدى. قوزغىلاڭلار قاتتىق باستۇرۇلۇش بىلەن بىرگە، قوزغىلاڭدىن كېيىن ئۆچ ئېلىش سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈپ، قوزغىلاڭ يۈز بەرگەن يەردىكى خەلق چوڭ - كىچىك دېمەي قىرغىن قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن خەلق تۈركۈم - تۈركۈملەپ قوشنا قېرىنداش خەلقلەرنىڭ زېمىنىغا كۆچۈپ بېرىپ پاناھلاندى [20].

#### 3.4.1 يەتتىسۇ رايونىغا كۆچۈش

بۈگۈن قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاخىرقى قېتىم، يەنى 1882 - يىلى رۇسىيە بىلەن مانجۇ ئىمپېرىيەسىنىڭ چېگرالىرى ئايرىلغاندا ئىلى تەۋەسىدىن رۇسىيە تەۋەسىگە كۆچكەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى بولۇپ بۇ ھەقتىكى كۆچكۈچ قوشاقلىرىمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن:

[20] تارىخىي رېئاللىق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: تۇرسۇن، ن. «پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق ئۇيغۇرلار»، 2012، http://www.akademiye.org/ug/?p=705 «پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار»، 1 - 2، 2013.

*ئالمۇتاغا كۆچ دەيدۇ،*
*بارار يېرىمىز قۇملۇق.*
*راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،*
*كۆزى كۆك، بېشى يۇڭلۇق*
*ئاخشىمى قاراڭغۇدا،*
*كۆرۈنگەن چىراغ ئوتى،*
*كەڭ يايىراپ يۇرەي دېسەم،*
*قورقىمەن، خەقنىڭ يۇرتى.*

*كىچىك باللار ئوينايدۇ،*
*تال چىۋىقنى ئات قىلىپ،*
*كۆچمەن خەقلەر يىغلايدۇ،*
*ئۆز يۇرتىنى ياد ئېتىپ.*

*غۇلجا قوشاقلىرى، (137 - بەت)*

بۇ قوشاقلار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى رۇسلارنىڭ ئىلى سۇلتانلىقىنى يوقىتىپ ئىلدىكى خەلقنى رۇسىيە زېمىنى بولغان قازاقىستان ۋە باشقا يەرلەرگە مەجبۇرىي كۆچۈرگەندە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ھەقىقىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرمەكتە.

كېيىنكى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك كۆچۈش 1955 - ۋە 1962 - يىللىرى يۈز بەرگەن. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بەزى ۋەقەلەر نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن كۆچۈش بولۇپ، تاكى 85 - يىلدىن كېيىنكى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلانغانغا قەدەر ئۇرۇق - تۇغقانلار بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشەلمىگەن ئىدى. ئاساسى قىسمى قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان بۇ خەلق «تارانچىلار» دەپ ئاتالغان. بۇ ئۇيغۇرلار ھازىرغىچە ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويماي، سوۋېت ئۇيغۇر تىلى، سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، سوۋېت ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. سانلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ھازىر، پەقەت قازاقىستاندىلا 350 مىڭدىن كۆپرەك ئۇيغۇر ياشىماقتا.

### 3.4.2 پەرغانە ۋادىسىغا كۆچۈش

چىڭ سۇلالىسى بىلەن چار رۇسىيەنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئەزەلدىن بىر زېمىن بولۇپ كېلىۋاتقان پەرغانە رايونى بىلەن تارىم ۋادىسى ئىككىگە ئايرىۋېتىلدى. 1878 - يىلىغا قەدەر مانجۇلارنىڭ زۇلمىغا قارشى توختىماي كۈرەشلەر ئېلىپ بېرىلدى. ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ باستۇرۇلغاندا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قاتتىق ئۆچ ئېلىشى ۋە قىرغىن قىلىشى سەۋەبىدىن خەلق توختىماي پەرغانە رايونىغا كۆچۈپ تۇردى. كۆچكەن خەلق ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىقلاردىن پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان ۋە قىرغىزىستانغا يەرلەشكەن بولۇپ، يەرلىكلەر تەرىپىدىن «قەشقەرلىكلەر» دەپ ئاتالغانىدى. تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا پەرغانە ۋادىسىدىكى ئۇيغۇرلار تىل ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن كۆندىن - كۈنگە ئۆز ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ يەرلىكلەرگە سىڭىشىپ كەتكەن ۋە كېتىۋاتماقتا (تۇرسۇن 2012).

ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز ھەممىگە ئايان. ۋەتەندىن پەقەت ئاخىرقى 10 - 15 يىلنى ئالساقمۇ تۈركۈملەپ ئۇيغۇرلار ۋەتەندىن ئايرىلىپ، باشقا دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ چىقتى ۋە كۆچتى. ھازىر

دۇنيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن دۆلەت يوق دېيەرلىك. لېكىن، بۇ يازمىدا بىز ماقالە ھەجمىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدا پەقەت 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە مەيدانغا كەلگەن كەڭ كۆلەملىك كۆچۈشلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا تىرىشتۇق. 20 - ئەسىردىن باشلاپ يەنە داۋام قىلىۋاتقان كۆچۈشلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا بىر ماقالىمىزدا ئايرىم توختىلىشنى ئۇيغۇن كۆردۇق.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] ئابدۇرەھىم ئابدۇللا : «جياڭسۇدىكى شى فامىلىلىك ئۇيغۇرلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2015 - يىللىق 4 - سان.

[2] تۇرغۇن ئالماس: «ئۇيغۇرلار»، شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1989 ئۈرۈمچى.

[3] ئەنۋەر بايتۇر ۋە خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 - يىلى، بېيجىڭ.

[4] بەرقى، ئا. ئا.، «لىيۇ فامىلىلىك ئۇيغۇرلار»،

[5] http://www.bashlan.com/index.php?a=show&catid= 50&id=1313 (15.09.2016).

[6] Chen Yitian陈倚天, «湖南维吾尔宗教信仰变迁研究» , 硕士论文, 中南大学, 2013 Beijing.

[7] Duan Lianqin, Dingling, Gaoche yu Telie, 1991 Shanghai.

[8] Eberhard, Wolfram, Çinning Şimal Komşuları, (Terjime qilghuchi: Nimet Uluğtuğ) , Türk Tarih Kurumu Neshriyati, 1996 Ankara.

[9] Göde, Kemal, Eretnalilar, Türk Tarih Kurumu, 2000 Ankara;

[10] Gömeç, Saadettin, Uygur Türkleri Tarixi ve Kültürü, Akçağ yayınları, 2000 Ankara.

[11] Huang Li, 黄丽 «读《翦氏族谱》, 探湖南维吾尔族的通婚状况» , 西北民族研究, 2008, 58 (3) :38 - 53.

[12] İslam Ansiklopedisi, Eretnaoğulları, 295-297-betler, Diyanet Vakfı, İslam Arashtırmaları Merkezi Neshriyatı.

[13] ئىسلام، ماھمۇدجان (تۈزگەن)، ئىپارخان (ماقالىلەر توپلىمى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 قەشقەر.

[14] Kafesoğlu, İbrahim, Türk Milli Kültürü, 1983 İstanbul, bet: 47-48.

[15] Kamal, Selime A., «Çin Sarayındaki Tutsak Hatun İparhan'la İlgili Belirsizlikler Üzerine» , VIII. Milletlerarası Türkoloji Kongresi Bildiriler Kitabi, 2014 İstanbul.

[16] لىيۇ زىشياۋ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، (تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار)، 1 - كىتاب 2 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 بېيجىڭ.

[17] لىيۇ زىشياۋ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، (تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت نۇردۇن قاتارلىقلار)، 2 - كىتاب 2 - قىسىم، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1991 بېيجىڭ.

[18] Nuri, Ömerjan, «Turfan Uyghurlarının 1732 Yılında Doğuya Göç etmeleriyle İlgili Bir Belge» , Uluslararası Uygur Araştırmaları Dergisi, Sayı: 4, 2014:65-70.

[19] Ögel, B., İslamiyetten Önce Türk Kültür Tarihi, 1984, Ankara, S.24-28

[20] قادىر، رەيھان، «خۇنەندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى قارا باشت»، 2006 - يىل 5 - ئاي چاڭشادا ئۆتكۈزۈلگەن 4 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۇنۇلغان ماقالە.

[21] Roux, Jean-Paul, Türklerin Tarixi, (Terjime qilghuchi: Aykut Kazancıgil), Kabalcı yayınları, 2000 İstanbul; Sertkaya, Ayşegül, Şeyh-zade Abdürrezzak Bahşı Hayatı ve Eserleri, İstanbul Üniversitesi, Eski Türk Dili Bilim Dalı, Doktora tezi, 1997 İstanbul.

[22] Sertkaya, Osman F «Abdürrezzak Bahşı, XV. yüzyılda Fâtih Sultan Mehmed ile oğlu II. Bayezid'in sarayında yaşayan kâtip (bahşı) » , Türkiye Diyanet Vakfı İslâm Ansiklopedisi, 1, 1988, bet: 297b-298a.

[23] Takahiro, Onuma, «The Migration to Gansu: A Turfani Community in Guazhou, 1733-1756,» The Origins of Qing Xinjiang: A Set of Historical Sources on Turfan, TIAS Central Eurasian Research Series No. 12 (Tüzgüchiler: D. Brophy ve O. Takahiro:) , 2016, Tokyo.13-30-betler.

[24] Tashağıl, Ahmet, Kök Tengrining Çocukları, 5. Baskı, Bilge Kültür-Sanat Yayınevi, 2015 İstanbul;

[25] Tashağıl, Ahmet, Gök-Türkler I-II-III, Turk Tarih Kurumu, 2014 Ankara;

[26] Temir, A., «Ein osttürkisches Dokument von 1722-1741 aus Turfan» , Ural-Altaische Jahrbücher, 1962, XXXIII: 192-197, Wiecbaden.

[27] Togan, Z.V., Umumi Türk Tarihine Giriş, 1.cilt, Enderun Kitapevi, 1981 İstanbul.

[28] Tong Chunxia, «Rising of Women's Status and Culture Changing of Hunan Uygur Viewed from the Conflict Concerning a Funeral» , Communication on Contemporary Anthropology, 2009/Vol. 3: 8-12. Shanghai Society of Anthropology, Shanghai.

[29] تۇرسۇن، ن.، «پەرغانە ۋادىسىدىكى يوقىلىپ كەتكەن خەلق ئۇيغۇرلار»، 2012 - يىلى، ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى تور بېتى، قارالسۇن: http://www.akademiye.org/ug/?p=705

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



- تۈرك تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە فىلولوگىيەسى دوكتورى، ئىستانبۇل بەيكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى
- باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا ئايخان مەكتەپ ۋە 5 - ئورتا مەكتەپلەردە ئوقۇغان.
- 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە، بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان.
- 1990 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىدا، تەرجىمان، تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1995 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى مەخسۇس كەسپىدە ماگىستىرلىق ئوقۇغان.

**دوكتور مەغپىرەت كامال**

- 1998 - يىلدىن 2004 - يىلغىچە، ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى قەدىمكى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تېكىستلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان سېمانتىك تەتقىقاتىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ئەدەبىيات دوكتورى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
- 2004 - يىلدىن 2005 - يىلغىچە، ئەنقەرە گازى ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان تۈرك دىيالېكتلىرى بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 2005 - يىلى بىر مەۋسۇم ئىستانبۇل يىلدىز تېكنىك ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ماگىستىرلىق دەرسى بەرگەن.
- 2008 - يىلدىن بۈگۈنگىچە ئىستانبۇل بەيكەنت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىدە ئىشلەپ كەلمەكتە. 4 يىل بۆلۈم باشلىقى ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىدى.
- ماگىستىر ۋە دوكتورانت يېتەكچىسى.
- ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، ئىجرائىيە قۇرۇلى ئەزاسى، قۇتادغۇ بىلىگ ئىنستىتۇتى مەسئۇلى.

# ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت قىممەتلىرىگە نەزەر

دىمىيان رەھمەت ماخمۇدى
ئاۋستىرالىيە، سىدنېي
rachmat damian@icloud.com

## كىرىش سۆز

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، بالتىق دېڭىزى ئەتراپىدىكى لاتۋىيە، لىتۋانىيە، ئېستونىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندا، پارلامېنتلىرىدىكى بىرىنچى ئىشى ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى رۇس تىلىنىڭ ئورنىغا دۆلەت تىلى قىلىپ بەلگىلەشنى قارار قىلغانىدى. چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇستەبىت تۈزۈم ئاستىدا ياشاش جەريانىدا ئانا تىلىنىڭ يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتقان مەدەنىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش، قۇتقۇزۇشتىكى رولىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھېس قىلغانىدى، چۈشەنگەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھكۇملۇق سەرگۈزەشتىلىرىنى مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ: «مۇستەملىكىچىلەر مەھكۇم مىللەتنى مەنىۋى قۇللۇقتا تۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش، دىنىنى ئۆزگەرتىش، ئانا تىلىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ» (شاخانوۋ، p190). جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن، زېمىن، دىن ۋە ئانا تىلدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ شەيئى ئۇلارنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن زۆرۈر ئۈچ مەدەنىيەت قىممىتىدىن ئىبارەت. بىز بۇ قېرىنداشلىرىمىزنىڭ كەچمىشلىرىدىن نېمىلەرنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك؟ مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىز ئۈستىدە بىرلىككە كېلىشىمىز كېرەكمۇ - يوق؟ دەيدىغان سوئاللاردىن خېلى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خالىي بولالمىدىم. شۇنداقلا ئاۋستىرالىيەدەك يېقىنقى زامان تارىخىدا يەرلىك مىللەتكە ئەڭ قاتتىق ئاسسىمىلياتسىيە يۈرگۈزگەن دۆلەتنىڭ، مولتىكولتۇرال (multicultural، ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەڭ مەۋجۇتلۇقى) بىر ئىناق ئائىلىگە ئايلانغانلىقىنى، بۇ جەرياننىڭ نەزەرىيەۋى ئۇلى بولغان، پىروفېسسور سمولىچنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى

پرىنسىپلىرى ئاساسىدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى نەزەرىيەسى ئانالىزىنى ۋەتەنداشلىرىمغا تونۇشتۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدىم. بۇ يازمىنىڭ ئاساسلىق گەۋدىسى شۇ مەزگىلدە يېزىلغان. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شىتلېرنىڭ بىر قوللۇق پىلانلىشى بىلەن ۋەتەندە جازا لاگېرلىرى كەينى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارنى مىللىي مەدەنىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى بىلەن ئىرقىي قىرغىنچىلىق باشلاندى. شىتلېر بۇ زېمىننىڭ ھەقىقىي ئىگىسى – ئۇيغۇر خەلقىگە «تېررورىزم»نى باھانە قىلىپ، دۆلەت تېررورىزمى يۈرگۈزدى. دۇنيانىڭ دىققىتىنى بۇراپ، جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، ۋۇخەن لابوراتورىيەسىدىن ۋىرۇس تارقىتىپ، دۇنياۋى يۇقۇمنى پەيدا قىلدى. 7 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى. ۋەتىنىمىزدە مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەت قېرىنداشلىرىمىز، مىڭلىغان ئۇيغۇر سەرخىللىرى جازا لاگېرلىرىغا قامالدى، ھاياتىدىن ئايرىلدى. يېقىنقى زامان تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مىللىتى مىللىي مەۋجۇتلۇقىدىن مەھرۇم بولۇش گىردابىغا يۈزلەنمەكتە. بىز ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەدەنىيىتىمىزنى، مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىزنى بىلىش بىلەن تەڭ، دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز مەدەنىيەتلىرى ۋە مەدەنىيەت قىممەتلىرى ئۈستىدە قانداق تەتقىقات يۈرگۈزگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بارلىق مىللىي تۈركۈملەر قوبۇل قىلالايدىغان، ھەممىگە ئورتاق ئىدېئولوگىيە ئۈستىدىكى تەتقىقاتىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز، بىلىشىمىز، ئۆگىنىشىمىز لازىم دەپ ئويلايمەن. بۇ، بىزنىڭ كەلگۈسىدە ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق. شۇڭا بۇ يازمىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم. ئەمدى بۇ يازمىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە قانچىلىك نەپ تېگىشى ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىغا باغلىق دەپ ئويلايمەن.

مەن بۇ يازمىدا ئاساسەن پىروفېسسور سمولىچنىڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرو قىممەتلەر نەزەرىيەسىنى ئۇنىڭ سۆزى بىلەن بايان قىلىشنى ئاساس قىلىمەن ۋە شۇ ئاساستا، ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇر دىياسپوراغا نىسبەتەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ دىياسپورادىكى قىممەت قارىشىنىڭ نېمە بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزىمەن. خۇددى ئاۋستىرالىيەگە ئوخشاش، ۋەتىنىمىزدە كەلگۈسى جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭمۇ مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك بىر دۆلەت بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1. ئاۋستىرالىيەدە مولتىكولتۇرالىزىم (multiculturalism)

### 1.1 ئارقا كۆرۈنۈشى

ئاۋستىرالىيە 2001 - يىلى فېدېراتسىيەنىڭ 100 يىللىقىنى تەبرىكلىگەندە، ئالدىنقى يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتا «ئاقلاشتۇرۇش» (White Australia) سىياسىتىنى ئىجرا قىلغانىدى. ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتى 1972 - يىلدىن بۇرۇن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئاقلاشتۇرۇش سىياسىتىگە ئاساسەن كۆچمەنلەرنى ياۋروپادىنلا قوبۇل قىلىپ، ئاسىيا رايونىدىن كۆچمەن قوبۇل قىلمىغان بولۇپ، نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىنگلىز - كېلتىكلەر (Anglo-Celtic) (كېلتىك – بىرىتانىيەدىكى ئىرېلاندلار، شوتلاندلار، ۋېلشلەر) تەشكىل قىلغان. ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرالىيەدە ھەربىر شەخسنىڭ مىللىي كىملىكىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىنگلىز مەدەنىيىتىنى (Anglo Culture) قوبۇل قىلىشى تەلەپ قىلىناتتى. ئاۋستىرالىيەنىڭ ئۆزىدىن مىسالغا ئالساق، بۇ يەردە يېگى كۆچمەنلەرنىڭ ئىنگلىز تىلى ئاخىرى، قالغان 230 ئابورىگېن تىلى بىلەن 600 دىيالېكتىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىدى (Black, 1979). 1788 - يىلى ئابورىگېنلار ئاۋستىرالىيە نوپۇسىنىڭ 100% نى ئىگىلىگەن بولسا، 1861 - يىلى 13% كە، 1986 - يىلى 2% كە چۈشۈپ قالغان. بۇ، ئاۋستىرالىيەدە 1972 - يىلدىن ئاۋۋال يۈرگۈزۈلگەن ئاقلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى.

ئەمما قانداق قىلىپ يېرىم ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاۋستىرالىيە ئىرقى، دىنى، تىلى، مەدەنىيىتى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى تامامەن ئوخشىمايدىغان مىليونلىغان ئىنسانلارنىڭ بىر ئىناق ئائىلىسىگە ئايلىنىپ قالالىدى؟

ئاۋستىرالىيەدە 1972 - يىلدىن باشلاپ ھەر ئىككى پارتىيە كەڭ دېموكراتىيەنى يولغا قويۇپ مولتىكولتۇرالىزىمغا يۈزلەندى. بۇ خىل يۈزلىنىش، يەنى ھەر خىل مىللىي تۈركۈملەرنى ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيەتلىرى ئارقىلىق تونۇش، جەمئىيەتنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق ۋە ئەۋرىشىملىكىنى (Resilience) ساقلاپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزلىنىشى شۇ دەۋردە پۈتۈن غەرب دۇنياسىدا ئەۋج ئالغاندى. شۇندىن كېيىن يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى دۇنياغا نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ بۇ جەرياندىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي كىرىزىسلارنى يېڭىپ، خىتاي ۋىرۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۇنياۋى يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا باش رول ئوينىشى، شۇنداقلا دۇنيا تىنچلىقى ئېغىر تەھدىتكە دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، دۈشمەنگە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىغا شاھىت بولماقتىمىز. بۇنى ئۇلارنىڭ دېموكراتىيە - ئەركىنلىك تۈزۈمى ئاساسىدىكى مولتىكولترالىزىم سىياسىتىنىڭ بىر نەتىجىسى دەپ قاراش مۇمكىن.

## 1.2 پىروفېسسور سمولىچ ۋە مۇلتىكولترالىزىم

مەن ئائىلەم بىلەن جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايد شەھىرىگە ئورۇنلىشىپ، بەلگىلەنگەن 500 سائەتلىك ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش كۇرسىنى باشلىغانىدۇق. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەگە كۆچمەن بولغانلىقىغا 20 يىللار بولسىمۇ، مەن مۇزېيىي قاتارلىق جايلاردىن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە تارىخى ھەققىدىكى ھېچبىر تونۇشتۇرۇشنى تاپالمىدىم. بىر كۈنى ئادېلايد ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن تارىخىمىز ھەققىدىكى بەزى سەلبىي ماتېرىيالنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم ۋە ئادېلايد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆزىمىز ۋە تارىخىمىز ھەققىدە چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرەر ئىلمىي يازمىنىڭ بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. ئەمما، ئىككىنچى ۋەتىنىم – جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەگە ئۆزىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىمىزنى تونۇشتۇرۇشقا ئىنگلىز تىلى جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىمدىن ئەپسۇسلىناتتىم. ئادېلايد ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتىنىڭ پىروفېسسورى مارگارىت خانىم (Prof. Margaret) بىلەن بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ پاراڭلىشىش جەريانىدا، ئۇ مېنىڭ كەچمىشلىرىمنى ئاڭلاپ: «بىز ياپونىيە كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئېتىراپ قىلىمىز. ياپونىيەدە سېلىشتۇرما مائارىپنى ئوقۇپسەن، بىزدە مائارىپتىكى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەتنى ئوقۇساڭ، ئىنگلىزچىنى شۇ جەرياندا ئۆگىنىسەن. پىروفېسسور سمولىچقا ئاسپىرانت بولىسەن. مەن يېتەكچىلىك قىلىمەن. ئويلىشىپ كۆرگىن» دەپ مەسلىھەت بەردى. ئويلىسام بۇ مېنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈمىدىمگىمۇ ماس كېلىدىكەن. 500 سائەتلىك مەخسۇس تىل ئۆگىنىشكىمۇ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن پىروفېسسور سمولىچنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋە ياشتا ئەڭ چوڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدىم. شۇندىن باشلاپ ئۇ مېنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت قىممەتلىرىدىن ئۇيغۇر تىلى ھەققىدىكى جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىمغا ئۇستازلىق قىلدى. مۇشۇ پۇرسەتتە كەلگۈسى دىسسېرتاتسىيەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى بىلەن 1949 - يىلدىن كېيىنكى مەھكۇملۇقىدىن ئىبارەت چىنلىقنى يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم. بۇ 1999 - يىللار بولۇپ، خىيالىمدا بۇ پائالىيىتىم ئادېلايدتىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئاكادېمىك ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئاز بولسىمۇ تۈرتكە بولسا ياخشى بولاتتى دەپمۇ ئويلايتتىم. مەن پىروفېسسور سمولىچ ۋاپاتىدىن ئالتە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچى بولدۇم. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى قىسمەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، بىزگە چوڭقۇر ھېسداشلىقنى بىلدۈرگەنىدى.

مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى تىلغا ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ ئاساسچىسى پىروفېسسور جېرزىي جاروسلاۋ سمولىچ (Jerzy Jaroslaw Smolicz, 1935.02.02 - 2006.11.03) ۋە ئۇنىڭ بۇ



پروفېسسور جېرزىي جاروسلاۋ سمولچ

ھەقتىكى بايانلىرىنى تونۇشتۇرۇش مۇھىم. پروفېسسور سمولچ ئاۋستىرالىيەدىكى كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر (Multicultural) نىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى، ئۆزئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە زور تۆھپىلەرنى قوشقان جەمئىيەتشۇناس ۋە مائارىپچى. ئۇ باللىق ۋاقتىنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى پولشانىڭ شىمالىدا ۋە بىر مەزگىل ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ ئۆتكۈزگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى تېھران بىلەن بېيرۇتتا، ئوتتۇرا مەكتەپنى شوتلاندىيە (Scotland) نىڭ خايلەند (Highland) رايوندىكى دىڭ ۋال (Ding wall) ئاكادېمىيەسىدە، ئۇنىۋېرستېتنى Edinburgh بىلەن Oxford دا تاماملاپ، مائارىپ بىلەن مەدەنىيەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى سېلىشتۇرما نۇقتىئىنەزەر بويىچە كۆزىتىش، پىكىر قىلىش پۇرسەتلىرىگە ئېرىشكەن. 1965 - يىلى ئاۋستىرالىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئۇ ئاكادېمىك سۈپىتىدە ھاياتىنىڭ 39 يىلىنى ئادېلايد ئۇنىۋېرسىتېتىدا سەرپ قىلىش جەريانىدا 20 يىل جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەنىڭ كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر كومىتېتىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇ ئوقۇتۇش تەتقىقات جەريانىدا پولەك - ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس فلوريان زنانىسكى (Florian Znanieski, 15.01.1882 - 23.03.1958) نىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى (Humanistic Sociology) پرىنسىپلىرىنى قوللىنىپ، ئاۋستىرالىيەدىكى مىللىي تۈركۈملەردىن ئىتاليان، گرېك ۋە ئامېرىكان؛ پولەك، كىرودىيەلىك ۋە ئۇكرائىنالىق؛ ئېفيوپىيەلىك ۋە ئەرەب؛ خىتاي ۋە ھىندى؛ ۋېيتناملىق، كامبودژالىق، فىلىپپىنلىق، مالايسىيالىق، يەھۇدىيلار، شۇنداقلا ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتىدىكى غول ئېقىم ئىنگلىز - كېلتىك (Anglo-Celtic) ئاۋستىرالىيەلىكلەر ئۈستىدە ئۇزۇن يىللىق تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات يۈرگۈزدى.

پروفېسسور سمولچقا ئوخشاش جەمئىيەتشۇناسلار ئاۋستىرالىيەدە ئۇتتۇقلۇق ھالدا يولغا قويۇلۇۋاتقان بۇ خىل سىياسەتنىڭ نەزەرىيەۋى ئۇلىنى تىكلىدى. ئۇ ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى ئاساسىدا نۇرغۇن ئەمەلىي تەتقىقاتلار ئارقىلىق، ئۆزگە خاس ئەۋرىشىملىككە ئىگە، ھەر خىل مەدەنىيەتلەر تەڭ مەۋجۇت بولغان بىر جەمئىيەتكە ئاساس سالدى. ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسى ئاۋستىرالىيەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، «ماھىيەتتە ئاسسىمىلياتسىيەلىك نىشانىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم قىلىشتا تارىخىي رول ئوينىدى». ھازىر ئامېرىكا، ئەنگلىيە، كانادا، يېڭى زېلاندىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق نۇرغۇن دېموكراتىك دۆلەتلەردە «مولتىكولتىرالىزىم» يولغا قويۇلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاخىرقى ئۈچ دۆلەتتە ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ باشقىلىرى پەرقلىنىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «جەمئىيەتنىڭ ئەۋرىشىملىكى»نى پروفېسسور سمولچ مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «جەمئىيەتنىڭ ئەنئەنىلىرى خىلمۇخىل ئىجتىمائىي مىراسلارنى ئەكس ئەتتۈرسە، ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ ئارزۇلىرى بىلەن ئىجادچانلىق ئېھتىياجلىرىغا ماسلىشالايدىغان ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە بولسا، ئەۋرىشىملىككە ئىگە جەمئىيەت بولىدۇ».

پروفېسسور سمولچ مولتىكولتۇرالىزىمنى ۋە بۇ جەمئىيەتلەردىكى قىممەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «مولتىكولتۇرالىزىم – ئاز سانلىق تۈركۈمنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمران تۈركۈمدىكىگە ئوخشىمايدىغان ئانا تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا، تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويۇلىدۇ، ھەتتا تەشەببۇس قىلىنىدۇ دېگەنلىكتۇر»، «كۆپ سانلىق ۋە ئاز سانلىق تۈركۈمنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا بىردىن ئارتۇق مەدەنىيەت ئامىللىرىنى ئىشلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىش. بۇ ئامىللار تىل، ئائىلە تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي يوسۇنلار، ئىدېئولوگىيە ياكى ئەدەبىيات ۋە سەنئەتتەك مەدەنىيەتنىڭ يۇقىرىراق سەۋىيەسى بولۇشى مۇمكىن...».

ئاۋستىرالىيەنىڭ باش مىنىستىرى مالكولم فرايزېر (Malcolm Fraser, 1981) مۇنداق دېدى: «مولتىكولتۇرالىزىم – كۆپ خىللىقنى كۆزدە تۇتۇش بولۇپ، ھەرگىز چەتكە قېقىش ئەمەس؛ ئۆزئارا چۈشىنىش بولۇپ، ھەرگىز يېتىم قالدۇرۇش ئەمەس. ئۇ مەدەنىيەت ۋە مىللىي پەرقلەرنى بىر - بىرى بىلەن رىقابەتلىشىدىغان ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىنى تولۇقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان تۈپ

ئاساسىي قىممەتلەرنىڭ رامكىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت».

باش مىنىستىر بوب خاۋك (Bob Hawke) 1988 - يىلى 9 - ئىيۇل سۆزلىگەن نۇتقىدا بارلىق ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ بۇ رامكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «مولتىكولتۇرالىزىم سىياسىتى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر جەريانلىرىدىكى تېخىمۇ بىيىغان پەرقلىق قىممەتلەرنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە بارلىق ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ نەدە تۇغۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنى بىر ئۇلۇستەك بىرلەشتۈرىدىغان بۇ مەزمۇنغا باي پىرىنسىپلار ۋە ئورگانلارنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ».

1988 - يىلى 15 - ئاۋغۇستتا ئەركىنلىك پارتىيەسىدىن باش مىنىستىر جون خوۋارد (John Howard) تۆۋەندىكىچە ئىپادىلىدى: «سەن ئاۋستىرالىيەگە ماڭا ئوخشاش 4 - ئەۋلاد كۆچمەن بولساڭمۇ ياكى باشقا بىرىدەك ۋىيېتنامدىن كەلگىنىڭگە 5 يىل ياكى ئىتالىيەدىن كەلگىنىڭگە 40 يىل بولغان كۆچمەن بولساڭمۇ، بۇ دۆلەتتە ھەممىمىز پۇرسەتلەر ئالدىدا باباراۋەر بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە».

## 1.3 پىروفېسسور سمولىچنىڭ مەدەنىيەت كۆز قاراشلىرى

ئۇ بىر مىللىي تۈركۈم مەدەنىيىتىنى قىسقىچە مۇنداق شەرھلەيدۇ: «مۇئەييەن بىر مىللىي تۈركۈمنىڭ مەدەنىيەتتىكى ئالاھىدىلىكى مەزكۇر تۈركۈمنى ئېنىقلايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. مەدەنىيەت شەخسكە مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى تۈركۈم ئىچىدە ئورتاقلىشىش، تەڭ بەھرىمەن بولۇش (Participation) ئۆزئارا سىڭدۈرۈش (Transmission) جەريانلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما بۇ مۇئەييەن بىر مىللىي تۈركۈمنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئىجتىمائىي تەبىقە، ئائىلە ياكى باشقا ھەممە جەھەتتىكى مۇئامىلىلەردە، پىكىر قىلىشتا ئوپمۇئوخشاش بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. شەخسلەر ئارا ئوخشىماسلىق ھامان مەۋجۇت بولىدۇ».

مەدەنىيەتنىڭ ئىنسان تارىخىدىكى رولىنى ئۇنىڭ مائارىپتىكى تۇتقان ئورنى ئارقىلىق مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «مەن مائارىپ تەلىم - تەربىيە جەريانىنى ئىنسانلار تۈركۈمىنىڭ ئۆز مەدەنىيىتىنى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر جەريانى دەپ قارايمەن. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەزەلدىن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر مۇھىم تەربىيەۋى فۇنكسىيەسى (Function of education) بولۇپ، يەتكۈزۈش جەريانىدىكى ھەرقانداق زىيان - زەخمەتكە بەكمۇ سەزگۈر كېلىدۇ. بىزنىڭ تەبىئىي گېنىمىز بىزنىڭ ئادىمىلىكىمىزنى (Humanity) داۋاملىق ساقلىشىمىز ئۈچۈن تولىمۇ يېتەرسىز. بۇ جەريانىنى مەدەنىيەت بىلەن ياشلارنى داۋاملىق ئوزۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق تولۇقلايمىز».

ئۇ بۇ جەريانىنى ئوبرازلىق ھالدا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاغلاردىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان دەريا سۈيىگە ئوخشىتىدۇ. مەدەنىيەت دەرياسى تارماق ئېقىملارغا بۆلۈنۈپ كېتىش، ئاتموسفېرادىكى يامغۇر ئارقىلىق تولۇقلىنىدىغان ئۆزگىرىشچان جەريانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇلغىيىدۇ، تېخىمۇ زورىيىپ يېڭى تونۇشقا، ئىجادچانلىققا يىغىنچاقلىشىدۇ. سەنئەت ياكى ئىلىمگە ئايلىنىدۇ. مۇستەھكەم توپلانغان مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ يوقالمايدىغانلىقىغا قىياس قىلىنغان بۇ ئوخشىتىش پەقەت ۋەقەلىكنىڭ يېرىم پارچىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئىككىنچى يېرىمى بولسا، ياشلىرىمىزنىڭ بۇنداق غايەت زور قىممەتكە ئىگە مەدەنىيەت پاكىتلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىش خەتەرلىكىدىن ئىبارەت. بەزى مەدەنىيەت شەيئىلىرىنىڭ تۈركۈم مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن يوقىلىپ، قايتىپ ئەسلىگە كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئۆز تارىخىمىزدىن بىر مىسال ئالساق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇقام ئۇستازى مەرھۇم تۇرداخۇن ئاكىنىڭ چوڭ دادىسى قاۋۇل قالۇن ئۆلگەندىن كېيىنكى 70 يىل جەريانىدا مۇقاملىرىمىزدىن «چاھارزەرپ»، «چۆل ئىراق»، «جۇلا»، «ۋىسال»، «ئىشرەت ئەنگىز»، «نورۇز» دەيدىغان ئالتە مۇقام دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن.

مەدەنىيەت قىممەتلىرىدىكى مەھرۇملۇق تەبىئىي بولۇشى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتتىن ياكى تاشقى زوراۋانلىقىدىنمۇ كېلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ ھازىر ۋەتەندە ئۇچراۋاتقان كەچمىشلىرىمىز بۇ خىل

مەھرۇملۇقنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

پىروفېسسور سىمولىچ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «... بىزنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىمىز ئۆتمۈشتىن داۋاملىشىۋاتقان مەدەنىي مىراسلىرىمىزغا قارىغاندا مۇرەككەپ چۈشەنچىدۇر. مەكتەپ مەلۇم بىر تۈركۈمنىڭ ياكى مەدەنىيەتتە كۆپ قۇتۇپلۇق جەمئىيەتتىكى تۈركۈملەرنىڭ ئۆتمۈشتىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى چوقۇم ئۆگىتىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا ئىگە بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىشى، رىغبەتلەندۈرۈلۈشى لازىم. ئۇلار ئەنئەنىسىنى ئۆزلىرىگە ئارتىلغان بىر تارىخىي يۈك دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنكى يولىنى يورۇتقۇچى دەپ تونۇشى، ئەنئەنىگە مەسئۇلىيەتچان بولۇشى لازىم». بۇ نۇقتىدا، ئالىم، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كېيىنكى يازمىلىرىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىللەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنىۋى ئۇلى، مىللەتنىڭ ئەۋزەل رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ھايات بۇلىقى، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ئۆزىگە خاس قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى». ئۇ نەزەرىيەۋى تەپەككۇر بىلەن ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى رولىنى تەكىتلەش بىلەن بىللە، يازمىلىرىدا يەنە «مەدەنىيەتنىڭ تىپىك خاسلىققا ئىگە يادرولۇق قىسمى...»، «ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئۆز يادروسى، تۈزۈلمىسى ۋە تىپى بويىچە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك» دەپ يازىدۇ. بۇ پاكىتلار ئالىمدىمۇ «مەدەنىيەتلەرنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى» كۆز قارىشىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 1.4 پىروفېسسور سىمولىچنىڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ قىممەتلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرى

بىز بۇ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتتىكى مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىزنى تونۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن، پىروفېسسور سىمولىچنىڭ مەدەنىيەت قىممەت كۆز قارىشىغا نەزەر سالايلى.

ئۇ ئاۋستىرالىيەدىكى ھەر خىل مىللىي تۈركۈم مەدەنىيەتلىرىنىڭ مۇھىم ۋە مەركەزلىك قىسمىنى مەزكۇر تۈركۈم مەدەنىيەت قىممەتلىرى ئىچىدىكى يادرولۇق قىممەتلەر دەپ ئاتاپ، بۇ قىممەتلەرنىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ غوللۇق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋىتىدىكى ئورنىنى تەكشۈرۈش، ئارقىلىق، مولتىكولتۇرالىزم نەزەرىيەسىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاۋستىرالىيەدىكى ھەر خىل مىللىي تۈركۈملەر ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتىنىڭ غوللۇق ھېسابلىنىدىغان مەدەنىيەت قىممەتلىرىدىن: دېموكراتىك غايىلىرى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرى، ئىنگلىز تىلىنى ئورتاق تىل قىلىش، قانۇن ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈملەرگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرلىكتە، ئۆز مەدەنىيەتلىرىنىڭ بۇ غول ئېقىمدىن پەرقلىنىدىغان يادرولۇق قىممەتلىرىدىن: ئانا تىللىرى، دىنىي ئېتىقادى ۋە دىنىي پائالىيەتلىرى، ئائىلە تۇرمۇش ئادەتلىرى، مۇزىكا، ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە بىناكارلىق ئالاھىدىلىكلىرى، تەنتەربىيە تۈرلىرى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرىنى پراكتىكا قىلىدىغان بولدى، باشقا تۈركۈملەر بىلەن ئەركىن ئورتاقلىشىدىغان بولدى. ئاۋستىرالىيە جەمئىيىتىنىڭ غول ئېقىمغا تەۋە مەدەنىيەت قىممەتلىرى بىلەن مىللىي تۈركۈملەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزئارا ئەركىن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى نەتىجىسىدە، ئاۋستىرالىيە كۆپ خىل مەدەنىيەتلەر تەڭ مەۋجۇت بولىدىغان ۋە جانلىق بىر دۆلەتكە ئايلاندى. پىروفېسسور سىمولىچنىڭ تىرىشىشى بىلەن، ھەر خىل مىللىي تۈركۈمگە تەۋە ئوقۇغۇچىلار، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ئۆز تۈركۈملىرى ئاچقان مەكتەپلەردە ئانا تىلىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، غول ئېقىمنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن ساقلاندى. ئىنگلىز تىلىنى ئانا تىل قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار باشقا تىللارنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، قوش تىللىق بولۇشنىڭ خىزمەت، كەسىپ، تىل ۋە باشقا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلىرىنى چۈشەندى.

«ھەر بىر مىللىي تۈركۈم ئۆز مەدەنىيەت قىممەتلىرى ئىچىدىكى بەزىلىرىنى مىللىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن مۇتلەق زۆرۈر دەپ ھېس قىلىدۇ. بۇنداق ھېسسىيات شۇ مىللىي تۈركۈمنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىدىن شەكىللىنىپ قالىدۇ. ئەگەر تۈركۈم مەھكۇم مىللەت بولسا، بۇ قىممەتلەر ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئاسسىمىلياتسىيەسىدىن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ. ھۆكۈمران گۇرۇھ مەھكۇم تۈركۈمنىڭ قايسى

بىر مەدەنىيەت قىممىتىنى رەت قىلىپ، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كونكرېت سىياسىي تەدبىرلەرنى چىرايلىق ئىسىملار بىلەن يولغا قويسا، بۇ تۈركۈم دەرھال شۇ قىممەتنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ قىممەتلەرنى جاندىن ئەزىز كۆرىدۇ».

پىروفېسسور سمولىچ يادرولۇق قىممەتلەرنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: «يادرولۇق قىممەتلەر بىر ئېتنىك تۈركۈم مەدەنىيىتىنىڭ تۈپ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر تۈركۈمنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك سىستېمىسىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە شۇ تۈركۈمنىڭ سىمۋوللۇق قىممەتلىرى بولىدۇ. يادرولۇق قىممەتلەرنى رەت قىلىش مەزكۇر تۈركۈمدىن مەھرۇم بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ»، «بىر تۈركۈمنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى ئۇنىڭ مەدەنىيەت قىممەتلىرى بىلەن ئىجتىمائىي سىستېمىسىنى بىر - بىرى بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇلارسىز ھەر سىستېما ئاخىرقى ھېسابتا ۋەيران بولىدۇ. ئىجتىمائىي گۇرۇھلار يادرولۇق قىممەتلىرى بىلەن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغان مىللىي (Ethnic)، دىنىي، ئىلمىي ياكى باشقا مەدەنىي گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ».

پىروفېسسور سمولىچ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «يادرولۇق قىممەتلەر ئانا تىل، دىن، مىللىي ئائىلە قۇرۇلمىسى، ئانا تۇپراق ياكى زېمىن قاتارلىقلار بولۇشى مۇمكىن. باشقا قىممەتلەر تۈركۈم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم ياردەمچى قىممەتلىرى بولسىمۇ تۈركۈمداشلارنىڭ كىملىكىنىڭ شەكىللىنىشىگە زور تەسىر كۆرسىتەلمىگەچكە، تۈركۈمنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتىگە زەخىم يەتكۈزمەسلىك ئاساسىدا ئۆزگەرتىلىشى ياكى تاشلىنىپ قېلىشى مۇمكىن».

يۇقىرىدىكىلەر پىروفېسسور سمولىچنىڭ مىللىي تۈركۈم مەدەنىيەت قىممەتلىرى ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ بىر قىسمى. ئۇيغۇرلار مەھكۇم ھالەتتە ئۆز مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرىنى قانداق تونۇۋېلىشى مۇمكىن؟ بىز يەنىلا پىروفېسسور سمولىچقا مۇراجىئەت قىلايلى: «مۇئەييەن بىر مىللىي تۈركۈمگە سىرتتىن بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قىممەتلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش، مەزكۇر تۈركۈمنىڭ بۇ قىممەتلەرنى ئۆز مەدەنىيەت قىممەتلىرىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ قىممەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ»، «ئاز سانلىق تۈركۈملەر ياكى مەھكۇملۇق ئاستىدىكى تۈركۈملەر ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا، يادرو قىممەتلەر ھەققىدە قايتىلاپ تەكىتلەش زۆرۈر. چۈنكى بۇ تۈركۈم ئېزىلىش ئاستىدا تۇرغاندا مۇستەبىت بېسىمغا قارشى ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن مەدەنىيەتلىرىنىڭ بەزى ئامىللىرىنى يادرو قىممەت قىلىپ بېكىتىش ئاسانراق چۈشىدۇ»، «ئۆز مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئامىللىرىنىڭ قايسى ئامىللىرىنىڭ يادرو قىممەت بولىدىغانلىقى، مىللىي تۈركۈمنىڭ ئېزىلىش ياكى مەھكۇم ھالەتتە تۇرغىنىدا ئېنىق بايقىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئېزىلىش ئاستىدا تۇرغاندا، ئۆز مەدەنىيىتىنى سىرتقى بېسىمدىن قوغداش ئۈچۈن تىرىشىدۇ». پىروفېسسور سمولىچ ئانا تىلنىڭ رولىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئانا تىلنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش، ئەمەلىيەتتە ئانا تىلنى تۈركۈمدىن ئىبارەت مۇستەقىل بىر گۇرۇھنىڭ سىمۋولى ۋە تۈركۈمنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ داۋاملاشتۇرغۇچىسى قىلىدىغان پۈتۈن بىر مەدەنىيەتنى يوقىتىشتىن دېرەك بېرىدۇ».

پىروفېسسور سمولىچ 19 - ئەسىردە پولشانىڭ مۇستەملىكە دەۋرىدە ۋە 20 - ئەسىردە كوممۇنىست سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمران دەۋرىدە پولەك تىلى بىلەن پولەك دىنى – كاتولىك دىنىنىڭ قىسمەتلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق پولشا خەلقىنىڭ ئۇچرىغان مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى نەتىجىسىدە ئۆز مەدەنىيەت قىممەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرىنى قانداق تونۇۋالغانلىقىنى ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. 19 - ئەسىردە پولشا، ئەتراپىدىكى ئۈچ زوراۋان قوشنىلىرى تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنىدۇ. ئۇلار مەكتەپ كارىدورىدا ئانا تىلدا سۆزلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىشقا قارشى چىققان ئاتا - ئانىلارنى، ئۆيلىرىگە باللىرىنى يىغىپ پولەك تىلىنى ئۆگىتىپ تۇتقۇن قىلىنغان ئاتا - ئانىلارنى سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلىدۇ. بۇنداق زوراۋانلىق ۋە چەكلەش پولەك تىلىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنداقلا «بۇ جەريان پولەك تىلى بىلەن

پولشا خەلقىنىڭ بىر ھەقىقىي ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۈركۈمىگە مەنسۇپلۇقىنى بەلگىلەيدىغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەس باغلىنىشىنى شەكىللەندۈردى». سوۋېت تۈزۈمىنىڭ چېركاۋنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشى، پولشالىقلارنىڭ كاتولىك ئەقىدىلىرىگە تېخىمۇ كۈچلۈك ئېتىقاد قىلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

## 1.5 پىروفېسسور سمولىچ ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقىدىكى بىر مۇھىم پىرىنسىپ

ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى، پەقەت ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرىلا ئىنسانىي قىممەتلەرگە ئىگە بولۇپ ئىنسانىي پائالىيەتلەرنى يۈرگۈزەلەيدۇ، بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر پەقەت شۇ پائالىيەت ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەككى، نوقۇل سىرتتىن كۆزەتكۈچىلەرنىڭلا كۆز قارىشىغا ئاساسلىنىپ قېلىنماسلىقى لازىم، دەيدىغان پاكىتنى قوبۇل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدىغان تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي ئورگان، ئىجتىمائىي گۇرۇپپىلار، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ جەريانلىرى ئىنسانىي ھېسسىياتتىن مۇستەسنا بولالمايدۇ دەپ قارايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىقتىكى ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ پىرىنسىپنى تۆۋەندە ئۇنىڭ ئىجادچىسى زنانىيېسكىينىڭ سۆزى بويىچە بايان قىلدىم: «مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى پەقەت شۇ جەريانغا ئاكتىپ قاتناشقان ئىشتىراكچىلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆگەنگەندىلا ئاندىن تولۇق چۈشىنىش مۇمكىن» (Znanieski/1968).

## 1.6 پىروفېسسور سمولىچنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن تەرمىلەر

ئاۋستىرالىيەدە تىلنى مەركەز قىلىدىغان مىللىي تۈركۈملەر: گرېكلەر، لىتۋانىيەلىكلەر، لاتۋىيەلىكلەر، ئېستونىيەلىكلەر، پولشالىقلار، ئىسپانىيەلىكلەر، ۋېنگرىيەلىكلەر، ئىتالىيانلار. بۇلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا سادىقلىقىنى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىنگلىز تىلى بىلەن قوش تىل سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقانلىقىدىن بىلىش مۇمكىن. پولشالىقلار پولەك تىلىدىن باشقا يەنە كاتولىك دىنىنى مەركەز قىلىدۇ. گرېكلەر تىلدىن باشقا ئورتودوكسنى مەركەز قىلىدۇ. ئىرېلاندىيەلىكلەر كاتولىك دىنىنى مەركەز قىلىدۇ. لىۋانلىقلار بىلەن خىتايلارغا نىسبەتەن تىل ۋە ئائىلە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەرمەنلەرمۇ يەھۇدىيلارغا ئوخشاش، دىن بىلەن تارىخىي ھېسسىياتنى مۇھىم دەپ بىلىدۇ. ھازىر ئىتالىيەدە ياشايدىغان جەنۇبىي ئىتاليانلىقلارغا نىسبەتەن ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى جەھەتتىكى مۇھىملىقى تىلدىنمۇ ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن.

يەھۇدىيلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچە. ئۇلار مەدەنىيىتىدىكى مۇنۇ ئۈچ قىممەتنى يادرولۇق قىممەت دەپ تونۇيدۇ: يەھۇدىي دىنى (مۇسا پەيغەمبەرنىڭ دىنى Mosaic religion)، تارىخىيەتلىكى (Historisity)، مىللىي خاراكتېرى (Peoplehood) (بىر يەھۇدىيدا بولىدىغان، ئۆزىنىڭ يەھۇدىيلار تۈركۈمىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان بىرلىك تۇيغۇسى). يەھۇدىيلارنىڭ مىللىيەتلىكىنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ قېلىشىدا، يۇقىرىدىكى ئۈچ قىممەتتىن باشقا قىممەتكە، يەنى تىلغا ئېھتىياجى چۈشمىدى. يەھۇدىي تارىخىنى بولسا، ئۇلار يەھۇدىي دىنىنى ئۆگەنگەندە ھەر خىل دىنىي كۆرسەتمىلەر بىلەن بىللە مىللىي تارىخىنىمۇ ئۆگەنگەنلىكىدىن بىلىدۇ. پىروفېسسور سمولىچ: «يەھۇدىي ئانىدىن تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ تەبىئىي ھالدا يەھۇدىي بولۇشىدىن ئىبارەت بەلگىلىمىنىڭ، يەنى يەھۇدىيلارنىڭ ئانا جەمەتى بويىچە قانداشلىقىنىڭ يەھۇدىيلىقنى ئېنىقلاشتا دىنىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن بولغان» دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىسلام دىنى بىلەن مالاي تىلى مالايسىيالىقلارنىڭ مۇھىم يادرولۇق قىممەتلىرىدۇر (Asmah Haji Omar. 1982; 1983). مالايسىيادا بىر غەيرىي مالاي بىلەن توي قىلىشى ئۈچۈن، غەيرىي مالاي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنداقلا ئۇ مالاي تىلىنى ئۆگىنىشكە رازىلىقىنى

بىلدۈرگەندە مالايسىيالىق ھېسابلىنىدۇ (ئۇنىڭ ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە رامىزاندا روزا تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ). شۇنداقلا مالايسىيادا ھەر بىر مالايسىيالىقنىڭ ئىرقىي ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ ئىسپاتلىرىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

مالاي - خىتاي ياكى مالاي - ھىندى ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ چىراي شەكلىنىڭ ھەر خىللىقىغا باقماستىن، ئۇلار مەدەنىيەتتىكى تەلەپنى قوبۇل قىلغان دەپ قارىلىپ، رەسمىي مالايسىيالىق دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. مالايسىيالىقلار ئۇزۇن زامانلاردىن خەلقئارا سودا يولىدىكى ئارالدا ياشاپ، كۆچمەنلەرنى ئۆزلىرىگە قوشۇۋېلىش مېخانىزمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش بىلەن تەڭ، ھامان بىر مەدەنىي تۈركۈم سۈپىتىدە بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ كەلگەن. بىر مالايسىيالىق بىلەن توي قىلغان غەيرىي مالايسىيالىق، ئەگەر ئىسلامغا كىرىشنى رەت قىلسا، ئۇلارنىڭ بالىلىرى دۆلەتنى قۇرغۇچى مىللەت — مالاي مىللىتى بولۇش ئىمتىيازىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئەگەر بىر مالايسىيالىق ئايال خىتاي بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ فامىلىسىنى قوللانسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزى مالاي مىللىتى بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىدۇ. ئۇ ئايال رەسمىي ياكى غەيرىي رەسمىي خىتاي دەپ مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

مالايسىيادا ياشاۋاتقان خىتايلار ئايرىم يادرو قىممەت سىستېمىسىغا ئىگە. ئۇلار غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ خىتايلارنىڭ ئائىلىسىگە ئەزا بولۇشىنى قارشى ئالىدۇ. ئارىلاشما توي قىلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خىتايلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ، مالاي ئاياللار بىلەن توي قىلىشى ئالاھىدە تەكىتلەنمەيدۇ.

ئاۋستىرالىيەدىكى ھەربىر مىللىي تۈركۈمنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت قىممەتلىرىدىن باشقا ئۇلارنىڭ پەۋقۇلئاددە قىممەتلىرىنى چەتكە قاقمايدىغان، ئابورجىن ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، دۆلەتنىڭ ھەممىگە ئورتاق بولىدىغان قىممەتلەر رامكىسى (Overarching Framework of shared values) نىڭ بولۇشى لازىملىقى ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش مەسىلىلىرى كۈنتەرتىپكە كەلدى. ئادېلايدا ئېلىپ بېرىلغان يىگىرمە يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىدە دۆلەتنىڭ ھەممىگە ئورتاق قىممەتلەر رامكىسى ئاساسەن ئېنىقلاندى. بۇ دەرىجىدىن تاشقىرى يادرولۇق قىممەتلەر (Super core value): دېموكراتىك ئەنئەنىلەر (پارلامېنت دېموكراتىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى، ئىقتىسادىي بازار ئەركىنلىكى (Economic pluralism)، ئىنگلىزچىنى ئورتاق تىل قىلىش.

ئاۋستىرالىيەدە پەرقلىق مىللىي تۈركۈملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەدەنىيەت قىممەتلىرىنى قەدىرلەش، داۋاملاشتۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىش، ئۇنى نامايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە، باشقا مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىشىش، ھەمكارلىشىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە. بۇ مەدەنىيەتلەر يەنە بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان، ھەممە قوبۇل قىلىدىغان، ھەممىگە ئورتاق بولغان دەرىجىدىن تاشقىرى مەدەنىيەت قىممەتلەر كۆنلۈكى ئاستىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. «ھەر خىل مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ بۇ رامكىنى قوبۇل قىلىشى، بۇ رامكىنى ئاۋستىرالىيەلىكلەرنىڭ كىملىك نامايەندىسى (Hallmark) دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ»، «جەمئىيەتنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋە مائارىپ ساھەلىرىدە بىرلىككە كەلتۈرىدىغان كۈچ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولغان دۆلەتنىڭ غوللۇق ئورگانلىرى، بارلىق مىللىي تۈركۈملەر بىردەك ئېتىراپ قىلىدىغان بۇ ئورتاق قىممەتلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئىنسانلار ھاياتلىقىنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىدە بىرلىككە كېلىنگەن بۇنداق ئىدېئولوگىيەلىك كۆنلۈك، كۆپ خىل مەدەنىيەتكە ئىگە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ». مەن بۇنى ئاۋستىرالىيە مولتىكولتۇرال سىياسىتىنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى دەپ ئويلايمەن.

بۇ، پىروفېسسور سمولىچ ۋە ئۇنىڭ مەسلەكداشلىرىنىڭ 30 يىلدىن ئارتۇق جاپالىق نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە پىراكتىكىلىق ئەجرى، خۇسۇسەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەتتىكى يادرولۇق قىممەتلەردىن ئىبارەت ئىجادىي تۆھپىسىنىڭ نەتىجىلىرىدۇر.

## 2. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى

بىز قايسى قىممەتلىرىمىزنى مەدەنىيىتىمىزنىڭ يادرولۇق قىممىتى ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئىككى ئۇسۇل مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن: ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىقى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ خۇلاسە چىقىرىش؛ ئىككىنچىسى، 1949 - يىلدىن باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قايسى مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىزنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى بىلىش.

### 2.1 ئۇيغۇر تىلى ۋەيرانچىلىقى

ئۇيغۇر تىلى 1949 - يىلدىن باشلاپ خىرىسقا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ھازىر تامامەن مەنئى قىلىندى. دېمەك، ئانا تىلىمىز – ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى يادرولۇق قىممىتى بولۇشى كېرەك. «تىلنى مەركەز قىلىدىغان مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئانا تىلدىن مەھرۇم بولۇش مەزكۇر مەدەنىيەتنىڭ يوقىلىش گىردابىغا تاقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىيەتلىكىنى تۈركۈمنىڭ فولكلورى (ئېغىز ئەدەبىياتى)، ئائىلىنىڭ بىرلىكى، تۈركۈم ئىچىدىكى توي - تۆكۈنلەر ئارقىلىق بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خىل يوقىتىش يۈز بەرگەندە، مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئەقلىي ھۆجەيرىلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ. مەدەنىيەتنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزىدىغان چىشلىق چاق ئۈزۈلىدۇ. مىللىي تۈركۈمنىڭ غوللۇق مەدەنىيەت بىلەن مۇناسىۋەت جەريانىدىكى تەسىر كۈچى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق تەڭپۇڭسىزلىق ئاساسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە مىللىي تۈركۈمنىڭ مىللىيەتلىكى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم شەكلىنىلا ساقلاپ قالىدۇ. مىللىي مەدەنىيەت بەزىبىر ئىجتىمائىي قاتلاملار، دىنىي ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇيۇشمىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ دېگىنىمىز، فولكلور ياكى ئائىلە بىرلىكىنىڭ ياردەمچى قىممەتلەر سۈپىتىدىكى ئورنىنى ئىنكار قىلغانلىق ياكى بۇ قىممەتلەرنىڭ مىللىيەتلىكنى سىرتقى كۈچلۈك تەسىردىن ساقلاپ قالىدىغان مۇھىم رولىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. لېكىن مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرىدىن مەھرۇم بولىدىكەن، ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. تىلنى مەركەز قىلىدىغان مەدەنىيەتلەرگە نىسبەتەن، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئانا تىلنى شۇ مەدەنىيەتنى ئالغا سۆرەپ ماڭىدىغان پاراۋۇز ياكى مەدەنىيەتنى يېتەكلەيدىغان مېخانىزم ئورنىدا قوغداش كېرەك دېگەنلىكتۇر. مائارىپ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مەيلى قوش تىللىق ياكى مىللىي تىل ئوقۇتۇش بولسۇن، ھەر ئىككى ئەھۋالدا، ئانا تىل ئوقۇتۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش دېگەنلىكتۇر».

بىز بۇ تارىخىي تەجرىبىلەردىن پايدىلىنىپ، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە تىغ ئۇچىنى مەدەنىيىتىمىزنىڭ قايسى قىممەتلىرىگە قاراتقانلىقىنى كۆزىتىدىغان بولساق، بۈگۈنكى تارىخىي باسقۇچتا قايسىلىرىنى يادرولۇق قىممەتلەر سۈپىتىدە جان تىكىپ قوغداش كېرەكلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز مۇمكىن. ۋەتەندىكى مەكتەپلەردە ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تارىخىنى ئوقۇش ئاللىقاچان مەنئى قىلىنغانىدى. 1980 - يىللىرى «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ دەرسى ئوقۇتۇش شەكلىدە يولغا قويۇلۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ئوقۇتۇشقا بەلگىلەنگەنلەر بىر قازاق يىگىت بىلەن بىر قازاق قىز بولدى. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز ۋەتەن - مىللەت تارىخىنى بىلىش ھوقۇقى بار. ئەمما بىزنىڭ بۇ ئىنسانىي ھوقۇقىمىز ئاياغ ئاستى قىلىندى، ھاقارەتلەندى. تارىختىكى مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىمىز «توپىلاڭ»، «بۆلگۈنچىلىك»، «ۋەتەننى پارچىلاش»... دەپ ئاتالدى. مىللىي قەھرىمانلىرىمىز «چەت ئەل ئىشپىيونى»، «ئوغرى»، «باندىت»... دەپ ئاتالدى. بىز مىللىي

قەھرىمانلىرىمىز، شۆھرەتلىك تارىخىمىز بىلەن پەخىرلىنەلمەيدىغان، تاجاۋۇزچىلار، مىللىي مۇناپىقلاردىن نەپرەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالدۇق. نۆۋەتتە ھەقىقىي مىللىي تارىخىمىزنى بىلىش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئالدىدىكى تەخىرسىز مەجبۇرىيەتكە ئايلاندى. ئالىم، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق دەيدۇ: «ۋەتەن تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش، ئۆز ماھىيەتلىرىنى ئىزدەش، يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەت ئىچىدىكى ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ»، «ئۆتمۈش ئادىللىق بىلەن يورۇتۇلمىغان جايدا نۇرانە كەلگۈسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس». مەن ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى يادرولۇق قىممىتى بولۇشى كېرەك دەپ ھېسابلايمەن.

شىتلېر ۋە خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ كەلدى ۋە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئۇلار ئىسلام دىنىنى تامامەن ئىنكار قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ 3 - يادرولۇق قىممىتى ئىسلام دىنى بولىدۇ.

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، بىز ۋەتەن سىرتىدا مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى قانچە ئەۋلادقىچە ساقلاپ قالالىشىمىز مۇمكىن؟ بۇ ماڭا نامەلۇم. ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىللىيەتلىكىمىزنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى تەبىئىي. گەرچە بىز دېموكراتىك مەملىكەتلەردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر مىللەتلىكىنى، يەنى مىللىي مەۋجۇتلۇقنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ۋەتەن ئىچىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى بولسا شىددەت بىلەن داۋاملاشماقتا. مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز جىددىي خەتەر ئىچىدە. بىز پىروفېسسور سمولىچنىڭ يادرولۇق قىممەتلەر نەزەرىيەسى ۋە ئاۋستىرالىيەنىڭ مولتىكولتۇرال سىياسىتىنى ئۆگىنىپ، ھازىرقى رېئاللىقىمىزغا نەزەر سالساق مۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىز: مىللىي كىملىكىمىز، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ قېلىش – مىللىيەتلىكىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىزنىڭ كاپالىتى. بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇتلۇقىغا قارىتىلغان. ئۇيغۇرلار ھەم شۇنداق. ئۇيغۇرلار پەقەت ۋە پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىندا مەڭگۈ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. بىزنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىز ئانا تۇپرىقىمىز شەرقىي تۈركىستان بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىز دېموكراتىك مەملىكەتلەردە باشقىلاردەك قەدىر - قىممەتلىك بولۇپ ياشاپ كېتەلەيمىز، ئەمما كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنلەردە ئۇيغۇرلۇقىمىزدىن مەھرۇم بولىمىز. دېمەك، مىللىي مۇستەقىللىقىمىز – مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ كاپالىتىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز – ئانا تۇپرىقىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ زېمىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ 4 - يادرولۇق قىممىتى بولۇشى كېرەك.

بەزى ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىرى ئىچىدىكى، ئالىم، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇلۇغ مەدەنىيەت ئەلئېھرامى» دەپ مەدھىيەلىگەن مۇقەددەس ئابىدىمىز «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى»، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» قاتارلىقلار ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرى بولماپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. دەرۋەقە، بۇ ئۈچ قىممەتنى مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىزنىڭ جەۋھەرلىرى دېيىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. خۇسۇسەن، «12 مۇقام» ھازىرغىچە ۋە بۇگۈنكى كۈنلەردىمۇ نۇرغۇن خىرىسلارغا يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، سەرخىللىرىمىز، خەلقىمىز تەرىپىدىن «مىللىتىمىز روھىيىتىنىڭ قورغىنى»، «مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ مۇزىكىلىق سىگنالى» دەپ ئەزىزلىنىپ كەلمەكتە. شىتلېرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» شوئارى تېخىمۇ زور مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە. لېكىن، نۆۋەتتە تىلىمىز، دىنىمىز مەنئى قىلىندى. ۋەتەن، مىللەتنىڭ ھەقىقىي تارىخىنى يالغان تارىخ ئىگىلىدى. زېمىنىمىز مەڭگۈلۈك بېسىۋېلىنىش گىردابىدا. مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، مۇشۇ تۆت قىممەتنى جان تىكىپ قوغداش زۆرۈر دەپ ئويلايمەن. ئۈچ ئابىدە يەنىلا بىزنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت قىممەتلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2.2 تارىخىمىزدىكى مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىق كەچۈرمىشلىرىمىز

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىنى، چىڭگىز ئايتماتوۋ (Chinghiz Aitmatov, 12.1928 - 06.2008) بىلەن شاخانوۋلار مۇنداق تۆت باسقۇچقا بۆلىدۇ:

1) مىلادى 715 - يىلى قۇتەيبەنىڭ تۈركىستاندىكى ھۆكۈمرانلىقىدىن كېيىنكى ئەقىدە ئالمىشىش جەريانى؛
2) چىڭگىزخاننىڭ 13 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تاجاۋۇزى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى؛
3) چار رۇسىيەنىڭ 18 - ئەسىردىن باشلانغان تۈركىستانغا تاجاۋۇزى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى؛
4) سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ 1917 - يىلدىن كېيىنكى يۈرگۈزگەن مەدەنىيەت ئاسسىمىلياتسىيەسى.

ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىيلاردىن بۇيانقى تارىخىمىزدىنلا مىسالغا ئالساق، بىرقانچە قېتىم گۈللىنىش ۋە ۋەيرانچىلىق دەۋرىنى بېشىمىزدىن كەچۈردۇق. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزىگە خاس شانلىق مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيەت قىممەتلىرىگە ئىگە. بۇ قىممەتلەر ئەلۋەتتە ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىي پائالىيەتلىرى جەريانىدا مول، قىممەتلىك بايلىق سۈپىتىدە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، گۈللىنىش ۋە ۋەيرانچىلىق تارىخىمىزدا ھامان گىرەلىشىپ يۈز بېرىپ كەلدى.

مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىرىنچى گۈللىنىش دەۋرىنى قاراخانىيلار دەۋرى دېسەك مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، قاراخانىيلار ئىسلامدىن ئىبارەت بىر ئاللاھقا ئىشىنىدىغان دىنغا بەيئەت قىلىپ، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئەمىن تاپتى، ھۆكۈمران گۇرۇھمۇ تىنچ سىياسەت يۈرگۈزدى. نەتىجىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرىيدەك ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. بۇ دەۋرنى دوكتور ئەسەت سۇلايمان مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «نەتىجىدە قاراخانىيلار خانىدانلىقىدا ئۇيغۇر ئىسلام پەلسەپىۋى تەپەككۇرىنىڭ قانىتى رەسمىي يېيىلدى. ‹قۇتادغۇبىلىك› مانا مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ يۈكسەك چوققىسى ئىدى». شۇنىڭغا ئەگىشىپلا قارا قىتانلارنىڭ، ئاندىن چىڭگىزخان ئىستېلاسى 200 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تىكلىنىشى بىلەن مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئىككىنچى گۈللىنىش دەۋرى يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ جەرياندا مۇزىكا - مۇقامچىلىقتا يېتۈك ئۇستاز مەۋلانە يۈسۈپ قىدىرخان يەركەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈچىنچى بىر «مەدەنىيەت ئەلئىبھرامى» – ئۇيغۇر مۇقامى رەتلىنىپ چىقىلدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۈيئوغلى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆراگان تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخى رەشىدى»، بۈگۈنكى كۈندە بىزگە تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن سۇلتان ئابدۇرەشىتخانغىچە داۋاملاشقان 200 يىللىق تارىخىمىزنى يورۇتۇپ بەرمەكتە.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى 500 يىل مابەينىدىكى خەلقىمىز باشتىن كەچۈرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقىنى ئالىم، پىروفېسسور ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئاپاق خوجا ئەۋجىگە كۆتۈرگەن خوجا - ئىشانچىلىقنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئىنكارچىلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ دالاي لاما - جۇڭغار ئاقسۆڭەكلىرى ئالدىدىكى ساتقۇنلۇقلىرى تۈپەيلى يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى ۋە مەدەنىيەت قاششاقلىقىدىن ئىبارەت. بىز بابارەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، مۇھەممەد بىنى ئابدۇللا خاراباتى، خوجا جاھان ئەرشى ۋە فوتۇھىدەك گۇمانىستىك شائىرلارنىڭ سەرگەردانلىق دەشتىگە تاشلىنىشى ۋە قەتل قىلىنىشى، كاللا مۇنارلىرىنىڭ تىكلىنىشى، كىتاب دەستۇرلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، مۇرىت - قۇلچىلىقنىڭ ئەۋجەرەپ كېتىشىدىن ئۇنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى كۆرەلەيمىز».

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ۋەتىنىمىزگە قىلغان تاجاۋۇزچىلىقىدىن باشلاپ، 1911 - يىلى ئۇنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا قەدەر جەريانى ۋە مىلتارىست خىتايلاردىن كوممۇنىست خىتايلارغىچە جەريانى يەنە بىر ئۇزۇنغا سوزۇلغان «مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىق دەۋرى» دەپ قاراش مۇمكىن. بۇ دەۋردىمۇ ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالدى، ئۇيغۇر تىلى ئۈزلۈكسىز دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلارنى

يېقىـپ، يەنـىلا تەڭرىتېغىنىـڭ شـىمالى - جەنۇبـىدا مۇتلـەق ئۈسـتۈنلۈكنى ئىگىلـەپ كەلگەنـىدى.

نۆۋەتتـە دۇنيـادا ئۇچىغـا چىققـان كاززاپ، كـۆز بويامچـى، كەسـپىي ئالدامچـى كوممۇنىسـت خىتـاي ھاكىمىيىتىنىـڭ ۋەتىنىمىـز شـەرقىي تۈركىسـتاننى قانۇنسـىزلارچە بېسـىۋالغان 74 يىلدىـن بۇيـان يۈرگۈزۈۋاتقـان سىياسـىتى 21 - ئەسـىردە، 2 - دۇنيـا ئۇرۇشـىدىن كېيىنكـى دۇنيادىكـى ئەڭ يېڭـى تېخنىكا ۋاسـىتىلىرىدىن پايدىلىنىـپ ئېلىـپ بېرىلىۋاتقـان ئـەڭ قەبىـھ، ئـەڭ ۋەھشـىي، بىـر ئىرقـىي قىرغىنچىلىـق ۋە مەدەنىيـەت ۋەيرانچىلىقىدىـن ئىبـارەت. بـۇ مەدەنىيـەت ۋەيرانچىلىقـى ئۇيغـۇر مىللىتىنىـڭ مىللـىي مەۋجۇتلۇقىغـا ئېغىـر تەھدىـت سـالماقتا.

### 2.3 مىللىيەتلىك (ethnicity)، مىللىي مەۋجۇتلۇق دۇچار بولۇۋاتقان قىسمەتلەر

شـىتلېرنىڭ ئۇيغـۇر مىللىتىنـى يوقىتىـش نىيىتـى خـۇددى گىتلېرنىـڭ يەھۇدىـي مىللىتىنـى قىرىـپ تۈگىتىـش پىلانىـدەك ئېنىـق. ئەممـا ئـۇلار بۈگۈنكـى دۇنيـا ۋەزىيىتىـدە ئۇيغۇرلارنـى گىتلېـردەك گازدا زەھەرلـەپ، ئوتتـا كۆيـدۈرۈپ يوقىتىـپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنـى بىلىـدۇ. ئۇنىـڭ قانـداق نەيرەڭلەرنـى ئىشلىتىپ، ب د ت ۋە خەلقئـارا جىنايـى ئىشـلار سوتىنىڭ جازاسـىدىن قۇتۇلـۇپ كېلىۋاتقانلىقى ھەممىزگـە ئايـان. ئۇنىـڭ نىيىتـى گىتلېردىنمۇ رەزىـل ۋە قەبىـھ. ئـۇ، گىتلېرمـۇ ئىشـلىتىپ باقمىغـان قەبىـھ ۋاسـىتىلەردىن پايدىلىنىـپ، مىللـىي مەدەنىيـەت قىممەتلىرىمىزنـى بىـر - بىرلـەپ خەلقىمىـز ئېڭىدىـن سۈسلاشتۇرۇشـتىن باشـلاپ قـول سـېلىپ، مىللىيەتلىكىمىزنـى يوقىتىـش، ئەيۋەشـكە كەلمىگەنلەرنـى، ئۇيغـۇر سـەرخىللىرىنى كۆزدىـن يوقىتىـپ، دەسـلەپ بىـر تۈركـۈم «ئۇيغۇر»نـى تەربىيەلـەپ «يېتىشـتۈرۈش»كە ئۇرۇنۇۋاتىـدۇ. ئۇنىـڭ ئاخىرقـى مەقسـىتى، شـەرقىي تۈركىسـتان دەپ ئاتالغـان بـۇ زېمىنىمىزنـى مەڭگـۇ بېسـىۋېلىپ ئۆزىنىـڭ قىلىۋېلىـش. ئۇنىـڭ مىللەتنـى يوقىتىشـى ھەرگىـز ئۇيغۇرنـى فىزىكىلىـق جەھەتتـە تامامـەن يوقىتىۋېتىـش ئەمـەس، بەلكـى ئۇيغۇرلارنـى يوقىتىـپ، «ئۇيغۇر»نـى سـاقلاپ قېلىـش. ئـۇ ھامـان بىـر بۆلـۈم «ئۇيغۇر»لارنـى لازىـم قىلىـدۇ. شـۇڭا ئـۇلار ئۇيغۇرنىـڭ مىللىيەتلىگىنـى يوقىتىشـقا كىرىشـتى. ئۇنـداق بولسـا، جەمئىيەتشۇناسـلىق نۇقتىسـىدىن بىـر مىللەتنىـڭ مىللىيەتلىكـى (Ethnicity) دېگـەن نېمـە؟

جەمئىيەتشۇناسـلار مۇنـداق دەپ قارايـدۇ: «مىللـىي كىملىـك ۋە مەدەنىيـەت – مىللىيەتلىكنى تەشـكىل قىلغۇچـى ئىككـى ئاساسـىي گەۋدىدىـن ئىبـارەت. مىللىيەتلىـك – مىللـىي تۈركۈمنىـڭ ئۆزلىرىنىـڭ مىللـىي كىملىكـى ۋە مەدەنىيىتىنـى شـەكىللەندۈرىدىغان ھەمـدە قايتـا شـەكىللەندۈرىدىغان پائالىيەتلىرىنىـڭ مەھسـۇلىدۇر. شـۇنداقلا مىللىيەتلىـك سـىرتقى تەسـىرلەر يەنـى ئىقتىسـادىي ۋە سىياسـىي جەريانلاردىـن ئىبـارەت سـىرتقى تەسـىرلەر، ئۇلارنىـڭ مىللـەت كاتېگورىيەسـى ۋە ئېنىقلىمىسـىنى شـەكىللەندۈرىدىغان ھەمـدە قايتـا شـەكىللەندۈرىدىغان پائالىيەتلىرىدىـن كېلىـپ چىققـان قۇرۇلمىـدۇر» (Joan Nagel, University of Kansas).

بىـز بۇنىڭدىـن مەدەنىيىتىمىزنىـڭ مىللىيەتلىكىمىـز، مىللـىي مەۋجۇتلۇقىمىزدىكى تۇتقان سـالمىقىنىڭ نەقـەدەر مۇھىـم ئىكەنلىكىنـى كۆرەلەيمىـز. مەدەنىيىتىمىزنىـڭ قىممەتلىرىنـى بىلىش، ئۇلارنىـڭ ئىچىدىكى بىر مىللـەت سـۈپىتىدە ھايـات - ماماتلىقىمىز بىلـەن چەمبەرچـاس باغلانغـان يادرولـۇق قىممەتلىرىمىزنى بىلىش، بىزگـە نېمىلەرنـى جـان تىكىـپ قوغـداش لازىملىقىنـى ئۆگىتىـدۇ؛ بىزگـە مىللـىي مەۋجۇتلۇقنىـڭ ھەقىقىـي ماھىيىتىنـى ئۆگىتىـدۇ. ۋەتـەن سـىرتىدا سـاق - سـالامەت، ئـۆز - ئۆزىمىزنـى ئۇيغـۇر دەپ ياشاۋاتقانلىقىمىز، ئۇيغۇرچـە سـۆزلەپ، ئۇسسـۇل ئوينـاپ، ناخشـا - مۇقـام تـوۋلاپ، ھېيـت - ئايـەم ئۆتكـۈزۈپ، مەسـچىتكە بـەش ۋاق نامـاز ئوقـۇپ... ھايـات كەچۈرۈۋاتقانلىقىمىـز بىـز ئۇيغۇرلارنىـڭ ئاخىرقـى ھېسـابتا مىللـىي مەۋجۇتلۇقىمىزنـى سـاقلاپ قالغانلىقىمىزدىـن دېـرەك بەرمەيـدۇ. بىـز پەقـەت ئۆزىمىـز تەسـەللى تاپىمىـز، خـالاس. بىزدىـن باشـقا ۋەتىنىنـى تـەرك ئەتكـەن كۆچمەنلەرنىـڭ مۇتلـەق كـۆپ قىسـمىنىڭ ئانـا ۋەتىنـى ئۇلارنىـڭ ھۆكۈمىتىنىـڭ قانـداق بولۇشـىدىن قەتئىيـنەزەر، يەنـىلا ئـۆز مىللىتىنىـڭ قولىـدا. ئـۇ مىللـەت يـەر شـارى بىلـەن تـەڭ مەۋجـۇت بولـۇپ تۇرالايـدۇ. تىبەتلىكلـەر دىنداشـلىرىنىڭ تەقدىـم قىلغـان ئىككىنچـى ۋەتىنىـدە ئـۆز مەدەنىيىتىنـى سـاقلاپ قالالىشـى مۇمكىـن. ئەممـا بىـز ئۇيغـۇرلار ۋەتەنـنى ئۇممەتلىرىمىزگـە

تاپشۇرۇپ قويۇپ چىققان ئەمەس. ۋەتەن، ئىپلاس خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ ئايىغ ئاستىدا بۇلغانماقتا.

مېنىڭچە، بىز شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك: ئۇ بولسىمۇ بىر مىللىي تۈركۈمنىڭ كىملىكى، مىللەتلىكى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، زوراۋان كۈچلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، روھىي، جىسمانىي زىيانكەشلىكى نەتىجىسىدە، ئومۇمەن بۇگۈنكىدەك ئۇيغۇرلار ئۈستىدىكى مەدەنىيەت ۋەيرانچىلىقى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق نەتىجىسىدە ئۆزگىرىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قاقماسلىق كېرەك.

## 2.4 «ئۇيغۇرلار»

خىتايلارنىڭ «ئۇيغۇر»لارنى تەربىيەلەشكە كىرىشكەنلىكىنى 1990 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاڭلىغانىدىم. «ئۇيغۇرلار»، جەمئىيەتشۇناسلىق تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «كىملىكى، مىللىيەتلىكىدىن مەھرۇم بولغانلار». بۇنداقلار مۇنداق ئىككى ئەھۋال ئاستىدا كېلىپ چىقىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن:

بىرىنچىسى، مەن يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە مەن ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ھادىسىنىڭ خېلى بۇرۇن يۈز بەرگەنلىكىگە كۆزۈم يەتتى. يەنى زوراۋانلىق، قورقۇتۇش، روھىي بېسىم، لاگېر، تۈرمە، «مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» (شىتلېرنى ھەر كۈنى تەكرار مەدھىيەلەش، تەكرار خىتايچە قەسەم قىلدۇرۇش، خىتاي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، بايراملىرىنى تەكرار پىراكتىكا قىلدۇرۇش، مەجبۇرىي چوشقا گۆشى يېگۈزۈپ، ھاراققا زورلاش، ۋەتىنىمىزنىڭ يالغان تارىخىنى تەكرار يادلاتقۇزۇش، جىسمانىي جازا...)، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئاتا - ئانىسىدىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن ئايرىپ خىتايچە تەربىيەلەش، ئاتالمىش «شىتلېر ئىدىيەسى» بىلەن كاللىسىنى يۇيۇش، خىلمۇخىل قىيناش ئەسۋابلىرى بىلەن قىيناشلار ئارقىلىق مەقسىتىگە يېتىش.

ئىككىنچىسى، «ئۇيغۇر»لارنى مەخسۇس تەربىيەلەش

نۆۋەتتە ئۆزى بىلىپ - بىلمەي «ئۇيغۇر» بولغانلار ۋەتەن ئىچىدىمۇ كۆپەيمەكتە، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئۇلارغا ھەر خىل ماركا چاپلاپ ئېكسپورت قىلىۋاتىدۇ. ئىنگلىزچە «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولالمايدۇ» دەپ كىتاب يازغان ئاپتور، مەن يۇقىرىدا دېمەكچى بولغان «ئۇيغۇر»لارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. شىتلېرنىڭ «ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەت بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇش» شوئارىغا ئاساسەن «ئوزۇقلىنىپ» چىققان «ئۇيغۇر»لارنىڭ ئىچىدىكى بىرى.

مېنىڭ بۇ «ئۇيغۇر»لارغا تەۋسىيەم: 1) مىللىتىڭىنىڭ، ۋەتىنىڭىنىڭ يېقىنقى زامان قانلىق تارىخىنى ئۆگەنگىن. بۇ تارىخ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى سېتىۋالغان چەت ئەللىكلەر ياكى خىتايلار تەرىپىدىن يېزىلغان بولماستىن، چوقۇم ئۇيغۇر تارىخچى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇشى كېرەك. كۆڭلۈڭ زادى ئۇنىمىسا سېلىشتۇرۇپ ئوقۇ؛ 2) كوممۇنىست خىتاينىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۆگىنىپ بىلىشكە تىرىش. تەكلىپىم: مۇنۇ كىتابنى تېپىپ ئوقۇغىن. بۇنىڭ تەيۋەن ياكى خوڭكوڭدا چىققان خىتايچە تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن:

MAO: The Unknown Story, Jung Chang, Jon Halliday

ھۆكۈمران مىللەت – خىتاي مىللىتىنىڭ ماھىيىتىنى ئۆگەن. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەدىمدىن بۇيان مۇستەبىتكە قۇل بولۇپ ياشاشقا كۆنۈك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ماھىيەتتە تامامەن كوممۇنىست پارتىيەنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلانغانلىقىنى چۈشىنىسەن. 74 يىلدىن بۇيان بۇ مىللەتنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئېكولوگىيەسىگە يەتكۈزگەن بۇزغۇنچىلىقى ۋە ۋەيرانچىلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكتىن خالىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. خۇددى تارىختىكى خىتاي پادىشاھلىرىدەك، ماۋ بىلەن شىتلېرمۇ ئۇلارنى تەكرار ھالدا ئېتىزدىكى كۈدىنى ئورغاندەك قىرىپ ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ مىللەتتىن زۇۋان چىقمىدى. بۇ مىللەتتىن گورباچېۋدەك ئىسلاھاتچىنىڭ چىقىشىغۇ ئەسلا مۇمكىن

ئەمەس. بۇ مىللەت فېئودالىزمنىڭ ئاسارىتىدە مىڭلارچە يىللار سەددىچىنىڭ ئىچىدە ياشاپ، باشقا مىللەت ۋە مەدەنىيەتنى چۈشەنمەيدۇ، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدۇ، بىللە ياشىيالمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا قۇل بولۇپ ياشايدۇ ياكى ئۇلارنى خىتاي دېڭىزىغا چۆكتۈرۈپ تۈگىتىدۇ. بۇ ئاپەت دېڭىزى قۇبلايخان بىلەن مانجۇ ئەۋلادىنى يۇتۇۋەتتى. ئەمدى نۆۋەت بىزگە كەلدى. بۇ مىللەتتىن يەنە نېمىنى كۈتمەكچىسەن؟

## خاتىمە

مەن بۇ يازمىدا ئاۋستىرالىيەدىكى «مولتىكولتۇرالىزىم»نى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھەرقانداق بىر شەكىلدە بولمىسۇن كەلگۈسىدە «خىتاي بىلەن بىللە ياشاش»نى تەشەببۇس قىلمىدىم. تارىختىن بۇيان، قىسقىسى 74 يىلدىن بۇيانقى ۋەتەندىكى كەچمىشلىرىمىز خىتاي مىللىتىنىڭ غەيرىي مەدەنىيەت بىلەن بىللە ياشاش ئىقتىدارى يوقلۇقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. مەن ۋەتەندىكى 46 يىللىق ھاياتىمدا، غۇلجىدىكى بەش يىللىق كەچمىشىمنىڭ ئىچىدىكى بىر سەرگۈزەشتىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى توغرا كۆرۈشتىم.

1969 - يىلى دېكابىردىن 1972 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر پۈتۈن ئىلى ئوبلاستى بويىچە، ئىلىدىكى چېگرا مۇداپىئە ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى «سۇن»نىڭ قوماندانلىقىدا «شەرقىي تۈركىستانچىلارنى يوقىتىش» ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى ئاپتونوم رايوندىن غۇلجا شەھىرىگىچە چۈشۈرۈپ، پەقەتلا غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۆزىدىنلا بىرىنچى قېتىم 50، ئىككىنچى قېتىم 30 گۇناھسىز ئۇيغۇرنى سازايى قىلىپ، ئاندىن ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئوبلاست بويىچە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنىڭ، تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى نامەلۇم. ھەممىسىنىڭ گۇناھى بىر، يەنى «شەرقىي تۈركىستانچى». 1972 - يىلىنىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، بىر كۈنى غۇلجا ئىلى مېھمانخانىسىدا يىغىن ئېچىلىپ، «سۇن»: «شەرقىي تۈركىستانچىلارنى يوقىتىش ھەرىكىتى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. بۈگۈندىن باشلاپ، ئەگەر كىمكى ئۆزىنى مەن شەرقىي تۈركىستانچى دەپ ئۆيۈڭلارغا كىرسىمۇ قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭلار. شەرقىي تۈركىستان مەۋجۇت ئەمەس» دەپ ئېلان قىلدى. بۇنداق قىرغىنچىلىق ۋەتەندە ھەر 10 - 15 يىلدا بىر قېتىم تەكرارلىنىپ تۇردى، يەنى ياشلىرىمىزنى قەرەللىك قىردى. بىللە ياشىساق، ھەممە ئۇيغۇر «ئۇيغۇر»غا ئايلىنىپ، شۇلاردەك مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە باش ئېگىپ، «2 - دەرىجىلىك پۇقرا» بولۇشىمىز ئېنىق.

يۇقىرىدا مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ئۈچۈن مەدەنىيىتىمىزنىڭ قايسى قىممەتلىرىنىڭ يادرولۇق قىممەتلەر بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى يۈزەكى كۆز قاراشلىرىم سۇنۇلدى. ئۇ بولسىمۇ: 1) ئانا تىلىمىز – ئۇيغۇر تىلى؛ 2) ئانا تۇپرىقىمىز – شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت زېمىنىمىز؛ 3) دىنىمىز – ئىسلام دىنى؛ 4) ۋەتەن ۋە مىللىتىمىزنىڭ ھەققىي تارىخى. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، تىل، زېمىن، دىن ۋە تارىخ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ، كوممۇنىست ماۋ ھاكىمىيىتى بىلەن ستالىننىڭ سوۋېت ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى يۈزسىزلەرچە «سودا - سېتىق» نەتىجىسىدە مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قىلىنغاندىن بۇيانقى مەھكۇملۇق كەچۈرمىشلىرى رېئال ھەقىقەتتۇر. ھازىر شىتلېر ھاكىمىيىتىنىڭ دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا يۈرگۈزۈۋاتقان جىنايەتلىرى، ۋەتەنداشلىرىمىز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەم كەچۈرۈۋاتقان، كۆرگەن ھەم كۆرۈۋاتقان، ئاڭلاۋاتقان كەچمىشلىرى دۇنياغا بارغانسېرى ئايان بولماقتا. بۇ تۆت قىممەت 74 يىللىق خىتاي زوراۋانلىقىدىن چىقىرىلغان بىر يەكۈن. بىرىنچى قىممەت – ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادرولۇق قىممەت بولىدىغانلىقى، 2002 - يىلى ئىنسانىيەت جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىسپاتلانغان. قالغان ئۈچ قىممەت، پروفېسسور سمولىچنىڭ يادرو قىممەتلەر نەزەرىيەسىگە ۋە ئۇنىڭ بايان قىلغان تارىخىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن خۇلاسىلىنىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلدى. ئوخشىمىغان نۇقتىدىن قىلىنغان ئانالىزلارغا ئاساسەن چىقىرىلغان نەتىجىلەرنىڭ بولۇشى جەمئىيەتشۇناسلىقتا يول قويۇلۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ باشقا كۆز قاراشلىرىنىڭ بولۇشىنى ياكى باشقا نۇقتىدىن

چىقىپ ئانالىز قىلىشنى قارشى ئالىمەن (مەدەنىيەت ئىنسانشۇناسلىقى، ...). مېنىڭچە، ۋەتەنداشلىرىمىز ئەگەر يادرولۇق قىممەتلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، مۇشۇ تۆت قىممەت ئۈستىدە ئاساسەن بىرلىككە كەلسە، مىللەتنىڭ بىرلىككە قاراپ بېسىلغان بىرىنچى قەدەم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، مەھكۇم مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ يادرولۇق قىممەتلىرىنى تونۇۋالغاندىن كېيىنلا مىللىي بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن. مىللىي بىرلىك – ۋەتەن مۇستەقىللىقىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. مۇستەقىل، ئەركىن ۋە دېموكراتىك شەرقىي تۈركىستان بولسا ئۇيغۇر مىللىي مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى. شېڭ شىسەي قىچقىرىپ كېلىپ، ئۆزىنى «ھۆكۈمران» دەۋالغان گومىنداڭ بۇ تۆت قىممەتنى يوقاتماقچى بولغان، ئىنكار قىلغان. كوممۇنىست خىتايلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ يوقىتىۋاتىدۇ. خىتايغا تېخى ھۆكۈمرانلىق قىلمىغان، لېكىن شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئۈچىنچى تۈركۈم خىتايلار بار. ئۇ بولسىمۇ خىتاي دېموكراتلىرى. ئۇلار بۇ تۆت قىممەتنى ئېتىراپ قىلارمۇ؟ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ئېتىراپ قىلارمۇ؟ ئىنكار قىلىسچۇ؟ جاۋابىنى ئوقۇرمەنلەرگە قالدۇردۇم.

*بۇ ماقالىنى گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] J.J. Smolicz on Education and Culture. Edited by Margaret Secombe and Joseph Zajda
[2] Constructing Ethnicity Creating and Recreating Ethnic Identity and Culture. By Joan Nagel
[3] Ethnicity and Nationalism: Anthropological perspectives. By Thomas Hylland Eriksen
[4] Communication Between Cultures. By larry A. Samovar; Richard E.Porter; Edwin R. McDaniel; Carolyn S. Roy
[5] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدىكى توققۇز ھېكمەت»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 - يىلى نەشرى
[6] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى (ئومۇمىي بايان)»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997 - يىلى نەشرى
[7] ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 - يىلى نەشرى
[8] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىلى نەشرى

## ئاپتورنىڭ قىسقا تەرجىمھالى

- 1950 – 1956 - چۆچەك، ئۈرۈمچى، دۆربىلجىن، شىخۇ، ساۋەن، ئالتايدا باشلانغۇچنى ئوقۇغان.
- 1956 - ئۈرۈمچى شۆبە ئوتتۇرا مەكتەپكە (ھازىرقى 17 - ئوتتۇرا مەكتەپ) كىرگەن.
- 1961 - بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ تەييارلىق سىنىپىغا كىرگەن.
- 1963 - بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا - دىنامىكا فاكۇلتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىگە كىرگەن.
- 1969 - غۇلجا شەھەر «قىزىل بايراق» كوممۇنىغا قايتا تەربىيەگە چۈشكەن.
- 1973 - غۇلجا شەھەر تەنتەربىيە كومىتېتىغا ۋالىبول تىرېنېرى بولۇپ كىرگەن.
- 1974 - «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ كىرگەن.
- 1979 - گۇاڭجۇ جوڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىدا ئېھتىماللىقنىڭ «تاسادىپىي جەريانلار نەزەرىيەسى»، «ئۆلچەم نەزەرىيەسى» بويىچە بىلىم ئاشۇرغان.
- 1980 - «شىنجاڭ» ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتى ماتېماتىكا پەنلىرى بويىچە لېكتور ئۇنۋانىنى ئالغان.
- 1981 - «شىنجاڭ» پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا يۆتكىلىپ، ئالىي ماتېماتىكا كافېدرا مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1989 - ياپونىيە كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان.
- 1990 - ياپونىيە كيۇشيۇ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائارىپ ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرگەن.
- 1992 - مەزكۇر فاكۇلتېتتا چەت ئەللىك تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 1993 - فۇكۇئوكا شەھىرىدىكى ناكامۇرا بىلىم ئۇچىغى ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلىگەن.
- 1993 - فۇكۇئوكا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى يېڭى كۇتۇپخانىغا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسىغا «خەلقئارا ماتېرىياللار تەتقىقاتچىسى» بولۇپ كىرگەن.
- 1999 - جەنۇبىي ئاۋستىرالىيەنىڭ ئادېلايد ئۇنىۋېرسىتېتى مائارىپ فاكۇلتېتىغا مائارىپتىكى جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە مەدەنىيەت بويىچە ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرگەن.

25

# مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر تىزىملىكى ۋە بىر قىسىم ھەل قىلىش چارە - تەدبىرلىرى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

## كىرىش سۆز

ئۇيغۇرلار 1980 - يىللاردىن بۇيان كەڭ كۆلەمدە ئەركىن دۇنياغا چىقىشقا باشلىغاندىن بۇيان، تا ھازىرغىچە بولغان يېرىم ئەسىرگە يېقىن پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلىغان. يېقىنقى چارەك ئەسىر مابەينىدە، يۇقىرىقى ئەللەردە ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ زور بىر قىسمى ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىگە كۆچۈپ كېتىپ، شۇ يەرلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ قالغان. مەزكۇر يېرىم ئەسىرلىك مۇھاجىرەت تارىخىدا، ئۇيغۇر مۇھاجىرلىرى نۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم ئېغىر خىرىسلار، تۈگمەس كىرىزىسلار ۋە پەيدىنپەي ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان تۈرلۈك تەھدىتلەرگە ئۇچراۋاتقان بولۇپ، بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تېخىچە ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنغىنى يوق. نۆۋەندە بىز ئاشۇ مەسىلىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىپ ۋە شۇنىڭدەك بىر قىسىم چارە - تەدبىرلەرنى قىسقىچە يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويدۇق.

## 1. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلار

ھازىرقى ئەركىن دۇنيادىكى مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار، ياشاۋاتقان رايونىغا ئاساسەن دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلاردا پەرق بار بولسىمۇ، نۆۋەندە كۆرسىتىلگىنى ئومۇميلىققا ئىگە بولغان مەسىلىلەردۇر. يەنى، ئومۇمەن دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق كىرىزىسلار، ساقلانغان مەسىلىلەر يەنىلا مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىشقا تۇسقۇنلۇق قىلىپ، ئاسانلا سىڭىشىپ يوقىلىشقا سەۋەب

بولىدىغان ئەجەللىك خەۋپ - خەتەرلەردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

### 1.1 شەخسىي مەسىلىلەر، خىرىسلار ۋە تەھدىتلەر:

1) ئانا تىلدىن ياتلىشىش مەسىلىسى.
2) ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىدىن ياتلىشىش خەۋپى.
3) ئۇيغۇرچە مۇھىتتىن زېرىكىش مەسىلىسى.
4) ئىقتىسادىي بېسىم ۋە چۈشكۈنلۈك مەسىلىسى.
5) ئۇنىۋېرسال بىخەتەرلىك مەسىلىسى.

### 1.2 ئائىلىۋى تەھدىتلەر ۋە مەسىلىلەر:

1) ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى بولغان «ئۇيغۇر ئائىلىسى»نى ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى.
2) مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئائىلىسى قۇرالماسلىق خەۋپى.
3) ئۇيغۇر تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ئائىلىدە ھۆكۈمران ئورۇندا ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى.
4) ئىچكى - تاشقى ئامىللار تۈپەيلى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ پارچىلىنىش ۋە يىمىرىلىش خەۋپى مەسىلىسى.
5) ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇققا تويۇنغان پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرالماسلىق مەسىلىسى.

### 1.3 ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ۋە تەھدىتلەر :

1) ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى.
2) يېڭىدىن ئۇيۇشۇپ بىر جامائەت تۈپىغا ئايلىنالماسلىق مەسىلىسى.
3) ئۆزئارا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش روھىنىڭ سۇسلىشىش خەۋپى.
4) توي - تۆكۈن ۋە ماتەم پائالىيەتلىرىنىڭ رولىنىڭ ۋە ئۇنۇمىنىڭ يوقىلىش خەۋپى.
5) ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىش خەۋپى.

### 1.4 ئىقتىسادىي مەسىلىلەر ۋە تەھدىتلەر :

1) ئىشسىزلىقتىن كېلىپ چىققان تەبىئىي يوقسۇللۇق مەسىلىسى.
2) ھورۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان سۈنئىي يوقسۇللۇق مەسىلىسى.
3) بىلىمسىزلىكتىن كېلىپ چىققان ئاچ - يالىڭاچلىق كىرىزىسى.
4) ئۇيغۇرلار تۇرۇشلۇق ئەللەرنىڭ خىتاي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى قەستەن ئىشسىز قالدۇرۇش مەسىلىسى.
5) تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى.

### 1.5 ئۇنىۋېرسال سىياسىي مەسىلىلەر ۋە تەھدىتلەر :

1) سىياسىي ئاڭ ۋە سىياسىي بىلىملەرگە ئىگە بولماستىن، نادانلارچە ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى خەلقئارادا نومۇسقا قويىدىغان، مىللەتنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈپ، خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندىلىك ۋە داپشاقلىق سادىر قىلىش مەسىلىسى.
2) سىياسىي كۈرەشتە شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئىستەك - خاھىشلىرىنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇۋېلىش مەسىلىسى.

3) ئەقىل ۋە مەنتىق بويىچە ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ۋە ھاياجان بىلەن ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسى.
4) مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلالايدىغان ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالماسلىق مەسىلىسى.
5) خەلقئارالىق داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر سىياسەتچىلەر ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تەھدىتلەر ۋە بالا - قازالار.

### 1.6 دىنىي ئېتىقاد ۋە كۆندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتىكى خىرىسلار:

1) ئەرەب شەيخلىرى سىزىپ قويغان دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىشتىن قورقۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر، گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەت قاتارلىق سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى دىن نامىدىن چەكلەش مەسىلىسى.
2) ئوتتۇرا شەرقچە رادىكاللىقنى ۋە ئاشقۇنلۇقنى «دىن» دەپ تەشۋىق قىلىپ، خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە بىلىپ - بىلمەي ھەقلىق قىلىشقا تۆھپە قوشۇش خەۋپى.
3) دۇنيا سىياستىنى چۈشىنىدىغان، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىدىن خەۋەردار ۋە مىللىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان دىنىي يولباشچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرالماسلىق مەسىلىسى.
4) ئۇيغۇرلارغا خاتا سىڭدۈرۈلگەن بۇرمىلانغان دىنىي چۈشەنچىلەرنى ۋاقتىدا تۈزىتىش ۋە توغرىلاشقا سەل قاراش مەسىلىسى.
5) ھەممە نەرسىنى دىنىنىڭ ئىچىگە مەجبۇرىي ئېلىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ - تەپەككۇرى ۋە ھەققانىي كۆرىشىنى دىن بىلەن زورلاپ چېتىۋېلىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىنى داۋاملىق تۇيۇق يولغا باشلاپ قويۇش تەھدىتى.

### 1.7 ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە تەخىرسىز تەھدىتلەر:

1) تەقلىدچىلىك ۋە قارىغۇلارچە دوراش ئارقىلىق تەتبىقلانغان ئۆلۈك ئىدىيەلەرنىڭ ئۇيغۇر جامائىتىنى بۆلۈۋېتىش خەۋپى.
2) ئانا مەپكۇرە يارىتالماسلىقتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىدېئولوگىيەلىك بۆلۈنۈش ۋە دۈشمەننىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىش خەۋپى.
3) پۈچەك ئىدىيەلەر، قۇرۇق شوئارلار ۋە پىلانسىز ھەرىكەتلەرنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان چۈشكۈنلۈك ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىۋاتقان تەسلىمچىلىك خەۋپى.

## 2. يۇقىرىقى بارچە كىرىزىسلارنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىشنىڭ قىسقىچە چارە - تەدبىرلىرى

### 2.1 شەخسىي كىرىزىسلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى بىر قىسىم چارە - تەدبىرلەر

1) ئانا تىلدىن ياتلىشىش مەسىلىسى:

لاياقەتلىك ئاتا - ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى، ياكى پەرزەنت تەربىيەلەش ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ تەدبىرسىزلىكى تۈپەيلىدىن،

باللارغا ئۆيدە ۋە سىرتتا تولۇق شارائىت يارىتىپ بەرمەسلىكتىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئائىلىدە چوقۇم ئانا تىلنىلا ئىشلىتىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، ئۆزى تۇرۇشلۇق جايدىكى ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن بىرلىكتە ئانا تىل مەكتەپلىرىنى ۋە كۇرسلىرىنى ئېچىپ، پەرزەنتلەرگە ئانا تىلى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىش كېرەك. بىراق، ئانا تىل ۋە ئۇيغۇرلۇق باللارغا زورلاپ تېڭىلماسلىقى، بەلكى، ئۇلارنى قىزىقتۇرۇش ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشى لازىم.

2) ئۇيغۇر مىللىي كىملىكىدىن ياتلىشىش خەۋپى:
تۇرۇشلۇق جايلاردىكى يەرلىك خەلقنىڭ ھەر تەرەپتىن ئۈستۈنلۈكى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا سەلبىي قاراشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلۇقتىن نومۇس قىلىش، ئۇيغۇر بولۇپ قالغانلىقىدىن خىجىللىق ھېس قىلىشتىن باشلىنىپ، ھەممە ئىشتا، ھەتتا گەپ - سۆز ۋە يۈرۈش - تۇرۇشتا ئەجنەبىيچە يول تۇتۇشقا تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرىدا تۇرۇۋاتقان يەردىكى خەلققە سىڭىشىپ يوقىلىپ كېتىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ تۈپكى سەۋەبى جاھالەت ۋە نادانلىق بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تارىخىنى بىلگەنلەر ئۇيغۇرلۇقتىن بىر ئۆمۈر پەخىرلىنىپ ئۆتىدۇ. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ھەربىر ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ تارىخىنى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى پىششىق ئۆگىنىپ، ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغان ۋە مەسئۇلىيەتچان مىللەتپەرۋەر بىرى بولۇشقا تىرىشىش لازىم. يالغۇز ئۆگىنىشلا كۇپايە قىلمايدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ ئىچىدە يالقۇنلاپ تۇرغان مىللىي روھ بولۇشى كېرەك. تالاي دوكتورلار بار، بىراق، باللىرى ئۇيغۇرلۇقتىن جىق يىراق.

3) ئۇيغۇرچە مۇھىتتىن زېرىكىش مەسىلىسى:
ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلاردىن بىزار بولۇش ياكى ئۇيغۇرچە مۇھىتتىن ئىچى سىقىلىش قاتارلىق ئاملىلار تەرىپىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ جانلىق مىسالى، خىتايلار ئۇيغۇرچە مۇھىتتىن ئايرىپ تاشلىغان مىنكاۋخەنلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مۇھىتنى ياقتۇرماسلىقى بولۇپ، بۇ خىل پاسسىپ ھالەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياشلارنى ئۇيغۇر جامائىتى ئىچىگە جەلپ قىلىش ۋە ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش كېرەك. ناۋادا، ئۇيغۇرلار خىتايدىن چىقىرالمىغان ھەر خىل ئاچچىقىنى ئۆزىنىڭ توپىدىن چىقىرىشنى توختاتمايدىكەن. ئۇ چاغدا ياشلارنىڭ جامائەتتىن يىرگىنىشى ۋە زېرىكىشىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ. بەلكىم، جامائەتمۇ ئۆز ئىچىدىن يەنە پارچىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

4) ئىقتىسادىي بېسىم ۋە چۈشكۈنلۈك مەسىلىسى:
ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىپ تاشلانغان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە چەت ئەللىك بولۇش ۋە تىل بىلمەسلىك تۈپەيلىدىن ئىشلەشتىن مەھرۇم قېلىشتىن باشلىنىپ، قىيىنچىلىقتا قالغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ھاياتنىڭ مەنىسىنى يوقىتىش بىلەن خۇلاسىلىنىدۇ. بۇ خىل ئېغىر بېسىمدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى دەل ۋاقتىدا مۇۋاپىق ئىش تېپىپ، تىرىكچىلىك قىلىش بىلەن بىللە داۋاملىق ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ۋە روھىنى كۆتۈرىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش لازىم. ئۇنىدىن باشقا، ئۆز ئارا يار - يۆلەكتە بولۇش ۋە دەردىگە دەرمان بولۇش ئارقىلىقمۇ يۇقىرىقى ماددىي ۋە مەنىۋى بېسىمنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

5) ئۇنىۋېرسال بىخەتەرلىك مەسىلىسى :
مۇھاجىرەتتىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگەن بۇ ئورتاق خەۋپ خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئورنىنىڭ ۋە ئىقتىسادىي كۈچىنىڭ يۈكسىلىشى بىلەن ماس قەدەمدە تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئامانلىق دائىرىسىنى كۈنسېرى كىچىكلىتىپ قويماقتا. بۇ خىل خەۋپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، غەرب

ئەللىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنى قانۇن بويىچە قوغداشنى بىلىشى، ھاياتىنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان جايلاردىكى ئۇيغۇرلارنى بىر ئامال قىلىپ، ئەڭ بىخەتەر بولغان دۆلەتلەرگە قانۇنلۇق ھالدا كۆچۈرۈپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىش كېرەك.

## 2.2 ئائىلىۋى كرىزىسلار، مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى

1) ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى بولغان «ئۇيغۇر ئائىلىسى» نى ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى:

مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئوغۇللىرى بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ توي قىلالماسلىقى، توي قىلالىغان تەقدىردىمۇ ئائىلىسىنى ئۇيغۇر ئائىلىسى قىلىپ ساقلاپ قالالماسلىقى، يەنىلا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىشتا لاياقەتسىزلىكى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. زامانىۋى ئۇچۇر دەۋرىدە «بىلمەي قېلىش» ۋە «قىلالماسلىق» دېگەن باھانە يالغان. يۈكسەك ئىرادە بولسىلا، ئائىلىنى، ئۇيغۇرلۇقنى قوغداشنىڭ ئاخىرقى قورغىنى سۈپىتىدە ئاز دېگەندە يېرىم ئەسىردەك دەخلىسىز ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

2) مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئائىلىسى قۇرالماسلىق خەۋپى :

قىز تەرەپ بىلەن ئوغۇل تەرەپنىڭ چىقىش قىلىش نۇقتىسى «مىللىي مەۋجۇتلۇقنى قوغداش» تىن باشقا يەرگە مەركەزلەشكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ياكى ئوغۇللارنىڭ چەت ئەللىك قىزلارغا دۇم چۈشۈشى بىلەن قىزلارنىڭ باشقا يات مىللەت ئەرلىرى بىلەن توي قىلىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر بىلەن توي قىلىشنى قوللىشى، جامائەتچىلىكمۇ مەۋجۇتلۇقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شارائىتى يار بەرسە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئۆيلەنگەن قىز - يىگىتلەرنىڭ توي چىقىملىرىنى ھەل قىلالىسا تېخى ياخشى. چىقىملارنى تېجەش ئۈچۈن كوللېكتىپ توي قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ ئاسان ھەل بولۇشى مۇمكىن. «مۇسۇلمانلا بولسا بولىدى» دەپ قاراپ، قىزلىرىنى تۈرك، ئافغان، ئۆزبېك ۋە تۈركمەنلەرگە بەرگەنلەر ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇر قىزلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئامانىتى. ئامانەت چوقۇم ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەك. ئامانەتنىڭ ئىگىسى دەل ئۇيغۇر يىگىتلىرىدۇر.

3) ئۇيغۇر تىلى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللىي مەدەنىيىتىنى ئائىلىدە ھۆكۈمران ئورۇندا ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى :

ئەر ۋە ئايال ناۋادا ئۇيغۇرلۇقتا تويۇنغان ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسمىسە، ھەمدە ئۆزىنىڭ مىللىتىگە چىن كۆڭلىدىن يۈكسەك ھۆرمىتى بولمىسا، ئۇيغۇر تىلى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرى بۇنداق بىخۇد ۋە غاپىل ئائىلىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولىدۇ. مۇھاجىرەتتە دوكتور - پروفېسسورلىرىمىز نۇرغۇن. بىراق، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن، باللىرىمۇ باشقىلارغا سىڭىشىپ كەتكەن. مىللەتنى يېتەكلەيدىغان بىلىملىك كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى مۇھاجىرەتتىكى پۈتۈن توپقا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، يېتەكچىلەر ۋە ئاقساقاللار چوقۇم ھەممە ئىشتا جامائەتكە ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

4) ئىچكى - تاشقى ئامىللار تۈپەيلى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ پارچىلىنىش ۋە يىمىرىلىش خەۋپى :

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئائىلە قىممەت قاراشلىرىنى قايرىپ قويۇپ، يات مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە

ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە سەل قاراپ، ئەرلەر ئۇچمە كۆڭۈل ۋە سۇيۇق بولۇش، ئاياللارمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق باھانىلەر بىلەن ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ مەسىلىدە تاشقى خەۋپتىن ئىچكى خەتەرلەرنىڭ تەسىرى زور بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقىدەك ھەممە ئادەم نازۇكلىشىپ ۋە چوشكۇنلىشىپ كەتكەن يامان پەيتلەردە، ئەرلەرنىڭ يەنىمۇ سالماق ۋە سوغۇققان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاياللارمۇ رېئاللىقنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەرلىرىگە ئۇشۇقچە بېسىم ۋە دوق قىلماسلىقى لازىم.

5) ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇقتا تويۇنغان پەرزەنتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرالماسلىق مەسىلىسى
:

ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلۇقتا تويۇنغان مۇھىتتىن مەھرۇم قالغان بالىلارغا سۈنئىي مۇھىت (توپ بولۇپ ئولتۇراقلىشىش، يەسلى قۇرۇش ۋە ئانا تىل كۇرسلىرىنى ئېچىش دېگەندەك) يارىتىپ بېرىشكە سەل قاراش، ئۆيدە ئۇيغۇرچە سۆزلەش ۋە ئۇيغۇرچە ياشاشنى كۈندىلىك تۇرمۇش مىزانى قىلماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئائىلىنى تۇنجى مىللىي مەكتەپكە ئايلاندۇرۇش ۋە جامائەت ئىچىدە ئۇيغۇرچە مۇھىت بەرپا قىلىش لازىم.

## 2.3 ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، خەۋپلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى چارە - تەدبىرلەر

1) ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنى ساقلاپ قالالماسلىق مەسىلىسى:

دىنىي، سىياسىي كۆز قارىشى پەرقلىق بولۇش ياكى مەنپەئەتلىرى بىر يەردىن چىقمىغانلىقى ئۈچۈن توپتىن ئايرىلىش ۋە ياكى خۇي - پەيلى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئەتراپىدا مەۋجۇت بولغان جامائەتچىلىكنى بۆلۈۋېتىش، جامائەت ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا غەزەپ - نەپرەت ۋە تۈرلۈك گۇمانلارنى كەڭرى تارقىتىپ، ئادەملەرنى بىر - بىرىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇش سەۋەبلىك پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جامائەتكە ئۈلگىلىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى باش قىلىپ تىكلەش، ھەر بىر شەخس ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىپ، ئاتا - بوۋىلىرىغا يۈز كېلەلىگۈدەك ئادەم بولۇشقا تىرىشىش، ياشلارنى ھەر جەھەتتىن ياخشى يېتىشتۈرۈپ، كېلەچەكتىكى جامائەتنىڭ ساپا ۋە سۈپىتىنى ھازىرقىدىنمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچەش، ھېيت - ئايەملەر ۋە ماتەملەردە ئاۋام ئارىسىدا ۋەز - نەسىھەت ۋە يول كۆرسىتىش پائالىيەتلىرىنى كۆپلەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆملۈك ۋە بىرلىكنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. شۇندىلا بۇ خەۋپتىن قۇتۇلۇپ قېلىش مۇمكىن.

2) يېڭىدىن ئۇيۇشۇپ بىر جامائەت توپىغا ئايلىنالماسلىق مەسىلىسى :

ئۇيۇشۇش ئىقتىدارى ۋە جەلپ قىلىش ماھارىتى كەمچىل بولۇش، ياكى يۇرتۋازلىق خاھىشىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىشى ۋە ياكى يېڭى ئەۋلادلارنىڭ بۇرۇنقىلارنىڭ جامائىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ياششى سەۋەبلىك ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. ھەر قانداق توپنىڭ سەركىسى دانا ۋە تالانتلىق بولمىسا، ئۇنداق توپ ئۇزۇنغا قالماي پارچىلىنىپ كېتىدۇ. سەركىنىڭ نان قېپىلىقى ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىكىگە ئاممىنىڭ ئاڭسىزلىقى ۋە نادانلىقى قوشۇلسا، ئۇنداق ئادەملەر ئارىسىدا جامائەت قۇرۇش ئىمكانسىز. بار بولغان توپمۇ بۇ خىل مۇھىتتا ئۇزاققا بەرداشلىق بېرەلمەي تارقىلىپ كېتىشى مۇھىم. شۇڭا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەم سەركە بولىدىغان ئادەمنى توغرا تاللاش، ھەم ھەر كىم ئۆزىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە ۋە خىزمەتنى ۋايىغە يەتكۈزۈپ قىلىشى كېرەك. ناۋادا، ھەر كىم مەسئۇلىيەتچان بولغان بولسا ئىدى، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك ھەل بولغان

بولاتتى.

3) ئۆز ئارا يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش روھىنىڭ سۇسلىشىش خەۋپى:
ھەر بىر ئۇيغۇردا قارشى تەرەپنى سۆيۈش ۋە مەدەت بېرىش روھى كەمچىل بولۇش، باشقىلارغا بەدەلسىز خالىس ياردەم بېرىش ئەنئەنىسىنىڭ سۇسلىشىپ كېتىشى، دىندارلىقىغا ۋە سىياسىي كۆز قارىشىنىڭ ئوخشاشلىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ خىل يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھەر بىر شەخس قارشى تەرەپكە چىن يۈرىكى، ئەخلاقى، مېھىر - مۇھەببىتى ۋە سەمىمىيىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. شۇنداق قىلالىغان كۈنى، جامائەت ئىچىدە ھېچقانداق يامان ئۆسمە ۋە خەۋپ - خەتەر قالمايدۇ.

4) تويى - تۆكۈن ۋە ماتەم پائالىيەتلىرىنىڭ رولىنى ۋە ئۈنۈمىنى يوقىتىش خەۋپى :
تويى تويدەك بولماسلىق، ماتەم ماتەمدەك بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تويى ۋە ماتەم پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بەرمەسلىكى، تويى مۇراسىمى ۋە دەپنە مۇراسىمىنى ئۇيغۇرچە ئىجرا قىلماسلىق، ھەمدە يېتەكچىلىك قىلغۇچىلارنىڭ ناقابىللىقىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. يۇقىرىقى ئۇيغۇرچە سورۇنلارنىڭ رولىنى ھەقىقىي يوسۇندا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تويى - تۆكۈن ۋە ماتەمگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ئادەملەرنى توغرا تاللاش لازىم. ناۋادا، لاياقەتلىك ئادەم بولمىسا تېزدىن بىرنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى، يۇقىرىقى سورۇنلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان ياكى رولىنى زايە قىلىۋېتىدىغانلار يەنىلا بۇ پائالىيەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا بۇ مۇراسىملارغا كۆپىنچە دىنىي زاتلار رىياسەتچىلىك قىلىپ كەلمەكتە. شۇنچىلىك سورۇنغا لايىقىدا باش بولالمىغان ۋە ئۇ سورۇندىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، خەلقنى لايىقىدا يېتەكلىيەلمىگەن كىشىلەرنى يەنىلا بېشىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئۈچىنچى غا چىققان ھاماقەتلىك بولۇپ، بۇ ھاماقەتلىك يېگىدىن ئۆسۈۋاتقان بىر ئەۋلادنى چوڭلاردىن ۋە ئۆرپ - ئادەتلەردىن ئايرىپ تاشلاشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. بۇ دېگەنلىك، چوڭلار بىلەن ياشلار ئارىسىدىكى باغ ئۈزۈلدى دېگەنلىك. باغ ئۈزۈلسە، مەۋجۇتلۇقمۇ تەھلىكىگە دۇچار بولىدۇ.

5) ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتنىڭ سۇسلىشىش خەۋپى:
بىر مىللەت، بىر يۇرتلۇق ۋە تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ھەر كىمنىڭ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىپ شەخسىيەتچىلىك قىلىشى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن زادىلا كارى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان تۈرلۈك يامان ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەكىلۋاز دىندارلىقتىن بەكرەك مۇسۇلمانلىق ئەخلاقى ۋە ئۇيغۇرچە كەڭ قورساقلىقنى ئۆزىمىزگە تولۇق تەتبىقلاپ، قوپاللىق، ئەخلاقسىزلىق ۋە نومۇسسىزلىقتىن يىراق تۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز ئارا يار - يۆلەك بولۇش، يوقلىشىپ تۇرۇش، تۈرلۈك ئادەمگەرچىلىك يوللىرى ۋە پائالىيەتلىرى ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئۇيغۇر خەلقى 250 يىلدىن كۆپرەك تاياق - توقماق ۋە ئىزا - ئاھانەت ئاستىدا قالغان خەلق بولۇپ، 300 يىلدىن بۇيان مېھرى - مۇھەببەت ۋە مەرھەمەتكە تويۇنۇپ باقمىغان. شۇڭا، نۇرغۇن يامانلىق قىلغانلاردىن كىچىككىنە ياخشىلىق كۆرسىلا، ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدۇ. شۇنچىلىك نەرسىنىمۇ مىللەتكە ۋە ھەر بىر ئۇيغۇرغا بېرەلمىسەك، ئۇ چاغدا باشقا ئۇلۇغ قۇرۇق گەپلەرنى قىلىپ ئۆزىمىزنى ئالداپ يۈرمىسەكمۇ بولىدۇ.

## 2.4 ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، خىرىسلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى چارە - تەدبىرلەر

1) ئىشسىزلىقتىن كېلىپ چىققان تەبىئىي يوقسۇللۇق مەسىلىسى:

ئادەمنىڭ ھۈنىرى بولماسلىق، بولسىمۇ ئىشلىتىدىغان شارائىت بولماسلىق، شارائىت بولسىمۇ، ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ بەزى توسقۇنلۇقلىرىغا ئۇچراش، ياكى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى بىلەن تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەتۈر تاناسىپ بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىشسىز ۋە يوقسۇل كىشى ئوقۇش يېشىدىكى بىرى بولسا، ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ ئوقۇشىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياردەم فوندى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشىنى تۈگىتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، تىجارەت قىلالايدىغانلارغا ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرىدىغان شارائىت ھازىرلاش، يەنى بىر نەچچە باي بىرلىشىپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ۋە دۇرۇس كىشىلەرنىڭ ھاللىنىشىغا ھەمدەمدە بولۇش ئارقىلىق ھەل بولۇشى مۇمكىن.

2) ھۇرۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان سۈنئىي يوقسۇللۇق مەسىلىسى:

تەييارغا ھەييار بولۇشقا ئۆگىنىپ قېلىپ، ھەر تۈرلۈك ياردەم ئورگانلىرىدىن قوبۇل قىلغان ئىقتىسادىي ياردەمگە تايىنىپ كۈنۈپ قېلىش، ياشلارنى تەييار پۇلغا كۆندۈرۈپ قويۇپ، ئۆز ئەتراپىغا ئادەملەرنى توپلاش دېگەندەك ئۇرۇنۇشلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ خىل مەسىلە تۈركىيەدە ئېغىر بولۇپ، بۇنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، تېنى ساغلام بولغان ۋە جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلارنى ئوقۇشقا ۋە ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش، ياردەملەرنى يېتىپ يەيدىغانلارغا ئەمەس، ئورنىدىن تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارغا قىلىش ئارقىلىق ھەل بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويغان خاتا ئۇسۇل تۈزىتىلمىسە، ئۇلارغا مىڭ نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ ئەھۋالدا قىلچە ئۆزگىرىش بولۇشى ناتايىن.

3) بىلىمسىزلىكتىن كېلىپ چىققان ئاچ - يالىڭاچلىق كىرىزىسى:

بۇرۇن ئوقۇيالمىغانلىقى ۋە زامانىنىڭ كەينىدە قالغانلىقى سەۋەبىدىن بىردىنلا بوشىشىپ، دەرھال ئۆزىنى كۆچەيتىش ئورنىغا تېزلا ۋاز كېچىش ۋە «بەرسە يەيدىغان، ئۇرسا ئۆلىدىغان» ھالغا كۆنۈپ قېلىشتىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇ خەتەرلىك ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆزى قىزىققان بىرەر ھۈنەر، بىرەر كەسىپ ياكى بىرەر ماھارەت ئۆگىنىپ، زامانىۋى ۋاستىلەردىن لايىقىدا پايدىلىنىپ، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزالمىغانلارغا ئەتراپتىكىلەر ھەمدەمدە بولۇش ئارقىلىق ھەل بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، «كاجنى بازار ئوڭشايدۇ» دېگەندەك، چەت ئەل ھاياتى ھەممەيلەنگە ئاچچىق بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلدۇردى. ئۇ بولسىمۇ، بىلىم ۋە پەن - تېخنىكا بىلەن قوراللانماي، پۇل تاپماي ھېچقانداق ئىشتا ئۇتۇق قازىنالماسلىقتۇر.

4) ئۇيغۇرلار تۇرۇشلۇق ئەللەرنىڭ خىتاي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى قەستەن ئاچ - يالىڭاچ ۋە ئىشسىز قالدۇرۇش مەسىلىسى :

بىخەتەرلىك ۋە باشقا مەسىلىلەرنى باھانە قىلىپ، خىتايلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇيغۇر بايلار ۋە كارخانىلارنى باش كۆتۈرگىلى قويماسلىق، باش كۆتۈرۈپ بولغانلىرىنى ۋەيران قىلىۋېتىش، ئۇيغۇرلارنى تەييار ياردەمگە كۆندۈرۈپ قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىشىغا يول قويماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋەزىيەتتە، يۇقىرىقىدەك خەتەرلىك ۋە ئىشەنچىسىز دۆلەتلەردە ياشاۋاتقانلارنى خىتاينىڭ تەسىر دائىرىسىدىن يىراق بولغان بىخەتەر دۆلەتكە يۆتكەپ كېتىشتىن باشقا ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىسى بولمىسا كېرەك.

5) تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى:

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئەسلىدىنلا تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ئۆزىمۇ نۆۋەتتىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلاردىن زار - زار قاقشىماقتا. بۇ خىل يامان ئەھۋالدا، بۇ يەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ تېخىمۇ ناچار ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. بەلكىم تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىن ئەھۋالدا قېلىش سەۋەبى يۇقىرىقى تۆت تۈرلۈك ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ جۇغلانما نەتىجىسىدىن كېلىپ چىققان بولسا كېرەك. بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۈركىيەدە قاتمۇقات قىيىنچىلىقلار ئىچىدە بوغۇلۇپ قالغان ۋە باشقا چىقىش يولى قالمىغان ئۇيغۇرلارنى غەرب ئەللىرىگە كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېتىش، تۈركىيەدىن ئايرىلىشنى خالىماي داۋاملىق تىرىشىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئوقۇش چىقىمى ۋە تۇرمۇش چىقىملىرىنى غەرب ئەللىرىدىكى شارائىتى ياخشى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك تەمىنلەپ بەرسە، ئەڭ تەخىرسىز مەسىلە بولغان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مائارىپ تەربىيەسى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، تۈركىيەدە تىرىشىپ ئوقۇۋاتقان، ئانا تىلى ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق ساقلاپ مېڭىۋاتقان ئائىلىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دەل ئاشۇنداق يوقسۇل ئائىلىلەردىن تەركىب تاپقان. شارائىتى تولۇق ۋە ئىلمىي قالپىقى بەھەيۋەت بولغان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە قاراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلار قولىدىكى ئەڭ چوڭ دەسمايىسى بولغان باللىرىنىمۇ قولدىن بېرىپ بولغان. ئەنقەرە شەھىرىگە بېرىپ، شۇ يەردىكى بىلىملىك ۋە ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىنى زىيارەت قىلىپ باققانلار بۇنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا، تۈركىيەدىكى پەرزەنتلىرىنى ۋە ئۇيغۇرلۇقىنى قوغداش يولىدا قاتمۇقات قىيىنچىلىقلارغا چىداپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىگە ياۋروپا، ئامېرىكا ۋە ئاۋستىرالىيەدىكى شارائىتى ياخشى ئۇيغۇر ئائىلىلىرى ئازراق دەسمايە سېلىپ قويسا، كەلگۈسىدە ئاشۇ ئازراق دەسمايىنىڭ كۈچى بىلەن قەددىنى رۇسلىغان يېڭى ئەۋلادلار ئۇلارغا ۋە مىللەتكە ھەسسىلەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

## 2.5 ئۇنىۋېرسال سىياسىي مەسىلىلەر، كرىزىسلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى بىر قىسىم ئۇنۇملۇك چارە - تەدبىرلىرى

1) سىياسىي سەھنىلەر ۋە خەلقئارا جەمئىيەت ئالدىدا شەرمەندە بولۇش خەۋپى:

سىياسىي ئاڭ ۋە سىياسىي بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىمەستىن، نادانلارچە ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇۋېلىپ، ئۇيغۇرلارنى خەلقئارادا نومۇسقا قويىدىغان، مىللەتنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرۈپ، خەلقئالەم ئالدىدا پۈتۈن مىللەتنى شەرمەندە قىلىدىغان داپشاقلىق ھەر ۋاقىت بىزنى بىئارام قىلىۋاتقان خەتەرلىك مەسىلىلەردىن بىرى. بۇنداق ناچار قىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كىشىلەرنى تىكلىيەلمەسلىك، تىكلىسىمۇ قوغداپ قالالماي، مەيداننى بوش تاشلاپ قويۇش تۈپەيلىدىن، ھەر قايسى جاھىل ۋە داپشاق كىشىلەرنىڭ مىللىي ئىرادىنى پايخان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيادا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازىنى يەرگە ئۇرۇشى ۋە نومۇسقا قويۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. تېخىمۇ مۇھىمى، سىياسەت ۋە دۇنياۋى سەھنىلەردە رولنى قاملاشتۇرۇپ ئالالايدىغان كىشىلەرنىڭ تاشپاقىدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىشى ۋە مەيداننى نان قېپى - يارىماسلار ۋە كاززاپلارغا تاشلاپ بېرىشى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن شەرمەندىلىكلەر سادىر بولماقتا. ھازىرقىدەك ئىنتېرنېت دەۋرىدە قاتتىق پەخەس بولمىساق، ئىچىمىزدىكى شەرمەندىلىكلەردىن باشقا مىللەتلەرمۇ ناھايىتى تېزلا خەۋەردار بولالايدۇ. خىتاينىڭ ساختا ئوبرازىنى قوغداش ئۈچۈن قانچىلىك ئىنچىكە ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشلىرى بىلەن بىزنىڭ ھەقىقىي ئالىيجاناب ئوبرازىمىزنى ئۆزىمىز دەپسەندە قىلىش ۋە ئۆزىمىزنى قارىلاشقا ئارانلا تۇرۇۋاتقان روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالدى. شۇڭا، سىياسىي ساھەدىكى شەرمەندىلىكلەرگە خاتىمە بېرەيلى دېسەك، تاشپاقىدەك تۈگۈلۈۋالغانلارنى تارتىپ چىقىپ، تېگىشلىك ئورۇنغا سەپلىشىمىز ۋە مەدەت بېرىشىمىز لازىم. بىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن

تاشلاپ قويغان ھەممە ساھەلەرگە شۇ ساھەنىڭ ئەھلىنى سەپلەپ چىقىشىمىز لازىم. ناۋادا، يېتەكچى ئاقساقاللار بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىسا، ياكى ھەل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىسا، ئۇ چاغدا خەلقنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ۋە سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى ئۆستۈرۈپ، ئەل رايى ۋە خەلقنىڭ بېسىمى بىلەن ئەمەلىي ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان، ھەتتا مىللەتكە زىيانلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان غاپىل كىشىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش، يەنىلا تۈزەلمىگەندە، ئۇنىڭ ئورنىغا لاياقەتلىك بىرسىنى سايلاپ چىقىش لازىم.

2) سىياسىي كۈرەشتە شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئىستەك - خاھىشلىرىنى مىللىي مەنپەئەتتىن ئۈستۈن قويۇۋېلىش مەسىلىسى :

مۇھاجىرەتتىكى 70 نەچچە يىللىق سەرگەردانلىق دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىققان لىدىرلارنىڭ ئاۋامغا ياخشى ئۈلگە بولالماسلىقى، ياكى كېيىنكىلەرنىڭ سىياسەت ۋە مىللىي مەنپەئەتكە سەزگۈر قارىماي، بۇ ساھەنى نادانلارغا تاشلاپ بەرگەنلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ھەل قىلىش چارىسى نەزەرىيە جەھەتتىن تولىمۇ ئاسان، بىراق ئىجرا قىلىش ۋە جانلىق تەتبىقلاش سەل تەس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بولسىمۇ، سىياسەتتە يېتەكچى پرىنسىپىمىز ۋە قىزىل سىزىقىمىز بولۇشى، سىياسەتچىلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپلەر ۋە شەرتلەر قاتتىق ۋە ئىنچىكە بولۇشى لازىم. شۇندىلا، بۇ پرىنسىپلارنى ۋە تەلەپلەرنى مەنسىتمەي ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش كۆرىدىغانلارنى دەرھال يىقىتىپ، ئورنىغا شۇ ئىشقا لايىق ۋە ساپالىقلارنى تىكلەپ چىقىپ، سىياسىي سەھنىدىكى بارچە مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. يېتەكچى پرىنسىپى ۋە قىزىل سىزىقى ئېنىق، مەيدانى مۇستەھكەم ۋە ئاق - قارا ئېنىق بولمىغان جامائەتنىڭ ھېچقانداق ئىشى ئالغا باسمايدۇ. چۈنكى، ھەق - ناھەق ۋە ھوقۇق - مەجبۇرىيەت ئېنىق بولمىغان جايدا كىمنىڭ قەھرىمان ياكى ساتقۇن، كىمنىڭ توغرا ياكى خاتا، كىمنىڭ تۆھپىكار ياكى جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى ئايرىپ چىققىلى بولمايدۇ؛ شۇنداقلا، ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالىغىلى بولمايدۇ.

3) ئەقىل ۋە مەنتىق بويىچە ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ۋە ھاياجان بىلەن ھەرىكەت قىلىش مەسىلىسى:

خاراكتېردە پىشمىغانلىق ۋە مۇتىزىم تەربىيە كۆرمىگەنلىك، ياكى ئۇنداق شارائىتلاردىن تولۇق مەھرۇم قېلىش تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئاۋامنى يېتەكلىگۈچىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ نوقۇل ھېسسىياتى ۋە ھاياجانلىرىنى قوزغاشنى ئەۋزەل بىلىپ، ئۇلارنى ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن يېتەكلىمەسلىكىدىن كۆچەيگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈنىمىزدە «قۇلاققا خۇشياقىدىغان گەپلەرنى قىلىش» مودا بولۇۋاتىدۇ. ھەقىقەت ئاچچىق بولغاچقا، ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدۇ. شۇڭا، يېتەكچىلەرمۇ سۇنىڭ ئېقىشىغا بېقىپ ھەرىكەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا، خەلقنى يېتەكلىگۈچىلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنىلا خەلقنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاش ئارقىلىق ئىش كۆرۈشتىن ۋاز كەچمىسە، ئۇنداقتا، ھازىرقى بالا - قازالاردىن قۇتۇلۇپ، ۋەتىنىمىزدىكى خەلقىمىزنى دۈشمەننىڭ قانلىق چاڭگىلىدىن خالاس قىلىش نىشانىمىز ئارزۇ پېتى قالىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەقىل ۋە مەنتىقنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. ئەقىل ۋە مەنتىق بىلەن قوراللانغان دۈشمەنگە بىردەملىك ھاياجان ۋە ئۆتكۈنچى ھېسسىيات بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرىمىز دۈشمەننى زىيادە سەل چاغلىغانلىقى سەۋەبلىك، يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئەجدادلىرىمىز دۈشمەننى زىيادە كۈچلۈك دەپ قارىۋالغانلىقى سەۋەبلىك مەغلۇپ بولغان. ئوتتۇرا ھاللىقنى ساقلاش ۋە دۈشمەندىن غالىب كېلىش ئۈچۈن ھاياجان ۋە ھېسسىياتنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئەقىل - پاراسەت ۋە زامانىۋى تېخنىكىلار (سۈنئىي ئەقىلدەك) بىلەن قوراللىنىشتىن باشقا ئۈنۈملۈك چارىمىز يوق.

4) مىللىي مەنپەئەتى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلالايدىغان ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقالماسلىق مەسىلىسى:

تارىختىكى «شىراق روھى»نى يوقىتىپ، ھەر كىم ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قىلىشى ۋە ئەۋلادلىرىغا شۇنى توختىماي تەشۋىق قىلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. ۋەتەن ئىچىدە ئۇيغۇر بالىلىرى كىچىكىدىن باشلاپلا يا ختاينىڭ يا ئەرەبلەرنىڭ ۋە ياكى پارسلارنىڭ قەھرىمانلىرى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولۇشقا مەجبۇر ئىدى. بىراق، مۇھاجىرەتتىمۇ ئاشۇ خاتا قېلىپ بويىچە داۋام قىلىش، كېلەچەك ئەۋلادلارنى ئۆز مىللىتىدىن ۋە مىللىي ئىستىقبالىدىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلۇقىدىن نومۇس قىلىپ ئۇيغۇرلۇقتىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئاپىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز بالىلىرىمىزغا ئۇيغۇر تارىخىدىكى، بولۇپمۇ، بىر پۈتۈن مىللەت ھالاكەت گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان چاغلاردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ئۈلارغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە مىللىتىنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىنى ئاشۇرۇش لازىم. چۈنكى، ئۆزىگە ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ كېلەچىكىگە ئۈمىد بىلەن قارىيالمايدىغان ھەر قانداق ئادەم ھامان باشقا قوۋمغا سىڭىشىپ كېتىشتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، بىز مۇھاجىرەتتىكىلەر ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئۈلگە كۆرسەتمىسەك، ھازىرقى باللار نوقۇل كىتاب ئىچىدىكى مەلۇماتلارغا تايىنىپلا يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى يېتىلدۈرەلمەيدۇ. ھېچ بولمىسا، مۇھاجىرەتتىكى بىر قىسىم ئۈلگىلىك شەخسلەرنى ۋە تەسىرى كۈچلۈك تارىخىي شەخسلەرنى سېستىۋەتمەسلىك كېرەك. بولمىسا، ئۆز ئېشىمىزغا ئۆزىمىز توپا سالغان بولىمىز. ئەپسۇس، بۇ تېمىدا جىق خاتالىقلار ئاللىبۇرۇن سادىر بولۇپ بولدى ۋە داۋاملىق سادىر بولماقتا.

5) خەلقئارالىق داڭلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر سىياسەتچىلەر ۋە ئاكادېمىكلارنىڭ كەمچىل بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان تەھدىتلەر ۋە بالا - قازالار :

ئەركىن دۇنيانىڭ ئوقۇش شارائىتلىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى خالىماي، مۇنتىزىم تەلىم - تەربىيەدىن ئۆزلىرى ئېچىۋالغان شەخسىي كۇرسلارنى ئۈستۈن بىلىش، ياشلارنى يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشقا، ھەممە ئىشنى كەسىپ ئەھلىگە قالدۇرۇشنى خالىماي، سادىق ئادەملىرىگە تاشلاپ بېرىش سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار 1949 - يىلى چەت ئەلگە چىقىشقا باشلىغان. تىبەتلەر بولسا 1959 - يىلى مارتتا چىقىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇيغۇرلاردىن چىققان كەسىپ ئەھلىلىرى تۈرۈشلۇق دۆلىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ھازىرقى سىياسەت سەھنىسىدە كەسپىي ئادەملەر يوقنىڭ ئورنىدا. تىبەتلەر بولسا بىر ئەۋلاد ياشلارنى ھەممە ساھەدە مۇكەممەل يېتىشتۈرۈپ، چەت ئەلدىكى تىبەت سۈرگۈندى ھۆكۈمىتىنى خارۋاردنى پۈتتۈرگەن يېڭى نەسىل ياشلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. دېمەك، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق، تىبەت قىلغاننى بىز نېمىشقا قىلالمىدۇق؟ بۇنى ئوبدان ئويلىنىپ كۆرسەككلا، ئەسلىدە بۇنى ھەل قىلىش چارىسىنىڭ نەقەدەر ئاسانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

## 2.6 دىنىي ئېتىقادقا ئائىت خاتا ۋە قاتمال چۈشەنچىلەرنى مەنبە قىلغان كۆندىلىك ھاياتتا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم خىرىسلار، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشتىكى بەزى ئۈنۈملۈك چارە - تەدبىرلەر:

1) ئەرەب شەيخلىرى سىزىپ قويغان دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىشتىن قورقۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇر، گەپ - سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلىرىنى، ئىجتىمائىي، سىياسىي، مىللىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى دىن نامىدىن چەكلەش مەسىلىسى :

يېقىنقى مىڭ يىل ئىچىدە ئەرەب - ئىسلام دۇنياسىدا ساناقسىز دىنىي كىتابلار يېزىلدى. بۇ كىتابلاردىكى ئاپتورنىڭ شەخسىي پىكىرلىرى كېيىنچە «شەخسكە چوقۇنۇش» دولقۇنىنىڭ تەسىرىدە دىن نامىدىن تەشۋىق قىلىنىپ، نادان دىنىي زاتلار تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ تەپەككۇرى بوغۇپ قويۇلدى. تەپەككۇر بوغۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ تەڭلا چېكىندى. چۈنكى، ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا بالا بولغانلار كاللىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىغاندا بىز تېخىچە غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئىدۇق. ئەقلىنى ۋە تەپەككۇرنى رەت قىلىش ئارقىلىق مىللەتنى بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇش يەنىلا ئوتتۇرا شەرقنى مەنبە قىلغان «چۈشكۈنلۈك دەۋرى» بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ئۇخلاۋاتقانلار يالغۇز بىزلا ئەمەس ئىدۇق. بىراق، ھازىرمۇ قورقماي ئىسلاھات قوزغىيالماسلىق تېزرەك سىڭىشىپ كېتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەسلىدە، بىر مەيدان ئىسلاھات قوزغاش زۆرۈر بولسىمۇ، بىراق، چەت ئەلدىكى شارائىتنىڭ تولىمۇ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ئەڭ ئاسان ۋە نىسبەتەن ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش چارىسى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان دىنىي زاتنى توغرا تاللاش، بۇ ساھەنى «چالا موللا» ۋە «قۇلاق مولللىرى»غا تاشلاپ بەرمەسلىك بولۇشى مۇمكىن. مىللەتنى ئورنىدىن دەس تۇرغۇزۇپ، چىقىش يولىنى توغرا كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن يېتەكچىنىڭ ئەمدى نېمە كېرىكى؟ بىز مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن بۇ ئىشنى ھەل قىلىشقا سەل قاراپ، مەيدانىنى نادانلارغا تاشلاپ قويساق، ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئازغۇن ۋە يامان نىيەتلىك جاھىللار ھەر تەرەپتىن خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، ئورۇنسىز ۋە تارىختىن بېرى ھەل بولمىغان كونا نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، خەلقنىڭ دىققىتىنى ئەسلى مۇھىم بولغان نىشاندىن باشقا ياققا بۇرىۋېتىپ قالىدۇ. ئاقىۋەت، دۈشمەن يەنە قوشلاپ پايدا ئالىدۇ. بىزدە ھازىر ۋاقىتتىن باشقا چوڭ دەسمايە قالمىدى. ئەمدى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئۇسسۇلغا سېلىپ، كىم داپ چالسا، شۇنىڭغا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرسەك، ۋاقىتتىن ئۇتقان دۈشمەن چارەك ئەسىرگە قالمايلا ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتىنى ئاتالمىش «جۇڭخۇا مەدەنىيىتى» نامىدا ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. ئۇ چاغدا، خىتاينىڭ سىياسىي ۋە مىللىي ھاياتىي كۈچى قايتىدىن تولۇپ تېشىپ، پۈتۈن دۇنياغا بالا بولىدۇ.

2) ئوتتۇرا شەرقچە رادىكاللىقنى ۋە ئاشقۇنلۇقنى «دىن» دەپ تەشۋىق قىلىپ، خىتاينى ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىدە ھەقلىق قىلىشقا بىلىپ - بىلمەي تۆھپە قوشۇش خەۋپى :

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خەلقئارالىق تېررورچى كۈچلەرگە زورلاپ چېتىپ قارىلاشقا ئۇرۇنۇشى ۋە بۇ ھەقتە ئادەمنى قاتتىق قايمۇقتۇرۇپ قويغۇدەك ساختا تەشۋىقاتلىرى ئاز كەلگەندەك، چەت ئەلدىكى بىر قىسىم بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرىدىغانلارنىڭ تەنتەكلىكى تۈپەيلىدىن، مىللەتنىڭ ماماتلىق تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشلاردا بىلىپ - بىلمەي دۈشمەننى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتا ھەقلىق قىلىپ قويۇش خەۋپى كۆرۈلۈپ كەلدى. بۇمۇ يەنىلا دۈشمەننى چۈشەنمەسلىك ۋە ئۆزىنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. يەنى، نادانلىق بارچە كىرىزىسنىڭ مەنبەسىدۇر. شۇڭا، يەنىلا ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تەربىيەلەش ۋە يېتەكلەشتىن باشقا چارىمىز يوق.

3) ھازىرقى دۇنيا سىياسىتىنى چۈشىنىدىغان، يىراقنى كۆرەر، پەن - تېخنىكا بىلىملىرىدىن خەۋەردار ۋە مىللىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان دىنىي يولباشچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىرالماسلىق مەسىلىسى:

ئىرادىسىزلىك، ئۈن - تىنسىز بېغىشلاش روھى كەمچىل ۋە كىرىزىس تۇيغۇسى سۇسلىغانلىق سەۋەبىدىن، شەكىلگە ئەھمىيەت بېرىپ ماھىيەتكە سەل قاراش ئومۇملىشىپ كەتتى. شۇڭا، ئاغزىدا شەھەر ئالىدىغانلار كۆككە كۆتۈرۈلۈپ، ئۈن - تىنسىز ئۆزىنى بېغىشلاۋاتقان نامسىز قەھرىمانلارغا زەربە بېرىلدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئۆزىمىز بىرەر بالىمىز ياكى بىرەر تالانتلىق ئۇيغۇرنى تاللاپ، شارائىتنى تەل قىلىپ بېرىپ، مىللەتكە پايدىسى يېتىدىغان، بارلىق

قىيىن ئەھۋاللاردا يول كۆرسىتەلەيدىغان دىنىي زاتلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. يېڭىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىمساقمۇ، ئۈنچىلىك تالانتى بارلار ئاز ئەمەس. شۇلارنى لايىقىدا تىكلەپ چىقىپ ئىشقا قويساق «تېگىرقاش ۋە مۇگدەش باسقۇچى» دىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

4) ئۇيغۇرلارغا خاتا سىڭدۈرۈلگەن ۋە بۇرمىلانغان قاتمال دىنىي چۈشەنچىلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان خىرىسلار:

ئەنئەنىۋى ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلماستىن ۋە ئوقۇشلۇق ماتېرىياللارنى تاللىماستىن قارىغۇلارچە ئوقۇش، ئەرەبچە بولسىلا ئوقۇۋېرىش، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرى ئاللىبۇرۇن شاللىۋەتكەن ھەر خىل داشقال، ئاشقۇن ۋە ئازغۇن پىكىرلەرنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىپ، شۇ پېتى تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش، ھەتتا ئۇنى «تەقدىر»گە باغلاپ، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقىل ئىشلىتىشتىن قورقۇتۇش تۈپەيلىدىن بىر تۈركۈم مىللىي روھى ئۆلۈك، تەپەككۇرى بوغۇق، دىنىي مەلۇماتى چالا ۋە خاتا دىنىي زاتلار يېتىشىپ چىقىپ، بۇرمىلانغان ۋە خاتا دىنىي چۈشەنچىلەرنى داۋاملىق ئاۋامغا تەشۋىق قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى تۈپتىن سەل قىلىش تەسرەك بولسىمۇ، ھەر كىم ئۆزى كاللا ئىشلىتىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇ كىرىزىسنى قىسمەن ھەل قىلالىشى تەس ئەمەس. چۈنكى، مۇھاجىرەتتە، دىن ۋە دىنىي تەلىماتلارنى ئۆگىنەي دېسەك چوقۇم موللامغا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ. ئۆزىمىز ئىزدىنىپ كۆرسەكلا، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. نېمە لازىم بولسا شۇنى تاپقىلى بولىدىغان زامانىۋى دۇنيادا، ئىلغار ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ئورنىغا تېخىچە ئۆز ئىچىمىزدىكى نادان ۋە جاھىل كۈچلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇش ۋە شۇ بويىچە ئىش كۆرۈشتىنمۇ ئۆتەر ئەخمەقلىق بولمىسا كېرەك. بۇ خىل خىرىسنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا سالغان زىيىنى ۋە يوشۇرۇن زەربىسى ھەممىدىن كۈچلۈك بولغاچقا، مەن بۇ خىل خىرىس ھەققىدە نۇقتىلىق توختالدىم. قارايدىغان بولساق، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىغا ئەڭ كۈچلۈك توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ۋە بىر - بىردىن ئايرىۋاتقان، ھەتتا ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىۋاتقان ئامىلنىڭ يەنىلا خاتا ۋە قاتمال دىنىي چۈشەنچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنىڭ ئىسلامدىكى ھۆكمى «پەرھىز» بولۇپ، ئەكسىچە، بىزدە ئۇششاق مەسىلىلەرنى تالىشىپ، بىرلىك - ئىتتىپاقلىققا زىيان سالىدىغان قىلمىشلار ساماندەك.

بۇنىڭغا ئازراق مىسال ئالساق، 20 - ئەسىردىكى داڭلىق ئىسلام ئالىملىرىدىن بىرى ھەسەن ئەلبەننا مىسىردا رامىزاندىكى تەرەۋى نامىزىنى 8 رەكەت ئوقۇش ياكى 20 رەكەت ئوقۇش ھەققىدە ئىككىگە بۆلۈنۈپ جېدەل قىلىۋاتقان جامائەتكە «بىرلىك پەرزدۇر، بۆلۈنۈش ھارامدۇر. تەرەۋى ناماز بولسا سۈننەتتۇر. سىلەر سۈننەتنى تالىشىپ پەرزنى دەپسەندە قىلماقچىمۇ؟ ! شۇڭا، سىلەر مەسچىتنى تاقاپ، ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىپ ئۇخلاڭلار. بۇ سىلەر ئۈچۈن بىرلىكنى بۇزغاندىن كۆپ ئەۋزەل» دەپ كايىغان. ئەمما، ئۇيغۇرلاردا «ئامىن!»نى ئۈنلۈك دېيىش ياكى ئىچىدە دېيىش ھەققىدە بۆلۈنۈپ، بىرلىك بۇزۇلغان ئىش نۇرغۇن. ھەتتا قان تۆكۈلگەن ئىشلارمۇ ئاز ئەمەس.

ئىسلام دىنىدا بىر ئادەم ھىدايەت (توغرا يول) تاپقاندىن كېيىن، بۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىگە ئەڭ گۈزەل ۋە يۇمشاق ئۇسلۇبتا يەتكۈزۈپ تەشۋىق قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان. بىراق، ھەددىدىن زىيادە نەپرەت بىلەن تويۇنغان «ھىزبۇتچە ۋە سەييىد قۇتۇپچە رادىكال كۆز قاراش» ئۇيغۇرلار ئىچىگە سىڭىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىلا مۇسۇلمان چاغلاپ، باشقا ھەممە ئادەمنىڭ ئىمانىدىن قۇسۇر تاپىدىغان، ھەتتا ئاتا - ئانىسى ۋە جامائەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغان، ئانىسىنىڭ قولىدىن چىققان تاماقنى يېمەيدىغان، ئەتراپىدىكىلەرگە دۈشمەندەك پوزىتسىيە تۇتىدىغان ئىشلار كۆپىيىپ كەتتى. بۇنداق قاتمال ۋە خاتا دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئېزىپ كەتكەنلەر كېيىنچە، تۈرلۈك يوللار بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارالىق ئىناۋىتىگە داغ چۈشۈرۈپلا قالماي،

يەنە تۈركىيەدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلارنىمۇ ئوبدانلا يۇقۇملاندۇرۇپ قويدى. ئەنە شۇنىڭ تەسىرىدە، بەزى كىشىلەر ياغلىق ئارتمىغانلىقى ياكى يۈزنى يۆگىمىگەنلىكى ئۈچۈنلا قىزلىرىنى «مەن مۇشرىك بىلەن بىللە ياشىمايمەن» دەپ ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، مانا ئەمدىلىكتە ئۇ قىزلارنىڭ يامان يوللارغا كىرىپ قېلىپ، ھەتتا زەھەرگە خۇمار بولۇپ قېلىپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا كوچىلاردا جان تالىشىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولۇۋاتىمىز.

ئىسلام دىنىدا بىراۋنىڭ يامان قىلمىشلىرىنى كۆرسە، ئۇنى چىرايلىق تۈزىتىش تەشەببۇس قىلىنغان. ئەمما، بۇ قاراش ئۇيغۇرلارغا يېتىپ كەلگۈچە ئەسلىي مەقسەتتىن يىراقلاپ، باشقىلارغا ئەڭ قوپال ۋە توڭ شەكىلدە زەربە بېرىشنى «ساۋابلىق ئىش» دەپ قارايدىغان قاتمال ۋە خاتا چۈشەنچىگە ئايلىنىپ قالغان. ھەتتا، بىر ئۇيغۇرنى تاماكا تېرىغىنى ئۈچۈن يەنە بىر ئۇيغۇر چانىۋەتكەن ئىشلارمۇ بولغان. بۇنى پۇرسەت دەپ بىلگەن خىتاي دەرھال تەتۈر تەشۋىقات قوزغاپ، كادىرلار ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى دىنىدىن سوۋۇتۇشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنياغا كەڭ يېيىپ، كەلگۈسىدە ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ئىرقىي جىنايەتلىرىگە ئالدىن ئەل رايى ھازىرلاش ئۈچۈن پايدىلانغان.

ئىسلامدا، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ۋە يامان گېپىنى قىلىش قاتتىق چەكلەنگەن. بىراق، ھازىرقى مۇھاجىرەت ئۇيغۇرلىرىدا ئۆز ئارا ئەيىبىنى ئېچىش ۋە غەيۋىتىنى قىلىش ئەۋج ئېلىپ كەتكەن. تېخى بۇنداق قىلىش دىندارلىقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇلغان. نەتىجىدە، بىر پۈتۈن توپ چاك چېكىدىن پارچىلانغان.

ئىسلامدا، بىر ئادەمنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈش ۋە نامىنى سېسىتىش ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يامان جىنايەت دەپ قارىلىدۇ. تولىمۇ ئەپسۇسكى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل قىلمىش كەڭ كۆلەمدە يامراپ كەتكەن. ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغىنى، باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشتىكى ئاۋانگارتلارنىڭ يەنىلا يولباشچى دىنىي زاتلار، دىنىي ئوقۇغۇچىلار ۋە دىندارلىقنى قاتتىق داۋراڭ قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار بۇنداق قىلىشنى «مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن» دەپ پەردازلاپ تەشۋىق قىلىپ، يەنە بىر مۇنچە ساددا ئادەملەرنى گۇناھلىرىغا شېرىك قىلغان.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلاردىكى خاتا ۋە قاتمال دىنىي چۈشەنچىلەر ۋە بۇنى دىن نامىدىن تەشۋىق قىلغۇچى ئازغۇنلار چەت ئەلدىكى ئازغىنە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بىرلىكى، ۋاقتى ۋە زېھنىنى ئېغىر دەرىجىدە خورىتىپ ۋە زەئىپلەشتۈرۈپ، ئاتا - ئانىلىرى، قان - قېرىنداشلىرى، يۇرتداشلىرى، جۈملىدىن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنى تېزلىكتە يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ياۋۇز خىتايغا قارشى ئىشلىتىش كېرەك بولغان غەزەپ - نەپرىتى، زېھنى، ۋاقتى ۋە پۈتۈن ئىمكانلىرىنى ئۆز ئارا بىر - بىرىنى سېسىتىش، «تەنقىد قىلىش» نامى ئاستىدا نام - ئابرۇيىغا ۋە شەخسىيىتىگە ھۇجۇم قىلىش، قولىدىن كېلىدىغان پۈتۈن يامانلىقلارنى باشقا قېرىنداشلىرىغا قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇرلارنىڭ بىرلىكىنى بىتچىت قىلىۋېتىش خەۋپىنى زورايتماقتا. شۇڭلاشقا، بىز خاتا ۋە قاتمال دىنىي چۈشەنچىلەرنى دەل ۋاقتىدا توغرىلاپ، بىر تۇغ، بىر ئورتاق مەقسەت ۋە ئورتاق نىشان ئاستىدا بىرلىك - ئىتتىپاقلىقنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىشىمىز كېرەك. چۈنكى، دىنىنىڭ ئەسلى روھىغا ئۇيغۇن ھالدا ئۆز ئارا كەڭ قورساق ۋە مېھرىبان بولۇش ئورنىغا، خاتا ۋە قاتمال دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن بىر - بىرىمىزگە زەربە بەرسەك، دىنىي زاتلار بۇنى تۈزىتىش ئورنىغا ئەكسىچە، ئۆزلىرى باش بولۇپ ئاۋامغا يامان تەسىر بەرسە، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىمىز ۋە مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇ خىل خىرىسنىڭ كېلەچەكتىكى تەقدىرىمىز، بىرلىك - ئىتتىپاقلىقىمىز ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئەڭ ھالقىلىق تەسىرى بولغانلىقى ئۈچۈن بىر قەدەر كەڭرەك توختىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

5) ھەممە نەرسىنى دىنىنىڭ ئىچىگە مەجبۇرىي ئېلىپ كىرىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاڭ - تەپەككۇرى ۋە ھەققانىي كۆرۈشىنى دىن بىلەن زورلاپ چېتىۋېلىپ، ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى داۋاملىق تۇيۇق يولغا باشلاپ قويۇش مەسىلىسى :

كۆپىنچە مىللەتنىڭ دىنىي پېشۋالىرى ھەممىدىن بەكرەك مىللەتچى بولسىمۇ، بىراق، بىز ئۇيغۇرلاردا ئۇنداق ئەمەس. چالا ئوقۇغانلارنىڭ «دىن» ۋە «مىللەت»نى ئۆز ئارا قارىمۇقارشى قويۇپ تەشۋىق قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ ماھىيىتى تېخىچە كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي كۈرەشكە ئايلاندۇرۇپ قويۇلماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسىلىسى ئىسلامىيەت ۋە كۇپۇرلۇق ئارىسىدىكى دىنىي مەسىلە ئەمەس. بەلكى، ۋەتىنى بېسىۋېلىنىپ، خەلقى قۇل قىلىنغان ھەققانىي تەرەپ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋەتىنىنى بېسىۋېلىپ، خەلقىنى قىرغىن قىلغان جاۋابكار ۋە جىنايەتچى تەرەپ ئارىسىدىكى مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىش قانداقتۇر خىتاينىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن ھەل بولمايدۇ. بەلكى، ئىشغالچى ۋە قىرغىنچى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشى ۋە قانلىق جىنايەتلىرىنىڭ بەدىلىنى تۆلىشى بىلەن ھەل بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى نوقۇل دىنىي مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ۋە تەقدىرىمىزنى خەلقئارا غازاتچى كۈچلەر بىلەن باغلاپ قويۇش ۋەتەن ۋە مىللەتكە خىيانەت قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل خەۋپ - خەتەردىن خالاس بولايلى دېسەك، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋەرسىز، ھەمدە ئىستىقبالىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن نادان، چولتا، چالا ۋە كالتە پەم دىنىي زاتلارنى مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە ۋاكالىتەن سۆز قىلىش سالاھىيىتىنى ئېلىپ تاشلىشىمىز، خاتالىقىنى تونۇمىغانلارنىڭ بۇ تېمىدا سۆز قىلىش سالاھىيىتىنى مەڭگۈ بىكار قىلىۋېتىشىمىز لازىم. شۇندىلا، كەلگۈسىدىكى چوڭ بالا - قازالاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمىز، خەلقىمىزمۇ يەنە كۆپلەپ ناھەق قىرىلىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن.

## 2.7 ئىدېئولوگىيە جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، كۆرۈلۈۋاتقان كرىزىسلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ بەزى تەدبىرلىرى

1) تەقلىدچىلىك ۋە قارىغۇلارچە دوراش ئارقىلىق تەتبىقلانغان ئۆلۈك ئىدىيەلەرنىڭ ئۇيغۇر جامائىتىنى بۆلۈۋېتىش خەۋپى:

مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە قانداق تەربىيەلەنگەن بولسا، شۇ خىل ئەندىزىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا كۈچەش خېلى مودا بولۇپ، ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە لايىقىدا مۇئامىلە قىلالماسلىق، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشكە ماھىر بولماسلىق تۈپەيلىدىن، ئەرەبچە، تۈركچە، رۇسچە ۋە غەربچە ئىدېئولوگىيە - مەپكۇرىلىرىنى شۇ پېتى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىستەكلىرى ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ بۆلۈۋېتىش ۋە پارچىلىۋېتىش رولىنى ئوينىماقتا. شۇڭلاشقا، سىرتتىن قوبۇل قىلىش زۆرۈر دەپ قارالسا، پەقەت غەربنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەنىۋى جەھەتتىن ھېچبىر مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى ئالدىراپ قوبۇل قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇرلۇقتا ھەممە ئىلغارلىق تېپىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھازىرچە خەۋەرسىز قالغانلىق، قەدرىنى بىلمەسلىك ۋە نەچچە ئەسىر تەتبىقلاش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەسلىك ھەرگىزمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىشكە سەۋەب بولالمايدۇ. شۇڭا، بىزگە پايدىلىق ۋە بىز ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق زامانىۋى تېخنىكا - ۋاستىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ قوبۇل قىلغان ياخشى. ئەمما، شۇ پېتى نەقىل قىلغان مەنىۋى قىممەت قاراشلار ۋە ئىدىيەۋى نەرسىلەرنىڭ بىزگە شۇ ئىدىيەنىڭ ئەسلى ئىگىسىگە پايدا قىلغاندەك پايدا قىلىشى ناتايىن. چۈنكى، ھەممە ئىدىيە ۋە ئىدېئولوگىيە شۇ ئىدىيەنىڭ ئىگىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولىدۇ.

2) ئانا مەپكۇرە يارىتالماسلىقتىن كېلىپ چىقىۋاتقان ئىدېئولوگىيەلىك بۆلۈنۈش ۋە دۈشمەننىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كېتىش خەۋپى:

1992 - يىلدىن بۇيان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەمدە يىغىلىپ، ياشاۋاتقان دەۋرى ۋە شارائىتىغا ماس ھالدا قەدەم ۋە قارار ئالالمىغاچقا، مۇكەممەل بىر ئانا مەپكۇرىنى يارىتالمىغاچقا، ھېلىھەم يۈز يىل بۇرۇنقى دەۋردە ئاللىبۇرۇن شاللىنىپ كەتكەن كونا مەپكۇرىلەر ياكى قىلچە تەتبىقلاش قىممىتى بولمىغان كونا ئىدىيەلەرنى تەشەببۇس قىلىپ يۈرۈۋاتىمىز. ئاقىۋەت، دۈشمەن بىز خىل ئاجىزلىقىمىزدىنمۇ ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. زامان ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ زامانغا ماس ھالدا مىللىي خاسلىقىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغان، ئىچىمىزدىكى يوشۇرۇن كۈچنى ئۇرغۇتىدىغان يېڭى ئىدىيەلەرنى ۋە يېتەكچى ئىدېئولوگىيەنى يېزىپ چىقىشىمىز لازىم. شۇندىلا، ئازغىنە زاپاس كۈچىمىزنى ئورۇنسىز خورىتىشتىن ساقلىنىپ قالالايمىز. ناۋادا بىزدە يېتەكچى ئىدىيە ياكى ھەممەيلەننى بىر بايراق ئاستىدا توپلايدىغان ئانا مەپكۇرە بولمىسا، مۇھاجىرەت ئۇيغۇرلىرى پات ئارىدا باشقىلارنىڭ ئىدىيەلىرىگە مەپتۇن بولۇپ، شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشتىن باشقا ئىشقا يارىماي قالىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزىمىزنىڭ تەخىرسىز ئىشلىرى بىر چەتتە تاشلىنىپ قېلىپ، ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدا مەڭگۈلۈك گۇناھكارلارغا ئايلىنىپ قالىمىز.

## ئاخىرقى سۆز

دۇنيا ۋەزىيىتى ۋاقتىنچە دۈشمەنگە پايدىلىق بولغانچە، بولۇپمۇ دۈشمەننىڭ تەسىرى ۋە نوپۇزى كۈندىن - كۈنگە ئاشقانچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدە رېئاللىققا تەن بېرىش ۋە تەسلىمچىلىك خاھىشى كۈنسېرى كۈچىيىپ بارماقتا. ئاغزىدا دېيەلمىگەن بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرقى رېئاللىققا ئاللىبۇرۇن تەن بېرىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا ئۇلارغا ئۈمىد بېرەلىگۈدەك يېتەكچى، جاسارەت بەرگۈدەك بىرەر پىلان ياكى ئىدىيە، ۋە ياكى ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆرسەتكۈدەك يېتەكچى ئىدېئولوگىيە (ئانا مەپكۇرە) بولمىغانلىقى بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەسىلە ھازىرقى مۇھاجىرەت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ خەتەرلىك ۋە قورقۇنچلۇق مەسىلە بولۇپ، ئۈمىدىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچىمىز سۇسلىغانچە، دۈشمەن شۇنچە غالجىرلىشىپ ماڭىدۇ. بىزنىڭ بېشىمىزدىكى بالا - قازالار ھېچبىر مىللەت بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان غايەت زور بالا - قازادۇر. ھەققانىيەتچى ئۇيغۇرلار بىلەن جىنايەتچى خىتايلار ئارىسىدىكى كۆرەشتە ئەڭ ئاخىرىغىچە چىدىيالىغانلار ۋە ئۈمىدسىزلەنمەي چىڭ تۇرالىغانلار غەلىبە قىلىدۇ. بىزنىڭ ھەقلىق بولغىنىمىزلا بىزنىڭ غالىب بولىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭلاشقا، بىز پۈتۈنلەي ھەقلىق بولغانىكەنمىز، ھەققىمىز ئۈچۈن ھېچبولمىغاندا ئاشۇ خىتايچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسەك، ئەھۋالىمىزدا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ. خىتايلار ھازىر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بىلەن باغلاپ ئىش كۆرۈۋاتقاندا، بىزمۇ ئۇلاردىن قېلىشمىغۇدەك كۈچىمىسەك بولمايدۇ.

ئىشىنىمىزكى، بىز بىرلىكتە خەلقىمىز دۇچ كەلگەن ناھەقچىلىكلەرگە قارشى تۇرۇپ، گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن تىرىشالايمىز. مەيلى بىز قەيەردىن كەلگەنلىكىمىز، قانچىلىك سەپەر قىلغانلىقىمىز ۋە قانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۆتمۈشىمىز بىزگە ئېنىقلىما بەرمەيدۇ. بىزدە ھەر قانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئوتتۇرىغا چىقالايدىغان مۇستەقىل ۋە قەيسەر روھ بولۇشى ۋە شۇ روھنى قىلچە تەۋرەنمەي ساقلاپ ئەۋلادلىرىمىزغا يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمىز بار. پەقەت شۇ روھ داۋاملاشقاندا ئۇيغۇرلۇقمۇ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

*بۇ ماقالىنى روشەن خەمىت تەھرىرلىدى.*

# تەشكىلاتلىرىمىزغا توغرا كېلىدىغىنى بىرلىششمۇ ياكى ھەمكارلىششمۇ؟

ئالماس ھاجى

«بىرلىشىش، ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش» دېگەن سۆزلەر ھازىر ھەممىنىڭ دىققەت ئېتىبارىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ سۆزلەرنى بەزىلەر چاقىرىققا ئىشلىتىۋاتىدۇ؛ بەزىلەر باشقىلارنى تەنقىدلەشكە، ئەيىبلەشكە ئىشلىتىۋاتىدۇ؛ يەنە بەزىلەر بىز ئۈمىدلەنگەن ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى بۇزۇش ۋە ئۇنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا مەن بۇ سۆزلەر ۋە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنلار ھەممە ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ھازىر بىزدە سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مەنىسىنى توغرا ئىگىلىمەي خاتا ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈۋاتىدۇ، شۇڭا ئالدى بىلەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ھەققىدىكى چۈشەنچە بىلەن گەپ باشلىدىم.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم مەنىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىدە مۇنداق ئىزاھلانغان:

بىرلىشىش (بىرلەشمەك) – مەلۇم مەقسەت ياكى مەلۇم ئاساستا بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە قوشۇلماق، ئۇيۇشماق.

ئىتتىپاقلىشىش (ئىتتىپاق تۈزمەك) – بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزئارا كېلىشىپ قارار ئالماق، ئىتتىپاق بولۇپ ئىناق ئۆتمەك.

ھەمكارلىشىش (ھەمكارلاشماق) – ئۆزئارا ياردەملەشمەك؛ بىر-بىرىگە ئىش، بىرەر ۋەزىپىنى، خىزمەت قاتارلىقلارنى بىر قانچە ئادەم ياكى بىر قانچە ئورۇن (تەشكىلاتلار) ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىشلىمەك، ئورۇنلىماق.

ئۇنداقتا بۇ سۆزلەرنىڭ قايسىسى ھازىرقى ۋەزىيەتتە بىزنىڭ شوئار قىلىشىمىزغا ماس كېلىدۇ؟

## 1. بىرلىشىش (قوشۇلۇش)

مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى غايە، نىشان جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلىرىگە قاراپ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە ئۆزلىرىگە ماس كېلىدىغان تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ھەم كونكرېت خىزمەت يۆنىلىشلىرىگە ئىگە. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئاممىۋى سايلام بىلەن ئەمەس، ئاۋانگارتلارنىڭ بىرلىكى بىلەن مەيدانغا كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن تەشكىلىي قۇرۇلمىدىكى خاسلىق ۋە مۇستەقىللىقى، خىزمەت ئۇسۇلى ۋە خىزمەت يۆنىلىشىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ، بىر مەركەزلىك تەشكىلاتقا ئايلىنىشى تەشكىلاتلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا شەكىل جەھەتتىن ماس كەلمەيدۇ.

## 2. ئىتتىپاقلىشىش (ئىناق ئۆتۈش)

بۇ قوشۇلۇش ئەمەس، ئىتتىپاقلىشىش، يەنى بىر مەقسەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرەر ئىش، بىرەر پائالىيەتنى ئۆزئارا كېلىشىپ بىرلىكتە ئورۇنداش بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا بەزىدە مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كەڭ كۆلەملىك پائالىيەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. ئىتتىپاق بولغاندا ئۆز ۋاقتىدا ھەر تەرەپلىمە كېرەكلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى، مۇھىم ئىشلارنى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، توغرا قارار ئالغىلى، ئاجىز كەلگەندە كۈچ توپلىغىلى، يېڭى ۋەزىيەت ئوتتۇرىغا چىقارغان بەزى جىددىي مەسىلىلەرگە ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرغىلى بولىدۇ.

ئىتتىپاقلىشىش ئارقىلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ، مۇناسىۋەتتە يېقىنلىق ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەپ، ئۆزئارا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ئەھۋاللار كۆپىيىدۇ. بۇ ھال كۈرەش سېپىمىزنى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەيدۇ. يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە بەزى ھالقىلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ ھەيئەت تەشكىللەپ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلارنى زىيارەت قىلىپ ئېلىپ بارغان سۆھبەت، تەشۋىقات، زىيارەتلىرى بۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى.

## 3. ھەمكارلىشىش (ياردەملىشىش، ماسلىشىش)

ئىتتىپاقلىقتىن كېيىن ھەمكارلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مىللىي مۇستەقىللىق دەۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق ھەمكارلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز لازىم. خەلقئاراغا تەسىر كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ھەرىكەت، پائالىيەتلەرنى بىرەر دۆلەتتىكى بىرقانچە تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش بىلەن كۆزلىگەن ئۈنۈمگە، ئەسلىي مۇددىئاغا يەتكىلى بولمايدۇ. بۇنداق ئەھۋاللاردا ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۆزئارا ئالاقىلىشىپ، پىلانلىق ھالدا ھەرىكەتنى ۋاقىت، ئۇسۇل جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەڭ قەدەم بىلەن دۇنياۋى دولقۇن ھاسىل قىلىنسا، بۇنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن زور بولىدۇ. چۈنكى، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق توپلانغان كۈچنى نامايان قىلىپ، ناھايىتى چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلىش ۋە كەڭ دائىرىدە تەسىر كۆرسىتىش قۇدرىتىگە ئىگە. مەسىلەن، خىتاي يۇقۇملۇق ۋىرۇسى پۈتۈن دۇنياغا تەھدىت بولۇپ، بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە خەلقئارادىكى 30 دىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدا

«شەرقىي تۈركىستان ۋىرۇس كىرىزىسى ياردەم مەركىزى»نى قۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قىيىنچىلىقتا قالغان قېرىنداشلارغا ياردەم بېرىشنى تەشكىللەپ ئىش ئېلىپ بارغانلىقى بۇنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى. شۇڭا تەشكىلاتلىرىمىز ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىششى لازىم.

## 4. ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى تەشكىلات شەكلى قانداق بولىدۇ؟

بۇنداق ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى دائىمىيلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلات رەھبەرلىرى، نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلى، ئاكتىپ مۇستەقىل پائالىيەتچىلەر ئىشتىراك قىلغان ھالدا باش قوشۇشۇپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، مەۋجۇت مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىش، چوڭ - چوڭ مەسىلىلەردە ئورتاق قارار ئېلىش ئۈچۈن، كۈچنى توپلاش، جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرقايسى دۆلەتلەردە رايون خاراكتېرلىك «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى (دۆلەت؟) ئۇيۇشمىسى» ۋە بۇ ئاساستا خەلقئارادا «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارا ئىتتىپاقى» نامىدا كېڭەش خاراكتېرلىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئوتتۇرىغا چىققان بۇ تەشكىلاتلارنىڭ خاراكتېرى باشقۇرغۇچى ئەمەس، بەلكى ھەممە ئىشتىراك قىلغان كېڭەشتە قوبۇل قىلىنغان قارارنىڭ ئىجرائاتىنى كۆزەتكۈچى بولىدۇ. بۇ تەشكىلات قۇرۇلما جەھەتتىن ئالىي كېڭەشكە (پارلامېنتقا) ئوخشاش ھەممە تەشكىلات ۋەكىللىرى قاتنىشىپ پىكىر قاتناشتۇرالايدىغان، قارارغا ئاۋاز بېرەلەيدىغان بولۇشى، ئىتتىپاققا قاتناشقان تەشكىلاتلارنىڭ مۇستەقىل تەشكىلىي قۇرۇلمىسى، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن خىزمەت يۆنىلىشلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۇلارنىڭ كۆرەش نىشانى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولسىلا، ئايرىم مەسىلىلەردىكى ئوخشىمىغان كۆز قاراشلىرىغا چەك قويماي «ئىتتىپاق»قا قاتناشتۇرۇلۇپ ھەمكارلىشىش لازىم. ئوتتۇرىدىكى بەزى زىددىيەتلىك مەسىلىلەر كۈرەش داۋامىدا ھەل بولۇشى مۇمكىن، بەزىلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىن خەلق رايى بىلەن ھەل قىلىنسا بولىدۇ. ھازىر تالاش - تارتىش قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ھازىر بىزگە زۆرۈرى، خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كەڭرى بىرلىك سەپ تۈزۈپ، كۈچىمىزنى كۆپەيتىش، تەسىرىمىزنى چوڭايتىشتۇر.

بۇ يەردە يەنە شۇنى دەپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارا ئىتتىپاقى» قارمىقىدا تۆۋەندىكى ئىككى مۇئەسسەسەمۇ ئورۇن ئېلىش زۆرۈردۇر:

(1) دائىمىي ئالاقىنىڭ ئىزچىللىقى، ئۇچۇر - مەلۇماتلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈپ ئالمىشىپ تۇرۇشى. كېرەك بولسا مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئورتاق تەدبىر بەلگىلەش ئۈچۈن، زامانىۋى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تەشكىلاتلار يېتەكچىلىرىنىڭ باش قوشۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كەسپىي مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارا تەشۋىقات - ئۇچۇر مەركىزى» قۇرۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ ئۇچۇر - تەشۋىقات مەركىزى تەشكىلاتلارغا ئىچكى، تاشقى ۋەزىيەت توغرىسىدا ئۇچۇر يەتكۈزۈش، تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ بىر - بىرىنى بىلىپ تۇرۇشى، ئۆزئارا ماسلىشىپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى كونترول قىلىش، ئۇچۇرلارنىڭ ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈپ تەرتىپكە سېلىش، تورغا ئايرىپ يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇچۇرلارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى ئاشۇرغىلى، سەلبىي تەسىرىنى چەكلىگىلى بولىدۇ. بەزى ئۇچۇرلار تەشكىلات يېتەكچىلىرىنىڭ پايدىلىنىشى، تەدبىر ئېلىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ؛ بەزى ئۇچۇرلار ئاۋامنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق بولغاندا يېتەكچىلەرنىڭ مەۋجۇت مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر ئېلىشىغا پايدىسى بولۇشى بىلەن بىرگە، كۆپچىلىكنىڭ ھەر خىل سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان خەۋەر - ئۇچۇرلارنىڭ زىيىنىغا

ئۈچرىششىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

(2) مۇستەقىللىق دەۋا خىزمەتلىرىدە ئىقتىساد تەلەپ قىلىدىغان قۇرۇلما، قۇرۇلۇش، ھەرىكەت پىلانلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بەدەل پۇلىنى ئاساسى مەنبە قىلغان «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارا مىللىي فوندى»نى تەسىس قىلىش جىددىي ئېھتىياجدۇر.

ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يولى بىلەن تەشكىللىنىپ مەيدانغا كەلگەن بۇنداق بىر خەلقئارالىق ئىتتىپاق ۋە بۇ ئىتتىپاق قارمىقىدىكى ھازىر بىزگە زۆرۈر بولغان ئۈچ ئۇر، تەشۋىقات ۋە مەبلەغگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى نۆۋەتتە كۆرۈلۈۋاتقان ئايرىم پاسسىپ ھالەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈشى، خەلقئارالىق دولقۇن شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.

تەشكىلاتلارنىڭ نامى شۇ تەشكىلاتلارنىڭ خاراكتېرىگە ماس كەلگىنى ياخشىراق. شۇڭا، دۆلەت، رايونلاردىكى تەشكىلاتلار ئىتتىپاقىنى «ئۇيۇشما» دەپ ئاتىغان مۇۋاپىق دەپ قارىدىم. مەسىلەن، «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تۈركىيە ئۇيۇشمىسى» دېگەندەك. بۇنىڭدىن تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى باش قوشقان گەۋدە دېگەن مەنە چىقىدۇ. «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارا ئىتتىپاقى» دېگەن نامدىن «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارالىق ئىناقلىقى، ھەمكارلىقى» دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. بىر ئاڭلىغان كىشى تەشكىلاتلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىپ ئالالايدۇ.

بۇندىن بىر يىل بۇرۇن مەن بۇ ھەقتە ماقالە يېزىپ «شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى خەلقئارالىق ئالىي كېڭەش» قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەن ئىدىم، ماقالىدە ئىتتىپاقلىشىش ھەمكارلىشىشنىڭ زۆرۈرىيەت ۋە سەۋەبلىرى شەرھلەنگەن ئىدى. شۇڭا مەزكۇر يازمىدا پەقەت بەزى ئېنىق بولمىغان ۋە ئارىدا بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى پەيدا قىلىۋاتقان مەسىلە، يەنى بۇنداق يېڭى تەشكىللىنىشنى قانداق شەكىلدە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

بۇلار مېنىڭ شەخسىي قاراشلىرىم بولۇپ، تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ۋە قېرىنداشلارنىڭ پايدىلىنىشىنى، خاتالىرى، كەم - چالىسى بولسا تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

*2020 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئىستانبۇل*

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

27

# مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى كۆچلەندۈرۈش — بىزنىڭ چىقىش يولىمىز

ئالماس هاجى

مائارىپ – تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلىنىش جەريانىدىن تەركىب تاپقان، ئىنساننىڭ مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەپەككۇرىنى قاناتلاندۇرىدىغان؛ كىشىلىك هاياتنى تەرەققىياتقا، گۈللىنىشكە ئېلىپ بارىدىغان ئىجتىمائىي جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن مائارىپ يەنە ئەستايىدىللىقنى ۋە ئىزچىللىقنى قاتتىق تەلەپ قىلىدىغان روهى بىناكارلىقدۇر. «مائارىپنىڭ نەتىجىسى دەرهاللا، هەتتا بىرقانچە يىلدىمۇ كۆرۈلمەسلىكى مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناهايىتى كەڭ، تەسىرى زور. شۇ سەۋەبتىن، ئۇنىڭ ئىجابىي تەسىرى كۆرۈلگەندە بىر دۆلەتنى، بىر مىللەتنى كۈچلەندۈرۈۋەتكۈدەك قۇدرەتكە ئىگە بولىدۇ. ئەكسىچە مەغلۇپ بولغان مائارىپ بىر مىللەتنى ۋەيران قىلىدۇ».

خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرلار تارىختىن بىرى ياشاپ كەلگەن گۆھەر زېمىن – شەرقىي تۈركىستاننى مەڭگۈلۈك ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، بۇ زېمىننىڭ هەقدارلىرى بولغان ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنى مىللەت گەۋدىسى بىلەن يوقىتىش ۋە تەلتۆكۈس ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈردى. «يىغىشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغانلارنىڭ هەممىسىنى يىغىشتۇرۇش»، «بىرىنىمۇ توردىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق»، «قىلچىمۇ رەهىم قىلماسلىق» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، 2017 - يىلنىڭ باشلىرىدىن 2019 - يىلنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەرخىللار قاتلىمىغا مەنسۇپ بولغان 3 مىليوندىن ئارتۇق كىشىنى تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىلەرگە ۋە جازا لاگېرلىرىغا قامىدى. دەهشەتلىك قىيىن - قىستاق، ئادەم چىدىغۇسىز نەزەربەند قىلىش، جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەهەتتىن سۇندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى، بىر قىسمىنى ئېچكىرىدىكى خىتاي تۈرمىلىرىگە يۆتكەپ ئىز دېرەكسىز يوق قىلدى، بىر قىسمىنى قىيناش ۋە ئازابتىن ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈپ، قاراڭغۇ زىندانلىق تۈرمىلەرگە باقمەندە قىلدى. بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ ئەڭ هۆرمەتلىك كىشىلىرى – يۇرت باشلىرى، دىنىي ئۆلىمالىرىمىز، جامائەت ئەربابلىرى، ئوقۇتقۇچىلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچى، شائىرلار، داڭلىق سودىگەر - كارخانىچى قاتارلىق ئۇيغۇر سەرخىللىرى دەهشەتلىك زەربىگە ئۇچراپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئاساسلىق نىشانى بولدى. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى سەركىسىز، باشسىز، تەربىيەسىز قالدۇرۇپ، سەرخىللىرىدىن جۇدا بولغان، مىللىي

روھى تۈنجۈققان، ئومۇرتقىسى ئېزىلگەن مىللەتكە ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىدە خەلقىمىز نەچچە ئون يىللاپ ئەسلىگە كېلەلمىگۈدەك دەرىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. بۇ زىيانكەشلىك ئالدى بىلەن مائارىپتا ۋە شۇ مائارىپتا يېتىشىپ چىققان سەرخىللىرىمىزنىڭ دەھشەتلىك زەربىگە ئۇچراپ يوق قىلىنىشىدا كۆرۈلدى.

تارىختىن بىرى نۇرغۇن چەكلىمە ۋە زىيانكەشلىكلەر تۈپەيلى مىللىي روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويالمىغان ئىدۇق. ئەمدىلىكتە، مۇستەملىكە مائارىپىدىكى ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەر پۈتۈنلەي يوق قىلىنىپ، مۇستەملىكە مائارىپى ئىچىدە ئاتالمىش ئۇيغۇر مائارىپى دەپ نام بېرىلگەن ئۇيغۇر تىلىدا ئوقۇتۇشمۇ يوق قىلىندى. بىر مىللەت تەرەققىياتىنىڭ ئۇل تېشى مائارىپتۇر. مائارىپقا كۆڭۈل بۆلگەن، مائارىپى تەرەققىي قىلغان مىللەت ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تاپىدۇ. ئەكسىچە، مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، ئۆز مىللىتىنىڭ مائارىپ يولىنى تاپالمىغان مىللەت – مائارىپى مەغلۇپ بولغان مىللەت ۋەيرانچىلىق، پاراكەندىچىلىك كوچىسىدىن چىقالمايدۇ. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى بۇنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر بىزنىڭ مائارىپىمىزنى تىزگىنلەپ، ھەر جەھەتتىن بوغۇپ قىرقىپ كەلدى. ئارىمىزدا ساتقۇن مۇناپىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپ قوللىشى بىلەن «قوش تىللىق مائارىپ»نى يولغا قويۇپ، تىل - يېزىقىمىزنى قاتاردىن چىقىرىش ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەملىكە مائارىپىدا ئاتالمىش ئۇيغۇر مائارىپى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەردە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈپ سەپتىن چىقىرىلدى. ھازىر ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا ئىلگىرىكىدەك بەزى يوچۇق ۋە ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ مىللىي روھتا تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلىنىشتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرى ئۇيغۇرنىڭ ئەۋلادلىرىنى خىتايچە تىل بىلەن، كوممۇنىستىك روھ بىلەن خىتايلاشتۇرۇپ تەربىيەلەۋاتىدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولسا شۇ دۆلەت مەكتەپلىرىدە تەربىيەلىنىپ، خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە، رازىمەنلىك بىلەن ئۆزلۈكىدىن ياتلىشىۋاتىدۇ. بۇ بىزنىڭ كەلگۈسىمىزنى تۇمانلاشتۇرىدىغان ئاچچىق رېئاللىق.

شۇڭا، ھازىرقى مۇھىم ۋە جىددىي مەسىلە – مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى قانداق يولغا قويۇش، ئەۋلادلىرىمىزنى قانداق قىلىپ مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزگە لاياقەتلىك قىلىپ تەربىيەلەش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ يازمىدا ھازىرچە پەقەت تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇيغۇر مائارىپىنى قانداق يولغا قويۇش ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ.

تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانى باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا كۆپرەك، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى تۈرك مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدۇ. شەخسلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەر ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ خىل مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا يەنىلا تۈرك مەكتەپلىرىدە داۋام ئېتىشتىن باشقا يول يوق. ئۇيغۇرچە ئوقۇتۇشتا بىر قانچە نۇسخا ئېلىپبە كىتابى ۋە تىل - ئەدەبىيات كىتابى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كەلگەن ئوقۇتۇش پىروگراممىسى ۋە بىرلىككە كەلگەن دەرسلىك كىتابلىرى تېخى ئوتتۇرىغا چىقمىدى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى مۇنتىزىملاشمىغان، ئاجىز ھالەتتە تۇرماقتا.

ئىقتىسادىي جەھەتتە دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان راسخوت يېتىشمەسلىك مەكتەپ ئاچقۇچىلارنىڭ قول - پۇتىنى چۈشەپ، پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئەھۋاللار دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىرقانچە ئورۇندا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن قۇرئان ئۆگىنىش كۇرسلىرى ئېچىلغان بولسىمۇ، بەزىلىرىنىڭ شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، بەزىلىرى خېلى ياخشى شارائىتقا ئىگە بولسىمۇ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى تولۇق ئەمەس. مەكتەپلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك باشقا مەكتەپلەر بىلەن بولغان باغلىنىشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن يۇقىرى ئۆرلەپ ئوقۇش مەسىلىلىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇنىڭغا ئوخشاش، بىزنىڭ ئەستايىدىل

ئويلىنىپ، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. بۇلارنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش – مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يولىنى تېپىش، مائارىپنىڭ تەكشى يۆنىلىشتىكى ساغلام تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر جامائىتىنىڭمۇ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە ھەم يەتكىلى بولىدۇ.

يېقىندا، شەرقىي تۈركىستان تەتقىقات ۋەخپى، ئۇيغۇر ئىلىم - مەدەنىيەت تەتقىقات ۋەخپى ۋە سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ ۋەخپىلىرى بىرلىشىپ، مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي روھنى يېتىلدۈرۈپ، كۆچمەنلىك ھاياتتا ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلىشىشتەك رېئاللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلاردىن تاللاپ ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىش، چىقىمىنى كۆتۈرۈپ مەخسۇس كۇرسلاردا تەربىيەلەش، قەرەللىك مەخسۇس تېمىلاردا دوكلات ئۇيۇشتۇرۇش، كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەش ۋە دالا پائالىيىتىگە تەشكىللەشتەك، مىللىي روھتا تەربىيەلەش مەقسەت قىلىنغان تولۇقلىما مىللىي مائارىپ تەربىيەسى – «ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يولىنى تېپىش، ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇپ ئەۋلادلىرىمىزغا ئىگە چىقىش يولىدا ئېلىنغان بۆسۈش خاراكتېرلىك قەدەم بولدى. چۈنكى، بىزنىڭ «چەت ئەلدىكى سانى ئاز بولغان باللىرىمىزنى ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش، مۇھىم ئىقتىدارلارغا ئىگە قىلىش ئارقىلىق، سانىمىزنىڭ ئازلىقىنى سۈپىتىمىزنىڭ يۇكسەكلىكى بىلەن تولۇقلاشتىن باشقا يولىمىز يوق» ئىدى (ئابدۇرەھىم دۆلەت). شۇڭا، ۋاقىتنى ئۆتتۈرماسلىق ئۈچۈن بىر تەرەپتىن ئىزدىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلىشىمىز لازىم ئىدى. بۇ ناھايىتى جايىدا ۋە ئەھمىيەتلىك بولغان قوزغىلىش بولدى.

چۈشىنىشىمچە، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇشتا ئائىلە بىلەن ئائىلە تەربىيەسى بىلەن مەكتەپ تەربىيەسىنى بىرلەشتۈرۈش، تۈرك مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا تۈرك مائارىپىغا يانداشقان ھالدا ئۇيغۇرچە سىنىپ ياكى مەخسۇس كۇرسلارنى تەشكىللەپ، مىللىي ئاڭ ۋە ئۆزلۈك تەربىيەسىنى يولغا قويۇش، قولايلىق شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ، تۈرك مەكتەپلىرىدە ئۇيغۇرچە سېمىنار سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، سىستېمىلاشقان ئۇيغۇر ئەدەبىيات دەرسلىكى ھەم ئۇيغۇر تارىخى دەرسلىكىنى ئوقۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش – «ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»نىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى ئىدى . بۇنداق قىلغاندا ھەر قايسى دۆلەتلەردە باشقا تىللاردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجتىمائىي شارائىت تەسىرىدە ئاستا - ئاستا ئۆزلۈكىدىن ياتلىشىش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئاساسىي مائارىپتا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق تەربىيەلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇغۇچىلاردا مىللىي ئاڭ يېتىلدۈرۈش ۋە ئاساسىي بىلىم دەرسلىرىنى پۇختا ئۆزلەشتۈرۈپ، يۇقىرى سۈپەت ۋە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

«ئۈمىد تەربىيەلەش پىروگراممىسى»دا مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ ئاز بولۇشىدەك يېتىشمەسلىكنى، سۈپەت يۈكسەكلىكى يارىتىش ئارقىلىق تولۇقلاش؛ مىليون ئادەم قىلىدىغان ئىشنى بىر ئادەم قىلالايدىغان ئىقتىساد ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ رېكورت يارىتىش شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مەقسەت ۋە نىشانى بىرقەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئالىي مەكتەپكىچە ۋە ھەتتا دوكتور، پىروفېسسور بولۇپ يېتىشىپ چىققۇچە بولغان جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارغا باشتىن - ئاخىر ئىگە بولۇش، يەنى، ئۇلارغا بولغان ئىقتىسادىي ياردەمنى ۋە تەلىم - تەربىيەنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىدا كەسپىي خادىملار بىلەن مالىيە مەسىلىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك مۇئەسسەسەلەر تەسىس قىلىنىشى ۋە مائارىپنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئومۇمىي خەلق سەپەرۋەر قىلىنىشى زۆرۈر دەپ قارايمەن:

1. مائارىپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان «ئۇيغۇر مائارىپ كومىتېتى (ۋەخپىسى)» تەسىس

قىلىنىشى لازىم. بۇنىڭ ھەيئەتلىرى كەسپى خادىم بولۇشى، ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئېتىراپ قىلىدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىك خادىملاردىن تەشكىل تاپقان بولۇشى لازىم.

2. مائارىپنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى» تەسىس قىلىنىپ، مائارىپنىڭ پۈتۈن راسخوت، چىقىملىرىنى ھەل قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈلۈش كېرەك.

3. مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر ئۇيغۇر ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن ئۇيغۇر مائارىپ فوندىغا ھەر ئايدا مۇۋاپىق مىقداردا بەدەل پۇلى تۆلەشنى يولغا قويۇپ، بۇنى ئۇيغۇرلۇق سالاھىيەت بىلەن ھەرقانداق ئىش بېجىرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىش لازىم.

مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى مەركەزلەشتۈرۈشكە، تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، سىستېمىلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، بۇ خىزمەتنىڭ پىلانلىقلىقىغا، ئىزچىللىقىغا، ئۈزۈن مۇددەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.شۇڭلاشقا، «ئۇيغۇر مائارىپ كومىتېتى»نى قۇرۇش، «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى روياپقا چىقىرىش ھازىرقى ئەھۋالدا شەرتسىز زۆرۈرىيەتتۇر!

«ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى روياپقا چىقىرىشتا بەدەل پۇلى يىغىش، خەيرى - ئېھسان قوبۇل قىلىش، مۇناسىۋەتلىك يەرلىك ئورگانلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانساق بولىدۇ. تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي سانىنى ئەللىك مىڭ دەپ مۆلچەرلىگەندە، ھەر ئايدا كىشى بېشىدىن 20 لىرادىن بەدەل پۇلى يىغىلسا بىر ئايدا بىر مىليون لىرا پۇل يىغىلىدۇ. ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ساخاۋەتچىلەردىن كېلىدىغان پۇلنى ئاز دېگەندە بىر مىليون لىرا دەپ ھېسابلىساق، ئايدا ئىككى مىليون لىرا بولىدۇ. بۇ پۇل تۆۋەندىكى خىراجەت بىلەن خام چوت قىلغاندا مۇئەسسەسەلەرنىڭ راسخوتلىرىغا، 90 نەپەر ئوقۇتقۇچى ۋە كەسپىي خادىمنىڭ مائاشىغا، 2000 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشكە يېتىپ قالىدۇ. ئىش شۇنداق باشلانسا، كېيىنچە بۇ ئېقىن چوڭىيىدۇ، ئەلۋەتتە، ئاللاھ خالىسا. بىزدىكى مۇمكىنچىلىك ۋە ئىمكانىيەتلەرنى، مېنىڭچە مۇشۇنداقراق مۆلچەرلىگىنىمىز ياخشىراق. ئەلۋەتتە، بۇ ساننى قولغا كەلتۈرۈش ئانچە ئاسان ئەمەس. لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىز. سەۋەبىنى قىلساق، تىرىشچانلىق كۆرسەتسەك چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز.

بىز دەۋاتقان مىللىي روھ – ئانا يۇرتنى، ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتنىڭ ئەركىنلىكىنى، ئار - نومۇسىنى، غۇرۇرىنى، مىللىي قەدرىيەتلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۇنى جان تىكىپ قوغداشتىن ئىبارەتتۇر. بىز دەۋاتقان مىللىي روھ – مىللىي مەنپەئەتنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، بىر نىيەت، بىر دىل بىلەن ئىتتىپاق بولۇش، كەڭ بىرلىك سەپ تۈزۈپ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش؛ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋەتەننى ئازاد قىلىش دېمەكتۇر.

مۇھاجىرەتتىكى تەلىم - تەربىيەگە ۋە تەشۋىقاتقا بۇنداق مىللىي روھنى سىڭدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش – مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ئەڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. مۇھاجىرەتتە ئائىلە تەربىيەسى بىلەن باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى ماسلاشتۇرۇپ يولغا قويۇش ۋە بۇنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ، ئالدىنقى قاتاردىكى خىزمەت يۈكسەكلىكىدە تونۇش – مىللىي روھنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئاساسى. تەلىم - تەربىيەدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە – مۇنتىزىملاشقان، سۈپەتلىك ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتۇر. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنى تارقاق ھالدا ئۆز ئالدىغا مەكتەپ ئېچىپ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پىداكار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشى، ياكى بۇمۇ بىر پۇل تېپىشنىڭ يولى دەپ قاراپ، ياردەمسىز، يۆلەكسىز تاشلاپ قويۇش توغرا ئەمەس. ئۇلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇنتىزىملاشتۇرۇش، كۈچلۈك ۋە يېتەرلىك ئىقتىسادىي مەنبەگە ئىگە قىلىش لازىم. كېرەك بولسا خەير - ساخاۋەت

ئورۇنلىرىنىڭ مەبلەغ ياردىمىنى ئۇيغۇر مائارىپ فوندىغا يۆزلەندۈرۈش كېرەك. ئەگەر ئەۋلادلىرىمىزدا ئۇيغۇر روھىنى يېتىلدۈرۈشنى مۇھىم خىزمەت قاتارىدا تۇتمىساق، ھەر قايسى دۆلەتلەردە ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە بولۇش يولىغا قاراپ ماڭغان بولىمىز، مۇستەقىللىق دەۋايىمىز ئىگىسىز قالىدۇ.

شۇڭلاشقا، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يولىنى تېپىش ۋە ئۇنى توغرا يولغا قويۇش، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇش – بىز چوقۇم مېڭىشقا تېگىشلىك يول. بىز پەقەت ۋە پەقەت مۇشۇ يول ئارقىلىقلا ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىش، ھەر ساھە بويىچە تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىقىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. بىز پەقەت مائارىپ ئارقىلىقلا كۈچلۈك بولالايمىز. بىزگە كېرەكلىك ئالىي مەلۇماتلىق ئوقۇتقۇچىلار، سىياسىي ئەربابلار، تەشكىلاتچىلار، ھەربىي قوماندانلار، ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلىرى، ئىلىم - پەن خادىملىرى ھەممىسى پەقەت مائارىپ ساھەسىدە تەربىيەلىنىپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلار مەكتەپلەردە ئوقۇش جەريانىدا مىللىي روھقا تويۇنۇپ بىلىم ئالسا، ئۇيغۇرنىڭ سەرخىللىرى، ئوقۇمۇشلۇقلىرى، يېتەكچىلىرى، ئاۋانگارتلىرى بولىدۇ. مىللىي روھقا تويۇنمىسا، ئۇيغۇر روھى يېتىلمىگەن، ئۇيغۇرغا ئەسقاتمايدىغان، نامىدا ئۇيغۇر زىيالىي بولىدۇ. بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە، مۇھاجىرەتتە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلىپ مىللىي روھنى سىڭدۈرۈپ تەربىيەلەش مەسىلىسىدۇر. شۇڭلاشقا بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە، داۋاملىق ئىزدىنىپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇشتا مۇنتىزىملاشقان كەسپىي خادىملار ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش مەسىلىسى – بۇ خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتا ئىقتىساد مۇھىم رول ئوينايدۇ. كەسپىي خادىملار ۋە ئوقۇتقۇچىلارغا بېرىلىدىغان خىزمەت ھەققى باشقا ئورۇنلاردا بېرىلىدىغان خىزمەت ھەققى بىلەن تەڭ بولۇشى ياكى ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا، بۇ قوشۇننىڭ تەركىبى تولۇق، سۈپەت تەلىپى مۇۋاپىق، ئورنى مۇقىم بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ مەسىلە «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر تىللىق مەكتەپلەرنى ئېچىپ ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەكتەپ يېتەكچىلىرى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلەۋاتقان ۋەخپە، دەرنەكلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يادرولۇق كۈچى ھېسابلىنىدۇ . ئۇلار قانچە يىلدىن بېرى بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاز بولمىغان نەتىجە، ھاسىلاتلارنى يارىتىپ، مەلۇم تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. مائارىپ خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سېپىنى تولۇقلىشىمىز، دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، سىستېمىلاشقان، پىروگىراممىلاشقان دەرىجىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم. ئۇلارنى ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا مەبلەغدىن بويۇن قىسىپ قالمايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشىمىز كېرەك. بۇ يەنە «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى يولغا قويۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزگە باغلىق بولىدۇ.

دېمەك، «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى» – مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىقتىسادى ئاساسى. ئەگەر «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى ياخشى يولغا قويالمىساق، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ماڭدامدا قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارغا دۇچ كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇھاجىرەتتىكى ھەربىر ئۇيغۇر «ئۇيغۇر مائارىپ فوندى»نى قوللاپ قۇۋۋەتلەشنى ئۆزىنىڭ ۋىجدانىي بۇرچى دەپ تونۇشى، ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشىگە كۈچ قوشۇۋاتىمەن، دەپ قارىشى لازىم. مەسىلىگە مۇشۇنداق يۈكسەكلىكتە قارىغاندا، ئاندىن بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بۇ يازمىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرىم، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر مائارىپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكىر - قاراشلىرىم. بەلكىم، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىم يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى، مەسىلىگە چوڭقۇرلاپ كىرەلمىگەندىمەن، قاراشلىرىمنىڭ جايىدا بولمىغان تەرەپلىرى بولۇشى تەبىئىي. شۇڭلاشقا

قېرىنداشلارنىڭ تۈزىتىپ تولۇقلىشىنى، يېڭى مەزمۇن، تەكلىپلەر بىلەن بېيىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەممىمىز بۇ مەسىلىگە كۆڭۈل بۆلەيلى، بۇ ھەقتە باش قاتۇرايلى، ئىزدىنەيلى، پىكىرلىشەيلى، ئۆزئارا ياردەملىشەيلى. «نان تېگىدىغان ئىش»نى قىلىشايلى.

*بۇ ماقالىنى گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت تەھرىرلىدى.*

28

# «دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى

نۇرىيە راھمان

ئىلاۋە: مەن 2001 - يىلى 10 - ئايدىن 2003 - يىلى 11 - ئايغىچە جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر فاكۇلتېتىدا ئاخباراتچىلىق كەسپىدە ماگىستىرلىقتا ئوقۇدۇم. مەكتەپ پۈتتۈرۈش دىسسېرتاتسىيەسى ئۈچۈن ‹‹دۇنيا دىپلوماتىيەسى›، ‹دۇنيا›، ‹ئازادلىق› ۋە ‹دەۋر› گېزىتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى» دېگەن تېمىدا ماقالە يېزىپ ياقلىدىم. بۇ ئىلمىي ماقالەم باھالىغۇچى پىروفېسسورلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن بولۇپ، ھازىرغىچە جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا «پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى» قاتارىدا ساقلانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، ئەينى چاغدىكى يېتەكچى ئۇستازىم پىروفېسسور ئاننىك دۇبىئېد (Annick Dubied) خانىم ۋە فاكۇلتېتنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇش مەسئۇلى پىروفېسسور ئۇلى ۋىندىش (Uli Windisch) ئەپەندىلەر بۇ تېمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنى تەشەببۇس قىلغانىدى. دوكتورلۇق ئوقۇش تەتقىقات پىلانىم تەستىقلىنىپ، 2004 - يىلى 3 - ئايدا دوكتورلۇق ئوقۇشۇمنى ئوقۇشلۇق باشلىدىم. ئەپسۇس، دوكتورلۇق ئوقۇش ۋە تەتقىقات بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۈچ يىل بولغاندا، مەلۇم سەۋەبلەر ھەم زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى ئوقۇشۇمنى ۋاقتىنچە توختىتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم، تا بۈگۈنگە قەدەر توختىتىپ قويغان يەردىن قايتا باشلاش ئىمكانىيىتى بولماي قالدى.

ئەسلىي ئىلمىي ماقالە بۇندىن دەل 20 يىل ئىلگىرى فىرانسۇز تىلىدا يېزىلغان، ھەجمى بىرقەدەر چوڭ (پەقەت تېكىست قىسمىلا 100 بەتتىن ئاشىدۇ، قوشۇمچە 40 بەت بار). تەبىئىيكى، ئەسلىي ماقالىدە ئاخباراتچىلىق تەتقىقاتى ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە پىروفېسسورلارنىڭ كۆپلىگەن ماقالە ۋە كىتابلىرىدىكى نەزەرىيەلەر نەقىل ئېلىنىپ، نەزەرىيەۋى ۋە ئەمەلىي ئانالىزىمىزنىڭ ئاساسى قىلىنغان. مەزكۇر ماقالىنىڭ ھەجمىنىڭ ئىخچام بولۇشى، مەزمۇنىنىڭ چۈشىنىشلىك ۋە ئاممىباب بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلىي ئىلمىي ماقالىدىكى نەزەرىيە ئاساسلىرى ۋە كونكرېت ئانالىز باسقۇچلىرى كۆپ قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى. بولۇپمۇ، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى ماقالىلەر

ئۇچۇن پەقەت ماقالىلەر ئانالىزىدىن يەكۈنلەنگەن خۇلاسىلەرلا تەرجىمە قىلىندى.

ئەسلىي ئىلمىي ماقالە ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان فىرانسۇزچە ماقالىلەرنىڭ ئانالىزى بولۇپ، بۇ فىرانسۇزچە ماقالىلەردە «خەنزۇلار» (les Hans)، «شىنجاڭ» (Xinjiang) دېگەن ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن. بۇ قېتىملىق «ئىستانبۇلدا 20 ‏لېكسىيە – 2023» ناملىق پائالىيەت ئۈچۈن تەييارلىغان مەزكۇر ئۇيغۇرچە ماقالىدە ھازىر ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىۋاتقان ئاتىلىشلار قوللىنىلىپ، «شەرقىي تۈركىستان»، «خىتاي دۆلىتى» ۋە «خىتايلار» دەپ تەرجىمە قىلىندى. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەن ئانالىز قىلغان فىرانسۇزچە ماقالىلەردە پەقەت بىر قېتىم «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئېلىنغان، يەنە كېلىپ بۇ ئىبارە تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ نەقىل ئېلىنغان سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## كىرىش سۆز

تەتقىقات ئېلىپ بېرىش تاللاش دېمەكتۇر. ۋاقىت ۋە باشقا تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەتقىقات خىزمىتىدە مەلۇم تېمىلار ئۈستىدە ئىنچىكە ئانالىز يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، يەنە بەزى تېمىلاردىن چەتنەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەل مېنىڭ تاللىشىم بولدى. تەتقىقات تېمىسىنى تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئانالىز دائىرىسىنى بېكىتىش، ئانالىز مېتودىنى تاللاش ۋە ماقالە مەزمۇنىنى ئانالىز قىلىش مەزكۇر ئىلمىي ئەمگەكنىڭ ئەڭ ئاساسىي قەدەم - باسقۇچلىرى ھېسابلىنىدۇ.

### تېما تاللاش

ياۋروپادا ئۇيغۇرلارغا ئائىت بەزى تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى، گېزىت - ژۇرناللاردا بەزى ماقالىلەر، ئاز ساندىكى كىتابلار ۋە ساياھەت خاتىرىلىرى قاتارلىق ئۈچۈر مەنبەلىرى بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. روشەنكى، ئاز بولۇش يەنىلا مەۋجۇتلۇقنىڭ ئىپادىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قولاي شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، فىرانسىيە ۋە شىۋېيتسارىيەدىكى بەزى فىرانسۇز تىلىدىكى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئىزدەپ تېپىشنى ھەم ئاخباراتچىلىق كەسپىدە ئىگىلىگەن بىلىملەر ئاساسىدا ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ماقالىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى تەھلىل قىلىپ كۆرۈشنى نىشانلىدىم.

### ئانالىز دائىرىسىنى بېكىتىش

مەن «دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» قاتارلىق تۆت گېزىتنى ئۇيغۇرلار ئوبرازىنى قۇرغۇچى مەيدان قىلىپ تاللىدىم. بۇ تاللىشىمنىڭ سەۋەبى، بىر تەرەپتىن بۇ تۆت گېزىتنى مەن ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھەم تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ گېزىتلەردە خەلقئارالىق تېمىلارغا يېتەرلىك ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، پايدىلىنىش مەنبەسى بولۇشتەك ئىمتىيازغا ئىگە. يەنە كېلىپ، بۇ تۆت گېزىت ئوخشىمىغان تىپتىكى مەتبۇئاتلارغا تەۋە، تەھرىرلىك باش لىنىيەلىرىمۇ پەرقلىق. «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» فىرانسىيەنىڭ ئايلىق گېزىتى بولغاندىن باشقا، «دۇنيا» ۋە «ئازادلىق» گېزىتلىرى فىرانسىيەنىڭ، «دەۋر» بولسا شىۋېيتسارىيەنىڭ كۈندىلىك گېزىتلىرىدۇر. ئىمكانىيەت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ئىزدىنىپ، 1997 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ماقالىلەرنى ئانالىز قىلىشنى قارار قىلدىم. بۇنداق تاللاشتا، بۇ گېزىتلەرنىڭ ئۇيغۇر تېمىسىغا بەرگەن مۇھىملىق دەرىجىسىنى سان جەھەتتىن يۈزەكى مۆلچەرلەپ بىلىش، شۇنداقلا ئانالىز باسقۇچىنى كۆپرەك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش مەقسەت قىلىندى.

## ئانالىز مېتودىنى تاللاش

بۇ توْت گېزىتكە بېسىلغان ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئىزدەش نەتىجىسىدە، «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىگە بېسىلغان ئۈچ پارچە ماقالىنىڭ ئەسلىي باسما نۇسخىسى تېپىلدى. ئەمما، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىلەرنىڭ ئەسلىي باسما نۇسخىسىنى تېپىشقا كۆپ تىرىشقان بولسامۇ، پەقەت ئېلېكترونلۇق نۇسخىلىرىلا تولۇق تېپىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدىكى ئۈچ پارچە ماقالىنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىش، يەنى ماقالىنىڭ گېزىت يۈزىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ماقالىنىڭ مەزمۇنى، ماقالىگە قوشۇپ بېرىلگەن فوتو سۈرەتلەر ۋە خەرىتىلەرنى تەپسىلىي ئانالىز قىلىش، باشقا ئۈچ پارچە گېزىتتىكى ئېلېكترونلۇق نۇسخىدىكى ماقالىلەرگە قارىتا بولسا چەكلىك ئانالىز يۈرگۈزۈش، يەنى ھەر بىر گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ مەزمۇنىنىلا ئانالىز قىلىش ھەم ئاخىرىدا ئانالىز نەتىجىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ تەھلىل يۈرگۈزۈشنى پىلانلىدىم.

بۇ ئىلمىي ئەمگەكتە ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتىپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئانالىز مېتودلىرىدىن پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈممۇ تەتقىقات ئوبيېكتى بولىمەن، يەنى مەن ھەم ئانالىز ئېلىپ بارغۇچى، ھەم ئانالىز قىلىنغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولىمەن. شۇ سەۋەبلىك، ماقالىلەر ئۈستىدىن ئانالىز يۈرگۈزگەندە، شەخسىي ھېسسىيات، كۆز قاراش قاتارلىق سۇبيېكتىپ ئامىللارنى ئايرىلاشتۇرۇۋالماسلىققا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىم زۆرۈر.

## ماقالە مەزمۇنىنى ئانالىز قىلىش

ماقالە مەزمۇنىنى ئانالىز قىلىشتا ئا. د روبېرت (A. D Robert) ۋە ئا. بوئۇئىللاگۇئەت (A. Boillaguet) لەرنىڭ ئەسىرى [1] دىكى نەزەرىيە ئاساسلىرىدىن پايدىلىنىلدى. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئانالىز توْت چوڭ باسقۇچقا بۆلۈندى: دەسلەپكى ئانالىز، كاتېگورىيەلەرگە ئايرىش، ساناش ۋە چۈشەندۈرۈش. بىز ھ. لاسسۋېل (H. Lasswell) كۆرسەتكەن تۆۋەندىكى داڭلىق ئانالىز يولىنى تاللىۋالدۇق:

«كىم؟ نېمە دېدى؟ قانداق دېدى؟ كىمگە دېدى؟ قانداق تەسىرى بولدى؟» [2]. بۇنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

كىم: تاراتقۇچى، يەنى ماقالىنىڭ ئاپتورى، ئاپتور زىيارەت قىلغان كىشىلەر
نېمە دېدى: ماقالىنىڭ مەزمۇنى
قانداق دېدى: تاراتقۇلۇق رولىنى ئوينىغان ۋاستە ياكى قانال
كىمگە دېدى: تاپشۇرۇۋالغۇچى، يەنى ئوقۇرمەن
تەسىرى قانداق بولدى: ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇرمەنلەردە پەيدا قىلغان تەسىرى

بىز پەقەت «كىم؟ نېمە دېدى؟ قانداق دېدى؟» دېگەن باسقۇچتا، يەنى «تاراتقۇ» تەرەپتىن ئانالىز ئېلىپ بارىمىز. كېيىنكى ئىككى باسقۇچ، يەنى «تاپشۇرۇۋالغۇچى» ۋە «تەسىرى» بىزنىڭ ئانالىز دائىرىمىزگە كىرمەيدۇ. بۇ جەھەتتە پەقەت قىياسەن پىكرلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

يىغىنچاقلىغاندا، ئالدى بىلەن، 1997 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان ئالتە يىل داۋامىدا «دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنى ساناپ چىقىمىز. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بۇ گېزىتلەرنىڭ ئۇيغۇر تېمىسىغا بەرگەن مۇھىملىق دەرىجىسىنى سان جەھەتتىن يۈزەكى مۆلچەرلەپ بىلىش ۋە ئانالىزىمىزنى يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن

تەمىنلەشتۇر. ئاندىن، ماقالىلەرنى ئوخشىمىغان تېمىلارغا بۆلۈپ، ئاساسىي تېمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىمىز. ئاخىرىدا، ئانالىز نەتىجىلىرىنى بىرلەشتۇرۇپ ئانالىز يۈرگۈزۈپ، ئۇيغۇرلار ئوبرازى ھەققىدە ئومۇمىي يەكۈن چىقىرىمىز.

## «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى

«دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدە 1997 - يىلىدىن 2002 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۈچ پارچە ماقالە بېسىلغان بولۇپ، ئىككى پارچىسى 1997 - يىلى 9 - ئايلىق سانىدا، يەنى 1997 - يىلى فېۋرالدىكى «غۇلجا ۋەقەسى»دىن كېيىن؛ بىر پارچىسى 2002 - يىلى 2 - ئايلىق سانىدا، يەنى 2001 - يىلىدىكى «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئانالىزى تۆۋەندىكى يول بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ:

(1) ئادەتتىكى ئانالىز: سىرتتىن ئوقۇش ۋە ماۋزۇلارنى ئوقۇش

(2) مەزمۇن ئانالىزى: تېكىست ئانالىزى، رەسىملەر ئانالىزى، خەرىتىلەر ئانالىزى، رامكىلانغان ماقالە ئانالىزى ۋە ئۇيغۇرلار ئوبرازى ھەققىدە خۇلاسە

## ئانالىز 1: «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدە 2002 - يىلى فېۋرالدا ئېلان قىلىنغان ماقالە ئانالىزى

### (1) ئادەتتىكى ئانالىز

دۇنيا دىپلوماتىيەسى گېزىتىنىڭ 2002 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان مەخسۇس ئۇيغۇرلار يېزىلغان بۇ ماقالە ئىككى بەتلىك بولۇپ، 8 - ۋە 9 - بەتلەردە بېرىلگەن، ئۈچ پارچە فوتو سۈرەت، بىر پارچە خەرىتە ۋە ئىككى پارچە رامكىلىق خەۋەر ياندالغان (مەزكۇر ماقالىنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ رەسىمى قوشۇمچە بېرىلدى: 1 - رەسىم). ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ماقالىگە بولغان قىزىقىشىنى ئاشۇرۇش، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە گېزىتنىڭ بۇ ماقالىنى «مۇھىم» دەپ بىلگەن خاھىشىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، بۇ ماقالە گېزىتنىڭ باش بېتىدىلا ئېلان قىلىنغان.

مەزكۇر ماقالە ئۈستىدىكى ئادەتتىكى ئانالىز سىرتتىن ئوقۇش ۋە ماۋزۇلارنى ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچلۇق بولىدۇ.

#### سىرتتىن ئوقۇش

ماقالىنى سىرتتىن ئوقۇش ئەمەلىيەتتە ماقالىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ئوقۇش بولۇپ، ماقالە بوشلۇق قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە گېزىت ئوقۇغاندا، ئوقۇرمەننىڭ كۆزى بەلگىلىك يۆنىلىشنى بويلاپ، ئەڭ ئاۋۋال بەتلەرگە «كۆز يۈگۈرتىدۇ». بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە، بۇنداق «كۆز يۈگۈرتۈش»تە ئۆلچەملىك بىر يول بولمايدۇ، بەلكى ئوقۇرمەننىڭ ئوقۇش مەقسىتى ۋە قىزىقىشىغا ئاساسەن تۈرلۈك بولىدۇ. ئالايلى، «Z» يولى بويىچە «كۆز يۈگۈرتۈش». (ئىزاھات: بۇ يەردە بىر پارچە ئۇيغۇرچە كونا يېزىقتىكى گېزىتنىڭ بېتى ئەمەس، بەلكى يېڭى يېزىقتا يېزىلغان، يەنى لاتىن ھەرپىدىكى گېزىت بېتىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ). گ. لۇگرىن (G. Lugrin) ۋە س. پاھۇد (S. Pahud) لارنىڭ [3] بۇ ھەقتىكى نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، «كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئىسپاتلىدىكى، ‹Z› شەكلىدىكى ئوقۇشتا، ئوقۇرمەننىڭ كۆزى ئالدى بىلەن بەتنىڭ سول تەرەپ يۇقىرىسىدىكى بىر نۇقتىدىن، Z ھەرپى شەكلىدە يۆرۈپ، بەتنىڭ ئوڭ تەرەپ ئاستىدىكى بىر نۇقتىدا

توختايدۇ». بىر ئوقۇرمەن 8 - بەتتىكى ماقالىگە مۇشۇ يول بويىچە كۆز يۈگۈرتكەندە، ئەڭ ئاۋۋال سول تەرەپنىڭ يۇقىرىسىدىكى باش ماۋزۇ «شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە»نى ئوقۇيدۇ. ئاندىن توغرىسىغا قاراپ 1 - رەسىم «قەشقەر 2002»، ئاندىن قالغان ئىككى پارچە سۈرەت «سوباش، تاجىكىستان چېگراسى 2000» ۋە «خوتەن 2000» لارنى كۆرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا رامكىلانغان 1 - ماقالە «ئاز سانلىق مىللەتلەر»نى كۆرىدۇ. ئوڭ تەرەپتىكى بەتتە بولسا، ئوڭ تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىگە بىر پارچە رەڭلىك خەرىتە قويۇلغان، ئاستىدا بىر پارچە رامكىلىق ماقالە «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەسلىيەتچىلەر» بار، بەتنىڭ ئەڭ ئاستىغا ئىككى پارچە ئېلان قويۇلغان.

شۇنىڭغا دىققەت قىلىمىزكى، بۇ قوش بەتكە «بېيجىڭمۇ تېرروررلۇقنى باھانە قىلماقتا» دېگەن ماۋزۇ قويۇلغان. بۇ ماۋزۇنى «يېتەكچى ماۋزۇ» دېسەك، سول تەرەپتىكى «شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە» ئاساسلىق ماۋزۇ بولىدۇ، ئاندىن ماقالىنىڭ «دوپپىسى» بېرىلگەن: «خەلقئارادا تېرروررلۇققا قارشى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش ئارقىلىق، خىتاي دۆلىتى ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى بۆلگۈنچىلەر ‹تېرروررلۇق قىلمىشلىرى› بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېرروررلۇققا قارشى سىياسىتىگە قارىتا خەلقئارانىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھوقۇقتىكى باراۋەرسىزلىك، يەرلىك خەلقنىڭ دىيالوگلىشىش تەلىپىگە ھېچ ئورۇن قالدۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بېيجىڭنىڭ تەدبىرلىرى ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى يوقىتىشقا قادىر بولالمايلا قالماي، بۇنداق چېكىدىن ئاشقان باستۇرۇش ‹جەڭگىۋار› ئىسلامىي كىملىكنىڭ كۈچىيىشىنى زورايتماقتا». بۇنىڭ ئاستىدا «ئالاھىدە مۇخبىرىمىز ئىلارىئا مارىئا سالا (ILARIA MARIA SALA)» دەپ يېزىلغان. ماۋزۇلارنىڭ بۇ شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئوقۇرمەنگە نىسبەتەن بۇ ماقالىنى تولۇق ئوقۇماي تۇرۇپمۇ ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن بىرئاز ۋاقىپ بولۇش ئىمكانىيىتىنى يارىتىدۇ. بۇ ئىككى بەتتىكى ماقالىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن خۇددى ئاسما دەرەخ شەكلىدىكى ماۋزۇلار، رەسىملەر ۋە ئېلانلارنى كۆرىمىز. روشەنكى، بۇ خىل ئورۇنلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى قوللىنىشتا ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ئوقۇرمەندە ماقالىنى ئوقۇش ئىستىكى قوزغاش، ھەتتا ماقالىنى تولۇق ئوقۇشقا ئۈندەش مەقسەت قىلىنغان.

### ماۋزۇلارنى ئوقۇش

بۇ قوش بەت يېتەكچى ماۋزۇ تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە. بۇ بىر پۈتۈنلۈكتىكى بارلىق تەركىبىي قىسىملار، يەنى ماۋزۇلار، رەسىملەر، خەرىتە ۋە رامكىلىق ماقالىلەرنىڭ ھەممىسى مەركىزىي تېمىنى يورۇتۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى پارچە ئېلاننىڭ مەركىزىي تېما بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىسى يوق.

خەتلەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قارايدىغان بولساق، يېتەكچى ماۋزۇ پۈتۈنلەي چوڭ ھەرپتە، ئاساسىي ماۋزۇ قارا ھەرپتە، «دوپپىسى» يانتۇ ھەرپتە يېزىلغان. ج. پېيتارد (J. Peytard) [4]: «بىر ماقالىدە قوشۇمچە ماۋزۇلارنىڭ قويۇلۇشى مەزكۇر ماقالىنى مۇھىم دەپ بەلگەنلىكنىڭ بەلگىسىدۇر» دەيدۇ. بۇ يازغۇچىنىڭ نەزەرىيەسىگە ئاساسلانغاندا، رامكىلىق خەۋەرلەرنىمۇ قوشۇمچە ماۋزۇنىڭ بىر تۈرى دەپ قاراش مۇمكىن. دېمەك، بۇ ماقالىگە ئىككى پارچە رامكىلىق ماقالە بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي بەش قوشۇمچە ماۋزۇ قويۇلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز، مەزكۇر ماقالىنىڭ گېزىت تەھرىرى بۆلۈمىدىن مۇھىم دەپ قارالغانلىقىنى جەزم قىلالايمىز.

يېتەكچى ماۋزۇ «بېيجىڭ... »غا ئەگىشىپلا، خىتاي دۆلىتىدە «تېرروررلۇق» مەسىلىسى بارلىقىنى ئوقۇيمىز، ئاندىن ئاساسلىق ماۋزۇ «ئاسسىمىلياتسىيە... » ئۇلىنىدۇ، يەنى «تېرروررلۇق»نى باھانە قىلىپ، «ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش» ئەمەلىيەتتە «ئۇيغۇر مىللەتچىلىكىنى يوقىتىش» ئۈچۈنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن «ئىسلامىي كىملىك ئەۋجىگە چىقىۋاتىدۇ؟» دېگەندەك سوئاللار تۇغۇلىدۇ. ئاخىرىدا «مىللەتلەر ئارىسىدىكى جىددىيلىكلەر»، «خەتەرلىك ئارىلاشما»، «قاتتىق زەربە بېرىش» قاتارلىق قوشۇمچە

ماۋزۇلار» بۇ سەۋەبلەر بىر مىللەتنى «تېررورىست» ياكى «بۆلگۈنچى» دەپ بېكىتىشكە يېتەرلىكمۇ؟ دېگەن سوئالنى تۇغدۇرىدۇ. بۇ سوئاللارغا پەقەت ماقالىنى تولۇق ئوقۇغاندىن كېيىن جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. دېمەك، ماقالىدىكى ماۋزۇلارنى ئوقۇش كىشىنى ماقالىنى تولۇق ئوقۇشقا ئۈندەيدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ماقالىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى كۆزىتىش ۋە ماۋزۇلارنى ئوقۇش ئارقىلىق، ماقالىدىكى ئاساسىي تېمىنىڭ ئالدىن گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكى، بۇنىڭدا ئوقۇرمەنلەرنى ماقالىنى تولۇق ئوقۇپ چىقىشقا ئۈندەش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

(2) مەزمۇن ئانالىزى

ئىزاھات: مەزكۇر تەرجىمە ماقالىنىڭ ھەجمىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ بۆلۈمدىكى رامكىلانغان ماقالە ئانالىزى، رەسىملەر ئانالىزى ۋە خەرىتىلەر ئانالىزى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنمىدى، پەقەت ماقالە تېكىستىنى ئانالىز قىلىش ۋە ئۇيغۇرلار ئوبرازى ھەققىدە خۇلاسە بۆلىكى تەرجىمە قىلىندى.

تېكىست ئانالىزى

ماقالىنى «لەيلىمە» ئوقۇش، يەنى دەسلەپكى ئوقۇشتىن ژۇرنالىستنىڭ ئاساسىي تېمىنى سىياسەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەرگە مەركەزلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ماقالە تېكىستىنىڭ ئانالىزىدا، بىز دەل بۇ ئىككى تەرەپنى ئاساس قىلغان ھالدا «سىياسەت» ۋە «مەدەنىيەت»، يەنى «سىياسەتتىن باشقا»دىن ئىبارەت ئىككى كاتېگورىيە بويىچە ئانالىز ئېلىپ بارىمىز.

«مەدەنىيەت» كاتېگورىيەسى – ئىجتىمائىي قۇرۇلما، مەدەنىي، دىنىي ۋە ئەقلىي پائالىيەتلەر، شۇنداقلا يەنە ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىدە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىدىغان شەخسىي ئېتىقاد ۋە ئەقلىي ئىدراك يوللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «سىياسەت» كاتېگورىيەسى دۆلەت ھوقۇقى ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق ئامىللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كاتېگورىيەدە «تېررورىزم»، «مىللەتچىلىك»، «ئىسلام» ۋە «خىتايلاشتۇرۇش» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەرنى ئايرىش مۇمكىن. «تېررورىزم» دېگەن ئاتالغۇ بىر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ خەلقنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن يەككە ياكى كوللېكتىپ ھالدا ئېلىپ بارغان بارلىق زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «مىللەتچىلىك» مىللىي ھېسسىياتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، ئۆزى تەۋە مىللەتكە بولغان قىزغىن باغلىنىشىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئامىللارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. «ئىسلام» – ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىش - پائالىيەتلەر، ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە كىيىم - كېچەك ئادەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «خىتايلاشتۇرۇش» – ھۆكۈمەتنىڭ خىتاي مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىش ۋە خىتاي كۆچمەنلەرنىڭ سانىنى كۆپەيتىش سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر كاتېگورىيە ۋە قوشۇمچە كاتېگورىيەلەرنى يەنە بىرنەچچە كىچىك گۇرۇپپىلارغا ئايرىش مۇمكىن. (ئىزاھات: ھەر بىر كاتېگورىيەگە فرانسۇزچە لۇغەت مەنىسىگە ئاساسەن ئېنىقلىما بېرىلدى.)

ماقالە تېكىستىنى بۆلۈپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، جەمئىي 19 تېما ئايرىپ چىقىلدى. «مەدەنىيەت» كاتېگورىيەسىدە (ئومۇمىي 19 تېمىدىن بەش تېما) جۇغراپىيەلىك جايلىشىشىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى بېكىتكۈچى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە خوتەنلەر ھەققىدىكى قىسقا بايانلار ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەھەر قۇرۇلۇش پىلانلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇشتۇرۇلغان. ئاندىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي تەرەققىياتى ۋە خىتايلارنىڭ كۆپلەپ ئېقىپ كېلىشى بىلەن شەكىللەنگەن مەدەنىيەت پەرقى ھەققىدە توختىلىپ، تېمىلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان. ژۇرنالىست ئوقۇرمەنلەرگە تامامەن ناتونۇش بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبلەرنى ئاساسەن دېگۈدەك شەرھلىگەن.

«سىياسەت» كاتېگورىيەسىدە (ئومۇمىي 19 تېمىدىن 14 تېما) «تېررورىزم» (ئومۇمىي 14 تېمىدىن تۆت تېما)، «بۆلگۈنچىلىك / ئىسلام» (ئومۇمىي 14 تېمىدىن ئالتە تېما) ۋە «خىتايلاشتۇرۇش» (ئومۇمىي

14 تېمىدىن تۆت تېما) لاردىن ئىبارەت ئۈچ قوشۇمچە كاتېگورىيە بار. «تېررورىزم» كاتېگورىيەسىدە، ژۇرنالىست ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان پوزىتسىيەسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئاساسلىقى ئۇيغۇرلارنىڭ «تېررورىست» ۋە «بۆلگۈنچى» دەپ قارىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «بۆلگۈنچىلىك / ئىسلام» كاتېگورىيەسىدە، ئاپتور خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئۆتكۈرلىشىشىدە مۇھىم رول ئويناۋاتقان نوپۇس مەسىلىسىنى مەركەزلىك تونۇشتۇرغان. بۇنىڭدىن سىرت يەنە، «بىڭتۈەن»نىڭ نوپۇس ۋە مەمۇرىي جەھەتتىكى كۈچلۈك تەسىرىنىمۇ مۇھىم ئامىللار قاتارىدا شەرھلىگەن. «خىتايلاشتۇرۇش» تېمىسىدا، ئاپتور ھۆكۈمەتنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەدرىجىي كونترول يۈرگۈزۈۋاتقان كۆپ تەرەپلەرنى، يەنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى خىتايلاشتۇرۇش يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئورۇنلار، جۈملىدىن مەكتەپ، مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ئورگانلار ئۈستىدە توختالغان.

ماقالە تېكىستىنى كاتېگورىيەلەرگە ئايرىپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، «سىياسەت» تېمىسىنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنلىكى مەلۇم، ئەمما بىر ئاساسىي تېمىنى بېكىتىش قىيىن بولدى. چۈنكى، قوشۇمچە تېمىلارنىڭ كۆرۈلۈش نىسبىتىدە زور پەرق بولمىدى. شۇ سەۋەبلىك، ھەر بىر تېمىنىڭ ماقالىدە ئىگىلىگەن «مەيدانى»نى ئۆلچەشكە توغرا كەلدى. نەتىجىدە، بۇ ماقالىدە «مەدەنىيەت» تېمىسى $2206.58cm^2$، «سىياسەت» تېمىسى $2469.61cm^2$ ئورۇن ئىگىلىگەن، بۇنىڭ ئىچىدە «تېررورلۇق» $2145.76cm^2$، «بۆلگۈنچىلىك / ئىسلام» $2197.79cm^2$، «خىتايلاشتۇرۇش» $2126.06cm^2$ بولغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور «سىياسەت» تېمىسىنى ئاساسىي تېما قىلغان ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى قوغداش ئىستىكى مەركەز قىلىنغان، «بۆلگۈنچىلىك / ئىسلام» كاتېگورىيەسى «سىياسەت» تېمىسىدىكى ئاساسىي تېما بولغان.

### ئۇيغۇرلار ئوبرازى ھەققىدە خۇلاسە

بۇ ماقالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تونۇشتۇرۇش ئۇسۇلى ژۇرنالىستىك ئىلمىي ماھارەت ۋە ماقالىنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە بېرىدىغان يوشۇرۇن تەسىرىنى نامايان قىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ماقالىنى قانداق چۈشىنىش كېرەكلىكىنى تەۋسىيە قىلغان. ماقالە بېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن تارتىپ، ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر، تاللانغان خەرىتە ۋە رەسىملەر تەھرىر خادىملىرىنىڭ مەزكۇر ماقالىگە بەرگەن مۇھىملىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ۋە سىياسىي - جۇغراپىيەلىك شارائىتلىرى ئاساس قىلىنغان ھالدا تونۇشتۇرۇلغان. ژۇرنالىست، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەت ۋە خىتايلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى سىياسەت ۋە مەدەنىيەت روجەكلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن بولۇپ، مەدەنىيەت ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئامىللارغا سېلىشتۇرغاندا، سىياسىي ئامىللارنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ شەرھلىگەن. كىمنىڭ سۆز ئېلىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى بىلەن، ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن «ئاتاق»لار پەرقلىق بولغان. ئۇيغۇرلار بەزىدە «ئوچۇق - يورۇق، دىپلومات، سەۋرچان»، «مەجبۇرىي خىتايلاشتۇرۇشنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلىرى»، «ئۆز كىملىكىنى يوقىتىش خەۋپىدىكى مىللەت»، «ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرىشىۋاتقان مىللەت» دەپ ئاتالسا، بەزىدە «تېررورىست، بۆلگۈنچى، ئەسلىيەتچى» دەپ ئاتالغان. روشەنكى، بۇ ماقالىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن، پەقەت بىرلا ئوبرازى شەكىللەنمەيدۇ. بۇ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ماقالىنى قانداق چۈشىنىشى ۋە قانداق يەكۈنلىشىگە باغلىق. ۋاھالەنكى، ژۇرنالىست قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ماقالىسىنى مۇنداق تاماملاش بىلەن ئۆز مەيدانىنى جەزملەشتۈرىدۇ: «تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ، دىنغا چېتىشلىق مەسىلە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىي ئەركىنلىككە، زورلۇق بىلەن ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا نىسبەتەن ھۆرمەت قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسىدۇر». روشەنكى، ماقالىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىغا يەنى ماقالىنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا قويۇلغان

بۇ جۈملىنىڭ سالمىقى ئېغىر، ئەلۋەتتە.

## ئانالىز 2: «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدە 1997 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئىككى پارچە ماقالە ئانالىزى ئارقىلىق قۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئوبرازى ھەققىدە خۇلاسە

«دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىنىڭ 9 - سانىغا ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىككى پارچە ماقالە بېسىلغان. بۇ ئىككى پارچە ماقالىنىڭ تېكىستىنى، قوشۇپ بېرىلگەن بىر پارچە رەسىم ۋە خەرىتىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، گېزىت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر تېمىسىغا زور ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئىككى پارچە ماقالىدە ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋە قازاقىستاندىكى، بولۇپمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغان ۋەزىيەتتىكى ئۇيغۇر كىملىكى مەسىلىسى ئاساسىي تېما ئورنىغا قويۇلۇپ تونۇشتۇرۇلغان. بىرىنچى پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى ئۇيغۇر كىملىكىنى تارىخىي روجەكتىن تونۇشتۇرغان بولسا، ئىككىنچى پارچە ماقالىنىڭ ئاپتورى بۇ نۇقتىنى سىياسىي نۇقتىدىن يورۇتقان. تېكىستىنىڭ لېكسىكىلىق ئانالىزىدىن كۆرەلەيمىزكى، ئاپتورلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قاراشلىرىنى ئوچۇق يېزىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر ئوبرازىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئۆز مەيدانلىرىنى تاللىغان: ئۇيغۇرلار «خىتايلارغا ئەڭ ئوخشىمايدۇ»غان مىللەت بولۇپ، «ئۇلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تاللاشنى ئارزۇ قىلىدۇ». بۇ ئىككى پارچە ماقالە ئانالىزىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى يوقىتىپ قويۇش ئەندىشىسىدە تۇرۇۋاتقان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە خىتاي دۆلىتى ۋە قازاقىستاندىكى قاتتىق بېسىم ئاستىدىمۇ ئۆز كىملىكىنى قوغداشقا ھازىر بىر مىللەت ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ.

## «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدىكى ئۈچ پارچە ماقالە ئارقىلىق قۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئوبرازى ھەققىدە ئومۇمىي خۇلاسە

بىز «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدە 1997 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان ئۈچ پارچە ماقالىنىڭ ئەسلىي باسما نۇسخىسىنى ئىنچىكە ئانالىز قىلدۇق. بۇ ئۈچ پارچە ماقالىنىڭ ئانالىز نەتىجىلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ يىغىنچاقلاش ئەمەلىيەتتە بۇ ماقالىلەردىكى ئاساسىي تېمىنى يورۇتۇپ بېرىش، بولۇپمۇ «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»گە ئوخشاش خەلقئارالىق پاجىئەلەرنىڭ ئۇيغۇر تېمىسىغا بولغان تەسىرىنى باھالاپ كۆرۈش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە قىلىدۇ. ماقالىلەر ئانالىزىدىن ئىگە بولغان نەتىجىلەرگە ئاساسەن شۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشىمىزكى، ماقالىلەردە «سىياسەت» تېمىسى سىستېمىلىق ھالدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە ئىقتىسادى قاتارلىق «سىياسەتتىن باشقىلار» بولسا قوشۇمچە شەرھلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ «خىتايلاشتۇرۇش» ياكى «قازاقلاشتۇرۇش»قا قارشى كۈرىشى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھايات - ماماتلىق كۈرەشىدۇر، دەپ يەكۈنلەنگەن.

«11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، گېزىت - ژۇرناللاردا «تېررورىزم» ئىلگىرىكىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ سۆزلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 2002 - يىلدىكى ماقالىدە خىتاي دۆلىتىنىڭ ياكى ئاپتور زىيارەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىلا ئەمەس، ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمىدىمۇ «تېررورىست»، «ئاشقۇنلار» دېگەن ئاتالغۇلار قوللىنىلغان:

> *خىتاي مۇستەقىلچى ئۇيغۇرلارنى «تېررورىست بۆلگۈنچىلەر» دەپ ئەيىبلەپ، 11 - سېنتەبىر ۋەقەسى سەۋەبلىك تۇغۇلغان شارائىتنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. (2002 - يىلدىكى ماقالىدىن)*

ۋاھالەنكى، 1997 - يىلى بۇ خىل ئاتاش ئۇ قەدەر ئومۇملاشمىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار پەقەت بىر قېتىم «بۆلگۈنچى» دەپ ئاتالغان، ئەمما ھېچقاچان «تېررورىست» دەپ ئاتىلىپ باقمىغان:

*1997 - يىلى كۈزدە، قازاقىستان بىلەن ختاي دۆلىتىنىڭ ھەمكارلىق كېلىشىمى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1997 - يىلدىكى ماقالىدىن)*

ماقالىلەر ئۈچۈن تاللانغان رەسىملەرگە كەلسەك، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مەلۇم خاھىشلىرىنى كۆرەلەيمىز. 1997 - يىلى سېنتەبىردىكى ماقالىدە بىر پېشقەدەم ئۇيغۇر بوۋاينىڭ سۈرىتى، يەنى ھەقىقىي ئۇيغۇرغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر ئۇيغۇرنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن. 2002 - يىلى فېۋرالدىكى ماقالىدە بولسا، جەمئىي ئۈچ پارچە سۈرەت بار: بېشىغا ياغلىق چىگىۋالغان بىر ياش ئايال بىلەن شەپكە كىيىۋالغان بىر ياشنىڭ سۈرىتى، بىر مەسچىتنىڭ ئالدىدا كامىرغا قاراپ تۇرغان بىر كىچىك ئوغۇل بالىنىڭ سۈرىتى ۋە ئادەملەرنى ئېلىپ يۈرۈپ كېتىۋاتقان ئېشەك ھارۋىسى (خادىك) نىڭ سۈرىتى. دېمەك، بۇ ئۈچ پارچە سۈرەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېشىدىكى «چوڭىيىش» نامايان قىلىنغان:

ھەرىكەتتىكى ئېشەك ھارۋىسى، كىچىك ئۇيغۇر بالا، ياش ئۇيغۇرلار، ياشانغان ئۇيغۇر.

ئادەتتە، ياشانغانلار سىرتتىن كەلگەن تەسىرلەرگە چىدامىلىق بولىدۇ، مەسىلەن، بوۋاينىڭ كىيىنىشىنى بۇنىڭغا مىسالەن ئالغىلى بولىدۇ (يەنى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇرچە كىيىم كىيگەن). ياشلار، ئەكسىچە، زامانىۋىلاشتۇرۇش، يەرشارىلاشتۇرۇشلار ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى بىرقەدەر ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ (بۇ ئىككى ياش ھازىرقى زامان پاسوندا كىيىم كىيگەن). «كۆلۈمسىرەش بولماسلىق» بۇ رەسىملەردىكى ئورتاقلىق بولۇپ، رەسىملەردە بىرمۇ ئادەم كۈلمىگەن. شۇنداق ئېيتالايمىزكى، بۇ رەسىملەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ چىراي ئىپادىلىرى ئەمەلىيەتتە زۇلۇمغا بولغان قەھرى - غەزەپ، تۇرمۇشتىكى چىدىغۇسىز رىيازەتلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئۈنسىز نارازىلىقلىرىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ بۇ رەسىملەرنى تاللىشىدىكى مەقسىتىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس.

## «دۇنيا» گېزىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى

«دۇنيا» گېزىتى – فرانسىيەنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق سانىلىدىغان كۈندىلىك گېزىتلىرىنىڭ بىرى. 1997 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «دۇنيا» گېزىتىگە بېسىلغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىسىنى جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىن ئىزدەپ تېپىش ئانچە قىيىن بولمىدى. «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاچقۇچ سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ ئىزدەش ئارقىلىق، مەخسۇس ئۇيغۇرلار تونۇشتۇرۇلغان ماقالىدىن 28 پارچە، ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن ماقالىدىن 67 پارچە بولۇپ، جەمئىي 95 پارچە ماقالە تېپىلدى. ماقالىلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى، ۋاقتىنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن، «دۇنيا» گېزىتىدىكى مەخسۇس ئۇيغۇرلار تونۇشتۇرۇلغان 28 پارچە ماقالىنىڭ پەقەت ماقالە مەزمۇنىلا ئانالىز قىلىندى.

ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى 28 پارچە ماقالىنىڭ ئانالىزىدا تېمىلار ئانالىزى ئاساس قىلىندى. نەتىجىدە 113 تېما ئايرىلىپ، كاتېگورىيەلەرگە ئايرىلدى. ئالدى بىلەن، «سىياسەت» ۋە «سىياسەتتىن باشقىلار»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيە قۇرۇلدى. «سىياسەت» كاتېگورىيەسىدە قوشۇمچە كاتېگورىيەلەردىن «بۆلگۈنچىلىك»، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى»، «كىملىك ئىپادىلىرىنى باستۇرۇش»، «ئاتېئىزم»، «ئىسلامنىڭ قايتا كۆچىيىشى»، «ختايلاشتۇرۇش»، «تۇغۇتنى تىزگىنلەش»، «ئۈچۈر ئىگىلەشنى تىزگىنلەش»، «مىللەتلەر ئارا زىددىيەت»، «سىياسىي - جۇغراپىيەلىك ھالەت»، «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتى»، «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەر، ئاندىن «بۆلگۈنچىلىك پاراكەندىچىلىكلىرى»، «مۇستەقىللىق ھەرىكىتى»، «باستۇرۇش»، «ھۆكۈم

قىلىش / ئىجرا قىلىش»، «دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر»، «دۆلەتلىك ۋە يەرلىك تەدبىرلەر»، «خەلقئارالىق كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ نارازىلىق ئەرزى»، «بېيجىڭنىڭ ئەيىبلەشىنى رەت قىلىشى» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەر قۇرۇلدى. «سىياسەتتىن باشقىلار» چوڭ كاتېگورىيەسى ئاستىدا «تارىخ»، «مەدەنىيەت»، «ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي كەمسىتىش»، «تەبىئىي ئاپەت» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەر ئايرىلدى.

روشەنكى، شەرقىي تۈركىستاندا ھەر قېتىم «مۇقىمسىزلىق» كۆرۈلگەندە، ئۇيغۇر تېمىسى گېزىتتە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئالايلى، 28 پارچە ماقالىدىن 15 پارچىسى 1997 - يىلى فېۋرالدىكى «غۇلجا ۋەقەسى» يۈز بەرگەندە ئېلان قىلىنغان. 28 پارچە ماقالىدىن توققۇز پارچىسى شەرقىي تۈركىستاندا «ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلىش»، «جازاغا ھۆكۈم قىلىش»لار كۆرۈلگەندە ئېلان قىلىنغان. دىققىتىمىزنى تارتىدىغىنى، ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان تەرەپلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى، تارىخى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ئاساسىي تېما قاتارىدا شەرھلەنمىگەن بولسىمۇ، ئازدۇر - كۆپتۇر بايان قىلىنغان. مەسىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەسى مول بولغان خام ئەشيا زاپىسى بولۇپلا قالماي، خىتاي دۆلىتى بىلەن ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇشتەك جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىغا دائىر مەزمۇنلارغا بەلگىلىك ئورۇن بېرىلگەن.

«دۇنيا» گېزىتىدىكى ماقالىلەرنى ئانالىز قىلىشتىن شۇنداق يەكۈنگە ئېرىشىمىزكى، ئۇيغۇرلار ئوبرازى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ئاساسىدا گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆز مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سېلىپ باستۇرۇش ئوبيېكتى بولماقتا.

## «ئازادلىق» گېزىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى

«ئازادلىق» گېزىتىمۇ فرانسىيەنىڭ كۈندىلىك گېزىتى. جەنۋە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئارخىپ ماتېرىياللىرىدىن ئازادلىق گېزىتىدە 1997 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە ئېلان قىلىنغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ماقالىلەرنىڭ ئېلېكترونلۇق نۇسخىلىرى تولۇق تېپىلدى. مەزكۇر گېزىتنىڭ ئېلېكترونلۇق ئارخىپ ئامبىرىدا «ئۇيغۇر» ۋە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ئاچقۇچ سۆزلەرنى كىرگۈزۈپ ئىزدەش ئارقىلىق، مەخسۇس ئۇيغۇرلار يېزىلغان ماقالىدىن 27 پارچە، ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن ماقالىدىن 57 پارچە بولۇپ، جەمئىي 84 پارچە ماقالە تېپىلدى.

ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى 27 پارچە ماقالىنىڭ ئانالىزىدا تېمىلار ئانالىزى ئاساس قىلىندى. ماقالىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن پارچىلاش ئارقىلىق 145 تېما ئايرىپ چىقىلدى ۋە بۇ تېمىلار «سىياسەت» ۋە «سىياسەتتىن باشقىلار»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيەگە ئايرىلدى. «سىياسەت» كاتېگورىيەسىدە «بۆلگۈنچىلىك»، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى»، «خىتايلاشتۇرۇش»، «مىللەتلەر ئارا زىددىيەت»، «ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي كەمسىتىش»، «ئۇچۇر ئىگىلەشنى تىزگىنلەش»، «ئىسلام»، «ھەقىقىي ئاپتونومىيە»، «تۇغۇتنى تىزگىنلەش» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەر، ئاندىن «غۇلجا ۋەقەسى»، «ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوبۇستا بومبا پارتلاش ۋەقەسى»، «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى»، «سىرتقى قوللاشلار»، «ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرى»، «ھۆكۈم ئېلان قىلىش / ئىجرا قىلىش»، «دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر»، «دۆلەتلىك ۋە يەرلىك تەدبىرلەر» قاتارلىق كىچىك كاتېگورىيەلەر قۇرۇلدى. «سىياسەتتىن باشقىلار» چوڭ كاتېگورىيەسى يەنە «تارىخ»، «جەمئىيەت» ۋە «جۇغراپىيە / ئىقتىساد» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەرگە، ئاندىن «كۈندىلىك تۇرمۇش»، «مىللەتلەر» ۋە «ئۇيغۇر كىملىكى»دىن ئىبارەت ئۈچ كىچىك كاتېگورىيەگە بۆلۈندى.

ماقالىنى كاتېگورىيەلەرگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان ئانالىزدىن مەلۇم بولدىكى، «سىياسەتتىن

باشقىلار» كاتېگورىيەسىگە ئانچە كۆپ ئورۇن بېرىلمىگەن (ئومۇمىي 145 تېمىدىن 18 تېما) بولسىمۇ، ئۇقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇر جەمئىيىتى، ئۇيغۇر تارىخى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي سەھنىسىدىكى مۇھىملىقى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە بېرىشكە يېتەرلىك بولغان. «سىياسەت» كاتېگورىيەسىدىكى «بۆلگۈنچىلىك» تېمىسى ئەڭ كۆپ ئورۇن ئىگىلىگەن (ئومۇمىي 145 تېمىدىن 53 تېما). روشەنكى، بۇ، گېزىت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپلىرىنى ماقالىدىكى باش تېما سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تونۇشتۇرۇش مايىللىقىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئىككىنچى ئورۇندا، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى» تېمىسى (ئومۇمىي 145 تېمىدىن 39 تېما) بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ھەر خىل ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇش تەلەپلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن. ئاندىن، «خىتايلاشتۇرۇش» تېمىسىغىمۇ خېلى مۇھىم ئورۇن بېرىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇقىمسىزلىقنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرى قاتارىدا شەرھلەنگەن.

«ئازادلىق» گېزىتى، ھەر قېتىم شەرقىي تۈركىستاندا «غۇلجا ۋەقەسى»، «ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇستا بومبا پارتلاش»قا ئوخشاش «ۋەقەلەر» سادىر بولغاندا، ئۇيغۇر تېمىسىغا بەلگىلىك ئورۇن بەرگەن. «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»مۇ ئۇيغۇر تېمىسىنىڭ گېزىتتە ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان. 2001 - يىلى، ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بۇش شاڭخەيگە بارغاندا: «ھەرقانداق بىر ھۆكۈمەت بىزنىڭ ئۇرۇشىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئۆز چېگراسى ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە زىيانكەشلىك قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن (2002 - يىلى 7 - سېنتەبىردىكى ماقالىدىن). لېكىن بىر يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىدىغان بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىنى تېرورلۇق تەشكىلاتلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈشى خىتاي دۆلىتىگە قىلىنغان بىر كاتتا «ھەدىيە» بولغان. (ئىزاھات: 2002 - يىلى، ئامېرىكا «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى «تېرورلۇق تەشكىلاتلار تىزىملىكى»گە كىرگۈزگەن. 2020 - يىلى 6 - نويابىر ئامېرىكىنىڭ شۇ چاغدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېئو (Mike Pompeo) ئامېرىكىنىڭ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى» تەشكىلاتىنى ئەمدى «تېرورلۇق تەشكىلات» دەپ قارىمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.)

يىغىنچاقلىغاندا، «ئازادلىق» گېزىتى گەۋدىلەندۈرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئوبرازى «دۇنيا» گېزىتىدە قۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئوبرازىغا يېقىن بولۇپ، كۈچلۈك سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشتە، «تېررورلۇق» مەسىلىسى ۋە بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇسى روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. ماقالىنىڭ ئانالىز نەتىجىسىگە ئاساسەن تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى» تېمىسى (ئومۇمىي 145 تېمىدىن 39 تېما) غا قارىغاندا «بۆلگۈنچىلىك» تېمىسى (ئومۇمىي 145 تېمىدىن 53 تېما) ئۈچۈن كۆپرەك ئورۇن بېرىش، ئەمەلىيەتتە گېزىت تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئارزۇسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ شەرھلىگەنلىكىدۇر، خالاس.

## «دەۋر» گېزىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى

«دەۋر» – شۋېيتسارىيە فرانسۇز تىلى رايونىدىكى كۈندىلىك گېزىت بولۇپ، گېزىتنىڭ تور بېتى 1998 - يىلى 1 - مارتتىن ئېتىبارەن تەسىس قىلىنغان. شۇڭا بۇ گېزىتتىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەر ئانالىزى 1998 - يىلى 1 - مارتتىن 2002 - يىلى دېكابىرغىچە بولغان بەش يىل داۋامىدىكى ماقالىلەر بولدى.

ماقالىلەرنى بىر - بىرلەپ ئوقۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەخسۇس ئۇيغۇرلار يېزىلغان ماقالىدىن بەش پارچە، ئۇيغۇرلار تىلغا ئېلىنغان ماقالىدىن 29 پارچە ماقالە ئايرىپ چىقىلدى. ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن «دەۋر» گېزىتىدىكى ماقالىلەردىنمۇ پەقەت مەخسۇس ئۇيغۇرلار يېزىلغان بەش پارچە ماقالە ئۈستىدىن مەزمۇن ئانالىزى ئېلىپ بېرىلدى. ماقالىلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئەمما «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»گە ئوخشاش دۇنياۋى غۇلغۇلا پەيدا قىلغان ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە، گېزىت تەھرىر

بۆلۈمنىڭ ئۇيغۇر تېمىسىنى تاللىشى بۇ تېمىنى مۇھىم بىلگەنلىكى دەپ چۈشىنىشكە تامامەن بولىدۇ.

ماقالىلەرنى يۇزەكى ئوقۇش ئارقىلىق، «سىياسەت» تېمىسىنىڭ ئاساسىي تېما قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ماقالىلەرنى بۆلۈپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق 46 تېما ئايرىلدى. «دۇنيا» ۋە «ئازادلىق» گېزىتلىرىدىكى ماقالىلەرگە ئوخشاش، تېمىلار «سىياسەت» ۋە «سىياسەتتىن باشقىلار»دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ كاتېگورىيەگە ئايرىلدى. «سىياسەت» كاتېگورىيەسى «بۆلگۈنچىلىك»، «بۆلگۈنچىلىككە قارشى»، «مىللەتلەر ئارا زىددىيەت»، «خىتايلاشتۇرۇش»، «ئۇچۇرنى كونترول قىلىش»، «ئىسلام» ۋە «ئىقتىساد» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەرگە بۆلۈندى. ئاندىن «‹11 - سېنتەبىر ۋەقەسى›دىن كېيىنكى قاتتىق باستۇرۇش» ۋە «دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلەر»دىن ئىبارەت ئىككى كىچىك كاتېگورىيە قۇرۇلدى. «سىياسەتتىن باشقىلار» چوڭ كاتېگورىيەسى ئاستىدا «تارىخ»، «جەمئىيەت»، «جۇغراپىيە» قاتارلىق قوشۇمچە كاتېگورىيەلەر ۋە «تارىخىي ئىزنالار»، «مەدەنىيەت ئىزنالىرى»، «كۈندىلىك تۇرمۇش»، «ئۇيغۇر كىملىكى» قاتارلىق كىچىك كاتېگورىيەلەر تۈزۈلدى.

ماقالىلەرنى تېمىلار بويىچە كاتېگورىيەلەرگە ئايرىپ تەھلىل قىلىشتىن روشەنلەشتىكى، ماقالىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا ئانچە كۆپ ئورۇن بېرىلمىگەن (ئومۇمىي 46 تېمىدىن 15 تېما). ۋاھالەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ «بۆشۈكى» دەپ قارىلىدىغان قەشقەرنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇشتا ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە كونكرېت چۈشەنچە بېرىش مەقسەت قىلىنغان. «دەۋر» گېزىتىدىكى بەش پارچە ماقالىدىن ئۈچ پارچىسى «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن بېسىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، «سىياسەت» كاتېگورىيەسىدىكى «‹11 - سېنتەبىر ۋەقەسى›دىن كېيىنكى قاتتىق باستۇرۇش» تېمىسى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن (ئومۇمىي 31 تېمىدىن 13 تېما). 2001 - يىلى 30 - ئۆكتەبىردىكى ماقالىدە بۇ تېما ھەتتا ماقالىنىڭ «دوپپىسى» ئورنىدا ئىشلىتىلىپ، مۇنداق يېزىلغان:

«خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامىدا، بېيجىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى باستۇرۇشنى كۈچەيتمەكتە. بۇ تۈركىي تىللىق مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستاندا كۆپ سانلىق بولسىمۇ، ئەللىك يىلدىن بېرى خىتايلارنىڭ مۇستەملىكىسىدە ياشىماقتا. 11 - سېنتەبىر ھۇجۇمىدىن كېيىن، ئۇلار ئافغانىستاندىكى ئۇرۇشنىڭ ۋاستىلىك قۇربانى بولىدىغانلىقىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتتى.» (2001 - يىلى 30 - سېنتەبىردىكى ماقالىدىن). ئاندىن، «ئۇيغۇر بۆلگۈنچىلىرى»نىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان «بۆلگۈنچىلىك» تېمىسىمۇ «خىتايلاشتۇرۇش» ياكى «مىللەتلەر ئارا زىددىيەت» تېمىلىرىغا قارىغاندا مۇھىمراق ئورۇن ئىگىلىگەن (ئومۇمىي 31 تېمىدىن ئالتە تېما). ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ژۇرنالىست قەشقەرنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ «بۆشۈكى»، «يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستراتېگىيەلىك بوستانلىق» دەپ تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، بۈگۈنكى كۈندە قەشقەرنىڭ پۈتۈنلەي خىتايلاشتۇرۇش ئوبيېكتى بولۇۋاتقانلىقىنى بىر قەشقەرلىك ئۇيغۇرنىڭ دېگەنلىرى بىلەن يازغان: «خىتايلار كونا شەھەرنى تولۇق چېقىۋەتمەكچى. بەش يىلدىن كېيىن، مەركەزدە ئۇيغۇرلار قالمايدۇ، كۆچمەنلەر تولىدۇ.» (2001 - يىلى 30 - سېنتەبىردىكى ماقالىدىن)

خۇلاسىلىگەندە، «دەۋر» گېزىتىدىكى ماقالىلەر ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئۇيغۇرلار ئوبرازى شۇكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان بىر مىللەت بولۇپ، خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى ۋەزىيەتتە ھۆكۈمەت تەرەپتىن قاتتىق باستۇرۇلماقتا: «ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك، بېيجىڭ يېڭى ئورتاق دۈشمەنگە قارشى كۈرەشنى باھانە قىلىپ، خەلقئارانىڭ چۈشىنىشىگە تايىنىدۇ» (2001 - يىلى 30 - سېنتەبىردىكى ماقالىدىن).

## قوشۇمچە: «دەۋر» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە تەزىيەنامە

جەنۇۋە ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا «دەۋر» گېزىتىنىڭ تور بېتىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى ماقالىلەرنى ئىزدەۋېتىپ، پۈتۈنلەي تاسادىپىي ھالدا، بىر تەزىيەنامىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەزكۇر تەزىيەنامە 1999 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئالتە ئۇيغۇرغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن ئېلان قىلىنغان. (تەزىيەنامىدىكى خىتايچە پىنيىن شەكلىدە يېزىلغان ئىسىملارنىڭ ئۇيغۇرچىسى مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: روزى قېيۇم، ئىبراھىم ئىسمائىل، ئابدۇرېھىم ئەيسا، رەھمۇتۇللا ھەبىبۇللا، ئەنۋەر نىياز ۋە رەھمۇتۇللا قۇربان.) بۇ تەزىيەنامىنى «خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى»، «خەتەردىكى مىللەتلەر جەمئىيىتى» قاتارلىق ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى بەش ئورۇن بىرلىكتە پىلانلاپ، «دەۋر» گېزىتىدە ئېلان قىلغان. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارتقىنى، بۇ تەزىيەنامىنىڭ «دەۋر» گېزىتىدە ئېلان قىلىنىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، بۇ، ئاخبارات تاراتقۇلىرىدىكى ئۇيغۇر تېمىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ خىتاي دۆلىتىنى، بولۇپمۇ «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن ئىلگىرى، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ، دەپ ئەيىبلىشىنىڭ بىر دەلىلى، دەپ يەكۈنلەشكە بولىدۇ. (تەزىيەنامە رەسمى قوشۇمچە بېرىلدى: 3 - رەسىم)

## ئومۇمىي خۇلاسە

بۇ ئىلمىي ئەمگىكىمىزنىڭ مەقسىتى، 1997 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا «دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ قانداق تونۇشتۇرۇلغانلىقىنى ئانالىز قىلىش، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى بۇ ماقالىلەردە قايسى تېمىلار ئاساس قىلىنغان، نېمىلەر سۆزلەنگەن، قانداق سۆزلەنگەن دېگەندەك نۇقتىلارنى باھالاپ كۆرۈش، بولۇپمۇ، «11 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن ئۇيغۇرلار تېمىسىنىڭ سىياسەت، ئاخبارات كۆزنىكىدە ئىلگىرىكىدىن كۆپرەك كۆرۈلۈشىنى شەرھلەش، ئاخىرىدا، بۇ تۆت گېزىتتىكى ماقالىلەر ئارقىلىق قۇرۇلغان «ئۇيغۇرلار ئوبرازى»نىڭ قانداق ئوبراز ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەش نىشان قىلىنغاندى.

ئالتە يىل جەريانىدا «دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدە مەخسۇس ئۇيغۇرلار ھەققىدە يېزىلىپ ئېلان قىلىنغان 63 پارچە ماقالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق شۇنداق خۇلاسىگە ئېرىشتۇقكى، بۇ تۆت گېزىت ئۇيغۇر تېمىسىنى مۇھىم تېمىلار قاتارىغا قويغان. تۆت گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ تېمىلار بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئايرىم ئانالىز نەتىجىلىرى ئاساسىدا تۆۋەندىكىدەك جەدۋەل تۈزۈپ چىقىش مۇمكىن:

| تېمىلار / گېزىت ئىسمى | سىياسەت | سىياسەتتىن باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|
| دۇنيا دىپلوماتىيەسى | 36 | 12 | 48 |
| دۇنيا | 94 | 20 | 114 |
| ئازادلىق | 127 | 18 | 145 |
| دەۋر | 31 | 15 | 46 |
| جەمئىي | 288 | 65 | 353 |
| ئومۇمىي نىسبەت (%) | 81.6 | 19.4 | 100 |

بۇ جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تۆت گېزىتتىكى ماقالىلەر ئانالىزىدىن ئوتتۇرىغا چىققان جەمئىي 353 تېمىدىن پەقەت 65 تېما «سىياسەتتىن باشقىلار» كاتېگورىيەسىگە تەۋە بولۇپ، ئومۇمىي نىسبەتتە 20 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدۇ. «سىياسەت» كاتېگورىيەسىدە جەمئىي 288 تېما بولۇپ، ئومۇمىي تېمىنىڭ 81.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە شۇنىمۇ كۆرەلەيمىزكى، «بۆلگۈنچىلىك» تېمىسى «سىياسەت» كاتېگورىيەسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن (31.25%)، ئەگىشىپلا «بۆلگۈنچىلىككە قارشى» تېمىسى كېلىدۇ (28.82%)، ئاندىن «خىتايلاشتۇرۇش» (6%)، «ئىسلام» (4%)، شۇنداقلا يەنە «ئىقتىساد» (1.04%)، «ھەقىقىي ئاپتونومىيە» (1.04%) قاتارلىقلار بار. روشەنكى، سىياسىي تېمىلار شەكسىز ھالدا ئەڭ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. «تارىخ»، «جەمئىيەت» ۋە «جۇغراپىيە» قاتارلىق سىياسەت دائىرىسىدىن سىرت تېمىلار ئۈچۈن ئۇ قەدەر كۆپ ئورۇن بېرىلمىگەن. ۋاھالەنكى، ئوقۇرمەنلەرگە ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن تونۇشتۇرۇشقا يېتەرلىك بولغان.

خۇلاسىلىگەندە، ئۇيغۇرلار سىياسىي شارائىتى، تارىخىي ئۆتمۈشى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردىن تونۇشتۇرۇلغان. نەتىجىدە، «ئۇيغۇرلار ئوبرازى» پەقەت بىر خىللا ئوبراز بولماستىن، بەلكى بىرنەچچە خىل بولغان. ئالايلى، «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىدىكى ماقالىلەرنى ئانالىز قىلغىنىمىزدا، ئۇيغۇرلار ئوبرازى سۆز قىلغۇچىنىڭ كىم بولۇشىغا ئاساسەن پەرقلىق بولغان. ئومۇمەن، ئۇيغۇرلار ئوبرازى ئۇلارنىڭ ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قىلىۋاتقان بىر مىللەت ئىكەنلىكىگە يىغىنچاقلانغان. «دۇنيا» گېزىتىدىكى ماقالىلەرنىڭ ئانالىزىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇستەملىكە بويۇنتۇرۇقى»دىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانلىق ئېلىشىۋاتقان، ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىۋاتقان بىر مىللەت ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كەڭرەك دائىرىدە پىكىر يۈرگۈزۈلگەن. «ئازادلىق» گېزىتىدىكى ماقالىلەردىن بولسا، ئۆز زېمىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى بارغانسېرى كۈچلۈك ئارزۇ قىلىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئوبرازى يارىتىلىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر مىللەتچىلىرىنىڭ ئەركىنلىك غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى كۈچلۈك ئىرادىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «دەۋر» گېزىتىدىكى ماقالىلەر ئانالىزىدا، ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى تېررورلۇققا قارشى ۋەزىيەتنىڭ «ۋاستىلىك قۇربانى»غا ئايلانغان، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلۇۋاتقان مىللەت بولۇشتەك ئوبرازى يورۇتۇلغان. بۇ تۆت گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ ئانالىز نەتىجىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ ماقالىلەر بىر ئورتاقلىققا ئىگە: ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولۇشىغا مايىل. يىغىنچاقلىغاندا، «دۇنيا دىپلوماتىيەسى»، «دۇنيا»، «ئازادلىق» ۋە «دەۋر» گېزىتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوبرازى بىر ئىجابىي ئوبراز بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۆز كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن «خىتايلاشتۇرۇش» بېسىمىغا قارشى ئېلىشىۋاتقان، خەلقئارالىق تېررورلۇققا قارشى مۇھىت ئاستىدىمۇ، «بېيجىڭنىڭ بويۇنتۇرۇقى»دىن قۇتۇلۇش، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئۈچۈن مۇستەقىللىق تەلەپ قىلىپ كۈرەشۋاتقان بىر مىللەت.

## قوشۇمچە: بۈگۈنكى «ئۇيغۇرلار ئوبرازى»

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى، ياۋروپادا ئۇيغۇرلار ھەققىدە گەپ بولۇنسا، ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغانلار بۈگۈنكىدەك كۆپ ئەمەس ئىدى. ۋاھالەنكى، گېزىت - ژۇرناللاردا ئۇيغۇرلار تونۇشتۇرۇلۇپ يېزىلغان ماقالىلەر ئاز بولسىمۇ بار بولغاچقا، «ئۇيغۇرلار ئوبرازى» ئاساسەن شەكىللىنىپ بولغان. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ تونۇماقتا. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئەينى چاغدىكى «ھەرگىز تەكرارلانمىسۇن!» دېگەن شۇئارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان قانلىق پاجىئەلەردىنمۇ بەتتەر زۇلۇمدا ياشاۋاتقان بىر مىللەت سۈپىتىدە تونۇماقتا. خەلقئارادىكى نوپۇزلۇق تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى، لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشلىرى ۋە باشقا ھەر تەرەپلىك ئۈچۇرلار، ئۇيغۇرلارنىڭ 21 - ئەسىردىكى

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق يەكۈنلەشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى كۈندە «ئۇيغۇرلار ئوبرازى» يەنىلا ئىجابىي ئوبراز بولۇپ، ئۇ ئۆز زېمىنى، ئۆز تارىخى ۋە خاس مەدەنىيىتى بولغان بىر پۈتۈن مىللەتتىن يوقىتىلىش گىردابىدا ئازابلىق ئىڭراۋاتقان، چارىسىزلىكتىن قىرىلىۋاتقان، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ھەر تۈرلۈك يوللار ئارقىلىق تىنىمسىز كۈرىشىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ ئوبرازىدۇر.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] D Robert, A. Bouillaguet (1997)

[2] J. Lazar (1996)

[3] LUGRIN, Gilles et Stéphanie PAHUD, Les garde-fous de l'œil, ou la construction des parcours de lecture, in http://www.comanalyse.ch/ComAnalyse/Publication27.ht, 22/01/2003.

[4] PEYTARD, Jean, Lecture(s) d'une «aire scriptural»: la page de journal, in DÈCEMBRE 75, Langue Française, Textes et Discours, non littéraire, Description-Enseignement, LAROUSSE, Paris, s. d.




Illustration 1: Image scannée du Monde Diplomatique, février 2002: Assimilation forcée dans le Xinji

PÉKIN AUSSI INVOQUE L'ALIBI TERRORISTE

Assimilation forcée dans le Xinjiang chinois

Fondamentalistes d'Asie centrale

Minorités

Abonnez-vous... ou abonnez un ami !

Bulletin d'abonnement

*1 - رەسىم: «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىنىڭ 2002 - يىلى 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالە*


Illustration 2: Image scannée du Monde Diplomatique, septembre 1997, Pékin face au mouvement national ouïgour.

UN CONFLIT LATENT

EN ASIE CENTRALE

**Pékin face au mouvement national ouïgour**

**Au Kazakhstan, la nostalgie des réfugiés**



2 - رەسىم: «دۇنيا دىپلوماتىيەسى» گېزىتىنىڭ 1997 - يىلى 9 - سانىغا بېسىلغان ماقالە


**AVIS DE DÉCÈS**

Tristes et consternés nous évoquons la mémoire de

**Rouzi Keyoumu**
**Yibulayin Simayi**
**Abudureyimu Aisha**
**Rehemutulah Aibibulah**
**Ainiwa'er Niyazi**
**Rehemutulah Ku'erban**

Comme nous l'avons appris récemment, les six prisonniers appartenant à la minorité ouïgoure ont été exécutés à Urumqi au Xinjiang (Sin-Kiang), Chine. Nous honorons également la mémoire des autres Chinois – plus de 10 000 – exécutés au cours des cinq dernières années.

Lausanne, mars 1999

**ACAT-Suisse**
**Amnesty International, section suisse**
**Déclaration de Berne**
**Pain pour le prochain**
**Société pour les peuples menacés**

En lieu et place de fleurs, veuillez adresser des lettres de protestation à l'ambassade de Chine, Kalcheggweg 10, 3006 Berne (Fax 031 351 45 73).

Pain pour le prochain: CCP Lausanne 10-26487-1 (mention Chine).

3 - رەسىم: «دەۋر» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «تەزىيەنامە»

29

# بىز چارىسىزمۇ ياكى تاللاش يولىمىز بارمۇ؟

– دوكتور ئېدىس ئېۋا ئېگېرنىڭ كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن

تەبىسە (كانادا)

دوكتور ئېدىس ئېۋا ئېگېر (Edith Eva Eger) نىڭ «تاللاش» [1] ناملىق كىتابىنى بۇندىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ئېلىدە تېخى كەڭ كۆلەمدىكى تۇتقۇن قىلىش ۋە قىرغىنچىلىق باشلانمىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا تەتبىقلاشنى ئويلاپ يەتمىگەن ئىكەنمەن. ئەمدىلىكتە مەزكۇر ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن بۇ كىتابنى يەنە بىر قېتىم قولۇمغا ئېلىپ ئولتۇرۇپتىمەن. چۈنكى، بۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى يەھۇدىيلارنىڭ دۇنيا مىقياسىدا قىرغىن قىلىنىشى، لاگېرلارغا سولىنىشى ۋە ئۇ يەردە چەككەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىگە ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەر بىلەن پەۋقۇلئاددە ئوخشاشلىقى بار دەپ قارايمەن.

گەرچە بىز پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، مائارىپ - مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئەڭ يۇقىرى بالداققا كۆتۈرۈلۈۋاتقان ۋە كىشىلىك باراۋەرلىك ھوقۇقى ئىشقا ئېشىۋاتقان ھازىرقىدەك ئەركىن زاماندا ياشاۋاتقان بولساقمۇ، ئاچ كۆزلۈك، ھوقۇق تالىشىش، ھىيلە - مىكىر، ھەسەتخورلۇق، يەكلەش، شەخسىيەتچىلىككە ئوخشاش ئىنساننىڭ گۇناھكار تەبىئىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىقلاردىن ساقىت بولالمايمىز. شۇنداق ئىكەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان رەزىل سىياسەتلىرى سەۋەبىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زېمىنىدا خاتىرجەم ۋە خۇشال - خۇرام ياشىشى، تىل - مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغدىشىمۇ داۋاملىق تەھدىتكە ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇيغۇرلار كەڭ كۆلەملىك تۇتقۇن قىلىنىۋاتىدۇ، لاگېرلارغا سولىنىۋاتىدۇ ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىزدەك ئاجىز ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كەتكەن كۈچكە، بولۇپمۇ يەنە قانداق رەزىللىكلەرنى قىلىشنى پەرەز قىلماق تەس بولغان خىتاي ھۆكۈمىتىگە تاقابىل تۇرۇشقا قۇربىمىز يەتمەيدۇ. ئەمما، كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقلارغا، تەڭپۇڭسىزلىقلارغا، ئېزىلىشلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا بىز چارىسىز ئەمەس. بىزدە تاللاش يولى بار.

دوكتور ئېدىس ئېۋا ئېگېرنىڭ كىتابىدا تەسۋىرلىگەن يەھۇدىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەزمۇنلار، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۆلتۈرۈلۈشى،

ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن لاگېردىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى، لاگېردىن ئازاد بولغاندىن كېيىنكى تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئۆزلۈك ئىزدەش جەريانىدىكى پىسخىكىلىق توقۇنۇشلار ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىدا دۇچ كېلىۋاتقان ھەر خىل تاللاشلىرىغا ئازراق بولسىمۇ ياردىمى بولسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە بۇ ماقالەمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

مەزكۇر ماقالىدە مەن تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇھىم مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن:

بىرىنچى، ئېدىسىنىڭ لاگېر ھاياتى ۋە ئۇيغۇر لاگېر شاھىتلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىلىرى؛

ئىككىنچى، لاگېردىن ئازاد بولۇش، ئەمما ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماسلىق؛

ئۈچىنچى، ئېدىسىنىڭ كۆچمەنلىك ھاياتى ۋە ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىلىرى

تۆتىنچى، ئېدىسىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنىڭ شىپالىق تېپىشى – نومۇس ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش، كونا ئەسلىملەرنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش، نەپرەت ۋە كەچۈرۈم ئارىسىدىكى تارتىشىشلار.

## كىتاب ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئېدىس ۋېنگرىيەدىكى ئۆيىدىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە لاگېرغا تۇتۇلۇپ ماڭغاندا ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. لاگېرغا يالاپ ئېلىپ بېرىلغان كۈنىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئايرىۋېتىلىدۇ. نېمىس ئەسكىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن «يېنىڭدىكى بۇ كىم؟» دەپ ئۇنىڭ ئاپىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىغاندا، ئۇ ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا «ئاپام» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. نېمىس ئەسكىرى ئۇنىڭ ئاپىسىنى شۇ ھامانلا ياشانغانلار گۇرۇپپىسىغا ھەيدەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئۇدۇل گاز ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىنتايىن ئازابلىنىدۇ، ھەتتا ئۇزۇن يىللارغىچە «ئەگەر مەن ئاپامنى ھەدەم دېگەن بولسام، ئاپام بەلكىم ياشلار گۇرۇپپىسىغا تەقسىم قىلىنىپ قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى» دەپ ئۆز - ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۇ جەمئىي يەتتە يىلنى ئۆزى بىلەن تۇتۇپ كېلىنگەن ھەدىسى بىلەن بىرلىكتە لاگېردا ئۆتكۈزىدۇ. لاگېر ھاياتىدا كۆرمىگەن كۈنى قالمايدۇ، بولۇپمۇ خورلۇق ۋە ئاچارچىلىق ئۇنى ھەممىدىن بەك قىينايدۇ.

1945 - يىلى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ لاگېرلار تاقىلىدۇ. ئۇ ھەدىسى بىلەن بىرگە ئازاد بولىدۇ، ئەمما لاگېردىكى قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلەر ئۇنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز جاراھەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كېيىن ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بېلا ئېگىر (بېلا) بىلەن توي قىلىدۇ. يولدىشىنىڭ ئامېرىكىدىكى تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئامېرىكىغا كۆچمەنلىك رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەشكە كىرىشىدۇ. شۇ مەزگىلدە يولدىشىنى تۇتۇپ كېتىدۇ. نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ئېدىس بىردىنبىر بىساتى بولغان توي ئۈزۈكىنى پارا بېرىپ، ساقچىلارنىڭ قولىدىن يولدىشىنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ ۋە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يولدىشى بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكىغا كۆچۈپ كېلىدۇ.

ئامېرىكىغا كەلگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپتە پىسخىكا كەسپىنى ئوقۇپ پۈتتۈرىدۇ، ئۈچ پەرزەنتلىك بولىدۇ. دەسلەپىدە ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولۇپ قاتتىق تىرىشىپ ياشايدۇ. ئەمما قانچە كۈچىسىمۇ ئۇنىڭ قەلب يارىلىرى ساقىيىش تۈگۈل، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ھەتتا ئۇنىڭ نىكاھ تۇرمۇشىغىمۇ دەز كەلتۈرىدۇ. ئۇ يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كېتىدۇ ۋە بىرقانچە يىل ئۆزى توغرۇلۇق ئىزدىنىدۇ ۋە ئۆزلۈكىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. ھەتتا ئوقۇشىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان

دوكتورلۇق ئوقۇشىنىمۇ تاماملايدۇ. نەتىجىدە ئۇزۇن يىل ئىزدىنىش جەريانىدا، ئۇ ئۆزىنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىنىڭ ئەسلى يولدىشى سەۋەبىدىن ئەمەسلىكىنى، قەلب جاراھەتلىرىنى يولدىشى كەلتۈرۈپ چىقارمىغانلىقىنى ۋە ئەسلىدە ئۆزى ئۆچ ـ ئۆچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتقان كىشىنىڭ دەل يولدىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ ھەمدە نىكاھىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

بىر كۈنى، ئۇنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى لاگېر شاھىتى بولغان يەھۇدىي يازغۇچى ۋىكتور فرەنكېلنىڭ «ئىنسانىنىڭ مەنە ئىزدىشى» (Man’s Search for Meaning) ناملىق كىتابىنى ئېدىسنىڭ ئوقۇپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. بۇ كىتاب ئۆز كەچمىشلىرى ئىچىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ تۇرۇۋاتقان ئېدىسقا ئىنتايىن تەسىر قىلىدۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق ئېدىس بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىدۇ: ئۇ بولسىمۇ، مەيلى بېشىغا قانداق كۈنلەر كېلىشىدىن قەتئىينەزەر، كەچمىشلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتا چارىسىز ئەمەسلىكىنى، تاللاشلار بارلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. پسىخىكا مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئېدىس بىمارلىرىغا مەسلىھەت بېرىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ يارىسىغىمۇ توختىماي شىپالىق ئىزدەيدۇ.

## بىرىنچى، ئېدىسنىڭ لاگېر ھاياتى ۋە ئۇيغۇر لاگېر شاھىتلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىلىرى

لاگېر شارائىتىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىقىغا قارىماي، ئېدىس «ئەگەر مەن بۈگۈن ھايات قالسام، ئەتە ئەركىنلىككە ئېرىشىمەن» [2] دېگەن ئۈمىد بىلەن ياشايدۇ. ئۇ يەنە لاگېرداشلىرىنىمۇ داۋاملىق بۇ سۆزلىرى بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. خۇددى كىشىنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان ئۇي - پىكرىنى باشقىلار ئوغرىلاپ كېتەلمىگەندەك، ئېدىسنىڭ شۇ كىچىككىنە ئۈمىد چىرىغىنىمۇ ئۇنىڭ روھىستىسىز ھېچكىم ئۆچۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ئېدىس بىلەن بىرگە لاگېرغا ئېلىپ كېلىنگەن يەنە بىر يەھۇدىي قىز باشقىلاردىن ئاڭلىغان «روژدېستۋا بايرىمىدا پۈتۈن لاگېرلار تاقىلىدىكەن ۋە بىزمۇ قويۇپ بېرىلىدىكەنمىز» دېگەن خەۋەرلەرگە ئاساسەن ئۈمىدلىنىپ يۈرىدۇ. ئەمما، روژدېستۋا بايرىمى يېتىپ كەلگەندە لاگېرلار تاقىلىشتا تۇگۇل، ئەكسىچە لاگېردىكى تۇتقۇنلارغا بولغان زۇلۇم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، لاگېر ئىچىدىكى ئاچارچىلىقلار، قىيناشلار ئەۋجىگە چىقىدۇ. تېنى ياپراقتەك ئاجىز بۇ يەھۇدىي قىزنى ھايات ساقلاپ تۇرۇۋاتقان شۇ كىچىككىنە ئۈمىد ئۇچقۇنى روژدېستۋا بايرىمى كەلگەندە پۈتۈنلەي ئۆچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلىدۇ، قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە روژدېستۋا بايرىمى كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئۈمىد شۇنداق نەرسە. گەرچە كىچىك بىر ھېس - تۇيغۇ بولسىمۇ، خۇددى بىر تال سەرەڭگە تېلى بىر ئورمانلىقىقا ئوت تۇتاشتۇرۇشقا يەتكىنىدەك، كىچىككىنە بىر ئۈمىد كىشىلەرنىڭ قەلب ئوتلىرىنى ئۇلغايتىدۇ، ئىچكى كۈچىنى كۈچلەندۈرىدۇ ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەل ئەكسى بولغان ئۈمىدسىزلىكچۇ؟ يانغان قەلب ئوتلىرىنى خۇددى زىمىستاننىڭ سوغۇق شامىلىدەك بىر يالماپلا ئۆچۈرىدۇ، ھايات ياشاشنىڭ مەنىسىنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ. نەتىجىدە، ماماتلىق ئازگىلىغا كېپەنسىز تاشلايدۇ.

ئېدىسنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرى ئەڭ قەدىردان كىشىلىرىنىڭ يېنىدىن يۇلۇپ ئېلىنىپ، ئاللىبۇرۇن پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەربىيەلەش ئورۇنلىرىغا مەجبۇرىي سولانغان ئۇيغۇرلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلارمۇ خۇددى ئېدىسقا ئوخشاش، مانا بۈگۈن ئۆتتى، ئەمدى ئەتە قۇتۇلۇپ ئەركىن بولىمىز، دەپ ئۈمىد بىلەن تورۇسلارغا باققان ئىدى. «ئەمدى قۇتۇلىدىغان بولدۇم» دەپ تۇرغاندا، بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەر تۆھمەت ۋە ئويدۇرما جىنايەتلەر بىلەن قارىلىنىپ تۈرمىلەرگە ئېلىپ كېتىلىدىغانلىقى چۈشىگىمۇ كىرمىگەن

ئىدى. قانچىلىرى ئۈمىد قىرغاقلىرىغا نەچچە ياماشقان، يەنە قانچىلىرى شىددەت بىلەن ئۇرغان ئۈمىدسىزلىكنىڭ دولقۇنلىرى ئارىسىدا غەرق بولغان. بۇنىسى نامەلۇم. يېقىنقى يىللاردا قويۇپ بېرىلگەن لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىقلىرىدىن لاگېردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز - تولا خەۋەردار بولغان بولساقمۇ، ئەمما بىزنىڭ بىلمەيدىغىنىمىز يەنىلا كۆپ. بىز خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يەنە قانداق ۋەھشىي پىلانلارنى ئاستىرتىن يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيمىز. ھەتتا ئۇيغۇرلار ئۈستىدە يەنە قانداق باستۇرۇلۇشلار ۋە قىرغىنچىلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ ئاجىزلىق قىلىمىز. بىزنىڭ بىلىدىغان بىرلا ئىشىمىز بار: ئۇ بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە سالماقچى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ تۇرغان شۇ كىچىككىنە ئۈمىدىنىمۇ يوققا چىقارماقچى. ھازىرقى ۋەزىيەت شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغان ئىشىمىز – ئۈمىدۋار بولۇش، ئۈمىد ئىچىدە قەيسەر ۋە جاسارەتلىك ياشاش. مەيلى ئۇيغۇر دىيارىدىكى قېرىنداشلار بولسۇن ياكى ۋەتەن سىرتىدا مۇھاجىرلىقتا تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلار بولسۇن، يادىمىزدا بولسۇنكى «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار». ئۈمىد بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ، داۋاملىق ئالغا قاراپ مېڭىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ ۋە شۇنداقلا ھاياتىمىزغا مەنە قوشىدۇ. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنەيلىكى، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقىت - سائىتى بولغىنىدەك، بىر كۈنى كېلىدۇ، ھەممىمىز جىسمانىي ۋە روھىي ئەركىنلىككە ئېرىشىمىز؛ بىر كۈنى كېلىدۇ، بۇ قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز؛ بىر كۈنى كېلىدۇ، ھەممىمىز بىرلىكتە ياڭراق ئاۋازىمىز بىلەن زەپەر قوشىقىنى دۇنياغا ياڭرىتىمىز!

## ئىككىنچى، لاگېردىن ئازاد بولۇش، ئەمما ئازابلىق سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماسلىق

1945 - يىلى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىدۇ. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئېدىس ۋە ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئاچارچىلىق دەستىدىن يېرىم ئۆلۈك ھالىتىدە ھوشسىز ياتقان يېرىدىن تېپىۋالىدۇ. ئېدىس بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، قوۋۇرغىلىرى سۇنغان، ئۆپكىسى تۇبېركۇلىيوز بىلەن ياللۇغلانغان بولۇپ، بۇ ھالىتىدە بىر مەزگىل دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىدۇ. ئېدىس لاگېردىن قۇتۇلىدۇ ۋە يېڭى ھاياتقا ئېرىشىدۇ، ئەمما پەقەت ئۆزىنىڭلا ھايات قېلىپ باشقا يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ «ھايات قالغانلىق گۇناھى» ئىچىدە ئۆزىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. ئۇ كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ھايات قېلىش دېگەن ئاق ياكى قارىدەك ئىش. ھايات - مامات ئىچىدىكى كۈرەشتە ھېچقانداق ‹لېكىن›لار مەۋجۇت ئەمەس. ئەمدىلىكتە بولسا ‹لېكىن›لار بىئارام قىلىشقا باشلىدى. بىز يېگۈدەك نان بار. توغرا، لېكىن بىز بىر تىيىنى يوق قاق سەللە. سەمرىپ قالدىڭىز، شۇنداق، لېكىن يۈرىكىم تاش باسقاندەك ئېغىر. سىز ھايات ياشاۋاتىسىز، شۇنداق، لېكىن ئاپام ئۆلدى» [3]. ئاپىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئېلىپ كېتىلىشى ۋە زەھەرلىك گاز بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشى ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. يەنە كېلىپ ئاپىسىنى ئەگەر «بۇ مېنىڭ ھەدەم» دېگەن بولسا بەلكىم ئاپام ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان بولاتتى دېگەن «گۇناھكارلىق» تۇيغۇسى ئۇنى ئىنتايىن بىئارام قىلىدۇ. ھەدىسى بىلەن بىرلىكتە بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە ئاتا - ئانىسىغا بولغان سېغىنىشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە ھاياتىنى ئۇلارسىز داۋاملاشتۇرىدىغىنىنى ئويلىغىنىدا قاتتىق ئاھ ئۇرىدۇ.

ئېدىسىنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى بۇ ئەھۋالنى ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ داۋاملىق ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. مەسىلەن، ئەڭ يېقىن دوستلىرىنى كاپالەت قىلغۇزۇپ ئوقۇش ئۈچۈن ياكى بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە چىققانلار، شۇ سەۋەبلىك دوستلىرىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەشلىرى ۋە باشقىلار تەرىپىدىن ئەيىبلىنىشلەر، شۇ

سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى قاتتىق گۇناھكار ھېس قىلىشلار... چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان باللىرىنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ئاتا - ئانىلىرىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىشى ۋە قىيىن - قىستاقلارغا ئېلىنىشى، ئۆزلىرى سەۋەبلىك ئاتا - ئانىسىنىڭ ئازاب چېكىۋاتقانلىقىغا بولغان ئۆزىنى ئەيىبلەشلەر... غەرب دۆلەتلىرىدە ئەركىن ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ چوڭ قىرغىنچىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئازابلار، يۈرەك ئاغرىقلار، ئاھ - زارلار... چەت ئەللەردە باش كۆتۈرگەن، ۋەتەن - خەلق دەپ كېچە - كۈندۈز خىزمەت قىلىۋاتقان ئاۋانگارت ئۇيغۇر يېتەكچىلەرنىڭ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان بارلىق ئوقۇمۇشلۇق زىيالىيلارنىڭ ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بولغان ھۇجۇملار ۋە زىيانكەشلىكلەر ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەق دەۋاسى ئۈچۈن مېڭىۋاتقان قەدەملىرىگە بولغان توسقۇنلۇقلار... «ھايات قالغانلىق گۇناھى»، «ئەركىن ياشاۋاتقانلىق گۇناھى» بىلەن بارلىق تىرىشىپ ھايات ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنى «گۇناھكارلىق» پاتقىقىغا پاتقۇزۇش، بۇمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىي پىلانىنىڭ بىرى. ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇش، ئۇلارنىڭ تىنچ - ئاراملىقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ پالاكەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە ئارتىپ قويۇش ۋە شۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ دىققىتىنى ھەقىقىي مەسىلىنىڭ يىلتىزىدىن يۆتكەش مەقسەت قىلىنغان.

ئەگەر ھازىرقى ۋەزىيەتتە يەنە داۋاملىق ئۆز - ئۆزىمىزنى ئەيىبلەش، باشقىلارنى ئەيىبلەش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىدىكەنمىز، لاگېر ۋە تۈرمىلەردىكى ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش، پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش قاتارلىق نىگىزلىك ئىشلار بىر ياقتا قېلىپ، تۈگىمەس ئۇرۇش - جېدەلنىڭ ئىچىدە تەمتىرەپ قالىمىز ۋە مۇھىم نىشانىمىزنى يوقىتىمىز. گۇناھكارلىق تۇيغۇسى كىشىنى ئالغا باستۇرمايدۇ، خۇددى ئېغىر تاش بېسىلغاندەك قەلبنى ئازابلايدۇ، بەدەننى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ، روھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. گۇناھكارلىق زەنجىرىنى ئۈزۈش بىزنىڭ تاللىشىمىز. زەنجىر ئۈزۈلگەندە ئادەم ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلىدۇ ۋە يەڭگىل قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ مەنزىلگە تېز يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، دىققىتىمىزنى توغرا، پاك، ھەقىقىي، ئادىل بولغان ئىشلارغا بۇرىشىمىز ۋە كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپىمىزنى قوشقىنىمىز ھەممىدىن ئەلا.

## ئۈچىنچى، ئېدىسنىڭ كۆچمەنلىك ھاياتى ۋە ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى بىلەن بولغان سېلىشتۇرمىلىرى

1946 - يىلى ئېدىس، بېلا بىلەن توي قىلىدۇ. بېلامۇ ئېدىس بىلەن تەقدىرداش ۋە ئاتا - ئانىسىنى بۇ قىرغىنچىلىقتا يوقاتقان بىر يەھۇدىي يىگىت ئىدى. بېلانىڭ ئۇرۇشتىن بۇرۇنلا ئامېرىكىغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاكىسى بار بولۇپ، شۇ ئاكىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇلار ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىدۇ. ئۆپكە تۇبېركۇليۇزى بىلەن يۇقۇملانغان ئېدىسقا دوختۇرلۇق رەسمىيەتلىرى بېجىرىش ئانچە قولاي بولمايدۇ. شۇ جەرياندا يالغانچىلىقلارنىمۇ قىلىدۇ ۋە كېيىنكى زامانلاردا قىلغان يالغانچىلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. شۇ جەرياندا بېلانى ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدۇ. ئېدىس بارلىق بىساتى بولغان تويلۇق ئۈزۈكىنى رەنىگە قويۇپ تۇرۇپ، يولدىشىنى ساقچىخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ ۋە زور قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئامېرىكىغا كۆچمەن بولۇپ كېلىدۇ.

ئۇلار بۇ ئەركىن زېمىندا يېڭى ھاياتنى باشلايدۇ. ئېدىس بىلەن بېلا يېڭى ھاياتى ئۈچۈن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. خۇددى بارلىق ئالدىراشچىلىقلار ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغاندەك ياكى يۈرەك يارىلىرىنى ساقايتىۋېتىدىغاندەك ئويلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈشى،

ئەيىبلىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارىدۇ، ھەتتا ئۆز جامائەتچىلىكى ئىچىدىمۇ ئۆزىنى كەمسىتىشكە باشلايدۇ. خۇددى ئۆزىنى سۆرگۈندە ياشاۋاتقان، ھايات قېلىشقا لايىق بولمىغان ۋە ئۇلارغا تەۋە ئەمەس يات بىر كىشىدەك ھېس قىلىدۇ [4]. كۆچمەن بولۇپ كەلگەنلىكى ۋە يەرلىك خەلقلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئىمتىيازلارغا ئىگە بولالماسلىقى ئۇنى خۇددى ئىككىلەمچى پۇقرادەك ھېس قىلدۇرىدۇ. بارلىق كۆچمەنلەرنىڭ ياكى تاكسى ھەيدەۋاتقانلىقىنى، ياكى يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ۋە ياكى زاۋۇتلاردا قارا ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە ۋە ئۆزىنىڭ ھالىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. پەقەت ئوقۇش بىلەن باش كۆتۈرەلەيدىغانلىقىنى، ئوقۇش ئارقىلىق تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، بېلا بىلەن ئىككىسى قاتتىق تىرىشىپ ئوقۇيدۇ. بېلا بوغالتىرلىق ئىمتىھانىنى تاماملايدۇ، ئېدىس بولسا ئۇنىۋېرسىتېتتا پسىخولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرىدۇ ۋە شۇنىڭغا لايىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بۇرۇنقىلار: «قازاننىڭ قۇلىقى تۆت» دەپ بىكار ئېيتمىغان ئىكەن. قايسى دۆلەتكە كۆچمەن بولۇپ بېرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، تىرىشماي تۇرۇپ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مانا بۇ ۋەتەن سىرتىدا مۇھاجىرلىقتا ياشاۋاتقان ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەسىلە. ۋەتەنسىز بولدۇقمۇ دەيلى، ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىزدىن ۋاقتىنچە ئايرىلدۇقمۇ دەيلى، ئۇيغۇرنىڭ بېشىغا نۇرغۇن ئەلەملەر كەلدىمۇ دەيلى، ئەمما، بۇ، تىرىشىپ ياشماسلىقنىڭ باھانىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىزدە بارلىق كەچمىشلەرنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ تىرىشىپ ياشايدىغان تاللاش بار. تىرىشىپ ياشاش دېگەنلىك ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇش، كەسىپ ئىگىلەش، يۇقىرى ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىش، ياخشى پۇقرا بولۇش، باللىرىمىزنى ئىقتىدارلىق ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈپ چىقىش قاتارلىق نۇرغۇن جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار «ھايات قالساقلا بولىدى» دېگەننى ئۆزىمىزگە نىشان قىلساق بولمايدۇ. بىز ھايات قېلىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تېخىمۇ ئېسىل ياشاش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم. تىرىشىپ ياشىغاندىلا بىر نەتىجە قازانغىلى بولىدۇ. قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىز ئارقىلىق، خىزمەتتىكى ئىمتىيازلىرىمىزدىن، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى قولايلىقلاردىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىنى ئۆزىمىز تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەتلەرگە ئاڭلىتالايمىز. كەڭ كۆلەمدىكى يىغىنلارنى ۋە يىغىلىشلارنى تەشكىللەپ، يەرلىك خەلقلەرگە ئۇيغۇرلار توغرۇلۇق توغرا ئۇچۇرلارنى يەتكۈزەلەيمىز. باشقا دېموكرات ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان گۇرۇپپىلار بىلەن ئىتتىپاقلىق ئورنىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىك دەۋاسى ئۈچۈن كۈچ توپلىيالايمىز. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جاپاغا چىداپ تىرىشىپ ياشىغانلىقنىڭ بەدىلىگە كېلىدىغان، بىز قىلىشقا تېگىشلىك ۋە قۇربىمىز يېتىدىغان ئىشلار.

## تۆتىنچى، ئېدىسنىڭ يۈرەك يارىلىرىنىڭ شىپالىق تېپىشى – نومۇس ۋە گۇناھكارلىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش، كونا ئەسلىمىلەرنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇش، نەپرەت ۋە كەچۈرۈم ئارىسىدىكى تارتىشىشلار

تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلگەندە، ئېدىس ئۆزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقايدۇ. چۈنكى، ئالدىراش تۇرمۇش ئۇنىڭ جاراھەتلىرىنى ۋاقتىلىق ئۇنتۇلدۇرغان بىلەن ساقايتمىغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ يۈرەك يارىلىرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. دىققىتى ئۆتمۈشىدە بولغانسېرى، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھى بېلادىن كۆرىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتەك قىزغىن مۇھەببەتنى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئۈچۈن توي قىلغانلىقىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى تاپالمايدۇ. شۇنداق ھېسسىيات توقۇنۇشلىرى ئىچىدە ئېدىس بېلا بىلەن ئاجرىشىدۇ. ھاياتىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ئۇنىڭ قەلبىگە يەڭگىللىك ئەمەس، بەلكى بىر يېڭى بوشلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ بوشلۇق

يالغۇزلۇق، جاھىللىق، قورقۇنچ ۋە ئەيىبلەش دېگەندەك ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن تولۇشقا باشلايدۇ. ئۇ قايتىدىن ئۆزلۈكىنى تېپىش سەپىرىگە ئاتلىنىپ، پسىخولوگىيە كەسپىنىڭ دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرىدۇ ۋە مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملايدۇ. ئوقۇش جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى تونۇپ يېتىدۇ. «مىجەز - خۇلقىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھېس - تۇيغۇلىرىمىز ئۆزگىرىشى كېرەك. ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن ئوي - پىكىرلىرىمىز يېڭىلىنىشى لازىم» [5]. ئىدىيەسىدىكى بۇ ئويغىنىشلار، ئېدىسقا تۇرمۇشقا يېڭى بىر نۇقتىدىن قاراشنى ئۆگىتىدۇ. ئۆزىنى ۋە ئۆتمۈشىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇش ياكى ئۇلاردىن قېچىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇ جەرياندا ئۇ يولدىشى بىلەن بىلەن يارىشىۋالىدۇ. ئۆتمۈشنىڭ ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئەيىبلەش، كەچمىشلىرىدىن قېچىش ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ھېچقانداق روھىي ئەركىنلىك ئېلىپ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئېدىس، نەتىجىدە كەچۈرۈم قىلىشنى تاللايدۇ. روھىي شىپالىقنىڭ تۇنجى قەدىمىنى ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى كەچۈرۈشتىن باشلايدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا، كەچۈرۈش ئەڭ قىيىن بولغان ئەجەللىك دۈشمىنى نېمىسلارنى، ئۇرۇش دەۋرىدىكى نېمىس ھۆكۈمىتىنىمۇ كەچۈرۈم قىلىدۇ.

«ۋاقىت ھەممىنى ئۆزگەرتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئەمما، ئۇنداق ئەمەس. ۋاقىت ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇلدۇرمايدۇ، يارىلارنى ساقايتالمايدۇ. لېكىن، ۋاقىت يارىلارنىڭ شىپالىق تېپىشى ئۈچۈن شارائىت ۋە پۇرسەت ھازىر قىلىپ بېرىدۇ. بىزگە بېرىلگەن ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، يارىلىرىمىزغا شىپالىق ئىزدەشمۇ بىر تاللاش. مانا ھازىرقى مەزگىلدە، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن نۇرغۇنلىغان بالايىئاپەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. بەزى قېرىنداشلار ھېلىمۇ تۈرمىلەردە تۇرۇۋاتىدۇ، قىينىلىۋاتىدۇ. ئىنتايىن ئاز بىر قىسىملىرى تۈرمىلەردىن قۇتۇلدى ۋە بىخەتەر دۆلەتلەردە پاناھلىنىۋاتىدۇ ۋە ياشاۋاتىدۇ. ۋەتەن سىرتىدا دېموكراتىك دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئەركىنلىك ئىچىدە ياشاۋاتامدۇ؟ ئۇنى بىر نېمە دېمەك تەس. چۈنكى، «ئەركىنلىك بېرىلدى» دېگەن بىلەن «ئەركىن بولۇپ ياشاش» ئىككىسى بىر ئۇقۇم ئەمەس. چۈنكى، ئەركىنلىك بېرىلگەن تەقدىردىمۇ ئوي - پىكىردە ئۆزگىرىش بولمىسا، ئەركىن تۇرۇپمۇ يەنىلا تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەردەك ۋە گۇناھكارلاردەك قۇللۇق ئېڭىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئوي - پىكىرنى يېڭىلاشنىڭ ئۆزى بىر تاللاش. ئوي - پىكىرنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن دۇنيا قاراشمۇ يېڭىلىنىدۇ. ئوي - پىكىرنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن بېشىمىزغا كەلگەن كۈلپەتلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىزدىمۇ ياخشى ئىلگىرىلەشلەر بولىدۇ. مانا بۇ، ئۆزىمىزنى ئازاد قىلىدىغان ۋە ئۈمىد بىلەن ياشايدىغان پايدىلىق تاللاش.

ھەقىقىي ئەركىنلىك كەچۈرۈم ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. كەچۈرۈم دېگىنىمىز، بىزگە زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرگە ۋە گۇرۇپپىلارغا بولغان ئۆچمەنلىك ياكى ئۆچ ئېلىش ھېسسىياتىنى ئاكتىپلىق بىلەن يوق قىلىش ۋە ياكى ئېلىپ تاشلاش دېگەنلىكتۇر. بۇ ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپنىڭ توغرا بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ياكى قارشى تەرەپ بۇنىڭغا ئەرزىپ كەتكەنلىكىدىن بولمايدۇ. كەچۈرۈم ئۆزىمىزگە قىلىنغان ئېسىل سوۋغات. بۇ بىزنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىمىزنىڭ سىمۋولى. بۇ ئارقىلىق بىز ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيمىز، قەلبىمىزدىكى ئېغىر تاشنى ئىرغىتىپ تاشلىيالايمىز، ئاچچىق ۋە غەزەپ ئېلىپ كەلگەن ھېسسىيات توقۇنۇشلىرىدىن قۇتۇلالايمىز. نەتىجىدە روھىمىزنىڭ ساغلاملىقىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز. ئۆچمەنلىك ئارىلاشقان ئەركىنلىك – ئەركىنلىك ئەمەس. ئۇ يەنىلا بىزنى غەزەپنىڭ قۇلى قىلىدۇ، خالاس. ئۆچ ئېلىش بىزنى ئازاد قىلمايدۇ، ئەكسىچە نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە دۇچار قىلىدۇ. ئەمما، ئەركىن روھ ۋە ئەركىن تەن بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق داۋاسىنى قىلىش ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. مانا بۇنى بىز تاللىيالايمىز.

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن شۇنى يىغىنچاقلاشقا بولىدىكى، ھەق بىلەن ناھەق، ئاق بىلەن قارا، يورۇق بىلەن قاراڭغۇ، مۇھەببەت بىلەن زۇلۇم ئارىلاشقان دۇنيادا ياشاۋاتقان ئىكەنمىز، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. بەزى قىيىنچىلىقلار ۋاقىتلىق ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇزۇن

مۇددەتلىك، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى داۋاملىشىۋاتىدۇ ۋە مۇشەققەتلىك دەرىجىسى بارغانسېرى ئېشىۋاتىدۇ. «كۆزىدىن ئايرىغان خۇدا ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگەندەك، شۇنچە كۆپ پايدىسىز شارائىت ئىچىدىمۇ، بىزنىڭ قولىمىزدا نۇرغۇنلىغان تاللاشلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىزدە تاللاش ئەركىنلىكىمۇ بار. توغرىنى تاللايلى ياكى خاتانى، ئۈمىد ئىچىدە ياشاشنى تاللايلى ياكى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاشنى، تىرىشىپ ئىشىل ياشاشنى تاللايلى ياكى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇپ پاسسىپ ياشاشنى، ئۆچ ئېلىشنى تاللايلى ياكى كەچۈرۈمنى... مەيلى قايسىسىنى تاللايلى، تاللاشتىن بۇرۇن تۆۋەندىكى سوئاللارنى ئۆزىمىزدىن سوراپ كۆرەيلى: بىز بۇ تاللىشىمىزنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا نېمىلەرنى قالدۇرۇپ قويىماقچى؟ تاللاشلىرىمىز ئارقىلىق بىز تىنچلىققا ئېرىشەلىدۇقمۇ؟ ھەقىقىي ئەركىنلىككە چىقالىدۇقمۇ؟ [6]

تاللاش سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە...

*2023 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، كانادا*

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] The Choice - Embrace the Possible by Dr. Edith Eva Egar, published by Scribner, 2017.

[2] Dr. Edith Eva Eger, The Choice - Embrace the Possible, page 44.
Then Christmas came, but our liberators did not. And she died the next day. I believe that her inner voice of hope kept her alive, but when she lost hope she wasn’t able to keep living. While nearly everyone around me – SS officers, kapos, fellow inmates – told me every moment of every day, from Appell to the end of the workday, from selection lines to meal lines, I would never get out of the death camp alive, I worked to develop an inner voice that offered an alternative story. This is temporary, I’d tell myself. If I survive today, tomorrow I’ll be free.

[4] Dr. Edith Eva Eger, The Choice - Embrace the Possible, page 137.
This embarrassment, this feeling of exile, even in my own community, didn’t come from without. It came from within. It was the self - imprisoning part of me that believed I didn’t deserve to have survived, that I would never be worthy enough to belong.

[5] Dr. Edith Eva Eger, The Choice - Embrace the Possible, page 171.
To change our behavior, Ellis taught, we must change our feelings, and to change our feelings, we change our thoughts.

[6] Dr. Edith Eva Eger, The Choice - Embrace the Possible, page 205.
What legacy do I want to pass on? What will I leave in the world when I am gone? I have already chosen to relinquish secrets and denial and shame. But have I really made peace with the past? Is there more to resolve so that I don’t perpetuate more pain?

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى

- 1992 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن (ئۈرۈمچى)
- 1994 - يىلى شەرقىي شىمال مالىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مالىيە كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن (دالىيەن)
- 1998 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە خىزمەتكە كىرگەن (ئۈرۈمچى)
- 2007 - يىلى شىمالىي ئالبېرتا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن (كانادا)
- 2012 - يىلى غەربىي ئۇنىۋېرستېتىنى تاماملىغان (كانادا)
- 2012 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە پادىشاھ ئابدۇللاھ پەن - تېخنىكا ئۇنىۋېرستېتى مالىيە بۆلۈمىدە خىزمەتتە بولغان (سەئۇدى ئەرەبىستان)
- 2019 - يىلدىن ھازىرغىچە فەنشاۋ ئىنستىتۇتى مالىيە بۆلۈمىدە خىزمەتتە (كانادا)

30

# ئۇيغۇرلار، گېئوپولىتىكا ۋە كېلەچەك

ئەخمەتجان قاسىم

## تونۇشتۇرۇش

بىز ياشاۋاتقان دۇنيا كۆنسېرى تۇراقسىزلىشىۋاتىدۇ. پۇل پاخاللىقى، چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىددىيلىك، ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش، كىلىمات كرىزىسى، يېمەكلىك كرىزىسى، ئوتتۇرا شەرقتىكى توقۇنۇش ۋەھاكازالارغا دۈچ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى. تەسىر ۋەزىيەتكە بولغان تونۇشقا ئەمەس، بەلكى كۆنتەرتىپتىكى مۇھىملىققا باغلىق. 2017 - يىلدىن باشلاپ، بىز بىرلىكتە ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزدۇق. بۇ ھەرىكەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازاندى ۋە ھېلىھەم قازانماقتا. بەزى دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئېتىراپ قىلدى، پەقەت ئامېرىكادىلا بۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. ھالبۇكى، دۇنيادىكى ھەر خىل كرىزىسلارغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى سىياسىي كۆنتەرتىپنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە سۈرۈلگەندەك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇر مەسىلىسىنى كۆنتەرتىپنىڭ باش بېتىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن، گېئوپولىتىك مەسىلىلەرنى چۈشىنىشىمىز مۇھىم.

بۇ ماقالە ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەسىنى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتكە بولغان تايىنىشنىڭ كۆچىيىشىنى ۋە ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىقنىڭ ئىستىقبالىنى باھالاش ھەمدە بىخەتەر كېلەچەك ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىگە ھوقۇق بېرىشنى ۋە زور ئۆزگىرىش ئۈچۈن يول ئېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىرىنچى بابتا «ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەسى» مۇھاكىمە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى بابتا غەرب دۇنياسىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە بولغان تايىنىشچانلىقىنىڭ كۆنسېرى كۆچىيىۋاتقانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى بابتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ. تۆتىنچى بابتا ئاساسىي قانۇن ئۇقۇمى ۋە ئەركىنلىك يولى بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن ماقالە خۇلاسە بىلەن تۈگەللىنىدۇ.

## بىرىنچى باب: ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەسى

2022 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، رۇس پرېزىدېنتى پۇتىن ئۇكرائىناغا ئومۇميۈزلۈك تاجاۋۇز قىلغاندا ياكى ئۆزىنىڭ تەبىرى بويىچە «ئالاھىدە ھەربىي ھەرىكەت» قوزغىغاندا، ياۋروپا دۇنياسى، بولۇپمۇ غەربىي ياۋروپا چۆچۈپ ئويغاندى. ياۋروپا ئىتتىپاقى، «ياۋروپا كۆمۈر ۋە پولات - تۆمۈر جەمئىيىتى» (ECCS) ۋە «ياۋروپا ئىقتىسادىي ئورتاق گەۋدىسى» (EEC) 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياۋروپانى ۋەيران قىلغان ئۇرۇشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. ئەزا دۆلەتلەر ئارىسىدىكى (ئۆزئارا) ئىقتىسادىي بېقىنىش ئۇرۇشنىڭ «چىقىمى ۋە پايدىسى»غا تەسىر كۆرسىتىشنى مەقسەت قىلغان. شۇنداقلا، بۇ پىروجېكت ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولۇپ، ياۋروپاغا تاكى 2022 - يىلغىچە تىنچلىق ئېلىپ كەلگەنىدى.

ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى بۇ ئۇرۇش ياۋروپا رەھبەرلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېڭى دۇنيادىكى ئورنى ھەققىدە ئويلاندۇردى ۋە بۇ سىياسەتتە زور ئۆزگىرىشلەرگە سەۋەب بولدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئايدىڭلاشتى. ئالدى بىلەن، رۇسىيە ئۇكرائىناغا تاجاۋۇز قىلغاندىن تارتىپلا، ياۋروپا ئىتتىپاقى رۇسىيەگە بىر يۈرۈش تارىخىي جازا يۈرگۈزدى. دەسلەپتە، رۇسىيە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا، رۇسىيە دۆلەتلىك دۇما ئەزالىرىغا، ھەربىي خادىملارغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ساياھەت چەكلىمىسى قويۇلدى. ئۇ يەنە رۇسىيەنىڭ ئون بانكىسىغا SWIFT چەكلىمىسى قويۇش ۋە رۇسىيەنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ كاپىتالىغا ئېرىشىش ۋە پۇل مۇئامىلە بازىرىغا كىرىشىنى چەكلەش قاتارلىق ئىقتىسادىي جازالارنى قوللاندى. ياۋروپا ئىتتىپاقى قوللانغان بارلىق تەدبىرلەرنىڭ ئىچىدە، ئېنېرگىيە ساھەسىدىكى چەكلىمە ياۋروپا كېڭىشىدە بىردەك كېلىشىم ھاسىل قىلىش ئەڭ قىيىن بىر تۈر دەپ قارىلاتتى. چۈنكى، بەزى ئەزا دۆلەتلەر ئەرزان باھالىق رۇسىيە گازىغا ئېغىر دەرىجىدە تاينىاتتى. لېكىن، ياۋروپا ئىتتىپاقى يەنىلا بېلىنى باغلاپ، رۇسىيەنىڭ گازىنى ئىمپورت قىلىشنى زور دەرىجىدە ئازايتتى. ئىككىنچىدىن، ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپانىڭ مۇداپىئە سېلىنمىسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. گېرمانىيە باش مىنىستىرى ئولاف شولز 2022 - يىلى 3 - ئايدا گېرمانىيە ئۈچۈن تارىخىي مۇداپىئە پىلانىنى ئېلان قىلدى. شولز ئۇنى «Zeitenwende»، يەنى «بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلىششى» دەپ ئاتىغانىدى. دەرۋەقە، بۇ ئېنىقلا بىر دەۋرنىڭ ئاخىرلىششى ئىدى. مەن پاراڭلاشقان گوللاندىيەنىڭ بىر نەپەر سابىق سىياسىيونى مۇنداق دېدى: «ئەگەر بوۋام ھايات بولغان بولسا، مەن ئۇنىڭغا گېرمانىيە باش مىنىستىرىنىڭ گېرمانىيەنىڭ ھەربىي خامچوتىنى ئاشۇرغانلىقىنى ئېيتسام، ئۇ چوقۇم قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن بولاتتى.» ياۋروپادىكى دۆلەت مۇداپىئە سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش دولقۇنى گېرمانىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، مەن ياشاۋاتقان گوللاندىيە قاتارلىق دۆلەتلەرمۇ بۇ جەھەتتە قەدەم ئېلىشتى. ئۈچىنچىدىن، ئۇكرائىنادىكى ئۇرۇش ياۋروپانى ئۆزىنىڭ سوزۇلغان «گېئوپولىتىك قىشلىق ئۇيقۇ»دىن ئويغىتىپ، داۋالغۇشقا تولغان بۇ يېڭى دۇنيادا تېخىمۇ ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. سوغۇق ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، غەرب دۇنياسى تېخىمۇ لىبېراللىشىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە تېخىمۇ ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئامېرىكانىڭ ھەربىي ۋە يادرو قوغدىشى ئاستىدا، ياۋروپا ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىغا ۋە پاراۋانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. ئامېرىكانىڭ سابىق پرېزىدېنتى دونالد ترامپ گېرمانىيەنى رۇسىيەنىڭ گازىغا بەكلا تايىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى ئاگاھلاندۇرغاندا، گېرمانلار بۇنىڭغا پىسەنت قىلمىغانىدى. لېكىن، ترامپنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى توغرا چىقتى.

ترامپ تۆت يىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ياۋروپا بىلەن ئامېرىكانىڭ مۇناسىۋىتى تەۋرىنىپ قالدى. ياۋروپادىكى بەزى رەھبەرلەر، بولۇپمۇ فىرانسىيە بىلەن گېرمانىيەنىڭ رەھبەرلىرى ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقدىشى بولغان ئامېرىكاغا بېقىنىشنى ئازايتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. ئەسلىدە، ياۋروپا ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يەنى ھەربىي جەھەتتە ئامېرىكادىن مۇستەقىل

بولـۇپ، دەربەدەن تاشقىرى سىياسىي كۆچكە ئايلىنىش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك ئىدى.

بىرلـەن تېمى ئۆرۈلـۈپ، سـوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەنـدىن بۇيـان، غـەرب دۇنياسى يېڭى دۇنيانىڭ ئۆزلىرىنى ئۆزىنەك قىلىپ ئىلگىرىلەيدىغانلىقىغا، ئۆزلىرىنىڭ تېخىمۇ دېموكراتىكلاشقان ۋە لىبېراللاشقان دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرۈشى كېرەكلىكىگە ئىشىنىشكە باشلىدى. ياۋروپادا، شـىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشـكىلاتىغا ئـەزا دۆلەتلـەر مۇداپىئـە خامچوتىنى ئازايتىـپ بولاتتـى، چۈنكى ياۋروپا قوغداشقا موهتاج بولغانـدا، ئامېرىـكا دەررۇ هازىـر بولاتتـى. ياۋروپـا دۆلەتلـىرى پەقـەت ئۆزلىرىنىـڭ «پاراۋانلىـق دۆلىتـى» بولۇشـىغا ۋە ئىقتىسـادىي تەرەققىياتىغا كۆچىسـلا بولاتتى. بۇنىڭغا سىلىشتۇرغاندا، دۇنيانىڭ ياۋروپانى ئۆلگـە قىلىشـى ناتايىـن ئىـدى، ئامېرىكانىـڭ 45 - نۆۋەتلىك پرېزىدېنتى (يەنـى دونالـد ترامـپ) ياۋروپـا ياردەمگـە موهتـاج بولغانـدا، ئامېرىكانىـڭ دەررۇ هازىـر بولىدىغـان - بولمايدىغانلىقىدىـن شـەكلىنەتتى. بـۇ ياۋروپانىـڭ هەربىـي جەهەتتـە ئامېرىكادىـن مۇسـتەقىل بولـۇش ئىسـتىكىنى كۈچەيتتـى، ئىسـتراتېگىيەلىك ئاپتونومىيـە خاهىشـىمۇ كۈچىيىشـكە باشـلىدى.




ياۋروپـا قىتئەسـىدە 1945 - يىلىدىـن كېيىـن يەنـە بىـر قېتىـم ئـۇرۇش پارتلىـدى - دە، ياۋروپـا يەنـە بىـر قېتىـم ئامېرىكانىـڭ قوللىشـىغا موهتـاج بولـدى. گەرچـە ئەنگلىيـە ۋە ئامېرىـكا ئىسـتىخبارات تارماقلىرى دۇنيانـى رۇسـىيەنىڭ ئۇكرائىناغـا ئـۇرۇش قوزغـاش مۇمكىنچىلىكـى توغرىسـىدا ئاگاهلاندۇرغـان بولسـىمۇ، (غەربىي) ياۋروپالىقلار بۇنىڭغا گۇمانىي نـەزەردە قـاراپ، ئىگىلىـك هوقۇقلـۇق بىـر دۆلەتكـە كـەڭ كۆلەمـدە تاجاۋۇز قىلىنىشـىغا ئىشـەنمىگەنىدى. بـۇ ئـۇرۇش مۇقـەررەر هالـدا ياۋروپانىـڭ مۇداپىئـە سىستېمىسـىنىڭ ئاجىزلىقىنـى ۋە ئۇتتـۇز يىللىـق هەربىـي خامچـوت قىسقارتىشـنىڭ ئاقىۋىتىنـى ئاشـكارىلىدى. تۆۋەندىكـى ئىستاتىسـتىكىدا كۆرگىنىڭىـزدەك (مەنبـە: كىيىـل دۇنيـا ئىقتىسـادى ئىنسـتىتۇتى)، ئامېرىـكا ئۇكرائىناغـا قىلىنغـان بارلىـق هەربىـي ياردەملەرنىـڭ يېرىمىنى دېگـۈدەك ئۈسـتىگە ئالـدى. رۇسـىيە - ئۇكرائىنـا ئۇرۇشـى ياۋروپانىـڭ ئىسـتراتېگىيەلىك ئاپتونومىيـە ئىسـتىكىنى كۈچەيتىپـلا قالماي، ياۋروپادىـن يېڭـى گېئوپولىتىـك سىياسـەت تۈزۈشـنى تەقـەززا قىلـدى.

مـەن گوللاندىيـەدە پاراڭلاشـقان (گېئوپولىتىـك) مۇتەخەسسـىسـلەر ئوخشـاش ئۇچۇرنى تەكرارلاشتى: بىـز 2024 - يىلـى كىمنىـڭ ئامېرىكاغـا پرېزىدېنـت بولىدىغانلىقىنـى بىلمەيمىـز، شـۇڭا ياۋروپـا هـەم هەربىـي، هـەم ئىقتىسـادىي جەهەتتـە ئـۆز ئىسـتراتېگىيەسـىنى تۈزۈشـكە موهتـاج. بـۇ كۆڭۈلسـىز، ئەمما چوقـۇم يۈزلىنىشـكە تېگىشـلىك ئۇچـۇردۇر. هالبۇكـى، هەربىـي جەهەتتـە مۇسـتەقىل بولغـان ياۋروپا ئىتتىپاقى ياكى ياۋروپانى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا نۇرغۇن يىـل كېتىـدۇ. ئوتتـۇز يىللىـق هەربىـي قىسقارتىشنى بىـر يىلـدا ئەسـلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. شـۇڭا، مەنچـە ياۋروپالىقلارنىـڭ ياقتـۇرۇش - ياقتـۇرماسلىقىدىن

قەتئىينەزەر، ياۋروپانىڭ ئامېرىكانىڭ ھەربىي قوللىشىغا تايىنىشى كەلگۈسى (نەچچە) ئون يىلدا يەنىلا داۋاملىشىدۇ.

### كىيېۋ بىلەن ئۈرۈمچى، يىراق ئارىلىقتىكى ئوخشاش قىسمەت

ئەگەر ئۇكرائىنا ئۇرۇشى مەغلۇب بولسا، ئامېرىكا بىلەن ياۋروپا بۆلۈنۈپ كەتسە، نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ مەن ئويلاپ باقتىم. ئەگەر شۇنداق بولسا، تانكىلار كىيېۋدىن ئۆتكەن، ئۇكرائىنانىڭ تېخىمۇ كۆپ شەھەرلىرى مارىيۇپول ياكى باخمۇتقا ئوخشاپ قالغان (يەنى خانىۋەيران بولغان)، بىز «ئۈچىنچى دۇنيا ئۇرۇشى»غا ئىلگىرىكى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن بەكرەك يېقىنلاشقانلىقىمىز ئۈچۈن، رۇس ئەسكەرلىرى پولشا چېگراسىغا جايلاشقان بولاتتى. غەرب دۇنياسى، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلار، تەسكىن تاپقۇزۇش (appeasement) سىياسىتىنىڭ پەقەتلا مەسىلىنى كېچىكتۈرگەنلىكىنى، ئەمما ھەل قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئەگەر ياۋروپا ئىتتىپاقى 2014 - يىلى (يەنى رۇسىيە قىرىمنى يۇتۇۋالغاندا) 2022 - يىلىدىكىگە ئوخشاش تەدبىر قوللانغان بولسا، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولارمىدى؟ بەلكىم شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بۇنىڭ جاۋابىنى بىلمەيمەن. ئەمما شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، پۇتىن ۋە شى جىنپىڭغا ئوخشاش مۇستەبىتلەرگە قارشى قاتتىق تۇتۇم بىلدۈرۈشنىڭ بەدىلى ئۇلارغا يول قويۇشنىڭكىدىن تۆۋەن بولىدۇ. مەن 2023 - يىلى بۇ ماقالىنى يېزىۋاتقاندا، ياۋروپالىقلارنىڭمۇ بۇنى ھېس قىلىشقا باشلىغانلىقىغا ئېھتىيات ئىلكىدە ئىشىنىمەن.

كىيېۋ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 4266 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئەمما ھەر ئىككى پايتەختنىڭ كېلەچىكى ۋە قىسمىتى ئوخشاش. گەرچە ترامپ دەۋرى ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋەتنى خەتەرگە ئۇچراتقان بولسىمۇ، 2023 - يىلى غەربتە مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىتتىپاقلىق مەيدانغا كەلدى. ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ئىككى قوشنا دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رايونلۇق توقۇنۇش بولۇپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە غەرب دۇنياسى بىلەن مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى گېئوپولىتىك رىقابەتتۇر. ئەگەر (خىتاي ۋە رۇسىيە باشچىلىقىدىكى) مۇستەبىت دۇنيا ئۇكرائىنادا «غەلىبە» قىلسا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي كۈچ ئىشلىتىشى ئاسانلىشىدۇ - دە، دۇنيا تېخىمۇ مۇقىمسىزلىشىدۇ. ئەگەر غەرب «غەلىبە» قىلسا، بۇ پۈتۈن دۇنياغا «بىزگە جەڭ ئېلان قىلغان دىكتاتورلار يېڭىلىدۇ» دېگەن ئۇچۇرنى بەرگەنلىك بولىدۇ. مېنىڭ «غەلىبە» سۆزىنى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇرۇش بۇ ھالغا كەلگەندە (يەنى، بۇ قەدەر ئېغىر تالاپەتكە سەۋەب بولغان ئەھۋالدا)، ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن «غەلىبە»نىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بۇ ئاخىرىدا ياۋروپانىڭ خىتايغا قاراتقان تۇتۇمىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئەگەر كىيېۋ ئورنىدىن تۇرالىسا، ئۈرۈمچىمۇ ئورنىدىن تۇرىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ گېئوپولىتىكىنى چۈشىنىشى زۆرۈر.

## ئىككىنچى باب: مۇستەبىت دۆلەتلەرگە بارغانسېرى بەك تايىنىپ قېلىش

بىز ئۇيغۇر بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دۇنيانىڭ نېمە ئۈچۈن ئىرقىي قىرغىنچىلىققا سۈكۈت قىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن بەس - مۇنازىرىلەرنى ئاڭلىدۇق. مەن ئەڭ كۆپ ئاڭلىغان سەۋەب «دۇنيا ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا تايىنىدۇ» بولدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ جەھەتتە ئورتاقلاشقۇدەك خۇش خەۋىرىم يوق: بىز (يەنى ياۋروپا) مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە تېخىمۇ بەك تايىنىمىز.

ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ھېلىھەم خىتايدىن چىقىدىغان سىيرەك تۇپراق ئېلېمېنتلىرىغا (سىيرەك «ئاز، كەم ئۇچرايدىغان، ئاز كۆرۈلىدىغان» دېگەن مەنىدە، «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دىن؛ سىيرەك تۇپراق ئېلېمېنتلىرى ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋرىي جەدۋىلىدىكى لانتان سىستېمىسىدىكى ئېلېمېنتلار ھەمدە سكاندىي ۋە ئىتترىيدىن ئىبارەت ئون يەتتە خىل مېتال ئېلېمېنتنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدۇر

– ت) بەك تايىنىدۇ. خىتاي ھېلىھەم سېيرەك تۇپراق مېتاللىرىنىڭ 98 پىرسەنتىنى ئىشلەپچىقارماقتا. ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتايغا تايىنىش سالمىقىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن قانۇنلارنى چىقارماقتا، ئەمما بۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجە بېرىشىگە نەچچە يىل، ھەتتا نەچچە ئون يىل ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. توكلۇق ماشىنا ۋە چاقپەلەك ياساشتا لىتىي، ئىرىدىي ۋە نېئودىمىي قاتارلىق سېيرەك تۇپراق مېتاللىرىغا ئېھتىياج بار، شۇنداقلا بۇ مېتاللار كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. سېيرەك تۇپراق مېتاللىرى بولمىسا، «پارىژ كېلىشىمى»نى ئىجرا قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ، شۇنداقلا كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتا ئېغىر مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ. شۇنداقلا، خىتايمۇ ئۆزىنىڭ سېيرەك تۇپراق مېتاللىرىنى مونوپول قىلغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بۇنى سىياسىي كوزىر قىلىپ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىيىتى سۈپىتىدە، خىتاي مونوپوللۇق ئورنىدىن پايدىلىنىپ ياۋروپانى قاقتى - سوقتى قىلىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولۇش ياۋروپا ئەللىرىنىڭ خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى بارغانسېرى يۇمشىتىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. خىتاينىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل بولماسلىق كىلىمات ئۆزگىرىشىگە قارشى كۈرەشنى توختىتقانلىققا باراۋەر. بۇ ياۋروپا ئۈچۈن تولىمۇ ناچار باش قېتىنچىلىقىدۇر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى مۇشۇنىڭغا باغلىقتۇر. ئەخلاقىي گېئوپولىتىك ئىستراتېگىيە تۈزۈش ھازىر ھەرقانداق چاغدىكىدىن مۇشكۈلدەك قىلىدۇ.

بۇ بىر دۆلەتنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆز مەھسۇلاتىنى مەقسىتىگە يېتىشتىكى سىياسىي كوزىر قىلىشى ئەمەس. تېخى يېقىندىلا، بىز ياۋروپانىڭ رۇسىيەنىڭ ئەرزان باھالىق تاشقا ئايلانغان يېقىلغۇسىغا تايىنىشىنىڭ رۇسىيە تەرىپىدىن ياۋروپانىڭ ئۆزىگە قارشى تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ۋاستە سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقىغا شاھىت بولدۇق. ئۈچ قېتىملىق (2008 - يىلى گرۇزىيەدە، 2014 - يىلى قىرىمدا ۋە 2022 - يىلى ئۇكرائىنادا) زېمىن يۇتۇۋېلىشتىن كېيىن، ياۋروپا ئاخىرى رۇسىيەدىن تەبىئىي گاز ۋە نېفىت ئىمپورتىنى ئازايتىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى. لېكىن، تاشقا ئايلانغان يېقىلغۇ مەسىلىسى يەنىلا ھەل بولمىدى. ياۋروپا بۇ ئېنېرگىيەلەرنى قاتار، نىگېرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئالجىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر خىتايغا ئوخشاش، تەبىئىي گاز، نېفىت ۋە باشقا تەبىئىي بايلىقلارنى سىياسىي كوزىر قىلىپ، ياۋروپانى كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلىرىدىن ئاسانلا چەتنىتەلەيدۇ. ياۋروپا يەنىلا «ئېنېرگىيەلەرنى يۇقىرىراق باھادا سېتىۋېلىش، ئەمما غەربنىڭ ئۆلچىمىگە ۋە قىممەت قاراشلىرىغا سادىق بولۇش» ياكى «بۇ تەبىئىي بايلىقلارغا موھتاج بولغانلىقتىن، قارشى تەرەپنىڭ شەرتىگە كۆنۈش»تىن ئىبارەت ئىككى ناچار ھالەتتىن بىرنى تاللاشقا مەجبۇر. ھالبۇكى، ياۋروپا ئاخىرىدا يەنىلا كېيىنكىسىنى تاللىغاندەك قىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە تايىنىش سالمىقى داۋاملىق ئاشىدۇ ۋە بۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر ئەمەس. غەربنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە تايىنىشى بىزگىمۇ، كىشىلىك ھوقۇقنى ياقىلاۋاتقان باشقا كىشىلەرگىمۇ پايدا ئەكەلمىدى. ئامېرىكاغا ئوخشىمايدىغىنى، ياۋروپا تېخى خىتاي بىلەن بولغۇسى مۇناسىۋىتىنى قارار قىلمىدى. بىزنىڭ ئەركىنلىك كۈرىشىمىزدە، ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار ياۋروپانىڭ سىياسىتىنى «كىشىلىك ھوقۇقنى چوڭ بىلىش» يۆنىلىشىگە بۇراش ئۈچۈن تېخىمۇ زور مەسئۇلىيەتنى ۋە تېخىمۇ ئېغىر يۈكنى ئۈستىمىزگە ئالمىساق بولمايدۇ.

## ئۈچىنچى باب: ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىق

ئالدىنقى بابتا چىقىرىلغان يەكۈننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىز چوقۇم بىرلىكتە تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇ خىل ھەمكارلىق نوقۇل ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە «پىسخىكىلىق» ھەمكارلىقنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. نۆۋەتتە، ياۋروپانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسەت جەھەتتە ئامېرىكا بىلەن ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىدىغان - قىلالمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. ياۋروپا ئامېرىكادىن مۇستەقىل

ھالدا خىتايغا قارشى تۇرۇش يولىنى تاللىشى مۇمكىن. غەربىي ياۋروپالىق بىر قىسىم گېئوپولىتىكا مۇتەخەسسىسلىرى ھەتتا خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادىي باردى - كەلدىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرۇپ، بۇ ئارقىلىق ئامېرىكادىن ۋاز كېچىش / ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشماقتا. ئەگەر ئەھۋال راستىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ ياۋروپادا ياشاۋاتقان بىزلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ باپتا بىز بىرلىكتە تىرىشىشقا ۋە تونۇپ يېتىشكە تېگىشلىك تۆت نۇقتا توغرىسىدا توختىلىمەن.

گاز ئىمپورت مەنبەلىرى (2022-يىلى يانۋاردىن سېنتەبىرغىچە)




مەنبە: ياۋروپا كومىتېتى

ئەستە تۇتۇشقا تېگىشلىك بىرىنچى نۇقتا شۇكى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى ۋەزنى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. ئىلگىرى، غەرب ئۆزلىرىنى كىشىلىك ھوقۇق كوزىرى ئارقىلىق مەقسەتكە يېتەلەيمىز دەپ قارايتتى. ئەمما، كۈچىنىڭ شەرققە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلىك ھوقۇق كوزىرى ئىناۋىتىنى يوقاتقاندەك قىلىدۇ. شۇڭا، مەنچە بىز ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنى ياۋروپا ياكى ئامېرىكا نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلساق ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ: بىز ياۋروپادا ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى تىلغا ئالغىنىمىزدا، ئۇنى شەخسىي نۇقتىمىزدىن بايان قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بىز كىشىلەرگە تۇتقۇن قىلىنغانلىقتىن غايىب بولغان ئائىلە ئەزالىرىمىز، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز بىلەن بولغان ئالاقىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ۋە باشقا ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىمىز. ئەلۋەتتە، مەسىلىنى بۇ نۇقتىدىن يورۇتۇشنىڭ خاتا يېرى يوق. لېكىن، خەلقئارا مۇناسىۋەتتىكى كىشىلىك ھوقۇق كوزىرى ئىناۋىتىنى يوقاتقاندەك قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەخسىي ھېكايىلىرىنىڭ سىياسىيونلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتە ئانچە ئۈنۈمى بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەكسىچە، بىز ئۇلارغا نېمىشقا خىتاي بىلەن ئېھتىياتتىن خالىي مۇئامىلە قىلىشنىڭ كەلگۈسىدە ياۋروپالىقلارغا ۋە ئامېرىكالىقلارغا زىيان سالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. كۆپىنچىمىز ئۇزۇن مۇددەت خىتاينىڭ زۇلمى ئاستىدا ياشىدۇق، بىز خىتاينىڭ سىستېمىسىنى ۋە جەمئىيىتىنى غەربنىڭ كۆپىنچە سىياسىيونلىرىدىن ياخشىراق چۈشىنىمىز.

ئىككىنچىدىن، بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتلەردىكى پائالىيەتلەر ھەققىدە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىشىمىز لازىم. ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە خاس كۈلتۈرى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بولىدۇ. بەزى پائالىيەتلەر بىر دۆلەتتە ئۈنۈملۈك بولسىمۇ، يەنە بىر دۆلەتتە كارغا كەلمەسلىكى مۇمكىن. كىشىلىك ھوقۇقنى تەشەببۇس قىلىش ئىستراتېگىيەمىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، بىز ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان

دۆلەتتە يـۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغـان ياكى يـۈز بېرىۋاتقـان ئىشلار توغرىسىدا بىر - بىرىمىزگـە مەسلىھەت بېرىشـىمىز كېـرەك. بـۇ پائالىيەتلـەر ھەققىـدە ئورتـاق پىكىـر يۈرگۈزۈشـمۇ بىـز ئۈچـۈن پايدىلىقتـۇر.

ئۈچىنچىدىن، ئۇيغۇرلار ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى (چىقىرىلغۇسى) قانۇنلار ۋە سىياسىي تەرەققىياتلار ھەققىدە بىر - بىرىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشى كېرەك. مەيلى ياۋروپا ياكى ئامېرىكادا بولسۇن، ھەرقانداق قانۇن ماقۇللىنىشتىن ئىلگىرى مۇنازىرە قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، ئامېرىكانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتى بىلەن ياۋروپانىڭ خىتايغا قاراتقان سىياسىتى ئارىسىدا غايەت زور پەرق بار. بەزى (شەرقىي) ياۋروپا ئەللىرى ئاستا - ئاستا توغرا يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىۋاتقان بولسىمۇ، (فرانسىيە ۋە گېرمانىيەگە ئوخشاش) ياۋروپادىكى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ خىتايغا قارىتا باشقىچە ئىستراتېگىيەسى بارلىقى قىلىدۇ. چىقىرىلغۇسى قانۇن ياكى سىياسەت خىتايغا مۇناسىۋەتلىك بولغاندا، ئالاقىدار خەۋەر ۋە مۇنازىرىلەردىن ۋاقىپلىنىش بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكتۇر. بىز بىر - بىرىمىزنى دەسلەپكى تەرەققىياتلاردىن خەۋەردار قىلساق، ئۆزىمىز ياشاۋاتقان دۆلەتتىمۇ ئوخشاش قانۇن چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلالايمىز. ئامېرىكادىكى دوستلىرىمىزنىڭ سەمىمىي بولغايكى، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ياۋروپادا مەلۇم بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى ھەمىشە ئامېرىكادىكى ئەھۋالغا نەزەر سالىدۇ.

تۆتىنچى، پىسخىكا جەھەتتىكى كۈرەشلىرىمىز ھەققىدە كۆپرەك پاراڭلىشىشىمىز كېرەك. بىز ئۇيغۇرلار ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان، ئەڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. قانچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكىمىزدىن ياكى قانچىلىك كۈچلۈكتەك كۆرۈنۈشىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىدا ھەممىمىز روھىي جەھەتتىن قوللاشقا موھتاج. ھەتتا بىز پىسخولوگ ياكى دوختۇرلار بىلەن پاراڭلاشقان تەقدىردىمۇ، ئۇلار بىزنىڭ كەچمىشلىرىمىزنى چۈشىنىشتە قىينىلىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. روھىي مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆزئارا پاراڭلىشىش ھەقىقەتەن پايدىلىق، چۈنكى بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشىنىمىز ۋە ئۇيغۇر بولۇشنىڭ بەدىلىنى بىلىمىز.

## تۆتىنچى باب: كېلەچەك

مەن پاراڭلاشقان ۋە تونۇيدىغان بارلىق ئۇيغۇرلار ئومۇمەن بىزنىڭ مۇستەقىل دۆلەتكە ئىگە بولۇشقا ئېھتىياجىمىز ۋە ھەققىمىز بار دەپ قارايدۇ. مەنمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىمەن. گەرچە مەن بارلىق ئۇيغۇرلارغا ۋەكىللىك قىلمىساممۇ، ئەمما مەن بۇ باپتا تىلغا ئالغان ئەركىنلىك بىزنىڭ مۇستەقىللىقىمىزنى، يەنى خىتايدىن قۇتۇلغان ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا بارىدىغان يول ئۇزۇن بولغاچقا، بىز كەلگۈسىمىز ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىشىمىز كېرەك.

### ئاساسىي قانۇن

مەن تۇنجى قېتىم ئۇترېخ ئۇنىۋېرسىتېتى (Utrecht University) دا ئاساسىي قانۇن دەرسىگە قاتناشقاندا، لېكتورىمىز بىزدىن گوللاندىيە ئاساسىي قانۇنىغا قانداق قارايدىغانلىقىمىزنى سورىغانىدى. ساۋاقداشلار «گەرچە ئۇ كونا بولسىمۇ، يەنىلا زۆرۈر»، «بۇ ئەڭ مۇھىم قانۇن»، «ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئۇل - ئاساسى» دېگەندەك ھەرخىل جاۋاب بېرىشتى. بارلىق جاۋابلار توغرا ئىدى. ئاساسىي قانۇن بىر دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئۇل - ئاساسىدۇر. ئۇ بىز ئورتاقلىشىدىغان ۋە بىردەكلىك ھاسىل قىلىدىغان ئۆلچەم ۋە قىممەت قاراشلارغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئاساسىي قانۇن پۇقرالارنىڭ بارلىق ئاساسىي ھوقۇقىنى بېكىتىپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئاساسىي قانۇننى ئۆزگەرتىش ئاسان ئەمەس.

بىز نورمال فۇنكسىيەسىنى جارى قىلدۇرالايدىغان (كەلگۈسىدىكى) دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ئۈچۈن ئاساسىي قانۇنغا موھتاج. مېنىڭ بىرىنچى تەكلىپىم، بىز بىرلىكتە ئاساسىي قانۇندىن بىرنى

تۈزۈشىمىز كېرەك. بۇ بىزنىڭ ياشاش هوقۇقى، سۆز ئەركىنلىكى، دىنىي ئەركىنلىك، كەمسىتىشنىڭ چەكلىنىشى ۋە باشقا بارلىق زۆرۈر هوقۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇللۇق هوقۇقلىرىمىزنى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي قۇرۇلمىسىمۇ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلىنىدۇ. بىز كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزنى قانداق باشقۇرۇشنى خالايدىغانلىقىمىز ھەققىدە بىرلىكتە ئويلىنىشىمىز كېرەك: بىز پىرېزىدېنتلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتنى خالامدۇق ياكى ۋەكىللىك پارلامېنت تۈزۈمىنىمۇ؟ بىز هوقۇق تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن، هوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن دۆلەتنى (a decentralized unitary state) خالامدۇق ياكى تولۇق فېدېراتسىيەنىمۇ؟ بىزنىڭ قانچە ۋەكىلگە ئېهتىياجىمىز بار؟ بىز يەنە سايلامنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، قانۇنلارنىڭ قانداق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئەدلىيە سىستېمىسى قانداق بولىدۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى هازىر ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللاردۇر. بىز بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا «ئۇيغۇر ئاساسىي قانۇنى»، ياكى «شەرقىي تۈركىستان ئاساسىي قانۇنى» (ياكى باشقا ئىسىمدىكى بىر ئاساسىي قانۇن) نى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشساق بولىدۇ.

### مۇستەقىللىق يولى

گەرچە بىز مۇستەقىل بولۇشنى پەۋقۇلئاددە ئارزۇ قىلساقمۇ، ئەمما مەنچە بۇ بىر كېچىدىلا يۈز بېرىدىغان ئىش ئەمەس. رەسمىي «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قانچە باسقۇچ بار. كوسوۋودا، شۇنداقلا سابىق سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىدىمۇ ئىش ئاشۇنداق بولغان. باشقا دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى شۇنداق باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى بىزنىڭمۇ ئوخشاش باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈرىدىغانلىقىمىزدىن دېرەك بەرمەيدۇ. لېكىن، بىز شۇنى چوقۇم ئويلىشىشىمىز كېرەككى، مۇستەقىللىقىمىز بىزگە تۇيۇقسىزلا يېتىپ كەلمەيدۇ، بىز سىياسىي تەرەققىيات ئارقىلىق كەلگۈسى توغرىسىدا چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز. بىرىنچىدىن، دېموكراتىك سېكيۇلار دۆلەت قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بارلىق جازا لاگېرلىرى دەرھال تاقىلىپ، بارلىق مەھبۇسلار شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى كېرەك. بۇ ماقالە يېزىلىۋاتقاندا، مىليونلىغان كىشى يەنىلا جازا لاگېرلىرىدا ۋە ئەمگەك لاگېرلىرىدا سولاقلىق تۇرماقتا. ئىككىنچىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن مۇھاجىرەتتىكىلەر ئارىسىدىكى بارلىق ئالاقە يوللىرىنى ھەرقانداق (سىياسىي) ئاقىۋەتتىن خالىي ھالدا ئەسلىگە كەلتۈرۈشى كېرەك. ئۈچىنچىسى، بارلىق ئائىلىلەر جەم بولۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلۇشى كېرەك. تۆتىنچىسى، ئۇيغۇر ۋە يەرلىك باشقا مىللەتلەرگە قارىتىلغان كەمسىتىش خاراكتېرلىك قانۇن - تەدبىرلەر دەرھال ۋە شەرتسىز بىكار قىلىنىشى كېرەك. ئالاقىدار قانۇنلار بىكار قىلىنسا، بۇ تەدبىرلەرمۇ قانۇنىي ئاساسىنى يوقىتىدۇ.

گەرچە خىتاي ۋەتىنىمىزنى «ئاپتونوم رايون» دەپ ئاتىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەردە ھەربىي ئىشغالىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىمىز. 2 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى» (XPCC) ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى شەرتسىز ھالدا بۇ رايوندىن چېكىنىپ چىقىشى، ۋەتىنىمىزنىڭ تىنچلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قوغدىلىشىغا يول قويۇلۇشى كېرەك. بۇنى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىسىز قىلغىلى بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بىڭتۇەننىڭ بارلىق دېۋىزىيەلىرى شەرتسىز تارقىتىۋېتىلىشى كېرەك. بىڭتۇەن پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان مىقياسىغا تارقالغان بولۇپ، 14 دېۋىزىيەسى بار. بارلىق دېۋىزىيەلەرنىڭ تاقىلىشى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رايوندىكى كۈچىنى كۆرۈنەرلىك ئاجىزلىتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، نۆۋەتتە ۋەتىنىمىزدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار. شۇڭلاشقا، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر قېتىم مەمۇرىي هوقۇق تۇتۇشىغا يول قويۇلۇشى كېرەك. ئاخىرىدا، ئىرقىي قىرغىنچىلىققا مەسئۇل كىشىلەر ھاگۇېدا ياكى «نېۋرېنبېرگ سوتى»غا ئوخشاش ئالاھىدە سوتتا سوتلىنىشى كېرەك. ھەر قانداق جازا بىز ئايرىلىپ قالغان ئائىلە ئەزالىرىمىزنى قايتۇرۇپ كېلەلمىسىمۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سادىر قىلغۇچىلارنى سوتلاش ھېچ بولمىغاندا بىر ئاز ئادالەت تۇيغۇسى ئېلىپ كېلەلەيدۇ.

## خۇلاسە

بۇ ماقالىدە يەكۈنلىگىنىمىزدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمىتىنىڭ كوللېكتىپ ھەرىكەت، تەۋرەنمەس ئىرادە ۋە خەلقئارا ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى تولىمۇ روشەن. بۇ ماقالىدە ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەسى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە بولغان تايىنىشىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشى، ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقى ۋە بىخەتەر كېلەچەك ئۇقۇمى قاتارلىق ئۇيغۇر مەسىلىسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتتۇق.

ياۋروپانىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئاپتونومىيەسى ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىقنى ئۆزگەرتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز غەرب دۇنياسىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرگە بارغانسېرى تايىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق ھەمدە بۇ كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلەرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغان باشقا ئىتتىپاقلارنى تېپىش زۆرۈرىيىتىنى گەۋدىلەندۈردى. ئىككىنچى باب ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن «ياۋروپا سىياسىتىنى كىشىلىك ھوقۇقنى چوڭ بىلىدىغان يۆنىلىشكە بۇراش»تىن ئىبارەت ئېغىر يۈك بىلەن ئاخىرلاشتى. بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىقنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا 3 - بابتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى. ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ھەمكارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم پرىنسىپى بولۇپ، ئۇ ماسلاشتۇرۇلغان ھەرىكەت ۋە گۇرۇپپا ئىستراتېگىيەلىرىنىڭ قىممىتىنى تەكىتلەيدۇ. تۆتىنچى بابتا ئاساسىي قانۇننىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئەركىنلىك يولى گەۋدىلەندۈرۈلدى. خۇلاسىلىگەندە، بىز ئۇيغۇرلار ئۆز تەقدىرىمىزنى شەكىللەندۈرۈش ھەمدە كۈلتۈرىمىز ۋە كىملىكىمىزنى قوغداشقا ئاكتىپ كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك. بىز بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادالەتكە ۋە گۈزەل كەلگۈسىگە ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلالايمىز.

*بۇ ماقالىنى ئىنگلىزچىدىن ھېكمەتيار ئىبراھىم تەرجىمە قىلدى.*

# بىز كىملەرنىڭ قوللىشىغا موھتاج؟

ئىمىن ئامان
2023 - يىلى 4 - مارت

21 - ئەسىردىمۇ تېخىچە مۇستەملىكىدە تۇرۇۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدا ئۇيغۇر ۋە خىتايدىن باشقا قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تاجىك، ئۆزبېك ۋە تۇڭگان قاتارلىق نۇرغۇن مىللەتلەر ياشىماقتا. بۇ ھەقتە خىتاي دۆلەتلىك ئىستاتىستىكا ئىدارىسى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان «7 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا (گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ھەرقانداق دوكلاتنىڭ راست - يالغانلىقى ھەر زامان نامەلۇم بولسىمۇ)، 2020 - يىلى ئۇيغۇر دىيارىدا 25 مىليون 890 مىڭ نوپۇس بار بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 44.96%، خىتايلارنىڭ 42.24%، قالغان مىللەتلەرنىڭ بولسا 12.8% نى ئىگىلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە خىتايدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسىگە بولغان پوزىتسىيەسى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما مەيلى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلار بولسۇن ياكى باشقا جايلاردا ياشايدىغان خىتايلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىمايدىغانلىقى، ھەتتا بۇنىڭدىن ئەندىشىدە ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا.

## باشقا مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا قانداق ئېرىشىمىز؟

شەرقىي تۈركىستاننىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چوقۇم باشقا مىللەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۇسۇللىرى بولسا، باشقا مىللەتلەر بىلەن دىنىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئورتاقلىق ھاسىل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ھەق - ھوقۇق ۋە جانىجان مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك بېرىشتۇر.

ئەگەر سىز بىر قازاق (ۋە ياكى ھەرقانداق بىر مىللەت) مىللىتىدىن بولسىڭىز، نېمە سەۋەبتىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللايسىز؟ دېگەن سوئال ئوتتۇرىغا قويۇلسا، ئەگەر مەن بىر قازاق مىللىتىدىن بولسام ئۆزۈمنىڭ دىنىي ئېتىقاد ھوقۇقۇمنىڭ بولۇشىنى، ئۆز ئانا تىلىمدا مائارىپ تەربىيەسى ئالالىشىمنى، سىياسىي جەھەتتىن سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقۇمنىڭ بولۇشىنى، مەتبۇئات

ۋە سۆز ئەركىنلىكىمىنىڭ بولۇشىنى، جەمئىيەتتە كەمسىتىشكە ئۇچۇرماستىن، باشقىلار بىلەن ئوخشاش ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋە ھەر خىل پاراۋانلىقلاردىن باراۋەر ھالدا بەھرىمەن بولۇشۇمنى خالايمەن.

بىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەت بولۇشىنى تەرغىب قىلىدىكەنمىز، چوقۇم باشقىلارغا بۇ ئارزۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى سۆيۈشىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئانا ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇشىمىز، يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى قوزغىتىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا ئورتاق تارىخىي ئەسلىمىلەر، مىللىي ئەنئەنىلەر ۋە سىمۋوللۇق بەلگىلەرگە ئوخشاش شەكىلسىز نەرسىلەر بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئورتاقلىقنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يېتەلىشىمىز مۇمكىن.

## خەلقئارانىڭ قوللىشى توغرىسىدا

نۆۋەتتە خەلقئارانىڭ جۈملىدىن دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھېچ بىرى ئوچۇق - ئاشكارا ھالەتتە بىزنىڭ مۇستەقىل بولۇشىمىزنى قوللاپ باققىنى يوق، بۇ ھازىرقى بىز ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. كەلگۈسىدە ئۇلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئەركىنلىككە ۋە دېموكراتىيەگە ئىنتىلىدىغانلىقىمىزنى، جۈملىدىن ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن پەرقلىق ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلىشىمىز كېرەك. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدە مۇستەقىل بولالىشىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دېموكراتىك دۆلەتلەردە ئوقۇۋاتقان ھالدا سىياسىي پاناھلىققا ئېرىشەلىشى ئۈچۈنمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

## «مۇسۇلمان» دۆلەتلەرنىڭ قوللىشى مۇھىممۇ؟

ئوتتۇرا شەرقتىكى ئاتالمىش «مۇسۇلمان» دۆلەتلەر ۋە «تۈرك دۆلەتلەر تەشكىلاتى»دىكى بارلىق ئەزا دۆلەتلەر ئۇيغۇرلار دۇچار بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق مەسىلىسىگە سۈكۈتتە تۇرۇپلا قالماي ھەتتا كۆپىنچىسى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ۋەھشىي ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرىنى ئاقلاشقا ياردەمدە ۋە ھەمكارلىقتا بولماقتا (ھىندونېزىيە ۋە مالايسىيامۇ بۇ قىلمىشلاردىن مۇستەسنا ئەمەس).

بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمان خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئارقىلىق مەزكۇر ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە بولغان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈمىد باغلىغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق شۇنىسى ئېنىقكى دىكتاتور ھاكىمىيەتنى ئۆرۈۋېتەلمىگەن ھەرقانداق بىر خەلق باشقا مىللەتنىڭ دەردىگە پەقەت ئېغىزدىلا ياردەمدە بولالايدۇ. ئەلۋەتتە بەزى ئۆزلۈكسىز پاناھلىق تىلىگۈچى (refugee) ئېلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ ھازىرچە بىزگە نىسبەتەن بىر ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدۇر، خالاس!

غەرب ئەللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار دۇچار بولغان ئىرقىي قىرغىنچىلىققا كۆرسەتكەن پوزىتسىيەسى ۋە تەدبىرلىرىدىن شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، بىزنىڭ مەيلى ھازىرقى ۋەتەن دەۋاسى بولسۇن ياكى كەلگۈسىدىكى مۇستەقىللىق ئارزۇيىمىز بولسۇن، پەقەت غەرب ئەللىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىلا ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلالايمىز. تۆۋەندىكىسى بىر قىسىم غەرب ئەللىرىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە تەدبىرلىرى:

1. ئامېرىكا: ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان قىلمىشىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلدى ۋە «Xinjiang Supply Chain Business Advisory» (شىنجاڭ تەمىنلەش زەنجىرى سودا مەسلىھەتى) دەپ ئاتىلىدىغان مەمۇرىي بۇيرۇقنى چۈشۈرۈپ، ئامېرىكا شىركەتلىرىنىڭ

ئۇيغۇر دىيارىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك سودا ئالاقىلىرىنى چەكلىدى.

2. كانادا: كانادا پارلامېنتى 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قارار ماقۇللاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ھەرىكىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق»نى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى رەسمىي جاكارلىدى ۋە 2023 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەتەر ئاستىدىكى 10 مىڭ ئۇيغۇر مۇساپىرنى كاناداغا ئورۇنلاشتۇرۇش قارار لايىھەسىنى بىردەك ئاۋاز بىلەن ماقۇللىدى.

3. ئەنگلىيە: ئەنگلىيە پارلامېنتى 2021 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چەكلەش كۈچىگە ئىگە ھەرىكەت ماقۇللاپ: «خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يولغا قويغان سىياسەتلىرىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقى»نى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى دىپلوماتىك بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

4. ياۋروپا ئىتتىپاقى: ياۋروپا ئىتتىپاقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان «كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى»نى كۆپ قېتىم ئەيىبلەپ، بۇلارنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى.

5. خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوتى: «خەلقئارا جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى»نىڭ تەپتىشى فاتۇ بېنسۇدا (Fatou Bensouda) 2020 - يىلى 12 - ئايدا سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتا «ئىرقىي زىيانكەشلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا جىنايەتلەر»نى سادىر قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشى توغرىسىدا

ئەگەر مەلۇم بىر تەشكىلات ياكى ئورگان ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلقئارادا ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇشنى قارار قىلغان بولسا، ئەڭ ئالدى بىلەن كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىشىغا ئېرىشىشى كېرەك. مەلۇم بىر تەشكىلات ياكى ئورگاننىڭ ئۇيغۇرلارغا ۋەكىل بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىغا رىئايە قىلسا، بەلكىم كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىشىشىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن:

1. يېتەكچى، يەنى لىدېرلىق رولىنى ئۆتەيدىغان كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئايرىمىسى نېمە بولسا بولسۇن، ئەمما مەدەنىيەت - مائارىپ سەۋىيەسى تۆۋەن بولماسلىقى ۋە ئىنگلىز تىلىدا راۋان سۆزلىيەلەيدىغان بولۇشى كېرەك؛

2. ئۇيغۇرلاردىن كەلگەن تەكلىپ - پىكىر ۋە سوئاللارغا ئاكتىپ جاۋاب بېرىشى كېرەك؛

3. تەشكىلات ياكى ئورگاننىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ماھىر بولۇشى كېرەك؛

4. دېموكراتىك ئىدېئولوگىيەسى بولۇشى كېرەك.

## خىتايلار نېمە ئۈچۈن بىزنى قوللىمايدۇ؟

بۇنىڭ سەۋەبىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلىساق بولىدۇ:

1. خىتايلارنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ «شىنجاڭ تارىختىن بۇيان خىتاينىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى» دېگەن يالغان تەشۋىقاتىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن؛

2. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، «خىتايلاردىن ئۆچ ئېلىشى»دىن قورققانلىقى ئۈچۈن؛

3. مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنكى شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان خىتايلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ۋە مەنپەئەتىنىڭ كاپالەتسىز قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن.

## خىتايلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشىمىز كېرەكمۇ؟

ھازىرقى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېرىمىغا يېقىن نوپۇسىنى ئىگىلىگەن خىتايلارنى چىېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسرائىلىيەدەك ھەربىي تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي كۈچى يوق بولۇپلا قالماستىن، دېموكراتىك دۆلەتلەر بىزنىڭ خىتايلارنى شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋايىلارچە قوغلاپ چىقىرىشىمىزغا ھەرگىز يول قويمايدىغانلىقىدا. ئەگەر بىز ھازىرقى تۇپرىقىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولغان ئاساستا مۇستەقىل بولمىز دەيدىكەنمىز، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەڭ چوڭ ئىككى مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز كېرەك! ئۇنداق بولمايدىكەن، تۈرلۈك پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئەھۋالدۇر. يېڭى پاجىئەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ئۈچۈن، يۇقىرىدا تەكىتلەنگەن خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىل بولۇشىنى قوللىماسلىقىدىكى ئۈچ نۇقتىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىشىمىز كېرەك. شەخسەن مېنىڭ بۇ ئۈچ نۇقتىغا بولغان جاۋابىم مۇنداق:

1. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى تارىختىكى ھەقىقىي دەلىل - پاكىتلار ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ (بۇ يەردە تارىخىي دەلىل - پاكىتلار ئۈستىدە توختالمايمەن، ئوقۇرمەنلەر ئىزدىنىش ئارقىلىق بۇنىڭغا جاۋاب تاپالىشى قىيىن ئەمەس).

2. پەقەت جىنايەت سادىر قىلغانلارلا خەلقئارانىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرى بىلەن سوتقا تارتىلىدۇ ۋە تېگىشلىك جازاسى بېرىلىدۇ، گۇناھسىزلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

3. ھەرقانداق بىر دېموكراتىك دۆلەتتە ھەربىر ئىنساننىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ.

شۇنى ھەر زامان تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، مۇستەقىل بولۇش ئۈچۈن بىز ئۆچمەنلىكىمىزنى بىر مىللەتكە ئەمەس بەلكى كونكرېت شەخسكە ياكى مەلۇم ئورگان ۋە تەشكىلاتقا قارىتىشىمىز كېرەك. پۈتكۈل بىر مىللەتنى دۈشمەن كۆرۈش لوگىكا ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس بولۇپلا قالماي، دېموكراتىك ئىدېئولوگىيەگىمۇ مۇۋاپىق كەلمەيدۇ.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

32

# تىلىمىزنى قانداق قوغداپ قالىمىز؟

ئىمىن ئامان
2023 - يىلى 4 - مارت

## نېمە ئۈچۈن قوغدايمىز؟

ئۇيغۇر تىلى بولسا، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى، يەنى ئەدەبىيات - سەنئەت، پەلسەپە ۋە ئۆزىگە خاس بولغان دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ يوقىلىشى بولسا مەدەنىيەت - مىراس، ئىجتىمائىي سالاھىيەت ۋە مىللىي كىملىكىمىزنىڭ يوقىلىشىنىڭ بەلگىسىدۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئانا تىلى ئارقىلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا دىياگنوز قويالايمىز. ھازىرقى ۋەزىيەتتە ئۆزىنىڭ تىل - يېزىقىنى بىلمىگەن بىر ئۇيغۇر – قارا قورساق، يەنى «قاراتوروق»لىك بىلەن باراۋەردۇر.

## تىلىمىز يولۇققان خەتەرلەر

جارىد. دايمىن (Jared Dimond) ئۆزىنىڭ «The World Until Yesterday» ناملىق كىتابىدا بىر تىلنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىككى خىل ئۇسۇلىنى بايان قىلغان: بىرىنچى خىل ئۇسۇل، شۇ تىلنى سۆزلەيدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىش؛ ئىككىنچىسى بولسا شۇ تىلنى سۆزلەشنى چەكلەش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالاشتىن ئىبارەت.
2017 - يىلىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئانا تىلدا مائارىپ ئېلىشىمىز خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پۈتۈنلەي چەكلەنگەن، مىللىتىمىزنى يېتەكلەشتە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان مائارىپچىلىرىمىز ۋە سەرخىل زىيالىيلىرىمىزنى بولسا، قانۇنسىز شەكىلدە تۈرمىگە سولىغان ۋە ھەر خىل قاماق جازالىرىغا مەھكۇم قىلغان؛ مەكتەپلەردە بولسا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا گەپ قىلىشى مەنئى قىلىنىپ، خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالىغانلىقى دەل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى يوقىتىش، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇللىرىدىن بىرى.
ستىۋېن پىنكىر (Steven Pinker) ئۆزىنىڭ «The Language Instinct» ناملىق كىتابىدا،

بىر تىلنىڭ يوقىلىشىغا شۇ تىلنى سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ماكان - زامان مۇھىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ۋە مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە مائارىپىغا دۇچار بولۇشى، سىرتتىن كەلگەن نوپۇسلارنىڭ زور بولۇشى ۋە سوتسىيال مېدىيالارنىڭ «بومباردىمان» قىلىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ستىۋېن پىنكىر بايان قىلغان بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلار نۆۋەتتە دۇچار بولۇۋاتقان كىرىزىسلاردۇر.

## قوغدىنىشنىڭ ئۇسۇللىرى

ستىۋېن پىنكىر كىتابىدا، مەلۇم بىر تىلنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەبچى بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپلا قالماي، شۇ تىلدا ھەر خىل دەرسلىك تۈزۈش، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يارىتىش ۋە تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭدىن باشقا ئارخىپ تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلۈش ئارقىلىق شۇ تىلنىڭ گىراماتىكا، سۆزلۈك، ئەدەبىي ئەسەر ۋە ئاۋازلىق خاتىرىلىرىنى ساقلاشنى بايان قىلغان. ئۇ يەنە بىر تىلنىڭ ئىزچىل قوللىنىلىشى ۋە زور مىقداردا ئەدەبىي ماتېرىياللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تۈرتكىسىدە، شۇ تىلنىڭ چوقۇم 20 - ئەسىردە قايتىدىن تىرىلگەن ئىبرانى تىلىغا ئوخشاش قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

جارىد دايمىن كىتابىدا، تىلنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتىگە ئانا تىلىنى ئۆگىتىش ياكى ئۆگەتمەسلىكىنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى بايان قىلغان. جارىد دايمىن يەنە تىلنىڭ ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلىشىشىدىكى ئامىللارنى كۆرسەتكەن. بۇلار: شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى؛ مەلۇم بىر مىللەت توپىنىڭ كۆپ قىسىم نوپۇسىنىڭ شۇ تىلدا سۆزلىششى؛ ھۆكۈمەت شۇ تىلنى رايون تىلى ياكى ھۆكۈمەت تىلى قىلىپ بېكىتىشى؛ تىلنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تىلغا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە كۆچمەنلىك ھالىتىدىمۇ ئەسلىي تىلىنى ئىشلىتىشىدىن ئىبارەتتۇر.

يۇقىرىدا جارىد دايمىن تەكىتلىگەن ئامىللار ئىچىدە چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ياخشى قىلالايدىغىنى بولسا، «ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە ئانا تىلىنى ئۆگىتىشى» بىلەن «تىلنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تىلغا بولغان پوزىتسىيەسى ۋە كۆچمەنلىك ھالىتىدىمۇ ئەسلىي تىلىنى ئىشلىتىشى»دۇر.

## ئاتا - ئانىنىڭ رولى ۋە تىلىمىزغا بولغان پوزىتسىيەمىز

ستىۋېن پىنكىر كىتابىدا يەنە، كۆچمەنلىك ھالەتتىكى پۇتكۈل بوۋاقلارنىڭ بۇ دۇنياغا تىل قابىلىيىتى بىلەن تۇغۇلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ 3 - 4 ياشتىن باشلاپ ئانا تىلىنى بىرقەدەر بىمالال ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى ۋە بالىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىپ بولۇشىدىكى ئۈچ چوڭ ئامىلنى بايان قىلغان:

### 1. ئاۋاز مۇھىتى

بۇ، بالىنىڭ تۇرۇۋاتقان تىل مۇھىتىنى ئاساس قىلغان بولىدۇ. بوۋاق پەقەت ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغاندىلا ئاندىن ئاۋاز چىقىرىش ئەزاسىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنەلەيدۇ ۋە پەقەت ئاتا - ئانىسىنىڭ گەپ قىلىشىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئانا تىلىنىڭ تەلەپپۇزىنى، سۆزلۈكلىرىنى، شۇنداقلا جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى ئۆگىنەلەيدۇ. گەرچە ئىنسانلارنىڭ گېنىدا (gene) دەسلەپكى باسقۇچتىكى گىراماتىكا

ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن تىلنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى تىل مۇھىتى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە ئىنسان گېنىمۇ بۇ مۇھىتقا ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بىر ئىنساننىڭ گېنىدىكى ئىرسىيەت خاسلىقى ئۇنىڭ باشقا كىشىلەر بىلەن ئوخشاش بىر تىلنى ئۆگىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈشىنىشلىكرەك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ تۇغما گىراماتىكا ئىقتىدارى بەكلا ئاددىي ۋە كالانپاي، پەقەت ئۇنىڭغىلا تايىنىپ ئاھاڭ، سۆزلۈك ۋە گىراماتىكا قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، تىل بىر خىل تىپىك بولغان ئىجتىمائىي پائالىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل ئۆگىنىشتە يېتەرلىك ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئامىلدۇر.

ئەگەر سىز سۆزلىگەن تىلنى ئەتراپىڭىزدىكى ھېچكىم چۈشەنمىسە، سىز يەنە داۋاملىق شۇ تىلنى سۆزلەمسىز؟ بۇ نەق چەت ئەلدىكى ئاتا - ئانىلارنىڭ گۆدەك پەرزەنتلىرى يولۇققان ئاساسلىق مەسىلىدۇر. ستىۋىن پىنكىرنىڭ قارىشىچە، كىچىك بالىلار ئاتا - ئانىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بەكرەك ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى بىلەن بىرگە پائالىيەت قىلىشنى ياقتۇرىدىكەن. ئۇلارغا ئۇرۇق - تۇغقان ياكى دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن بىللە دەم ئېلىشنى تەڭ ئۆتكۈزىدىغان، تەتىللەردە بىرگە ساياھەت قىلىدىغان، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرگە تەڭ قاتنىشىدىغان شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەندە، بالا چوقۇم ئۆزىنىڭ تەڭتۇشلىرى بىلەن ئوخشاش تىلدا سۆزلەمەي تۇرالمايدىكەن.

## 2. ئانا تىلى (Motherese)

نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلارنىڭ (ھەتتا كەسپىي بىلىملەرگە ئىگە بولغان بەزى پسىخولوگلارنىڭ) قارىشىچە، ئانىلار بالىسىنى يوشۇرۇن بولغان «گىراماتىكا دەرسلىكى» بىلەن تەمىنلىگەن. بۇ دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى بىر خىل سۆزلىشىشنىڭ ئۆزگىچە ۋارىيانتى (variety)، يەنى ئانا پەقەت بالىسىغىلا خاس بولغان سۆزلەش ئۇسلۇبى – ئانا تىلى (Motherese) دىن ئىبارەت. ئۇ بىر تۈركۈم ئاھاڭى ئۇرغۇلۇق ئېلىنىدىغان دىيالوگلار، قايتىلاشلار ۋە ئوڭايلاشتۇرۇلغان گىراماتىكىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

گەرچە ئاۋازنىڭ بولۇشى تىل ئۆگىنىشتىكى زۆرۈر شەرت بولسىمۇ، بىراق پەقەت ئاۋازنىڭلا بولۇشى يېتەرلىك ئەمەس. بالا بىر تىلنى تېخى چۈشىنىپ بولالماي تۇرۇپ، پەقەت ئۆز - ئۆزى بىلەنلا سۆزلەيدىغان جانسىز تېلېۋىزورنى كۆرۈش ئارقىلىق تېلېۋىزور ئىچىدىكى پېرسوناژنىڭ نېمە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. تېلېۋىزورنىڭ بالىغا تىل ئۆگىتەلمەسلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەب، تېلېۋىزورنىڭ «ئانا تىلى»دا سۆزلىمىگەنلىكى ئۈچۈندۇر. ئاتا - ئانا بالىسىغا گەپ قىلغاندا سۆزلەش سۈرئىتى تېخىمۇ ئاستا، تەلەپپۇزى تېخىمۇ ئېنىق، گىراماتىكىسى تېخىمۇ توغرا (توغرىلىق نىسبىتى 99.44%) ۋە مەزمۇنى نەق شۇ ۋاقىتدا يۈز بەرگەن ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن بالىنىڭ چۈشىنىشى تېخىمۇ قولاي بولىدۇ.

ھايۋاناتلار دۇنياسىدا نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆزىنىڭ بالىلىرى بىلەن ھەرخىل تونلۇق ئاۋازدا ئالاقە قىلغىنىغا ئوخشاش، بالىنىڭ ئانىسىمۇ بوۋىقىغا ھەر خىل توندا گەپ قىلىش ئارقىلىق ئوخشىمىغان مەقسەت - مۇددىئاسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇرغۇلۇقراق ئاھاڭدا ماختاش، تېز ۋە جاراڭلىق ئاھاڭدا چەكلەش، ئىنتوناتسىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق دىققەتنى قوزغاش، ئاستا سۈرئەت ۋە تۆۋەن ئاۋازدا تەسەللى بېرىش قاتارلىقلار.

پسىخولوگ ئاننى فەرنالد (Anne Fernald) نىڭ تەتقىقاتىدا بۇ خىل ھادىسىنىڭ ھەر تۈرلۈك تىلدا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن. ئانىنىڭ ئاۋازى بالىنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ ۋە بالىمۇ بۇ ئاۋازنى باشقا شاۋقۇنلاردىن پەرقلەندۈرەلەيدۇ، ھەتتا ئاھاڭ ئارقىلىق بايان جۈملە، سوئال جۈملە ۋە بۇيرۇق جۈملىلەرنى ئايرىيالايدۇ، شۇنداقلا يېڭى سۆزلۈكلەرنىمۇ پەرق ئېتەلەيدۇ. ئەگەر تاللىغىلى بولىدىغان بولسا، بوۋاقلار چوڭلارنىڭ دىيالوگىدىن بەكرەك «ئانا تىلى» شەكلىنى ئاڭلاشنى ياقتۇرىدۇ.

## 3. ئاتا - ئانىنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە بالىسىنىڭ پراكتىكا قىلىشى

ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىنكاسى بالىسىنىڭ سۆزلىگەن جۈملىسىنىڭ گىراماتىكىلىق خاتالىقىنى تۈزىتىش - تۈزەتمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغاندا، بالىلارنىڭ قۇرغان جۈملىلىرىدە گىراماتىكىلىق جەھەتتە خاتالىق بولسىمۇ، بىراق مەنە جەھەتتىن ئاتا - ئانىلىرىغا مەقسىتىنى بىلدۈرەلىگىنى ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار بالىنىڭ گىراماتىكىلىق خاتالىقىنى تۈزىتىپ كەتمەيدىكەن. گەرچە بالىنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ قۇرغان جۈملىلىرى بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ ماڭسىمۇ، بىراق چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ۋە مائارىپنى ئىككىنچى تىلدا ئېلىۋاتقان ئۇيغۇر بالىلىرىغا نىسبەتەن بۇ ھەرگىزمۇ تەبىئىي يۈز بېرىدىغان ئەھۋال ئەمەس. بۇ سەۋەبتىن، ئاتا - ئانا بالىنىڭ ئانا تىلدا سۆزلەپ، پراكتىكا قىلىشىغا ئىمكانقەدەر كۆپرەك شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى لازىم.

ستىۋىن پىنكىرنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، گەرچە بەزى گىراماتىكشۇناسلار ئاتا - ئانىنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر سۆزلۈكنى پەرزەنتىگە مەجبۇرىي يادلاتقۇزۇشىنى «ياۋايىلارچە جازالاش» دەپ قارىغان بولسىمۇ، بىراق پىنكىر بۇنى «بىر ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئاجايىپ ماھارەت» دەپ يازغان. يەنى، بەلكىم پىنكىرنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغىنى، قانداق قىلىپ پەرزەنتىنى ئېغىر قىيناپ قويمىغان ئاساستا، ئۇستىلىق بىلەن ئانا تىلنىڭ خام سۆزلۈكلىرىنى يادلاتقۇزۇش ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيەلەش ماھارىتىگە باغلىق بولۇشى مۇمكىن.

دئېينا ل. ساسكايندىنىڭ (Dana L. Suskind) «Thirty Million Words: Building a Child's Brain» ناملىق كىتابىدا: «بالىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (بالا تۇغۇلۇپ 8 - 9 ئايدىن باشلاپ تاكى ئۈچ ياشقا قەدەر) ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكى ئاخىرىدا بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشىگە تەسىر كۆرسىتەمدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقان. كىتابتىكى تەتقىقات گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ئۈچ يىللىق تەتقىقات نەتىجىسىگە ئاساسلانغاندا، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىجتىمائىي ئورنى، بالىنىڭ جىنسى ۋە تۇغۇلۇش تەرتىپى قاتارلىقلار بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشىدىكى ئاساسلىق ئامىلى بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، پەقەت دەسلەپكى مەزگىلدىكى تىل مۇھىتىنىڭ، يەنى ئاتا - ئانىنىڭ بالىغا قانچىلىك گەپ قىلىشىنىڭ ئاچقۇچلۇق ئامىل ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى قانچە كۆپ ھېس قىلالىسا، تىل قابىلىيىتىمۇ شۇنچە ياخشى بولىدۇ، بۇنىڭ ئاتا - ئانىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە مائارىپ سەۋىيەسى بىلەن چوڭ مۇناسىۋىتى يوق.

## بالىنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئەڭ ياخشى ياش - قۇرامى – ئالتە ياشتىن بۇرۇن

ئىنسانىنىڭ تىل قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ يېتىلىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بىۋاقىت چوڭ مېڭىسىنىڭ مېتابولىزم (metabolism) ئىقتىدارى تۆت ياش ئەتراپىدا پەللىگە يېتىدىكەن. بۇ سەۋەبتىن، ئالتە ياشتىن بۇرۇنقى مەزگىل – تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى زامانى ھېسابلىنىدىكەن.

ھەممە ئادەمگە ئېنىقكى، ئۆزلىرىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئانا تىلنى ئۆگەنگەن ۋاقتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، قۇرامغا يېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىككىنچى تىلنى ئۆگىنىشى ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ. كۆپ ساندىكى قۇرامغا يەتكەنلەر بىر چەت ئەل تىلىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن (بولۇپمۇ تەلەپپۇزنى)، ھەممە يەردە بىر خىل تىلنىڭ ھەر خىل چەت ئەل تەلەپپۇزلىرى مەۋجۇتتۇر. بۇنى ئۆگىنىش ياكى تۈزىتىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ، ئۆگەنگۈچىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئۆگىنىش پوزىتسىيەسى، تىل بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتى، ئۆگىتىش مېتودى ۋە ئەقلىي سەۋىيەسى قاتارلىق ئامىللار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بىراق بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن تەقدىردىمۇ قۇرامغا يەتكەنلەر يەنىلا بىر چەت ئەل تىلىنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولالمايدۇ.

بالا ئالتە ياشتىن بۇرۇن بىر تىلنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىگىلىيەلەيدۇ، ئەمما بالىنىڭ تىل

ئۆگىنىش قابىلىيىتى ئالتە ياشتىن باشلاپ تاكى بالاغەتكە يېتىش مەزگىلى ئاياغلاشقانغا قەدەر تۆۋەنلەپ ماڭغاچقا، بۇ ياشتىن كېيىن قايتىدىن يەنە بىر تىلنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆگىنەلىشى قىيىنغا توختايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، چوڭ مېڭە پۈتۈنلەي يېتىلىپ بولۇشتىن بۇرۇن بىر تۈركۈم ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈندۇر. مەسىلەن، ئوقۇش يېشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە چوڭ مېڭىنىڭ مېتابولىزمى (metabolic) ۋە نېرۋا (neurons) ھۈجەيرىسىنىڭ سانىمۇ تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، ياشلىق مەزگىلى باشلانغاندىن كېيىن ئەڭ تۆۋەنگە چۈشىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەر دەل ئىنسانىنىڭ تىل ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىل دەپ قارىلىدۇ.

## بالىغا ئىسىم قويۇش توغرىسىدا

ئىنسان ھاياتىدا ئۆزى باققان ئەرمەك ھايۋانلىرىدىن باشقا بىردىنبىر شەيئىگە ئىسىم بېرىش ھوقۇقى – ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە ئىسىم قويۇشتۇر. ئىسىم قويۇش – لوگىكا، مەنە، بىلىم قۇرۇلمىسى، رېئاللىزملىق، مەدەنىيەت قارىشى ۋە جەمئىيەت قارىشىنىڭ ئىپادىسى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ئۇيغۇر دەپ تونۇلۇشى، دەل ئۇنىڭ ئۆزىگە «قەشقەرى» دەپ تەخەللۇس (لەقەم) قويغانلىقى بىۋاسىتە پاكىت بولغانلىقىدىندۇر. دېمەك، ئىنسانىنىڭ ئىسمى ۋە تەخەللۇسى ئىنسان ھايات ۋاقتىدا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئەسكە ئېلىنىدىغان ئەڭ تىپىك سالاھىيەتتۇر. تىلىمىزنى، مەدەنىيىتىمىزنى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلۇقىمىزنى قوغداپ قېلىشقا بولغان پوزىتسىيەيىمىزنىڭ ئەڭ روشەن بولغان ئىپادىلىرىدىن بىرسى، دەل پەرزەنتىگە ئىسىم قويۇشتۇر.

چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پەرزەنتىگە ئىسىم قويۇشتا ئۇيلىشىدىغان ئىككى چوڭ ئامىلنىڭ بىرسى، بالىنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە بولغان ماسلىششچانلىقى؛ يەنە بىرى بولسا ئۇيغۇرلۇق سالاھىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىشى. بىرىنچى خىل ئامىلغا بەكرەك ئېتىبار بېرىدىغان ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتىگە شۇ جەمئىيەتتىكى، ئاساسىي ئېقىمدىكى مەدەنىيەتكە يېقىن بولغان ئىسمنى قويۇشنى تاللايدۇ، مەسىلەن، چەت ئەللەردە ياشاۋاتقان ئاتا - ئانىلارنىڭ «مودا» قوغلىشىدىغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەزى ئاتا - ئانىلار پەرزەنتىنىڭ ئىسمى سەۋەبلىك ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتا كەمسىتىشكە ئۇچراشتىن ياكى چەتكە قېقىلىشىدىن، ھەتتا ئىستىقبالىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن (گەرچە بۇ مەسىلىلەرنى دەلىللەيدىغان يېتەرلىك پاكىتلار بولمىسىمۇ)، پەرزەنتىگە ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى غوللۇق مەدەنىيەتكە تەۋە بولغان ئىسىملارنى قويىدۇ، زاغرا تىل بىلەن ئېيتقاندا، «چەت ئەلچە ئىسىم» قويىدۇ. ھازىر كۆپىنچە ئاتا - ئانىلار بۇ ئىككى ئامىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر تاللاش، يەنى پەرزەنتىنىڭ ئىسمى ھەم ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتە بەك «غەيرىي» بولماسلىق، ھەم بەك چەت ئەلچە بولۇپ كېتىپ ئۇيغۇرلۇقنى يوقىتىپ قويماسلىقنى مۇۋاپىق كۆرگەن.

## قوش تىللىق ئۇيغۇر پەرزەنتى

زىيالىيلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۇوي قىلغاندا جورىسىنىڭمۇ ئوخشاش ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولۇشىنى تەشەببۇس قىلماقتا. شەخسەن مەن شەخسنىڭ تۇوي ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىمەن، جورىسىنىڭ قايسى مىللەتتىن بولۇشىنى، بۇ شەخسنىڭ تۇوي قىلىش ئەركىنلىكى دەپ قارايمەن. بىراق، چەت ئەلدە ئوخشىمىغان مىللەت بىلەن تۇوي قىلغان ئۇيغۇرنىڭ پەرزەنتى باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى تېخىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىسىنىڭ ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ئەھمىيەت بەرسە، بۇ ھەقتە باشقا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىنمۇ كۆپ كۈچ چىقارمىسا بولمايدۇ.

ستىۋېن پىنكېرنىڭ يەنە بىر كىتابى «The Blank Slate» دا بايان قىلىنىشىچە، كۆچمەن ئائىلىنىڭ بالىلىرىنىڭ بىرگە ئوينايدىغان دوستلىرى يەرلىكلەرنىڭ بالىلىرى بولسا، ئۇنداقتا بۇ كۆچمەن پەرزەنتلەر يەرلىك تىلنى ھېچقانداق شېۋە ئارىلاشتۇرمىغان ئاساستا تولۇق ئۆگىنەلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى مەجبۇرلاپ ئوقۇشلۇق ھالدا ئۆزگە يەرلىك تىلدا سۆزلەيدىغان قىلالىسىلا، ئۇ چاغدا بالىلار ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پۈتۈنلەي بىر ياققا قايرىپ قويۇشى ھەتتا ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەن.

دېيىنال ساسكايىندىنىڭ كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، بەزى ئاتا - ئانىلارغا قوش تىللىق بولۇش بالىنىڭ ئۆزىنى تەڭشەش ۋە ئىجرا قىلىش ئىقتىدارلىرىدا يوشۇرۇن ئۈنۈم يارىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرىنى ئۆزگەرتەلمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇلار كۆچمەن بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ ئاساسلىق نىشانى – ئۆزىنىڭ پەرزەنتىنى «ھەقىقىي ئامېرىكىلىق» (ھازىر ياشاۋاتقان دۆلەتلىك) قىلىش ئىكەن. بۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بالىنىڭ تىلى پەقەت ۋە پەقەت ئىنگلىزچە (تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ دۆلەت تىلى) بولۇشىنى شەرت دەپ بىلىدىكەن. ئەلۋەتتە، بۇ پۈتۈنلەي بىر خاتا قاراشتۇر.

فلورىدا ئاتلانتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پسىخولوگىيە پىروفېسسورى ئەرىكا خوۋ (Erika Hoff) نىڭ قوش تىللىق ئائىلىدە تۇغۇلغان بالىلارغا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتىدا، ئىككى ياشلىق بالىلارنىڭ ئىككىنچى تىلنى، يەنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئانا تىلى بولمىغان تىلنى ئاتا - ئانىسى ئارقىلىق ئۆگىنىشى بالىنىڭ ئومۇمىي چۈشىنىش قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى بايان قىلغان ھەمدە ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئارقىلىق ئانا تىلنى ئۆگىنىپ بولۇپ، ئاندىن ئىككىنچى خىل تىلنى شۇ تىل ئانا تىلى بولغانلاردىن ئۆگىنىشنى تەكىتلىگەن.

## تىل مەكتىپى

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىگە ئانا تىلىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن چەت ئەللەردە بالىلار ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى كۇرسى ۋە مەكتەپلىرى ئېچىلماقتا، مەن بۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىلىنى قوغداپ قېلىشقا بولغان ئاكتىپ پوزىتسىيەسىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايمەن. شەخسەن مەن بۇ مەكتەپ ياكى كۇرسلارنىڭ بالىلارنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى ئالتۇن ۋاقتىنى (يەنى يۇقىرىدا تەكىتلىگەندەك ئالتە ياشتىن بۇرۇن) كۆزدە تۇتقان ئاساستا ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى (ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقى) ئۆگىتىشتىن سىرت، ئۇيغۇر ئۆلچەملىك لاتىن يېزىقىنىمۇ ئۆگىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن، چۈنكى بۇ نۆۋەتتىكى تەقەززالىقلارنىڭ بىرىدۇر.

## ھازىرقى تەقەززالىق

ھازىرقى تەقەززالىقلار ئىچىدە ئۆزىمىزنىڭ تىلىنى قوغداپ قېلىشلا ئەمەس، بەلكى بىر - بىرىمىزنىڭ يېزىقىنى چۈشىنەلمەسلىكمۇ بار. مەسىلەن، قازاقىستاندا ئۇيغۇر كىرىل يېزىقى بىلەن باشقا چەت ئەللەردە ياشاپ ئۇيغۇر كونا يېزىقىنى قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار بىر - بىرىنىڭ يېزىقىنى چۈشەنمەسلىك، ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى ئىشلەتكەن بەزى ئۇيغۇرلار كونا يېزىقنى چۈشەنمەسلىك، ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن خاتا ئىشلىتىش قاتارلىق سەل قارىغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەر مەۋجۇت. يېزىقنى چۈشەنمەي تۇرۇپ ئۆزئارا ھەمكارلىق ئورنىتىش ۋە ئىتتىپاقلىشىش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ، بۇنى تېز ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بولسا، چەت ئەلدىكى پۈتۈن ئۇيغۇرلار بىردەك ھالدا ئۆلچەملىك ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى قوللىنىشتۇر، بۇ دېگەنلىك، ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىنى ئىشلىتىشتىن ۋاز

كېچىش ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى مەسىلىنى تېز ھەم ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشتۇر. چۈنكى، ۋەزىيەتنىڭ بىزگە بەرگەن ۋاقتى بەكمۇ قىستۇر.

## ئۆلچەملىك ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى دېگەن نېمە؟

ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى (ULY) كومپيۇتېر ساھەسىدە ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە ئۇيغۇر ئەرەب يېزىقىغا يانداش قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان لاتىن ھەرپلىرىدىن تۈزۈلگەن يېزىق بولۇپ، 2001 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىبراھىم مۇتئىي، مىرسۇلتان ئوسمان، مۇھەببەت قاسىم، ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىز ياقۇپ، خەمىت زاكىر، ئارسلان ئابدۇللا، ھوشۇر ئىسلام، تۈرگۈن ئىبراھىم قاتارلىق ئالىم، تىلشۇناس، دوكتور ۋە پروفېسسورلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بەش قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقىلىق، 2000 - يىلىغىچە ئىشلىتىلگەن 15 خىلدىن ئارتۇق ئوخشاش بولمىغان لايىھەنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق 2001 - يىل 3 - ئىيۇل كۈنى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن يېزىقتۇر. تەپسىلاتىنى www.ukij.org/html/index.html دىن كۆرۈڭ.

ھازىر ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەرگە سىستېمىلىق ھالدا ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى ئۆگىتىدىغان ئورگان ياكى مەيداننىڭ بولماسلىقى، بولغان تەقدىردىمۇ سان ۋە سۈپەتتە كەمتۈكلۈك بولۇشى، ئىقتىسادىي ئىمكانىيەتنىڭ ئاز بولۇشى قاتارلىق بىر تالاي مەسىلىلەر بىزگە توسالغۇ پەيدا قىلماقتا.

مەن شەخسەن بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسۇلى بار دەپ ئويلايمەن:

1. تەشۋىقات قىلىش.

تور دۇنياسىدا، بولۇپمۇ Instagram، Facebook ۋە Twitter قاتارلىق ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئەگەشكۈچىلىرى كۆپ بولغان ئابونتلارنىڭ قايتا - قايتا تەشۋىقات قىلىشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەمبەھىرلىگەن مەزمۇنلىرىنى ئۇيغۇر لاتىن تىلىدا يېزىشى ياخشى بىر تەشۋىقات ئۇسۇلى دەپ قارايمەن.

2. تونۇلغان تىل ئۆگىتىش ئەپلىرىگە (applications) ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى قوشۇشنى ئىلتىماس قىلىش .

ھازىرقى ماركىتلاردىكى ئەڭ تونۇلغان تىل ئۆگىتىش ئەپلىرى Duolinggo ۋە Busuu قاتارلىقلار. Duolinggo نى مىسالغا ئالساق، بۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سانى بەش يۈز مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۆگەتكەن تىللىرىدا ئىنگلىزچە، تۈركچە قاتارلىق بىزگە تونۇشلۇق تىللار بولۇشىدىن سىرت يەنە، بەزى يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان تىللارمۇ بار. ئەگەر بىز بۇ بەش يۈز مىليوندىن ئارتۇق قوللانغۇچىلىرى بار ئەپكە ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى قوشالىساق، بۇنىڭ ئەھمىيىتى غايەت زور بولىدۇ.

3. گۇگۇل (Google) ۋە ئالما (Apple) شىركەتلىرىدىن يانفون كۇنۇپكا تاختىسىغا (keyboard) ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى قوشۇشنى ئىلتىماس قىلىش.

گەرچە گۇگۇل ۋە ئالما شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر كونا يېزىق كۇنۇپكا تاختىسى بار بولسىمۇ، بىراق ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنىڭ ئۆلچەملىك كۇنۇپكا تاختىسى تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق. بىر ئۆلچەملىك كۇنۇپكا تاختىسى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىقتىدار تېكىست تۈزىتىش (text correction) ئىقتىدارىدۇر. بۇ ئىككى چوڭ شىركەتكە نىسبەتەن ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا تېكىست تۈزىتىش ئىقتىدارىنى قوشۇش قىلچىلىك قىيىن توختىمايدۇ.




ئۇيغۇر لاتىن يېزىقى ئېلىپبەسى (رەسىم www.ukij.org/html/index.html دىن ئېلىندى)

خۇلاسە شۇكى، بىز دىياسپورادا يېزىق سەۋەبىدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى ئاستىلىتىش ھەتتا توسۇپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىمىزمۇ، ياكى يېزىق ئىشلىتىشتە دادىلىراق بولۇپ، ئوخشىمىغان يېزىق ئىشلىتىۋاتقان ئۇيغۇر دىياسپوراسى ئىچىدە ئۆلچەملىك ئۇيغۇر لاتىن يېزىقىنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇپ، يوقاش گىردابىغا ئىتتىرىلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنى دىياسپورادا ساقلاپ قېلىشقا ھەقىقىي ئاساس سالىمىزمۇ؟ بۇ بىر جىددىي ئويلىنىپ تېزدىن قارار چىقىرىشقا تېگىشلىك ۋەزىپىمىز بولۇپ قالدى.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

## پایدبلانغان مەنبەلەر:

[1] The World Until Yesterday: What Can We Learn from Traditional Societies?, Book by Jared Diamond
[2] The Language Instinct, Book by Steven Pinker
[3] Thirty Million Words: Building a Child's Brain, Book by Dana L. Suskind
[4] The Blank Slate: The Modern Denial of Human Nature, Book by Steven Pinker

33

# ئاتا - ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىكى مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

خەدىچە ئۇيغۇر

ئۇيغۇرلارنىڭ شانلىق تارىخى، يېقىنقى ئۈچ - تۆت يۈز يىل مابەينىدىكى ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرى، بۈگۈنكى دۇچ كەلگەن پاجىئەلەر توغرۇلۇق چۈشەنچە بەرمىسەممۇ ھەممىمىزگە ئايان. شانلىق تارىخلىرىمىزنى ئۇيغۇر خەلقى مىللىتىگە بولغان مۇھەببەت، ياشاۋاتقان تۇپرىقىغا بولغان ساداقەت بىلەن ياراتقان.

ئالدى بىلەن سىلەردىن سوراپ باقاي:

- سىزدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي كىملىكىگە بولغان چۈشەنچە قانچىلىك؟ ئۇنى قوغداش ۋە ساقلاش جەھەتلەردە بىرەر ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلەردە بولدىڭىزمۇ؟
- سىزدىكى ۋەتەن سۆيگۈسى قايسى نۇقتىلاردا ئىپادىلىنىدۇ؟

بەزىلەردىن ئەڭ گۈزەل جاۋابلارنى ئېلىش بىلەن بىرگە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنىمۇ كۆرىمىز. بەزىلەردىن ئۇنداق ئەمەس. مەيلى نېمە بولسۇن، ئائىلە قۇرىدىكەنمىز پەرزەنتلىك بولۇش ۋە ئۇنى يېتەكلەپ، جەمئىيەتكە قوشۇشتەك مۇقەررەرلىككە يۈزلىنىمىز.

خوش، ئاتا - ئانا بولۇش شۇنچە ئاسانمۇ؟ بىزدە قانداق تەييارلىقلار بار؟

بىزنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىمىزگە كۆرە، بىز باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا بىرئاز پەرقلىق ئۇسۇلدا بالىمىزنى يېتەكلەشكە مەجبۇرمىز. ئۇ بولسىمۇ، مىللىي خاسلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىشقا ئۆلگە بولۇپ، ۋەتىنىمىزدە ياشىمىغان ۋە تۇغۇلمىغان پەرزەنتلىرىمىزدە ۋەتىنىمىز سۆيگۈسى بەرپا قىلىش. ئۇلار گېپىمىزدىن بەكرەك ھەرىكىتىمىزدىن ئۆرنەك ئالىدۇ. شۇڭا پەرزەنتىمىزگە تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاتا - ئانىلار دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ھەققىدە توختالماقچىمەن.

بۈرۈن كىنو، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، تېلېفون يوق ۋاقىتتا بۈيۈكلىرىمىز جامائەت سورۇنلىرى، توي، مەشرەپ ۋە كوچا دوقمۇشىدا تارىخ سۆزلەش ئارقىلىق ئۆتمۈشىمىزنى بىلدۈرسە، جەڭنامىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق قېنىمىزنى ئۇرغۇتاتتى ۋە شۇ سورۇنلاردا بالىلاردا ھەق - ناھەق، ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈشەنچىلىرىنى بەرپا قىلاتتى. ھازىر ھەممە بىلىم ئوتتۇرىدا، ئۈچۈر - ئالاقە دۇنياسىنىڭ قانچىلىك

تەرەققىي قىلغىنىنى، نېمىنى بىلەي دېسە شۇنى تاپالايدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەمما مۇشۇ ئەۋزەللىكلەر بىر تەرەپتىن پەرزەنتلەر بىلەن ئاتا - ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقنى چوڭايتسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىكىر ۋە تاللاشتا ماسلىشالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ ۋەتەنىدە چوڭ بولغان ئاتا - ئانىلار بىلەن چەت ئەلدە تۇغۇلغان پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ۋە تىل پەرقى، قىممەت قاراشلىرىدىكى ئوخشىماسلىقلار ئاتا - ئانا ۋە پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟!

بۇ ھەقتە ئاجىزانە پىكىرلىرىمنى تۆۋەندىكى تۆت تېمىدا ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

- بىرىنچى: دەسلەپكى يېتەكلەشتە ئاسانلا يۈز بېرىدىغان خاتالىقلار ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ھەم تۈزىتىش چارىسى
- ئىككىنچى: بالىمىزغا كۆيۈندۈق دەپ قىلغان بەزى ئىشلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە ئۇنۇم بېرىشى
- ئۈچىنچى: دەسلەپكى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن، بالىلاردا يېتىلىپ قالغان ناچار خۇيىنى قانداق ئۆزگەرتىش چارىسى
- تۆتىنچى: نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئاتا - ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ يىراقلىشىشىدىكى سەۋەبلەر نېمە؟ ھەل قىلىش ئۇسۇلى

## ئەمدى بىرىنچى تېما ئۈستىدە توختىلاي:

«بالىنى باشتىن باشلا» دېگەنلىك نۆل يېشىدىن باشلاپ يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەر دېگەنلىك، باشتىن ئېلىپ بېرىلغان مۇكەممەل يېتەكلەش بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى، دۇنيا قاراش تىكلىشىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، ھازىرقى تېلېفون دۇنياسىدىن ۋە كەلگۈسىدىكى بىز بىلمەيدىغان ئالىلقانداق دۇنيالاردىن ئىجابىي پايدىلىنىشتىمۇ بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە .

خوش، ئۇنداق بولسا قانداق سۆز ۋە قانداق ئىپادە بالىلاردا قانداق تەسىر پەيدا قىلىدىكەن؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز كېرەككەن؟ تەك ئىزدىنەيلى!

مېنىڭ ھېس قىلغانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

ھەممىمىز بىلىدىغان بىر ھەقىقەت بار، ئۇ بولسىمۇ ئاتا - ئانىنىڭ ھەرىكىتى بالىغا ئۈرنەك.

پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا - ئانا بىلەن راھەت پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئەڭ ئۇنۇملۇك.

بۇلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا ئىپادىلىمەكچىمەن.

ئالدى بىلەن بىر كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قوياي، مەن يازمامدا «تەربىيە» دېگەن سۆزنى ئەمەس، «يېتەكلەش» سۆزنى ئىشلەتتىم. چۈنكى، ھېچقايسىمىز بالا تەربىيەلەشتە مۇكەممەل تەربىيە ئالمىدۇق ياكى مەكتەپ پۈتتۈرمىدۇق، ئۇدۇم قالغان ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئۆزىمىزگە خوپ كەلگەن ئۇسۇللار ئارقىلىقلا بالىلارنى ئاتاقتا تەربىيە، ئەمەلىيەتتە يېتەكلەپ كەلدۇق. شۇڭا مەن يېتەكلەش سۆزىنى ئىشلەتمەكچى. بۇ قارىشىمغا قارشى پىكىردە بولغۇچىلار، يېتەكلەش سۆزىنى تەربىيە سۆزىگە ئالماشتۇرۇپ چۈشەنسە بولىدۇ.

1. بالىنى يېتەكلەشتە «چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان بالا ياخشى بالا ئەمەس» دېگەن گەپنى كۆپ ئىشلىتىمىز. ئاڭلىماقلىقا بۇ گەپ توغرىدەك قىلغان بىلەن ئەمما ھەممە چوڭلار توغرا، مەنتىقلىق گەپ قىلالامدۇ؟ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس.

ئۇنىڭ ئورنىغا بالىلارغا توغرا بىلەن خاتانى پەرقلەندۈرۈشنى بىلدۈرۈش كېرەك، توغرا گەپنى كىم قىلسا ئېتىراپ قىلىش ۋە ھۆرمەت قىلىش، خاتا گەپنى كىم قىلسا ئېتىراز بىلدۈرۈشنى ئۆگىتىش،

بالىلاردا ئۆزىنى قوغداشنى، مەسىلىلەرنى توغرا نۇقتىدا تۇرۇپ ئانالىز قىلىشنى يېتىلدۈرىدۇ.

2. بالىلار يىغلىغاندا «يىغلىما» دەپ چەكلەش.

بىلىسەك يىغلاشمۇ كۈلۈشكە ئوخشاشلا تەبىئىي ئىنكاس. بىز چەكلىسەك «ھە، يىغلاش خاتا ئىشكەن - دە، يىغلىسام مېنى ئۆچ كۆرىدىكەن» دەپ، يىغلايدىغان ۋاقىتتا روھىي كەيپىياتىنى يوشۇرىدىغان ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا روھىي ھالەتلىرىنىمۇ يوشۇرىدىغان بولىدۇ. بالىمىز خۇشال بولۇپ كۈلسە خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ تەڭ خۇش بولۇشۇپ بەرگەنگە ئوخشاش، يىغلىغاندىمۇ سەۋەبىنى سوراپ تەڭ قايغۇرۇشۇپ، شۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىشقا ھەمدەم بولۇشىمىز كېرەك.

3. بالىمىز تۇيۇقسىز بىز ھەيران قالغۇدەك گەپ ياكى ئىش قىلىۋەتسە، «بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى ياكى كىم دەپ بەردى؟» دەپ سوئال قويساق، بالا دەرھال ئۇمىدسىزلىنىدۇ ياكى ئۇۋالچىلىققا قالغاندەك تۇيغۇدا بولىدۇ. چۈنكى، بىز ئاشۇ بىر سوئالىمىز بىلەن بالىدا «ئۆزۈم ئويلىسام، ئۆزۈم قىلسام بولمايدىكەن - دە، چوقۇم باشقىلاردىن ئۆگىنىشىم كېرەككەن - دە» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلىمىز - دە، ئاندىن بالا بىلگىنىنى بىزگە دېيىشنى خالىمايدىغان، يوشۇرىدىغان، خاتا ئىش قىلسا باشقىلارغا دۆڭگەپ قويىدىغان بولىدۇ.

ئاشۇ ۋاقىتتا ھەيرانلىقىمىزنى بىلدۈرۈشىمىز، ئەگەر ياخشى ئىش بولسا ماختاش بىلەن بىرگە قانداقلارچە بۇنداق قىلىپ قالدىڭ؟ بۇنداق دېيىش قانداقلارچە ئەقلىڭگە كەلدى؟ دەپ سورىساق، ئۆزىنىڭ ئەقلى بولسا پەخىرلىنىپ تۇرۇپ دەپ بېرىدۇ، باشقىلارنىڭ ئەقلى بولسا، ئۇلاردىن ئۆگەنگەنلىكىنى دەپ بېرىدۇ.

ئەگەر قىلغىنى خاتا بولسا ئاچچىقلانماي، ھەيران قالماي تۇرۇپ خاتا تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىمىز.

4. بالىلارنى باغچە ياكى ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرىغا، مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بارغىنىمىزدا بەرەر قىلىقسىزلىق قىلسا «ئۆيگە بارغاندا ئايرىم ھېسابلىشىمەن» دېسەك، بالا «ئۆيىنى جازالاش ئورنى» دەپ قارايدۇ - دە، ئۆيدىن سوۋۇيدۇ ھەم شۇنداقلا ئۆيگە قايتقۇچە ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاپ، ھېچنېمىدىن ھوزۇر ئالالمايدۇ.

شۇنىڭ ئورنىغا ئازراق خالىي مۆھلەت يارىتىپ، ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن بالىنىڭ قايسى گېپى ياكى ئىشىنىڭ خاتالىقىنى ئېنىق دەپ، توغرىسىنى بىلدۈرۈپ، داۋاملىق خۇشال ئوينىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. بالىلار ئۆز يېشىغا ماس كەلمەيدىغان سوئاللارنى سورىغىنىدا، ئاچچىقلىنىش ياكى قەستەن ئاڭلىماسقا سېلىۋېلىش، ئېتىبارسىز قالدۇرۇش... قاتارلىق پوزىتسىيە بالىنى ئاتا - ئانىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئۆزى قىزىققان ئىشنىڭ جاۋابىنى ئاتا - ئانىدىن ئالالمىغان بالا تەبىئىيلا باشقىلاردىن سوراپ بېقىشقا ئىنتىلىدۇ. نەتىجىدە خاتا ياكى مۇۋاپىق بولمىغان بىر جاۋابلارغا ئېرىشىشى مۇمكىن.

شۇڭا ئاتا - ئانىلار جاۋاب بېرىش تەس ۋە قولايسىز سوئاللارغا «بالام سەن ئازراق چوڭ بولغىن، چوقۇم ساڭا دەپ بېرىمەن ياكى ماڭا ئازراق ۋاقىت بەرگىن، ۋاقتى كەلگەندە ساڭا دەپ بېرىمەن»... دېگەندەك گەپلەر بىلەن سورالغان سوئالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىتا ناھايىتى ئەستايىدىل ھالدا كېيىن چۈشەندۈرىدىغانلىقى ھەققىدە جاۋاب بېرىش كېرەك.

6. بالىلارنى باشقىلارغا سېلىشتۇرۇش.

«نېمە دەپ پالانچىنىڭ بالىسىدەك بولمايسەن ياكى دېيەلمەيسەن»... دېگەندەك گەپلەر.

بىلىڭكى، ئۇ بالىنى سىز تۇغقان پالانچى ئەمەس، شۇڭا پالانچىلارغا سېلىشتۇرماي، بالىڭىزدىكى ئارتۇقچىلىقنى كۆرۈشكە ۋە قېزىپ چىقىرىشقا تىرىشىڭ.

ھەر قانداق بالىنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى، ئارتۇقچىلىقى، قىزىقىشى بولىدۇ. بۇلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، بالىڭىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇشتا ياردەمچى بولۇڭ،

سىلىشتۇرۇپ ئۇنىڭ روھىنى ئۆلتۈرمەڭ. ئەگەر بالىڭىز سىزگە: «پالانچىنىڭ ئاتىسى ياكى ئاپىسى بەك بىلىملىككەن ياكى مۇنداق بايكەن ياكى ئانداق داڭلىقكەن... سەن نېمە دەپ شۇنداق بولالمايسەن؟!» دېسە نېمە دەيسىز؟!

7. بالىڭىز تۇيۇقسىز بىر ئىشنى قىلىپ باقماقچى ياكى سىناپ باقماقچى بولسا، «قىلالامسەن؟ ئىشەنچىڭ بارمۇ؟ مەغلۇپ بولساڭ قانداق قىلىسەن؟»... دېگەندەك پاسسىپ سوئاللارنى ھەرگىز سورىماڭ.

سىناپ بېقىشىغا شارائىت يارىتىڭ. غەلىبە قىلسا سىز ئەلۋەتتە بالىڭىزدىن بەكرەك خۇش بولىسىز. ئەگەر مەغلۇپ بولسا، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولغانلىقى ھەققىدە بالىڭىز بىلەن بىرلىكتە ئەستايىدىل پىكىر ئالماشتۇرۇپ، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ قايتا قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. بالىڭىزنىڭ ئۆزلۈكىدىن بىر ئىشنى قىلىشقا قىزىقىشى سىزنىڭ بەختىڭىز.

8. بالىنىڭ ئالدىدا خاتا ئىش قىلىپ قويسىڭىز، «مەن ئاتا - ئانا تۇرسام، سېنىڭ ئالدىڭدا ئېتىراپ قىلىشىم كېرەكمۇ؟»... دېگەن پوزىتسىيەدە بولماڭ.

سىز ئېتىراپ قىلمىسىڭىز بالىڭىزمۇ بالىلىق سۈپىتى بىلەن ئېتىراپ قىلماسلىقى يوللۇق.

رېئاللىق شۇنداق.

قانداق قىلىمىز؟ ئۆزىمىزدىن باشلايمىز. بالىمىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلساق باشتا ئۆزىمىز شۇنى قىلىمىز. ئاندىن گېپىمىزنىڭ قىممىتى بولىدۇ.

9. «سەن كىچىك بولغاچقا ئارىلاشما» دەپ، ئۇلارنى ئۆيدىكى ئىشلارغا ۋە مەلۇم قارارلارغا ئارىلاشتۇرماسلىق. بۇ داۋاملاشقانچە، بالىلار ئۆيدىكى ئىشلارغا قىزىقماي ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك بىر كەيپىياتتا ياشايدۇ ھەم ئائىلىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يوقاشقا باشلايدۇ.

شۇڭا ئۇلارغا مەسلىھەت سېلىش بالىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇش تۇيغۇسىنى كۆتۈرىدۇ، ئائىلىگە مەسئۇل بولۇشنى ئۆگىتىدۇ؛ ئائىلە ئىقتىسادى ھەققىدە تەڭ مۇزاكىرە قىلىش ئۇلاردا ئىقتىسادچانلىقنى يېتىلدۈرىدۇ. بىز بىر خاتالىقنى دائىم سادىر قىلىمىز: ئۇ بولسىمۇ، بالىغا تەلەپ قويغاندا ئۆزىمىزنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەلەپ قويىمىز، بىز قانچە ياشتا ئۇ قانچە ياشتا، ئۇنىڭ يېشىدا بىز نېمە قىلالىغان؟ بۇنى ئويلىمايمىز. بالىغا مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭغا بالىغا قارىغان كۆزىمىزدە قاراپ، «سەن نېمىنى بىلىسەن، بۇ ئىشقا ئارىلاشما» دېگەندەك پوزىتسىيەدە بولىمىز.

پوزىتسىيەنى ئالماشتۇرايلى!

تەلەپ قويغاندا، ئۇنىڭ شۇ يېشىغا ماس تەلەپتە بولۇپ يېشىغا ماس ئېرىشكەن جاۋابقا قانائەت ھاسىل قىلايلى.

مۇئامىلە قىلغاندا، ئۆزىمىز بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ قەدىر - قىممەت ۋە ئېتىراپ قىلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرەيلى، ئۆزىگە ئىشەنچىسى ئېشىپ چوڭ بولسۇن.

## ئىككىنچى تېما: بالىمىزغا كۆيۈندۇق دەپ قىلغان ياخشى ئىشلىرىمىزنىڭ ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىشى.

1. ئوغۇللارنى «سەن ئوغۇل تۇرساڭ قازان بېشىغا يېقىن كەلمە» دەپ، ئۇلارنى ئاشخانىغا يېقىن يولاتمايمىز. نەتىجىدە سۈتنىمۇ ئوڭلاپ قايناتالماي تۇرمۇشتا قىينالسا، «سۈتنىمۇ ئوڭلاپ قايناتالمىغان، كىچىككىنە ئىشنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقالمىغان» دەپ ئەيىبلەيمىز، ئەينى ۋاقىتتا مەن ئۆگەتكەنمۇ دېمەيمىز.

نۇرغۇن ئانىلار «بالىمىزغا قازان بېشىنىڭ ئىشىنى ئۆگىتىپ قويساق كېيىن ئايالىنىڭ تامىقىنى

ئېتىدىغـان بولـۇپ قالـىدۇ» دەپ قـاراپ، كەلگۈسـى نائېنـىق ئىشـلار ئۈچـۈن، بوۋاقـنى ھەيـۋە بىلەن ئەتىۋارلىمايدۇ. كـۆز قاراشـىنىڭ قۇربانـى قىلـىدۇ. بالىنـىڭ قورسـىقى نەگـە بارسـا ئـۆزى بىلـەن بىللـە، قولـى ئەپچىـل بالىـلار تۇرمۇشـتا ھېـچ قىينالمايـدۇ. ئەگـەر ئـۇ كۆنلەرنـىڭ بىرىـدە ئايالىغـا تامـاق ئېتىـپ بەرسـە نېمـە بوپتـۇ؟! ئـەر - ئايـال قارشـى تەرەپكـە ئۆزىـدە بارنـى تەقدىـم قىلىـپ ياشـاش ئۈچـۈن بىـر ئۆيگـە كىرىـدۇ. شەخسىيەتچىلىكنى، ھالىغا يەتمەسلىكنى مەقسـەت قىلىـپ تۇتقـان ئـۆي ئۇزۇنغـا بارمايـدۇ. قىزلىرىمىزنىمۇ ھەددىدىـن زىيـادە ئەتىـۋارلاپ ئـۆي ئىشـلىرىغا سـالمايمىز، ئەسـلىدە ھەممـە ئىشـنى تەرتىپـى، رېتـى بىلـەن ئۆگىتىـپ بولـۇپ ئاندىـن ئەتىـۋارلاپ ئىـش قىلدۇرمىسـىڭىزمۇ مەيلـى. ئەممـا بىـر قىـز ئـۆي تۇتـۇش، تازىلىـق، تامـاق ئېتىـش، تۇرمۇشـتا تېجەشـچانلىق بولۇشـلارنى ئائىلىـدە ئۆگىنىـپ بولۇشـى كېـرەك. ئاندىـن قىزمـۇ نـەدە ياشـىسا قىينالمايـدۇ. بىـز ئاتـا - ئانـىلار بالىلارغـا باقمىغىنـدەك ئەمـەس، ئۇلارغـا ئۆزىنـىڭ ھۆددىسـىدىن چىقىشـنى ئەسـتايىدىل ئۆگىتىشـىمىز – ئۇلارغـا قىلغـان ئـەڭ چـوڭ مېھرىبانلىقىمىـز.

2. ئاتا - ئانىلار ئۆزىگە تېجەشلىك، ئەمما بالىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۇنىڭغا مەرد بولۇش.

ئاتـا - ئانـىلار بۇنـى بالامغـا ئامراقلىقىـم دەپ چۈشـىنىدۇ. بىـراق بـۇ خىـل قىلمىـش بالىغـا شۆھرەتپەرەسـلىك ۋە ھەشـەمەتلىك تۇرمۇشـنى ئۆگىتىدىغـان بولـۇپ، ئـۇلار جـاۋاب قايتـۇرۇش ۋە بـەدەل تۆلەشـنى بىلمەيدىغـان بولـۇپ قالـىدۇ، شـۇنداقلا ئىقتىسـادچانلىق ئېڭىمـۇ بولمايـدۇ. بالىغـا مۇھەببـەت بېرىـش ئۇنىڭغـا قىممـەت نەرسـىلەرنى ئېلىـپ بېرىـش ئەمـەس، بەلكـى ئۇنىڭغـا مـاس كېلىدىغانلىرىنـى بېرىشتۇر. بالىلارغـا كىچىكىدىـلا مالىيـە باشقۇرۇشـنى ئۆگىتىـش، ئۇلاردا مىننەتدارلىـق تۇيغۇسـى ۋە جـاۋاب قايتـۇرۇش تۇيغۇسـىنى پەيـدا قىلىـش، بالىغـا بېرىلگـەن ئـەڭ چـوڭ سـوۋغىدۇر.

## ئۈچىنچى تېما: دەسلەپكى يېتەكلەشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن بالىلاردا يېتىلگەن ناچار خاراكتېرنى قانداق قىلىپ ئۆزگەرتىمىز؟

بالىلار يېتىلگەن مەزگىلدە ئىككى خىل خاراكتېرى يۈز بېرىدۇ:

بىرى، ئىچىدىكىنى تولۇق تۆكۈش خاراكتېرى.

بۇنـداق بالـىلار ئويلىغانلىرىنـى دېيەلىگەنلىكـى ئۈچـۈن ئىچـى بوشـايدۇ، ئاشـۇ روھـي ئازادىلىكتـە مەسـىلىلەرنى چۈشىنىشـكە ۋە ھـەل قىلىشـقا تىرىشـىدۇ. 23، 24، 25 ياشـلارغا بارغانـدا باشـقىچە پىشـىپ يېتىلىـپ، ئاتـا - ئانىسـىنىڭ ئەيىنـى ۋاقىتتـا قىلغانلىرىنـى توغـرا چۈشـىنىدۇ ۋە ياكـى ئىچىدىـن چىقىرىۋېتىـدۇ.

يەنـە بىـرى، ئىچىدىكىنـى دېيىـش پۇرسـىتىگە ئېرىشـەلمەي، كېيىنكـى ۋاقىتـلاردا ھـەر يامـان ئاقىۋەتلەرنـى كەلتـۈرۈپ چىقىرىدىغانـلار ۋە پسىخىكىسـى ئېغىـر دەرىجىـدە بۇزۇلىدىغانـلار.

بالىـلار چـوڭ بولغانچـە ئەيىنـى دەۋردە ئۇچرىغانلىـرى سـەۋەبلىك ئويلىغانلىرىنى، ھېس قىلغانلىرىنى سـىرتقا چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىدۇ.

ئەگـەر ئـۇ بـالا بىرىنچـى تېمـىدا توختالغىنىمىـزدەك توغـرا چۈشـىنىش، توغـرا يېتەكلەشـلەرگە ئېرىشـەلمەي، ئېتىبارسـىز قـاراش، چەتكـە قېقىلىـش، تىللاش، دۆشكەلەش، سـەل قـاراش، چۈشەنمەسلىكلەر ئىچىـدە چـوڭ بولسـا، ئاشـۇ پاسسىپلىقلار ئۇلارنـىڭ روھـي قاتلىمـىدا يىغىلىـپ زەھەرگـە ئايلىنىـدۇ - دە، ئاسـان ئاچچىقلىنىدىغـان، چوڭلاردىـن ئەيىـب تاپىدىغـان، ئاتـا - ئانىغـا يانىدىغـان، ھەممـە ئىشـقا ئېتىبارسـىز قارايدىغـان، ۋارقىرايدىغـان، ئـادەم تىللايدىغـان بولـۇپ قالـىدۇ.

دېمـەك، ئـۇ ئىچىدىكـى يىغىلىـپ قالغـان زەھەرنـى چىقىرىۋاتىـدۇ. بـۇ ۋاقىتتـا ئاتـا - ئانـا «سـەن ماڭـا مۇشـۇنداق يانامسـەن، مۇشـۇنداق مۇئامىلـە قىلامسـەن؟!» دەپ سـوراققا تارتسـا، خاتالىـق ئۈسـتىگە خاتالىـق ئۆتكۈزگـەن بولـىدۇ.

بالىڭىزنىـڭ ئاۋازىنىـڭ يۇقىـرى، قوپـال چىقىشـنى قوبـۇل قىلمىسـىڭىز بولمايـدۇ، چۈنكـى ئـۇ كىچىكىدە سـىزدىن شـۇنداق نەرسـىلەرنى قوبـۇل قىلىـپ ئىچىـدە سـاقلاپ كەلـدى. ئۇنـى چىقىرىشـى كېـرەك، يـول

قويۇڭ. ئاچچىقنى چىقىرىۋالسۇن، بوشىۋالسۇن. چىرايلىق پاراڭلىشىڭ. «ئەينى ۋاقىتتا سەن ئۆچۈن مۇنداق قىلغان، ئۇنداق جاپا تارتقان» دەپ يۈزىگە سالماڭ، بالا ئۇنى ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قارايدۇ.

چۈنكى ئۇ ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغان باشقا ئادىمى يوقتە...

بالا ئاشۇ ئاچچىقلىرىنى چىقىرىش ئارقىلىق ئىچىنى پاكىزلايدۇ. پاسسىپ تۇيغۇلاردىن قۇتۇلىدۇ. ئاشقازىنىمىز تاماقتىن زەھەرلىنىپ بىئارام بولغاندا زەھەرلىگەن نەرسىنى قۇسۇپ چىقىرىۋەتسەك بوشايمىزغۇ، شۇنىڭغا ئوخشىغان بالىلارمۇ پاسسىپ تۇيغۇلارنى قۇسۇۋەتسە يەڭگىللەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا بىز چۈشىنىشنى خالىماي تەك تۇرساق، ماسلاشمىساق، ئاتا - ئانىلىقىمىزنى پەش قىلساق، قۇسۇقنى قايتىدىن يېگۈزگەن بولىمىز - دە، ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، زەھەرگە زەھەر قوشۇلىدۇ.

بالىڭىزنىڭ ئاشۇنداق قارشىلىق ئىپادىلىرىدىن سۆيۈنۈڭ. ئۇ ھېچ بولمىسا ئىچىدىكىنى چىقىرىپ، ئۆزىنى پاكىزلاشنى ئويلىدى. ئەگەر سىزگە چىقارمىسىچۇ؟ ئۇ باشقا شەكىللەر ئارقىلىق چوقۇم چىقىدۇ.

مەسىلەن، سىرتتا، مەكتەپتە، ئىدارىسىدە جېدەل چىقىرىش، ھەر خىل جىنايەت يوللىرىغا مېڭىش، پسىخىكىسى بۇزۇلۇش، تويى قىلغاندا ئايالىغا ياكى ئېرىگە رەھىمسىز بولۇش، پەرزەنتلىك بولغاندا بالىغا ئازار بېرىش... قاتارلىقلار.

شۇڭا ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرى، ئاچچىقلاشلىرىنى توغرا قوبۇل قىلىڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىڭىزنىڭ شۇ ۋاقىتتا خاتا قىلغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىپ، شۇ ياشتىكى بىلگىنىڭىزنىڭ شۇنچىلىك ئىكەنلىكىنى سەمىمىيلىك بىلەن دەڭ. راستچىللىق، سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان سۆھبەت ھەرقانداق كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ ۋە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم يارىتىدۇ.

## تۆتىنچى تېما: نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى يىراقلىشىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ھەل قىلىش چارىسىچۇ؟

بۇنى ئاجىزانە تەپەككۇرۇم بىلەن بىر قانچە تۈرلەرگە بۆلدۈم.

### بىرىنچى، ئالدىراش ئىشلار:

ئاتا - ئانىلار خىزمەت، تىجارەتتىكى كەسكىن رىقابەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بىلەن ئالدىراش بولسا، بالىلار ئوقۇش ۋە قوشۇمچە كۇرسلاردىكى ئالدىراشچىلىق باشقا پائالىيەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئائىلىدە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىت ئازلاپ كەتكەنلىكتىن ئارىلىق پەيدا بولىدۇ.

ھەل قىلىش چارىسى: ئامال بار دەم ئېلىش كۈننى ئاتا - ئانىلار بالىلارغا تولۇق ئاجرىتىشى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پەرزەنتلەر بىلەن ئالدىن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭمۇ ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا پۇرسەت يارىتىشى كېرەك. كەچلىك تاماقنى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈندىن - ئۆزۈنغا يېيىشمۇ ئىللىقلىق پەيدا قىلىدۇ.

### ئىككىنچى: ھەر خىل تېخنىكىلارنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بېسىپ كىرىشى

تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئىشلىتىلىشى ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. بەزى تېخنىكىلار سەۋەبلىك بىر - بىرىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئېكراندا يېڭىلىنىپ تۇرغان مەزمۇنلار، ئائىلە ئەزالىرىدىن بەكرەك جەلپ قىلىۋالىدۇ.

ھەل قىلىش چارىسى: تەتىللەردە ئائىلە ساياھىتى قىلىش. ساياھەت قىلىشقا ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەنلەر، تېخنىكىلىق نەرسىلەردىن يىراق تۇرىدىغان بىرەر ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنى ئويلاپ تېپىپ شۇنى قىلىش. مەسىلەن، ئائىلىدە سېۋەت توقۇش، سۈپۈرگە ياساش، قولدا كىيىم تىكىش، ياغاچچىلىق

قىلىپ كىچىك ئۆيلەرنى، ئويۇنچۇقلارنى ياساش ياكى ئەتراپتىكى بوش قالغان يەرلەرگە بىرىپ كۆچەت تىكىش، گۈل تىرىش، كۆكتات تىرىش... دىگەندەك ئىشلارنى قىلىش.

**ئۈچىنچى: ئائىلىدىكى توقۇنۇشلار.**

ئەگەر ئاتا - ئانىدا توقۇنۇش بولسا، ئائىلە كەيپىياتى جىددىيچىلىك ۋە بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە بولسا، بۇمۇ ئوخشاشلا ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ يىراقلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ھەل قىلىش چارىسى: ئەگەر ئاجرىشىش نىيىتىڭىز يوق بولسا، بالىلار ئۈچۈن ئىللىق، كۆڭۈللۈك ئائىلە مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن، بارلىق زىددىيەتلەرنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈڭ. ئەگەر قىلىش نىيىتىڭىز بولسىلا چوقۇم قىلالايسىز.

**تۆتىنچى: تەرەققىيات ئۆزگىرىشى.**

بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلاردا تەبىئىي ھالدا بەلگىلىك مۇستەقىللىق ئېڭى يېتىلىپ ماڭىدۇ. ئاتا - ئانىسىغا ھېسسىيات جەھەتتىن ۋە باشقا جەھەتلەردىن بويسۇنمايدۇ.

ھەل قىلىش چارىسى: ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ ئاناتومىيەلىك ئېھتىياجى ۋە ھېسسىي تۇيغۇلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىشى كېرەك. قىز - يىگىتلەرنىڭ بالاغەتكە يېتىش مەزگىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئۇلارغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى دوستانىلىك بىلەن ئۆگىتىش كېرەك.

**بەشىنچى: روھىي ساغلاملىق مەسىلىسى**

ئەگەر ئاتا - ئانىدا ياكى بالىدا روھىي ساغلاملىقىدا مەسىلە بولسا، بۇمۇ تەبىئىي ھالدا ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرىدۇ.

ھەل قىلىش چارىسى: مەيلى قايسى تەرەپتە كۆرۈلسۇن، كەسپىي كىشىلەردىن ياردەم سوراپ ۋە بىر ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە يېڭىشكە ھەرىكەتلىنىپ، كۈچ چىقىرىپ، قارشى تەرەپكە ئىللىقلىق بېغىشلاشقا تىرىشىش كېرەك.

**ئالتىنچى: ئەۋلاد پەرقى، يەنى دەۋر پەرقى**

ئاتا - ئانىلار ۋە بالىلارنىڭ ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئوخشىمىغان قىزىقىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى بار. مانا بۇ نۇرغۇنلىغان ئۇقۇشماسلىق ۋە كېلىشەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئاتا - ئانىلار دەۋرنى كەينىگە قايتۇرالمىغاندىكىن، بوگۈنكى دەۋرنىڭ قىممەت قاراشلىرىغا بويسۇنىمىز. بالىلارنى ئەينى دەۋردىكى ئۆزىمىز قىلىشقا تىرىشماي، ئۆزىمىزنى بوگۈنكى دەۋردىكى ئادەم قىلىپ تەربىيەلەشكە تىرىشىمىز. ئۇيغۇرلاردا يەنە بىر پەرق بار، ۋەتەندە تۇغۇلغان ئاتا - ئانىلار بىلەن چەت ئەلدە تۇغۇلغان بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت پەرقى.

ھەل قىلىش چارىسى: يەنىلا ئاتا - ئانىلار ئېغىر - بېسىق، تەمكىن بولۇپ، ھارماي سۆزلەش، ئۆرنەك كۆرسىتىشى كېرەك.

ئۇيغۇر ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بالىلارغا قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ تونۇشتۇرۇپ، ئۇلاردا يېڭىلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىش، مەدەنىيىتىمىزدىكى ئۆزگىچە نۇقتىلارنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ، ياشىتىپ، ئۇلاردا پەخىرلىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى كېرەك.

**يەتتىنچى: بېسىم ۋە تەشۋىش.**

يۈز بېرىۋاتقان تارقىلىشچان كېسەللىكلەر، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ياكى ئائىلە مەسىلىسى قاتارلىق ئامىللار چوڭلارنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرسا، بالىلارنىڭمۇ ئۆز دۇنياسىدىكى زىددىيەت، رىقابەت ئۇلاردىمۇ تەشۋىش ۋە بېسىم پەيدا قىلىدۇ.

ھەل قىلىش چارىسى: سىرتتىكى تەشۋىش ۋە بېسىملارنى ئاتا - ئانىلار ئامال بار ئۆيگە ئېلىپ كىرمەسلىكى، ئۆز نۆۋىتىدە بالىسىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىدە ۋە ئۆز دۇنياسىدا يېشىغا لايىق تەشۋىش ۋە بېسىملاردا بولىدىغانلىقىنى توغرا چۈشىنىپ، بالىسىنىڭ كەيپىياتىغا دىققەت قىلىپ، مەسىلىلەرنى سوراپ، ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىشى، بۇ جەرياندا كەمسىتىشكە، كىچىك كۆرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ، شۇ بالىنىڭ يېشىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

## سەككىزىنچى: ئىشەنچ ۋە ئالاقىنىڭ كەمچىل بولۇشى

ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشەنچ ياكى ئالاقىنىڭ بۇزۇلۇشى مۇناسىۋەتلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، ئارىلىقنى يىراقلاشتۇرىدۇ. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ھەر بىر ئائىلە مۇھىتى ئۆزگىچە بولغاچقا، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ يىراقلىشىش سەۋەبىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىڭىز ياكى بالىلىرىڭىز بىلەن بولغان ئارىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان بولسىڭىز، ئوچۇق ۋە سەممىي پاراڭلىشىپ، ئۆزئارا كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇناسىۋىتىڭىزنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تىرىشىڭ.

يەنە شۇنداقلا روھىي ساغلاملىق مەسىلىسىگە كەسپىي ياردەم ئىزدەڭ.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆزگىچە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە باغلىق. ئوچۇق ئالاقە، ھېسداشلىق قىلىش ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش تولىمۇ مۇھىم.

ئەمدى ئەمەلىي مىساللارغا كېلىمەن:

مەن ئەسلىي پىلانىمدا ئون ياشتىن ئون بەش ياشقىچە بولغان پەرزەنتلىرىمىزدىن ئەللىكنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن بىرقانچە سوئال سوراپ پىكىر - قارىشىنى بىلمەكچى بولغان. ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يىگىرمە سەككىزنى زىيارەت قىلالىدىم.

1 - سوئال: مەكتەپتە، سىرتتا كۆرگەن بىلگەنلىرىڭىزنى ئاتا - ئانىڭىزغا دېيىشنى خالامسىز؟ ئۇلار كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلامدۇ؟

يىگىرمە بالا خالايمەن، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدۇ.

بەش بالا خالايمەن، ئەمما دادام - ئاپام ئاڭلىغاندەك قىياپەتتە ھە.. ھە دەيدۇ ئەمما ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلىمەن.

ئۈچ بالا خالىمايمەن. ئاڭلىمايدۇ.

2 - سوئال: ھەيز يېشىغا توشقان قىزلاردىن، تۇنجى ھەيز كۆرگەندە كىمگە دېدىڭىز؟

ئاپامغا (بۇ ئىنتايىن ياخشى ئەھۋال)

3 - سوئال: ھەر يېشىڭىزغا قارىتا قىزىقىشلىرىڭىز ئوخشىمىغاچ، بەزىدە بەزى يەرلەرگە بېرىپ ئوينىغۇڭىز كېلىدۇ، بەزى كىيىملەرنى كىيگۈڭىز كېلىدۇ، بەزى تاماقلارنى تېتىپ باققۇڭىز كېلىدۇ... شۇ ئارزۇلىرىڭىزنى ئاتا - ئانىڭىزغا دېيەلەمسىز؟ ئۇلار قانداق پوزىتسىيەدە بولىدۇ؟

يىگىرمە ئىككى بالا دېيەلەيمەن، مۇۋاپىقلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، مۇۋاپىق ئەمەسلەرنى قوبۇل قىلمىسا، سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ (بۇ ماختاشقا تېگىشلىك ئەھۋال)

ئالتە بالا دېيىشنى خالىمايمەن.

4 - سوئال: ئاتا - ئانىڭىز ئائىلىدە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېسىل

ئەنئەنىلىرىنى سۆزلەپ بېرەمدۇ؟ ئۆگىتەمدۇ؟ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى، مېۋە، ھوسۇللىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەمدۇ؟ سىلەر قانداق ھېسسىياتقا كېلىسىلەر؟

ئۇن توققۇز بالا سۆزلەپ بېرىدۇ، خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلىمىز، چوڭ بولغاندا چوقۇم ۋەتىنىم ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرىمەن دەپ ئويلايمەن.

بەزىلىرى قانۇندا ئوقۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ئۈچۈن ئىشلىتىمەن...

توققۇز بالا ئۇنداق گەپلەر بولمايدۇ.

زىيارەت نەتىجەم مۇشۇنداق بولدى، قالغىنىنى ھەرقايىسى ئوقۇرمەن ياكى ئاڭلارمەنلەر ئۆزى تەھلىل قىلسا بولىدۇ.

بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئاساسەن ئىسلام دىنىدا ياشايمىز، شۇڭا كۈندىلىك يېتەكلەشتە دىنىي ئەقىدىلەرنى سىڭدۈرۈپ ماڭىمىز. دىنىنى بالىڭىزغا قورقۇتۇش، چەكلەش دىنى ئەمەس، سۆيگۈ بېرىش، قوللاش، ئىلھام بېرىش دىنى قىلىپ كۆرسىتىڭ. خاتا ئىش قىلسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى دېيىشىنىڭ ئورنىغا، توغرا ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرۈپ، توغرا ئىش قىلسا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى دەڭ. ئىككىنچىسىنىڭ تەسىر قىلىش كۈچى كۈچلۈك، ئەلۋەتتە.

لېكسىيەمنىڭ ئايىغىنى دەۋەتچى نوئىمان ئەلىخاننىڭ بالىلارنى دىنىمىزدا ياشىتىش ئۈچۈن قىلغان دەۋىتىدىكى قىسقا بىر مەزمۇننى مىسالغا ئېلىش بىلەن ئاياغلاشتۇرىمەن:

بالىلار بىزگە ئامانەت بېرىلدى، ئامانەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۇلار بىز مۇتلەق باشقۇرىدىغان نەرسە ئەمەس.

بالىلارنى قانچە باشقۇرۇشقا، كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغانسېرى شۇنچە جىلە بولىمىز. ئائىلىسىدە دىنىنى ساقلاپ قالماقچى بولغان ئائىلىلەرگە دىققەت قىلسام، دىنىنى بالىلارغا زورلىغانسېرى، بالىلارنى باشقۇرۇشقا ئۇرۇنغانسېرى بالىلارنىڭ تاپتىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن.

سىز بىر مېۋىلىك نوتىنى پەرۋىش قىلماقچى بولسىڭىز، ناھايىتى نازۇك مۇئامىلە قىلىشقا، يەنى ئوغۇتلىشىڭىزغا، تۇپرىقىنى يۇمشىتىشىڭىزغا، ياۋا ئوتلارنى يۇلۇۋېتىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.

سىز نوتىغا ۋارقىرىيالمايسىز، «بولە، ئېتىك ئۆسە، مېۋە بەرمەمسەن» دېيەلمەيسىز.

نوتىنىڭ ئۆسۈش مۇددىتىنى كۈتۈشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ، زىيانداش ھاشاراتلار يوپۇرماقلىرىنى زەخىملىسە، ئازراق قاتتىق قوللۇق بىلەن زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

مانا بۇ ئەسلىدە بىز بىلەن بالىلارنىڭ كۆرۈنۈشى، يەنە شۇنداقلا ئاتا - ئانىمىزغا دۇئا قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى.

ئاخىرقى سۆزۈم: بىز ئۆز ھەرىكەتلىرىمىز، پوزىتسىيەيىمىز بىلەن بالىمىزغا تەسىر كۆرسەتەلىسەك ئۇلار بىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ، پىكىرلىرىمىزنى ئېتىبارغا ئالىدۇ.

ۋەتەن ۋە مىللەت ئالدىدىكى بۇرچىمىزنى ئادا قىلىشتەك مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۆزىنىڭ ھەم مەجبۇرىيىتى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇيدۇ.

2023 - يىلى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

# بىزدىكى نۇقسان ۋە كېلەچىكىمىز

ئۆمەر شەنبە

2023 - يىلى 11 - ماي

يۇز يىللارغا سوزۇلغان كۈرىشىمىز ۋە يېقىنقى يىللاردىكى قارشىلىق كۆرسىتىشىمىزدىن شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، بىز رەقىبىمىزنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزدىن سىرت ئارىمىزدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەرگىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم. بۇ مەسىلىلەر تارىختىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپلا قالماستىن، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تېخىمۇ مۇرەككەپلەشمەكتە.

## مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى

جۇغراپىيە ۋە ماكان جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىللىتىمىز ياشاۋاتقان تۇپراقلار: ئۇيغۇر دىيارى، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرى (ۋاقىتلىق ياكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ياشاۋاتقانلار)، تىنچ ئوكيان (ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق)، شىمالىي ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا شەرقتىن ئىبارەت.

زامان جەھەتتىن، ئۇيغۇر دىيارى ۋە خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە ياشاۋاتقان مىللىتىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەخمىنەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە بۇ ئەسىرنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلىرىدا چەت ئەللەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلار، بۇلارنى يەنە ياش جەھەتتىن 1970 - يىللاردىن بۇرۇن تۇغۇلغان «چوڭلار گۇرۇپپىسى»، 70 - ۋە 80 - يىللار تۇغۇلغان «ئوتتۇرا ياشلار گۇرۇپپىسى»، شۇنداقلا 90 - ۋە 2000 - يىللار تۇغۇلغان «ياشلار گۇرۇپپىسى»غا ئايرىغىلى بولىدۇ.

ئىنسانىي ئەركىنلىك ئەھۋالىدىن مىللىتىمىزنى يۈزەكى قىلىپ ئۈچ تۈرگە ئايرىغىلى بولىدۇ:

1. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قامالغانلار ۋە قامالمىغان تەقدىردىمۇ ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالغان بارلىق ئۇيغۇرلار؛

2. چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتكەن بىراق ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋەتەندە قالغانلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك بېسىملارغا دۇچار بولۇۋاتقان «چالا ئەركىنلەر»؛

3. ئائىلە بويىچە چەت ئەلگە كۆچۈپ كەتكەنلەر ياكى ئۆزى چەت ئەلدە تۇرۇپ يېقىنلىرى

ۋەتەندە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سۈيىقەستكە ئۇچرىغان بولسىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىت ۋە بېسىمىغا باش ئەگمىگەن «پۈتۈنلەي ئەركىنلەر».

يۇقىرىقى ماكان، زامان ۋە ئىنساندىن ئىبارەت ئۈچ نۇقتىدىن شۇنى بايقاشقا بولىدۇكى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا چېچىلغان مىللىتىمىز ئاز ۋە ئاجىز ئەمەس. 19 - ئەسىر ۋە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا سېلىشتۇرغاندا يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مىللىتىمىزدە ئېغىر دەرىجىدە مەدەنىيەت ئۆزۈلمىسى كۆرۈلمىگەن، ھەر خىل سەۋەبلەرنىڭ تۈرتكىسىدە خەلقئارادا ئاۋاز چىقىرىۋاتقانلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيگەن. كەمتۈكلۈكىمىز بولسا ئىتتىپاقسىزلىق سەۋەبىدىن تۇغۇلۇۋاتقان ھەر خىل مەسىلىلەردۇر.

## ئىقتىساد

نىمە ئۈچۈن مىللىتىمىز دۇنيا ئىقتىساد سەھنىسىدە بۇنچىلىك ئەرزىمەس ھالەتكە چۈشۈپ قالدى؟ ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە جارى قىلغان رولىنى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دېموكراتىك دۇنيادا بىزنىڭ ھەر تۈرلۈك كەسىپلەردە بولغان تەسىر كۈچىمىز يوق دېيەرلىك. مېنىڭچە بۇنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبىنى ئەنئەنىۋى ياشاش ئۇسلۇبىمىز ۋە ئىقتىسادىي ئەندىزىمىزدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

گەرچە چەت ئەللەردە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ داۋاملىق بېسىمىغا ئۇچراۋاتقانلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن «پۈتۈنلەي ئەركىن»لەرنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس؛ ئومۇمىي مائارىپ سەۋىيەيىمىزنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدىغان مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، ئەمما بىزدىكى ئالىي مائارىپنى تاماملىغانلارنىڭ نىسبىتى ئويلىغىنىمىزدەك تۆۋەن ئەمەس.

مىللىتىمىز كىچىك جەھەتتىن ئائىلىنى، چوڭ جەھەتتىن بولسا ئۆزى ياكى قېرىنداش تۈركىي مىللەتلەرنى ئاساس قىلىپ توپلىشىپ ياشاشقا ئادەتلەنگەن. بۇ خىل توپلىشىپ ياشاش ھالىتى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خەنزۇلار كوچىسى، تۈرك مەھەللىلىرى ۋە ماراكەش مەھەللىلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن كۆپ ساندىكى سودىگەرلەر مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئۇيغۇر مىللىتى بولغان كىچىك دائىرىدىكى مەھەللە تىجارىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل تىجارەت شەكلى تىپىك بولغان «ناتۇرال ئىگىلىك» بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك تىجارىتىنىڭ دەسلەپكى ئەندىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى خىل تىجارەت تۈرى ئەنئەنىۋى جەمئىيەتلەردە ھاسىل بولىدىغان «بېكىنمىچىلىك ۋە قانائەتچانلىق»نى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماي، تەۋەككۈلچىلىك روھىيىتىنىمۇ زەئىپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ تۈردىكى تىجارەتلەر دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان شەخس ۋە كىچىك بىر كوللېكتىپقا «مۇقىملىق» بېرىپ، مەزكۇر شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قامدىشىغا ئاساس بولالايدۇ. سەلبىي تەرىپى بولسا ئۇرۇق - تۇغقان ۋە دوست - بۇرادەرلەر ئارا تىجارەت شېرىكلىكى قۇرۇپ، ئازراق نەپكە ئېرىشكەندە كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە توگۇل پۈتۈنلەي بۇرۇنقىلارنىڭ ئەنئەنىۋى تىجارەت شەكلىنى ساقلاپ ھېچقانداق يېڭىلىق يارىتىشقا پېتىنالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشتۇر.

ئەگەر سودا ياكى باشقا ساھەلەردە تەسىر كۈچىمىزنى ياراتماقچى بولساق، يۇقىرىقىدەك «كونا ئۇسۇل»نىڭ بوگۇنكى كۈندە كارغا كەلمەيۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىۋاتىمىز. ئۇنداق بولسا بۇ مەۋجۇت ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەك؟ مېنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان ئوي - پىكرىم تۆۋەندىكىچە:

1. توغرا بولغان ئۈلگە تىكلەش

ئوخشاش قىسمەتتە ئۆزلۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلگەن كۇردلار ۋە تارىختا نۇرغۇنلىغان

مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ غالىبىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن يەھۇدىيلار، كۆپلىگەن ساھەلەردە بىزگە ماياك رولىنى ئوينىيالايدۇ. بۇلارنىڭ (بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنىڭ) يېقىنقى بىر ئەسىردىكى كەچۈرمىشلىرىدىن قانداق بىر ئۇسۇلدا ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىقتىسادىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەشتۈرگەنلىكىنى، دۇنيانىڭ ھەر يانلىرىغا تارقالغان بىر مىللەتنىڭ قانداق قىلىپ بىر - بىرى بىلەن تەشكىللىك ۋە بىخەتەر شەكىلدە ئىتتىپاق قۇرالىغانلىقىنى ئۆگىنىشىمىز كەلگۈسىدىكى يۆلىنىشىمىزنى پىلانلاپ بېكىتىشىمىزدە زور ئىجابىي رول ئوينايدۇ.

2. جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا ئاساسەن ئۆز تەرەققىيات نىشانىنى تىكلەش

ئوخشىمىغان دۆلەتلەر ئوخشىمىغان سىياسىي تۈزۈمگە ۋە ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي ئىقلىمغا ئىگە. ئامېرىكا، كانادا ۋە ئاۋستىرالىيە باشچىلىقىدىكى كۆچمەن دۆلەتلەر كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىگىلىك تىكلىشىگە، ئۆزگىچە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق قىممەت يارىتىشىغا ۋە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ياشىشىغا بەلگىلىك شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تەۋەككۈلچىلىك ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ھەمدە يېڭىلىقنى تېزلىكتە قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ بىرىنچى تاللىشى. ياۋروپا بولسا شەخسنىڭ يەرلىك ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىشى بىلەن بىرلىكتە، كىلاسسىك ساھەلىردە ئۈزلۈكسىز ۋە مۇقىم شەكىلدە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن مۇكەممەل شارائىت ھازىرلىغان. قىسقىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، كىشىنىڭ ئۆز خاراكتېرى، ئىقتىدارى، تۇرمۇش نىشانىغا ئاساسلىنىپ ياشاش جۇغراپىيەسىنى توغرا تاللىشى، ئۇ كىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقىغا ۋە قانچىلىك ۋاقىتتا قازىنالىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

3. كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن ساھەلەرگە تايىنىپ ئۆزىمىزنى كۈچلەندۈرۈش

چەت ئەللەردە ئوقۇشنى تاماملىغان ۋە ياكى تاماملىيالمىغان، ئۆز كەسپىگە، ھۈنىرىگە تايىنىپ يېتەرلىك ماددىي سەۋىيەگە كېلەلمەي (يەنى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا يېتەلمەسلىك)، ئۆز ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، قارىماققا قولاي ئەمما كېلەچىكىگە قىممەت يارىتىپ بېرەلمەيدىغان خىزمەتنى تاللىغان ۋە تاللىماقچى بولۇۋاتقان قېرىنداشلار ناھايىتى كۆپ. بۇ تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ھازىرقى زامان ھىندىستان جەمئىيىتىدە تۆۋەن تەبىقە بولۇپ ھېسابلىنىدىغان ۋايىسيا ۋە سۇدرالارنىڭ سىنىپ كۆچۈشىدىن ئىزدىنىپ جاۋاب تېپىشنى توغرا كۆردۈم. گەرچە بۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىگەن ئورتاق نۇقتىلىرى بولمىسىمۇ، بىراق ئۇيغۇرلار ۋايىسيا ۋە سۇدرالارغا ئوخشاشلا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەسىرىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە توپلۇقنى قوغداشقا جىددىي ئېھتىياجلىق. بۇ سەۋەبتىن بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىملىق سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسى بولغان كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتتا تايىنىپ ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇشىمىز لازىم.

4. بىر قىسىم «شەرقىي ئاسىيا ئۇسلۇبى»دىكى خاتا ئىدىيەلەرنى تاشلاش

ۋەتەندە ئاساسىي مائارىپنى تاماملىغان كىشىلەردە ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدىغان مەسىلىلەردىن بىرى قارىغۇلارچە دىپلومغا ئېسىلىش ۋە تېخنىكوملارنى تۆۋەن كۆرۈش. بۇنىڭ نەتىجىسى توپلۇقنىڭ ئىچىدىكى كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ بارا - بارا ئازىيىشى ۋە بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھەر ساھەلەردە تەسىر كۈچىنىڭ ئاجىزلىشىشىدۇر. تېخنىكوملارغا بولغان خاتا كۆز قاراش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ يولنى تاللىشىغا ۋە خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنى (modern social structure) تونۇشىغا توسالغۇ بولۇپ قالغان. شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، بىر ساغلام بولغان ئىجتىمائىي توپتا ئىش تەقسىماتى تەڭپۇڭ بولۇشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن قارىغۇلارچە دىپلومغا ئېسىلىش

مەسىلىسىگە كەلسەك، ھەم قىزىقىشىغا ۋە ئىقتىدارىغا ماس كەلمىگەن ھەم ئۆز كەلگۈسىگە ئىقتىسادىي ياردىمى بولمىغان بىر كەسپنى (major) تاللاش تامامەن ۋاقىت ئىسراپ قىلىشتۇر. بۇ جەھەتتە سكاندىناۋىيەنى (Scandinavian) ئۈلگە قىلىپ ئۆگىنىشىمىز لازىم، گەرچە يەنىلا ئۇدۇل ئۆزىمىزگە كۆچۈرۈپ چاپلىيالمىساقمۇ، بىراق بىز مۇشۇ خىلدىكى مۇقىم ئىجتىمائىي قۇرۇلمىغا تايىنىپ خەلقنىڭ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ كەلگۈسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات يۆلىنىشىنىڭ ئايدىڭ بولالىشىغا پۇختا ئاساس بولالايدىغان سىستېما شەكىلگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق.

## سىياسەت

ھەربىرىمىزنىڭ «باشلامچى» بولۇشقا ئىنتىلىدىغان خۇيىمىز سىياسەتنىڭ بىزدىكى ئەڭ «سېسىغان» ساھەگە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك پەرۋاسىزلىقتا دۇچار بولۇشىمىز، سۆز ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قېلىشىمىز، باشقىلارنىڭ بىزگە «ۋەكىل» بولۇشىغا مەجبۇر قېلىشىمىز قاتارلىق روھىي جەھەتتىكى خارلىقلىرىمىز تۈرتكىسىدە، ئومۇمەننىڭ سىياسىي ساۋاتى كەمچىل تۇرۇپمۇ ھەركىم سىياسەتتە «مېنىڭلا توغرا» دېيىشى، پۈتۈن خەلق دېگۈدەك «سىياسەتچى» بولۇپ قېلىشى قاتارلىق قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. گەرچە بۇ خىل ئەھۋال ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسىي مۇقىمسىزلىق ئىچىدە تۇرغان خەلقلەر ئۈچۈن بىر قايغۇلۇق ئىش بولسىمۇ (خۇددى ھازىرقى تۈركىيە، ئىسرائىلىيە، ۋېنگرىيە قاتارلىق دۆلەتلەردەك)، لېكىن ئىلاجسىزلىقتىكى ئەۋزەللىك دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بۇرۇنقىدەك سىياسەتنى تىلغا ئېلىشتىن قورقۇش ۋە سىياسەت توغرىسىدىكى سۆھبەتلەردىن ئۆزنى قاچۇرۇش بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھازىرقىدەك سىياسەت توغرىسىدا ئەركىن سۆزلەشنى مەلۇم دەرىجىدىكى ئىلگىرىلەش دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. بىراق، بۇ يەردىكى مەسىلە شۇكى، ئەگەر سىياسەتنى بىر قورالغا ئوخشاتساق، بىزدىكى بۇ قورالنىڭ بەكلا زامانىنىڭ كەينىدە قالغانلىقىنى بايقايمىز. بىر ئەسىرگە سوزۇلغان سىياسىي مۇساپىمىزدە بىز يېتەرلىك تەرەققىي قىلالمىدۇق ۋە يېتەرلىك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدۇق. بۇگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىزگە بولغان دىققىتى ۋە ياردىمىنىڭ سەۋەبى بولسا ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىش قىلغان بىر خىل ھېسداشلىق، خالاس. ئۆزىمىزنىڭ ئوتتۇرىدا ئوينىغان رولىمىز ئانچە چوڭ ئەمەس. تېگى - تەكتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىزنىڭ سىياسەتتىكى گۆدەكلىكىمىز ۋە «ئويۇن قائىدىسى»نى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدە.

بىزگە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارالغان «ياۋا ئۆلىمالار» ئەمەس، بەلكى خەلقئارا سەھنىدە ئاكتىپلىق بىلەن پائالىيەت قىلالايدىغان كەسپىي سىياسەتچىلەر لازىم. بىر تۈركۈم كەسپتىن خەۋەرسىزلەرنىڭ چايدىن كېيىنكى سىياسەت پاراڭلىرى ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىگە بولغان ئۆزگىچە تەسەۋۋۇرلىرى خەلقئارادا بىز ئۈچۈن ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ھەر خىل ئۇيغۇر «دەرنەكلىرى» ۋە «فوند»لىرىنىڭ ئىستەك تەلپى ھەر خىل ھەمدە بىرلىككە كەلمىگى تەس بولۇپلا قالماستىن، كۆپىنچىسىنىڭ ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەرنى يوقىتىش، ئۆزىنىڭ نەپسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ قانۇنلۇق تەشكىلات بولۇشىغا سايىھىتى توشۇپ تۇرۇپ يەنە «يەر ئاستى ئەترىتى»دەك ئادەم كۆرسە بولمايدىغان شەكلى تۈسىنى ئېلىۋېلىش قاتارلىق «ئالاھىدىلىكلىرى» بار.

بىزنىڭ سىياسىي جەھەتتە دەسمايىمىز يوق ئەمەس، بىراق كۈچنى ھەر دائىم خاتا يەرگە قارىتىمىز. بىز ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىمىز ھازىر تۇرۇۋاتقان دېموكراتىك دۆلەتنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ پۇقرالىق ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ئامېرىكا، كانادا ياكى ياۋروپا پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ سىياسىي ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىپ، سىياسىي قوراللارنى توغرا ئىشلىتىشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. ئاندىن مەبلەغ سېلىپ ئۆزىمىزنىڭ سىياسەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچەپ، «قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن»

مەقسىتىگە يېتىشىمىز، ئۇيغۇرلارنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سەھنىلىرىدە ھەتتا دۆلەت مەجلىسلىرىدە ئورۇن ئالدۇرۇشىمىز كېرەك.

ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە قانداق چىقىش، چىققاندىن كېيىن قانداق قىلىپ كۆزگە كۆرۈنۈش ۋە قانداق قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۇزلۇكسىز كۈچلەندۈرۈش دېگەندەك سوئاللارغا نىسبەتەن ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان ئۆلگە بولالايدىغان ئۆرنەكلەر مەۋجۇت.

ئۆز مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان ۋە ئۇتۇق قازانغا سىياسىيونلار، مەسىلەن، ياپونىيە قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ھەتتا پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلىنالىغان قېرىنداشلارنىڭ باسقان يوللىرىنى ئۆگىنىش، كۈچۈرۈپ كۆپەيتىشى، تېخىمۇ ئەلالاشتۇرۇش.

كۆچمەن دۆلەتلەردىكى زامانىۋى كۆچمەن توپلىرىنىڭ، مەسىلەن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ، بىز بىلەن ئوخشاش كەچۈرمىشى بولغان توپلاملارنىڭ سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش شەكلىدىن تەجرىبە - ساۋاق توپلاش.

سىياسىي سەھنىدىكى ئاساسىي پېرسوناژ ئەلۋەتتە سىياسىيون، ئەمما ئۇلارنىڭ سەھنىدە قانچىلىك دەرىجىدە ئۆزىنى كۆرسىتەلىشىنى، قانچىلىك رول ئوينىيالىشىنى بەلگىلەيدىغىنى مۇتلەق كۆپلۇكتە بولغان قوللىغۇچىلىرى. بۇ سەۋەبتىن سىياسىيونلىرىمىزنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىيەلىشى ئۈچۈن بىزنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتىن قوللىشىمىزدىن سىرت ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ساپايىمىزنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز كېرەك.

بىرلىكتە ئوخشاش بىر نىشانغا كۈچەش ئۈچۈن ئارىمىزدىكى ئوخشىمىغان ئاۋازلارغا قۇلاق سېلىش، جىنس، ئېتىقاد، تۇرمۇش ئۇسلۇبى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئوخشىماسلىقلارغا دۈشمەن نەزىرى بىلەن قارىماسلىق، كۆپلىگەن ئورتاق نۇقتىلارنى ئىزدەش، ھېچ بولمىغاندا ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەردە كېلىشىم ھاسىل قىلىشىمىز لازىم ۋە پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا دۇنيا سىياسىي سەھنىسىدە ئۇيغۇر مىللىتى بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىپ ئۆز سىياسىي تەلىپىگە يېتەلەيدۇ.

شۇنى ئەستە ساقلىشىمىز لازىمكى، سىياسەتچى شەھەر مەيدانلىرىدا بايراق كۆتۈرۈپ شوئار توۋلىغانلار ئەمەس، زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياش تۆكۈپ نالە قىلغانلارمۇ ئەمەس؛ سىياسەتچى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئۆزئارا ھاقارەتلىشىپ بىر - بىرىگە تۆھمەت چاپلايدىغانلارمۇ ئەمەس؛ سىياسەتچى پارلامېنت ئەزاسى بولالايدىغان، سەھنىدە مىكروفون ئارقىلىق ھەقىقەتنى سۆزلىيەلەيدىغان، مەسىلىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن سىرت ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ تەمىنلىيەلەيدىغان، بىر توپقا ۋەكىل بولۇپ دۆلەت باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن بىۋاسىتە پىكىرلىشەلەيدىغان، ھەتتا باشقۇرغۇچىلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ خەلقئارا ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار نەق بىزدە كەم بولۇۋاتقان ئادەملەردۇر.

بۇ ماقالىنى گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت تەھرىرلىدى.

# ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ۋە تەۋسىيەلەر

ئابدۇشۈكۈر ئابدۇرېشىت
شۋېيتسارىيە، بېرن شەھىرىدىن
abduxukur.abdurixit@gmail.com
2023 - يىلى 22 - ئاپرېل

رەقەملىك تېخنىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىزنىڭ ياشاش، خىزمەت قىلىش ۋە ئارىلىشىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتتى، ئەمما ئۇ يەنە يېڭى يوچۇق ۋە خەتەرلەرنى ئېلىپ كەلدى ۋە تور بىخەتەرلىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ماقالە تور تەھدىتىدىن قوغداشنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى، خەتەرنى چۈشىنىش ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىخەتەرلىك مەشغۇلاتلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق شەخسلەرگە بولغان يوشۇرۇن ھۇجۇملارنى ئازايتىش، سەزگۈر ئۇچۇرلىرىنى قوغداش ۋە توردىكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاشنى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ ماقالىدە شەخسىي تور بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىملىقى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، تور تەھدىتىنىڭ شەخسلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش ئىستراتېگىيەسى بايان قىلىنغان.

## 1. ئۇچۇر دېگەن نېمە؟

ئۇچۇرنى مەلۇم شەخس، تەشكىلات، سىستېمىلار تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن ياكى تاپشۇرۇۋالغان ھەرقانداق بىلىم، سانلىق مەلۇمات ياكى پاكىت دەپ بېكىتىشكە بولىدۇ. ئۇچۇرلار يېزىق ياكى ئېغىز تىلى، رەسىم، ئۈن ياكى سىنئالغۇ ۋە رەقەملىك سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل شەكىللەردە مەۋجۇت بولالايدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇچۇر پايدىلىق ھەم قىممەتلىك دەپ قارىلىدۇ، چۈنكى ئۇ قارار چىقىرىش،

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ياكى نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، كارخانىلار ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ بازار يۈزلىنىشىنى تەھلىل قىلىپ، ئىستراتېگىيەلىك قارارلارنى چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەخسلەر ئۇچۇردىن پايدىلىنىپ يېڭى ماھارەت ئۆگىنىپ، ۋاقىتدا تاللاش ئېلىپ بارىدۇ ياكى باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ.

ئۇچۇرنى ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسى ياكى مەخپىيەتلىك دەرىجىسىگە قاراپ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، ئىجتىمائىي كاپالەت نومۇرى، بانكا ھېسابات نومۇرى قاتارلىق شەخسىي ئۇچۇرلار يۇقىرى سەزگۈرلۈككە ئىگە دەپ قارىلىدۇ ھەمدە رۇخسەتسىز ئىشلىتىش ياكى ئاشكارىلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشۇمچە قوغداش تەدبىرنى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. رەقەملىك دەۋردە، ھازىر بار بولغان ئۇچۇرنىڭ مىقدارى بىر قەدەر كۆپىيىپ، ئۇنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ ھالقىلىق ھالەتكە كەلدى. ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ساھەسى رەقەملىك سانلىق مەلۇماتنى قوغداش ۋە نازۇك ئۇچۇرلارنى ناتوغرا يوللاش ياكى ئاشكارىلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مەركەزلەشكەن.

## 2. ئۇچۇرنى ساقلاش ۋە ئالماشتۇرۇش

ئۇچۇرنىڭ تۈرى، شەكلى ۋە ئىشلەتكىلى بولىدىغان تېخنىكىغا ئاساسەن، ئۇچۇرلارنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ساقلىغىلى ۋە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. تۆۋەندە ئۇچۇرلارنى ساقلاۋاتقان ۋە پىكىر ئالماشتۇرىدىغان بىر قىسىم دائىملىق ئۇسۇللارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز:

1. قاتتىق كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى: قاتتىق نۇسخىلار ماتېرىيالنىڭ فىزىكىلىق نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: كىتاب، گېزىت، باسما ھۆججەت، فوتو سۈرەت قاتارلىقلار. قاتتىق نۇسخا ئادەتتە ھۆججەت، ھۆججەت قىسقۇچ ياكى باشقا فىزىكىلىق ساقلاش ساندۇقلىرىدا ساقلانغان بولۇپ، ئاسانلا يۆتكىگىلى ياكى ھەمبەھىرلىگىلى بولىدۇ.

2. رەقەملىك ساقلاش: رەقەملىك ساقلاش كومپيۇتېر قاتتىق دىسكىسى، USB دىسكىسى ياكى بۇلۇت دىسكىسى قاتارلىق رەقەملىك فورماتتىكى ئۇچۇرلارنى ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. رەقەملىك ساقلاش ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى ئاسان زىيارەت قىلىش ۋە ئورتاقلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ، مەخپىي نومۇر، شىفىرلاش، ياكى باشقا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئارقىلىق قوغدىغىلى بولىدۇ.

3. ئۈن - سىن لېنتىلىرى: ئۈن - سىن لېنتىلىرى بولسا ئۇچۇرنى ئاۋاز ياكى رەسىم شەكلىدە ساقلايدىغان رەقەملىك ھۆججەت. بۇلارنى ئەقلىيفون، كامېرا ياكى كومپيۇتېر قاتتىق دىسكىسى قاتارلىق ھەر خىل ئۈسكۈنىلەردە ساقلىغىلى بولىدۇ، ئېلخەت، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى ياكى ھۆججەت ھەمبەھىرلەش مۇلازىمىتى ئارقىلىق ئاسانلا ھەمبەھىرلىگىلى بولىدۇ.

4. ئېلېكترونلۇق ئالاقە: ئېلېكترونلۇق ئالاقە ئېلېكترونلۇق ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، ئېلخەت، قىسقا ئۇچۇر، سىنلىق تېلېفون، ياكى ئىجتىمائىي ئالاقە ۋاستىلىرى. ئېلېكترونلۇق ئالاقە بىلەن نەق مەيداندا ئالاقە قىلىش ۋە ھەققىي ھەمكارلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە خاككېرلىق، قاماققا ئېلىش، رەنىگە ئېلىۋېلىش ياكى سانلىق مەلۇماتنى بۇزۇش قاتارلىق تور تەھدىتىگە ئېلىپ بارىدۇ.

5. سانلىق مەلۇمات يوللاش: سانلىق مەلۇمات يوللاش بىر ئورۇندىن يەنە بىر جايغا ئۇچۇرنى تور ئارقىلىق يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ. سانلىق مەلۇمات يوللاشتا ئېلخەت قىستۇرمىسى، ھۆججەت چۈشۈرۈش ياكى ئېقىم ۋاستىسى قاتارلىق ھەر خىل فورماتلاردا كۆرۈلسە بولىدۇ، شىفىرلاش، ئوتتام بىلەن توسۇش ياكى باشقا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى ئارقىلىق قوغدىغىلى بولىدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇچۇرنىڭ تۈرى، شەكلى ۋە بار بولغان تېخنىكىغا ئاساسەن، ئۇچۇرلارنى

تۇرلۇك شەكىللەر ئارقىلىق ساقلىغىلى ۋە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ساقلاش ۋە خەۋەرلىشىش ئۇسۇلىنى تاللاش قولايلىق بولۇش، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا رىئايە قىلىش قاتارلىق ئامىللارغا باغلىق.

## 3. ئۇچۇر بىخەتەرلىكى

ئۇچۇر بىخەتەرلىكى رەقەملىك ئۇچۇرلارنى ئىجازەتسىز زىيارەت قىلىش، ئىشلىتىش، ئاشكارىلاش، ئۆزگەرتىش، ئۆزگەرتىش ياكى يوقىتىشتىن ساقلاش ئەمەلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ئۇچۇرنىڭ ئۈچ تۈپ تەرىپى بولغان رەقەملىك ئۇچۇرنىڭ مەخپىيەتلىكى، پۈتۈنلۈكى ۋە بار - يوقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەخپىيەتلىكى بولسا نازۇك ئۇچۇرلارنى پەقەت هوقۇق بېرىلگەن شەخسلەرنىڭلا ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنى ۋە ئىجازەتسىز زىيارەتتىن ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ. پۈتۈنلۈكى ئۇچۇرنىڭ توغرىلىقى ۋە بىردەكلىكىنى ساقلاش، هوقۇق ئالماي تۇرۇپ ئۆزگەرتىلمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بار - يوقلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش بولسا، هەر قېتىم ئېهتىياجلىق بولغاندا هوقۇقلۇق شەخسلەرنىڭ ئۇچۇرغا ئىگە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، يوق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇچۇر بىخەتەرلىكى ساھەسى سانلىق مەلۇماتنى قوغداش، زىيارەتنى كونترول قىلىش، تور بىخەتەرلىكى، شىفىرلاش، خەۋپ - خەتەرنى باشقۇرۇش، ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنۇملۇك ئۇچۇر بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئوتتام، ۋىرۇسقا قارشى يۇمشاق دېتال، شىفىرلاش، زىيارەتنى كونترول قىلىش، ئىشلەتكەن سىستېمىنىڭ يېڭىلىنىپ تۇرۇشى ۋە زاپاسلاش سىستېمىسى قاتارلىق تۈرلۈك بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، تور تەهدىتى ۋە سانلىق مەلۇماتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇچۇر بىخەتەرلىكى شەخس، كارخانا، هۆكۈمەتلەر ئۈچۈن رەقەملىك ئۇچۇرنىڭ مىقدارىنىڭ تېز ئېشىشىغا ئەگىشىپ، تورغا تەهدىت سالىدىغانلار كۆپەيدى. ئۇنۇملۇك ئۇچۇر بىخەتەرلىكى تەدبىرىنى يولغا قويمىغاندا، پۇل مۇئامىلە زىيىنى، ئابرۇيغا زىيان يەتكۈزۈش، قانۇن جاۋابكارلىقى، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشقا رىئايە قىلىش مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شەخسلەردە بولسا، ئۇنۇملۇك ئۇچۇر بىخەتەرلىكى يولغا قويۇلمىغاندا، ئىقتىسادى، مەنىۋى زىيانلارغا ئۇچرىشى، كىملىكى ئوغرىلانغانلىق سەۋەبلىك ئابرۇيغا تەسىر يېتىشى، ئوغرىلانغان سانلىق مەلۇماتلار تۈپەيلىدىن شەخسىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىشى ۋە بۇ ئارقىلىق روھى زەربىگە ئۇچرىشى مۇمكىن.

## 4. ئۇيغۇرلارغا هۇجۇم قىلىشتا تونۇلغان يۇمشاق دېتاللار

IJOP ۋە Hikvision

ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ خىتاي هۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك يۇمشاق دېتال مەھسۇلاتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تاراتقۇ قوراللىرى ئارقىلىق ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا كۆزىتىش ۋە كونترول قىلىش ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر ۋە شىكايەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

بۇنداق يۇمشاق دېتاللارنىڭ بىرى خىتاي هۆكۈمىتى تەرىپىدىن ۋەتەندىكى ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىشتا ئىشلىتىدىغان «ئۇنىۋېرسال بىرلەشمە مەشغۇلات سۇپىسى» (IJOP) بولۇپ هېسابلىنىدۇ. تونۇشتۇرۇلۇشىچە [1]، IJOP ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئۇچۇر توپلاش ۋە ئانالىز

قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىشكە ئىشلىتىلىدىكەن.

IJOP سىستېمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى چەت ئەللەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارغىمۇ تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ سىستېمىنى ئىشلىتىپ چەت ئەللەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنى نازارەت قىلىش ۋە ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنى ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش ئارقىلىق بېسىشقا تىرىشىدۇ.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتى IJOP سىستېمىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ۋە پائالىيىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرگەن، ھەمدە بۇ ئۇچۇرلارنى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ھەمبەھىرلەپ، ئۇيغۇر پائالىيەتچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قايتۇرۇلۇشى ئۈچۈن تىرىشقان. چەت ئەللەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ تەھدىتىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى ۋە جۇڭگوغا قايتىش بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

ئۇيغۇرلارغا نىشانلىق ھۇجۇم قىلىش بىلەن باغلانغان يەنە بىر يۇمشاق دېتال بولسا، خىتايدىكى نازارەت كامېرالىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەت Hikvision ئىكەن. خەۋەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، Hikvision نىڭ مەھسۇلاتلىرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇرلارغا قارىتا نازارەت ۋە ئىز قوغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

### BadBazaar ۋە Moonshine

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئالدىنقى يىلى باش ئىشتابى كالىفورنىيەنىڭ سان خوزې شەھىرىگە جايلاشقان ئىنتېرنېت بىخەتەرلىكى تەجرىبىخانىسى Lookout نىڭ تەتقىقاتچىلىرى خىتاي ۋە چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان ئىككى يېڭى كونترول قىلىش ئەھۋالىنى بايقىدى. ئۇنىڭ بىرى BadBazaar نامىدىكى بىر يېڭى ئاندىرويىد كۆزىتىش قورالى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئىلگىرى 2020 - يىلدىكى Lookout ئىنتېرنېت تەھدىتى ئاخبارات گۇرۇپپىسىنىڭ ئاق تاشلىق كىتابىدا كۆرسىتىلگەن [2] ئۇيغۇرلار نىشانلانغان قوراللارنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى بىلەن ئورتاق. يەنە بىرى Citizens Lab تەجرىبىخانىسى 2019 - يىلى ئاشكارىلىغان تىبەتلىكلەرنى كۆزىتىشنى نىشان قىلغان [3] MOONSHINE نىڭ يېڭىلانغان ۋارىيانتلىرىنى ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان كۆزىتىش ۋە تەقىب قىلىش ھەرىكەتلىرى كۆپ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كومىسسارى مىشېل باچېلېتنىڭ 2022 - يىلى 8 - ئايدىكى تەنقىدىي دوكلاتىدىن كېيىن، بۇ مەسىلە خەلقئارانىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

BadBazaar ۋە MOONSHINE نىڭ بۇ يېڭى ۋارىيانتلىرى شەرقىي تۈركىستاندىكى دائىرىلەرنىڭ دىنىي ئاشقۇنلۇق ياكى بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ قارالغان نۇرغۇن» جىنايەتتىن بۇرۇنقى «پائالىيەتلەرنى ئىز قوغلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئىشلەتكۈچىنىڭ تۇتۇلۇپ كېتىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى ھەرىكەتلەر VPN ئىشلىتىش، چەت ئەلدىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش، ناماز ئوقۇش، دىنىي ئەپلەرنى ئىشلىتىش ۋە جۇڭگو سىرتىدا مودا بولۇۋاتقان WhatsApp غا ئوخشاش بەزى ئۇچۇر ئەپلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ دېتاللارنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا ئومۇملىششى بۇ خىل كونترول قىلمىشلىرىنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىنتېرنېت ساقچىلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا توردىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىغا سىڭىپ كىرىپ، يامان غەرەزلىك يۇمشاق دېتاللىرىنى تارقاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. Lookout شىركىتى 1 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك 2018 - يىلىلا 111 مۇشۇنداق ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان BadBazaar تىپىدىكى ئەپنى تاپقان بولۇپ، 2022 - يىلىدا بۇلار ھازىرمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇ قاناللىرىدا ئاكتىپ تارقىلىپ يۈرگەن. 2 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك Moonshine تىپىدىكى ئەپلەر

بولسا 50 دىن ئوشۇق بولغان.



1 - رەسىم: ئەپ بازىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن BadBazaar تىپىدىكى ئەپلەرنىڭ مىسالى



2 - رەسىم: ئەپ بازىرىدىكى ئۇيغۇرلارنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن Moonshine تىپىدىكى ئەپلەرنىڭ مىسالى

**بۇ ئەپلەر ئاساسلىقى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ تۆۋەندىكى تەپسىلاتلارنى توپلايدۇ:**

- تۇرۇشلۇق ئورنى
- ئەسۋابقا قاچىلانغان ئەپلەرنىڭ تىزىملىكى
- ئەسۋابتىكى قىسقا ئۇچۇر
- تېلېفون مودېل، تىل، تېلېفون نومۇرى، ۋاقىت رايونى ۋە ئىشلەتكۈچىنىڭ تور ھېساباتىنىڭ مەركەزلىك تىزىملاش جەدۋىلى قاتارلىق كەڭ ئۇسكۈنىلەر ئۇچۇرلىرى.
- Wi - Fi ئۇچۇرلىرى، ئەگەر ئۇلانغان بولسا، MAC، BSSID، SSID، IP، تور ماسكىسى، دەرۋازا، DNS قاتارلىق تور ئۇچۇرلىرى
- كىرگەن ۋە چىققان تېلېفون خاتىرىسى
- رەسىمگە تارتىش
- Trojanized ئەپنىڭ SharedPreferences مۇندەرىجىسىدىكى سانلىق مەلۇمات ۋە ساندان ھۆججەتلىرى
- ئۈسكۈنىدىكى .doc، .xlsx، .xls، .docx، .pptx، .ppt ياكى .pdf بىلەن ئاخىرلاشقان ھۆججەتلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلىش.
- كامېرا ۋە ئېكران كۆرۈنۈشلىرى، تېلېگراما، Zello، TalkBox، GBWhatsapp، Whatsapp قوشۇمچە ھۆججەتلىرى، خاتىرىلەر ۋە پاراڭلىشىش تارىخى قاتارلىقلار.

مەزكۇر دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، بۇ قېتىمقى نازارەت قىلىش ھەرىكىتى ئالدى بىلەن خىتايدا ئۇيغۇرنى نىشان قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ ئاساسلىق نىشان قىلغانلىقى ئىسپاتلاپ چىققان. دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، Google Play خىتايدا توسۇۋېتىلگەن بولغاچقا، نۆۋەتتە بار بولغان مۇلازىمەتلەرنى تەقلىد قىلغان ئاندروييد ئەپلىرى تېپىك ھالدا غەيرىي ئەپ دۇكانلىرىدا بايقالغان، شۇنداقلا 3 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك Telegram قاتارلىق ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئارقىلىق تارقالغان. بۇ ئەپلەر شۇ قەدەر پۇختا ياسالغان بولۇپ، ئۇ سىرتقا پايدىلىق بولغان ئۇيغۇرچە راديو، قىبلە كۆرسەتكۈچ ياكى قۇرئان ئەپلىرىدەك كۆرۈنگەن ۋە ياكى شۇنداق ئىشلىگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇ سىزنىڭ قاچىلاپ ئىشلەتكەن ئەسۋابىڭىزدىن يوشۇرۇن ئۇچۇرلارنى ئوغرىلايدۇ. بۇ ئەپلەر ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، تۈركىيە ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەر ئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن.




*3 - رەسىم: ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا تارقىلىپ يۈرگەن ئەپلەرنىڭ مىسالى*

بۇ خىل ھۇجۇملاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، Google Play Store دىن باشقا ئۈچىنچى بىر تور بازىرى ياكى مەنبەسى ئېنىق بولمىغان APK بولاقلىرىنى ئەسۋابىڭىزغا قاچىلىماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمىز.

### iOS دىكى يوچۇقتىن پايدىلىنىش

يۇقىرىقىلار گەرچە پەقەت ئاندروييد ئەسۋابلىرىدا كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئالما ئەسۋابى ئىشلەتكۈچىلەرمۇ خاتىرجەم بولماسلىقى كېرەك. ئۇلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇملارمۇ مەۋجۇت.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە [5]، مەخسۇس چەت ئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تېلېفونلىرىدىكى ئۇچۇرلارنى ئوغرىلاشنى مەقسەت قىلغان بۇ خاككېرلار ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلار كۆپ زىيارەت قىلىدىغان ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسى، تۈركىستان خەۋەرلىرى، تۈركىستان تېلېۋىزىيەسى ۋە ئىستىقلال خەۋەر تور بەتلىرى

قاتارلىق 11 تور بەتكە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، بۇ تور بەتلەرنى ئۇنى زىيارەت قىلغان ئايفون ياكى ئاندرويىد تېلېفونلىرىنى يۇقۇملاندۇرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتكەن. نەتىجىدە، بۇ تور بەتلەرگە كىرگەن يانفونلار جاسۇسلۇق ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بۇ جاسۇسلۇق ۋىرۇسى ئايفون ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ئايفونىدىكى مەۋجۇت بىخەتەرلىك بوشلۇقىدىن پايدىلىنىپ، يانفونىدىكى سۈرەت، قىسقا ئۇچۇر ۋە شۇنداقلا يەنە ۋاتسئەپ، تېلېگرامما قاتارلىق ئالاقە يۇمتاللىرىدىكى ئۇچۇرلىرىنى شۇنداقلا يانفون ئىگىسىنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى ئوغرىلىغان بولۇشى مۇمكىن ئىكەن.

مەلۇم بولۇشىچە، گۇگىل شىركىتىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ ۋىرۇسنى بايقاپ، ئەھۋالنى ئالما شىركىتىگە مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئايفونىدىكى بۇ بوشلۇقنى ئېتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئارىلىقتا زادى قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ يانفونىدىكى ئۇچۇرنىڭ ئوغرىلانغانلىقى ئېنىق ئەمەس. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئالما شۇنىڭدىن باشلاپ بىخەتەرلىك ياماقلىرىنى ئېلان قىلىپ يوچۇقنى تاقابىل تۇرىدۇ، شۇڭا iOS ئۈسكۈنىلىرىنى ئەڭ يېڭى ساقلايدىغان ئابونتلار بۇ ئالاھىدە ھۇجۇمغا ئاسان ئۇچرىمايدۇ. بىراق شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، تېخى بايقالمىغان ياكى بىر تەرەپ قىلىنمىغان باشقا يوچۇقلار بولۇشى مۇمكىن، ئابونتلار ھەر ۋاقىت ئۈسكۈنىلىرى ۋە سانلىق مەلۇماتلىرىنى قوغداش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت يېڭىلاپ تۇرۇشى كېرەك.

## 5. تور ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش

شەخسىي جەھەتتىن تور ھۇجۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر قانچە تەدبىر قوللانسىڭىز بولىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە:

1. كۈچلۈك پارول ئىشلىتىش: ھەر بىر تور ھېساباتىڭىز ئۈچۈن كۈچلۈك ۋە ئۆزگىچە شىفىرلارنى ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىڭ. كۈچلۈك مەخپىي شىفىرنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاز دېگەندە 12 ھەرپ بولۇپ، چوڭ ھەرپ ۋە كىچىك ھەرپلەر، سانلار، ئالاھىدە ھەرپلەرنىڭ ئارىلاشمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك

2. كۆپ ئامىللىق دەلىللەشنى قوزغىتىڭ: 4 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك ئىككى ياكى ئۈچ ئامىللىق دەلىللەش سىزنىڭ تور ھېساباتىڭىزغا ئارتۇقچە بىخەتەرلىك قاتلىمى قوشىدۇ. مەخپىي نومۇرىڭىزدىن باشقا، بارماق ئىزى ياكى چىراي پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق بىئومېترىك ئامىلنى ئىشلىتىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ.




*4 - رەسىم: كۆپ ئامىللىق دەلىللەش*

3. يۇمشاق دېتالىڭىزنى ئەڭ يېڭى تۇتۇڭ: يۇمشاق دېتال يېڭىلاشلىرى دائىم مەلۇم يوچۇقلارنى ئوڭشايدىغان بىخەتەرلىك ياماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەشغۇلات سىستېمىڭىز، تور كۆرگۈچىڭىز ۋە

باشقا يۇمشاق دېتاللىرىڭىزنىڭ ئەڭ يېڭى ھالىتىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىڭ.

4. مۇمكىن قەدەر ئەپلەرنى قاچىلىغاندا شۇ سىستېمىنىڭ رەسمىي قوللايدىغان ئەپ بازىرىدىن، مەسىلەن ئاندىرويىدتا Google Playstore دىن چۈشۈرۈپ قاچىلاڭ.

5. گەرچە ئەپ بازارلىرىدىكى ئەپلەر سۈپەت ۋە بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن ئارتۇق رۇخسەت سورايدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇچۇر توپلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، كېرەك بولمىسىمۇ تۇرۇشلۇق ئورنى، مىكروفون، دىسكىلارغا كىرىش رۇخسىتىنى سوراش دېگەندەك. شۇڭا ئەپلەر داۋاملىق تېلېفوندا تۇرۇش ھاجەت بولمىسا ئۇنى ئۆچۈرۈش كېرەك.

6. ۋىرۇسقا قارشى يۇمشاق دېتاللارنى ئىشلىتىڭ: ۋىرۇسقا قارشى يۇمشاق دېتاللار كومپيۇتېرىڭىزنى يامان نىيەتلىك يۇمشاق دېتال ۋە باشقا تور تەھدىتىدىن ساقلاشقا ياردەم بېرىدۇ. ۋىرۇسقا قارشى يۇمشاق دېتاللارنى ئەڭ يېڭى ھالەتتە ساقلاپ، قەرەللىك تەكشۈرتۈشنى داۋاملاشتۇرۇڭ.

7. گۇمانلىق ئېلخەت ۋە ئۇلانمىلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ: قاماققا ئېلىش ئېلخەتلىرى ۋە ئۇلانمىلار سىزنى ئالدىنىپ سەزگۈر ئۇچۇرلارنى يوللاشقا سەۋەب بولىدۇ. نامەلۇم مەنبەلەردىن كەلگەن ئېلخەت ياكى ئۇلانمىلاردىن ئېھتىيات قىلىڭ، ئۇلىنىشنى چېكىش ياكى قوشۇمچە ھۆججەتنى ئېچىشتىن بۇرۇن ھەر ۋاقىت يوللىغۇچىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈڭ.

8. ئىجتىمائىي تاراتقۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى قوغداش: ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىلىرىدا ھەمبەھىرلەنگەن شەخسىي ئۇچۇرلارنى قوغداشمۇ مۇھىم. ئۇ مەخپىيەتلىك تەڭشەكلىرىنى تەڭشەش ئارقىلىق سىزگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەخسى ئۇچۇرلارنىڭ كىملەرگە كۆرۈنىدىغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشكە قارىتىلىدۇ ۋە توردا ھەمبەھىرلەنگەن ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىش ئۇچۇن تەۋسىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېھتىيات قىلىش ئارقىلىق، شەخسلەر كىملىك ئوغرىلاش ۋە شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلاش خەۋپىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرەلەيدۇ.

9. VPN ئىشلىتىش: مەۋھۇم شەخسىي تور (VPN) تور ئۇلىنىشىڭىزنى شىفىرلاپ، IP ئادرېسىڭىزنى يوشۇرۇش ئارقىلىق تور مەخپىيەتلىكىڭىز ۋە بىخەتەرلىكىڭىزنى قوغداشقا ياردەم بېرىدۇ.

10. سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزنى زاپاسلاش: سانلىق مەلۇماتلىرىڭىزنى قەرەللىك زاپاسلىسىڭىز، سانلىق مەلۇماتىڭىزنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىپ پۇل تەلەپ قىلىش قاتارلىق تور ھۇجۇملىرى سەۋەبىدىن سانلىق مەلۇمات زىياندىن ساقلىنىپ قېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. زاپاسلىرىڭىزنى ئەڭ يېڭى ھالەتتە ساقلاپ، بىخەتەر ئورۇنغا ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلىڭ.

يىغىپ ئېيتقاندا، تور بىخەتەرلىكى ئورتاق مەسئۇلىيەتتىن ئىبارەت. يەنى، مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلار ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە بىخەتەر ئۇستىنقۇرۇلما بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش، ئۇچۇرلىرىمىزنى قانداق ساقلاش ۋە ئالماشتۇرۇش يەنىلا بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز. ئۇ بىزدىن تور دۇنياسىدىكى رەقەملىك ئىزىمىزنى قوغداشتا ئاكتىپ بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، خۇددى كونىلار دېگەندەك: «كۆڭۈلدىكى سۆزنى دېمەيدىغان، ئاغزىدىكى گەپنى ئېيتمايدىغان» يەنى «كۆندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپقا باق، ئاخشىمى گەپ قىلساڭ ئېغىزنى قۇلاققا ياق.»

*بۇ ماقالىنى گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] https://www.hrw.org/news/2019/05/01/interview-chinas-big-brother-app
[2] https://www.lookout.com/blog/uyghur-surveillance-campaign-badbazaar-moonshine
[3] https://citizenlab.ca/2019/09/poison-carp-tibetan-groups-targeted-with-1-click-mobile-exploits
[4] https://www.lookout.com/documents/threat-reports/us/lookout-uyghur-malware-tr-us.pdf
[5] https://www.forbes.com/sites/thomasbrewster/2019/09/03/confirmed-googles-android-suffers-sustained-attacks-by-anti-uighur-hackers/?sh=158647f82df7

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى

- 1997 - يىلى كۇچا شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچقا كىرگەن.
- 1982 - يىلى كۇچا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن.
- 1988 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا كەسپىنىڭ باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن.
- 1993 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يادرو ئېنېرگىيە كەسپىدە ماگىستىرلىق ئاسپىرانتلىقىغا كىرگەن.
- 1995 - يىلى بېيجىڭدىكى جۇڭگو يادرو پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان.
- 1996 - يىلى ئىتالىيەنىڭ تىرىيەستى شەھىرىدىكى خەلقئارا نەزەرىيەۋى فىزىكا مەركىزىگە 2 - ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا بارغان.
- 1997 - يىلى شىۋېيتسارىيە بازېل ئۇنىۋېرسىتېتىغا قېتىشما جىسىم فىزىكا دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن.
- 2000 - يىلى گېرمان تېلېكومنىڭ شىۋېيتسارىيەدىكى تارمىقىغا ئالىي ئىنژېنېر بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن.
- 2006 - يىلى شىۋېيتسارىيە تېلېكومغا لايىھەلىگۈچى بولۇپ خىزمەتكە كىرگەن. ھازىر بۇلۇت تېخنىكا ساھەسىدە مەسلىھەتچى ۋە يېشىم لايىھەلىگۈچى بولۇپ خىزمەت قىلماقتا.

# قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «كېڭەش» ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىدىكى ئەھمىيىتى توغرىسىدا

پروفېسسور، دوكتور ۋارىس چاقان
ئەنقەرە ھاجى بايرام ۋەلى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى ئوقۇتقۇچىسى
variscakan@gmail.com

كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس.
– ئۇيغۇر خەلق ماقالى.



## كىرىش سۆز

«كېڭەش» ــ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى «كەڭ» سۆزىگە «ئەش» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھاسىل بولغان بىر پېئىل سۆزىدىن ئىبارەت بولۇپ، تار مەنىسى: «مەسلىھەتلىشىش»، «مۇزاكىرە قىلىش»، «پىكىرلىشىش»، «مۇھاكىمە قىلىش»، «باش قوشۇشۇش»تىن ئىبارەت بولغان بولسا؛ كەڭ مەنىسى: «ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ۋە كېڭىشىپ يۈز بەرگەن ۋە ياكى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەر خىل مەسىلىلەرگە قارشى ئالدىنئالا تەدبىر بەلگىلەش» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. «كېڭەش» سۆزى يۇقىرىدا ئىپادىلەنگەندەك مەنىلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارغا ئائىت تارىخىي ئەسەرلەردە كۆپلەپ كۆزگە چېلىقماقتا. بۇنىڭدىن باشقا، تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، قەدىمدە ھۆكۈمدارلار بىلەن خەلق بىرلىكتە ئۆتكۈزىدىغان «توي»مۇ دۆلەت بىلەن مىللەتنى بىر - بىرىگە زىچ باغلايدىغان، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم قارارلارنى ئالىدىغان چوڭ تىپتىكى مۇراسىملار ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر خاقانى ئوغۇزخان يەتتە ئىقلىمنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئىنتايىن چوڭ بىر توينى تەرتىپلىگەن. تويدا ئوغۇزخاننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئوغۇزلارنىڭ بوز ئوق ۋە ئۈچ ئوقتىن ئىبارەت 24 بويىنى شەكىللەندۈرگەن ئوغۇللىرى، خانىملىرى ۋە نەۋرىلىرىدىن باشقا، خان ئۇرۇقىدىن بولمىغان تونۇلغان ئەربابلار، خەلق سۆيگەن ئاقساقاللار، ئۇرۇشلاردا ۋە مۇسابىقىلەردە ئۈستۈن غەلىبىگە ئېرىشكەن قەھرىمانلارمۇ ئولتۇرغان ئىدى.

قەدىمكى تۈرك دۆلەت چۈشەنچىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان تەڭرى يەر يۈزىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن تۈركلەرنى ياراتقان ۋە ئۇلارنى ۋەزىپىلەندۈرگەن. تۈركلەر تەڭرى ئاتا قىلغان بۇ قۇتلۇق ۋەزىپىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلگەن. تەڭرى تەرىپىدىن قۇتلاندۇرۇلغان تۈرك خاقانلىرىغا يەر يۈزىنى باشقۇرۇشتا ياردەم بېرىدىغان بىر قىسىم مۇئەسسەسەلەرمۇ بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە «كېڭەش» ئەڭ مۇھىم مۇئەسسەسەلەردىن بىرى ئىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ ئال ئىمران ۋە شۇرا سۈرىلىرىدە كېڭەش بىلەن ئىش قىلىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئايەتلەر بار:

**«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ»** (سۈرە ئال ئىمران 159 - ئايەت).

**«(دۇنيانىڭ نېمەتلىرىدىن) سىلەرگە بېرىلگەن ھەرقانداق نەرسە دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر، ئىمان ئېيتقان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۈل قىلىدىغان كىشىلەرگە، گۇناھى كەبىرىلەردىن، قەبىھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچىلارغا، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدىغانلارغا، پەرۋەردىگارىنىڭ دەۋىتىگە ئاۋاز قوشالايدىغانلارغا، نامازنى (تەئدىل ئەركان بىلەن) ئۆتەيدىغانلارغا، ئىشلىرىنى مەسلىھەت بىلەن قارار قىلىدىغانلارغا، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن سەدىقە قىلىدىغانلارغا، ئۇچرىغان زۇلۇمغا قارشى تۇرالايدىغانلارغا ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدىكى ساۋاب تېخىمۇ ياخشىدۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر»** (شۇرا سۈرىسى 36 - 39 - ئايەت)

ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ مۇسۇلمانلارنى كېڭەش بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ، ئەبۇ سۇفياننىڭ بەدرىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قانداق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ھەققىدە ئەنسار بىلەن كېڭەشكەن ئىدى. ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن ساھابىلەرمۇ كېڭەش بىلەن ئىش قىلىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ساھابىلەردىن تەركىب تاپقان بىر ئالىي كېڭەش قۇرۇپ چىققانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېڭىشىش ئارقىلىق ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بىر دۆلەتنىڭ ۋە ياكى بىر مىللەتنىڭ بارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي ساھەدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. بىر ئىنسان ھەرقانچە ئەقىللىق ۋە تەجرىبىلىك بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، ئۇ ئاللاھ تائالا قۇرئاندا كۆرسەتكەن مەسلىھەت پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلمىسا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىشى ۋە مەسىلىلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنى ئېنىق بىلىش كېرەككى، كېڭەش قىلغاندا ئويلىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم نۇقتىلارنىڭ بىرى، كىم كىملەر بىلەن كېڭەش قىلىش مەسىلىسى. چۈنكى، بۇ، كېڭىشىشكە تېگىشلىك ئىشنىڭ نەتىجىلىك بولۇش - بولماسلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئاتلىق ئەسىرىدە ئالىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنىڭ خاقان، خانىش، ۋەزىرلەر ۋە خانىدانلىق ئەزالىرىدىن باشقا، جەمئىيەت ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەخلاقلىق ۋە ئىلىم - ھېكمەت ئىگىسى بولغان كىشىلەردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا [1].

ساغلام قارارلار خاتا كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىشتىن چىقماسلىقى مۇمكىن. بۇنىڭ نۇرغۇن مىساللىرىنى سىياسەت دۇنياسىدا كۆرگىلى بولىدۇ. مۇھىمى، ساغلام ۋە دوستانە مەسلىھەت مۇھىتى يارىتىش ۋە مۇۋاپىق كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىش. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرىگە ئېھتىياجلىق تۇرۇپ مۇتەخەسسىس بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان مەسلىھەتتىن توغرا قارارنىڭ چىقماسلىقى ئېنىقتۇر.

ئۆزئارا كېڭىشىش ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتىدۇ، ھەمكارلىقنى ئاشۇرىدۇ، خاتالىق سادىر بولمايدۇ ياكى بولمىسا تۈزەتكىلى بولمايدىغان ئېغىر خاتالىق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىپ، ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن بىر - بىرى بىلەن ياخشى ھەمكارلىشىدۇ. تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېڭەش ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، مىللەت دۇچ كەلگەن كرىزىسلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

## قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كېڭەش ۋە توي

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ دۆلەتلەرنى قۇرۇپ چىقىپ بۇ دۆلەتلەرنى كۈچلەندۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ۋە مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىشتا كېڭەش ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. كېڭەش – كۈچلۈك قائىدە - تۈزۈم، تەرتىپ - ئىنتىزام، ھەمكارلىشىش ۋە بىرلىك - باراۋەرلىكنى ئاساس قىلغان بىر ئىجتىمائىي قۇرۇلما ئىدى. تارىختىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە خاراكتېرىنى نامايەندە قىلغان كېڭەش قۇدرەتلىك ھون ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئىمپېراتورى باتۇر تەڭرىقۇتنى بىر جاھان ھۆكۈمدارى قىلىپ چىققان بولسا، ھون ئىمپېراتورلۇقىنى ئۇ زامانىنىڭ غەربتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېراتورلۇقى بولغان رىم ئىمپېراتورلۇقى بىلەن پۈت تىرىكىشىپ تۇرالايدىغان ئىمپېراتورلۇققا ئايلاندۇرالىغان ئىدى.

ھونلارنىڭ قۇدرەتلىك ھۆكۈمدارى باتۇر تەڭرىقۇت تەختكە چىققاندىن كېيىن ئالدى بىلەن تەجرىبىلىك مەشھۇر دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابلىرى، ھەربىي ئالىملار، خەلق ئارىسىدا تونۇلغان، ھۆرمەتكە سازاۋەر، ھەر خىل كەسىپتىكى كىشىلەردىن تەركىب تاپقان ئالىي مەسلىھەت كېڭىشىنى قۇرۇپ چىققان. باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى بىر ھەربىي ئۆزگىرىش بىلەن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەرقتىكى قوشنىسى تۇڭگۇسلار ئەمدىلا تەختكە چىققان باتۇر تەڭرىقۇتنى غەزەپلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئېتىنى تۇڭگۇسلارنىڭ خانىغا ھەدىيە قىلىشىنى دىپلوماتىك قائىدىلەرگە ماس بولمىغان قوپال بىر ئۇسلۇب بىلەن تەلەپ قىلغاندا، باتۇر تەڭرىقۇت تۇڭگۇس خانىغا قانداق جاۋاب بېرىش توغرىسىدا ئالىي كېڭەشنى يىغىنغا چاقىرىپ مەسلىھەت سورىغان. ئالىي كېڭەشتىكىلەر باتۇر تەڭرىقۇتقا تۇڭگۇسلارنىڭ خانىغا ھەددىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇرۇش باشلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، يەنە بەزىلەر: «دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز ھازىر بۇ ئۇرۇشنى قىلىشقا تەييار بولسا ۋە غەلىبە قىلىشقا كۆزىمىز يەتسە ئۇرۇش قىلىش كېرەك، ئەگەر

تەييار بولمىسا ئۇرۇش باشلىماسلىق كېرەك» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەندىن كېيىن، مەسئۇلىيەتنىڭ باتۇر تەڭرىقۇتتا ئىكەنلىكىنى ئۇتتۇرىغا قويغاندا باتۇر تەڭرىقۇت ئالىي كېڭەشكە شۇنداق خىتاب قىلغان: «دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز تېخى بۇ ئۇرۇشقا تەييار ئەمەس، بىز تېخى يېڭىلا ئىغىر بىر سىياسىي ۋە ھەربىي ئۆزگىرىشنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق. تۇڭگۇس خانى بۇنى ياخشى بىلگەچكە مېنى غەزەپلەندۈرۈپ دۆلىتىمىزنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. مەن ئالىي كېڭەشكە شۇنى دېمەكچىمەنكى، تۇڭگۇس خانىنىڭ تەلەپ قىلغىنى ماڭا ئائىت بولغان بىر ئات، مەن ئۆزۈمنىڭ نەپسىنى دەپ دۆلىتىمنى ۋە مىللىتىمنى بۇ ئۇرۇشقا ئىلىپ كىرمەيمەن ۋە ئاتنى ھەدىيە قىلىمەن».

نەتىجىدە، ھونلار تۇڭگۇسلارنىڭ خانىغا تەلەپ قىلغان ئاتنى ھەدىيە قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ بۇ قارارىنى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغان تۇڭگۇس خانى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ، ئىككىنچى قېتىم باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان خانىمىنى ھەدىيە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ قېتىم باتۇر تەڭرىقۇت يەنە بۇ تەلەپنى ئالىي كېڭەشكە مۇزاكىرىگە قويغاندا، ئالىي كېڭەش تۇڭگۇسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىقنى مۇزاكىرە قىلغاندا باتۇر تەڭرىقۇت مۇنداق دېگەن: «بىز تۇڭگۇسلارنىڭ ياخشى نىيەتتە ئەمەسلىكىنى ياخشى بىلىمىز، بىز ھازىر تۇڭگۇسلارنى ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتىمىز. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەن ئۆز نەپسىمنى دەپ دۆلەتنى ۋە مىللەتنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان بۇ ئۇرۇشنى قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۆز نەپسىمدىن كېچىمەن ۋە تۇڭگۇس خانىغا ھەرىمىمدىكى خانىمىنى ئەۋەتىمەن» دېگەن. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ھەر ئىككى تەلەپنى ئورۇندىغانلىقىدىن ئۆز تېرىسىگە سىغماي قالغان تۇڭگۇس خانى ئۈچىنچى قېتىم ھونلار بىلەن تۇڭگۇسلارنىڭ چېگراسىدىكى تاشلىۋېتىلگەن زەي بىر تۇپراقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. باتۇر تەڭرىقۇت بۇ تەلەپنى يەنە ئالىي كېڭەشنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويغاندا، ئالىي كېڭەش ئەزالىرىدىن بەزىلەر: «تەڭرىقۇت ئالىيلىرى ئاچچىقلىرىنى يۇتۇپ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاتلىرى بىلەن خانىملىرىنى بەردىلە. ئەمدىلىكتە تۇڭگۇسلار تاشلىۋېتىلگەن بىر زەي تۇپراقنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ زەي تۇپراق ئۈچۈن تۇڭگۇسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ» دېگەندە، باتۇر تەڭرىقۇت غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئات بىلەن خانىم مېنىڭ شەخسىي مۈلكۈم ئىدى، مەن ئۆز نەپسىمدىن كېچىپ دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن تۇڭگۇسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قېتىلمىغان ئىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا تۇڭگۇس خانى دۆلىتىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە ئائىت بولغان تۇپراقنى تەلەپ قىلماقتا. تۇپراق بىر مىللەتنىڭ ئار - نومۇسى، ۋەتىنىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تۇپراق بېرىلمەيدۇ، ئېلىنىدۇ. بىر مىللەت تۇپرىقىدىن ئايرىلسا ھالاك بولىدۇ» دەپ، ئالىي كېڭەشتىن تۇڭگۇسلارغا ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئالىي كېڭەش باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ تۇڭگۇسلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىشىغا قوشۇلغاندىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 208 - يىلى كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغاپ تۇڭگۇسلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغان ۋە تۇڭگۇسلارنىڭ تۇپرىقىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋالغان [2]. تۈركىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بايراق ۋە تۇپراق سۆيگۈسىنى ئىپادىلەيدىغان تۆۋەندىكى بېيىتنىڭ يىلتىزى مانا مۇشۇ ھونلار دەۋرىگە بېرىپ تۇتىشىدۇ:

*بايراقلارنى شانلىق قىلغان ئۈستىدىكى قاندۇر،*

*تۇپراق ئەگەر ئۇغرۇندا ئۆلگەن بولسا ۋەتەندۇر. [3]*

ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى تۈركىيە تۈركلىرىگە ئوخشاش ھونلارنىڭ نەسلىدىن كەلگەن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، تۇپراق ئۈچۈن ئاز بولمىغان بەدەللەرنى تۆلەپ كەلگەن ۋە ھونلاردىن مىراس قالغان بۈگۈنكى شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ تامامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈركىستان تۇپراقلىرىدا ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى (744 ـ 840)، خاقانىيە تۈرك دۆلىتى (قاراخانىيلار دۆلىتى 840 ـ 1212)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتى (866 ـ 1393)، تىمۇر ئىمپېراتورلۇقى (1370 ـ 1507)، يەركەن سەئىدىيە

دۆلىتى (1514 ـ 1682) قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئۆز تۆپراقلىرىنى قوغداپ كەلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا ئورتاق كېڭەش نەتىجىسىدە چىققان قارار كۆپ سانلىقنى ئاساسەن چىقىرىلاتتى. كۆپ سانلىق قوبۇل قىلغان پىكىرلەر بارلىق كېڭەش ئەزالىرىنىڭ قارارى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىناتتى. يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ھەممەيلەننىڭ ئالىي كېڭەشتىن چىققان قارارنى ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار ئىدى. ئىجرا قىلىش جەريانىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن خاتا ۋە زىيانلىق دەپ قارالغان قارارلارنى كېڭەشتە قايتا مۇزاكىرە قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولاتتى. بۇ، ساغلام قارار چىقىرىش ۋە يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈش جەھەتتە پايدىلىق ئىدى. بۇنداق بولغاندا تېخىمۇ كۆپ تەجرىبە ـ ساۋاق توپلىنىپ، ساغلام قارارلارنىڭ چىقىشىغا ئاساس ھازىرلىناتتى.

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ دۆلەت قۇرۇش، باشقۇرۇش، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ۋە مىللىي پالاكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەجرىبىلىك دۆلەت ئەربابلىرى، بوي بەگلىرى، توغرىلىقى، جاسارىتى، بىلىم سەۋىيەسى، قەھرىمانلىقى، پىداكارلىقى ۋە كەسپىتىكى ئۈستۈن ماھارىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا تونۇلغان كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئالىي مەسلىھەت كېڭەشلىرىنى قۇرۇپ، بۇ يەردە مۇجەسسەملەنگەن ئورتاق ئۈستۈن ئەقىل بىلەن نۇرغۇنلىغان مىللىي كرىزىسلەرنى يېڭىپ چىققان.

ئوغۇز خاقان داستانىدىمۇ ئېيتىلغان: «ئوغۇز شىمالىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنى بويسۇندۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ يولدا ئەپەندىلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. كېڭىشىش جەريانىدا، ھىندىستان رايونلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بەزى قارارلار چىقىرىلدى. ئوغۇز تۇغقانلىرى ۋە زىيالىيلىرى بىلەن يەنە مەسلىھەتلەشتى. كېڭىشىشتە، دۈشمەننى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئەسكەر سانىنىڭ ئەمەلىي ساندىن كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش قارار قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار مىسىرنى قانداق ئېلىش ۋە ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆلكە قىلىش توغرىسىدا يەنە مەسلىھەتلەشتى» [4]. ساكالار دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن مەشھۇر قەھرىمان شىراق بىر ئالىي كېڭەشنىڭ قارارى بىلەن پارس قوشۇنىنى ھىيلە بىلەن ئۆزى يالغۇز چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا باشلاپ كىلىپ ھالاك قىلىۋەتكەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «دۆلەت مەجلىسى»، «سەرخىللار كېڭىشى» ۋە «مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى» دەيدىغان مۇئەسسەسەلەر بار بولۇپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم قارارلىرى مۇشۇ يەرلەردە مۇزاكىرە قىلىنىپ بېكىتىلەتتى. خاقاننىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ـ پىكىرلىرىمۇ مۇشۇ كېڭەشلەردىكى دائىمىي ئەزالارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇنۇلاتتى.

شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندې ئۇيغۇر ساياھەتنامىسىدە ئۇيغۇرلاردا دېموكراتىك، ئادالەتلىك ۋە ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنى ئاساس قىلغان بىر دۆلەت سىستېمىسىنىڭ بارلىقىنى، بۇ سىستېمىنىڭ ئۇيغۇرلاردىكى ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە مۇزاكىرە كۇلتۇرىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى، بۇنىڭدا كېڭەشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى يازغان [5]. مەھمۇد كاشغەرىيمۇ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كېڭەشنىڭ: «ئىشلاردا مەسلىھەت قىلىش، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئويلىشىپ ئىش قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان [6]. ئۇيغۇرلاردا: «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن ماقال ـ تەمسىلمۇ مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى ئىدى.

ئالىي كېڭەش نورمال ۋاقىتلاردا يىلدا بىر قېتىم، پەۋقۇلئاددە ۋاقىتلاردا خاقاننىڭ چاقىرىقى بىلەن ئالاھىدە توپلىناتتى. ئالىي كېڭەشكە قېتىلمىغانلار ئىسيان ئەتكەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئالىي كېڭەش، زورلۇر تېپىلغاندا خاقان دۆلەت باشقۇرۇشتا يېتەرسىز قالغاندا ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ئىككىنچى كۆك تۈرك دۆلىتىنىڭ خاقانى قاپاغان قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئوغلى ئىنەل قاغان تەختكە چىققاندا، كېڭەش ئىنەلنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشتا قابىلىيەتسىز بىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەن. كېڭەش باشلىقى (ئايگۇچى) تۇنيۇقۇق بۇ يەردە ئالاھىدە رول ئوينىغان، يەنى قۇتلۇق قاغاننىڭ ئوغلى بىلگە قاغاننىڭ تەختكە

چىقىشىدا چوڭ رول ئويناپ، دۆلەتنى ئېغىر بىر كىرىزىستىن ساقلاپ قالغان. ئوخشاشلا ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىدىمۇ قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئورنىغا چوڭ ئوغلى تاي بىلگە چىقماقچى بولغاندا، ئالىي كېڭەشنىڭ ماقۇللىشى بىلەن كىچىك ئوغلى مويۇنچۇر تەختكە چىققان [6]. ئۇيغۇر تارىخىدا بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى كۆپلەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە چوڭ يىغىلىشلارنى «توي» دەيتتى. تويلار ئادەتتە يېمەكلىك كېڭەش يىغىنلىرى ئىدى. ئۇيغۇر تارىخ مەنبەلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر تارىخىدا تۇنجى تويىنى ئوغۇز خاقان ئۆتكۈزگەن ئىدى. تويغا خاقان بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. خاقان بولمىغان ۋاقىتلاردا خاقانىنىڭ رۇخستى بىلەن «ئايگۇچى» دېيىلىدىغان مەجلىس باشلىقى ياكى «ئۆگە / ئۆگە» دېيىلىدىغان ۋەزىرلەر رىياسەتچىلىك قىلاتتى. تويلارغا دۆلەتكە تەۋە بارلىق ئەربابلار، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللەر قاتنىشىشى شەرت ئىدى. تويغا قېتىلمىغانلار ئىسيانچىلار قاتارىدا ئېغىر بىر جازاغا تارتىلاتتى.

چىڭگىزخان قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى تويىنى «قۇرۇلتاي» دەپ قوبۇل قىلغان بولۇپ، بۈيۈك موڭغۇل قۇرۇلتايلىرى خۇددى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تويلىرىغا ئوخشاش كۆنتەرتىپلەر بىلەن ئۆتكۈزۈلەتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر ئېلىدە تۇرۇپ قالغان موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن سىڭىشىپ كېتىشىدە بۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، «كېڭەش» ۋە «توي» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئورنىغا «دىۋان» ۋە «مەجلىس» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشكە باشلىغان. قاراخانىيلار دۆلىتى «ئالىي كېڭەش»نىڭ ئورنىغا «ئالىي دىۋان» ئاتالغۇسىنىمۇ ئىشلىتىشكە باشلىغان [7].

## خۇلاسە

ئەپسۇسكى، 1682 - يىلى يەركەن سەئىدىيە دۆلىتى جۇڭغار خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار ئىنتايىن ئېغىر بىر پاجىئەگە يولۇقتى. ئۇيغۇرلار ئۈچ ئەسىردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئېغىر مۇستەملىكە ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلار تۈپەيلىدىن دۆلەت ئېڭى ۋە مىللىي مەپكۇرىسىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تېخىچە بۇ مىللىي پاجىئەلەردىن قۇتۇلۇپ چىقالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب، مىللىي بىرلىكنى قوغداشنىڭ ئەڭگۈشتەرى ۋە ئەجداد مىراسى بولغان مىللىي كېڭەش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلالمىغانلىقتىن ئىبارەت. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈن ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى سۆيىدىغان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلار يېقىن تارىخىمىزدىكى ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇيۇل تاشتەك ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئورتاق بىر ئۈستى ئەقىل بىلەن ئىستىقبالىمىز ۋە ئىستىقلالىمىز ئۈچۈن بىرلىك يولىمىزدىكى بارلىق پۈتلىكاشاڭلارنى باتۇرلۇق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئالدىمىزدا كېلىۋاتقان تارىخىي پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويماي، ھۆر ۋە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن تارىخنىڭ زىممىمىزگە يۈكلىگەن شانلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتاتغۇبىلىك»، (تۈركچە)، نەشرگە تەييارلىغۇچى: رەشىت رەخمىتى ئارات، 1979 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان.
[2] ۋاراس ئابدۇراخمان چاقان: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىغا كىرىش»، 1 - جىلد، (تۈركچە) 2015 - يىلى ئەنقەرە، 1 - نەشرى.
[3] http://m.sukrubilgili.net.tr/hdetay.php? aid=6078
[4] ئا. زەكى ۋەلىدى توغان: «ئوغۇز داستانى» (رەشىدەتتىن ئوغۇزنامىسى، تەرجىمە ۋە تەھلىلى). 1972 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان.
[5] ئۆزكان ئىزگى: «ۋاڭ يەندېنىڭ ئۇيغۇر ساياھەتنامىسى» (تۈركچە)، 1989 - يىلى ئەنقەرە نەشرى.
[6] ئىبراھىم كاگەس ئوغلى: «تۈرك مىللىي كۈلتۈرى» (تۈركچە)، 1999 - يىلى ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان، 19 - نەشرى.
[7] رەشات گەنچ: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» (تۈركچە)، ئىستانبۇل، 1981 - يىل نەشرى.

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



پىروفېسسور، دوكتور ۋارىس چاقان

- 1968 - ئاتۇشتا تۇغۇلغان.
- 1982 - قىزىلسۇ ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرگەن.
- 1985 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا كىرگەن.
- 1990 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ باكالاۋۇرلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان.
- 1990 - 1995 - يىللار ئارىسىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلىگەن.
- 1995 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە كىرگەن، تۈركىيەگە كېلىپ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتى ئومۇمىي تۈرك تارىخى بۆلۈمىگە ماگىستىرلىققا قوبۇل قىلىنغان.
- 1997 - تارىخ پەنلىرى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 10 - ئايدا يەنە شۇ ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخ پەنلىرى دوكتورلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان.
- 2000 - يىلى ئەنقەرەدىكى غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ بۆلۈمىگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كىرگەن.
- 2002 - تارىخ پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان.
- 2003 - يىلى تۈركىيە گىراژدانى بولۇپ غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا رەسمىي ئىشتاتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىغان.
- 2008 - يىلى تۈركىيە ئالىي مائارىپ كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ بىردەك باھالىشى بىلەن ئومۇمىي تۈرك تارىخى دوتسېنتى بولغان.
- 2011 – 2012 - يىللىرى ياپونىيەنىڭ ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا چەت ئەللىك ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن.
- 2016 - يىلى غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ پەنلىرى پىروفېسسورى بولغان.
- 2018 - يىلدىن ئېتىبارەن غازى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بۆلۈنۈشى بىلەن قۇرۇلغان ئەنقەرە ھاجى بايرام ۋەلى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. ئوخشاش ۋاقىتتا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاسىيا تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

37

# سۈنئىي ئەقىل ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىي مەدەنىيەت بايلىقىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا

ئوت

2023 - يىلى ماي

ئۇيغۇرچە «سۈنئىي ئەقىل» ياكى «سۈنئىي ئىدراك»، ئىنگلىزچە «Artificial Intelligence» (قىسقارتىلىپ AI دېيىلىدۇ) ئاتالغۇلىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن يۇقىرى تېخنىكا بولسا، ئادەتتە ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى تەلەپ قىلىدىغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىيالايدىغان كومپيۇتېر سىستېمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. سۈنئىي ئەقىل «ئىنسانلارغا ئوخشاش تەپەككۇر ۋە پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ» دېگەن قاراشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇ، كومپيۇتېر ساھەسى، ماتېماتىكا، پسىخولوگىيە، نېرۋا ئىلمى ۋە تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئوخشىمىغان ساھەدىكى ھەر خىل تېخنىكىلارنى ئاساس قىلىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلغان. سۈنئىي ئەقىل سىستېمىسى ئۆزلۈكىدىن مەشغۇلات قىلىش ۋە ئەقلىي سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىقتىدارلىرىغا ئىگە. ماشىنا ئۆگىنىش (Machine Learning)، تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش (Natural Language Processing) ۋە كومپيۇتېر كۆرۈش (Computer Vision) كە ئالاقىدار تەتقىقاتلارنىڭ ئىلگىرىلەشلىرىگە ئەگىشىپ، سۈنئىي ئەقىل ئىلگىرى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان غايەت زور ئىقتىدار ۋە ئىلگىرىلەشلىرىگە ئېرىشتى، ھەمدە سۈنئىي ئەقىل يېقىنقى ئون يىلدا ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان ۋە ئەڭ دىققەت چەككەن ھەل قىلغۇچ تېخنىكىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. چوڭ ھەجىملىك سانلىق مەلۇماتلار ۋە يۇقىرى سۈرئەتلىك ھېسابلاش كۈچلىرىگە ئېرىشىشنىڭ ئاسانلىششى ۋە تەننەرخىنىڭ ئەرزان بولۇشى سۈنئىي ئەقىل تېخنولوگىيەسىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۈگۈنكى كۈندە سۈنئىي ئەقىل نۇرغۇنلىغان ئوخشىمىغان ساھە ۋە كەسىپلەردە ئومۇملىشىپ قوللىنىلىۋاتقان تېخنىكىغا ئايلاندى. مەسىلەن، ساقلىق ساقلاش ساھەسىدە سۈنئىي ئەقىل كېسەللىكلەرگە دىياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش، شۇنداقلا يېڭى دورا ۋە داۋالاش

ئۇسۇللىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا؛ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە سۈنئىي ئەقىل ئالدامچىلىقىنى بايقاش ۋە خەتەرنى باشقۇرۇشقا؛ پارچە سېتىش كەسپىدە سۈنئىي ئەقىل ئامبار زاپىسى باشقۇرۇش، خېرىدارلار مۇلازىمىتى ۋە خاسلاشتۇرۇلغان سېتىشقا؛ ئاممىۋى قاتناشتا، سۈنئىي ئەقىل ئاپتوماتىك ماشىنا ۋە قاتناش باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. سۈنئىي ئەقىل يېقىن كەلگۈسىدە باشقا نۇرغۇن ساھەلەردە داۋاملىق قوللىنىلىشى مۇمكىن. ھەتتا سۈنئىي ئەقىل ھەر ساھە ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر كەلگۈسىنى كۈتۈۋاتىمىز. پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۈنئىي ئەقىلنىڭ يېڭىچە ئىشلىتىلىشىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى. مەسىلەن، سۈنئىي ئەقىلنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە مائارىپ، دېھقانچىلىق، ئېنېرگىيە، ئىشلەپچىقىرىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە مېدىيا ساھەلىرىدە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

سۈنئىي ئەقىل، تەھلىكە ئاستىدا تۇرغان ياكى يېتەرلىك ۋەكىل قىلىنمىغان تىللار ۋە مەدەنىيەتنى قوغداشتىمۇ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. كۈنىمىزدە ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان كىرىزىستا تۇرماقتا. ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا 2000 - يىللاردىن باشلاپ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىش دەرىجىسى كۈنسايىن تۆۋەنلەشكە باشلىدى. نەتىجىدە، يېڭى ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى مۇكەممەل ھەتتا پۈتۈنلەي بىلمەسلىكتەك بىر ۋەزىيەت شەكىللەنمەكتە. گەرچە 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدىن 21 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۇيغۇر مائارىپىدا يېتىشىپ چىققان كىشىلەرنىڭ نوپۇسى بىرقەدەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەۋلاد ئۇيغۇرلار قېرىپ كېتىۋاتىدۇ. كەلگۈسى 20 - 30 يىلدا ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغۇچىلارنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئازىيىش ئېھتىمالى بەك چوڭ. ئۇيغۇر تىلى قوللانغۇچىلىرىنىڭ سانىنىڭ ئازلىشى، ئەزەلدىن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق بىلەن تەرەققىياتى ئاستا بولغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ مۇشەققەتلىك بىر ۋەزىيەت بىلەن ئۇچراشتۇرماقتا. گەرچە ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى يۈزلىنىۋاتقان بۇ مۈشكۈل ۋەزىيەت ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان ۋە ھەر تۈرلۈك ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا تۈرتكە بولسىمۇ، لېكىن سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداشتا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتى تېخى روشەن كۆرۈپ يېتەلمىدى. ئەلۋەتتە، سۈنئىي ئەقىل پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقاندەك، ئۇيغۇرلارنىڭمۇ سۈنئىي ئەقىلگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغىدى. لېكىن، ھازىر ئومۇملىشىۋاتقان سۈنئىي ئەقىل قوراللىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى قوللىشى چەكلىك بولغاچقا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئېنىق كۆرەلمەيۋاتىدۇ.

سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى مۇكەممەل قوللىشى ئۈچۈن يەنە بەش - ئون يىل كېتىشى مۇمكىن. بىز بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلىي توختىلىمىز. لېكىن، ھازىرچە بىز سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى ئۇيغۇرچىنى سۈنئىي ئەقىل ئەڭ قوللايدىغان تىللاردىن بىرى ئىنگلىزچىنى قوللىغاندەك قوللىدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى، ھەمدە ئۇيغۇر جەمئىيىتى دۇچ كەلگەن تۆۋەندىكى مەسىلىلەردە سۈنئىي ئەقىلنىڭ ياردەم بېرىش رولىنى تەخمىن قىلىپ باقايلى.

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى خەلقئاراغا تونۇتۇش ۋە تەشۋىق قىلىش.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى – تارىخى ئۇزۇن ۋە باي بىر مەدەنىيەت. ئۇيغۇر مەدەنىيىتى – ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىقپەرۋەر، ئەۋم، ئىشچان ۋە ئىجادكارلىقىنىڭ سىمۋولى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا تونۇلۇشى ئۇيغۇرلار ھازىرقى دۇچ كەلگەن قىسمەتلىرىنىڭ دۇنيانىڭ دىققىتى ۋە ھېسداشلىقىنى تارتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا ئەڭ چوڭ توسالغۇلاردىن بىرى بولسا تىلنىڭ ئوخشىماسلىقى. بۇ ھەقتىكى تەرجىمە خىزمەتلىرىنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، لېكىن تەرجىمە ئىشلىرىغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي ياردەملەرنىڭ ئاز ۋە كۆپ تىللىق پىدائىيلارنىڭ كەم

بولۇشى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش خىزمەتلىرىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبىدۇر. سۈنئىي ئەقىل پۈتۈنلەي ئاپتوماتىك يۇقىرى سۈپەتلىك ماشىنا تەرجىمىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە كۆپلىگەن تەشۋىقات ۋەزىپىسىنى تولۇق ئاپتوماتلاشتۇرغىلى بولىدۇ. ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان، ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىرىگە ئالاقىدار ماتېرىياللارنىڭ، مەسىلەن، كىتاب - ژۇرنال، كىنو - فىلىم ۋە ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ باشقا تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىغا ئاپتوماتىك ئېرىشكىلى بولىدۇ. يەنى، سۈنئىي ئەقىل بىلەن ھەم ئىقتىساد ھەم ئادەم كۈچى ئاز بولۇشتەك ئىككى مەسىلىنى بىرلا ۋاقىتتا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخىنى يېڭى ئەۋلادلارغا ئۆگىتىش

كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ مىراسخورلىرىدۇر. ئۇيغۇر تىلىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇلارسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. لېكىن، دىياسپورادىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىلار ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆز كىملىكىنى، تىلىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ئۆگىتىشكە كۈچەۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز كىملىكى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ساھىبلىق قىلىش دەرىجىسى يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مۇنتىزىم ئۇيغۇر مائارىپى كۆرمىگەنلىكىدۇر. مۇنتىزىم ئۇيغۇر مائارىپىنى پەقەتلا مۇكەممەل ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە كۆرگىلى بولىدۇ. لېكىن، دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە جۇغراپىيەلىك توسالغۇلار سەۋەبىدىن بۇ خىل مەكتەپلەر ئۇيغۇرلار كۆپ ئولتۇراقلاشقان كۆپىنچە دۆلەتلەردە تېخى قۇرۇلمىدى. سۈنئىي ئەقىل، مەۋھۇم رېئاللىق تېخنىكىسى ۋە ئىنتېرنېت تور تېخنىكىلىرى دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەۋھۇم مەكتەپلەرنى قۇرۇپ چىقىشىغا شەرت - شارائىت يارىتىشى مۇمكىن. مەۋھۇم مەكتەپلەر ئاتا - ئانىلار ۋە ئۇيغۇر مەكتەپلەر ئوقۇش - ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىدە دۇچ كەلگەن ئوقۇتقۇچى كەم بولۇش ۋە جۇغراپىيەلىك توسالغۇلار دېگەندەك ھەر تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىدۇ؛ ئوقۇغۇچىلار ئۆزىگە خاس، جانلىق ۋە ھەمكارلاشقان بىر ئوقۇش مۇھىتىغا ئېرىشەلەيدۇ؛ ئوقۇتقۇچىلار بولسا تەكرارلىق يۇقىرى مەشغۇلاتلار، مەسىلەن، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشتەك خىزمەتلەرنى سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىسىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى تېخىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە ۋاقىتنى ۋە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلەيدۇ.

## ئۇيغۇرچە كۆڭۈل ئېچىش ۋە سەنئەت ئەسەرلىرىنى بېيىتىش

بىر تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدا، ئۇ تىل ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ قوللانغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرالىغاندا تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ساقلىنىپ قالىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش ۋە سەنئەت ئەسەرلىرى بىر تىلنىڭ قىممىتى ۋە رولىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مېدىيالاردۇر. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەرەققىياتى باشقا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان تىللارغا سېلىشتۇرغاندا ئاستا بولۇۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە سېلىنغان مەبلەغ بەك كەمچىل ۋە ئىستېمالچىلارنىڭمۇ قوللىشى تۆۋەن. سۈنئىي ئەقىلنىڭ ياردىمىدە بىر كىنو - فىلىم ئىشلىيەلەيدۇ، بىر يازغۇچى بىر كۈندە نەچچە يۈز بەتلىك بىر كىتابنى يېزىپ تەھرىرلىيەلەيدۇ.

يۇقىرىدا بىز بىر نەچچە ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئۇيغۇر تىل ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، سۈنئىي ئەقىل ئۇيغۇرلار ھەر خىل ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە دۇچ كەلگەن ئىقتىساد ۋە ئەمگەك كۈچى كەمچىل بولۇشتەك بىر بوشلۇقنى تولۇقلايدۇ، ھەمدە كېيىنكى ئەۋلادلارنى تەربىيەلەش ۋە ئۇيغۇر تىل ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەردە ھەل

قىلغۇچ رولى بار.

يۇقىرىقى بىر قانچە مىساللاردا بىز، سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى ئۇيغۇرچىنى مۇكەممەل قوللايدۇ، دېگەن بىر پەرەز بىلەن يولغا چىقتۇق. لېكىن، بازارلاشقان سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرى ئۇيغۇرچىنى هازىرچە تېخى مۇكەممەل ياكى پۈتۈنلەي قوللىمايدۇ. هازىرغا قەدەر بازارلاشقان سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرچىنى ئەڭ ئاۋۋال قوللىغان پىروگراممىا بولسا Google شىركىتىنىڭ ماشىنا تەرجىمە يۇمشاق دېتالى [1]. بۇنىڭدىن سىرت، مىكروسوفت ۋە مېتا شىركەتلىرىنىڭ ماشىنا تەرجىمە پىروگراممىلىرى ئۇيغۇرچىنى قوللايدۇ [3-2]. ماشىنا تەرجىمە پىروگراممىسىدىن سىرت يەنە، ماشىنا دىيالوگ پىروگراممىلىرىدىن ChatGPT ئۇيغۇرچىنى قىسمەن قوللايدۇ. ئۇيغۇر تىلىنى قوللايدىغان ئاۋاز تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغان بازارغا سېلىنغان سۈنئىي ئەقىل مەهسۇلاتلىرى تېخى مەۋجۇت ئەمەس ياكى ئومۇملىشىپ بولمىدى. قىسقىچە ئېيتقاندا، سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى قوللىشى باشلانغۇچ هالەتتە تۇرماقتا. لېكىن، باشقا تېخنىكىلارغا قارىغاندا سۈنئىي ئەقىلنىڭ تەرەققىياتى ناهايىتى تېز بولغاچقا، كېرەكلىك قەدەم - باسقۇچلار بېسىلسا، هەر خىل فۇنكسىيەلىك سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى قوللىشىنى يېقىن كەلگۈسىدە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئۇيغۇرچىنى مۇكەممەل قوللىشى، سۈنئىي ئەقىلنىڭ تۆۋەندىكى بىر نەچچە مەشغۇلاتلاردا ئۇيغۇرچىنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولۇشى ۋە قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرچە جاۋابلارنىڭ توغرىلىق نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئۇيغۇرچە ئاۋازنى تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش

سۈنئىي ئەقىل بىلەن ئاۋازنى تېكىستكە (Speech-to-Text) ۋە تېكىستنى ئاۋازغا (Text-to-Speech) ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. سۈنئىي ئەقىل بىلەن ئۇيغۇرچە ئاۋازلارنى تېكىستكە ۋە تېكىستنى ئۇيغۇرچە ئاۋازلارغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قوغداشتا ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا رولى بەك يۇقىرى. چۈنكى، كۆپىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىشى پەقەت ئېغىزچە قوللىنىش بىلەن چەكلىنىدۇ، لېكىن، ئېغىزچە تىل پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئالاقىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەمما ئاۋازنى تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش تېخنىكىسى بىلەن ئۇيغۇر ئېغىز تىلىنىڭ ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭىيىدۇ. يەنى، ئۇيغۇرلار مەۋھۇم ياكى رەقەملىك دۇنيا بىلەن ئاغزاكى ئالاقە قۇرالايدۇ.

ئۇيغۇرچە يېزىقلارنى تونۇش. كۆنمىزدە ئوپتىكىلىق هەرپ تونۇش تېخنىكىسى (OCR) سۈنئىي ئەقىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مۇكەممەللەشتى. ئوپتىكىلىق هەرپ تونۇش تېخنىكىسى ئاساسەن هەممە تىللارنى قوللايدۇ، ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىمۇ بار. مەسىلەن، ئوچۇق كودلۇق Tesseract پىروگراممىسى [4] بىلەن رەسىملەرگە بېسىلغان ئۇيغۇرچە خەتلەرنى تېكىست شەكلىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ تېخنىكا ئۇيغۇرچە كىتاب، ماقالە، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تور دۇنياسىدا تېكىست شەكلىدە ساقلىنىپ قېلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

## ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى چۈشىنىش ۋە يارىتىش

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا سۈنئىي ئەقىلنىڭ تەبىئىي تىل بىر تەرەپ قىلىش تۈرى ناهايىتى تەرەققىي قىلدى. تېكىستلەرنى يىغىنچاقلاش، تولۇقلاش ياكى تۈزىتىش دېگەندەك مەشغۇلاتلارنى قىلالايدىغان چوڭ هەجىملىك تىل نېرۋا تور مودېللىرى (Large Language Models)، مەسىلەن، GPT4 بازارغا سېلىندى [5]. بۇ تىل مودېللىرى ئاساسلىقى ئىنگلىز تىلىنى مۇكەممەل قوللايدۇ، لېكىن

باشقا تىللارنى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىمۇ بار) قىسمەن قوللايدۇ. بۇ سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى باشقا تۈرلۈك سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىدىنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇ تېخنىكا بىلەن روبوت ۋە پىروگراممىلار ئىنسانغا ئوخشاش چۈشىنىش ۋە ئىجادچانلىق قابىلىيەتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ تېخنىكا تەرجىمە، خۇلاسە ۋە مەزمۇن ئىجاد قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەردە ياردەمچى رول ئوينىيالايدۇ.

## ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇش

سۈنئىي ئەقىل ئاۋاز ۋە تېكىستلەرنى بىر تەرەپ قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئىككى ۋە ئۈچ ئۆلچەملىك سۈرەتلىك مەزمۇنلارنىمۇ يارىتالايدۇ. لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، يۈرۈش - تۇرۇش مەدەنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن مەزمۇنلارنى تېخى يارىتالمايدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ سابىق پرېزىدېنتى دونالد ترامپنىڭ ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ كەتكەن سۈرىتىنى ياكى قىسقا سىن فىلىمنى بىر نەچچە سېكۇنت ئىچىدە ھاسىل قىلالايدۇ، لېكىن «بىر ئۇيغۇر بوۋاي تونۇردا نان يېقىۋاتىدۇ» دەپ يازسىڭىز، بەلكىم بىر ھىندىستانلىق بوۋاينىڭ نان پۇشۇرۇۋاتقان تۇتۇق رەسىمنى ھاسىل قىلىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇ خىل تېخنىكىلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تولۇق چۈشىنىشى ۋە يارىتىشى زامان ۋە تېخنىكىلىق ئىلگىرىلەش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكىلارنى يارىتىش

سۈنئىي ئەقىل بىلەن ناخشا - مۇزىكىلارنىمۇ ياراتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇرلارمۇ سەنئەتخۇمار بىر خەلق. سۈنئىي ئەقىل بىلەن مىللىي چالغۇلارغا خاس يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ياراتقىلى بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق پېشقەدەم كومپوزىتور ۋە ناخشىچىلىرىدىن بىر - بىرلەپ ئايرىلىپ قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى بېسىۋاتقان يېڭى بىر ئەۋلادلارنىڭ سانى بەك ئاز. سۈنئىي ئەقىل دەل مۇشۇنداق بىر پەيتتە ئۇيغۇرچە ناخشا - مۇزىكىلارنىڭ داۋاملىق تەرەققىياتىغا كېپىللىك قىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ ھەممە ئىجادىيەتنى سۈنئىي ئەقىلگە تاشلاپ بېرەيلى، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇيغۇرلار دۇچ كەلگەن بىر ۋەزىيەتتە سۈنئىي ئەقىلدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىمىز كېرەك.

يۇقىرىدا بىز بىر قىسىم سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىنى قىسمەن قوللىغانلىقىنى ۋە بىر قىسىملىرىنىڭ تېخى ئەمەلگە ئېشىپ بولالمىغانلىقىنى بايان قىلدۇق. بەلكىم سىز سۈنئىي ئەقىل نېمىشقا ئۇيغۇرچىنى قىسمەن قوللايدۇ ياكى قوللىمايدۇ؟ ياكى قانداق قىلىپ سۈنئىي ئەقىلنىڭ ئۇيغۇرچىنى مۇكەممەل قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورىشىڭىز مۇمكىن. بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم نۇقتا: چوڭ ھەجىملىك سانلىق مەلۇمات (Big Data). زامانىۋى سۈنئىي ئەقىل (Modern AI) چوڭ سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىغا، تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ۋە تەبىئەتنىڭ فىزىكىلىق قانۇنىيەتلىرىگە ئىگە بولالايدۇ. چوڭ ھەجىملىك سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق زامانىۋى سۈنئىي ئەقىل ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. گەرچە سۈنئىي ئەقىل 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، تۇنجى كومپيۇتېر تەتقىق قىلىنىپ ياساپ چىقىلىشى بىلەن تەڭ، تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، سۈنئىي ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ بىر نەچچە قېتىم ئالتۇن ۋە قەھرىتان قىش دەۋرلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپىنچە تىللار بىلەن ئاساسەن مۇناسىۋىتى بولمىغان. چۈنكى، ئىپتىدائىي سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىلىرى چوڭ ھەجىملىك سانلىق مەلۇماتلارغا تايانمايتتى، ھەتتا بىر تەرەپ قىلالمايتتى. شۇڭا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش خۇسۇسىيىتى كونا سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىدا مۇكەممەل بولمىغان. ئىپتىدائىي سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرى ھېسابلاش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ يېتەرسىز بولۇشىدەك شەرت -

شارائىتلارنى كۆزدە تۇتقان بولغاچقا، ئاساسەن كومپيۇتېر پروگراممىچىلىرىنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا ۋە تىل بىلىملىرىگە ئاساسلىنىپ ئىجاد قىلىنغان. نەتىجىدە، ئىپتىدائىي سۈنئىي ئەقىل پروگراممىلىرىنىڭ كەڭ كۆلەمدە ئومۇملىشىشى چەكلىك بولغان. لېكىن، زامانىۋى سۈنئىي ئەقىل پروگراممىلىرى چوڭ ھەجىملىك سانلىق مەلۇمات ۋە يۇقىرى گرافىك ھېسابلاش كۈچلىرىگە (GPU) تايىنىپ، سانلىق مەلۇماتلاردىن ئۆلارغا يوشۇرۇنغان ھەر خىل بىلىم ۋە مەزمۇنلارنى ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئومۇملاشتۇرالايدۇ (Generalisation).

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سانلىق مەلۇماتلار سۈنئىي ئەقىلگە ئېرىشىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمىسە سانلىق مەلۇمات دېگەن نېمە؟ سانلىق مەلۇماتلار بولسا، رەقەملىك دۇنيادىكى، مەسىلەن، ئىنتېرنېت تورى ۋە كومپيۇتېردا ساقلانغان مەزمۇنلار. سانلىق مەلۇماتلار تېكىست، ئاۋاز، رەسىم ۋە سىن قاتارلىق بىر نەچچە تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئىجاد قىلىنغان سۈنئىي ئەقىل پروگراممىلىرىنىڭ ئىقتىدارى بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەجمى ۋە سۈپىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرچىنى قوللايدىغان سۈنئىي ئەقىل پروگراممىلىرىنىڭ ئاز بولۇشى ۋە ياكى ئىقتىدارىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىمۇ، ئۇيغۇرچە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ھەجمىنىڭ ئاز ۋە سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ سەۋەبلىك بىز تۆۋەندە ئۇيغۇرچە سانلىق مەلۇماتلاردا مەۋجۇت بولغان بىر قىسىم مەسىلىلەر توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمىز.

تېكىست: ئۇيغۇرچە يېزىپ قالدۇرۇلغان ھەرقانداق بىر مەزمۇن تېكىست ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇرچە تېكىستلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ رەتلەش خىزمىتى مۇكەممەل بولمىدى. كۆپ قىسىم كىتاب، ژۇرنال ۋە ئىلمىي ماقالىلەر پەقەتلا رەقەملىك رەسىم شەكلىدە، مەسىلەن PDF ھۆججەت شەكلىدە ساقلىنىپ كەلدى. رەسىملىك شەكىلدىكى تېكىستلەر بىلەن ChatGPT دەك بىر سۈنئىي ئەقىل پروگراممىسىنى ئىجاد قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭ رەسىم شەكلىدىن تېكىست شەكلىدە، مەسىلەن txt شەكلىدە ساقلىنىشى ۋە ئورتاقلىشىلىشى كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە ئوچۇق مەنبەلىك تور بەتلەر، مەسىلەن، Wikipedia دەك تور بەتلەردىكى [6] ئۇيغۇرچە مەزمۇنلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشى ۋە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن كۈچىشىمىز كېرەك. ھازىر Wikipedia غا كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە ماتېرىياللارنىڭ سانى ئون مىڭنىڭ ئاستىدا. ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىلىرى تەرىپىدىن تولۇق تونۇلۇشى ئۈچۈن بۇ سان 250 مىڭغا يېتىشى كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ سانغا يېتىش بىر ئاددىي ئىش ئەمەس. تۈرك تىلىدىكى ماقالىلەرنىڭ سانىمۇ 250 مىڭ ئەتراپىدا. لېكىن بىز ئۇيغۇرلار بۇ سانغا يېتىش ئۈچۈن يەنىلا سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىلىرى بولۇپمۇ ماشىنا تەرجىمانىنىڭ ياردىمىگە موھتاج. يەنى، ماشىنا تەرجىمانىنىڭ ياردىمىدە مۇھىم بولغان ئەسەر ۋە تور بەتلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش كېرەك.

ئاۋاز: رەقەملىك شەكىلدە ساقلانغان ئۇيغۇرچە دىيالوگ، ناخشا - مۇزىكا ۋە لېكسىيەلەرنى ئاۋاز بىر تەرەپ قىلىش بىلەن ئالاقىدار سۈنئىي ئەقىل پروگراممىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن ئىشلەتكىلى بولىدۇ. گەرچە تور دۇنياسىدا بۇ خىل سانلىق مەلۇماتلار كۆپ بولسىمۇ، رەتلىنىپ ۋە ھەمبەھىرلەنگەن سانلىق مەلۇماتلار يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس. لېكىن تور دۇنياسىدا ئالاقىدار مەزمۇنلارنىڭ سانىنىڭ كۈنسايىن ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن Instgram ، Facebook ، Youtube ۋە باشقا تور بەتلەردە ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاۋازلىق ھۆججەتلەرنىڭ سانى تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتىدۇ. لېكىن كۆپىنچە ماتېرىياللارنىڭ نەشر ھوقۇقىغا دائىر قانۇن - نىزاملارغا خىلاپلىق قىلىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى. بۇ ماتېرىياللارنىڭ كەلگۈسىدە يۇقىرىقى تور بەتلەرنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ چىقىرىۋېتىلىش ئېھتىماللىقى بار. بۇ ماتېرىياللارنىڭ تور دۇنياسىدىن يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر تور بەت ياكى ساندانىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى بولۇشى كېرەك.

رەسىم ۋە سىن: ئۇيغۇرچە رەسىم ۋە سىنلار بولسا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى، يۈرۈش - تۇرۇشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن رەسىم ۋە سىن ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاۋازلىق سانلىق مەلۇماتلارغا ئوخشاش، بۇ تۈردىكى سانلىق مەلۇماتلار كۆپ بولسىمۇ لېكىن رەتلىنىپ ۋە ھەمبەھىرلەنگەن ئوچۇق سانلىق مەلۇمات ساندانلىرى يوق دېيەرلىك. بۇ سانلىق مەلۇماتلارنىڭمۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك ساقلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى ئىشەنچلىك خەلقئارالىق ئورگانلارغا ئائىت ساندانلاردا كۆپەيتىلگەن نۇسخىسى بولۇشى كېرەك.

رەقەملىك سانلىق مەلۇماتلار بىر مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرالايدىغان قىممەتلىك بايلىقى. سانلىق مەلۇماتلارنىڭ رەتلىنىش ۋە پايلىنىش خىزمىتى بولسا بىر مۇھىم ۋەزىپە. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىساد ۋە ئەمگەك كۈچى لازىم. سانلىق مەلۇماتلارنى يىغىش ۋە توپلاش خىزمىتى مۇناسىۋەتلىك خەلقئارالىق قانۇن - نىزاملارنىڭ مۇكەممەللىشىپ بولۇشىدىن بۇرۇن ئېلىپ بېرىلىشى ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى، بۇ تۈردىكى قانۇن - نىزاملارنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىش تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ ۋە تەننەرخى ئاشىدۇ. ھازىرغا قەدەر بۇ خىل خىزمەتلەر پىدائىيلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىشى بىلەن بېرىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، Mozilla شىركىتى تەرىپىدىن باشلانغان Common Voice ئاۋاز ساندىنى قۇرۇش تۈرىگە ئۇيغۇر پىدائىيلارمۇ قاتناشتى ۋە يۈز سائەتلىك بىر ئۇيغۇرچە ئاۋاز ساندىنى قۇرۇپ چىقتى [6]. گەرچە بۇ خىل سانلىق مەلۇماتلارنى قۇرۇش خىزمەتلىرى پىدائىيلىق خىزمەتلىرى بولسىمۇ، ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تەمىنلەش بۇ خىل خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئىزچىللىقىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يېتەرلىك سانلىق مەلۇماتلار بىلەن سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنى ئىجاد قىلغىلى بولىدۇ، لېكىن سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنىڭ مەھسۇلات ھالىتىدە داۋام قىلىشى ئۈچۈن نۇرغۇن ئىقتىسادىي مەبلەغ كېتىدۇ. ئەگەر بۇ سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنى ئىشلەتكۈچىلىرىنىڭ سانى يۇقىرى بولمىسا، بۇ پىروگراممىلارنى ئىجاد قىلغان تەقدىردىمۇ ئۇزۇن مەزگىل ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، يېقىنقى 20 يىلدا نۇرغۇن ئۇيغۇر تور بەتلىرى قۇرۇلدى، ئەمما يېتەرلىك ئىقتىسادىي كىرىمى بولمىغاچقا تاقىلىپ كەتتى. سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىغا كېتىدىغان چىقىم بىر تور بەتنى ماشۇرۇشقا كېتىدىغان چىقىمنىڭ 100 ھەسسىسىدىنمۇ جىق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇيغۇرچىنى قوللايدىغان سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنىڭ تەرەققىياتى دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان سۈنئىي ئەقىل شىركەتلىرىنىڭ، مەسىلەن، Open AI، Google لارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىدىن ئايرىيالمايدۇ. چۈنكى، بۇ شىركەتلەرنىڭ يېتەرلىك ھېسابلاش كۈچى ۋە مەبلىغى بار، ھەمدە بۇ شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقئارا بازارنى نىشان قىلغاچقا، ھەر خىل تىللارنى قوللاشقا تىرىشىدۇ.

گىگانت يۇمشاق دېتال شىركەتلەرنىڭ ئۇيغۇر سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىغا ياردەم قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى يېتەرلىك مىقداردا سانلىق مەلۇماتلارنى تەمىنلەش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ خىل سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىغا ئېھتىياجىنىڭ پەۋقۇلئاددە يۇقىرىلىقىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. ھازىر سۈنئىي ئەقىلنى دېموكراتلاشتۇرۇش ئىدىيەسى چوڭ شىركەتلەردە ئومۇملاشماقتا. سۈنئىي ئەقىلنىڭ دېموكراتىيەلىششى سۈنئىي ئەقىلنىڭ كەڭ شەخس ۋە تەشكىلاتلارنىڭ تېخىمۇ قولايلىق ئىشلىتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى، ھەر بىر ئىنساننىڭ سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسىدىن پايدىلىنالىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سۈنئىي ئەقىلنىڭ دېموكراتىيەلىششى ھاسىل قىلغان بۇ خىل پايدىلىق مۇھىتتىن ئۇيغۇر ئاكتىپۇستىلەر ئوبدان پايدىلىنىشى كېرەك. لېكىن ھازىرغا قەدەر بۇ خىل خىزمەتلەرگە مەسئۇل بىر گۇرۇپپا ياكى تەشكىلات تەشكىللەنمىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەردىن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ ھەمدە بەلگىلىك ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەپ، ئۇيغۇرچىغا ئائىت سۈنئىي ئەقىل تەتقىقات ۋە تەرەققىياتلارنى كۆزىتىشى، قوللىشى، تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۇيغۇر

خەلققە تەشۋىق قىلىشى كېرەك.

سۈنئىي ئەقىل بولسا، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇيغۇر تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان كىرىزىسقا دۇچ كەلگەندە ئۇيغۇرلار قوللىنىشى كېرەك بولغان بىر قورال. ئۇيغۇرلار بۇ قورالدىن ئۈبدان پايدىلىنىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ قولىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئىگە چىقىشى كېرەك. بۇ سانلىق مەلۇماتلار خۇددى ئېرىپ كېتىۋاتقان بىر قار شارچىسىغا ئوخشايدۇ. بۇ قار شارچىسىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، سۈنئىي ئەقىلنى ئىشلىتىپ ئۇنى دۆۋىلىتىپ، بىر قار دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. يەنى، ئۇيغۇرلار هازىر قولىدا بولغان سانلىق مەلۇماتلار بىلەن سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۇ پىروگراممىلار بىلەن يۇقىرى سۈپەتلىك يېڭى سانلىق مەلۇماتلارنى يارىتىشى ۋە ئۇلار بىلەن تېخىمۇ ئىلغار سۈنئىي ئەقىل پىروگراممىلىرىغا ئىگە بولۇشى كېرەك. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ۋەزىيىتى ناهايىتى خەتەرلىك بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار يەن - تېخىنىكا يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلغان بىر دەۋردە تۇرماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ دەۋردە بىر كۈن ئۆز مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشى بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ يۈز يىللىق ئەجرى بىلەن تەڭ بولۇشى مۇمكىن. كىرىزىس بار يەردە پۇرسەتمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ پۇرسىتىمىز سۈنئىي ئەقىل. دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەت، شىركەت ۋە گۇرۇھلار سۈنئىي ئەقىلنىڭ پاچىقىغا چىڭ ئېسىلىۋاتقاندا، بىز ئۇيغۇرلار تېخىمۇ ئۈبدان ئېسىلىشىمىز كېرەك.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] https://translate.google.com/

[2] https://www.bing.com/translator

[3] https://about.fb.com/news/2020/10/first-multilingual-machine-translation-model

[4] https://github.com/tesseract-ocr/tesseract

[5] https://chat.openai.com

[6] https://commonvoice.mozilla.org/ug

# 1990 ـــ 2020 ـ يىللىرى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۈچ ئاساسلىق ئېتنىك گۇرۇپپا ئاھالىسى نوپۇسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى

دوكتور دىلشات بارىشچى
2023 ـ يىلى مارت

## ئاساسىي مەزمۇنى

*بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1990 ـ 2020 ـ يىللىرى مەزگىلىدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش سانلىق مەلۇماتلىرى ۋە باشقا سانلىق مەلۇماتلارنى ئاساس قىلغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى، ھەرىكەتچان قۇرۇلما نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈشنى مەقسەت قىلغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئۈچ ئاساسلىق ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ يەنى ئۇيغۇر، خىتاي ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ نوپۇس ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلەنگەن ۋە تەھلىل قىلىنغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇسى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ئېشىۋاتقان يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بەرسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېشىش نىسبىتى تۆۋەن، خىتايلارنىڭ ئېشىش نىسبىتىدە تۆۋەنلەش كۆرۈلمىگەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي نوپۇسى، تەبىئىي ئېشىشتىن باشقا يەنە شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈش ئارقىلىق ئېشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى ساقلىغان، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر نوپۇسى بولسا پەقەتلا تەبىئىي ئېشىشقا باغلىق*

*قالغان. نوپۇس قۇرۇلمىسى جەھەتتىن، ھەم تەبىئىي، ھەم ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا زور پەرق بار. بۇنىڭدىن باشقا، نوپۇسنىڭ تارقىلىشى جەھەتتە، خىتايلار شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا يېزا - كەنتلەرگە بىر قەدەر تەكشى تارقالغان، ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر بولسا يېزا - بازارلارنى مەركەز قىلغان ھالدا يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدۇ ھەمدە روشەن توپلىنىپ ياشاش ئالاھىدىلىكىنى نامايان قىلغان. بۇ ئۈچ ئېتنىك گۇرۇپپا ئارىسىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۇلتۇراقلىشىش ئايرىمچىلىقى بار. شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ ئۈچ ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە تەڭپۇڭسىزلىق، 1990 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە بولغان ئۆتكەن 30 يىلدا تەدرىجىي ئاشقان. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا يەرلىك خەلقلەر بىلەن خىتايلارنىڭ تەرەققىيات ئالاھىدىلىكى، پەرقى ۋە تەڭپۇڭسىزلىقىنى تولۇق چۈشىنىش شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىپادىلەشنىڭ زۆرۈر ئاساسىدۇر.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *شەرقىي تۈركىستان نوپۇسى، ئۈچ ئاساسلىق ئېتنىك گۇرۇپپا، نوپۇس ۋە قۇرۇلما، تەرەققىيات پەرقى، تەبىئىي كۆپىيىش.*

## كىرىش

دۇنيا نوپۇسى بۈگۈنگە قەدەر تەدرىجىي كۆپىيىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ 20 - ئەسىردە دۇنيا نوپۇسىدا ئىنتايىن مۇھىم تەرەققىياتلار بولدى. 19 - ئەسىرنىڭ بېشىدا 1 مىليارد بولغان دۇنيا نوپۇسى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا 6 مىلياردتىن ئېشىپ كەتتى. ئۆتكەن 1800 يىلدا ئاران 1 مىليارد ئاشقان دۇنيا نوپۇسىغا يېقىنقى 200 يىلدا 5 مىليارد نوپۇس قېتىلدى (*).

بۈگۈنكى كۈندە ئۇچۇر ۋە ئالاقىلىشىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقىنى دەرھال نازارەت قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شەرقىي تۈركىستان قاتارلىق ئىشغال قىلىنغان ياكى تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسى توغرىسىدىكى سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تامامىي ۋە ياكى بىر قىسمى يوشۇرۇلغانلىقى، ھەققىي مەلۇمات بېرىلمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن، بۇ جەھەتتە سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئېنىقلىنىشى، مۆلچەرلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە، ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ئىشەنچلىك سانلىق مەلۇماتلارغا شۇنداقلا قىزىل خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋە بەزى خىتاي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەتقىقاتلىرىغىمۇ تايانغان ھالدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆتمۈشتىكى ۋە ھازىرقى نوپۇس ئەھۋالى، ئۈچ ئاساسلىق ئېتنىك گۇرۇپپا ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ، بۇ تېمىدىكى ئۇچۇر ۋە مەنبەلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

كۆپ ھاللاردا، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىغا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار ئوخشىمىغان كىشىلەر ياكى ئورگانلار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويغان يۈزەكى ياكى ئىلمىي بولمىغان مۆلچەرلەر ئارقىلىق كۆرسىتىلىپ كەلدى. 2020 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 35 - 40 مىليون، 45 - 50 مىليون ھەتتا 55 - 60 مىليون دەپ كۆرسەتكەن كىشىلەر ۋە ئورگانلار بار (*). يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى 1990 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىنى 7 مىليون 200 مىڭدىن (*)، 2018 - يىلى 12 مىليون 700 مىڭدىن (*) ۋە 2020 - يىلى 11 مىليون 600 مىڭدىن (*) ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. نەتىجىدە، شەرقىي تۈركىستان نوپۇسى ھەققىدە «قانداق ئەھۋالدا» دېگەن سوئاللارغا ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ئىلمىي يوسۇندا جاۋاب بېرىلمىدى، سۇبيېكتىپ باھالاش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان قىممەت قاراشلار سىناق قىلىندى ۋە مەلۇماتلىرىنى ھەققىي دەپ كۆرسىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تېمىدا

ئىلمىي باھالاشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنمەكتە، ھەتتا بىر قىسىم ئاتالمىش ئىلمىي تەتقىقاتلار قىزىل خىتاينىڭ مەنپەئەتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بەزى خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا ئېغىر مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە ھەتتا خاتا سانلىق مەلۇماتلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئوتتۇرىغا قويدى (*).

بۇ تەتقىقات تەييارلىقى جەريانىدا، 1990 – 2020 - مەزگىلدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ (قىسقىچە ش ت) ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۆپلىگەن مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ ئېرىشكەن ش ت نىڭ ھەقىقىي نوپۇس (ئەمەلىي نوپۇسى، قىسقىچە ھ.ئ.ن) قىممەتلىرى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى (قىسقىچە خ خ ج) دۆلىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان نوپۇس قىممەتلىرىنى (قىسقىچە خ خ ج.ئ.ن) ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەر، يېڭى مېتود ۋە تەھلىللەر بىلەن ئانالىز قىلىندى.

ش ت نىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىغا مۇناسىۋەتلىك تۈت پەرقلىق سانلىق مەلۇمات باردۇر. بۇلاردىن بىرى، خ خ ج ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇمات، قالغان ئۈچى ئوخشىمىغان مەنبەلەرگە ئاساسەن ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە تېخنىكا بىلەن ھېسابلانغان مۆلچەر قىممەتلەر بولۇپ، بۇ مۆلچەر قىممەتلەر 95% ئىشەنچ ۋە 2.5%± خاتالىق پەرقى بىلەن رېئاللىققا تېخىمۇ يېقىن بولغان سانلىق مەلۇماتلاردۇر.

| يىل | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
| --- | --- | --- | --- | --- |
| ئەڭ توغرا ئېھتىماللىقتىكى نوپۇس | 22,207,906 | 27,717,609 | 33,477,861 | 38,088,527 |
| ئەڭ كۆپ بولىدىغان نوپۇس | 23,442,236 | 29,114,409 | 34,675,207 | 39,305,874 |
| چوققۇم بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇس | 22,696,797 | 28,270,852 | 33,952,104 | 38,570,692 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023.*

بۇ قىممەتلەرنىڭ ھەممىسىگە قارايدىغان بولساق، 1990 - يىلى ش ت نىڭ ئەڭ توغرا ئېھتىماللىق بىلەن ئەڭ كۆپ بولغان ئومۇمىي نوپۇسى 22,696,797 ~ 23,442,236 ئارىلىقىدا، بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇس بىلەن ئەڭ توغرا ئېھتىماللىقى بولغان ئومۇمىي نوپۇسى 22,207,906 ~ 22,696,797 ئارىلىقىدا بولغان. ئوخشاشلا، 2020 - يىلى ئەڭ توغرا ئېھتىماللىق بىلەن ئەڭ كۆپ بولغان ئومۇمىي نوپۇسى 39,305,874~38,570,692 ئارىلىقىدا، بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇس بىلەن ئەڭ توغرا ئېھتىماللىقى بولغان ئومۇمىي نوپۇسى 38,570,692~38,088,527 ئارىلىقىدا بولغان.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھ.ئۇ ن، ھ.ب ن ۋە ھ.خ ن لەرنىڭ ئومۇمىي ئۆزگىرىشى

ھەر قانداق بىر نوپۇس توپىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ياكى قانداق بىر ئۆزگىرىشتە بولىدىغانلىقىنى، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا تۆۋەندىكى فورمۇلا بىلەن ھېسابلىيالايمىز:

| | |
| --- | --- |
| مۇتلەق ئۆزگىرىش | $mö =_{\tau} P_n -_{\tau} P_0$ |
| پىرسەنتلىك ئۆزگىرىش (%) | $pö = 100({}_{\tau}P_n -_{\tau} P_0)/{}_{\tau}P_0$ |
| يىللىق ئوتتۇرچە ئۆسۈش | $yoa = ({}_{\tau}P_n -_{\tau} P_0)/(\tau_n - \tau_0)$ |
| ئېشىش نىسبىتى (%) | $ön - 1 = 100(\sqrt[\tau]{{}_{\tau}P_n/{}_{\tau}P_0} - 1)$ |

| | |
|---|---|
| ۋە ياكى | $\ddot{o}n-2=100\left\{\left[ln(_{\tau}P_n)-ln(_{\tau}P_0)\right]/(\tau_n-\tau_0)\right\}$ |

بۇ يەردە

$$\nabla=\tau_n-\tau_0, n=0,1,\cdots,30;$$

بولۇپ، $\tau_0$ باشلانغۇچ يىل (1990 - يىلى)، $\tau_n$ بولسا ئاخىرقى يىلنى (2020 - يىلنى) كۆرسىتىدىغان بولۇپ ۋە ئەڭ توغرا ئېھتىماللىق ئۈچۈن $\tau_n-\tau_0\leq 10$ بولۇشى كېرەك (*).
تۆۋەندىكى بارلىق ھېسابلاش ۋە باھالاشلاردا، تېمىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىش ئۈچۈن چوقۇم بولۇشى كېرەك بولغان سانلىق قىممەتلەرنى ھەقىقىي سانلىق قىممەتلەر سۈپىتىدە قوبۇل قىلىمىز.

ج1: 1990 - 2020 مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھ.ئو ن ۋە خ خ ج.ئو ن لەرنىڭ تارقىلىشى

| يىل | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
|---|---|---|---|---|
| ھ.ئو ن | 22,696,797 | 28,270,852 | 33,952,104 | 38,570,692 |
| خ خ ج.ئو ن | 15,156,900 | 19,250,000 | 21,813,334 | 25,852,345 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 .*

مەلۇم بولغىنىدەك، بەلگىلەنگەن مەزگىل ئىچىدىكى نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ھېسابلاشنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇللىرى بار(*). جەدۋەل ج1 دە كۆرسىتىلگىنىدەك، ش ت نىڭ ھەقىقىي ئومۇمىي نوپۇس (ھ.ئون) قىممىتى بىلەن خ خ ج ئېلان قىلغان ئومۇمىي نوپۇس (خ خ ج.ئون) قىممىتى ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭ پەرق بار. 1990 - 2000 مەزگىلىدە، ھ.ئون نىڭ ئېشىش نىسبىتى 2.22%، خ خ ج.ئون نىڭ ئېشىش نىسبىتى 2.42% بولغان بولسىمۇ، 2010 - 2020 مەزگىلىدە ھ.ئون نىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.28%، خ خ ج.ئون نىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.71% بولغان. يەنى، ھەر ئىككى ئېشىش نىسبىتىگە قارىغاندا ش ت نىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى بارغانچە تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز.

ج2 : 1990 - 2020 مەزگىلىدە ش ت نىڭ يەرلىك خەلقلەر بىلەن خىتاي نوپۇسىنىڭ ھەقىقىي تارقىلىشى ۋە خ خ ج ئېلان قىلغان نوپۇس تارقىلىشى

| يىل | ھ.ي ن | خ خ ج.ي ن | ھ. خ ن | خ خ ج.خ ن |
|---|---|---|---|---|
| 1990 | 14,036,265 | 9,461,500 | 8,660,533 | 5,695,400 |
| 2000 | 17,078,703 | 10,969,600 | 11,192,148 | 8,280,400 |
| 2010 | 20,305,881 | 13,067,186 | 13,646,223 | 8,746,148 |
| 2020 | 22,812,022 | 14,932,247 | 15,758,670 | 10,920,098 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 2022 - 1992 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 .*

يەنە بىر جەھەتتىن، 1990 - 2020 مەزگىلىدىكى مۇتلەق ئۆزگىرىشكە قارايدىغان بولساق، بۇ مەزگىلدە ھ.ئون غا يىلدا تەخمىنەن 529 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە جەمئىي 15 مىليون 900 مىڭ ئادەم، خ خ ج.ئون غا يىلدا تەخمىنەن 356 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل

ئىچىدە جەمئىي 10 مىليون 700 مىڭ ئادەم قوشۇلغان.

مەلۇم بولغىنىدەك، بەلگىلەنگەن مەزگىلدىكى نوپۇس ئۆزگىرىش نىسبىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى ھېسابلاشنىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇللىرى بار. بىز بۇ يەردە ش ت نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىككى نۇقتا ئېشىش نىسبىتىنى ئىشلىتىمىز.

جەدۋەل ج2 دە كۆرسىتىلگىنىدەك، ش ت خەلقىنىڭ (خىتايدىن باشقا) ھەقىقىي نوپۇس (ھ.ي ن) قىممەتلىرى بىلەن خ خ ج ئېلان قىلغان ش ت خەلقىنىڭ نوپۇس (خ خ ج.ي ن) قىممەتلىرى ۋە ش ت دىكى خىتاي نوپۇس (ھ.خ ن) قىممەتلىرى بىلەن خ خ ج ئېلان قىلغان ش ت دىكى خىتاي نوپۇس (خ خ ج.خ ن) قىممەتلىرى ئارىسىدا خېلى كۆپ پەرق باردۇر. 1990 - 2000 مەزگىلىدە، ھ.ي ن نىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.96%، خ خ ج.ي ن نىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.48% بولغان بولسا، 2010 - 2020 مەزگىلىدە ھ.ي ن نىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.16% ۋە خ خ ج.ي ن نىڭ ئېشىش نىسبىتى 1.34% بولغان.

1990 - 2020 مەزگىلىدىكى مۇتلەق ئۆزگىرىشكە قارايدىغان بولساق، بۇ مەزگىلدە خ خ ج.ي ن غا يىلدا تەخمىنەن 182 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە جەمئىي 5 مىليون 500 مىڭ ئادەم، ھ.ي ن غا يىلدا تەخمىنەن 292 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە جەمئىي 8 مىليون 800 مىڭ ئادەم قوشۇلغان.

ج3 : 1990 - 2020 مەزگىلىدە ش ت دىكى ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەر نوپۇسىنىڭ ھەقىقىي تارقىلىشى ۋە خ خ ج ئېلان قىلغان تارقىلىشى

| يىل | ھ.ئۇ ن | خ خ ج.ئۇ ن | ھ.ب ن | خ خ ج.ب ن |
|---|---|---|---|---|
| 1990 | 10,864,081 | 7,214,400 | 3,172,184 | 2,247,100 |
| 2000 | 12,952,471 | 8,399,400 | 4,126,232 | 2,570,200 |
| 2010 | 15,366,614 | 10,069,346 | 4,939,267 | 2,997,840 |
| 2020 | 17,296,637 | 11,624,257 | 5,515,385 | 3,307,990 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 .*

جەدۋەل ج3 دىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي نوپۇسى (ھ.ئۇن) 1990 - 2000 مەزگىلىدە 1.77%، 2000 - 2010 مەزگىلىدە 1.72% ۋە 2010 - 2020 مەزگىلىدە 1.19% لىك ئېشىش نىسبىتى بىلەن ئۆزگىرىش كۆرسەتكەن بولسا، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ھەقىقىي نوپۇسى (ھ.ب ن) 1990 - 2000 مەزگىلىدە 2.66%، 2000 - 2010 مەزگىلىدە 1.81% ۋە 2010 - 2020 مەزگىلىدە 1.11% لىك ئېشىش نىسبىتى بىلەن ئۆزگىرىش كۆرسەتكەن.




ئوخشاش مەزگىلدە، ش ت دىكى خىتايلارنىڭ ھەقىقىي نوپۇسى (ھ.خ ن) ئايرىم ئايرىم ھالدا

2.60%، 2.0% ۋە 1.45% لىك ئېشىش نىسبىتى بىلەن ئەڭ يۇقىرى كۆپىيىشكە ئېرىشكەن. يەنە بىر تەرەپتىن، 1990 - 2020 مەزگىلىدىكى مۇتلەق ئۆزگىرىشكە قارايدىغان بولساق، بۇ مەزگىلدە ھ.ئۇن غا يىلدا تەخمىنەن 214 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە جەمئىي 6 مىليون 400 مىڭ ئادەم، ھ.ب ن غا يىلدا تەخمىنەن 78 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە جەمئىي 2 مىليون 300 مىڭ ئادەم ۋە ھ.خ ن غا يىلدا تەخمىنەن 237 مىڭ ئادەم قېتىلىپ پۈتۈن مەزگىل ئىچىدە 7 مىليون 100 مىڭ ئادەم قوشۇلغان. نەتىجىدە، 1990 - 2020 مەزگىلىدە ئۇيغۇر نوپۇسى 37.19%، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسى 42.48% ۋە خىتاي نوپۇسى 45.04% كۆپەيگەن.

ھ.ئو ن دىكى ھ.ئۇ ن، ھ.ب ن ۋە ھ.خ ن لەرنىڭ پىرسەنتى %

| يىل | ھ.ئۇ ن | ھ.ب ن | ھ.خ ن |
|---|---|---|---|
| 1990 | 47,87 | 13,98 | 38,16 |
| 2000 | 45,82 | 14,60 | 39,59 |
| 2010 | 45,26 | 14,55 | 40,19 |
| 2020 | 44,84 | 14,30 | 40,86 |

ئومۇمىي نوپۇسنى تەشكىل قىلىدىغان ھەر قانداق بىر نوپۇسنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى:

$$N = 100_{\tau}P_{.N}/_{\tau}P_{ON} \quad \%.$$

بىلەن ھېسابلىنىدۇ. 1990 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتى 47.87% بولغان بولسا، 2020 - يىلى 44.84% كە تۆۋەنلىگەن. خىتايلارنىڭ نوپۇسى بولسا 1990 - يىلدىكى 38.16% تىن 2020 - يىلدىكى 40.86% كە ئۆرلىگەن.

نەتىجىدە، خىتاي نوپۇسى بارغانچە ئۇيغۇر نوپۇسىغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقى، يېقىن كەلگۈسىدە ئۇيغۇر نوپۇسىدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇستىكى نىسبىتىدە چوڭ بىر ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقى يەنى 13.98% بىلەن 14.60% ئارىسىدا ئۆزگىرىش كۆرسەتكەنلىكى بايقالدى.




بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ھەر قانداق بىر نوپۇس ئۆزگىرىشچان مىقدارىنىڭ كۆپىيىش كوئېففىتسېنتى:

$$KK =_{\tau} P_{k+1}/_{\tau}P_{k} \quad (k = 0, 1, \ldots, n)$$

بىلەن ھېسابلىنىدۇ. ش ت دىكى ئۇيغۇر نوپۇسى 1990 - 2000 مەزگىلىدە، 1.19 ھەسسە، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسى 1.3 ھەسسە ۋە خىتايلارنىڭ نوپۇسى 1.29 ھەسسە ئاشقان. 2010 - 2020 مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1.12 ھەسسە، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسى 1.12 ھەسسە ۋە خىتايلارنىڭ نوپۇسى 1.15 ھەسسە ئاشقان. 1990 - 2020

مەزگىلىدە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1.59 ھەسسە، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسى 1.74 ھەسسە ۋە خىتايلارنىڭ نوپۇسى 1.82 ھەسسە ئاشقان. ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ بۇ مۇددەت ئىچىدە تېز شەكىلدە تۆۋەنلەۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.




قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، 1990 - 2020 مەزگىلىدە، گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاستا - ئاستا كۆپەيگەن بولسىمۇ ئەمما ئېشىش دەرىجىسى تەدرىجىي ئازايغان، ھەتتا 2010 دىن كېيىن بۇ ئازىيىشنىڭ بىردىنلا تۆۋەنلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ ئۈچ ئېتنىك گۇرۇپپىنىڭ مۇتلەق نوپۇس مىقدارى كۆپەيگەن، ئەمما يىللىق ئېشىش سۈرئىتى ئاستا بولغان. پەقەت خىتاي نوپۇسىنىڭ ئېشىشى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولغان.

ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ 1990 - 2000 مەزگىلىدىكى 2.60% تىن 2010 - 2020 مەزگىلىدىكى 1.45% كە تۆۋەنلىشى، ئەمما ئومۇمىي نوپۇستىكى پىرسەنتىنىڭ 38.16% دىن 40.86% كە ئۆرلىشى ۋە بۇ مەزگىلدە 1.29 ھەسسىدىن 1.82 ھەسسىگە ئېشىشىنىڭ سەۋەبى بولسا خىتايلارنىڭ ش ت غا ئۆزلۈكسىز كۆچۈشى شۇنداقلا قۇرۇلۇش ۋە دېھقانچىلىق دىۋىزىيەلىرىدىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا قالغانلىقىدۇر. 1954 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە 12.6 ھەسسە كۆپەيگەن قۇرۇلۇش ۋە دېھقانچىلىق دىۋىزىيەسىنىڭ نوپۇسى، 2000 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە 1.4 ھەسسە ئارتقان بولۇپ، تەخمىنەن 4 مىليون 200 مىڭغا يەتكەن ۋە ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 26.4% نى ئىگىلىگەن.

## شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىدىكى ھ.ئۇن، ھ.ب ن ۋە ھ.خ ن قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

خەلقئارادا قوبۇل قىلىنغان نوپۇس ياش قۇرۇلمىسىنىڭ ئېنىقلىمىسىغا قارىغاندا، 0 - 15 ياشتىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 30% دىن ئاز، 65 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلارنىڭ پىرسەنتى 7% دىن يۇقىرى، 65 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلارنىڭ 0 - 15 ياشتىكىلەرگە بولغان نىسبىتى 30% تىن كۆپ ۋە مېدىيان ياش (ئوتتۇرىدىكى ياش) 30 ياشتىن يۇقىرى بولسا، بۇ تۆت شەرتنى قانائەتلەندۈرىدىغان نوپۇس تىپىنى ياشانغان نوپۇس دەپ ئاتايمىز (*).

مەلۇم بىر ياش گۇرۇپپىسىنىڭ $(x_{i-1},\ x_i)$ ، بۇ ياش گۇرۇپپىلىرىدىن تەشكىل تاپقان ئومۇمىي نوپۇستىكى پىرسەنتى:

$$100_{x+1}P_x/P_{ON} \quad (i=1,2,\ldots,n)$$

بىلەن ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇم بىر ياش گۇرۇپپىسىنىڭ $(x_{i-1},\ x_i)$ ، بۇ ياش گۇرۇپپىسىدىن كېيىنكى باشقا بىر ياش

گۇرۇپپىسىغا $(y_i,\ y_{i+1})$ بولغان نىسبىتى:

$$100_{x+1}P_x/_{y+1}P_y \ \ (i=1,2,\ldots,n)$$

تەڭسىزلىكنى قانائەتلەندۈرىدىغان قىممەتلەرنىڭ ئەڭ $P_1<P_2<\cdots<P_k \ \ (k=1,2,\ldots)$ ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت، مېدىيان (ئوتتۇرىدىكى قىممەت) دېيىلىدۇ. ئەگەر $k$ تاق سان بولغاندا، ئۇ ھالدا ئەڭ ئوتتۇرىدىكى بىر قىممەت، ئەگەر $k$ جۈپ سان بولغاندا، ئوتتۇرىدىكى ئىككى قىممەتنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى $(P_k,\ P_{k+1})/2$ مېدىيان بولۇپ ئېلىنىدۇ.

1990 ـ يىلىدىكى ش ت نىڭ ھەقىقىي ئومۇمىي نوپۇسىدا، 0 ـ 15 ياش ئارىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 28.2%، 16 ـ 64 ياش ئارىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 65.6%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرىلارنىڭ پىرسەنتى 6.2% بولغان بولسا، 2020 ـ يىلىدا 0 ـ 15 ياش ئارىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 23.9%، 16 ـ 64 ياش ئارىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 68.74%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 7.26% بولغان.

ج4 : 1990 ـ 2020 مەزگىلىدە ھ.ئۇ ن، ھ.ب ن ۋە ھ.خ ن نىڭ ياشانغانلىق قۇرۇلمىسى %

| نوپۇس تۈرى | ياش گۇرۇپپىسى | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
|---|---|---|---|---|---|
| ھ. ئۇن | 0 ـ 15 | 30,1 | 29,6 | 24,0 | 22,4 |
| | 65 ـ + | 6,3 | 6,5 | 6,6 | 7,4 |
| ھ. ب ن | 0 ـ 15 | 28,3 | 29,2 | 26,5 | 23,5 |
| | 65 ـ + | 6,1 | 6,4 | 6,6 | 7,2 |
| ھ. خ ن | 0 ـ 15 | 26,3 | 26,8 | 26,3 | 25,8 |
| | 65 ـ + | 6,2 | 6,3 | 6,5 | 7,5 |
| | 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى نوپۇسنىڭ 0 ـ 15 ياش نوپۇسقا نىسبىتى | | | | |
| ھ. ئۇ ن | 65 ـ +/0 ـ 15 | 20,9 | 22,0 | 27,5 | 33,0 |
| ھ. ب ن | 65 ـ +/0 ـ 15 | 21,6 | 21,9 | 24,9 | 30,6 |
| ھ. خ ن | 65 ـ +/0 ـ 15 | 23,6 | 23,5 | 24,7 | 29,1 |
| | مېدىيان (ئوتتۇرىدىكى) ياش | | | | |
| | ھ. ئۇ ن | 21,2 | 22,2 | 27,9 | 33,5 |
| | ھ. ب ن | 21,8 | 22,2 | 25,2 | 31,0 |
| | ھ. خ ن | 23,9 | 23,8 | 25,0 | 29,4 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 ـ 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 ـ 2022 . ياڭ جۆ، جياڭ نەن، لى جيەنشىن، 2019 .*

1990 ـ يىلىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىدا، 0 ـ 15 ياش ئارىسىدىكى بالىلارنىڭ پىرسەنتى 30.1%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 6.3%، ياشانغانلارنىڭ بالىلارغا بولغان نىسبىتى 20.9% ۋە مېدىيان ياش 21.2 بولغانلىقى ئۈچۈن، ش ت دىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسى ياشانغان نوپۇسقا كىرمەيدۇ.




2020 - يىلىدىكى ئۇيغۇر نوپۇسىدا، 0 - 15 ياش ئارىسىدىكى باللارنىڭ پىرسەنتى 24.2%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 7.4%، ياشانغانلارنىڭ باللارغا بولغان نىسبىتى 33% ۋە مېدىيان ياش 33.5 بولغانلىقى ئۈچۈن، ش ت دىكى ئۇيغۇرلار نوپۇسى ياشانغان نوپۇستۇر.

1990 - يىلىدىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسىدا، 0 - 15 ياش ئارىسىدىكى باللارنىڭ پىرسەنتى 28.3%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 6.1%، ياشانغانلارنىڭ باللارغا بولغان نىسبىتى 21.6% ۋە مېدىيان ياش 21.8 بولغانلىقى ئۈچۈن، ش ت دىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسى ياشانغان نوپۇس دەپ قارالمايدۇ.







2020 - يىلىدىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىسىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسىدا، 0 - 15 ياش ئارىسىدىكى باللارنىڭ پىرسەنتى 23.5%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 7.2%، ياشانغانلارنىڭ باللارغا بولغان نىسبىتى 30.6% ۋە مېدىيان ياش 31 بولغانلىقى ئۈچۈن، ش ت دىكى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسىنى ياشانغان نوپۇس دەپ ئېيتالايمىز.

1990 - يىلىدىكى ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىدا، 0 - 15 ياش ئارىسىدىكى باللارنىڭ پىرسەنتى 26.3%، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 6.2%، ياشانغانلارنىڭ باللارغا بولغان نىسبىتى 23.6% ۋە مېدىيان ياش 23.9 بولغانلىقى ئۈچۈن، ش ت دىكى خىتاي نوپۇسى ياشانغان نوپۇس دەپ قارالمايدۇ.

2020 - يىلىدىكى خىتاي نوپۇسىدا، 0 - 15 ياش ئارىسىدىكى بالىلارنىڭ پىرسەنتى %25.8، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكىلەرنىڭ نىسبىتى %7.5، ياشانغانلارنىڭ بالىلارغا بولغان نىسبىتى %29.1 ۋە مېدىيان ياش 29.4 بولغانلىقى ئۈچۈن، ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىنى ياشانغان نوپۇسقا يۈزلەنگەن دەپ قارىيالايمىز. چۈنكى، 65 ياش ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىسىدىكى نوپۇسنىڭ پىرسەنتى (%7.5)، خەلقئارالىق ياشانغانلار نورمىسى بولغان %7 دىن يۇقىرى بولغان.

ج5 : 1990 - 2020 مەزگىلىدە ھ.ئۇ ن، ھ.ب ن ۋە ھ.خ ن نىڭ ئەر ئايال ۋە جىنسىيەت نىسبىتى %

| نوپۇس تۈرى | يىل | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
|---|---|---|---|---|---|
| ھ. ئۇ ن | قىز ئايالار | 49,2 | 49,1 | 48,7 | 47,0 |
| | ئەرلەر | 50,8 | 50,9 | 51,3 | 53,0 |
| | جىنسىيەت نىسبىتى | 103,3 | 103,7 | 105,3 | 112,7 |
| ھ. ب ن | قىز ئايالار | 49,1 | 49,2 | 49,2 | 48,3 |
| | ئەرلەر | 50,9 | 50,8 | 50,8 | 51,7 |
| | جىنسىيەت نىسبىتى | 103,7 | 103,3 | 103,3 | 107,0 |
| ھ.خ ن | قىز ئايالار | 48,7 | 48,5 | 48,4 | 48,4 |
| | ئەرلەر | 51,3 | 51,5 | 51,6 | 51,6 |
| | جىنسىيەت نىسبىتى | 103,7 | 103,3 | 103,3 | 107,0 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022*

بۇ يەردە

$$.NKp = 100.NK / P, .NE_p = 100.NE / P, CP = 100.NKp/.NEp$$

1990 - يىلىدا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 5 مىليون 345 مىڭ 128 نى قىز ئايالار (%49.2)، 5 مىليون 518 مىڭ 953 نى ئەرلەر (%50.8) تەشكىل قىلغان ۋە جىنسىيەت نىسبىتى %103.3 بولۇپ ھەر 1000 قىز ئايالغا 1033 ئەركەك باراۋەر كەلمەكتىدۇر.

2020 - يىلىدا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ 8 مىليون 132 مىڭ 879 نى قىز ئايالار (%49.2)، 9 مىليون 163 مىڭ 758 نى ئەرلەر (%50.8) تەشكىل قىلغان ۋە جىنسىيەت نىسبىتى %112.7 بولۇپ ھەر 1000 قىز ئايالغا 1127 ئەركەك باراۋەر كەلمەكتىدۇر.

ئوخشاشلا، 1990 يىلىدا ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ 4 مىليون 217 مىڭ 680 نى قىز ئايالار (%48.7)، 4 مىليون 442 مىڭ 853 نى ئەرلەر (%51.3) تەشكىل قىلغان ۋە جىنسىيەت نىسبىتى %103.7 بولۇپ ھەر 1000 قىز ئايالغا 1037 ئەركەك باراۋەر كەلمەكتىدۇر.

2020 - يىلىدا خىتاي نوپۇسىنىڭ 7 مىليون 627 مىڭ 196 سىنى قىز ئايالار (%48.4)، 8 مىليون 131 مىڭ 474 نى ئەرلەر (%51.3) تەشكىل قىلغان ۋە جىنسىيەت نىسبىتى %107 بولۇپ ھەر 1000 قىز ئايالغا 1070 ئەركەك باراۋەر كەلمەكتىدۇر.

رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك، ش ت نوپۇس قۇرۇلمىسىدا، قىز - ئايالار بىلەن ئەرلەرنىڭ نىسبىتى پەرقىنىڭ بارغانچە ئۆزاقلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ كەلگۈسىدە ش ت نوپۇس قۇرۇلمىسىنى تۈپتىن تەۋرىتىدىغانلىقىنى بايان قىلالايمىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى ئەر - ئايالار نىسبىتىنىڭ باشقا خەلقلەرگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك پەرقلىق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر تېخىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈشى كېرەك. ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ دائىم دېگۈدەك قىز - ئايالار بىلەن ئەرلەرنىڭ نىسبىتىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ قېلىشىدىكى سەۋەبلەردىن بىرى، خىتايلارنىڭ ش ت غا توختىماي كۆچۈپ كېلىشى سەۋەبلەردىن بىرى

بولۇشى مۇمكىن.

ج6 : 1990 - 2020 مەزگىلىدە ھ.ئۇ ن، ھ.ب ن ۋە ھ.خ ن نىڭ مائارىپ سەۋىيەسى - تولۇق ئوتتۇرىدىن تۆۋەن، تولۇق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىسى %

| نوپۇس تۈرى | يىل | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
|---|---|---|---|---|---|
| ھ. ئۇ ن | تولۇق ئوتتۇرىدىن تۆۋەن | 87,6 | 86,2 | 85,7 | 81,7 |
| | تولۇق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىسى | 12,4 | 13,8 | 14,3 | 18,3 |
| ھ. ب ن | تولۇق ئوتتۇرىدىن تۆۋەن | 83,8 | 82,2 | 79,8 | 68,9 |
| | تولۇق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىسى | 16,2 | 17,8 | 20,2 | 31,1 |
| ھ.خ ن | تولۇق ئوتتۇرىدىن تۆۋەن | 75,9 | 70,6 | 62,5 | 55,7 |
| | تولۇق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرىسى | 24,1 | 29,4 | 37,5 | 44,3 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 . ياڭ جۆ، جياڭ نەن، لى جيەنشىن، 2019 . بۇ يەردە ئومۇمىي نوپۇس / X سەۋىيەسىدىكى نوپۇس سانى ×100.*

ش ت نوپۇسىنىڭ مائارىپ سەۋىيەسى ئادەتتە تۆۋەن. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تۆۋەن سەۋىيەدىكىلەرنىڭ نىسبىتى ئوتتۇر مەكتەپتىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ نىسبىتىدىن يۇقىرى. 1990 - يىلىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تۆۋەن سەۋىيەدىكى نوپۇس 74.7%، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى نوپۇس 17.6% بولغان. 2020 - يىلىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تۆۋەن سەۋىيەدىكى نوپۇس 66.4%، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى نوپۇس 31.2% بولغان. 2010 - يىلىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تۆۋەن سەۋىيەدىكى نوپۇس 73.5%، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى نوپۇس 24% بولغان، ئەمما خ خ ج ئېلان قىلغان سانلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، 2010 - يىلىدا ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تۆۋەن سەۋىيەدىكى نوپۇس 75.65%، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى نوپۇس 24.6% تۇر (*).




1990 - يىلىدا ش ت دىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ پىرسەنتى 87.6%، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەدىن تۆۋەن بولغانلار 83.8% ۋە خىتايلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ پىرسەنتى 79.9% تۇر. 2010 - يىلىدا بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى سەۋىيەدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 14.3%، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ پىرسەنتى 20.2% ۋە خىتايلارنىڭ پىرسەنتى 37.5% تۇر.

1990 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىدا، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىن يۇقىرى سەۋىيەدە بولغانلارنىڭ 51.4% ى قىز ئاياللاردىن، 48.6% ى بولسا ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان. 2020 - يىلى بولسا 47.7% ى قىز ئاياللاردىن، 52.3% ى ئەرلەردىن تەشكىل تاپقان.

ج7 : 1990 - 2020 مەزگىلىدە ئىشلىگەن نوپۇسنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى نىسبىتى %

| كەسىپ ۋە نوپۇس تۈرى | | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
|---|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق | ئومۇمىي | 68,96 | 63,52 | 61,30 | 61,41 |
| | ھ.ئۇ ن | 85,31 | 80,60 | 82,86 | 84,16 |
| | ھ.ب ن | 80,57 | 72,64 | 68,31 | 68,44 |
| | ھ.خ ن | 41,00 | 37,32 | 32,72 | 31,64 |
| مۇلازىمەت | ئومۇمىي | 14,77 | 10,99 | 10,65 | 10,61 |
| | ھ.ئۇ ن | 5,04 | 5,11 | 3,82 | 8,92 |
| | ھ.ب ن | 7,22 | 4,12 | 6,45 | 6,58 |
| | ھ.خ ن | 32,05 | 23,75 | 21,67 | 16,33 |
| سانائەت ئىشلەپچىقىرىش | ئومۇمىي | 16,20 | 25,48 | 28,06 | 27,98 |
| | ھ.ئۇ ن | 9,64 | 14,28 | 13,32 | 6,92 |
| | ھ.ب ن | 12,01 | 23,24 | 25,24 | 24,98 |
| | ھ.خ ن | 26,94 | 38,93 | 45,61 | 52,03 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021 ،2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 . ياڭ جۆ، جياڭ نەن، لى جيەنشىن ، 2019. لى جيەنشىن، چاڭ چىڭلىڭ، 2015 . بۇ يەردە ش ت نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى/Y×100 كەسىپدىكى نوپۇس سانى.*

1990 - يىلى ئىشلەۋاتقان ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 68.96% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 14.77% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 16.20% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.



2020 - يىلى ئىشلەۋاتقان ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 61.41% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 10.61% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 27.98% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

1990 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 85.31% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 5.04% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 9.64% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

2020 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 84.16% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 8.92% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 6.92% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

بۇ سانلىق مەلۇماتلاردىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بارغانسېرى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سانائەتلىشىشتىن ئۇزاقلاشقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

1990 - يىلى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپا نوپۇسىدىكى ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 80.57% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 7.22% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 12.01% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

2020 - يىلى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپا نوپۇسىدىكى ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 68.44% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 6.58% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 24.98% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

1990 - يىلى ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىدا ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 41% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 32.05% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 26.94% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

2020 - يىلى خىتاي نوپۇسىدىكى ئىشلەۋاتقان نوپۇسنىڭ 31.64% ى دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق كەسپىدە، 16.33% ى مۇلازىمەت كەسپىدە، 52.03% ى ئىشلەپچىقىرىش ياكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسپىدە ئىشلىگەن.

ج8 : 1990 - 2020 مەزگىلىدە ش ت ئومۇمىي نوپۇسنىڭ شەھەر - يېزىلاردىكى تارقىلىشى ۋە تارقىلىش نىسبىتى

| نوپۇس تۈرى | | 1990 | 2000 | 2010 | 2020 |
|---|---|---|---|---|---|
| ھ.ئو ن | شەھەر نوپۇسى | 3,449,913 | 8,772,445 | 13,791,345 | 13,476600 |
| | يېزا نوپۇسى | 19,246,884 | 19,498,407 | 20,160,759 | 25,094,092 |
| | شەھەردىكى نوپۇس نىسبىتى % | 15,20 | 31,03 | 40,62 | 34,94 |
| ھ.ئۇ ن | شەھەر نوپۇسى | 1,391,689 | 2,519,256 | 3,377,582 | 3,429,923 |
| | يېزا نوپۇسى | 9,472,392 | 10,433,215 | 11,989,032 | 13,866,714 |
| | شەھەردىكى نوپۇس نىسبىتى % | 12,81 | 19,45 | 21,98 | 19,83 |
| ھ.ب ن | شەھەر نوپۇسى | 519,287 | 1,049,713 | 1,635,391 | 1,429,588 |
| | يېزا نوپۇسى | 2,652,897 | 3,076,519 | 3,303,876 | 4,085,797 |
| | شەھەردىكى نوپۇس نىسبىتى % | 16,37 | 25,44 | 33,11 | 25,92 |
| ھ.خ ن | شەھەر نوپۇسى | 4,588,350 | 6,007,945 | 9,596,024 | 11,245,387 |
| | يېزا نوپۇسى | 4,072,183 | 5,184,203 | 4,050,199 | 4,513,283 |
| | شەھەردىكى نوپۇس نىسبىتى % | 52,98 | 53,68 | 70,32 | 71,36 |

*مەنبە: د. بارىشچى، 2021، 2022، 2023 . خ خ ج ئىستاتىستىكا يىلنامىسى، 1992 - 2022 ۋە شىنجاڭ ئىستاتىستىكا*

*يىلنامىسى، 1992 - 2022 . ياڭ جۆ، جياڭ نەن، لى جيەنشىن ، 2019. لى جيەنشىن، چاڭ چېڭلىڭ، 2015 . بۇ يەردە ش ت نىڭ ئومۇمىي نوپۇسى/100×شەھەر ياكى يېزىدىكى نوپۇس سانى .*

1990 - يىلىدا ش ت نىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 3 مىليون 400 مىڭى يەنى 15.20% ى شەھەرلەردە ئولتۇراقلاشقان بولسا، قالغان 84.80% ى يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان. 2020 - يىلىدا بولسا ئومۇمىي نوپۇسنىڭ تەخمىنەن 13 مىليون 500 مىڭى يەنى 34.94% ى شەھەر نوپۇسىدا ئىدى ۋە تەخمىنەن 25 مىليونى يەنى 65.06% ى يېزا نوپۇسىدا ئىدى.




1990 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىدىن تەخمىنەن 1 مىليون 400 مىڭ نوپۇس يەنى 12.81% ى شەھەردە، قالغان 87.19% ى يېزىدا ئولتۇراقلاشقان. 2010 - يىلى ئۇيغۇرلارنىڭ تەخمىنەن 3 مىليون 377 مىڭى يەنى 21.98% ى شەھەر نوپۇسىدا بولغان بولسا، 2020 - يىلى 19.83% ى شەھەر نوپۇسىدا قالغان 80.17% ى يېزا نوپۇسىدا ئىدى. دېمەك، ئۇيغۇرلار 2010 - 2020 مەزگىلىدە شەھەردىن يېزىلارغا كۆچكەن ياكى مەجبۇرىي كۆچۈرۈلگەن دېيىشكە بولىدۇ.

1990 - يىلى باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ شەھەر نوپۇسى 16.37% بولغان، 2020 - يىلىدا بولسا 25.92% كە ئۆرلىگەن.

1990 - يىلى ش ت دىكى خىتاي نوپۇسىنىڭ 52.95% ى شەھەرلەردە، قالغان 47.05% ى يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان بولسا، 2020 - يىلى 71.36% ى شەھەرلەردە، 28.64% ى يېزىلاردا ئولتۇراقلاشقان.

ئومۇمىي ئەھۋالغا قارايدىغان بولساق، خىتايلارنىڭ شەھەر نوپۇسىنىڭ پىرسەنتى باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا كۆنسېرى ئاشقان، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ شەھەر نوپۇسى 2010 - يىلىدىن ئاۋۋال كۆپەيگەن بولسىمۇ، ئەمما 2010 - يىلىدىن كېيىن ئازىيىشقا باشلىغان. قىسقىسى، ش ت دىكى خىتايلارنىڭ كۆپىنچىسى شەھەرلەردە ياشىغان بولسا، ئۇيغۇر ۋە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېزا - قىشلاقلاردا ياشايدۇ. بۇ تەڭپۇڭسىزلىق، ش ت ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ناھايىتى چوڭ مەسىلىلەرنى بەرپا قىلماقتا...

## خۇلاسە ۋە مۇلاھىزە

بۇ ماقالىدە، 1990 - يىلىدىن 2020 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ھەقىقىي قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، مۆلچەرلەنگەن ھەقىقىي نوپۇس قىممىتىگە ۋە بۇ ئاساستا شەرقىي تۈركىستان نوپۇسىنىڭ ھەرىكەتچان قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان ئۈچ ئاساسلىق ئېتنىك گۇرۇپپىسىنىڭ (ئۇيغۇر، ئۇيغۇرلاردىن باشقا

شەرقىي تۈركىستان يەرلىك خەلقلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلار) قۇرۇلمىسى تەتقىق قىلىندى.

ئالدى بىلەن، ئەڭ توغرا ئېھتىماللىققا ئاساسلانغان نوپۇس سانى، ئەڭ كۆپ بولغان نوپۇس ۋە چوققۇم بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇس سانلىق قىممەتلىرىدىن ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن چوققۇم بولۇشى كېرەك بولغان نوپۇس سانى مۇزاكىرە قىلىندى. شۇنداق قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان نوپۇس قۇرۇلمىسىنىڭ، قانداق بىر تۈزۈلۈشكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ياكى قانداق ئۆزگەرگەنلىكى ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈلدى.

1990 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى 2.22% تىن 1.28% كە تۆۋەنلىگەن بولسا، ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى 1.77% تىن 1.19% كە تۆۋەنلىگەن. 2010 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى 1.45% بولۇپ، بۇ باشقا مىللەتلەرنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىدىن يۇقىرىدۇر.

1990 - يىلى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 47.87% نى تەشكىل قىلىدىغان ئۇيغۇرلار 2020 - يىلغا كەلگەندە 44.48% كە چۈشۈپ قالغان. خىتايلار بولسا 38.16% تىن 40.86% كە ئۆرلىگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، 1990 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئۇيغۇر نوپۇسى 1،59 ھەسسە، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەر 1،74 ھەسسە ۋە خىتايلار 1،82 ھەسسە ئاشقان. بۇ مەزگىلدە، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 37،19%، باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكى خەلقلەرنىڭ نوپۇسى 42،48% ۋە خىتايلارنىڭ نوپۇسى 45،04% كۆپەيگەن.

يۇقىرىدىكى نەتىجىلەرنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چوڭقۇر ھالدا ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەكشۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىي بېسىم ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ نوپۇس قۇرۇلمىسىدا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىش كېرەك.

1990 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى 0 - 15 ياش گۇرۇپپىسىنىڭ نىسبىتى 30.1% تىن 22.4% كە تۆۋەنلىگەن، 65 ياش ۋە 65 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس 6.3% تىن 7.4% كە كۆپىيىشى، ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىلىق نوپۇس گۇرۇپپىسىغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، شەرقىي تۈركىستان نوپۇس قۇرۇلمىسىدا قېرىشقا مۇناسىۋەتلىك ئېغىر ئەھۋالنىڭ بارلىقى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر نوپۇسىنى خەلقئارالىق ئېنىقلىما بويىچە ياشانغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك.

1990 - يىلى ئۇيغۇر نوپۇسىدىكى ھەر 1000 قىز - ئايالغا 1033 ئەركەك باراۋەر كەلگەن بولسا، 2020 - يىلى ھەر 1000 قىز - ئايالغا 1127 ئەركەك باراۋەر كەلگەن. نەتىجىدە، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئازايغانلىقى، ئەر - ئايال ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىغا سىرتتىن ئارىلاشقانلىق سەۋەب بولغانلىقى، شۇڭا بۇ تەڭپۇڭسىزلىق كەلگۈسىدە ئۇيغۇر جامائىتىگە ئېغىر مەسىلىلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

1990 - 2020مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مائارىپ سەۋىيەسىدە ئاكتىپ ئېشىش كۆرۈلگەن. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىدىن تۆۋەن بولغانلارنىڭ نىسبىتى يەنىلا 80% ئەتراپىدا.

گەرچە شەھەرلەردە ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 1990 - يىلدىن 2010 - يىلغىچە 12.1% تىن 21.98% كە ئۆرلىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ نىسبەت 2020 - يىلغا كەلگەندە 19.83% كە تۆۋەنلىگەن. بىز بۇ ئۆزگىرىشنى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلىتى تەرىپىدىن 2014 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ شىددەتلىك ئېلىپ بېرىشىدىن كېلىپ چىققان دېيەلەيمىز.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى (80.17%~74.08%) يەنىلا يېزىلاردا ياشايدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ كۆپىنچىسى (71.36%) شەھەر كەنتلەردە

ياشايدۇ. بۇ تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ ئاساسلىق ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ مەسىلىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى ئېنىق.

ئەسكەرتىش: ئارال، تۇمشۇق، بەشبالىق (ۋۇجياچۇ) ۋە تاشدەريا (شىخەنزە) قاتارلىق رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسى قاتارلىق ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئايرىم تەكشۈرۈش كېرەك.

*بۇ ماقالىنى تەلئەت قادىر تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] Barışçı D. (2022, 2023). Nüfus Tahmin Yöntemleri İle Doğu Türkistan Nüfusunun Analizi - 1,2/Türkiye

[2] Chin Long Chiang (1984): The Life Table and Its Applications, Shanghai Translation Publishing House (Chinese Version);

[3] دىلشات بارىشچى (2021): ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرچە ئۆمرى [ج]. خەلقارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان، 2021(2) 61 - 79، ئەنقەرە/تۈركىيە.

[4] دىلشات بارىشچى (2021): ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشىشۋاتقان نوپۇس سانى ۋە ئېشىش نىسبىتى ھەققىدە قىسقىچە ئانالىز [ج]. خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە شەرقىي تۈركىستان، 2021(4) 72 - 91، ئەنقەرە/تۈركىيە.

[5] Gu D, Huang R, Andreev K, et al. Assessments of Mortality at Oldest - old Ages by Province in China's 2000 and 2010 Censuses [J]. International Journal of Population Studies, 2016(2):1 - 25

[6] Kocaman, T. (2002). Plan Nüfus Projeksiyon Yöntemleri, TC DPT, Sosyal Sektörler ve Koordinasyon Genel Müdürlüğü, Ankara.

[7] Htt://www3.kalkinma.gov.tr/DocObjects/view/12923/PlanN%C3%BCfus_Projeksiyon_Y%C3%B6ntemleri.pdf, /2002

[8] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتى، 2021 - يىلى 1 - ئاي،

[9] http://web.archive.org/web/20210301053854/https://wjw.xinjiang.gov.cn/hfpc/zcwj/202101/9bfa346e174c40dfa58c857736190f4e.shtml

[10] Yusuf, F., Martins, J. M., Swanson, D. A., Martins, J. M., & Swanson, D. A. (2014). Methods of Demographic Analysis. Dordrecht: Springer/2014

[11] 童玉芬，李建新 · 新疆各 民族人口的空间分布格局及变动研究［J］ · 西北民族研究，2001，（3） ·

[12] 胡海晨. 新疆生产建设兵团人口发展研究 ——基于“第六次人口普查”的数据分析［J］ . 新疆农垦经济，2013，（7）.

[13] 李建新.新疆社会经济的区域发展差距分析［J］.西北民族研究,2008（2）

[14] 李建新，常庆玲.新疆各主要民族人口现状及变化特征[J].西北民族研究，2015(3):21 - 36+47

[15] 李建新，杨珏，姜楠.结构差异视角下的新疆人口转变[J].西北人口，2019(3)：23 - 33.

[16] 李松，张凌云，刘洋，綦群高.新疆主要民族空间分布格局演变——基于1982～2010年人口普查数据[J].人口研究，2015（4）：78 - 86.

[17] 吴晓刚，宋曦.劳动力市场中的民族分层：对新疆维吾尔自治区的实证研究 [J] .开放时 代,2014（4）.

[18] 新疆维吾尔自治区统计局（编）. 新疆维吾 尔自治区 1990 年人口普查资料 [M] .北京：中国统计出版社.1992.

[19] 新疆维吾尔自治区统计局（编）. 新疆维吾尔自治区 2000 年人口普查资料 [M] .北京：中国统计出版社.2002.

[20] 新疆维吾尔自治区统计局（编）.新疆维吾尔自治区 2010 年人口普查资 料 [M] .北京：中国统计出版社.2012.

[21] 新疆维吾尔自治区统计局（编）.新疆维吾尔自治区 2020 年人口普查资 料[M].北京：中国统计出版社.2022.

[22] 中国少数民族地区社会发展与族际交往 [M] . 北京：社会科学文献出版社， 2012.

## يازغۇچىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى


دوكتور دىلشات بارىشچى

دىلشات بارىشچى (دىلشات ئەيسا سارام) 1961 - يىلى 8 - ئايدا شەرقىي تۈركىستانىنىڭ غۇلجا شەھىرىدە دورىگەر بىر ئائىلىنىڭ تۇنجى بالىسى بولۇپ دۇنياغا كەلدى. باللىقىدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قاتارلىق ئوقۇش ھاياتى توققۇزتارا ناھىيەسىدە ئۆتتى. 1979 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىندى. 1984 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ئاكادېمىيەسىدە، 1986 – 1992 - يىللىرى شەرقىي تۈركىستان يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ خىزمەت قىلدى. 1987 – 1988 - يىللىرى ئارىسىدا خىتاي دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە قوللىنىشچان ئىستاتىستىكا ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇردى.

1987 – 1988 - يىللىرىدا «تارىم رايوندىكى ناھىيەلەردە بالىلارنىڭ ئۆلۈم نىسبىتىنى تەكشۈرۈش» ۋە 1988 – 1990 - يىللىرىدا «شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرنىڭ ئۆمۈر جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىش» تۈرىدە خىزمەت قىلدى. 1992 – 1993 - يىللىرى ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسىدە ماتېماتىكىلىق ئىستاتىستىكا ئىلمى بويىچە بىلىم ئاشۇردى ۋە ياردەمچى بولۇپ ئىشلىدى. 1995 – 1998 - يىللىرى ئارىسىدا تۈركىيە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىستاتىستىكا كەسپى بويىچە ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇقنى ئوقۇدى. 1997 – 2010 - يىللىرى ئارىسىدا ساكاريا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىستاتىستىكا كەسپى بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ مەزگىلدە، «مەلەن ئېقىمىنىڭ بۇلغىنىشى ۋە مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنىڭ ئانالىزى»، «يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى ساكاريا ۋىلايىتىنىڭ نوپۇس پىلان مۆلچىرى»، «ئاداپازارى سانائەت رايوندىكى ئىش ۋە خىزمەت پىلانى»، «ساكاريا ۋىلايىتىنىڭ كۆچمەنلەر مەسىلىسى» قاتارلىق تۈرلەردە ئىشلىدى ۋە بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ماقالىلەر يازدى. 2010 - يىلدىن باشلاپ 2019 - يىلغىچە ساياھەت كەسپىدە ئىشلىدى ۋە 2020 - يىلى پېنسىيەگە چىقتى. دىلشات بارىشچى توي قىلغان ۋە بىر قىزى بار.

39

# ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق چوڭ نوپۇس قىرغىنچىلىقى

سەمەت ئابلا

## ماقالىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇس سانى ئىزچىل تالاش - تارتىشلىق، قىزىق تېما بولۇپ كەلدى.

بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ نوپۇسىمىزنى ئاز كۆرسىتىپ ئېلان قىلىدۇ» دېگەن قاراش ئومۇملاشقان ۋە بۇ سەۋەبلىك خىتاي دائىرىلىرى ئېلان قىلىپ كېلىۋاتقان نوپۇس ئىستاتىستىكىسىغا ئىشەنمەيدۇ. ئەمما، نوپۇسىمىزنى ئۆز ئالدىمىزغا مۇستەقىل شەكىلدە ئېنىقلاش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نوپۇس سانىمىزنى تۆۋىنى 20 مىليوندىن تارتىپ يۇقىرىسى 40 مىليونغىچە بولغان خىلمۇخىل سانلار ئاتاش ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا، يېقىنقى بىرقانچە يىلدا ئۇيغۇرلار تور دۇنياسىدا ھازىرقى نوپۇسىمىزنى 60 - 70 مىليوندىن كەم ئەمەس دېگۈچىلەرمۇ ئوتتۇرىغا چىقتى.

مەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى نوپۇسى ھەققىدە ئىلمىي ئاساسلارغا تايانغان، ئەمەلىيەتكە ئەڭ يېقىنلاشقان بىر سانىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى نوپۇس تەرەققىياتى، جۇملىدىن ھەرقايسى دەۋرلەردىكى نوپۇسى ئۈستىدە ئۇزۇن مۇددەت ئىزدەندىم ۋە شۇ ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا تەييارلىغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى نوپۇسى ھەققىدە ئىزدىنىش» نامدىكى بىر يۈرۈش ماقالىلىرىمنى 2020 - 2021 - يىللىرى توردا بۆلۈپ ئېلان قىلدىم.

مەن بۇ ئىزدىنىشلىرىم داۋامىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان تارىخىدا كېمىدە ئىككى قېتىملىق چوڭ نوپۇس قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىدىم. مەن مەزكۇر ماقالىدە مۇشۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي توختىلىمەن.

«نوپۇس قىرغىنچىلىقى» دېگەندە، بىر مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ تارىخىدا يۈز بەرگەن سۇنئىي بالايىئاپەتلەر، يەنى، ئىچكى ئۇرۇش، يات مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى، مۇستەملىكە

قىلغۇچى مىللەت ياكى دۆلەتنىڭ مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەت ياكى دۆلەت ئاھالىسىگە قارىتا نەسلىنى قۇرۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئوچۇق - ئاشكارا شەكىلدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشى ۋە ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ نوپۇسىنى مەجبۇرىي چەكلىشى، نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىشىنى شىددەتلىك رەۋىشتە توۋەنلىتىۋېتىشى نەتىجىسىدە، شۇ مىللەت ياكى دۆلەت نوپۇسىنىڭ قىسقا مۇددەت ئىچىدە زور ساندا ئازىيىپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان دۆلەت ۋە جايلاردا بۇ خىلدىكى «نوپۇس قىرغىنچىلىقى» يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە بەزى مىللەتلەرنىڭ نەسلى تامامەن قۇرۇپ كەتكەن ياكى قۇرۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچار بولغان.

تارىختا، تەبىئىي ئاپەتلەر، جۇملىدىن، يۇقۇملۇق كېسەل، شۇنىڭدەك، كىلىمات ۋە هاۋا رايىدا يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي ئاقىۋەتلەر، مەسىلەن، زىرائەت ۋە چارۋا ماللارنىڭ كەڭ كۆلەمدە نابۇت بولۇشىدىن كېلىپ چىققان ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن هەم بەزى مىللەت ۋە دۆلەت نوپۇسى ئىراقلا ئازىيىپ كېتىش هادىسىلىرى كۆپ قېتىم سادىر بولغان. مەسىلەن، 14 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياۋروپادا تارقالغان يۇقۇملۇق كېسەل تۇپەيلى، ئەينى چاغدىكى ياۋروپا ئاھالىسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆلۈپ كەتكەن. ئەمما، بۇ خىل ئەھۋال تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبلىك سادىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «نوپۇس قىرغىنچىلىقى» دېمەيمىز، بەلكىم، «نوپۇسنىڭ ئازىيىپ كېتىشى» دېسەك توغرا بولىدۇ.

## ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىملىق نوپۇس قىرغىنچىلىقى

بۇ، مىلادى 840 - يىلى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندە ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىكى بىرقانچە يىلدا يۈز بەرگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، مىلادى 745 - يىلى (بەزى ئاپتورلار 646 - يىلى قۇرۇلغان دەپمۇ قارايدۇ) [1] ئۇيغۇرلار ئورخۇن ۋادىسىدا قۇرغان بىر دۆلەت بولۇپ، ئۆزىنىڭ تازا كۈچەيگەن مەزگىللىرىدە شۇ دەۋردىكى قۇدرەتلىك ئىككى دۆلەت — تاڭ سۇلالىسى (خىتاي) ۋە تۇبۇت (تىبەت) بىلەن بىرگە شەرقىي ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەردىن بىرىگە ئايلانغان ئىدى.

ماقالىنىڭ بۇ بۆلۈمىدە نۇقتىلىق هالدا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە زادى قانچىلىك ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قىرىلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىقلاش مەقسەت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ئۈستىدە كۆپ توختالمايمەن.

بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيەسىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ خانلىق ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى نوپۇسى، خانلىق يىمىرىلگەن ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ۋە شۇنىڭدەك، خانلىق ۋەيران بولغاندىن كېيىنكى هايات قالغان نوپۇسىنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

«ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» نىڭ نوپۇسى هەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. ئەمما، بۇ هەقتە يېقىنقى 100 يىل مابەينىدە، چەت ئەللىك ئۇيغۇرشۇناس ئالىملارنىڭ، شۇنىڭدەك، ئاخىرقى مەزگىللەردە خىتاي ۋە ئۇيغۇر تارىخچىلارنىڭ، خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدىكى ئانچە تولۇق بولمىغان مەلۇماتلار ئاساسىدا ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلارغا تايىنىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمى قىياسلىرى بار. مەن بۇ ماقالىدە شۇلاردىن پايدىلاندىم.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى ۋە نوپۇسى هەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە كىتاب يازغان خىتاي تارىخ تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى ياڭ شېڭمىن بولۇپ، ئۇنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن

كىتابىدا، تاڭ سۇلالىسى تارىخ مەنبەلىرىدە خاتىرىلەنگەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيەسىدە خانلىق قۇرۇلۇشتىن تەخمىنەن 100 يىل بۇرۇن ياشىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئانچە تولۇق بولمىغان نوپۇس مەلۇماتىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» نىڭ نوپۇسىنى 500 - 600 مىڭ ئەتراپىدا دېسەك خېلى ئەقىلگە ئۇيغۇن» [2] دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدە تەتقىقات يۈرگۈزگەن، ماقالە كىتاب يازغان باشقا خىتاي تارىخچىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ ساننى ئىشلەتكەن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى شۇنىڭدەك خانلىق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنكى كۆچۈشلەر ھەققىدە ئىنتايىن ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە كىتاب يازغان چەت ئەللىك ئالىملاردىن بىرى رۇسىيەلىك ئۇيغۇرشۇناس ئالىم ئاناتولى گاۋرىلوۋىچ مالياۋكىندۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ «IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» ناملىق كىتابىدا «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسى 800 مىڭدىن ئاشمايتتى» [3] دەپ يازغان.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تارىخىغا ئائىت مەن ئوقۇغان باشقا كىتابلاردا، خانلىقنىڭ ئاھالىسىنىڭ سانى ھەققىدە يۇقىرىقى ئىككى كىتابتىكىگە ئوخشىمايدىغان باشقا سانلىق مەلۇمات ئۇچراتمىدىم. مەن يۇقىرىقى ئىككى ئاپتور ئوتتۇرىغا قويغان سانلار ۋە بۇنىڭغا ئاساس قىلىپ كۆرسەتكەن تارىخى پاكىتلار، ئانالىزلار ھەمدە ئىلمى قىياسلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇش ۋە ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاخىردا ئا. گ. مالياۋكىن ئوتتۇرىغا قويغان ساننى ئەقىلگە ئۇيغۇن دەپ قارىدىم. دېمەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاھالىسى تەخمىنەن 800 مىڭ ئەتراپىدا ئىدى.

ئەمدى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ 800 مىڭ ئەتراپىدىكى نوپۇسىنىڭ قانچىلىك ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشتىن بۇرۇن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىنىڭ سەۋەبلىرى، خانلىق ئاغدۇرۇلغاندا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئەھۋاللار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خىتاي تارىخ مەنبەلەردە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۇمران بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. كېيىنچە بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە كىتاب يازغان تارىخچى، ئالىملارمۇ ئاشۇ مەنبەلەرنى ئاساس قىلغان ۋە بىردەك قاراشتا بولۇپ كەلگەن.

يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەۋج ئالغان تەخت تالىشىش ماجىرالىرى ۋە قانلىق ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، ۋابانىڭ تارقىلىشى ۋە مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىشى نەتىجىسىدە 840 - يىلى ئاغدۇرۇلغان. خانلىق ئاغدۇرۇلۇش ھارپىسىدا يۈز بەرگەن ئېچىنىشلىق ئەھۋاللار ھەققىدە خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدە قالدۇرۇلغان بىر قىسىم بايانلار، رۇس ئۇيغۇرشۇناس ئا. گ. مالياۋكىننىڭ «IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» دېگەن كىتابىدا تۆۋەندىكىچە نەقىل ئېلىنغان: «... ئۇيغۇرلار بەختسىز ۋاقىتقا دۇچ كەلدى، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا بىر قانچە يىل مەھسۇلات چىقمىدى، چارۋا ماللار چوڭ جۇتچىلىققا ئۇچرىدى. يېزا - كەنتلەر بوشلا قالدى. يولدا ئۆلگەنلەرنىڭ جەستى چۆللەرنى قاپلىدى» ، «ئاغرىق - سىلاق بەك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. قېلىن قار ياغدى، قوي - يىلقىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ قىرىلىپ كەتتى»، «ئۇيغۇرلار قاتتىق ئاچارچىلىقتا قالدى، ئاۋۋال يېزىلار تارقاپ كەتتى...» [4].

مۇشۇنداق ئېغىر ۋەزىيەتتە قالغان ئۇيغۇر خانلىقىغا 840 - يىلى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىقى ھەققىدە «كونا تاڭنامە»دە يېزىلغان بايانلار، خىتاي تارىخ تەتقىقاتچىسى خۇۋا تاۋنىڭ «8 - 10 ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» دېگەن كىتابىدا مۇنداق نەقىل ئېلىنغان: «... كېيىن كۈلۈگ باغا قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنىغا قوشۇلۇپ ئۇيغۇر بالىققا ھۇجۇم قىلىپ قاغاننى ئۆلتۈردى، كۆرەبىرنى قەتل قىلدى. ئوردىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. پۇقرالار تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى...» [5].

يۇقىرىقى بايانلاردىن ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ قانچىلىك ئېغىر يوقىتىشقا ئۇچرىغانلىقىنى، شۇ جۈملىدىن، ناھايىتى زور ساندىكى ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس.

لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى تەخمىنەن 800 مىڭ نوپۇسىدىن، ئارقىمۇئارقا يۈز بەرگەن تەبىئىي ئاپەت، كېسەللىك ۋە ئىچكى - تاشقى ئۇرۇشلار داۋامىدا زادى قانچىلىك نوپۇسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى توپتوغرا ئېنىقلاپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇنى تەخمىنىي ھېسابلاپ چىقىش ئىمكانى بار. بۇنىڭ ئۈچۈن، خانلىق ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بىرقانچە توپ بولۇپ ھەر تەرەپكە كۆچكەن ئۇيغۇر ئاھالىسىنىڭ سانى ھەققىدە قالدۇرۇلغان تارىخى مەنبەلەر ۋە تارىخشۇناسلارنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان كېيىنكى تەتقىقاتلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ چوڭ ھادىسە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇرلار بىلەن قوشنا ياشىغان خىتاي، تىبەت ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى باشقا قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخىدىمۇ چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان زور ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، شۇ قېتىمقى چوڭ كۆچ ۋە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە ئاساسلىقى خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدە بەزى مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. ئەمما، بۇنداق مەلۇماتلار يېتەرسىز ۋە مۈجمەل بولغاچقا، يېقىنقى زاماندا بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تارىخشۇناسلار، تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا شۇ قېتىم كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ۋە كۆچۈپ بارغان جايلىرى ھەققىدە ئىزچىل تالاش - تارتىش بولۇپ كەلگەن. مەن بۇ ماقالىدە، مۇشۇ تېمىغا ئالاقىدار تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئەڭ نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئىلىم ساھەسىدە بىرقەدەر كەڭ ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشكەن پىكىر - قاراشلىرىنى ئىشلىتىشكە تىرىشتىم.

840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئاساسلىقى ئىككى گۇرۇپپا بولۇپ كۆچكەن. بۇلاردىن كىچىكرەك بىر گۇرۇپپا ئۈگە خاقاننىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبقا، يەنى خىتاي چېگراسىغا يېقىن يەرلەرگە كۆچتى. ئىككىنچى گۇرۇپپا، 15 قەبىلىدىن تەركىب تاپقان ۋە سان جەھەتتىن كۆپرەك بولغان گۇرۇپپا، پان تېكىننىڭ يېتەكچىلىكىدە غەربكە كۆچتى.

جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ سانى ھەققىدە خىتاي تارىخىي مەنبەلىرىدە بىرقەدەر ئېنىق مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. بۇ ھەقتە خىتاي تارىخچىسى ياڭ شېڭمىن خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ تۈزۈپ «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا «جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 100 مىڭدىن كۆپرەك ئىدى» [6] دەپ كۆرسەتكەن. جەنۇبقا كۆچكەن بۇ بىر گۇرۇپپا ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرى بەك ئېچىنىشلىق بولغان. ئۇلار بىر تەرەپتىن ماددىي موھتاجلىق، يەنە بىر تەرەپتىن خىتايلار ۋە قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇملىرى سەۋەبلىك پارچىلىنىپ ھەر تەرەپكە تاراپ كەتكەن، نۇرغۇنلىرى ھاياتىدىن ئايرىلغان، قالغانلىرى چارىسىزلىكتىن خىتايلارغا تەسلىم بولغان. خىتايلار ئۇلارنى بۆلۈپ - پارچىلاپ، يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. ئاقىۋەتتە بۇ ئۇيغۇرلار خىتايلارغا سىڭىپ تۈگەپ كەتكەن.

پان تېكىن باشچىلىقىدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ھەققىدە بىرقانچە خىل قاراش مەۋجۇت بولۇپ، بەزىلەر «300 مىڭ ئەتراپىدا» دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا «200 مىڭدىن كۆپ ئەمەس» دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان نوپۇزلۇق ئالىملاردىن ئا. گ. مالياۋكىن غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنىڭ 200 مىڭدىن ئاشمايدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ھايات قالغان ۋە ھەرقايسى تەرەپلەرگە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ جەمئىي سانى ھەققىدە: «خانلىق تېررىتورىيەسىدىن يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەنلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى (ماكسىمۇم) سانى 300 - 400 مىڭدىن ئاشمايدۇ» [7] دېگەن خۇلاسىسىنى چىقىرىدۇ.

بىز ئا. گ. مالياۋكىننىڭ بۇ مۆلچەرنى توغرا دەپ قارىساق ۋە بۇنىڭدىكى يۇقىرى چەك 400 مىڭنى تاللىساق ۋە بۇ ساننى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى 800 مىڭ ئۇيغۇر نوپۇسىدىن

چىقىرىۋەتسەك، خانلىق ئاغدۇرۇلغان 840 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىچكى ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت، كېسەللىك ۋە قىرغىنلارنىڭ تاجاۋۇزى داۋامىدا ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ يېرىمى، يەنى تەخمىنەن 400 مىڭ ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان بولىدۇ. بۇ ساندىن، جەنۇبقا، يەنى خىتاي چېگراسىغا كۆچكەن ۋە كېيىن ۋەيران بولۇپ تۈگەپ كەتكەن تەخمىنەن 100 مىڭ ئۇيغۇرنى چىقىرىۋەتسەك، تەخمىنەن 300 مىڭ ئۇيغۇر قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا، 840 - يىل ۋە ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈز بەرگەن مىسلىسىز ئېغىر پاجىئەلەر ئاقىۋىتىدە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئەڭ ئاز يېرىمى قىرىلىپ كەتكەن بولىدۇ.

## ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق نوپۇس قىرغىنچىلىقى

بۇ قىرغىنچىلىق خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل، يەنى 1680 - يىلى يەركەن سەئىدىيە خانلىقى جۇڭغارلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان ۋە 1765 - يىلى ئۇچتۇرپان خەلقىنى قىرىپ تاشلىغانغىچە قەدەر بولغان 80 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن.

مۇشۇ مەزگىلدە نوپۇس قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن دەپ قارىشىمىزنىڭ سەۋەبى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى مۇشۇ 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە كۆپەيمەك تۈگۈل كىشىنى چۆچۈتكۈدەك دەرىجىدە ئازىيىپ كەتكەن. زادى قانچىلىك نوپۇسىنىڭ ئازىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يەركەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلىق ئاغدۇرۇلغان 1680 - يىللاردىكى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەزگىلدىكى نوپۇسىنى ئېنىقلاشقا، يەنە بىرسى، چىڭ سۇلالىسى 1759 - يىلى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان چاغدىكى نوپۇس سانىمىزنى ئېنىقلاپ چىقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

يەركەن سەئىدىيە خانلىقى مىلادى 1514 - يىلى يەركەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلۇپ، 1680 - يىلغىچە 166 يىل ھۆكۈم سۈرگەن. خانلىق قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1600 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە بولغان 100 يىلغا يېقىن ۋاقىت خانلىقنىڭ تىنچلىقتا ئۆتكەن ۋە گۈللەنگەن مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا قارىغاندا خېلى زور مىقداردا كۆپەيگەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى تەخمىن قىلىش مۇمكىن. تولىمۇ ئەپسۇسكى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئېنىق بىر مەلۇمات يوق. سەئىدىيە خانلىقىدا ياشىغان ۋە ئۇ ھەققىدە ئەڭ قىممەتلىك، بىرىنچى قول تارىخىي كىتابلارنى يازغان ئىككى تارىخچى، مىرزا ھەيدار گوراگان ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» دە بولسۇن، ياكى شاھ مەھمۇت جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى زەيلى» (يەكەن سەئىدىيە خانلىقىغا ئائىت ماتېرىياللار دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ) دېگەن كىتابىدا بولسۇن خانلىقنىڭ نوپۇسىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.

ئەمما، تارىخ كىتابلىرىدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ نوپۇسىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى بىر ئۇچى خاراكتېرلىك مەلۇماتلارنى تاپقىلى بولىدۇ. شۇنداق قىممەتلىك بىر ئۇچىدىن بىرى، 1680 - يىلى جۇڭغارلار سەئىدىيە خانلىقىنى ھالاك قىلغان مەزگىلدە تىبەتلەر ۋە جۇڭغارلار (قالماقلار) نىڭ دىنىي داھىيسى بولغان دالاي 5 نىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىردا ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان «دالاي لامانىڭ تەرجىمھالى» ناملىق كىتابىدۇر. بۇ كىتابتا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان: «غالدان بۇشۇقتۇخان ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنلىرىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، توخۇ يىلى (1681) يېڭى يىلنىڭ... بۇ كۈنىدە يەركەن باشچىلىقىدىكى 1500 شەھەر - بازار بىلەن ئىككى مىليون نوپۇسنى ماڭا ھەدىيە قىلىپ بەردى.» [8]

يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى نوپۇس ھەققىدە مەلۇمات بېرىدىغان ھەممە «دالاي لامانىڭ تەرجىمھالى»دىكى «ئىككى مىليون نوپۇس» دېگەن سانىنى تەستىقلايدىغان يەنە بىر قىممەتلىك مەنبە بولسا، تالانتلىق يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى يازغان تارىخىي رومان «ئاپاق خوجا»دا يەر ئالغان. ئاپتور

بۇ كىتابنى خوجا - ئىشانلار، شۇ جۈملىدىن ئاپاق خوجىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن تارىخى جىنايەتلىرى ئۈستىدە ئۇزۇن مەزگىل ماتېرىيال توپلاش ۋە ئىزدىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان، بۇ جەرياندا ئۇ، ئاپاق خوجا ھەققىدە تېخى ئاشكارا ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم قىممەتلىك تارىخى قول يازما ئەسەرلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولغان. شۇ جۈملىدىن بۇ تارىخىي رومانىدا ئاپاق خوجا جۇڭغارلارنى باشلاپ كېلىپ سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ ئۆزى 10 نەچچە يىل قورچاق «خان» بولغان چاغدىكى ئەھۋاللار بايان قىلىنغان سەھىپىدە، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى نوپۇسقا ئالاقىدار تۆۋەندىكىچە مەلۇمات ئۇچرايدۇ: «ئەسلىدىكى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ مەمۇرى بىرلىكى بولغان 3784 بەگلىك يۇرت - ئايماق بىردىنلا كېمىيىپ 2400 ئىشان بەگلىك يۇرت - ئايماققا ئايلىنىپ قالدى. ئەسلىدىكى سەئىدىيە دۆلىتىنىڭ 389 مىڭ تۈتۈن، 1 مىليون 945 مىڭ نوپۇسلۇق ئاھالىسى ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كېمىيىپ كېتىپ، 130 مىڭ تۈتۈن، 450 مىڭ نوپۇسقا چۈشۈپ قالدى» [9].

دېمەك يۇقارقى ئىككى كىتابتا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلاردىن بىز، يەركەن سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن خانلىقنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 2 مىليون ئەتراپىدا بولغانلىقنى جەزملەشتۈرەلەيمىز. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ئۇنىڭ زېمىنى بۇرۇنقى قۇدرەت تاپقان مەزگىلدىكىدىن كىچىكلەپ ئاساسلىقى بۈگۈنكى تۇرپان، قۇمۇل ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى پۈتۈن تارىم ۋادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ تېررىتورىيەدە ياشىغان ئاھالە ئىچىدە، پامىر تاغلىرىدا، قەشقەر ۋە ئاتۇش ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان سانى بەك ئاز بولغان قىرغىز ۋە تاجىك مىللەتلىرى، شۇنىڭدەك قوشنا ئەللەردىن كەلگەن ئاز ساندىكى ۋاقىتلىق كۆچمەن نوپۇسنى قوشمىغاندا خانلىقنىڭ ئاھالىسى ئاساسلىقى بىرلا مىللەت - ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. شۇڭا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى 2 مىليون ئەتراپىدا دەپ ھېسابلىيالايمىز. گەرچە بۇ سانىنى، 100% توغرا بولغان ئىشەنچلىك نوپۇس ئىستاتىستىكىسى دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا شۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى تەخمىن قىلىشقا ئاساس بولىدىغان قىممەتلىك مەنبە دېيىشكە بولىدۇ.

لېكىن، باشتا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمدەك، سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلغان 1680 - يىلدىن تارتىپ مانجۇ ئىستېلاچىلىرى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغان 1759 - يىلغىچە بولغان 80 يىلچە ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى شىددەتلىك تەرزدە ئازىيىپ كەتكەن. مۇشۇ مەزگىلنى ئۇيغۇر تارىخىدىكى يەنە بىر قېتىملىق نوپۇس چوڭ قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. بۇنى دەلىللەش ئۈچۈن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1759 - يىلدىن 1770 - يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋەتىنىمىزدە ئېلىپ بارغان نوپۇس ئىستاتىستىكىسىغا دىققەت ئاغدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 1759 - يىلى مەنچىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى قانلىق ئۇرۇشلار بىلەن ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى خىتاينىڭ ئۆزىدە ۋە بېسىۋالغان زېمىنلاردا غەللە - پاراق، باج - سېلىق ئېلىش، ئالۋان - ياساق چۈشۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىش ئۈچۈن نوپۇس سانىنى ئىستاتىستىكا قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان بولۇپ، ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بىرقانچە قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى ئىستاتىستىكا قىلغان. گەرچە بۇ ھازىرقى زاماندىكى نوپۇس ئىستاتىستىكىسىغا ئوخشاش تولۇق، توغرا ۋە مۇكەممەل بولغان نوپۇس ئىستاتىستىكىسى بولمىسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن، مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، ھەمدە يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى تۇنجى نوپۇس ئىستاتىستىكىسى بولغاچقا خېلى زور پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

خىتاي تارىخچىلىرىدىن مياۋپۇشېڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخ كىتابلىرى ۋە شۇ دەۋردىن قالغان «غەربىي رايوننىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»، «ئۇيغۇرلار رايونىنىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق ماتېرىياللاردىكى مەلۇماتلار ئاساسىدا «1761 - يىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 250 مىڭ ئىدى» [10] دەپ قارىغان. خىتاي ئاپتورلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» قاتارلىق كىتابلاردا ئاساسەن مۇشۇ سانىنى ئىشلەتكەن. يەنە بىر خىتاي تارىخچىسى ۋېي لياڭتاۋ

بولسا 1760 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنى جەمئىي 66 مىڭ تۈتۈن، 312 مىڭ نوپۇس دەپ ھېسابلىغان [11].

تۆۋەندە 1760 - يىللاردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە چەت ئەللىك تەتقىقاتچىلارنىڭ يازغانلىرىغا قاراپ باقايلى.

1876 - يىلى ياقۇپ بەگ بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ۋەتىنىمىزگە كەلگەن چار رۇسىيە ئەلچىلەر ئۆمىكىدىكى ئوفىتسېر ئا. ن. كروپاتكىن «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا ئۇيغۇرلارنىڭ 1760 - يىللاردىكى نوپۇسىنى 375 مىڭ دەپ ھېسابلىغان [12].

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ياپونىيەلىك تارىخشۇناس خورى سۇنائو (Hori Sunao) ئۇيغۇرلارنىڭ 1760 - يىلدىكى نوپۇسىنى تەخمىنەن 391 مىڭ دەپ ھېسابلىغان [13].

دېمەك، چىڭ سۇلالىسى ئىشغالىدىن كېيىنكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان سانلىق مەلۇماتلاردا رۇسىيەلىك ئا. ن. كروپاتكىن بىلەن ياپونىيەلىك خورى سۇنائونىڭ سانىدا ئۇنچە كۆپ پەرق يوق، ئەمما، بۇ ئىككىسى بىلەن خىتاي تەتقىقاتچىلارنىڭ سانىدا زور پەرق بار. لېكىن، مەيلى خىتاي ئاپتورلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا بولسۇن ۋە ياكى چەت ئەللىك ئىككى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا بولسۇن، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى چاغدىكى، يەنى 1760 - يىلدىكى نوپۇسى 400 مىڭغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ ساننى ئاساسەن توغرا دەپ قارىساق ۋە ئۇنى بۈگۈندىن 80 يىللار بۇرۇنقى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەخمىنەن 2 مىليون نوپۇسى بىلەن سېلىشتۇرساق كىشىنى چۆچۈتكۈدەك پەرقنى كۆرىمىز.

يەنى، 1680 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىن 1759 - يىلدىكى مانجۇلار ئىشغالىيىتىنىڭ ئالدى - كەينىگىچە بولغان 80 يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيمەك تۈگۈل، شىددەتلىك تۈردە ئازىيىپ، ئەسلىدىكى 2 مىليون ئەتراپىدىكى نوپۇستىن 400 مىڭ ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان. بۇنى 840 - يىلى ئورخۇن ۋادىسىدا يۈز بەرگەن 1 - قېتىملىق نوپۇس قىرغىنچىلىقىغا سېلىشتۇرساق، بۇ 2 - قېتىملىق نوپۇس قىرغىنچىلىقىنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر جەرياندا يۈز بەرگەنلىكىنى ۋە تېخىمۇ دەھشەتلىك بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇ يەردە شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى بۇ 80 يىلدا نېمە بولۇپ بۇنچە ئازلاپ كەتتى دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىم ۋە ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن جاۋابلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلايمەن:

بىرىنچى سەۋەب، ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى «ئىشقىيە»چى ئاق تاغلىق خوجا - ئىشانلار مەزھىپى بىلەن خوجا ئىساق ۋەلى ئەۋلادلىرى باشچىلىقىدىكى «ئىساقىيە»چى قارا تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۆزئارا جەڭگى - جېدەل ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقلار.

ئىچكى ئۇرۇش تۈسىنى ئالغان ۋە بىر پۈتۈن مىللەتنى ئىككى دۈشمەن گۇرۇھقا بۆلۈۋەتكەن بۇ ئىككى دىنىي گۇرۇھنىڭ ئۆزئارا تەسىر دائىرە تالىشىش جەڭگى - جېدىلى ۋە بىر - بىرلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش قىلمىشلىرى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىلا باشلانغان. ئاپاق خوجىنىڭ 1680 - يىلى قالماق قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ سەئىدىيە دۆلىتىنى گۇمران قىلىشى ۋە قورچاق «خان» بولۇشى بىلەن تېخىمۇ ئەشەددىيلەشكەن. سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ئاپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىقلار ھوقۇق ۋە نوپۇزغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئەشەددىي رەقىبى بولغان قارا تاغلىق خوجا - ئىشانلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىغا قارىتا دەھشەتلىك ئۆچ ئېلىش، قىرغىنچىلىق قىلىشنى باشلىۋەتكەن. نەتىجىدە نۇرغۇن قارا تاغلىق مۇرىتلار ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇ ھەقتە، مەرھۇم نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخي ئوچېرىكلىرى»

ناملىق ئەسىرىنىڭ «قاباھەت ئەقىدە» ناملىق قىسمىدا، «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قول يازما ئەسەردىن ئېلىنغان تۆۋەندىكى قۇرلار ئۇچرايدۇ: «سەئىدىيىلەر - ئىسمائىلخان زامانىدا تەبىئىي مىراس سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەشقەرىيە يۇرت تۈپرىقى ئاپاق خوجا زامانىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىغا كەلگەندە ئەسلىدىكى 3784 ئەمىر بەگلىك يۇرتتىن 2400 ›ئىشان بەگلىك‹ يۇرتقا، ئائىلە (ھەر بىر يۇرت مىڭ ئائىلىدىن بولغاندا) 389 مىڭدىن 130 مىڭ ئەتراپىغا، نوپۇس ئەسلىدىكى تەخمىنەن تۆت مىڭ تۈمەندىن 2100 تۈمەنگە، ئېرىق - ئۆستەڭ 2143 تىن 503 كە... چۈشۈپ قالغان» [14]. ئۇشبۇ مەلۇمات، يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى يازغان «ئاپاق خوجا» ناملىق تارىخىي رومانىدىمۇ نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

1680 - يىلدىن 1759 - يىلغىچە بولغان 80 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، ۋەتىنىمىزدە جۇڭغار خانلىقى ھامىيلىقىدىكى قورچاق «خوجىلار ھاكىمىيىتى» ھۆكۈم سۈردى. بۇ جەرياندا ھوقۇق بەزىدە ئاق تاغلىقلارنىڭ قولىغا بەزىدە قارا تاغلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. ھەر قېتىم ھوقۇق ئالماشقاندا ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن تەرەپ قارشى تەرەپ ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. نەتىجىدە نۇرغۇن ئاھالە قىرىلىپ كەتتى. ئىقتىساد، ئىگىلىك ئىشلىرى ۋەيران بولدى، ئۇيغۇر جەمئىيىتى مىسلىسىز خارابلاشتى.

ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشىدىكى ئىككىنچى سەۋەب، جۇڭغارلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدۇر.

1680 - يىلى جۇڭغار قوشۇنلىرى، ئاپاق خوجىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سەئىدىيە دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە خانلىقنى گۇمران قىلدى. بۇ جەرياندا، ئۇچتۇرپان، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە يەركەن شەھەرلىرىدە قانلىق قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردى. مەسىلەن، قەشقەرنى ئىشغال قىلغاندا سۇلتان ئىسمائىلخاننىڭ ئوغلى باباق سۇلتان باشلىق 6000 ئەسكەرنى، گەرچە ئۇلار تەسلىم بولغان بولسىمۇ قىرىپ تاشلىغان. يەركەننى ئىشغال قىلغاندا پۈتۈن شەھەرگە ئوت قويۇۋەتكەن ۋە ئۆچ كۆنگىچە قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بارغان.

جۇڭغارلارنىڭ قىرغىنچىلىقىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان كىشىلەرنىڭ سانى ھەققىدە، ئابدۇقادىر داۋۇت ئىسىملىك بىر ئاپتور، «ئاپاق خوجا ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق يازغان: «خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، مۇشۇ قېتىملىق ھاكىمىيەت ئىگىلەش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشتا شىنجاڭ بويىچە 80 مىڭ كىشى قۇربان بولغان. بۇ قانلىق پاجىئەنى كۆرگەن خوجا ھىدايىتۇللانىڭ مۇرىتلىرى ›خوجامنىڭ تەخسىراتى‹ دېيىشكەن» [15]. جۇڭغارلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ كەلگەن بالايىئاپەتلىرى ھەققىدە خىتاي ئاپتورلاردىن گويۇنخۇا، چىڭ سۇلالىسى مەنبەلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ: «جۇڭغار ھۆكۈمرانلىرى ... زور تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى مەجبۇرىي ھالدا ئىلى رايونىغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ بوز يەر ئاچقۇزۇپ دېھقانچىلىققا سالدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كىشىلەر ئېغىر باج - سېلىق دەستىدىن ئۆي - ماكان، ئېتىز - ئېرىقلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا قېچىپ بېرىپ سەرگەردان بولدى. ›ئادەملەر ئۆلۈپ، قېچىپ تۈگىگەن، يەر - زېمىن چۆللۈككە ئايلانغان‹ ئېچىنىشلىق مەنزىرە كېلىپ چىقتى» [16].

بۇ قېتىمقى نوپۇس قىرغىنچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۈچىنچى مۇھىم سەۋەب، مانجۇلارنىڭ قىرغىنچىلىقى

1755 - يىلى، جاۋخۇي قوماندانلىقىدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارلارغا جازا يۈرۈشى قىلدى، جۇڭغارلار يېڭىلدى. مەنچىڭ ئارمىيەسى پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جۇڭغار (قالماق) ئاھالىسىنىڭ %80 نى قىرىپ تاشلىدى. ئەينى چاغدا جۇڭغارلارنىڭ نوپۇسى 600 مىڭدىن ئارتۇقراق بولۇپ، بۇنىڭ تەخمىنەن 400 - 500 مىڭى شۇ قېتىمقى قىرغىندا ئۆلتۈرۈلگەن [17]. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەي، مەنچىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا بېسىپ كىردى ۋە قانلىق ئۇرۇشلار بىلەن 1759 - يىلى ۋەتىنىمىزنى ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىدا جاۋ خۇي قوماندانلىق قىلغان تاجاۋۇزچى قوشۇننىڭ ۋەتىنىمىزدە يۈرگۈزگەن قىرغىنچىلىقلىرى ھەققىدە خىتاي تارىخ مەنبەلىرىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان

بولۇشى ئېنىق، ئەمما، خىتاي مۇستەملىكىچى ھاكىمىيىتى بۇنداق ماتېرىياللارنى ئۇيغۇرلاردىن مەخپىي تۇتۇپ كەلگەچكە بۇ ھەقتە ئېنىق، پاكىتلىق مەلۇمات كۆرسىتىش قىيىن. لېكىن، مەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، جاۋخۇي قوماندانلىق قىلغان مەنچىڭ ئارمىيەسىنىڭ 1755 - يىلى جۇڭغارلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا، بىرقانچە يۈز مىڭ بىگۇناھ جۇڭغار پۇقرالىرىنى قانداق قىرىپ تاشلىغانلىقىنى ۋە 1765 - يىلى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى پارتلىغاندا پادىشاھ چيەنلۇڭنىڭ بىۋاستە بۇيرۇقى بىلەن ئۇچتۇرپاندىكى 20 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنىڭ قىرىپ تاشلانغانلىقىنى [18] ئېسىمىزگە ئالساق، مانجۇلارنىڭ قانچىلىك ۋەھشىيلىكىنى ۋە ئۈچ يىلغا سوزۇلغان بۇ قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى داۋامىدا قانچىلىك ئۇيغۇرنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يېتەلەيمىز.

بۇ قېتىمقى نوپۇس قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن مەزگىلدە، ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئازىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر قوشۇمچە سەۋەب شۇكى، توختاۋسىز داۋام قىلغان ئىچكى ماجىرا ۋە ئۆزئارا قەتلىئاملار، جۇڭغار ۋە مانجۇ باسقۇنچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن قىرغىنچىلىق، ھەمدە بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەلگەن جەبىر - زۇلۇم ۋە نامراتلىق، بىرمۇنچە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ قوشنا مەملىكەتلەرگە، جۈملىدىن پەرغانە ۋادىسى ۋە بەدەخشان (ئافغانىستان) تەۋەسىگە قېچىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## خۇلاسە

ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىككى قېتىملىق نوپۇس چوڭ قىرغىنچىلىقى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخى مۇساپىلىرىگە، غايەت زور سەلبىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى. مەسىلەن، 2 - قېتىملىق نوپۇس قىرغىنچىلىقىنى ئالساق، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ئىنتايىن ئاستا بولدى، جۈملىدىن يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ ئالاھازەل 200 يىل ئۆتۈپ، يەنى 1870 - يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ئاران 1 مىليونغا ئۇلاشتى، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ باشلىنىشىدا 1.5 مىليونغا، 1949 - يىلى 3 مىليون 290 مىڭغا يەتتى.

2015 - يىلى خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 11 مىليون 171 مىڭ بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. كۆپ سانلىق ئۇيغۇرلار بۇ سانغا ئىشەنمەيدۇ ۋە سانىمىز بۇنىڭدىن كۆپ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نوپۇسىمىزنى زىيادە كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

شەخسەن مەنمۇ، خىتاي ھاكىمىيىتى ئېلان قىلغان نوپۇس سانىغا گۇمان بىلەن قارايمەن. ئەمما، نوپۇسىمىز ھەققىدە ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بىرسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ ئىلمىي ئاساسسىز، خالىغانچە كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىلىشىنى توغرا دەپ قارىمايمەن.

2023 - يىل 5 - ئاي، نورۋېگىيە

*بۇ ماقالىنى روشەن خەمىت تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» ، 215 - بەت، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى نەشرىياتى

[2] ياڭ شېڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 190 - بەت

[3] ئا. گ. مالياۋكىن «IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» 255 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى

[4] ئا. گ. مالياۋكىن «IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» 246 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى

[5] خۇا تاۋ، «8 - 10 ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 78 - بەت، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

[6] ياڭ شېڭمىن، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 327 - بەت

[7] ئا. گ. مالياۋكىن «IX – XII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى» 256 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى

[8] يۇنۇسجان ئېلى «17 - 18 ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جۇڭغارلارنىڭ مۇناسىۋىتى» 203 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە

[9] ئابدۇۋەلى ئەلى، «ئاپاق خوجا» 1 - قىسىم، 98 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل

[10] مياۋپۇشېڭ «چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى ھەققىدە» ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1988 - يىل 1 - سانى، خىتايچە

[11] ۋېي لياڭتاۋ، «يەكەن خانلىقىنىڭ تارىخىدىن ئومۇمىي بايان» ، 287 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە

[12] ئا. ن. كروپاتكىن «قەشقەرىيە» ، 173 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە

[13] خورى سۇنائو(Hori Sunao) ، «18 – 20 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر نوپۇسى ھەققىدە تەتقىقات»، ياپونچە، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى، 1977 - يىل.

[14] نىزامىدىن ھۈسەيىن «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئوچېرىكلىرى»، 152 - بەت «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»، 1989 - يىللىق 2 - ، 3 - سان.

[15] ئابدۇقادىر داۋۇت، «ئاپاق خوجا ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «قەدىمىي كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى» 1984 - يىل 1 - سان، 89 - بەت

[16] گويۇنخۇا، «ئۇيرات موڭغۇللىرىنىڭ بىر قەبىلىسى بولغان جۇڭغارلارنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋال تېپىش جەريانى» ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي دوكلات يىغىنىنىڭ ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى، ئۇيغۇرچە 1 - قىسىم، 251 - 252 - بەتلەر.

[17] ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس Peter C. Perdue نىڭ «خىتاينىڭ غەربكە يۈرۈشى: چىڭ سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي ياۋرو - ئاسىيانى بويسۇندۇرۇشى» [China Marches West: The Qing Conquest of Central Eurasia (Harvard University Press) , 2005] ، ئىنگلىزچە، 285 - بەت.

[18] ئا. ن. كروپاتكىن: «قەشقەرىيە»، 178 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە.

# ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىلى

دوتسېنت، دوكتور رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي
تۈركىيە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى
reyila.kasgarli@istanbul.edu.tr

**قىسقىچە مەزمۇنى**

*ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق – تىلشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىرلىشىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پەنلەر ئارا بىر پەن بولۇپ، تىلشۇناسلىق دائىرىسىدە تۇرۇپ، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە ۋە تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋە تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىت جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بىر جەھەتتىن تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن تىل بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورتاق ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تىلدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. تىلنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولسا جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ ۋە تىلنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەتنىڭ يېڭىدىن شەكىللىنىشىگە ئاساس سالىدۇ.*

*ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا رەسمىي پەن سۈپىتىدە شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن بۇ پەن، يېڭى بىر پەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىل بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى*

نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئامىللارنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق مۇھىم بىر پەندۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدەك ئىشغالىيەتتە ياشاۋاتقان بىر خەلقنىڭ تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغاندا، تىلدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، تىلنى ئاڭلىق ئىشلىتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىشغالچىلار تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلۈشىگە قارشى تۇرغىلى بولىدۇ.

تىلنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر، ئەدەبىي تىلنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىراماتىكىلىق، سىنتاكسىسلىق ئۆزگىرىشلىرى بىلەن يېزىق، ئىملا ۋە جانلىق تىلدىكى ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز بۇ ماقالىدە پەقەتلا لېكسىكىلىق مەنىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «مەن» ۋە «بىز»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»، «خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش»، «ئاكا» ۋە «ئۇكا»، «راست گەپنى قىلسام»، «شىنجاڭ» قاتارلىق بىر قانچە ئىبارىنى، تاللاپ تەكشۈرۈش، سانلىق پاكىتلارغا ئاساسلىنىش ۋە ئانالىز قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىمىز. مەقسەت – ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئوتتۇرىسىدىكى سىستېمىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتىنى شەرھلەش، شۇنىڭدەك بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە بولغان سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق تىلنى ئاڭلىق قوللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. مەزكۇر ماقالە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئۈچۈن ئىلىم ئالەمدە قېلىپلاشقان APA يېزىش ئۇسۇلىدا يېزىلدى.

**ئاچقۇچ سۆزلەر:** ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، ئۇيغۇر، ئۇيغۇر تىلى، مەنە ئۆزگىرىشى

## كىرىش

تىل – ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى (ئابدۇللا تەھۇر قاتارلىقلار 2010: 3). شۇنداقلا تىل – پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەۋەلىك ھېس - تۇيغۇلىرىنى كۈچلەندۈرىدىغان، بىر خەلقنى ئورتاق مەپكۇرە ئەتراپىدا تۇتۇپ تۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر. شۇڭا تىل ئومۇمىيلىققا ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە. تىل – بىر خەلقنىڭ تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ خەلقنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە باغلىق ھالدا ئۆزگىرىدۇ. بىر تىلدىكى مەنە ئىپادىلەيدىغان ھەربىر پارچە ئېلېمېنت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئۆزىگە مەنبە قىلىدۇ ۋە ۋەزىپىسىنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئورۇنلايدۇ. تىلنىڭ توختاۋسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ بىر پارچىسى بولۇشى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مەۋجۇت ھادىسىلەرنىڭ تىلدا بىر مەنىگە ئىگە بولۇشى، تىلنى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان بىر ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە قىلىدۇ. تىلدىكى بۇ ئۆزگىرىشچانلىق، تىلنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراماتىكىسىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ، يەنى بىر خەلقنىڭ تارىخىنى، دۇنيادىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن قانداق پوزىتسىيەدە بولۇۋاتقانلىقىنى، تۇرمۇش شەكلىنى، شەرت - شارائىتىنى بىلمىگەن ئەھۋالدىمۇ، شۇ خەلقنىڭ تىلىدىكى سۆزلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بۇ ھەقتە نۇرغۇن مۇھىم ئۇچۇرلارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بىر

تىل بىر كىشىنىڭ ياكى بىر ئائىلىنىڭ ئەمەس، شۇ تىلنى ئىشلەتكەن بىر خەلقنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىشلەتكەنلەرنىڭ پوزىتسىيەسىگە باغلىق ھالەتتە مۇسبەت ياكى مەنپىي تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر تىلنىڭ تەرەققىياتى شۇ تىلنى قوللانغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ پىكىر سىستېمىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

تىل – ئىجتىمائىي ھادىسىدۇر (يولبولدى 1983: 24). ھەربىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي رول، تىلنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە گىرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىچكى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بىر تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى كىشىلەرنىڭ، يەنى تىلنىڭ ئىگىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئىقتىدارى ۋە تىلغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللىي تىلنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىششى ياكى كۈچلىنىپ خەلقئارالىق تىل دەرىجىسىگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئازىيىشى ۋە كۈچىيىشىدۇر.

ئۇيغۇر تىلىنى مىسال قىلىپ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەربىر ئەزاسى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا سۆزلەر پۈتۈن خەلق چۈشىنىدىغان مەناغا ئىگە. ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئانا تىلى ۋە مىللىي كىملىكىنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەربىر ئۇيغۇرنى بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە چەمبەرچاس باغلاپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا قارىتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەرقلىق پىسخىكىلىق ئىنكاسلار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى سۆزلىيەلمەيدىغان كىشىلەر خەلق تەرىپىدىن سۆيۈلمەيدۇ؛ ئەگەر باشقا بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى سۆزلىسە، ئۇيغۇر يېزىقىنى ياخشى ئوقۇپ يازالىسا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېتىبارغا ئىگە بولىدۇ، ھۆرمەتلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ھېس - تۇيغۇ ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولىدىغان ئىجتىمائىي مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلار، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئاسىيا بىلەن ياۋروپانى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان چوڭ قاتناش تۈگۈنى بولۇشتەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، تارىختىن بۇيان دۇنيادىكى تۈرلۈك مىللەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن ھىندى - ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغان سانسكرىت تىلى، پارس تىلى، رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق ياۋروپادىكى باشقا تىللاردىن؛ سام - ھام تىللىرى سىستېمىسىغا تەۋە بولغان ئەرەب تىلىدىن؛ خىتاي - تىبەت تىللىرى سىستېمىسىغا تەئەللۇق بولغان خىتاي تىلىدىن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان (قايداروۋ قاتارلىقلار 1983: 105 - 106؛ ئارزىيېۋ 2019: 125 - 130). تارىختا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ دىن، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، جۇغراپىيەلىك مۇھىت قاتارلىقلارغا باغلىق ھالدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. گەرچە باشقا تىللار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە تىل ئېلېمېنتلىرىنى ئېلىش ياكى بېرىش ھەرقانداق تىلدا كۆرۈلىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى تارىخىي باسقۇچتا سىياسىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولماسلىقى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تىلنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن تەبىئىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا چىقماستىن، خىتاينىڭ مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى دائىرىسىدە ئېلىپ بارغان تىل سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇزۇلۇش ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن بۈگۈنگىچە داۋاملاشقان ئومۇمىي گەۋدىدىن ئۇزاقلىشىش تەرىپىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا سەۋەب بولغان. سىياسىي كۈچنىڭ تەسىرىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، ئېلىپبەدىكى ئۆزگىرىشتىن تارتىپ فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىراممانىكىغىچە بولغان پۈتۈن ساھەدە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر، بولۇپمۇ لېكسىكىلىق تەركىبلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە قانداق شەكىلدە كۆرۈلدى؟ ياكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بولغان ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز - ئىبارىلەرنى قانداق ئۆزگەرتىۋەتتى؟ بۇ سوئاللارغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئىبارە، نەمۇنە سۈپىتىدە ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىنىدۇ. ماقالىدە سۆز - ئىبارىلەرنى شاللاش،

مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى قىدىرىش، سانلىق پاكىتلارغا ئاساسلىنىش ۋە ئانالىز قىلىش قاتارلىق مېتودلار ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ماقالە، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىلىق تىل قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش ئوتتۇرىسىدىكى سىستېمىلىق ماسلىق مۇناسىۋىتىنى شەرھلەش، شۇنىڭدەك بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپكە بولغان سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلىق قوللىنىش ئادىتىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار ئىشغالىيەت ئاستىدا ياشاۋاتقان، ئەسىر قىلىنغان بىر خەلق. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى يېقىن تارىختا ئوتتۇرىغا چىققان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ قارار بېرىش دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدا، ئىشغالىيەتچى كۈچنىڭ مەنپەئەتى نەزەرگە ئېلىنغان ئاساستا ئومۇملاشتۇرۇلغان. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىنغاندا، تىلدىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، تىلنى ئاڭلىق ئىشلىتىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىشغالچىلار تەرىپىدىن شەكىللەندۈرۈلۈشىگە قارشى تۇرغىلى بولىدۇ.

## 1. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ھەققىدە

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ـ تىلشۇناسلىق بىلەن جەمئىيەتشۇناسلىقنىڭ بىرلىشىشىدىن ئوتتۇرىغا چىققان پەنلەر ئارا بىر پەن (ئارىلىق پەن) بولۇپ، تىلشۇناسلىق دائىرىسىدە تۇرۇپ، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ساھەسىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان تىلشۇناسلار، تىل بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىدۇ، شۇنداقلا پەرقلىق ئىجتىمائىي مۇھىتتا نېمىشقا پەرقلىق سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىزاھلايدۇ؛ ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تىلنى ئىشلىتىش ئادەتلىرىدە كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، بۇ تىلنى قوللىنىدىغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مىللىي كىملىكىدىن ئۇزاقلىشىپ، قايسى تەرەپكە قاراپ شەكىللىنىشكە باشلىغانلىقىنى ئانالىز قىلىدۇ. ھولمېسنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، تىل بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، تىلشۇناسلارنىڭ ئەنسىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ (ھولمېس 2013: 1).

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ـ جەمئىيەتشۇناسلىق، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، جۇغراپىيە ۋە تارىخشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەر بىلەن باغلىنىشلىق ھالدا، تىلنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋە تىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىت جەريانىدىكى ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى كۆزىتىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق بىر جەھەتتىن تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن تىل بىلەن جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئورتاق ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىدۇ (دېمرجى 2015: 274). ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر يېشى، جىنسى، ئىجتىمائىي ئورنىغا ئاساسەن تىلنى پەرقلىق شەكىلدە قوللىنىدۇ. بۇ خىل پەرقلىق قوللىنىش، كىچىك توپلار ياكى ئاز كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپىلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن خەلققە يەنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىسىمۇ، ۋاقىت، ماكان، شەرت - شارائىت ۋە ئىمكان قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئومۇملىشىشى، ھەتتا جەمئىيەتنىڭ يېڭىدىن شەكىللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى مۇمكىن، يەنى تىلنىڭ ئۆزگىرىشى جەمئىيەتنىڭ يېڭىدىن شەكىللىنىشىگە ئاساس سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تىلدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى پۈتۈنلەي ئويغانغان بولسا ياكى پەرقلىق بىر سىياسىي مۇھىتقا كۆچكەن بولسا، پەرقلىق سۆز - ئىبارىلەر ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا تىلنىڭ ئۆزگىرىشىدىن جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، ئىجتىمائىي پەنلەردە «پەنلەر ئارا پەن» دەپ تەرىپلەشكە

بولىدىغان، ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ساھەگە چېتىشلىق يېڭى ئىجتىمائىي پەنلەر شەكىللەندى. تىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك پەنلەر ئارا پەن سۈپىتىدە پسىخولوگىيەلىك تىلشۇناسلىق، بىيولوگىيەلىك تىلشۇناسلىق، تارىخىي تىلشۇناسلىق، تەسۋىرىي تىلشۇناسلىق، مەدەنىيەت تىلشۇناسلىقى، بىلىش تىلشۇناسلىقى، ئۇچراشما تىلشۇناسلىق، ئىدراك تىلشۇناسلىقى، كومپيۇتېر تىلشۇناسلىقى، ئىستىلىستىكىلىق تىلشۇناسلىق قاتارلىق تۈرلەر مەيدانغا كەلدى. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق مۇشۇ تۈرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە 1960 - يىللاردا رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللەندى.

ئۇيغۇر تىلى ئۈچۈن بۇ پەن يېڭى بىر پەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق تەتقىقاتى ـ تىلنىڭ ماھىيىتى، مەنبەسى، ئۆزگىرىشى ۋە كېلەچىكى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە (ئوسمانوۋ ۋە سايىت 1991: 409). تىل بىر ئىجتىمائىي ھادىسە بولغاچقا، ئۇنىڭدا كۆرۈلگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي ئامىللارنى نەزەرگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق

ئۇيغۇرلارنىڭ تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى ياكى تىل تەتقىقاتىدا ئىشلىتىلگەن تىلشۇناسلىق ئېقىمى 1990 - يىللارغىچە ئەنئەنىۋى گىرامماتىكا بولۇپ، بۇ نەزەرىيەدە تەبىئىي تىل ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيەلەردىن پايدىلىنىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ساھەسىدە ئىبراھىم مۇتىئى بىلەن باشلىغان (مۇھەممەت 2013: 754) تىلچىلار قوشۇنىغا يىللار مابەينىدە نۇرغۇن تىلشۇناسلار قېتىلغان ۋە كىتاب، ئىلمىي ماقالە قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەمگەك، پروفېسسور خەمىت تۆمۈرنىڭ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى» (مورفولوگىيە) ئاتلىق ئەسىرىدۇر. ئەنئەنىۋى گىرامماتىكىنىڭ ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلىگەن، ئۇيغۇر تىلىنى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسلار بىلەن شەرھلىگەن ئەسەر بولسا، پروفېسسور ئارسلان ئابدۇللا تەھۇر قاتارلىقلار تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»دۇر.

1960 - يىللاردا نوئام چومىسكىي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەكىللەنمە گىرامماتىكىسى، 1990 - يىللاردىن كېيىن پروفېسسور دوكتور لىتىپ توختىنىڭ ئەمگەكلىرى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەتبىقلانغان ۋە ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىغا يېڭى قاراشلارنى قوشقان (ئابدۇرېشىت 2019: 956)، ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يېڭى بىر تىلشۇناسلىق ئېقىمىنى ئېلىپ كىرگەن (توختى 2015: 93).

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، 1991 - يىلى نەشر قىلىنغان «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»دە ئىزاھلانغان (ئوسمانوۋ ۋە سايىت 1991: 407 - 409) بولۇپ، 2003 - يىلى قەييۇم مىجىتنىڭ «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى» تېمىلىق ماقالىسى بىلەن تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان. دېمەك، 1990 - يىللاردىن باشلاپ يېڭى تىلشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى ۋە ئېقىملىرى ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىدا تەتبىقلىنىشقا ۋە تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغان. بۇ دائىرىدە ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقمۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئورۇن ئالغان.

2017 - يىلدىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈۋېتىلدى. شۇ سەۋەبتىن ھازىر شەرقىي تۈركىستاندىكى كىتاب، ژۇرنال قاتارلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشىش ئىمكانى يوق. لېكىن، چەت ئەللەردىكى پىداكار زىيالىيلار قۇرغان ئېلكىتاب تورى، ئۇيغۇر كىتاب تورى، تۈركىستانىي كۇتۇپخانىسى، ئۇيغۇر ئارخىپ تورى قاتارلىق تور بەتلىرى تەمىنلىگەن مەنبەلەردىن، 1980 - يىلدىن 2017 - يىلغىچە بولغان مەزگىلدە زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن زورىيىشىغا ۋە كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسىدە ۋە ئانالىزلاردا

بارغانسېرى جەسۇر قەدەملەرنىڭ بېسىلغانلىقىنى ۋە ئىلمىيلىكى يۇقىرى ئەمگەكلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. مەسىلەن، 1990 - يىلى نەشر قىلىنغان «تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى» ناملىق كىتابتا: «تىل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىدۇ، لېكىن تىلنىڭ قانداق تەرەققىي قىلىشىنى تىل سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر خىل ئامىللارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىجتىمائىي ئامىللاردىن بىۋاستە جاۋاب تېپىش تەس» دەپ يېزىلغان (خانبابايىۋ 1990: 176). بۇ مەزمۇن ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى ۋە رولىنى پۇتۇنلەي ئىنكار قىلىدىغان بىر پىكىر سۈپىتىدە كۆرۈلىدۇ. 2003 - يىلى بېسىلغان «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي قىممىتى» تېمىلىق ماقالىدە بولسا «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق، تىلنى ئىچكى قىسمىدىن تاشقى قىسمىغىچە تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. تىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولغان ھەر خىل ئىجتىمائىي ئامىللارنى تېپىپ چىقىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. جەمئىيەت ئامىللىرى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان تىل تەسىرى، تىللارنىڭ قوشۇلۇپ كېتىشى، پارچىلىنىشى قاتارلىق تىل مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. بۇ تەتقىقات، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە باشقا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ» (مىجىت 2003: 3) دېگەن پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

چەكلىك ئىمكانلاردا ئېرىشكەن مەنبەلەر گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يېتەرلىك دەرىجىدە تەتقىق قىلىنمىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈۋشكە بولىدۇ.

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەھلىلى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆز - ئىبارىلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىگە زىيانلىق رەۋىشتە ئىستېمال قىلىنماقتا. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تەلتۆكۈس ئويغىنىشىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئۇيغۇرلار بىر مىللەت سۈپىتىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقان بولسىمۇ، بەزىلەرنىڭ بۇنى پەرق قىلالماسلىقىغا سەۋەب بولماقتا. تىلنىڭ جانلىق بىر مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى، ئىگىلىرى قانداق شەكىلدە قوللانسا ياكى قايسى تەرەپكە تارتسا شۇ بويىچە ئۆزگىرىپ ماكىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارمىغان ئاساستا، ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن، بەزى سۆز - ئىبارىلەرنى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تۆۋەندىكىچە تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

**«مەن» ۋە «بىز»**: بۇ سۆزلەر، شەخس ئالماشلىرى كاتېگورىيەسىگە مەنسۇپ سۆزلەر بولۇپ، شەيئىلەرنى 1 - شەخس يەنى سۆزلىگۈچى نۇقتىسىدىن ئابستراكتلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىدا جۈملە بۆلەكلىرى ئارىسىدا ئىگە ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

**«مەن»**: 1 - شەخس بىرلىك شەخس ئالمىشىدۇر. «مەن» بىلەن باشلىغان جۈملىلەر شەخسنى گەۋدىلەندۈرىدىغان جۈملىلەردۇر. بۇ خىل جۈملىلەر خەۋەردە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ قايسى زامانىنى ئىپادىلىگەنلىكىگە باغلىق ھالدا، قىلىنغان، قىلىنىۋاتقان ياكى قىلىنىدىغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ «مەن»گە ئائىت بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**«بىز»**: 1 - شەخسنىڭ كۆپلۈك شەخس ئالمىشى بولۇپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ كۆپچىلىك تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى، قىلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى قىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قەدرىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھەربىر «مەن»نىڭ بەدەل تۆلىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئەسلىدە رېئاللىق، «بىز» سۈپىتىدە ئىشغالىيەتتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ «مەن»نىڭ بەختلىك ۋە ھۆزۈرلۇق بىر تۇرمۇشقا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا «مەن» خالىسۇن ياكى خالىمىسۇن، ئۆزىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئائىت ھېس قىلسۇن ياكى قىلمىسۇن، خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى تەرىپىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بىر پارچىسى دەپ قارىلىپ، بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، «بىز» قۇتۇلمىغان ئەھۋالدا،

«مەن» ھەر خىل شەكىلدە خانىۋەيران بولىدۇ.

كۆندىلىك ھاياتتا «مەن» ئالمىشىنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلۈشى شەخسنى گەۋدىلەندۈرۈش بولغاچقا، ئىجتىمائىي جەمئىيەت تەرىپىدىن، ياكى «مەن»نى قوبۇل قىلىش ۋە «مەن»گە ئىتائەت قىلىش، ياكى «مەن»دىن يىرگىنىش ۋە نەپرەت قىلىش پىسخىكىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر مىللىي مائارىپىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، ھەقىقىي بىر زىيالىينىڭ «مەن» ئەمەس، «بىز» بىلەن باشلىنغان جۈملىلەرنى ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرىدا تەكرارلانغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا جەمئىي 4370 پەرقلىق سۆز ئىشلەتكەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ئىشلىتىش چاستوتىسى (تەكرارلىقى) ئەڭ يۇقىرى بولغان سۆز، 123 قېتىم ئىشلىتىلگەن 1 - شەخس كۆپلۈك ئالمىشى بولغان «بىز»دۇر. «مەن» ئالمىشى بولسا 17 قېتىم ئىشلىتىلگەن (قەشقەرىي 2014: 934). بۇ سانلىق مەلۇمات، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن قايغۇرمىغانلىقىنى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئاقارتىشنى، ئەۋلادلارنى بىلىملىك ۋە قولىغا بىلىمدىن ئىبارەت يېڭىلمەس قورالنى ئالىدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ئۆزىنى خەلق بىلەن بىر پۈتۈن دەپ قارىغانلىقىنى، ئاسارەتتىن «بىز» سۈپىتىدە قۇتۇلغاندىلا «مەن»نىڭ ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم بىر دېتالدۇر.

غەيرەت كەنجى ئەپەندىمنىڭ ئەمگەكلىرىگە ئاساسلانغاندا، تورلاردىكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەردىن رەتلەنگەن قىرىق مىڭدەك تۈپ سۆز، ئىشلىتىلىش چاستوتىسىغا ئاساسەن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇلغاندا، «مەن» سۆزى 35 - رەتتە، «بىز» سۆزى بولسا 45 - رەتتە كۆرۈلگەن. بۇ سانلىق مەلۇمات، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە «مەن»نىڭ «بىز»دىن كۆپ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى «مەن»نى گەۋدىلەندۈرىدىغان خاھىشنىڭ ئورنىغا «بىز»نى گەۋدىلەندۈرىدىغان خاھىش ھاكىم بولغاندا، نۇرغۇن ئىشلار ئاسانلىشىدۇ ۋە ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن «مەن» بىلەن باشلىنىدىغان جۈملىلەرنى «بىز» بىلەن باشلىنىدىغان جۈملىلەرگە ئالماشتۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلالىغاندا، سۆزلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە پەرقلىق بىر مۇھىتنىڭ شەكىللىنىشىگە، يەنى تەقدىرداشلىق چۈشەنچىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ۋە ئومۇملىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. شەخستە مەۋجۇت بولغان ئۆزمەپتۇنلۇقنى تاشلاپ، ئۆزئارا قوللاپ قۇۋۋەتلەش ۋە يەتمەكچى بولغان نىشانغا مەركەزلىشىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

**«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى»**: بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر تىلىدا 1944 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى ۋە بۇ جۇمھۇرىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك پۈتۈن كىشى، ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىشغال ئاستىدا ياشاۋاتقان بىر مىللەت بولغاچقا، ئىشغالچى كۈچلەر ئەلۋەتتە مۇستەقىل بىر جۇمھۇرىيەتنىڭ ئىسمىنى چەكلەيدۇ. 1947 - يىلى بېسىلغان «تەڭرىتاغ رەسىملىك ژۇرنىلى»دىكى «تۈركىستاننىڭ مىللىي سەنئىتىمىزنى ئەبەدىي راۋاجلاندۇرايلى» دېگەن جۈملىنىڭ خىتايچە «شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرايلى» دەپ يېزىلىشى، بۇنىڭ بىر مىسالى. «تۈركىستان» ئىسمىنى چەكلەش ئىشغالىيەتچى كۈچلەرنىڭ مەقسىتىگە مۇۋاپىق، تەبىئىتىگە خاس. لېكىن بۇ دېگەنلىك، ئۇلار ھەقلىق، توغرا قىلدى، دېگەنلىك ئەمەس. ئىشغالچى ئىشغالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە رەزىللىكنى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار «ئىشغالچى» ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. «قىزىل خىتاي»، «كوممۇنىست خىتاي» دېگەندەك ئاتالغۇلار خىتاينىڭ ئىشغالچى ماھىيىتىنى ئىپادىلەشتە يېتەرسىز قالىدۇ. ئۇيغۇرلار بولسا ئىشغالىيەتنى يوق قىلىش، ئەۋلادلىرىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سەپەرۋەر بولىدۇ ۋە قىلالايدىغان پۈتۈن قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىدۇ. بۇ قارشىلىق كۆرسىتىش دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقنى ۋە شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرگۈچە پەرقلىق شەكىلدە، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ بىر پارچىسى سۈپىتىدە، شۇنىڭدەك ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ.

ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش پۈتۈن جانلىقلارنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان

تۇغما ھېس - تۇيغۇدۇر. 1943 - يىلى ئالتايدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە ئەتراپتىكى رايونلاردىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، شۇ ۋاقىتنىڭ مەۋجۇت شەرت - شارائىتىدا ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت خىتايدىن پۈتۈنلەي تازىلىنىپ، 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان (كومىتېت 1996: 44 - 45). بۇ رايونلارنىڭ خىتاي ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلغانلىقى، قالغان يەتتە ۋىلايەت ۋە بۇ ۋىلايەتلەرگە قاراشلىق شەھەر، ناھىيە، يېزا - قىشلاقلارنىڭ مۇستەقىل بولالمىغانلىقى، يەتتە ۋىلايەتنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇشنى خالىمىغانلىقىنى ياكى ھالىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەسلىدە بۇ ۋىلايەتلەردىمۇ مەۋجۇت شەرت - شارائىتتا قىلىشقا ئىمكان بولغان ھەر خىل قارشىلىق ھەرىكەتلىرى بولغان. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇدا «شەرقىي تۈركىستان ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، دېھقانلارنى تەشكىللەپ، قورallıق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا خائىنلار تەرىپىدىن پاش قىلىنىپ، سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قولغا ئېلىنغانلىقى ۋە قەتل قىلىنغانلىقى (قەشقەرىي 2022: 221)، جەنۇبتىكى ئەنجانباينىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر (روزى 2012: 1 - 587) قاتارلىق مىساللار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل مىساللار باشقا ۋىلايەتلەر ئۈچۈنمۇ بار. مۇستەقىل بولمىغان رايونلاردىن تۈركۈم - تۈركۈم پىدائىيلارنىڭ ئىلىغا كېلىش ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يولنى كېسىپ قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقىنى ھەر خىل مەنبەلەردىن ئوقۇش مۇمكىن.

گەرچە پەقەتلا ئۈچ ۋىلايەت مۇستەقىل بولغان بولسىمۇ، بۇ كۈرەش شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كۈرىشى ئىدى. شۇڭا 1947 - يىلى 4 - ئايدا «ئون بىر ماددىلىق بىتىم»نىڭ روھى بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك كېڭەش ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغاندا، خىتاينىڭ ئىشغالىيىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان رايونلاردىنمۇ ۋەكىللەر كەلگەن ئىدى. رەسسام غازى ئەھمەدنىڭ دادىسى ئەھمەد قازى ئاخۇنۇم، قەشقەردىن كەلگەن يىگىرمە تۆت نەپەر ۋەكىلنىڭ بىرى ئىدى (ئەھمەد 2016: 64).

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئاتالغۇسى بولسا ئاتالغۇ سۈپىتىدە ئۆزگەرتىلگەن ۋە بۇ ئاتالغۇ ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ زېھنىدە مەنە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشىنىڭ مەقسىتىنى، كۆلىمىنى ۋە تەسىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە خىزمەت قىلىدىغان بىر ئاتالغۇدۇر. ۋەقە - ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنى تىلدا ئىپادىلەش جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان ئۆزگەرتىش، كىشىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى ئىشەنچ ۋە ئۈمىد تۇيغۇلىرىنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنە بىر مىسال: ئىشغال ئاستىدىكى رايونلاردا، مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتنىڭ مىللىي ئەسكىرىنى «ئالتە ئوغرى»، «ئىلى ئوغرىلىرى» ئاتالغۇسى بىلەن ئاتىغان. شۇڭا ئۇيغۇر جەمئىيىتى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇستەقىللىق ئۇرۇشى»، «قوزغىلاڭچى» ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا «مىللىي قەھرىمان» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىشى كېرەك.

**«خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش»:** ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئاتالغۇنىڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە پەيدا قىلغان مەنىسى مۇنداق: بىر ياكى بىرقانچە باشلىق بار، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەر بار. باشلىق ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلىمەيدۇ، ئەمما نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. قولغا ئوخشاش خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر. ئىش تاماملانغاندىن كېيىن باشلىق تەكشۈرىدۇ، يەنى «كۆزدىن كەچۈرىدۇ». باشلىقنىڭ كۆڭلىگە ياقمىسا، ئىشنىڭ ئۆزى خالىغاندەك بولۇشى ئۈچۈن خىزمەتچىنى جازالايدۇ. جازا بېرىش، قاپاق تۈرۈۋېلىپ پسىخولوگىيەلىك بېسىم قىلىشتىن تارتىپ، ئازار بېرىش، ئىش ئورنىنى ئۆزگەرتىۋېتىش، ھەتتا ئىشتىن بوشىتىۋېتىشى مۇمكىن.

خىتاينىڭ مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، 1949 - يىلىدىن 1990 - يىللارغىچە ئوتتۇز قېتىمدەك كوللېكتىپ قارشىلىق ھەرىكىتى يۈز بەرگەن (ما، شۇ 2007 : 92 - 98، 118 - 127، 154 - 158، 172 - 178). بۇ ئۇچۇر، ئۇيغۇرلارنىڭ باشقىلارنىڭ بويۇنتۇرۇقىدا بولۇشنى قەتئىي خالىمايدىغان، قۇل بولۇشنى رەت قىلىدىغان، بېسىمغا تىز پۈكمەيدىغان، ئەركىنلىككە ھېرىسمەن بىر مىللەت

ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. نۇرغۇن مىللەتنى يوق قىلىۋەتكەن خىتايلار ئۇيغۇرلارنى ھازىرغىچە پۈتۈنلەي ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتەلمىدى ۋە بارغانسېرى غالجىرلىشىپ تېخىمۇ قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ، ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان بولغاچقا، باشقا بىر كىشىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلغاندىن كۆرە ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى بىلەن بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەت قۇرۇپ، قولىدىن كېلىشىچە ئىشغالچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئارزۇ نۇرغۇن ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. ۋاھالەنكى، دۇنيادا پارچىلىنىش ئارقىلىق كۈچلەنگەن بىر خەلق يوق. كۈچنى، ئىمكانىيەتلەرنى ۋە ۋاقىتنى پىلانلىق ئىشلەتكەندە، ئاندىن ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. پىلانلىق ئىشلىتىش ئۈچۈن بولسا ھەمكارلىق كېرەك. بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن ماقال - تەمسىل ئارقىلىق ھەمكارلىقنىڭ كۈچىنى تەرىپلىگەن.

چەت ئەللەردە يېڭى - يېڭى تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشى، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش ۋە پىكىر بىرلىكىگە كېلىشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇشى، ھەربىر تەشكىلاتنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى يېقىنلىرى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەرنى يەكلىشى قاتارلىقلار ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلگەن «خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش» ئاتالغۇسىنىڭ كىشىلەرنىڭ زېھنىدىكى ئەكس ئېتىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلارنىڭ بىرمۇنچىسى ھېچكىمنى باشلىق دەپ قوبۇل قىلمايدىغانلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن يەككە - يېگانىلىكنى تاللىۋالغان. بىرلىشىش ۋە ئورتاق نىشانغا قاراپ مېڭىشنى مۇرەككەپ كۆرۈپ قىلىشنى ھەقىقىي مەنىدە ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق كۈرىشى ھېچبىر شەخسنىڭ ياكى ئۇ مەنسۇپ بولغان تەشكىلاتنىڭ شەخسىي مەسىلىسى، شەخسىي كۈرىشى ئەمەس، ھەتتا پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا كۈرىشىمۇ ئەمەس. مۇستەقىللىق كۈرىشى – پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن يولداش ۋە سەپداش بولۇپ تۇرۇپ قىلىدىغان كۈرىشى. چۈنكى، مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇلغاندا، ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر بولمىغان خەلقلەرنى بۇ دۆلەتتىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ ۋە قوغلىۋەتمەسلىكى كېرەك. مەلۇم بىر خىل چۈشەنچىدىكى ياكى مەلۇم بىر خىل ياشاش شەكلىگە مەنسۇپ كىشىلەر دۆلەتنى باشقۇرسا، بۇلارغا ئوخشىمايدىغان، پەرقلىق چۈشەنچىدىكى ياكى پەرقلىق ياشاش شەكلىنى تاللىغان كىشىلەرنى چەتكە قاقالمايدۇ، چەتكە قاقماسلىقى كېرەك. بىر دۆلەتنىڭ تۈزۈمى – پۈتۈن خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان، ھەممىسىگە ئوخشاش ئىمكان ۋە ھەق - ھوقۇق بېرىدىغان، دېموكراتىك سىستېمىدىكى بىر دۆلەت تۈزۈمى بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بۇ مۇستەقىللىق ئەبەدىي بولالايدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەتتە چەت ئەللەردىكى تەشكىلاتلار ياكى كۈرەش سەھنىسىگە چىققان شەخسلەر خىزمەتلەرنى باشقىلار بىلەن بىللە قىلىدىغان تەشكىلات ۋە شەخس بولۇشى كېرەك. سەپداشلىق پىكرى ۋە سەپداشلىق چۈشەنچىسى ئومۇملاشقاندا كۈچ - قۇۋۋەتمۇ ئاشىدۇ. شۇڭا تەشكىلات رەھبەرلىرى ئۈچۈن «... نىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، ... نى زىيارەت قىلدى» ئىپادىسىنى ئەمەس، بەلكى «... بىلەن پىكىرلەشتى، ... بىلەن ھەمكارلىق ھەققىدە سۆھبەتلەشتى» ئىپادىسىنى قوللىنىش كېرەك.

**«ئاكا» ۋە «ئۇكا»:** ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھېس - تۇيغۇلارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، قېرىنداشلىق ۋە تۇغقانچىلىق باغلىرى كۈچلۈك بىر جەمئىيەت. بۇ ئالاھىدىلىك، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشى، ئائىلە ئەزالىرى ئارىسىدىكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك بولۇشى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىشنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، باشقىلارنى ئاتاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تۇغقانچىلىق سۆزلىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىلىملىكنىڭ بەلگىسى ئەمەس، چوڭلارنىڭ يېشىغا ھۆرمەت قىلىش خاھىشىنى كۈچلەندۈرۈۋەتكەن. شۇڭا بىر ئىشنىڭ مۇتەخەسسىسى ياش بىر كىشى بولسا، يېشى

چوڭ كىشى ئۇنى «ئۇكام» دەپ ئاتىغاندا، سۆزلىگۈچىنىڭ پسىخىكىسىدا ياش كىشىنىڭ پىكىرلىرىنىڭ ئىلمىيلىكىگە قارىماستىن ئۇنى رەت قىلىش، تەنقىدلەش، ھەتتا ئازار بېرىپ ئاغزىنى ئاچالمايدىغان قىلىپ جىمىقتۇرۇۋېتىشكە ئۆزىنى پوتونلەي ھوقۇقلۇق دەپ قارايدىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. مۇتەخەسسىسنىڭ يېشى چوڭ كىشىگە قارىتا قارشى پىكىر بايان قىلىشى بولسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەرىپىدىن ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىلىدۇ. مۇتەخەسسىسمۇ «ئۇكام!» دېگەن كەلىمە بىلەن باشلىغان بىر جۈملىگە، «ئۇكام»نى ئىشىتكەن دەمدىن ئېتىبارەن، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ياكى ئەدەپسىز، تەربىيەسىز دەپ خاتا چۈشىنىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىتائەت قىلىشقا تەييار بولۇش پسىخىكىسىغا كىرىدۇ. بۇ ئەھۋال بارلىق ئىشلارغا كەسپىي مۇئامىلە قىلىش خاھىشىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. خىتاب قىلىش شەكلىنى ئۆزگەرتكەندە، مەسىلەن، مۇتەخەسسىسكە «ئۇكام» ئەمەس، «... ئەپەندى» ، «... خانىم» دېگەندە، سۆزلىگۈچىدە بۇيرۇق بېرىش، ئىتائەت قىلدۇرۇش ئەمەس، ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيەسى شەكىللىنىدۇ.

تۇغقانچىلىق ئاتالغۇلىرى كىشىلەر ئارىسىدا يېقىن ۋە سەممىي بىر تۇيغۇ پەيدا قىلغان بولسا، «ئەپەندى» ۋە «خانىم» ئاتالغۇلىرى كىشىلەر ئارىسىدا مەلۇم ئارىلىق پەيدا قىلىدۇ. رەسمىي سورۇنلاردا «ئەپەندى» ۋە «خانىم» سۆزلىرىنى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، ئۇنۋانى بار كىشىلەرنىڭ ئۇنۋانىنىڭمۇ ئىشلىتىلىشى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بىلىمگە ۋە بىلىم ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش خاھىشىنىڭ ئومۇملىششىغا پايدىلىق. مەلۇم بىر ساھەدە مۇتەخەسسىس دېمەك، شۇ ئىش ھەققىدە سۆز قىلىش ۋە قارار بېرىش ھەققىگە ئىگە كىشى، دېگەنلىكتۇر.

ئۇيغۇرلار ناھايىتى كىچىك پېئىل كىشىلەردۇر. بۇ كىچىك پېئىللىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كىشىلەرگە ئەدەپ - قائىدە تەرىقىسىدە باللىق ۋاقتىدىن باشلاپ سىڭدۈرۈلۈپ ماڭىدۇ. كىچىك پېئىللىقتا، ئۇزۇن مەزگىل ئاسارەت ئاستىدا ياشاش ۋە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا خورلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئىزلىرى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ تارىخىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆگەنگەندىن كېيىن كىشىنىڭ زېھنىدە شەكىللەنگەن ئىزتىراپ، ئۆكۈنۈش قاتارلىق تۇيغۇلار قوشۇلغاندا، ئۆزىنى چارىسىز ۋە يېتەرسىز ھېس قىلىشتىن تۇغۇلغان ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك پسىخىكىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان بىر كىشى ئۆزى كۆرگەنلىرىنىمۇ ئۆزىدەك تۆۋەن كۆرىدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆز مىللىتىدىن يېتىشكەن مۇتەخەسسىسلەرگە ئېتىبار بەرمەيدىغان، ئۆزىگە ئوخشاشلارنى تۆۋەن، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۈستۈن كۆرىدىغان خاھىش بىرقەدەر ئېغىر. مۇتەخەسسىسنى ئىسمى بىلەن ئاتاش، سۆزلىگۈچىنىڭ نەزىرىدە بىر ياقتىن مۇتەخەسسىسنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەتتىكى بىر كىشى ئىكەنلىكىنى، ھۆرمەت قىلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر ياقتىن مۇتەخەسسىسنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى بىلىمىنى تۆۋەن مۆلچەرلەش تۇيغۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ئەھۋال بىلىمگە ئىشەنمەسلىك ۋە بىلىملىكنى قەدىرلىمەسلىك خاھىشىنىڭ يامراپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، بىلىملىكلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئەسلىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولغان بىر ئەھۋال. شۇڭا «قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دېگەن ماقال - تەمسىل ئوتتۇرىغا چىققان. بىلىمگە ۋە بىلگەن كىشىگە ھۆرمەت قىلغاندا، پوزىتسىيە ئۆزگىرىدۇ، ئىشنى توغرا ۋە ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدۇ. بىر كىشىنىڭ يېشىنىڭ چوڭ بولۇشى بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ياكى قارار بېرىش ئۈچۈن بۇ كىشىنىڭ لاياقەتلىك ياكى نوپۇزلۇق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەلۋەتتە، چوڭلار ھۆرمەت قىلىنىشى، پىكىر، كۆز قاراشلىرى سورىلىشى كېرەك. لېكىن كەسپىيلەشكەن ياشلارغا «ئۇكام» دەپ خىتاب قىلىش توغرا ئەمەس.

تىلنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە تەسىر قىلىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنۋانى بىلەن «دوكتور» دەپ ئاتالغاندا، كىشىنىڭ قىلغان ئەجرىگە ۋە بىلىمگە ھۆرمەت كۆرسىتىلگەن بولىدۇ. بىلىمگە ۋە بىلىملىكلەرگە ھۆرمەت كۆرسىتىلگەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ياش ئەزالىرى ئۇلارنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ ۋە مۇشۇنداق

ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر كىشى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەگەر بىلىملىكلەر خارلانغان، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىنمىغان بىر مۇھىت شەكىللەنسە، ئىنسان تەبىئىتى خارلىنىشنى ئەمەس سۆيۈلۈشنى ۋە ئەزىز كۆرۈلۈشنى ئىستەيدىغان بولغاچقا، جەمئىيەتتە نادانلار كۆپىيىپ، جاھالەت يامراپ كېتىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ماھىيەتتە خىتاي دۆلىتىنى باشقۇرۇۋاتقان ماۋ زېدوڭ بىلەن ئۇنىڭ خوتۇنى باشچىلىقىدىكى قارشى پىكىرلىك كىشىلەرنىڭ تەخت كۈرىشى بولۇپ، خىتايدا قۇتۇپلىشىش ۋە بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى قوراللىق باستۇرۇش تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلغان. خىتاينىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ۋەتىنىمىزدە بولسا زىيالىيلارنى قىرغىن قىلىش، خارلاش ۋە مىللىي بولغان ھەممە نەرسىنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ھەرىكىتىگە ئايلانغان. 14 - 15 ياشلىق نارەسىدە ۋە نادان بالىلارنىڭ، پۈتۈن بېسىملارغا تىز پۈكمەستىن ئۆمرىنى بىلىمگە ئاتىغان مۇتەپەككۇرلارنى، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنى قالپاق كىيدۈرۈپ، تەنقىد قىلىپ، ھاقارەتلەپ خورلىشىغا ئىمكان ۋە پۇرسەت يارىتىپ بېرىلگەن. «سېسىق زىيالىي» ئاتالغۇسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئۇقۇغان، بىلىملىك زىيالىيلار ئېتىبارسىزلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى يېتەكلەپ مېڭىشى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1950 - يىللاردا تۇغۇلغان بىر ئەۋلادنىڭ بىلىم ئۆگىنىدىغان ئەڭ گۈزەل ياشلىق دەۋرى نابۇت بولغان. زىيالىيلارنى تۆۋەن كۆرىدىغان خاھىش 1980 - يىلدىن كېيىنمۇ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ توختاپ قالمىغان. ئوقۇتقۇچىلار – ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى نۇرلاندۇرىدىغان بىلىم ئىگىلىرى مائاشىنىڭ ئاز بولۇشى سەۋەبلىك، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماسلىشىپ ھاللىق سەۋىيەگە كەلگەن جەمئىيەت ئەزالىرى تەرىپىدىن «چىچقاق زىيالىي» دەپ ئاتالغان.

بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مەسىلە بار. پەندە ئوقۇغانلار بىلەن دىنىدا ئوقۇغانلار ئوخشاشلا ئۆز ساھەسىدە ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر، ئۆز ساھەسىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى. دىن ئىلىممۇ ماھىيەتتە زامانىۋى بىلىملەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، دىنىنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «زىيالىي» سۆزىنىڭ ئىزاھلىق لۇغەتتىكى چۈشەندۈرۈلۈشىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «زىيالىي» ئاتالغۇسى پەقەتلا پەندە ئوقۇغانلارنى ئىپادىلەيدۇ (ياقۇب قاتارلىقلار 1992: 356). ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ بۇ مەنە ئومۇملاشقان. ئۇنداق بولسا دىنىدا ئوقۇغان ئابدۇقادىر داموللام زىيالىي ئەمەسمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. 1987 - يىلى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتىدا بەش يىل تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرۈپ چىققانلارنىڭ بۇ لۇغەتنى تۈزۈش باسقۇچىغا يېتىشەلمىگەنلىكىنى قىياس قىلغان تەقدىردىمۇ، 1980 - يىللاردىن كېيىن چەت ئەلگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەندە مىسىر قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدە دىن ئىلمى ئوقۇغانلار نەزەردىن ساقىت قىلىنغان ياكى ئىسلام دىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە خەلقنىڭ قەدرىيەتلىرىدىن بىرى بولسىمۇ، خىتاي ئىشغالچىلىرى تەرىپىدىن «سەزگۈر مەسىلە» دەپ قارالغانلىقى ئۈچۈن، لۇغەتتە «زىيالىي» سۆزىنىڭ ئىزاھاتىغا دىنىي بىلىملەردە ئوقۇغانلار ئەتەي قوشۇلمىغان.

1910 – 1944 - ئارىسىدىكى سىياسەتتە دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئۇ، دىنىي ئالىم بولۇش بىلەن بىرگە جەدىتچى زىيالىي ئىدى. مەنبەلەر بىزگە بۇ ۋاقىتلاردا جەمئىيەتتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ دىنىي كىملىكتىكى زاتلار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 1949 - يىلدىن كېيىنكى سىياسەتتە ئۇلارنىڭ نوپۇزى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئاجىزلاشتۇرۇلغان. ئىسلام ئەقىدىسىنى، ئېتىقادىنى بىر گۇناھ قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، قارشىلىق ھەرىكىتى قىلغانلارنى پەقەتلا دىنىي كىملىكى بار كىشىلەر قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق بىر ياقتىن مىللىي كىملىكنىڭ مۇھىم بىر پارچىسى بولغان ئىسلام دىنى ئېتىبارسىزلاشتۇرۇلۇشقا ئۇرۇنۇلغان بولسا، يەنە بىر ياقتىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قۇتۇپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى ئاجىزلاشتۇرۇلغان. ھەر قېتىم بىر قارشىلىق ھەرىكىتى كۆرۈلگەندە، بۇنى دىنىي كىملىكتىكى كىشىلەرنىڭ سادىر قىلغانلىقى تەكىتلىنىپ، پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا

كوچىلاردا نۆۋەت تۇرۇشقا، ئىشخانىلاردا قونۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە قارشىلىق ھەرىكىتىگە ۋە مىللىي قەھرىمانلارغا قارىتا سەلبىي كۆز قاراش شەكىللەندۈرۈلۈشكە تىرىشىلغان. بۇ جەرياندا، شەرقىي تۈركىستاندىكى نېگىزلىك زىددىيەتنىڭ ئىشغالدىن كېلىپ چىققان زىددىيەت ئىكەنلىكى پەردىلىنىپ، زىددىيەتنىڭ سىنىپىي زىددىيەت ئىكەنلىكى تەشۋىق قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇر قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان مۇھىم قەدرىيەتلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر تىلى بولسا، يەنە بىرى ئىسلام دىنىدۇر. ئىسلام دىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىللىيلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، ئەنئەنىۋى كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇلغان. خىتاي، مىللىي كىملىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنى چەكلەشتىن بۇرۇنلا دىنىنى كونىلىق ۋە قالاقلىق دەپ تەرغىب قىلىپ، ھەر خىل چەكلىمىلەرنى قويغان. ئىسلام دىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا چەكلىنىشى تۈپەيلىدىن، چەت ئەلگە چىقالىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بالىلىرىنى ياكى يېقىنلىرىنى ياكى ئوقۇشنى ۋە ياكى ئوقۇشنى ئىستىگەنلىرىنى ئالدى بىلەن دىنىدا ئوقۇتۇشنى ئارزۇ قىلغان. دىن بىلىمى خۇددى تىل، تارىخ، فىزىكا، خىمىيە، كومپيۇتېر، ئالەم ئىلمى قاتارلىق پەنلەرگە ئوخشاشلا بىر پەن. شۇڭا بۇ ساھەدىمۇ ئىختىساس ئىگىلىرى يېتىشىپ چىقىشى لازىم. ئەمما، دىنىدىن باشقا پەنلەرنى ئوقۇش، بىر مۇسۇلماننىڭ ئىبادىتىنى قىلىپ تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇشىنى چەكلىمەيدۇ. دىنىدىن باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىش، قۇرئان ئۆگىنىشنى چەكلىمەيدۇ. بىر ئۇيغۇر ھەم تەقۋادار بىر مۇسۇلمان ھەم مەلۇم كەسىپتە ئىختىساس ئىگىسى بولۇشى تامامەن مۇمكىن. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن ئىلىملەردە ئوقۇغان ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئېھتىياجى بار. بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي قۇرئان كۇرسلىرىدا ئوقۇتۇش، بالىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال مائارىپتىن پايدىلىنىش ۋە بىلىم ئىگىلەش ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر؛ جەمئىيەتتە بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇشىنى، مەلۇم بىر ساھەدە بەلكىم دۇنياغا داڭلىق بىر ئىجادكار بولۇشىنى توسۇپ قالغانلىقتۇر. ئېينىشتېيننىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى رولى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىنى ھەر خىل بىلىملەردە ياخشى تەربىيەلەنگەن زىيالىيلار قوشۇنى بىلەن ئۇلارنى قوللايدىغان ئەزالار ئۆزگەرتەلەيدۇ. پەقەتلا دىنىدا ئوقۇغانلار ياكى پەقەتلا پەندە ئوقۇغانلار ئەمەس، بەلكى ھەممىسى بىر پۈتۈن بولغاندا ئۆزگەرتەلەيدۇ.

شۇڭا «زىيالىي» سۆزى ھەم پەندە ئوقۇغان ھەم دىنىدا ئوقۇغان كىشىلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەك. «كاپىر زىيالىي»، «دىنچى» دېگەندەك، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قۇتۇپلاشتۇرىدىغان ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنى نىشاندىن ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك.

**«راست گەپنى قىلسام»**: بۇ سۆز «راستىنى ئېيتسام» قېلىپىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاڭلىغۇچىنىڭ زېھنىدە سۆزلىگۈچىنىڭ گېپىگە قارىتا شۈبھە پەيدا قىلىدىغان بىر سۆز بولۇپ، مەجبۇر قالغاچقا راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى، نورمال ئەھۋالدا يالغان سۆزلەيدىغان ئادىتى بارلىقىنى خاتىرىلىتىدۇ. بۇ سۆز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇملاشقان بولغاچقا ئەدەبىي ئەسەرلەردىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق سۆزلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇرلار دائىم يالغان سۆزلەيدىغان، ساختىپەز خەلقمۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيەسىنى بۇرمىلاپ ئىپادىلەيدىغان بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئورنىغا مۇمكىنقەدەر باشقا سۆزلەرنى ئىشلەتكەن ياخشى. مەسىلەن، «ئوچۇقنى ئېيتسام»، «كۆڭلۈمدىكىنى دېسەم» دېگەندەك.

**«شىنجاڭ»**: ھازىر «ئوتتۇرا ئاسىيا» دېيىلىۋاتقان رايونلار تۈرك خەلقلىرى تارىختىن بېرى بىرلىكتە ياشىغان رايونلار بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تۈركىستان» دەپ ئاتالغان. غەربىي تەرىپى «غەربىي تۈركىستان»، شەرقىي تەرىپى بولسا «شەرقىي تۈركىستان» دەپ ئاتالغان. «تۈركىستان» ۋە «مۇسۇلمان» ئاتالغۇلىرى تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئۈست كىملىكى بولۇپ، كىملىكلىرىنى شەخسلەشتۈرۈش كېرەك بولغاندا «كاشغەرلىك»، «ئەنجانلىق»، «توقماقلىق»، «بۇخارالىق» قاتارلىق ئاتالغۇلار بىلەن ئىپادىلىگەن.

چار رۇسىيەسىنىڭ 1552 - يىلى قازان خانلىقىنى ئىشغال قىلىشى بىلەن باشلانغان ئىستىلا قىلىنىش جەريانى غەربىي تۈركىستاننىڭ رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىش جەريانى بولۇپ، 1991 - يىلغىچە داۋاملاشقان. مانجۇلار باشقۇرۇۋاتقان خىتاي دۆلىتى، يەنى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ 1878 - يىلى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشى نەتىجىسىدە، شەرقىي تۈركىستان مانجۇ هۆكۈمرانلىقىدىكى خىتاي دۆلىتىنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان. 1884 - يىلى دۆلەتنىڭ ئىسمى «شىنجاڭ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ سۆزنىڭ خىتايچە يېزىلىشى 新疆 بولۇپ، «يېڭى چېگرا» دېگەن مەنىدە. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى، بۇ زېمىننىڭ ئىشغال قىلىنغان رايون ئىكەنلىكىنى ناهايىتى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ.

مەنچىڭ ئىشغالچىلىرى تەرىپىدىن رەسمىيلەشتۈرۈلگەن «شىنجاڭ» ئىسمى، 1911 - يىلى مىللەتچى خىتايلارنىڭ (گومىنداڭ) خىتاي دۆلىتىنى باشقۇرۇش هوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشى بىلەن بىرلىكتە، ئۇيغۇرلار ئۇچرىغان ئېغىر زۇلۇم ۋە تالان - تاراجغا پاراللېل شەكىلدە ئومۇملىشىش باسقۇچىغا كىرگەن. مەزكۇر ئىسىم، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولۇشنىڭ سىمۋولى ۋە ئىپادىسى بولغاچقا، 1933 - ۋە 1944 - يىلى قۇرۇلغان دۆلەتلەرگە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتى» ۋە «شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتى» ئىسمى بېرىلگەن. جۇمهۇرىيەتلەرنى هەر خىل هىيلە - نەيرەڭلەر بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلىغان خىتاي دۆلىتى 1949 - يىلى كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندە، شەرقىي تۈركىستاننى يەنە «شىنجاڭ» دەپ ئاتاشنى داۋاملاشتۇرغان.

ئۇيغۇرلارغا دۆلىتىنىڭ مۇستەملىكە بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بولسا خىتايلارنىڭ قۇلى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن سىياسەتلەرنى يۈرگۈزگەن خىتاي دۆلىتى، «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىمنىڭ ئومۇملىشىشىنى تېزلىتىدىغان، «شەرقىي تۈركىستان» ئىسمىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزگەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان ياكى «خەرىتىدە ‹شەرقىي تۈركىستان› دەپ بىر يەر يوق تۇرسا، نېمىشقا بۇ ئىسىمنى ئىشلىتىمەن؟» دەپ قارايدىغان ئەۋلادلار يېتىشىپ چىققان. بۇ ئەھۋال، تىلدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئىنساننىڭ چۈشەنچىسىدىكى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«شەرقىي تۈركىستان» ئىسمىنىڭ «شىنجاڭ»غا ئۆزگەرتىلىشىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغىچە بولغان تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتلەرنى نەزەرگە ئالساق، مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇ: خىتاي دۆلىتىنى كىم باشقۇرسا باشقۇرسۇن، خىتاي دۆلىتى ئىمكانىيەت بارىسىلا (ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن قورقمىسىلا) شەرقىي تۈركىستاننى تالان - تاراج قىلىشتىن ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى قۇل قىلىشتىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدۇ. خىتاي دۆلىتىنىڭ سىياسىتى ئۆزگىرىپ دېموكراتىك بىر مۇھىت شەكىللەنگەن تەقدىردىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋە خىتاي خەلقىنىڭ نەزىرىدە بويسۇندۇرۇلغان، ئىستىلا قىلىنغان بىر يەر. پۈتۈن سىياسەت مۇشۇ كۆز قاراشنى ئاساس قىلىپ يۈرگۈزۈلىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ۋە پايدا - زىياننى چىقىش قىلىپ، «شىنجاڭ» ئاتالغۇسىنى ئىشلىتىدۇ. لېكىن، بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خارلىقنىڭ، سەرسان - سەرگەردانلىقنىڭ، كۆز يېشىنىڭ ۋە ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئىسمىدۇر. شۇڭا كۈندىلىك تۇرمۇشتا بۇ ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان»، «ۋەتەن» دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش كېرەك.

## خۇلاسە

ھەربىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي رولى بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي رول تىلنىڭ فونېما سىستېمىسى ۋە گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىچكى ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتسىز. بىر تىلنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا شۇ تىلنى ئىشلەتكۈچى كىشىلەرنىڭ، يەنى تىلنىڭ ئىگىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئىقتىدارى ۋە تىلغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر مىللىي تىلنىڭ بارغانسېرى ئاجىزلىششى ياكى كۈچلىنىپ خەلقئارالىق تىل دەرىجىسىگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي رولىنىڭ ئازىيىشى ياكى كۈچىيىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بىر مىللىي تىلنىڭ قايسى دەرىجىدە، قانچىلىك دائىرىدە قوللىنىلىشى تىلنىڭ ئۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىلنىڭ ئىگىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق – 1960 - يىللاردا مۇستەقىل بىر پەن بولۇپ شەكىللەنگەن ئارىلىق پەندۇر. ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا يېڭى بىر پەن بولۇپ، تىل بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىشغال ئاستىدا ياشاۋاتقان بىر خەلق بولغاچقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى «شىنجاڭ»، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» قاتارلىق ئاتالغۇلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي ھاۋاسى ئۆزگەرگەنلىكى سەۋەبلىك ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى يېڭىدىن شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ۋە قارشىلىق كۆرسىتىش پۈتۈن جانلىقلارنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان تۇغما ھېس - تۇيغۇدۇر. خىتاي دۆلىتى ۋە خىتاي خەلقى تەرىپىدىن «باندىت» دېيىلگەنلەر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «مىللىي قەھرىمان»ىدۇر. ئۇيغۇر جەمئىيىتى تەبىئىي ھەق - ھوقۇقلىرى بولغان مۇستەقىللىقنى ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ھەر خىل شارائىتتا ھەر خىل شەكىلدە تىنىمسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى ئاتالغۇلارنى ئاڭلىق ئىشلىتىشمۇ مۇشۇ كۈرەشنىڭ بىر پارچىسى. «مەن» دېيىشنىڭ ئورنىغا «بىز» دېيەلىگەندە، مىللىي مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەۋلادلارنى بىلىملىك، جاسارەتلىك ۋە پەم - پاراسەتلىك يېتىشتۈرەلىگەندە، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ تەپەككۇر سىستېمىسىدا بىر يېڭىلىنىش بەرپا قىلالىغاندا، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

ياش - ئۆسمۈرلەرنى كىچىك گۇرۇپپا سۈپىتىدە ئۆزى تەۋە بولغان گۇرۇپپىنىڭ ئىدېئولوگىيەسى بىلەن تەربىيەلەش، كېلەچەكتە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان، ئەسلىي دۈشمەننى ئۇنتۇپ بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان پارچە - پارچە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۈچۈن ئاساس سېلىشتۇر. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشى تىل بىلەن بىللە سىڭدۈرۈلىدىغان مىللىي كۈلتۈر، مىللىي مەدەنىيەت ئېڭى ۋە تەۋەلىك چۈشەنچىسى، ئورتاق مىللىي كىملىكنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا، مەيلى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولسۇن، مەيلى مىللىي مائارىپتا بولسۇن، ئۇيغۇر تىلىنى ئاڭلىق ئىشلىتىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

*بۇ ماقالىنى «پىداكار» تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

(تەگئاتلار، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپىگە ئاساسەن رەتكە تىزىلدى.)


[1] ئابدۇرېشىت، زۇلھەججەگۈل. (2019). لىتىپ توختى، «تۈركىيە تېشىدىكى تۈرك دۇنياسى تۈركولوگلىرى»، تەھرىر: پىروف. در. ئاخمەت بۇران، ئەنقەرە: ئاقچاغ نەشرىياتى، 955 - 958.

[2] ئابدۇللا تەھۇر، ئارسلان قاتارلىقلار. (2010). «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، ئۈرۈمچى: خەلق نەشرىياتى.

[3] ئاززىبېۋ، رۇسلان. (2019). «ئۇيغۇر تىلى – ئۆگىنىش ۋە ئۆگىتىش»، ئالمۇتا: مىر نەشرىياتى.

[4] توختى، ئالىمجان. (2015). «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىكى ئىككى چوڭ تىلشۇناسلىق نەزەرىيەسى»، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى»، 3 - سان، 90 - 102 - بەت.

[5] خانباباييېۋ، راخمان. (1990). «تىلشۇناسلىق تېزىسلىرى»، ئۈرۈمچى: ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى.

[6] دېمىرجى، كېرىم. (2015). «تۈركولوگىيە ئۈچۈن تىلشۇناسلىق» (Türkoloji için Dilbilim). ئەنقەرە: ئانى نەشرىياتى.

[7] روزى، نۇر. (2012). «ئەنجانباي»، ئۈرۈمچى: خەلق نەشرىياتى.

[8] قايداروۋ، ئا؛ سەدۋاقاسوۋ، غ؛ تالىپوۋ ت. (1983). «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى.

[9] قەشقەرىي، رائىلە. (2014). «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىنىڭ شېئىرلىرى ھەققىدە تىل تەتقىقاتى»، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسى.

[10] قەشقەرىي، رائىلە ئابدۇۋاھىت. (2022). «لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ھەققىدە»، «ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)»، شۋېتسىيە: دۇنيا ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسى نەشرى، 219 - 273 - بەت.

[11] ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىنى يېزىش - تەھرىرلەش كومىتېتى. (1996) . «شىنجاڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا دائىر چوڭ ئىشلار خاتىرىسى»، تەرجىمە: ئابدۇللا ئاۋۇت قاتارلىقلار. ئۈرۈمچى: خەلق نەشرىياتى.

[12] ما، داجېڭ ۋە شۇ، جىيەنيىڭ. (2017). «‹شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى› خام خىيالىنىڭ بەربات بولۇشى». تەرجىمە: ئەخمەت مۆمىن تارىمى. ئۈرۈمچى: خەلق نەشرىياتى.

[13] مۇھەممەت، تاھىرجان. (2013). «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلشۇناسلىقىنىڭ باشلامچىسى، ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى – ئىبراھىم مۇتىئى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى ۋە تىلى ھەققىدە»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 754 - 761 - بەت.

[14] ھولمېس، جانېت. (2013) . «ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىققا كىرىش» (An Introduction to Sociolinguistics)، نيۇ يورك: روتلېج نەشرىياتى، 4 - نەشرى، 1 - بەت.

[15] ئوسمانوۋ، مىرسۇلتان ۋە سايىت، مۇھەممەترېھىم. (1991). «قىسقىچە تىلشۇناسلىق لۇغىتى»، ئۈرۈمچى: خەلق نەشرىياتى.

[16] يولبولدى، نەسرۇللا. (1983). «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئاساسىي بىلىملەر»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى.

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى:



رائىلە ئابدۇۋاھىت كاشغەرىي

- 1979 - ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن.
- 1984 - ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن.
- 1987 - ئاقسۇ شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا 9 - سىنىپىدا ئوقۇشقا باشلىغان.
- 1990 - مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتى كەسپىدە باكلاۋۇرلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن.
- 1996 - شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە باشلىغان.
- 2000 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر يىللىق تۈركچە ئوقۇتۇش بۆلۈمىدە ئوقۇشقا باشلىغان.
- 2004 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى قەدىمكى زامان تۈرك تىلى كەسپىدە ماگىستىرلىق ئوقۇشىغا كىرگەن.
- 2007 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى ھازىرقى زامان تۈرك تىلى كەسپىدە دوكتورلۇق ئوقۇشىغا كىرگەن.
- 2007 - ئىستانبۇل يەتتە تۆپە ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچىلىققا باشلىغان.
- 2009 - ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىققا باشلىغان.
- 2014 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدىن فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانىنى ئالغان.
- 2014 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان تۈرك لەھجەلەرى ۋە ئەدەبىياتلىرى بۆلۈمىدە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى باشلىغان.
- 2018 - تۈركىيە ئالىي مەكتەپلەرنى باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن دوتسېنتلىق ئۇنۋانىنى ئالغان.
- 2019 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان تۈرك لەھجەلەرى ۋە ئەدەبىياتلىرى بۆلۈمىدە دوتسېنت ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى باشلىغان.
- 2019 - ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ھازىرقى زامان تۈرك لەھجەلەرى ۋە ئەدەبىياتلىرى بۆلۈمىدە دوتسېنت ئۇنۋانى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى باشلىغان.

41

# ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى تۈزۈش ھەققىدە

ئابدۇجېلىل تۇران
ئىستانبۇل، تۈركىيە

ئېنسىكلوپېدىيە دېگىنىمىز، بىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنىۋېرسال ياكى خاس بىرەر پەن ساھەسىدە مەلۇمات بېرىدىغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان لۇغەت شەكلىدىكى ئىلمىي قوللانما. ئېنسىكلوپېدىيە ئىنسانلارنى ئىلىمنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ۋاستىسى، ئىلىمنىڭ ئاچقۇچى، ئىلىمنىڭ خەزىنىسىدۇر. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، قويۇق مىللىي خاسلىققا ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بىر مىللەت. خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تىلىمىزدا مۇكەممەل ھەم سىستېمىلىق نەشر قىلىنغان ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بۇ ماقالىدە مەن «ئۇيغۇر - ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى تۈزۈش» ھەققىدە ۋە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلەر توغرىسىدا توختىلىمەن.

## ئىسلام ۋە غەربتە ئېنسىكلوپېدىيە

يەر يۈزىدە ياشىغان بارلىق ئىنسانلار ئۆزىگە خاس مەدەنىيەتكە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، فىرانسىيە چېگرالىرىدىن ھىندونېزىيەگە قەدەر تارقالغان ئىسلامنىڭمۇ ئۆزىگە خاس مەدەنىيىتى بار. ئىسلام مەدەنىيىتى باشقا ھەرقانداق مەدەنىيەتكە قارىغاندا تېخىمۇ كەڭ تەسىر دائىرىگە ئىگە. چۈنكى 14 ئەسىردەك ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولغان بۇ مەدەنىيەت، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئەھلى كىتاب (يەھۇدىي، خرىستىيان) مەدەنىيىتىنى تۈزىتىپ ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا، بىر ئىرق ياكى تار ئۇقۇمدىكى مەلۇم جۇغراپىيەلىك رايون بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان، پۈتكۈل ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەدەنىيىتىگە ئايلانغان.

«ۋەھيي مەدەنىيىتى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەدەنىيەت ئۆزىنىڭ ئىلھام مەنبەسىنى قۇرئان كەرىم

ۋە سۈننەتتىن ئالغان بولۇپ، ھەر تەرەپتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ مەدەنىيەتكە تەۋە توپلۇملار تارىختا ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئالاھىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلىگەن ۋە زور بايقاشلارنى قولغا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ھاياتىنى سائادەتكە ئىگە قىلىش يولىدا يېڭى - يېڭى قەدەملەر تاشلىغان. بۇ مەدەنىيەت، ئۆزىگە خاس ئىلمىي چۈشەنچىلىرى بىلەن ھەر دەۋردە ئېسىل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە بۇ ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېڭى تۈرلەر بىلەن ئۆز كۆلتۈرىنى كېڭەيتكەن. ئىسلام تارىخىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە بايقاشلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا كەڭ ئىلىم ساھەلىرىدە مۇسۇلمانلاردەك ئۆزىنى نامايان قىلغان باشقا بىر توپلۇم ياكى ئۇممەتنىڭ يوقلۇقى كۆرۈۋالالايمىز.

ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مەلۇم بىر ساھە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ھەر ساھەدە ئېنسىكلوپېدىك بىلىمگە ئىگە بولۇپ، نۇرغۇن مەسىلىلەردە تولۇق ھوقۇقلۇق، بىر پۈتۈن مۇتەخەسسىس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام تارىخىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قالدۇرغان ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق، «ئېنسىكلوپېدىيەلىك» تەتقىقاتلارنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىلا باشلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

«ئېنسىكلوپېدىيە» سۆزى قەدىمكى يۇنان تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، بارلىق ئىلىملەردىكى ياكى مەلۇم بىر ئىلىم ساھەسىدىكى بىلىملەرنى ئەتراپلىق ھالدا ئوقۇرمەنگە يەتكۈزگەن ئاممىباب پايدىلىنىش مەنبەسى، دەپ ئېنىقلىما بېرىلمەكتە. يۇنانچىدا «syclo»: چەكلىك بىر رايون، يەر ياكى دائىرە؛ «paedia» بولسا: بىلىم، بىلگى دېگەنلىك بولىدۇ. سۆزنىڭ بېشىدىكى «En» بولسا: دە... ، دا...، ئىچىدە دېگەن مەنىدە. شۇڭا «بىر دائىرە ئىچىدىكى بىلگىلەر» ياكى «بىلگە چەمبىرى» مەنىسىدە بىلىنگەن ئېنسىكلوپېدىيە ئەرەب ۋە تۈركلەردە «قامۇس»، «مۇئجەم»، «تەباقات»، «مۇھىت»، «مۇھىتۇل مائارىف»، «دائىرەتۇل مائارىف» ۋە ئاخىرىدا يەنە «مەۋسۇئە» نامىنى بەرگەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز. ئېنسىكلوپېدىيەگە «مۇئجەم» نامىنى بېرىشنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ھەرپ تەرتىپلىرى بويىچە تىزىلىدىغان بولۇشىدۇر. بۇلاردا مەزمۇنلار «ئەلىف» دىن «ي» غىچە، يەنى «ئا» دىن «ي» غىچە تەرتىپلىنىدۇ.

ئىسلامدا ئىلىملەر قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈشى ۋە ئىنسانلارنىڭ بىلدۈرۈلۈشى (بىلگە ساھىبى قىلىش) بىلەن باشلانغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن داۋام قىلغان. بەزى ساھابىلەرنىڭ ھەدىسلەرنى توپلاشقا باشلىشى ۋە كېيىنچە قۇرئان كەرىمنىڭ يېزىپ كۆپەيتىلىپ تارقىتىلىشى، مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن قۇرئان ھەرپلىرىگە ھەرىكەت ۋە چېكىتلەرنىڭ قويۇلۇشى بىلەن قۇرئان ئىلىملىرى خاتىرىلىنىشكە باشلىغان.

تابىئىنلەر دەۋرىدىن بۈگۈنگە قەدەر نۇرغۇن ساھەلەردە ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى مۇجەسسەملىگەن كۆپلىگەن ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. بولۇپمۇ، «قۇرئان كەرىم ۋە تەپسىرى»، «ھەدىس»، «فىقھى»، «كالام»، «مەزھەپلەر تارىخى»، «ئەدەبىيات»، «تېبابەت»، «پەلسەپە»، «سىيرەت»، «تارىخ» ، «شەھەر تارىخلىرى»، «رىجال (ھەدىس رىۋايەتچىلىرى) ۋە بىيوگرافى»غا ئائىت ئەسەرلەر بىلەن بىرگە «بوتانىكا (ئۆسۈملۈك ئىلمى)»، «زوئولوگىيە»، «تىل»، «گىراماتىكا (سەرف - نەھۋى)» ، «تەسەۋۋۇپ» ۋە «بىيوگرافىك (تەزكىرىچىلىك)» كە ئائىت ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن. پۈتۈن بۇ ئىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئىسلام تارىخى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەرنى بۇ يەردە ساناپ ئۆتۈش ئىمكانسىزدۇر، چۈنكى بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى تەبىئىي ئاپەتلەر سەۋەبىدىن ۋەيران بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمى موڭغۇل ۋە ئەھلىسەلىپ ئىستېلاسىدا يوق قىلىنغان. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە، ھەر بىر ئىلىم ساھەسىگە ئائالغان ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مۇھىم مەنبە ئەسەرلەردىن بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش مۇمكىن

ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەنبەسى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىلىشى ۋە قۇرئان ھۆكۈملىرىنىڭ تولۇق مەنىسى بىلەن ئىجرا قىلىنىشى ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئالىملار تەرىپىدىن تەپسىرلەر يېزىلغان: ئىمام ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ «جامىئۇل بايان في تەفسىرىل قۇرئان»، ئىمام فەخرىددىن

رازىنىڭ «مەفاتىھۇل غەيب»، ئىمام قۇرتۇبىنىڭ «ئەلجامىئ لىئەھكامىل قۇرئان»، ئەبۇلبەرەكات ئەننەسەفىينىڭ «مەدارىكۇت تەنزىل»، ئالۇسىينىڭ «رۇھۇل مەئانىي» قاتارلىقلار ئەڭ مەشھۇرلىرىدىندۇر.

20 - ئەسىردە يېزىلغان ئەڭ مەشھۇر ئەڭ كەڭ تارقالغان تەپسىرلەردىن: شەييىد قۇتۇبىنىڭ «فىي زىلالىلقۇرئان» ناملىق تەپسىرى، ئىمام مەۋدۇدىينىڭ «تەفھىمۇلقۇرئان» ناملىق تەپسىرى قاتارلىقلار بار.

«فىي زىلالىلقۇرئان» نىڭ بىرقانچە سۈرىسى، «تەفھىمۇلقۇرئان» ناملىق تەپسىر ئۇيغۇر تىلىغا تولۇق تەرجىمە قىلىنىپ، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

بۇ تەپسىرلەردىن باشقا يەنە، قۇرئان ئىلىملىرىگە دائىر، زەركەشىنىڭ «ئەلبۇرھان فىي ئۇلۇمىل قۇرئان»، ئىمام جالالىدىن سۇيۇتىنىڭ «ئەلئىتقان فىي ئۇلۇمىل قۇرئان»، شەمسۇددىن ئەبۇل خەيرنىڭ «غايەتۇن نىھايە فىي تاباقاتى قۇررا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېنىقلا ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مۇپەسسىرلەر ھەققىدە «تاباقاتۇل مۇفەسسىرىن» نامىدا ئىمام سۇيۇتى ۋە داۋۇدىنىڭ يازغان ئېنسىكلوپېدىيەلىرى بۇ تېمىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى ئىستىلاھلارغا مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان ئەڭ مۇھىم بىرىنچى قول ئەسەرلەردىن بىرى راغىب ئەسفەھانىنىڭ «ئەلمۇفرەدات فىي غەرىبىل قۇرئان» ناملىق ئەسىرىدۇر.

قۇرئان كەرىمگە يانداش ۋە ئىسلامنىڭ ئىككىنچى ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلىنىدىغان سۈننەت - ھەدىسلەر توپلىنىپ يېزىلغان «ئالتە كىتاب (بۇخارىي، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئىي، ئىبنى ماجە قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرى)»تىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان «ھەدىس» كىتابلىرى يېزىلغان. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمنىڭ «سەھىھۇل بۇخارى ۋە سەھىھۇ مۇسلىم» ئەسەرلىرى، شۇنداقلا بۇلارغا يېزىلغان شەرھلەر تامامەن ئېنسىكلوپېدىيەلىك بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. بۇخارىنىڭ شەرھى بولغان «فەتھۇل بارى» ۋە «ئۇمدەتۇل قارى»، «كىرمانى»، «قەستەلانى» ۋە «خەتتابى» قاتارلىقلار بىلەن سەھىھۇل مۇسلىمنىڭ مەشھۇر شەرھىسى بولغان «نەۋەۋىي» شەرھىسى كۆپلىگەن ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەرلەر دەپ قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، غەرىبۇل ھەدىس نامى بىلەن تونۇلغان ئىلىم ساھەسىگە مۇناسىۋەتلىك يېزىلغانلاردىن ئىبنۇل ئەسىر ئەلجەزەرىنىڭ «ئەننىھايە فىي غەرىيبىل ھەدىس ۋەل ئەسەر» ناملىق ئەسىرى بۇ تېمىغا ئۈرنەك بولۇشقا يېتىدۇ.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھوقۇقىي ئىپادىسى بولمىش فىقھى ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن: ئىمام شافىئىينىڭ «ئەلئۇم» ناملىق ئەسىرى، ئىمام سەرەخسىنىڭ «ئەلمەبسۇت» ناملىق ئەسىرى، ئىمام ئىبنى ھۇمامنىڭ «فەتھۇل قەدىر» ناملىق ئەسىرى، ئىمام ئىبنى قۇدامەنىڭ «ئەلمۇغنى» ناملىق ئەسىرى، ئىمام كاسانىنىڭ «بەدائىئۇس سەنائىي» ناملىق ئەسىرى، سۇلتان ئالەمگىر تەييارلاتقۇزغان «فەتەۋائىي ھىندىيە» ناملىق ئەسەر، ئىبنى ھەزمنىڭ «ئەلمۇھەللا» ناملىق ئەسىرى، ئىمام نەۋەۋىينىڭ «ئەلمىنھاج» ناملىق ئەسىرى، ئىمام ئىبنى نۇجەيمنىڭ «ئەلبەھرۇررائىق» ناملىق ئەسىرى، ئىمام ئىبنى ئابىدىنىنىڭ «رەددۇل مۇختار» ناملىق ئەسىرى... قاتارلىقلار ئىسلام فىقھىسىنىڭ ئەڭ كەڭ تارقالغان فىقھى ئېنسىكلوپېدىيەلىرىدۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە، يېقىنقى دەۋرلەردە يېزىلغان ئۆمەر نەسۇھى بىلمەننىڭ «ھۇقۇقى ئىسلامىيە ۋە ئىستىلاھاتى فىقھىيە قامۇسى» ناملىق ئەسىرى، ئىمام جەزەرىينىڭ «ئەلفىقھۇ ئەلەل مەزاھىبۇل ئەربەئە» ناملىق ئەسىرى ۋە ۋەھبە زۇھەيلىنىڭ «ئەلفىقھۇل ئىسلامى ۋە ئەدىللەتۇھۇ» ناملىق ئەسەرلىرى تىلىغا ئېلىش زۆرۈر تەتقىقاتلار ھېسابلىنىدۇ.

فىقھى ئىلمى بىلەن مەشغۇل بولغان ئالىملارنىڭ بىيوگرافىيەسى ۋە ئەسەرلىرى ھەققىدە توختالغان، «تەبەقاتۇل فۇقەھا» نامى بىلەن تونۇلغان مۇھىم بىر ئېنسىكلوپېدىيە تۈرى بار بولۇپ، بۇ تۈردە يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ساناپ چىقىش ھاجەتسىز، تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى بايان قىلىپ ئۆتۈش يېتەرلىكتۇر:

ئىبنى سۇمرەنىڭ يەمەن فەقىھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ھەققىدە يازغان «تەبەقاتۇل

فۇقەھائۇل يەمەنىي» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئەل ھەسەنىينىڭ «قۇداتۇ قۇرتۇبە ۋە ئۇلەمائۇل ئافرىقىيە» ناملىق ئەسىرى؛ قاسىم ئىبنى قۇتلۇبۇغانىڭ «تاجۇتتەراجىم في تەبەقاتىل ھەنەفىيە» ناملىق ئەسىرى؛ تاجۇددىن ئەسسۇبكىنىڭ «تەبەقاتۇ شافىئىيەتۇل كۇبرا» ئەسىرى؛ قازى ئەبۇ يەئلا ئەلھەنبەلىنىڭ «تەبەقاتۇل ھەنابىلە» ئەسىرى؛ ئەبۇ ئىسھاق شىرازىنىڭ «تەبەقاتۇل فۇقەھا» ناملىق ئەسەرلىرى.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاساسىي ئىلىملەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەردىن باشقا يەنە، ئىسلامىي ئىلىملەر ئىچىدە كېيىنچە مەيدانغا چىققان كالام ئىلمىگە دائىر ناھايىتى كۆپ ئىستىلاھ ۋە مۇئجەم كىتابلار بار. مەسىلەن: ئەللامە تەفتەزانىنىڭ «شەرھۇل ماقاسىد» ناملىق ئەسىرى، ئىمام فەخرىددىن رازىينىڭ «ئەلمۇھەسسەل» ناملىق ئەسىرى، سەييىد شەرىف جۇرجانىنىڭ «شەرھۇل مەۋاقىف» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى ھەزم ئەلئەندەلۇسىنىڭ «ئەلفىسەل فىل مىلەل ۋەلئەھۋائى ۋەننىھەل» ناملىق ئەسىرى، شەھرىستانىنىڭ «ئەلمىلەل ۋەننىھەل» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تەبيىنۇل كىزبىل مۇفتەرا» ناملىق ئەسىرىگە ئوخشاش كالام ۋە كالامغا مۇناسىۋەتلىك يېزىلغان كىتابلارمۇ ھەم تامامەن ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئىسلام تارىخىدا ئەدەبىيات ۋە ئەدىبلەرگە ئالاقىدار يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ بېشىدا تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن:

ئەندەلۇس ئالىملىرىدىن ئىبنى ئابدۇ رەببىھىنىڭ «ئەلئىقدۇلفەرىد» ناملىق ئەسىرى، فەخرىددىن رازىينىڭ «ئىھسائۇل ئۇلۇم» ناملىق ئەسىرى، ئىمام غەزالىينىڭ «ئىھيائۇ ئۇلۇمۇددىن» ناملىق ئەسىرى، ئىخۋانۇسسەفانىڭ «رىسالىلەر» ناملىق ئەسىرى... قاتارلىقلار تىپىك ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەرلەردۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىبنى قۇتەيبە ئەددىنەۋەرىنىڭ «ئۇيۇنۇل ئەخبار» ناملىق ئەسىرى، مۇئتەزىلە ئالىملاردىن مەشھۇر ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر ئەلجاھىزنىڭ «كىتابۇل بەيان ۋەتتەبيىن» ناملىق ئەسەرلىرى ئۆز ساھەسىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان مەنبەلەردۇر.

ياۋروپا تېخىچە ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمىتى ۋە جاھالەت دەۋرىدە ياشىغانلىرىدىلا، مۇسۇلمانلار كۆپلىگەن ئىلىم ساھەلىرىدە ئالاھىدە ئىلگىرىلىگەن ئىدى. بولۇپمۇ تېببىي ساھەدە مۇسۇلمانلار يازغان تېببىي ئېنسىكلوپېدىيەلەر ئۇزۇن زامان ھالقىپ ئۆتۈلمىگەن ئەسەرلەر بولۇپ قالغان. بۇلارنىڭ بېشىدا: ئىبنۇل قىفتىنىڭ «تارىخۇل ھۇكەما» ناملىق ئەسىرى، زەكەرىيا ئەر رازىينىڭ «ئەلھاۋى» ناملىق ئەسىرى، ئەلى ئىبنى رەببانىنىڭ «فىردەۋسۇل ھېكمە» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى ئەبى ئۇسەيبەنىڭ «ئۇيۇنۇل ئەنبائ في تەبەقاتىلئەتىببا» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى جۇلجۇلنىڭ «تەبەقاتۇل ئەتىببا ۋەل ھۆكەما» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقۇنۇن فىتتىب» ناملىق ئەسىرى، ئەلمەجۇسىينىڭ «كامىل ئەسسىنائ» ناملىق ئەسىرى، ئىبىن رۇشدىنىڭ «ئەلكۇللىيات فىتتىب» ناملىق ئەسەرلىرى تېبابەت ۋە تېبابەت تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيەلەردۇر.

يەنە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە يېزىلغان ئىبنى سەئدنىڭ «تەبەقاتۇل كۇبرا»، ئىبنۇل ئەسىرنىڭ «ئۇسدۇل غابە»، ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «ئەلئىسابە في تەمىيزىز ساھابە»، ئىبنى ئابدىل بەرنىڭ «ئەلئىستاب في مەرىفەتىل ئەسھاب» قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ بىيوگرافىيەلىك ئەسەرلەردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، «تاۋارىخۇل رۇۋات» ياكى «كۇتۇبۇل رۇۋات» نامى بېرىلگەن ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلىرىغا دائىر ئەسەرلەرمۇ ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تۈزۈلگەن ئەسەرلەردۇر. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «كىتابۇل ئىلەل ۋە مەرىفەتۇررىجال» ى بىلەن ئىمام بۇخارىينىڭ «تارىخۇل كەبىر» ۋە «تارىخۇسسەغىر» ناملىق ئەسەرلىرىمۇ ئالدىنقى قاتاردا سانىلىدۇ. ئىمام بۇخارىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدىكى ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارغا دائىر ئەسەر يازغانلاردىن كەلابازىنىڭ «ئەلھىدايە ۋەل ئىرشاد في مەرىفەتى ئەھلىسسىقە ۋەسسادات» ۋە ئەبۇل ۋەلىد سۇلايمان ئىبنى خەلەف ئەلباجىنىڭ «ئەتتەئدىل ۋەتتەرجىھ» ناملىق ئەسەرلىرى بۇ ئورۇندا ئېيتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكتۇر.

بۇلاردىن باشقا يەنە، ئومۇمىي بىيوگرافىك ئەسەرلەردىن تۆۋەندىكىلەرنىمۇ ساناپ ئۆتۈش مۇمكىن:

ئىمام شەۋكانىنىڭ «ئەلبەدرۇتتالى»، ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «ئەددۇرەرۇلكامىنە فى ئەئيانى مىئەتى سامىنە»، ئەبۇ شامى ئەلمەقدىسىنىڭ «ئەررەۋزەتەيىن» ناملىق تارىخىغا يازغان «تەراجىمۇ رىجالى قەرنەينى سادىس ۋە سابىئ»، ئىبنى خاللىكانىنىڭ «ۋەفياتۇل ئەئيان»، ئىبنى شاكىرنىڭ «فەۋاتۇل ۋەفيات»، ئىبنى ھەجەرنىڭ «تەھزىبۇتتەھزىب»، ئىمام زەھەبىنىڭ «تەزكىرەتۇل ھۇففاز»، ياقۇت ھەمەۋىنىڭ «مۇئجەمۇل ئۇدەبا»، ئىبنۇل قىفتىنىڭ «ئىنبىھارۇ رۇۋات»، ئىبنى ئەھمەد ئەلھەنبەلىنىڭ «شەزەراتۇززەھەب»، تاشكۆپرىزادەنىڭ «ئەششەقائىقۇ نومانىييە فى ئەخبارى ئۆلەمائى دەۋلەتى ئوسمانىيە»، م. سۈرەييانىڭ «سىجىلى ئوسمانىي»، بۇرسىلىق م. تاھىرنىڭ «ئوسمانلى مۇئەللىفلىرى» قاتارلىق ئەسەرلەردۇر.

ئىسلامنىڭ بىلىنىشىنى ئاسانلاشتۇرغان ئەڭ يارقىن ئىلىملەرنىڭ بىرى تارىخ ئىلمىدۇر. ئىمام تەبەرىي باشلىغان بۇ ئۇسلۇبتا يېزىلغان ئومۇمىي ئىسلام تارىخىدىن باشقا يەنە، مەلۇم دۆلەت ياكى مۇستەقىل رايونلارنىڭ، شەھەرلەرنىڭ تارىخلىرى بىلەن مۇئەييەن خەلىپە ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ پەقەت ئۆز دەۋرىدىكى تارىخلىرىمۇ قەلەمگە ئېلىنغان. ئىسلام تارىخىنىڭ ھىرودۇتى دەپ تونۇلغان ئىبنى جەرىر تەبەرىنىڭ «تارىخۇل ئۇمەم ۋەلمۇلۇك» ياكى باشقا ئاتىلىشى بىلەن «تارىخۇل رۇسۇل ۋەلمۇلۇك» ناملىق ئەسىرى بۈيۈك ۋە تەپسىلىي تارىختۇر. ئىبنۇل ئەسىر تەبەرىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاۋۋالقى يەتتە جىلدىنى ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتا ۋە بەزى رىۋايەتلەرنى ئېنىقلاپ تازىلاپ چىققان ۋە بۇنىڭغا ئۆز دەۋرىدىكى ۋەقەلىكلەرنىمۇ ناھايىتى ساغلام مەلۇماتلارغا ئاساسەن «ئەلكامىل فى تارىخ» ناملىق ئەسىرگە ئالغان. شۇنداقلا بەلازۇرىنىڭ «فۇتۇھۇل بۇلدان»، مەسئۇدىنىڭ «مۇرۇجۇززەھەب» ۋە «مەئادىنۇل جاۋاھىر»، ئىبنۇل جەۋزىنىڭ «مىراتۇززامان»، مەقدىسىنىڭ «ئەلبەد ۋەتتارىخ»، ئىبنى كەسىرنىڭ «ئەلبىدايە ۋەننىھايە»... كېيىنكى دەۋر يازغۇچىلىرىدىن مۇنەججىم بېشى ئەھمەد ئىبنى لۇتفۇللاھنىڭ «جامىئۇددۇۋەل» ناملىق ئەسەرلىرى ئومۇمىي تارىخ ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتە خەتىب ئەلباغدادىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى بولغان «تارىخۇ باغداد»، ئىبنى ئەساكىرنىڭ «تارىخۇ دەمەشىق»، ئىبنۇل ئادىمنىڭ «بۇغيەتتەلەب فى تارىخى ھەلەب» قاتارلىق ئەسەرلىرى شەھەر تارىخلىرىنىڭ بىر قىسىم ئۆرنەكلىرى ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ باغدادى بىلەن ئىبنى ئەساكىرنىڭ ئەسەرلىرى ھەرپ ئېتىبارى بىلەن تۈزۈلگەن ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ.

جۇغراپىيەگە دائىر يېزىلغان بۈيۈك ئەسەرلەردىن ياقۇت ھەمەۋىنىڭ «مۇئجەمۇل بۇلدان»، ئىستەخرىنىڭ «سۇۋارۇل ئەقالىم»، ئىبنى ھەۋقەلنىڭ «ئەلمەسالىك ۋەل مەمالىك»، زەمەخشەرىنىڭ «ئەلجىبال ۋەل ئەماكىلە ۋەلمىياھ»، ئەبۇل فىدانىڭ «تەقۋىمۇل بۇلدان»، قەزۋىنىنىڭ «ئاجايىبۇل بۇلدان» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇ ساھەدە تىلغا ئېلىنىشى كېرەك.

ئىلمۇل ھەيئە ياكى ئىلمى نۇجۇم دەپ بىلىنگەن ئاسترونومىيەگە دائىر يېزىلغان بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ بېشىدا تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن:

ئابدۇراھمان سوفىنىڭ «سۇۋارۇل كەۋاكىب»، ئىبنى قۇتەيبە ئەددىنەۋەرىنىڭ «كىتابۇل ئەنۋا»، بىرۇنىنىڭ «كىتابۇ تەفخىم» ۋە «قانۇن ئەلمەسئۇدى»، قۇتبۇددىن شىرازىنىڭ «نىھايەتۇل ئىدراك»، فەرغانىينىڭ «ئەل ھەرەكەتۇ سەمانىيە ۋە جەۋامىئ ئىلمى نۇجۇم» قاتارلىقلاردۇر.

بۇلاردىن باشقا يەنە، بىبلىيوگرافىك (تەزكىرىچىلىك) ئەسەرلىرىگە نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئوخشاشلا تارىختا نام قالدۇرغان، كېيىنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئالقىش بىلەن تەقدىرلەپ، كۆپلەپ پايدىلانغان بۈيۈك ئەسەرلەرنى كۆرىمىز. بىبلىيوگرافىيە (تەزكىرىچىلىك) گە دائىر يېزىلغان تۇنجى ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەر ئىبنى نەدىمنىڭ «ئەلفىھرىست» ناملىق ئەسىرىدۇر. ئارقىدىن ئوسمانىيلار ئالىملىرىدىن كاتىپ چەلەبىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «كەشفۇززۇنۇن ئەن ئۇسامىل كۇتۇب ۋەلفۇنۇن»

بىلەن باغدادلىق ئىسمائىل پاشانىڭ «ھەدىيەتۇل ئارىفىن» قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى ھېسابلىنىدۇ. خەيرىددىن زىرىكلىنىڭ «ئەلئالام»، ئۆمەر رىزا كەھھالەنىڭ «مۇئجەمۇل مۇئەللىفىن»، Brockelmann نىڭ «GAL»، فۇئاد سەزگىننىڭ «GAS» ئەسەرلىرى ئاخىرىدا ئىشلەنگەن بۈيۈك بىبلىيوگرافىيە (تەزكىرىچە) لىك ئەسەرلەردۇر. ئاخىرقى ئىككى ئەسەر نېمىسچە بولۇپ، سەزگىننىڭ ئەسىرى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان.

بۇلاردىن باشقا، شىئە يازغۇچىلىرىنىڭ بىئوگرافىيە ئەسەرلىرى ھەققىدە مۇھىم ئەسەرلەر قالدۇرغان ئىرانلىق يازغۇچى ئاغاخان بۈزرۈگى تېھرانىنىڭ ئەسەرلىرىمۇ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ شىئە مۇئەللىفلىرىگە ئائىت 35500 ئەتراپىدا ئەسەرلەرنى ھەرپ تەرتىپى بويىچە 25 جىلد قىلىپ تۈپلىغان «ئەززەرىئە ئىلا تەسانىفى شىئە» ناملىق ئەسىرى بىلەن بۇنىڭغا قوشۇمچە ھېسابلىنىدىغان، 14 – 15 - ئەسىرلەردە ياشىغان شىئە ئالىملىرىنىڭ بىئوگرافىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەبەقاتۇ ئالەمى شىئە» ناملىق ئەسەرلىرى بۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا ئاغاخان بۈزرۈگنىڭ «كەشفۇززۇنۇن» ۋە «ھىدايەتۇل ئارىفىن» ئەسەرلىرىگە قوشۇمچە ۋە ئىلاۋىلىرى باردۇر.

ئەبۇل بەقانىڭ «كۇللىيات» ى بىلەن تاھانەۋىنىڭ «كەششافى ئىستىلاھاتىل فۇنۇن» ناملىق ئەسەرلىرى، جۇرجانىنىڭ «تەرىفات»، جەئفەر سەججادىنىڭ «لۇغەتى ئىستىلاھاتى تەئبىراتى ئىرفانى» ناملىق ئەسەرلىرى ئىستىلاھقا ئائىت يېزىلغان ئېسىل ئەسەرلەردۇر.

شۇنىڭدەك يەنە، تىل ۋە ئەدەبىياتقا دائىر يېزىلغان مۇھىم ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئەسەرلەردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆلگە ئورنىدا مىسال قىلىپ ئۆتۈش مۇمكىن: جالالىددىن سۇيۇتىنىڭ «بۇغيەتۇل ۋۇئات في تەبەقاتىل لۇغەۋىيىن ۋەننوھات»، زەبىبىنىڭ «تەبەقاتۇ نەھۋىييىن»، فىرۇزابادىنىڭ «ئەلبۇغيە في تارىخى ئەئىممەتىل لۇغە»، ئەلئەنبارىنىڭ «تەبەقاتۇل ئۇدەبائ»، ئىبنۇل مۇتەززىنىڭ «تەبەقاتۇ شۇئەرا» ناملىق ئەسەرلىرى.

ئېنسىكلوپېدىيەلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن لۇغەتلەردىن بولسا، ئەلھەرەۋىنىڭ «تەھزىبۇل لۇغەت»، جەۋھەرىنىڭ «تاجۇل لۇغەت»، ئىبنى مەنزۇرنىڭ «لىسانۇل ئەرەب»، زەبىدىنىڭ «تاجۇل ئارۇس» بىلەن فىرۇزابادىنىڭ «قامۇس»ى ۋە ئاسىم ئەفەندىنىڭ «ئەل ئوكيانۇس» قاتارلىق ئەسەرلىرى مەشھۇردۇر.

بۇلارغا قوشۇمچە سۈپىتىدە بەتىرۇس ئەلبۇستانىنىڭ 11 جىلدلىق «دائىرەتۇل مائارىف»، مىسىرلىق ئالىم فەرىد ۋەجدىنىڭ «دائىرەتۇل مائارىفىل قەرنىل رابىئ ئەشەرە - ئەل ئىشرىن»، مىسىردا نەشر قىلىنغان «مەۋسۇئەتۇل فىقھى ئەل ئىسلامي»، كۇۋەيتتە نەشر قىلىنغان «ئەل مەۋسۇئەتۇل فىقھىيە» قاتارلىق ئېنسىكلوپېدىيە ئەسەرلىرىمۇ زامانىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئېنسىكلوپېدىيەلەر ھېسابلىنىدۇ.

## غەربتە ئېنسىكلوپېدىيە

غەربتە ئېنسىكلوپېدىيە چۈشەنچىسى، مىڭلارچە قالايمىقان كىتابلار بىلەن ھەپىلىشىشكە ۋاقتى يېتىشمىگەن ئىنسانلارغا ئىلگىرى - كېيىنكى بىلگىلەرنى (مەزمۇنلارنى) قىسقىچە چۈشەنچە - خۇلاسە شەكلىدە تەرتىپلىك سۇنۇش ئېھتىياجى تۈپەيلى پەيدا بولغان. ئىشلىتىشتە قۇلايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەزمۇنلار ھەرپ تەرتىپى بويىچە رەتلەنگەن ۋە ئېنسىكلوپېدىيەلەر نەشر قىلىنغان تىلنىڭ بارلىق سۆزلۈكلىرىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالەتتە ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغەتلەر شەكلىگە كەلگەن. پەقەت بىرلا ئىلىم ساھاسى ۋە مەخسۇس بىر تېمىغا خاسلانغان ئېنسىكلوپېدىيەلەر ھەم كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن.

ئېنسىكلوپېدىيەچىلىكنىڭ ئاتىسى ئارستوتېلدۇر. رومالىق يازغۇچى ماركۇس تەرەنتىيۇس ۋاررۇ توققۇز جىلدلىق «Disciplinarium»نى يازغان؛ ئىسپانيول ئىسدورە «Etymotogiarium Libri» ناملىق ئەسىرىنى 30 يىلدا تاماملىغان. زامانىۋى ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ باشلىنىشى فرانسىيەدە 1260 - يىللىرىدا چىققان دىنشۇناس ۋىنسېنت دې بېۋايسنىڭ «Speculum Majus» ناملىق ئەسىرىگە تۇتىشىدۇ. تۇنجى رەسىملىك ئېنسىكلوپېدىيەنى ۋىليام كاكتون 1481 - يىلى ئەنگلىيەدە «Mirror Of the World» نامىدا تەييارلىغان. «ئېنسىكلوپېدىيە» نامىدا يېزىلغان تۇنجى ئەسەر 1541 - يىلى شۋېيتسارىيەدە نەشر قىلىنغان.

بۈگۈن بىلگىنىمىزدەك تۇنجى چوڭ ئېنسىكلوپېدىيە، فرانسىيەدىكى دېنىس دىدېروت بىلەن د. ئالەمبېرت تەرىپىدىن يېزىلغان «Encyclopedieau Dictionnaire Raisonne des Sciences des Arts et des Metiers» ناملىق ئەسەر بولۇپ، بۇ بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە 1751 — 1772 - يىللىرىدا ۋولتېر، روسسېي، مونتېسكيۇ قاتارلىقلارنىڭ قېتىلىشى بىلەن نەشر قىلىنغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا «L'encyclopedie Methodique» ۋە «La Grande Encyclopedie» قاتارلىقلار چىققان. ئەنگلىيەدە مەشھۇر «1771 — 1768 - يىلدا، «Encyclopedie Britannia» - «Encyclopedie Metropolitana» 1818 — 1845 - يىللىرى نەشر قىلىنغان. گېرمانىيەدە يوھان ھېنرىچ زېدلېرنىڭ «Universal Lexicon» سى بىلەن يەنە بىر چوڭ ئېنسىكلوپېدىيە «Allgeimene Encyklopedia der Wissenchaften»؛ ئامېرىكىدا «The Encyclopedia Americana» قاتارلىقلار 19 - ئەسىردە يېزىلغان ۋە داۋاملىق تولۇقلىنىپ كېڭەيتىلىپ بېسىلغان بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەلەردۇر. بۇ ئېنسىكلوپېدىيە يېڭىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، بەزى ماددىلىرى يېڭىدىن يېزىلغان ۋە قوشۇلغان.

باشقا مىللەتلەرنىڭمۇ چوڭ ھەجىمدىكى ئېنسىكلوپېدىيەلىرى بار:

| دۆلەت | ئېنسىكلوپېدىيە ئىسمى |
|---|---|
| ئىسپانىيە | Enciclopedia Universal Illustrada Europeo-Americana |
| ئىتالىيە | Enciclopedia Italiana |
| سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى | Bolshaya Sovetskaya |
| ئارگېنتىنا | Diccionario Enciclopedia Ilustrado |
| ئاۋستىرالىيە | The Australian Enciclopedia |
| برازىلىيە | Dicionario Enciclopedico Ilustrado |
| كانادا | Encyclopedia Canadiana |
| چېخسلوۋاكىيە | Priucni Slovnik |
| دانىيە | Gydendal Store Opslagbog |
| فىنلاندىيە | Uusitietosanakirja |
| يۇنانىستان | The Megale Hellenike Enkyklopedia |

| | |
|---|---|
| ماجارىستان | Revai Nagy Lexikona |
| ھىندونېزىيە | Ensiklopedia Indonesia |
| ياپونىيە | Sakai dai Hyakka Jiten |
| شىۋېتسىيە | Svensk Uppslagbk |

شۇنداقلا دىنىي خاراكتېردە نەشر قىلىنغان ئېنسىكلوپېدىيەلەر ئىچىدە تۆۋەندىكىلەرنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ: «Encyclopedia of Religion and Ethics»، «Encyclopedia of Philosohphy»، «TwentiethCentury «New Schaff - Herzog Encyclopedia of Religious Knowledge»، Encyclopedia of Religio - us Knowledge» ، «New Catholic Encyclopedia»، «Jewish Encyclopedia» ۋە گوللاندىيەدە پۈتۈن دۇنيانىڭ شەرقشۇناسلىق مەركىزى سانىلىدىغان Leyden دە E. J. Brill تەرىپىدىن 1908 - يىلى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «Encyclopedia of Islam» قاتارلىقلار. بۇ ئاخىرقى ئەسەر شەرقشۇناسلىقچە (ئۆزلىرىگە مايىل) ھازىرلانغان بولۇپ، راسخوتىنى «خەلقئارا ئاكادېمىكلار بىرلىكى» بىلەن بىر قىسىم ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلىق بايلار ئۈستىگە ئالغان. بۇ ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسىنىڭ ماددىلىرى ئارىسىدا بىردەكلىك يوق، تېمىلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مەزمۇنلىرى كەمچىل، ئىسلام ھەققىدە تەرەپبازلىقى كۈچلۈك، ئىلمىي بولماسلىقتەك مەسىلىلەر كۆرۈلمەكتە. ئەسەر 1938 - يىلى تاماملانغان ۋە كېيىنچە ئۇنىڭغا «First Encyclopedia of Islam» دەپ نام بېرىلگەن. بۇ ئېنسىكلوپېدىيە يېڭىدىن نەشرگە تەييارلانغان ۋە بەزى ماددىلىرى يېڭىدىن تۈزىتىلگەنىدەك، يېڭى ماددىلارمۇ قوشۇلغان. ھازىرغىچە داۋاملىشىۋاتقان بۇ ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ئىككىنچى نەشرى «Second Edition» دەپ ئاتالماقتا.

– تۈركچە «شامىل ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»دىن.

## ئۇيغۇرلاردا ئېنسىكلوپېدىيە

مەن تۈركىيەدىكى خىلمۇخىل ئېنسىكلوپېدىيەلەردىن ئىلھام ئېلىپ، 2021 - يىلى 4 - ئايدا 333 ماددىلىق، 220 بەتلىك ئىز ئالدىمغا تۈزۈپ چىققان «ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نى نەشر قىلىپ تارقاتتىم. مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيە تارقالغاندىن كېيىن، بىر قەدەر مۇكەممەل، بىر قەدەر تولۇق، ماددىلىرى تېخىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان بىر «ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» تۈزۈش دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىينىڭ كۆپ تەرتىپگە كىرگۈزۈلدى ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ باشتىن - ئاخىر قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ۋە ماددىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشى بىلەن ئۇن توملۇق بىر «ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى» تۈزۈش پىلانلانغان بولۇپ، 2021 - يىلى 11 - ئايدا ئىش باشلىنىپ 2024 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تاماملاش پىلانلانغان ئىدى. ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇنكى، كىتابقا 1200 دىن ئارتۇق ماددا تاللىنىپ، 800 ئەتراپىدا ماددا ھازىر بولدى.

ئېنسىكلوپېدىيە ئادەتتە بىر ھەيئەت، بىر گۇرۇپپا تەرىپىدىن يېزىلىشى ۋە تۈزۈلۈشى كېرەك ئىدى. ئەمما بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇنداق بىر گۇرۇپپا بولۇپ تەشكىللىنىپ ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈشىمىز ھازىرقى شارائىتتا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شىۋېتسىيەدە مەرھۇم كۈرەش كۆسەننىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە چىققان «غەرب شامىلى» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىللىق 1 - سانىدا دوكتور قاھار باراتنىڭ «ئېنسىكلوپېدىيە – ئۇيغۇر» ناملىق بىر پارچە ماقالىسى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ماقالىدە بىر قانچە دۆلەتتە ئايرىم - ئايرىم تۈزۈلگەن بىر

نەچچە خىل ئېنسىكلوپېدىيەلەرنىڭ بارلىقنى تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارمۇ مەخسۇس فوند قۇرۇپ، ئادەم تەشكىللەپ، بىر ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى تۈزۈشى كېرەكلىكى تەشەببۇس قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىغان.

1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «شىنجاڭ ئېنسىكلوپېدىيەلىك لۇغىتى» چىقىرىشنى پىلانلاپ، مەخسۇس تەھرىر ھەيئىتى گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 1986 - يىلى 1 - ئايدا «ئا»، «ئە»، «ب» ھەرپلىرىدىن تەشكىل تاپقان 37 بەتلىك پىكىر ئېلىش نۇسخىسىنى بېسىپ تارقاتقان بولسىمۇ، كېيىن بۇ ئىش شۇ پېتى توختاپ قالغان.

> *«دەرۋەقە، ئۇيغۇرلاردەك ئۇزۇن تارىخقا، شانلىق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا، قويۇق مىللىي خاسلىققا ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بىر مىللەت ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە ئۆز تىلىدا مۇكەممەل ھەم سىستېمىلىق نەشر قىلىنغان ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى كىتاب جاھازلىرىدا ئەسلىدە ‹بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى›نىڭ نەچچە ئون توملۇق يۈرۈشلۈك كىتابلىرى بىلەن بىرگە ‹ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى›مۇ تىزىلىشى كېرەك ئىدى. شۇنچە ئۇزۇن يىللار ‹تۈرك ئېنسىكلوپېدىيەسى› ياكى ‹ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى›دىن ھۇزۇر ئىچىدە پايدىلىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر بىلىم ئادەملىرىمىز ئۆز تىلىمىزدىكى كۆپ توملۇق قامۇسلارنى تۈزۈشى ۋە نەشر قىلىشى كېرەك ئىدى. قېرىنداش تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىللار ئىلگىرىلا ئۆز تىلىدىكى ئېنسىكلوپېدىيەلەرنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ بولدى، ھەتتا نوپۇسى ئۇيغۇرلاردىن كۆپ ئاز بولغان قىرغىزلار بىلەن تۈركمەنلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىلا ئۆز تىللىرىدىكى كۆپ توملۇق ئېنسىكلوپېدىيەلەرنى يورۇقلۇققا چىقاردى. بۇلارنى ئويلىغاندا، ئەجەبا رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشىغان ئۆزبېكلەر ‹ئۆزبېك سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى›نى، قازاقلار ‹قازاق سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى›نى، ئەزەربەيجانلار ‹ئەزەربەيجان سوۋېت ئېنسىكلوپېدىيەسى›نى تۈزۈپ نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان يەردە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار نېمە ئۈچۈن ‹ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى›نى تۈزۈپ نەشر قىلالمىدى؟ ھېچ بولمىغاندا 1980 - يىللاردىن كېيىنكى خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدە قىسمەن يۇمشاش كۆرۈلگەن ‹ئىسلاھات› ۋە ‹ئىشىكنى ئېچىۋېتىش› يىللىرىدا ‹ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيەسى›نى تۈزۈپ يورۇقلۇققا چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بار ئىدىغۇ؟ دېگەن سوئاللارنى سورىماي تۇرالمايمىز.» (ئەسەت سۇلايمان)*

ئېنسىكلوپېدىيە يۇنانچە سۆز بولۇپ، مەنىسى «ھەممە بىلىملەر توپلانغان دائىرە» دېگەن بولىدۇ. ئەرەبچىدە «دائىرەتۇلمەئارىپ» ، «مەۋسۇئە» ۋە «مۇھىتۇلمەئارىپ» دەپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بىلىمنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال ياكى خاس بىرەر پەن ساھەسىدە مەلۇمات بېرىدىغان، سىستېمىلاشتۇرۇلغان لۇغەت شەكلىدىكى ئىلمىي قوللانما «ئېنسىكلوپېدىيە» دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئېنسىكلوپېدىيەگە كىرگۈزۈلگەن ماددىلار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بېرىلىدۇ. ئېنسىكلوپېدىيە ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىنى، ئەجدادلىرىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى، پەن - مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى، دىنىي ئېتىقادىنى... بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنى ئىلمنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە يېتەكلەيدۇ. چۈنكى ئېنسىكلوپېدىيە ئىلمنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يۈكسەلدۈرۈش ۋاستىسى، ئىلىمنىڭ ئاچقۇچى، ئىلىمنىڭ خەزىنىسىدۇر.

لۇغەت – قامۇسچىلىق ياكى ئېنسىكلوپېدىيە قۇرۇلۇشى بىر مىللەت بىلىم خەزىنىسىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ مەزمۇنى كەڭ، تۈزۈلۈشى ئىلمىي ۋە سىستېمىلىق، بىلمەكچى بولغان ماددىنى تېپىپ ئوقۇش ئاسان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە مەنپەئەتلىك دوستى بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ.

ئېنسىكلوپېدىيە بىر مىللەتنىڭ مىللىي تەرەققىياتىنىڭ ئەينىكىدۇر. ئىسلام ۋە غەرب ئەللىرىدە ئەسىرلەردىن بۇيان ھەر خىل شەكىلدە، خىلمۇخىل، يېڭى - يېڭى ئېنسىكلوپېدىيەلەر ئۈزلۈكسىز تۈزۈلۈپ كەلگەن بولسىمۇ، بىزدە بۈگۈنگە قەدەر بىرەر ئېنسىكلوپېدىيە تۈزۈش مۇمكىن بولماي كەلدى.

ئېنسىكلوپېدىيە – ئومۇمىي ئېنسىكلوپېدىيە، ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى، تارىخ ئېنسىكلوپېدىيەسى، سىياسەت ئېنسىكلوپېدىيەسى، پەلسەپە ئېنسىكلوپېدىيەسى... دېگەندەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

دۇنيادىكى مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيەلەردىن «بۈيۈك برىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيەسى»، تۈركىيە دىيانەت ۋەخپى تەرىپىدىن 1989 - يىلدىن 2014 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان 44 توملۇق «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»نى مىسال قىلىش مۇمكىن. بۇلاردىن باشقا يەنە، تۈركىيەدە باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە تۈرك ئالىملىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بىر توملۇق، ئىككى - ئۈچ توملۇق، ھەتتا ئون توملۇق خىلمۇخىل ئېنسىكلوپېدىيەلەر مەۋجۇت.

بىز ھازىر جىددىي ئىشلەۋاتقان «ئۇيغۇر ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيەسى»دە ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا ئۆتكەن ئالىم - ئۆلىمالىرىمىزدىن، ئەدىب - سەنئەتكارلىرىمىزدىن، سىياسىي ئەربابلىرىمىزدىن، ئۇيغۇرلارغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىسلام ئالىملىرىدىن ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تۈرك ۋە باشقا ئەل ئالىملىرىدىن بىر قىسمى تاللاپ تونۇشتۇرۇلدى ھەمدە ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان بىر قىسىم دىنىي ئاتالغۇلار ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە، تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيەسىگە دائىر بىر بۆلۈك ماددىلار، شۇنداقلا سىياسەت، پەلسەپىگە ئالاقىدار ماددىلار تاللاپ كىرگۈزۈلدى ۋە تەپسىلىي ئىزاھلاندى. ھەر بىر ماددىنى ئىزاھلاشتا ئىشەنچلىك ئىسلامىي ۋە تارىخىي مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىندى.

ئېنسىكلوپېدىيەگە كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم ماددىلار ئىسلامىيەتكە ياكى ئۇيغۇرلارغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، ئىسلام جەمئىيىتىگە، ئىسلام مۇھىتىغا، ئىسلام ئېتىقادىغا، ئۇيغۇرلارنىڭ پەلسەپە ئىدىيەسىگە، تۇرمۇشىغا، ئۆرپ - ئادىتىگە، مەدەنىيىتىگە ۋە تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللار، ۋەقەلەر، ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئېنسىكلوپېدىيەنىڭ ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئېنسىكلوپېدىيە ئوقۇپ باقمىغان ۋە كۆرۈپ باقمىغان كىتابخانلارغا مۇناسىۋەتسىزدەك تۇيۇلغان بىر قىسىم ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ۋە شەخسلەرمۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىدا، ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىدا ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بۇ شەكىلدە، بۇ ئۇسلۇبتا بۇنداق بىر كىتاب بۇندىن بۇرۇن يېزىلىپ باققان ئەمەس. گەرچە بۇنداق كىتابلار ئىسلام دۇنياسىدا، غەرب ئەللىرىدە يۈز يىللاردىن بۇيان كۆپ يېزىلغان ۋە كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، بىزدە مۇنداق بىر كىتاب ئىلگىرى ئىشلەنمىگەن بولغاچقا، بۇ كىتابنى ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسىگە ماسلاشتۇرۇپ يېزىش ئۈچۈن ئونلارچە كىتابقا مۇراجىئەت قىلىشقا، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ھەربىر ماددىنى قايتا - قايتا پىششىقلاشقا توغرا كەلدى.

مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيەگە كىرگۈزۈلگەن ماددىلارنىڭ بىر قىسمى يېڭىدىن يېزىلدى، بىر قىسمى ئۇيغۇر مەتبۇئاتىدىن (كىتاب - ژۇرناللاردىن) ئۆزلەشتۈرۈپ ئېلىندى، يەنە بىر قىسمى تۈركچە مەشھۇر ئېنسىكلوپېدىيەلەردىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى.

مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيەگە كىرگۈزۈلگەن ماددىلار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. شۇڭا بۇ كىتابنى باشتىن ئاخىرىغا ئوقۇسىمۇ، ئاخىرىدىن باشقا ئوقۇسىمۇ، ياكى بىلمەكچى بولغان بىرەر ماددىنى تاللاپ ئوقۇسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

مەزكۇر ئېنسىكلوپېدىيە سىزلەرگە تارىخىمىزدا ئۆتكەن ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز ھەققىدە، شەرقىي تۈركىستان تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى، تۈرك - ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەسى ھەققىدە، بولۇپمۇ دىنىي ئاتالغۇلار ھەققىدە توغرا مەلۇمات بېرىدۇ، بەس.

مەزكـۇر ئېنسـىكلوپېدىيە كىرگۈزۈلگـەن تارىخـي شەخسـلەرنىڭ ۋاپـات بولغـان بولۇشـى شـەرت قىلىنــدى ۋە ئۇلارغــا ھېچقانــداق باھــا بېرىلمــدى.

*بۇ ماقالىنى جۇرئەت نىزامىدىن تەھرىرلىدى*

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمھالى

ئابدۇلجېلىـل تـۇران 1958 - يىلـى 4 - ئاينـىڭ 18 - كۈنـى خوتـەن شـەھەر ئىچـدە دۇنياغـا كەلگــەن.

1983 - يىلىغىچـە ئائىلـە تەربىيەسـىدە ۋە دىنىـي، پەننىـي مەكتەپلـەردە ئوقۇغـان. 1983 - يىلـى چـەت ئەلگـە چىققـان. 1985 - ، 1986 - ، 1987 - يىللـرى مىسـىر ئـەرەب جۇمھۇرىيىتىنـىڭ قاھـىرە شـەھىرىدىكى ئـەل ئەزھـەر ئالـي بىلىـم يۇرتـىدا ئـەرەب تىلـى ئىسـلام دىنـى ساھەسـىدە ئوقۇغـان.

1987 - يىلـى تۈركىيەگـە كېلىـپ ئىسـتانبۇلغا ئورۇنلاشـقان. تۈركىيەگـە كەلگەنىدىـن باشـلاپ تۈركىيەدىكـى تەشـكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگـە ئاكتىـپ قاتناشـقان. 1995 - يىلىدىـن باشـلاپ نەشـرىياتچىلىققا كىرىشـىپ 25 يىـل جەريانـدا دىنىـي، تارىخـي، سىياسـي، ئەدەبىـي ئەسـەرلەردىن 300 پارچىغـا يېقىـن ئەسـەرنى (كـۆپ سـانلىقى ئۇيغـۇر تىلـدا) نەشـر قىلىـپ تارقاتقـان.

ئۇنـىڭ سـىرتىدا، ئىسـتانبۇلدىكى شـەرقىي تۈركىسـتان ۋەخپـى ۋە دۇنيـا ئۇيغـۇر قۇرۇلتىيـى قاتارلـىق تەشـكىلاتلاردا مۇھىـم ۋەزىپىلەرنـى ئۆتىگـەن ۋە ئۆتـەپ كەلمەكتـە ھەمدە تەكلىمـاكان ئۇيغـۇر نەشـرىياتىنىڭ پائالىيەتلىرىنـى جىددىـي داۋام قىلـدۇرۇپ كەلمەكتـە.

# ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دوكلات قىلىشتا ئوينىغان رولى

شەھرىزاد غەيرەت

*بۇ ماقالىدە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى دوكلات قىلىشتا ئوينىغان رولى ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، بۇ دوكلاتلارنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قانۇن ۋە تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەر ۋە ھۆكۈمەتلەرگە كۆرسەتكەن تەسىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى مۇخبىرلارنىڭ قىلىۋاتقان خىزمىتى تۈپەيلىدىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراۋاتقىنىغا قارىماي، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى سىستېمىلىق باستۇرۇش ۋە كەڭ كۆلەمدە تۇتۇپ تۇرۇشى ھەققىدە مۇستەقىل ئۇچۇر مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەنلىكى يورۇتۇلىدۇ. بۇ ماقالىدە يەنە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداشتىكى رولى ھەققىدە، دۇنيانىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداشتا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.*

***ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:*** *ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، خىتاي كومپارتىيەسى، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى، ئاخبارات ئەركىنلىكى، تىلنى قوغداش.*

2023 - يىلى 23 - مارت، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ «ئامېرىكا ۋە خىتاي كومپارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت پەۋقۇلئاددە كومىتېتى» ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى توغرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىن جەريانىدا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن جېيك ئاكىنكلوس مۇستەقىل ئاخباراتچىلىقنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكلەر ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلغان تۇنجى ئاخبارات ئورگىنى بولۇشتىكى رولى ھەققىدە سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يىغىندا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى ئەشلېي ھىنسون خانىم ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر

بۆلۈمى مۇخبىرلىرىنىڭ ئۆز قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئىشلەنگەن ئىككى گۇۋاھلىق سىن فىلىمنى يىغىن ئەھلىگە قويۇپ بەردى. بۇ گۇۋاھلىق فىلىملىرىدا ئۇيغۇر مۇخبىرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇلارنى نىشانلاپ تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تۆھمەت چاپلىغانلىقى ۋە ئۇلار توغرىسىدا يالغان ئۇچۇرلارنى چىقىرىپلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ بىگۇناھ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلىشتەك پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى تىلغا ئالدى...

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىستېمىلىق باستۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى كەڭ ئاممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا تىلىنى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى يوقىتىشتىكى مەقسىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلدى ۋە خىتاينىڭ ئۆز قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى دوكلات قىلىشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان ئورۇنلارنىڭ بىرى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدۇر. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان، تاپاۋەتسىز تەشكىلات بولۇپ، ئەركىن ئاخبارات ئىمكانىيىتى بولمىغان دۆلەتلەرنى خەۋەر ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇيغۇر بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تارقاتقان خەۋەر ۋە دوكلاتلار ھەر خىل مەنبەلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. ئۇلار خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنى ئاتالمىش «قايتا تەربىيەلەش» لاگېرلىرىدا تۇتقۇن قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەجبۇرىي تۇغماس قىلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە باشقا تۈردىكى جازالارغا ئۇچراۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى تەمىنلىگەن ئۇچۇرلار ئاخبارات ۋاستىلىرى، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ماتېرىياللار ئۇيغۇر رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكنى دەلىللەشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۆزاقتىن بېرى، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى تەكشۈرۈش ئاخباراتچىلىقى ۋە ئۇچۇر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى ۋە ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، مۇستەقىل سوت كوللېگىيەسى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئەستايىدىللىق بىلەن دوكلات قىلىشىنى ماختىدى، چۈنكى بۇ دوكلاتلار خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان ۋەھشىيلىكىگە دىققەت قوزغاشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغاندى.

## ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان ئاخبارات تەشكىلاتى بولۇپ، ئەركىن ئۇچۇر ئېقىمى چەكلەنگەن دۆلەتلەردىكى ئاڭلىغۇچىلارنى خەۋەر ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. خىتاي ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان ئاڭلىغۇچىلىرىنى ئۈچ خىل ئۇيغۇر يېزىقىدا (ئەرەبچە، لاتىنچە ۋە كىرىلچە) خەۋەر تارقىتىدۇ.

بۇ رادىيو ئۇيغۇر بۆلۈمى 1998 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، خىتاي كومپارتىيەسى تاراتقۇلارنى قاتتىق كونترول قىلىدىغان ۋە ئۇچۇرغا ئېرىشىشنى چەكلەيدىغان ئۇيغۇر رايونىدىكى ئۇيغۇر تىللىق تاماشىبىنلارنى توغرا ۋە مۇستەقىل خەۋەر ۋە ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان. ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرى ئۇيغۇر رايونىنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر رايونىدىكى مەنبەلەر ۋە ئالاقە تورىغا تايىنىپ ئۇچۇر توپلايدۇ ۋە رايوندىكى ۋەقەلەر ھەققىدە دوكلات بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى باستۇرۇش

سىياسىتى ۋە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىپ جازا لاگېرلىرىغا سولاش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش قاتارلىق خەۋەر - ماقالىلەرنى تارقىتىشنى ئاساس قىلىنغان. ئۇيغۇر بۆلۈمى ئۇيغۇر كىرىزىسى ھەققىدە دوكلات بېرىشتە، كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاشكارىلاشتا ۋە خاتىرىلەشتە شۇنداقلا ئۇيغۇر رايونىنىڭ ۋەزىيىتىگە دىققەت تارتىشتا ئالدىنقى قاتاردا تۇردى. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ھەققىدە دوكلات بېرىشتە ئېغىر خىرىس ۋە خەتەرلەرگە دۇچ كەلدى. خىتاي دائىرىلىرى ئۇيغۇر مۇخبىرلىرىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى پاراكەندە قىلدى، شۇنداقلا ئائىلە ئەزالىرىنى قولغا ئالدى. ئۇيغۇر بۆلۈمى خادىملىرى بۇ خىرىسلارغا قارىماي، داۋاملىق ھالدا ئاڭلىغۇچىلارغا مۇھىم خەۋەر ۋە ئۈچۈرلارنى يەتكۈزۈپ كەلدى ھەمدە بۇ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر كىرىزىسىغا بولغان تونۇشىنى ئاشۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك ياردەم بەردى.

## ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى

ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى ۋە دىنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتلىرىنى تەسۋىرلەشكە ئىشلىتىلىدىغان سۆز. ئۇيغۇرلار 1990 - يىللىرىدىن باشلاپ خىتاينىڭ قاتتىق زۇلمىغا دۇچ كەلگەن، ئەمما 2014 - يىلى خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر رايونىدا «ئاشقۇنلۇقنى يوقىتىش» ھەرىكىتىنى قوزغىغاندا ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلاشقان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك مىللەتلىرىنى جازا لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇش بىلەن جازالىغان. خىتاي كومپارتىيەسى تۇتقۇندىكى مەھبۇسلارنىڭ ئۇيغۇر كىملىكى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، تۇتقۇنلار لاگېرلاردا مەجبۇرىي ئەمگەك، قىيناش ۋە مېڭە يۇيۇشقا ئۇچرىغان. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى يەنە ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىيىشىنى چەكلەپ باستۇرۇش بىلەن ئەيىبلەنگەن. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى يەنە ئۇيغۇر رايونىدا كەڭ كۆلەملىك كۆزىتىش سىستېمىسىنى يولغا قويۇپ، چىراي تونۇش تېخنىكىسى ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە پائالىيىتىنى نازارەت قىلغان.

ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، مۇستەقىل سوتلار ۋە خەلقئارا ۋە رايونلۇق تاراتقۇلار تەرىپىدىن كەڭ تۈردە ئېتىراپ قىلىندى. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىنى ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى، كانادا ۋە گوللاندىيە پارلامېنتلىرى، مۇستەقىل سوتلار ۋە خەلقئارا ۋە رايونلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى خەلقئارا قانۇن بويىچە ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ قارايدىغان بولدى.

2018 - يىلى، ب د ت ئىرقىي كەمسىتىشنى تۈگىتىش كومىتېتى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۋاتقان ۋەھشىيلىكلىرىنى دوكلات قىلدى. 2019 - يىلى، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىسسارى ئۇيغۇر رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇستەقىل تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ ئېتىراپ قىلىندى. 2021 - يىلى 1 - ئايدا، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان سىياسىتىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت، دەپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتى 2021 - يىلى 3 - ئايدا «خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ۋە مۇسۇلمانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان باشقا تۈرك گۇرۇپپىلىرىغا قىلغان ۋەھشىيلىكى»نى ئەيىبلەپ قارار ماقۇللاپ، ئامېرىكا ھۆكۈمەت ۋەكىللىرىنى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرۇلۇق ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەشكە، بۇ ۋەھشىيلىككە مەسئۇل بولغانلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە چاقىردى.

خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان ئىنكاسى تېخىمۇ

كۆچەيدى. كانادا، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى دۆلەتلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئورگانلىرى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىشلىق شىركەتلەرگە جازا يۈرگۈزدى. نۇرغۇن ھۆكۈمەتلەر ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭەشى ۋە ب د ت ئومۇمىي مەجلىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق تارمىقى ئۈچىنچى كومىتېتىدا بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان سىياسىتىنى ئەيىبلىدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەزى ھۆكۈمەتلەر خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش ھەرىكىتىنى داۋاملىق قوللاپ كەلدى.

## ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا دائىر خەۋەرلىرى

بۇ رادىيو ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى مۇخبىرلار ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى دوكلات قىلىش ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاشكارىلاشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمما، ئۇلار ھەقىقەتنى ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئېغىر شەخسىي بەدەل تۆلىدى. خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكى بەزى مۇخبىرلارنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى قولغا ئالدى. خىتاينىڭ بۇ خىل كىشىنى چۆچۈتىدىغان تاكتىكىسى بۇ ئۇيغۇر مۇخبىرلارنىڭ ئۆز خىزمىتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت بولۇپلا قالماي، يەنە يېقىنلىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشتەك غايەت زور بەدەل تۆلىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يېقىندا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ «ئامېرىكا ۋە خىتاي كومپارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك رىقابەت پەۋقۇلئاددە كومىتېتى» ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكى توغرىسىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئاچتى. يىغىن جەريانىدا دۆلەت مەجلىسى ئەزالىرىدىن جېيك ئاكىنكلوس مۇستەقىل ئاخباراتچىلىقنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خىتاينىڭ جازا لاگېرلىرى ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكلەر ھەققىدە دوكلات ئېلان قىلغان تۇنجى ئاخبارات ئورگىنى بولۇشتىكى رولى ھەققىدە سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ يىغىندا دۆلەت مەجلىسى ئەزاسى ئەشلېي ھىنسون خانىم ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى مۇخبىرلىرىنىڭ ئۆز قىسمەتلىرى توغرىسىدا ئىشلەنگەن ئىككى گۇۋاھلىق سىن فىلىمىنى يىغىن ئەھلىگە قويۇپ بەردى. بۇ گۇۋاھلىق فىلىملىرىدا ئۇيغۇر مۇخبىرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇلارنى نىشانلاپ تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلارغا ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تۆھمەت چاپلىغانلىقى ۋە ئۇلار توغرىسىدا يالغان ئۇچۇرلارنى چىقىرىپلا قالماي يەنە ئۇلارنىڭ بىگۇناھ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تۇتقۇن قىلىشتەك پاجىئەلىك ئەھۋاللارنى تىلغا ئالدى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مەمەتجان جۇمەنىڭ قوۋم - قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن كەم دېگەندە 29 كىشى تۇتقۇن قىلىنىپ لاگېرلارغا ئېلىپ كېتىلگەن ۋە ئارخىپلىرى تۈرغۈزۈلغان. كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى، ئۇيغۇر مۇخبىرلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى جازا لاگېرلىرىدا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئائىلە ئەزالىرى پەقەت ئۇلارنىڭ تېلېفونىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈنلا 14 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر مۇخبىرلارنىڭ كۆپىنچە تۇغقانلىرى ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سەۋەبىدىنلا خىتاي تەرىپىدىن سەت كۆرسىتىلىشكە، نىشانلىق زىيانكەشلىككە ۋە تۈگىمەس تەكشۈرۈشلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئۇيغۇر مۇخبىرلىرىغا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئېغىر گۇناھكارلىق تۇيغۇسى ئۇلارنىڭ ئۆز خىزمىتى ئۈچۈن بەرگەن ئېغىر قۇربانلىقلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ ماقالىسىدە تىلغا ئېلىنغان مۇخبىرلارنىڭ خىزمىتى ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئائىلىسىدىكىلەرگىمۇ زور تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ژۇرنالىستلىق سۈپىتى بىلەن ئۇيغۇر كىرىزىسىنى خەۋەر قىلىشتىكى مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ

ئۇچۇن بەرگەن غايەت زور شەخسىي بەدىلىنى ئۇچۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر كىرىزىسى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى «نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى»، BBC ، CNN ۋە «رويتېرس ئاگېنتلىقى» قاتارلىق ھەر قايسى داڭلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ زور دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ داڭلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرىنى زىيارەت قىلىپ ماقالە ۋە سۆھبەت ئېلان قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇتقۇندىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قىسمەتلىرىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرى ۋە زىيارەتلىرىنى ئۇيغۇر كىرىزىسى توغرىسىدىكى مۇھىم ئۇچۇر مەنبەسى، دەپ كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىشلىگەن خەۋەرلەر ئۇيغۇر كىرىزىسىگە بولغان تونۇشنى ئاشۇرۇشتا كۆرسەتكەن تەسىرى ئۈچۈن خەلقئارا تەشكىلاتلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى «2019 - يىللىق داۋىد بۇركې ئاخبارات مۇكاپاتى»غا ئېرىشتى. ئوخشاش بىر يىلدا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمى مۇخبىرى گۈلچېھرە خوجا ئۇيغۇر رايونىدا داۋاملىشىۋاتقان كىرىزىس ھەققىدە ئىشلىگەن خەۋەرلىرى ئۈچۈن ماگنىتسكىي كىشىلىك ھوقۇق مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 2020 - يىلى مايدا، گۈلچېھرە خوجا يەنە ئۇيغۇر رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى خەۋەر قىلغانلىقى ئۈچۈن خەلقئارا ئاياللار ئاخبارات فوندىنىڭ ئاخباراتچىلىق جاسارىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ رەئىسى بەي فاڭ گۈلچېھرە خوجا ۋە ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ دۇنيانى ئۇيغۇر كىرىزىسى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قىسمەتلىرى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز خەۋەر بەرگەنلىكىنى ماختىدى.

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ بىخەتەرلىكى دۇچ كەلگەن زور خىرىس ۋە خەتەرلەرگە قارىماي، ئۇيغۇر رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە توغرا دوكلات بېرىش ئارقىلىق داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى خەۋەر قىلىشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىندى. 2020 - يىلى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنىغا ئىمزا قويدى. بۇ قانۇن ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر رايونىدىكى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ئاشكارىلاش ۋە ئەيىبلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ قانۇن يەنە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدىكىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا خەۋەر ئىشلىشىنى قوللاش ۋە قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى ئۇيغۇر بۆلۈمى مۇخبىرلىرىنىڭ ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن قاتتىق شەخسىي قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، ئۆز كەسپىگە بولغان تەۋرەنمەس ئەقىدىسىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ. بۇ تونۇش ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە قىلىۋاتقان خىزمىتىنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا بولغان تونۇشنى ئاشۇرغانلىقىنىڭ مۇھىم بىر ئىسپاتى بولالايدۇ.

ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىشلىگەن خەۋەرلەر ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەقىل قىلىندى. مەسىلەن، 2021 - يىلى مارتتا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋىرىنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق توغرىسىدىكى يىللىق دوكلاتىدا نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ بۆلۈمنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى «خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باستۇرۇش ھەرىكىتى» توغرىسىدا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنى مۇھىم ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2023 - يىلى مايدا، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى مەھكىمىسى 2022 - يىللىق خەلقئارا دىنىي ئەركىنلىك دوكلاتىنى ئېلان قىلدى. دوكلاتنىڭ «شىنجاڭ»غا ئائىت قىسمىدا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى 46 قېتىم، ئۇيغۇر بۆلۈمى ئىشلىگەن خەۋەرلەر 24 قېتىم نەقىل قىلىنغان. بۇ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى خەۋەر قىلىشتىكى تۆھپىسىگە بېرىلگەن زور ئېتىراپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرى «ئۇيغۇر سوتى» (ئۇيغۇر رايونىدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان، مۇستەقىل مۇتەخەسسىس ۋە قانۇن كەسپىي

خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان خەلق سوتى) تەرىپىدىن كۆپ قېتىم نەقىل قىلىندى. 2021 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇيغۇر سوتى ئۆزىنىڭ ھۆكمىنى ئېلان قىلدى:

بۇ، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىتاينىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى («شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ۋە قىيناش جىنايىتى توغرىسىدىكى ئەيىبلەشلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئۇيغۇر سوتىنىڭ ھۆكمىدۇر.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرى دۇنيانىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئۇيغۇر كىرىزىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ۋە كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىدىن ھېساب سوراشقا تۆھپە قوشتى.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە توغرا ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرلىرى ھارماي - تالماي ئىشلەپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ تۇرۇش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئاشكارىلىدى ۋە دوكلات قىلدى. ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى دۇنيا نەزەردىن ساقىت قىلغان ئەھۋاللارنى يورۇتۇپ بەردى، ھەمدە دۇنيانىڭ دىققىتىنى خىتايدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا چەتكە قېقىلغان خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداشتا جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە تارتىپ كەلدى.

## ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە ئۇيغۇر تىلى

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدىكى باستۇرۇش سىياسىتى بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىدا مەجبۇرىي تۇتۇپ تۇرۇشنى، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى سىستېمىلىق باستۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇيغۇر سوتىدا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدا گۇۋاھلىق بەرگەن شاھىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇر رايونىدا «ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتكەنلەرگە جازا بېرىلگەن. ئۇيغۇر بالىلىرى كىچىكىدىن باشلاپلا ئانا تىلىدا ئوقۇشتىن مەھرۇم قىلىنغان ۋە ئۇيغۇر تىلىنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن جازالانغان.

خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسىتى ئۇيغۇر جامائىتىگە تەھدىت بولۇپلا قالماي، ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە پىكىر ئەركىنلىكىگىمۇ تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ. خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاخباراتنى چەكلىشى ۋە كونترول قىلىشى ئۇيغۇر رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە توغرا ۋە ۋاقتىدا ئۇچۇرغا ئېرىشەلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلىرى ئۇيغۇر كىرىزىسىنى ھۆججەتلەشتۈرۈشتىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان مۇھىم روللارغا ئىگە. بۇ تەتقىقات ماقالىسىدە ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەرلىرى ئۇيغۇر تىلىنى قوغداشتا ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى يوقىتىشنى مەقسەت قىلغان سىياسىتى ھەققىدە توغرا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا قانداق مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئاكتىپ خەۋەر ئىشلەش ئارقىلىق، ئۇيغۇر بۆلۈمى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيەت مىراسلىرىنى يوقىتىش

ئۇرۇنۇشلىرىنى تۇسۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا ئۇچۇر يەتكۈزۈشتىكى تەۋرەنمەس ئەقىدىسى ئارقىلىق، ئۇيغۇر بۆلۈمى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشى ۋە ئاخبارات قاناللىرىنى كونترول قىلىشىغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇردى. بۇ تەتقىقات ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ خەۋەر ئىشلەش ئارقىلىق ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ يادرولۇق تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى قوغداشتىكى ئەھمىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ تەتقىقات ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ سىستېمىلىق يوقىتىلىشىغا قارشى تۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان رولىنى گەۋدىلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر رايونىدا تاراتقۇلارنىڭ زىيارەت قىلىنىشى چەكلەنگەن مۇھىتتىن ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا ئېرىشىشكە كاپالەتلىك قىلدى.

## خۇلاسە

ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى دوكلات قىلىشتىكى رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بوشاشماي تىرىشىشى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ سادىر قىلغان ۋەھشىيلىكىنى ئاشكارىلاپ، مۇھىم ئۇچۇر ۋە ھۆججەتلەرنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلدى. ئۇيغۇر بۆلۈمى توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا خەۋەر قىلىش ئارقىلىق، ئۇيغۇر رايونىدا يۈز بېرىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە بولغان تونۇشنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا دوكلات بېرىش ئەقىدىسى مۇھىم ئۇچۇرلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يېتىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداشقا تۆھپە قوشىدۇ. ئۇيغۇر بۆلۈمىنى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە تەقدىرلىشى ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمى داۋاملىشىۋاتقان ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى ئاشكارىلاشتا تۈرتكىلىك رول ئويناپ، مۇستەقىل تاراتقۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش ۋە تەشۋىق قىلىشتىكى ھالقىلىق رولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

## پايدىلانغان مەنبەلەر:

بۇ تەتقىقات ماقالىسى ئىنگلىزچە
Crouch, Erik. "China Detains Family Members of Radio Free Asia Uyghur Editor Eset Sulaiman." Committee to Protect Journalists, March 8, 2021. Accessed [February 8th, 2023]. https://cpj.org/2021/03/china-detains-family-members-of-radio-free-asia-uyghur-editor-eset-sulaiman/.
قاتارلىق 33 پارچە ماقالە - خەۋەردىن پايدىلىنىپ يېزىلدى.

*بۇ ماقالىنى جۇرئەت نىزامىدىن تەھرىرلىدى*

## شەھرىزاد غەيرەتنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى

1995 - ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 - باشلانغۇچقا كىرگەن.
2003 - بېيجىڭ تۆۋ رىن ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان.
2007 - ئۈرۈمچى شەھەرلىك تەجربە ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇغان.
2008 - شىنجاڭ سەنئەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.
2011 - جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە فلىندېرس ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان.
2016 - ئاۋستىرالىيە سىدنېي ئىنستىتۇتىدا (جەنۇبىي ئاۋستىرالىيە) باھالاش بىر تەرەپ قىلىش خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. 2017 - توماس يېمەكلىكلەر خەلقئارا سودا شىركىتىدە ئېكسپورت ھۆججەت ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن.
2018 - دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىدا پىروگراما ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلىگەن.
2019 - ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى ئۇيغۇر بۆلۈمىدە رادىيو پىروگراما كوئوردېناتور خىزمىتىنى باشلىغان.

# توردا ئۇقۇتۇشنىڭ ئۇيغۇرلارغا پايدىلىرى ۋە بىزنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىمىز


ئېھسان مەمەتجان، مەمەتجان ياسىن، ئارزۇگۈل رەخمەتۇللاھ
كانادا برىتىش كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى
(mengutech.com, mengutech1@gmail.com)

2023 - يىلى 31 - ماي

مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ۋەتەندىن ئايرىلىپ ھاياتىمىز ۋە ئەركىنلىكىمىزنى ساقلاپ قالغان بولساقمۇ، لېكىن مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىزباسارى بولغان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئانا تىلى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى قاتارلىق مەدەنىيىتىمىزنى ساقلاش جەھەتتىن ناھايىتى قىيىنلىۋاتىمىز. سانىمىزنىڭ ئاز، تۇپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقى ۋە مەبلىغىمىزنىڭ قىسلىقى سەۋەبىدىن، بىر يەرگە جەم بولۇپ، بالىلىرىمىزغا ۋە ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان بىلىملەرنى ئىگىلەش پۇرسىتىمىز بولمايۋاتىدۇ.

بىز ئۇيغۇر مىللىتى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ھەقىقىي ئۇيغۇرلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ھەر ۋاقىت ئۆزىنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشى ئۈچۈن، ھەرقانداق پايدىسىز شارائىتلارغا باش ئەگمەي يول ئېچىپ، پۈتكۈل مىللەت بويىچە، بولۇپمۇ ئاياللار، بالىلار ۋە ياشلارنىڭ تور ئارقىلىق ئوقۇتۇشغا ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇ مىللىتىمىزنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنىڭ پارلاق بولۇشى ئۈچۈن ھەممە ئۇلارنى ئۆزئارا تونۇشتۇرۇپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئالاقە - مۇناسىۋەت تورى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ پايدىلىقتۇر.

## 1. توردا ئوقۇتۇشنىڭ پايدىلىرى

توردا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا مۇساپە چەكلىمىسى بولمىغانلىقتىن، دۇنيانىڭ ھەر جايلىرىدىكى كىشىلەر ئۆزى خالىسىلا قاتنىشالايدۇ. مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمىز ئاز، تارقىلىپ ياشاش ۋە مۇقىم بىر يەردە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىز يوق بولۇشتەك قىيىنچىلىقلارنى تور ئوقۇتۇشى ئارقىلىق ھەل قىلالايمىز. بۇنداق قىلغاندا:

بىرىنچىدىن، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېفون ياكى كومپيۇتېر ئارقىلىق توردا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقتىنى تېجىگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئارىمىزدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بىلىمىنى تارقىتىشنى قولايلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر مائارىپىنى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە بولىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارمۇ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئۆزى خالىغان قابىلىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنى تاللىيالايدۇ.

تۆتىنچىدىن، ئوقۇتۇش تەننەرخى ئاز بولىدۇ. مەخسۇس ئىشخانا، سىنىپ ياكى مەكتەپ بىنالىرىغا ئېھتىياج چۈشمەيدۇ.

بەشىنچىدىن، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ تور دەرسخانىسىدا ئۇچرىشىشى بىلەن، ئۆزئارا دوستلۇقى ۋە ھەمكارلىقى كۈچىيىدۇ. بەزى شەھەرلەردە يالغۇز ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئائىلىلىرىمۇ روھىي جەھەتتىن يالغۇزلۇق ھېس قىلمايدۇ.

ئالتىنچىدىن، دەرس جەريانىدا ئۆزئارا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىش باللىرىمىزنىڭ ئانا تىلىنى ياخشى ئۆگىنىشىگە پايدىلىق. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىدىكى كەسپىي يازمىلارنى ۋە كەسپىي تىلنى ساقلاپ قېلىشىمىزغىمۇ پايدىلىق.

يەتتىنچىدىن، تور دەرسخانىسىدا ھەر خىل رەسىم ۋە ۋىدېيولار ئارقىلىق باللارنىڭ دەرسكە قىزىقىشىنى قوزغىغىلى بولىدۇ.

سەككىزىنچىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېڭى تەرەققىياتلارغا ۋە كومپيۇتېر تېخنىكىلىرىغا ماسلىشىپ، ئۆزى قىزىقىدىغان ساھەلەردە ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، كەلگۈسى تېخىمۇ پارلاق بولغان كەسپلەرنى ئىگىلىشىگە تۆھپە بولىدۇ.

## 2. توردا ئوقۇتۇشنىڭ ئۇيغۇرلار ئەھۋالىغا تەتبىقلانغان SWOT تەھلىلى

SWOT ئۇسۇلى تەھلىل قىلىش

SWOT تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بولسا، بىرگە بىر ئىشلاردا قارار بېرىشتىن بۇرۇن ئۆزىمىزدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقلارنى ۋە ئاجىزلىقلارنى بايقاپ، شارائىتىمىزدىكى يوشۇرۇن پۇرسەت ۋە تاشقى ئامىللاردىكى تەھدىتلەرنى تونۇپ ۋە بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدۇر. بۇنىڭدىكى

- S=Strength نىڭ مەنىسى كۈچ؛
- W=Weakness نىڭ مەنىسى ئاجىزلىق؛
- O= Opportunity نىڭ مەنىسى پۇرسەت؛
- T= Threat نىڭ مەنىسى تەھدىت ياكى خەتەر.

بىز ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، SWOT نى ئىشلىتىپ، توردا ئوقۇتۇشنىڭ پايدا ۋە زىيانلىرىنى تەھلىل قىلىپ باقايلى:

| ئاجىزلىق | كۈچ | |
|---|---|---|
| ▸ ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمىز ئاز، توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش ئىمكانىيىتىمىز يوق دېيەرلىك<br>▸ ئۇيغۇرچە مەكتەپ، ئاممىۋى پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە مەسچىت قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىش ئاسان ئەمەس<br>▸ ئۆزىمىزنىڭ تىلى، دىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىمىز بىلەن ياشاش ئىمكانىيىتىمىز ئاز<br>▸ ئاتا - ئانىلارنىڭ تور ئوقۇتۇشقا بولغان بولغان قوللاش ۋە ھەمكارلىشىشىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى | ▸ ئۇيغۇر مۇئەللىملەر ۋە تەتقىقاتچىلار<br>▸ توردا ئوقۇتۇش دەرسخانىلىرىنى قۇرماقنىڭ ئاسان بولۇشى<br>▸ توردىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپ بولۇشى ۋە تەڭ بەھرىلەنمەكنىڭ قولاي بولۇشى<br>▸ تور ئوقۇتۇش چىقىمىنىڭ ئاز بولۇشى | ئىچكى ئامىل |
| **تەھدىت**<br>▸ خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىقى سەۋەبىدىن مىللىتىمىزنىڭ يوقىلىش گىردابىغا يېقىنلىشىپ قېلىشى<br>▸ تىلىمىز، دىنىمىز، مىللىي كىملىك ۋە مىللىي روھنىڭ تېز سۈرئەتتە يوقاۋاتقىنىدەك ئەمەلىيىتىمىز<br>▸ بالىلىرىمىزنىڭ ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە سىڭىپ يوقاپ كېتىش ئېھتىماللىقى | **پۇرسەت**<br>▸ كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىشى<br>▸ توردا ئۈچۈر يەتكۈزۈش ۋە ھەمكارلىشىپ ئىشلەشنىڭ ئاسان بولۇشى<br>▸ توردا ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنىڭ قولايلىقلىقى. مەسلەن، گوگۇل سىنىپى، تىنكېركەد سىنىپى، ChatGPT ... | تاشقى ئامىل |
| ناچار | ياخشى | |

*1 - رەسىم: توردا ئوقۇتۇشنىڭ ئۇيغۇرلار ئەھۋالىغا تەتبىقلانغان SWOT تەھلىلى.*

## توردا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشقا بولغان ئېھتىياجىمىز ۋە ئەۋزەل شارائىتلار

### ئاجىزلىقىمىز (ئېھتىياجىمىز)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سانىمىزنىڭ ئاز ۋە مۇقىم بىر يەردە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يوق بولۇشى شۇنداقلا، ياشاۋاتقان يېرىمىزدە ئېھتىياجلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ بولماسلىقى ياكى ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇساپىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى سەۋەبىدىن، توردىن ئوقۇتۇش ۋە دەرس ئېلىشقا ئېھتىياجىمىز بار.

بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ھاياتىنى مىسالغا ئالساق، بىز ۋەتەندىن ئايرىلغان 22 يىللىق ھايات مۇساپىمىزدە، ئوقۇش ۋە خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبلىك ھازىرغا قەدەر يەتتە دۆلەتتىكى 10 شەھەردە ياشاش جەريانىدا، تورونتودىن باشقا يەرلەردە ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچرىشىش ۋە تونۇشۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق دېيەرلىك بولدى. شۇ سەۋەبتىن پەرزەنتلىرىمىزگە دىنىمىز ۋە تىلىمىزنى ئۆگىتىش جەھەتتە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۈچ كەلدۇق. توردا ئوقۇتۇشنىڭ ئومۇملىشىشى بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇردى.

### بىزنىڭ كۈچىمىز ۋە ئەۋزەللىكىمىز

دۇنيانىڭ ھەر جايلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن ھەر قايسى ساھەلەردە يېتىشكەن تەتقىقاتچىلار ۋە ئۇستازلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزەلەيمىز.

تور يۈزىدىكى دەرسخانىلاردا بىرسىپ تارقىتىلمىغان، دەرسلىك ئۈچۈن ھازىرلانغان نۇرغۇن ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرى بار بولۇپ، توردا ئوقۇتۇشتا ئوڭايلا قوللىنالايمىز. ماتېرىياللارنى باستۇرۇش ۋە ئەۋەتىش ئۈچۈن كېتىدىغان پوچتا ھەققى قاتارلىقلارنى تېجەپ قالالايمىز.

### بىز ئۇچراش ئېھتىماللىقى بولغان تەھدىت

ۋەتىنىمىزدە خىتاينىڭ زۇلمى بىلەن مىللىتىمىز، دىنىمىز ۋە ئانا تىلىمىز يوقاش گىردابىغا بېرىپ قېلىۋاتقان ۋاقىتتا مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش مەجبۇرىيىتى سەۋەبلىك پەرزەنتلەرنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە ساقلاپ قېلىشى تەسكە توختاۋاتىدۇ. شۇڭا تور يۈزىدىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئانا تىلىمىزنى ۋە دىنىي ئېتىقادىمىزنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، مىللىي كىملىكىمىزنى قوغدىشىمىز كېرەك.

باللىرىمىزنى تور دەرسخانىسىدا ئۆزئارا تونۇشتۇرۇش ۋە دوستلاشتۇرۇش ئارقىلىق مىللىي بىرلىكىمىزنى قوغداپ، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.

### پۇرسەت (توردا ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ئەۋزەل شارائىتلار)

ھازىر كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئىنتېرنېت ۋە كومپيۇتېر ئومۇملىشىپ تور ئوقۇتۇشى ئۈچۈن ئاساس سېلىندى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دەۋردە توردا ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىش ھەممىيلەننىڭ ماسلىشىشىنى تەلەپ قىلىدىغان دەۋرنىڭ تەقەززاسىغا ئايلاندى.

يېقىندا سۈنئىي ئەقىل تېخنىكىسى (ChatGPT) ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى. ماقالە، شېئىر يېزىشتىن تارتىپ كود يېزىشقىچە قەدەر نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. بۇ دەرسخانىدا ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇرنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم قورال بولۇپ، باللارنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن ئۆزى كود يازماي تۇرۇپمۇ ChatGPT دىن پايدىلىنىپ يۇمشاق دېتالنى يازغىلى بولىدۇ. ئەمما سۈنئىي ئەقىل خېلى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىگىلىۋالغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خىزمەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىمۇ مۇقەررەر. بىز بۇ قىيىن ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئۈچۈن ھەر خىل يېڭى تېخنىكا ۋە ئىستراتېگىيەلەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ئۆزئارا ئۆگىنىش مۇھىتى يارىتىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ تېخىمۇ يۇقىرى ئىجادىيەت تەلەپ قىلىدىغان ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارغا يۈزلىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

## 3. بىزنىڭ توردىكى ئوقۇتۇشىمىز

بىز توردىكى ئوقۇتۇش سىستېمىمىزنى دەرسلەرنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىلىمخۇمارلار دەرسخانىسى ۋە مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلدۇق.

بىلىمخۇمارلار دەرسخانىمىزدا «گوگۇل سىنىپى» ۋە «گوگۇل مىت»دىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئائىللىرى ۋە باللارغا ئانا تىل، قۇرئان كەرىم، ئىمان دەرسى ۋە ساغلاملىققا ئائىت دەرسلەر ئۆتۈلىدۇ. بۇ دەرسلەر كورونا ۋىرۇسى سەۋەبىدىن ئۆيگە سولىنىپ قالغان مەزگىلدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغا

قـەدەر ئىزچىـل تـۈردە داۋاملىشــىپ كېلىۋاتـىدۇ.
«مەڭگۈتـەك تەربىيەلـەش مەركـىزى» مـىزدە، دۇنيانــىڭ هــەر قايىســى جايلىرىدىكــى ئۈيغـۇر باللىلارغـا Tinkercad دەرسخانىسـىدا سـۇنئىي ئەقـىل تېخنىكىسـى ۋە رەقەملىـك ياكـى فىزىكىلىـق مەھسـۇلات لايىھەسـىنىڭ ئاساسـى بولغـان «ئاردۇيىنـو (Arduino)» ھەققىـدە دەرس سـۆزلىنىۋاتىدۇ. (mengutech.com)
تۆۋەندە ھەر قايىسى دەرسخانىلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇشىمىز ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتىمىز:

### بىرىنچى، «بىلىمخۇمارلار» دەرسخانىمىزدىكى ئوقۇتۇشلىرىمىز

قۇرئـان ئوقـۇش سـىنىپىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنـىڭ سەۋىيەسـى ۋە ۋاقـىت پەرقىگـە ئاساسـەن، «گوگـۇل مـىت» تـا جانلىـق شـەكىلدە قائىدىلەرنـى ئۆگىتىمىز. ئاياللارغـا ئايـال ئۇسـتاز، بالىلارغـا لاياقەتلىـك بـالا ئۇسـتاز دەرس بېرىـدۇ. دەرسـىنىڭ مەزمۇنـى قېلىپلاشـقان ۋە چۈشىنىشـكە ئـاددى قىلىـپ، «گوگـۇل سـلايت» تـا گـۆزەل شـەكىلدە تەييارلانغـان ۋە «گوگـۇل سـىنىپى» غـا رەتلىـك ئورۇنلاشـتۇرۇلغان.يالغۇز قائىدىلـەر بىلەنـلا چەكلىنىـپ قالماسـتىن، مسـاللارنىڭ ئوقۇلۇشـىمۇ ھـەر بىـر بەتكـە كىرگۈزۈلگـەن. شـۇنداقلا «گوگۇل سـىنىپى» غـا دەرس مەزمۇنغـا مۇناسـىۋەتلىك باشـقا ئۇسـتازلارنىڭ دەرس ئۈلانمىلىرىمـۇ قوشـۇلغان بولـۇپ، ئوقۇغۇچىـلار دەرسـتىن كېيىنمـۇ ئـۆزى «گوگـۇل سـىنىپى» غـا كىرىـپ خالىغـان ۋاقىتتـا، خالىغـان دەرسـنى مەشـىق قىلالايـدۇ. باللىلارغـا دەرسـىنىڭ ئاخىرىـدا دەرس مەزمۇنىغـا ئائىـت Kahoot, Blooket ئوخشـاش پىروگراممىـلاردا مۇسـابىقە قىلىـپ، باللارنـىڭ تېخىمـۇ قىزىقىشــىنى قوزغـاپ، ئۆگەنگەنلىرىنـى تېخىمـۇ پۇختىلايـدۇ.




*2 - رەسىم: قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان «گوگۇل سىنىپى» مىزدىكى ماتېرىياللاردىن بىر ئۈلگە*




*3 - رەسىم: قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان «گوگۇل سىنىپى» مىزدىكى ماتېرىياللاردىن يەنە بىر ئۈلگە*

ئىمان دەرسىمىزگە كەلسەك، ئايال ئۇستاز دەرسلەرنى «گوگۇل سلايت» تا چىرايلىق لايىھەلەپ، دەرسلەرنى ئاياللارغا ئايرىم، بالىلارغا ئايرىم چۈشىنىشلىك، ئاددىي تىلدا ئۆتۈپ بېرىدۇ. دەرس مەزمۇنىنىڭ مول ۋە جانلىق بولۇشى ئۈچۈن، دەرسلەرگە يەنە ۋىدىيو ۋە رەسىملەرنى كىرىشتۈرۈپ ئۆتۈپ بېرىدۇ. دەرسكە قاتناشقۇچىلار ئاكتىپ پىكىر قىلالايدۇ.

ئانا تىل سىنىپلىرىمىزمۇ ئۆتكەن 3 يىلدىن بېرى مانا مۇشۇنداق شەكىلدە داۋام قىلىپ، نۇرغۇن بالىلارنىڭ ساۋاتى چىقتى. ئۇيغۇرچە يېزىش ۋە سۆزلەش، كىتاب ئوقۇپ چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاشتى. ھەر بىر ئانا تىل سىنىپلىرىنىڭمۇ ئايرىم «گوگۇل سىنىپ»لىرى بولۇپ، بالىلارغا ئۇيغۇرچە ئۆگىتىدىغان ماتېرىياللار ۋە ۋىدىيو ئۇلانمىلىرى بۇ «گوگۇل سىنىپى»غا قوشۇلغاچقا، ئانا - بالىلار خالىغان ۋاقىتتا بۇ مەنبەلەردىن پايدىلىنالايدۇ.

بالىلىرىمىزنىڭ ئانا تىلى ۋە دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، پىداكار ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھەقسىز ۋە مىننەتسىز ھالدا، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئىشلەپ كەلدى. بىز بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، توردىن يەنە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر بالىلارغا ئىنگلىزچە ئۆگەتتۇق. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە روھىي ساغلاملىقىغا دائىر دەرسلەر ئورۇنلاشتۇردۇق ۋە يەنە ۋەتەن - مىللەت داۋاسىنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش ئۈچۈنمۇ، باشقا مۇسۇلمان ئاياللار ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا توردىن پائالىيەت ئورۇنلاشتۇردۇق.

بىز توردا ئۇيغۇر تىلى ۋە ئىسلام دىنى ئۆگىتىشنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا، ئەتراپىمىزدىكى بىلىملىك كىشىلەر ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ بىلىمنى تارقىتىش ۋە ئۇلارنىڭ كەسپىي ئىقتىداردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق، يېڭى تېخنىكا ۋە پەننىي ئوقۇتۇشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇق. مۇشۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، «مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى»نى قۇرۇپ چىقتۇق.

## ئىككىنچى، «مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى» دىكى ئوقۇتۇشلىرىمىز

ئۇيغۇر بالىلىرىنى ۋە ياشلىرىنى تەربىيەلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش، ئوي - پىكىرلەرنى قانداق قىلىپ فروتوتىپقا (يەنى تۈنجى ئۈرنەك ياكى مودېلغا) ئۆگىتىش ئۈچۈن، «مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى» مىز بالىلارغا توغرا تەپەككۇر، ماھارەت، يۇمشاق ۋە قاتتىق دېتالنى ئىشلىتىپ، پروتوتىپ لايىھەلەش جەھەتتە ھەقسىز تەربىيەلەش قىلىۋاتىمىز. بىز ھەر بىر دەرسلەرنى ئامال بار ئاددىي، قىزىقارلىق شەكىلدە ئۆتۈشكە تىرىشتۇق ۋە ۋىدىيوغا ئېلىپ تور بېتىمىز ۋە يۇتۇب قانىلىمىزدا تارقاتتۇق.

«مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى» يىراقتىن ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنى Tinkercad دەرسخانىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. Tinkercad دەرسخانىسى بولسا بىر تۈر بويىچە ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەقسىز تەمىنلەنگەن تور دېتالى. بۇ لايىھەلەش قورالى ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار 3D لايىھەلەش، ئېلېكترونلۇق سىستېما ياساش ۋە كودلاش قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز. بىز توك يولىنى لايىھەلەشتە «Tinkercad توك يولى»نى ئىشلەتتۇق. بۇنىڭ ئاددىي سۆرەپ تاشلاش كۆرۈنمە يۈزى ئارقىلىق ھەر خىل سىستېمىلارنى ياسىدۇق. Tinkercad دەرسخانىسىدا ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرالايدۇ ھەم ياردەم قىلالايدۇ.




*4 - رەسىم: «مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى» تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدىيەدىن - پروتوتىپقىچە تەربىيەلەش پىروگىراممىسى.*






*5 - رەسىم: ماشىنا سۈرئىتىنى ئۆلچەش ئەسۋابىنىڭ يۇمشاق ۋە قاتتىق دېتال مۇھىتىدا Tinkercad ئارقىلىق تەقلىد قىلىنىشى (سولدىكى رەسىم) ۋە ياسالغان پروتوتىپىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى (ئوڭدىكى رەسىم).*

بىز يېڭى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنى ياخشىلاشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى قىلىپ، ھەر بىر ئوقۇغۇچىنىڭ قىزىقىشى، ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىگە ئاساسەن يېتەكلەپ ئىلىپ ماڭدۇق. بىز يەنە دەرس مەزمۇنىغا ئالاقىدار كەسىپ ئەھلىلىرىنى «ئىلھامبەخش لېكسىيە»لەر بېرىشكە تەكلىپ قىلدۇرۇش ئارقىلىق بالىلارنى ياخشى ئۆگىنىش ۋە كەلگۈسى توغرۇلۇق ئويلىنىشقا رىغبەتلەندۈردۇق. مەڭگۈتەك دەرسى ئۈچۈن بالىلار سەھىپىسى لاھىيەلىنىپ بالىلار ئۈچۈن بىر تور سەھىپىسى ھازىرلاندى. ئالدىمىزدا قاتنىشىش ئىمكانىيىتى بار بالىلار ئۈچۈن، بىر يۈزتۇرانە «ئاردۇينو»نى قوللىنىپ، «لايىھەلەش پائالىيىتى» ئىلىپ بارماقچى (مەسىلەن ئىستانبۇل ياكى ۋانكوۋېردا) ۋە پروتوتىپ تەييارلىغان ھەممە گۇرۇپپىلارغا مۇكاپات بېرىلىدۇ.

بىز بۇ خىزمەتلەرنى قىلىش جەريانىدا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپلا قالماستىن، ئەتراپىمىزدىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنى بايقاپ ۋە ئۇلار بىللە ئىشلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردۇق ۋە بۇنىڭ پايدىسىنى كۆردۇق. ئۆزىمىز ۋاقىت يېتىشتۈرۈپ بولالمىغاندا، باشقا لېكسىيە سۆزلىگۈچىلەرنى تەكلىپ قىلىش ئارقىلىق دەرسلەرنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋام قىلىشى ۋە مەزمۇنىنىڭ مول بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدۇق. بولۇپمۇ UyghurSTEM دىكى مەتتىمىن ئۈكىمىز بۇ دەرسلىكنىڭ ئىلانىنى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچى توپلاشتىن تارتىپ، تۈركىيەدىكى بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئاردۇينو ئەسۋاپلىرى»نى سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش، ھەتتا بەزى دەرسلەرنى ئۆتۈپ بېرىش ئارقىلىق، بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزنى ناھايىتى قوللاپ، ئىشلىرىمىزنى قولايلاشتۇرۇپ بەردى.

يۇقىرىدىكى ئىشلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، توردا دەرس ئوقۇتۇش جەريانىدا يالغۇز ئۆزىمىزنىڭلا بىلىمىمىزنى تارقىتىپلا قالماستىن، باشقا بىلىملىك دوستلىرىمىز بىلەنمۇ بىرلىشىپ، ھەمكارلىشىش ئارقىلىق خىزمەت ئۈنۈمىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپلا قالماستىن، مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سېپىمىزنىمۇ راۋاجلاندۇرالايمىز.

## 4. توردا ئوقۇتۇش جەريانىدىكى بەزى تەجرىبە - ساۋاقلار

سىنىپ ياكى ئوقۇش ماتېرىياللىرىغا كېتىدىغان مەبلەغلەرنىڭ قىسقىلىقىدىن ئەندىشە قىلماستىن، پەقەت ئەتراپىمىزدىكى بىلىملىك دوستلىرىمىز ۋە ئائىلىدىكىلىرىمىز ئارقىلىقلا، خېلى كۆپ دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئاز - تولا ھەسسە قوشالىغىنىمىز ئۈچۈن سۆيۈنىمىز. ئەمما بىزنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان بەزى ئىشلارمۇ يۈز بەردى. مەسىلەن: دەرسلەر ھەقسىز بولغىنى ئۈچۈنمۇ ۋە ياكى توردىكى دەرسلەرنى ئاتا - ئانىلار مۇھىم دەپ قارىمامدۇ، ئىشقىلىپ خېلى كۆپ بالىلاردا پاسسىپلىق بار. بەزىلىرى دەرسلەرگە تولۇق قاتناشمايدۇ، كېچىكىدۇ ياكى تاپشۇرۇقلارنى تولۇق ئىشلىمەيدۇ. بىر قىسىم ئاتا - ئانىلاردا مەسئۇلىيەتچانلىق تۆۋەن بولۇپ، بالىلىرىنىڭ ئوقۇشى بىلەن ئانچە كارى يوق بولغىنى ئۈچۈن، دەرسكە قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ كەتكەنلىكتىن، بەزى ياخشى دەرسلەرنى توختىتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇق.

بالىلارنىڭ دەرسكە تولۇق قاتنىشىپ بولالماسلىقىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل بولسا، ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ دەرسلەرگە قاتنىشىش ۋاقتىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولالماسلىقى ۋە بەزىدە ھەتتا دەرس ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغاچقا، بىز ھەر بىر دەرسكە بىردىن Whatsapp گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، دەرس باشلىنىشتىن بۇرۇن، دەرس ۋاقتىنى ئانىلارنىڭ سەمىگە سېلىش ئارقىلىق، بالىلارنىڭ دەرسكە تولۇق قاتنىششىغا تۈرتكە بولدۇق.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تور ئوقۇتۇشتىكى ئەۋزەللىكلەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، ۋاقتىنى ۋە ئۈنۈمنى ياخشى كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بالىلارنى ۋاقتىدا دەرسكە قاتناشتۇرۇش ۋە دەرس ۋاقتىدا بالىلارنى پات - پات

كۆزىتىپ تۇرۇش ئارقىلىق، ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ھەمكارلىششى كېرەك.

ھەممىمىز مىللىتىمىزنى يوقىلىش گىردابىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا بالىلىرىمىزغا ئىگە چىقىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ئەۋلاد تەربىيەلەش جەھەتتە ئۆزئارا ھەمكارلاشمىساق، بىر - بىرىمىزنى قوللىمىساق، مىللىي كىملىكىمىزنى ۋە دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

توردا ئوقۇتۇش – ئۇيغۇر بالىلار ۋە ياشلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەشنىڭ ياخشى چارىسىدۇر. زامانىۋى تېخنىكا مۇشۇ كۈنلەردە ۋە كەلگۈسىدە ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى، تېخنىكا ئۆگىنىپ، يۇقىرى كەسپىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈپ، كەلگۈسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلىش ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىيەلەيدىغان ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە ئىلگىرىلىگەنسېرى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىردەك توردىكى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىسەك ۋە بالىلىرىمىزنى تەڭ ھەمكارلىشىش ئارقىلىق، ئوقۇغۇچىلارغا پايدىلىق بىلىم يەتكۈزۈشكە ئورتاق تىرىشساق، توردىن ئوقۇتۇش ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغانلىقىغا ۋە ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭمۇ كەلگۈسىدە ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرالىشىغا پايدىلىق بولىدىغىنىغا ئىشىنىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان بىلىملىك كىشىلىرىمىزنى توردا ئوقۇتۇش سېپىمىزگە ئاكتىپلىق بىلەن قېتىلىپ، بىلىمى ۋە قابىلىيىتىنى خەلقىمىزگە يەتكۈزۈشكە غەيرەت قىلىشقا چاقىرىمىز.

*بۇ ماقالىنى ئۆمەر ئىمىن تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى, http://www.mengutech.com

[2] Arduino designs, manufactures, and supports electronic devices and software, https://www.arduino.cc/،

[3] Tinkercad 3D Design Software and Circuit Design, https://www.tinkercad.com/dashboard

[4] بىلىمخۇمارلار دەرسخانىمىز, www.bilimhumarlar.com/بالىلار-ئىمان-دەرسى/

[5] Google Classroom for teaching and learning, https://edu.google.com/workspace - for - education/classroom/

[6] Piercy, Nigel; Giles, William (May 1989). "Making SWOT analysis work". Marketing Intelligence & Planning. 7 (5/6): 5–7. doi:10.1108/EUM0000000001042.

[7] Thompson, Arthur A.; Peteraf, Margaret A.; Gamble, John E.; Strickland III, A. J. (2016). "What are the company's strengths and weaknesses in relation to the market opportunities and external threats?". Crafting and executing strategy: the quest for competitive advantage: concepts and cases (20th ed.). New York: McGraw - Hill Education. pp. 89–94. ISBN 9780077720599. OCLC 890011455.

[8] Kaplan, Robert S.; Norton, David P. (2008). "Identifying strengths, weaknesses, opportunities, and threats (SWOT)". The execution premium: linking strategy to operations for competitive advantage. Boston, MA: Harvard Business Press. p. 49–53. ISBN 9781422121160. OCLC 227277585.

## يازغۇچىلارنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى

بۇ ماقالىنى مەمەتجان ۋە ئارزۇگۇل (ئەر - ئايال) ئوغلى ئىھسان بىلەن يازغان.

مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزىدىن ئىھسان مەمەتجان ھازىر كانادانىڭ كاملۇپس شەھەردىكى تۇلۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئىھسان بىلىمخۇمارلار دەرسخانىسىغا تېخنىك ياردەمچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ۋە بىر ياردەمچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئىھسان مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزىنىڭ تور بېتىنى ھەم دوكتور مەمەتجاننىڭ تور بېتىنى ياسىدى.

(https://www.mamatjanlab.com, mengutech.com)

دوكتور مەمەتجان ياسىن 2009 - يىلى بىيومېدىكال ئىنژېنېرلىقى (Biomedical engineering) دا دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان. كېيىن گېرمانىيەدىكى فىلىپس شىركىتىدە ۋە كانادادىكى كارلېتون ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەتقىقات قىلغان. 2014 - يىلدىن باشلاپ تورونتو شەھرىدە 7 يىل Princess Margaret Cancer Center دە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىدى. ھازىر Thompson Rivers University دا ياردەمچى پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەمەتجان 2022 - يىلى مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزىنى قۇردى.

مەڭگۈتەك تەربىيەلەش مەركىزى ۋە بىلىمخۇمارلار دەرسخانىسىدىن ئارزۇگۇل راخمەتۇللاھ 2007 - يىلى شىۋېتسىيەدىكى گوتېنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالدى. 2015 - يىلى تورونتودىكى ئۇيغۇر بالىلارغا ئۇيغۇر ئانا تىلى سىنىپىنى ئاچتى. 2019 - يىلدىن باشلاپ توردا ئۇيغۇر ئائىلىلىرىغا ۋە بالىلارغا ئىمان دەرسى، تەجۋىد دەرسى، ئىنگلىز تىلى، 3 دەرىجە ئانا تىلى سىنىپى، روھىي ساغلاملىق ۋە ساغلاملىق دەرسى قاتارلىق 13 دەرسنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بەزىلىرىنى ئۆزى ئۆتتۈۋاتىدۇ. www.bilimhumarlar.com

44

# ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشتا ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتسۆيەرلىك، تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي روھ كېرەك

جۈرئەت نىزامىدىن («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ سابىق مۇدىر مۇھەررىرى)

ئىلاۋە: ئىنسان ئۆزىگە، ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەتكە ۋە بۇ مىللەت ياشاۋاتقان ۋەتىنىگە پايدىلىق، مەنپەئەتلىك بولغان ھەر قانداق بىر شەيئى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى، مۇجادىلە قىلىشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا ئۆمۈر بويى پۇشايماندا قالىدۇ. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىم نەرسە ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىدۇر. بۇ كۈرەشتە خۇددى دانىشمەنلەر ئېيتقاندەك: «ئون نەرسە لازىم، بىرى ئەسكەر، قالغان توققۇزى مىللەتسۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە تەۋرەنمەس ئىنقىلابىي روھتۇر».

ۋەتەن، مىللەت ۋە ئېتىقاد ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلغان شېھىتلەرنىڭ جايى جەننەت ئىكەنلىكى، جەننەتتە ئۇلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن رىزىقلاندۇرۇلىدىغانلىقى، ئۆلۈمسىزلىكى قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن سابىتتۇر. پانىي دۇنيادا بىز ئۈچۈن شېھىتلەر جان بەرگەندە ئەمەس، ئۇنتۇلغاندا ئۆلىدۇ. ئۇلارنى ھېچ بىر زاماندا ئۇنتۇماسلىق، ھەر دائىم ئەسلەش، ئەۋلادلارغا ھەم ئۇنۇتتۇرماسلىق، ئۇلار ھاياتىنى بېغىشلىغان ئۇلۇغۋار غايىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسى، ئېتىقادىدىن ئۆرنەك ئېلىش ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشىمىز ھەممىمىزنىڭ ۋىجدانىي بۇرچىمىزدۇر. تارىختا ۋە بۈگۈنكى دەۋرىمىزدە خەلقىمىزنى مەنىۋى جەھەتتىن ئاقارتىش، مىللىي روھىمىزنى ئۇرغۇتۇش جەھەتتە باشلامچىلىق رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەر ۋە ئەدىبلەرنى ياد ئېتىش، ئۇلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى ياش ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش، ئۆچمەس ئىز قالدۇرغان، قولىغا قەلەم ۋە ئەلەم ئېلىپ ۋەتىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن قان - تەر تۆككەن، بۇ يولدا جان بەرگەن ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن ئىلھام ئېلىش، شۇنداقلا ئۇيغۇر كىملىكى ۋە مەدەنىيىتىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق مىللەت، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش

قىلغان ۋە كۈرەش قىلىۋاتقان ئاتىلارنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ياش ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىزدۇر.

مەن بۇ يازمامدا بىرىنچىدىن، ئۆزۈمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بەزى ئەمەلىي سەرگۈزەشتىلەر ئارقىلىق ئۆمۈر بويى ۋەتەن، مىللەت دەپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان دادام نىزامىدىن ھۈسەيىننىڭ ئىنقىلابى ھاياتى توغرىسىدا توختىلىمەن. ئىككىنچىدىن، دادامنىڭ ھايات ۋاقىتلىرىدىكى سەپداشلىرى، پېشقەدەم ئىنقىلابچى ئاتىلىرىمىزنىڭ دادام بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبەتلىرى، ۋەتەن ئىچىدە تۇرۇپ خىتاي جاللاتلىرى بىلەن ئېلىشقان كۈرەش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ۋە مۇھاجىرەتتە ۋەتەن دەۋاسى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلارغا قالدۇرغان تەسىرى، ئۇلارنى تەربىيەلەش جەھەتتە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قەلەم تەۋرىتىمەن. ئۈچىنچىدىن؛ مۇھاجىرەتتە ۋەتەن دەۋاسى بىلەن ھاياتىنى ئۆتكۈزگەن، دادام ھايات ۋاقتىدا ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ۋە دادامنىڭ ئىنقىلابى ھاياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن داۋا ئاتىلىرىمىزنىڭ تەۋرەنمەس روھىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسى ۋە مۇستەقىللىق داۋايىمىزغا سەل قارىماسلىقى، ئۆزىمىزنى قوغدىغۇش جەھەتتە ئىزدىنىشلىرى توغرىسىدا قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

## نىزامىدىن ھۈسەيىن كىم؟

خەلقىمىز ئارىسىدا دادام نىزامىدىن ھۈسەيىن مۇنداق تەرىپلىنىدۇ: «نىزامىدىن ھۈسەيىن 20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى مۆجىزىلىك سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە بىر شەخس. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارمانلىرى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى بەدەل تۆلىگەن بىر ئىنسان. بىر مىللىي ئىنقىلابچى، خىتاي رېجىمىغا قارشى بىر ئىسيانكار شەخس، شۇنداقلا قەلەم بىلەن كۈرەشكۈچى ئەدىب سۈپىتىدە تونۇلغان بىر سىما» . ئەسەت سۇلايمان (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى يورۇق ساھىللار سەھىپىسى). دادامنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەر دادامنىڭ ھاياتىنى «تەۋەككۇلچىلىككە ۋە تاسادىپىلارغا تولغان بىر رىۋايەتلىك ھايات» دەپ قارىشىدۇ. دەرۋەقە، دادامنىڭ شەخسىي ھاياتى 20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بىر شەخس...

مەرھۇم دادام نىزامىدىن ھۈسەيىن 1928 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاغىلىقنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرى ئېتىكىدىكى كۆكيار يېزىسىدا بىر چارۋىدار ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىكىدە دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1940 - يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى مەزگىلىدە 15 يېشىدا تاشقورغان پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ، بىرقانچە يىللىق جەڭلەردە كۆپ قېتىم يارىلىنىپ، «ئۆلمەس توختىمەت (1)»، «تاش يىگىت» دەپ ئاتالغان. «11 بىتىم»دىن كېيىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ،



يەكەندە تۈرمىگە قامالغان. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. 1951 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە مۇخبىر ۋە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1958 - يىلى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى»، «پانتۈركىست» دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ تۈرمىگە تاشلانغان ۋە 20 يىللاپ تۈرمىدە ياتقان. بۇ جەرياندا نۇرغۇن قېتىم تۈرمىدىن قېچىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن ۋە قايتا تۇتۇلۇپ قامالغان. 1978 - يىلى «ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپىقى ئېلىنىپ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قايتا خىزمەتكە كىرگەن. 1980 - يىللاردا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەقىدە تارىخى بويىچە كۆپلىگەن يىرىك ماقالىلەرنى يېزىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان. 1997 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 71 يېشىدا يەنە تۇتقۇن قىلىنىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى خىتاي تۈرمىسىدە

ئۆتكۈزگەن. 1998 - يىلى 3 - ئايدا ئاخىرقى تىنىقى قالغاندا داۋالىنىشقا قويۇپ بېرىلىپ، بىر ئايدىن كېيىن، يەنى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

دادام نىزامدىن ھۈسەيىن قورال كۆتۈرگەن بىر ئىنقىلابچى، قەلەم بىلەن كۈرەشكەن بىر يازار، كەسكىن بىر تارىخچى ۋە تەجرىبىلىك ئۇستاز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئائىلىدە كۆيۈمچان ھەم تەلەپچان غەمگۇزار ئاتا ئىدى. دادام بۇ دۇنيادىن كەتتى، ئەمما ئۇ ھاياتىدا ئۆز خەلقى ئۈچۈن ئاجايىپ قىممەتلىك مەنىۋى مىراسلارنى، يەنى بارلىقنى ۋەتەن ھۆرىيىتىگە تەسەددۇق قىلغان بىر روھنى قالدۇرۇپ كەتتى.

## دادامنىڭ زامانداشلىرى، ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت

دادامنىڭ زامانداشلىرى بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋىتى، شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن دەۋرداش ئۆتكەن ئۇيغۇر سەرخىللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ۋەتەن ۋە مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەت ھەم ۋىجداننى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىدى. دادام ھەققىدە ئەسلىمە تەقدىم قىلغان ياكى ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسىدە قالدۇرغان ئىزلىرىنى قىدىرىپ چىققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى، دادامنىڭ يازغۇچى - ئەدىب زامانداشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ھەر ۋاقىت «مىللىي ۋىجداننىڭ تارازىسىنى چىڭ كۆتۈرگەن بىر ئىنسان» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ. (بۇ جۈملىنى مەن دوكتور ئەدىب، ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئەسەت سۇلايماننىڭ دادام توغرىسىدا يازغان «قاراقۇرۇم بۈركۈتى» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل كەلتۈردۈم). دادام دەۋرداشلىرى ئابلىز مەخسۇم، ئەھمەد زىيائى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن ئالماس، تۇردى سامساق، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن قاتارلىق ئالدىنقى ئەۋلاد زىيالىيلاردىن تارتىپ، خالىدە ئىسرائىل، ئەختەم ئۆمەر، يالقۇن روزى قاتارلىق كېيىنكى ئەۋلاد ياش زىيالىيلارغا قەدەر ھەر قاتلامدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى بىلەن ئەڭ مۇۋاپىق شەكىلدە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ساقلىغانىدى. ئەمما ھەرقانداق بىر مۇناسىۋەتتە «مىللەت ۋىجدانىنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قوياتتى. ئەڭ يېقىن ئۆتكەن سەپداشلىرىمۇ ناۋادا سىياسىي مەۋقە ياكى مىللىي مەپكۇرە جەھەتتىن سىياسىي شاماللارغا ماسلىشىپ پۇرسەتپەرەسلىك قىلغىنىدا ئۇلارغا ئەڭ مۇرەسسەسىز شەكىلدە ئېتىراز بىلدۈرەتتى.

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى زامان پىكىر تارىخىدىكى سەمەرىلىك ئىلىم ئادەملىرىدىن بىرى. دادام 1960 - يىللارنىڭ باشلىرىدا خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن «ئوڭچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇنكوزا (شىگوبى) ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا ئەۋەتىلگەندە مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بىلەن بىر مەھەل لاگېردىكى قىيىن كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزگەنىكەن. ئەسلىشىمچە، 1980 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغانىكەن، بۇ ۋاقىتتا دادام ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ مەندىن ئەۋەتكەنىدى، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن مەكتۇپنى كۆرۈپ ئۇزاق ئۆتمەي بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى. دادام ئۇ كىشىدىن نېمە ئۈچۈن كىتابىنىڭ نامىغا «تاڭ دەۋرى» دېگەن سۆزنى قوشقانلىقىنى كەسكىنلىك بىلەن سوراپ جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن دادامغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى گېزىتنى قولىغا ئېلىپ، بارمىقىنى نەمدەپ تۇرۇپ گېزىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر تۆشۈك ئاچتى ۋە دادامغا چۈشەندۈرۈپ: «ئەپەندىم مانا قارىسىلا بىز دېمەكچى بولغان گەپنى مۇشۇنداق كىچىك تۆشۈك ئېچىپ ئۆزىمىزگە ئىمكان يارىتىپ دەيمىز، ئاندىن بارا - بارا تۆشۈكنى چوڭايتىپ قالغان گەپلىرىمىزنىمۇ دەيمىز» دەپ ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن تىرىشقان ئىدى. دادام ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ ئۇ چۈشەندۈرۈشىگە قايىل بولماي تەنقىدىنى داۋاملاشتۇرغانىدى...

دادامنىڭ يەنە 1980 - ۋە 1990 - يىللاردا تۇرغۇن ئالماس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق مەشھۇر زىيالىيلار بىلەن بىرلىكتە مىللەتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەيدىغان، ئىلىم ساھەسىدە، بولۇپمۇ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە كۆرۈلگەن ئېغىپ كېتىشلەر، خاتالىقلار ۋە سەپسەتىلەرگە دەل ۋاقتىدا ئىنكاس قايتۇرۇشتا ئىش بىرلىكى ھاسىل قىلغانلىقى ئالاھىدە ئىدى. 1990 - يىللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تارىخىي رومانلار قىزغىنلىقى ئەۋج ئالغان. بۇ ۋاقىتتا كۆپلىگەن يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خوجىلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى زامانلارغا دائىر تارىخىي رومانلىرىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى دادامغا كۆرسىتىپ، پىكرىنى ئالاتتى. يازغۇچى ئابدۇۋەلى ئەلى ئەنە شۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ يازغان «بەدۆۋلەت – يانغىن قاپلىغان زېمىن» ناملىق ئۈچ توملۇق تارىخىي رومانىنى، «جالالات خېنىم»، «تۇرغاق غوجىلار» قاتارلىق كىتابلىرىنى، دادام يازغان «جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا» دېگەن تارىخىي ئوبزوردىن پايدىلىنىپ يازغان ۋە دادامدىن كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تېپىك مىسالىنى مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ئىش بىلەن ئىسپاتلايمەن. 1997 يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى دادام غۇلجا ۋەقەسى ۋە ئۈرۈمچىدە ئاپتوبۇس پارتلىتىشنىڭ گۇماندارى دەپ قايتىدىن تۈرمىگە سولاندى. مەن دادام بىلەن تۈرمە دوختۇرخانىسىغا كۆرۈشكىلى بارغىنىمدا ماڭا ئۆز ماتېرىياللىرىنى ياخشى ساقلاشنى جېكىلەپ، ئۆزى مۇھىم ماتېرىيال بەرگەن بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى، شۇ كىشىنى تېپىپ ماتېرىيالنى قايتۇرۇپ ئېلىشىمنى تاپىلىدى. ئۇ كىشىنى تاپالماي يۈرگىنىمدە «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى ئىدارىسىدىن ماڭا تېلېفون كېلىپ: «دادىڭىزنىڭ يىتتۈرۈپ قويغان ماتېرىياللىرىنى تېپىۋالدۇق، بىر كىشى بۇگۈن ئىشخانىمىزغا كېلىپ دادىڭىز ھايات ۋاقتىدا سىلەرنىڭ ئۆيدىن ماتېرىيال ئالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قالدى» دېدى. مەن بۇ كىشىنى خەلق نەشرىياتىدىكى ئىشخانىسىدىن ئىزدەپ تاپتىم ۋە نۇرغۇن تەشەككۈر، رەھمەتلەرگە ئېرىشىپ، ماڭا قىلغان سوۋغات كىتابلىرى بىلەن دادامنىڭ مۇھىم ماتېرىياللىرىنى قايتۇرۇپ كەلدىم...

## دادامنىڭ ۋەتەندىكى كۈرەش روھى ۋە ئەۋلادلارغا قالدۇرغان تەسىرى

دادام 20 يىللاپ تۈرمە ۋە جەمئىيەتتىكى قاچقۇنلۇق ھاياتىدا ئۆزگىچە مىجەز - خاراكتېر يېتىلدۈرگەن بولۇپ، 1980 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قايتا خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىمۇ، مەيلى خىزمەت جەريانىدا، مەيلى خىزمەتداشلار ئارا مۇناسىۋەتتە بولسۇن، مىللەتچىلىك، مۇستەقىللىق ئىدىيەسىدىن ۋاز كەچمىگەن ئادەم ئىدى. دادامنىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن كېيىنكى يىللاردا مەن خىزمەتداش بولدۇم. ئىشخانىمىزدا دادام توغرىسىدا پاراڭ بولۇپ قالسا، خىزمەتداشلىرىم دادامنى: «يۇمۇرلۇق، گېپى ئاچچىق ئادەم ئىدى، ھۆكۈمەت بىلەن ئېلىشىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىغان، بىز ئەگەر پىلانلىق تۇغۇت، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دېگەندەك تېمىلاردا ماقالە يازماقچى، ياكى خەۋەر ئىشلىمەكچى بولساق، دادىڭىزنىڭ يامان گېپىدىن قورقۇپ يازالمايتتۇق» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە مەن يۇقىرىدىكى خىزمەتداشلىرىمنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى 1958 - يىلى دادامنى تۈرمىگە سولاش ئۈچۈن بېكىتكەن تۆت بەتلىك سەرلەۋھىلىك باش ماقالىدە ئېلان قىلىنغان جىنايەتلىرىنىڭ نامىنى ئاتاپ ئۆتىمەن:

«ئەشەددىي ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى نىزامىدىن ھۈسەيىنىڭ رېئاكسىيون ئەپتى بەشىرىسى ئېچىپ تاشلاندى»

*(شىنجاڭ گېزىتى 1958 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى باش ماقالىسى)*

*1. «ئەشەددىي ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى نىزامىدىن ھۈسەيىن خەنزۇ خەلقىگە چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى تۇردى ۋە ‹چېگرانى تاقاش› خام خىيالىدا بولدى» . 2. «خەنزۇ كادىرلىرىغا تۆھمەت ۋە ھۇجۇم قىلدى» . 3. «خەنزۇلارنى ‹ماڭقا› ، ‹چېكەتكە› ، ‹قارا چاپان› دېگەندەك*

زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىدى»، 4. «خەنزۇلارنى شىنجاڭدا تۇرغۇزماسلىق، ئىچكىرىگە قايتۇرۇۋېتىش كېرەك، دېدى» 5. 1955 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا ئۇ «ئاپتونومىيە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ يېڭى شەكلى، بىزگە ئاپتونومىيە لازىم ئەمەس، بەلكى مۇستەقىللىق لازىم، بىزگە خەنزۇلارسىز شىنجاڭ لازىم» دېدى. 6. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى خەنزۇلارنىڭ پارتىيەسى، جۇڭگودا ئىشچىلار سىنىپى ئاز تۇرسا، نېمە ئۈچۈن پارتىيە دېھقانلار پارتىيەسى بولمايدۇ؟› دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پارتىيەنىڭ تۈپ خاراكتېرىگە ھۇجۇم قىلدى. 7. ئەشەددىي ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى نىزامىددىن ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاغدۇرۇش ۋە ‹مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان قۇرۇش› غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەمىشە رېئاكسىيون سىنىپلار ۋە ئەكسىيەتچىلەرنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، شۇلارنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ كەلدى. ئۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتى ئىچىدىن چىققان رېئاكسىيونلارنىڭ باستۇرۇلغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ‹گومىنداڭ ۋاقتىدىكى بىر قىسىم ئەمەلدار خەنسۇلار ھېلىمۇ كادىر بولۇپ خەلقنى ئېزىۋاتىدۇ، گومىنداڭ ۋاقتىدا خەنسۇ ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان مىللىي ئەمەلدارلار قاماقتا يېتىۋاتىدۇ› دېگەن ئويدۇرمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. 8. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا مۇخبىرلىقتا بولغان ۋاقتىلىرىدا قەيەردە پارتىيەگە، سوتسىيالىزمغا قارشى رېئاكسىيون ھەرىكەت يۈز بەرگەن بولسا، دەرھال شۇ يەرگە بېرىپ، ئەھۋال ئىگىلەش بىلەن رېئاكسىيونلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى شەھەرمۇ - شەھەر كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ماختىدى. 9 ئوڭچى نىزامىددىن ئولتۇرسا - قوپسا، ئازادلىق ئارپىسىدا شىنجاڭدىن قېچىپ كەتكەن ئىمپېرىئالىزم جاسۇسلىرى ۋە پانتۈركىست ئىمىن، ئەيسالارنى ماختاپ، بۇ خائىنلارنىڭ ئىمپېرىئالىستلار ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىقىنى ‹شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن› دەپ جار سېلىش بىلەن شۇلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدى. 10. ئوڭچى نىزامىددىن يەر ئاستى بايلىقلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا قارشى تۇرۇپ ‹شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي بايلىقلىرى ۋە سانسىز قېزىلما بايلىقلار ئىچكىرىگە توشۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ› ، ‹تۆمۈر يول شىنجاڭغا بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ› ، ‹تۆمۈر يولنىڭ كېلىشى ئادەم دېڭىزىنىڭ شىنجاڭغا تېششى› دەپ جۆيلىدى. 11. نىزامىددىن ھۇسەيىن يالغۇز جۇڭگو كومپارتىيەسىگىلا قارشى تۇرۇپ قالماي، بەلكى يەنە خەلقئارا سوتسىيالىزم لاگېرىغا، جۈملىدىن سوۋېتلار ئىتتىپاقىغىمۇ چىش - تىرنىقى بىلەن قارشى. 12. نىزامىددىن ھۇسەيىن ئۆز ئۈمىدىنى 3 - دۇنيا ئۇرۇشىغا باغلاپ كەلگەن ۋە ‹3 - دۇنيا ئۇرۇشى بولۇپ قالسا، ئىمپېرىئالىزم لاگېرى يېڭىدۇ، بىز شۇ چاغدا مۇستەقىل دۆلەت بولىمىز› دەپ ئىغۋا تارقىتىپ يۈرگەن. دۇنيا خەلقىنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئەنگلىيە ئىمپېرىئالىزمىنىڭ تۇنىس ۋە ماراكەشلەرگە مۇستەقىللىق بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى بۇرمىلاپ، ‹بۇ ئەنگلىيەنىڭ مەرتلىكى› دېگەن. شۇنداقلا ئۇ ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەنىڭ ياۋۇز دۈشمىنى ئا ق ش نىڭ ‹دېموكراتىيەسى› نى ماختاپ ‹بىزدىمۇ ئامېرىكىچە دېموكراتىيە قوللانسا بولمامدىغاندۇ؟ › دەپ ھەسرەتلەنگەن. دېمەك، ئەشەددىي ئوڭچى ۋە يەرلىك مىللەتچى نىزامىددىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە سوتسىيالىستىك لاگېرغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ ئىمپېرىئالىزمنى ماختاپ يۈرگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ ‹مۇستەقىللىق› ئىدىيەسى بىلەن بىر تۇتاش. 13. ئوڭچى نىزامىددىننىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى باي چارۋىچى بولۇپ، ھازىرغىچە ئۆز تەركىبىنى يوشۇرۇپ كەلگەن. ئۇ 1948 - يىلىدىن ئازادلىققا قەدەر شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇغان ۋاقتىدا ئىمپېرىئالىزم جاسۇسلىرى ۋە ئەشەددىي پانتۈركىستلەردىن خائىن مەتىمىن، چىڭگىزخان داموللا، ئىبراھىم مۇتىئىي قاتارلىق رېئاكسىيونلارنىڭ پانتۈركىزملىق تەربىيەسىنى ئالغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگەن. ئۇ شۇندىن باشلاپلا پانتۈركىستلەرنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناپ، شۇلارنىڭ يالاقچىسىغا ئايلانغان. شۇ يىللىرى دارىلفۇنۇن ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە مىللەتچىلەر

*ۋە خەلقچىلەر دېگەن ئىككى گۇرۇھ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇڭچى نىزامىدىن مىللەتچىلەر گۇرۇھىدىكى غالجىرلارنىڭ بىرى. ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە پانتۈركىزمنىڭ جارچىسى ۋە مەمەتئىمىن، ئەيسالارنىڭ دۇمباقچىسى بولۇپ، خەلقچىل كۈچلەرگە ئاكتىپ قارشى تۇرغان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىنمۇ پانتۈركىست ئۇستازلىرىنىڭ رېئاكسىيون تەربىيەسىنى يۈرىكىدە ساقلاپ، پۇرسەت تاپسىلا ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدا ھەرىكەتلىنىپ كەلگەن...*

مانا ھازىر، دادامغا دۆڭگىگەن بۇ بىر قاتار ئاتالمىش «جىنايەت»لەرنىڭ ئارىدىن 60 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە زامانىمىزدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىغىمۇ ئوخشاشلا ئارتىلىۋاتقانلىقى ھەممىدە بۇ سەۋەبلىك جازالىنىۋاتقانلىقى مەلۇم.

دادام ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا تۈرمىدە يېزىپ قالدۇرغان ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن خۇلاسە چىقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پۈتۈن ھاياتىمدا ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. راھەت كۆرمىدىم، مىللەتكە خائىنلىق قىلمىدىم، ئەمەل تۇتمىدىم، بىرەر پارتىيەگە ئەزا بولغان تارىخىم يوق. ‹شىنجاڭ گېزىتى›دىن باشقا يەردىمۇ ئىشلىمىدىم. قەلەم بىلەنلا، ئەمگەك بىلەنلا، خاپىلىق، دەرد - ئەلەم بىلەنلا ئۆتتۈم. نۇرغۇن قېتىم ۋەتەننى تەرك ئېتىپ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىش پۇرسىتى كەلدى، لېكىن كەتمىدىم».

دادام ھەقىقەتەن ئۆزى ئېيتقاندەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھېچقانداق بىر تەشكىلاتى، ئۇيۇشمىلىرى دېگەندەكلەرگە قاتناشمىغان يىراقنى كۆرەر ئادەم ئىدى. يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنلىرى، پالانچى جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، يازغۇچىلار، شائىرلار جەمئىيەتلىرىنىڭ ھەيئەتلىرى دېگەندەك تەكلىپلەر ئۆيگە توشۇپ كېتەتتى، خىتاي ھۆكۈمىتى ئورۇنلاشتۇرغان ھېچقانداق پائالىيەتلەرگە قاتناشمايمەن، ئەزامۇ بولمايمەن، رەسىمگىمۇ چۈشمەيمەن، دەپ رەت قىلاتتى ۋە بارمايتتى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئاتاقلىق رېژىسسورى ئۆمەر سايىم كامېراسىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ دادامنى تونۇشتۇرۇپ فىلىم ئىشلەيمىز، دېگىنىدە دادامنىڭ ئۆزۈر ئېيتىپ رەت قىلغىنى ئېسىمدە.

دادام تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگەن ياش بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكەن كەچمىشلىرىنى ئەسلىگىنىدە ئۇستازى دادام نىزامىدىننىڭ ۋەتەننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىگە ياش نوتىلارنى تەربىيەلەشتە قانچىلىك كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ئۇلارنى قانداق ئاسراش ۋە قوغداشنى ياخشى بىلىدىغان بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىشىدۇ. دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئۆزىنىڭ ۋەتەندە ئۆتكەن يىللىرىدا دادامنىڭ ئۆزىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن كىشى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ئۇ 1980 - ۋە 1990 - يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر زىيالىيلىرى ۋە بىلىم ئادەملىرى بىلەن دادام ئارقىلىق تونۇشقانلىقىنى، دادامنىڭ مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھېچكىمگە يۈز - خاتىر قىلمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ تارىخىي ۋە ئىلمىي تېمىلاردا «مىللىي ۋىجدان»نى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويىدىغانلىقىنى دەيدۇ، ۋە چەت ئەلدە ئۆتكەن 30 يىللىق ھاياتىدا دادامنى تېخىمۇ چۈشىنىپ يېتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ھازىر ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر زىيالىيسى ھەبىبۇللا خالىق 1990 - يىللاردىكى دادامنىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرى. ئۇ دادامنىڭ ھاياتى بويى خىتاينىڭ رېجىمىغا باش ئەگمىگەن، ۋەتىنىنىڭ ھۆرىيىتىدىن باشقا ھېچنېمە ئىزدىمىگەن بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى، كەسكىن خاراكتېرگە ئىگە بىر تارىخچى شۇنداقلا كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ھەر بىر دېتالىنى نەزەردىن قاچۇرمايدىغان مەسئۇلىيەتچان ئەدىب ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۆزىنىڭ قانداق ياشاشنى، كۈرەش قىلىشنى، مەسئۇلىيەتنى ۋە مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى دادام نىزامىدىن ھۆسەيىننىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئۆگەنگەنلىكىنى، بۈگۈن مۇھاجىرەتتە پائالىيەت

ئېلىپ بېرىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا ياش ئۇيغۇر سىياسىي پائالىيەتچىلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دادام نىزامىدىن ھۈسەيىن بىلەن كۆرۈشكەن، سۆزلەشكەن ياكى بولمىسا يازمىلىرىنى ئوقۇغان ۋە تەسىرىگە ئۇچرىغان كىشىلەردۇر، دەيدۇ.

## دادامنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭدىكى ئىدىيە

*نىزامىدىن ھۈسەيىنگە مەرسىيە*
*روزى سايىت*

*پەشۋايىڭدا ئەپلىنىپ «جاھالەتنىڭ پىرلىرى»*
*ئېچىلغانتى تارىخنىڭ بىز بىلمىگەن سىرلىرى.*
*ئويغانسۇن دەپ مىللەتنى رەسۋا قىلغاچ ئىللەتنى،*
*يۇيۇلغانتى كۆڭۈلنىڭ غۇبارلىرى، كىرلىرى.*
*نىزام ئاكا بۇ شۇنداق كېتىدىغان جاھانكەن،*
*ئەمما سېنى يادلايدۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چەت قىرلىرى...*

*2000 - يىلى فېۋرال، خوتەن.*

مەشھۇر شائىر، دادامنىڭ زاماندىشى روزى سايىتنىڭ بۇ مەرسىيەسى دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈلگەنىدى. روزى سايىتنىڭ مەرسىيەسىدە دېيىلگەنىدەك، دادام 1980 - يىللاردا پۈتكۈل زېھنىي كۈچىنى قەلەم كۈرىشىگە بېغىشلىغان، ئۇيغۇر تارىخى بويىچە يازغان بىر يۈرۈش يىرىك ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنى ئۆز تارىخى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا سەپەرۋەر قىلغانىدى. دادام شۇ يىللاردا كىچە - كۈندۈز ئۈستەلگە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، «يولسىز ئەقىدە»، «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا»، «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى»، «بىزدىكى ئىللەتلەر»، «قاراقۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ - ئادەتلىرى» ناملىق يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ ئېلان قىلغانىدى. «جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا» ناملىق ئەسىرىدە، مەقدۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇرلار ۋەتىنىگە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا قالدۇرغان ئېغىر جاراھەتلىرىنى بىرمۇبىر ئېچىپ كۆرسەتكەن؛ «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېرىكلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، بىرىنچى قول تارىخىي مەنبەلەر، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆتكەن ئەدىب ۋە تارىخچىلارنىڭ قول يازما ئەسەرلىرىگە تايىنىپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ يېقىنقى 500 يىللىق قاراڭغۇ بەتلىرىنى ھۆججەتلىك، دەلىل - ئىسپاتلىق يورۇتۇپ بەرگەن. دادامنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ماقالىلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا دەل تارىخىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر بۆلىكىدە، يەنى خوجا - ئىشانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە يۈز بەرگەن تارىخىي پاجىئەلىرىمىزنى ھۆججەتلىك ئاساستا بىزگە يورۇتۇپ كۆرسەتكەنلىكىدۇر، يەنى بۇ ماقالىلەردە خوجا - ئىشانلار تەرغىب قىلغان، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىگە يات بولغان تەركىدۇنياچىلىق ئەقىدىلىرىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدىن مىللەت ۋە ۋەتەن ئۇقۇمى، ئىجادىيەت روھى ۋە ئىنسانلىق قەدىر - قىممەت ئىستەكلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئېچىپ تاشلىغانلىقىدۇر. دادامنىڭ بۇ ئەسەرلىرى خىتاي كومپارتىيەسى ۋەتىنىمىزنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغان 1949 - يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ 10 يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دەك قالايمىقانچىلىق جەريانىدا مىللىي تارىخ تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قالغان بىر ئەۋلاد ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئويغىنىشىدا، تەپەككۇر

دۇنياسىنى ئويغىتىشتا تەسىرى زور بولغان.

دادامنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ئەينى يىللاردىكى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق ئالىي كومىسسارى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يازغان مەكتۇپىنى قىستۇرۇپ ئۆتىمەن.

1965 - يىلى دادام تۈرمىدىن قېچىپ بېيجىڭغا ئەرز قىلغىلى باردۇ. سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدىكى «شىنجاڭ ئىش بېجىرىش ئورنى»دا دادام بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، دادامنى قايتا تۇتقۇن قىلماقچى بولىدۇ. دادام ئۆز ھالىنى چۈشەندۈرۈپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىگە ئۇۋال قىلغانلىقى، ئىككى يىللىق تەربىيەلەپ ئۆزگەرتىش لاگېرىغا سولايمىز، دەپ قويۇپ 10 نەچچە يىللاپ تۈرمىدىن چىقارمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ۋە سەيپىدىن ئەزىزىدىن ياردەم سورايدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى دادامنىڭ چۈشەندۈرۈشىگە قۇلاق سالماي، «سىلىنىڭ گۇنايىڭلىنى ياراتقان خۇدايىڭلارمۇ كەچۈرمەيدۇ» دەپ، دەرھال ساقچى چاقىرىپ، دادام - ئاپامنى تۆت بالىسى بىلەن (مەن ۋە ئۈچ قېرىندىشىم بىلەن) بېيجىڭدىكى لۇگوچياۋ تۈرمىسىگە سولىتىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، ئارىدىن 25 يىل ئۆتكەندە، يەنى 1990 - يىلى ھەممە ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلغان سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدا تۇرۇپ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا مەخسۇس مەكتۇپ يازىدۇ ۋە دادامنىڭ ئەسەرلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى يازغان مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «يولداش نىزامىدىن ھۈسەيىنىنىڭ ژۇرنىلىڭلارنىڭ ‹تارىختىن سۆز› سەھىپىسىدە بېسىلغان ‹يولسىز ئەقىدە›، ‹جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا› دېگەن ماۋزۇلاردىكى ماقالىلىرى ئۆزلۈمەي چىقىشقا باشلىغاندىن تارتىپ بەك قىزىقىپ ئوقۇپ كەلدىم. ھەممىسى ياخشى، ژۇرنىلىڭلارغا بېسىلغان ‹قاباھەت ئەقىدە - يەنە بىر قېتىم ئاپاق خوجا توغرىسىدا› دېگەن ماقالىسىدە ئاپاق خوجىنى پاش قىلغان. بۇداقى ماقالىدە قۇمۇل، ئىلى رايونىدىكى ‹سەئىد›لەر ئىشان - سوپىلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى توغرا مەيدانىدا تۇرۇپ ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن پاش قىلىنغان. يولداش نىزامىدىنىنىڭ سوپىزمنىڭ شىنجاڭدىكى زەھەرلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ كۈرىشىنى قوللايمەن ھەمدە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن! » ...

دادام نىزامىدىن ھۈسەيىن ھاياتىنىڭ قىران مەزگىللىرىنى تۈرمە، قاچقۇنلۇقتا ئۆتكۈزۈپ، 50 ياشتىن ئاشقاندا «شىنجاڭ گېزىتى»گە قايتا خىزمەتكە كىرگەن. بۇ جەرياندا مۇخبىرلىق قىلىپ يازغان خەۋەر - ماقالىلىرىدىن باشقا، 100 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئىلمىي ۋە تارىخىي ئەسەر يازغان. دادامنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە تۈرمىدە يېزىپ قالدۇرغان «ھاياتىمدىن خاتىرىلەر» ئەسلىمىسىدىكى مۇنۇ مىسرالار بىلەن دادام توغرىسىدىكى بايانلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن.

*قورقمايمەن باسسىمۇ توپان بىلەن سەل،*
*ۋە ياكى جان سوراپ تۇرسىمۇ ئەجەل.*
*جاھاندا قورقمەن بىرلا نەرسىدىن،*
*رەنجىسە مېنىڭدىن مېنى تۇغقان ئەل.*

*ئۇن قىلار ئۆمرۈمنى يىللار تۈگمەنى،*
*خالىساڭ مەيلى چاچ، مەيلى تۈگ مېنى.*
*ۋە لېكىن بارىمنى سۆزلىگىن ئەينەن،*
*تۈگە دەپ كۆرسەتمە بىر تال تۈگمەنى...*

*بۇ ماقالىنى جۈرئەت نىزامىدىن تەھرىرلىدى.*

## يازغۇچىنىڭ قىسقا تەرجىمىھالى:



- 1971 - سانجى ناھىيەلىك قازاق باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن.
- 1978 - سانجى ناھىيەلىك قازاق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان.
- 1978 - سانجى ناھىيەلىك قازاق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان.
- 1979 - «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى قازاقچە گېزىتكە خىزمەتكە كىرگەن.
- 1984 - 1989 شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل - ئەدەبىيات كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن.
- 2000 - 2003 شىنجاڭ كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات - كاتىباتلىق كەسپىدە تولۇق كۇرس پۈتتۈرگەن.
- 1990 - 2014 «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە كوررېكتور، مۇخبىر، تەھرىر، تەرجىمان، نازارەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. بۇ جەرياندا «تەكلىماكان گىرۋىكىدە يېڭىلىقلار»، «يەنىلا كۇچا سوپۇنى ياخشى»، «سەھەر ئەلچىلىرى» قاتارلىق ئۈچ پارچە ئەسىرى «شەرقىي بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاخبارات مۇكاپاتى» ۋە «شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.
- 2010 - ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇنۋان باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇدىر مۇھەررىر» (Chief Editor) ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.
- 2014 / 9 «شىنجاڭ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن پېنسىيەگە چىققان.
- 2015 - ئامېرىكىغا كەلگەن.

45

# قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمىھالى

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)
abdukadir.g@gmail.com

## كىرىش سۆز

ھەربىر نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس تەرجىمىھالى بولىدۇ. يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ، كائىناتنىڭ، تاغلارنىڭ، دەرەخلەرنىڭ، بامبۇكنىڭ... ئىنسانلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى، ھايات تەزكىرىلىرى ئۆزئارا بىرىكىپ، بىر تارىخنى، بىر مىللەتنىڭ تەرجىمىھالىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىز بىر خىزمەتكە ئىلتىماس قىلغان ۋاقتىمىزدا، قارشى تەرەپ بىزدىن تەرجىمىھالىمىزنى سورايدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، بىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى، نېمىلەرنى قىلالايدىغان ۋە نېمىلەرنى قىلالمايدىغانلىقىمىزنى، قانداق تەجرىبە ۋە ساۋاقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بىلىش. ھەرقانداق نەرسىنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلگەن ۋاقتىمىزدا، شۇ نەرسىگە بولغان چۈشەنچىمىز ئاشىدۇ، خاتالىقلار ۋە تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز. ھەرقانداق بىر نەرسىنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلگەن ۋاقتىمىزدا، شۇ نەرسىنى ياخشى تەتقىق قىلالايمىز، كېلىپ چىقىش مەنبەسى، زېمىنى ۋە ئاقىۋىتى ھەققىدە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئالالايمىز.

مەسىلەن، بامبۇكنى ئالايلى. بامبۇك كۆچىتىنى تىككەندىن كېيىن ئۇدا بەش يىل تېرىكمەي ۋە زېرىكمەي ئۇنىڭغا سۇ قۇيۇشىمىز كېرەك . ئەگەر بىز بامبۇك كۆچىتىگە سۇ قۇيۇشنى توختىتىپ قويساق، ئۇ ھالدا بىز دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بامبۇك دەرىخىگە ئېرىشەلمەيمىز. سۇ قۇيۇش داۋاملىشىپ بەش يىل بولغان بىر كۈنى بامبۇك دەرىخى يەر يۈزىگە بىخ سۈرۈپ چىقىشقا باشلايدۇ. ئۇنداقتا بۇ بەش يىل جەريانىدا بامبۇك يەر ئاستىدا زادى نېمە ئىش قىلىدۇ؟ بۇ بەش يىل جەريانىدا بامبۇك ئۆزىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى مۇستەھكەملەيدۇ. بۇ جەرياندا بامبۇك يىلتىزى يەر قاتلاملىرىدا كېڭىيىپ، چوڭ بىر پۇتبول مەيدانىچىلىك يەرنى قاپلىغاندىن كېيىن، ئاندىن يەر يۈزىگە چىقىشقا باشلايدۇ. دېمەككى، بامبۇك بەش يىلغا سوزۇلغان ئىچكى تاكامۇللىشىشتىن ئىبارەت بىر قىيىن ۋە مۇكەممەل جەرياننى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يەر قاتلاملىرىنىڭ ئۈستىگە قاراپ بىخ سۈرۈشكە باشلايدۇ. مانا بۇ دۇنيادىكى پولاتتىنمۇ كۈچلۈك بولغان، سۈپەت جەھەتتە تەڭداشسىز بامبۇك مەھسۇلاتلىرى ۋە كېيىم - كېچەكلىرىنى ئىنسانىيەتكە سوۋغا قىلىۋاتقان بامبۇكنىڭ تەرجىمىھالى.

ئەلۋەتتە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىق تارىخىنىڭمۇ بىر تەرجىمىھالى بار. بىز بۇ تەرجىمىھالنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا، ۋەتەن قۇرۇش جەريانىدا قىرغىنچىلىق تارىخىنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز، بولۇپمۇ دۈشمەنلىرىمىز تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزىمىزگە بولغان ئىچكى مالىمانچىلىق ۋە قىرغىنچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز.

2016 - يىلىدىن ئېتىبارەن، خىتاي ئۇيغۇر خەلقىنى مىللەت سۈپىتىدە يوقىتىپ تارىخ بەتلىرىدىن پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلاش مەقسىتىدە، دۇنيا قايتا تەكرارلانمايدۇ دەپ قارىغان، گىتلېرنىڭ يەھۇدىي جازا لاگېرلىرى، ستالىننىڭ گۇلاھ جازا لاگېرلىرىغا ئوخشايدىغان جازا لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، ئۈچ مىليوندىن بەش مىليونغىچە ئۇيغۇرنى بۇ جازا لاگېرلىرىغا تاشلىدى. بۇ، خىتاي تەرىپىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەڭ ئېغىر، ئەڭ دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق بولسىمۇ، ئەمما بۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۇنجى قىرغىنچىلىق ئەمەس.

ئەگەر بىز ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۈگۈنگىچە بولغان بۇ مىڭ يىللىق، يەنى ئون ئەسىرلىك ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئېچىنىشلىق تراگېدىيەسىدىن ياخشى يەكۈن چىقىرالايمىز. ئۇيغۇرلار بۇ مىڭ يىللىق تارىخىدا پەقەتلا خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىغان مىللەت ئەمەس. قىرغىنچىلىقنىڭ تەرجىمىھالى بىزگە، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان بىر ئەسىر جەريانىدا، ئىسلام دىنىنى بىردىنبىر مۇتلەق مىللەت دىنى قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان دىنىي كۈرەشلىرىمىزدە، ئۇيغۇرلارنىڭ «مۇسۇلمان ئۇيغۇر» ۋە «كاپىر ئۇيغۇر» دېگەن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، ئۆز - ئۆزىگە قانداق قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ مىڭ يىللىق، يەنى ئون ئەسىرلىك تارىخىمىزدا ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن قىرغىنچىلىقلارنىڭ تۈرلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئۇيغۇر ۋەتىنىدىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇتلەق ئۈستۈنلۈكىنى قوغداش قىرغىنچىلىقى، تاشقى كۈچلەر ۋە ئىستېلاچىلار ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلار، ئاپاق خوجا ۋە ياقۇپ بەگنىڭ قىرغىنچىلىقلىرى، مىلىتارىستلار يەنى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، ما جوڭيىڭ قاتارلىق مىلىتارىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش قىرغىنچىلىقلىرى، 1949 - يىلىدىن كېيىن يەنى خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسى شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان «ئوڭچى يەرلىك مىللەتچىلەرنى تازىلاش»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»، ماي ۋەقەسى، بارىن ۋەقەسى، 5 - فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى، 5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى قاتارلىقلار. ئەڭ ئاخىرىدا بۈگۈن بىز بېشىمىزدىن كەچۈرۈۋاتقان جازا لاگېرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ مىڭ يىللىق تەرجىمىھالى كۆزدىن كەچۈرۈلىدۇ. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى قايتا قۇرغاندىن كېيىن پەيدا بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان، دىنىي چۈشەنچە، پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ بىزنى تارىختىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز باشتىن كەچۈرگەن ئېچىنىشلىق تراگېدىيەلەرگە قايتا سۆرەپ ئاپارماسلىقى، قىرغىنچىلىق تارىخىمىزنى دۈشمەننىڭ قولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قولىمىز بىلەن قايتا تەكرارلاپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى بىلىشىمىز، تەھلىل قىلىشىمىز، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇ تەجرىبە - ساۋاقلاردىن دەرس چىقىرىشىمىز لازىم. بىز ھامان بىر كۈنى مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستاننى قۇرۇپ چىقىمىز. بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز ۋە ئىمانىمىز كامىل. ئۇ چاغدا بىزنىڭ ئۆزىمىزگە تەۋە مۇستەقىل مىللىي ئارمىيەمىزمۇ، ھەربىي كۈچ، قورال - ياراغلىرىمىزمۇ بولىدۇ. ئەمما، بىز تارىختىكى ئۆز - ئۆزىمىزنى قىرغان قىرغىنچىلىق تەرجىمىھالىمىزدىن ئاچچىق تەجرىبە - ساۋاق چىقارمىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ قورال - ياراغلىرىمىزنىڭ تىغ ئۇچى دۈشمەنگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزگە قارىتىلىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئۇيغۇر، قىرغىنچىلىق، شەرقىي تۈركىستان.

## قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقى ھەممە دىنلار بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، يىپەك يولىنىڭ چاقنىغان يۇلتۇزى ئىدى.

ئۇيغۇر تەتقىقاتچى ئالىملىرى، كۆك تەڭرى دىنىغا ئېتىقاد قىلىش بىلەن دىنىي ئەقىدىلىرى باشلانغان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا ئىككى نەرسىنى كۆپ ئالماشتۇرغان مىللەت ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ بىرى دىن، يەنە بىرى يېزىق ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار تاكى 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ 16 ياشلىق پادىشاھى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرگەنگە قەدەر، ئارى، سامت، زەردۇشلۇك مانى، بۇددا، خىرىستىيان قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىمۇ ئانچە ئوڭايغا توختىمىغان. مەھمۇد كاشغەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى «ئەڭ جاھىل كاپىرلار» دەپ تىلغا ئالغان.

ئەينى چاغدا قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقىغا ساياھەتكە كەلگەن خىتاي ساياھەتچى ۋاڭ يەندې بەشبالىق شەھىرىنىڭ گۈزەللىكى، خەلقىنىڭ باياشاتلىقى، مەدەنىي ياشاش سەۋىيەسىدىن ھەيران قېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شەھەر ئاھالىلىرى باشقىلارنى چۈشىنىدىغان، راستچىل ۋە سەممىي كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئالتۇن - كۈمۈش، مىس بۇيۇملار، بولۇپمۇ قاچا ۋە ساپال بۇيۇملارنى ياساشقا ماھىر ئىدى. قاشتېشىدىن زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى ياساشنى ياخشى بىلەتتى. ياخشى بىر ئاتنىڭ باھاسى 12.5 مېتىر يىپەك. ئوتتۇرا ھال بىر ئاتنىڭ باھاسى ئۈچ مېتىر يىپەككە توغرا كېلەتتى. غەلىتە ئىدى. ئەمما بۇ تۇپراقلاردا نامرات ئادەم يوق ئىدى. ئەڭ نامرات كىشىلەرمۇ گۆش بىلەن غىزالىناتتى» دەپ يازىدۇ. دېمەككى، مىڭ يىللار مۇقەددەم ئۇيغۇرلار ئارى، سامى، مانىزم بۇددىزم، ۋە خىرىستىيان دىنى قاتارلىق ئوخشىمىغان دىنلار ئۆزئارا ئورتاق بىر زېمىندا خاتىرجەم، بەختىيار ۋە ھۇزۇر - ھالاۋەت، گۈللىنىش ئىچىدە ياشايدىغان بىر گۈللەنگەن دۆلەتنى قۇرۇپ چىقالىغان ئىدى.

## ئىسلام دىنى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بىر ئەسىرلىك ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى

10 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرگىچە بولغان بۇ بىر ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلى بولۇش بىلەن بىرگە بىزگە يەنە نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر ئەسىر بولدى. بۇ بىر ئەسىرلىك، يەنى يۈز يىللىق تارىخىمىزدا بىزنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى، ئىسلام دىنىنى تەڭداشسىز دىن، ئاللاھنىڭ دىنى قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇسۇلمان ئۇيغۇر بىلەن كاپىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى قىرىش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ دەۋرلەردىكى پادىشاھلىقلار، بىرى، ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن زېمىن كېڭەيمىچىلىكى قىلىپ، ئۆزلىرى بېسىۋالغان تۇپراقلاردىكى مۇستەملىكە ياكى بېسىۋېلىنىشقا قارشى تۇرغان خەلقلەرنى قىرىش؛ يەنە بىرى، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا كىرمىگەن ياكى كىرىشنى خالىمىغان كىشىلەرنى قىرغىن قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرەتتى. ئەلۋەتتە، تارىخنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىز ئۈچۈن بىر قىممىتى بولمىسىمۇ، ئەمما تەجرىبە - ساۋاقلاردىن دەرس ئېلىش تارىخنىڭ يەنە قايتا تەكرارلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش تارىخى، 10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن يەنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان بولۇپ، 1988 - يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن «ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش» ناملىق قىسىمدە، ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىدىن يوشۇرۇن ھالەتتە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ، مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلغان كاپىر ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان بىر

كۆنلۈك جەڭدە 500 نەپەر كاپىر ئۇيغۇرنى قەتلە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا تەزكىرىدە يەنە، 12 مىڭ كىشىلىك مۇسۇلمان قوشۇنىغا كېڭەيگەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىر كېچىدە ئۆزىنىڭ بېقىۋالغان دادىسى ۋە تاغىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، دادىسى ھارۇن بۇغرا خاننى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغانلىقى، ھارۇن بۇغرا خان ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغانىدا ئۇنى ئۆلتۈرگەنلىكى، پەقەت ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىچكى ئۇرۇش جەريانىدا، 16 ياش ۋاقتىدا «غازى»لىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ.

«بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە يەنە بايان قىلىنىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مىلادى 972 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قەشقەردە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قانلىق جەڭلەرنى ئېلىپ بارغان. «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»دە، چوقتى رەشت، نوكتى رەشت، چاكالۇ، ھەلھالۇ ماچىن قاتارلىق، خوتەندىكى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى رەت قىلغان كاپىر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۆت نەپەر سەركىسى 130 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەر شەھىرىنى قورشىۋالغانلىقى، بۇ قورشاش ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ قەشقەر شەھىرىنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەھەتچىلىك ئەۋج ئالغانلىقى، ھەسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخان، ئەلى ئارسلانخانلار 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن كاپىر ئۇيغۇرلارغا قارشى جەڭگە ئۆتۈپ، بىر كۈنلۈك جەڭدە 500 كاپىر ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرگەنلىكى، خوتەنلىك كاپىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، يېڭىسارغا چېكىنگەنلىكى، ھەسەن بۇغراخاننىڭ كاپىر ئۇيغۇرلارنى قوغلاش ئۈچۈن جىيەنى ئەلى ئارسلانخانغا 90 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىكى، ۋە بۇ دەھشەتلىك ئۇرۇشتا كاپىر ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانلىقى، ئەلى ئارسلانخاننىڭ كاپىر ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

«ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش» ناملىق تەزكىرىدىمۇ، ماۋەرائۇننەھر بويىدىن كەلگەن تۆت ئىمامنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ھەسەن بۇغراخان ۋە شۇ دەۋردىكى ھەربىي قوماندان يۈسۈپ قادىرخانلار بىلەن بىرلىكتە، ئىسلام دىنىنى خوتەنگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىقلار تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، تەزكىرىدە شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىماملاردىن، ئىمام نەسىردىن، ئىمام مۇئىددىن، ئىمام زەھىرىددىن، ئىمام قاۋامىددىنلەر 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرنى ئىسلام دىنى شەھىرى قىلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىدۇ.

تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە، ھەربىي قوماندان يۈسۈپ قادىرخان قەشقەر خەلقىگە شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «بىزگە تۆت ئىمام بۇيرۇق قىلدى. سىزلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشىڭىزلەر كېرەك. ئەگەر ئىسلام دىنىغا كىرمىسىڭىزلەر جاھىللىق بىلەن ئۆز - ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلغان بولىسىزلەر، قانلىرىڭىز ئېرىقتىكى سۇدەك ئاقتۇرۇلۇپ، باشلىرىڭىز ساي تېشىدەك كېسىپ تاشلىنىدۇ. مال - مۈلۈكلىرىڭىزلەرنى ۋەيران قىلىسىزلەر».

بۇ مەكتۇپ ۋە خىتابتىن كېيىن قەشقەر خەلقى ياۋاشلىق بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، قەشقەردە چوڭ قان تۆكۈلۈش بولمايدۇ. ئەمما، خوتەن خەلقى، يەنى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى خالىمىغان خوتەن خەلقى قانلىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. «ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش» ناملىق تەزكىرىدە، بۇ مۇسۇلمان - كاپىر ئۇرۇشىدا، دادىنىڭ بالىغا، بالىنىڭ دادىغا قارىغۇدەك ھالى قالمىدى. قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى دەپ يازىدۇ مۇئەللىپ.

قاراخانىيلار سۇلالىسى مەزگىلىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش ۋە كېڭەيتىش كۈرىشى جەريانىدا، مانى، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭلەردىكى توقۇلغان شېئىرىي قوشاقلارنى ئاشۇ دەۋرنىڭ تارىخنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان پاكىت سۈپىتىدە مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇچرىتالايمىز. ئەينى تارىختا مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار «تات»، يەنى يات دەپ ئاتالغان

بولۇپ، قاراخانىيلار ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ ياتلارنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان جەڭلىرى تۆۋەندىكىدەك شېئىرىي قوشاقلار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

| تۈركچىسى | چاغاتايچىسى | ئۇيغۇرچىسى |
|---|---|---|
| Geldi bana gavur bir tat<br>Hemen vurdum öldürdü<br>Parçaladim onun etin<br>Kurda kuşa yem kildim | Keldi manga tat<br>Aydim emdi yat<br>Kashka bolup et<br>.Seni tiller us böri | كەلدى ماڭا غەيرىي بىريات،<br>شۇ زامان ئۇردۇم ئۆلتۈردۈم.<br>پارچىلىدىم تېنىنى،<br>بۆرە قۇشقا يەم قىلدىم. |

| تۈركچىسى | چاغاتايچىسى |
|---|---|
| onun işini bittirdi<br>Arkadaş ini kaçirdim<br>Ölüm otini(serbet) içirdim,<br>Tiksinerek içti ya | Anin isin keçürdüm<br>Isin yeme kaçirdim.<br>Ölüm otin içürdüm.<br>Içti bolup yüz tori. |
| Görünce béni niye kaçmadin,<br>Ya<br>Malin verip başin niye seçmedin<br>Artik yesin seni sirtlanlar | Körüp neçük kaçmadin.<br>Yamar suyun keçmedün.<br>Tavarini saçmadin.<br>Yisün seni ar böri. |
| Atlara gem vurduk ya<br>Uygurlari sürdük ya<br>O itlere erdik ya<br>Kuslar gibi uçtuk biz. | Beçkem urup atlaka.<br>Uygurdaki tatlaka.<br>Ugri yavuz itlaka.<br>Kuslar gibi uçtumuz. |

قاراخانىيلار سۇلتانى ئالىپ تەكىن غازىنىڭ ئەينى تارىختا «مىڭلاك» دەپ ئاتىلىدىغان ھازىرقى غۇلجىغا كېلىپ، ئىسلام دىنىغا دالالەت قىلىش جەريانىدىكى كۆرەشلىرىنى مەھمۇد كاشغەرىي مانا مۇنداق شېئىرىي قوشاقلار بىلەن تارىخ بەتلىرىگە قالدۇرىدۇ:

| تۈركچىسى | چاغاتايچىسى |
|---|---|
| Türkchisi<br>Gemi içne geçtik biz,<br>Ili suyun geçtik biz.<br>Uygurlara vardikta,<br>Minglak ilin açtik biz. | Chaghataychisi<br>Kemi içte oldurup,<br>ila suyun keçtimuz.<br>uygur taba baslanip.<br>minglak ilin açtimiz. |

| | |
|---|---|
| Ağdi kizil bayrak,<br>Toğdi kara toprak.<br>Yetşü kelip uğrak.<br>Tokşip anin keçtimiz. | yükseldi al bayrak,<br>Göklere ağdi kara toprak.<br>Bize koştu geldi uğrak,<br>Vuruşarak geçtik biz |
| Basmıl susin komitti,<br>Barca kelip yumutti,<br>Arslan Baba emitti<br>Korkup başı tezginü | O, Basmıl askerlerini coşturdu<br>Hepsini bir araya koşturdu,<br>Arslan babaya erdiler,<br>Korkub başın eğdiler |
| Budraç yine kudurdu,<br>Alpagut'un azırdı,<br>Susın yan kadirdi,<br>Kelgelimet irkeşür. | "Budraç yine kudurdu,<br>Yiğitlerin dağıldı,<br>Askerlerin döndürdü,<br>Geldi onlar toplandı |

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ئەينى چاغدا ئۆيلىرىدە بۇت بولغان غۇلجىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ، يەنى مىڭلاكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە قىلغان ھۇجۇملىرىنى مۇنداق قوشاقلار بىلەن ئىپادىلىگەن:

| چاغاتايچىسى | تۈركچىسى |
|---|---|
| Kelengizleyü aklimiz,<br>Kentler üze çiktimiz.<br>Feren evin yiktimiz,<br>Burkan üze siçtimiz. | Seller gibi aktik biz,<br>Sehirlere daldik biz.<br>Put evini yiktikta,<br>Burkan üstüne siçtik biz. |

بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇسۇلمان ئۇيغۇر جەڭچىسىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرنى قانداق رەھىمسىزلىكلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى ھەققىدىكى شېئىر - قوشاقلارنى تېخىمۇ كۆپ ئۇچرىتالايمىز.

## «قۇتادغۇبىلىك»تىكى دىنىي قىرغىنچىلىق چۈشەنچىلىرى

ئەپسۇسكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ باشقا دىندىكى ئۇيغۇرلارغا بولغان چۈشەنچىسى، مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق كىتابىدىكى دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق تارىخىي ئەسىرىدە، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن ئۇيغۇرلارنى قىرىپ تاشلاش، مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، قىز - ئاياللىرىنى قۇل - دېدەك قىلىش ھەققىدىكى مىسرالارنى ئۇچرىتالايمىز. تۆۋەندە كۆرسىتىلگەن ئۆرنەك «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تۈركچە نۇسخىسىدىن بىر ئۆرنەك بولۇپ، بۇ ئۆرنەكتە مۇسۇلمانلىقنى قوبۇل قىلمىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، يەر - زېمىنلىرىنى بۇلاپ جامى قىل، ئۇلاردىن بولغان بايلىق بىلەن خەزىنە قۇر، دېگەن مىسرالاردىن ئىبارەتتۇر.

“Asker ve ordu silahını kâfir (Uygurlara) çevir
Zira kâfirlerle dövüşürken ölmek ölüm bile değildir

Kafirlerin evini barkım yak, Burkanım viran eyle, Yerine cami yap, etrafına İslâm cemaatı toplansın.

Onların Oğul ve kızlarını câriye et, Oradan aldığın servetle hazine kur.

(Sonrada) İslâmî fetihler yap, şeriati yay,

Böylece seçkin şahsiyet olur ve iyi nam kazanırsın".

Kudatgu - Bilik

تۆۋەندىكى قۇرلار قۇتادغۇبىلىكنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرى 634 - بەتتىكى قۇرلاردىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىدىكى تۈركچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



5485 كاپىرچۇن خادىم تۇت ۋە لەشكەر، تۇلۇم،
بۇ جەڭدە ئۆلسە گەر، ئۇ بولماس ئۆلۈم.

5486 ئۆيى - مۈلكى كۆيدۈر، بۇتىنى يىقىت،
ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرغىن جامە - مەسجىد.

5487 ئەسىر ئال ئوغۇل - قىزنى، قىلىپ قۇل - دېدەك،
ئېلىپ ئولجىلار خەزنە قۇرماق كېرەك.

5488 ئېچىپ ئىسلامنى سەن، شەرىئەتنى ياي.
بولۇپ ياخشى ئۆزۈڭ، نامىڭ تارىغاي.

5489 مۇسۇلمانغا تەگمە، ئۇزاتما ئىلىك،
ئاڭا ھەق دەۋاگەر ئېرۇر، ئەي ئېلىك.

5490 مۇسۇلمان مۇسۇلمان بىلەندۇر قاياش،
قاياشقا توقۇنما، داۋام ياخشىلاش.

5491 قانۇن تۈز خەلققە، ھۇزۇر ئەيلىسۇن،

## قاراخانىيلار سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى قارا ختاي (مىلادى 1134 – 1211 - يىللىرى) دىكى قىرغىنچىلىق

1136 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى قارا ختاي (كىدان) نىڭ گۇرخانى تەرىپىدىن غۇلىتىلدى. قايتا يۈكسەلگەن قارا قىتاي ھاكىمىيىتى بۇددىست بىر ھاكىمىيەت بولۇپ، 1210 - يىلى قارا قىتاينىڭ گۇرخانى شەرقىي تۈركىستاننىڭ بالاساغۇن شەھىرىدە 47 مىڭ مۇسۇلمان ئۇيغۇرنى قەتل قىلغانلىقى رەۋزەتۇسسافا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ رىۋايىتىدە بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىرغىنچىلىق مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## كۈچلۈك خاننىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىقى (مىلادى 1213 – 1214 - يىللىرى)

كۈچلۈك خان كىم؟ موڭغۇلىستاننىڭ غەربىدە ئۇزۇن زاماندىن تارتىپ مۇستەقىل ياشاپ كەلگەن نايمان ئىسىملىك بىر قەبىلە بار ئىدى. 1206 - يىلى، موڭغۇل دۆلىتىنىڭ پادىشاھى چىڭگىزخان نايمانلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نايمان خانى نايان خاننى ئۆلتۈرۈپ، نايمان قەبىلىسىنى خانىۋەيران قىلىۋەتتى. نايان خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك خان بىر قانچە ئادەملىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا قېچىپ كېلىپ، قارا قىتاي دۆلىتىنىڭ گۈرخانىدىن پاناھلىق تىلىگەن ئىدى. كېيىنچە كۈچلۈكخان كۈچلىنىپ شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلدى ۋە ئۆزىنى گۈرخان دەپ ئاتىدى. ئۇ، شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن تۇنجى قىلغان ئىشى خەلقنى ئىسلام دىنىدىن ياندۇرۇپ، شامان دىنىغا كىرىشكە تەشەببۇس قىلىش بولدى. شامان دىنىغا كىرىشكە ئۇنىمىغان ۋە نارازىلىق بىلدۈرگەن يېزىلارغا قاراقچىلارنى ئەۋەتىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاپ - تالىدى، ئۆلتۈردى. زىرائەتلەرگە، يايلاقلارغا ۋە ئۆيلەرگە ئوت قويۇۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئېغىر ئاچارچىلىققا مۇپتىلا بولدى. مىلادى 1213 - يىلى كۈچلۈك قەشقەر شەھىرىنى ئىشغال قىلىپ، شەھەرگە ئوت قويۇپ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. شەھەر خەلقىنى ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۆز ئادەملىرىنى يەرلەشتۈردى.

مىلادى 1214 - يىلى كۈچلۈك خوتەنگە ھۇجۇم قىلدى. چۈنكى، خوتەن ئەينى يىللاردا ئىسلام دىنى ئالىملىرى ۋە تەقۋادار كىشىلەر توپلاشقان بىر ئىلىم - مەرىپەت شەھىرى ئىدى. كۈچلۈك خوتەن شەھىرىگە ئوت قويۇپ، پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ خوتەننى ۋەيران قىلدى. ئارقىدىن خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىپ، شامان دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن قاتمۇقات زۇلۇملارنى سېلىشقا باشلىدى. خوتەن شەھىرى تارىختا، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ مىسلىسىز قىرغىنچىلىقلارغا ئۇچرىغان، شۇنداقلا ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۈچۈنمۇ قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان بىر شەھەردىن ئىبارەت. ئەمما خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن كۈچلۈك بۇ ئىشتا غەلىبە قىلالمىدى. ئەمما ئۇ خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن ۋاز كەچتۈرەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى خوتەندە ئىسلام دىنى ئالىم - ئۆلىمالىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولغان دەپ قاراپ، خوتەندىكى ئىسلام دىنى ئالىم - ئۆلىمالىرىنى يوقىتىشنىڭ كويىغا چۈشتى. شۇ يىلى كۈچلۈك ھەممە دىنلارنىڭ دىنىي ئالىملىرىنى يىغىپ دىنىي بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ، قايسى دىنىنىڭ ئالىملىرى مۇنازىرىدە يېڭىۋالسا شۇ دىنغا ئەگىشىمىز دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەتىسى خوتەندىكى چوڭ بىر مەيدانغا ھەممە دىنلاردىن بولۇپ ئۈچ مىڭدەك ئالىم كىشى توپلاندى. مۇنازىرە ئاخىرلاشقاندا كۈچلۈك بۇ مەيدانغا يىغىلغان بارلىق ئىسلام دىنى ئالىم - ئۆلىمالىرىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، ئەزان ئوقۇش، جامائەت يىغىلىپ ناماز ئوقۇش قاتارلىق ئىسلام دىنى ئىبادەتلىرى پۈتۈنلەي مەنئى قىلىندى، مەسچىت ۋە مەدرىسەلەر ۋەيران قىلىندى، كىتابلار كۆيدۈرۈلدى، مۇسۇلمانلىق ئالامەتلىرى سېزىلىپ قالغان كىشىلەر ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، كۈچلۈك شەرقىي تۈركىستانغا تۆت يىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش جەريانىدا، ئىلىم - مەرىپەت ئوچاقلىرىنى بۇزۇپ - چېقىپ، خانىۋەيران قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاننى بىر خارابىلىككە ئايلاندۇردى. 1218 - يىلى، چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ياردىمىگە يېتىشتى. چىڭگىزخان كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزدى.

## ئاپاق خوجىنىڭ ئەۋلادلىرى ئېلىپ بارغان ئاق تاغلىق - قارا تاغلىق قىرغىنچىلىقى (مىلادى 1702 - يىللىرى)

ئاپاق خوجا دەۋرىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالتەشەھەرنىڭ بارلىق باشقۇرۇش ھوقۇقى قالماقلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، ئاپاق خوجا تەرىپىدىن شەھەرلەرگە تەيىن قىلىنغان ئۇيغۇر بەگلەرنىڭ ھېچقانداق ھوقۇقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالماقلار بۇددا دىنىنىڭ ئەڭ مۇتەئەسسىپ بىر مەزھىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا ناھايىتى كۈچلۈك دۈشمەنلىكى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قالماقلار مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق زۇلۇمنى ئاياپ قويمىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلىرىنى ۋەيران قىلىش، قالماقلارنىڭ دىنىي ۋەزىپىسى ئىدى. خالىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈش، خالىغان كىشىنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تاجاۋۇز قىلىش، خالىغان كىشىنىڭ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىش قالماقلارنىڭ تەبىئىي ئادەتلىرى ئىدى.

ئاپاق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈم سۈرگەن دەھشەتلىك 82 يىل ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ بەختسىزلىك بولۇپ، بۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىگە ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زور بالايىئاپەتلەر ئېلىپ كەلگەن ئىدى. سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا ۋە سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار بەرپا قىلغان بارلىق شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ ئاپاق خوجا دەۋرىدە ۋەيران قىلىنغان ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار يەنە بۇ مىڭ يىللىق تارىختا تۆۋەندىكىدەك قىرغىنچىلىقلارنىمۇ باشتىن كەچۈردى:

- چىڭ سۇلالىسى خانى چيەنلوڭ خان قىرغىنچىلىقى
- ياقۇپبەگ قىرغىنچىلىقى
- زو زوڭتاڭ قىرغىنچىلىقى
- تۇڭگان يېغىلىقى قىرغىنچىلىقى
- ياڭ زېڭشىن قىرغىنچىلىقى
- جىن شۇرېن قىرغىنچىلىقى
- شېڭ شىسەي قىرغىنچىلىقى
- خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 74 يىللىق قىرغىنچىلىقى

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن بۈگۈنگىچە بولغان بۇ مىڭ يىللىق ئۇيغۇر تارىخىغا نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، توغرىسى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئۇھ تارتماي تۇرالمايمىز. «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە»نىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ماقالە ھەجمىنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، كېيىنكى قىرغىنچىلىقلار تارىخىنى ساناپ ئۆتۈپ كېتىش بىلەنلا كۇپايىلەندىم.

## خاتىمە

2016 - يىلى، خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىش مەقسىتىدە ئاچقان، كۆرۈنۈشتە «قايتا تەربىيەلەش مەركىزى»، ئەمما رېئاللىقتىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقىنىغىمۇ يەتتە يىل بولۇپ قالدى. بۇ لاگېرلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولمايدىغانلىقى ۋە يېقىن كەلگۈسىدە تاقىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. ئەمما مېنى ئەندىشىگە سالىدىغىنى، خۇددى قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكىگە ئوخشايدىغان پەقەت بىرلا دىن، يەنى ئىسلام دىنىلا مەۋجۇت

بولىدىغان ۋە ھۆكۈم سۈرىدىغان، باشقا دىن ۋە دىنىي كۆز قاراشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى خالىمايدىغان بىر شەرقىي تۈركىستان ئىدېئولوگىيەسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى. ئەگەر ئۇنداق بولىدىغان بولسا، بىز خۇددى تارىخىمىزدىكى، ئاپاق خوجىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويۇپ، ئۆز قولىمىز بىلەن چىڭ سۇلالىسى مۇستەملىكىچىلىرىنى ۋەتىنىمىزگە باشلاپ كىرگەندەك، خۇددى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»تىكى شېئىرىي قوشاقلاردا تەسۋىرلەنگەندەك، مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ كاپىر ئۇيغۇرنى قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىدەك تىراگېدىيەنى قايتا شېئىر - قوشاق قىلىپ يازىدىغان يەنە بىر قىرغىنچىلىق تارىخ بەتلىرىنى ئۆز - ئۆزىمىزگە ئاچقان بولىمىز. بۈگۈن بۇ خىل ئەھۋالغا دۇنيا ئالىملاچان «تېررور» دەپ ئىسىم قويدى. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۆلەتنى قايتىدىن قۇرماقچى بولىدىكەنمىز، ئىشلىتىدىغان سۆز - ئىبارىلىرىمىز ۋە جۈملىلىرىمىزنىڭ ۋەزنى ۋە كۈچىگە دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

ئۇيغۇر دىياسپوراسىدا مىنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالىدىغان ۋە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھېچ ئۆزگەرمىگەن بىر كەلىمە بار. ئۇ بولسىمۇ، «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش». بۇ كەلىمىنى ئىشلىتىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ نەزىرىدىكى ئۇ «ئۈستۈن دىن» پەقەتلا ئىسلام دىنىنى كۆزدە تۇتىدىغان بولۇپ، كەلىمىلەرنىڭ ۋەزنىدىن باشقا دىنلارنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. ئەپسۇسكى، مانى دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە باشقا دىنلارمۇ ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنلارنى ئۈستۈن دىن دەپ قارايدىغان بولۇپ، ھىندىستاندا كالىنى خۇدا دەپ قارايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ يولدا ئولتۇرۇۋالغان بىر كالىنى ھەيدىۋېتىش ياكى بۇ كالىنى قۇربانلىق قىلىش، ناھايىتى دەھشەتلىك ئىچكى سۈركىلىش ھەتتا ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. تارىخ ئارقىسىغا مىڭ يىللارنى تاشلىۋەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار ھېچ بىر ئېتىقادنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر رېئاللىقنىڭ ئىنسانلارنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى چىرىتەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. يەھۇدىيلار دىن ئارقىلىق ئۆز ۋەتىنىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدا مىڭ يىلدىن كېيىن، يېڭىچە، دۇنياغا يۈزلەنگەن ۋە پەن - تېخنىكىغا تايانغان يول بىلەن ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا ئالالىدى.

بىز بۇ نۇقتىلار ھەققىدە توختالغان ۋاقتىمىزدا، ئاتا - بوۋىلىرىمىز قۇرغان، شامان دىنى، مانى دىنى، زەردۇش دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋانلىرىمۇ خاتىرجەم كېلىپ سودا - تىجارەت قىلالايدىغان، قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ سول يۆنىلىشىدە چاقنىغان مەرۋايىت قوچۇ ئۇيغۇر خانىدانلىقىنى ئېيتىخار ۋە سېغىنىش ئىچىدە ئەسلەيمىز. ئۇيغۇر تارىخىنىڭ مىڭ يىللىق قىرغىنچىلىق تارىخىغا يەنە بىر قېتىم نەزەر سالغان ۋاقتىمىزدا، دىن سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان قىرغىنچىلىقلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلار كۆچلەنگەن مەزگىللىرىدە، باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىرغىنچىلىقلار ئېلىپ بارغان بولسا، باشقا يات تاجاۋۇزچىلار شەرقىي تۈركىستاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇددا ۋە خىرىستىيان دىنلىرىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارغان.

ئاخىردا تەكىتلەيدىغىنىم، ئەگەر ئۇيغۇرلار ۋەتەن قۇرماقچى بولىدىكەن، «ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش» دەيدىغان بۇ كەلىمىنى ئۇنتۇپ كېتىشى، دۇنيا ۋەزىيىتى، دۇنيا سىياسىتى، دۇنيا مەنپەئەتلىرى، باشقا دىنىي ۋە ئېتنىك جەھەتتىن قېرىنداش بولغان مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ئالدىدىكى سۈكۈناتى، بېشىدىن ئۆتكەن ئاچچىق - ئاچچىق چارىسىزلىكلەر ئالدىدا، ھەممە دىنىي ئېتىقاد، پىكىر ۋە چۈشەنچىلەرنىڭ ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يېشىل چىراغ يېقىلغان بىر يېڭى شەرقىي تۈركىستاننى تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك.

2023 - يىلى 20 - ئىيۇن تورونتو

*بۇ ماقالىنى گۈلزىرە نۇرمۇھەممەت تەھرىرلىدى.*

## پايدىلانغان مەنبەلەر:


[1] پىروفېسسور، دوكتور زەكەرىيا كىتاپچى: «شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر تۈركلىرى ئارىسىدا ئىسلامىيەت». يەتتە قۇببە نەشرىياتى، 2014 - يىل نەشرى.

[2] Prof. Dr. Zekeriya Kitapçı. Doğu Türkistan ve Uygur Türkleri arasında İslâmiyet. Konya: .Yedi Kubbe Yayınları, 2014

[3] مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»، ئۇيغۇرچە نەشرى

[4] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە نەشرى

[5] موللاھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 - يىل نەشرى.

[6] شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تۈزگەن: «ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش»، 1988 - يىلى.

[7] مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا: «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1998 - يىل نەشرى.

# ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ھەققىدە

ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى (ئۇ پ ف) ئامېرىكىدا قۇرۇلغان «تاپاۋەتسىز تەشكىلات (NGO)» بولۇپ، قۇرۇلغاندىن بۇيان دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىق ئۇيغۇرلۇقنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى ساقلاپ قېلىشىغا، شۇنداقلا چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى كۈچلەندۈرۈشكە، ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن زۇلۇمنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا پايدىلىق بولغان ھەر خىل پىروجېكتلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ كەلمەكتە. بۇلارنىڭ ئىچىدە، ھازىرغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاشقا دائىر ئاساسلىق تۈرلەر تۆۋەندىكىدەك: «ئۇيغۇرلار» ئايلىق تور ژۇرنىلى؛ «ئۇيغۇر ئاخبارات مەركىزى»نىڭ ھەپتىدە ئۈچ قېتىملىق ۋىدىيو پىروگراممىسى ۋە ئىنگلىزچە ئاخبارات تور بېتى؛ قىز-يىگىتلەرنىڭ جورا تېپىشىغا ياردەم قىلىدىغان «kelnur.com» تور بېتى؛ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىدىغان ئەپ «ھاي ھاي ئېلىپبە»؛ 2017-يىلىدىن كېيىن ۋەتەندە يوق قىلىنغان تور بەت ئۈچۈرلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار. دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلارنى كۈچلەندۈرۈشكە ئائىت ھازىرغىچە ئىشلەنگەن خىزمەتلەر تۆۋەندىكىچە: «ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇش» ۋە «100 يىللىق مارافون» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇش؛ «21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات» دېگەن ئىنگلىزچە كىتابنى ئامازوندا نەشر قىلدۇرۇش؛ ئۇنى ۋە «رىم ئەھدىنامىسى» دېگەن كىتابلارنى ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىپ ئېلكىتاب شەكلىدە تارقىتىش؛ «لاگېرلارغا ئائىت 100 گۇۋاھلىق» (ئىنگلىزچە)، «مەھبۇس روھلار» (ئۇيغۇرچە، تۈركچە ۋە ئىنگلىزچە)، «قومۇل ئىنقىلابىدىن كوممۇنىست چىن ئىستېلاسىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستان»، «ئېلىپبە»، «ئۇيغۇر بۇلاق»، «بۆگۈننىڭ تارىخى»، «دۇنيانىڭ كىندىكى»، «ئۇيغۇرلۇق دەرسى»، «ئۇيغۇر ئانا تىل يۈرۈشلۈك ئوقۇشلۇقى» ۋە «باللار نوتا كىتابى» قاتارلىق ئەۋلاد تەربىيەلەشكە ئائىت كىتابلارنى تەييارلىتىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش؛ ئۇيغۇرىيار فوندىنىڭ «ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى مۇكاپات پۇلى»، «سەرخىللار مائارىپى»، ھىرا ئۇيغۇر تىلى مەكتىپى ۋە يەسلىسى، شادلان ئۇيغۇر يەسلىسى قاتارلىق ئۈزۈن مەزگىللىك پىروجېكتلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم قىلىش قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا، ئۇ پ ف يەنە ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىغا چېتىشلىق خىتاي كومپارتىيە رەھبەرلىرى، دوختۇرخانىلار ۋە شىركەتلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى توپلاش، «ئۇيغۇر سوتى»نى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاش قاتارلىق ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى ۋە سىياسىي دەۋاسىغا ئائىت پىروجېكتلەرنىمۇ قوللاپ كەلمەكتە (بوشلۇق يېتىشمىگەنلىكتىن بىر قىسىم خىزمەتلەر بۇ يەرگە كىرگۈزۈلمىدى). نۆۋەتتە، ئۇيغۇر پىروجېكت فوندىغا پۇل ئىئانە قىلىش مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن مىللەتكە تۆھپە قوشۇشتىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك تاللاشلارنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا.